# مۇنبەر

## تور بېتىدىكى نادىر ماقالىلەردىن تاللانمىلار

### (1- قىسىم )

# مۇندەرىجە


تۇپراق روھى ........................................................................ 8

مۇجتەھىد ۋە ئىجتىھاد قىلىش ........................................................... 10

سۇلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداش ئىسلامنىڭ ئىنگىزلىك مەسىلىلىرىدىن بىرى ........... 26

مەسجىدى ھەرەم ......................................................................... 29

مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى
........................................................................................... 57

نىمىشقا مەنبە بىر، مەزھەب كۆپ... ........................................................ 77

ئىجتىھادنىڭ شەرتى نىمىلەردىن ئىبارەت؟ ................................................ 81

ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ئىلىمسىز ھالدا سۆزلەشنىڭ خەتىرى ھەققىدە .............. 84

ھەر ماكان، ھەر زاماندا تەكرارلىنىدىغان سەھرانىڭ قىسسىسى ...................................... 88

ھىدايەتنامە ............................................................................. 92

پەتىۋا، مۇپتى ۋە پەتىۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەب- ئەخلاقلىرى توغرىسىدا ............................. 103

دۇشمەنىنىڭ دۇشمىنى: دائىملىق دوست بولالامدۇ؟ ............................................. 106

داخان ۋە ئايالالار... ........................................................................ 109

ئاياللارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى ........................................................... 114

ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ئورنى ............................................................... 123

ئانا ________ داستان ..................................................................... 128

ئەخلاقىمىز... قايسى تامان كېتىۋاتىدۇ؟ ..................................................... 153

رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ ........................................ 157

مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قانداق قارشى ئالىمىز؟ ........................................ 162

رامىزان، تېلېۋىزور ۋە بىز........................................ 168

ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەلىگەن بولساقچۇ، كاشكى... ........................................ 171

ئاللاھ تائالا نېمىشقا ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنى يوشۇرۇن ساقلايدۇ؟ ........................................ 173

قۇرئان كەرىمگە دائىر تەرىپ ۋە ئىستىلاھلار ........................................ 175

توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش........................................ 178

ئىنساننىڭ تاشقى دۇنياسى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى........................................ 183

سونۇق قېلىچ ........................................ 186

ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى سۆيۈملۈك ئىنسان ........................................ 191

مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قانداق قارشى ئالىمىز؟(2)........................................ 196

رامىزاننى قانداق قارشى ئېلىش توغرىسىدا بىر قىسىم تەكلىپ ۋە لايىھەلەر ........................................ 201

رۇزا ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە ........................................ 206

ئىنتېرنېت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىكى رولى........................................ 212

"ھالالغا ھېساب بار، ھارامغا جازا" ........................................ 216

بارات كېچىسى، يەنى شەئبان ئېيىنىڭ 15 - ھەققىدە ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرى........................................ 227

كېمىكى ئاللاھ يولىدا بىر نەرسىدىن ۋاز كەچسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ

........................................ 231

ھازارەت... مەدەنىيەت ........................................ 234

ئىسلام ھازارىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى ........................................ 243

تاش بىلەن تۇخۇم........................................ 252

ئاخىرقى زاماننىڭ ئالامەتلىرى .......... 264

ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى .......... 265

ھىجرىيە كالېندارىنىڭ 1427 گە قەدەم قويغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن .......... 277

بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىس ۋە ماقالىلار .......... 281

ئىككى تەسۋىر ئىككى كۆز .......... 286

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغان بەتبەختلەرگە رەددىيە! .......... 298

ئالىملارغا ئەدەبلىك بولۇش .......... 310

ئاجايىپ تۇيغۇ .......... 314

قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەبلىرى .......... 320

روھىي گۈزەللىك .......... 328

كىشىلىك ھوقۇق ۋە ئىنسان پەرۋەرلىك .......... 334

قۇرئاننىڭ سايىسىدا .......... 343

مۇقەددەس سۆيگۈ .......... 373

سەيىد قۇتۇب: "قۇرئاننىڭ سايىسىد" ناملىق تەپسىرىدىن پارچە .......... 381

قۇرئاننىڭ قىسسىلىرى .......... 385

مۇقەددەس ئارمان .......... 395

يېڭى ھايات .......... 400

تەۋھىدنىڭ پەزىلىتى ۋە قىسىملىرى توغرىسىدا .......... 404

زاماننى چاقىرۋاتقان سادا .......... 411

ئىماننىڭ ھەيۋىتى .......... 415

ھاماس .......... 424

"ئەلمىساق"نىڭ ماھىيىتى ۋە قىيامەتتىكى رولى ........................................ 430
بىزگە ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك! ........................................ 439
"سابىقۇنەلئەۋۋەلۇن" (يەنى، ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) دىن بولۇشنىڭ پەزىلىتى ........................................ 449
مۇھەببەتكە مۇھەببەت قىلىش ........................................ 457
تەۋرەنمەس ئىمان ........................................ 472
تەڭداشسىز ھەقىقەت (بىرىنچى قىسىم) ........................................ 477
تەڭداشسىز ھەقىقەت (ئىككىنچى قىسىم) ........................................ 488
ئەينەكلەر ( بىرىنچى قىسىم ) ........................................ 498
ئەينەكلەر (ئىككىنچى قىسىم) ........................................ 506
جەننەت قانداق جاي؟ ........................................ 513
ئاشقانە بەندىچىلىك سەپىرى ........................................ 519
ئۆچمەس قوياش (بىرىنچى قىسىم) ........................................ 527
ئۆچمەس قوياش (ئىككىنچى قىسىم) ........................................ 537
پىلسىرات كۆۋرىكى ........................................ 554
قۇربانلىق قىلىشنىڭ ماھىيىتى ........................................ 568
قۇربان ھېيتى ........................................ 576
قۇربان ھېيت نامىزى ۋە ئوقۇلۇش ئۇسۇلى ........................................ 582
زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى ........................................ 589
قۇربانلىققا دائىر پەتىۋا ۋە ھۆكۈملەر ........................................ 595
قۇربانلىقنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ ياش چەكلىمە شەرتلىرى ........................................ 599
ھەج تۈيغۇلىرى ........................................ 606

قۇربان ھېيتى بىزدىن زادى قانداق روھنى تەلەپ قىلىدۇ؟ ........................................ 612

ياشلىق ۋە پىداكارلىق ........................................................................ 616

بىز ۋە ئۇلار....................................................................................... 631

”ئىمان“ دېگەن، خەتەرگە ئاللىنى قىلىش، دېمەكتۇر.......................................... 641

ئىسلامىيەت تەسىرىدە تۈرك ئەدەبىياتى ..................................................... 650

پەلسەپە خاراكتېرىدىكى سوئاللارغا ئىسلام دىنىنىڭ جاۋابى................................ 654

ئەدەبىياتتا ئىسلام روھي (ئىسلامىزم).......................................................... 670

ئىسلامدا ئەقىل ئۇقۇمى............................................................................ 693

كۆپۈرنىڭ ماھىيتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە .............................................. 701

تەۋبە ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى ....................................................................... 703

”ئەمنۇل ئۇممە“ (ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى).................................................... 707

ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى تامچە .................................................................. 719

ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىمغا چاقىرىق!.................................................. 731

بارات كېچىسى ..................................................................................... 735

تەقۋادارلىق توغرىسىدا ............................................................................ 741

زاكاتلىرىڭلارنى ئادا قىلىڭلار.................................................................... 753

قايىنامىدىن قىرغاققىچە ........................................................................... 761

پاكىستان ھۆكۈمىتى شۆتىسيەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋى رەسىمنى سىزغانلىقىنى

قاتتىق تەنقىدلىدى ۋە «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى»غا ئەرز سۇندى ............................ 771

ئانا دېگەن مۇنداق بولسا!......................................................................... 773

پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ دوست تالالاش ماھارىتى ............................................ 783

ئىسلام دىنى ۋە تەركىي دۇنيالىق ........................................................ 790

تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۇخۇمۇ؟ ........................................................ 795

ۋەھشىي ئىبنى ھەرب ۋە گۇناھ پاتقىقىدىكى ئىنسانلار........................................ 803

«ئىسلامچى» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم.................................................. 808

# تۇپراق روھى

(نەسىر)

تۇپراق! تۇپراق!

تەركىۋدىن ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ گەۋدىسى ئاپرىدە قىلىنغان تۇپراق. ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئانىمىز ھەۋۋا جەننەتتىن زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندە دەسسىگەن تۇپراق. ئۇلارنى ئۆز باغرىغا ئېلىپ، ئەۋلادلىرىنى ئۆستۈرۈپ كىلىۋاتقان تۇپراق. جاھان زالىملىرىنىڭ، گۇناھكار ئاسىيلىرىنىڭ ئۆز ئۈستىدە قىلغان ئاسىيلىقلىرىغا سۈكۈت قىلىپ، رەببىنىڭ ئەمرى كەلگەن ھامان ئۆز باغرىدىن ئېتىلىپ چىققۇچى سۇلارنى ئاسماندىن چۈشكەن سۇلارغا غەزەپلىرى بىلەن قوشۇپ، باغرىدىن تۇپانىنى كۆتۈرگەن تۇپراق. شۇنداقلا، رەببىنىڭ ئەمرى بىلەن دەھشەتلىك سىلكىنىپ ۋە تەۋرەپ جاراسىنى يېيىشكە پۈتۈلگەن بەندىلىرىنى جانلىرىدىن جۇدا قىلغۇزغان تۇپراق. ئۆزىنىڭ بەندىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن نېمەت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئۆز ئۈستىدە ھالال تەر تۆككەن بەندىلەرگە قوينىنى كەڭرى ئاچقان، يۇمشاق تۇشەك بولغان تۇپراق .

ئـي مۇقەددەس تۇپراق! سەن ۋىجداندىن يۇغۇرۇلغان قەھرىڭ، پاكلىكتىن پۈتكەن تەبىئىتىڭ، سەۋردىن ئۇزۇق ئالغان سېخىيلىكىڭ بىلەن نەقەدەر ئۇلۇغسەن- ھە! سەنسىز زېمىندا ھاياتلىقنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس، سەنسىز ھاياتلىققا كېرەك ھەرقانداق نەرسىنىڭ بولىشى مۇمكىن ئەمەس. سەن ئاشۇنداق تەڭداشسىز بىر ئارتۇقچىلىققا ئىگە قىلىنغان تۇرۇپ سەندىكى ئاشۇ كەمتەرلىكنىڭ سىرىنى بىلمەك ھەم تەس. سەن پەيدا قىلىنغاندىن تارتىپ تاكى يوق قىلىنغىچە بولغان شۇ ئۇزاق- ئۇزاق زامانلاردا سېنىڭ ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىنى تەمىنلىگەن،

تەمسىلەۋاتقان ۋە تەمسىلەيدىغان نىمەتلەرنى ساناپ چىقماق تىخىمۇ تەس. ھەم شۇ تالاي ئەسىرلەردىن بىرى ئۈستۈڭدە ناھەق تۆكۈلۈۋاتقان قانلارغا، كۆزلەردىن ئاققان دەريا كەبى ياش سەۋر بىلەن جاۋاپ بېرىپ كېلىۋاتقان چىدامچانلىقىڭنى چۈشەنمەك ئىنسانىنىڭ ئاددىي ئەقلىگە بەك-بەك تەس. سەندىكى بارلىق پەزىلەتلەرنى سۆزلەپ بىلدۈرمەك، كۆيلەپ تۈگەتمەك ئاندىن تالاي ھەسسە تەس.

كاشكى! ئىنسان سەندىن بىر تەربىيە ئالسا، سەن كەبى چىداملىق، سەۋرچان بولسا، كاشكى! ئىنسان سەندىن بىر ئىلھام ئالسا، سېخىلىق بابىدا سەن كەبى سېخى ۋە مىننەتسىز بولسا ، كاشكى! ئىنسان سەندىن بىر ئۆرنەك ئالسا، ھالال تەر تۆككەنگە قەدىر كۆزى بىلەن خوش چىراي باقسا، كاشكى! ئىنسان سېنى ئۇستاز بىلسە، سەندىن كۆپ دەرسلەر ئالسا، ھەقىقىي تارىخنى ئۆگەنسە سەندىن، ئەسلىنىڭ سەندىن يارىتىلغانلىقىنى،جەسىدىنىڭ ساڭا ئايلىنىدىغانلىقىنى ھەم سەندىن قايتا تۇرغۇزۇلىدىغانلىقىنى، سېنىڭ شاھىت-گۇۋاھچىلىقىڭنى ھېچ ئۇنۇتمىسا. ئاللاھقا سەجدە قىلغاندا، تىلەكلىرىنى بايان قىلغاندا: «ئي رەببىم! ماڭىمۇ تۇپراققا بەرگەندەك ئېسىل خۇلۇقتىن بەرسەڭچۇ، بەرگىنچۇ! دەپ دۇئا قىلسا»، سەن كەبى غەزىپىنى ئىپادە ئىتىپ، ئۇستىدىن ناھەقنى چۆرۈپ تاشلىسا، ۋۇجۇدىدىكى ۋىجدان قانلىرىنى فونتان كەبى ئېتىلدۇرۇپ، دۇنيانى رەزىللىكتىن بىر تازىلىسا…

# مۇجتەھىد ۋە ئىجتىھاد قىلىش

**پىغانى**

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان الله نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

جىمى ھەمدۇ سانالار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله قا خاستۇر. الله نىڭ مەرھەمىتى ۋە پەزلى كەرىمى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۇلارنىڭ يولىغا ئەگەشكۈچىلەرگە بولسۇن.

الله خالىسا مەن بۇ تېمىدا "ئىجتىھاد" دېگەن نىمە ؟

"مۇجتەھىد" دېگەن كىم؟

مۇجتەھىد نىڭ نىمە شەرتلىرى بار؟

مۇجتەھىد نىڭ ھەممە ئىجتىھادى توغرا بولامدۇ؟

بىر خىل مەسىلىدە ئىككى مۇجتەھىد نىڭ كۆزقارشى ئوخشاشماي قالسا قايسىنىڭكىنى قوبۇل قىلىمىز؟

مۇجتەھىدلىك ئۆلچىمىگە يەتمىگەن ئالىملەر قانداق قىلىدۇ؟

مۇجتەھىدلىك ئۆلچىمىگە يەتمەي تۇرۇپ ئىجتىھاد قىلغان ئادەمنىڭ ھۆكمى نىمە ؟ دېگەن مەسىلىلەر ۋە ئۇنىڭدىن باشقا بىر قىسىم مەسىلىلەرنى قانۇنشۇناس (ئۇسسۇلى ئالىملارنىڭ كۆزقارىشىغا ئاساسەن شەرھىلەپ چىقماقچىمەن. قېرىنداشلىرىمغا چۈشۈنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن بۇنى سوئال جاۋاپ شەكلىدە تۈزۈپ چىقتىم. الله ھەممىمىزنى توغرا يولغا باشلىغاي !

س ـ ئىجتىھاد دېگەن نېمە ؟

ج ـ ئىجتىھاد دېگەن سوز ئەرەب تىلىدا تىرىشىش ، بىر نەرسىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن كۈچەش ، دېگەندەك مەنالاردا كېلىدۇ.

س ـ ئىجتىھادنىڭ شەرىئەتتىكى مەنىسى نېمە ؟

ج ـ بۇ تۈغرىسىدا ئىسلام قانۇنشۇناش ئالىملار بىلەن فىقھىشۇناش ئالىملارنىڭ "ئىجتىھاد" دېگەن سۆزگە بەرگەن چوشەنچىسىدە ئازراق پەرىق بار. مەسلەن: فىقھىشۇناس ئالىملار ئىجتىھاد دېگەن سۆزگە:

"ئىسلامى ھۆكۈملەرنى بىلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچىنى سەرىپ قىلماق" دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ .

(يەنى بارلىق بىلىم سەۋىيەسىنى ئىسلامىي ھۆكۈمنى بىلىش ئۈچۈن ئىشلەتمەك، دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ)

ئىسلامىي قانۇنشۇناس ئالىملار ئىجتىھاد سۆزىگە:

"بارلىق كۈچىنى سەرىپ قىلىپ ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق تىرىشچانلىق قىلىشتىن ئاجىز كەلگەننى تولۇق ئىجتىھاد دەپ قارايمىز" دەپ چۈشەنچە بېرىدۇ . قانۇنشۇناس ئالىملارنىڭ ئىجتىھاد سۆزىگە بەرگەن چۈشەنچىسى فىقھىشۇناس ئالىملارنىڭكىگە قارىغاندا ئومۇمىيراق بولۇپ بۇ ئىجتىھادنىڭ دائىرىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭرى بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. يۇقىرقى ئىككى خىل تونۇشتۇرۇشقا ئاساسەن، ئىجتىھاد سۆزىنىڭ بىر نەرسىنى بىلىش ئۈچۈن بارلىق كۈچنى سەرىپ قىلغانلىقنى "ئىجتىھاد"، شەرئىي ھۆكۈمنى بىلىش ئۈچۈن بارلىق ئەقلىي كۈچنى سەرىپ قىلغۇچىنى "مۇجتەھىد" دەپ ئاتايمىز.

س ـ مۇجتەھىدنىڭ شەرتلىرى نېمە ؟

ج ـ مۇجتەھىدنىڭ ئاساسى جەھەتتىن ئىككى چوڭ شەرتى بار.

بىرىنچىسى : ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇن مەنبەلىرىنى تولۇق بىلىش.

ئىككىنچىسى . ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇن مەنبەلىرىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قانداق ھۆكۈم چىقىرىشنىڭ يولىنى بىلىش.

ئەگەر ئىسلامنىڭ بارلىق قانۇن مەنبەلىرىنى تولۇق بىلسىمۇ، قانداق ھۆكۈم چىقىرىشنى بىلمىگەن ئادەم ئالىم ھېساپلانسىمۇ، مۇجتەھىد ھېساپلانمايدۇ. ھەمدە ئۇنىڭ ئىجتىھاد قىلىش سالاھىيىتى بولمايدۇ.

س ـ ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇن مەنبەلىرى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ؟

ج ـ ئىسلامنىڭ ئاساسىي قانۇن مەنبەلىرى قۇرئان، ھەدىس، ئىجمائ، ئىستىسھاب ئەل ھال ، قياسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

يۇقىرقىلاردىن سىرت ئىسلامدا ئىككىنچى دەرىجىلىك ئاساسىي قانۇن مەنبەلىرى ھېساپلىنىدىغان بىر نەچچە مەنبەلەر بولۇپ ئۇلار:

ئىستىھسان، ماسالىھ مۇرسەل، سەددۇز زارائىئ ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ شەرئىسى ، ساھابىلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى، ساھابىلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرى ، مەدىنە ئەھلىنىڭ ئىشلىرى ، دېگەنگە ئوخشاشلاردۇر.

مۇجتەھىد ئالىم يۇقىرقى بىرىنچى دەرىجىلىك مەنبەلەرنى بىلىپلا قالماستىن، ئىككىنچى دەرىجىلىك قانۇن مەنبەلىرىدىنمۇ تولۇق خەۋەردار بولىشى كېرەك.

س ـ مۇجتەھىد ئالىم قۇرئاندىن نېمىلەرنى بىلىشى كېرەك ؟

ج ـ مۇجتەھىد ئالىم قۇرئاندىكى ئەھكام ئايەتلىرىنى (يەنى ھوكۇم ئايەتلىرىنى) تولۇق يادقا بىلمىگەن تەقدىردىمۇ قايسى ئايەتنىڭ ئەھكام ئايىتى ئىكەنلىكىنى، قايسى ئايەتتىن قايسى ھۆكۈمنىڭ چىقىدىغانلىقىنى بىر قەدەر مۇكەممەل تونۇرە بىلىشى كېرەك.

قۇرئاندىكى ھەممە ئايەتلەر ھۆكۈم ئايەتلىرى بولماستىن بەزىلىرى ئەخلاق توغرۇلۇق ۋەز

ـ نەسىھەتلەرنى بايان قىلسا، بەزىلىرى ئىلگىركى ئۇممەتلەرنىڭ ۋەقەلىكىنى بايان قىلىپ ئۆلاردىن ئىبرەت ئېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. يەنە بەزى ئايەتلەر تاشقى پىلانىت ئەھۋالىنى بايان قىلسا، بەزى ئايەتلەر زېمىندىكى جانلىقلارنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىپ، ياراتقۇچىنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىنى ئىنسانلارغا چۈشەندۈرىدۇ. بەزى ئايەتلەر ياخشى ئىش قىلغانلارنىڭ مۇكاپاتى بولغان جەننەتنىڭ ئەھۋاللىرىدىن خەۋەر بەرسە ، يەنە بەزى ئايەتلەر ئاسىيلارنىڭ بارىدىغان ئورنى دوزاخنىڭ ئەھۋالىنى بايان قىلىدۇ.

قۇرئاندا 1100 ئەتراپىدا ھۆكۈم ئايىتى بار بولۇپ، مۇجتەھىد بولغان ئادەم بۇ ئايەتلەرنى تولۇق مۇكەممەل بىلىشى كېرەك.

س ـ مۇجتەھىد بولغان ئادەم ھەدىس ئىلمىدىن نېمىلەرنى بىلىشى كېرەك؟

ج ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ مۇجتەھىد بولغان ئادەمنىڭ بۇلارنىڭ ھەممىسىنى تولۇق بىلىپ كېتىشى تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، مۇجتەھىد بولغان ئادەم ھەدىسلەردىنمۇ ھۆكۈمگە دالالەت قىلىدىغان ھەدىسلەرنى تولۇق بىلىشى كېرەك. ھەدىسلەرنىڭ ھۆكۈمگە دالالەت قىلىدىغانلىرى **1200** دىن 3000 گە قەدەردۇر، مۇجتەھىد بولغان ئادەم بۇ ھەدىسلەرنى تولۇق بىلىشى كېرەك. يادقا بىلمىگەن تەقدىردىمۇ قايسى ھەدىسنىڭ ئەھكام ھەدىسى ئىكەنلىكىنى قايسى ھەدىسنىڭ ئەمەسلىكىنى تولۇق بىلىشى كېرەك.

ئۇنىڭ دىن سىرت بەزى ھەدىسلەر ناسىخ (ھۆكۈمدىن قالدۇردىغان) بەزى ھەدىسلەر مەنسۇخ (ھوكۈمدىن قالدۇرۇلغان) يەنە بەزى ھەدىسلەر سەھىھ، بەزى ھەدىسلەر ئاجىز. ئاجىز ھەدىسلەردىن ھۆكۈم ئېلىشقا مۇناسىپ ئەمەس بولغاچقا مۇجتەھىد بولغان ئادەم ھەدىس بىلىملىرىنى قۇرئان ، ھەدىسلەرنىڭ قايسىسى ناسىخ ،قايسىسى مەنسۇخ، قايسى ھەدىس سەھىھ، قايسى ھەدىس ئاجىز ئىكەنلىكىنى بىلگىدەك دەرىجىدە ئۆگىنىپ بۇ تەرەپلەردىمۇ

يېتىلگەن بولىشى كېرەك. ئەڭ ئاددىيسى ھۆكۈم ئالماقچى بولغان ھەدىس ئەھۋالىنى تولۇق بىلىشى كېرەك.

س ـ ئىجماﺋ دېگەندىن نېمىنى مەقسەت قىلىمىز ؟

ج ـ ئىجماﺋ دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممەتلىرى ئېچىدىكى بارلىق ئالىملەر ئىسلامىي مەسىلىدىن بىر مەسىلىدە بىرلىككە كەلگەن بولسا، بۇنى ئىجماﺋ دەپ ئاتايمىز.

يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ساھابىلار ياكى تابىئىنلار ۋە ياكى ئۇلاردىن كېيىنكىلەر بىرەر مەسىلىگە قۇرئان، ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن "بۇ ئىشنىڭ ھۆكمى مۇنداق بولىدۇ" دەپ، شۇ دەۋرىدىكى بارلىق ئىسلامىي ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىنى ئىجماﺋ، دەپ ئاتايمىز. ئىسلام ئالىملىرى بىر مەسىلىدە بىردەك كوز قاراشقا كېلىپ ئىجماﺋ قىلغان بولسا بۇ مەسىلىنى قوبۇل قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولىدۇ.

مۇجتەھىد بولغان ئادەم قايسى مەسىلىلەردە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئىجماﺋ قىلغانلىقىنى تولۇق بىلىشى كېرەك، شۇ چاغدىلا بارلىق ئىسلام ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىگە خىلاپ ھۆكۈم چىقىرىپ قويۇشتىن ساقلىنالايدۇ.

يۇقىرقىلاردىن سىرت مۇجتەھىد بولغان ئادەم ئەرەب تىلىنى مۇكەممەل، پۇختا بىلىشى كېرەك، شۇندىلا ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەنبەلىرىدە تىلغا ئېلىنىدىغان ئاتالغۇلارنى تولۇق چۈشەنگەندىن سىرت زاھىر، مۇجمەل، ھەقىقىي ، مەجازى ، ئام ـ خاس، مۇھكەم ـ مۇتەشابىھ، مۇتلەق ـ مۇقەييەد، نەس پەھۋا ، لەھنى مەفھۇم ، مەفھۇمۇل مۇۋافەقە ، مەفھۇمۇل مۇخالەفە ، خىلافۇن نەس دېگەندەك ئاتالغۇلارنىمۇ تولۇپ چۈشۈنۈپ توغرا يەكۈن بىلەن ھەقتە ئۇيغۇن ھۆكۈم چىقىرىشى كېرەك.

س ـ مۇجتەھىد بولغان ئادەم بارلىق مەزھەبلەردىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى، ۋە

مەزھەپلەر ئوتتۇرسىدىكى فىقھىدىكى ئوخشاشماسلىقلارنى تولۇق بىلىشى شەرتمۇ؟

ج ـ شەرت ئەمەس. لېكىن، بىرەر مەزھەبنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئىجتىھاد قىلدىغان ئالىم ئۇچۇن ئۆز مەزھىبىدىكى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى بىلگىنى ۋە ئۆز مەزھىبىنىڭ فىقھى ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئىجتىھاد قىلماقچى بولغان مەسىلىگە بولغان مەزھەب كۆز قارىشىنى بىلگىنى ياخشى.

س ـ مۇجتەھىدلىك ئومۇمىي بولامدۇ ياكى بىرەر مەسىلىدىمۇ مۇجتەھىدلىك مەرتىۋىسگە يەتكىلى بولامدۇ؟

ج ـ مۇجتەھىدنىڭ تۈرلىرى بولىدۇ، ﷲ پەزلى مەرھەمەت قىلىپ زىيادە ئەقىل بەرگەن بولسا ئىسلامنىڭ ئومۇمىي ساھاسىدە مۇجتەھىد بولالايدۇ، لىكىن، بۇنداقلار ئىنتايىن ئازسانلىقنى ئىگەللەيدۇ، قايسى بىر مەسىلىنى دەلىل ئىسپاتى بىلەن تولۇق بىلسە ھەمدە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلەر ئىجتىھاد قىلماقچى بولغان ئالىمدا تېپىلسا، شۇ مەسىلىدە ئىجتىھاد قىلسا بولىدۇ. ئىجتىھاد قىلماقچى بولغان ئالىمغا ياش چەكلىمىسى قويۇلمايدۇ. قانداقلىكى بىر بالاغەتكە يەتكەن ئەقىللىق مۇسۇلماندىن بىرىدە يۇقىرقى شەرتلەر تېپىلسا ئىجتىھاد قىلسا بولىدۇ.

س ـ قانداق ئالىم ئىجتىھاد قىلسا بولىدۇ ؟

ج ـ بىز يۇقىرىدا مۇجتەھىدنىڭ شەرتلىرىنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇق. ئىسلام ساھاسىدىكى ھەرقانداق ئالىم مەيلى ياش بولسۇن ياكى قېرى بولسۇن ئۆزىدە يۇقىرقى شەرتلەرنى تېپىپ ئۆزىنى ئىجتىھاد قىلىشقا مۇۋاپىق كۆرسە ئىجتىھاد قىلسا بولىدۇ.

ئۆزىدە يۇقىرقى شەرتلەرنى ھازىر قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىجتىھاد قىلىپ توغرا ھۆكۈم چىقىرالىسا ﷲ ئۇ كىشىگە ئىككى ئەجرى ئاتا قىلىدۇ، بىرنى ئىجتىھاد قىلغانلىقىغا، يەنە بىرنى ئىجتىھاد قىلىپ توغرا ھۆكۈم چىقارغانلىقىغا ئاساسەن بېرىدۇ. ناۋادا خاتا كەتكەن

بولسا الله مۇجتەھىدنىڭ ئىجتىھاد قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر ئەجرى بېرىدۇ، ھەمدە قەستەن خاتا ھۆكۈم چىقارمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ خاتا چىقارغان ھۆكمىگە گۇناھ يازمايدۇ .

س ـ يۇقىردا كۆرسىتىلگەن شەرتلەر تولۇق ھازىرلانمىغان كىشى ئىجتىھاد قىلسا بولامدۇ؟

ج ـ بولمايدۇ. چۈنكى، ھەقنى بىلىش ئۈچۈن دەلىلنى بىلىشكە توغرا كېلىدۇ، دەلىلنى بىلىش، چۈشۈنىش ئۈچۈن ئىلىم كېرەك. بىلىمسىزلىك بىلەن قىلغان ئىجتىھادقا ساۋاپ بولمايدۇ. بەلكى، بىلمەي تۇرۇپ ئىجتىھاد قىلىش ھارامدۇر.

الله تائالا قۇرئان كەرىمدە بىلىمسىزلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ﴿ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (الله نىڭ شېرىكى بولۇشقا) الله ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى ﴾ [سۈرە ئەئراف 33 ـ ئايەت]

س ـ ئالدىمىزدا ئۇخشاش مەرتىۋىلىك مۇجتەھىدتىن ئىككىسى بولۇپ بىر مەسىلىگە ئوخشاشمىغان ھۆكۈم چىقارسا قايسىسىنى قوبۇل قىلىمىز ؟

ج ـ كۆڭلىمىزدە قايسىسىنى ھەققە مايىلراق دەپ ھېس قىلساق شۇنى قوبۇل قىلىمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام :«قەلبىڭدە خاتىرجەملىك ھېس قىلغىنىڭ ياخشى ئىشتۇر، كىشىلەر ساڭا (ھالال ، قىلساڭ بولىدۇ، دەپ) پەتىۋا بەرگەن تەقدىردىمۇ قەلبىڭدە ئىككىلىنىپ قالغان ئىش يامان ئىشتۇر» دەپ كۆرسەتمە بەرگەن.

س ـ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن شەرتلەر تولۇق بولمىغان ئالىملار قانداق قىلىدۇ ؟

ج ـ ئىسلامىي بىلىملىرى بار، لېكىن مۇجتەھىدلىك دەرىجىسىگە يەتمىگەن ئالىملار ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئالىملارغا تەقلىد قىلىپ

ئەگىشىدۇ .قۇرئان، ھەدىس ، ئىجمائىگە ئەگەشكەنلىك بولسا تەقلىد قىلغانلىق ھېساپلانمايدۇ.

س - ئالدىمىزدىكى كىشىنىڭ ھەقىقىي ئالىم ياكى ئەمەسلىكىنى قانداق بىلەلەيمىز ؟ ھەم قانداق كىشىدىن پەتىۋا سورايمىز ؟

ج - ئىسلامىيەتنىڭ قانۇنلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ، بىرىنچىسى ئومۇمىي قانۇن شەكلىدە، ئىككىنچىسى خوسوسىي قانۇن شەكلىدە. ھەر قانداق مەسىلىگە خوسوسىي دەلىلنى تېپىپ ئۇنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئومۇمىي دەلىل بىلەن مەسىلىنى كۈچلاندۇرۇپ، سورىغان سۇئالىغا جاۋاپ بەرگەن ئالىم ھەقىقىي ئالىم بولىدۇ.

ئومۇمىي دەلىلنى ئاساس قىلىۋېلىپ خوسوسىي دەلىلدىن خەۋەرسىز يۈرگەن ئالىملار سەل بىر تەرەپلىمە كېلىدۇ. ھەم بەرگەن جاۋابىمۇ ئومۇمىي ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىغا دېگەندەك ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت بەزى ئىجتىھادىي مەسىلىلەردە بىر ياكى ئىككى مۇجتەھىدنىڭ كۆز قارىشى بىلەنلا بىرەر ئىشنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، ھەممە تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنشۇناس، فىقھىشۇناس ئالىملارنىڭ بىردەكلىكىگە ھەمدە مەسىلىنى ئەتراپلىق ئويلىشىغا توغرا كېلىدۇ.

ھازىرقى زامانىمىزدىمۇ دونيا ئىسلام ئىتتىپاقى تارمىقىدا خەلقارالىق ئىسلامىي ئالىملەر جەمىيىتى بار بولۇپ، بۇلار يات - يات يىغىن ئېچىپ بەزى ئىجتىھادىي مەسىلىلەرگە قاراپ چىقىپ ئىسلامىي كۆزقاراشنى بىردەكلىك بىلەن بايان قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. (ئىسلامى فىقھىشۇناسلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قېتىملىق يىغىنى بۇ يىل 8 - ئاپرىل ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۇبەي شەھرىدە چاقىرىلغان بولۇپ بۇ يىغىن ئالتە كۈن داۋاملاشتى) مۇجتەھىد بولغۇچى ئالىم كۆپچىلىك ئالىملارنىڭ چىقارغان قارارلىرىنى بىلىشى، ھەم ئومۇملىقنى كۆزدە تۇتۇشى كېرەك. ھازىر بىزنىڭ ئۇيغۇر جەمىيىتىمىزدە دىنىي بىلىملىرى

بار بىر بۆلۈك كىشىلىرىمىز مۇجتەھىدلىك مەرتىۋىسىگە يەتمىگەن بولسىمۇ، ئىسلامدىكى ئومۇمىي قائىدىلىرىنى تۇتقۇ قىلىۋېلىپ ھەر خىل پەتىۋالارنى بېرىپ، مۇسۇلمان ئاممىسى ئىچىدە ئىختىلاپ، تالاش ـ تارتىشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولۇشماقتا.

پەتىۋا بېرىش ئوينىشىدىغان ئىش ئەمەس. پەتىۋا بېرىش دېگەنلىك ﷲ غا ۋاكالەتەن بايانات ئېلان قىلىش دېگەنلىكتۇر، شۇنىڭ ئۇچۇن دىققەت قىلايلى! ﷲ دىن قورقۇيلى. مۇجتەھىد دەرىجىلىك ئالىملىرىمىز ھەر يەرلەردە تېپىلىدۇ. ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئەھلىگە قالدۇرايلى، دېمەكچىمەنكى ،ئالتۇننى يەنىلا زەرگەر سوقسۇن!

پەتىۋا سورىغۇچى قېرىنداشلىرىمىزمۇ سورىماقچى بولغان سۇئالىنى ھەقىقىي بىلىملىك، ئىسلامدىن تولۇق خەۋىرى بار ئالىملاردىن سورايلى. قايسى ئورۇن كۆز ـ قارشىمىزغا ئۇيغۇن پىكىر بايان قىلسا ياكى ئىشنى يەڭگىللىتىپ بېرىدىغان بولسا شۇ يەرگە يۈگۈردىغانلاردىن بولمايلى. "مۇھەللا" نىڭ ساھىبى ئىمام ھەزم رەھىمەھۇللاھ ئۆزىنىڭ ئەسىردە مەزھەپلەرنىڭ رۇخسەتلىرىنى ئىزدەپ يۈرىيدىغان ئادەمنى "زىندىق" دېگەن ئىكەن.

قېرىنداشلار ئامال بار دەلىلى كۈچلۈكرەك قارالغانلىرىنىڭ ، ئومۇمىي ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىنى ئاساسىي سۇئالىمىزنىڭ جاۋابى قىلايلى!

ﷲ بارلىق مۇسۇلمانلارنى توغرا يولغا يېتەكلىسۇن، ئامىن!!!

______________________________پايدىلانغان كىتاپلار :

«قامۇسۇل مۇھىيت» بىرىنچى قىسمى 286 ـ بەت . «ئەل ئەھكام لىلئامىدى» تۆتىنچى قىسمى 164 ـ بەت ٠ «مۇستەسپا لىلغازالى» ئىككىنچى قىسىم ـ 350 بەت . «ئىرشادىل پۇھۇل» 250 ـ بەت .« شەرھى كەۋكەبىل مۇنير» تۆتىنچى قىسىم 460 ـ 466 ـ بەت .«ئىئلامۇل مۇۋاققىئىين» بىرىنچى قىسىم 50 ـ بەت . «مۇختەسەر

ئىبنى ئەل ھاجىب» ئىككىنچى قىسىم 290 ـ بەت . «تەمھىد» تۆتىنچى قىسىم 393 ـ بەت.

# سكولارىزم (ئىلمانىزم) ۋە جاھىلىيەت... بىر داچەنىنىڭ ئىككى تەرىپى

پىروففىسور، دوكتۇر جەئفەر شەيخ ئىدرىس

ئىلاۋە: گەرچە ئىلمانىزىم ئاتالغۇسى بىز ئۇيغۇرلاردا تېخى دېگەندەك ئىشلىتىلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، بۇنى بىر قىسىم زىيالىلار ئەرەبچىدىكى ئەينى تەلەپپۇز بويىچە ئىپلىشنى تەۋسىيە قىلىشىۋاتىدۇ. بۇ ئاتالغۇ ئىنگلىزچىدىكى ”Scularism“ (دىنسىزلىق) دېگەن سۆزدىن ئەرەبچىگە ئىلمانىزىم دەپ، بىر قىسىم شەرقشۇناسلارنىڭ گۇماشتىلىرى تەرىپىدىن خاتا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئاتالغۇنى ئىلمانىزىم دەپ قوبۇل قىلغاندا، ئۇنىڭ دىنسىزلىق مەنىسى ئۆزگىرىپ، ئىلمىنى ياقلىغۇچىلار دېگەن مەنانى بېرىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسىدىن چەتنەپ كېتىدۇ. بىرىتانىيە مائارىپ قامۇسى ”Scularism“نى دىنسىزلىقنى تەرغىپ قىلىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھەركەت... دەپ ئىزاھلىغان. گەپنى خۇلاسىلىگەندە، بۇ ئاتالغۇنىڭ ئومۇملاشقان مەنىسى ”دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ياقلاش“نى تەشەببۇس قىلىدۇ. يەنى، دىننى سىياسەتتىن، سىياسەتنى دىندىن يىراقلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت يوشۇرۇن ھەركەتنى چۆرىدەيدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر زىيالىلىرىنىڭ بۇ ئاتالغۇنى ئىنگلىز تىلىدىكى ئاتىلىشى بويىچە” سكولارىزم“ دەپ ئىپلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن. —تەرجىماندىن

سكولارىزم مەدەنىيىتى ياكى ھازارىتى ھاۋايى- ھەۋەسنى ھەقىقى ئىلاھنىڭ ئورنىغا چۈشۈرىۋالغان بىر خىل مەدەنىيەت بولۇپ، بارلىق شەكىل ۋە تۈرلىرى(كونا ياكى يېڭى، شەرقچە ياكى غەربچە) نىڭ ئەسلىدىكى كۆپۈر ئورتاقلىقىدىن ئۇنىگەن بىر خىل ئورتاق ئالاھىدىلىكى بار. چۈنكى، كىشىلىك قىممەت ۋە مەدەنىيەت، كىشىلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەھۋالى ۋە ئېتىقادلىرىنىڭ مۇئەسسىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئېتىقاد ئوخشىشىپ كەتسە، قىممەت قاراش، سۆز، پائالىيەت، تەھلىل ۋە تەپسىرلەرمۇ ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردىن بۇرۇن ئۆتكەنلەرمۇ (پەيغەمبەرلىرىگە) شۇنداق سۆزنى قىلغان ئىدى؛ ئۇلارنىڭ دىللىرى بىر-

بىرىگە ئوخشايدۇ »[1] ، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلاردىن ئىلگىرىكى ئۇممەتلەرمۇ شۇنداق ئىدى، ئۇلارغا ھەر پەيغەمبەر كەلسىلا ئۇلار (ئۇنى): «بىر سېھىرگەر ياكى بىر مەجنۇن» دېدى*ئۇلار (پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلىشنى) بىر - بىرىگە تەۋسىيە قىلىشقانمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس (يەنى ئۇلار بىر – بىرىگە ئۇنداق تەۋسىيە قىلىشقان ئەمەس) ئۇلار ھەددىدىن ئاشقۇچى قەۋمدۇر»[2]

جاھىلىيەت مەدەنىيىتى جىنسى شەھۋەتكە ئۆزىنى بېغىشلىغان، زىنانى بارلىق شەكىللىرى بىلەن يوللۇق دەپ قارايدىغان مەدەنىيەت.

ئۇرۋە ئىبن زۇبەير ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇنىڭغا مۇنداق ئىشنى دەپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جاھىلىيەتتە نىكاھ تۆت خىل بولاتتى. بىرى كىشىلەرنىڭ ھازىرقى نىكاھلىرىغا ئوخشايتتى بىر كىشى يەنە بىرىگە قىزىنى بىرىشنى تەلەپ قىلاتتى, ئۇ ماقۇل بولغاندىن كېيىن، نىكاھ ئوقۇلاتتى. يەنە بىرى، ئەر كىشى ئايالىغا: ئەگەر نىفاستىن پاكلانساڭ، پالانىنىڭ قېشىغا بېرىپ، تۇرۇپ كەل، دەيتتى-دە، ئايالى شۇ كىشىدىن ھامىلدار بولغانلىقى ئېنىقلانغىچە قەدەر ئۇنىڭغا يېقىن يولمايتتى. ھامىلدار بولغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئەگەر يولدىشى خالىسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولاتتى. بۇنىمۇ بالىنىڭ ئابرويى ئۈچۈن شۇنداق قىلاتتى. بۇ نىكاھ ئىستىبزائ (مال ئورنىدا ئوتۇنۇپ بىرىش نىكاھى) ئىدى. يەنە بىر نىكاھ، ئوندىن ئارتۇق ئەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئايالنىڭ قېشىغا كىرىدۇ ۋە ھەممىسى جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزىدۇ. ئەگەر ھامىلدار بولۇپ، تۇغقان بولسا، بىر نەچچە كېچە ئۆتكەندىن كېيىن، بورۇن جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن كىشىلەرنى چاقىرتىدۇ, ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ھېچكىم بۇ يەرگە كەلمەسلىككە جۈرئەت قىلالمايدۇ. ئۇلار كەلگەن چاغدا، ئايال: سىلەر قىلغان ئىشىڭلارنى بىلىسىلەر،دەيدۇ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆزى ياخشى كۆرگەن بىرىگە" ھەي پالانى بۇ سېنىڭ بالاڭ" دەپ، بالىنى ئۇنىڭغا يۈكلەيدۇ، ئۇ كىشى بۇنى رەت قىلالمايدۇ. تۆتىنچى خىل نىكاھ، بىر توپ كىشىلەر بىر ئايالنىڭ

قىشىغا كىرىدۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى رەت قىلمايدۇ. ئۇلار پاھىشىلەر بولۇپ، ئىشىكلىرىنىڭ ئۈستىگە بايراق چىقىرىپ قويااتتى, كىم ئۇلار بىلەن بىر يەردە بولۇشنى خالىسا، بىرگە بولااتتى. ئەگەر ھامىلدار بولۇپ توغقان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان كىشىلەر ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا توپلىنىپ، ئۇلارغا بالىنىڭ چىرايىنى بىلەلەيدىغان تەجرىبىلىك كىشىلەرنى چاقىرىپ، ئۇلار چىقارغان يەكۈن بويىچە ئايال بالىسىنى بىرىگە يۈكلەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئوغلى بولۇپ چاقىرىلىدۇ. ئۇ بۇنى رەت قىلالمايدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەقىقەت بىلەن ئەبەرتىلگەندىن كېيىن، جاھىلىيەتنىڭ بۇ خىل نىكاھلىرىنىڭ ھەممىسىنى يوققا چىقىرىپ، بۈگۈنكى كىشىلەرنىڭ نىكاھىلا قالدى. (بۇخاري، نىكاھ: 37- ئايەت.)

ئەرەبلەرنىڭ بۇ خىل جىنسى باش باشتاقلىقى باشقا مىللەتلەرگە قارىغاندا، يەنىلا تۈۋەن سەۋىيەدە تۇردۇ. مۇلاھىزە قىلغىنىمىزدەك، ئۇلار بوۋاققا ھەقىقى يوسۇندا بولمىسىمۇ بىر نەسەبكە تەۋە بولىشىغا ھېرىسمەن ئىدى.

جاھىلىيەت مەدەنىيىتى زىنانى ماقۇل كۆرگىنىگە ئوخشاشلا ئۇنىڭ بارلىق تەييارلىق ۋە سەۋەبلىرىنىمۇ يوللۇق دەپ قارايتتى. ئەرەب جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئايالالار، غەرب جەمئىيىدىكى ھەمشىرىلىرىگە ئوخشاشلا، بارلىق ئەرلەرنىڭ ئالدىدا، ئاياللىق ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆز- كۆز قىلىشتىن خىجىللىق ھىس قىلمايتتى. چاچلىرىنى، بويۇنلىرىنى ھەتتا، كۆكسىلىرىنى ئېچىۋېتەتتى. كىيىملىرىنى تولۇق كەيمەيتتى. بەزىدە تولۇق يالىڭاچلىنىشمۇ ئۇلار ئۈچۈن نورمال ئىش ئىدى. ئەرلەر بىلەن ئارىلىشاتتى، مەھرەمسىز ئايرىم جايلاردا ئولتۇرىشاتتى. ئەتىرلەنى بولدى، دېگۈچە چېچىپ، كوچىلارنى ئايلىناتتى.

جاھىلىيەت مەدەنىيىتى نورمال مۇئامىلە قىلىشنى، بولۇپمۇ ئاياللارغا نورمال مۇئامىلە قىلىشنى بىلمەيدۇ.

جاھىلىيەت مەدەنىيىتى ئاياللارغا قۇل ياكى ھايۋانلاردەك مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەتتە، ئاياللارنى ھېچنېمە سانىمايتتۇق. (بۇخارىي، لىباس، 30) ئەمما ئىسلام بولسا، ئۇلارنى ئەرلەر بىلەن ئوخشاش، ھەتتا، ئۇلاردىن يۇقىرىمۇ كۆرىدۇ: «مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا (يەنى سەبە ئاھالىسىگە) بىر ئايالنىڭ (يەنى بىلقىسنىڭ) پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، ئۇنىڭغا (ئۆزىگە ۋە سەلتەنەتىگە كېرەكلىك) ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ ئەرشكە ئىگە ئىكەن [3]»

قۇرئاندا يەنە مۇنداق كېلىدۇ: « ئۇ (يەنى بىلقىس) ئېيتتى: «ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار، سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق»

*ئۇلار ئېيتتى: «بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز، ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدىدۇر، (بىزنى نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى (ئويلاپ)كۆرگىن»[4]

جاھىلىيەت ھازارىتى جىنسى ھاۋايى – ھەۋەسلەرگە ئەگىشىشتە مۇبالىغە قىلىپ، لۇت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى، يونانلىقلار ۋە بۈگۈنكى ياۋروپالىقلاردەك ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ جىنسى مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشىگە يول قويىدۇ

جاھىلىيەت ھازارىتى، ھاراق ئىچىشنى، قىمار ئويناشنى، جازانە يېيىشنى يوللۇق دەپ قارايدۇ. ئۇلاردا نەسىبى ياكى ئۆزلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرى بىلەن پەخىرلىنىدىغان ئىش يوق. ئۇلارنىڭ پەخىرلىنىدىغىنى پەقەت، ئاجىزلارغا زومىگەرلىك قىلىشتا گەۋدىلىنىدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرمۇ شۇنداق قىلاتتى. غەرب ھازارىتىمۇ ئۆزىدىن ئاجىزلارنى ئانى تېپىپ، ئۇلانى مۇستەملىكە قىلىۋالدى. ئۇ يەرنىڭ كىشىلىرىگە ھايۋانلارغا قىلىدىغان مۇئامىلىلەرنى قىلىدۇ.

بىراق، جاھىلىيەت ھازارىتى، يۇقىرىقىدەك يولسىزلىقلىرى بىلەن يەنە مەدەنىيەت بەرپا قىلىپ، تېخنىكىۋى ئېلىملەردە باشقىلاردىن ئېشىپ كەتتى. سانائەت، يېزا ئىگىلىك جەھەتتە

نۇرغۇن ئۇتۇقلارنى روياپقا چىقىرالىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئالاھىدىلىكلىرى روھىي دۇنيادىن يىراقلاپ كەتكەنچە، ئۇلارغا خاتىرجەم ھايات بېغىشلىيالمىدى ۋە مەڭگۈ بېغىشلىيالمايدۇ.

«ئۇلار ھاياتىي دۇنيا نىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىنىلا بىلىدۇ، ئۇلار ئاخىرەتتىن (يەنى ئاخىرەت ئىشىدا ئويلىنىشتىن ۋە ئاخىرەت ئۈچۈن ئىشلەشتىن) غەپلەتتىدۇر»[5]

«ئۇلار يەر يۈزىدە كېزىپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ئۇلار (يەنى ئۆتكەنلەر) قۇۋۋەتتە بۇلاردىن كۈچلۈك ئىدى. ئۇلار زىرائەت تېرىشتا، ئىمارەت سېلىشتا بۇلار (يەنى قۇرەيشلەر) دىن ئۈستۈن ئىدى. ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرى مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى (ئۇلار مۆجىزىلەرنى ئىنكار قىلدى). الله ئۇلارغا زۇلۇم قىلمىدى (يەنى الله ئۇلارنى گۇناھسىز ھالاك قىلغىنى يوق)، لېكىن ئۇلار ئۆزلىرى (كۇفرى ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن) ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلدى (شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ھالاك بولۇشقا تېگىشلىك بولدى)»[6]

«پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئاد — كۈچلۈك ئىرەمنى قانداق جازالىغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟* بۇنداق ئادەملەر باشقا شەھەرلەردە يارىتىلمىغان ئىدى*شۇنىڭدەك ۋادىقورادا تاشلارنى كېسىپ (ئۆيلەرنى بىنا قىلغان) سەمۇدنى الله قانداق جازالىدى*شۇنىڭدەك قوزۇقلار ئىگىسى پىرئەۋننى قانداق جازالىدى*ئۇلار شەھەرلەردە (زۇلۇم قىلىشتا) ھەددىدىن ئاشتى*ئۇ يەرلەردە بۇزغۇنچىلىقنى كۆپ قىلدى*پەرۋەردىگارىڭ ئۇلارغا قاتتىق ئازابنى نازىل قىلدى*پەرۋەردىگارىڭ (بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر»[7]

ت — ئا. قارلۇقىي

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 118- ئايەت.

[2] زارىيات سۈرىسى، 52، 53- ئايەتلەر.

[3] نەملە سۈرىسى، 23- ئايەت.

[4] نەملە سۈرىسى، 32، 33- ئايەتلەر.

[5] رۇم سۈرىسى، 7- ئايەت.

[6] رۇم سۈرىسى، 9- ئايەت.

[7] فەجر سۈرىسى، 6- ئايەتتىن 14- ئايەتكىچە.

# سۈلمانلارنىڭ ئىززەت ـ ئابرۇيىنى قوغداش ئىسلامنىڭ نىگىزلىك مەسىلىلىرىدىن بىرى

ھېلىھەم دۇنيا بويلاپ، ياخشى كىشىلەرنىڭ قەلبى ھەقىقەت ۋە ئادالەت دىنى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام تەرەپكە تەلپۈنىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ سۆزى ناھايىتى راستۇر، ناھايىتى توغرىدۇر»[1]

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالانىڭ، يوقىرى ئىككى خىل خىسلەتتىن باشقىلارنى گۇمانلاندۇرۇپ، باتىلنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، زالىمغا ياردەم بېرىدىغان دىن ئىكەن دېگەن يەرگە كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بارلىق بوشلۇقلارنى ئۆز شەرىئىتىدە مۇستەھكەم ئېتىشى ئۇنىڭ ھېكمەتلىرىدىن ئىدى.

بۇ دىنىنىڭ كىشىلەرنىڭ تەسەۋۋۇردىكى گۈزەل ئوبرازىنى ساقلاشنىڭ ئەھمىيتى ناھايىتى زور. قانداق ئەھۋال بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، بۇ ئوبرازنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان سۆز ياكى ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش (بۇ سۆز ياكى ئۇ ئەمەل ئېلىپ بېرىش رۇخسەت قىلىنغان تەقدىردىمۇ) بۇ دىندىكى ناھايىتى مۇھىم قائىدىلەرنىڭ بىرى. بىراق، ئۆزىنى ئىسلامغا تەۋە دەپ قارايدىغان بىر قىسىم كىشىلەر، دىندارلىقنى ئىنتايىن تار دائىرە ئىچىدە چۈشىنىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى، دەۋاتقان سۆزلىرىدە پەرۋاسىز بولۇپ، دىنسىزلارنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارىشىغا پىسەنت قىلىپ كەتمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پەرۋاسىزلىق ۋە تار رامكا ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ دىنى قارىشىنى ئىسلامنىڭ دىنىي يوليورۇقلىرىغا مۇستەھكەم ئېسىلغانلىق دەپ گۇمان قىلىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار دىنىنى ياخشى چۈشەنمەيلا قالماستىن، باشقىلارنىڭمۇ بۇ دىنغا كىرىشىگە تۇسالغۇ بولۇپ قالىدۇ.

ئەنە شۇنداق كىشىلەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ ئەسھابىلىرىدىن ئىبارەت مۆمىن بەندىلىرىگە دېگەن مۇنۇ ئايىتىگە نېمە دەيدىكىن؟!

« (مەككىدە) سىلەر بىلمەيدىغان ئەر-ئايال مۆمىنلەر بولۇپ، سىلەر بىلمەستىن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قويۇش بىلەن گۇناھقا گىرىپتار بولۇشۇڭلارنىڭ خەۋپى بولمىسا ئىدى (ئەلۋەتتە ﷲ مەككىگە كىرىشىڭلارغا رۇخسەت قىلاتتى ۋە سىلەرنى كاپىرلارغا مۇسەللەت قىلاتتى)»[2]

بۇ ئايەت كەرىمىدە ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھەرەم مەسجىدىگە كىرىشتىن توسۇشىدىكى سەۋەپىنى مۇشرىكلاردىن ئىبارەت دۈشمەنلىرى بىلەن بولىدىغان ئۇرۇشۇشتا دەپ بايان قىلىدۇ. يەنى، شۇ مەزگىلدە مەككىدە ئىمان ئېيتقان، ئەمما، باشقا مۇسۇلمانلار بىلمەيدىغان كىشىلەر بار ئىدى، ئەگەر ئۇلار مەككە شەرىفكە كىرگىنىدە، ئۆزلىرىنىڭ بىر قىسىم قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا نېمە ئىشلار يۈز بېرىشى مۇمكىن؟ كاپىرلارنىڭ "قاراڭلار مۇسۇلمانلار ھەتتا ئۆز قېرىنداشلىرىنى ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانمايدۇ" دېگەن پىتنە- ئىغۋانى تارقاتسا، بىر قىسىم كىشىلەر ئۇنىڭغا ئىشىنىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتتە يامان ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى، شەرىئەت يول قويغان ئۇلۇغ ئىشتىن چەكلىدى. چۈنكى، ئاشۇ ئەھۋال بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئوبرازىغا دەخلى- تەرۇز يېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئەشۇنداق نەزەر دائىرىسى تار، دىن نامى بىلەن ھېچ نەرسىدىن خەۋەرسىز، بىكىنمە ھالدا ياشايدىغان شۇ كىشىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سۆزىنى قانداق چۈشىنىدىكىن؟!

«كىشىلەر مۇھەممەد ئۆز ئەسھابىلىرىنى ئۆلتۈرىدىكەن دېيىشمەسلىكى ئۈچۈن..»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەدىسنى، بىر قىسىم ساھابىلىرى قىسمەن مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈۋېتىش توغرىسىدا مەسلەھەت بەرگەن چاغدا سۆزلىگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى قوبۇل قىلماسلىقى ئۇ مۇناپىقلارنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشكە

لايىق ئەمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش، زەخمىلەندۈرۈش ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كىشىلەر تەسەۋۋۇرىدىكى ئوبرازىنىڭ تەسىرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتقانلىقىدا ئىدى.

مۇناپىقلار كۆرۈنۈشتە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابىلىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنى نىشانغا ئېلىش، ئەھۋالنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ئۆز ساھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈدى، دېگەن تۇيغۇنى بېرىپ قويىاتتى-دە، ئىسلامنىڭمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئىززەت- ئابرويىغا تەسىر يېتەتتى. ئەمەلىيەتتە، ئۆز ئەسھابىلىرىنى ئۆلتۈرۈش، بۇ دىنىنىڭ ھەقىقەت ۋە ئادالەت ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان دىنى پرىنسىپلىرىغا مۇناسىپ كەلمەيتتى. بىر قىسىم مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بۇ ئىبرەتلەردىن پايدىلىنالىشى تەس. شۇڭا ئۇلار، مۇناپىقلارنىڭ مۇناپىقلىقى ئايان بولغانىكەن، كىشىلەرنىڭ نېمە دېيىشى مەن ئۈچۈن مۇھىم ئەمەس، مېنىڭ ئۆلتۈرگىنىم ئۆلتۈرگەن، دەپ ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئىسلامنىڭ ۋە ئىسلامغا ھەقىقى سەمىمىي سادىق كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە تۈز سېلىشى تۇرغانلا گەپ.

شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، بۇ يەردىكى گەپ قارىماققا ئۆلتۈرۈش ياكى ئۆلتۈرمەسلىك ھەققىدە كىتىپ بارغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، مۇسۇلمانلاردا ساقلىنىۋاتقان بارلىق ئەخلاقسىزلىق، دىيانەتسىزلىك، شەخسى مەنپەئەت دېگەنلەرنى يىلتىزىدىن داۋالاشنى ھەممىدىن بەكرەك كۆزدە تۇتىدۇ. دېمەك، ھەممە ئىشتا، مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىغا ئىجابىي نەمۇنە بولايلىكى، سەلبى قارانچۇق بولۇپ بەرمەيلى!

دانالار قەدىرلەنمىگەن يەردە، دىيانەتنىڭ، ئادالەتنىڭ ۋە غەلىبە- نۇسرەتنىڭ تەنتەنە قىلىشى مۇمكىن ئەمەس.

بۇ ماقالە قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىندى. ئا. قارلۇقىي

# مەسجىدى ھەرەم

مەككىدىكى ھەرەم مەسجىدىنىڭ تارىخى

تەييارلىغۇچى: مۆمىنجان

ئا. قۇتۇبى

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ھەقىقەتەن ئىنسانلارغا (ئىبادەت ئۈچۈن) تۇنجى سېلىنغان ئۆي (يەنى بەيتۇللا) مەككىدىدۇر، مۇبارەكتۇر، جاھان ئەھلىگە ھىدايەتتۇر"[سۈرە ئال ئىمران 96 ـ ئايەت]

مەسجىدى ھەرەمنى ئەڭ دەسلەپتە الله تائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بىنا قىلغان. بۇ ھەقتە الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم بىلەن ئىسمائىل كەبىنىڭ ئۇلىنى قوپۇرۇۋېتىپ: پەرۋەردىگارىمىز! بىزنىڭ (خىزمىتىمىزنى) قوبۇل قىلغىن، سەن ھەقىقەتەن (دۇئايىمىزنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، (نىيىتىمىزنى) بىلىپ تۇرغۇچىسەن، دېدى"[سۈرە بەقەرە 127 ـ ئايەت] (بەزى رىۋايەتلەردە زېمىن پەيدا بولغاندىلا بىنا قىلىنغان، دېيىلگەن).

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ مۇقەددەس ماكاننىڭ ئورنى بىر كۆنمۇ تۆۋەنلەپ قالمىغان، ھەتتا پۈتۈن مەككە ئەھلى مۇشرىك بولۇپ كەتكەن ھالەتتىمۇ، بۇ ئورۇن شۇ مۇشرىكلار ئەڭ ئۇلۇغ دەپ ھېساپلايدىغان مۇقەددەس جايى بولۇپ قالغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغان يىلى مۇنداق ۋەقە يۈز بەرگەن. ئىبنى كەسىر بۇ ۋەقەنى سۈرە

پـلـنـىڭ تـەپسـرىدە مۇنداق بايان قـلـغان:

ناھايـىتـى شەپقەتـلـىك ۋە مـېھرىبـان اللە نـىڭ ئـىسمى بـىلـەن باشلايمەن

پەرۋەردىگارىڭنىڭ پـىل ئـىگـىلـىرىنى قانداق قـىلغانـلـىقـىنى كۆرمـىدىڭمۇ؟(1). ئۇ ئۇلارنـىڭ ھـىيلە - مـىكرىـنى بەربات قـىلـمىدىمۇ؟(2). ئۇ ئۇلارنـىڭ ئۈستـىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى)(3). قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتـىپ(4). ئۇلارنى چايـنـۇېتـىلـگەن سامانـدەك قـىلـىۋەتتى(5).[سۈرە پـىل]

كەبـىنى ئۆرۈۋەتمەكچى ۋە ئۇنـىڭ ئەسرىـنى بارلـىقتـىن يوقاتـماقچى بولۇپ كەلگەن پـىل ئـىگـىلـىرىنى توسۇپ قـىلـىش بولسا، اللە تائالانـىڭ قۇرەيشـلـىكلەرگە بەرگەن نـېمەتـلـىرىنـىڭ بـىرىدۇر. اللە تائالا پـىل ئـىگـىلـىرىنى يوقاتتى. ئۇلارنى باش ئەگدۈردى. ئۇلارنـىڭ كەبـىنى ئۆرۈۋەتمەكچى بولغانـلـىقـىنى بەربات قـىلدى ۋە ئۇلارنى قاتـتـىق رەسۋا قـىلـىپ كەيـنـىگە قايتۇردى.

پـىل ئـىگـىلـىرى خرىستـىئان دىنـىدىكى كـىشـىلـەر بولۇپ، ئۇلارنـىڭ شۇ ۋاقتـىدىكى دىنـىي ئەھۋالى بۇتـلارغا ئـىبادەت قـىلـىدىغان قۇرەيشـلـىكلەرنـىڭ ئەھۋالـىغا يـېقـىن ئـىدى. لـېكـىن، (ھەر ئـىككى مـىللەت دىن جەھەتـتە بـىر- بـىرىدىن جـىق پەرقلـىق بولمـىسىمۇ)، اللە تائالانـىڭ پـىل ئـىگـىلـىرىگە قارشى قۇرەيشـلـىكلەرگە ياردەم بېرىشى مۇھەممەد ئەلەيھـىسسالامـنـىڭ پەيغەمـبەر قـىلـىنـىپ ئەۋەتـىلـىدىغانـلـىقـىغا ئالدىـن بېرىلـگەن بېشارەت ئـىدى. چۈنكى، كۆپچىلىك رىۋايەتـكە ئاساسەن پەيغەمـبەرئەلەيھـىسسالام شۇ يـىلى تۇغۇلغان. يەنى بۇ خۇددى: ئى قۇرەيـش گۇرۇھى! بـىزنـىڭ سـىلەرگە ياردەم بېرىشـىمـىز سـىلەرنـىڭ ھەبەشلـەردىن ياخشى بولغانـلـىقـىڭلار ئۈچۈن ئەمەستۇر. (بـىزنـىڭ سـىلەرگە ياردەم بېرىشـىمـىز) پەقەت پەيغەمـبەرلەرنـىڭ تۈگەنچـىسى بولغان ساۋاتـسىز پەيغەمـبەر مۇھەممەد ئەلەيھـىسسالامـنى پەيغەمـبەر قـىلـىپ ئەۋەتـىش بـىلەن ئۇلۇغلـىماقچى ۋە كاتتـىلـىماقچى بولغان كەبـىنى ساقلاپ قـىلـىش ئۈچۈندۇر، دېگەنلـىكتۇر.

پـىل ئـىگـىلـىرىنـىڭ قـىسسـىسـىنى قـىسقـىلا قـىلـىپ بايان قـىلـىش توغرىسىدا

تۆۋەندە بايان قـىلـماقچى بولغـىنـىمـىز پـىل ئـىگـىلـىرىنـىڭ قـىسسـىسـىنـىڭ قـىسقىچە بايانـىدۇر. بـىز

يۇقىرىدا خەندەك ئېگىلىرىنىڭ قىسسىسىنى بايان قىلغاندا، مۇشرىك ۋە ھىمىيەرىنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرى بولغان زۇنۇۋاسنىڭ 20 مىڭغا يېقىن خرىستىئانلارنى ئورەك كولاپ، ئوت يېقىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پەقەت دوس زوسۆئىلەبان دېگەن ئادەمنىڭ قۇتۇلۇپ چىقىپ، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان شامنىڭ پادىشاھى قەيسەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلغانلىقىنى، ھەبەشىستان يەمەنگە ئەڭ يېقىن يەر بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ پادىشاھى نەجاشىنىڭ دوس زو سۆئىلەبانغا ياردەم قىلىشى ئۈچۈن قەيسەرنىڭ (نەجاشىغا قارىتىپ) دوس زو سۆئىلەبانغا خەت يېزىپ بەرگەنلىكىنى، شۇنىڭ بىلەن نەجاشىنىڭ ئۇ ئادەم بىلەن بىللە ئەريات ۋە ئەبرەھە ئىبنى ساباھ ئەبۇيەكسۇم دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قوماندانى نۇرغۇن ئەسكەرلەر بىلەن (يەمەنگە) ئەۋەتكەنلىكىنى، ئۇ ئەسكەرلەرنىڭ يەمەنگە كىرىپ (بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۈچۈن) ئۆيلەرنى ئاختۇرغانلىقىنى، ھىمىيەرنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغانلىقىنى ۋە زۇنۇۋاسنىڭ دېڭىزدا سۇنىڭ ئاستىدا قىلىپ ھالاك بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق.

(ھەبەشلەر ھىمىيەرنىڭ پادىشاھلىقىنى تارتىۋالغاندىن كېيىن) يەمەننىڭ پادىشاھلىقى ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتتى. يەمەنگە ھېلىقى ئەريات ۋە ئەبرەھە دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى قوماندان باشلىق بولدى. كېيىنچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدا ئىختىلاپ يۈز بېرىپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇش قىلماقچى بولۇپ (ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى) سەپ تۈزۈشكەندە، بىرى يەنە بىرىگە: ئارىمىزدا مۇنداق ئەسكەر تارتىپ بىر ـ بىرىمىز بىلەن ئۇرۇش قىلىش ھاجەتسىز، مەنمۇ مەيدانغا چىقاي، سەنمۇ مەيدانغا چىق، قايسىمىز يەنە بىرىمىزنى ئۆلتۈرسە، شۇ باشلىقلىققا ئوڭچە ئېرىشىدۇ، دېدى. بۇ سۆزگە يەنە بىرسىمۇ قوشۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككىلىسى نەيزىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ (قىلىچ بىلەنلا) مەيدانغا چۈشۈشتى. ئەريات ئەبرەھەگە بىر ھۇجۇم قىلىپ قىلىچ بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى، ئېغىزىنى ۋە يۈزىنىڭ بىر تەرىپىنى كېسىۋەتتى. ئەبرەھەنىڭ ئازاد

قىلىۋەتكەن قۇلى ئەرياتقا ھۇجۇم قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئەبرەھە (مەيداندىن) يارىدار ھالەتتە قايتىپ كەلدى. يارىسىنى داۋالىتىپ ساقايتتى ۋە يەمەندىكى ھەبەش ئەسكەرلىرىگە ئۆزى يالغۇز باش بولدى.

كېيىنچە نەجاشى ئەبرەھەنىڭ قىلمىشلىرىغا ئاچچىغلاپ ئۇنىڭغا خەت يازدى. خېتىدە ئۆزىنىڭ (يەمەن شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ) ئۇنىڭ تۇپرىقىغا دەسسەيدىغانلىقىغا ۋە ئۇنىڭ كوكۇلا چېچىنى قىرقىيدىغانلىقىغا ۋەدە قىلىپ قەسەم ئىچكەن ئىدى. ئەبرەھە نەجاشىغا، (ئۇنىڭ ئۆزىگە) رەھمى قىلىشىنى سوراپ ئەلچى ئەۋەتتى. ئەلچى بىلەن بىللە نۇرغۇنلىغان سوۋغا ـ سالاملار، بىر قاچىدا يەمەنىنىڭ تۇپىسى ۋە ئۆزىنىڭ قىرقىلغان كوكۇلا چېچىدىن ئەۋەتتى. ئۇ ئەلچى بىلەن يەنە بىر پارچە خەت ئەۋەتكەن بولۇپ خەتتە: (مانا بۇ يەمەن شەھىرىنىڭ تۇپىسى) پادىشاھ مۇشۇ قاچىدىكى تۇپىغا دەسسەپ قەسىمىدىن چىقسۇن ۋە مانا ماۋۇ مېنىڭ كوكۇلا چېچىم، مەن بۇنى سىلىگە ئەۋەتتىم، دەپ يېزىلغان ئىدى. بۇلار نەجاشىغا يېتىپ بارغاندا، ئۇ ئەبرەھەنىڭ بۇ قىلمىشلىرىغا ھەيران قالدى، ئۇنىڭدىن رازى بولدى ۋە ئۇنىڭ (باشلىقلىقىنى) ئېتىراپ قىلدى.

(كېيىنچە) ئەبرەھە: مەن پات ئارىدا يەمەن زېمىنىدا سىلىگە ئاتاپ تەڭدىشى يوق بىر چىركاۋ سالدۇرىمەن، دەپ نەجاشىغا ئەلچى ئەۋەتتى ۋە سەنئا شەھىرىگە ناھايىتى كاتتا، ئېگىز ۋە تۆت ئەتراپى نەقىشلىنىپ زىنەتلەنگەن بىر چىركاۋ سېلىشقا باشلىدى. ئەرەبلەر بۇ چىركاۋنىڭ ناھايىتى ئېگىزلىكىدىن ئۇنى: ”ئەلقۇلەيىيەس“ دەپ ئاتاشتى. چۈنكى، ئۇنىڭ ناھايىتى ئېگىزلىكىدىن ئۇنىڭغا قارىغان كىشىنىڭ دوپپىسى يەرگە چۈشۈپ كەتكىلى تاسلا قالاتتى. ئەبرەھە بۇ چىركاۋنى خۇددى مەككىدىكى كەبىگە ئوخشاش ھەج قىلىنىدىغان بىر ئورۇنغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ ھەج قىلماقچى بولغانلىرىنى بۇ چىركاۋغا يۈزلەندۈرمەكچى بولدى ۋە شۇنداق قىلىشنى قول ئاستىدىكى يەرلەردە ئېلان قىلدى. بۇ ئىشنى ئەدنان ۋە قەھتان

قەبىلىلىرىنىڭ ئەرەبلىرى يامان كۆردى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن قۇرەيشلىكلەرنىڭ قاتتىق ئاچچىغى كەلدى. بۇ ئىشقا ئاچچىغى كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ بىرى بېرىپ، كېچىدە ئۇ چىركاۋنىڭ ئىچىگە كىرىپ، تاھارەت قىلىپ قويۇپ قايتىپ كېلىدۇ. بۇ تاھارەتنى چىركاۋنىڭ خىزمەتكارلىرى كۆرۈپ قىلىپ ئەبرەھەگە يەتكۈزىدۇ ۋە ئۇنىڭغا: بۇ ئىشنى چوقۇم بۇ چىركاۋ كەبىسىگە ئوخشىشىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاچچىغى كەلگەن ئەرەبلەرنىڭ بىرسى قىلغان، دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە مەككىگە (ئەسكەر تارتىپ بېرىپ) كەبىنىڭ تېشىنى بىرمۇ بىر چىقىرىپ، ئۇنى خانى ـ ۋەيران قىلىۋېتىشكە قەسەم قىلىدۇ.

مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: قۇرەيشلىك بىر قانچە ياشلار ئۇ چىركاۋغا كىرىپ ئۇنىڭغا ئوت قويۇۋېتىدۇ. بۇ، شامال قاتتىق چىققان بىر كۈن بولۇپ، چىركاۋنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ يەرگە يىقىلىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە (كەبىنى ئۆرىۋېتىش ئۈچۈن) قاتتىق تەييارلىق قىلىپ، ئۆزىنى كەبىنى ئۆرۈۋېتىشتىن ھېچكىمنىڭ توسۇپ قالالماسلىقى ئۈچۈن ناھايىتى جىق ئەسكەر بىلەن يولغا چىقىدۇ. ئۆزى بىلەن بىللە ”مەھمۇد“ دەپ ئاتىلىدىغان ناھايىتى چوڭ بىر فىلنىمۇ ئېلىۋالىدۇ. ئۇ فىلنى ئۇنىڭغا ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى شۇ ئىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ يەنە ئۆزى بىلەن بىللە ئۇ فىلدىن باشقا سەككىز دانە فىلنى ئېلىۋالغان دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ئېلىۋالغان فىل 12 دانە ئىدى دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. ﷲ تائالا توغرىسىنى بىلگۈچىدۇر.

ئۇنىڭ فىلنى ئېلىۋېلىشتىكى مەقسىدى بولسا، كەبىنىڭ ئەتراپىنى زەنجىر بىلەن ئوراپ، زەنجىرلەرنىڭ ئۇچىنى بىر ياغاچقا باغلاپ، ياغاچنى فىلنىڭ گەردىنىگە قويۇپ، فىلنى ماڭدۇرۇپ كەبىنىڭ تېمىنى بىر قېتىمدىلا ئۆرۈۋېتىش ئىدى.

ئەبرەھەنىڭ شۇ مەقسەت بىلەن يولغا چىققانلىقىنى ئاڭلىغان ئەرەبلەر ئۇنىڭ بۇ قىلمىشىنى قورقۇنچلۇق بىر ئىش دەپ قاراپ، ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ قېلىشنى ۋە كەبىگە يامانلىق

قىلماقچى بولغان (ئۇ) كىشىنى كەينىگە قايتۇرۇشنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستىدىكى بىر مەسئۇلىيەت دەپ قارىدى. شۇنىڭ بىلەن (ئۇنىڭ ئالدىنى توسقىلى) يەمەنلىكلەرنىڭ ئەك ھۆرمەتلىك ئادەملىرى ۋە باشلىقلىرىدىن بىرى بولغان زۇنەفەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىشى (مەيدانغا چىقىپ) قەۋمىنى ۋە باشقا قەبىلىلەرنى ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ۋە ﷲ تائالانىڭ ئۆيى بولغان كەبىنى قوغداپ جىھاد قىلىشقا، ئەبرەھەنى كەبىنى ئۆرۈۋەتمەكچى ۋە ۋەيران قىلىۋەتمەكچى بولغانلىقىدىن توسۇشقا چاقىردى. ئۇلار ئۇنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇپ ئەبرەھە بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ﷲ تائالا (ئەبرەھەنى ئۆزى ئازاب ئەۋەتىپ ھالاك قىلىپ) كەبىنىڭ ئىززىتىنى ۋە ھۆرمىتىنى (كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماقچى) بولغانلىقىدىن ئىبارەت ھېكمىتى ئۈچۈن، ئەبرەھە بۇ ئۇرۇشتا ئۇلارنى يېڭىدۇ ۋە زۇنەفەر دېگەن كىشىنى ئەسىرگە چۈشۈرۈپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يولىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەبرەھە ”خەسئەم“ دېگەن يەرگە كەلگەندە، نۇفەيل ئىبنى ھەبىب خەسئەمى، شەھران ۋە ناھىس دەپ ئاتىلىدىغان خەسئەمنىڭ ئىككى قەبىلىسى بىلەن ئۇنىڭغا قارشى چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلدى. ئەبرەھە ئۇلارنىمۇ يەڭدى ۋە نۇفەيل ئىبنى ھەبىبنى ئەسىرگە ئالدى. ئەبرەھە ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولدى، ئەمما ئۆلتۈرمەي مەككىگە باشلاپ ئاپىرىش ئۈچۈن ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى.

ئەبرەھە تائىپقا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، سەقىف قەبىلىسى ئەبرەھەنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ”لات“ دەپ ئاتىلىدىغان ئۆيىنى (يەنى ئىبادەتخانىسى ئۆرۈۋېتىشىدىن) قورقۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىم تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئەبرەھە ئۇلارنى ئىززەتلىدى ۋە ئۇلار ئەبۇ رىغال دېگەن ئادەمنى يول باشلاپ بېرىشى ئۈچۈن ئەبرەھەگە قوشتى.

ئەبرەھە مەككىگە يېقىن ”مۇغەممەس“ دېگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى ۋە ئەسكەرلىرىنى مەيلى تۆگە بولسۇن ياكى باشقا ماللار بولسۇن، مەككىلىكلەرنىڭ ئوتلاش ئۈچۈن قويۇپ بەرگەن ماللىرىنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئېلىپ كېلىنگەن ماللارنىڭ ئىچىدە ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ

200 تۆگىسى بار ئىدى. ئۇ تۆگىلەرنى چارلىغۇچى قوشۇننىڭ باشلىقى ئەسۋەد ئىبنى مەقسۇد (ئەبرەھەنىڭ بۇيرۇقى بىلەن) تۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ئىبنى ئىسھاقنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، بەزى ئەرەبلەر ھەتتا ئۇنى تىللاپ شېئىرمۇ ئوقۇغان.

ئەبرەھە ھىميەرىلىك ھەناتە دېگەن كىشىنى مەككىگە بېرىپ قۇرەيشلىكلەرنىڭ كاتتىبېشىغا ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ كەبىنى (ئۆرۈۋېتىشكە) قارشىلىق كۆرسەتمىسىلا، ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن ئۇرۇش قىلمايدىغانلىقىنى يەتكۈزۈشكە بۇيرىدى. ھەناتە (مەككىگە كىرگەندە كىشىلەر ئۇنى) ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قېشىغا باشلاپ ئاپاردى ۋە ئۇ ئابدۇلمۇتەللىبكە ئەبرەھەنىڭ دېگەن گەپلىرىنى يەتكۈزدى. ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا: ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز، بىزدىمۇ ھەم ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش قىلغۇدەك كۈچ يوق، بۇ ﷲ تائالانىڭ ئۆيى ۋە ﷲ تائالانىڭ دوستى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۆي، ئەگەر ﷲ تائالا ئۇ ئۆيىنى قوغدىسا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدۇر ۋە ھەرەمىدۇر، ئەگەر ﷲ تائالا ئۇنى قوغدىمىسا، ﷲ تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىزدە ئۇنى قوغدىغىدەك كۈچ يوق، دېدى. ھەناتە ئۇنىڭغا: سەن مەن بىلەن ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بارغىن، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭ بىلەن ئەبرەھەنىڭ قېشىغا ماڭدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بارغاندا، ئەبرەھە ئۇنى ھۆرمەتلىدى. ئابدۇلمۇتەللىب سېمىز ۋە كېلىشكەن، كۆركەم ئادەم ئىدى. ئەبرەھە تەختىدىن چۈشۈپ ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن بىللە ئولتۇردى ۋە تەرجىمانىغا: سېنىڭ نېمە ھاجىتىڭ بار؟ دەپ سورىغىن، دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب تەرجىمانىغا: (مېنىڭ ھاجىتىم) ئۇ يېغىپ ئېلىپ كەلگەن ئىككى يۈز دانە تۆگەمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرسۇن، دېدى. ئەبرەھە تەرجىمانىغا: ئۇنىڭغا مەن سېنى دەسلەپ كۆرگەندە كۆزۈمگە ناھايىتى ئېسىل كۆرۈنگەن ئىدىڭ، كېيىن ماڭا سۆزلىگەن ۋاقتىڭدا نەزىرىمدىن چۈشتۈڭ، مەن سېنىڭ ۋە سېنىڭ ئەجدادلىرىڭنىڭ كەبىسى بولغان ئۆيىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن كەلسەم، سەن ماڭا

ئۇ توغرىسىدا سۆز ئاچماي، ئەكسىچە ئېلىپ كەلگەن ئىككى يۈز تۆگە توغرىسىدا سۆز ئاچامسەن؟ دېگەن، دېدى.

ئابدۇلمۇتەللىب ئۇنىڭغا: مەن تۆگىنىڭ ئىگىسى، كەبىنىڭمۇ ئۇنى قوغدايدىغان ئىگىسى بار، دېدى. ئەبرەھە: ئۇ مەندىن كەبىنى قوغدىيالمايدۇ، دېدى. ئابدۇلمۇتەللىب: ئۇنداق بولسا ئالدىڭدا كەبە تۇرۇپتۇ، دېدى.

بەزى رىۋايەتتە مۇنداق بايان قىلىنىدۇ: قۇرەيشنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىر تۈركۈم كىشىلەر ئابدۇلمۇتەللىب بىلەن بىللە (ئەبرەھەنىڭ قېشىغا بېرىپ) ئەگەر ئۇ كەبىگە چېقىلماي قايتىپ كەتسە، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىڭغا "تىھامە" دېگەن يەرنىڭ بارلىق مال ـ دۇنياسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى (بىلدۈردى). ئەبرەھە ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى ۋە ئابدۇلمۇتەللىبكە تۆگىسىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئابدۇلمۇتەللىب قۇرەيشلىكلەرنىڭ قېشىغا قايتىپ كېلىپ، ئۇلارغا ئەسكەرلەردىن ئەزىيەت كېلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئۇلارنى مەككىدىن چىقىپ كېتىپ ئۆزلىرىنى تاغلارنىڭ ئۈستىدە دالدىغا ئېلىشقا بۇيرىدى. ئابدۇلمۇتەللىب كەبىنىڭ ئىشكىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ بىر تۈركۈم كىشىلەر بىلەن بىللە ئەبرەھە ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ياردەم تىلەپ الله تائالاغا دۇئا قىلدى. ئۇ كەبىنىڭ ئىشكىنىڭ ھالقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

يوقتۇر ھېچبىر ئەندىشە زادى بىزدە،

ھەر كىم قوغدار ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىنى.

ئى رەب! قوغدا سەنمۇ ئۆز ئۆيۈڭنى،

غالىب بولمىسۇن كرېست ئىگىسى تاڭلا كۈنى.

ئابدۇلمۇتەللىب كەبىنىڭ ھالقىسىنى قويۇپ بېرىپ كىشىلەر بىلەن بىللە تاغلارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى.

مۇقاتىل ئىبنى سۇلايمان مۇنداق دەپ بايان قىلىدۇ: ئۇلار ئەسكەرلەرنىڭ تۆگىلەرگە يولسۇزلۇق

بىلەن چىقىلىپ قويۇشى بىلەن الله تائالانىڭ ئۇلاردىن ئىنتىقام ئېلىشنى ئۇمىد قىلىپ كەبىنىڭ قېشىدا 100 دانە تۆگىنى قۇربانلىققا ئاتاپ قويۇپ قويدى. ئەبرەھە ئەتىسى تاڭنىڭ ئېتىشى بىلەن مەككىگە كىرىشكە تەييارلاندى. مەھمۇد ئىسىملىك فىلنى ۋە ئەسكەرلىرىنى تەييارلىدى.

ئۇلار پىلنى مەككە تەرىپىگە قاراتقاندا، نۇفەيل ئىبنى ھەبىب پىلنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىدىن تۇتۇپ (ئۇنىڭغا): سەن الله تائالانىڭ ھەرەمىدە، سەن ياكى يېتىۋال ياكى كەلگەن يېرىڭگە قايتىپ كەت دەپ بولۇپ ئۇنىڭ قۇلىقىنى قويۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن پىل يېتىۋالدى. نۇفەيل ئىبنى ھەبىب يۈگۈرۈپ تاغنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋالدى. ئۇلار پىلنى قوپتۇرۇش ئۈچۈن (ئۇنى) ئۇردى، پىل قوپقىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۇنىڭ بېشىغا پالتا بىلەن ئۇردى ۋە تۇمشۇقىغا ئىلمەكلەرنى كىرگۈزۈپ تۇمشۇقىنى تىتىۋەتتى، يەنە قوپقىلى ئۇنىمىدى. ئۇلار ئۇنى يەمەن تەرەپكە قاراتسا، ئۇ قوپۇپ يۈگۈردى. شام ۋە كۈن چىقىش تەرەپلەرگە قاراتسىمۇ شۇنداق قىلدى. (ئەمما) مەككە تەرەپكە قاراتسا يېتىۋالدى.

الله تائالا دېڭىز تەرەپتىن قارچۇغا ۋە قارا قۇشقاچتەك قۇشلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ھەربىر قۇشنىڭ تۇمشۇقىدا بىر، پۇتلىرىدا ئىككى داندىن نوقۇت ۋە يېسمۇقتەك چوڭلۇقتا تاشلار بار ئىدى. ئۇ تاشلار تەككەن ھەرقانداق كىشى ئۆلدى. تاش ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە تەگمىدى. ئۇلار يول تەرەپكە قاراپ قاچتى ۋە نۇفەيل ئىبنى ھەبىبنىڭ يول باشلاپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئۇنى ئىزلەشتى. بۇ چاغدا، نۇفەيل ئىبنى ھەبىب قۇرەيش ۋە ھىجازنىڭ ئەرەبلىرى بىلەن تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ الله تائالانىڭ ئۇلارغا چۈشۈرگەن ئازابىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئەتا ئىبنى يەسار ۋە باشقىلار: شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆلمىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە شۇ يەرنىڭ ئۆزىدىلا ئۆلگەنلەر بار. قېچىپ كېتىۋاتقاندا سۆڭەكلىرى بىر ـ بىرلەپ ئاجراپ چۈشۈپ ئۆلگەنلەرمۇ بار. ئەبرەھە بولسا قېچىپ كېتىۋاتقاندا سۆڭەكلىرى بىر ـ بىرلەپ ئاجراپ

چۈشۈپ ئۆلگەنلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ قىچىپ چىقىپ خەسئەم دېگەن شەھەرگە بېرىپ ئۆلدى، دېدى.

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دېدى: ئۇلار قېچىپ چىقىپ يول ئۈستىدە ۋە دوقمۇشلاردا يىقىلىپ چۈشۈپ هالاك بولدى. ئەبرەھە يارىلاندى. ئۇلار ئۇنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭدى. ئۇ تاكى سەنئاغا يېتىپ كېلىپ بولغىچە بىر بارماق بىر بارماقتىن چۈشۈپ تۈگەپ، خۇددى باچكىدەك بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئەبرەھە ھەتتا كۆكرىكى يېرىلىپ چىقىپ كېتىپ بولغاندىن كېيىن ئۆلگەن.

ئىبنى ئىسھاق يەنە مۇنداق دېدى: الله تائالا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەندە، قۇرەيشلەرنىڭ دۇنيادىكى ئىش ـ ئەمەللىرىنىڭ داۋام قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ھەبەشلەردىن قوغدىغانلىقىنىڭ ئۆزىنىڭ قۇرەيشلەرگە ئاتا قىلغان نېمىتى ۋە قىلغان مەرھەمەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: "پەرۋەردىگارىڭنىڭ فىل ئىگىلىرىنى قانداق قىلغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ھىيلە - مىكرىنى بەربات قىلمىدىمۇ؟ ئۇ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە توپ - توپ قۇشلارنى ئەۋەتتى. قۇشلار ئۇلارغا ساپال تاشلارنى ئېتىپ، ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەدەك قىلىۋەتتى". "قۇرەيش قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن. ئۇلار قىشلىق ۋە يازلىق سەپىرىدە قوغدالغانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئۆي (يەنى بەيتۇللاھ) نىڭ پەرۋەردىگارىغا ئىبادەت قىلسۇنكى، ئۇ ئۇلارنى ئاچلىقتا ئوزۇقلاندۇردى، ئۇلارنى قورقۇنچتىن ئەمىن قىلدى" [سۈرە قۇرەيش 1 ــــ 4 ـ ئايەتكىچە ] يەنى الله تائالانىڭ شۇنداق قىلىشى، الله تائالا ئۇلارغا بىر ياخشىلىقنى (يەنى ئىسلام دىنىنى بېرىشنى) كۆزلەپ ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئەھۋالىدىن ئازراقمۇ بىر نەرسە ئۆزگىرىپ كەتمىسۇن، دېگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەيرە يەنە مۇنداق دېدى: الله تائالا پىل ئىگىلىرىنى ھالاك قىلماقچى بولغاندا دېڭىزدىن قارچۇغا ۋە قارا قۇشقاچتەك قۇشلارنى ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتتى. ھەربىر قۇشنىڭ

تۇمشۇقىدا بىر، پۇتلىرىدا ئىككى بولۇپ جەمئىي ئۈچ دانە تاش بار ئىدى. قۇشلار كېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىدا سەپ تۈزۈپ تۇردى ئاندىن ئۇلار قاتتىق بىر سايرىدى ـ دە، ئۆزلىرىنىڭ تۇمشۇقلىرىدىكى ۋە پۇتلىرىدىكى تاشلارنى تاشلىدى. ئۇ تاش ئادەمنىڭ بېشىغا تەگسە، ئۇنىڭ ئارقا مەقئىتىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئەگەر يان تەرەپكە تەگسە، ئۇنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىن چىقىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە الله تائالا قاتتىق بىر شامالنى ئەۋەتتى. شامال تاشلارنى ئۇردى. شۇنىڭ بىلەن تاشلارنىڭ بېسىمى تېخىمۇ ئاشتى ـ دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھالاك بولۇپ كەتتى.

"ئۇلارنى چاينىۋېتىلگەن سامانەدەك قىلىۋەتتى" يەنى الله تائالا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھالاك ۋە بەربات قىلدى. الله تائالا ئۇلارنى ئۇلارنىڭ مەقسەتلىرىگە ئازراقمۇ يەتكۈزمەي، ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى ۋە ئاچچىقلىرى بىلەن قايتۇردى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شۇ يەردە ھالاك بولدى. (ئۇلارغا چۈشكەن ئازابنى ئۆز قەۋمىگە) خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بىرەرسى (ئۆز شەھىرىگە قايتقان بولسا) ئۇ خۇددى ئۇلارنىڭ پادىشاھى ئەبرەھەدەك يارىدار ھالەتتە قايتتى. ئەبرەھەمۇ شەھرى سەنئاغا يېتىپ بارغاندا، كۆكرىكى يېرىلىپ چىقىپ كەتكەن ۋە ئۇلارغا بولغان ئىشلاردىن خەۋەر بېرىپ، بولۇپ ئۆلگەن. ئەبرەھەدىن كېيىن ئۇنىڭ بالىسى يەكسۇم ئۇنىڭ ئورنىغا پادىشاھ بولدى. يەكسۇمدىن كېيىن ئۇنىڭ قېرىندىشى پادىشاھ بولدى.

كېيىن ھۇمەيرىلىك زۇيەزىنىنىڭ ئوغلى سەيف كىسرانىڭ قېشىغا بېرىپ ھەبەشلەرگە قارشى ياردەم تەلەپ قىلدى. كىسرا ئۇنىڭ بىلەن ئەسكەرلىرىنى ئەۋەتتى. ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇرۇش قىلدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا سەيفكە ئۇنىڭ ئەجدادلىرىنىڭ پادىشاھلىقىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇنى تەبرىكلىگىلى ئەرەبلەردىن ئەلچىلەر كەلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مەككە پەتھى بولغان كۈنى مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "شەك ـ شۈبھىسىزكى، الله تائالا فىلنىڭ مەككىگە (كىرىشىنى) توختىتىپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا پەيغەمبىرىنى ۋە مۆمىنلەرنى ئىگە قىلدى. بۈگۈن ئۇنىڭ

ھۆرمىتىنى تۆكۈشنىڭ ھاراملىقى خۇددى ئۇنىڭ تۇنۇگۇنكى ھاراملىق ھالىتىگە قايتتى. بىلىڭلاركى، (بۇ سۆزۈمنى) بۇ يەردە بار كىشىلەر يوق كىشىلەرگە يەتكۈزسۇن". ["قۇرئان كەرىمنىڭ تەپسىرى"نىڭ ئۇيغۇرچىسىدىن ئېلىندى]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەندە قۇرەيشلىكلەر كەبىنى يەنە قايتا رىمونت قىلدى، ئاندىن ئابدۇللاھ زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بولغان ھادىسىلەردە يەنە ئىككى قېتىم سېلىندى. بۇلارنىڭ جەريانىنىمۇ سۈرە بەقەرە125، 126، 127 ۋە 128- ئايەتلىرنىڭ تەپسىرىدە ئىبنى

كەسىر مۇنداق بايان قىلغان:

قۇرەيشىنىڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن ئۇزۇن زامانلار ئۆتۈپ ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىدىن بەش يىل ئىلگىرى كەبىنى يېڭىلاپ سالغانلىقى توغرىسىدا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەن چاغدا، كەبىنى سېلىش ئىشلىرىغا ھەمكارلىشىپ قۇرەيشلەر بىلەن بىللە تاشلارنى يۆتكىدى. مۇھەممەد ئىبنى ئىسھاق ئىبنى يەسار ”مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى“ دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 35 ياشقا كىرگەندە، قۇرەيشلىكلەر كەبىنى قايتا يېڭىلاپ سېلىش ئۈچۈن بىر يەرگە يىغىلدى. ئۇلار كەبىنى بۇزۇشتىن قورقاتتى. كەبە شۇ ۋاقىتتا ئادەم بويىدىن ئېگىزرەك بولۇپ تاشلاردىن قوپۇرۇلغان ئىدى. ئۇلار ئۇنى ئېگىزلىتىپ تورۇسىنى يېپىشنى ئويلاشقان ئىدى. ئۇنداق قىلىشى بىر تۈركۈم كىشىلەر كەبىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇدۇقنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويغان كەبىنىڭ بايلىقىنى ئوغۇرلاپ كەتكەن ئىدى. ئۇ بايلىق خۇزائە قەبىلىسىدىكى مەلىھ ئىبنى ئەمرىنىڭ بالىلىرىنىڭ قولى دۇۋەيكىنىڭ قېشىدىن تېپىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى كەستى. كىشىلەر ئۇنى باشقىلار ئوغرىلاپ دۇۋەيكىنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان، دەپ گۇمان قىلىشتى. دېڭىز دولقۇنى

رۇمنىڭ تىجارەتچىلىرىنىڭ بىر كېمىسىنى جىددىدىكى قىرغاقىقا ئېلىپ كېلىپ ئۇرغان ئىدى. كېمە پاچاقلىنىپ كەتتى. قۇرەيشلەر ئۇنىڭ ياغاچلىرىنى ئېلىپ كەبىنى يېپىشقا تەييارلاندى. (شۇ ۋاقىتتا) مەككىدە ياغاچچىلىقنى بىلىدىغان مىسىرلىق بىر كىشى بار ئىدى. ئۇ ئۇلارغا كەبىنى يېپىشتا كۆڭۈلدىكىدەك بەزى ماتېرىياللارنى تەييارلاپ بەردى. ھەر كۈنى كەبىگە سوۋغا قىلىنغان نەرسە تاشلىنىدىغان كەبىنىڭ قۇدۇقىنىڭ ئىچىدىن بىر يىلان چىقىپ كەبىنىڭ تېمىغا چاپلىشىۋېلىپ، كۆشۈلداپ تۇراتتى. كىشىلەر بۇ يىلاندىن قورقاتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ قېشىغا بىرەرسى يېقىنلاشقان ھامان چېقىراپ چىشلەش ئۈچۈن ئاغزىنى ئاچاتتى. ئۇ بىر كۈنى بۇرۇنقىدەك كەبىنىڭ تېمىغا چاپلىشىۋېلىپ كۆشۈلداپ تۇراتتى. ﷲ ئۇنىڭغا بىر ئۇچار قۇشنى ئەۋەتتى. ئۇ قۇش ئۇنى چاڭگاللاپ ئېلىپ كەتتى. ئاندىن قۇرەيشلىكلەر بىز ﷲ تائالانىڭ بىزنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشىمىزغا رازى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز، بىزدە ھۈنەرۋەن ۋە ياغاچ بار، ﷲ بىزنى يىلاننىڭ ۋەھىمىسىدىن خالاس قىلدى دېيىشتى. ئۇلار كەبىنى بۇزۇۋېتىپ ئۇنى باشقىدىن سېلىش ئۈچۈن بىرلىككە كېلىپ يىغىلدى. ئەبۇۋەھب ئىبنى ئەمرى ئىبنى ئائىز ئىبنى ئابدى ئىبنى ئىمران ئىبنى مەخزۇم دېگەن كىشى كەبىنىڭ تېشىدىن بىرنى سۇغۇرۇپ ئېلىۋېدى، ئۇ تاش ئۇنىڭ قولىدىن چاچراپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ ئەسلى ئورنىغا بېرىپ توختىدى. ئاندىن ئەبۇۋەھب مۇنداق دېدى: ئى قۇرەيش جامائەسى كەبىنى سېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ماللار ھالالدىن بولسۇن، ئۇنى سېلىش ئۈچۈن پاھىشىدىن كەلگەن جازانىدىن كەلگەن ۋە بىر كىشىدىن ئورۇنسىز ئېلىنغان ھارام مال - مۈلۈكلەر ئارىلىشىپ قالمىسۇن. ئاندىن قۇرەيشلىكلەر كەبىنىڭ تېمىنى ياساشنى بۆلۈشۈۋالدى. كەبىنىڭ ئىشىك تەرىپى ئابدىماناف ۋە زۆھرىنىڭ باللىرىغا تەگدى. قارا تاش بىلەن رۇكنىليامانىنىڭ ئارىلىقى مەخزۇمنىڭ باللىرى ۋە ئۇلارغا قېتىلغان قۇرەيشنىڭ قەبىلىلىرىگە تەگدى. كەبىنىڭ ئارقا تەرىپى جەمھى ۋە سەھمىنىڭ باللىرىغا تەگدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام دەسسەپ تۇرغان تاش تەرىپى بۇگۈنكى كۈندە ھەتىم دەپ ئاتىلىدىغان ئادەمنىڭ

بويـدىـن سەل پاكارراق تام قوپۇرۇپ قويغان يەر ئابدۇدار ئـىبنى قۇسەي، ئەسەد ئـىبنى ئابدۇلئۇزا ئـىبنى قۇسەي ۋە ئەدى ئـىبنى كەئـب ئـىبنى لۇئەيلەرنـىڭ بالـىلـىرىغا تەگدى. كـىشـىلەر ئۇنى بۇزۇشـتـىن قورقتى. ئاندىـن ۋەلـىد ئـىبنى مۇغىرە ئۇنى بۇزۇشنى مەن سـىلەرگە باشلاپ بېرەي دەپ قولـىغا جوتۇنى ئېلـىپ: ئى الله قورقۇتـمـىغـىن! ئى الله بـىز بۇ ئـىشـىمـىزدىـن ياخشى ئـىش قـىلـىشـىمـىزنى خالايمىز دېگەچ چېقـىشقا باشلـىدى. ئۇ قارا تاشـنـىڭ ئارىلـىقى بىلەن رۇكنۇليامانـىيـنـىڭ ئارىلـىقىدىـن بـىر تەرەپنى چاقتى. كـىشـىلەر شۇ كېچـىسى ساقلـىشـىپ كۈتتى. ئۇلار مۇنداق دەيدۇ: ساقلاپ باقايلى ئەگەر بـىرەر ئـىش يۈز بېرىـپ قالسا، بـىز ئۇنى چاقماي ھەتتا چاققان يەرنـىمۇ ئۆز ئورنـىغا قايتۇرۇپ ئەسلـىدىكـىدەك قـىلـىپ قويۇمـىز. ئەگەر بـىرەر ئـىش يۈز بەرمـىسە الله تائالا بـىزنـىڭ قـىلماقچى بولغان ئـىشـىمـىزغا رازى بولۇپتۇ، دەيمـىز. ئەتـىسى ۋەلـىد ئـىشـىغا ئەتتـىگەندىلا كـىرىشـىپ كېتـىپ ئۇنى چېقـىشقا باشلـىدى. كـىشـىلەرمۇ ئۇنىڭ بىلەن بـىللە چاقتى. چېقـىش ئـىبراھـىم ئەلەيھـىسسالام قويغان تامـنـىڭ ئۇلـىغا بارغاندا بـىر - بـىرىگە چـىشـتەك گـىرەلـىشـىپ كەتكەن يېشـىل بـىر تاشقا يەتتى.

ئـىبنى ئـىسھاق مۇنداق دەيدۇ: بۇ سۆزنى رىۋايەت قـىلغان كـىشـىلەرنـىڭ ئـىچـىدىـن بـىر كـىشى تاشتـىن بـىرنى قومۇرۇپ ئېلـىش ئۈچۈن ئـىككى تاشـنـىڭ ئارىلـىقـىغا تۆمۈر قوزۇقتـىن بـىرنى قاقـىدۇ. ئۇ تاشنى شۇنداق مـىدىرلـىتـىشى ھامان مەككـىنـىڭ ھەممە يېرىدىـن بـىر خـىل ئاۋاز چـىقـىپ كېتـىدۇ. شۇنـىڭ بىلەن ئۇلار ئـىبراھـىم ئەلەيھـىسسالام قويغان تامـنـىڭ ئۇلـىنى قومۇرۇشتـىن توختاپ قالـىدۇ.

قارا تاشنى ئورنـىغا قويۇشتا بولغان تالاش ـ تارتـىش ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھـىسسالامـنـىڭ ئۇلارنـىڭ ئارىسـىدا ئادىل ھۆكۈم قـىلغانلـىقى توغرىسـىدا

ئـىبنى ئـىسھاق مۇنداق دەيدۇ: قۇرەيشـىنـىڭ قەبـىلـىلـىرى كەبـىنى سېلـىش ئۈچۈن تاشلارنى توپلـىدى. ھەر - بـىر قەبـىلە ئايرىـم - ئايرىـم يەرگە توپلـىدى. ئاندىـن كەبـىنى سېلـىشنى باشلاپ

كەبە پۈتۈپ ھەجرىلئەسۋەدنىڭ ئورنىغا كەلگەندە، قارا تاشنى ئورنىغا قويۇشتا ھەممىسى بىز ئورنىغا قويىمىز، دەپ تالاشتى. ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىر يەردىن چىقماي ئۇرۇش چىقىشقا تاس قالدى. ئاندىن ئابدۇدارنىڭ بالىلىرى قانغا لىق توشقان قاچىدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ ئۆزلىرى ۋە ئەدى ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەينىڭ بالىلىرى قوللىرىنى ھېلىقى قاچىدىكى قانغا تىقىپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىشكە قەسەم ئىچىشتى. ئۇلار بۇنى قانغا قوللارنى تىقىش ياكى قاننى قوللارغا يالىتىش دەپ ئاتايتتى. قۇرەيشلىكلەر ئارىسىدىكى بۇ تالاش ـ تارتىش تۆت - بەش كۈن داۋام قىلدى. ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىش ئۈچۈن قايتا ھەرەم مەسچىتىگە يىغىلىشتى. بەزى كىشىلەرنىڭ رىۋايىتىدە شۇ يىلى ئەبۇئۇمەييە ئىبنى مۇغىرە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمرى ئىبنى مەخزۇم دېگەن كىشى قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئىچىدىكى ياشتا ئەڭ چوڭى دېيىلىدۇ. ئۇ كىشى: ئى قۇرەيشىنىڭ جامائەسى! سىلەر ئۆزئارا تالىشىپ قالغان ئىشىڭلار ئۈچۈن بۇ مەسچىتنىڭ ئىشىكىدىن بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشىنى ئاراڭلارنى ئايرىيدىغان كىشى قىلىپ تەيىنلەڭلار دەيدۇ. ئۇلار بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئىشىكتىن بىرىنچى بولۇپ كىرگەن كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىدى. ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ، بۇ ئىشەنچلىك بىز بۇنىڭ يول كۆرسىتىشىگە رازى بولىمىز بۇ مۇھەممەد دېيىشىپ كەتتى. ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا يېتىپ بېرىۋىدى ئۇلار ئۇنىڭغا ئىشنىڭ تەپسىلاتىدىن خەۋەر بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ماڭا كىيىمدىن بىرنى بېرىڭلار" دەيدۇ. ئۇنىڭغا بىر كىيىم بېرىلىدۇ. ئۇ قارا تاشنى ئۆز قولى بىلەن ئېلىپ كىيىمنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاندىن ئۇ ھەر بىر قەبىلە كىيىمنىڭ بىر تەرىپىدىن تۇتۇپ ھەممىڭلار بىراقلا كۆتۈرۈڭلار دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلىشتى. ئۇلار تاشنى قويىدىغان يەرگە يەتكەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئۆز قولى بىلەن قويدى. ئاندىن ئۇلار ئۇنىڭ ئۈستىنى پۈتكۈزدى. قۇرەيشلىكلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر بولۇشتىن بۇرۇن ئىشەنچلىك كىشى دەپ ئاتايتتى. ئۇلار كەبىنى ئۆزلىرى خالىغان ھالەتتە پۈتتۈرۈپ ئىشلىرىنى تاماملاپ بولدى. زۇبەير ئىبنى ئابدۇمۇتەللىب

دېگەن كىشى قۇرەيشلەرنى قورقۇتۇپ كەبىنى سالدۇرمىغان يىلان توغرىسىدا شېئىر ئوقۇپ مۇنداق دەيدۇ:

قىلدى مېنى كۆپ ھەيران قارچۇغىنىڭ كېلىشى،
ئۇدۇل شۇڭغۇپ چۈشۈپلا يىلانغا چاڭ سېلىشى.
قورقىتاردى ئۇ يىلان ھەر يان ئۆرۈپ ئۆزىنى،
تەھدىت ئىدى يىلاننىڭ ھەر بىر كۇشكۇش قىلىشى.
تۇرغىنىدا ئۇ يىلان كەبە تېمى ئۈستىدە،
مۇمكىن بولماس ھېچكىمنىڭ ئاڭا يېقىن بولۇشى.
ئېلىپ كەتكەچ قارچۇغا ئۇ ۋەھىمە يوقالدى،
ئاسان بولدى بىزلەرگە كەبىنىڭ بۇ قۇرۇلۇشى.
باردۇر بىزدە، قۇرۇلۇشقا كېرەك بولغان ماتېرىيال،
بىزنى يىغىپ جەم قىلدى، قۇرۇلۇشنىڭ بۇ زور ئىشى.
سەھەر تۇرۇپ قوپاردۇق ئۇلۇغ كەبە ئۇلىنى،
ماھىر تامچى ئۇستىنىڭ كىيىمسىزتى ئۈچىسى.
ئۇلۇغلۇنە قەۋمىنى كۆپ ماختىدى پادىشاھ،
مۇمكىن ئەمەس ئۇلارنىڭ ئەمدى ئىشتىن توختىشى.
لۇئەلەرنىڭ ئەۋلادى بۇ ئىش ئۈچۈن جەم بولدى،
ھەيران قىلار كىشىنى ئۇلارنىڭ تېز ئىشلىشى.
شاھىمىزغا بۇ ئېسىل سوغاتنى بىز راستلىدۇق،
ئۇمىدىدۇر ھەر كىمنىڭ رەببىدىن ئەجىر سورىشى.
ئاتا قىلدى رەببىمىز، بىزگە ئىززەت شۆھرەتنى،

مۇددىئاسىدۇر ھەركىمنىڭ رەببىدىن ساۋاب ئېلىشى.

ئىبنى زۇبەيرىنىڭ كەبىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خالىغاندەك سېلىشى توغرىسىدا

ئىبنى ئىسھاق مۇنداق دەيدۇ: كەبە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا 18 گەز ئىدى. ئۇ مىسىردا توقۇلغان ئاق رەڭلىك يوپۇق بىلەن يېپىلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەججاج ئىبنى يۇسۇف بىرىنچى قېتىم ئۇنى يۇڭدىن توقۇلغان يىپەك يوپۇق بىلەن ياپتى.

كەبە ھەتتا ھىجرىيەنىڭ 60 ـ يىللىرىدا ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرىنىڭ زامانىسىنىڭ باشلىرىدا يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنى قورشاۋغا ئېلىۋالغاندا، مەككە كۆيۈپ كەتكەنگە قەدەر قۇرەيشنىڭ سالغىنى بويىچە تۇرغان ئىدى. (ئابدۇللاھنى قورشاۋغا ئالغاندا ئاتقان ئوقلار كەبىگە چۈشۈپ كېتىپ كەبە كۆيۈپ كەتكەن ئىدى) كەبە كۆيۈپ كەتكەندە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇنى بۇزۇۋېتىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان تامنىڭ ئۇلىدىن باشلاپ قايتا سالدى. كەبىنىڭ ئىچىگە ھازىرقى كەبە بىلەن ئادەم بويى ئېگىزلىكىدە سوقۇپ قويغان تامنىڭ ئارىلىقىدىكى يەرنىمۇ كىرگۈزدى، ئۇنىڭغا يەر بىلەن تەڭ قىلىپ شەرق تەرەپتە بىر ئىشىك، غەرب تەرەپتە بىر ئىشىك قويدى. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير كەبىنىڭ مۇشۇنداق سېلىنىدىغانلىقىنى مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ئۇ تاكى، ھەججاج تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنگە قەدەر باشلىق بولۇپ تۇرغان مەزگىلىدە كەبە شۇ بويىچە تۇردى. (ئۇ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن) ھەججاج ئۇنى ئابدۇمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئەسلىدىكى ھالىتى بويىچە سالدى. [ئۇيغۇرچە "قۇرئان كەرىم تەپسىرى"نىڭ 1 ـ جىلد 224، 225، 226 ۋە227 ـ بەتلىرىدىن ئېلىندى].

مەسجىدى ھەرەم مەككە مۇكەررەمەنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان. مۇسۇلمانلارنىڭ قەيەردە بولمىسۇن يۈز كەلتۈرىدىغان، الله نىڭ دىنىنىڭ باشقا ئالامەتلىرىنىمۇ يەنى ھەج ۋە ئۆمرە قىلغىلى كەلگەن

كىشىلەرنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئالامەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان قىبلىسى كەبە شېرىپ مەككىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. كەبە ھەقىقەتەن الله نىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنى ھارام قىلغان زېمىنى بولغان مەككىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن كەبىنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان بۇتلارنى تازىلىدى. ئۇ كەبىگە يوپۇق ياپقۇزدى ۋە خۇش پۇراق نەرسىلەرنى چاچتى. لېكىن ئۇ پىتنە چىقىشىدىن قورقۇپ، ئۇنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى نەرسىلەرنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدىكى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارمىدى. چۈنكى ئۇ ۋاقىت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەۋمى ئىسلامغا يېڭىلا كىرگەن ۋاقىت ئىدى. بىراق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا الله نىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىبلىنىڭ بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن مەسجىدى ھەرام تەرەپكە ئۆزگەرتىلىشىدىن ئىبارەت ئەڭ مۇھىم ئىشتىن بىرى يۈز بەردى. الله تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:" بىز سېنىڭ (كەبە قىبلەڭ بولۇشىنى تىلەپ) قايتا-قايتا ئاسمانغا قارىغانلىقىڭنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمىز. سېنى چوقۇم سەن ياقتۇرىدىغان قىبلىگە يۈزلەندۈرىمىز. (نامازدا) يۈزۈڭنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلغىن. (ئى مۆمىنلەر!) قەيەردە بولماڭلار (نامازدا) يۈزۈڭلارنى مەسجىدى ھەرام تەرەپكە قىلىڭلار. ھەقىقەتەن كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) بۇنىڭ (يەنى قىبلىنىڭ كەبىگە ئۆزگەرتىلىشىنىڭ) پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كەلگەن ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى، چوقۇم بىلىدۇ، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشىدىن غاپىل ئەمەس" [سۈرە بەقەرە 144 ـ ئايەت]

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدىمۇ مەسجىدى ھەرەم ئۆزگەرتىلمەستىن ئۆز پېتى قېلىۋەردى.

خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە كەبە شېرىپىنى تاۋاپ قىلغىلى كېلىۋاتقان ھاجىلارنىڭ سانىنىڭ يىلسېرى دەرىجىدىن تاشقىرى ھالدا

ئېشىۋاتقانلىقىنى، تاۋاپ قىلىنىدىغان ئورۇننىڭ شۇنچە كۆپ ئادەمنى سىغدۇرۇپ كېتەلمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەسجىدى ھەرەمنىڭ كېڭەيتىلىشىگە قاتتىق ئېھتىياجنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان ۋە ھىجرىيىنىڭ 17 ـ يىلى مەسجىدى ھەرەمگە خوشنا ئۆيلەرنى سېتىۋېلىپ، شۇ ئارقىلىق تاۋاپ قىلىدىغان مەيداننى كېڭەيتكەن ۋە ئۇنىڭغا كەبە شېرىپنى تاۋاپ قىلىدىغان ھاجى ۋە ئۆمرە قىلغۇچىلارنىڭ بىمالال كىرىپ چىقىشى ئۈچۈن بىرقانچە دەرۋازىلارنى بېكىتكەن.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئادەملەر ھەجگە تېخىمۇ كۆپ كېلىدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەسجىدى ھەرەمنى كېڭەيتكەن. بۇ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ھىجرىيىنىڭ 26 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان. شۇنداقلا ئۇ مەسجىدى ھەرەمگە راۋاقلارنى سالغان. ئۇ مەسجىدى ھەرەمگە راۋاقلارنى سالغان تۇنجى كىشىدۇر.

يوقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ھىجرىيەنىڭ 64 ـ يىلى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ زامانىدا مەسجىدى ھەرەم شەرق، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلىرىدىن ناھايىتى چوڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلگەن. شۇنداقلا ئۇ مەرمەر تاشتىن تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىپ مەسجىدنىڭ ئۈستىنى ياپتۇرغان. ئۇ، مەسجىدنىڭ مەيداننى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۇنى ئوراپ تۇرغان بەزى ئۆيلەرنى سېتىۋېلىشقا نۇرغۇن پۇل ـ مال سەرپ قىلغان. بۇ قېتىم ئېلىپ بېرىلغان كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تەخمىنەن 4050 كۋادرات مېترغا يەتكەن.

ئۆمەۋى خەلىپىسى ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ زامانىدا، ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ھىجرىيىنىڭ 75 ـ يىلى مەسجىدى ھەرەمنىڭ مەيداننى كېڭەيتمەستىن پەقەت ئۇنى بېزەپ زىننەتلەپ چىققان. ئۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ تاملىرىنى ئېگىزلەتكەن، ئۈستىنى چىنار ياغىچى بىلەن ياپتۇرغان ۋە ھەر بىر تۈۋرۈكنىڭ ئۈستىگە 50 مىسقال ئالتۇن ئورناتقان.

ئۇنىڭ ئوغلى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ زامانىدا مەرمەر تاشلاردىن ياسالغان تۈۋرۈكلەرنى

مىسىر ۋە شامدىن مەككىگە ھارۋىلار ئارقىلىق تۇنجى قېتىم يۆتكەش ئىشى تاماملانغان. ئۇ مەسجىدى ھەرامنىڭ مەيدانىنى شەرق تەرەپتىن راۋاق شەكلىدە ئايلانما قىلىپ تەخمىنەن 2300 كۋادرات مېتىر يەر قوشۇپ كېڭەيتكەن. ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك مەسجىدنىڭ ئىچى تەرىپىدىن مەرمەر تاش يېپىشتۇرغان تۇنجى كىشىدۇر. شۇنداقلا ئۇ كەبە شىرىپكە ئالتۇندىن ئىككى تال ئاي يۇلتۇز شەكلى ۋە بىر تال كارۋات ھەدىيە قىلغان.

خەلىپە مەنسۇرنىڭ زامانىدا ئۇ مەسجىدى ھەرەمنىڭ مەيدانىنى كېڭەيتكەن، ئۇنىڭ قۇرۇلۇشىنى رېمونت قىلغان. بۇ قېتىمقى كېڭەيتىشتە مەسجىدى ھەرامنىڭ ھۆيلىسىغا تۈتۈشىدىغان بىر راۋاق سالغان، مەسجىدنىڭ غەربى شىمالى بۇرجىكىگە "بەنى سەھم مۇنارى" دەپ مەشھۇر بولغان مۇنارنى سالغان. مۇنارنىڭ تۆۋەن تەرىپى كەڭرى سېلىنغان، ئەمما يۇقىرى تەرىپى تۈۋرۈك تۇسىنى ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەزان ئوقۇلىدىغان پەشتاق قوندۇرۇلغان. بۇ قېتىملىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى تەخمىنەن 4700 كۇۋادىرات مېتىرغا يەتكەن بولۇپ، بۇ قۇرۇلۇش ھىجرىيىنىڭ 140 ـ يىلى تاماملانغان. بۇنىڭ بىلەن مەسجىد مەيدانىنىڭ ئومۇمى كۆلىمى بىر ھەسسە ئېشىپ كەتكەن.

ئاباس خەلىپىلىرىدىن خەلپە مۇھەممەد مەھدى، ئىلگىرىكى قۇرۇلۇشقا ئۇلاپلا ئىككى قېتىم چوڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ بىرىنچىسى ھىجرىيىنىڭ 160 ـ يىلى ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ، ئۇ ئاتىسى خەلىپە مەنسۇرنىڭ مەسجىدنىڭ غەربى تەرىپىدىن كېڭەيتىپ پۈتتۈرۈپ بولالمىغان قىسمىنى كېڭەيتىپ پۈتتۈرگەن. شۇنداقلا ئۇ ئۇنىڭ يۇقىرى تەرىپى ۋە يەمەن تەرىپىدىن كېڭەيتكەن. بۇ قېتىم كېڭەيتىلگەن يەر 7950 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن. ئۇ ھىجرىيىنىڭ 164 ـ يىلى ھەج قىلغىلى كەلگەن ۋە ئۆزىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاساسەن ئېلىپ بېرىلغان بىرىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشنىڭ مەسجىدنى تۆت چاسا، كەبە شىرىپنى مەسجىدنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھالەتكە كەلتۈرەلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، تازا ياقتۇرۇپ كەتمەي،

ئېنژېنېرلارغا ئىككىنچى قېتىملىق قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىشى، مەسىلىنى ھەل قىلىشى، مەسجىدنىڭ تۆت تەرەپىدىكى ئارىلىقنى تەڭ قىلىشقا ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن كېڭەيتىشكە تېگىشلىك جايلارنى كېڭەيتىشكە بۇيرۇق چۈشۈرگەن. ئۇ مەسجىدكە خوشنا ئۆيلەرنى سېتىۋالغان ۋە بۇ قۇرلۇش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل ـ مال سەرپ قىلغان، ئاخىرى ئۇنىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشقان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى مۇسا ھادىنىڭ زامانىدا پۈتكەن. بۇ قېتىم تەخمىنەن 2360 كۋادرات مېتىر قوشۇپ كېڭەيتىلگەن. شۇ ۋاقىتتىكى تۈۋرۈكلەرنىڭ سانى 434 كە، مەسجىدنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ سانى 24 كە يەتكەن. مەسجىدنىڭ تۆت بۇرجىكىدە تۆت مۇنار قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تۈسكە كىرگەن.

مۇئتەزىد بىللاھنىڭ دەۋرىدە مەسجىدى ھەرامغا يىغىلىش بۆلۈمى سېلىنغان. بۇ بۆلۈم تۈۋرۈكلەرنى، مېھراپ شەكىللىك ئەگمىلەرنى، ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن چىنار ياغىچى بىلەن يېپىلغان راۋاقلارنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ بۆلۈم مەسجىدنىڭ تېمىغا ئېچىلغان 12 دەرۋازا ئارقىلىق مەسجىدى ھەرامغا تۇتۇشىدۇ. بۇ قېتىم يەنە 1250 كۋادرات مېتىر يەر كېڭەيتىلگەن.

ھىجرىيىنىڭ 306 ـ يىلى ئاباسى خەلىپىلىرىدىن مۇقتەدىر بىللاھ مەسجىدكە 850 كۋادرات مېتىر يەرنى قوشقان. مەسجىدى ھەرەمنىڭ دەۋازىلىرىدىن بىرى "خەيياتىين" دەرۋازىسى، يەنە بىرى "جەمھ" دەرۋازىسى دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا مەيدان بار ئىدى. بۇ مەيداننىڭ ئالدىدا خەلىپىنىڭ ئانىسى زۇبەيدەنىڭ ئىككى يۇرۇش ئۆيى بار ئىدى. بۇ قېتىمدىمۇ بۇ مەيدان ۋە يەرلەرنىڭ ھەممىسى مەسجىدى ھەرەمگە قوشۇۋېتىلگەن.

ھىجرىيىنىڭ 803 ـ يىلى مەسجىدى ھەرامغا ئوت كېتىپ ئۇنىڭ غەرب تەرىپىنى كۆيدۈرۈپ خارابىلىققا ئايلاندۇرىۋەتكەن. ئوت ئۇنىڭ شىمالى تەرىپىنىمۇ خېلى زىيانغا ئۇچرىتىپ مەسجىدنىڭ ئۆگزىسىگىچە ۋە ئۇنىڭ مەرمەر تاشتىن ياسالغان تۈۋرۈكلىرىگىچە كېڭىيىپ،

ئەينى زاماندا تۇيۇقسىز كەلگەن چوڭ كەلكۈن ئاپىتى ئۆرىۋەتكەن ئىككى تۈۋرۈككە تۇتۇشۇپ ئۇنىڭ بىلەن تۇتاش تۈۋرۈكلەرنى ۋە تورۇسلارنى ئۆرىۋەتكەن. سۇلتان زەينۇددىن فەرەج بۇرقۇق بۇنى بىلگەندىن كېيىن ئوت ۋەيران قىلىۋەتكەن يەرلەرنى رېمونت قىلىپ مەسجىدى ھەرامغا ھېچقانداق يەر قوشماستىن ئۇنى بۇرۇنقى پېتى قايتا سېلىپ چىققان.

ھىجرىيىنىڭ 815 ـ يىلى مەككىنىڭ قازىسى جامالۇددىن مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زەھىيرە مەسجىدنىڭ بەزى بۆلۈملىرىنى ۋە تورۇسىنى رېمونت قىلغان.

ھىجرىيىنىڭ 825 ـ يىلى ئەمىر زەينۇددىن بەرسىباي مەسجىدى ھەرەمنىڭ تاملىرى، تۈۋرۈكلىرى، دەرۋازىلىرى ۋە تورۇسلىرىدا دەز پەيدا بولغانلىقى ۋە باشقا زىيانلارغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن كەڭ كۆلەمدە رېمونت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغان. ئۇ ئونلارچە ئەگمىلەرنى چېقىتىش، دەرۋازىلارنى ۋە مەسجىدنىڭ ئۆگزىلىرىنى يېڭىلاش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان.

ھىجرىيىنىڭ 885 ـ يىلى مىسىرنىڭ سۇلتانى سۇلتان قايىتباي تۇنجى قېتىم تۆت مەزھەبنىڭ فىقھىسى دەرىسلىك قىلىنىدىغان مەدرىس سالغان، مەسجىدنىڭ ئەتراپىدىكى بەزى ئۆيلەرنى سېتىۋېلىپ شۇ جايغا مەسجىدى ھەرەم ۋە سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدىكى سەئيى قىلىدىغان يەرلەرنى باشقۇرىدىغان چوڭ بىر ئورگان تەسىس قىلغان، بۇنىڭدىن باشقا بىر كۇتۇپخانا ۋە بىر مۇنار سالدۇرغان.

مەسجىدنىڭ بەزى راۋاقلىرى بۇزۇلۇپ، تورۇس ياغاچلىرىنىڭ ئۇچلىرىنىڭ چوقچىيىپ چىقىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ھىجرىيىنىڭ 981 ـ يىلىدىن 984 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا سۇلتان سەلىم مەسجىدنى ئومۇمىيۈزلۈك رېمونت قىلىش ئىشىنى ئېلىپ بارغان. ئۇنىڭ ئۆگزىلىرى تاش ۋە مەرمەر تاشلاردىن مەزمۇت قىلىپ قوپۇرۇلغان تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە مىنگەشتۈرۈلۈپ يېپىلغان گۈمبەز شەكلىدىكى ياغاچ ئۆگزىلەرگە ئۆزگەرتىلىپ يېڭىلاپ يېپىلغان. بۇ قۇرۇلۇش

پۈتۈشتىن ئىلگىرى سۇلتان سەلىم ۋاپات بولغان. قالغان قىسمىنى ئۇنىڭ ئوغلى سۇلتان تۆتىنچى مۇراتخان تاماملىغان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇش ئابباسى خەلىپىسى مەھدى ھىجرىيىنىڭ 164 ـ يىلى تاماملىغان قۇرۇلۇشتىن كېيىن تۆنجى قېتىم مەسجىدنى ئومۇمىيۈزلۈك يېڭىلاش تۈسىنى ئالغان.

بۇ مەزگىللەردە ئىسلام دۇنياسىنىڭ زېمىنى كۆنسايىن كېڭىيىپ ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئافرىقىلاردا يېڭى ـ يېڭى مىللەتلەر ئىسلامغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈندىن كۈنگە ئېشىپ بارغان. بۇنىڭغا ئەگىشىپ تەرەققىياتنىڭ زور دەرىجىدە ئىلگىرلىشى بىلەن يېڭى ئەسىرىمىزدە قاتناش قوراللىرى ئىجات قىلىنىپ، مۇساپىلار قىسقىراپ ۋە شەھەرلەر ئارىسى يېقىنلىشىپ كېتىشكە ئەگىشىپ الله نىڭ بەيتى، ھەرەمنى ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانىنىڭ ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتىشكە سەۋەب بولغان. شۇنىڭ بىلەن ناماز ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەسجىدى ھەرامغا كىرىپ ناماز ئوقۇشى ئۈچۈن ئۇنى تېخىمۇ ئازادە قىلىپ كېڭەيتىش ئىنتايىن زۆرۈر بولماقتا ئىدى.

پادىشاھ سۇئۇد (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ زامانىدا الله نىڭ بەيتى ھەرەمنى ئومۇمىيۈزلۈك كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىلغان. بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشتا سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىدىغان جايغا يانداپ سېلىنغان ئۆيلەر ۋە تىجارەت دۇكانلىرى، شۇنداقلا مەرۋىگە يېقىن جايلاردىكى بىنالار چېقىپ تاشلانغان. سەفا بىلەن مەرۋىنىڭ ئارىلىقىدا سەئيى قىلىدىغان جاينىڭ ئىككى تەرىپىگە توققۇز مېتىر ئېگىزلىكتە تام سېلىپ ئۈستى قات چىقارغان. سەئيى قىلىش ئاسان بولسۇن ئۈچۈن سەئيى قىلىدىغان جاينى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ توساق سالغان ۋە ئاجىز كىشىلەرنىڭ چاقلىق ئورۇندۇقلارنىڭ ياردىمىدە سەئيى قىلىشىغا ئىشلىتىشى ئۈچۈن قوش لىنىيىلىك قىلىپ مەخسۇس يول بەرپا قىلغان، شۇنداقلا شەرق تەرەپكە 16 ئىشىك بېكىتكەن. سەفا تەرەپكىمۇ، مەرۋە تەرەپكىمۇ بىرى چىقىش يەنە بىرى

چۈشۈش ئۈچۈن ئىككى يول بەرپا قىلىنغان. سەئيى قىلىدىغان جايىنى بۆسۈپ ھەرەمنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان كەلكۈن سۇ ئېقىنىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن تۆت مېتىردىن ئالتە مېتىرغىچە ئېگىزلىكتە توغرىسىغا بەش مېتىر كېلىدىغان بىر توسما سۇ ئېقىنى سېلىنغان. كەبىنى تاۋاپ قىلىدىغان مەيدان ھازىرقى شەكىلدە كېڭەيتىلگەن، زەمزەم قۇدۇقىغا چۈشىدىغان ھازىرقى پەلەمپەيلەر سېلىنغان. تاۋاپ قىلىدىغان مەيدان ئاق شەكىلدە بوتولكىلارنىڭ بوينىغا ئوخشاش كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ كەبە شېرىپىنى تاۋاپ قىلغۇچىلارنىڭ قىستاڭدا قېلىشىغا سەۋەب بولاتتى. تاۋاپ مەيدانىنى كېڭەيتىش بىلەن بۇ ھالەتكە خاتىمە بېرىلگەن. بۇ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى بىلەن بىرگە زەمزەم قۇدۇقىنىڭ ئۈستىگە سېلىنغان، مۇئەززىنلەر ئىشلىتىدىغان گۈمبەز چىقىلىپ ئۇلار ئۈچۈن تاۋاپ مەيدانىنىڭ چېتىگە خاس بىر بىنا سېلىنغان ۋە بۇنىڭغا قوشۇپ قىسمەن جايلار يېڭىلاپ ئۆزگەرتىلگەن. مەسجىدى ھەرەمنىڭ يەر كۆلىمى ئىلگىرى 29127 كۋادرات مېتىر ئىدى. بۇ قېتىملىق كېڭەيتىشتىن كېيىن ئۇنىڭ يەر كۆلىمى 193000 كۋادرات مېتىرغا يەتكەن يەنى 131041 كۋادرات مېتىر كېڭەيتىلگەن. ھەرەم تەخمىنەن 400 مىڭ نامازخاننى بىرلا ۋاقىتتا سىغدۇرالايدىغان بولغان. بۇ قېتىمقى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشى كەبە شېرىپىنى رېمونت قىلىش، تاۋاپ مەيدانىنى كېڭەيتىش ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقامىنى يېڭىلاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پادىشاھ فەيسەل (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) نىڭ زامانىدا ئوسمانلى خەلىپىلىكىگە ئائىت كونا بىنالارنى شۇ پېتى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭغا چاپلاپ ئەڭ ئىلغار تېخنىكىلارنى ئىشلىتىپ يېڭى قۇرۇلۇشلارنى لاھىيەلەپ سالغان، بۇ لاھىيە كونا بىنا بىلەن يېڭى بىنانى بىر ـ بىرىگە مۇجەسسەملەشتۈرۈۋەتكەن. مەسجىدنىڭ ھازىرقى ھالىتى قەدىمى بىناكارلىق بىلەن ھازىرقى زامان بىناكارلىقىنى بىرلىكتە نامايان قىلماقتا.

ئىككى ھەرەم شېرىپىنىڭ خىزمەتكارى پادىشاھ فەھدىنىڭ زامانىدا، 1988 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 13

ـ كۇنى مەككە مۇكەررەمەدە مەسجىدى ھەرامنى كېڭەيتىش ئۇچۇن ئۇل تاش قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قۇرۇلۇش يەر ئاستى قەۋەت، بىرىنچى قەۋەت ۋە ئىككىنچى قەۋەتتىن تەشكىل تاپىدۇ (ئىككىنچى قەۋەتنىڭ ئۈستىمۇ ناماز ئوقۇش ۋە تاۋاپ قىلىشتا باشقا قەۋەتلەردەك بىمالال قوللىنىلىدۇ). بۇ قۇرۇلۇشنىمۇ ئىلگىرىكى قۇرۇلۇشقا چاپلاپ سېلىش لاھىيىلەندى. بۇ بىنا ھەممە يەرگە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىش ۋە ئەجياد (كەبىدىن بىرقانچە كىلومېتىر يىراق كېلىدىغان جاي ئىسمى) قا ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىستانسى سېلىش ئاساسىدا تاماملاندى. يەر ئاستى قەۋەتكە سۇ ۋە باشقا تەمىنلەشكە ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە زۆرۈر نەرسىلەر ئورنىتىلدى. تۆت چاسا تۈۋرۈكلەرنىڭ ئۈستىگە ئەجيادتىكى مەركىزى ھاۋا تەڭشىگۈچ ئىستانسىدىن تەمىنلەنگەن ساپ ھاۋا ۋە سوغۇق سۇنى پۈركۈپ چىقىرىدىغان تۇشۇكلەر ئورنىتىلدى. كېڭەيتىپ سېلىنغان بىنا ئومۇمى جەھەتتىن ئىلگىرى كېڭەيتىلگەن بىناغا تامامەن مۇجەسسەملىشىپ كېتىدۇ. تۈۋرۈكلەرگە پارقىراق ئاق مەرمەر تاشلار يېپىشتۇرۇلدى. يەر يۈزىگىمۇ ئاق مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلدى. تاملارغا سىرتقى تەرەپتىن قارا مەرمەر تاشلار ۋە سۇنئى ياسالغان تاشلار يېپىشتۇرۇلدى. ئىچى تەرەپتىنمۇ ناھايىتى گۈزەل، ئىسلامى تۈس ئالغان زىننەتلەر بىلەن بېزەلگەن مەرمەر تاشلار ۋە سۇنئى ياسالغان تاشلار يېپىشتۇرۇلدى. ئايلانما ۋە تۆت چاسا قىلىپ ئورنىتىلغان تۈۋرۈلەرنىڭ سانى بىر قەۋەتتىلا 530 غا يېتىدۇ. بۇ قېتىمقى كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا 14 دەرۋازا ئورنىتىلدى. شۇنداق قىلىپ مەسجىدى ھەرەمنىڭ دەرۋازىلىرىنىڭ سانى 112 گە يەتتى. بۇ دەرۋازىلار ئەڭ ياخشى ياغاچلاردىن ياسىلىپ، ئۈستىدىن مىس يالىتىپ ھەل بېرىلگەن مېتاللار قاپلاندى. دېرىزە ۋە ھاۋادانلارمۇ سېرىق ئالىيومىنىدىن ياسىلىپ، ئۈستىدىن مىس يالىتىپ ھەل بېرىلگەن مېتاللار بىلەن بېزەلدى.

بۇ قېتىملىق كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا مەسجىدنىڭ شىمال ۋە جەنۇپ تەرىپىدە لىفىت پەلەمپەيلەر ئۇچۇن ئىككى بىنا سېلىندى ۋە مەسجىدنىڭ ئىچىگە ئىككى لىفىت پەلەمپەي سېلىندى.

بۇنىڭ بىلەن مەسجىدى ھەرامدىكى لىفىت پەلەمپەيلەرنىڭ ئومۇمى سانى توققۇزغا يەتتى.

1991 ـ يىلى مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئەتراپىنى يۆگەپ تۇرىدىغان چوڭ بىر مەيدان چىقىرىلىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، بولۇپمۇ قىستاڭچىلىق ۋاقىتلاردا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن، جەينامازنىڭ رولىنى ئويناىدىغان، قىزىپ كەتمەيدىغان، سوغۇق مەرمەر تاشلار ياتقۇزۇلۇپ ھازىرلاندى. بۇ مەيداننىڭ ئومومىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 88000 كۋادرات مېتىرغا يېتىدۇ.

1994 ـ يىلى سەفا گۈمبىزىنىڭ ئاستىدىكى ئايالانما بوشلۇق يۇگۇرگۈچىلەرگە تار كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشنى كۆزدە تۇتۇپ مەسجىدى ھەرەمنىڭ سەفا تەرىپىنىڭ بىرىنچى قەۋىتى كېڭەيتىلدى.

1996 ـ يىلى مەرۋە تەرەپمۇ شۇ جايدىكى قىستاڭچىلىقتا خاتىمە بېرىش ئۈچۈن باشقىدىن تەييارلاپ سېلىندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جاينىڭ يەر كۆلىمى ئەسلىدىكى 245 كۋادرات مېتىردىن 375 كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزۈلدى.

1996 ـ يىلى يەنە مەرۋە تەرەپنىڭ ئىچى تەرىپىدىن ئىككىنچى قەۋەتتىكى سەئيى قىلىدىغان جايغا ئۆتۈشىدىغان ئۆتۈشمە كېڭەيتىلدى. مەرۋە تەرەپتىن بىرىنچى قەۋەت ۋە ئىككىنچى قەۋەتلەرگە كىرىپ چىقىش ئۈچۈن يېڭى ئىشىكلەر بېكىتىلدى.

1997 ـ يىلى مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئۆگزىسىگە كىرىپ چىقىشنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مەسجىدى ھەرەمنى مەرۋە تەرەپتىن راقوبە رايونىغا تۇتاشتۇرىدىغان راقوبە كۆۋرۈكى سېلىندى. بۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۇزۇنلىقى 72.5 مېتىر كېلىدۇ، كەڭلىكى 10.5 مېتىردىن 11.5 مېتىرغىچە كېلىدۇ.

بۇ قۇرۇلۇش ئەڭ يېڭى قۇرۇلۇش تېخنىكىسى ئاساسىدا، مەسجىدى ھەرەمنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىگە ماس ھالدا چاپلاپ سېلىندى. شۇ يىلى يەنە سەئيى قىلىدىغان جايغا سەفا تەرەپتىن تۇتۇشىدىغان، قىستاڭچىلىق ۋاقىتلىرىدا كەبىنى ئىككىنچى قەۋەتتە تاۋاپ قىلغۇچىلار

ئىشلىتىدىغان ئۆتۈشمە يوگورېدىغان جاينىڭ يېرىمىغىچە كېڭەيتىلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ جاينىڭ كەڭلىكى 9.20 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 70 مېتىرغا يەتتى.

1998 ـ يىلى مەقامى ئىبراھىم ئېلىنغان قەپەس يېڭىلىنىپ ئالتۇن، كىرىستال ۋە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن ئەينەكتىن رۆجەكلىك قىلىپ ئىشلەنگەن مىس قەپەس ئىچىگە ئېلىندى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ مەقامى ئىچىگە ئېلىنغان بۇ قەپەس ئەينەكنىڭ جەۋھىرىدىن ئىشلەنگەن بولۇپ، چىرايلىق، چىداملىق، ئىسسىققا قارشى، سۇنماس ئىقتىدارىغا ئىگە. ئۇنىڭ شەكلى گۈمبەز شەكلىدە بولۇپ، تۈپىنىڭ يېرىمىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئېغىرلىقى 1.750 كىلوگىرام، ئېگىزلىكى 1.30 مېتىر، دىئامېتىرى ئاستى تەرەپتىن 40 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى ھەممە تەرەپتىن 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. سىرتىنىڭ دىئامېتىرى ئاستى تەرەپتىن 80 سانتىمېتىر، ئايلانما دائىرىسى ئاستى تەرەپتىن 2.51 مېتىر كېلىدۇ.

ئىككى ھەرەمنىڭ خىزمەتكارى پادىشاھ فەھدىنىڭ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدىن كېيىن مەسجىدىنىڭ ئومۇمى يەر كۆلىمى 366168 كۋادرات مېتىرغا، سىغىمچانلىقى نورمال ۋاقىتلاردا 460000 نامازخاننى

سىغدۇرالايدىغان ھالەتكە، مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئىچى، ئۆگزىلىرى ۋە مەيدانلىرى بولۇپ 820000 نامازخاننى سىغدۇرالايدىغان ھالەتكە يەتتى. ناھايىتى قىستاڭچىلىق بولۇپ كەتكەن ۋاقىتلاردا بىر مىليوندىن كۆپ نامازخاننىڭ سىغىپ كېتىشى مۇمكىن بولىدۇ.

ھەرەمنىڭ چېگرىلىرى

ھەرەمنىڭ شىمالى چېگرىسى مەدىنە مۇنەۋۋەرە تەرەپتىن "تەنئىم" دە (يەنى ئۆمرىگە ئېھرام باغلاش مەسجىدىدە) تۈگەيدۇ. مۇساپىسى تەخمىنەن يەتتە كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئۇنىڭ غەربى چېگرىسى جىددە تەرەپتىن "ئەلەمەينى" ياكى "ھۇدەيبىيە" دېگەن جايدا تۈگەيدۇ. مۇساپىسى 18 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئۈنىڭ شەرقى چېگرىسى نەجد تەرەپتىن "جەئرانە" دېگەن جايدا تۈگەيدۇ. مۇساپىسى تەخمىنەن 14.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

ئۈنىڭ جەنۇبى چېگرىسى ئەرەفات تېغى تەرەپتىن "نەمىرە" دېگەن جايدا تۈگەيدۇ. مۇساپىسى 20 كىلمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ.

# مەدىنە مۇنەۋۋەر ۋە مەدىنە مۇنەۋۋەردىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى



"مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان ناماز (مەككىدىكى) مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا ھەرقانداق يەردە ئوقۇلغان نامازدىن مىڭ ھەسسە ئەۋزەلدۇر" [ھەدىس شەرىف]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۇرتى مەدىنە

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "خۇددى يىلان ئۆز ئۇۋىسىغا قايتقاندەك، ئىمانمۇ چوقۇم مەدىنىگە قايتىدۇ" دېگەن ھەدىستە دېيىلگەندەك مەدىنە مۇنەۋۋەرە ھەقىقەتەن دارۇلئىمان (ئىماننىڭ مەركىزى) بولۇشقا لايىقتۇر. مەدىنە ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئورۇنلاردىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا دەججال ۋە ماخاۋ كېسىلى كىرەلمەيدۇ. ئۇ دۇنيادا ئەڭ كېيىن ۋەيران بولىدىغان، ھەرقانداق مۇسۇلمان زىيارەت قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ جايغا ھىجرەت قىلغاندىن تارتىپ، ئىسلام نۇرى ئۇ يەردىن پۈتۈن دۇنيانىڭ بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغىچە تارقىغان، ئىسلامنىڭ ئەڭ دەسلەپكى پايتەختىدۇر.

مەدىنە مۇنەۋۋەردە دۇنيادىكى ئەڭ ئادىل تۆت خەلىپە ئۆتكەن، ھەم ئۇ جايدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك قەبرىسى بار بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ھەقىقەتەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنى ھارام قىلغان ۋە مەككە ئاھالىسىگە دۇئا قىلغىنىدەك، مەنمۇ مەدىنىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنى ھارام قىلدىم. شۇنداقلا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككە ئاھالىسىگە دۇئا قىلغاندەك مەنمۇ مەدىنە ئاھالىسىنىڭ "سا" ۋە "مۇد"

لىرىغا (ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋابلىرىغا، ئاشلىقلىرىنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىغا) دۇئا قىلدىم" دېيىش ئارقىلىق ئۇ زېمىننى ھۆرمەتلىك قىلغان.

مەدىنە مۇنەۋۋەرە سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ غەربىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، مەككە مۇكەررەمەنىڭ شىمالىغا توغرا كېلىدۇ. مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 450 كىلومېتىر كېلىدۇ. دېڭىز يۈزىدىن 600 مېتىر ئېگىزلىكتە جايلاشقان بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "بۇ بىزنى ياخشى كۆرىدىغان، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان تاغ" دەپ سۈپەتلىگەن "ئۇھۇد" تېغى ئۇنىڭ شىمالىغا جايلاشقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قىلغان ھىجرىتى مەككىدىكى مۇسۇلمانلارغا كەلگەن ئەزىيەتتىن ۋاقىتىنچە قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئىدى. ئەينى زاماندا مەدىنىدە ئەنسارىلار، مۇھاجىرلار ۋە يەھۇدىيلار قاتارلىق ھەر خىل پىرقىلەر بار بولۇپ، بۇلارنى ئۆز ـ ئارا ئىتتىپاقلاشتۇرۇشى زۆرۈر ئىدى. شۇڭا بۇ ھىجرەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى دەۋەتچىلىكتىن دەۋەتچى ۋە سىياسىيونغا ئايلاندۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىپ چىققاندا: "ئى ئاللاھ! سەن مېنى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زېمىندىن چىقىرىۋەتتىڭ، مېنى سەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان زېمىنغا ئورۇنلاشتۇرغايسەن" دەپ دۇئا قىلغان ئىدى. ھەقىقەتەن مەدىنە يەر يۈزىدە كىشىلەر ئۈزۈن سەپەرلەرنى بېسىپ زىيارەت قىلىدىغان ۋە ياخشى كۆرىدىغان، تەۋەررۈك، پاك ۋە ياخشى زېمىنلاردىن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدىنىڭ دەسلەپكى قۇرۇلۇشى

مەسجىدنىڭ ئەسلى ئورنىدا خورمىزارلىق ۋە مۇشرىكلارنىڭ قەبرىلىرى بار بولۇپ، ئۇ مەدىنىلىك سەھل ۋە سۇھەيل ئىسىملىك ئىككى يېتىم بالىغا تەۋە تاشلاندۇق يەر ئىدى. ئاللاھ تائالانىڭ تەقدىرى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ جاينى ئىككى يېتىم بالىدىن 10 دىنارغا سېتىۋېلىپ، ئۇ جايدىكى خورمىلارنى كەستۈرۈپ، قەبرىلەرنى يۆتكىتىپ، ئاندىن تۈزلەپ يەر يۈزىدىكى ئەڭ پاك مەسجىدلەردىن بىرىنى بىنا قىلىش تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. بۇ مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشى يەتتە ئايدا تاماملاندى. بۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا مېهمان بولدى. مەسجىد قۇرۇلۇشى پۈتكەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۆيى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى يوق كەمبەغەللەرنى مەسجىدتە يېتىشقا رۇخسەت قىلدى. كېيىنكى مەزگىللەردە بۇلار ئەسهابۇسسۇففە (سۇپا ئەهلى) دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ساهابىلىرىنىڭ ئىچىدىكى بىناكارلىقتىن ئاز ـ تولا خەۋىرى بارلىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، تاملىرىنى لايدىن يەتتە گەز (بىر گەز 66 سانتىمېتىرغا باراۋەر) ئېگىزلىكتە قوپۇرۇپ، ئۈستىنى خورما شاخلىرى ۋە لاي بىلەن يېپىپ، ئىچىگە خورما دەرەخلىرىدىن تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىپ، كەڭلىكى 60 گەز، ئۇزۇنلۇقى 70 گەز كېلىدىغان بۇ مەسجىدنى بىنا قىلدى. بۇ مەسجىدنىڭ شەكلى تۆت چاسا بولۇپ، ئۇنىڭ بىر تېمى بەيتۇل مەقدەس تەرەپكە توغرا كېلەتتى ۋە جەنۇب تەرەپتىكى تېمى كەئبە تەرەپكە توغرا كېلەتتى. ئۇنىڭ ئۈچ ئىشىكى بولۇپ، ئۇ ئىشىكلەر: "باب جىبرىئىل" (جىبرىئىل ئىشىكى)، "بابۇن نىسا" (ئاياللار ئىشىكى) ۋە "بابۇر رەھمە" (رەھمەت ئىشىكى) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ئىشىكلەر بۈگۈنگە قەدەر شۇ ئىسىملىرى بىلەن ئاتىلىپ كەلمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام يەنە مەسجىدنىڭ جەنۇبىي تېمىنىڭ شەرقىي بۇرجىكىگە يۆلەپ ئاياللىرىدىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها ۋە سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنها ئىككىسىگە ئىككى

ئېغىز ھوجرا سالدۇردى. ئاندىن باشقا ئاياللىرىغا مەسجىدكە يۆلمەستىن مەسجىدتىن 10 گەز ئارلىق قويۇپ ھوجرىلارنى سالدۇردى. (ئۇ چاغلاردا ناماز بەيتۇل مۇقەددەسكە قاراپ ئوقۇلغاچقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوجرىلىرى مەسجىدنىڭ ئارقا تەرىپىگە توغرا كېلەتتى. ھىجرىيەنىڭ ئىككىنچى يىلى ئاللاھ تائالادىن قىبلىنى كەئبە تەرەپكە ئۆزگەرتىش بۇيرۇقى كەلگەندىن كېيىن، ھوجرىلار مەسجىدنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئوڭ بۇرجىكىگە توغرا كېلىدىغان بولۇپ قالغان).

دەسلەپكى قېتىمدا مەسجىدنىڭ ھەممىسى يېپىلماي پەقەت قىبلە (شىمال) تەرىپىلا يېپىلغان بولۇپ، قىبلە ئۆزگەرگەندىن كېيىن جەنۇب تەرىپى يېپىلىپ ئوتتۇرىسى ئوچۇق قالغان. مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىنىڭ ئوتتۇرىغا قىبلىنى كۆرستىدىغان بىر بەلگە قىلىپ قويۇلغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ مېھرابنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ دەسلەپكى قەدىمى بولۇپ قالغان.

ئۇ زامانلاردا مەسجىدنىڭ مۇنارلىرى يوق بولۇپ، مۇئەززىن ئەزان ئېيتماقچى بولغاندا مەسجىدنىڭ يېنىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىگە چىقىپ ئەزان ئېيتاتتى. ھىجرىيەنىڭ 7 ـ يىلى خەيبەر غازىتىدىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسجىدنى كېڭەيتتى ۋە ئاياللىرىنىڭ ھوجرىلىرىنىڭ ئىشىكلىرىنى مەسجىدكە قارايدىغان قىلىپ بەزىلىرىنى خورما قوۋزاقلىرى بىلەن بەزىلىرىنى تاش بىلەن كېڭەيتىپ سالدۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ قۇبايشىنىڭ تەيتىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەسجىدنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرەپلىرىنىمۇ ياپتى.

مەسجىد ھىجرىيەنىڭ 11ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھوجرىسىغا دەپنە قىلىنغانغا قەدەر مۇشۇ ھالەتتە قالدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى ئىسلامىي يۇرۇشلەردىن كېيىنكى يېڭى بىنا قىلىنغان ئىراقتىكى "بەسرە" ۋە "كۇفە" مەسجىدلىرى، مىسىردىكى "ئەمر ئىبنى ئاس مەسجىدى" ۋە قەيرىۋاندىكى "ئۇقبە ئىبنى نافىئ " مەسجىدى قاتارلىق مەسجىدلەرگە ئوخشاش مەسجىدلەرنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن ئۈلگە بولۇپ قالدى.

## تۆت خەلىفە زامانىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى

خەلىفە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا مەسجىدكە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلمىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇرتەدلەر (دىنىدىن يېنىۋالغانلار) بىلەن ئۇرۇش قىلىش ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ھىجرىيەنىڭ 17 ـ يىلى خەلىفە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدنىڭ شىمالىي ۋە غەربىي تەرەپلىرىنى كېڭەيتتى ۋە قىبلە تېمىنى قېلىنلاتتى، شۇنىڭ بىلەن مەسجىدنىڭ شەرقىي تېمىدىن باشقا بۇرۇنقى تاملىرى يېڭىلاندى. شەرقى تېمىدا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھوجرىلىرى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ تەرەپ ئەسلىدىكى پېتىچە قالدۇرۇلدى. ھىجرىيەنىڭ 24 ـ يىلى خەلىفە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە مەسجىدنىڭ شەرقىي تېمىدىن باشقا ھەممە تەرىپىنى نەقىشلىق تاشلار بىلەن قوپۇرۇپ كېڭەيتتى، ئۈستىنى چىنار ياغاچلىرى بىلەن ياپتۇردى ۋە ئالتە ئىشىك قويدۇردى. شۇنىڭ بىلەن مەسجىدنىڭ ئۇزۇنلىقى 160گەز، كەڭلىكى 50 گەزگە يەتتى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى ئۈستىگە گۈمبەز قوپۇرۇلغان ئىدى. خەلىفە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنىڭ ئەتراپىنى ناماز ئوقۇغانلارغا كۆرەنمىگىدەك قىلىپ ئادەم بويى تام بىلەن ئوراپ قويدى. گەرچە ۋاقتىنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ مەسجىدكە بەزى نەرسىلەر قوشۇلۇپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە مەسجىدتە كېيىنكى كۈنلەردە پەيدا بولغان مۇنار، ئويۇپ نەقىشلەنگەن مېھراب، ئاسما چىراق، رېھل ۋە ئولتۇرۇپ دەرس ئۆتىدىغان ئورۇندۇق قاتارلىقلار يوق ئىدى.

ئۇمەۋىي خەلىفىسى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك زامانىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى

ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ھىجرىيەنىڭ 88 ـ يىلى ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك خەلىفە بولغۇچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە ھىچقانداق ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلمىدى. ئۇ دەۋرلەر ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مەدەنىيەت، ئەسكەرىي ۋە ئىقتىسادىي جەھەتلەردە ئەڭ روناق تاپقان مەزگىللىرى بولۇپ، ئۇنىڭ چېگرىسى ئىران، ئىراق، مىسىر، شام زېمىنى ۋە شىمالى ئافرىقا قاتارلىق دۆلەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالەتتە شەرقتە ھىندىستان، غەربتە ئىسپانىيەگە يېتىپ بارغان ئىدى. شۇڭا بۇ دەۋر قەدىمىي زامان مەدەنىيىتى بىلەن يېڭى زامان مەدەنىيىتى ئۇچرىشىپ، يېڭىچە ئۇسلۇپتىكى ئىسلام بىناكارلىق مەدەنىيىتىنى ھاسىل قىلغان شانلىق دەۋر ئىدى. نەتىجىدە كۆزنى قاماشتۇرىدىغان بۈيۈك ئىسلامىي قۇرۇلۇشلار بارلىققا كەلگەن.

خەلىفە ۋەلىد مەدىنىنىڭ ۋالىيسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنى شۇ چاغدىكى ئىسلام دۆلىتىنىڭ قۇدرىتىگە مۇناسىپ ئۇسلۇب، مەسجىدنىڭ مۇسۇلمانلار قەلبىدىكى ئورنىغا مۇناسىپ نەقىش بىلەن ھەممە يېرىنى قايتا بىر قېتىم يېڭىلاپ چىقىشقا بۇيرۇدى. بۇ قۇرۇلۇشقا كېتىدىغان ھەر خىل مەرمەر تاش ۋە ئېسىل ياغاچ قاتارلىق



ماتېرىياللىرىنى ۋە ھەرقايسى يۇرتلاردىكى بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى ئەۋەتتى.

ئاببасى خەلىفىلىرىدىن مەھدىينىڭ زامانىسىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى

ھىجرىيەنىڭ 160 ـ يىلى ئاببасى خەلىفىلىرىدىن مەھدى مەسجىدنى قايتا يېڭىلاشقا بۇيرۇق چۈشۈرگەنگە قەدەر مەسجىدتە تىلغا ئالغۇدەك ئالاھىدە چوڭ ئۆزگىرىش

بولمدى. بۇ قىبتىمقى قۇرۇلۇش تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، ئۇندىن كېيىنكى زامانلاردا بىر قانچە قىبتىملىق قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمىدە ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىدى.

بەزى ماتېرىياللارغا قارىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىنى ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ دەسلەپكى خەلىپىلىرىنىڭ خەلىپىلىك دەۋرلىرىدىلا ئويلاشقان بولۇشى، ئەمما يېڭىلا قۇرۇلغان دۆلەت ئىشلىرى سەۋەبلىك ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان بولۇشى مۇمكىن.

خەلىپە مەنسۇر زامانىسىغا كەلگەندە ئابباسى خەلىپىلىكى نىسپى خاتىرجەملىككە ئىگە بولدى. شۇڭلاشقا بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ يېڭىلاش قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىشقا بەلباغلىغان بولسىمۇ، ئەپسۇس ئىش باشلاشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئەجىلى توشۇپ قالدى.

ھىجرىيە 158 ـ يىلى خەلىپە مەھدىينىڭ زامانىسىغا كەلگەندە ئابباسىيلار خەلىپىلىكى ھەقىقى مۇستەھكەملەندى. شۇڭلاشقا بىلەن خەلىپە مەھدىي ھىجرىيەنىڭ 160 ـ يىلى مەسجىدنى يېڭىلاش بۇيرىقىنى رەسمى چۈشۈردى. بۇ قىبتىمقى قۇرۇلۇشتا قىبلە تەرەپتىكى ۋە قىبلە تەرەپنىڭ ئىككى بۇرجىكى ئۆز پېتىچە قالدۇردى. مەسجىدنىڭ شىمالى تەرىپىدىن 30 مېتىر كېڭەيتتى. شىمال تەرەپتىكى ئىككى مۇنار چاقچۇق چاپلاپ سىلىندى ۋە ئىككى ئىشىكىنى قايتىدىن يېڭىلىدى. ئەمما مەسجىدنىڭ ئەسلىدىكى شەكلى ئۆزگەرمىدى. مەسجىد تاكى ھىجرىيەنىڭ 654 ـ يىلى (مىلادىيە 1256 ـ يىلى) ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەنگە قەدەر خەلىپە مەھدى يېڭىلىغان پېتى تۇردى.

بۇ ئوت ئاپىتى رامىزاننىڭ ئەۋۋەلقى جۈمە كۈنى كەچتە يۈز بەرگەن بولۇپ، ئوت مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپى ۋە سۇلتان ناسىر لىدىنىللاھ دەۋرىدە سىلىنغان ئۇنىڭ ئىچىدە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قالغان قۇرئان كەرىم ساقلانغان گۈمبەزلىك بۆلۈمچىدىن باشقا ھەممە يەرنى

كۆيدۈرۈۋەتىيەن ئىدى. بۇ خەۋەر شۇ دەۋردىيى ئاباسىيلار خەلىفىسى مۇئتەسىم بىللاھقا يەتىيەن ھامان، ئۇ دەرھال مەسجىدنىڭ قۇرۇلۇشىغا تۇتۇش قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئەپسۇس بۇ ئىشنى پۈتتۈرۈشكە ئۇنىڭ تەقدىرى يار بەرمىدى. چۈنىي ئۇ ھىجرىيە 656 ـ يىلى سەپەر ئېيىنىڭ 14 ـ كۈنى شەرق ئىسلام ئالىمىگە قانلىق ئىستىلالىرى بىلەن تونۇلغان موڭغۇل جاھانگىرى ھىلاكو تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ھەم ئاباسىي خەلىفىلىيىنىڭ ئاخىرلىششى ئىدى.

## سۇلتان قايتباي دەۋرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى

ھىجرىيە 886 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى قويۇلغان ھوجرىلاردىن باشقا مەسجىدنىڭ كۆپ قىسمى ئاسماندىن چاقماق چۈشۈش سەۋەبى بىلەن كۆيۈپ كەتتى. بۇ خەۋەر يېتىشى ھامان سۇلتان قايتباي دەرھال مەسجىدنى قايتىدىن رېمونت قىلدۇرۇشقا ئالدىرىدى. سۇلتان قايتباي ئەسلىدىنلا، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ، بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەمەتىنىڭ قەبرىلىنى ۋە دىنىي سورۇنلارنى بىنا قىلدۇرۇشقا ھېرىسمەن ئىدى. بولۇپمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەسجىدۇلھەرەم، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى) ۋە بەيتۇل مۇقەددەستىن ئىبارەت ئۈچ مەسجىدتىن باشقا مەسجىدنى سەپەر قىلىپ زىيارەت قىلىشقا بولمايدۇ" دېگەن ھەدىسى ئارقىلىق سەپەر قىلىپ زىيارەت قىلىنىدىغان شۇ ئۈچ مەسجىدكە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلەتتى.

شۇنىڭ بىلەن سۇلتان قايتباي قۇرۇلۇش قىلىش ئۈچۈن بەزى مىمارچى، ياغاچچى، ئىشچى ۋە قۇرۇلۇشچىلارنى ئەۋەتىپ، ئۇلارغا شۇ زاماندىيى ئەڭ كاتتا ۋە گۈزەل بىر مەسجىد قۇرۇلۇشىنى پۈتتۈردى. ئېيتىلىشلارغا قارىغاندا سۇلتان قايتباي بۇ قۇرۇلۇش ئۈچۈن 100 مىڭ دىنار سەرپ قىلغان ئىيەن. سۇلتان قايتباي بۇ قېتىم يەنە مەسجىدكە ئۇلاپ بىر مەدرىسە سالدۇردى. سۇلتان قايتباي مەسجىدنىڭ ئاسما چىراقلىرى، گىلەملىرى قاتارلىق نەرسىلىرىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش

بلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن مەدىنە ئەھلى ۋە كەلگەن زىيارەتچىلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىك، باي ـ كەمبەغەللىرىنىڭ ھەممىسىگە يەتىدەك بوغداي ۋە يېمەكلىك تارقىتىپ بەرگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە گەرچە بەزى كىچىك رېمونت خارەكتېرلىك قۇرۇلۇشلار بولغان بولسىمۇ، قايىتباي زامانىسىدىن كېيىن ئوسمانىيلار خىلافىتىگىچە چوڭ قۇرۇلۇش قىلىنمىدى.

ئوسمانىي خەلىفىلىك دەۋرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە گەرچە نۇرغۇنلىغان تارىخى باسقۇچلاردا ھەر خىل رېمونت ۋە قۇرۇلۇشلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدىكى ئەسلىدىكى قۇرۇلۇش شەكلىدىن كۆپ ئۆزگىرىش بولمىغان ئىدى. ئوسمانىيلار خەلىفىلىكى قۇرۇلغاندىن تارتىپ ئوسمانىي خەلىفىلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلىدى.

ھىجرىيە 980 ـ يىلى (مىلادىيە 1572 ـ يىلى) ئىككىنچى سۇلتان سەلىم مەسجىدنىڭ تاملىرىغا ئالتۇن سۈيى بىلەن نەقىشلەنگەن چاقچۇق چاپلاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد ئوسمان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى بار ھوجرىنىڭ ئۈستىگە گۈمبەز ياساتتى. ئىلگىرى بۇ ھوجرىنىڭ ئۈستى ئادەتتىكىدەك يېپىلغان ئىدى.

ھىجرىيە 1233 ـ يىلى سۇلتان مەھمۇد ئىبنى ئابدۇلھەمىدنىڭ زامانىسىدا گۈمبەزنى تۆشۈكلۈك يېشىل گۈمبەزگە ئۆزگەرتتى. 1255 ـ يىلى ئۇ گۈمبەزنى سۈۋۈتۈپ ئاندىن يېشىلغا بوياتتى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئۇ گۈمبەز يېشىل گۈمبەز دەپ ئاتالدى.

ئوسمانىيلار زامانىسىدىكى قۇرۇلۇشلارنىڭ ئەڭ چوڭى سۇلتان ئابدۇلمەجىدخان دەۋرىدە بولدى. بۇ قېتىم سۇلتان ئابدۇلمەجىدخان مەسجىدنىڭ بۇنىدىن ئىلگىرى ياسالغان ھەممە يېرىنى يېڭىدىن ئۆزگەرتىپ سالدۇردى. "رەۋزە مۇبارەك" نىڭ تۈۋرۈكلىرىنى يېڭىدىن قىزىل ۋە ئاق مەرمەر تۈۋرۈكلەرگە ئالماشتۇردى، باشقا بارلىق تۈۋرۈكلەرنىمۇ يېڭىلىدى، "سالام" ئىشىكىنى ناھايىتى كۆركەم قىلىپ يېڭىلىدى. مەسجىدنىڭ ئاستىغا مەرمەر تاش ياتقۇزدى. مەسجىدنىڭ تاملىرىنى سۇۋاتقۇزدى ۋە گۈمبەزلەرنىڭ ئىچىگە چىرايلىق مەنزىرە سۈرەتلىرىنى سىزدۇردى. مەسجىدنى تۈۋرۈك پوسونىدا بېزەش بىلەن بىرگە پۈتۈن تاملارنى چۆرىدەپ قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىنى يازدۇردى. بۇ خىزمەتكە مۇسۇلمانلارنىڭ داڭلىق خەتتاتلىرى قاتناشتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە داڭلىق خەتتات ئابدۇللاھ زۆھرى ئۈچ يىل داۋاملىق ئىشلىگەن بولۇپ، ئۇ بۇ جەرياندا مەسجىدنىڭ تاملىرىغا، تۈۋرۈكلىرىگە ۋە تورۇسلىرىغا ئايەت ۋە ھەر خىل دۇئالارنى يازغان. مەسجىدتە ناماز ئوقۇشقا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن قۇرۇلۇشنى كىچىك ـ كىچىك بۆلەكلەرگە بۆلۈپ ئېلىپ باردى. شۇنداق قىلىپ مەسجىد قۇرۇلۇشى ھىجرىيە 1265 ـ يىلدىن 1277 ـ يىلغىچە 12 يىل داۋام قىلىپ، 57 مىڭ فوندستېرلىڭ چىقىم بىلەن پۈتتى.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى يەنىلا بۇرۇنقى قۇرۇلۇشلارنىڭ كۆلىمى بويىچە ئېلىپ بېرىلگەن بولۇپ، پەقەت مەسجىدنىڭ شىمالىغا بىر سەرراپ (تاھارەت ئالىدىغان جاي) سالدۇردى ۋە بۇ تەرىپىگە "مەجىدى ئىشىكى" (سۇلتان ئابدۇلمەجىدنىڭ ئىشىكى) دەپ بىر ئىشىك ئاچقۇزدى.



مېھرابلار

مەسجىدنىڭ ئۈچ مېھرابى بولۇپ، ئۇنىڭ بىرىنچىسى ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى قىبلە ئۆزگەرگەندە پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام بەلگە قىلىپ بەرگىنى بولۇپ، بۇ مېھراب ھازىرقى مەسجىدنىڭ قىبلە تېمىدىن ئون نەچچە مېتىر ئىچىگە ئورۇنلاشقان. ئىككىنچى مېھراب بىرىنچى مېھرابنىڭ ئوڭ تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، ئۇ "سۇلايمانىيە مېھرابى" دەپ ئاتىلىدۇ. ئۈچىنچى مېھراب ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدنى كېڭەيتىپ سالغان مېھراب بولۇپ مەسجىدنىڭ ھازىرقى قىبلە تېمىغا جايلاشقان.

## مۇنارلار

يۇقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە بۇ مەسجىدنىڭ بىرمۇ مۇنارى يوق ئىدى، خەلىفە ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىك زامانىسىغا كەلگەندە، ئۇ مەدىنىدىكى ۋالىيسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزگە مەسجىدنىڭ تۆت بۇرجىكىگە تۆت مۇنار بىنا قىلدۇرۇشقا بۇيرۇغان. تارىختىكى قۇرۇلۇشلار جەريانىدا ئۇ مۇنارلارنىڭ ھېچقايسىسى قالمىغان. ھازىر بۇ مەسجىدنىڭ ئون مۇنارى بولۇپ، بۇنىڭ بەشى تارىختا بىنا قىلىنغان ۋە بەشىنى سەئۇدى ھۆكۈمىتى بىنا قىلغان.

## تارىختىكى مۇنارلار

بابۇسسالام مۇنارى: بۇ مۇنار مەسجىدنىڭ شەرقى جەنۇبى تەرىپىگە ئورۇنلاشقان، خەلىفە سۇلايمان مەدىنىگە كەلگەندە بۇ مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئۇنىڭ بىر تەرەپىگە بىر ئاز قىيىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆرۈپ قايتىدىن سالدۇرغان. بۇ مۇنارنى ھىجرىيە 706 ـ يىلى سۇلتان ناسىر مۇھەممەد ئىبنى قەلاۋۇن قايتا يېڭىلاپ سالدۇرغان بولۇپ، بۇ مۇنار ھازىرغىچە ھېچقانداق ئۆزگىرىش كىرگۈزۈلمەستىن شۇ پېتى ساقلىنىپ كەلمەكتە.

رەھمەت ئىشىكىنىڭ مۇنارى: بۇنى سۇلتان قايتباي ئۆز زامانىدا ئوسمانىيلار قۇرۇلۇش پاسونىدا سالدۇرغان ئىدى. كېيىن سەئۇدى ھۆكۈمىتى بۇ مۇنارنى قايتا يېڭىلاپ سالدى.

جەنۇبى مۇنار: بۇ مۇنار مەسجىدنىڭ ئاساسلىق مۇنارى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوجرىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە جايلاشقان. بۇ مۇنار سۇلتان مۇھەممەد ئىبنى قەلاۋۇن دەۋرىدىن تا ھازىرغىچە مىسىر پاسونىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

سۇلايمانىيە مۇنارى: بۇ مۇنار ئوسمانىي پاسونىدا سېلىنغان بولۇپ، مەسجىدنىڭ شىمالىي بۇرجىكىگە ئورۇنلاشقان. بۇنى سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى قايتا يېڭىلاپ سالغان.

مەجىدىي مۇنارىسى: بۇ مۇنار ئوسمانىي پاسونىدا سېلىنغان بولۇپ، مەسجىدنىڭ غەربى بۇرجىكىگە ئورۇنلاشقان. بۇنىمۇ سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى قايتا يېڭىلاپ سالغان ۋە بۇ مۇنارلارغا يېڭىدىن بەش مۇنارنى قوشۇپ سالغان. شۇنىڭ بىلەن مەسجىدنىڭ مۇنارى جەمئىي ئون بولغان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرە شېرىپى:

ھجرىيە 11 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا بېشى غەرب تەرەپكە، يۈزى قىبلە تەرەپكە قىلىپ قويۇلدى.

ھجرىيە 13 ـ يىلى جامادىيەل ئەۋۋەلنىڭ 22 ـ كۈنى ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سول تەرىپىگە، ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېشىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غولىنىڭ ئۇددۇلىغا توغرا كەلتۈرۈپ دەپنە قىلىندى.

ھجرىيە 23 ـ يىلى زىلھەججە ئېيىنىڭ 27 ـ كۈنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەستكە ئۇچرىغاندا، ئۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇنىڭ يېنىدا يېتىشقا رۇخسەت ئالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىيمسىنىڭ سول تەرىپىگە دەپنە قىلىندى.

ۋەلىد ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز قەبرە بار ھوجرىلارنى كىشلەرنىڭ كەبىنى تاۋاپ قىلغاندەك تاۋاپ قىلۋالماسلىقى ئۈچۈن مەسجىدنىڭ تېمىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ قويدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ھوجرىلارنىڭ ئۈستى ياغاچ بىلەن يېپىلغان ۋە ئېگىزلىكى ئالتە مېتىر ئىدى.

بۇ شۇ ھالەتتە نۇرىددىن مەھمۇد ئۇ ھوجرىلارنىڭ تاملىرىنى تاش بىلەن قوپۇرۇپ، ئەتراپىنى چوڭقۇر قىزىپ ئۇ يەرلەرگە قوغۇشۇن قۇيۇپ قاتتۇرغىچە (چۈنكى شۇ چاغدا ئەھلى سەلىبنىڭ مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئېھتىمالى بار ئىدى) شۇ ھالەتتە تۇردى.

## ھازىرقى سەئۇدى پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدى

ھازىرقى سەئۇدى ھۆكۈمىتى مەسجىدنى بىر نەچچە قېتىم بۇرۇنقى مەسجىدنىڭ كۆلىمىدىن بىرنەچچە ھەسسە كېڭەيتىپ بىنا قىلدى. مەسجىدنىڭ ئەتراپىغا مەيدان بەرپا قىلدى. ھازىر ئادەم جىق كۆنلەردە مەسجىدتە بىر مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ناماز ئوقۇيالايدۇ. يەنە بۇرۇنقى مۇنارلاردىن تۆتىنى ساقلاپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئېگىزلىكى 104 مېتىر كېلىدىغان مۇناردىن ئالتىنى قوشۇپ بىنا قىلغان ۋە ئون ئالتە چوڭ ئىشىك، تۆت كىچىك ئىشىك ئاچقان، ھېيت ۋە جۈمە كۈنلىرى مەسجىدنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ناماز ئوقۇش ئۈچۈن توك شوتىلىرى ۋە توك پەلەمپەيلىرىنى ئورناتقان، شۇنداقلا مەسجىدنىڭ تورۇسنى 36 يەرگە ھاۋا رايىغا قاراپ ئېچىلىپ يېپىلىدىغان قىلىپ ياسىغان. مەسجىدنىڭ ھەممە يەرلىرىنى ھەر خىل ئاسما چىراقلار بىلەن بىزىگەن، كەلگەن ھەممە زىيارەتچىلەرنى زەمزەم سۈيى بىلەن تەمىنلىيەلەيدىغان ۋە كەڭتاشا

تاھارەت ئالالايدىغان تۇربا ۋە سۇنى مۇزدەك ھالىتىدە ساقلايدىغان سۇدانلارنى ئورۇنلاشتۇرغان.

مەسجىدنىڭ قورۇسىغا ئىسسىقتىن قوغدىلىدىغان مەرمەر تاشلارنى ياتقۇزغان، شۇنداقلا پۈتۈن مەدىنە كوچىلىرىنىمۇ مەسجىدنىڭ ئىسسىقلىقىغا لايىق ھالەتتە ناھايىتى رەتلىك ھالەتىيە كەلتۈرگەن.

مەدىنە مۇنەۋۋەرنى زىيارەت قىلغاندا زىيارەت قىلىش بەلگىلەنگەن ئورۇنلار

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنە مۇنەۋۋەردە مۇئەييەن بىرقانچە ئورۇننى زىيارەت قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن ئاشۇ ئورۇنلارنى زىيارەت قىلىش سۈننەت ۋە مۇستەھەبىيە ئايلاندى.

## قۇبا مەسجىدى




بۇ مەسجىد مەدىنىنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، بۇ مەسجىدنىڭ ئارىلىقى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ئارىلىقى بىلەن بەش كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ مەسجىد ئىسلامدا تۇنجى قېتىم سېلىنغان مەسجىد بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككە مۇكەررەمەدىن مەدىنە مۇنەۋۋەرەگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەن كۈنى ئۇ مەسجىدنىڭ ئورنىنى مۇبارەك قولى بىلەن لاھىيىلەپ بەردى ۋە تۇنجى ئۇل تېشىنى قويۇپ بەردى. ئاندىن ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئۇنى پۈتتۈرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم بۇ مەسجىدنى زىيارەت قىلىپ تۇرىدىغان ئىدى. بۇ زىيارەت ئۈچۈن شەنبە كۈننى تاللايتتى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام: "كىمكى ئۆيىدە تاھارەت ئېلىپ، قۇبا مەسجىدىگە كېلىپ ناماز ئوقۇسا، ئۇنىڭغا بىر قېتىم ئۆمرە ھەججى قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ" دېگەن ھەدىسى ئارقىلىق ئۇ مەسجىدنى زىيارەت قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ئىدى. بۇمەسجىد ھەققىدە ئاللاھ تائالانىڭ: «بىرىنچى كۈنىدىن تارتىپلا تەقۋا ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسجىد ھەقىقەتەن سېنىڭ ناماز ئوقۇشۇڭغا ئەڭ لايىقتۇر، ئۇنىڭدا (گۇناھلاردىن) پاك بولۇشنى سۆيىدىغان كىشىلەر بار، ئاللاھ (ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» [سۈرە تەۋبە 108 ـ ئايەت] دېگەن ئايىتى نازىل بولغان.

بەقىيە



بەقىيە مەدىنە ئەھلىنىڭ ئاساسلىق قەبرىستانلىقى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىن تارتىپلا ئۇ جايغا مەدىنە ئەھلىنىڭ، زىيارەتچىلارنىڭ ۋە ئەتراپتىكى يېقىن يەرلەردىكى كىشىلەرنىڭ مېيىتلىرىدىن مىڭلاپ قويۇلۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ كۆلىمى 180مىڭ كۋادرات مېتىر بولۇپ، ئۇنىڭدا ئون مىڭ ساھابە كىراملارنىڭ جەسەدى قويۇلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خەدىچە ۋە مەيمۇنە ئانىمىزدىن باشقا بارلىق مۆمىنلەرنىڭ ئانىلىرى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرى)، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى فاتىمە زەھرا، رۇقىييە ۋە ئۇممۇ كۇلسۇم، ئوغلى ئىبراھىم، تاغىسى ئابباس، ھاممىسى سەفىييە، نەۋرىسى ھەسەن ۋە ئوسمان (ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن رازى بولسۇن) قاتارلىقلار بار. نۇرغۇن ھەدىس شەرىفلەردە بەقىيە نىڭ پەزىلەتلىرى ۋە پەيغەمبەر

ئەلەيهىسسالامنىڭ ئۇنى زىيارەت قىلغانلىقلىرى، ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنغانلارغا دۇئا قىلغانلىقلىرى قەيت قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام كېچىنىڭ ئاخىرىدا بەقىي  غا چىقىپ مۇنداق دەيتتى: "ئى مۆمىنلەرنىڭ تۇرالغۇسى! سىلەرگە اللەنىڭ سالامى بولسۇن! سىلەر ۋەدە قىلىنغان ئورۇنغا كەلدىڭلار. بىزمۇ ئاللاھ خالىسا ئەتىلا سىلەر بىلەن بىرگە بولىمىز. ئى ئاللاھ ! بەقىي  ئەھلىگە مەغفىرەت ئاتا قىلغايسەن." [ھەدىس شەرىف] شۇنىڭ ئۈچۈن بەقى  نى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان مۇسۇلمانلارغا دۇئا قىلىش سۈننەتتۇر.

## ئۇھۇد تېغى ۋە ئۇھۇد شېھىدلىرى



صورة توضح المسجد النبوي الشريف وجبل أحد

ئۇھۇد تېغى مەدىنىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان، ئەڭ چوڭ تاغ بولۇپ، بۇ تاغ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن "بۇ بىز ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇمۇ بىزنى ياخشى كۆرىدىغان ئۇھۇدتۇر." ئۇنىڭ قاپتىلىدا مەشھۇر ئۇھۇد غازىتى بولغان. ھىجرىيەنىڭ 3 ـ يىلى شەۋۋال ئېيىدا قۇرەيش كاپىرلىرى ئۈچ مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئالدىنقى يىلى بەدرىدە ئۆلگەنلەرنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە كېلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسقىلى چىقىپ ئۇھۇد تېغىنىڭ يېنىغا چۈشىدۇ... بۇ قىتتىمقى ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن يەتمىش كىشى شېھىد بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ تاغىسى شېھىدلەرنىڭ خوجىسى ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ



پەرىشتىلەر غۇسلى قىلدۇرۇپ قويغان ھەنزە ئىبنى ئەبۇئامىر، رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا ساھابە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بار... شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار شېھىدلارنى ئۇھۇد تېغىنىڭ يامىزلىقىغا دەپنە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇھۇد شېھىدلىرىنى دائىم زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپاتىدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شېھىدلەرنى يەنە زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارغا مېيىت نامىزى ئوقۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلاشتى.

## ئوقىياچىلار تېغى

بۇ ئۇھۇد تېغىنىڭ يېنىغا جايلاشقان كىچىك بىر تاغ بولۇپ، ئۇھۇد شېھىدلىرى شۇ تاغنىڭ يېنىغا قويۇلغان. ئەينى چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قىسىم ئوقىياچىلارنى مۇشۇ تاغنى مەھكەم ساقلاشقا بۇيرۇغان، مۇسۇلمانلار غەلىبىگە يۈزلەنگەندە ئوقىياچى قىسمىنىڭ كۆپ قىسمى غەنىمەت يىغىش مەقسىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرۇقىغا خىلاپلىق قىلىپ تاغدىن چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن پۇرسەتنى غەنىمەت بىلگەن مۇشرىكلارنىڭ ئاتلىق قىسمى خالىد ئىبنى ۋەلىد (ئۇ ئۇچاغدا مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى) قوماندانلىقىدا ئارقىدىن ئايلىنىپ كېلىپ تاغدا قالغان قىسمنى شېھىد قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئېغىر تالاپەتكە ئۇچراتقان.

## مىقات (زۇلھۇلەيفە) مەسجىدى

بۇ مەسجىد ھەم "دەرەخ مەسجىدى" دەپ ئاتىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆمرە ياكى ھەجگە



ماڭغاندا مۇشۇ يەردىى دەرەخ سايىسىغا چۈشۈپ، بۇ يەردە ئېھرامغا كىرىپ، تەھلىل ئېيتىپ يولغا چىقاتتى. بۇ مەسجىدنى "زۇلھۇلەيفە مەسجىدى" دەپ شۇ مەھەللىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىغان. بۇ جاي مەدىنە ۋە ئۇنىڭ شىمالىدىى يۇرتلارنىڭ مىقاتى (ھەج ۋە ئۆمرىگە ئېھرام باغلايدىغان جايى) بولغانلىقى ئۈچۈن "مىقات مەسجىدى" دەپمۇ ئاتالغان، بۇ جاي بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن 14 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## قىبلەتەين (ئىككى قىبلە) مەسجىدى



بۇ مەسجىد ئەسلى ھەرام جەمەتىگە مەنسۇپ بولۇپ، "ئىككى قىبلە مەسجىدى" دەپ ئاتىلىپ قېلىشىدىى سەۋەب ھىجرىيەنىڭ 2 ـ يىلى الله تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيتۇلمۇقەددەسىگە ناماز ئوقۇشنى بىكار قىلىپ، مەككىدىكى بەيتۇللاھقا قاراپ ناماز ئوقۇش ھەققىدە ۋەھيى نازىل قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ساھابىنى بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن مەدىنىنىڭ ئەتراپىغا يولغا سالىدۇ. ساھابە مۇشۇ مەسجىدكە كەلگەندە كىشىلەر ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، بۇلارغا خەۋەر يەتكەن ھامان نامازنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ يۈزلىرىنى بەيتۇللاھقا بۇراپ نامىزىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ مەسجىدتە بىر نامازنى ئىككى قىبلىگە قاراپ ئوقۇغانلىقى ئۈچۈن ئىككى قىبلە مەسجىدى دەپ نام بەرگەن. بۇ مەسجىد مەدىنىنىڭ غەربىگە جايلاشقان بولۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىگە 3.5 كىلومېتىر كېلىدۇ.

## غەمامە (بۇلۇت) ياكى ھېيتگاھ مەسجىدى:



ئەسلى بۇ ئورۇن مەھەللە سرتىدىكى بىر تۈزلەڭلىك بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بۇ جايدا ئىككى ھېيت نامىزى ۋە يامغۇر تىلەك نامىزىنى ئوقۇيتتى. شۇڭلاشقا بىلەن بۇ ئورۇن مەسجىد دەپ ئاتالدى. "غەمامە" (بۇلۇت سايىسى) مەسجىدى دەپ ئاتىلىشىدىكى سەۋەب پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ناماز ئوقۇغىلى چىققاندا بۇلۇتلار ئۇنىڭدىن قۇياشنىڭ ئىسسىقىنى توسۇپ سايە چۈشۈرۈپ بېرەتتى. بۇ ئورۇن ھازىر پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مەسجىدىنىڭ غەربى جەنۇبى تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ.

## يەتتە مەسجىد

بۇ ھىجرىيەنىڭ 5 ـ يىلى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ۋە ساھابىلەر بىرلىكتە مۇشرىكلاردىن قوغدىنىش ئۈچۈن كولىغان خەندەك قېشىغا كېيىنكى كۈنلەردە سېلىنغان كىچىك ـ كىچىك مەسجىدلەردىن ئىبارەت بولۇپ، شۇ چاغدىكى ھەر بىر قوشۇننىڭ كۈزىتىش ئورۇنلىرىنىڭ نامى بىلەن سېلىنغان، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا ئاتاپ سالغان فەتھى مەسجىدى بۇنىڭ سىرتىدا. بۇ مەسجىدلەر شىمالدىن جەنۇبقا سوزۇلغان بولۇپ رەت تەرتىۋى بويىچە سېلىنغان. بۇ مەسجىدنىڭ بەزىلىرىنىڭ ئىسمى: فەتھى مەسجىدى، سەلمان فارىسى مەسجىدى، ئەبۇبەكرى سىددىق مەسجىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب مەسجىدى ۋە ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىب مەسجىدى قاتارلىقلار. رىۋايەت قىلىنىشىچە خەلىفە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز فەتھى مەسجىدىنى پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇشرىكلارنىڭ بىرلەشمە قوشۇنىنىڭ مەغلۇبىيتى ئۈچۈن دۇئا قىلغان ئورۇنغا سالدۇرغان.

## ئەقىق ۋادىيسى

ئەقىق ۋادىيسى مەدىنىدىكى مەشھۇر ۋادە بولۇپ، ئۇنىڭ سۈيى مەدىنىدىن يۈز نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى "نەقە " دەپ ئاتىلىدىغان رايوندىن يىغىلىپ كېلىپ، مەدىنىنىڭ غەربى تەرىپىدىن ئۆتىدۇ. ئۇمەۋىيە خەلىفىلىكى دەۋرىدە بۇ ۋادىنىڭ ئەتراپىغا نۇرغۇن قەسىرلەر سېلىنغان ئىدى.

سەھىھ بۇخارىدا ئەقىق ۋادىيسى ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن مۇنداق ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان: "ماڭا بۈگۈن كېچە پەرۋەردىگارىمنىڭ تەرىپىدىن بىرى. مۇشۇ مۇبارەك ۋادىيدا ناماز ئوقۇغىن دەپ كەلدى..."

## رايە مەسجىدى

بۇ "رايە" دەپ ئاتىلىدىغان كىچىك تاغ ئۈستىگە سېلىنغان كىچىك بىر مەسجىد بولۇپ، ئەھزاب غازىتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بۇ يەرگە بىر گۈمبەز قۇرۇلغان.

# نېمىشقا مەنبە بىر، مەزھەب كۆپ...

**سۇئال: قۇرئان كەرىم بىر، سۈننەت بىر تورۇغلۇق نېمىشقا مۇسۇلمانلاردا فىقھىي مەزھەبلەر كۆپ ۋە ھەرخىل؟**

جاۋاپ:   ئاللاھ نامى بىلەن، شۇ ئۇلۇغ زاتقا ھەمدۇ ـ سانا, پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە سالاملار يوللىغاندىن كېيىن:

مۇسۇلمان فەقىھلەرنىڭ ئىسلام فىقھىي مەسىلىلىرىدە تالاش ــ تارتىش قىلىشىنىڭ يېتەرلىك سەۋەبلىرى بار؛ ھەر بىر فىقھىي ئىمامىي ئۆزىنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرى، ئاساسلىرى ۋە مۇستەھكەم ئىلمىي ئۆلچەكلىرىگە تايانغان  مەزھىبىنىڭ ھىمايىچىسى. ئۇنىڭدىن باشقا تۆت مەزھەب ئىماملىرىغا ئوخشاش ئىسلام فىقھىي ئۆلىمالىرىنىڭ تالاش ــ تارتىشلىرى ئاساسلىق ئەركانلاردا ئەمەس، شاخچە مەسىلىلەردە گەۋدىلىنىدۇ.

فەلەستىندىكى قۇددۇس ئۇنىۋېرسىتېتى فىقھىي ۋە ئۇنىڭ ئۇسۇللىرى دەرسىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى دوكتۇر ھۇسامۇددىن ئىبىن مۇسا ئەفانە مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلاردىكى فىقھىي مەزھەب ئىختىلاپلىرىنىڭ يېتەرلىك سەۋەپلىرى ۋە ئېتىبارلىق تايانچلىرى بار. بىز ئۇلارنى بايان قىلىشتىن ئىلگىرى ناھايىتى مۇھىم بولغان ئىككى مەسىلىگە ئىشارەت قىلىپ ئۆتىشىمىز لازىم:

بىرىنچى: ئەبۇ ھەنىپە، شاپىئى، مالىك ئەھمەد ئىبىن ھەنبەلگە ئوخشاش ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدىكى فىقھىي تالاش ـ تارتىشلار شاخچە مەسىلىلەردە، يەنى ئاساس ۋە ئەركانلارنى چۆرىدىگەن شاخچە مەسىلىلەردە گەۋدىلىنىدۇ. ئەمما، ئىسلامنىڭ ئۇسۇلى ۋە ئەقىدە بابىدىكى قانۇن ــ پرىنسىپلاردا ئىسلام ئۆلىمالىرى تالاش ـ تارتىش قىلمايدۇ, يەنى ئارىسىدا ئىختىلاپ يوق.

ئىككىنچى: شاخچە مەسىلىلەردىكى تالاش ـ تارتىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابە كىراملاردىن دەۋرىدىن باشلاپلا مەۋجۇد ئىدى؛

ئىبن ئۆمەر (ئاللاھ ئۇ ئىككىسىدىن رازى بولسۇن) دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەھزاب كۈنى «ھېچكىم بەنىي قۇرەيزىگە بارماي تۇرۇپ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇمىسۇن» دېدى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئەسىر ۋاقتىدا يولدا بولۇپ قېلىپ، ئارىسىدا تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى، بەزىلەر نامازنى بەنىي قۇرەيزىگە بارماي ئوقۇمايمىز، دېيىشتى، يەنە بەزىلەر: ئوقۇيمىز، بىزنى ئوقۇشتىن توسمىغان، دېيىشتى. بۇ ئىش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتكەندە، ئۇ ، ئۇلاردىن ھېچكىمنى ئەيىپلىمىدى. بۇخارىي رىۋايىتى.

ئەبىي سەئىيد ئەلخۇدەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى كىشى سەپەرگە چىقتى، ئۇلاردا سۇ يوق بىر مەزگىلدە ناماز ۋاقتى كىلىپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەيەممۇم قىلىپ ناماز ئوقۇدى، ئەمما كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلارغا سۇ ئۇچىرىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرى تاھارەت ئېلىپ، نامازنى قايتىلىدى. ئەمما، ئىككىنجىسى قايتىلىمىدى. ئاندىن ئۇلار بۇ ئىشنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بايان قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنى قايتىلىمىغان كىشىگە: «سۈننەتكە ئەمەل قىلدىڭ، نامىزىڭ ئادا تاپتى» دېگەن بولسا، نامازنى تەكرارلىغانغا «ساڭا قوش ئەجىر بېرىلىدۇ» دېدى. ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان سەھىھ ھەدىس

يوقىرىقى ئىككى ھەدىستىن شۇنى خۇلاسە قىلىشقا بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەرنىڭ شاخچە مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ، تالاش ـ تارتىشلىرىنى رەت قىلماستىن، بەلكى، ئۇلارنىڭ ئىجتىھادلىرىنى يوللۇق دەپ قارىغان.

شۇڭا، قايتا تەكرارلايمىزكى، ئىسلام فەقىھلىرىنىڭ فىقھىي مەسىلىلەردىكى تالاش ـ تارتىشلىرىنىڭ يېتەرلىك سەۋەپلىرى بار. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىگە يېتىپ كەلگەن رىۋايەتلەرگە قاراپ، ئۆزلىرى تايانغان مەزھەبنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىگە ئويغۇن ھالدا يەكۈن چىقىرىدۇ.

مەزھەب ئىماملىرى ئۆزلىرىنىڭ فىقھىي قاراشلىرى، ئىجتىھادلىرىنى ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئەمەس، بەلكى، شەرئىي دەلىللەرگە، مەزھىبىنى شەكىللەندۈرگەن ئۇسۇللارغا تايىنىپ

تۇرۇپ چىقىرىدۇ. تۆۋەندە فىقھىي ئىختىلاپ ۋە تالاش ـ تارتىشلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىدە ئاساسلىق رول ئوينىغان بىر قانچە خىل سەۋەبكە ئىشارە قىلىپ ئۆتىمىز:

1 ـ ئىختىلاپ ياكى تالاش ـ تارتىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەدىسنىڭ فەقىھلەردىن بىرىگە يېتىپ كەلمەسلىكى سەۋەبىدىن، ئۇ ئىمام ھەدىسكە خىلاپ بىرەر سۆزنى دەپ سالىدۇ. شۇ نەرسە ئايانكى، بىرەر ئىلىم ئەھلىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارلىق سۈننەتلىرىنى بىلىپ كېتىشى ناتايىن. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارغا ئوخشاش ساھابىلەرنىڭ چوڭلىرى بىلمەي، ئاڭلىماي قالغان ھەدىسلەر بولغان يەردە، ئۇلاردىن كېيىن ياشىغان فەقىھلەرگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ تولۇق يېتىپ كەلمەسلىكى، نەتىجىدە ھەدىسكە خىلاپ ئىجتىھاد قىلىپ سېلىشى تۇرغانلا گەپ.

2 ـ مۇناسىۋەتلىك مەسىلىگە دائىر ھەدىس مەزھەب ئىماملىرىدىن بىرىگە يېتىپ كېلىشى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ھەدىس شۇ مەزھەب ئىمامىنىڭ سەھىھ ھەدىسلەرنى سېلىپ ئۆلچەيدىغان مىزانغا مۇۋاپىق كەلمەي، ھەدىس سابىت دەپ قارالمىغان ۋە دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمىغان. لېكىن، بۇ ھەدىسنىڭ ئۆزى باشقا بىر مەزھەبنىڭ ئىمامىغا ئوخشىمايدىغان كىشىلەر تەرىپىدىن ساغلام شەكىلدە يېتىپ كەلگەن ۋە ئۇنى دەلىل سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان. نەتىجىدە ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن.

3 ـ قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىپتىكى كۆپ خىل مەنىگە ياكى مۇجمەللىككە ياكى بولمىسا ئۆزى يۈچۈن، بىر نەچچە خىل مەنىلەرگە ئىگە سۆز ياكى ئايەتلەرنى چۈشىنىش نەتىجىسىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئىختىلاپ. مەسىلەن: «تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ.»[1] دېگەن ئايەت كەرىمىدىكى قورۇئ ( ھەيز ) دېگەن سۆز ئەرەب تىلىدا پاكلىنىش دېگەن مەنىسىدىمۇ، ھەيز دېگەن مەنىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. دېمەك، بۇ قوش مەنىلىك سۆز بولۇپ، فەقىھلەرنىڭ بىرىنچى مەنانى ئالغانلىرىمۇ، ئىككىنچى مەنانى ئالغانلىرىمۇ بار.

4 ـ بەزىدە مۇجتەھىدنىڭ نەزىرىدە دەلىللەر بىر ــ بىرى بىلەن قارىمۇ ـ قارشى دەپ قارىلىدۇ ـ دە، ئۆزى كۈچلۈك دەپ قارىغان باشقا بىر دەلىلنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. نەتىجىدە ئىختىلاپ كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ ئورۇندا ئىزاھلاپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان فىقھىي ئىختىلاپلارنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولغان نۇرغۇن سەۋەبلەر بار. بۇ مەسىلىلەرنى يەنىلا فىقھىي مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئورگانلارغا قالدۇرغىنىمىز تۈزۈك. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، شۇ نەرسە ئايدىڭ بولىشى كېرەككى، ئىسلام ئۆلىمالىرى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن فىقھىي ئىختىلاپ ياكى تالاش ـ تارتىشلار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مېھرى ـ مۇھەببەتكە، بىر ــ بىرىگە ئېھتىرام قىلىشقا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىگەن. ئارىسىدا ئىختىلاپ يۈز بەرگەندە، مەسىلىلەردە تالاش ـ تارتىش قىلىشقاندا ئۆز ـ ئارا پىكىرلىرىنى، ئىجتىھادلىرىنى ھۆرمەت قىلىشىپ ئۆتكەن. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ ھېچقاچان دۈشمەنلىككە، رەقىبلىشىشكە ئېلىپ بارمىغان. ئىختىلاپلاشقان كىشىلىرىنى ماختاشقان. مەسىلەن: ئىمام شافئىي «فىقھىدا كىشىلەر ئەبۇ ھەنىپىنىڭ تەسەررۇپاتىدا» دېگەن.

يەنە ئىمام شافئىي «مالىك ئىبن ئەنەس مېنىڭ ئوقۇتقۇچىم، مەن ئۇنىڭدا ئىلىم ئۆگەندىم. ئۆلىمالار زىكىر قىلىنغان يەردە، مالىك ئۇلارنىڭ چولپىنى» دېگەن ئىدى.

ئىمام شافئىي يەنە مۇنداق دەيدۇ: «باغدادتىن چىققىنىمدا ئىراقتا، ئەھمەد ئىبن ھەنبەلدىن ياخشىراق، ئالىمراق ۋە تەقۋاراق بىر كىشى قالمىدى.

مانا بۇ ئىسلام ئۆلىمالىرى ئۆزلىرىنى بىزىگەن گۈزەل ئەدەب ـ ئەخلاقلارنىڭ مىڭدىن بىرى.... سۆزىمىزنى مۇشۇ يەردە تۈگىتىمىز. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر.

ت ــ ئا. قارلۇقىي

# ئىجتىھادنىڭ شەرتى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

**ھەقىقەتچى؟ فىقھىشۇناسلارنىڭ نەس (قۇرئان، سۈننەت..) بار يەردە**

**ئىجتىھاد قىلىشقا بولمايدۇ،**

**دېگىنىدە نېمىنى مەقسەت قىلىدۇ؟**

ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن، ئۇنىڭغا ھەمدۇ- سانا، رەسۇلىغا دۇئا ۋە سالام يوللىغاندىن كېيىن:

بۇ سۇئالغا فروپېسسور، دوكتۇر يۇسۇف ئابدۇللاھ ئەلقەرداۋىي مۇنداق دەپ جاۋاپ بېرىدۇ:

ئەگەر ئۇ كىشىلەردە ئىجتىھادنىڭ شەرتى تېپىلسىلا، ئىجتىھاد قىلىش ئۇلارنىڭ ھەققى، ھەتتا ۋاجىبى. بۇ شەرتلەر ھەممىگە مەلۇم بولۇپ، ئۇسۇل ئەلفىقھى كىتابلىرىدا ئەتراپلىق يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ مۇھىملىرى تۆۋەندىكىچە:

1- قۇرئان كەرىمگە دائىر ئىلىملەرنى بىلىش.

2- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىنى بىلىش

3- ئەرەبچىنى بىلىش

4- ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ماۋزۇلارنى بىلىش

5- ئۇسۇل ئەلفىقھى ۋە قىياس ئىلىملىرىنى بىلىش

6- شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ مەقسەت- مۇددىئالىرىنى بىلىش

7- ئۆزىدە فەقىھلەرگە خاس قۇدرەت يېتىلدۈرگانغا قەدەر فىقھى ئىلمىي بىلەن شۇغۇللىنىش

8- كىشىلەرنى ۋە ھاياتنى چۈشىنىش

9- ئادىل، ئىنساپلىق ۋە تەقۋا بولۇش

10- بۇندىن باشقا ئۆلىمالار بىرلىككە كەلگەن ۋە ئىختىلاپ قىلىشقان شەرتلەرنى بىلىشى لازىم.

كىمدە بۇ شەرتلەر تېپىلسا، ئۇنىڭ ئىجتىھاد قىلىش ھەققى، ھەتتا ۋاجىبى. ئېتىبارى بار ھېچقانداق بىر ئالىم ئەسىرلەر مابەينىدە ئۇسەك سۆز بولۇپ، تارقاپ يۈرگەن، ئىجتىھاد بابىنىڭ تاقىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىگەن.

ئىجتىھادنىڭ بابى ئۇچۇق، ئۇنى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئاچقان. ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئاچقان ئىشىكنى ھېكىمنىڭ تاقاپ قويۇش ھەققى يوق. لېكىن ئىجتىھاد، ئۆز ئورنىدا، ئۆز ئەھلى تەرىپىدىن، شەرتلىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئىجتىھاد قىلىشقا لايىق ئادەملەر ئىجتىھاد قىلىدۇ، ئىجتىھاد قىلىدىغان ساھەدە، ئىجتىھاد قىلىدىغان ئورۇندا ئىجتىھاد قىلىدۇ. ئىجتىھاد قىلىدىغان ئورۇن ۋە ساھە بولسا، كەسكىن دەلىل بولمىغان شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ ھەرقاندىقى توغرىسىدا ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ. ئەمما، كەسكىن شەرئىي دەلىللەر بار ماۋزۇلاردا ئىجتىھاد ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ. مانا بۇ "نەس بار يەردە ئىجتىھاد قىلىنمايدۇ" دېگەنلىكنىڭ مەنىسى. يەنى، دىن كەلگەن ماۋزۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىۋاستە، ئېنىق، توغرا دەلىللەر بار يەردە، ئۆلىمالار ئىجمائ(بىرلىككە كەلگەن) قىلغان (بۇ ئۇسۇل ئۇقۇمىدىكى نەسنى كۆزدە تۇتىدۇ) يەردە ئىجتىھاد قىلىشقا بولمايدۇ. بۇ ئۆلىمالار تەتقىق قىلىپ، تۈگەتكەن تېما بولۇپ، بۇنداق ئورۇنلاردىمۇ ئىجتىھادنى تەكرارلاشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

يەنە ئۈممەتنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقىي، پىكرى بىرلىككە مەركەزلەشكەن، مەيلى كەسكىن، مەيلى كەسكىن بولمىسۇن بۇ ساھەلەردە بەزى كىشىلەر داۋا قىلغاندەك، ئىجتىھادنى يېڭىلاشقا ھاجەت يوق. ھازىر مۇسۇلمانلارغا قىلىنىۋاتقان بىر خىل سۇيىقەست بولۇپ، كەسكىن ئىشلارنى ئېھتىماللىقتا، مۇئەييەن مەنىگە ئىگە ھۆكۈملەرنى، مەنىسى مۇئەييەن بولمىغان ھۆكۈملەرگە ئۆزگەرتىۋېتىش ئۈچۈن كۈچلۈك ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىزدىن ھەتتا رىبانىڭ ھاراملىقى

توغرىسىدىمۇ قايتا تەتقىق قىلىپ بېقىشنى كۆتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا هاراقنىڭ هاراملىقىدىن گۇمانلىنىدىغانلارمۇ بار، ئۇلار ئاللاھ تائالا : ”هاراقتىن يىراق تۇرۇڭلار“ دېدى، دەپ، ئاللاھنىڭ مۇنۇ ئايەت كەرىمىسىگە ئىشارەت قىلىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! هاراق ئىچىش،قىمار ئويناش، بۇتلار (يەنى چوقۇنۇش ئۈچۈن تىكلەنگەن تاشلار)غا چوقۇنۇش، پال ئوقلىرى بىلەن پال سېلىش شەيتاننىڭ ئىشى، پاسكىنا قىلىقلاردۇر» (مائىدە سۈرىسى، 90- ئايەت) ئۇلارچە، بۇ ئايەتتە هاراقنى هارام دېمىگەن.

كەسكىن هۆكۈملەر بار، سۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان تېمىلاردا، مەسىلەن: ئوغۇل بىلەن قىزنىڭ مىراس ئېلىشتا باراۋەر بولىشىغا ئوخشاش مەسىلىلەرنى قايتا نەزىرىمىزنى ئاغدۇرىشىمىزنى خالايدىغان كىشىلەرمۇ بار. ئۇلار، ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىگە ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى چىقىدۇ: « الله بالىلىرىڭلار (غا تېگىدىغان مىراس) هەققىدە تەۋسىيە قىلىدۇكى، بىر ئەرگە ئىككى ئايالنىڭ هەسسىسى تېگىدۇ» (نىسا سۈرىسى، 11-ئايەت)، بۇ ئايەت توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: قۇرئان بۇ خىل پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، دەۋرنىڭ تەلىۋىگە ماس كېلەتتى. چۈنكى، ئايال ئەرگە قاراشلىق، ئەر هەممە ئىشقا مەسئۇلى ئىدى. ئۇنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىل ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئىقتىسادى ئەهۋالى مۇستەقىل، ئوقۇۋاتقان، ئەرلەر قاتارى ئىشلەۋاتقان... بولغانىكەن، بۇ مەسىلىگە قايتا قاراپ چىقىش لازىم. بىز، بۇ تەكلىپنى قەتئىي رەت قىلىمىز.

ئىجتىهاد ئۆز ئورنىدا، ئۆز تېمىسىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ؛ ئۇلار، كەسكىن شەرئىي نەس كەلمىگەن، ئىسلام ئۈممىتى توختالغان شەكىلدە ئىجمائ قىلمىغان مەسىلىلەردە ئېلىپ بېرىشقا بولىدۇ.

ت- ئا. قارلۇقىي

# ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ئىلىمسىز ھالدا سۆزلەشنىڭ خەتىرى ھەققىدە

شەرئىي ئىلىمدىن خەۋىرى يوق ئادەملەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ئىغىز ئېچىشىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ساغلام ئەقلى بار ھەرقانداق ئىنسان ياخشى بىلىدۇ. بۇ تېمىدا بىلىپ سۆزلىمەي، ئۆزىنىڭ پىكرى ۋە كۆز- قاراشلىرىنى شۇ ساھە ئەھلىگە قويۇپ بەرمەي، ئۇنى نادانلارچە ئاللاھنىڭ دىنى نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئەقىلگە ئويغۇن ئەمەسلىكى،ھەممىگە ئايدىڭ ئەقەللى ساۋات. دەرۋەقە، يۈرىكىدە كېسەل بار ئادەم چىش دوختۇرىنىڭ تەلىماتىغا بىھاجەت بولغاندەك، ماشىنىسىنىڭ كامىرى يېرىلىپ كەتكەن كىشىمۇ تۆمۈرچىنىڭ قىلغان تەۋسىيەسىلىرىگە بىھاجەت...

مانا مۇشۇنداق ھەممىگە ماقۇل كېلىدىغان خۇلاسىلەر ئىچىدىن ئەھلى ئىسلام ئارىسىدا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان، ئەمما تىپ- تىنچ بىر ھادىسىگە نىسبەتەن بىلگەنلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى يازدىم.

ئۇنى ھادىسە دېسەممۇ، پاجىئە دېسەممۇ بولىۋېرەتتى. چۈنكى، شەرىئەت ئىلىملىرى ساھەسىگە ئىلىپنى چۈماقمۇ دېيەلمەيدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر باستۇرۇپ كىرىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپ ھالدا، پەتىۋا بېرىش ۋە ئىسلام دىنى پەلسەپىلىرى بويىچە نەزىرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن شۇغۇللاندى ۋە شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ھەممىگە مەلۇم تەرىپى شۇكى، ئۇ ئادەملەردە بۇخىل مەسىلىلەرگە ئارىلاشقۇدەك ئىلمىي سەۋىيە ۋە ئىلىم ئادەملىرىگە خاس سۈپەتلەر يوق.

مېنى بىئارام قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بىر قىسىم يازغۇچى ۋە شائىرلار گېزىت-ژورناللار ئارقىلىق بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تالاش- تارتىشلارنى قىلدى، مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇ مەسىلىلەرنى ئۇنداق شەرئي ئىلىمدىن ساۋادى يوق كىشىلەر ئەمەس، ھەتتا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆتۈرۈپ چىقىشمۇ بولمايدىغان مەسىلىلەر ئىدى.

يوقىرىقى تىمىدا، كىشىلەرنى دىنى ھەققىدە سۆز قىلىشتىن توسۇش ياكى بەزىلەرنىڭ تەسۋىرىدىكى "دىنى كىشىلەر" دەپ ئاتالغان خاتا ئاتالغۇنىڭ ئېقىمىنى بويلاپ مېڭىشنى مەقسەت قىلمايمەن. لېكىن، دىننى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ چەك- چېگراسىنىڭ ئاللاھنىڭ نامىدىن سۆزلەشكە مۇناسىپ بولمىغان ئادەملەر تەرىپىدىن دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، يۇقىرىقىلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. دەرۋەقە بۇنداق غايە، يوقىرىقىدەك ئۆزىنىڭ سۆزلەش ۋە ھۆكۈم قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ، شەرىئەت ئىشلىرىغا ئەللامىلەرچە ئارىلىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن يوق. بۇ خىل پەرۋاسىزلىق ۋە چەك – چېگرادىن ھالقىپ كەتكەن كىشىلەرگە بىرىلگەن نۇرغۇن ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزلەۋاتقىنىنى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى قىلىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن بىرەر ھۆكمىگە سېلىشتۇرۇپ نىسبەت بىرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بىر بولسا، نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئۇيغۇن ئىلىم ۋە ئاڭ بىلەن سۆزلىگەن بولىدۇ ياكى بولمىسا ئاللاھقا بۆھتان چاپلىغان بولىدۇ. مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك مەسىلە. بۇ، ئاللاھ تائالاغا شىرىك كەلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر جىنايەتلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ رەببانىيەتلىك سۈپىتىگە سەل قاراش خاھىشى بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (الله نىڭ شېرىكى بولۇشقا) الله ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى الله غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى الله نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى.﴾[1]

ھافىز ئىبنى جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: " بۇ ئايەت كەسكىن دەلىل ۋە روشەن چۈشەنچە بولمىغاندا، دىن توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا، بىر ئىشقا ئۆزىنىڭ تەھلىلى بويىچە ھۆكۈم چىقارغان ياكى ئاساسسىز بىر نەرسىنى ھارام قىلغان ئادەملەرنى "ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئۆيدۇرۇپ چىققۇچىلار" دەپ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، الله نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[2]

ھاپىز ئىبنى كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭ دائىرىسىگە شەرئەتتە ئاساسي بولمىغان بىر ئىشتا بىدئەت پەيدا قىلغان ياكى ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال سانىغان ۋەياكى ئاللاھ مۇباھ قىلغان بىر ئىشنى ئۆز كۆز قارىشى ۋە ھاۋايى- ھەۋىسىگە تايىنىپ ھارام قىلغان... لارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۆلىمالار بۇ تىمىدا ئۆزىنى ئاتماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنسىرى، بىر قىسىم كىشىلەر دىنى مەسىلىلەردە پەرۋاسىزلىق قىلىپ ناھايىتى چوڭ تىمىلارغا يېپىشىۋېلىۋاتىدۇ. ئىمام شەئبى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)

مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار پەتىۋا بەرگەن بىر مەسىلە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا كىلىپ قالغىنىدا، ئۇنىڭغا جاۋاپ بىرىش ئۈچۈن، بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى توپلىغان بولاتتى.» ئىمام مالىك- ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن- مۇنداق دەيدۇ: «كىمىكى بىر مەسىلىگە جاۋاپ بەرگەن بولسا، جاۋاپتىن ئىلگىرى ئۆزىنى دۇزاخ بىلەن جەننەتكە تەڭلەپ باقسۇن ۋە ئۇنىڭدىن قانداق ئامان بولۇشنى ئويلاپ قويسۇن، ئاندىن جاۋاپ بەرسۇن.» ئىبنى مۇنكەدىر مۇنداق دەيدۇ: ئالىم ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلىشىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر چىقىش يولى ئىزدىشى لازىم. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئالىرىمىزنى يوللاش بىلەن ماقالىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

# ھەر ماكان، ھەر زاماندا تەكرارلىنىدىغان سەھرانىڭ قىسسىسى

يىراق بىر ماكاندا دۇنيانىڭ ھەر ماكانى ۋە ھەر بىر زاماندا مىسالىي تېپىلىدىغان ئىسىمسىز بىر يېزا بار ئىكەن... بايلىرى ئۇ يەردە مەۋجۇد ھەممە نەرسىدىن تولۇق پايدىلىنىدىكەن.. ئۇ يەردىكى بىر قىسىم قىزلاردىن باشقا ھېچكىم بايلارنىڭ ئىشىندا- قىقنىدىلىرىغا ئېرىشەلمەيدىكەن...ئادالەت پەقەت باشلىقلار ئىچىدىلا ئادالەت ئىكەن، رىقابەت مالدارلارنىڭ ئارىسىدىلا بولىدىكەن.. يېزىنىڭ مەنسەپلىرىنى ئۆز ئارا بۆلىشىۋالىدىكەن، بۇ خوجا، ئۇ بەگ ، ماۋۇ شەيخ ، ئاۋۇ مەزىن.. بۇ مەسجىدكە مەسئۇل، ئۇ سەدىقە يىغىشقا... ئەمما ئاۋامغا قۇرسىقىغا دال بولغۇدەك ئىش قىلىش ئىمكانىيىتى ئاران- ئاران تېپىلىدىكەن. بايلار, بەگلەر، مەنسەپدارلار ئۆچۈن بولسا، ئويۇن- كۈلكە، بەزمە- تاماشا ھەمىشە ھەمراھ ئىكەن، ئۇلار خالىغان ئايال بىلەن توي قىلىدىكەن، باللىرىغا مال- مۈلۈك ، يەر- زېمىن مىراس قالدۇرىدىكەن...

شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، دۇنيادىكى ھەر قانداق يېزىدىن ، ھەرقانداق ماكان ۋە زاماندا تېپىلىش ئىمكانى بولغان، بۇرادىرى ئىنسانغا قەلبىدە ھەمىشە مېھىر- مۇھەببەت بىلەن قارايدىغان بىر كىشى بۇ يېزىدا كۈتۈلمىگەن بىر پەيتتە مەيدانغا چىقىپتۇ. ئۇ ئادىللارنى سۆيۈپ، زالىملاردىن يىرگىنىپتۇ، ئاجىزلارنى يۆلەپ، زۇلۇمنىڭ زىددىغا ئادالەت بايىدىن ئورۇش ئېچىپتۇ. بۇ يولدا تارتقان بارلىق مۇشەققەتلىرىگە بەرداشلىق بېرىپتۇ. ئۆزىدە بىر مىنۇتمۇ ئاجىزلىق، ھالىسىزلىق ھىس قىلماپتۇ، ئۈمىدسىزلەنمەپتۇ. كۈنسىرى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى قوللىغۇچىلىرى ئېشىپ، بەگلەرنىڭ ئېتىبارى چۈشۈپ كېتىپتۇ. بىر كېچە بەگ غوجاملار كۈتمىگەن بىر پەيتتە، ئادالەتكە ئىشىنىپ، زۇلۇمغا قارشى ئوت ئاچقان ھېلىقى ئاجىز بەندە يېزىنىڭ خوجايىنىغا ئايلىنىپ قاپتۇ... بەگ – پاششاپلارغا نېمە ئامال؟! ئۇنى ئىلاجىسىز باشلىق، قومانداق دەپ ئېتىراپ قىلىشىپتۇ... ئۇنى ئۆزلىرى مەدىكار قىلىپ ئىشلەتكەن كىشىلەرنىڭ

قوللىغانلىقىنى، ئادالەتكە بولغان ئىماندىن ئۆزگە كۈچ- قۇۋۋەت ئالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپتۇ. خارلىنىۋاتقان بەگلەرنىڭ كاتتىسى بىر كۈن باشقىلىرىغا مەسلىھەت قىلىپ مۇنداق دەپتۇ. قولىمىزغا ئانچە- مۇنچە پۇل- مال، ئەتراپىغا يېتەرلىك كۈچ توپلانغۇچە ئۇنىڭغا تەسلىم بولۇپ ياشاپ تۇرايلى. ئىشىنىڭ ئەبەدى بۇنداق داۋام قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئىنسانىنىڭ نەپسى شۇملۇقتىن ساقلىنالمايدۇ...

شۇنداق قىلىپ ئۇلار ھېلىقى يېڭى رەھبەرگە بويسۇنىدىغانلىقىنى ئېلان قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئامانلىق بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. يېزىنىڭ بۇ يېڭى رەھبىرى ئادىل، ئىنتىقام ئېلىشنى ياقىلمايدىغان كىشى بولغاچقا ئۇلارغا ئامانلىق بېرىپ، ئۆزى يېزىدا ئادالەتنىڭ ئاساسىنى پۇختىلاش ئۈچۈن كىرىشىپ كېتىپتۇ. كۈنلەر، ئايلار ئۆتۈپ، قۇل بىلەن بەگنىڭ، نامرات بىلەن باينىڭ ھېچقانداق پەرقى قالماپتۇ... لېكىن، كىم بىلسۇن.؟! بۇ يېزىدىكى يېڭى باشلىقلارنىڭ بېشىغا كېلىدىغان ئېچىنىشلىق كۈننى.. قىياپىتىدىن دوستلۇق ئىزھار قىلىپ، قەلبىدە دۈشمەنلىك ئورۇقلىرىنى بىخلاندۇرىۋاتقانلار بۇ يېڭى تۈزۈمنىڭ ئىچىگە سوقۇنۇپ كىرىۋالغىنىنى ھېچكىم ھېس قىلمىغانىكەن. يېزا تەدرىجى كېڭىيىپ شەھەرگە ئايلىنىپتۇ. ئەتراپىدىكى باشقا يېزىلارنىمۇ ئۆزىگە قوشىۋاپتۇ. ھەممەيلەن بۇ ئادىل رەھبەرگە ئىتائەت قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ قەسەم ئىچىشىپتۇ. ئۇ كىشىلەرنى سۆيگەندەك باشقىلارمۇ ئۇنى قەدىرلەپتۇ. ئەمما، تەبىئىتى ئەپۇچانلىقتىن پۈتكەن بۇ ئادىل رەھبەر دۇنيادىكى بارلىق يۇرت كاتتىلىرىدا بولىدىغان ئادەت بويىچە، تۇنۇگۇنكى دۈشمەنلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كېتىپتۇ. رەقىبلىرىنى ئۇنىڭ ئالدىدا رەخۋارلىق قىلىپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغان باشلىقنى سايلاشنىڭ غېمىغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئىشىنىڭ كۆپلىگىدىن ئۆزىدىن كېيىن كېلىدىغان باشلىقنىڭ قانداق سايلاش، كىمنى سايلاش ، نىمە شەرتلەر ئاساسىدا سايلاش دېگەنلەرنى ئويلاشماپتۇ. كۈنلەر كېلىپ، ئۇ

ناھايىتى قاتتىق كىسەل بولۇپ قاپتۇ-دە، بۇ ئىشلارنى ئېسىگە ئاپتۇ. لېكىن، ئۇ ئىشلارنى رەتكە سېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ...

ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەنلەر ئۆز رەھبىرىگە بولغان سۆيگۈ — ئېھتىراملىرىنى زىكىر قىلىشىپ، ئۆزىنىڭ رەھبەر بولۇشقا ئەڭ لايىق ئىكەنلىكلىرىنى بايان قىلىشىپ جەڭگى — جېدەلگە چۈشۈشۈپتۇ. شۇ ئەسنادا بۇرۇنقى بەگ — پاشىپالار يۈتتۈرگەن، كەتكۈزگەنلىرىنى ئانچە — مۇنچە بولسىمۇ ئورنىنى تولدۇرۇۋاپتۇ... لېكىن يەنىلا باشلىق بولۇش ئىستەكلىرى ئىچكى دۇنياسىدا قايناپ تۇراتتى. شۇڭا، ۋاپات بولغان رەھبەرنىڭ مۇئاۋىنى ئىشلارنى تەرتىپكە سېلىپ بولدىغانغا قەدەر ئۇلار بورۇنقى پىلانلىرى بويىچە جىددى ئىشقا كىرىشمىسە، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلمىسە بولمايتتى. ئۇلارنىڭ پىلانلىرى ئەمەلگە ئېشىپ، بورۇن كەتكۈزۈپ قويغان ھەممە نەرسىنى قوللىرىغا قايتا كىرگۈزۈشتى.

ئەمما، بىچارە خەلق بورۇنقى رەھبەرنىڭ ئىش- ئىزلىرىنى ئادالەتنى زىكىر قىلىپ، ئۇلاردىن ھەقىقىي ئادالەت، ھەققانىيەت سورىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھەققىي دۈشمەنلىرىنى بىلمەيتتى. ھازىرقى بەگلەر قولىدا ھېچ نەرسە يوق ئەرزدارلاردىن نەچچە ئونىنىڭ بېشىنى ئالدى. چۈنكى، ئۇلار تۇنۇگۈنكى باشلىقنىڭ قوللىغۇچىلىرى، يانتاياقلىرى ئىدى. ئۇلارنىڭ بارلىق جىنايىتى ئاجىزلىقتەك قىلاتتى, بولمىسا نىمىشقا ھېچبىر سەۋەپسىزلا ئۆزلىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزالمايدۇ؟ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئەسلى ھالىتىگە قايتتى. بەگلەر ياشاپ، باشقىلار شۇلارنىڭ مەنپەتىگە ئىشلەيدىغان دەۋر قايتا كەلدى. شۇ ئاجىز بىچارىلەرگە ئەمدى، بورۇنقى ئادىل رەھبىرىنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ ھاياتىغا نۇرغۇن يىغى قىسسەلەرنى قوشۇپ، ئۆزلىرىگە تەسەللى بەرمەكتىن باشقا چارە قالمىغان ئىدى.

يېڭى باشلىنىشلار قىلغان- ئەتكەنلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئىزىلگەنلەر يوقاتقان كىلىچەكىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ياشاش بۆ يەردىكىلەرگە ئۆدۆم بولۇپ قالغاندەك تۇراتتى. چۈنكى، ئاجىزلار ئۆزلىرىنىڭ ئىستىقبالىغا توپا چاچقانلارغا ھەرگىز چىش يىرىپ بىر نەرسە دېيەلمەيتتى... شۇنداق ھەممە نەرسە ئەسلىگە قايتتى... مانا بۆ ھەر ماكان، ھەر بىر زاماندا تەكرارلىنىدىغان سەھرا- يېزىلارنىڭ قىسسىلىرى ئېدى. پەقەت، ئۇلار ئۆزلىرىنى شۇ خىل ئادالەتسىزلىكلەردىن قۇتۇلدۇرىشى ئۈچۈن چوقۇم ھەر قېتىملىق سايلامدا ئۆزلىرى سايلىغان، ئۆز ئارىسىدىن چىققان ئادەملەرگە تايىنىشى زۆرۈر ئېدى.

... مانا بۆ ھەر ماكان، ھەر بىر زاماندا تەكرارلىنىدىغان سەھرا- يېزىلارنىڭ قىسسىلىرى ئېدى....

# ھىدايەتنامە

## ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر

ئۆمۈر مەنزىلىدىن تىنماي ئىزلىدىم مەن ھەقىقەتنى,
تەپەككۇر بولدى بىر ھادى تېپىشتا چىن ھىدايەتنى,
تىلەپ ھەر سۆزگە باي مەنا يەنە جانلىق پاساھەتنى,
دىلىم ئىستەيتتى ئىزھارغە ھەمىشە مەقبۇل پۈرسەتنى.
كىلىڭ ئەي دوستلىرىم ئەمدى خۇشال باشلايلى سۆھبەتنى.

سۆزۈمنىڭ باشى بىسم الله بۇ مۆئمىنلىك ۋەزىپەمدۇر,
سانا يۇ ھەمدىلەر ئېيتسام تۇمەن مىڭنى يەنە كەمدۇر ,
قۇرۇق ,تۇزسىز ئىبادەتتىن ئەمەل ئەۋزەل ,ئەقىدەمدۇر,
بۇ دەۋايىمغا بورھانىم مۇشۇ يازمىش قەسىدەمدۇر..
تىلەيمەن رەببىم ئاللاھتىن قۇلۇمغا كۈچ ۋە قۇۋۋەتنى ,

تەئەجۇپ ئەيلىشەر بەلكىم بىراۋلەر بۇقەسىدەمدىن.
ئەجەپلەنمەس ئىدى ئىچسە ئەگەر بىر قەترە چەشمەمدىن.
ئېزىقتىم مەنمۇ بىر چاغلار ناگاھ تەۋرەپ ئەقىدەمدىن,
شۇكرىكىم رەھنامە تاپتى كۇڭۇل سۇلتانى تەۋبەمدىن.
ئىلاھا ئەيلىگىل مەڭگۇ ,ماڭا بۇ بەختۇ-ئامەتنى.

تۇغۇلغاچ ئـىككى مۆئمـىنـدىن ئۇتۇپ ئەللىـكتە سەككىـز يـىل,
يەكۇنلەش سائـىتى يەتتى ئۆمۈرنى ئەمدى ئەستايـىدىل.
نەزەر سالسام بىسىپ ئۆتكەن يۇلۇمغا بولمايـىن غاپىـل,
ئاقۇر كۆز ياشلىرىـم گويا بۇلۇپ ئىرىـتىـش ۋە ياكى نىـل .
جاھاندا چەكمىگەي ھىچكىـم مىـنـىڭدەك كۆپ نادانەتنى .

سەھەردە ھەمدىلەر ئېيتار ئۇچار قۇشلارمۇ ھەر دەمدە,
نـىمـىشقا بولمىسۇن بىر ھىس تىرىك پەرزەنتى ئادەمدە.
ۋاھالەنكى ئادا بولماي ھىساپسىز قەرىز بۇ زىممەمدە,
ھامان قايـنايدۇ ھەسرەتلىك پۇشايمانلار بۇ قەلبىمدە ,
ئۆمۈرنى زايە قىلماغلار ئىلىپ مەندىن بۇ ئىبرەتنى.

باھار يامغۇرلىرى ھەرتاڭ يۇيار ھەم ياشنىتار تاغنى ,
ئېرىقلار بىرلە كەلگەن سۇمۇ ھەتتا گۈللىتەر باغنى .
مۇيەسسەر قىلسا مەقسىدىم مۇراتقا يولنى ئاچماقنى ,
ئېرىتسە ھىچ ئەجەپمەسكىم كۆزۈمنىڭ ياشلىرى داغنى .
ئاتا قىلسا ئىلاھىم خەزىنەسىدىن قەترە رەھمەتنى .

سىراتەل مۇستەقىم تاپماق ئەگەر بولسا نەسىبەمدە .
نادامەت داغلىرى قالماس ئىدى مەھزۇن بۇ سىنەمدە ,

ئۆمۈدۈم بىر بېقىپ ئىقبال كۈلۈپ تەلەي پېشانەمدە.
جاراڭلاپ كەتسە قەلبىمنىڭ ساداسى بۇ قەسىدەمدە .
نىسىپ ئەيلەپ ياراتقان زات ماڭا بەختۇ- سائادەتنى .

خىيالىم دېڭىزى تىنماي چايقىلىپ ھەمىشە قايناق,
كېچىلەر ئاز يۇمۇپ كۆزنى ۋە گاھى تاڭغىچە ئويغاق.
قۇلۇم يەتمەيدىغان شاخقا ئېسىلدىم شۇنچىلىك مۇشتاق ,
ئىلاھىم ئۆزى يار بولغاي ئۆمۈدۈمگە يەنە جىقراق .
ئاسان ئەيلەپ بۇ مەنزىلدە ماڭا ئۇچرار مۇشاقەتنى.

پىكىر دەرياسىغە قانچە تىرەن چۆمگەنسىرى ھەر تۈن ,
كۆڭۈلنىڭ كىرلىرى شۇنچە يۇيۇلدى ,تارقىدى ئەپسۇن .
ھاياتىم گەرچە پۇشمانلىق دىلىمدۇر ناتىۋان مەھزۇن ,
ۋە لېكىن جان كىتابىغە قۇشۇلدى تۇمەن مىڭ مەزمۇن .
يىقىن كەلتۈرمە ئى رەببىم! كۆڭۈلگە ئەمدى غەپلەتنى .

تەپەككۇر كۆز بىلەن باقسا كىشى ئالەمگە بىر مەررە .
ئەمەستۇر خالى ھىكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە.
ئادىمزات يۇكسىلىپ گەرچە ئاتومدىن تاپتى مول زەررە,
ۋە لېكىن بىپايان سىر دېڭىزىدىن بۇ تېخى ئازغىنە قەترە .
ئىلاھا قىل كەرەم كۆپرەك بىلەيلى سىرۇ-ھىكمەتنى.

بىلىپ يەتكەنسىرى ئىنسان خەزىنەڭ سىرىنى كۆپرەك ,
كۆڭۈل رۇشەنلىشىپ ئاندىن تونۇر ئۆز زاتىنى خوپراق .
مىسال:قارىغۇ ىنچۇك بىلسۇن ,قۇياش قانداغۇ ئاي قانداق,
بىلۇر ئەمما گۇدەك ھەتتا ىنچۇكدۇر گۇل ىنچۇك ياپراق .
دىمەككى مەئرىپەتتىن جان تاپۇر ئەقلى -پاراسەتنى.

تۇمەن مىڭ يىل داۋامىدا ئۆتۇپ سانسىز ئاقىل -دانىش ,
ھايات سىرىنى بىلمەكنى قىلىشتى ئارزۇ ھەم خاھىش .
بىراۋلەر قىلسىمۇ كۇچەپ خۇداسىزلىقنى پەرمايىش,
ۋە لىكىن ئەكسىرى مۇتلەق ئىلىپ مەيداندا ئەزمايىش.
ئاخىرى ئىتىراپ قىلدى ئۇلۇغ بىر روھى قۇدرەتنى .

مىسال:بىر قەترىدىن ئادەم بىنا بولغاننى ئويلاپباق ,
ئانا قارنىدا بۇ جايغا ھاۋا بولغاننى ئويلاپ باق .
تۇغۇلماق سائىتى يەتسە ئانا بولغاننى ئويلاپ باق ,
بۇ مۇشكۇلگە نە قانۇن پانا بولغاننى ئويلاپ باق .
شۇ چاغدا تاپقۇسى قەلبىڭ بىرەر مەنتىقى-پىكرەتنى.

بۇگۇن پەن يۇكسىلىپ شۇنچە قىلۇر پەرۋازىنى ئەركىن ,
ۋە ھەتتا ئاي ۋە يۇلتۇزدا يەر ئوغلى ياتقۇسى يالقىن .

بۇڭا ئەۋلادى ئادىمزات ئوقۇر مىڭ مەدھىيە تەلقىن ,
لېكىن ئادەم بىنا قىلماق بۇ ئادەمگە نىچۈك مۇمكىن .
ياراتقان تەڭرىدىن باشقا كىشى تاپماس بۇ قۇدرەتنى .

نىمىشقا ئاياغ ئىككى,كۆز ئىككى ,ئېغىز بىردۇر,
يەنە كۆزلەرگە قاش كىرپىك بىنا قىلغان قايسى تەھرىردۇر .
نىمىشقا مىڭ كىشى چىھرى يەنە مىڭ خىلدا تەسۋىردۇر ,
قېنى ئېيتىڭچۇ؟بۇ سىرغا نىچۈك سۆز توغرا تەئبىر دۇر .
تەپەككۇر ئاچقۇسى كەڭ يول چۈشەنمەككە بۇ سۈرەتنى.

ئۆلۈمنى ئويلىسا ھەر كىم بىلۇر ئۆز زاتىنى ئاندىن ,
تۇغۇلماق سۆڭرە ئۆلمەگىلىك ئاياندۇر ھەممىگە ئايدىن .
لېكىن نەدە, قاچان,قانداق ئۆلۈشنى كىم بىلۇر ئالدىن ,
ئېچىلماس سىر بۇلۇپ كەلدى بۇ ماۋزۇ دەۋرى -دەۋراندىن .
ھەممىشە يىغسىمۇ دۇنيا بۇ سىرغا ھەممە دىققەتنى .

ئۆلۈمگە بىر دەۋا ئىزلەپ جاھاندىن كەتتى كۆپ دەنا,
ۋە لېكىن تاپمىدى ھېچكىم بۇ ئىشتىن زەررىچە مەنا .
ئارىستو ياكى لوقماندەك ھەكىملەرمۇ بىمۇستەسنا ,
دىيىشتى ئاخىرى مۇتلەق ئۇلۇغ قۇدرەتكە ئامەننا.
دىمەك مۆئمىن ئەمەس بۇزماق بۇ قانۇنى زۆرۈرەتنى.

قۇياش,ئاي ۋە يۇلتۇزلار ساما سەير ئېتىپ ھەر كۈن ,
مۇئەييەن يول ۋە تەرتىپتە خاتاسىز دەۋر ئېتەر ھەر كۈن .
بۇڭا ھاكىم ئىكەن مۇتلەق ئەجەپ بىر مۇنتەزىم قانۇن ,
بۇ چەكسىز كائىنات تاپمىش ئەشۇ خىلدا تولا مەزمۇن .
يۇرۇپ نۇرلانغۇسى قەلبىڭ چۈشەنگەنچە بۇھالەتنى .

ۋە بەلكى بەزىلەر ئېيتار تۇزەلمەكلىك تەبىئەتتۇر ,
ۋەھالەنكى تەبىئەت ھەم ئەجەپ بىر خىلدا ھەيئەتتۇر.
بۇ ئالەم سىرلىرى بىزگە ھۇنۇن بىر ياخشى ئىبرەتتۇر,
شىغىل تاش ھەر زامان تاشتۇر ,زۇمرەتلەر -زۇمرەتتۇر.
تەپەككۇر تاشقىنى يۇتسۇن كۆرەڭ باتىل -جاھالەتنى .

مىسال :پەن -ھۈنەر ئەسرى قۇرۇپ ھىكمەت دۇكاننى,
ياراتتى ئىپتىخارلىق بۇمۇ ئىجازەتلەر زاماننى .
يەنە ھەم ئاشقۇسى كۆپلەپ بۇيۈك ھىممەت داۋاننى ,
لېكىن ئادەم تۈگۈل ھەتتا ئۇنىڭ بىر قەترە قاننى .
ياسالماس ھەر نىچۈك ئالىم قىلىپ تەقلىد بۇ قۇدرەتنى .

ھاياتلىق سىرىغا تەكرار تۇخۇمنى كەلتۈرەي بۇرھان ,
تۇخۇمسىز ئالۇر ھەر كىم تۇخۇمدىن چۈجىنى ئاسان .

ئەگەرچە يەنە مىلڭ ھەسسە تەرەققى قىلسىمۇ دەۋران ,
تۇخۇمنىڭ ئۆزىنى لېكىن ياسالماس بەلكى بۇ ئىنسان .
دىمەك مەخلۇق ھامان مەخلۇق بىلۇر خالىقلا خەلقەتنى .

نەزەر سالساق ئەگەر بۇغداي ۋە ياكى باشقا بىر دانغا ,
تېرىپ ئۆستۈرمىسە دىھقان ھۇسۇل تولمايدۇ خامانغا .
ئەگەرچە دان ياساش مۇمكىن بۇلۇپ قالسىدى ئىنسانغا ,
زاۋۇتلاردا ياساپ ھەر كۈن پۈلى توختايتتى ئەرزانغا .
دىمەك مەخلۇق ئەمەس قادىر ياراتماققا تەبىئەتنى .

ھاياتلىق سىر لىرى شۇنداق ئاجايىپ كەڭرى دۇنيادۇر ,
بىلىپ يەتكەنىمىز تامچە ,ئەگەر ئۇ بەھرى دەريادۇر .
كىمكى مەۋجۇدات زاتەن ئۇلۇغ ھىكمەتلەر ئەھيادۇر,
كى تۇپراق بولمىدى كىميا مەگەر بولسا ئۇ خۇليادۇر .
ھايات قانۇنى ھەردەمدە قىلۇر تەكرار بۇ ئىبرەتنى.

مىسالنى يەنە يۈز-يۈزلەپ تېپىش مۇشكۇل ئەمەس ھەر ئان
ۋە لېكىن ھەممىدىن ئەئلا ئۇلۇغ مۆجىزە دۇر قۇرئان .
خۇسۇسەن بولسا تەپسىرى < سۈرە رەھمان.>
كۆپايە قىلمىسا كاشكى ئاشۇنچە < ما تۇكەززىبان.>
قۇلۇپلۇق بو لمىسا قەلبىڭ قوبۇل ئەيلەر بۇ نىمەتنى.

تۇلۇق ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى نەقىشلەر بولمىدى سادىر,
نىمىكى دىسە قۇرئاندا بۇگۈن دۇنيادا شۇ زاھىر .
بۇنىڭدەك مۆجىزە ئىشىگە نىچۈك مەخلۇق بولۇر قادىر ,
ئۇنىڭ تەئرىپىگە سۆزنى تاپۇر قايدىن ئەدىپ ,شائىر .
نىسىپ قىلمايدىكەن تەڭرى ئەگەرتىلغا بالاغەتنى .

ئۈتۈپ بىر مىڭدا تۆت يۈز يىل ھاۋادىسلەر بىلەن بىر-بىر,
بىرەر ئىش قالمىدى شەكلەن ۋە مەئنەن بولمىغاي تەغيىر .
بىراۋلار قەسىت بىلەن قۇرئان بېتى قىلسىمۇ تەھرىر ,
لېكىن ئۆزگەرمىدى بىر ھەرىپ,بىرەر ساكىن ياكى زىر.
چۈشەنمەك نە مۈشكۈلدۇر بۇ مۆجىزە - كارامەتنى .

پۈتۈن ئۆمرىدە يا مەكتەپ يا ئۇستاز كۆرمىگەن بىر زات ,
ئۇقۇپ بىر كۈن >                    <نى ھەيھات .
تېپىپ قۇددۇسى قۇدرەتنىڭ ئۇلۇغ ئەنۋارىدىن ئىرشات ,
نەبۇۋەت ئەسرىنىڭ شانلىق تۇغىنى ئەيلىسە بۇ نىيات .
نىچۈكمۇ ئىتىراپ قىلماس ئەقىل مۇنداق ھەقىقەتنى .

ئۇقۇپ كۆرسەڭ بۇتارىخنى ئەجەپ بىر ئەسرى ھىكمەتتۇر,
مۇبارەك تەرجىمەھالى تامامى  پەزلى -خىسلەتتۇر.

رەقىپلەر ئىتىراپىمۇ بۇڭا ئەلۋەتتە ھۆججەتتۇر ,
بۇ زاتنىڭ ئىسمى شەرىپى رەسۇل ئەكرەم مۇھەممەددۇر .
ياراتتى مەڭگۈ ئۆلمەس بىر ئۇلۇغ ئەسىرى سائادەتنى.

نەبۇۋەت تاڭى ئاتماستا ئەرەپنىڭ ھالىنى ئەسلەڭ,
جاھالەت دەستىدىن ئەلنىڭ ئايانىچ ئەھۋالىنى ئەسلەڭ .
زالالەت ھەم رەزىللىكنىڭ ياۋۇز ئىمسالىنى ئەسلەڭ ,
مىسال :بىر قىز تۇغۇلسا گەر زەبۇن ئىقبالىنى ئەسلەڭ .
يىمىردى نەبۇۋۋەتلا ئەرەپتىن بارچە زۇلمەتنى .

ۋەھىنى بەزىلەر ئىلھام دىيىشتى بىر زامان ھۆكمەن,
ۋەھالەنكى ئۇلۇغ قۇرئان ئەمەستۇر قىسسە يا رومان .
ئۇنى ئىلھام بىلەن ئىجاد قىلىشقا بولسا گەر ئىمكان ,
نىمىشقا يازمىدى بىر كىم يەنە ئىككىنجى بىر قۇرئان .
نىچۈكمۇ ئىتىراپ قىلماس كىشى مۇنداق ھەقىقەتنى .

بىراۋلار قىلدىلەر دەئۋا, نەبىلىك ئۇستىدە ھەتتا,
تېپىپ مىڭ ھىيلە -نەيرەڭلەر, ئۆزىنى كۆرسىتىپ تەقۋا.
يېزىپ ئايەتكە تەقلىدلەر,ۋە ھەتتا قىلىسىمۇ غەۋغا.
جاھاندىن كەتتىلەر لىكىن, بولۇپ ئالەمگە مىڭ رەسۋا.
تاپالماس چۈنكى باتىللىق,ھەقىقى شانۇ-شۆھرەتنى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى جانلىق ئۇلۇق مۆجىزە ئەلۋەتتە,

يەنە قانداق دەلىل لازىم بايان قىلماققا بۇ ھەقتە.

ئەقىل ساھىپلىرى جاندىن ئۆتەر تەستىق, قانائەتتە,

ئەگەرچە ياق دىسە بەزى مۇخالىپلار جاھالەتتە.

ئۆزىگە رەھنامە قىلسۇن ئەدىل , مەردانە پىكرەتنى.

خاتىمە.

بايان قىلغانلىرىم گەرچە دېڭىزدىن تامچىدۇر ئەمما,

نامايەندۇر قوياش ئەكسى بىر تامچە سۇدىمۇ ھەتتا.

قەسىدەم ئەلگە يەتكۈزسە ھېدايەتتىن بىرەر مەئنا,

مۇكاپات شۇ ئىدى مەنچۈن, ئەمەسمەن ئۆزگىگە تەشنا.

كۆچەتنى تىككۈچى مەيلى كۆرەلمەي ئۆتسە راھەتنى.

ئەقىدەم ھەققە باغلانغان, بۇ يولدا ئەتىمادىم بار,

شۈكرىكىم,ھەق ئاتا قىلغان ئىرادە,ئېتىقادىم بار.

ئەقىدە ساھىبى بولغاچ دىلىمدا پەخرۇ -يادىم بار,

دىمەيمەن مۇنچە گۈستاھلىق,قىلىشقا نىمە ھەددىم بار.

پىسەنت قىلماس كۆڭۈل چۈنكى قۇرۇق تەئنە -مالامەتنى.

جاھان باقى ئەمەس, لوقمان چېغىدا تاپمىدى دەرمان,

مىسالدۇر رومى ئىسكەندەر, ۋە ھەتتا ۋەھشى چىڭگىزخان.

كىلىپ -كەتمەك بىلەن مەشغۇل, جاھانغا بىھىساپ كارۋان,
ئۆتەر دۇنيا, كېچەر دۇنيا, پەقەت ھەقلا سۇرەر دەۋران.
ئۆمۈر مەنزىلىدە تاپتىم نىھايەت شۇ ھەقىقەتنى.

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر.
باھار بولدى پۈتۈن دۇنيا يۈزىدە ئىلمىلىك ئەلگە,
ئىشەنگەن ھەم چۈشەنگەن ئەمەلدە ئىشلىگەنلەرگە.
قۇلاق سالماي ئۇلۇق تەڭرىم سۆزىگە ئەمەل قىلماي,
قۇرۇق دەۋادا بولغانلار تويۇنماس بىر قوناق نانگە.
بۆيۈك ئىسلام ئۈگەتكەن بىزگە بىلمەك ھەم تىرىشماقنى.

چاقىرغان ئۈستۈن بولماقتا,ئىگىلمەي ئەجنەبى خانگە.
ئۇلۇق تەڭرىم ئىچىلدۇرساڭ دىلىم باغىدا گۈل -ئەترە,
تىمىتساڭ رەھمىتىڭ دەرياسىدىن قەلبىمگە بىر قەترە.
ئۆچۈرسەڭ چوڭ -كىچىك قىلمىشلىرىم قىلماي مىنى رەسۋا,
قىيامەت دەشتىدە ياپساڭ, گۇناھىم ئەيلىسەڭ سەترە.
ھاياتىم دۇنيادا قۇربانىڭ, گەر ئۆلسەم مەقسىدىم رىزۋان,
رەسۇلۇللاھ يولىچۈن ئۆمرۈم بارىنى ئەيلىسەم نەزرە.

# پەتـۋا، مۇپتى ۋە پەتـۋا سورىغۇچىلارنىڭ ئەدەب- ئەخلاقلىرى توغرىسىدا

شەيخۇل ئىسلام مۇھيىددىن ئەبى زەكەرىييا يەھيا ئىبىن شەرەف ئەننەۋەۋي (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن)نىڭ

شەرھۇل مۇھەززەب ناملىق كىتاۋىنىڭ مۇقەددىمىسىدىن قىسمەن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى

( ھىجرىيە 631- 676 )

پەتـۋا، مۇپتى ۋە پەتـۋا سورىغۇچىنىڭ ئەدەب- ئەخلاقىي توغرىسىدىكى باب

بىلگىنكى، بۇ ناھايىتى مۇھىم باب، ئۇنى ئومۇمنىڭ ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ يازدىم.

بۇ خۇسۇستا ئەلھاۋىي كىتابىنىڭ مۇئەللىپىنىڭ ئۇستازى ئەبۇلقاسىم ئەسسەيمەرى، ئەلخەتىب ئەبۇ بەكر ئەلھافىز ئەلباغدادى، ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ ئەمرۇ ئىبنى سىلاھ قاتارلىق بىر بۆلۈك بۇرادەرلىرىمىز كىتاپلارنى يازغان. بۇلار ھەر بىرى باشقا ئىككىسى بايان قىلىپ باقمىغان ئەڭ نەفىس مەزمۇنلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. مەن بۇ ئۈچ كىشىنىڭ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن مۇھىم دەپ بايان قىلغانلىرىنى ھەممىگە چۈشىنىشلىك ۋە قىسقا جۈملىلەرگە يىغىنچاقلىدىم ۋە ئۇلارنىڭ نەفىس مەزمۇنلىرىغا ھەمشىرىك بولىۋالدىم. ئاللاھ ھەممىمىزنى مۇۋەپپىقىيەتكە مۇشەررەپ قىلسۇن!

بىلگىنكى، پەتىۋا ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئورنى يۈكسەك، پەزىلىتى كاتتا ئىشتۇر. چۈنكى، مۇپتى پەيغەمبەرلەر (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ سالامى بولسۇن) نىڭ ۋارىسلىرىدىندۇر. ئۇ خاتالىقتا دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان،پەتىۋادىن ئىبارەت پەرز كۇپايە ئەمەلنىڭ شۇغۇللانغۇچىسى. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۇپتىغا قارىتىپ، مۇپتى ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىغا ۋاكالىتەن سۆزلەيدىغان كىشى دەپ نام بېرىلگەن.

ئىبنى ئەلمۇنكەدىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: « ئالىم ئاللاھ بىلەن بەندىلەرنىڭ ئارىسىدا تۇرىدۇ، ئۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قانداق چۈشۈشنى بىلىشى لازىم»

سەلەف ( ئىلگىرىكى) ۋە خەلەف (كېيىنكى) لەرنىڭ ھەممىگە مەلۇم نۇرغۇن مەسىلىلەردە پەتىۋا بېرىشتىن ئۆزىنى تارتقانلىقىغا دائىر رىۋايەتلەر بار. بۇلاردىن مىسال ئۈچۈن بىر قىسىملىرىنى بايان قىلىمىز:

ئابدۇرراھمان ئىبىن ئەبى لەيلانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ئەنسارىلاردىن 120 كىشى بىلەن مۇلاقەت بولدۇم. ئۇلارنىڭ بىرىدىن بىر سوئالنى سورىسىڭىز بىر — بىرىگە ئىتتىرىپ، ئاخىرىدا دەسلەپ سورالغان كىشىگىچە يېتىپ كېلەتتى.

ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس ( ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: سورالغان سوئاللارنىڭ ھەممىسىگە پەتىۋا بەرگەن كىشى مەجنۇندۇر.

شەئبى ، ھەسەن ۋە ئەبى ھەسىن (ھەسەن ئەمەس) قاتارلىق تابىئىن (ساھابىلەرنى كۆرگەن كىشىلەر) لەرنىڭ « ئەگەر سىلەر پەتىۋا بېرىۋاتقان مەسىلە ئۆمەر ئىبىن خەتتابتىن سورالغان بولسا ئىدى، ئۇ شۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىش ئۈچۈن بەدىر ئورۇشىغا قاتناشقانلارنى توپلىغان بولاتتى» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

سۇفيان ئىبنى ئۇيەينە ۋە سەھنۇنلارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:«كىشىلەرنى پەتىۋا بېرىپ چارچىتىپ قويغان كىشى ئىلىمسىز كىشىدۇر»

ئىمام شافىئى ھەققىدە مۇنداق بىر رىۋايەت بار. بىر كۈنى ئۇنىڭدىن بىر سوئال سورىلىپ، خېلى ئۇزۇنغىچە جاۋاپ بەرمىگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ نىمىشقا جاۋاپ بەرمەيدىغانلىقىنى قايتىلاپ سورىغان. ئىمام شافىئى« پەزىلەت جاۋاپ بېرىشىمدىمۇ ياكى سۈكۈت قىلىشىمدىمۇ شۇنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن كۈتتۈم » دەپ جاۋاپ بەرگەن.

ھەيسەم بىن جەمىيل« ئىمام مالىكنىڭ سورالغان 48 سوئالنىڭ 32گە بىلمەيمەن دەپ جاۋاپ بەرگەنلىكىنى كۆردۈم» دېگەن.

ئىمام مالىكنىڭ بەزىدە 50 سوئال سورىسا بىرىگىمۇ جاۋاپ بەرمىگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرمۇ بار. ئۇ ھەمىشە « كىمىكى بىر مەسىلىگە جاۋاپ بەرمەكچى بولىدىكەن، ئۇ جاۋاپتىن ئىلگىرى ئۆزىنى جەننەت بىلەن دوزاخقا تەڭلەپ بېقىشى، ئۇنىڭدىن قانداق ئامان بولۇش ھەققىدە ئويلانغاندىن كېيىن جاۋاپ بېرىشى لازىم» دېگەن سۆزنى تەكرارلايتتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭدىن بىر سوئال سورالغاندا بىلمەيمەن دەپ جاۋاپ بەرگەن. سوئال سورىغۇچى- بۇ دېگەن ئاسان بىر مەسىلىغۇ دېگەندە، ئۇ قاتتىق غەزەپلىنىپ : ئىلىمدە ئاسان، يەڭگىل دېيىدىغان گەپ يوق» دېگەن.

بۇ ھەقتىكى بايانلار ناھايىتى كۆپ...

بىز بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ پەتىۋا سورىغاندا، ئالىملىرىنىڭ پەتىۋا بەرگەندە، پەتىۋانىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئېتىبارغا ئېلىشىنى، پەتىۋانىڭ ئەدەب- ئەخلاقىغا ئىزچىل رىئايە قىلىشىنى، ھېچكىمنىڭ قالايمىقان پەتىۋا بەرمەسلىكىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئا.قارلۇقى تەرجىمىسى

# دۈشمەنـنـىڭ دۈشـمـنـى: دائـىـمـلـىـق دوست بولالامدۇ؟

ئالەمـلـەرنـىڭ پەرۋەردىـگارى بولغان ئاللاھقا ھەمدۇ- سانا، پەيغەمـبەرلەرنـىڭ خۇجـىسى رەسۇلـىـمـىز مۇھەمـمەد ئەلەيھىـسسالامغا دۇئا ۋە سالام يوللىـغانـدىن كېيـىن:

بەزىـدە يوروش- تۇرۇشلـىرىـمـىزنى ئۆز ئـىـلـكـىـگە ئېلـىـۋالغان، ئۆزىـمـىزگـىـمۇ ئاشكارىـلـىـغۇمـىز كەلمەيدىـغان دەرىـجـىـدە يوشۇرۇن بـىـر قـىـسـىـم باتـىـل قائىـدىـلەر بار. ئېـھتـىـمال، ئـىـنسان ئۇنى ياخشى ئاڭقىـرالماسلـىـقى، ئاشـكارا كۆرگەن چاغلـىرىدا ئۇنـىـڭغا ئېـتـىـراز قـىـلغان بولـىـشـىـمۇ مۇمكـىـن. شۇڭا، بۇنـىـڭغا ئوخشاش يوشۇرۇن ھالدا يورۇش- تۇرۇشلارنى كونترول قـىـلـىـۋالـىـدىغان قائـىـدىـلەرنـىـڭ ئـىـچكى قاتلامـلـىرىـنى ئېچـىـش، ئوتـتـۇرىغا چـىـقـىرىـش ۋە ئۇ ھەقـتـە تـالاش- تارتـىـش، مۇنازىـلەرنى ئېلـىـپ بېرىـش، ئۇنـىـڭ شەررىدىـن ساقلـىـنـىـش، ھەمـدە، كـىـشـىـلەرنى ئۇنـىـڭغا ئـىـتـائەت قـىـلـىـپ كـىـشـتـىـنـشـىـن توسۇشـتـىـكى ياخشى ۋاسـىـتە بولـىـشى مۇمكـىـن.

بۇ باتـىـل قائـىـدىـلەرنـىـڭ بـىـرى: "دۈشـمەنـنـىـڭ دۈشـمـىـنى ھەمـىـشە دوست" ياكى "دۈشـمەنـنـىـڭ دوستى ھەمـىـشە دۈشمـەن" دېـگـەن تونۇشـتـىـن ئـىـبارەت. ئـارىـمـىزدىـكى ھەمـمـەيـلەن ئۆز ئەقلى ۋە تەجرىـبـىـلـىرى بـىـلـەن ئۇنـىـڭ ساغلام قاراش ئەمـەسلـىـكـىـنى ئوبدان بـىـلـىـدۇ. چۈنكى ئۇ، ئـىـككى دۈشـمەنـنـىـڭ ئۆزىـگـە دۈشـمەنـلـىـك بۇلـىـدىـغان بـىـر ئـىـشتا ئورتاقلـىـشـىـش ئـىـمـكانـىـيـىـتـىـڭ بارلـىـقـىـنى ، ئـىـكـكـىـسـىـنىڭ ئاداۋەتلـىـشـىـشـىـگە سەۋەب بولغان ئـىـشـنـىـڭ ئۆزىـگـە دۈشمەنلـىـك قـىـلـىـشقا ئېلـىـپ كەلگەن ئـىـش بـىـلـەن ئالاقـىـسى بولماسلـىـقى مۇمكـىـنلـىـكـىـنـىـمۇ بـىـلـىـدۇ. ئۇ يەنە، بـىـزگە دۈشـمەن كـىـشـىـلەر بـىـلـەن دوستلاشقانلارنـىـڭ، بـىـزگە دۈشـمەنلـىـك ئاپـىـتى ئېلـىـپ كەلگەن ئـىـش بـىـلـەن

ئالاقىسى بولماسلىق مۇمكىنلىكىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. لېكىن بىز، رېئال ھاياتىمىزدا، ئەقىل ۋە تەجرىبىلەر ئارقىلىق باتىللىقى خۇلاسىلەنگەن بۇ قائىدە – پرىنسىپلارنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە مېڭىپ قالىمىز. بۇ باتىل قائىدىنىڭ زىيانلىق تەرىپى، شەخس، جامائەت ياكى دۆلەتلەرنى ئۆز پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەشتە مۇستەقىل بولالمايدىغان قىلىپ قويىدۇ. ھەتتا، ئۆزىمۇ ھىس قىلمىغان ھالدا، مەيدانى دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ بېرىلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇنىڭ مەيدانى ھەمىشە، ئۆزى دۈشمەن ساناۋاتقانلارنىڭ قارشىسى ياكى زىيتىنى تەرىپىنى ئېتىبارغا ئېلىپ تۇرۇپ، بەلگىلىنىدۇ. مەلۇم شەخس ياكى ئورگانلارنى ماختاش، ئۆز ئىشلىرىنى راھەت ئېلىپ بېرىشىغا ياردەم بەرگىنىدەك، ئۇلارغا قىلىنغان ھۇجۇمىمۇ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ بىلەن باشقىلارنىڭ مەدھىيەسىنىمۇ قولغا كەلتۈرىدۇ.

يەنە بىر زىيانلىق تەرىپى: ئەگەر دۈشمەن، بۇ خىل باتىل قائىدە- پرىنسىپلار بويىچە ماڭىدىغانلاردىكى بۇنداق ئاجىزلىقنى بىلىۋالسا، ئۇنىڭدىن قورقۇنچلۇق شەكىلدە پۇرسەتپەرەستلىك قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئۇ، قەلبىدىكى دۈشمەنلىكىنى چوڭقۇر يۇشۇرۇپ قويۇپ، سىزگە يېقىنچىلىق قىلىپ قويسىلا، سىزگە مۇئەييەن تەرەپلەرنى دۈشمەن قىلىپ قويالايدۇ. ھەتتا، سىزگە دۈشمەن قىلىنغان تەرەپمۇ، سىزنىڭ يېقىن دوستىڭىزنىڭ ئورۇنلاشتۇرىشى بىلەن بولغان بولىشى مۇمكىن.

دەرۋەقە، ئىشلىرىدا مۇۋەپپىقىيەت قازىنىدىغان ئاقىللار، ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىنى ھامان، ئۆز پرىنسىپلىرى ۋە مەنپەئەتلىرىنى ئېتىبارغا ئالغان ھالدا ، مۇستەقىل مىقياسلىرى بىلەن ئۆلچەيدۇ. ئىشلارنىڭ سەلبى ياكى ئىجابى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىشلىرىنى باشقىلارنىڭ بەلگىلەپ بېرىشىگە تاشلاپ قويمايدۇ. دىنىمىز بىزنى، دۈشمىنىمىزگە بولغان نەپرىتىمىز سەۋەپلىك، ئۇنىڭغا زالىمنىڭ يولسىزلىق قىلىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ قويۇشىمىزدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ. باشقىلارغا قىلغان ھۆكمىمىزدە ئادىل بولماي، دوستلىشىشقا، ياردەم بېرىشكە

**تىگىشلىكلەر بىلەن دۈشمەنلەشسەك ياكى دۈشمەنلىشىش ۋە قارشىلىششقا تېگىشلىك كىشىلەرگە ياردەم بەرسەك ، بىزنى نېمىشقىمۇ چەكلىمىسۇن؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:** «بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا)ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمەنلىرىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ (يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر»[1]

# داخان ۋە ئاياللار...

ھەر قېتىم داخان ھەققىدە گەپ — سۆز بولغاندا، كىشىلەر ئالدى بىلەن سېھىر گەرلەرگە كۆپرەك قاتنايدىغانلار ئاياللاردىن تەشكىل تاپىدۇ، دېيىشىدۇ؟ بۇ مەسىلىنىڭ راست — ياكى يالغانلىقىنى، بۇ خىل ئېتىقادنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئورۇنۇش، ئۇقۇرمەنلەرنى ئانچە — مۇنچە ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغۇ دېگەن قاراشتا بۇ ماقالىنى يېزىش نىيىتىگە كەلدۇق.

بۇ تېمىنى ئىنچىكە يورۇتۇپ بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئاياللاردىن، ئىككىنجى بولۇپ سېھىرگەر- داخانلاردىن سوراپ ئېنىقلاش بەكلا زۆرۈر ئىدى. لېكىن، بۇنى سورايدىغانغا داخانغا بېرىپ باققان ئۇيغۇر ئايالىلىرى ۋە ئۇيغۇر داخانلىرىدىن يىراق بولغانلىقىمىز ئۈچۈن، بىر نەچچە ئۇيغۇرنىڭ كۆز قاراشلىرىنى ئېلىپ كۆرگەندىن باشقا، بىزنىڭ شارائىتىمىزغا بىر قەدەر يېقىن، ئەھۋالي ئاساسي جەھەتتىن ئوخشىشىپ كېتىدىغان ئەرەب ئەللىرىدىكى بىر قىسىم ئەھۋاللارنى چىقىش قىلىپ تورۇپ، بۇ ماقالىنى يېزىپ چىقتۇق.

ژورنالىست مۇھەممەد مەمدۇھ ئۆزىنىڭ نەق مەيداننى كۆزەتكەندىن كېيىن مۇنداق يازىدۇ: داخاننىڭ ئىشىكى ئالدىغا تويلىشىۋالغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئايالالار ئىدى، ئەمما بىر نەرسىگە ھۆكۈم قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشكە توغرا كېلەتتى....مەن ئاخىر ئۇيەردىكى بىر نەچچەيلەنگە تەكشۇرۇش دوكلاتىمدا ئىسىملىرىنى زىكىر قىلماسلىقىقا ۋەدە قەسەملەرنى بىرىپ، ئاران دېگەندە مېنىڭ سۇئاللىرىمغا جاۋاپ بېرىشكە ئىندەككە كەلتۇردۇم.

داخانلارغا قاتراشنىڭ سەۋەپلىرى

باشتىلا داخانلارنىڭ ھوزۇرىغا قاترايدىغانلارنىڭ مۇتلەق كۆپ سانلىقى ئايالالار ئىكەنلىكىنى، چۈنكى ئايالالارنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا داخانلارغا بىر قەدەر سەمىمىلىك بىلەن قارايدىغاندىغانلىقىنى، قېيىنچىلىقلىرىنى ھەل

قىلالايدۇ دەپ ھەقىقىي ئىشىنىدىغانلىقى سەۋەبىدىن ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشتى. داخان – جىنكەشلەرنىڭ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، جىنلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىدە قانداق ئۇسۇل، ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنىمۇ ئىزاھلاشتى...

بىرىنچىلا كاللامدا ، يۇرتىمىزنىڭ خىلۋەت يېزىلىرىدىنلا ئەمەس، تازا تەرەققىي قىلدى دەپ قارايدىغان شەھەرلىرىمىزنىڭ ئېسىل خېنىم – قىزلىرىمۇ تاپقان، تەرگەنلىرىگە تۇمار پۈتكۈزۈپ، بەخت- تەلەيلىرىگە پال ئاچقۇزۇپ يۈرىدىغان ئاشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھېلىھەم مەۋجۇدلىقى نامايەن بولدى. داخان- جىنكەشلەرگە پۇل مال سەرپ قىلىدىغانلارنىڭ كىملەر بولىشى، بۇ خىل ئېتىقادقا ئىشىنىدىغان ياكى ئىشەنمەيدىغان ( مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە) لارنىڭ قانچىلىك بولىشىنى بىر قانچە دەقىقە بولسىمۇ خۇسۇسىي سوتىمىزنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇپ، مۇھەممەد مەمدۇھنىڭ داخاندىن ئالغان مۇنۇ مەلۇماتىغا قاراپ چىقايلى« ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا بىر قەدەم مەرت، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەقىللىقراق كېلىدۇ. ئەرلەر بىزنىڭ قېشىمىزغا كۆپ كەلمەسلىكىدىكى سەۋەپنى كۆپىنچە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خۇراپات دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئاساسىي سەۋەپ، ئۇلارنىڭ بېخىللىقىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنغان..»

ئەمما، ئىمان تەخەللۇسى قوللانغان بىر ئۇيغۇر ئايال بۇ ئەھۋالنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەرلەرنىڭ داخانلارغا بارماسلىقى ئۇلارنىڭ بېخىللىقىدا دېگەن قاراش توغرا ئەمەس. ئەگەر بۇ يەردە ھەقىقىي سەۋەپ بار دېسەك، ئەلۋەتتە ئۇ ئەرلەرنىڭ سىرتقا قاراپ قېلىشى بولسا كېرەك. چۈنكى، ئەرلەر جەمئىيەتتە دۇچ كەلگەن ھەرقانداق مەسىلىلەرنى كۈچ ياكى پۇل – مال بىلەن ھەل قىلالايدۇ. ئەمما، ئاياللار بۇنداق قىلىشتىن ئاجىز. ئاياللار بۇ مەسىلىگە ئىشەنسۇن ياكى ئىشەنمىسۇن، ئاخىر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىغا بۇ خىل يوللار بىلەن تەسەللى ئىزدەيدۇ.

بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرگەن باياتاش ئىسىملىك ئۇيغۇر يىگىتى مۇنداق دەيدۇ: ئومۇمەن داخانلارغا بارىدىغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاياللاردىن تەشكىل تاپىدۇ. سەۋەبى، بۇ يەردە يالغۇز فىزىلوگىيىلىك ئاجىزلىقتىن باشقا بىر خىل پىسخىك ئاجىزلىك بار. ئۇ بولسىمۇ، ئاياللاردىكى ئاسان ھاياجانلىنىش، تېز ئىشىنىش قاتارلىق

ئەھۋاللار. شۇڭا، ئۇلار داخانلار ، يۇتتۇرگەننى تېپىپ بېرەلەيدۇ، كۆڭۈلدىكى كىشىنى قىزنىتىپ بېرەلەيدۇ، دۈشمەننى پالەچ قىلىپ، دوستنى پالۋان قىلالايدۇ، ئورۇقلىتالايدۇ، سەمرىتەلەيدۇ، باي قىلالايدۇ، نامرات قىلالايدۇ، تۇغماس ئاياللار تۇغىدۇ... دەپ قارايدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە پىسخىك ئاجىزلىقتىن نەتىجىلەنگەن بىر خىل ئېتىقادى سۇسلۇق. ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر خۇسۇسىيىتىدىن گۇمانلىنىش.

جەمىيەتشۇناس ئالىمە دوكتورە ئىجلال ئىسمائىل ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك سېھىر گەر، داخانلارغا قانرايدىغانلىقىنى ئۇلارنىڭ ئۆسەك سۆزگە ئاسان ئىشىنىدىغانلىقى... سېھىردە ئىشلىرىغا قولايلىق بار دەپ ئېتىقاد قىلىدىغانلىقى ، بوش ۋاقتىنىڭ كۆپ ، مەسئۇلىيىتىنىڭ كەم بولغانلىقى ئاساسىي سەۋەپ دەپ قارايدۇ.

داخانلارغا كېتىدىغان سەرپىيات

ئۇيغۇرلاردا داخانلارغا كىتىدىغان سەرپىيانىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدە خېلى ئىچكىرلەپ مەلۇمات ئېلىشقا تىرىشتۇق. ئۆز قولى بىلەن داخانلارغا پۇل بىرىپ باققانلار بولمىسىمۇ، ھەر ھالدا ئاڭلىغانلار ، بەرگەننى كۆرگەنلەرنىڭ تەكىتلەشلىرىگە قارىغاندا ، بىر قېتىملىق پال ئېچىش ياكى دۇئا ئوقۇتۇشنىڭ باھاسى 10 يۈەندىن 100 يۈەنگىچە بولىدىكەن. ئەمما، پارىس قولتۇقى دۆلەتلىرىدە ئاياللارنىڭ بىر قېتىم دۇئا ئوقۇتىشى ئۇچۇن 400 دوللاردىن 1500 دوللارغىچە سەرپىيات كېتىدىكەن. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان بىر ئىش شۇكى،بىر ئەرەب ئايالدىن مۇھەممەد مەمدۇھ دۇئا ياكى داۋالاشتا قانداق ۋاستىلەرنى قوللىنىدىغانلىقىنى توغرىسدا سورىغاندا: بۇ سىرلارنى ئاللاھقا قويغىن-، دەپ قىسقىلا جاۋاپ بىرىدۇ. قارىغاندا بۇ يەردە نۇرغۇنلىغان تەتۈر سۇئال بەلگىلىرى جان تالىشىۋاتقاندەك قىلىدۇ.

تەتقىقات نەتىجىلىرى...

قاھىرە ئىجتىمائىي جىنايى ئىشلار تەتقىقات مىللى مەركىزىنىڭ تەتقىقاتچىسى دوكتۇر مۇھەممەد ئابدۇلئەزىم، مەمدۇھنىڭ سۇئالىغا بەرگەن جاۋابىدا،مىسىر ئاياللىرىنىڭ يېرىمى دىگۇدەك سېھىر ۋە خۇراپاتلارغا ئىشىنىدۇ، ئۇلارچە

جىنكەش، داخانلارنىڭ ئۆلارنىڭ ھايات لىنىيەسىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. تەتقىقاتنىمىزنىڭ نەتىجىسىگە قارىغاندىمۇ ئاياللار ئەرلەرگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە ئارتۇق-، دېيدۇ.

يۇقىرىقى تەتقىقات نەتىجىسىدىن قارىغاندا، مىسىردا ئەر ۋە ئاياللار بولۇپ، سېھىر قىلىش، سېھىردىن قوتۇلۇش، دۇئا ئوقۇتۇش قاتارلىقلارغا ئۇتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا (2003 ـ يىلىدىكى تەتقىقات نەتىجىسىگە قارىغاندا) 10 مىليارد جۇنەيھ (903 .612 .1 بىر مىليارد، ئالتە يۈز ئون ئىككى مىڭ توققۇز يۈز ئۈچ دوللار) سەرپىيات كىتىدىكەن. ھەر 240 كىشى بېشىغا بىردىن داخان ياكى سېھىرگەر دەججال توغرا كىلىدىكەن.

مىسىر ئەيىن شەمس ئۇنىۋېرسىتىتى ئىجتىمائىي پەنلەر پاكولتىتىنىڭ مۇئەللىمەسى دوكتورە سامىيە ئەسسائاتى ئېلىپ بارغان بىر تەتقىقات نەتىجىسىمۇ ئوخشاشلا ئاياللارنىڭ سېھىرگە ئىشىنىشىنىڭ ۋە سېھىرگەرلەرگە قاتنىشىنىڭ بىر قەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. تەتقىقاتتىكى ئادەمنى ھەيران قىلىدىغان يەنە مۇھىم تەرەپ، سېھىرگەرلەرگە قاترايدىغان ئاياللارنىڭ 55% مائارىپ تەربىسى كۆرگەنلەر، 24% ئوقۇش يېزىشنى بىلىدىغانلار، 30% ساۋاتسىزلار ئىكەن.... بۇ ئەھۋاللار ئەرلەردىمۇ ئوخشاش نىسبەتنى ئىگەللەيدىكەن.

تەتقىقات يەنە مۇنداق مۇھىم تەرەپلەرنى ئاشكارىلىغان. سېھىرگەر، داخانلارغا قاترايدىغان بۇ ئاياللارنىڭ 51% توي قىلىپ بولغانلار، 1% .2 ئۆزىگە يىگىت جەلىپ قىلىشنى خالايدىغانلار ئىكەن. ئادەمنى تېخىمۇ قىزىقتۇرىدىغىنى 57% ئايال سېھىردىن پايدىلىنالمىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلسا، 42% پايدىلانغانلىقىنى سۆزلىشىدىكەن.

ئېتىقاد بابىدا سېھىر ۋە سېھىرگەرلىك

مەن ئاخىرىدا، كاھىن، داخان، سېھىرگەرلەرگە ۋاقتىتىن باشقا پۇل- مال سەرپ قىلىش، ئۇنىڭدىن ئۆزىنىڭ ھەرخىل قىيىنچىلىقلىرىغا غايىۋى تەسەللى ئىزدەشلەرنى ھامان دىنى ئەقىدىدىن ئايرىپ قاراش توغرا ئەمەس دېگەنلەر بىلەن بىر تەرەپتە بولغاچقىمىكىن، بۇنىڭغا ئىسلامنىڭ نوپۇزلۇق كىتاپلىرى ۋە ئېتىبارلىق ئالىملىرىنىڭ قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن، ئانچە –مۇنچە ئىزدىنىپ كۆردۈم.

قۇرئان كەرىمدىكى قىسسىلەرگە كۆرە سېھىر مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مىسىردا تازا راۋاجلانغان، پىرئەۋن ھوزۇرىدا كامالەتكە يەتكەن جادۇگەرلەر بولغان ئىكەن، ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەق دىن بىلەن كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، مۇسا ئەلەيھىسسالامغا ئىشلىتەمەكچى بولغان بارلىق سېھىرلىرىنى ئۆز قۇدرەت ئىلاھى بىلەن گۇمران قىلغان. شۇئان ئۆزىنىڭ ھەق دىندىن ھەقىقەتەن يىراقتا ئىكەنلىكىنى بايقىغان پىرئەۋن ئوردىسىدىكى جادۇگەرلەر ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن دەرھال ئىمان ئېيتىشقان.[1] قۇرئان كەرىمدە سېھىر سۆزى 12 يەردە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ھەممىسىدە سەلبى تەسۋىرلەنگەن. دېمەك بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ مەسىلىگە مۇتلەق يول قويمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمما ھەدىستىكى بايانلار بۇ ھەقتە ئېنىق ھۆكۈملەرنى چىقارغان بولۇپ، ھەرقانداق ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ يۈرگەن كىشىنىڭ بۇ ئىشتىن دەرھال قول ئۈزمىسە بولمايدىغانلىقىنى جىددى ئەسكەرتىدۇ. ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «سىلەر ھالاك قىلغۇچى يەتتە خىل گۇناھلاردىن ساقلىنىڭلار» ساھابىلەر: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسىلار؟ دېدى . پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلار الله غا شېرىك كەلتۈرۈش، سېھىرگەرلىك قىلىش، الله تائالا ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن جانلارنى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈۋېتىش، جازانىنى يېيىش، يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلكىنى يېيىش، جىھاد مەيدانىدىن قېچىش، پاك، ئىپپەتلىك تەقۋادار ئاياللارغا بوھتان چاپلاشتۇر» دېدى. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تېخىمۇ قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇپ مۇنداق دېيدۇ: «كىمكى سېھىرگەر ياكى داخاننىڭ يېنىغا كەلسە، ئۇ مۇھەممەدكە نازىل بولغان شەرىئەتكە كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ.»

ئەمما ئىسلام ئۇن لاين فەتىۋا كومىتېتى يوقىرىقى ھەدىسنى چۆرىدىگەن ھالدا، بۇ ئىشنىڭ بارلىق ئىسلام تەلىماتلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى.[2]

ت ـ ئا. قارلۇقى

---

[1] (ئەئراف سۈرىسى، 16-ئايەتتىن 22- ئايەتكىچە بولغان ئارىلىقتا بۇ مەزمۇنلار بايان قىلىنغان)

# ئاياللارنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالى

سۇلايمان ئىبن سالىھ ئەلخەراشىي

_ ھەمد ساناالر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا خاستۇر. دۇئا ۋە ساالمالر پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ شەرەپلىكى بولغان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسساالمغا، ئائىلە تاۋاباتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە بولسۇن!

ئايالالرنىڭ جەننەتتىكى ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى، ئۇالرنى ئۇ يەردە نېمىلەرنىڭ كۈتىدىغانلىقىغا دائىر سوئالالرنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، بۇ تېمىنى ئۇالر ئۈچۈن يورۇتۇپ بېرىدىغان بىر قانچە خىل پايدىنى ساغالم دەلىللەر ۋە ئۆلىماالرنىڭ سۆزلىرى بىلەن ئىسپاتالش ئاساسىدا توپلىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالالھ تائاالدىن ياردەم تىلەپ سۆزۈمنى باشاليمەن:

بىرىنچى: ئايالالرنىڭ ئۆزلىرى جەننەتتە ئېرىشىدىغان ساۋاب ۋە نېمەتنىڭ تۈرلىرى توغرىسىدا سوئال سورىشى يامان ئىش ئەمەس. چۈنكى ئىنسانىيەتنىڭ نەپسى ئۆزىنىڭ ئاقىۋىتى، كېلەچەكنى بىلىشكە ھەۋەس قىلىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالم ساھابىلىرىنىڭ جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى توغرىسىدىكى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سوئالالرنى سورىشىنى يامان كۆرمەيتتى. مەسىلەن ئۇالر: "جەننەت نېمىدىن ياسالغان؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسساالم: "بىر خىشى ئالتۇن، بىر خىشى

كۈمۈش ..." (ھەدىسنىڭ ئاخىرىغا قەدەر) دەپ جاۋاب بەرگەن. بىر قېتىم ئۇلار: ئـي ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىز جەننەتتە ئاياللىرىمىزغا يېتەلەمدۇق؟ دەپ سوراشقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇنداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن.

ئىككىنچى: ئىنسانلارنىڭ نەپسى – مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن – جەننەت ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان تۈرلۈك نازۇ- نېمەتلەر زىكىر قىلىنغان چاغدا، ئۇنىڭغا تەلپۈنىدۇ، شادلىنىدۇ . بۇ ئۇنىڭغا مۇناسىپ ياخشى ئەمەللەرنى قىلماي، يالغۇز ئارزۇلا بولۇپ قالماسلىق شەرتى ئاستىدا ياخشى ئىش. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرگە مۇنداق دەيدۇ: « سىلەر (دۇنيادا) قىلغان (ياخشى) ئەمەللىرىڭلار بىلەن ۋارىس بولغان جەننەت ئەنە شۇدۇر» [1] جەننەتنىڭ خەۋەرلىرى بىلەن نەپسىڭلارنى شاتلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن سەمىمىي ئەمەل قىلىڭلار!

ئۈچىنچى: جەننەت ۋە ئۇنىڭ نېمەتلىرى ئاياللارنى ئايرىپ قويۇپ، ئەرلەرگىلا خاس قىلىنغان ئەمەس. بەلكى ئۇ ئىككى جىنس ئارىسىدىكى «تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان.»[2] ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئەر - ئاياللاردىن مۆمىن بولۇپ تۇرۇپ ياخشى ئىشلارنى قىلغانلار جەننەتكە داخىل بولىدۇ، ئۇلارغا قىلچە زۇلۇم قىلىنمايدۇ (يەنى ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ساۋابى قىلچە كېمەيتىۋېتىلمەيدۇ )»[3]

تۆتىنچى: ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ جەننەتكە كىرىشكە دائىر تەپسىلاتلار توغرىسىدا گويا ھالاكەتلىك سەھراغا كىرىپ قالغاندەك ئۇنى قانداق قىلىدۇ؟ قەيەرگە بارىدۇ؟ دېگەنگە ئوخشاش، سوئاللارنى ئىچكىرىلەپ سوراش بىلەنلا بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم. ئۇنىڭ پەقەت جەننەتكە كىرىشى بىلەنلا ئۇ دۇچ كەلگەن بارلىق ھارغىنلىق ۋە بەختسىزلىكلەرنىڭ يوقايدىغانلىقىنى بىلىشى يېتەرلىك ... ئۇ بەختسىزلىكلەر ئەبەدىيلىك بەخت - سائادەتكە، مەڭگۈ قېلىپ قېلىشقا ئۆزگەردى . ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت توغرىسىدىكى مۇنۇ سۆزى يېتەرلىك : (جەننەتتە ئۇلارغا چارچاش بولمايدۇ، ئۇلار جەننەتتىن چىقىرىۋېتىلمەيدۇ)[4] يەنە ئاللاھ تائالا

مۇنداق دەيدۇ: (جەننەتتە كۆڭۈللەر تارتىدىغان، كۆزلەر لەززەتلىنىدىغان نەرسىلەر بار، سىلەر جەننەتتە مەڭگۈ قالىسىلەر)[5] بۇلارنىڭ ھەممىسىدىن بۇرۇن ئاللاھ تائالانىڭ جەننەت ئەھلى توغرىسىدىكى مۇنۇ سۆزى ھەممىگە كۇپايە قىلىدۇ: (الله ئۇلاردىن رازى بولىدۇ، ئۇلار الله دىن مەمنۇن بولىدۇ)[6]

بەشىنچى: الله تائالا تۇرلۇك يېمەكلىكلەر، گۈزەل مەنزىرىلەر، ئورۇنلار، كىيىم - كېچەكلەر قاتارلىق جەننەتتىكى بار قىزىقتۇرغۇچى ئامىللارنى بايان قىلغاندا ئەر ۋە ئاياللىدىن ئىبارەت ئىككى جىنسنى كۆزدە تۇتىدۇ، ئۇنىڭدىن ھەممە ئوخشاش ھوزۇرلىنىدۇ. ئەمما، الله تائالا ئەرلەرنى جەننەتكە ئۇنىڭدىكى ھۆرلەر ئارقىلىق قىزىقتۇرىدۇيۇ_ ئاياللار توغرىسىدا بۇنداق ئەھۋال زىكىر قىلىنمايدۇ. ئاياللار بۇنىڭ سەۋەبى ھەققىدە تەئەججۈپلىنىدۇ!؟

بۇنىڭ جاۋابى:

1- (الله نىڭ قىلغانلىرىدىن سوئال – سوراق قىلىنمايدۇ، ئۇلاردىن سوئال – سوراق قىلىنىدۇ)[7] ئەمما مەن بۇنىڭ ھېكمىتىنى شەرئى نەس ۋە ئىسلامنىڭ ئاساسلىرىدىن ئىزدىسەك ھېچقانداق توسالغۇ يوق دەپ قارايمەن.

2- ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك ھايا ئاياللارنىڭ تەبىئىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. شۇڭا الله تائالا ئۇلارنى جەننەتكە ئۆزلىرى ھايا قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن قىزىقتۇرمىغان.

3- ئاياللارنىڭ ئەرلەرگە بولغان قىزىقىشى ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان قىزىقىشىغا ئوخشىمايدىغانلىقىمۇ ھەممىگە مەلۇملۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن الله تائالا ئەرلەرنى جەننەتنىڭ ئاياللىرىنى زىكىر قىلىش بىلەن قىزىقتۇردى. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ سۆزىنى تەستىقلايدۇ: «مەن ئۆزۈمدىن كېيىن ئەرلەرگە ئاياللاردىن بەكرەك پىتنە بولىدىغان بىر نەرسە قالدۇرمىدىم.»[8]

ئەمما ئايال كىشىنىڭ كىيىم - كېچەك ۋە زىبۇ - زىننەتكە بولغان قىزىقىشى ئەرلەرگە بولغان

ئىنتىلىشىدىن يۇقىرى بولغاچقا ئۇلارنى ئۆزلىرىنى جەلپ قىلىدىغان نەرسىلەر بىلەن قىزىقتۇردى. ﷲ تائالا مۇنداق دېگەن: «زىبۇ زىننەت ئىچىدە چوڭ بولىدىغان (قىزلارنى مەنسۇپ قىلامدۇ؟)»[9]

4- بۇ ھەقتە ئىبن ئۇسەيمىين مۇنداق دېگەن: ﷲ تائالا ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللارنى زىكىر قىلدى. چۈنكى ئۇنى تەلەپ قىلىدىغىنى ۋە ئاياللارغا قىزىقىدىغىنى ئەر ئىدى. شۇڭا ئۈچۈن جەننەتتە ئەرلەر ئۈچۈن ئاياللارنىڭ بارلىقىنى زىكىر قىلىپ، ئاياللارغا ئەرلەرنىڭ بارلىقىدىن ئېغىز ئاچمىدى. ئەمما بۇ ئاياللارغا ئەرلەر يوق دېگەننى تەقەززا قىلمايدۇ. بەلكى، ئۇلارنىڭمۇ ئادەم بالىلىرى ئىچىدىن ئەرلىرى بولىدۇ.

5- ئاياللار دۇنيادا تۆۋەندىكى ئەھۋاللارنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەيدۇ:

1) ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى.

2) تالاق قىلىنغاندىن كېيىن باشقا بىرىگە ياتلىق بولغۇچە ئۆلۈپ كېتىش ئەھۋالى.

3) ئۆيلەنگەن ئەمما يولدىشى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرەلمەسلىك – ﷲ ئۇنىڭدىن پاناھلىق بەرگەي!- ئەھۋالى.

4) توي قىلغاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كېتىش ئەھۋالى.

5) يولدىشى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئەرسىز قىلىش ئەھۋالى.

6) ياكى يولدىشى ۋاپات بولۇپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا بىرى بىلەن ئۆيلىنىش ئەھۋالى.

بۇ ئايال كىشىنىڭ دۇنيادىكى دۇنيادىكى دۈچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئەھۋاللىرى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە توغرا كېلىدىغان ئەھۋاللار جەننەتتە ھازىرلانغاندۇر:

1) ياتلىق بولۇشتىن ئىلگىرى ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالغا كەلسەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «جەننەتتە بويتاق ئىنسان يوق»[10] دېگەن سۆزىگە ئاساسەن، ﷲ تائالا

ئۇنى دۇنيا ئەھلىدىن بىرىگە جۈپلەپ قويىدۇ. ئىبن ئۇسەيمىيىن بۇ ھەقتە مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى ئەگەر دۇنيادا ئۆيلەنمىگەن بولسا، الله تائالا ئۇنى جەننەتتە كۆڭلىگە ئەرزىگەن بىرىگە جۈپلەپ قويىدۇ. جەننەتتىكى نېمەتلەر ئەرلەرگىلا خاس بولماستىن، ئۇ ئەر ۋە ئاياللارغا ئوخشاشتۇر. بۇ نېمەتلەرنىڭ قاتارىدا جۈپلىنىش.

2) تالاق قىلىنغان مەزگىلدە ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش.

3) يولدىشى ئۇنىڭ بىلەن جەننەتكە كىرەلمىگەن ئايالنىڭ ئەھۋالىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش بولۇپ، بۇ ھەقتە ئىبن ئۇسەيمىيىن مۇنداق دېگەن: ئايال كىشى جەننەت ئەھلىدىن بولۇپ، توي قىلمىغان ياكى يولدىشى جەننەت ئەھلىدىن بولمىغان بولسا، جەننەت ئەھلى بولغان ئەرلەرنىڭ ئىچىدىمۇ ئۆيلەنمىگەنلىرى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى بىلەن جۈپلەپ قويۇلىدۇ .

4) توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ۋاپات بولۇپ كەتكەن ئايالغا كەلسەك، ئۇ جەننەتتە ئۆزىنىڭ بۇرۇن توي قىلغان يولدىشى بىلەن بىرگە بولىدۇ.

5) يولدىشى ۋاپات قىلىپ كېتىپ ، تاكى ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر توي قىلماي ئۆتكەن ئايالنىڭ ئەھۋالىغا كەلسەك، ئۇ جەننەتتە ئۆزىنىڭ بۇرۇن ۋاپات قىلىپ كەتكەن يولدىشى بىلەن بىرگە بولىدۇ.

6) ئەمما، يولدىشى ۋاپات قىلىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيلەنگەن ئايالنىڭ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ئۆيلەنگەن يولدىشى بىلەن بىرگە بولىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «ئايال كىشى ئاخىرقى قېتىم ئۆيلەنگەن كىشىسى بىلەن بىرگە بولىدۇ»[11] بۇ ھەقتە يەنە ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالىغا دېگەن مۇنداق بىر سۆزى بار: "ئەگەر جەننەتتىمۇ مېنىڭ ئايالىم بولۇشنى خالىسىڭىز، مەندىن كېيىن ياتلىق بولماڭ. چۈنكى ئايال كىشى جەننەتتە دۇنيادا ئاخىرقى قېتىم ئۆيلەنگەن كىشىسى

بىلەن بىرگە بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ﷲ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن نىكاھلىنىشتىن توسقان. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتتىكى ئاياللىرىدۇر."

بۇ يەردە مۇنداق بىر مەسىلە بار: بىرەيلەن مۇنداق دەپ قېلىشى مۇمكىن: جىنازا نامىزىنىڭ دۇئاسىدا "ئۇنىڭ جۈپتىنى ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئەرگە ئالماشتۇرۇپ بەرگىن" دەپ كېلىدۇ . ئەگەر ئۇ دۇنيادا ئۆيلەنگەن بولسا، قانداقسىگە بىز ئۇنىڭ دۇنيادىكى جۈپتىنىڭ جەننەتتىمۇ جۈپتى بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، بۇنداق دۇئا قىلىمىز؟ ئەگەر ئۆيلەنمىگەن بولسا، قايسى ھەمراھى ، قايسى جۈپتىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمىز؟

بۇنىڭ جاۋابىنى شەيخ ئىبن ئۇسەيمىيىننىڭ مونۇ سۆزىدىن ئالىمىز: ئەگەر ئۆيلەنمىگەن بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئەرگە دېگەندىن ھايات قالغان تەقدىردە ئۆيلىنىش ئېھتىمالى بولغان ئەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ . ئەمما ئۆيلىنىپ بولغان بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىر ئەر دېگەن ئىبارىدىن، ئۆزى ئۆيلەنگەن ئەرنىڭ سۈپەتلىرىنى دۇنيادىكىدىنمۇ ياخشىراق سۈپەتلەرگە ئالماشتۇرۇپ بەرگىن، دېگەن بولىدۇ. چۈنكى ئالماشتۇرۇش ئەينىنى تېگىشىش بىلەن بولىدۇ. گويا، ...ﷲ تائالا بۇ كىشىنىڭ كاپىرلىقىنى ئىمانغا ئالماشتۇرۇپ بەردى، دېگىنىمىزگە ئوخشاش. ﷲ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈندە زېمىنمۇ باشقا بىر زېمىنغا، ئاسمانلارمۇ باشقا بىر ئاسمانلارغا ئايلىنىدۇ»[12] دېمەك، زېمىن شۇ زېمىن، بىراق ئۇ سوزۇلغان. ئاسمان شۇ ئاسمان، بىراق ئۇ يېرىلغان.

6- سەھىھ ھەدىسلەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللار ھەققىدە ئېيتقانلىرى بار: «مەن سىلەرنى (ئاياللارنى) دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى كۆردۈم»، يەنە بىر ھەدىستە «جەننەتتە تۇرغۇچىلارنىڭ ئاز قىسمى ئاياللار»[13] يەنە باشقا بىر سەھىھ ھەدىستە دۇنيادىكى ھەر بىر كىشىنىڭ دۇنيا ئاياللىرىدىن بولغان ئىككىدىن جۈپتى بولىدۇ، دەپ كەلگەن. ئالىملار

يۇقىرىقى ھەدىسلەرنى بىر يەرگە جەملەپ چۈشەندۈرۈش مەسىلىسىدە ھەر خىل قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان: ئاياللار جەننەتتە كۆپمۇ ياكى جەھەننەمدىمۇ؟

بەزى ئالىملار مۇنداق دېگەن: ئاياللارنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈن جەننەت ئەھلىنىڭمۇ، جەھەننەم ئەھلىنىڭمۇ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ھەقتە قازى ئىياز مۇنداق دەيدۇ: ئاياللار ئادەم بالىلىرىنىڭ كۆپ سانلىقىنى ئىگەللەيدۇ.

يەنە بەزى ئالىملار، يۇقىرىدىكى ھەدىسلەرگە تايىنىپ، ئاياللار جەھەننەمدە كۆپ، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئۇلار- يەنە- جەننەتتىكى ھۆر پەرىلەر بىلەن قوشۇلغاندا جەننەتتىكى ئەرلەرنىڭ ساندىن كۆپ، دېگەننىمۇ تەكىتلەيدۇ.

ئۈچىنچى تۈردىكى ئالىملار مۇنداق قارايدۇ: باشتا ئاياللار جەھەننەمدىكىلەرنىڭ كۆپچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاندىن مۇسۇلمان ئاياللار جەھەننەمدىن چىققاندىن كېيىن، جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىگە ئايلىنىدۇ. قۇرتۇبى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ«مەن سىلەرنى (ئاياللارنى) دوزاخ ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكى كۆردۈم» دېگەن ھەدىسىگە ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇنىڭ ئاياللارنىڭ جەھەننەمدىكى چاغلىرى بولۇشى ئېھتىمال . ئەمما ئۇلار شاپائەت ۋە الله تائالانىڭ رەھمىتى بىلەن جەھەننەمدىن چىقىپ، "بىر الله دىن باشقا ئىلاھ يوق" دېگەنلەردىن بىرىمۇ قالمىغان چاغدا، ئاياللار جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپچىلىكىدۇر . "

مۇھىمى: ئاياللار جەھەننەم ئەھلىدىن بولۇپ كەتمەسلىككە تىرىششى لازىم.

7- ئەگەر ئايال كىشى جەننەتكە كىرسە، الله تائالا ئۇنىڭ ياشلىقى ۋە قىزلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «جەننەتكە ياشانغان ئاياللار كىرمەيدۇ... الله تائالا ئۇلارنى جەننەتكە كىرگۈزگەندە تولغان قىزلارغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ .»

8- سەلەپ ئالىملىرىنىڭ بەزى قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، جەننەتتىكى دۇنيانىڭ ئاياللىرى الله تائالاغا قىلغان ئىبادەتلىرىگە مۇناسىپ ھالدا ھۆر پەرىلەردىن نەچچە ھەسسە گۈزەل

بولۇپ كېتىدۇ .

**9- ئىبنى ئەلقەييۇم مۇنداق دېگەن: "ھەر بىر كىشى جەننەتتە ئۆز ئەھلىدىن باشقىلارنىڭ يېقىنلىشىشىدىن يىراقلاشتۇرۇلغان."**

خۇلاسە گەپ: جەننەت ئەرلەر ئۈچۈن بىزەلگەندەك ئاياللار جامائەسى ئۈچۈن بىزەلگەندۇر. الله تائالا مۇنداق دېگەن: «(ئۇلار) قۇدرەتلىك الله نىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ.»[14] ئى ئاياللار جامائەسى، الله بەرگەن پۇرسەتنى قولدىن بەرمەڭلار! ئۆمۈر تولىمۇ قىسقا، ئۇ كېتىپ ، پەقەت ۋە پەقەت ئەبەدىيلىك دۇنيا قالىدۇ. سىلەرنىڭ ئەبەدىيلىك ئورنۇڭلار – الله خالىسا- جەننەتتە بولغاي. شۇ نەرسىنى بىلىڭلاركى، جەننەتنىڭ مەھرى ھەققى ئىمان، سالىھ، ياخشى ئەمەللەردۇر، ھەرگىزمۇ چېكىدىن ئاشقان باتىل ئارزۇ- ئارمانلار ئەمەستۇر.
پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ سۆزىنى ئەستىن چىقارماڭلار: «ئايال كىشى بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇغان، رامىزان روزىسىنى تۇتقان، ئىپپىتىنى ساقلىغان ۋە ئېرىگە بويسۇنغان بولسا، ئۇنىڭغا: جەننەتكە ئۇنىڭ قايسى ئىشىكىدىن كىرىشنى خالىسىڭىز، شۇ يەردىن كىرىڭ، دېيىلىدۇ.»

ئى ئاياللار! سىلەرنى ۋەيران قىلىشنى، ئازدۇرۇشنى ۋە جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشىشتىن يىراقلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان پىتنىنىڭ چاقىرىقلىرىدىن بار كۈچۈڭلار بىلەن ھەزەر ئەيلەڭلار! دىن سىرتىدىكى ئەر – ئايال يازغۇچىلار، رادىئو ، تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدىكى كىشىلەرنىڭ زىننەتلەنگەن ياغلىما ئىبارىلىرىنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتمەڭلار! ئۇلار پەقەت سىلەرنى ئۆزلىرىگە ئوخشىتىشنىلا مەقسەت قىلىدۇ. الله تائالا مۇنداق دېگەن: « ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىدۇ»[15]

ﷲ تائالادىن مۇسۇلمانلارنىڭ ئايالىلىرىنى جەننەتنىڭ نېمەتلىرىگە ئېرىشتۈرۈشنى ، ئۇلارنى توغرا يولدا ماڭدۇرۇشنى، ئايالىلارنى پىتنە- پاساتقا ۋە ۋەيران قىلىشقا چاقىرىدىغان ئەر- ئايال ئادىمى شەيتانلاردىن يىراق قىلىشنى تىلەيمەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىگە ﷲ نىڭ سالامى بولسۇن!

---

[1] ھۇجۇرات سۈرىسى، 72- ئايەت.

[2] ئال ئىمران سۈرىسى، 133- ئايەت.

[3] نىسا سۈرىسى، 124- ئايەت.

[4] ھەجىر سۈرىسى، 48- ئايەت.

[5] زۇخرۇف سۈرىسى، 71- ئايەت.

[6] مائىدە سۈرىسى، 119- ئايەت.

[7] ئەنبىيا سۈرىسى، 23- ئايەت.

[8] بۇخاري رىۋايىتى.

[9] زۇخرۇف سۈرىسى، 18 – ئايەت.

[10] مۇسلىم رىۋايىتى.

[11] سەھىھ ھەدىسلەر- ئەلبانىي

[12] ئىبراھىم سۈرىسى، 48- ئايەت.

[13] بۇ ھەدىسنى بۇخاري ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

[14] قەمەر سۈرىسى، 55- ئايەت.

[15] نىسا سۈرىسى، 89- ئايەت.

# ئىسلامدا ئاياللارنىڭ ئورنى

ئىسلام دىنىنىڭ ئاياللارغا تۇتقان پوزىتسىيىدە مەيلى ئىسلامدىن ئىلگىرىكى ياكى كېيىنكى بولسۇن بارلىق تۈزۈم ۋە پىرىنسىپلاردىن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرىپى شۇكى، ئوقۇم ۋە شەرىئەت ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئاياللارغا ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىك پىرىنسىپ ئاساسىدا مۇئامىلە قىلغانلىقى ۋە ئايالغا ئايالچە، ئەرگە ئەرچە كۆز بىلەن قارىغانلىقىدا بولسا كېرەك.

ئىسلام ئەرلەرگە ئىنسانلىق سۈپىتى بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭغا مۇئەييەن تەرتىپ، مۇئەييەن كۆرسەتمىلەرنى بەرگەندە، ئايالغىمۇ ئوخشاشلا ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ، ئەرلەر بىلەن ئوخشاش دەپ قارىدى. ئىنسانلارنىڭ ھەق ۋە ھۆرمىتى، ئېھتىياجىنىڭ مۇئەييەن ئورتاقلىقى ئىگە بولغانلىق سەۋەبىدىن،ئىنسانپەرلىك بابىنىڭ بارلىق تۈزۈم ۋە كۆرسەتمىلىرىدە ئەرلەر بىلەن باراۋەر دەپ قارىدى.

ئەمما، ئىسلام ئاياللارغا ئاياللىق خۇسۇسىيىتىنى ئېتىبارغا ئېلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاياللىقىغا ماس ھالدا تەرتىپ، تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيىتىنى بەلگىلىگەن چاغدا، ئەرلەرگىمۇ ئەرلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى بەلگىلىدى.

جەمئىيەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئىش تەقسىم قىلىش پىرىنسىپلىرى ۋە تەبىئىتىگە ئويغۇن ھالدا، ئەر ۋە ئايالدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل ئىنسان تىپىغا ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ خىل پەرقلىق ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتلەرنىڭ ئىستىخىك تەلىۋى ئەر ۋە ئاياللار ئوتتۇرىسىدا پەرقلىق ھۆكۈملەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىنى تەلەپ قىلاتتى. دەرۋەقە، ئىسلام دىنى ئاياللارغا خاس ھۆكۈملەر ۋە ئەرلەرگە خاس ھۆكۈملەرنى ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى ئەرلىك ۋە ئاياللىك خۇسۇسىيەتلەرنى توغرا مۆلچەرلەش ئارقىلىق، ھەر ئىككىلىسىنىڭ تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى ماس ھالدا، ئېنىق بەلگىلەپ بەردى.

ئەمما، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلىقىنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان تۈزۈملەردە، ئىسلام تەلىماتلىرىغا كۆرە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، چۈنكى، ئۇلار ئوخشاش ئىنسانلاردۇر.

پەقەت ئىسلام دىنىلا ئاياللارغا ئىنسانچە كۆز بىلەن قاراپ، ئۇنى ئەرلەر بىلەن يوقىرىدا ئېيتقاندەك، ئىنسانلارنىڭ ئىنسانى ئالاقىلىرىنى بىر ـ بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان تۈزۈم ۋە بەلگىلىمىلەردە ئوخشاش ھوقۇقتا ئىكە، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، دەپ قارىدى. لېكىن، باشقا ھازارەت ۋە مەدەنىيەتلەر ھەتتاكى كىشىلىك ھوقۇق ئەڭ يۈكسەك ئۇرۇنغا قويۇلدى دەپ داۋراڭ سېلىنىۋاتقان ياۋرۇپا ئەللىرىمۇ ئاياللارغا پەقەت ھۇزۇر ۋە ھالاۋەت تەبىرى ماھىيىتىدىكى ئايالىق سۈپىتى بىلەن قاراشتىن خالىي بولالمىدى.

ھەرقانداق جەمئىيەتنىڭ ئاياللارغا تۇتقان مەدەنىيەت پوزىتسىيىسى، شۇ جەمئىيەتنىڭ ھادىسىلەرگە قارىتا تۇتىدىغان مەيدانى ۋە مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ئاياللارنىڭ قانچىلىك رول ئوينىيالىغانلىقىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئاياللار ۋە ئەرلەرنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە چىن ئىشەنگەن بىر جەمئىيەتتە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى جانلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ۋە ئوخشاش بولمىغان ساھەلەر بويىچە ئەرلەر ياندىش ھالدا ئۆز تۆھپىلىرىنى قوشۇپ ماڭىدۇ ۋە نادىر ئۈلگىلەرنى يارىتىدۇ.

ئەكسىچە، ئاياللارغا ئىنسان سۈپىتى بىلەن ئەمەس، ئايالىق خۇسۇسىيىتى بىلەنلا قارايدىغان جەمئىيەتتە, ئاياللار تۆۋەن تەبىقە سانىلىدۇ. ئىنسانپەرۋەرلىك ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق رولىدىن مەھرۇم قىلىنىپلا قالماستىن، ئۇلار ھەرخىل رەڭلەر بىلەن بويىلىپ، ئەرلەرنىڭ ھۇزۇر ۋە ھالاۋەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان قەدىرسىز قونچاقلا ئايلىنىپ قالىدۇ.

بۈگۈنكى ئىسلام ۋە باشقا مەدەنىيەتلەرنى سېلىشتۇرما قىلغان ھالدا ئەڭ جانلىق ئوبراز ئىزدىسەك، ئەلۋەتتە، ئاياللارنىڭ رولى ۋە ئوخشاش بولمىغان ساھەلەردە ياراتقان ئىش ـ ئىزلىرى شۇ خىل جەمئىيەت

تايانغان مەدەنىيەت ئوقۇمى ۋە پرىنسىپلىرىنىڭ تەبىئىتى بىلەن تولىمۇ ماس شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بايقايمىز؛ ئىسلام دىنىدا ئاياللارنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتى ئەڭ جانلىق تەرىزدە ئېتىراپ قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن تۈرگۈزۈلگەن بولسا، غەيرى ئىسلامىي جەمئىيەتلەردە پەقەت ئايال دەپ ئىپادە قىلىنىپ، شۇنىڭغا ماس ھالدا ئۇلارنى ھۆزۈر ـ ھالاۋەتنىڭ ئاياللاردىن تەركىپ تاپقان ماددى مەپكۇرىسىگە ئايلاندۇرىۋالدى.

قەھرىمان مۇسۇلمان ئاياللار

گەرچە، فىزىلوگىيىلىك ۋە پىسخىلوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن، ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان مەسئۇلىيەتلەر پەرقلىق بولسىمۇ، مۇسۇلمان ئاياللار قەھرىمانلارچە ئىش ـ ئىزلارنى يارىتىشتا، ئىسلام بەرگەن يۈكسەك ئورۇندىن قالسىلا، ئۆزلىرىنىڭ ئىنسانلىق روھىغا بەكرەك ئىشەندى ۋە ئۆزلىرىنىڭ ئەرلەرگە ئوخشاش ئىنسان دېگەن تۇنىشىغا بەكرەك تاياندى.

ئىسلام كېلىشتىن ئىلگىرى تارىخنىڭ ئەخلەت ساندۇقىغا پەرلەشتۈرۈلگەن ئاياللار ، ئىسلام بىلەن ئۆزىگە خاس مۇستەقىل ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتى بار، ئەقىدىگە، ساماۋىي رىسالىگە ئىگە يېڭى بىر تويلۇمغا ئايلاندى. تارىخقا نۇرغۇن شىرىن ئەسلىمىلەرنى ھەدىيە قىلدى. غەرب ئەللىرىدە ئىسلامغا يۈزلىنىۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ ئايال كىشى بولىشىمۇ، ئىسلامنىڭ ئاياللارغا بەرگەن ئىلتىپاتىنىڭ زورلىغىنىڭ سەممىي ئىسپاتى بولۇشقا يېتەرلىك.

ئىسلام تارىخىدا ئەرلەرنىڭ ئىش ـ ئىزلىرى دەۋەت ۋە جىھاد ساھەسىدە خاتىرلەنگەن بولسا، ئاياللارنىڭمۇ ئىش ـ ئىزلىرى ئوخشاش ساھە بويىچە داۋاملاشتى. بۇ خۇسۇستىمۇ ئاياللار ئۆزلىرىنى پەقەت ئايال دەپلا ئەمەس، بەلكى، مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن ئىنسان دېگەن تونۇشتا ياشىغان بولدى.

ئىلمىي ۋە ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىشتا ئوينىغان رولىرىنى خاتىرلەپ چىقىش تېخىمۇ قىيىن. ھەۋۋا ئانىمىزدىن باشلانغان بۇ مۇسابە ئاسىيە، ھاجەر ۋە بۇۋى مەريەملەردىن ئۆتۈپ، خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئەسما بىنت ئەبۇ بەكىر مىسالى ساناقسىز

ئانىلار تارىخ بەتلىرىدە نۇر چېچىپ تۇرۇپتۇ. خۇسۇسەن، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر ئۇلارنىڭ ئىسلام تارىخىدىكى ئورنىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاياللار

دەۋرىمىزدىكى مۇسۇلمان ئاياللار يوقىرىدا زىكرى كەچكەن، ئاتىلىرى، ئەرلىرى ۋە پەرزەنتلىرىنىڭ پىداكارلىقىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن قەھرىمان ئانىلىرىمىزنىڭ قىزلىرى. شۇلارنىڭ قىزلىرى بولغان بۈگۈنكى خۇتۇن ـ قىزلىرىمىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، ئۆتكەن شۇ تارىختىكى قايتىلىيالمايدىغانغا قانداق تۇسالغۇلار بار؟!

ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيىتىنىڭ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي روھىدىن يىراقلىشىپ، ھەرخىل ئازغۇن ئېقىم ۋە قاراشلارنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ كەتكەنلىكىدىن باشقا ھېچقانداق تۇتامغا چىققۇدەك سەۋەب يوق.

ھازىرقى ئاياللىرىمىز يوقىرىدا ئېيتقىنىمىزدەك ئازغۇن پىرقىلەرگە ئەگىشىپ، ئاياللىق ئوبرازىغا داغ تەككۈزدى ۋە ھاياتتىكى ئىنسانلىق سالاھىيىتىنى خۇنۇكلەشتۈردى. ئەگەشكەن ئېقىملىرى، تايانغان ئىدىلوگىيىسى ساغلام بولمىغاچ ھەرقانچە تىرىشسىمۇ مۇستەقىل ئىنسانلىق سالاھىيىتى شەكىللەندۈرەلمىدى. بۇ بۈگۈنكى دۇنيا چىركىنلىكىنىڭ ئىگىزلىك سەۋەپلىرىدىن بىرى.

بۈگۈنكى مۇسۇلمان ئاياللىرىمىزنىڭ ئىسلام كۆرسەتكەن بەلگىلىمىلەرگە ئاخىلىق بوي سۇنۇپ، ئىلمي ۋە ئەمەلىي ساھەلەر بويىچە ھاياتتا ئۆزىنىڭ يوللىرىنى يىرىپ مېڭىشىغا نىمە توسقۇنلۇق بار؟!

ئاياللارنى تانسىخانا چىراقلىرى ئاستىدا لەرزان ئۇسۇلغا سېلىپ ئۇيگىنىپ كەلگەن ئەرلەرنىڭ غەزىۋىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق.

يالىڭاچلىق ئىلىم ـ پەن ئۇيگىنىشىنىڭ شەرتىمۇ؟ دىنىنىڭ كۆرسەتمىسى، مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەتلىرىدىن تېنىش مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ ئۆلچىمىمۇ؟ ياق، مىڭ قېتىملاپ ياق دەيمىزكى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ئىلىم بىلەن، مەدەنىيەت بىلەن ئالاقىسى يوق. ئاياللار ھاياتتا ئىززەت ـ ئىكرامغا

ئىرىشىش ئۈچۈن ئەسلىيىتىگە قايتىشى لازىم.

بىراق، دىن دۈشمەنلىرى دائىم ئىلىمنى يالىخاچلىقتىن، مەدەنىيەتنى ئۆزلۈكتىن تېنىشتىن ئايرىغىلى يول قويمايدۇ. مۇسۇلمان ئايالىلارنىڭ دۇنيادىكى ئورنىنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەر دائىم بۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى باغلاشقا تۈرلۈك ۋاستىلارنى قوللىنىدۇ. بۇنى بىلىپ قېلىش يېڭى باشلىنىشنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالغۇسى.

تەرجىمە قىلغۇچى :ئا. قارلۇقى

# ئانا ـــــــــــ داستان

ئابدۇلباست ئابدۇراهمان

----------------------

ئانا جەنۇبتىكى يىراق يېزىغا
بويۇن قىسىپ بارغاندا خېتىڭ,
پىشۋاتقان يوبداننى قويۇپ
ئالغانسە هە!
توپا چىراي پوچتالىيوندىن.
ئانا,
هىلىھەم ئىسىمدە،
مېنى يۇدۇپ جىگدىلىكلەردە،
ئوتۇن تېرەتتىڭ.
يۇرەككە ئوخشاش قىزىل چوغ ئىچىدە،
ماڭا كۆمەچ كۆمۈپ بېرەتتىڭ.
قەدىرلىك ئانا،
سېغىنسام سېنى،
خەت يازىمەن يىرتىق قەلبىمگە.
ياشىنىپ قالدىڭ،
ئۆيدە دەم ئالغىن،

كۆپ ئويلىما شائىر ئوغلۇڭنى،

گەرچە شېئىرغا نان كەلمىسىمۇ،

تەقدىرىمگە كۆپ دۇئا قىلغىن.

ئانا،

بىرتىق چاپان, كىرلاش رومىلىك،

يېرىق تاپان،قوتۇر قوللىرىك.

دېمىدىغۇ ئاغرىق دۇنياغا،

قاپاقتىكى ئاشقان سۈلىرىك.

ئاھ! بىچارىمەن،

قىيامەتتەك سەھرادا قالدىك.

ئىچىمدە بىر دەردلىك ئاچچىق بار:

تەلمۈرگەندە بىچارە خېتىم،

بىلەلمەيسەن بۇقۇلدىشىنى،

تۇتۇپ تۇرۇپ كۆزىڭگە سۈرتۇپ،

ئەسلىگەنسەن ساددا تارىخنى،

سىيىت نوچىنى،

ھەمدە ئۇنىڭ ھالاكىتىنى،

ئاھ! نادانلىق ئاھ! ساۋاتسىزلىق.

تۇن قوينىغا يېزىقلىق خېتىم.

شۇ تاپتا،

ئوما ئورۇپ چارچاپ كەتكەنسەن،

ئىسسىقتا ھەم چاڭقاپ كەتكەنسەن.

سۇ بېرەتتىم

يېنىڭدا بولسام،

ئوما ئورۇپ بېرەتتىم يەنە،

قەلەم تۇتقان قوللىرىم بىلەن.

ئانا،

توقۇمى ھەم لىڭگىلچىقى بار

ئېشىكىمىز ھازىرمۇ بارمۇ؟

توقۇنىقى، ئاغامچىسى بار

يارىيار ھارۋا ھازىرمۇ بارمۇ؟!

چا قۇيرۇقلىق ئۇرۇق ئۆكۆزنىڭ-

ئۆلىشىگە سەۋەپچى بولغان

قاراڭغۇ ھەم زەي جۇۋازخانا

ھېلىھەم بارمۇ؟

بۇۋام ئۆلۈپ كېتىش بىلەن تەڭ

توختاپ قالغان ئىچىرلىشىمۇ.

ئاھ قەدىرلىك جانىجان ئانا،

ئۇغۇ

مەسچىت ئەمەس،چىركاۋمۇ ئەمەس،

خانقا ئەمەس يا تۈنەك خانا،

ۋە ياكى بىر تەجرىبخانا.

بۇ يۇرتتىغۇ يوق موزېيخانا،

ئۇ پەقەتلا بىر جۇۋازخانا.

قاراڭغۇلۇق بەخشەندە ئاڭا.

ياغ پۇرايدۇ ئەرۋاھلار ئۇندىن،

ئۆمۈچۈكلەر سايلام ئۆتكۈزەر.

ئۇنىڭ كىچىك تۈڭلۈكچىسىدىن

كۆرىنىدۇ تارىم غۇۋا.

››ئوھ ‹‹ دەۋالغىن بىچارە ئانا،

ھېرىپ كەتتىڭ ئېغىر ئەمگەكتىن.

3

ئانا،

تېلىفۇن قىلسام يىراق شەھەردىن،

ئۇلانمايدۇ بىزنىڭ سەھراغا.

ئۇماچ چالغۇچ تۇتقان قولۇڭدا

تىڭشىغۇچنى تۇتالمايسەن،

ئەتجەخ خەتتىن باشقىسى بىكار،

لىپاپىدەك يېپىق سەھراغا.

نۇر دەۋرىدە جانىجان ئانا،

جىنچىراق بار مورا بېشىدا.

يىراق كۆلدىن سەھرا قىزلىرى

شۇ توشۇيدۇ يۇدۇپ قاپاقتا.

ئانا، سەنمۇ ياشلىق چېغىڭنى

ئۆتكۈزەتتىڭ

مۇشۇ سىياقتا.

پۈتكۈل دۇنيا باردۇر قاپاقتا.

ياكى دۇنيا ئاشۇ بىر قاپاق.

پۇراق چاچار بىزنىڭ سېپسىق كۆل،

پاقىلارنىڭ كەڭرى دۇنياسى.

* * * *

ياماق بولماس كونا رومىلىڭ،

كالىچىڭدەك يىرتىق قەلبىمگە.

جۇل كۆڭلىكىڭنىڭ كەبى نامراتلىق

دەرد قوشىدۇ ھەسرەتلىرىمگە.

* * * *

ئانا،

سەن بىلىسەن،

بىزنىڭ سەھراغا

راغرا نانىدەك مىسكىن قوياشنىڭ

چېچىلىدۇ سېرىقتال نۇرى،

كىسەلمەندەك دۇمچەك دالىغا.

دالىدىكى ئىشتانسىز بالا،

يۇدۇۋېلىپ يوغان زاغرىنى،

پادا ھەيدەر يىراق جاڭگاللغا.

ئاشۇ جاڭگاللدا

ئاق جۇۋۇللىق خىزىرمۇ بارمىش،

غايىپ بولغان شەھەرمۇ بارمىش،

بەكمۇ يىرتقۇچ ئېيىقمۇ بارمىش،

دۆۋە- دۆۋە قۇملۇقلار ئارا،

بۇرۇنلاردا

بەكمۇ قانلىق جەڭلەر بولغانمىش،

مۇمام شۇنداق

دەپ بەرگەن ماڭا.

4

بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ ساڭا،

كۆزلىرىمدىن يىغا تارايدۇ. . .

* * *

ئۇرىق بىلەن تاھارەت ئالساڭ،

پاكلىنىدۇ بىزنىڭ قەلبىمىز،

پاكلىنىدۇ پۈتكۈل سەھرا

پاكلىنىدۇ پۈتكۈل يەر شارى،

خۇددى مەككىدەك.

يەتتە قېتىم يۇدۇپ بارارمەن،

سېنى ئاشۇ يىراق مەككىگە،

تارتقان شۇ جاپالىرىڭغا.

مەككە-

دەرەخسىز ماكان،

لەيلەپ يۈرەر نېفىت ئۈستىدە.

بىزنىڭ سەھرا ئوخشىماس ئاڭا،

بەكمۇ ئىللىق بۇ تەكلىماكان.

* * *

ئانا،

بىزنىڭ سەھرادا

تىنچ ئوكياندەك يوغان دېڭىز يوق.

نىل دەرياسى كېلەلمەس ئېقىپ.

پەقەت كىچىك بىرلا ئۆستەڭ بار،

مەختۇمسۇلا چېچىنى تارىغان.

جاڭگاللىمۇ بار بەكمۇ بىپايان،

چىن تۆمۈر باتۇر ئوۋ ئوۋلايدىغان.

يەتتە باشلىق يالماۋۇزمۇ بار،

مەختۇمسۇلانى بولاپ ئېلىپ قاچقان،

تاپىنىدىن قان شۇرايدىغان.

جاڭگالدىكى قۇمۇشلۇقلاردا

نۇزۇگۇمنىڭ ئاياغ ئىزى بار.

* * *

ئانا،

غۇربەتچىلىك بۇندا ھۆكۈمىران،

قوناق يېرىپ ياغۇنچىقىڭدا،

كۆك چامغۇرنى قولاقلاپ سىلىپ،

ئېتىپ بىرەتتىڭ ياما ئاش بىزگە.

قۇيۇپ بېرەتتىڭ ئۆپكە ھېسسىپمۇ،

يەيتتۇق بىز كېكىرىپ تۇرۇپ،

ھېيىت بولغاندەك خۇشاللىق بىلەن.

5

ئانا،

چەكتىڭ رىيازەت،

بۇبى مەريەمدەك.

بولالمىدى بۇ شائىر ئوغلۇڭ،

ئەيسادەك.

كرېستمۇ يوق قۇملۇقتا،

مەن مىخلانغۇدەك،

كۆپ يىللار مابەينىدە

قىلىپ كەلدىم شائىر تىلاۋەت،

بۇقۇسىنىڭ دوقمال تىغىدەك.

ئەيسا قاچتى سۈزۈك ئاسمانغا،

مەن قاچايمۇ تەكلىماكانغا.

شۇندا يەنە

قوغلاپ بارسا رودىپاي شېئىرلار،

تۇتۇپ قويار مېنى نامراتلىق.

مەن ياتارمەن چاكىلدىتىپ ئاغزىمنى،

يۇنۇسنى يۇتقان يوغان بېلىقتەك.

دەشت چۆلدە سەكراتتا ياتسام،

يۇدۇپ كېلىپ بىر كوزا سۇنى.

تىمتاسمەن چاكا- چاك ئاغزىمغا،

ئاشۇ پۇچۇق نوگىيلىك بىلەن.

قان ـ ياش يىغلايسەن،

ياقاڭنى يىرتىپ،

ئەگەر مەن ئۆلۈپ ئارماندا كەتسەم.

ئېڭىكىنىمنى قاتارسەن بەلكىم،

ئۆڭۈپ كەتكەن ئاق روملىڭدا.

يۇمدۇرارسەن كۆزۈمنى بەلكىم،

ئاشۇ يىرىك ئىشچان قولۇڭدا.

پەرياد ئوروپ سەنلا يىغلايسەن.

يىغلىمايدۇ بىۋاپا دۇنيا.

ئاران باققان چۈنكى سەن مېنى،

بۇلىماق ئېتىپ تېرىق ئۇنىدا.

ئۆزەڭ يىگەن قورۇپ كېپەكنى،

ماگا چاي بېرىپ زاغرا نېنىدا.
قالاپ قومۇش، پاخال كېپەكنى.
يىغلىما ئانا،
هايات مەن تېخى،
ئەيسامۇ هايات بارمىش ئاسماندا
مەنمۇ هايات تەكلىماكاندا.

6

ئانا
ئەللەي ناخشاڭدا
تەسۋىرلىنىدۇ.
خارابى يىپەك يولىنىڭ،
مىڭ ئۆيىنىڭ،
قوچۇنىڭ،
قارا خانىيلارنىڭ،
يىپەك يولى،
بەكمۇ ئۇزۇن يول،
خۇددى بىزنىڭ تارىخىمىزدەك.
جىرىڭلىغان مۇشۇ يولدا،
بۇغرالارنىڭ قوڭغۇراقلىرى.
تارقاتقانتى يىراق ـ يىراققا،
مەدەنىيەتنىڭ جەۋهەرلىرىنى.

ئەمدىلىكتە،

ئاھ! جېنىم ئانا،

مۇشۇ يولدا ھەيدەپ كېلىسەن،

كالا قېتىلغان يارىيار ھارۋىنى،

كۆك يانتاق بېسىلىك.

ئانا،

ئېيتىپ بېرەتتىڭ،

باغدات ھەققىدە،

‹مىڭ بىر كېچە › چۆچەكلىرىدىن.

تىڭشار ئىدى گۈدەك شائىرىڭ،

ئاق سۈتۈڭنىڭ لەززىتى كەبى.

باغدات،

چۆچەكتىكى گۈزەل بىر شەھەر.

داۋامى بار غەمكىن چۆچەكنىڭ،

تۈگىتەلمەي كەتكەن شەھرىزاد،

ئەمدىلىكتە،

باغداتتىكى چۆچەكچى موماي،

چۆچەك ئېيتار يىغىدىن يىغى،

يىزىپ قويدى بىر نەچچە توپلام.

ئۆرۈش بىلەن پارىس قولتۇقى،

قاغجىرايدۇ سۈسىز كەر بالا.

زەر قاقشايدۇ بالىسىز ئانا.

يۈگۈرەيدۇ ئۇياق بۇياققا،

يېتىم قالغان نەچچە مىڭ بالا،

باغداتتىكى كاتتا باشلارنىڭ

چۆچەك بىلەن خۇشى يوق بەلكىم.

قان ياش يىغلاپ چۆچەكچى موماي،

ئىزدەپ يۈرەر ھەسەن- ھۆسەندەك-

غايىپ بولغان باللىرىنى،

چۆچەكتىكى گۈزەل باغداتنى،

ئىس ـ تۈتەكتە قالغان زېمىندىن،

ئېھا! قايدىسەن ئىنسانپەرۋەرلىك،

بولۇپ كەتتىغۇ دۇنيا بىۋاپا.

باغدات،

بۇرۇخ ئىسى قاپلىغان زېمىن،

سۆزلەپ بەرگىن تىنچلىق ھەققىدە،

قايتالمايسەن ئەمدى چۆچەككە.

* * *

ئانا

بەكمۇ چىگىش

بۇ قەلبىم مېنىڭ،

كىرىزىستەن ئۇتتۇرا شەرقنىڭ،

پەلەستىنلىك بىر بەڭباش يىگىت،

ئانىسىنى يالغۇز قالدۇرۇپ،

ئۇرۇشقا بېرىپ

ئۆلۈپ كېتىپتۇ،

نېمىدىگەن تاش يۈرەك ئۇ ھە،

يىغلىغاندۇ غېرىپ ئانىسى،

ئۆلۈپ كەتسە يۈرەك پارىسى.

مىڭلاپ ئانا قان ياش يىغلىشار،

ئۆلۈپ كەتكەن باللىرىغا،

ئۇرۇش دېگەن شۇنداق دەھشەتلىك.

* * *

ئانا

ئانا ئۈچۈن ۋەتەن بىر بالا،

بالا ئۈچۈن ۋەتەن بىر ئانا،

شۇڭا دەيمىز تىنچلىق ياخشى.

ھەر كىشىنىڭ ۋەتنى بولسا،

ئۇنى شۇنداق قۇچاغلاپ سۆيسە،

ئەنە شۇدۇر تىنچلىق دېگەن،

ئەنە شۇدۇر قۇربان بېرىش ھەم،

ئەنە شۇدۇر ۋىجدان دېگەن،

شۇدۇر يەنە ۋەتەن ئوغلانى.

ۋەتەن،

ئانا سىنىڭ ياخشى غەمخانىڭ،

ۋەتەن بىلەن تەندە دەرمانىڭ،

مەن سىنىڭكى ئوماق ۋەتىنىڭ،

مەن ئوخشايمەن

چۆچىكىڭگە ئۈيغۇرنىڭ،

سەن ئىزدەيسەن چۆچەكلىرىڭدىن،

ماڭا ئوخشاش ئوماق ۋەتەننى.

ۋەتەن،

كىرپىكىڭگە تۇنەيدۇ،

قۇش چۇجىسىدەك.

8

ئانا،

ناماز شامنى ئوقۇپ بولۇپلا،

چىلىڭ تاقىغىن ئىشىكلىرىڭنى،

يوغان دەم بىلەن.

ھۇشيار بولغىن قوتانلىرىڭغا،

ئېشەك هارۋا، توقۇملىرىڭغا،

پالتا،كەكە،ئوتۇنلىرىڭغا،

ئۆشكە، ئوغلاق، پاخلانلىرىڭغا.

بىزنىڭ يۇرتتا يوقتۇر ئوغرىلىق،

بىراق يامان ئاشۇ يوقسۇزلۇق.

ئەگەر بىرەر دېلو يۈز بەرسە،

ساقچى كېلەر بەكمۇ كېچىكىپ.

«تووۋا» دەيلى،

ئاھ! يوقسۇزلۇق كۆمەچ نان كەبىي،

يۈرىكىمنى پۈچىلاپ قويدى.

ئاغرىپ قېلىش بەكمۇ خەتەرلىك،

يېقىن جاندا شىپاخانا يوق،

پەقەت بىرلا كونا داخان بار،

دۇس قاچىسى بەكمۇ كۆپ،

داۋالايدۇ دىئاگنوزسىز،

رېتسىپى يوق دورىلار بىلەن.

* * *

ئانا،

تەكلىماكان-

بەكمۇ يىراق ئىگىز بىنادىن،

بەكمۇ يىراق شەھەرلىكلەردىن.

ئەگىپ يۈرەر قاتمال نامراتلىق،

شادلىقى يوق توپىلىق بازاردىن.

تېلېۋىزوردىن كۆرۈنمەس ئەسلا،

لەڭپۇڭچىنىڭ ئەبجەق ھارۋىسى،

توقسەن ياشلىق دوڭغاق مۆمايىنىڭ،
جىگدە شېخىدا ئەتكەن ھاسسىسى.
يۈزلىرىگە ئىس ئورناپ كەتكەن
كاۋاپچىنىڭ چار قىراشلىرى،
غىربانە پۇلسىز بازاردا،
دۆۋىلىنىپ سېتىلار ئادەم،
خۇپىيانە سېتىلار ئىمان.
چېرىدارسىز ساۋاتسىز باققال
باج ھەققىگە پۇل تاپالمىسا،
قىلىندۇ مېلى مۇسادىر.
خىلۋەتتىكى ياماقچى بوۋاي،
چەم سالىدۇ كونا ئۆتۈككە،
يارىمايدۇ فۇتو سۈرەتكە.
بۇياقلارغا كەلمەيدۇ ھېچبىر،
بويكىسىدا راست ـ يالغىنى بار،
بەك سىپايە ئىشقىۋاز مۇخبىر.
* * *
ئانا،
بىزنىڭ يۇرتتا ـ تەكلىماكاندا،
ھالسىرايدۇ قوشتىكى كالا،
قىرقىرايدۇ بۆشۈكتە بالا.

بېتىرىشىدۇ تەرەپ ـ تەرەپكە،

غالجىر ئىتتىن ھۆركىگەن پادا.

قورۇنىدۇ شۇنچە ئۇياتچان

قىز بالىدەك يۈرەكسىز دالا.

بۇ دالىدا ئادەم بەك تولا.

غىچىرلايدۇ توپىلىق يولدا،

مايسىرىغان ياغاچ ھارىۋا.

ئىشتان بېغى ساڭگىلاپ قالغان

تىزى يىرتىق يېلىڭ ئاياغ بالا

يۈدىۋېلىپ كونا پوخچىنى،

ئۇقۇماقتا مۇشۇ سەھرادا،

مومىسىنىڭ چۆچەكلىرىنى

ئۇ تىڭشايدۇ كولۇپ ئالدىدا.

تىڭشاپ ـ تىڭشاپ ئۇخلاپ قالغاندا،

كۆرەر تېخى شېرىن چۈشلەرنى.

چىقىۋېلىپ ئۇچار گىلەمگە،

كۆرۈپ كېلەر گۈزەل شەھەرنى،

تېپىۋالار گاھىدا تېخى،

خاسىيەتلىك، ئور توقماق،نىمۇ،

ئۇچراپ قېلىپ چىن تۆمۈر باتۇر،

بېرەر ئاڭا، مىسران قىلىچ،نى

9

ئانا,

سېيت نوچى ھەققىدە ،

بەكمۇ تولا سۆزلەپ بېرسەن،

ئەپسۇس, بىلمەيسەن,

سپارتاك ھەققىدە.

سپارتاك،

گېلادىياتور،

ئاجايىپ شەخس.

قولۇلۇق كىشەنلىرىنى-

چېقىپ تاشلىغان.

ئېزىلگەنلەرنى

ھۆرلۈككە باشلىغان.

قۇلدارلارنىڭ قانلىق قامچىسى،

قۇللارنىڭ قىزىل قانلىرى،

ئەڭ ۋەھشىي گېلادىياتورلار سەھنىسى،

سپارتاكنى تاۋلىغان،

قان، قامچا،ياش، ھۆرلۈك ناخشىسى،

ئازاب، ئۆلۈم ياندىشىپ كېلەر،

ئەرك ئۈچۈن بەدەلدۇر شۇلار.

ئاھ! جېنىم ئانا،

بويۇن قىسىپ قۇللۇق بىلدۈرسە،
ئۆتمۈشتە كىمنۇ ئەزمىگەن دەيسە.
روھىي قوللۇق ئەڭ بىچارىلىق،
نادانلىقتۇر ئۇنىڭ زەنجىرى،
سپارتاك-
ئاجايىپ شەخس،
ئوخشىمايدۇ
سېپىت نوچىغا.

* * *

ئانا،
تەكلىماكان-
جايىنامىزىڭدەك ئۇلۇغ بىر زېمىن.
سۈكۈناتتا دۈرۈت ئوقۇيدۇ،
ئۇنىڭدىكى بارچە مەخلۇقات.
قۇم باغرىدا سىنىڭ بىر كەپەڭ،
كەپەڭدە بار قازان- قۇمۇچۇڭ،
ساپال قاچاڭ، ياغاچ قوشۇقۇڭ،
ئىسلىق مورا، قىيسىق ئوچۇقۇڭ،
مورا بېشىدا ساپال چىرىغىڭ،
ساڭا ھەمرا بىر ياغۇنچىقىڭ،
سۈپۈراڭدا تاختا- نوغۇچىڭ،

سۆيۇملۈكلۈك يۇۋاش مۇشۇكىڭ،
بىزنى باققان كونا بۆشۈكىڭ،
ئۆڭۈپ كەتكەن يوغان ئۆتۈكىڭ،
قوزۇقتىكى كۆرپە تۇمىقىڭ،
ئوچاقتىكى قارا چۆگۈنىڭ.
تەكچەڭدىكى بىرلا چەينىكىڭ،
ئاھ!
غېرىپ ئانا-
شۇدۇر سېنىڭ تۇرمۇش بۇيۇمىڭ.
دوك بولۇپ كەتكەن ئۇزۇن ئۆمرۈڭدە
شۇدۇر سېنىڭ تاپقان - تەرگىنىڭ.
ئويىقىدىكى كىرورەن خانىش
كۆرگەنمىدۇ سېنى چۈشىدە.
* * *
ئانا،
توكيو بەكمۇ يىراقتا تەكلىماكاندىن.
ئۇ- يالاڭباش شەھەر،
ئوخشىمايدۇ چىمەن دوپپىدەك
ساددا قەشقەرگە.
تۆت مىڭ يىللىق كىرورەن خانىش
توكيودىكى ئېسىل مۇزېيىدا

تونۇشۇپ قاپتۇ ياپۇنلار بىلەن.

نىيەدىكى خارابە شەھەر-

قۇم ئاستىدا قاپتىكەن ئەجەپ!

تارىخ،

شۇنداق رەھىمسىز.

ئۇنىڭ يوغان،كالاماپاي چاقى،

يانچىۋەتتى يىپەك يولىنى،

بوستانلىقنى، گۈزەل شەھەرنى،

تىنچ چۆلنى - تەكلىماكانى.

10

ئانا،

ئانىلار ئۇلۇغ بۇيى مەريەمدەك،

ئانىلار بار ساچىر خانىمدەك،

ئۇلۇغ ئۇلگە كيورى خانىم،

ئانىسى بار نيوتوننىڭمۇ،

ھەممە ئىنسان بالىدۇر بالا،

بالىسىدۇر ھاۋا ئانىنىڭ.

ھاۋا ئانا ئەمگەك قوينىدا

تۇغۇپ قويدى ھەممە ئىنسانىنى،

›مانا مەن ‹ دەپ جاپا- مۇشەققەت،

تاشلىنىدۇ ئانا ئالدىغا.

ئانا،

ساچىر خانىمنىڭ-

بەكمۇ ئىپسل داچىسى بارمىش،

سېنىڭمۇ بار داچىدەك كەپەڭ.

بارمىش يەنە شاھزادە ئوغلى،

سېنىڭمۇ بار بىر شائىر ئوغلۇڭ،

ساچىر خانىممۇ ئۆزگە خانىش،

سەن خانىشى تەكلىماكاننىڭ ،

سېنىڭ ئاناڭ كىرورەن خانىش.

چۈنكى سەن-

گۈللەندۈردۈڭ مۇشۇ دىيارنى،

تىرىشتىڭ ـ تىرماشتىڭ بىر ئۆمۈر،

قاغجىراپ كەتكەن مۇشۇ زېمىندا.

يالىڭاياغ قىزىق قوملاردا،

چىپىپ يۈرۈپ يانتاقلىقلاردا.

سىنىڭ تەرىڭدە-

سۇ ئىچكەن زېمىن.

مەن-

سېنىڭ ئەركە، ئوماق شاھزادەڭ.

ئانا،

چۈشكۈنلۈكتە ناخشا توقۇلۇدۇم،

جەنۇبتىكى كونا رەستىدە.

بولماس ئىكەن روھ ئۈيغانمىسا،

بارغۇ تېخى دوقمال بوقۇسا.

تەرەققىيات-

ئۈيغىنىش-

چېقىپ تاشلار

ئاخىر نادانلىق زەنجىرىنى.

سىلكىنگەندە مۇقەددەس زېمىن،

تەبىر بېرەر نامراتلار

كەتكىنىدە چۆچۈپ ئۈيغىنىپ.

ئانا شۇندا مېنى ئىزدەيسەن،

پېشانەمگە سۆيۈپ قويۇشقا

مەن كېلىمەن ئالدىڭغا،

يېپىنچاقلاپ شېئىرلىرىمنى،

سەن كۆرسەن ھەسرەتلىرىمنى،

قۇچىقىڭدا يىغلاپ كېتىمەن،

مەن ئاڭلايمەن،

يۈرىكىڭنىڭ بوقۇلدىشىنى,

يۈرىكىڭ

ھۆتمە تۆشۈك-

جۇل بولۇپ كەتكەن تارىخ بېتىدەك.

ئەللەي ناخشاڭ-

سېھىرلىك بىر كۈي،

قاپلاپ كەتكەن تەكلىماكاننى.

تولا تىڭشاپ ئاشۇ ناخشىنى،

بۇۋاق بولۇپ كەتتۇق ھەممىمىز.

قەدىرلىك ئانا،

مەن سېنىڭكى ئوماق بوۋىقىنىڭ.

* * *

ئانا،

چەكسىز بۇ ئالەم،

گۈزەل كېلەچەك،

ئارمانلىرىم كۆپ،

يەتسەم دەيدىغان،

بار ھەم مەندە شۇنداق جاسارەت.

ئافرىقىدا نىگىر ئانىمۇ،

سۆيۈندۇ قابىل بالىدىن.

بەكمۇ قەيسەر يەھۇدىي ئانا،

بىلىم بېرەر ئوغلانلىرىغا.

ئەدەپلىكتۇر ئەرەب ئانىلار،

ئەخلاق بېرەر باللىرىغا.

بەك مېھرىبان ياپون ئانىلار.

ۋەتەنپەرۋەر دېمەك باللار.

ئانا مەنمۇ تىلەيمەن سەندىن،

باتۇرلۇقنى، جەنگىۋارلىقنى،

دۇئا قىلغىن بەكمۇ كۆپ ماڭا،

ماڭا بەرگىن ئۈمىدۋارلىقنى،

ئىمانىمنى - روھىمنى پاكلاپ

جاكا قىلاي ئادەملىكىمنى.

ئاھ! جېنىم ئانا

ئامان بول ئانا

مەن سېنىڭ ئۈمىدۋار ئوغلۇڭ

# ئەخلاقىمىز... قايسى تامان كېتىۋاتىدۇ؟

ئەخلاقىمىز... قەيەرگە قاراپ كېتىۋاتىدۇ؟؟؟

هازىر ياشاۋاتقان جەمئىيىتىمىزدە سەلەف- سالىھلارنىڭ ئەدەب- ئەخلاقىدىن ئەسلىگۈدەك بىر نەرسىنى تاپماق خېلىلا تەس. بۇ، كوچىلاردا مېڭىپ، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا قىلىشقان مۇئامىلىلىرىنى كۆرگىنىڭىزدە ، يوقاتقان نەرسىلىرىڭىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھەس قىلىسىز. ئۇلارنىڭ ئەخلاقىنى مۇسۇلمانلار ئەخلاقىغا ئويغۇن كېلەمدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىنىپ قالىسىز، ھەيران بولىسىز.

ئەنە شۇ گۈزەل ئەخلاقلار سەۋەبى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ دىنغا كىرىشكەن ئىدى... سۆزلىرىمىنىڭ ئارىسىدا بىر قىسىم تىل – ھاقارەتلەرنى ئۇچرىتىشىڭلار مۇمكىن. لېكىن بۇ، رېئاللىق تەرىپىدىن ماڭىمۇ، ئۆزىگىمۇ تېگىشلىغان، قەلب قاتلىرىمنى تىترەتكەن، كۆزلىرىمنى نەملەتكەن ھەقىقىي ئەھۋال. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «مۆمىندە بېخىللىق بىلەن ناچار ئەخلاقتىن ئىبارەت ئىككى خىل خىسلەت بىر يەرگە كەلمەيدۇ» دېگەن ھەدىسىنى ئوقۇغاندا، قانداقمۇ شۇنداق بولمىسۇن؟!

بىر ماگىزىندا ياشانغان بىر ئادەمنىڭ ئۇچرەتتە ئالدىغا كىرىۋالغىنى ئۈچۈن، بىر ياش يىگىتنىڭ ئۇنى دوقۇسلاپ، ئىتتىرگەنلىكى نېمىشقا..؟ بىرسىنىڭ ئۆزىدىن چوڭ بىرەيلەننى پەقەت جىم ئولتۇرمىدىڭ، دەپلا ھاقارەت قىلىشى نېمىدىن؟ نېمىشقا؟؟ نېمىدىن؟؟ نېمە دەپ؟؟...

ئىسلام مەيدانغا كەلگەن ۋاقىتتىن تارتىپ، كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاققا، ئەپۇچانلىققا، ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈپ كەلدى. ھەدىس شەرىپلەر ئەشۇ گۈزەل خۇلۇقلار بىلەن بېزىنىشىمىزنى تەكىتلىدى. نۇرغۇن ئۆلىمالىرىمىز ئەخلاق ھەققىدە كىتابلارنى يازدى، سۆزلىدى. شۇنداق، ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام «مەن گۈزەل ئەخلاقنى تولۇقلاش ئۈچۈن ئىبەرتىلدىم» دېگەن ئەمەسمىدى؟

نېمىشقا مۇسۇلمانلار گۈزەل ئەخلاقى ۋە مۇئامىلىلىرىدە يىتەكچىسى بولغان رەسۇلۇللاھنى تاشلاپ قويۇپ، ئىسلامدىن خەۋىرى يوق كىشىلەرنىڭ ئەخلاقىنى ئۆزىگە يەرلەشتۈرىۋالىدۇ. تىل- ھاقارەت، كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، ئۇرۇپ- سوقۇش كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇناسىپ ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ؟

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر، (ئۇرۇشۇپ قالسا) قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەڭلار، رەھمەتكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن، ﷲ دىن قورقۇڭلار. ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ﷲ نىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ﷲ نىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن، بىر- بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر- بىرىڭلارنى يامان لەقەم بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش (يەنى مۆمىننى پاسىق) دەپ ئاتاش نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر ئى مۆمىنلەر! نۇرغۇن گۇمانلاردىن ساقلىنىڭلار (يەنى ئائىلىدىكىلىرىڭلارغا ۋە كىشىلەرگە گۇمانخورلۇق قىلماڭلار)، بەزى گۇمانلار ھەقىقەتەن گۇناھتۇر، (مۆمىنلەرنىڭ ئەيىبىنى)

ئىزدىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنىڭ غەيۋىتىنى قىلماڭلار، سىلەرنىڭ بىرىڭلار ئۆلگەن قېرىندىشىڭلارنىڭ گۆشىنى يېيىشنى ياقتۇرامسىلەر؟ ئۇنى ياقتۇرمايسىلەر الله تىن قورقۇڭلار الله(تەۋبەقىلغۇچىلارنىڭ قىلغان)تەۋبىسىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، (ئۇلارغا) ناھايىتى مېھرىباندۇر »[1]

ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ ئەشۇ بۈيۈك سۆزلىرىگە دىققەت ئېتىبارىنى ئاغدۇردىمىكىنە؟ ئۇلاردىن ۋەز-نەسىھەت، ئىبرەتلەرنى ئالدىمىكىنە؟؟! نىمىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جەننەتكى سۆھبەتداشلىرى بولۇشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرىمىز؟ شۇنداق بەزىلەر بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزىنى ئاڭلاشمىغانمىدۇ؟ «قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن تۇرىدىغىنىڭلار، ئەخلاقى گۈزەل بولغىنىڭلاردۇر». ئەمدى بىلدىڭلارمۇ نىمىشقا ئۇنى رەت قىلىدىكەنمىز؟ بەزىلەرنىڭ قامۇسىدىن ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى ئارقىلىق تەكىتلەنگەن مۇھىم ئەخلاقلار يوقالغان چاغدا، ئىسلامنىڭ ئەخلاقلىرىنىڭ يوقىلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ يېتىۋاتىمىز.

ئىسلام دىنى ئەخلاقلىق بولۇشقا، كىشىلەرگە ياخشى مۇئامىلە قىلىشقا ئەڭ كۆپ بۇيرۇيدىغان دىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمھالىنى ئوقۇغان ۋە ئۇنى ھەقىقي چۈشەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن، ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئۆلگىلەر بار.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداق سەۋر قىلدى؟ ئۇلارنىڭ يولسىزلىقلىرىنى قانداق كۆتۈردى؟ ئاللاھ ئۇنىڭغا نۇسرەت ئاتا قىلىپ، مەككە فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزىگە دۈشمەنلىك قىلغان شۇ كىشىلەرگە قانداق مۇئامىلە قىلدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: مېنى، سىلەرنى نېمە قىلىدۇ، دەپ ئويلايسىلەر؟ دېگەندە، ئۇلار ئاجايىپ بىر قورقۇنچ ئىچىدە، ھۆرمەتلىك قېرىنداش ۋە ھۆرمەتلىك قېرىنداشنىڭ ئوغلى..، دەپ جاۋاپ بىرىشتى. شۇ تاپتا

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى نېمە ئىش قىلىشنى مۆلچەرلەيسىز؟ ئۇلاردىن نۇرغۇن يىللىق ئازاپ ۋە سۈرگۈنلۈكنىڭ ئىنتىقامىنى ئالسۇنمۇ؟ ياق، ئۇلارنى يەنىلا ھۆرمەتلىدى، سىلىق مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارغا بىردىغان ھۆكۈمنى چىقاردى: كېتىڭلار، سىلەر ھۆر.. مانا بۇ ئون ئۈچ يىل ئازاپ چەككەن، ئۇلار بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇشقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئىدى. بىزچۇ؟ كىچىككىنە ئىش بولۇپ بولغۇچە، تىل- ھاقارەت، ۋاقىراش- جاقىراش، ھەتتا، ئۇرۇپ- سوقۇش، ئۆلتۈرۈشلەرگىچە قىلىپ كېتىمىزغۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: « ئېلىشىپ يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىغى كەلگەندە ئۆزىنى تۇتالىغان باتۇر» ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

نېمە ئۈچۈن رەسۇلۇللاھنىڭ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەخلاقىدىن ۋاز كېچىمىز؟ نېمىشقا ئۇلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، پاكىز روھى دۇنياسىدىن ئۆزىمىزگە نىسۋە ئالمايمىز؟ قاچانغىچە ناچار ئەخلاق، رەشىك- ھەسەت، سۇخەنچىلىك ۋە باشقا رەزىل ئىشلار بىلەن ئۆزىمىزنى بىزەپ يۈرىمىز؟

يەتسۇن، بارلىق ئەخلاقسىزلىق ۋە رەزىللىكلەر يەتسۇن. ئۆز ئەسلىمىزگە قايتايلى! شۇ نەرسىگە قەتئى ئىشىنەيلىكى، ياخشى ئەخلاق بىلەن ئۆزىمىزنى بېيىتىشىمىز، بىزگە سۆيگۈنى، ئۇ ئارقىلىق كۈتكەن ھەممە نەرسىنى تەدرىجى ھازىرلاپ بېرىدۇ. ئەخلاقىمىزنى، ئىززەت– ئابرويىمىزنى، ساغلام ئەنئەنىلىرىمىزنى جان دىلىمىزدىن قوغدايلى. خۇلاسە گەپ، ئۆزىمىزنى ئەخلاقسىزلىق ئازگىلىغا ئاتمايلى! بىز بولۇپ ياشايلى! .........بىزنىڭ بىز بولۇشىمىز بىزگە باغلىق.

ت- ئا. قارلۇقىي

# رامىزاننىڭ ئاخىرىقى ئون كۈنىدە نېمە ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟

ھازىرلىغۇچى: ئا.قارلۇقىي

رامىزاندىكى ئىبادەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك نوقتىلىرىدىن بىرى رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلىشتىن ئىبارەت. ئاللاھ تائالا بۇ ئاينى ئىنسانلار بىلەن ئاللاھنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈن بىر يىلدىكى ئون ئىككى ئاي ئىچىدىن تاللىغان بولسا، رامىزاننىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈننى بۇ شەرەپلىك ئاينىڭ ئەڭ يۈكسەك پەللىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن. بۇ ئاي دۇنيانىڭ بارلىق غەم-ئەندىشىلىرىدىن قولىنى ئۈزۈپ، روھى پاكلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى نوقتىسىدا ياشاش ئۈچۈن تاللىنىلغان بىر ئاي بولۇپ، بۇ ئايدا ئېتىكاپ قىلىش ئىسلامدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇد بولۇپ، ئىسلام كەلگەندىن كېيىنمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ماقۇللىشى بىلەن داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۆزىنىڭ جاھىلىيەت مەزگىلىدە ھەرەم مەسجىدىدە بىر كېچە ئېتىكاپ قىلىشقا ۋەدە قىلغانلىقىنى ئېيتقاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ۋەدەڭگە ئەمەل قىل، دەپ جاۋاپ بەرگەن. ۋەدىگە ۋاپا قىلىش ئىسلامدىكى ئەڭ ئېسىل ئىبادەتلەرنىڭ بىرى.

ئۇنداقتا ئېتىكاپ دېگەن نېمە؟

- ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس نىيەت بىلەن مەسجىدتە ئولتۇرۇش. بۇ ئەھلى ئىلىملەر ئورتاق بىرلىككە كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىگە

قارىغاندا ئىمام ئەھمەد مۇنداق دېگەن: "ئېتىكاپنىڭ سۈننەت ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرمەيدىغان بىر ئالىمنى بىلمەيمەن".

زەھرى (ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: " پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەندىن تاكى ئاللاھ تائالا روھىنى قەبزى قىلغانغا قەدەر تاشلاپ قويمىغان ئېتىكاپنى تاشلاپ قويغان بۇ مۇسۇلمانلارغا ھەيرانمەن".

ئېتىكاپنىڭ قانداق پايدىسى بار؟

ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغاندەك، ئىبادەتنىڭ نۇرغۇنلىغان سىر- ئەسرارلىرى بولىدۇ. ئەمەللەرنىڭ مەركىزى نوقتىسى قەلبتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "قەلبتە بىر پارچە گوش بار، ئۇ ياخشىلانسا پۈتۈن جەسەت ياخشىلىنىدۇ. ئۇ بۇزۇلسا پۈتۈن جەسەت بۇزىلىدۇ. ئۇ قەلبتۇر". بۇخارى(52) مۇسلىم (1599) رەقەملىك ھەدىس.

قەلبنى قالايمىقان ئىشلارغا يېتەكلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى ھاۋايى- ھەۋەستۇر. ئىنساننى ئاللاھنىڭ ئەمرىدىن چىقىشقا بايراقدارلىق بىلەن يول باشلايدىغان سان- ساناقسىز ھاۋايى- ھەۋەسلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن جانابى ئاللاھ رۇزىدىن ئىبارەت بۈيۈك بىر ھىمايىچىنى ئىنسانلارغا پەرز قىلدى. روزا ئىنساننى يېمەك- ئىچمەكنى مەركەز قىلغان بارلىق يامان ئىشلارنىڭ يۈز بىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئىنساننى ئاخىرەت كۈنىگە ساغلام رەۋىشتە يول ئېلىشقا، ئاللاھ رازىلىقىغا ئېرىشىشكە يېتەكلەيدۇ. ئىنسان ئېتىكاپتا قالايمىقان گەپ- سۆز، ھەددىدىن زىيادە ئۇيقۇ.. قاتارلىقلاردىن قول ئۈزىدۇ.

روزا بىلەن ئېتىكاپنىڭ بىر ئارىغا كېلىشى:

ئاللاھ تائالانىڭ تائەت- ئىبادەتلىرىگە ئەڭ ياخشى رەۋىشتە ئېرىشىش ئۈچۈن روزا بىلەن ئېتىكاپنىڭ بىر ئارىغا كېلىشى ھەقىقەتەن بۈيۈك ئىشتۇر. ئىبنى قەييۇم مۇنداق دەيدۇ "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزا تۇتمىغان ھالدا ئېتىكاف قىلغانلىقى بىرگىچە يېتىپ

كەلمىگەن". ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ "رۇزىسىز ئېتىكاپ بولمايدۇ". بۇنى ئەبۇ داۋۇد رىۋايەت قىلغان (2473)

ئاللاھ تائالا ئېتىكاپ ھەققىدە سۆز يۈرۈتقاندا رۇزىنى چوقۇم تىلغا ئالىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ئېتىكافنى رۇزىسىز ئەمەلگە ئاشۇرمىغان. جومھۇر ئالىملار بىرلىككە كەلگەن كۆچلۈك قاراش شۇكى: ئېتىكافتا رۇزا شەرتتۇر. بۇ قاراشنى ئىبنى تەيمىييە زاد المەئادنىڭ 2-جىلد، 86، 87- بەتلىرىدە ئىلگىرى سۈرگەن. ئەمما، رۇزىنىڭ ئېتىكاف ئۈچۈن شەرت ئىكەنلىكىنى ئىبنى قەييۇم كۈچلەندۈرمەيدۇ.

ئېتىكافنىڭ مەقسىدى نېمە؟

قەدر كېچىسىدىكى ساۋاب ۋە مەغپىرەتكە نائىل بولۇش ئۈچۈن تىرىشىش.

ئاللاھ تائالا بىلەن خىلۋەتتە قىلىش ئارقىلىق ساغلام ئىبادەت قىلىشقا شارائىت يارىتىش.

قەلبنى ساغلاملاشتۇرۇش

ئىبادەت، دۇئا، زىكىر ۋە قۇرئان ئوقۇش قاتارلىق ئىبادەتلەرگە مەخسۇس ۋاقت ئاجرىتىش.

رۇزىنىڭ بۇزۇلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق تۇرۇش.

دۇنيالىق ئىشلارنىڭ كۆپ قىسىملىرىدىن قول ئۈزۈشكە تىرىشىش.

ئېتىكاف قانچە تۈرگە بۆلىنىدۇ؟

1- ۋاجىب: ئېتىكاف قىلىشقا ئاللاھقا ۋەدە بەرگەن كىشى. بۇ ئەھۋالدا ئېتىكافقا كىرىش ۋاجىب بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئاللاھ ئىتائەت قىلىشقا ۋەدە بەرگەن بولسا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلسۇن، كىمكى ئاللاھقا مەئسىيەت قىلىشقا ۋەدە قىلغان بولسا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلمىسۇن".

2- مەندۇب: بۇ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام رامىزانىنىڭ ئاخىرىقى ئونىدا ئېتىكاپ قىلغاندا قىلغان ئىشلىرى بولۇپ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلىش كەسكىن سۈننەتتۇر. بۇ ھەقتە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

ئېتىكافنىڭ ھۆكمى نېمە؟

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ھاياتى بۇيىچە ئەمەل قىلىپ كەلگەن كەسكىن سۈننەت.

ئېتىكافنىڭ شەرتلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

- ئىسلام: كاپىرنىڭ، شۇنىڭدەك دىنىدىن قايتقان مۇرتەدنىڭ ئېتىكافى قوبۇل قىلىنمايدۇ.

- بالاغەتكە يېتىش: بالاغەتكە يەتمىگەن، ئەقلى ساغلام بولمىغان سەبىلەرمۇ ئېتىكاپقا كىرمەيدۇ.

- چوڭ تاھارەتتىن پاكىز بولۇش: يەنى جۇنۇبلۇق، ھەيز، نىفاس قاتارلىق ئەھۋاللاردىن پاك بولۇش. ئەگەر بۇ خىل ئەھۋال ئېتىكاپ مەزگىلىدە يۈز بەرسە، ئېتىكاپ قىلغان مەسجىددىن چىقىش لازىم.

-ئېتىكاپ مەسجىدتە بولۇشى لازىم. قۇرئان كەرىمدە ئېتىكافنىڭ مەسجىددتە بولۇشى تىلغا ئېلىنغان.

-ئېتىكافنىڭ مەسجىد ھەرەم، مەسجىد نەبەۋىي ۋە مەسجىد ئەقسادىن باشقا مەسجىدلەردە بولمايدۇ، دېگەن قاراش بولسىمۇ، بۇ ھەقتىكى ھەدىسنىڭ باشقا مەنالارنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئالىملارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئېتىكافنىڭ ئەركانلىرى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

1- نىيەت: بۇ ھەقتە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ھەممىگە تونۇشلۇق بىر ھەدىسى بار. بۇخارىي 1-جىلد، 15-بەت.

2- ئېتىكافنىڭ مەسجىدتە بولۇشى: بۇنىڭغا بەقەرە سۈرىسىنىڭ 125- ئايىتى.

ئېتىكافنىڭ زامانى، ۋاقتى ۋە باشلىنىش نوقتىسى:

ئېتكافنىڭ ئورنى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكىنىمىزدەك مەسجىدتۇر. بەقەرە سۈرىسى، 187-ئايەتتە بۇ ھەقتە ئىشارەت بار.

ۋاقتىغا نىسبەتەن ئەگەر رامىزاندا بولسا، ئاخىرىقى ئون كۈنىدە، باشقا چاغلاردا بولسىمۇ رۇزىدار ھالەتتە بولسا بولىۋېرىدۇ. ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا ئېتىكافنىڭ مۇئەييەن ۋاقتى يوق.

ئەمما باشلىنىش نوقتىسى بىر كېچە- كۈندۈز ئېتىكاف قىلىش نىيىتىگە كەلگەن كىشى قوياش پېتىشتىن ئىلگىرى باشلايدۇ. ئەمما بىر قىسىم ئۆلىمالار تاڭ ۋاقتىدىن باشلىنىدىغانلىقىنىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئېتىكاف قىلغان كىشىگە قويۇلىدىغان چەكلىمە:

- مەسجىدتىن چىقىش: بۇنداق قىلىش ئېتىكافنى بۇزىدۇ.
- ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىش.
- ھەيز ۋە نىفاس كىلىش.

-ئىددەت: بىر ئايالنىڭ يولدىشى ئۇ ئايال ئېتىكافتا چاغدا ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ئايال ئىددەت توشقۇزۇش ئۈچۈن ئېتىكافتىن چىقىشى لازىم.

- ئىسلامدىن چىقىپ كىتىش. دىندىن چىقىپ كەتكەن كىشىنىڭ ئېتىكافى بۇزىلىدۇ.

ئېتىكافنىڭ تەربىيىۋي تەرەپلىرى:

1- ئىبادەت ئۇقۇمىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش.

2-قەدىر كېچىسىنى تېپىشنى مەقسەت قىلىپ، ئۆزىنىڭ رۇھىي دۇنياسىنى تاۋلاش.

3-مەسجىدتە ئولتۇرۇشقا ئۆزىنى ئادەتلەندۈرۈش.....

........

# مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قانداق قارشى ئالىمىز؟

تەييارلىغۇچى: ئا.قارلۇقىي

مەخلۇقاتلارنى يوقتىن بار قىلىپ، ئۇلارنى رىزقلاندۇرغان بارلىق كائىناتنىڭ پەرۋەردىگارى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا مىڭلاپ ھەمدۇ سانا، شۈكۈر ـ رەھمەتلەرنى ۋە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەپا ئەلەيھىسسالامغا دۇرۇد ۋە سالاملارنى يوللىغاندىن كېيىن، يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قانداق قارشى ئېلىش ھەققىدە خەلقىمىز بىلەن ئورتاقلىشايلى، دېگەن مەقسەتتە تۆۋەندىكى بىر قانچە خىل نوقتىنى ھازىرلاپ، بۇ يەردە ئېلان قىلدۇق.

بۇ قىسقىغىنە يېزىلغان بىر پارچە رىسالە، رامىزان ئېيىنى ساق ساغلام كۆتۈۋالغان ھەر بىر موسۇلمان ئەر ۋە ئاياللارغا قىلىنغان ھەدىيە بولۇپ، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغان ئەمەللەر ۋە ئىبادەتلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەتبىقلىغان قائىدە ـ پرىنسىپلىرى بويىچە ئادا قىلىشىغا ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇنداقتا رامىزاننى قارشى ئېلىشنىڭ ئەڭ ساغلام يوللىرى زادى قايسىلار؟

شۇ نەرسە ئىنتايىن ئايدىڭكى، ئۆزىنى مۇسۇلمان ساناپ يۈرگەن ھەر قانداق بىر كىشىنىڭ بۇ ئىبادەت مەۋسۇمىنى قولدىن بەرمەسلىكى، ئىبادەتكە، خەير ـ ساخاۋەتكە ھېرىسمەن بولۇشى، ھەر قانداق بىر سالىھ ئەمەل بولسا باشلامچىلىق بىلەن گويا مۇسابىقىگە چۈشكەندەك بەسلىشىپ

تۇرۇپ ئادا قىلىشقا تىرىشىشى تولىمۇ ئاددى ساۋات. شۇڭا مۇسۇلمان قېرىنداشلار تۆۋەندىكىلەرگە ھېرىسمەن بولۇشۇڭلارنى تەۋسىيە قىلىمىز:

1 - ئاللاھ تائالانىڭ سىزنى ساق ـ سالامەت ۋە ساغلام ھالەتتە مۇبارەك ئاي رامىزانغا يەتكۈزۈشى، شۇنىڭدەك بۇ ئايدا ئىبادەتلەرنى بولۇپمۇ كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن مەشغۇل بولۇشقا مۇيەسسەر قىلىشى ئۈچۈن ھەر ناماز ۋە باشقا مۇۋاپىق ۋاقىتلاردا دۇئا قىلىپ تۇرۇش. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رامىزان كېلىشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالادىن ئۆزىنى رامىزان ئېيىغا ساق ـ سالامەت يەتكۈزىشى ئۈچۈن كۆپلەپ دۇئا قىلىدىغانلىقى ھەدىسلەردە قەيت قىلىنغان. يەنە رامىزان كىرىپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇنى تولۇق ئادا قىلىشقا، ھەممە ئىشتا ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىغا ئويغۇن مېڭىشقا مۇۋەپپەق قىلىشى ئۈچۈن ھەمىشە دۇئا قىلىپ تۇراتتى. بۇ ھەقتە ئىمام ئەھمەد، تەبرانى، ئىبنى ھىببان قاتارلىقلاردىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىسلەر بار.

2 - رامىزانغا سالامەت يېتىشكەندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ نېئمىتىگە شۈكۈر يەنى ھەمدۇ سانا ئېيتىش. ئىمام نەۋەۋي ئەلئەزكار ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: "بىلگىنكى، كىمگە ئاللاھنىڭ بىرەر نېئمىتى بىرىلسە ياكى ئۇنىڭغا بىرەر نىئمەت يېڭىلانسا، ئۇنىڭ ئاللاھ تائالاغا شۈكۈر يۈزىسىدىن سەجدە قىلىشى ياكى شۇ ئىشنىڭ ئەھلىگە رەھمەت ئوقۇشى تولىمۇ سۆيۈملۈك ئىشتۇر".. دەرۋەقە، ئاللاھ تائالانىڭ بىر بەندىگە قىلغان ئەڭ چوڭ مەرھەمىتى ئۇنى ئۆزىنىڭ تائىتى ۋە ئىبادىتىگە مۇيەسسەر قىلىشىدۇر. رامىزانغا ساغلام يېتىشىۋېلىشنىڭ ئۆزى

ئـنـتـايـن بۇيۇك نـئـمـەتـتۇر. بۇنـىڭ ئۇچۇن ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتـائالاغا ئۇ زاتـنـىڭ ئـىـسـم ۋە سۈپەتـلـىرىـگـە مۇۋاپـىق رەۋىشـتـە شۈكـۈر ۋە رەھمەتـلەر ئېـيـتـىـشـىـمـىـز لازىـم.

3 - خوشھال بولۇش ۋە ئۇنـىڭدىـن پەخـىرلـىـنـىـش. پەيغەمـبەر ئەلەيھىـسسالام رامـىزان ئېيـى يـېـتـىـپ كەلـگـەنـدە، ئـنـتـايـىـن خوشال - خورام كەيـپـىـيـاتـتـا ساھابـىـلـىرىـگـە مۇنداق دەيدىـغانـلـىـقى رىـۋايەت قـىـلـىـنـىـدۇ: "رامـىزان ئېـيـى يـېـتـىـپ كەلدى. بۇ ئاللاھ تائالا سـىـلـەرگـە روزىـنـى پەرز قـىـلـغـان مۇبـارەك ئاي. بۇ ئايـدا جەنـنـەتـلـەرنـىـڭ ئـىـشـىـكـلـىرى ئېـچـىـلـىـپ، جەھـەنـنـەمـنـىـڭ ئـىـشـىـكـى تاقـىـلـىـدۇ.." ئـىـمـام ئەھمەد رىـۋايـىـتـى. ساھابە ۋە تابـىـئـىـنـلاردىـن تارتـىـپ بارلـىـق سەلەپ ئالـىـمـلـىرىـمـىـز رامـىـزان ئېـيـىـغا ئـنـتـايـىـن بەك ئەھمىـيـەت بېرەتـتـى. رامـىزان كەلـگـەنـدە ئـنـتـايـىـن بەك خوشال بولـۇشـۇپ كېـتـەتـتـى. بـىـر مۇسۇلـمـان ئـىـنـسـان قانداقـمـۇ بـونـداق كاتـتـا خەيـر ۋە رەھـمەت مەۋسۇمـىـدىـن خوشالـلانـمـىـسـۇن!!!

4 - رامـىزانـدىـن ئـىـبـارەت بۇ مۇبارەك ئايدىـن قانداق پايدىـلـىـنـىـش توغرىـسـىـدا پـىلان، لايـىـھە تـۈزۈش.

مـىـڭ ئەپسۇسـكى، دۇنيا ئـىـشـلـىرىـغا شۇ قەدەر ئـىـنـچـىـكـە پـىلانلارنى قـىـلـىـشـىـپ كېـتـىـدىـغان خېـلى دىـنـدار كـىـشـىـلـەرمـۇ، ئاخـىرەتـنـىـڭ ئـىـشـىـغا ئۇ قەدەر ئەھمـىـيـەت بـىرىـپ كەتـمەيدۇ. بۇ دەل بـىر قـىـسـىـم مۇسۇلـمـانـلارنـىـڭ ئاخـىرەت ئـىـشـىـغا دىـگـەنـدەك كۆڭـۈل بۆلـمـەيدىـغانـلـىـقـىـغا ئـنـتـايـىـن روشـەن دەلـىـل. ئاللاھ تائالانـىـڭ تائـىـتـىـگـە پەرۋاسـىـز قاراش، ئۆزىـنـىـڭ روھـىي دۇنياسـىـنـى بېـيـىـتـىـشـقا ئەھمـىـيـەت بەرمەسلـىـك تولـىـمۇ خەتەرلـىـك ئـىـشـلاردىـنـدۇر. ئاللاھ تائالانـىـڭ رازىـلـىـقـىـنى ئـىـزدىـگـەن ھەر قانداق بـىر مۇسۇلـمـان ياخشى بـىر پـىلان ياكى لايـىـھە تۈزۈپ، رامـىزانـدىـن ئـىـبارەت بۇ مۇبارەك ئايـنـىـڭ كېچە ۋە كۈندۈزلـىرىـنى قانداق ئۆتـكـۈزۈشـنـىـڭ جىددى تەييارلـىـقـىـنى كۆرۈشى

تولـمۇ مۇهـىم. ئاللاھ تائالادىـن بۇ رىسالـىـنـىڭ سىـزنـىڭ شۇنداق ياخشى پىـلانلارنى تۈزىـشـىـڭـىزگە پايدىـسى تېـگـىـپ قالسا ئەجەپ ئەمـەس.

5 - بۇ ئايدا سالىـھ ئەمەللەرنى قىـلـىـشقا قەتئىي بەل باغلاش. كىـمـىـكى ئاللاھ تائالاغا سەمـىـمىي، سادىـق بولـىدىـكەن ئاللاھ تائالامۇ ئۇنـىـڭغا سەمـىـمىي بولـىدۇ، ئۇنداق ئىـنسانـنـى ئۆزىـنـىـڭ تائـىـتى ۋە سالـىـھ ئەمـەللەرگە مۇيەسسەر قىـلـىـدۇ. شۇنـىـڭـدەك ئۇنـىـڭ يوللـىـرىـنـى ئاسانلاشتۇرۇپ بـىـرىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلار ئاللاھقا سادىـق بولۇشسا ئەلۋەتتە ئۇلار ئۇچۇن ياخشى ئىـدى" - مۇھەمـمـەد سۈرىـسى، 21 - ئايەتـنـىـڭ بـىـر قـىـسمى.

6 - رامـىـزانغا مۇناسىـۋەتلـىـك ھۆكۈم ۋە قائـىـدە - پرىـنـسـىـپلارنى بـىـلـىـشى ۋە تېـخـىـمۇ ياخشى بـىـلـىـش ئۈچۈن ھەرىـكـەت قـىـلـىـشى. ئاللاھ تائالانـىـڭ بەندىـلـىـرىـگە پەرز قـىـلـغان ئـىـبادەتلـەرنى نادانلارچە ئادا قـىـلـىـش جائـىـز ئەمـەس. شۇڭا ھەر قانداق بـىـر مۇسۇلمان رامـىـزان كـىـلـىـشـتـىـن ئـىـلـگـىـرى، ئۇنـىـڭ ئەھكامـلـىـرىـنى بـىـلـىـشكە ئـىـنتـىـلـىـشى ۋە ئۇنى ياخشى ئۆگـىـنـىـشى لازىـم. ئۇنداق بولـمـىـغانـدا قـىـلـغان ئـىـبادەتـلـىـرى ۋە تۇتقان روزىـلـىـرى ئاللاھـىـنـىـڭ دەرگاھـىـدا مـەقبول بولمايدۇ. ئاللاھ ھەمـمـىـدىـن ئالـىـمدۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: " ئەگـەر (بۇنى) بـىـلـمـىـسەڭلار، ئەھلى ئـىـلـىـمدىـن (يەنى بـىـلـىـدىـغانلاردىـن) سوراڭلار" - ئەنبـىـيا سۈرىـسى يەتـتـىـنچى ئايەتـنـىـڭ بـىـر قـىـسمى.

7 - يەنە بۇ ئاينى بارلـىـق گۇناھ ۋە خاتالـىـقلاردىـن قول ئۈزۈش ۋە ئۆتـكۈزگەن خاتالـىـقلاردىـن سەمـىـمـىي تەۋبە قـىـلـىـش ۋە گۇناھ ئـىـشلارغا تەكرار قايـتمايدىـغانلـىـقـىـغا ئاللاھقا ۋەدە بـىـرىـش، ئۇ ۋەدىـدە ئـىـزچـىـل سەمـىـمـىي بولۇش. شۇنداق، تەۋبە - ئـىـسـتـىـغـپارنى مۇشۇنداق پەزىـلـەتلـىـك ئايدا ئـىـيـتـمـىـسا قاچان ئـىـيـتـىـدۇ؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى

مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللە غا تەۋبە قىلىڭلار" ـ نۇر سۈرىسى، 31 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

8 - قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن باشقا يەنە رامىزانغا مۇناسىۋەتلىك دىنى كىتاب ـ ماتېرىياللارنى ئوقۇش، تەبلىغ، ۋەز ـ نەسىھەت قاتارلىق ئۇنىئالغۇ، سىنئالغۇ لىنتىلىرىنى ئاڭلاش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ تائىتىگە تەييار تۇرىدىغان ساغلام روھىي شارائىت ھازىرلاش.

9 - ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىش. يەنى تۇۋەندىكى يوللار ئارقىلىق بۇ چاقىرىقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش: ـ رامىزاندا باشقا دوست ـ بۇرادەرلىرىگە ياكى باشقىلارغا يەتكۈزىدىغان بىر قىسىم ئايەت ياكى ھەدىسلەرنى، ھېچ بولمىغاندا ھېكمەتلىك سۆزگە دائىر بىرەر مەزمۇننى ئىپادىلەيدىغان تەبلىغ پىلانى تەييارلاش. ـ تونۇش ـ بىلىشلىرىگە رامىزانغا مۇناسىۋەتلىك ياكى باشقا تېمىلاردا بولسۇن كىتاب ـ ژۇرنال، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ لېنتىلىرىنى تارقىتىش. كۆڭۈل يېقىن، ئۇرۇق ـ تۇغقانلارغا بېرىش ئۈچۈن رامىزانلىق ھەدىيە تەييارلاش. ـ نامرات، كەمبەغەللەرنى ئەسكە ئېلىش ئارقىلىق ئۇلارغا بېرىدىغان ئۆشرە ـ زاكاتلارنى ۋاقتىدا ۋە دەل جايىدا بېرىش.

10 ـ رامىزان باشلىنىش بىلەن ھاياتىمىزدا بىر يېڭى سەھىپە ھازىرلاش لازىم. بۇ سەھىپە تۆۋەندىكىلەر ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ:

ـ ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىش.

ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇيرىغانلىرى تولۇق ئادا قىلىش، توسقانلىرىدىن پۈتۈنلەي يېنىش.

ـ ئاتا ـ ئانا، ئۇرۇق ـ تۇققان ۋە بالا ـ چاقىلارغا سىلە رەھىم قىلىش.

ـ ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتكە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش ئارقىلىق جەمئىيەت بىلەن بىر سەھىپە ئېچىش.

شۇنداق مۇسۇلمان قېرىنداشىم! سىز ئالدىمىزدا ساناقلىقلا كۈن قالغان رامىزان ئېيىنى گويا ئۇزۇن كىشى سۇغا ئىنتىلگەنگەندەك، كىسەل دوختۇرغا ھېرىسمەن بولغاندەك ھېرىسمەنلىك بىلەن قارشى ئېلىشقا تىرىشىشىڭىز لازىم. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى ئۆزىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە ئەمەل قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن، ئامىن!

ئاخىرىدا بىز بۇ ماقالىنى ھازىرلاشتا ماقالىسىدىن تولۇق دېگۈدەك پايدىلانغان ئۇستاز خالىد بىن ئابدۇرراھمان ئەددۇۋەيشكە كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. ئاللاھ ئۇنىڭغا كۆپلەپ ئەجىر ئاتا قىلسۇن!!!

# رامزان، تېلېۋىزور ۋە بىز

- ئا.قارلۇقي

كۈنسىرى يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان رامزان ئېيىنى قانداق قارشى ئېلىشنىڭ كويىدا قىزىق چېپىۋاتقان ئاتا- ئانىلارنىڭ سەزگۈر دىققىتى پەرزەنتلىرىگە تەھدىد سۈپىتىدە تىكىلىپ تۇرىۋاتقان تېلېۋىزوردىن ئىبارەت بۇ ۋاستىنىڭ كەلتۈرىدىغان زىيانلىرى ھەققىدە ئانچە- مۇنچە ئويلىنىشقا پۇرسەت بەردىمۇ يوق، بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. لېكىن، بىلمىسەك بولمايدىغان بۇ مەسىلە ھەققىدە نۇرغۇن ئىشلارغا سوغۇق قاراپ ئادەتلىنىپ قالغان خەلقىمىزگە ئانچە- مۇنچە ئەسكەرتىشلەرنى بېرىش ئارتۇقچە بولماس.

پەرۋاسىزلىق قارىشى ھۆكۈمران يەردە، نىجاتلىقتىن ئۈمىد كۈتۈش تولىمۇ قىيىن. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشاش مۇبارەك رامزان ئېيىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىۋاتقان بۇ كۈنلەردە، بىز ئۈچۈن "خالىسانە" خىزمەت قىلىۋاتقان رادىئو- تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى "رامزانلىق" تېلېۋىزىيە فىلىملىرىنى ھازىرلاۋاتقان بولۇشى تولىمۇ تەبئىي.

تاللاش ھوقۇقۇڭ بولمىغان يەردە، بىچارىلەرچە ياشاش سېنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكىڭ بولۇپ قالىدۇ. شۇمىكىن، بىز ئەقىدىمىزگە، ئېتىقادىمىزغا، ئۆرپ- ئادەت ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە يۈز پىرسەنت قارىمۇ قارشى فىلىملەرنى كۆرۈپ كۆنۈپ كەتتۇق. "غەربكە ساياھەت خاتىرىسى" نى بېخارامان ئولتۇرۇپ سەيىر قىلىش، ئۆزىمىز ۋە پەرزەنتلىرىمىزنى ئۇنى كۆرۈشتىن چەكلىمەسلىكىمىز ئېتىقادىمىزغا بولغان سەممىيىتىمىزنىڭ بىۋاستە گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇرىۋېتىپتۇ. توغرا، بىزنىڭ تاللاش ھوقۇقىمىز يوق. گەرچە ئاساسىي قانۇندا،

مىللىي ئەنئەنە، دىنى ئېتىقاد، تىل ۋە باشقىلارغا ھۆرمەت قىلىنىش ھەققىدە ئۇزۇن- ئۇزۇن جۈملىلەر چىرايلىق قىلىپ يېزىلغان بولسىمۇ، بۇ ھۆرمەت بىزنى، يا بىز بۇ ھۆرمەتنى تېپىپ بولالمىدۇق. شۇڭا بىزگىمۇ رامىزاندا كۈنىگە ئون – ئونبەش مىنۇتلۇق رامىزان ھەققىدىكى دىنىي ۋەز- نەسىھەتلەر تېلۋىزور ئېكرانلىرىدا ئەمەس، مەسجىدلەردىمۇ راۋا كۆرۈلمىدى. ئەمما بىزنىڭ تاللاش ھوقۇقىمىز شۇ فىلىملەرنى، كۆپ قىسىملىك تېلۋىزىيە تىياتىرلىرىنى كۆرمەسلىكتە ئىپادىلەنسە، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالاغا، ئۇنىڭ دىنىغا، پەيغەمبىرى كۆرسەتكەن تەلىماتلارغا بوي ئەككەن بولساق، مىللىي ئەنئەنە، ئۆرپ- ئادەتلىرىمىزنى بۇ ئارقىلىق قوغداپ قالساق بۇنىڭ نىمىسى يامان؟!! بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئىمكانىمىز بار. رامىزان ھەرگىزمۇ ئويۇن- تاماشانىڭ، كىنو كۆرۈش، ناخشا- مۇزىكا ئاڭلاشنىڭ، ياخشى يەپ- ئىچىشنىڭ ئېيى ئەمەس، قۇرئان ئوقۇيدىغان، تائەت ـ ئىبادەت قىلىدىغان، كۆپ ناماز ئوقۇيدىغان، خەير- ساخاۋەت قىلىدىغان، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشنى تاشلىمايدىغان، ئېتىكاپ قىلىدىغان ئاي. بىز بىزنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن، ناماز ئوقۇش، قۇرئان ئوقۇشتىن، ئاللاھنىڭ زىكرىدىن توسىدىغان بۇنداق پروگراملاردىن يىراق تورغىنىمىز بىزنىڭ دۇنيا- ئاخىرىتىمىز ئۈچۈن تولىمۇ ياخشى. ئاللاھ ھەممىمىزنى ياخشى ئىبادەت، ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئامىن!

گەرچە ياراتقۇچىسنى رامىزاندىلا تونۇپ، باشقا ئايلاردا ئونتۇپ كېتىدىغان لەنەتكە لايىق "سۈنئىي مۇسۇلمان" لارنى ئانچە ياخشى كۆرۈپ كەتمىسەممۇ، مۇشۇ خىل باشلىنىش، بۇنىڭغا ئوخشاش ياخشى كەيپىياتلار بىلەن كۆپ قاتلاملىق تەھدىدكە دۇچ كىلىۋاتقان مىللىي، دىنىي مەۋجۇدلىقىمىزنىڭ بىر مىنۇت بولسىمۇ ئۇزۇن ياشىشى ئۈچۈن ئىمكان ھازىرلىغان بولۇپ قالارمىزمىكىن، دىگەن ئۈمىدىم بۇ قۇرلارنى يېزىشقا مېنى زورلاۋاتىدۇ. ھۆرمەتلىك ئاتا- ئانىلار! پەرزەنتلەرنى ياخشى، ئېتىقادلىق ئىنسان قىلىپ تەربىيلەش سىلەرنىڭ مەجبۇرىيىتىڭلار. سىلەر مەككىدە ياكى مەدىنىدە ئەمەس، بەلكى قەشقەردە، خوتەندە ئۈرۈمچى، غولجا ... قاتارلىق

شەھەرلەردە ياشاۋاتىسلەر، بىزنىڭ بۇ يەردىكى تېلېۋىزىيە پروگراملىرىنى ئەركىن- ئازادە ئولتۇرۇپ كۆرگىلى بولمايدۇ. رامىزان ئايلىرىدا، ئىمكان يار بەرسە باشقا ئايلاردىمۇ خەۋەرلەرنى كۆرگەندىن باشقا، ئېتىقادىمىز ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە يات بولغان فىلىملەرنى كۆرۈشتىن بالىلارنى توسۇپ قالايلى! بىز بۇنىڭدىن ئىككى خىل پايدا ئالىمىز؛ بىرى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى، ئىككىنچىسى مىللىي مەۋجۇدلۇقىمىزنىڭ كاپالىتى.

ئۆزىنى سۆيمىگەنلەر ئۆزگىلەر تەرىپىدىنمۇ سۆيۈلمەيدۇ. مەنچە بولغاندا، ئۆزىنى سۆيۈش ئۆز قەدىر- قىممىتىنى بىلىشتە ئىپادىلەنسە كېرەك. ئۇنداقتا بىزنىڭ قەدرىمىز- قىممىتىمىز زادى قەيەردە؟ ئەجەبا ئۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىز، مىللىي، دىنىي ئەنئەنىلىرىمىزدە ئەمەسمۇ؟! ئەجەبا ئۇ، شۇلارنى قوغداش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتا ئەمەسمۇ؟! بىز بۇ يەردە ھەممە ئىشتا ئىنديئانلاردەك مىللىي ئەنئەنە دەپ باشقا ھېچقانداق تەرەققىيات بىلەن كارى بولمايدىغان بىر مىللەت توپىنى داۋا قىلماقچى ئەمەسمىز. ئەمما بىز، بىزنى ئىپادىلەيدىغان، بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ئىپادىلەيدىغان تەرەققىياتلارغا مۇھتاجمىز. تەرەققىيات پەقەت سانائەتلىشىشنى كۆزدە تۇتمايدۇ. ئۇنىڭ مەنىۋى تەرىپى بىز ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىم. شۇڭا بۇ يىلقى رامىزان بىز ئۈچۈن بىر ياخشى باشلىنىش بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. ئۆزىمىزنى، پەرزەنتلىرىمىزنى، دىنىي ئېتىقاد ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزنى تېلېۋىزوردىن ئىبارەت "دىل بۇزارلار" نىڭ جەھەننەمگە باشلايدىغان ئازازۇل پروگرام ۋە فىلىملىرىنىڭ تەھدىتىدىن ساقلاپ قالايلى

## ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتەلىگەن بولساقچۇ، كاشكى...

**ئابدۇلئەزىم ئەلمەتئەنى**

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«ھەر قانداق بىر قەۋم ئۆزىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزى ئۆزگەرتمىگىچە (يەنى ئاللاھ نىڭ بەرگەن نىمەتلىرىگە تۇزكورلۇق قىلىپ گۇناھلارغا چۆممىگىچە) ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ (يەنى ئاللاھ ئۇلارغا بەرگەن نىمەت، خاتىرجەملىك ۋە ئىززەت - ھۆرمەتنى ئېلىپ تاشلىمايدۇ)»[1]

دەرۋەقە، بىز مۇسۇلمانلار ئۆزىمىز ھازىرغىچە دىگەندەك ئىخلاس قىلالمىغان، سەممىيەت بىلەن قارىيالمىغان بۇ دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىگە قايتمىساق، ئاللاھ تائالا بىزنىڭ بۈگۈنكى دۇنيادىكى ھەممىگە بوزەك، ھەممىدىن ھالسىز، ھەر يەردە سەرسان بۇ ھالىمىزنى ھەرگىزمۇ ئۆزگەرتمەيدۇ.

شۇڭا،دۇنيانىڭ نەرىگىلا قارىساق، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر خىل كەمسىتىش،ئېزىلىش ۋە ھاقارەتلەرگە ئۇچراۋاتقان مەجرۇھ گەۋدىسى، ھامان باشقىلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي چاڭگاللىرى ماھىيىتىدىكى ئاچكۆزلۈكلىرىگە يەم بولىۋاتقانلىقى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. پەقەت رەببىگە قىلىنغان ئىبادەت ۋە پەيغەمبىرىگە قىلىنغان ئىتائەتتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، دۇنيادىكى دىنسىز كۈچلەر نىملەرنى قىلمىدى...

مىنىڭچە، رەببىمىزنىڭ كىتابىغا ھەقىقىي قايتماي، ھاياتىمىزغىمۇ ، ئىستىقبالىمىزغىمۇ ئاپەت ئىختىلاپلىرىمىزنى چۆرۈپ تاشلىماي تورۇپ، بىزنىڭ بۇ ئەھۋالىمىز ئەبەدى ياخشىلانمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ بىزنى نېمىشقا ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت بۈيۈك مەقسەتنى ھەقىقىي بىلىش ۋە ئۇنىڭغا چىن ئەمەل قىلىش، شۇنداقلا، سۆزىمىزنىڭ چېچىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، يىغىنچاقلاپ شۇنداق دەيمەنكى: بامدادتىن تاكى خۇپتەنگىچە بولغان بارلىق نامازلىرىمىزنى جامائەت بىلەن مەسجىدتە ئوقۇشنى ئۆزىمىزگە ۋاجىپ ھېساپلىشىمىز ۋە بۇنى ئەستايىدىل ئورۇندىشىمىز لازىم. چۈنكى، «كاپىرلار بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى پەرق نامازدۇر»[2]

رەببىمىزنىڭ كىتابىنى يادلىشىمىز ۋە ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارغا سەمىمىيەت بىلەن ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. ئەنە شۇنىڭدا يولىمىزدىكى بارلىق تۇسالغۇلۇقلارغا قارشى تۇرغىلى بولىدىغان غايەت زور كۈچ بار. ئاللاھ تائالا بىزگە قۇدرىتىمىزدىن تاشقىرى بىر ئىشنى بۇيرىغان ئەمەس. ئەگەر بىز يوقىرىقى ئىشلارغا ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەل قىلىدىكەنمىز، شۇنداق بىر سائەتلەر كېلىدۇكى، ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ «ئاللاھ مۆمىنلەرنى چوقۇم قوغدايدۇ[3]» دېگەن ئىلاھىي كۆرسەتمىسىدە بايان قىلىنغان، ئاللاھنىڭ نۇسرىتىگە لايىق كىشىلەرگە ئايلىنىمىز.

ئى ئاللاھ ! دىلىمىز بىلەن تىلىمىزنىڭ ئارىسىدا ھېچقانداق بوشلۇق قويمىغىن!

ت ـ ئا. قارلۇقىي

# ئاللاھ تائالا نېمىشقا ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنى يوشۇرۇن ساقلايدۇ؟

ئاللاھ تائالا ئىنساننى ھاكاۋۇرلۇق ۋە ماددىي نوپۇزىدىن مەغرۇرلىنىپ كېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇشنى ۋە ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىلەن ئۇنى دائىم ئەسلەپ تۇرۇشنى، ئۆلۈمنىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكى قىلىپ بەلگىلىدى. ئۆلۈمنىڭ ۋاقتى يوشۇرۇن ساقلاپ قېلىندى.. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

ئىنساننىڭ ھەر دائىم ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ قېلىشىنى تەخمىن قىلىپ تۇرىشى ئۈچۈن...ئۇ، ھەر قېتىم ھاكاۋۇرلۇق قىلغاندا، بىرەر ياكى بىر نەچچە سائەتلەردىن كېيىن، دۇنيادىن ئايرىلىپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇ، شۇلارنى ئويلايدۇ-دە، ھاكاۋۇرلىقىدىن يېنىپ، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قايتىدۇ.

ئەگەر، بىزنىڭ ھەر بىرىمىز ئۆلۈم ۋاقتىمىزنى بىلگىنىمىزدە، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىشىمىز، ھاياتتا يولسىزلىق قىلىشىمىز، كىشىلەرگە زۇلۇم قىلىشىمىز... تۇرغانلار گەپ. ئاخىرىدا، ۋاپاتىمىزغا بىر قانچە ئايلا قالغاندا، ئىستىغفار ئېيتىپ، ئاللاھدىن كەچۈرۈم سورايمىز... بۇ ھالدا، ھاياتنىڭ ھېكمىتى ئۆلگەن بولىدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنى يوشۇرىشى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن خەۋەر بەرگىنى... يەنى ۋاقتىنىڭ ئېنىقسىز بولىشى دېمەك، ئىنساننىڭ ھەر ۋاقىت، ھەر بىر لەھزىدە ئۆلۈمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ تۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن، ئاقىللارنىڭ بىر كۆزى دۇنيادا، يەنە بىر كۆزى ئاخىرەتتە بولىدۇ... ئەگەر، بىرەر گۇناھ سادىر قىلغاندا، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنىڭ ئۆمرىنى ئۈزۈن قىلامدۇ ياكى قىسقىمۇ؟ يەنە بىر قېتىم يامان ئىش قىلىپ، تەۋبە قىلىشىغىچە ئۇ ھايات

تۇرامدۇ؟ ياكى يامان ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقاندا، ئۆلۈم پەيتى كېلىپ قېلىپ، تەۋبە قىلىشقا پۇرسەت تاپالماي قالامدۇ؟... بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەيدۇ.

يامان ئىشلار توغرىسىدا يوقىرىدا ئېيتقان سۆزلىرىمىزنى ياخشى ئىشلار ھەققىدىمۇ سۆزلىشىمىز مۇمكىن... ئەگەر، ئۆلۈمنىڭ مۇددىتى ئېنىق بولسا، ئىنسان ياخشى ئىشلارنىمۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى پەيتلىرىگە قالدۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئاللاھ تائالا ياخشى ئىشنىڭ ھايات بويلاپ داۋاملىشىشىنى، ئەجەل كېلىشتىن ئىلگىرى ئىنسانلارنىڭ ياخشى ئىشلارنى قىلىۋېلىشىنى خالايدۇ. ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆلۈمنىڭ ۋاقتىنى مەخپى قىلدى. دېمەك، ئۆلۈمنىڭ مەخپى قېلىشى ئاللاھنىڭ ئىنسانىيەتكە قىلغان زور ئىنئامى ۋە رەھمىتى. ئەجەل بىلەن ئاسىلىقنىڭ بىرگە كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇپ، يامان ئىشلاردىن قاچىدىغان، ئەجەلنىڭ تويۇقسىز كېلىپ قىلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، ياخشى ئىشلارغا ئالدىرايدىغان قىلىپ بەرگىنى نېمىشقىمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتى بولمىسۇن؟!

# قۇرئان كەرىمگە دائىر تەرىپ ۋە ئىستىلاھلار

قۇرئان كەرىم

قۇرئان كەرىم: ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى، ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە چۈشۈرۈلگەن ۋەھيىسى، مۇسھەپ( قۇرئاندىن ئىبارەت كىتاپقا يېزىلغان)كە يېزىلغان، بىزگە مۇتەۋاتىر (كەينى- كەينىدىن، ساغلام، ئىشەنچلىك مەنبەلەر ئارقىلىق ھېچقانداق ئۆزگىرىش ۋە بورمىلاشلاردىن خالىي) ھالدا يىتىپ كەلگەن، ئۇنى ئوقۇش ئىبادەت ۋە تەھەددىشسىز مۆجىزىدۇر.

« قۇرئان» نىڭ سۆز مەنىسى: قۇرئاننىڭ لوغەتتىكى لەفزى ِقرَاءَةٌ سۆزىگە مەنداش كەلگەن پېئىل تومۇرى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ « ئۇنى توپلاش ۋە ئوقۇپ بېرىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىزدۇر` ساڭا ئۇنى ئوقۇپ بەرگىنىمىزدە (يەنى جىبرىئىل ساڭا ئوقۇپ بەرگەندە) ئۇنىڭ ئوقۇشىغا ئەگەشكىن»[1] دېگەن ئايىتى ئىشارە قىلىدۇ. قۇرئان سۆزى قَرَوَ ( ئوقۇدى) دېگەن سۆزدىن تۈرلەنگەن بولۇپ، (تىلاۋەت قىلدى) دېگەن بولىدۇ دىگەنلەرمۇ،قَرَوَ سۆزىدىن تۈرلەنگەن ئەسلىسى قَرَوَ ( توپلىدى، جەملىدى ) دېگەن مەنىدە كىلىدۇ دېگەنلەرمۇ بار.

قۇرئان كەرىمنىڭ شەرئىي مەنىسى: ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۆزى بولۇپ، مەخلۇق ئەمەس، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەرەب تىلىدا نازىل قىلىنغان ،ئەرەبلەرگە مىسلىنى كەلتۈرەلەمسىلەر؟ دەپ جەڭ ئېلان قىلغان،ئۇنى ئوقۇش ئىبادەت ھىساپلىنىدىغان، بىزگىچە ئىشەنچلىك مەنبەلەر ئارقىلىق يىتىپ كەلگەن مۆجىزە كىتاۋى.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:« ئۇلار الله نىڭ (خەيبەر غەنىمىتىنى ھۇدەيبىيىگە چىققانلارغا خاس قىلغانلىقتىن) ئىبارەت سۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولىدۇ»[2] قۇرئان كەرىمدە يەنە

مۇنداق دەيدۇ: « شۇبھىسىزكى، قۇرئان ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر`ئاگاھلاندۇرغۇچىلاردىن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، ئىشەنچلىك جىبرىئىل ئۇنى سېنىڭ قەلبىڭگە ئېلىپ چۈشتى ` (قۇرئان) ئوچۇق ئەرەبى تىلىدا (نازىل بولدى)

ۋەھيى

ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ ئومۇمىي كىشىلەرگە نورمال بولمىغان بىر خىل ئۇسۇلدا، جىبرىئىل ياكى ئۇيقۇدىكى ياخشى چۈشى ياكى پەردە ئارقىسىدىن ئىلاھىي سۆزلىشىش ئارقىلىق پەيغەمبەرلىرىگە بىرىدىغان كۆرسەتمىلىرى.

ئايەت

مەنىسى، ئالامەت، ئىبرەت، مۆجىزە دېگەنلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئايەت قۇرئان كەرىمدىكى بىر نەچچە سۆزدىن تەركىب تاپىدىغان بولۇپ، بىر- بىرى بىلەن قۇرئاننىڭ بەلگۈلەنگەن تۇرۇقلىرىدا باغلىنىدۇ. ئايەتلەر نازىل بولۇش جەريانىغا قاراپ « مەككىييە» (مەككىدە نازىل بولغان ئايەتلەر) ۋە «مەدەنىييە» (مەدىنىدە نازىل بولغان ئايەتلەر( دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ھىجرەتتىن ئىلگىرى نازىل بولغان ئايەتلەر مەككىييە، ھىجرەتتىن كېيىن نازىل بولغان ئايەتلەر مەدەنىييە دەپ ئاتىلىدۇ، گەرچە مەككىدە نازىل قىلىنغان بولسىمۇ. چۈنكى، ھىجرەت مەككە ۋە مەدىنە دەۋرى ئوتتۇرىسىدىكى پاسىل ھىساپلىنىدۇ. قۇرئان كەرىمنىڭ ئايەتلىرى 6236 ئايەت بولۇپ،114 سۈرىگە ھېكمەت ئىلاھىي بويىچە تەقسىم قىلىنغان.

ئاللاھنىڭ ئايەتلىرى ئۇنىڭ مۆجىزىلىرىدۇر .

سۈرە

قۇرئان كەرىمدىكى بىر نەچچە ئايەتتىن تەركىپ تاپىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ باشلىنىش ۋە ئاخىرلىشىش نوقتىلىرى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. سۈرىلەرنىڭ كىچىكلىرى ئۈچ ئايەتتىن تەركىپ تاپقان. ئۇنىڭ سۈرە ( مەنىسى سېپىل دېگەن بولىدۇ) دەپ ئاتىلىشى مەدىنىنىڭ سېپىللىرىغا ئوخشىتىلغان بولۇپ، ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئوراپ تۇرىدۇ دېگەن ئوقۇمنى بىرىدۇ. شۇڭا سۈرىمۇ ئايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن سۈرە دەپ ئاتالغان.

پارە

بىر پارە ئىككى ھىزب ( 10 سەھىپە ئەتراپىدا) دىن تەركىپ تاپىدۇ.ھەر بىر پارىنىڭ بېشىدا كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدىغان قۇرئانغا خاس بەلگىسى بار. قۇرئان كەرىم 30 پارە، 60 ھىزبتىن تەركىب تاپىدۇ.

داۋامى بار...

---

(1) سۈرە قىيامەت 16- ، 17- ئايەتلەر.

(2) سۈرە فەتىھ 15- ئايەت.

# توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش

د. ئابدۇلۋاھھاب ئەتتەرىيرى

غەربنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرىگە تەسىر كۆرسەتكەننى ئانچە ھەيران قالارلىق ئىش بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ گاھىدا نادانلىق گاھىدا سەل قارىشىدىن خىرىستىيان ئەللىرىنىڭ دىنى ئېتىقادلىرى ۋە پائالىيەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرۋالغانلىقى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش.

ئەنە شۇلار قاتارىدىن ئۇلارنىڭ توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش بايراملىرى ئەتراپىمىزدىكى تىلۋىزىيە قاناللىرى ئارقىلىق تېخىمۇ زور مەزمۇنغا ئىگە قىلىنىۋاتىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئوغۇل – قىز پەرزەنتلىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان شەھۋانى مەزمۇندىكى ئويۇن- كۈلكىلەر بار. روشەنكى، بىز بۇنىڭ دىنىي ئارقا كۆرنىشى ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن دىنىمىز (ئىسلامنىڭ) نىڭ شەرئىي ئەھكاملىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىدىن غاپىل ھالدا يۈرۈۋاتىمىز.

قىز – يىگىتلىرىمىز ئۆزلىرىنى پەرۋانە كەبى ئۇرۇۋاتقان توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش بايرىمى تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە خىل شەكىل ياكى جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1- بىر – بىرىنى قۇتلۇقلاش
2- تەبرىك كارتلىرىنى ئەۋەتىش
3- بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىر – بىرىگە ھەدىيە بېرىش
4- مەيلى چاي يىغىلىشى ياكى كەچلىك غىزا بولسۇن، يىلدا بىر قېتىم زىياپەت بېرىش
5- بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بالىلارغا ئويۇنچۇق ۋە تاتلىق – تۈرۈملەرنى بېرىش
6- بالىلارنىڭ ھەرخىل تۈردىكى ئويۇنچۇقلارنى ئوينىشى

7-   بىر كۈن ئىشلىمەسلىك ، مەكتەپكە بارماسلىق

8- بۇۋاستە تارقىتىلىدىغان تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىغا تېلفون قىلىپ، يېقىن تۇققانلىرىغا، دوستلىرىغا ناخشا- مۇزىكا ھەدىيە قىلىش

9-   توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەپ كېچىسى ئۇخلىماي چىقىش.

10-  مېھمانخانىلاردا ، كەچلىك يېغىلىش زاللىرىغا بېرىش، ھەتتا بۇ خىل كۈن تېخمۇ بەكرەك داغدۇغا بىلەن ئۆتكۈزىلىدىغان دۆلەتلەرگە سەپەر قىلىش... قاتارلىقلار

بۇ پائالىيەتنىڭ ھەجمىنىڭ چوڭ- كىچىكلىگى، قاتناشقۇچىلارنىڭ ئاز – كۆپىلىگى بىلەن ھەر ئەللەردە قىسمەن پەرقلەر بولۇپ، بىر قىسىم ئىسلام ئەللىرىدە قىسمەن مۇسۇلمانلار توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش بايرىمىنى ئىسلامدىكى قۇربان ۋە روزا ھېيىت بايراملىرىنىڭ ئالدىغا قويىۋالىدۇ. ئىسلامدىكى بايراملارنىڭ تەنتەنىسى توغۇلغان كۈن بايرىمىغا قارىغاندا ئەرزىمەس بىر ئىشتەك نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىۋاتىدۇ... بۇ ئەھۋال ھەممە كىشىلەرگە مەلۇملۇق.

بۇنىڭدىن 700 يىللار ئىلگىرى ئىبنى تەيمىييە بۇ ئىشتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان، كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇستاز مۇنتەسىر ئەززەييات «ئەررىسالە» دېگەن ژورنالدا (بايراملىرىمىز) دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ، بۇ ئەھۋالدىن ھەزەر ئەيلەشكە چاقىردى. ئۇ ماقالىسىدە ئەمىلىي كۆرۈنۈشىنى تەسۋىرلەپ مۇنداق يازىدۇ: « مىسىر خەلقى ئالەمچە شاتلىق ئىچىدە ئۆتكۈزىۋاتقان يېڭى يىل ۋە توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش پائالىيىتى ... چىركاۋلارغا قانچىلىك ئىپتىخار تۇيغۇسى بېغىشلاۋاتقاندۇ؟!...»

ئۇستاز مۇنتەسىر ئەززەيياتنىڭ توغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش بايرىمىنى تەسۋىرلىگەن بۇ ماقالىسى بۇنىڭ ئەللىك يىللار ئىلگىرى يېزىلغان. ئەگەر ھازىرقىدەك تېلېۋىزىيە، رادىئو ۋە

ئىنتېرنىتخانىلاردىكى توغۇلغان كۈن ۋە يېڭى يىلنى تەبرىكلەش بايراملىرىنى كۆرگەن بولسا، نىمىلەرنى يازاتتىكىن؟!!

شۇڭا، بۇ بايرامنىڭ ماھىيىتىنى ئېنىقلاش ۋە ئۇنى ئۆتكۈزۈش، قاتنىششلارنىڭ شەرىئەتتىكى ھۆكمىنى ئېنىق بەلگۈلىشىۋېلىشىمىز لازىم؛ بۇنىڭ كەينىدىن چىپىۋاتقان كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە قاتنىشىۋاتقان خېلى كۆپ ساندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ زىھنىدە ھازىرغىچە ئېنىق بولماي كەلگەن بۇ بايرامنىڭ ئېتىقادىي كېلىپ چىقىشىنى ئېنىقلىۋېلىشىمىز لازىم.

ئېيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ توغۇلغان كۈنى «كىرىسماس بايرىمى» دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، ئۇ بارلىق خىرىستىيانلار نەزىرىدىكى دېكابىرنىڭ 25 ـ كۈنىدۇر. بۇ پائالىيەتنى خىرىستىيانلار ئېيسا ئەلەيھىسسالام توغۇلغانلىقىنى يېڭىدىن ئەسلەش بايرىمى دەپ قارايدىغان بولۇپ، بۇ بىر خىل دىنىي ئەقىدە ۋە ئىبادەت ھېساپلىنىدۇ. ئۇلار بۇ كۈندە چىركاۋلارغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەخسۇس دۇئا – ئىبادەتلىرىنى ئورۇنلايدۇ، يېرىم كېچە بولغاندا بايرام ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتىرىلىدۇ، چىركاۋلارنى زىننەتلەيدۇ، قاتناشقۇچىلار توغۇلغان كۈن بايرىمى ناخشىسىنى توۋلايدۇ. بۇ بايرام بۇددىستلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىدىن خېلى كۆچلۈك ئۇزۇق ئالغان، روملۇقلار نۇر ئىلاھىي ، ھوسۇل ئىلاھىي... دېگەنلەرنى تەبرىكلەيتتى. خىرستىيان دىنى رۇملۇقلارنىڭ رەسمىي دىنىغا ئايلانغاندىن كېيىن، ياۋرۇپادىكى ئەڭ مۇھىم دىنى بايراملىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالدى. پادىشاھ نىكۇلاس بۇ بايرامدا ھەدىيەلەرنى تارقىتىشىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندى، ئۇنىڭدىن ئاتا پوپ نويىل نىكولاسنىڭ ئورنىدا باشقىلارغا – خۇشۇسەن كىچىك باللارغا – ھەدىيە تەقدىم قىلىشىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالدى.(كاپىرلانىڭ بايراملىرى – ئىبراھىم ئەلھەقىل . 41-42 بەتلەر)

شەرئىي ھۆكمى

ئەمما بۇنىڭغا ھەر قانداق شەكىلدە قاتنىشىشنىڭ شەرئەتتىكى قۇرئان، ھەدىس كۆرسەتمىلىرى، ساھابىلەرنىڭ بايانلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ بىرلىككە كىلىشى... قاتارلىقلارغا تايانغان ھۆكمى ھارامدۇر.

بۇنىڭدىن باشقا ئۆلىمالارنىڭ بۇ بايرامنى ئۆتكۈزۈش ۋە قاتنىشىشنىڭ ھاراملىقىغا دائىر يېزىغان كىتاپ- رىسالىرى، پەتىۋالىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. ھەنەپىي ئۆلىمالىرىدىن مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەفسىل بەستى مۇنداق دەيدۇ: « كىمىكى كاپىرلارنىڭ بايرىمىدىنى قوتلۇقلاپ ، مۇشرىكلەرگە توخۇم كەبى بىر نەرسە ھەدىيە قىلسا، ئاللاھقا كۇپۇرلۇق قىلغان بولىدۇ.» بۇ ھەقتە يەنە ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى قەييۇم قاتارلىقلارنىڭ كىتاپلىرىدىكى مەخسۇس تېمىلاردىن باشقا، شەيخ ئىبراھىم ئىبنى مۇھەممەد ئەلھەقىيلنىڭ «كاپىرلارنىڭ بايراملىرى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىتا مەيدانى» ناملىق كىتاپلىرىمۇ بۇ توغرىدا نۇرغۇن ھۆكۈملەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىز بۇ كۆزنەكتە شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ سۆزلىرىنى خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە، بۇ بايرامنىڭ ماھىيىتى ۋە شەرئىي ھۆكمىنى بايان قىلىدىغان بىر قىسىم پەتىۋالارنى تاللاپ ھوزۇرۇڭلارغا سۇندۇق.

غايەت زور ھەجىمدىكى تىلۋىزىيە قانالىرىنىڭ تەھدىدىگە، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا خىرىستىيانلارنىڭ دىنى پائالىيەتلىرىنىڭ يوشۇرۇن ئۆزلىشىۋېلىش دولقۇنىغا ئۇچراۋاتقان بىر پەيتتە ياشاۋاتىمىز. مۇسۇلمانلار دۇنياسىنى دېگۇدەك ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان غەپلەت ئۇيقۇسى بىزنى تېخىمۇ جىددى ۋە سەمىمىلىك بىلەن پەرزەنتلىرىمىزگە يوقىرىدا بايانى كەچكەن ئىشلارنىڭ ئارقا كۆرىنىشىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بىرىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە يەرلىشىپ قېلىش خەۋپى كۆرىنىپ تۇرىۋاتقان بۇ خىل ھادىسىگە قەتئىي قارشى تۇرىشىمىز لازىم.

مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ھىيىت- بايراملىرىنى قەدىرلەش، دىنىغا، ئەقىدە – ئېتىقادىغا، ئۆرپ-

ئادەتلىرىگە خاس بىر خىل ئاالاھىدىلىك شەكىللەندۇرۇش زۆرۈرىيىتى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتىمىز...

مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرئان، ھەدىس ماھىيىتىگە مۇناسىپ چىن مۇسۇلمان بولىشى ئۇچۇن، ئۇلارنىڭ دىنىنى قەدىرلەش تۇيغۇسىنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە ئەمەلگە ئېشىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا يولدا مېڭىشقا، دىنىمىزنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۆزىگە قەدىرلەش پۇرسەتلىرىگە مۇيەسسەر قىلسۇن، ئامىن!

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە دۇكتۇر ئابدۇلۋاھھاب ئەتتەرىيىرىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.

ت ـ ئا.قارلۇقي

# ئىنساننىڭ تاشقى دۇنياسى بىلەن ئىچكى دۇنياسىنىڭ مۇناسىۋىتى

پروفېسسور، دوكتۇر . جەئفەر شەيخ ئىدرىس

ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ ـ سانا، پەيغەمبەرلەرنىڭ خۇجىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئا ۋە سالاملار يوللىغاندىن كېيىن:

ئاللاھ تائالا ھەر بىر ئىنساننى ئىچكى ۋە تاشقى دۇنياسى بىلەن ياراتتى. ئىچكى دۇنياسى ئۇنىڭ ئەقلى ۋە قەلبى، شۇنداقلا قەلبى ئۆزىگە سىغدۇرۇپ كىلىۋاتقان ئېتىقاد ۋە تەسەۋۋۇرلار، بۇلارنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى بولغان ھېس ـ تۇيغۇ، قىزىقىشلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسى بەدەن ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتى. ئەمما، ئۇنىڭ تاشقى دۇنياسى بىلەن ئىچكى دۇنياسى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان ئىككى مۇستەقىل دۇنيا بولماستىن، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆز ئارا تەسىر كۆرسىتىشتىن ئىبارەت زىچ مۇناسىۋەت مەۋجۇد. ئىچكى دۇنيا ئاساس بولۇپ، ئۇ تاشقى دۇنيانى ھەركەتلەندۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلىدۇ. پەقەت شۇلا، ئىنساننىڭ سالىھ ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇنىڭ مۇكاپات ياكى جازاسى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھامان تەييار، چۈنكى ئىچكى دۇنيا قارار قىلغۇچى ۋە بەلگىلىگۈچى. ئىنساننىڭ تاشقى دۇنياسى پەقەت ئۇنىڭ ئىپادىلىگۈچىسى ۋە ئىجراچىسى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

"ئى پەيغەمبەر! قولۇڭلاردىكى ئەسىرلەرگە ئېيتقىنكى، ئەگەر ﷲ دىلىڭلاردا ئىمان بارلىقىنى بىلسە (يەنى دىلىڭلاردا ئىمان بولسا، ﷲ ئۇنى بىلىدۇ)، سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن ئېلىنغان فىدىيىدىن ياخشىراق نەرسىنى بېرىدۇ، (ئىلگىرىكى گۇناھلىرىڭلارنى) مەغپىرەت قىلىدۇ."[1]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: "كىمكى ئۆيىدىن ﷲ نىڭ ۋە پەيغەمبىرىنىڭ تەرىپىگە ھىجرەت قىلىپ چىقسا، ئاندىن يولدا ئۆلسە، ئۇنىڭ ئەجرىنى چوقۇم ﷲ بېرىدۇ."[2]

بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق بولۇپ، ھەر كىم نىيەت قىلغان نەرسىسىگە ئېرىشىدۇ..."[3]

لېكىن، ئاللاھنىڭ ھېكمىتى، ئىنسانىنىڭ تاشقى دۇنياسىنىڭ ھەمىشە بويسۇنۇش ھالىتىدىلا ئەمەس، گاھىدا مۇستەقىل ئىجرا قىلىش ئېھتىماللىقىنىڭ بولىشىنىمۇ تەقەززا قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ، ئىجرا قىلىش جەريانىدىكى پائالىيىتى ئىچكى دۇنياغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگەر ئىچكى دۇنيا ئۆزى ئېنىق بىلىپ كەتمەيدىغان كەڭ مەنىگە ئىگە بىر ياخشىلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا، ئۇ، بۇ ياخشىلىقتا دائىر رىسالىنى تاشقى دۇنياسىغا ساغلام ئوقۇم بىلەن يوللاشتا مۇۋەپپىقىيەت قازىنالمايدۇ. ياكى ئۆزى ئىجرا قىلماقچى بولغان ياخشىلىقتا ئويغۇن كەلمەيدىغان بىر رىسالىنى ئەۋەتىدۇ. بۇ چاغدا ئىنسانىنىڭ ئىچكى دۇنياسى بىلەن تاشقى دۇنياسى ئوتتۇرىسىدا ئوقۇشماسلىق كېلىپ چىقىدۇ ـ دە، نەتىجىدە ئىچكى دۇنياغا سەلبى تەسىر كۆرسىتىدۇ.

شۇڭا، ئىنسانىنىڭ سالىھ بولىشى پەقەت ياخشىلىقتا ھەمدەم ۋە ئۇنى توغرا تەسەۋۋۇر قىلالايدىغان بىر قەلبسىز تاكامۇللاشمايدۇ. تەسەۋۋۇر يالغۇز ھالدا مىۋە بىرەلمىگىنىدەك، تەسەۋۋۇرمۇ يىگانە ھالدا نەتىجە بەرمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

"(پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىنىنىڭ) پادىشاھلىقى ئىلكىدە بولغان ﷲ نىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر. ﷲ ھەر نەرسىگە قادىردۇر* سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ﷲ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى"[4]

بىر قىسىم ئۆلىمالار مۇنداق دېگەن: ئىشنىڭ گۈزەل شەكلىدىكى ئىجراسى، توغرىلىق ۋە ئىخلاستىن ئىبارەت ئىككى شەرتسىز تولۇقلانمايدۇ. يەنە مۇنداق دېگەن: ئىخلاس ئاللاھنىڭ

دىدارىغا يېتىشنى مەخسەت قىلسا، توغرىلىق پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆننىتىگە ئۇيغۇن بولۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بايان قىلىنغان بۇ سۆزلەر قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىن ئېلىنغان. مەسىلەن، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

"كىمكى ئاخىرەتنى كۆزلەيدىكەن ۋە مۆمىن بولۇپ ئاخىرەتكە لايىق ئەمەللەرنى قىلىدىكەن، مۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلغان ئەمەلى (الله نىڭ دەرگاھىدا) قوبۇل بولىدۇ"[5]

ئاخىرەتنى كۆزلىگەن سەئىيى ئۈچۈن، ئىمان ۋە نىيەتنى شەرت قىلدى. بۇ ئىككىسى قەلبكە مۇناسىۋەتلىك مەسىلە. ئەمما، ئاخىرەتكە مۇناسىپ كەلگۈدەك سەئيي قىلىش بولسا، سىرتقى ئەمەل(تاشقى دۇنيا) ياكى چوقۇم ئۇنىڭدا تاشقى ئەمەل بولۇشى لازىم.

تــ ئا. قارلۇق

# سونۇق قىلىچ

ئابدۇرېھىم ئابدوللا

ئاستىمدا شاقىراپ دەريا ئاقىدۇ ,
ئېشىپ بارماقتىمەن بىر تىك داۋاندىن .
ئالدىمدا بىر سۇنۇق قىلىچ ياتىدۇ ,
بىلمەيمەن يادىكار قايسى زاماندىن .

قىلىچنىڭ يېرىمى تۇپراق ئاستىدا ,
يېرىمى ئالماستەك تۇرىدۇ چاقناپ .
بو قەدىم جەڭلەرنىڭ يالدامىسىنى ,
ھاياجان ئىلكىدە ئالدىم ئاۋايلاپ .

تـتربدى قوللـربـم تۆنـدى يۈرەك ,

هـلال ئاي ئەگـمـسـدەك ئەگرى قـيلـچنى .

زاتـمـنـك يـگـتـلـرى كەلدى گۈپـلدەپ,

بـلـمـدم قايهالدا نـەپـەس ئـيلـشنى .

قـيلـچـنـك بـسـدە قوياش جـلـۋسى ,

بالقـيدۇ ئـپـتـخار بالقـيدو زەر نۇر.

جاراڭلاپ سونغاچقا جەڭدە ئارمانسز ,

سۈزۈك سۈنـغـدا كۈلـدۇ غۇرۇر .

تاۋلانغان بو قـيلچ ئـگـلـمەس بولۇپ ,

جەسۇرلار ۋەتـنـنـك ئوچاقلـربدا .

قەسەم سۈيى ئـچكەن چـقـپ ئوچاقتـن ,

ئاھۇ كۆز مـەدەتكار بولاقلـربدا .

كەلتۈرگەن قىلىچنى بۇ تىك داۋانغا ,

ۋەتەننىڭ سۆيگۈسى جەڭلەرگە چىللاپ .

سۇنغان چېغىدىمۇ رىشتى ئۈزۈلمەي ,

تەبەررۇك تۇپراقنى ئاپتۇ قۇچاقلاپ .

ئويلىدۇم شۇنداقمۇ قىلىچلار بار ئىكەن ,

بىر قېتىم قىنىدىن چىقالمايدىغان .

باسسا ياۋ ۋەتەنگە پاسكىنا ئاياغ,

قىساس قەھرى بىلەن چاقنىمايدىغان .

خىيالچان تىكىلدىم سۇنۇق قىلىچقا ,

ئەينەكتەك تىگىدىن كۆروندى جەڭگاھ .

بۇ قىلىچ شىر سۈپەت بىر ئەر قولىدا ,

دۈشمەنگە ۋەيلۇندىن بەرمەكتە ئاگاھ .

چىقىدۇ شىۋىرغان ئۇق ئۇزسە ساداق ,

ئۇمۇد نىڭ زەربىدە قالغان قالتىرار.

تەككەندە گەزلەرشكەن ھەربىر قىلىچقا ,

بۇ قىلىچ بىسىدىن چاقناپ يالتىرار.

ئاھ... قانداق سۇندى ئۇ قىلىچ ؟,

جەڭگاھنى لەرزىگە سالدى شۇ سادا .

تاغلاردىن تاغلارغا ئۇرۇلدى ئەكسى ,

ھەر تاغدا بىر قىلىچ سۇنغاندەك گويا .

قۇياشمۇ قارايدۇ سۇنغاندا قىلىچ ,

زەپەرنىڭ يۈزىگە تارتىلدى نىقاب .

باتۇر ئات ئۈستىدىن غۇلىدى باشسىز ,

كىشنىدى دۈلدۈلى زارلىق چىقىراپ.

قېنى ئۇ باھادىر, قارىدىم كۆككە،

قېنى ئۇ قىلىچقا مۇناسىپ ئەرلەر.

قۇياشتىن, نۇرلاردىن ئىزلىدىم ئۇنى .

ئۇنىڭدەك ئوغلاننى يۇتمايدۇ يەرلەر.

پەندىيات! قىياغا ئايلىنىپتۇ ئۇ ,

قىلىچنىڭ دەستىسى قاپتۇ ئىلكىد.

تەنتەنە قىلىدۇ ئەرلىك جەسۇر,

مەرمەردەك يالتىراپ تۇرغان قېپىدە.

شەھىدنىڭ بوينىدىن تامچىغان قانلار،

دەرياغا ياقۇتتەك چۇشەر تامچىلاپ.

ئوخچىدى يۇزۇمگە دەريانىڭ سۇيى,

بىلدىمكى ئۇ مېنى ئالدى قۇچاقلاپ

# ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى سۆيۈملۈك ئىنسان

ھاياتىي دۇنيادا نىجاتلىققا ئېرىشىشنى كۆزلىمىزگە پۈككەن چاغلىرىمىزدا، ئالدى بىلەن بۇ خىل نىجاتلىقنىڭ تۈنجى باسقۇچى ھەققىدە ئەستايىدىل پىكىر قىلىشىمىز كېرەك. بىز ۋۇجۇدىمىزدا كۆتۈرۈپ يۈرىۋاتقان بۇ نەفس نىجاتلىق ئىزدەش جەريانىدىكى بارلىق چوڭ- كىچىك ئېغىرچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ ماڭىدۇ. شۇڭىمۇ بىز ئالدى بىلەن ئۇنى ئەستايىدىل تاۋلاش باسقۇچىغا دۇچ كېلىمىز, ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:″ روھ بىلەن ۋە ئۇنى چىرايلىق قىلىپ ياراتقان، ئۇنىڭغا ياخشى-يامانلىقنى بىلدۈرگەن زات بىلەن قەسەمكى* روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ* نەپسىنى (كۇفرى ۋە پىسقى - فۇجۇر بىلەن) كەمسىتكەن ئادەم چوقۇم نائۇمىد بولىدۇ"

[1]

مانا بۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئاللاھ تائالانىڭ ئون بىر قېتىم قەسەمى تەكرارلانغان يىگانە ئورۇن.

ئەھۋال شۇنداقكەن، بىرەر يېرىم قېتىملىق ئورۇنۇشتىن كېيىنلا قازا ۋە قەدەردىن شەكلىنىدىغان مەغلۇبلارنىڭ نە ئىنسانى ياكى ئىسلامىي پاكىتلىرى يوق. ئىنسان، نەپسىنى جۇلالىتىدىغان ئىشنى ۋە ئاللاھ زېمىنغا خەلىپە قىلىپ تەيىنلىگەن ئىنساننىڭ ئىنسانلىق خۇسۇسىيەتلىرىگە مۇۋاپىق ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتىن ئىبارەت بىر جەرياننى ئۆز ئۈستىگە ئالغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا كىم كۈچ سەرپ قىلسا، شۇنىڭ مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: "بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز، ﷲ ھەقىقەتەن ياخشى ئىش قىلغۇچىلار بىلەن

بىلىدۇر"[2] تىرىشقانلار، ئۆز نەپسى بىلەن كۆرەش قىلغانلارنىڭ كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشىدۇ. ئىشنى ياخشى ئادا قىلغانلار ئاللاھ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولىدۇ.

سىنىڭ نەپسىڭ سەندىكى كاپىتال. سىنىڭ سالاھىيىتىڭ ئۆز قولۇڭدىكى قانتىڭ، سەن ئۇنى تازىلايسەن، تەرتىپلەيسەن، پەيلىرىگە ئۇزۇق بىرىسەن-دە، ئۇنى ھەركەتلەندۈرۈپ، ئاللاھ ساڭا بەخشەندە قىلغان بارلىق كۈچۈڭ بىلەن ئۇچىسەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ ياردىمى ۋە قوللىشى بىلەن بولىدۇ. كىمىكى ئاللاھنىڭ قوللىشىنى تاشلاپ ئۆزىگە ياكى باشقا ھەرقانداق بىر مەخلۇققا تايىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇ بەندىنىڭ ئىشلىرىنى شۇ كىشىنىڭ ئۆزىگىلا تاشلاپ بىرىدۇ.

ئەمما، يەنە بىر قانات بولسا ئاللاھنىڭ قولىدا بولۇپ، سىنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىش سالاھىيىتىڭ يوق. ئۇ بولسىمۇ نەتىجىگە ئېرىشىش، كۈتكەن مەنزىلگە يىتىش. مەن شۇنى تەكىتلەيمەنكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىگە تەۋەككۈل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەمما، ھىچ ئىش قىلماي، بىكار يۈرىدىغان كىشىلەرنى ھەرگىز سۆيمەيدۇ. بۇ ئىككى خىل پىرقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى پەرق شۇكى، بىرىنچى خىلدىكىلەر نىشانغا يىتىش ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە تەقدىرى بىلەن بولىدىغانلىقىغا چىن ئىشىنىپ تۇرۇپ، شۇ نىشانىنى كۆزلەپ ئىشلەيدۇ. ئەمما، ئىككىنچى خىلدىكىلەر بولسا، تەقدىرنى ئىنكار قىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سەممىلىك بىلەن ئىشلىمەيدۇ ۋە كۈتكەن نەتىجىگە (ئاللاھنىڭ رىزاسىغا ۋە باشقا ئىشلىرىغا) يىتەلمەيدۇ.

بىز مۇسۇلمانلار ھاياتىنىڭ ھەممە ساھەلىرى بويىچە ئۇتۇق قازىنىش ئۈچۈن ئىشلەش تەلەپ قىلىنغان ئىنسانلارمىز. مانا بۇ نوقتىدا، ئۈممەتنىڭ ئېھتىياجى بولغان بىرەر يىڭنە چاغلىق نەرسىنى ياساش يولىدا مەغلۇپ بولساق، بارلىق ئۈممەت گۇناھكارلار قاتارىدا مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

شۇنداقكەن، بىزنىڭ نەزىرىمىزدىكى مۇۋەپپىقىيەت، مەيلى ئادەت ياكى شەرئەت ئۆلچەملىرى بىلەن قارالسۇن ئىنتايىن مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. شۇڭا ھەممىمىز ئۆزىمىزنى شۇخىل روھ بىلەن ئوزۇقلاندۇرىشىمىز ۋە يۈكسەك پەللىگە يېتىشكە چىن ئىشىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "(ئۇچىنچى پىرقە ياخشى ئىشلارنى) ئەڭ ئالدىدا قىلغۇچىلار بولۇپ، (ئۇلار جەننەتكە) ئەڭ ئالدىدا كىرگۈچىلەردۇر* ئۇلار نازۇنېمەتلىك جەننەتلەردە الله غا يېقىن بولغۇچىلاردۇر"[3] ، "پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىگە ۋە تەقۋادارلار ئۈچۈن تەييارلانغان، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىنچە كېلىدىغان جەننەتكە ئالدىراڭلار"[4]،"ئىچىشنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭدىن ئىپارنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ. قىزىققۇچىلار شۇنىڭغا قىزىقسۇن!"[5] ،" پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ مەغپىرىتىنى، كەڭلىكى ئاسمان - زېمىندەك كېلىدىغان جەننەتنى قولغا كەلتۈرۈڭلار، (ئۇ) جەننەت الله غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىمان ئېيتقانلارغا تەييارلانغان ، بۇ الله نىڭ پەزلىدۇر، (الله ) ئۇنى خالىغان ئادەمگە ئاتا قىلىدۇ، الله ئۇلۇغ پەزل ئىگىسىدۇر"[6]

ئىشلار شۇنداق بولسا، ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە سۆيۈملۈك ئىنسان ھەرگىزمۇ ئۆزىنى خار-زەبۇن، ئازغا قانائەت قىلىدىغان، ئىشتىن قاچىدىغان ئىنسان ئەمەس، ئۇ بەسلىشىپ ئىشلەيدىغان، كۆرەشنى توختاتمايدىغان، ھەسەتتىن خالىي رىقابەت روھى بار ئىنساندۇر. بەسلىشىدىغان ئىشلارنىڭ شەرئەت ئۆلچىمىدىن باشقا مۇئەييەن چېگراسى، بەلگۈلىمىسى يوق. شەرئەت پاك، ھالال ھېساپلىسا دەپ ھېساپلىسىلا بولىدى. ئىبادەتتىن باشقا ھەرقانداق ئىشنىڭ ئەسلىسى ھالالدۇر. ھارام دەپ قارالغىنى ئايەت، ھەدىسلەر ئارقىلىق مۇستەسنا قىلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئى مۆمىنلەر! بىز سىلەرنى رىزىقلاندۇرغان ھالال نەرسىلەردىن يەڭلار، ئەگەر الله غىلا ئىبادەت قىلىدىغان بولساڭلار، الله غا (يەنى الله نىڭ ھەددى - ھېسابسىز نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىڭلار* الله سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، الله دىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى.

كـمكى ئۆز ئـختـيـارىچە ئەمەس، ئـىلاجـىسـىزلـىقتـىن (يۇقـىرىقى هارام قـىلـىنغان نەرسـىلەردىن) هاياتـىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنـىڭغا هېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ﷲ ناھايـىتى مەغپىرەت قـىلغۇچىدۇر، ناهايـىتى مېهرىبـاندۇر "[7]

ئـاللاھ تـائـالا يـەنـە مـۇنداق دەيدۇ:" ئـېيـتقـىنـكى، "ﷲ بـەنـدىـلـىرى ئۈچۈن ياراتقان لـىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزىقلارنى كـىم هارام قـىلدى؟" ئـېيتقـىنـكى، "ئۇلار بۇ دۇنـيادا مۆمـىنـلـەر ئۈچۈن يارىتـىلغان (گەرچە ئۇلارغا كۇففارلار شېرىك بولسىمۇ)، ئاخـىرەتتە بولسا مۆمـىنـلـەرگـىلا خاستۇر". (ﷲ نـىڭ بـىر ۋە شېرىـكى يوق ئـىكـەنـلـىكـىنى) بـىلـىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئـايـەتـلـەرنى مۇشۇنداق تەپسـىلـىي بايان قـىلـىمىز"[8]

دېمەك، هايات بارلـىق كۆرەش قـىلغۇچىلار، يېـڭـىـلـىق ياراتقۇچىلارنىڭ ئالدىدا كەڭ ئېچىۋېتـىلـگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ هاياتـىنى ئۆزىدىن باشقـىلار قـىلـچە مەنپەئەت قالدۇرمايدىغان ئـىستـىمال خاراكتـېرىدىكى هاياتـتىن، نەگـىلا چۈشسە پايدا- مەنپەئەت يارىتـىدىغان، ئـىشلـەپچـىقىرىش روھى بار ئەمـەلـىي هاياتقا ئۆزگەرتـىش هوقۇقـي بار. ئادەمـلـەر يامغۇرغا ئوخشاش، هەمـمـىنـىڭ ئارام بەخش هاياتـىغا هەسسـىدار بولـىشى لازىم. ئـاللاھ تـائـالا مۇنداق دەيدۇ: "هەمـمە جانـلـىق مەۋجۇداتـنى سۇدىن ياراتتۇق، ئۇلار (ﷲ نـىڭ قۇدرىتـىگە) ئـىشـەنـمەمدۇ؟ "[9]

ت ـ ئا. قارلۇقـي

---

[1] شەمش سۈرىسى 7- ئايەتتـىن 10- ئايەتكـىچە.

**[2]** ئەنكەبۇت سۈرىسى 69- ئايەت.

[3] ۋاقىئە سۈرىسى 9-، 10- ئايەتلەر.

[4] ئال ئـىمران سۈرىسى 133- ئايەت.

[5] مۆتەففىفىن سۈرىسى 26- ئايەت.

[6] ھەدىد سۈرىسى 21- ئايەت.

[7] بەقەرە سۈرىسى 172-،173- ئايەتلەر.

[8] ئەئراف سۈرىسى 32- ئايەت.

[9] ئەنبىيا سۈرىسى 30- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

# مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قانداق قارشى ئالىمىز؟(2)

تەييارلىغۇچى: ئا.قارلۇقي

بارلىق كائىناتنى يوقتىن بار قىلىپ، ھەممىگە مۇۋاپىق رىزق ئاتا قىلغان جانابى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ بىزگە بەرگەن بارلىق نىئمەتلىرىگە مىليۇنلارچە ھەمدىلەر بولسۇن، پەخرى كائىنات پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلەرگە، تابىئىنلارغا ۋە تا قىيامەتكە قەدەر توغرا يولغا ئەگەشكەن سالىھ كىشىلەر مىڭلارچە سالام!!!

ئي ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزنى بۇ مۇبارەك ئايغا ساق ـ سالامەت، ساغلام ھالدا يەتكۈزگىن، رامىزان ئېيىدا ساۋا خالىس ۋە ھەر ۋاقىت ئىبادەت قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن، بۇ ئايدا بىزنى ئەڭ ياخشى، سىنى ئەڭ گۈزەل شەكىلدە رازى قىلىدىغان ئىبادەتلەرنى، سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغىن!!! سەن ھەممىگە قادىرسەن، تىلەكلىرىمىزنى قورۇق قايتۇرمىغىن!!! ...

ئىلگىرىكى ماقالىمىزدە خاتىرلەپ ئۆتكۈنىمىزدەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ، ساھابىلەر، تابىئىنلار، ۋە باشقا بارلىق توغرا يولدىكى كىشىلەر رامىزان ئېيىغا ئىنتايىن بەك كۆڭۈل بۆلەتتى، رامىزان ئېيىنىڭ كېلىشى بىلەن تولىمۇ خوشال كەيپىياتقا چۆمىلىشەتتى. ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى رامىزان ئېيىغا ساغلام روھ، ساغلام بەدەن ۋە ياخشى بىر خىل كەيپىيات بىلەن يەتكۈزۈپ قويۇشىنى تىلەپ كېچە ـ كۈندۈز دۇئا قىلىشاتتى. رامىزان يېتىپ كەلگەندە كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، روزىنى بۇزىدىغان ياكى ئۇنىڭ بىرىلىدىغان ساۋابىغا نوقسان يەتكۈزىدىغان ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئويۇن ـ تاماشا، غەيۋەت ـ شىكايەت، ھەسەت ۋە يالغانچىلىقتا ئوخشاش بولمىغۇر ئىشلاردىن يىراق تۇرىشاتتى.

كېچىلىرىنى ناماز ئوقۇش، قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزىشەتتى. نامرات، كەمبەغەل، ئاجىز ـ ئۇرۇقلارنى سەدىقە ئېھسانلىرى بىلەن يوقلاپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن، روزىدارلارنى ئىپتار قىلدۇرۇشقا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلىشەتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى دۇنيالىرى بىلەن كۆرەش قىلىپ، روھلىرىنى ئاللاھنىڭ تائىتىگە يېتەكلىسە، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئاللاھنىڭ سۆزىنىڭ يەنى قۇرئان كەرىم

ھۆكمىنىڭ، ئۇمۇمەن ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئۇستۇنلۈككە ئېرىششى ئۈچۈن ھەق يولىدا جىھاد قىلىشاتتى. ھەممەيلەنگە مەلۇم بولغىنىدەك، مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلگەن بۈيۈك بەدر غازىتى رامىزان ئېيىنىڭ 17 ـ كۈنىدە يۈز بەرگەنىدەك، كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا توپ ـ توپى بىلەن كىرىشىگە، مەككىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ مەركىزى شەھرىگە ئايلىنىشىغا سەۋەپ بولغان مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىش غازىتىمۇ رامىزان ئېيىنىڭ 20 ـ كۈنى يۈز بەرگەن ئىدى.

شۇنداق رامىزان ئېيى بىر قىسىم كىشىلەر ئويلىغاندەك ئويۇقنىڭ، يارىماسلىقنىڭ، ھورۇنلۇقنىڭ، لىغىتاسىملىقنىڭ ئېيى ئەمەس، ئۇ ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ، ئىبادەتنىڭ، جىھادنىڭ ئېيى. شۇڭا ئۇنى خوشاللىق ۋە سۆيۈنچ بىلەن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. نېمىشقا ئۇنداق قارشى ئالمايدىكەنمىز؟!! ئاللاھ تائالا ئۇ ئاينى ئۆزىنىڭ روزىدىن ئىبارەت شۇ ئۇلۇغ ئىبادىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىجرا قىلىشىغا تاللىغان، يەنە شۇ ئايدا ئىنسانلارنىڭ ھىدايەت تېپىپ، زۇلمەتتىن يورۇقلۇققا چىقىشى ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان تۇرسا. جەننەتنىڭ دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ، جەھەننەمنىڭ تاقىلىدىغان، شەيتانلارغا كىشەن سېلىنىدىغان، ياخشىلىققا ھەسسىلەپ ئەجىر بېرىلىپ، گۇناھ ـ مەئسىيەتلەر ئەپۇ قىلىنىدىغان بۇ مۇبارەك ئاي ئۈچۈن قانداقمۇ خوشاللانماي تورالايمىز!!!

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئېنىتايىن روشەن كۆرىنىپ تۇرۇپتۇكى، بىزنىڭ ياشلىق ۋە ساغلام مەزگىلىمىزنى غەنىمەت بىلىشىمىز، ئۇنى ئاللاھقا تائەت ۋە ياخشى ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈشكە قاتتىق ھېرىسمەن بولۇشىمىز لازىم. بۇ ئاينى چىڭ تۇتۇپ ئاللاھقا بارلىق گۇناھ، مەسىيەتلەردىن يىراق تۇرۇشقا سەمىمىي ۋەدە بېرىش بىلەن بىرگە ئۆمۈر بويى ئۇنىڭ بۇيرۇغىنىنى قىلىپ، توسقانلىرىدىن يېنىش، ئاخىرقى ھېساپتا غەلبىگە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشقا بەل باغلىشىمىز لازىم.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇ كۈنى (ھېچ كىشىگە) مال ۋە ئوغۇللار پايدا يەتكۈزەلمەيدۇ. پەقەت (الله نىڭ دەرگاھى) غا پاك قەلب بىلەن كەلگەن ئادەمگىلا پايدا يەتكۈزۈلىدۇ» ـ شۇئەرا سۈرىسى، 88،89 ـ ئايەتلەر.

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى اللە غا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ» ـ ئەھزاب سۈرىسى، 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرىغىنى بويىچە مەيلى رامىزان ياكى باشقا ئايلار بولسۇن ۋاجىب ۋە مۇستەھەب ئىشلارنى قىلىش، ھارام ۋە مەكرۇھ ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: «سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن» ـ ھىجىر سۈرىسى، 99 ـ ئايەت.

يەنە مۇنداق دەيدۇ: « (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مېنىڭ نامىزىم ،قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى اللە ئۈچۈندۇر. اللە نىڭ شېرىكى يوقتۇر، مەن مۇشۇنىڭغا (يەنى يالغۇز اللە غىلاخالىس ئىبادەت قىلىشقا) بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەۋۋىلىمەن» ـ ئەنئام سۈرىسى، 162، 163 ـ ئايەتلەر.

بۇ مۇبارەك ئاينى ئاللاھقا سەمىمىي ئىشەنگەن ھالدا كەسكىن بىر نىيەت بىلەن قارشى ئېلىشىمىز لازىم. باشقىلارنى دوراپ، ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ ياكى باشقىلارنىڭ ئالدىدا سەت تۇرىدىكەن دېگەنگە ئوخشاش ئىبلىسچە قاراش بىلەن ئەمەس ھەقىقى قەلبىتىن چىققان رازىلىق تۇيغۇسى ۋە ئاللاھ تائالاغا بولغان چىن ئىمان بىلەن قارشى ئېلىش لازىم. يەنى بۇ ئاينى گۇناھتىن، چەكلەنگەن گەپ ـ سۆزدىن، ھارامغا قاراشتىن، ھارام قىلىنغان يەرگە قاراشتىن، ھارام قىلىنغان نەرسىنى ئاڭلاشتىن، ھارام يېيىش، ھارام ئىچىشتىن ساقلىنىش بىلەن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق جەھەننەم ئازابىدىن يىراق تۇرۇشقا تىرىشىشىمىز لازىم. يەنە رامىزاننىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقلىرىغا رىئايە قىلىشىمىز كېرەك؛ مەسىلەن، سوھۇرلۇقنى كېچىكتۈرۈپ يېيىش، ئىپتارنى قوياش پاتقاننى بايقىغان ھامان قىلىش، ياخشى، سالىھ ئىشلارنى كۆپ قىلىش... ۋاھاكازالار. يەنە بىرسى تەرىپىدىن ھاقارەت قىلىنسا، ئۇ كىشىنى ئوخشاش ھاقارەت قىلغاننىڭ ئورنىغا "مەن روزىدار، مېنى قالايمىقان گەپ ـ سۆز قىلىشقا زورلىما" دېيىش ۋە يامان سۆزگە ئوخشاش يامان سۆز بىلەن جاۋاب قايتۇرماستىن، روزىنىسىنىڭ ۋە ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ساغلام

شەكلدە قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن  ياخشى سۆز قىلىش. يەنە بارلىق ئەمەللەردە پەقەت ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەش ... قاتارلىق ئىشلار ھەممىدىن مۇھىم.

ئۆزىنى مۇسۇلمان ساناپ يۈرگەن ھەر بىر كىشى تەراۋىھ  نامىزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ساھابىلەر  ۋە توغرا يولدىكى خەلىپىلەرگە  ۋارىسلىق قىلىپ تولۇق ئوقۇشقا تىرىشىش لازىم.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: كىمكى رامىزان ئېيىدا چىن ئىمان بىلەن نامازغا تۇرسا، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى بارلىق گۇناھلىرى مەغپىرەت قىلىنىدۇ.   ــ بىرلىككە كەلگەن ھەدىس.

رامىزاننىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈننى ناماز، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر قىلىش، دۇئا، ئىستىغفار بىلەن ئۆتكۈزۈش لازىم. بۇنداق قىلىش سۈننەت بولۇپ، بۇ كېچىلەرنىڭ بىرى قەدىر كېچىسىدۇر. يەنە ئۇ كېچىدە ئىبادەت قىلىش شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغان ئىنسان، 1000 ئايدىن ئارتۇق ئىبادەت قىلغاننىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ، ئاللاھ خالىسا. ئۇ كېچە ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان كېچىسى بولۇپ، بۇ كېچىدە پەرىشتىلەر زېمىنغا چۈشىدۇ. مانا مۇشۇ كېچىدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدەپ خالىس ناماز ئۇقۇغان كىشىنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ. بۇ خىل ئەپۇ قىلىش پەقەت رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىگە خاس بولۇپ، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ ۋاقتنى چىڭ تۇتۇشى، بۇ كېچىلەرنى ناماز، تەۋبە، زىكىر، دۇئا، ئىستىغفار، جەننەتنى سوراش، دۇزاختىن پاناھلىق تىلەش قاتارلىق ئىبادەتلەر بىلەن ئۆتكۈزۈشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا جانابى ئاللاھ ئەمەل ـ ئىبادەتلەرنى قوبۇل قىلسا، تەۋبىلەرنى قوبۇل قىلسا، بىزنى ۋە ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ۋە بارلىق مۇسۇلمانلارنى جەننەتكە نائىل قىلىپ، جەھەننەم ئازابىدىن يىراق قىلسا ئەجەب ئەمەس.  پەيغەمبەر  ئەلەيھىسسالام رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئونى كىرگەندە بۇ كېچىلەرنى ئويغۇسىز ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى، ئۆيىدىكىلەرنى ئىبادەت قىلىشقا ئويغۇتاتتى. بىزمۇ شۇنداق قىلىشىمىز لازىم، چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەر قانداق بىر ئىشتا بىزنىڭ بىردىن بىر ئۈلگىمىز.

پەيغەمبىرىمىز رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنى ئىئتىكاف قىلاتتى. بۇ يەردە شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىش

كېرەككى، ئىئتىكاپ قىلغان كىشى ئىئتىكاپ مەزگىلىدە ئاياللارغا يېقىن كەلمەسلىكى لازىم.

روزىدار يەنە پۈتۈن رامىزان ۋە باشقا چاغلاردا قۇرئان كەرىمنى پىكىر ـ تەپەككۇر بىلەن ئوقۇشى لازىم. شۇ ئوقۇغىنى قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا شاپائەتچى بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان ئوقۇپ، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلغان كىشىنى دۇنيا ـ ئاخىرەتتە خار قىلمايدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ ھىدايىتىمگە ئەگەشسە، ئۇ ئازمايدۇ ۋە ئاخىرەتتە شەقى بولمايدۇ» ــ تاھا سۈرىسى، 123 ـ ئايەت.

قۇرئان كەرىمنى باشقىلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇش، ئۇنىڭ تەرجىمىسى ياكى تەپسىرىنى بىرلىكتە مۇزاكىرە قىلىش تولىمۇ مۇھىم. بۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە مۇشۇنداق جامائەت سۈپىتىدە ئوقۇشنىڭ پەزىلىتى بايان قىلىدۇ.

روزىدار كىشى كېچە ـ كۈندۈز دۇئا بىلەن بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا كېچىنىڭ ئۈچتىن بىرى قالغاندا دۇنيا ئاسمىنىغا چۈشۈپ، "كىمكى ماڭا دۇئا قىلىدىكەن ئۇنىڭ دۇئاسىنى ئىجاۋەت قىلىمەن، كىمكى مەندىن بىر نەرسە سورايدىكەن ئۇنى بېرىمەن، كىمكى مەندىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىدىكەن ئۇنى مەغپىرەت قىلىمەن" دەيدۇ. مۇسلىم رىۋايىتى.

روزىدار ۋاقتىتا، بولۇپمۇ ئىپتار ۋاقتىدا قىلىنغان دۇئا ئىجابەتتۇر. ئاللاھ تائالا دۇئا قىلىشقا بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭلار ئېيتىدۇ: «ماڭا دۇئا قىلىڭلار، مەن (دۇئايىڭلارنى) قوبۇل قىلىمەن (تىلىگىنىڭلارنى بېرىمەن)»غافىر سۈرىسى، 60 ـ ئايەت.

خۇلاسە: بۇ مۇبارەك رامىزان ئايدا، ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ قىسقىغىنە ھاياتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە پايدىسى بولىدىغان ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزۈشكە تىرىششى، پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىشى لازىم.

# رامىزاننى قانداق قارشى ئېلىش توغرىسىدا بىر قىسىم تەكلىپ ۋە لايىھەلەر

هازىرلىغۇچى: ئا.قارلۇقي

ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا، شۈكۈر ۋە رەھمەتلەر ئېيتىمىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە بارلىق توغرا يولدا ماڭغان كىشىلەر سالام يوللىغاندىن كېيىن، بۈگۈنكى سۆزىمىزدە مۇبارەك رامىزان ئېيىنى قانداق ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى بىر قىسىم تەكلىپ ۋە لايىھەلەرنى سۇنماقچى بولىۋاتىمىز. ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ ئەمەللىرىنى ئۆزىنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس قىلىپ بېرىشىنى سورايمىز. ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى مۇۋەپپەق قىلسۇن! ئامىن!!

بىز ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان بۇ تەكلىپ، لايىھەلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنى روھىي جەھەتتىن تەربىيىلەپلا قالماستىن، يەنە ئۆيدە ۋە مەسجىدلەردە قانداق تەربىيىلىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

بىرىنچى- روھىي جەھەتتىن ئۆزىمىزنى تەربىيىلەش

1 - بارلىق ئەمەللىرىمىزنى ئاللاھ ئۈچۈن خالىس قىلىش.

2 - ئاللاھ تائالانىڭ بۇ مۇبارەك ئاي ئارقىلىق بىزگە بېرىدىغان نېئمەتلىرىنى ئەسكە ئېلىش.

3 - بۇ مۇبارەك ئاينىڭ دۇزاختىن يىراقلىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان كەسكىن بىر جەڭ مەيدانى ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش.

4 - بۇ ئايدا ئوقۇش ئۈچۈن قۇرئان ھازىرلاش ۋە ھەر قانداق ئەرزىمەس ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

5 - بىرەر يېرىم پارچە تەپسىر كىتابى ياكى قۇرئان كەرىمنىڭ تەرجىمىسىنى ھازىرلىغاندىن سىرت، ھەدىس كىتابلىرىدىن تېپىپ قويۇش (بۇخارى كىتابلار

www.munber.org تىن تېپىلىدۇ.)

6 - ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزى ئۈچۈن ئىككى خىل تىلاۋەت ئۇسۇلىنى تاللىشى لازىم. بىرى: ھەر كۈنى قۇرئان كەرىمدىن بىر پارىنى پىكىر، تەپەككۇر يۈرگۈزۈش، ئايەتلەردىكى مۆجىزە ۋە ئالامەتلەرگە ئەستايىدىل قاراپ چىقىش. ئىككىنچىسى: كۆپلەپ ئەجىرگە ئېرىشىش ئۈچۈن قۇرئان كەرىمنى ئىمكانى بار كۆپ ئوقۇشقا تىرىشىش.

7 - قۇرئان كەرىمنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىشى بىلەن ئىمكانىيىتى ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىق تەڭشەشكە ياردىمى بولىدىغان بىر جەدۋەل ھازىرلاش.

8 - ئۆزىنى دۇئاغا ئادەتلەندۈرۈش، ئۆزىنىڭ، ۋاپات بولغان ياكى ھايات ياشاۋاتقان ئاتا- ئانىسىنىڭ، بىر تۇغقانلىرىنىڭ، يېقىن يۇرۇق، دوست- بۇرادەرلىرىنىڭ، ۋاپات بولۇپ دۇئا قىلغۇچىسى يوق كىشىلەرنىڭ گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشى ئۈچۈن ئاللاھقا ئىلتىجاھ قىلىش. ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن مىللەتنىڭ ياخشى كۈن كۆرىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش.. قاتارلىقلار...غا كۆڭۈل بۆلۈش.

9 - مەسجىدلەردە ئولتۇرۇشقا، بولۇپمۇ بامدات ۋە ئەسىر نامازلىرىدىن كېيىن ھەمدۇ- سانا ۋە قۇرئان ئوقۇش، تەبلىغ ئاڭلاش قاتارلىق ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ مەسجىدلەردە ئولتۇرۇش.

10 - ئۆزىنى سەدىقە بېرىش، خەير- ساخاۋەت قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا كۆندۈرۈش.

11 - ئۆزىنى ھەر زامان سالىھ ئەمەل قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش، بۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمەھالى، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ ھاياتىنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىگە ئۆرنەك يارىتىش.

12 - پۈتۈن رامىزان بويىچە ئۆزىنى تەراۋىھ، تەھەججۇد ۋە ۋىتىر نامازلىرىنى كۆپ قىلىشقا ئادەتلەندۈرۈش.

ئۆيدە قىلىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەلەر

1- ئائىلە ئەزالىرىغا قۇرئان كەرىم ۋە قۇرئان قويىدىغان رەھلىلەرنى سېتىۋېلىپ ھەدىيە قىلىش.

2- ئۆيدە بىر ناماز ئوقۇش ئورنى ھازىرلاش.

3- ئائىلە كىشىلىرىگە دىنىي مەزمۇندىكى ھەر خىل كىتاب- ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىپ ھەدىيە قىلىپ بېرىش.

4- ئائىلە كىشىلىرى بىلەن جەم بولۇپ ئولتۇرۇپ رامىزاننىڭ پەزىلىتى ۋە ھۆكۈملىرى توغرىسىدا پاراڭلىشىش.

5- ئىسراپ قىلماسلىق شەرتى ئاساسىدا ئۆيگە كېرەكلىك بولغان يېمەك- ئىچمەكلەرنى تولۇق ھازىرلاش.

6- رادىئولاردىن قۇرئان كەرىم ۋە باشقا دىنى ۋەز- نەسىھەت ئاڭلاش ئۈچۈن ۋاقىت ئاجرىتىش.

7- ئائىلە ئىشلىرىنى ئىمكان بار ھەممەيلەن ئورتاق قىلىش ئارقىلىق ئاياللارنىڭمۇ ئىبادەتتىن ئالىدىغان باشقا نەسىۋەلىرىگە كەڭ ئىمكان يارىتىپ بېرىشكە تىرىشىش.

8- رامىزاندا يېقىن- يۇرۇق ۋە دوست- بۇرادەرلەر، شۇنىڭدەك يوقسۇل- مۇساپىرلارنى ئىپتارغا چاقىرىش ۋە زىيارەتكە قىلىشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى ۋاقتىدا زىيارەت قىلىش.

9- ئىمكان يار بەرسە مەككىگە بېرىپ ئۆمرە قىلىشقا تىرىشىش، ھېچ بولمىغاندا ئائىلە ئەزالىرى ئېتىكاف قىلىشقا ھازىرلىق كۆرۈش.

10- مەسجىدتە جامائەتلەرنىڭ ئىپتار قىلىشى ئۈچۈن ئىمكان بولغاندا ھەپتە- ئون كۈندە

بىرەر قېتىم يىمەكلىك ياكى ئىچىملىك چاغلىق بىر نەرسە ھازىرلاشقا تىرىشىش.

11- ئائىلە ئەزالىرى ياكى دوست- بۇرادەرلەر بىلەن قۇرئان كەرىم ياكى ھەدىس شەرىف يادلاش مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇرۇش.

مەسجىدتە قىلىنىدىغان ئىشلار توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھەلەر

1- ئىماكان بار ئىمام بارلىق پەرز نامازلىرىنى مەسجىدتە ئادا قىلىشقا ھېرىسمەن بولۇش.

2- مەسجىدنىڭ يۇرۇتۇش ۋە تازىلىق ئىشلىرى ۋە تاھارەت ئالىدىغان جايلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈش.

3- جامائەتلەرنى مەسجىدكە كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئاشكارا بولمىسا يوشۇرۇن بولسىمۇ ئانچە- مۇنچە ماددىي ياردەمگە رىغبەتلەندۈرۈش.

4- مەسجىدكە ئاۋازى ياخشى، قۇرئان كەرىمنى تولۇق تەرتىل ۋە قىرائەت بىلەن ئوقۇيدىغان قارىلارنى تەكلىپ قىلىش.

5- ئىمامنىڭ ئىمكان بولسا مەسجىدتە ئىمكان بولمىغاندا باشقا مۇناسىپ بىر ئورۇندا بولسىمۇ تەپسىر ياكى ھەدىس كىتابلىرىدىن جامائەتكە ئوقۇپ بېرىشى.

6- ئىمكان يار بەرگەن ئەھۋالدا مەسجىدلەردە ئىپتارلىق بېرىشكە ھازىرلىق كۆرۈش.

7- تاپالىغان ئەھۋالدا مۇناسىپ، يەنى خىيانەت قىلىپ ساختا زىيانكەشلىك قىلىش ئېھتىمالى بولمىغان كىشىلەرگە قۇرئان كەرىم، دىنى كىتاب ۋە تەبلىغ لىنتىلىرىنى ھەدىيە قىلىش.

8- قۇرئان كەرىمنى ئەڭ ئاز بولغاندا بىر قېتىم ئوقۇپ ياكى ئاڭلاپ تاماملاشقا

ھېرىسمەن بولۇش.

9- ئىشەنچلىك كىشىلەرنى تەشكىللەپ زاكاتلارنى يىغىپ، ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان مەھەللىنىڭ كەمبەغەل ۋە غېرىپ- غۇرىۋالىرىغا تارقىتىپ بېرىش.

10-ھېيت نامىزىنى ئىمكان بار چوڭ جامىئەلەردە ئوقۇشقا ئىنتىلىش

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزنى بۇ ئىشلارنى قىلىشقا، ئەمەللىرىمىزنىڭ خالىس بولۇشىغا مۇيەسسەر قىلسۇن، ئامىن!!!

ئەسكەرتىش: بۇ ئىشلار پەقەت ئىمكانىنىڭ يار بېرىشىچە ئورۇنداشقا تېگىشلىك دەپ قارىغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە ئېلان قىلدۇق. بۇ ھەرگىزمۇ مۇشۇنداق ئىجرا قىلىنمىسا بولمايدۇ، دېگەنلىكنى كۆرسەتمەيدۇ.

# روزا ھەققىدە دەسلەپكى چۈشەنچە

تەييارلىغۇچى: ئا.قارلۇقي

بارلىق ھەمدۇ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا خاستۇر، دۇرۇد ۋە سالاملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىگە ۋە بارلىق توغرا يولدا ماڭغان كىشىلەرگە بولسۇن!

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن! بىز بۇ ۋە بۇ قاتاردىكى باشقا ماقالىلىرىمىز ئارقىلىق رامىزان ئېيى، روزا ۋە بۇ ئاي، بۇ كۈنلەرنىڭ شەرىئەت نەزىرىدىكى ھۆكمى، پەزىلىتى، بۇ ئايدا بۇيرۇلغان ۋە چەكلەنگەن ئىشلار ھەققىدە يىغىنچاق ئەمما مەزمۇنلۇق قىلىپ، سىزلەرگە مەلۇمات بېرىشنى كۆڭلىمىزگە پۈكتۇق. جانابى ئاللاھ بىزلەرنى بۇ ئىشقا مۇۋەپپەق قىلغاي. ئەلۋەتتە بۇ ئىشلار توغرا بولسا، جانابى ئاللاھنىڭ مەرھەمىتىدىن، خاتالىقلار بولسا، بۇ ماقالىلەرنى ھازىرلىغۇچىلارنىڭ سەھۋەنلىكىدىن بولغان بولىدۇ. ئاخىرىدا سىزلەرنىڭ خالىس قىلغان دۇئالىرىڭىزدا بىزلەرنى ئەسكە ئېلىپ قويۇشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز!!

روزىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى:

روزا ئىسلامدىكى بەش ئاساسنىڭ بىرى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ھەدىستە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا ئىسلام توغرىسىدا خەۋەر بەرگىن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئاللاھدىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، دەپ شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، روزا تۇتۇش..» - بۇ ھەدىسنى ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىسلام بەش تۈرلۈك ئاساس ئۈستىگە بەربا قىلىنغان...(بۇنىڭ قاتارىدا رامىزان رۇزىسىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن...)» - بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان.

روزىدىن مەقسەت نېمە؟

روزىنىڭ ئەڭ ئالىي مەقسىدى، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىنى ئادا قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش. ئۇنىڭ قوشۇمچە مەقسەتلىرى بولسا، ئىنساننىڭ ئۆزىنى شەھۋەتتىن يىراق تۇتۇشى، ئۆزىنى كونترول قىلىشىنى.. ئادەتلەنگەن يامان ئىشلارنى تاشلىشى قاتارلىقلار بولۇپ، ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئىنساندىكى شەھۋانىي جىددىيچىلىك پەسىيىدۇ. ئىنسان- يەنە شۇ ئاچلىق ئۇسسۇزلۇق سەۋەبىدىن ئاجىز- ئورۇق، كەمبەغەل- يوقسۇللارنىڭ ھالىغا يېتىدۇ. يەنە شۇ ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ئارقىلىق ئىنسان بەدىنىدىكى شەيتاننىڭ ھەرىكەتلىنىش پائالىيىتى قىيىنلىشىدىغان بولۇپ، بۇ ئاللاھ بىلەن بەندىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان مەخپىيلىك سىر. يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزدەك، روزا سەمىمىيلىك بىلەن ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش. ئىنسان ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن يېمەك- ئىچمىكى ۋە شەھۋىتىنى تەرك قىلىدۇ. يېغىنچاقلىغاندا مانا مۇشۇلارلا روزىنىڭ ھەقىقىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار روزا تۇتسا ھاياسىز سۆزلەرنى قىلمىسۇن، ۋارقىراشمىسۇن. ئەگەر بىرى ئۇنى تىللىسا ياكى ئۇرۇشماقچى بولسا، ئۇ كىشى: مەن روزىدار، دېسۇن». [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەنىسى، جىدەل- ماجىرا، پىتنە- پاسات، يالغان ياۋىداق ئىشلارغا يېقىن كەلمىسۇن، بىرسى ئۇنى جىدەل ياكى ھەر قانداق بىر يامان ئىش قىلىشقا مەجبۇر قىلسا،

ئۇ مەن روزا تۇتتۇم، يەنى روزىدارمەن، مېنى يامان ئىشلارغا شىرك قىلىشقا زورلىما دېيىش ئارقىلىق، يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرسۇن، ئاللاھدىن قورقسۇن، دېمەكچى.

روزىنىڭ پەزىلىتى:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى رامىزان ئېيىدا ئاللاھقا خالىس بولغان ئىمان بىلەن روزا تۇتىدىكەن، ئۇنىڭ ئىلگىرىكى گۇناھلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ». — بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ جېنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، روزىدارنىڭ ئېغىزىنىڭ پۇرىقى ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مىسكى ئىپارنىڭ پۇرىدىن كۆپ ياخشى». بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «يېمەك، ئىچمىكىنى، شەھۋىتىنى مەن ئۈچۈن تەرك قىلىدۇ، پەقەت مېنى دەپلا روزا تۇتىدۇ، مەن ئۇنى ئۆزۈم مۇكاپاتلايمەن، بىر ياخشىلىققا ئون ھەسسە ئەجىر بار.» - بۇخارىي رىۋايىتى.

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «جەننەتتە "رەييان" دېيىلىدىغان بىر ئىشىك بار بولۇپ، ئۇنىڭدىن قىيامەت كۈنى روزىدارلار كىرىدۇ. ئۇ ئىشىكتىن روزىدارلاردىن باشقىلار كىرمەيدۇ. ئۇ چاغدا مۇنداق دېيىلىدۇ: "روزىدارلار قېنى؟ ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرىشىدۇ. ئۇلار بىلەن باشقىلار كىرمەيدۇ. ئۇلار كىرىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىشىك تاقىلىپ قالىدۇ. ئۇ يەردىن ھېچكىم كىرمەيدۇ.» - بۇخارىي رىۋايىتى.

يۇقىرىقى روشەن ھەدىسلەردىن كېيىن رامىزاننىڭ پەزىلىتى ھەققىدە ئارتۇقچە سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا بىھاجەتمىز.

روزىنىڭ تەرىپى:

روزىنىڭ لوغەت مەنىسى- تۇتۇش، دېگەن بولۇپ، ئۆزىنى يۇقىرىقىدا بايان قىلىنغان چەكلەنگەن ئىشلاردىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە مەريەم ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ: «مەن ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك اللّٰه غا ۋەدە بەردىم، بۈگۈن ھېچ ئادەمگە سۆز قىلمايمەن، دېگىن». مەريەم سۈرىسى، 26- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

روزىنىڭ شەرئىي مەنىسى- روزىنى بۇزىدىغان ئىشلاردىن سۈبھى ۋاقتىدىن تاكى قوياش پاتقانغا قەدەر چەكلىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا ئىبادەت قىلىش.

روزىنىڭ ھۆكمى:

روزا قۇرئان، سۈننەت ۋە ئىجمائ لار ئارقىلىق ئىسپاتلانغان ۋاجىبتۇر. قۇرئان كەرىمدە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سىلەرگە (رامىزان روزىسى) پەرز قىلىندى.» - بەقەرە سۈرىسى، 183- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالا روزىنىڭ پەرز قىلىنغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن كىمكى رامىزان ئېيىدا ھازىر بولسا رامىزان روزىسىنى تۇتسۇن» - بەقەرە سۈرىسى، 185- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

سۈننەت مۇنداق روزىنىڭ ۋاجىبلىقىنى مۇنداق ئىسپاتلايدۇ: " سەھرالىق بىر ئەرەب پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا : ئاللاھ تائالانىڭ ماڭا پەرز قىلغان روزىسى ھەققىدە خەۋەر بەرگىن- دېگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق جاۋاب بەردى: رامىزان ئېيى (يەنى رامىزان ئېيىدا روزا

تۇتـسـەن). ئۇنـىڭـدىـن باشقا ماڭا پەرز قـىلـىـنغان روزا بارمۇ؟ دەپ سورىدى، سەھرالىق ئەرەب. ياق، پەقەت، ئۆزۈڭ خالاپ تۇتقان روزاڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا" - بۇخارىي ۋە مۇسلـىـم رىۋايـىتى.

ئـىـجمائ يەنى بارلـىق ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئالـىملـىرى رامىزان روزىسـىـنىـڭ پەرز ئـىـكەنلىـكـىگە بـىرلـىـككە كەلگەن. رامىزان روزىسـىـنىـڭ پەرزلـىكى تۆۋەندىـكى ئـىـكـكى ئـىـش ئارقـىلـىق مۇئەييەنلـىـشـىدۇ:

بـىرىـنچى: ئاي كۆرۈش. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ھـىلال ئاينى كۆرۈپ روزا تۇتۇڭلار، يەنە ھىلالنى كۆرۈپ ئـىـپتار قـىلـىڭلار" -بۇخارىي ۋە مۇسلـىـم رىۋايـىتى.

ئـىـكـكـىنچىسى، شەئبان ئـېـيـىـنى ئوتتۇز كۈن تولۇق توشقۇزۇش. چۈنكى، ئەرەب ئايلـىرى ئوتتۇز كۈندىن ئارتۇق بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئەگەر ئـىـككـىلـىـنىپ قالساڭلار، شەئباننى تولۇقلاڭلار" - بۇخارىي ۋە مۇسلـىـم رىۋايـىتى.

رامىزاننى ھازىر مەۋجۇد بولـىۋاتقان كالـىندار- تەقۋىملەر ئارقـىلـىق بـىـكـىـتـىش توغرا ئەمەس. چۈنكى، ئۇنـىڭدا خاتالـىقـنىـڭ يۈز بـىرىـشى ئەمـىلـىيەتكە تولـىمۇ يېقـىـن. يەنە كـىـلـىپ، شەرىئەت روزا تۇتۇشنى ئاي كۆرگەندىن كـېـيـىـن باشلاش توغرىـلـىق تەلـىمات بەرگەن. يەنە روزا ھېيـت نامـىزىـنـىمۇ ئاينى كۆرگەندىن كـېـيـىـن ئوقۇشقا بۇيرىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نۇرغۇن ھەدىسلـەردە ئاي كۆرۈپ ياكى باشقىلارنىڭ ئاي كۆرگەنلىكـىگە قەسەم قـىلـغـىـنـىدىـن كـېـيـىـن روزا تۇتۇشنى باشلاشقا بولـىدىغانلـىقى توغرىسىدا تەلـىمات بەرگەن...

بۇ يەردە ئالاھىدە ئەسكەرتـىشكە تـېـگـىشلـىك بـىر مەسـىلە بار. دىيارىمىزدا مەككە- مەدىنەلەرگە ياكى بـىر قـىـسـىم ئـىسلام دۆلەتلـىرىدىكى تونۇش، دوست- بۇرادەرلـىرىگە تېلفۇن قـىلـىپ، ئۇ يەردە روزا تۇتۇلغان ياكى تۇتۇلمىغانلـىقـىنى سوراپ، شۇنـىڭغا قاراپ روزا تۇتىدىغان

ئىشلار بار بولۇپ، بۇ قەتئىي توغرا ئەمەس. بىزنىڭ خەلقىمىز رايۇنىمىز دائىرىسىدە ئاي كۆرگەندىن كېيىن، روزا تۇتۇشقا باشلىشى لازىم. چۈنكى ئەرەب- ئىسلام دۆلەتلىرى بىلەن رايۇنىمىز ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك دەرىجىدە ۋاقت پەرقى بار بولۇپ، بۇ، ئاينىڭ ئىلگىرى- كېيىن كۆرۈلۈش ئەھۋاللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرىشى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. ئۇنىڭدىن باشقا روزى ھېيىت نامازلىرىنىمۇ يۇرتىمىزدا ئاي كۆرگەندىن كېيىن ئوقۇشى لازىم. ئەگەر ھۆكۈمەت رۇخسەت قىلمىسا، ئومۇمىي مۇسۇلمانلار مەنپەئەتىنى كۆزدە تۇتقان ئەھۋالدا بىرەر يېرىم ساقلاپ جامائەت بىلەن ئوقۇشى لازىم. بۇ قاراش كۆپىنچە ئۆلىمالارنىڭ ئورتاق قارىشى بولۇپ، بىز مۇشۇنىڭغا ئاساسەن بۇ مۇلاھىزىنى قوشۇمچە قىلىپ قويدۇق.

# ئىنتېرنېت ۋە ئۇنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىشتىكى رولى

هازىرلىغۇچى: ئا.قارلۇقىي

ئەسلىدە قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈلۈپ تەرجىمە قىلىنىۋاتقان بۇ ماقالىنىڭ ئورنىنى مۇبارەك رامىزان ئېيىغا بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك تېمىلار ئىگەللىگەن بولسا تولىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. بىراق بىز يەنىلا ئومۇمىي دائىرىنىڭ ئىچىدە بولغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ ماقالىنى هازىرلاپ ئوقۇرمەن دوستلارنىڭ دىققىتىگە سونۇشنى مۇۋاپىق كۆردۇق. سۆزىمىز ئىنتېرنېت هەققىدە بولغانكەن ئۇنىڭ قاچان، كىملەر تەرىپىدىن، قانداق مەيدانغا كەلگەنلىكى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىپ ئۆتۈش ئارتۇقچە بولماس.

هەممىيلەنگە مەلۇم بولغاندەك، ئىنتېرنېت بۈگۈنكى دەۋر ئىنسانلىرى ئوتتۇرىسىدا ئالاقە ئورنىتىش، پىكىر ئالماشتۇرۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان بارلىق ئىلمىي ئالاقىلەرنىڭ ئەڭ تېز ۋە ئەڭ جانلىق ۋاستىلىرىدىن بىرىگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭسىز ئالاقە ـ ئۇچۇرنىڭ سۈرئىتى كۆڭۈلدىكىدەك راۋان ۋە قولاي ئەمەس. ئىنتېرنېت سان ـ ساناقسىز كومپيۇتېرلارنىڭ تورلاشتۇرۇلۇشىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل سىستېما بولۇپ، ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئۇچۇر ـ ئالاقىلەرنى قولايلاشتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىنتېرنېت هەققىدىكى تۇنجى پىكىرنىڭ مەيدانغا كېلىشى مۇنداق؛ 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرى ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكى دۈشمەنلەرنىڭ هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بىر تورلاشقان ئۇچۇرلىشىش ۋاستىسىغا ئېهتىياجى بارلىقىنى هېس قىلغان. 1967 ـ يىلىغا كەلگەندە ئامېرىكىلىق بىر دوكتۇر مەركەزسىز ئۇلىنىش كەيپىياتىنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئىمكانىيىتى بارلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ چاغقىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدىكى بارلىق كومپيۇتېرلار سىم ئارقىلىق تورلاشتۇرۇلغان بولۇپ، هەجمى ئىنتايىن چوڭ ئىدى. بۇ پەقەت ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىگىلا خىزمەت قىلاتتى. ئۇلار بۇنى ARPANET دەپ ئاتىشاتتى. 1969 ـ يىلى

ئىنتېرنېت ھەقىقىي ئىشلىتىلىش باسقۇچىغا كىردى. 1973 ـ يىلى، يەنى بۇنىڭدىن پەقەت 33 ـ يىل ئىلگىرى 23 كومپيۇتېر بولۇپ، ھەممىسى ئامېرىكا مۇداپىئە مىنىستىرلىكىدە ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن، ئامېرىكا بۇ خىل تورلىشىشنىڭ ئامېرىكىدىكى ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىتىشىگە يول قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكىدىكى ئاكادېمىك ئورگانلار ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلار ئارقا ـ ئارقىدىن بۇ خىل سىستېمىنى قوللىنىشقا باشلىدى. ئاردىن كۆپ ئۆتمەي سودا شىركەتلىرى ۋە باشقا ئورگانلار قوللىنىشقا باشلىغان بۇ سىستېما ئاستا ـ ئاستا پۈتۈن يەر شارىنى قاپلىدى. ئېلېكترونلۇق خەت يوللاش خىزمىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ئىنسانىيەت پوچتىخانا ئىزدەپ سائەتلەپ يول يۈرۈشلەردىن دېگۈدەك ئامان بولدى...

دۇنيادىكى ھەرقانداق توسالغۇغا پەرۋا قىلمايدىغان بۇ خىل ئالاقىلىش ۋاستىسىدىن ھەر خىل غەرەزدىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئالىرى ئۈچۈن ئۈنۈملۈك پايدىلاندى. غەربتىكى ئەھلى سەلىپ ئىدىيىسىنى ياقلايدىغان ھەر خىل جەمئىيەت ۋە ئورگانلار شەرق ئەھلىنىڭ بولۇپمۇ ئىسلام ئالىمىنىڭ روھىي دۇنياسىغا بۆسۈپ كىرىش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەن ھەرقانداق ۋاستىلەرنى قوللاندى. نەتىجىدە سىرىق تېمىلارنى مەركەز قىلغان تور بەتلىرى مەيدانغا كەلدى. بۈگۈنكى دەۋردىكى مۇستەملىكە روھى ئەڭ كۈچلۈك بولغان غەرب مەدەنىيىتىنى چۆرىدىگەن ئاساستا مەيدانغا كەلگەن **globalization** "يەرشارلىشىش" نەزەرىيىسى (ئەمەلىيەتتە ئامېرىكىلىشىش ياكى غەربلىشىش نەزەرىيىسى) غەربكە تەۋە بولمىغان ھەر قانداق دىن، مەدەنىيەت ۋە ئەنئەنىلەرنى يوقىتىپ چىقىرىش ئۈچۈن بارلىق كۈچى بىلەن بۇ ۋاستىدىن پايدىلاندى. ئاخىرقى ھېسابتا شەرقنىڭ مەۋجۇدلۇقى تەھدىتكە ئۇچرىدى. بۇ ۋاستە ئارقىلىق ئاقنى قارا، قارىنى ئاق قىلىپ، نۇرغۇنلىغان ئورگان ۋە شەخسلەرنىڭ شەخسىيىتى يەتكۈچە گەۋدىلەندۈرۈلدى ياكى يەر بىلەن يەكسان قىلىندى.... بۇلار قىسقىچە قىلغاندا

ئىنتېرنېتنىڭ سەلبى تەرەپلىرى ئىدى. ئەمما بۇنىڭ بۇ خىل سەلبىلىكلىرى ئۇنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنى بېسىپ كېتەلمىدى. بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلاش مۇمكىن.

ئۆزىنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم تۇرغان ئادەم گويا چوغنى تۇتۇپ تۇرغاندەك قېيىن ئەھۋالدا ياشايدىغان، ھەقنى سۆزلەش جىنايەت، ئادالەتنى ياقلاش خىيانەت ھېسابلىنىدىغان، دىن ھەققىدە سۆزلەش تېرورچىلىق، ئەخلاق، ئەنئەنە، ئۆرپ ـ ئادەت ھەققىدە ئېغىز ئېچىش يا خۇراپىلىق، ياكى بىكىنمىچىلىق يا بولمىسا بۆلگۈنچىلىك بىلەن تەسۋىرلىنىدىغان بۈگۈنكى كۈندە، ئاللاھنىڭ دىنىنى سۆزلەش، بۇ ھەقتىكى ھەقىقەتلەرنى باشقىلارغا تارقىتىشنى ياكى دىن ھەققىدىكى مەلۇماتلارنى ئىزدەش، پەتىۋا سوراشلارنى ئىنتېرنېتتا ئېلىپ بارمىسا قانداق رۇياپقا چىقىرىش مۇمكىن. ئاللاھقا مىڭلاپ شۈكرىلەر بولسۇنكى، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئىسلامنى تارقىتىشنى مەقسەت قىلغان بىر قانچە تور بەتلىرى مەيدانغا كەلدى. قولىدىن كىلىشىچە باشقا تىلدىكى ماتېرىياللارنى تەرجىمە قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا سۇندى. ئاللاھ شۇ خىل خىزمەتلەرنى قىلغۇچىلارغا ھەسسىلەپ ئەجىر بەرسۇن!

شۇنى نەرسىنى تەكىتلەش كېرەككى، قېرىنداشلىرىمىز تور بەتلىرىگە كىرگەندە، ھەر خىل دەبدەبىلىك تىملار ئاستىدىكى ھېچنىمىنى چۈشەنگىلى بولمايدىغان مەنبەسىز، ھاياسىز نەرسىلەرنى ئوقۇپ ۋاقت زايا قىلغانىنىڭ ئورنىغا دىن ھەققىدە يېزىلغان ماقالىلەردىن بىرنى يېرىمىنى ئوقۇپ قويۇشىنى، باشقا دوستلىرىغا پالانى تور بېتىنىڭ پۈكۈنى يېرىدە ئىسلامغا دائىر ئۇنداق ياكى مۇنداق ماقالەر بار ئىكەن ئوقۇپ قويۇڭلار، دەپ بولسىمۇ تەۋسىيە قىلىپ تۇرۇشلىرىنى ۋە قوللىرىدىن كەلسە ئىسلامىي تور بەتلەرنى ياساپ خەلقىمىزگە تەقدىم قىلىشلىرىنى چىن قەلبىمىزدىن ئۈمىد قىلىمىز. ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش دېگەن مانا مۇشۇ. ۋەز ـ نەسىھەت، تەبلىغ دېگەن داۋاملىق مەسجىدلەرنىڭ مۇنبەرلىرىدىلا بولمايدۇ.

ئەسكەرتىپ ئۆتمىسەك بولمايدىغان مۇنداق مەسىلىلەرمۇ بار؛ دىندىن دېگەندەك ياخشى خەۋىرى يوق بىر قىسىم ياخشى نىيەتلىك بۇرادەرلىرىمىز ھەر خىل پەتىۋالارنى بىرىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا پىتنە ـ پاسات تارقىتىشىمۇ ئېھتىمالغا بەكلا يېقىن. گەرچە نىيەتلىرى ساغلام بولسىمۇ، ساغلام بولمىغان نەتىجىلەرنىڭ دىنىمىز نامىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، بەرگەن پەتىۋا، دەلىل قىلغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەنبەسىگە دىققەت قىلىشى. بۇلارنى شۇ خىل پەتىۋا ۋە ماقالىلارنى ئېلان قىلغان تور بەتلىرىدىكى ماقالە، پەتىۋا ۋە كىتابلارنىڭ مەزمۇنىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىش مۇمكىن. ئەگەر ئەقلىمىز قوبۇل قىلالمىغان، بىز ئاڭلىغان ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى بىلەن قارىمۇ قارشىدەك تۇيغۇ بىرىپ قويىدىغان مەزمۇنلارنى ئۇچراتقاندا ئۆزىمىز ئەقىدىسى ساغلام، دىنى ئېتىقادى ياخشى، مۇستەقىل پىكىرلىك دىنى ئالىملار ياكى ئاخۇنۇملاردىن سوراپ، ئاندىن ئۇنى قوبۇل قىلىش تولىمۇ مۇھىم. بۇنداق قىلىش ئىسلام روھىغا تولىمۇ ئۇيغۇن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ "ئامانەت ئۆز ئىگىسىگە يەتمىگەندە قىيامەتنى كۈت" دىمەك، بىزنىڭ ئەقىدە ـ ئېتىقادىمىزغا يات كىشىلەرگە ئۆز ئامانىتىمىزنى تۇتقۇزۇپ قويۇپ، پىتنە ـ پاساتتىن ئىبارەت كىچىك قىيامەتنى مەيدانغا كەلتۈرمەيلى!

ئاللاھ ھەممىمىزنى توغرا، ساغلام ئىشلارنى قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلسۇن

# "ھالالغا ھېساب بار، ھارامغا جازا"

(تەرمىلەر) شەمس نەۋىد ئوسمانى

چۆل- باياۋاننىڭ سوغۇق، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرىۋاتقان بىر كېچىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ رەھبىرى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچىلىغان ھەمراھلىرى بىلەن بىر ئەنسارىنىڭ بېغىغا قەدەم تەشرىپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلپىگە بىنائەن باغۋەن تېخى يېڭىلا ئۈزگەن خورمىلىرىنى داستىخانغا كەلتۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ تەلپى گويا، سەۋرچانلىقنىڭ جاپالىق يوللىرىدا كېتىۋېتىپ، يوللۇق لەززەت ۋە جائىز نېمەتلەرنى تەلەپ قىلىشنىڭ جىنايەت ئەمەسلىكىنى جاكارلىماقتا ئىدى. خورمىلار ناھايىتىمۇ شېرىن بولۇپ، ئۈستىگە سوغۇق سۇ ئىچكەندە، تەن بىلەن روھلار تەڭلا لەززەتلىنىشكە باشلىدى. دەل ئەنە شۇنداق لەززەتلىك مىنۇتلاردا ئالەملەرنىڭ بۈيۈك ئۆلگىسى سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك چېھرىدە تۇيۇقسىز قانداقتۇر بىر ئەنسىزلىك ئالامەتلىرى جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. بۇ ئالامەتلەرگە يەنە قانداق تەشۋىشلىنىش ۋە قورقىنىش تۇيغۇلىرىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى. ناۋادا لەززەتنىڭ تەسىرى ھۇزۇرلىنىش بىلەنلا تاماملىنىپ كەتكەن بولسا، پەيغەمبەرلەرنىڭ كاتتىسى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەتتىكى بىر ئىنساننىڭ نېمە پەرقى بولسۇن دەيسىز؟!

ئەمما بۇ يەردىكى تەسىرات، روھلارنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنى لەرزىگە سېلىپ، تۇرمۇش، ئاچلىق ۋە ئۇنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋەت، تەلەپ ـ تەقەززالىرىدىن يىراق ئاجايىپ بىر يۈكسەكلىككە قاراپ ئىنتىلمەكتە ئىدى. بۇ ھالقىش ئالدىدا تۇرغىنى زادى قانداق قەدەم؟ ئۇنىڭ ئۆزگەرمەس سەپەر يۆنىلىشى زادى قاياققا يۈزلەنگەن؟!

ساھابىلارنىڭ نەزەرلىرى ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن سۆيۈملۈك يېتەكلىگۈچىسى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تىكىلگەن ئىدى.

ــ قىيامەت كۈنى كەلگەندە؛

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغ، تاشلارنىمۇ ئېرىتىپ سۇ قىلىۋېتىدىغان ئاۋازى ياڭراۋاتاتتى.

ــ قىيامەت كۈنى كەلگەندە، مۇشۇ خورما ئۈچۈن جاۋاب بېرىش يەر تەۋرىگەندەك ئوخشاش قاتتىق تۇيۇلىدۇ.

سۇبھانەللاھ! بۇ بىرەر شائىرنىڭ ياكى پەيلاسوپ، ئاستورنومنىڭ سۆزى ئەمەس، بەلكى كائىناتنىڭ ئەڭ بۈيۈك ھەقىقىتى بولغان مۇقەددەس ۋەھيي غۇنچىلىرى بىلەن بېزەلگەن، دانىش ئۇستازىنىڭ سۆزى ئىدى. بۇ سۆزنىڭ ئۆتكۈر تەسىرىدە ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، ھەممە ئەزاسىنى بىردىنلا سوغۇق تىترەك باسقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىدىكى ئەمدى تېخى يېرىمىنى چىشلىگەن خورما قورقۇنچتا ئىختىيارسىز يەرگە چۈشۈپ كەتتى. ئەسلىدە بۇ سۆزنىڭ ئۆتكۈر تەسىرى تېخى ئەمدىلا تەم، لەززەتتىن ھوزۇرلىنىشقا باشلىغان ساھابىلارغا ئاخىرەتتىكى خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەرمەكتە ئىدى.

ــ مۇشۇ خورما ئۈچۈنمۇ، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى؟!

ــ ھەئە، مۇشۇ خورما ئۈچۈن؛

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋازىدا ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس ساداسى قەتئىيلىك بىلەن ياڭرىماقتا ئىدى.

ـ شۇنداق، پەقەت ئۈچلا نەرسە ئۈچۈن ھېساب بېرىشتىن ساقلىنىپ قالىمىز. ئەۋرەتلىرىمىزنى ياپالىغۇدەك بىر قۇر كىيىم، ئاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ھاياتىمىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلالىغۇدەك ئوزۇقلۇق، باش تىقالىغۇدەك كىچىككىنە بىر ئۆي.

قارىماققا تولىمۇ ئاددى تۇيۇلىدىغان بۇ ۋەقە راستىنلا شۇنچە ئاددىيمىدۇ؟! تۈگىمەس - پۈتمەس تۇرمۇش ئېھتىياجلىرى بىلەن شېرىن ئارزۇ ــ ئارمانلار ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مىسلىسىز تەقۋالىق، نېمەتنى قەدىرلەشنىڭ بۇ خىل تۇيغۇسى، ئاللاھنى ھەر دائىم كۆز ئالدىدا كۆرۈپ تۇرۇشتەك بۇ گۈزەل مەنزىرە! مانا بۇلار ھەقىقىي ئىتائەتمەنلىك، ھەقىقىي ئىبادەت، ئاللاھقا بولغان چىن سۆيگۈ بولماي نېمە؟!

مۇسۇلمانلاردا بۇ خىل تۇيغۇ ھەقىقىي روھى بىلەن مەۋجۇت بولغان چاغلاردا، ئۇلار قاياققا بۇرۇلسا، گويا شۇ يەردىكى تاغ، تاشلارمۇ زۇمرەتكە ئايلانغان ئىدى. مانا ئەمدى بۇ خىل تۇيغۇ يوقىلىۋېدى، باشقىلاردىنمۇ بەكرەك دەل مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى خۇددى ئاخسىز جانۋارلاردەك پەرۋاسىز يەنچىپ، چەيلەشكە باشلىماقتا. ھەممىگە ئېرىشكەندىن كېيىنمۇ پۈتىغا شوخا كىرگەنچىلىك يوقىتىشقا ئۇچرىسا، نومۇسلۇق ناشۈكۈرلىكىدىن خىجىل بولۇش ئۇياقتا، ھەتتا ئەرز ـ شىكايەتلەرگە تولغان دەپتەرلىرىنى، ئاتا قىلىشتا دېخىز كەبى، بەخش ئېتىشتە قۇياش كەبى ئاشۇ كەرەملىك ئاللاھنىڭ ئالدىغا تاشلىماقتا. مۇشۇ مىنۇتلاردا ئاشۇ ناشۈكۈر ئىنسانلار ئۆز جىسمىدا ۋە ئەتراپىدا كەك يېيىلىپ ياتقان، ھەر بىر نېمەتنىڭ قانچىلىغان ئالتۇن تاغلىرىدىنمۇ ۋەزىنلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسىكەن، ئۇيلاپ باقسىكەن كاشكى؟!

××××××××××××××

مەدائىنىنىڭ مۆتىۋەر كىشىلىرىنىڭ ھەممىسى شەھەرگە يىغىدىن تەيىنلەنگەن ۋالىيسىنى قارشى ئېلىش ئۈچۈن بۇ گۈزەل مەيدانغا توپلاشقان ئىدى. ئۇلار ئەسلىدە ھۆرمەت، چوڭقۇر ئەقىدە، ساداقەتمەنلىكلىرى بىلەن خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋالىيلىققا تەيىنلىگەنلىك پەرمانىغا بىنائەن شەھەرگە كىرىش ئالدىدا تۇرغان خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتىۋاتاتتى.

ھوقۇق ۋە شان ـ شەرەپ بىلەن تولۇق قوراللانغان ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەگەر خالىسا، ھازىرقى دەۋردىكى ئەمەلدارلار ھاسىل قىلىپ كېلىۋاتقان مال- بايلىق ، زىبۇزىنىنەت، ئەيش - ئىشرەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن بەھرىمەن بولالايتى. ئەمما ئۇ توپلانغان جامائەتكە خەلىپىنىڭ پەرمانىنى ئوقۇپ بەرگەندىن كېيىن"نېمىنى خالىسىڭىز ۋە نېمىنى بۇيرىسىڭىز جېنىمىز بىلەن ھازىر قىلىشقا تەييارمىز" دەپ ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان ساداقەتمەن پۇخرالارغا قاراپ: "ماڭا پەقەت قوسىقىمنى تويغىدەكلا تاماق، ئۇلاغلىرىمنى ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىغۇدەكلا يەم ـ خەشەك ھازىرلاپ بەرسەڭلار كۇپايە" دىدى.

ۋالىينىڭ ئۆز پۇخرالىرىدىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى ئارانلا شۇنچىلىك نەرسە بولۇپ، گويا ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەۋرەنمەس پولات تۈۋرۈكلىرى مانا شۇنداق دەرۋىشلىكنىڭ ئاياق ئاستىدا پاچاقلىنىۋاتاتتى. شاھلىقنىڭ مەغرۇرانە شان ـ شەرەپلىرى مانا شۇنداق سەبىر ۋە قانائەتنىڭ خىلۋەتلىرىدە دېرەكسىز يوقالماقتا ئىدى. مال ـ دۆلەت شان شەۋكەتلەرنىڭ ۋال ـ ۋۇل چاقناشلىرى مانا شۇنداق ئاخىرەتكە بولغان ئىمان نۇرى ئالدىدا ئۆچۈپ قېلىۋاتاتتى.

خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھۆكۈمرانلىق، زېمىن، بايلىق، تۇرمۇش ۋە خىلمۇخىل خاھىشلاردىن ناھايىتىمۇ، ناھايىتىمۇ بەك يىراق روھى بايلىققا ئىگە ئىدى. ھەر بىر نېمەت، ھەر بىر لەززەتنىڭ يېپىدىن يىغىنىسىغىچە ھېساب ئېلىنىدىغان، ھۆددىسىدىن جايىدا چىقالمىغانلار مەڭگۈلۈك

بەختسىزلىككە ھۆكۈم قىلىنىدىغان ئاخىرەتتىكى ئاشۇ قورقۇنچلۇق سوت كۈنىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئاللى بۇرۇن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ئىدى. دەل مانا بۇ خىل تەپەككۇر خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جىسىم، روھىنى لەززەتپەرەسلىك ئىللەتلىرى بىلەن بۇلغىنىشقا قەتئىي يول قويمىغان بولۇپ، ئۇ بايلىق ۋە ھۆكۈمرانلىقنىڭ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاينام، تاشقىنلىرى ئىچىدىمۇ، خۇددى دەرۋىشلەردەك كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە قۇر كىيىم ۋە بىرنەچچە پارچە نىنىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى. دۇنيا ئۇنىڭغا قانچە يىقىنلاشقانسېرى ئۇ شۇنچە يىراققا قاچاتتى. شۇڭلاشقا ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ يېغىلمەس جەلبكارلىقلىرىمۇ ئۇنىڭ كۆزىنى بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىگە قارىتالمىغان ئىدى.

ئۇنىڭ مەدائىندىكى ھوقۇقىدىن قول ئۈزۈپ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەزكۇر باي ـ باياشاتلىق ئىمتىھان مەيدانىدىن ئۇنىڭ نىمىلەرنى يۇدۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن يول بويىدا مۆكۈنۈپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇ خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يەنىلا بۇرۇنقىدەك دەرۋىشلەرچە ئاددىي ـ ساددىلىقىنى، يەنىلا ئاشۇ ئىلگىركى پىداكارلىقى ۋە كەمتەرلىكىنى ، ھەمدە ئىلگىرى ئېلىپ كەتكەن نەرسىلىرىدىنمۇ ئاز يۈك - تاق بىلەن قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر سۆيىنىش ۋە ھۆرمەتىنىڭ قايناق ھېسسىياتىدا مۆكۈنگەن ئورنىدىن چاچراپ قوپقىنىچە خۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنى مەھكەم باغرىغا بېسىۋېلىپ: "سەن مېنىڭ ھەقىقىي قېرىندىشىمسەن! سەن مېنىڭ ھەقىقىي قېرىندىشىمسەن!" دېيىشكە باشلىدى.

بۇ نىمىدىگەن قىسقا، ئاددىي جۈملە، ھە؟! لېكىن ئۇ دەۋرلەردە ئېغىزدىن چىقىدىغان ھەر قانداق بىر سۆز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنە، روھىدىن ئايرىلمىغان ئىدى. ھەر قانداق بىر سۆز ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى. بولۇپمۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ھەقىقەتپەرۋەر، مەردۇ ــ مەردانىنىڭ بىرسىنى "قېرىندىشىم" دەپ ئاتىشى، شۇ قەدەر چوڭقۇر ۋە شۇ

قەدەر كەڭ مەنگە تولغان بولاتتىكى، هازىرقى دەۋردە يازسا قانچىلىغان كىتاب پۈتۈپ چىقىدىغان ماختاش، مەدھىيىلەر ۋە تۇمەنمىڭلىغان ۋەدە، قەسەملەرمۇ ئاشۇ بىر ئېغىز سۆزگە تەڭلىشەلمەيتتى.

××××××××××××

مۇسۇلمانلار دۇنياسى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن تازىمۇ گۈللىنىپ، خەلىپىلىكنىڭ چېگرىسى شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانغا، شىمالدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كۆكلەم تاغ، جىلغىلىرىدىن جەنۇبتا سەھرايى كەبىر چۆللىكىگە تۇتاشقان ھەمدە مۇسۇلمانلار فرانسىيەنىڭ جەنۇبىغىچە ئىچكىرىلەپ، كىرىپ بولغان، پۈتۈن دۇنيا خەلقى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ بۈيۈك كۈچكە ئايلىنىپ بولغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشقان، ھەتتا ياۋرۇپادا ئىسلام مەدەنىيىتىنى ۋە ئەرەب تىلىنى قوللىنىش مودىغا ئايلانغان ئاشۇنداق باياشات بىر دەۋرنىڭ ئۇلۇغ خەلىپىسى ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىز ئۆز ئادىتى بويىچە خۇپتەن نامىزىدىن كېيىن قىزلىرىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ باراتتى. تېخى ھازىرلا ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن ھېرىپ، چارچىغان قەلب، مېڭىسى ئۆز ئەۋلادلىرىغا بولغان سېغىنىش ۋە مېھرىبانلىقىنىڭ ئىلكىدە پەرزەنتلىرىنى ئويلاشقا مەجبۇر ئىدى.

ئەمما ئۇنىڭ ئەمدىلا تېخى دۆلەت خەزىنىسىدىن ھېسابسىز دىنار - دەرھەملەرنى يۇقسۇللارغا تارقاتقان قولى سۆيۈملۈك پەرزەنتلىرى تەرەپكە ماڭغاندا شۇنداق قۇرۇق، گويا ئۇ كۈن بويى ھېرىپ چارچاپ، ئۆيىگە قۇرۇق قول قايتىۋاتقان دەرۋىشلەرگە ئوخشايتتى.

كىشىلەر زاكات بېرىش ئۈچۈن ئالىدىغان ئادەم تاپالماي شەھەر ئاتلاشقا مەجبۇر بولىدىغان ئاشۇنداق باياشات بىر دەۋردە، خەلىپىنىڭ ئۆيىدە ئاچارچىلىق دېگىلى بولمىسىمۇ يېرىم ئاچلىق ھالىتى بۇرۇنقىدەكلا داۋاملاشماقتا ئىدى. دادىنىڭ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلىغان قىزلار قارشى

ئېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈشكىنىچە دەرۋازا ئالدىغا چىقتى. ئۆلارنىڭ يېرىم ئاچلىقتىن سارغايغان چىرايى گەرچە دادىغا نىسبەتەن ئانچە يېڭىلىق بولمىغىنى بىلەن، ئەمما بۇ قېتىم قىزلىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئالقانلىرىدا توسۇۋالغانلىقى خەلىپە ئۆمەر ئابدۇلئەزىزنى تەئەججۇبلەندۈرمەي تۇرالمىدى.

ئۇ: ئى يۈرەك پارىلىرىم! نېمە بولدۇڭلار؟ دەپ سورىدى. ئەمما قىزلىرى ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىدى.

بۇ سوئالغا ئۇلارنىڭ ئىنىك ئانىسى: ئۆيدە يەيدىغانغا باشقا نەرسە بولمىغاچقا بۈگۈن ئۇلار پىياز بىلەن پۇرچاقتا قورساق تويغۇزغان ئىدى. شۇڭلاشقا پىيازنىڭ پۇرىقىنى سىلىدىن يوشۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىنى ئېتىۋېلىپ باردۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

دادا دېگەن ھامان دادا ـ دە، گۆدەك باللىرىنىڭ بۇ ھالى ئۇنىڭ يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتمەي قالمىدى. يۈرەك باغرىدىن ماگمىدەك ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئازاپلىق ھىسلار ئۇنىڭ كۆزلىرىنى نەملىدى. ئەمما ھىسسىياتنىڭ بۇ شىددەتلىك دولقۇنلىرى يەنىلا خۇددى دېڭىز ئاستىدىكى كۆرۈنمەس ۋۇلقانلار كەبى ئۇز ئورنىدا قىلىۋەردى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى سەۋر ـ قانائەت، پىداكارلىق كەمتەرلىك، ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ ئالتۇن تاغلىرىنى قىلچىمۇ تەۋرىتەلمىدى.

ـــ ئى يۈرەك پارىلىرىمُ! ئۇ مۇلايىملىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

سىلەرنىڭ داستىخىنىڭلارنى نازۇ ـ نېمەتلەرگە تولدۇرىۋېتىش مەن ئۈچۈن ھېچقانچە قىيىن ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ بەدىلىگە داداڭلارنىڭ دوزاخ ئوتىدا كۆيىشىنى خالامسىلەر؟

دادىسىنىڭ قەلبلەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان قىزلار ئۆزلىرىنى تۇتىۋالالماي قالدى. يۈز، كۆزلىرى يامغۇردەك تۆكىلىۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ كۆز ياشلىرى ھەرگىزمۇ ئاچلىقنىڭ غېمى ۋە رەنجىشلەردىن ئاققان

ئەمەس، بەلكى دادىسىنىڭ سوئالىغا بېرىلگەن ئۈنسىز جاۋاب بولۇپ، ھەربىر تامچە ياش "ياق دادا، ياق! دادىمىزنى دوزاخقا ئىتترىش بەدىلىگە كېلىدىغان ئۈنداق ھوزۇر ـ ھالاۋەتنىڭ كېرىكى يوق" دەپ جاكارلاۋاتاتتى.

×××××××××××

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇلئەزىزنىڭ بوۋىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە بىر قېتىم قەھەتچىلىك يۈز بەرگەن بولۇپ، پۈتۈن دۆلەتتىن ئاقتۇرۇپمۇ خەلىپىدەك ئاچلىق ئازابىغا دۇچار بولغان ئىككىنچى بىر شەخسنى تاپقىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ كۈندىلىك يېمەكلىكلىرىنىڭ مىقدارىنى كېمەيتىۋېرىپ، ئاخىرى كۈن - كۈنلەپ ئاچ يۈرىيدىغان بولۇپ قالدى. گۆش، ماي، ھەسەللەردەك لەززەتلىك تائاملارنى ئاللى بۇرۇن تەرك قىلغان ئىدى. ئۇ جىسمانى ئاچلىق ۋە زېھنى پەرىشانلىق ئىچىدە ھاجەتمەنلەرگە ئاشلىق تارقىتىش ئۈچۈن تاغارنى دۈمبىسىگە يۈدىگەن ھالدا يىراق - يېقىنغا قاتناپلا يۈرەتتى. بۇنى كۆرگەن كىشىلەر چوڭقۇر ئېچىنىش ئىچىدە ئۇنىڭ غېمىنى يەپ: "قارىمامسىلەر، ئۇنىڭ قىپ قىزىل ئانارەك مەڭزىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ، قارىداپ كەتكىنىنى" دېيىشەتتى. ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچلىقتىنمۇ بەكرەك ئۆمەر روزىيەللاھۇ ئەنھۇنى روھى ۋە جىسمانى جەھەتتىن قاتتىق پۇچىلاۋاتقىنى "ئەگەر قول ئاستىمدىكى پۇخرالارنى قەھەتچىلىك ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىمكانىمىنىڭ بېرىچە تىرىشمىسام، بۇ ئازابنى مەنمۇ ئوخشاشلا ئۇلار بىلەن تەڭ تارتمىسام، قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىمغا قايسى يۈزۈم بىلەن جاۋاب بېرىمەن؟" دېگەن ئەندىشىلەردىن ئىبارەت ئۇمۇمەتنىڭلا غېمى ئىدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە، ئۇ چۆللۈكنىڭ پىژ- پىژ ئاپتاپلىرىدىمۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئاچ قورساق دۈمبىسىگە ئاشلىق يۈدۈپ، تەرەپ - تەرەپكە توختىماي چاپاتتى.

ئاشۇنداق مۇشەققەتلىك كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر قېتىم گۆدەك بالىسىنىڭ بىر تىلىم تاۋۇز يەۋەتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. تېخى ئانىنىڭ سۈتى ئېغىزىدىن كەتمىگەن، ھەتتا كىچىككىنە تۇرۇپلا دادىسى بىلەن ئاچلىق ئازابىنى تەڭ تارتىۋاتقان بۇ گۆدەكنىڭ ئۆز يۈرەك پارىسى ئىكەنلىكىگىمۇ پىسەنت قىلماستىن ئاچچىقىغا چىدىماي ۋاقىراپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ خىيالىدا "پۈتكۈل مۇسۇلمان ئۈممىتى قەھەتچىلىك ئازابىدا پۇچىلىنىۋاتسا، خەلىپىنىڭ ئوغلىنىڭ تاۋۇز يېيىشكە نېمە ھەققى؟" دېگەندىن باشقا نەرسە يوق ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئاچچىقىدا ئېتىلغىنىچە بېرىپ، بالىسىنىڭ قولىدىكى تاۋۇز تىلىمىنى سىلكىپ تارتىۋالدى ـ دە،

ـــ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈممىتى ئاچلىقتىن ئۆلىۋاتسا، سەن تېخى نومۇس قىلماي تاۋۇز يەۋاتامسەن؟ دېدى.

سۇبھانەللاھ! مانا كۆردىڭىزمۇ؟ بۇلار زادى قانداق كىشىلەر؟ ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە سوقىۋاتقىنى زادى قانداق يۈرەك؟ ئۇلارنىڭ ئىددىيە، تەپەككۇرلىرىچۇ؟

قېنى ئەستايىدىللىق بىلەن بىر ئويلاپ بېقىڭ، مانا بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "مەڭگۈ زاۋال تاپماس ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مېنى ئۆز پەرزەنتلىرى، مال ـ دۇنيالىرى ۋە جانلىرىدىنمۇ بەكرەك سۆيمىگەن كىشى ھەرگىزمۇ مۆمىن بولالمايدۇ" دېگەن ھەدىسىنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسى ۋە شەرھىسى بولماي نېمە؟

دۇنيا ھەرقانچە قىممەت تۆلەش ئارقىلىقمۇ سېتىۋېلىشقا قادىر بولالمىغان ھەم مەڭگۈ قادىر بولالمايدىغان روھلار مانا شۇنداق كەمتەرلىك ۋە قانائەتچانلىقنىڭ روھى ئىدى. دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا نېمەتلەر ۋە ئەڭ گۈزەل ئارزۇ- ئارمانلارمۇ قىيامەتنىڭ غېمىدىن غاپىل قالدۇرالمىغان روھلار ئەنە شۇنداق مەسئۇلىيەتچانلىق، پىداكارلىق، ئىمان ۋە تەقۋالىقنىڭ روھى ئىدى. لېكىن

ھازىرقى ئىنسانلار ئەنە شۇ روھلارنىڭ پىداكارانە، مىننەتسىز قان، تەرلىرى بەدىلىگىلا بۈگۈنكىدەك نەپەسلىنىشكە سازاۋەر بولغانلىقلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھنى، ئاشۇ قەدىرلىك روھ ئىگىلىرىنى، جۈملىدىن ئۆز ئۆزىنىمۇ ئۇنۇتۇپ قېلىۋاتقان تۇرۇقلۇق، يەنىلا "بىز مۇسۇلمان" دەپ توختىماي جار سالماقتا. ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغان ھېسابى ھەم جازىسى بار نېمەتلىرىنى توي، مەشرەپ، نەزرە، مەۋلۇدلاردا شۇنداقلا رىستۇران، تانسىخانىلاردا پەرۋاسىز دەسسەپ، چەيلىمەكتە.

ۋەتىنىمىزدە بىر چىشلەم ھالال لوقمىنى يۇتۇشتىن ئىلگىرىمۇ "بۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئالدىدا نېمە دەپ جاۋاب بىرەرمەن؟" دېگەننى چىن قەلبى بىلەن ئويلايدىغان مەسئۇلىيەتچان مۇسۇلمانلار زادى قانچىلىكتۇ؟!

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بىز ئۇيغۇرلاردىن ئىبارەت بۇ مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ غېمىگە ئورتاقلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئازابىغا ئازابلىنىش ئارقىلىقلا قەلبى راھەت ھېس قىلالايدىغان پىداكار ئەزىمەتلەر زادى قانچىلىكتۇ؟! بىزدىكى نۇرغۇن پۇلدار بايۋەتچىلەر ۋەتىنىمىزدىكى ھەددى ھېسابسىز تۇل، يېتىملارنىڭ ئاچلىق ۋە موھتاجلىق ئازابىدا تۆكىۋاتقان قانلىق ياشلىرى كېيىمىگە يۇقۇپ قېلىشىدىن ياكى ئۇلارنىڭ كۈن بويى ئىچكەن سۈيىدىنمۇ كۆپرەك ئاققۇزغان ھوسۇلسىز، ئاچچىق تەرلىرى بۇرنىغا پۇراپ قېلىشىدىن ئۆزىنى قاچۇرسا، قاچۇرىدۇكى، دەرھال قولىنى ئۆڭكۈردەك چوڭقۇر يانچۇقىغا تىقىپ ئاشۇ قېرىنداشلىرىمىزغا تەر ۋە كۆز ياشلىرىنى بىر قېتىم بولسىمۇ سۈرتىۋېلىشىغا ئەززىگۈدەك قەغەز ياغلىق سۇنۇپ بېرىشكىمۇ يارىمايدۇ. رىستۇران، تانسىخانىلاردا نەچچە ئون مىڭ يۈۋەننى بىر قېتىملىق تاماق بۇيرۇش ئۈچۈن بۇزۇپ چاچسا، چاچىدۇكى، تاماقلىرىنىڭ ئېشىندىلىرى ۋە داستىخانلىرىنىڭ قېقىندىلىرىغا تەڭ كەلمەيدىغان ئازراقلا پۇل بىلەن بىرەر تۇل، يېتىمنىڭ ئېلىمان تۇرمۇشلۇق بولۇپ قالالايدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ. يەنىلا ئۇلارنىڭ ئاتا ـ بوۋىسىدىن مىراس

ئالغان ئاشۇ مۇسۇلمانلىق پۈلات ماركىسى ئۇلاردىن بىردەممۇ نېرى بولمايدۇ. يەنىلا ئۇلار مۇسۇلمانلىقتىن سۆز ئېچىشتا پەيلاسوپ، دىنى سورۇنلاردىكى تۆرنىڭ خوجايىنلىرى.

ئاھ! خۇدا! ئۇلارمۇ ساھابىلارنىڭ ھاياتى ۋە ئەخلاق پەزىلىتى ئەينىكىدە ئۆز ئەكسىنى كۆرۈپ باقسىكەن كاشكى؟! ئۇلارمۇ ئۆزىدىكى ھەر بىر نېمەتنى شەخسىي مۈلكى قاتارىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ شۇنداقلا ۋەتەن - خەلقنىڭ ئامانىتى قاتارىدا ساناپ باقسىكەن كاشكى؟! ئۇلارمۇ ئىنساپ بىلەن "ئاھ ! بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!" دەپ ۋىجدانىدىن سوراپ باقسىكەن كاشكى؟!

كامىلجان تەرجىمىسى

# بارات كېچىسى، يەنى شەئبان ئېيىنىڭ 15 ـ ھەققىدە ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرى

تەييارلىغۇچى: ئا.قارلۇقي

خەلقىمىز ئارىسىدا بارات ئېيى، بارات كېچىسى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى توغرىسىدا ھەرخىل تالاش ـ تارتىشلار بولۇپ، بىز بىر ئاز كىچىككەن بولساقمۇ بۇ تالاش ـ تارتىشلار ۋە شەئبان ئېيىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، شەرىئەت كۆرسەتكەن ئەمەل- ئىبادەتلەر، شۇنىڭدەك بىر قىسىم خاتا كۆز قاراش ۋە بىدئەتلەرگە قىسقىچە ئىشارە قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەئبان ئېيىدىكى ئەمەللىرى

ئۇسامە ئىبن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

ـ ئـي ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىنى باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتقانلىقىڭنى كۆرمىگەن ئىدىم ـ، دىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

"- بۇ رامىزان بىلەن رەجەب ئېيى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر غاپىل بولۇپ قالىدىغان بىر ئاي بولۇپ، بۇ ئايدا ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا كۆتۈرىلىدۇ، مەن ئەمەلىمنىڭ روزىدار چېغىمدا ئاللاھقا كۆتۈرىلىشىنى ياخشى كۆرىمەن" - بۇ ھەدىسنى نەسەئـي رىۋايەت قىلغان.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتمايتتى. شەئباندا تولۇق دېگۈدەك روزا تۇتاتتى." — بۇ ھەدىسنى بۇخاري رىۋايەت قىلغان.

دېمەك؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىنى ياخشى، سالىھ ئەمەللەر، بولۇپمۇ روزا بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى. يۇقىرىدىكى روشەن ھەدىسلەر مەۋجۇد ئىكەن ئارتۇق ئىزاھنىڭ ئەھمىيىتى يوق.

### شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى كېچىسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا

ئەبى مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئاللاھ تائالا شەئبان ئېيى يېرىملاشقان كۈنى كېچىسى بەندىلىرىگە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇشرىك، ئاداۋەتخور- ھەسەتخورلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ." – بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي 1144- رەقەم بىلەن خاتىرلەپ، ئۇنى سەھىھ دەپ كۆرسەتكەن.

بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: يەنى بۇ كېچىدە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن ھاجىتىنى تىلەشنىڭ ئورنىغا مەخلۇقلاردىن ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشنى ياكى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىك رول ئويناپ بېرىشنى سورىغان، مەخلۇقلارنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن ئارتۇق كۆرگەن، قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن بەلگۈلىمىلەرنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا مەسخىرە ئارىلاشتۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىمات ۋە يوليۇرۇقلىرىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا بۇ كېچىدە مەغپىرەت قىلمايدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا قەلبىگە ھەسەت ۋە ئاداۋەت ئاتەشلىرى ھۆكۈمران بولىۋالغان، ھاكاۋۇرلۇق ئازگاللىرىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ كۈندىكى مەغپىرەتتىن نەسىۋە ئالالمايدىغانلىقىغا ئىشارە بېرىلىدۇ.

مۇلاھىزە: ئەمما سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئىبن باز بۇ كېچە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاھىدە پەرقى يوق. بۇ

خۇسۇستا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ رىۋايەتنىڭ مەنبەسى ئاجىز ياكى مەسىلە بار.. ئىبن باز يۇقىرىدىكى ھەدىسنىمۇ ئاجىز دەپ قارايدۇ.

شەئبان ئېيىدا كۆپ يۈز بېرىدىغان بىدئەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى كېچىسىنى نۇرغۇن كىشىلەر بارات كېچىسى دەپ ئاتىشىدۇ ۋە بۇ كېچىدە ئىبادەت نامى بىلەن نۇرغۇن بىدئەت ئەمەللەرنى قىلىشىدۇ. بىز بۇ ئەمەللەرنى قىسقىچە ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز (ئىزاھات: بۇ بىدئەت دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلار ياكى ئەمەللەر مۆتىۋەر ئىسلام فەقىھلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، قۇرئان ياكى ھەدىستە ھېچقانداق ئاساسقا ئېگە ئەمەس دەپ قارالغان ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ):

- بارات كېچىسى- بارات نامىزى دەپ، مەخسۇس بۇ كېچىدە يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇش.

- كىشىلەردىن بىھاجەت بولىدۇ، بالا- قازادىن يىراق تۇرىدۇ ۋە ئۆمۈر ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش.

- بارات كېچىسى دۇئاسى دەپ، بۇ كېچىگە ئاتاپ دۇئا قىلىش.

- بۇ كېچىنى شىبى قەدىر كېچىسى دەپ ئېتىقاد قىلىش.

خەلقىمىز ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بىر قىسىم بىدئەت قاراشلار ھەققىدە

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، خەلقىمىز ئارىسىدا شەئبان ئېيى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قاراشلار مەۋجۇد بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ بەزى ئىجتىھادلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىدئەتلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىگەن. مەسىلەن يۇقىرىدا بىدئەت دەپ سانالغان ئەمەللەرنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن ساناش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلەر يۇقىرىدىكى ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ قاراپ، ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك كېچىدە ھەممە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغانىكەن، نېمىشقا گۇناھلارنى قانغۇدەك قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى

كۆتمەيمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش كۆپرانە خىياللارنى قىلىپ، ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ كىتىۋاتىدۇ. يەنە ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ قاپاق كۆيدۈرۈش قاتارلىق باشقا دىنلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئەگىشىپ كىتىشىدىن بارلىق كۈچى بىلەن توسۇشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئىسلام ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق يەردە قەستەن گۇناھ سادىر قىلىش، جىنايەت ۋە ئاسىيلىققا يول قويمايدۇ ۋە قويمىغان. شۇڭا بۇ ئاينىڭ پەزىلىتىنى ئۆز خىيالىي قاراشلىرىمىز بويىچە سۈيئىستىمال قىلماسلىقىمىز، ھالاكەت يولىغا مىڭىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. جانابىي ئاللاھدىن بىزنى بۇ خىل پالاكەتلەردىن ساقلىشى ئۈچۈن كۆپلەپ پاناھلىق تىلەيلى! ئى ئاللاھ! بىزنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغىن!

بىزنىڭ بۇ ئايدا قىلىدىغان ئىبادەتلەر ھەققىدىكى تەۋسىيىمىز

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كۆپ روزا تۇتۇش، قۇرئان ئۇقۇش، كۆپلەپ ياخشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش، ئەمما بارات كېچىسى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى دېگەنگە ئوخشاش كۈنلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شەرىئەت بەلگىلىمىلىرىدە ھېچ ئاساسىي بولمىغان ئىبادەتلەر بىلەن شوغۇللانماي، بۇ ئاي ۋە باشقا ئايلارنىڭ ئىمكان يار بەرگەن كۈن ۋە ۋاقىتلىرىدا ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىش

# كىمكى ئاللاھ يولىدا بىر نەرسىدىن ۋاز كەچسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ياخشىسىنى تولۇقلاپ بېرىدۇ

بارلىق ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا، دۇئا ۋە سالاملار رەسۇلىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلەرگە بولسۇن!

شەھۋەتنىڭ نەپسگە سۇلتان، قەلبكە ھاكىم بولىۋالىدىغان تەرەپلىرى بار. ئۇنى تاشلىغانلار قەدىرلىنىدىغان، ئەمما تاشلاپ بېراق كېتىش قىيىن بىر مەسىلە. بىراق، كىمكى ئاللاھدىن قورقسا، ئۆزىنى كونترول قىلالايدۇ، ئاللاھدىن ياردەم سورىغانلار ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدۇ...

ئاللاھدىن باشقا بىرىنى خۇرسەنلىكىنى ئىزدەپ ئازغۇن ئادەت ۋە ئەنئەنىلەرنى تاشلىغانلار، ھەقىقەتەن بىر خىل روھىي بېسىم ھىس قىلىدۇ. ئەمما، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن خالىس ئۇ ئىشلاردىن ۋاز كەچكەنلەر بولسا، دەسلىۋىدە، ئۇنىڭ سەمىمىي ياكى ئەمەسلىكىنى سىناش يۈزىسىدىن ئىمتىھانغا دۇچ كېلىپ، بىر ئاز قىيىنچىلىق ھىس قىلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا مۇئەييەن مۇددەتكىچە سەۋر قىلالىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ بارلىق مۇشەققەتلىرىنى ھۇزۇر ـ ھالاۋەت سۆيلىرى بىلەن سۇغىرىدۇ. ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن، ئۇلارغا يېقىنلىشىشتىن قانچىكى يىراقلاشقانسىرى، ئۇنىڭ ئەجرى ئېشىپ، بېرىلىدىغان ساۋاپ كۆپىيىپ بارىدۇ...

ئاللاھ ئۈچۈن تاشلىغان ئىشلارغا، ئاللاھنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشلارنى بەدەل قىلىپ بېرىدىغان ئىشلارنىڭ ئۈلگىلىرى:

1 ـ كىمكى، كىشلەردىن ھاجىتىنى سوراپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۆز ياشلىرىنى ئاققۇزمىسا، ، بارلىق تەلەپ، ئىلتىجالىرىنى يىگانە ئاللاھدىنلا سورىسا... ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا قەلبىنىڭ ھۆرلىكى، نەپسىنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىنسانلارغا ھاجىتى چۈشۈشتىن ساقلاپ قالىدۇ.

2 ـ كىمكى، ئاللاھنىڭ تەقدىر قىلغان ئىشلىرىغا ئېتىراز بىلدۈرمەي، بارلىق ئىشلىرىدا ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بوي سۇنسا، ئاللاھ ئۇنى ئىشەنچ ۋە رازىلىق بىلەن رىزىقلاندۇرىدۇ.

3 ـ كىمكى، كاھىن ـ سېھرگەرلەرنىڭ قېشىغا بېرىشنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنى سەۋر، سەمىمى تەۋەككۇر ۋە تەۋھىدنىڭ قەلبىدە يەرلىشىشى بىلەن رىزقلاندۇرىدۇ.

4 ـ كىمكى، ئاللاھنىڭ باشقىسىدىن قورقۇشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى ھەممە ئىشتىن خاتىرجەم قىلىپ، ئۇنىڭ قورقۇنچىسىنى تىنچلىق ۋە سالامەتلىككە ئايلاندۇرىۋېتىدۇ.

5 ـ كىمكى، دۇنياغا يېپىشىۋېلىشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئۆز ئىلكىگە ئېلىپ، قەلبىنى ھەممىدىن توق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مال ـ دۇنيا باش ئىگىپ، ئۆزلىگىدىن ئالدىغا كېلىدۇ.

6 ـ كىمكى، يالغاننى تاشلاپ، راستچىللىقنى دوست تۇتسا، ياخشىلىققا ھىدايەت قىلىنىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە سەمىمى سادىق بولۇپ سانىلىدۇ.

7 ـ ھەقلىق بولغان تەقدىردىمۇ، تالاش ـ تارتىش قىلىشنى تاشلىسا، جەننەتتىن ئۇنىڭغا بىر ئۆي ھازىرلىنىدۇ ۋە رەقىبلەرنىڭ يامانلىقىدىن ئامان بولىدۇ. ئۇنىڭ قەلبىنىڭ ساپلىقىغا كاپالەت بولۇپ قالىدۇ.

8 ـ كىمكى، ساختىلىقنى، رىبانى تەرك قىلسا.. كىشلەرنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچىسى ئاشىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشىلىق ۋە بەركەتلەرنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلىدۇ.

9 ـ كىمكى، ھارام قىلىنغان نەرسىلەرگە قاراشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىدە نۇر، يۈكسەكلىك ۋە ھۇزۇر ـ ھالاۋەتنى يەرلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

10 ـ كىمكى، بېخىللىقنى تاشلىسا... ئۇنى كىشىلەر ياخشى كۆرىدۇ. ئاللاھ ۋە جەننەتكە يېقىنلىشىدۇ. ئىچى سىقىلىش، غەم ـ غۇسسىلەردىن خالاس، پەزىلەتنىڭ يۈكسەك مەرتىبىلىرىگە ئورلەيدۇ.

11 ـ كىمكى، ئىنتىقام ئېلىشقا قادىر تۇرۇغلۇق، ئۇنى تەرك قىلىپ، كەچۈرىۋەتسە، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى كەڭ ۋە خۇشاللىق بىلەن تولدۇرۇپ بېرىدۇ.

12 ـ ئۆزىنى چەكسىز راھەتلەندۈرىدىغان بىر ناچار سۆھبەتنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا، ياخشىلىق ۋە پايدا ـ مەنپەئەت ئالغىلى بولىدىغان ئۇبدان ئادەملەر بىلەن سۆھبەتداش بولۇشقا مۇيەسسەر قىلىدۇ. ئۇ كىشى، بۇنىڭ بىلەن دۇنيا ـ ئاخىرەتلىك سائادەتكە ئېرىشىدۇ.

13 ـ كېمكى، كۆپ تاماق يېيىشنى تاشلىسا، ئاللاھ تائالا ئۇنى سېمىزلىك ۋە باشقا بارلىق كېسەللەردىن ئامان قىلىدۇ. چۈنكى، كۆپ يەپ، كۆپ ئىچكەن كىشى، كۆپ ئۇخلايدۇ ـ دە، كۆپ زىيان تارتىدۇ.

14 ـ كېمكى، غەزەپلىنىشنى تاشلىسا، ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ نەپسىنى، ھۆرمىتىنى ساقلايدۇ. كەچۈرۈم سوراش، پۇشايمان قىلىش خارلىقىدىن قوتۇلۇپ، تەقۋادالار قاتارىغا كىرىدۇ.

15 ـ كېمكى، باشقىلار توغرىسىدا يامان گۇمان قىلىشنى تاشلىسا، قەلبىنىڭ بىئارام، پىكىرىنىڭ چېچىلاڭغۇ بولىشىدىن ئامان بولىدۇ. يامان گۇمان قىلىش، سۆيگۈنى ۋەيران قىلىپ، پاساتچىلىقنى چىللايدۇ.

16 ـ كېمكى، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە كۆز ـ كۆزچىلىكنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ ئورنىنى كۆتىرىدۇ، پەزىلىتىنى ئاشۇرىدۇ ۋە شۆھرەت ئۇنىڭ ئايىغا ئاستىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان بولىدۇ.

17 ـ كېمكى، ئاتا ـ ئانىسىغا يامانلىق قىلىشنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ياخشى پەرزەنتلەرنى بېرىدۇ ۋە ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ.

18 ـ كېمكى، سىلە ـ رەھىم قىلىشنى تاشلاپ قويمىسا، ئاللاھ ئۇنىڭ رزقىنى كەڭ قىلىدۇ ۋە نام نىشانىنى شەرەپلىك قىلىدۇ.

19 ـ كېمكى، شەھۋانى ئىشىق ۋە ئۇنىڭغا سەۋەپ بولىدىغان نەرسىلەرنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا يۈزلىنىدۇ.. ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزىنىڭ سۆيگۈسى بىلەن بېيىتىدۇ.

20 ـ كېمكى، ھورۇنلۇقنى تاشلىسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا جانلىقلىق ۋە خىزمەت ئاتا قىلىدۇ. ھىممىتى ئۆرلىتىپ، ۋاقتىنى قەدىرلەيدىغان قىلىدۇ. ئاز ۋاقىت ئىچىدە كۆپ نەرسىگە ئېرىشىدۇ.

ت ـ ئا.قارلۇقي

# هازارەت... مەدەنىيەت

## ئوخشىمايدىغان هازارەتتە پەرقلىق ئوقۇملار

د. نەسىر مۇھەممەد ئارف

ئامېرىكا جورج تاۋۇن ئۇنۋېرسىتېتى ئوقۇتقۇچىسى

هازارەت ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ئىنسانلار جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى يۈكسەك مەنا نوقتىسىدىن ئالىدۇ. قىزىق يېرى، بۇ ئۇقۇم ھېلىھەم گوڭگا. هازارەت دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق ئۆلچىنىدۇ؟ قايسى ئامىللاردىن تەركىب تاپىدۇ؟ هازارەت بىلەن مەدەنىيەتنىڭ قانداق مۇناسىۋىتى بار؟ بۇ ئىككى ئىستىلاھ ئوخشاش ئوقۇمغا ئىگەمۇ ياكى پەرقلىق مەندە قوللىنىلامدۇ؟...

غەرب "شەھەر" مەدەنىيىتى

هازارەت ئىنگلىز تىلىدىكى "Civilization" دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولۇپ، كېلىپ چىقىشى لاتىن تىلىغا تۇتىشىدۇ. "Civilties" شەھەر مەنىسىدە، **"Civis"** شەھەرلىك (يەنى بەربەرلەردىن ئۆزىنى يۇقىرى تەبىقە دەپ ھېساپلايدىغان رومانلارغا قارىتىپ ئېيتىلاتتى) دېگەن مەندە كېلىدۇ. "Civilization" دېگەن بۇ سۆز تاكى دىي مىرابو 18- ئەسىردە "هازارەت ھەققىدىكى ماقالە" ناملىق كىتابىنى يازغانغا قەدەر ئىشلىتىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ بۇ كىتابىدا مۇئەييەن خەلقنىڭ ئومۇملاشقان مائارىپ ئەھۋالى ۋە بىناكارلىق ئىشلىرىنى هازارەتنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىكى ئاساسلىق تېما دەپ قارايدۇ.

ئومۇمىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇ سۆزنى تۇنجى ئىشلەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ياۋروپا جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلار ھاياتىنىڭ روھىي ۋە ئەخلاقىي تەرەپلىرىنى سۈپەتلەپ بېرىشكە بەكرەك كۈچ سەرپ قىلىدۇ.

ئەمىلىيەتتە ، "Cities" (شەھەرلەر) ئۇقۇمىدىن تۇرلىنىپ چىققان "Civilization" دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بېرىنچى سۆز (Cities) گە بەكرەك ماس كېلەتتى؛ لامپادىرنىڭ تەقسىماتىغا ئاساسلانغاندا، ياۋروپادىكى شەھەرلەر ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈردى.

1-سانائەتلىشىشتىن ئىلگىرى شەھەر باسقۇچى: گىرتسىيە دەۋرىدىن باشلاپ ياۋروپادا شەھەرلەر شەكىللىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇلار ئاساسەن، بىر پۈتۈن سىياسىي بىرلىك ۋە ئۆزىگە خاس سىياسىي تۈزۈمدىن ئىبارەت ئىدى. خرىستىيان دىنىنىڭ ياۋروپاغا كىرىشى بىلەن ياۋروپا شەھەرلىرى چوڭ چىركاۋلارنىڭ ئەتراپىغا مەركەزلەشتى. بولۇپمۇ، خەلق ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا شەھەرنىڭ رولى ئېيىشىپ باردى. ئىسلام بىلەن خرىستىيانلار ئوتتۇرىسىدىكى ئورۇشنىڭ باشلىنىشى ياۋروپا شەھەرلىرىگە دىنى سىياقىدىن باشقا، سودا ۋە ئەسكەرچە تۈس بەردى. كېيىنكى دەۋرلەردە، شەھەرنىڭ رولى ئاجىزلاپ، تۇرمۇش سەۋىيەسى تۆۋەنلەپ كەتتى. بۇ ياۋروپا ئەللىرىنىڭ قاراڭغۇ ئەسىرگە قەدەم قويىشىنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى.

2- سانائەتلەشكەن شەھەر باسقۇچى: سانائەت ئىنقىلابىنىڭ مەيدانغا كېلىشى نەتىجىسىدە ياۋروپا شەھەرلىرى كېڭىيىپ، يېزىلاردىن كەلگەن كۆپ ساندىكى ئىشچى- خىزمەتچىلەر شەھەر ئەتراپىغا مەركەزلەشتى. شۇنىڭ بىلەن شەھەر سىياسىي كۈچلەر ۋە بازار ئىقتىسادىنىڭ مۇھىم تورالغۇسىغا ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ، شەھەرنىڭ دۇنيا تارىخىدىكى ئورنى راۋاجلىنىشقا قاراپ ماڭدى.

3- مـتروبولـتـان باسقۇچى: بۇ، شەھەرنىڭ پەن- تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنىشى، كاپىتالىزىم كېڭىيىشى، خەلقارا تەشكىلاتلار ۋە ئۇكىيان ئاتلاپ تىجارەت قىلىدىغان شىركەتلەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدىن كېيىنكى باسقۇچى ئىدى. بۇ، خەلقئارا مەركەزلەر مەيدانغا كېلىپ، ئەتراپىغا مۇساپىلىرى يىراق، بىر- بىرىگە ئوخشىمايدىغان شەھەرلەرنى زەنجىرسىمان شەكىلدە باغلايدىغان باسقۇچ بولدى.

يوقىرىقىلارغا ئاساسلىنىپ، "Civilization" نىڭ تەرىپلىرى مەيدانغا كەلدى. ۋول ديورانت هازارەتنى" ئىنسانىنىڭ تېخىمۇ كۆپ مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىشىغا ياردەمى بولىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم. ئۇ، ئىقتىسادى خام ئەشيا، سىياسىي تۈزۈم، ئەنئەنە ۋە ئەخلاق، ئىلىم- پەن ۋە سەنئەتنى ئىزچىل قوغلىشىشتىن ئىبارەت تۆت خىل ئامىلدىن تەركىپ تاپىدۇ" دەپ تەرىپلەيدۇ. ئەمما بۇنداق دېگەنلىك ياۋروپا پىكىر ساھەلىرىدە "Civilization" ئۇقۇمىدا ئېنىقسىزلىق يوق دېگەنگە ئىشارە قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرلىرى بۇ ئۇقۇمنى مەدەنىيەت ئۇقۇمىدا ئىشلەتكەن بولسا، گېرمانىيە ئەدىبىسى ئېقىمىدىكى بەزىلەر ئۇنى ماددى تەرەققىيات بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك دەپ شەرھىلىدى. ئەمما، فىرانسىيە مۇتەپەككۇرلىرى بارلىق تەرەققىيات ئامىللىرىنى ئۇز ئىچىگە ئالىدۇ، دەپ قارايدۇ.

يوقىرىقىلاردىن شۇنى مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇكى، بۇ ئۇقۇمنىڭ نىگىزى ئىنسانىيەت ماددى تەرەققىياتىنىڭ يۇكسەك پەللىسى دەپ قارىلىۋاتقان ياۋروپا تۇرمۇش شەكلىنى خۇلاسىلەش تەرەپكە يۈزلەنگەن. شۇڭا بۇ، سانائەت تەرەققىياتىنىڭ ياۋروپانى نەمۇنە قىلغان تاق يۈنىلىشلىك ھەركەتنى ياقلىغان يوقىرىقى تەقسىماتلاردا روشەن ئەكس ئەتكەن.

ئەرەبچە مەنبەلەردە هازارەت:

"Civilization" ئوقۇمى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، ياۋروپا مۇستەملىكە كۈچلىرىنىڭ ئەرەب دۆلەتلىرىگە كىرىشى بىلەن ئەرەبچە قامۇسلارغا يۆتكىلىپ، ساقافەت ، هازارەت ۋە مەدەنىيەت ئوقۇملىرىدا بىر خىل تۇراقسىزلىقنى، ئېنىقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. چۈنكى، ئەرەب تىلىدىكى هازارەت، ساقافەت ۋە مەدەنىيەت ئوقوملىرىنىڭ روبىروسىدا ئىنگلىز تىلىدا هازارەت ۋە ساقافەتلا مەۋجۇد ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىستىلاهنى تەرجىمە قىلىش ئېقىمى ئىككى بۆلەككە ئايرىلدى:

1- "Civilization″ ئوقۇمىنى مەدەنىيەت سۆزىگە تەرجىمە قىلىش ئېقىمى:

"Civilization" ئوقۇمىنى مەدەنىيەت دەپ تەرجىمە قىلىش ئېقىمى، دېگەندەك كەڭ تارقالغان ئېقىم بولمىسىمۇ، ئەرەبچە سۆزنى تاللاشتا خېلىلا ئىنچىكىلىككە ئىگە ئىدى. بۇ ئېقىم 19- ئەسىرنىڭ باشلىرى مۇھەممەد ئەلى باشا دەۋرىدە " ياۋرۇپادىكى مەدەنىيلەشتۈرۈش ئېڭىغا ئېگە ئاقىل پادىشاهلار هەدىيەسى" نامىلىق كىتابىنىڭ ئەرەبچىگە تەرجىمە قىلىنىشى بىلەن باشلاندى. بۇ ئوقۇم يەنە،مىسىردا رىفائە تەنتاۋىي نىڭ "مىسىر دانالىرىنىڭ مەسلەكلىرى" نامىلىق كىتاۋىدىمۇ ئىشلىتىلگەن. ئەمما، ئىشلىتىلىش ئۇسلۇبى گەرچە ئىسلام دىنىدىكى مەدەنىيلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە ئىشارە قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا غەربچە ئوقۇمنى ياقلاپ تۇرۇپ ئىشلىتىلگەن.

مەدەنىيەت ئاتالغۇسى يېقىنقى دەۋرلەرگە قەدەر هازارەت ئوقۇمىنى ئەينەن ئىپادىلەپ كەلگەن ئىدى. 1936- يىلىغا كەلگەندە، مەدەنىيەت  ئوقۇمي " سەنئەت، ئىلىم- پەن ۋە دۆلەت  باشقۇرۇش ئىشلىرىدىكى نىسبىي تەرەققىيات بىلەن گەۋدىلىنىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي ساقافەت ئەهۋالي" نى كۆرسىتىدۇ، دەيدىغان قاراش ئوتتۇرىغا چىقتى. 1957- يىلي جەمئىيەتتىكى ماددى هادىسلەرنى "Culture" ئوقۇمىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، مەنىۋى، ئىلمي

نەرسىلەرنى ″Culture″ (مەدەنىيەت) دەپ ئاتاشتى. شۇنىڭ بىلەن، مەدەنىيەت يۈتكىلىدىغان، مىراس قىلىنىدىغان نەرسىلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىپ، ھازارەت (كېيىنكى مەنىسىدىكى culture) پايدىلىنىش، يۈتكەش بىر قەدەر قىيىن بولغان شەيئىلەرگە قارىتىپ ئىشلىتىلدى.

مۇتەخەسسىسلەر مەدەنىيەت سۆزىنىڭ يىلتىزىنى بەلگىلەشتە بىرلىككە كېلەلمىدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ سۆزنىڭ تومۇرى مۇدۇن يەنى شەھەر دېگەن سۆز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئادەملەر ياشايدىغان جاينى كۆرسىتىدۇ، دېسە ، يەنە بەزىلەر، بۇ ئەرەبچىدىكى دان سۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، بۇ سۆز "دىن" ئوقۇمىدىكى بويسۇنۇش، ئىتائەت قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، دېيىشىدۇ. بۇ سۆزنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، مەنىسى ئىسلام دۆلىتىنىڭ مەيدانغا كېلىش جەريانى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ مەيدانغا كەلدى ۋە سىياسەت، ئىتائەت، بويسۇنۇش قاتارلىق مەنالار بىلەن بولغان زىچ مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلدى.پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە مەدەنىيەت ئەرەب يېرىم ئارىلىدىكى ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭ قائىدە- پرىنسىپلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىسى بولغان.

ئىسلام دىنىدىكى شەھەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى غەرب ئەللىرىنىڭ شەھەر بەرپا قىلىش تەجرىبىلىرىگە توپتىن ئوخشىمايتتى. ئىسلام دىنىدا شەھەر سىياسىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ۋە ئەدەب- ئەخلاق قىممەت قارىشىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى ئىدى. ئىسلامنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەپ ئەمەس ئىدى. ئىسلام شەھەرلىشىش قارىشى غەرب ئەللىرى نەزىرىدىكى مېتروبولىيان باسقۇچى تۈگەللەنگەن نوقتىدىن باشلانغان ئىدى. ئىسلام ئەللىرىدىكى شەھەرلەر خەلىپىلىككە قاراشلىق يۈزلىگەن شەھەرلەرنى بىر – بىرىگە زەنجىرسىمان ھالەتتە باغلاپ تۇراتتى. مەسىلەن، مەدىنە مۇنەۋۋەرە، ئاندىن كوفە، قۇرتۇبە، ئاستانە قاتارلىق شەھەرلەر تارىخ بويىلاپ ئىسلام خەلىپىلىكىنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بولۇپ كەلگەن.

ئۈچۈنچى تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۈگۈنكى دەۋر ياۋروپا شەھەرلىرى (غەرب پىكىر ئېقىمىغا كۆرە) ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلسا، ئىبنى خەلدۇن ئۇنى تۇرمۇش پاراۋانلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇ ئىنسانغا بەلگىلەپ بېرىلگەن چەك- چېگرانى، ئۇنىڭ كائىناتتىكى پائالىيىتىنى پالەچ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويىدۇ، نەتىجىدە، ئىنساننىڭ زېمىندىكى خەلىپىلىك ئورنى ئوقۇمى بىلەن زىت مەنىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ... دەپ قارىدى ۋە ئۇنىڭ روشەن ئالامەتلىرى شەھەر بىنالىرى – ھازارەتتىكى بىر باسقۇچ- نىڭ راۋاجلىنىشى.. ئەمما، بۇنىڭ نىھايىتى ناھايىتى يېقىن بولۇپ، چىرىكلىككە يۈزلىنىش ئېھتىماللىقى ئىنتايىن يېقىن.

2- "Civilization" نى ئەرەبچە ھازارەت دەپ تەرجىمە قىلىش ئېقىمى:

بۇ ئېقىمدىكىلەرنىڭ تەرجىمىسى 20- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ ئەرەبچە مەتبۇئاتلاردا ئىنتايىن كەڭ ئىشلىتىلدى. بۇ يەردىمۇ شۇنى مۇلاھىزە قىلىشقا بولىدۇكى، ھازارەت ئوقۇمىغا بېرىلگەن ئىزاھاتلار ئىلگىرىكى تەرىپلەرگە ئوخشاشلا، مەدەنىيەت دېگەن مەناغا بەكرەك تارتاتتى. دېمەك، بۇ يەردىكىسىمۇ، يەنىلا ھازارەتنىڭ ياۋروپاچە مەزمۇنىنى ياقلىغان پەرقلىق ئىبارە ئىدى، خالاس.

ئادەتتە، ھازارەت ئوقۇمى ھازىرقى زامان تېخنىكا ۋاستىلىرىغا ياكى ياۋروپادا ئوتتۇرا ئەسىرلەردىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان ۋە يېڭى دەۋردە ئىسىملىرى ئۆزگەرگەن، بۇ ئىرىشكەن سەنئەت قارىشى، مائارىپ، ئىلىم- پەن قاتارلىقلارغا، يەنى بۈگۈنكى دەۋر ياۋروپا تەرەققىياتىنىڭ خۇلاسىسىگە باغلىنىپ تۇرۇپ ئىزاھلىناتتى. ئۇلار ياۋروپا جەمئىيىتىدە بار بولغان بارلىق ماددى سىياقتىكى ھادىسىلەردىن ھازارەت چۈشەنچىسى ئالاتتى. ئەمما، ئىسلام ئىجتىمائىي ساھەلىرىدىكى ھازارەت قارىشى ئۇلاردىن تامامەن پەرقلىق بولۇپ، ئىلمىنىڭ،

ئوسلۇبىنىڭ ، ئوقۇمىنىڭ، شۇ ئاساستا هازارىتىنىڭ دۇنياۋىلىكىگە جىددى ئىشارەتلەرنى بىرەتتى.

رىئال ئەھۋالدىن قارىغاندا، هازارەت ئوقۇمى ئىنگىلىز تىلىدىكى "Civilization" ئوقۇمى بىلەن ئورتاق مەنىگە ئىگە. ئۇنىڭ ئادەتتىكى مەنىسى شەھەرلەردە ئولتۇراقلىشىش، هازىر بولۇش، شاهىد بولۇش، شاهادەت.. دېگەندەك مەنىلەرنى بېرىدۇ؛

شاهىد بولۇش ياكى شاهادەت ئېيتىش مەنىسىدە كەلگەن بۇ سۆزنىڭ تۆت خىل مەنىسى بولۇپ، هازارەت ئوقۇمىنى تۈرغۈزۈشتا بەلگىلىك رول ئوينايدۇ.

1-شاهادەت- تەۋھىد مەنىسىدە بولۇپ، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى ۋە ئىبادەتنىڭ خالىس ئاللاھقا قىلىنىدىغانلىقىنى تەستىقلاش. بۇ ئىسلام ئەقىدىسىنىڭ مەركىزى نوقتىسى بولۇپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ ياراتقۇچىنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە قانچىلىك بوي سۇنۇش ياكى سۇنماسلىقى ئايرىلىدۇ.

2-شاهادەت- ھەق سۆز، توغرا يولدىكىلەرنىڭ ئىنكاسى دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. بۇ ئىلىم ساهەسىگە كىرىش ۋە ئۇنى تەھسىل قىلىش ۋاستىسىنى بەلگۈلەپ بېرىدۇ.

3-شاهادەت- ئاللاھ يولىدا ئەقىسىدىسىنى قوغداپ قىلىش ئۆچۈن، قوربان بولۇش، پىداكارلىق كۆرسىتىش دېگەنلەرنى كۆرسىتىدۇ.

4-شاهادەت- بۇ ئۇممەتنىڭ ۋەزىپىسى دېگەن مەنىدە، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا هىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە (يەنى ئۆتكەنكى ئۇممەتلەرگە) شاهىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاهىت بولۇشى ئۈچۈن، بىز

سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق." بەقەرە سۈرىسى 143- ئايەتنىڭ بىر قىسمى. بۇ يەردىكى مەنىسى دۇنيا – ئاخىرەتتىكى شاھادەت مەنىسىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

يوقىرىقىلارغا ئاساسەن ئىسلامدىكى ھازارەتتىن تەۋھىدنى ئۆزىگە مەركەز قىلغان بىر نەمۇنىنى ئالغىلى بولىدۇ.

ئەگەر ئىنسانلارنىڭ تەجرىبە ۋە پائالىيەتلىرىدە تۆۋەندىكى شەرتلەر ھازىرلىنىدىكەن، ئۇنى ھازارەت دەپ ئاتاش مۇمكىن:

-غەيب دۇنياسى، قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بىرەر ئىلاھلىق ئوقۇمنىڭ بولىشى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنى تەخشەيدىغان ئەقىدە ئاساسى بولىشى كىرەك.

-جەمئىيەتتە ھەممىگە ئورتاقلاشقان ئەنئەنە، ئۆرپ- ئادەتلەردىن تەركىب تاپقان مۇستەقىل پىكىر بىرلىگى بولىشى

-تۇرمۇشتىكى بارلىق ماددى ئېھتىياجلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان ماددى قورۇلما بولىشى

-كائىنات ۋە شەيئىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەخشەيدىغان چەك – چېگرا قارىشى بولىشى

-باشقا ئىنسانلار بىلەن مۇناسىۋەتنى تەخشەش ۋە ئۇلار قانائەت قىلغۇدەك مۇستەقىل ئالاقە قارىشىنىڭ بولۇشى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خۇلاسە: ئىسلام پىكرىدىكى ھازارەت ياكى شەھەرلىشىش ئوقۇمى ئىسلام ئەقىدىسى ئەتراپىغا ئويۇشقان بولۇپ، ئىسلامدىكى بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ چەك- چېگراسى، ئۇسۇل – لايىھەلىرىگە

ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ غەرب نەمۇنىسىدىكىگە ئوخشاش تۇرمۇش ۋە تارىخى تەرەققىيات ئوقۇملىرىدىن شاخلانغان ئەمەس.

ئەسكەرتىش : بۇ ماقالە قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ ۋە قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.

تــ . ئا.قارلۇقى

# ئىسلام هازارىتىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى

بىر قىسىم هازارەت تارىخچىلىرى ئۇنى "ئىنسان مەدەنىيەت ئىشلەپچىقىرىش يولىدا تايىنىدىغان بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم" دەپ تەرىپلەيدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، هازارەت «ئىقتىسادىي قورولما، سىياسىي تۈزۈم، ئەنئەنە ۋە ئىلىم- پەننى ئىزلىنىش ياكى قوغلىشىش» تىن ئىبارەت تۆت خىل ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

هازارەتنىڭ ئالغا سىلجىشى، تەرەققىي قىلىشىدا ئاساسلىق رولى بار ئىقتىسادىي ۋە جۇغراپىيىلىك ئامىللاردىن باشقا،يەنە دىن، تىل، تەربىيەگە ئوخشاش روھىي ئامىللارمۇ بار. ئەمما، ئۇنىڭ ۋەيران بولىشى ياكى يىمىرىلىشىدا، يوقىرىقى ئامىللارنىڭ ئەكسىچە، پىكىرنىڭ قاتماللىشىشى، ئەخلاقنىڭ چىرىكلىشىشى، قانۇن- تۈزۈملەرنىڭ تۇراقسىزلىقى، زۇلۇم ۋە نامراتلىقنىڭ ئەۋج ئىلىشى، ئۈمىدسىزلىك ۋە پەرۋاسىزلىقنىڭ يامرىشى، ئىقتىدارلىق يولباشچى، ئىخلاسمەن رەھبەرلەرنىڭ ئارىدىن غايىپ بولىشى... قاتارلىقلار ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

هازارەت هەققىدىكى قىسسە ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدى زىمىنغا يەرلەشكەن دەقىقىلەردىن باشلانغان بولۇپ، ئۇ هازارەتلەشكەن مىللەتلەرنىڭ هازارەت ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىدىن كېيىنكىلەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان زەنجىرسىمان نوقتىسى بولۇپ هىساپلىنىدۇ. ئۇ نە مۇئەييەن زېمىن ياكى مۇئەييەن ئىرققا خاس نەرسە بولماستىن، يوقىرىدا زىكىر ئامىللاردىن بىخلىنىدۇ ۋە شۇ ئامىللار راۋاجلىنىدۇ.

تارىخنىڭ هازارەتكە تەۋە سەھىپىلىرىدە ئىز قالدۇرمىغان مىللەتلەر يوق دېيەرلىك. ئەمما بىر هازارەتنىڭ يەنە بىرىگە قارىغاندا جانلىق ياكى ئاجىز بولىشى، ئەلۋەتتە ، شۇ هازارەت تايانغان ئاساسىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشتەك خاراكتېرىگە تايانغان بولىدۇ. ئۇنىڭ بۆيۈك

تەسىرى ۋە ئىنسانىيەتكە ئورتاق مەنپەئەت يەتكۈزۈشتەك خەيرلىكى، ھامان شۇ ھازارەت رىسالىسىنىڭ دۇنياۋىي ياكى ئەمەسلىكى، پىرىنسىپلىرىنىڭ رىئاللىققا ئويغۇن بولۇش ياكى بولماسلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھازارەت رىسالىسى دۇنياۋىي بولغان ھازارەت تارىخ بەتلىرىدە مەڭگۈ، زامان كۆزنىكىدە ئىززەت – ئىكرامغا لايىق سۈپىتى بىلەن ئەبەدىي ياشايدۇ.

ھازارىتىمىز ئىنسانىيەت ھازارىتىنىڭ زەنجىرسىمان ھالەتتىكى چېتىشىش نوقتىسىدا. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىمۇ ھازارەتلەر بولغان ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ بولىدۇ. ھازارىتىمىزنىڭ روياپقا چىقىشىدىمۇ، ۋەيران بولىشىدىمۇ نۇرغۇن سەۋەبلەر بار.

ھازارىتىمىزنىڭ ئوقۇرمەنلەر نەزىرىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان تۆۋەندىكىدەك بىر نەچچە تۈرلۈك گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى بار:

1-ئەقىدىدىكى مۇتلەق بىرلىك نەزىرىيىسى: ئۇ ئەقىدە بابىدا مۇتلەق بىرلىك ئېتىقادى ئاساسىغا تۇرغۇزۇلغان بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى نە ھۆكمىدە، نە پادىشاھلىقىدا شېرىكسىز، ئاسمان- زېمىن ۋە ئۇنىڭدىكى بارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۇنىڭ تەسەررۇپاتىدا،ئۇ ھەممىگە قادىر ... دېن ئىبارەت بىر ئىلاھلىق ئېتىقادىي قاراشقا چاقىرغان تۇنجى ھازارەت.

بىرلىك ۋە يەگانىلىك چۈشەنچىسىدىكى بۇ خىل يۈكسەكلىك ئىنساننىڭ ئىنسانلىق ئورنىنى ئۆزىگە لايىق رەۋىشتە مۇقەررەرلەشتۈرۈپ، ئۇنى پوپلارنىڭ، مۇشتۇمزورلارنىڭ، بەگ- پادىشاھلارنىڭ زورلۇق- زومبۇرلۇقلىرىدىن ئازاد قىلدى ۋە كىشىلەرنىڭ نەزەرلىرىنى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، مەخلۇقلارنىڭ ياراتقۇچىسى يەگانە ئاللاھ تەرەپكە يۈزلەندۈردى.

بۇ ئەقىدىنىڭ ئىسلام ھازارىتىدە غايەت زور تەسىرى بولغاندىن سىرت، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى ھازارەتلەردىن روشەن پەرقلىنىدۇ. بۇ پەرق ئۇنىڭ ئەدەب- ئەخلاقىي، ئەقىدىسىدىكى پەلسەپىسى، ھېكمەت، سەنئەت، شېئىر، ئەدەبىيات ساھەلىرىدە بارلىق كۆپ ئىلاھلىق ھادىسىلىرىدىن خالىي بولىشىدا گەۋدىلىنىدۇ. مانا بۇ ئىسلام ھازارىتىنىڭ كۆپ

ئىلاھلىق ئېتىقادىكى يۇنان ئەدەبىياتىنىڭ رىۋايەتلىرى ۋە ئىلىيازە قاتارلىق كىتابلارنى تەرجىمە قىلماسلىقىنىڭ سىرى. مانا بۇ ئىسلام ھازارىتىنىڭ نەققاشچىلىق سەنئىتى ۋە تەسۋىرىدە بىناكارلىق، ئۆيمىچىلىك، ئۆيمىچىلىك بىلەنلا چەكلەنگەنلىكىنىڭ سىرى.

ئىسلام دىنى كۆپ ئىلاھلىق ئېتىقاد ۋە شۇ خىلدىكى ئەھۋاللارغا ئورۇش ئىلان قىلىپ، قەدىمىي دەۋرلەردىن بويان ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلگەن قەھرىمانلارنىڭ، ئازادلىق نامايەندىلىرىنىڭ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋە ياخشى- سالىھ... شەخسلەرنىڭ بۇت- ھەيكەللىرىنى قاتۇرۇشتەك كۆپ ئىلاھلىق ھادىسىلىرىنىڭ تەسىرىنى ئۆز ھازارىتىدە شەكىللىنىشىگە قەتئىي يول قويمىدى.

ھەيكەللەر قەدىمكى ۋە ھازىرقى زامان ھازارىتىدە مەركەزلىك ھادىسە بولۇپ كەلدى. ئۇلار بىر ئىلاھلىق ئەقىدىسىدە ئىسلام ھازارىتى يەتكەن نوقتىلارغا تېخى باشقا ھازارەتلەردىن بىرىمۇ يېتىپ باقمىدى.

2- نىشان ۋە يۈنىلىشتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، نەزەر دائىرىسى ۋە رىسالىنىڭ يەرشارى خاراكتېرلىكى:ھازارىتىمىزنىڭ ئىككىنجى ئالاھىدىلىكى،ئۇنىڭ نىشان ۋە يۈنىلىشتىكى ئىنسانپەرۋەرلىك، نەزەر دائىرىسى ۋە رىسالىسى يەرشارى خاراكتىرلىكى بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان كەرىمدىكى «ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت)بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار الله نىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېساپلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)» [1] دېگەن ئايىتى ئارقىلىق ۋەتىنى، تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە ئىرقىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئىنسانلارنىڭ تۇرى ۋە كېلىپ چىقىشىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلدى. قۇرئان كەرىم ھەقىقەت ۋە كارامەت بابىدا، يەر

شارى خاراكتېرلىك ئىنسانلارنىڭ بىرلىك ۋە باراۋەرلىكىنى ئېلان قىلغان چاغدا،ئىسلامنىڭ هازارىتىنى ئۇنىڭ فەتهى بايراقلىرى ئۇستىدە لەپىلدىگەن بارلىق مىللەت ۋە خەلقلەرنىڭ دانالىقلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان بىر ئەنگۇشتەرگە ئايلاندۇردى. شۇڭىمۇ هەر بىر هازارەت تىپى ياكى شەكلى، ئوخشىمىغان خەلق ۋە كىشىلەردىن يېتىشىپ چىققان دانىشمەنلىرىدىن ئورتاق پەخىرلىنەلەيدۇ. مەسىلەن، ئەبۇ هەنىفە، مالىك، شافىئى، ئەهمەد، خەلىل، سىبەۋەي، كىندى، غەززالىي، فارابىي، ئىبنى رۇشد ... قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى، ۋەتىنى باشقا- باشقا، قان سىستېمىسى خىلمۇ خىل بولۇپ، ئۇلار ئىسلام هازارىتىنىڭ ئىنسانىيەت دۇنياسىغا تەقدىم قىلغان، ساغلام ئىنسانلار تەپەككۇرىنىڭ ئەڭ نادىر مەهسۇلاتلىرىنى روياپقا چىقارغان دانىشمەنلىرىدىن باشقا كىشىلەر ئەمەس.

3- ئەخلاقىي پرىنسىپلارنىڭ قانۇنىي ۋە ئىجرائىيە ئىشلىرىدا ئېتىبارغا ئېلىنىشى: هازارىتىمىزنىڭ ئۈچىنچى ئالاهىدىلىكى ئۇنىڭ ئەخلاقىي پرىنسىپلارنى بارلىق تۈزۈملىرى، ئوخشىمىغان پائالىيەت نوقتىلىرىدا بىرىنجى ئورۇنغا قويىشى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ، بۇ پرىنسىپلارغا هەرگىز سەل قارىمىدى، ئۇنىڭ مەيلى دۆلەت، جامائەت ياكى خۇسۇسىيلارنىڭ مەنپەئەتىگە بوي سۇندۇرمىدى. ئائىلە، ئىقتىساد، تىنچلىق، ئۇرۇش، هوقۇق، ئىلىم ۋە هۆكۈم قاتارلىق ساهەلەر بويىچە ئەخلاقىي پرىنسلارغا قانۇن ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتا داۋاملىق ئېتىبار بىلەن قاراپ كەلدى. ئۇ بۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن غايە ۋە مەقسەتتە مەيلى قەدىمكى ياكى يېڭى هازارەتلەر يېتىشەلمىگەن يۈكسەكلىكلەرگە يېتىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام هازارىتى دۇنيا مىقياسىدىكى هازارەتلەر ئارىسىدا ئىنسانىيەتكە بەخت چىللاش بىلەن ئۇنتۇلغۇسىز ئىزلارنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى هەيرەتتە قالدۇردى.

4- ئىسلام هازارىتى ئىلىمدە ئەڭ سەممىي مەنبەگە ئىشىنىدىغان، ئېتىقادتا ئەڭ ساغلام پرىنسىپلارغا تايىنىدىغان هازارەتتۇر: ئۇ، بۇ خۇسۇسىيىتى بىلەن ئەقىلگىمۇ، قەلبگىمۇ

خىتاب قىلدى. ئوخشاش ۋاقىتتا ھېسسىياتىنىمۇ، تەپەككۇرىنىمۇ قوزغاتتى. ئىسلام ھازارىتىدىكى بۇ خىل ئالاھىدىلىككە تارىختا ھېچقانداق ھازارەت ئىگە بولۇپ باققان ئەمەس.

ھازارىتىمىزنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكىنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىغان تەرىپى، ئۇنىڭ ھازارەت ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇسىز ھالدا، دىن ۋە ئەقىدىگە مەركەزلەشكەن، ئادالەت ۋە ھەقىقەتنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپىغا ئايلاندۇرغان دۆلەت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقالىغانلىقىدا بولسا كېرەك. باغداد، دەمەشىق، قاھىرە، قۇرتۇبە، غەرناتە قاتارلىق جايلاردىكى مەسجىدلەردە پۈتكۈل دۇنياغا ئىلىم نۇرىنى تاراتقان.

ئوتتۇرا ئەسىر ياۋروپاسى دۇچ كەلگەن قېيىنچىلىقلارنىڭ بىرسىگىمۇ دۇچ كەلمىگەن، دىنىي دۆلەتتىن ئايرىش نەزىرىيىسى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان بىردىن بىر ھازارەت ئىسلام ھازارىتىدۇر.

دۆلەت رەئىسى مۆمىنلەرگە خەلىپە ۋە ئەمىر ئىدى. ئەمما، ھۆكۈم ھەقلىق، مۇناسىپ دەپ قارالغان ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ قولىدا ئىدى. ھەممە قانۇن ئالدىدا باراۋەر بولۇپ، ئۇلار پەقەت تەقۋالىق ۋە ئاممىغا يەتكۈزگەن مەنپەئەت ئارقىلىق ئايرىلاتتى. ھەدىستە مۇنداق كېلىدۇ: «ئەگەر مۇھەممەدنىڭ قىزى فاتىمە ئوغۇرلۇق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ قولىنى كىسەتتىم» (بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى). مانا بۇ ھازارىتىمىز تايانغان دىن. ئۇنىڭدا مەيلى رەئىس ياكى دىنى ئادەم بولسۇن، باي ياكى شەرەپكە سازاۋەر كىشىلەر بولسۇن ئوخشاش ئىمتىيازغا ئىگە. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:«(ئى مۇھەممەد! ( ئېيتقىنكى،« مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن»[2]

5- ھەيران قالارلىق دەرىجىدىكى دىنىي كەڭچىلىك:ئاخىرىدا بايان قىلىدىغىنىمىز ھازارىتىمىزنىڭ دىن ئاساسىغا قۇرۇلغان ھازارەتلەر تېخىغىچە ئۇچرىتىپ باقمىغان سەۋىيىدىكى دىنىي كەڭچىلىك ۋە يول قويۇش ئالاھىدىكىدۇر. دىن ياكى ئىلاھقا

ئىشەنمەيدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىق دىنلارغا ئوخشاش باھا بېرىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس، ئەمما، ئۆزى ئېتىقاد قىلىدىغان دىنىنى ھەق، ئەقىدىسىنى ئەڭ ساغلام، ئەڭ توغرا ئەقىدە دەپ ئىشىنىدىغان ئادەملەرنىڭ قولىغا قىلىچ ئېلىپ، شەھەرلەرنى فەتھى قىلىپ، ئۇ يەرگە ھاكىم بولۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ، ئىمانىنى ئەزىزلەشنى، ئېتىقادىنى قەدىرلەشنى ئۇنۇتمىغان، ئادالەت قارىشىدىن يالتايمىغان ئادەملەر تويىدىن ھەيران بولماي مۇمكىنمۇ؟ ھالبۇكى، مۇشۇنداق غەلىتە ئادەملەر تارىختا مەۋجۇد بولغان. ئۆزىنىڭ قائىدە- پىرىنسىپلىرىنى دىن ئاساسىغا تۇرغۇزغان ھازارەتنىڭ مەۋجۇد بولۇشى ۋە ئۇنىڭ يول قويۇش، ئادالەت، رەھمەت ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكى بىلەن ئىزچىل داۋاملىشىشى ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش. تارىختا بىر دىن ئاساسىدا شەكىللىنىپ، بارلىق دىنلارغا ئورتاق ھازارەت مەپكۇرىسى يارىتالىغان بۇ ھازارىتىمىزنىڭ تارىختىكى ئورنىنى بىلىشىمىزلا بىزنىڭ ئۇنى يېتەرلىك دەرىجىدە قەدىرلىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

### خاتىمە

مانا بۇ  ھازارىتىمىزنىڭ ھازارەتلەر تارىخىدىكى بىر قىسىم ئالاھىدىلىك ۋە ئەۋزەللىكلىرى. ئۇ مۇشۇنداق ئورنى بىلەن بارلىق دىن ۋە ئىرقلاردىكى ئاقىللار ۋە ئەركىن پىكىر قىلغۇچىلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا ھەيرانلىق، قايىللىق تۇيغۇسىنى ئويغىتالىغان. ھەممىگە ھۆكۈمدار بولغان چاغلىرىدا، كۆرسەتمە بېرىش، ئەخلاقى تەربىيە ئېلىپ بېرىش، ئادىل ھۆكۈم قىلىش ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى بولدى. ئاجىزلىشىپ، ئورنىغا باشقا ھازارەتلەر قەدىمىنى قويغان چاغلىرىدا، كىشىلەرنىڭ ھازارىتىمىزنىڭ تەقدىرى قىممەتلىرىگە بولغان كۆز قاراشلىرى ئوخشاش بولمىدى. ئۇنىڭدىن ھەيران قالغانلار، پەزىلىتىنى سۆزلىگەنلەرمۇ، ئۇنىڭ ئاجىز نوقتىلىرىنى مۇبالىغە قىلغانلار، كۆپتۈرگەنلەرمۇ بولدى. بۈگۈنكى غەرب تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ھازارىتىمىزگە بولغان باھاسى، كۆز قارىشى خىلىلا پەرقلىق رەۋىشتە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىنى ئەلۋەتتە، پىكىرلەر شۇلاردىن ئېلىنىپ، شۇلارنىڭ ئۆلچىمى بىلەن باھالىنىدىغان بۈگۈنكى رېئال ئەھۋالدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى. چۈنكى، ھازىرقى دەۋر ھازارىتىنىڭ تىزگىنى شۇلارنىڭ قولىدا، ئۇلار ھۆكۈم قىلىۋاتقان ھازارەتلەرنىڭ ساھىبلىرى ھامان ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ، زېمىنى غەرب ئەللىرىنىڭ بولاڭ- تالىڭىدا قېلىۋاتقان كىشىلەر ئىدى. مانا بۇ تارىخ بويىلاپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان كۆچلۈكلەردىكى تۈپ خاراكتېر ئىدى. لېكىن بىز ھەممە نەرسە قولىمىزدىكى چاغدىمۇ ئاجىزلار بىلەن كۆچلۈكلەرنى ئوخشاش كۆردۇق، مەيلى غەربتىن بولسۇن ياكى شەرقتىن.. ئۇلارنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتىنى قىلدۇق. قېنى بىزدىن باشقا تارىختا كىم ھازارىتى كۆچلەنگەن دەۋرلەردە ئادىل ھۆكۈم، ساغلام نىيەت، ھەققىي ۋىجدان بىلەن ھەممىگە تونۇلۇپتۇ؟

ئەپسۇسلىنارلىق يېرى شۇكى، كۆچلۈكلەرنىڭ بىزنىڭ ھازارىتىمىزگە قىلىدىغان بىر تەرەپلىمە ھۆكۈملىرىنىڭ ئارقا كۆرىنىشىنى ئۇبدان ھېس قىلالمايۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى يا قەلبىنى ھەقنى كۆرۈشتىن توسۇپ قالغان دىنىغا رادىكاللىق بىلەن يېپىشىشى ياكى ئۆزىنىڭ باشقا ئەللەرنىڭ مەۋجۇدلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدىغان ھاكاۋۇر تەبىئىتىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ شۇنداق قىلىدۇ. بىراق، بىز ھازارىتىمىزدە ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرىدىن تەسىرلىنىشىمىزگە كۆرسەتكۈدەك قانداق سەۋەبلىرىمىز بار؟ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىن بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دۇنيا نەچچە ئەسىر ئايىغى ئاستىدا تەزىم قىلىپ كەلگەن بۇ ھازارەتنى ئەيىپلەشكە قانداق ئاساسلىرى باركىن؟

ئۆز ئارىمىزدىن مەدەنىيەت ۋە ھازارىتىمىزنىڭ قىممىتىنى كەمسىتىشكە ئورۇنغانلارنىڭ پاكىتى ھازىرقى زامان ئىلىم- ساھەسىدە يېڭىلىق، كەشپىياتلار بىلەن تونۇلغان يېڭى ھازارەتكە قوشۇۋاتقان تۆھپىلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا يەنىلا ھېچ نەرسىگە ئەرزىمەيدۇ. تۆۋەندىكى ئىككى خىل سەۋەبكە ئاساسەن، ھازارىتىمىزنى كەمسىتىشكە قەتئى بولمايدۇ:

بىرىنچى سەۋەپ: ھەرقانداق ھازارەتتە ماددى ئامىل ۋە روھى- ئەخلاقى ئامىلدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئامىل بار. سۆزسىزكى، ماددى ئامىل ھەرقانداق ئارقىدا قالغان ھازارەتتە بىرىنچى ئورۇندا تورىدۇ. بۇ ئاللاھىنىڭ تورمۇش ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى سۈننىتى.... ماددى ئامىل ھەرقانداق ھازارەتنىڭ ئەۋزەل ياكى ئەمەسلىكىنى بەلگىلەشتە، مۇتلەق ھالدا ئاساسلىق ئامىل بولالمايدۇ.

ئەمما، روھى- ئەخلاقى ئامىل ھازارەتلەرنىڭ مەۋجۇد بولۇش ياكى بولالماسلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ ئۆزىدىكى رىسالە ئارقىلىق ئىنسانىيەتنى بەخت – سائادەتكە مۇشەررەپ قىلىش، ئەنسىزلىك ۋە ئازاپ نوقتىلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ خۇسۇستا، ھازارىتىمىز ئىلگىرى- كېيىنكى بارلىق ھازارەتلەرنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

ھازارەتنىڭ ئاساسى مەقسىدى ئىنساننى سائادەت يۇكسەكلىكىگە يەتكۇزۇش. ھازارىتىمىز شۇ غايە، شۇ خىل مەقسەت ئۇچۇن شەرق ۋە غەربتىكى ھازارەتلەر ئېلىپ بارمىغان پائالىيەتلەرنى ئېلىپ باردى.

ئىككىنچى سەۋەب: ھازارەتلەر ئۆز ئارا ماددى مىقياسلار، سان- سىپىرلار، يەر كۆلىمى... قاتارلىق ئۆلچەملەر بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئىنسانىيەت تارىخىدا قالدۇرغان مەنىۋى ئىش ئىزلىرى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

خۇلاسە گەپ، يوقىرىقى ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن دۇنيا ئىلىم ئەھلىنى ھەيرەتتە قالدۇرغان ئۆز ھازارىتىمىزنى، يەنى ئۆزلىكىمىزنى قەدىرلەيلى!

ت _ ئا.قارلۇقي

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالىنىڭ ئەسلىسى ئىسلام مۇتەپەككۇرى مۇستەپا سىبائىنىڭ بولۇپ، ئىسلام ئون لايىن تور بېتى بىر قەدەر خۇلاسىلاپ ۋە ئۆزلەشتۈرۈپ قايتا يېزىپ ئېلان قىلغان. بىز ئۇنى، يەنە بىر قەدەر قىسقارتىپ تور بېتىمىزدە ئېلان قىلدۇق. ۋاقىپ بولغايسىلەر.

ئىككىنجى مەسىلە بۇ ماقالىنىڭ مەركىزى تېمىسى بولغان هازارەت سۆزى ئۇيغۇر زىيالىلىرى تەرىپىدىن بىردەك ئىشلىتىلىپ كەلگەن بولغاچقا ھېچقانداق ئىزاهات بېرىلمىدى.

---

(1) هۇجرات سۈرىسى، 13- ئايەت.

(2) كەهف سۈرىسى 110 – ئايەت.

# تاش بىلەن تۇخۇم

**شەمس نەۋىد ئوسمانى**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان رىم ئىمپېرىيە قوشۇنىنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن تەبۇك غازاتىغا جىددىي تەييارلىق قىلىش لازىملىقىنى جاكارلىغان چاغدا، دۇنيادىكى بۇ ئەڭ كۈچلۈك قوشۇنغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ غەيبتىن ياردەم بېرىشىگە بولغان ئىشەنچىدىن باشقا ھېچقانداق قورال كۈچى يوق، مەدىنىدىكى ئاشۇ ئازغىنا مۇسۇلمانلارنىڭ جۈرئەت، شىجائىتى، ئۇرۇش قىزغىنلىقى ۋە پىداكارلىق روھلىرى ئۇ قەدەر مەۋج ئۇرۇپ شىددەتلىك ئاشقانە كەلكۈنگە ئايلىنىپ كېتەر، دەپ ھېچكىممۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك.

يالقۇنلۇق چۆللۈكنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان قۇم، زەررىلىرى ئاياقلارنى تەشمەكتە ئىدى. داتلاشقان سۇنۇق قىلىچلارنىڭ ئاشۇ كىچىككىنە دۆۋىسى مۇسۇلمانلارنىڭ نامراتلىقىنى مازاق قىلىۋاتاتتى. كۈن ـ كۈنلەپ داۋاملىشىۋاتقان ئاچلىق ئۇلارنىڭ قان، تومۇرلىرىنى چېرىتمەكتە ئىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ تەۋرەنمەس ئىمانى گوياكى دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ روھىمسىز تەستەكلىرىگە پەرۋاسىز قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان تاغ چوققىلىرىغا ئوخشايتتى. بەلكى تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، قىلىچى ئۆتكۈر، ئەسكىرى خىل، سانى چەكسىز ئاشۇ مەشھۇر ئىمپېرىيە قوشۇنلىرىنى ئۈستىدىن بېسىپ چۈشۈپ يەنچىپ تاشلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلا ئىشارىتىگە ئىنتىزار كۆكتە لەيلەپ تۇرغان ھەرىكەتلىك تاغقا ئوخشايتتى. پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخى شۇنى ئېنىق كۆرۈپ يەتتىكى، ئاسمان، زېمىننىڭ بىردىن - بىر يادروسى بولغان تەۋھىد ئەقىدىسى (قۇدرەتلىك ئاللاھنى "تەنها ئىلاھ" دەپ تونۇش) ئىنسانلارنىڭ قەلب، ئىددىيەلىرىدىن ئورۇن ئېلىپ، بۇ تاش، تۇپراق دۇنياسىغا قەدەم قويغاندا، ئىددىلوگىيە جەھەتتىكى مۇقىملىق ۋە

ئېتىقاد جەھەتتىكى تەڭداشسىز ئىشەنچ ئىزىلگۈچىلەرگە شۇ قەدەر لاتافەت ۋە شۇ قەدەر كۈچ ـ قۇۋۋەت ئاتا قىلدىكى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىستىبداتلىق ۋە مۇشتۇمزورلۇقنىڭ بارچە كۈچلىرى قورقۇنچتىن تىترەشكە، ئەيمىنىشتىن يەرگە قاراشقا باشلىدى.

بىر تەرەپتە ئالتۇن، كۈمۈش، پۇلات، ساۋۇتلار بىلەن قۇراللانغان رىملىقلارنىڭ مەغرۇر كۈچلىرى زېمىننى نەپرەتلەرگە تولدۇرۇپ، بەئەينى يىرتقۇچ هايۋانلاردەك هۆكۈرەشكەن هالدا تاجاۋۇز قىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلار شام يوللىرىنى بويلاپ، قىقاس، چۇقان سېلىشقىنىچە ماددى جەھەتتىكى نامراتلىقى تۈپەيلى مادارسىز ياتقان مەدىنە شەھىرىنى دۇنيا خەرىتىسىدىن يۇتۇنلەي ئۆچۈرۈپ تاشلاشماقچى ئىدى. رىملىقلار مەدىنىدىكى ئاشۇ يېڭى بىر ئەۋلاد ئىنسانلارنىڭ قانلىرىغا قىلىچىنى چىلاپ، (ماددى قۇۋۋەت، ۋە ئىستىبداتلىقتىن ئىبارەت نەق، ئەمەلى خۇدالىق بىلەن قارشىلىشىش ئۈچۈن تېخىچە كۆزىمۇ كۆرمىگەن غايىپ ئىلاھقا تايانماقچى بولۇۋاتقانلار چوقۇم مۇشتۇمزورلار تەرىپىدىن ئۇجۇقتۇرىلىدۇ) دېگەن شۇئارلىرىنى دۇنيا تارىخىغا خاتىرە قالىپ يېزىشماقچى بولۇشىۋاتاتتى. ئەمما ئىككىنچى تەرەپتە ئۇلارغا پىسەنتمۇ قىلماستىن "وحده لا شريك..."، "فعّال لما يريد..."، "على كلّي شيء قدير..." (ئۇ هېچ قانداق شېرىكى يوق ئاللاھتۇر...)، (ئۆزى خالىغاننى قىلىدۇ...)، (هەممىگە قۇدرىتى يېتىدۇ...) دېگەن ئىلاهىي تەسەۋۋۇر بىلەن قەلب، ۋىجدانلىرىنى بېزىگەن، قوللىرىدا قىلىچ، نەيزە ئورنىغا ئىمان ۋە ئىشەنچنى مەھكەم تۇتقان ئاجىز ئىنسانلار توپى دۈشمەنگە قارشى قىزغىن ئۇرۇش تەييارلىقى قىلماقتا ئىدى.

بۈگۈنكى ماددىزم دۇنياسى بەلكىم بۇ ئىككى تەرەپنىڭ كۈچ سېلىشتۇرمىسىغا قاراپ "تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغانلىق"، "ئەخمىقانە خام ـ خىيال" دېيىشتىن باشقا باها بېرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بۇندىن 1400 يىل ئىلگىرى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى بولغان بىر كارامەتلىك ئىنسان ئەنە شۇنداق خام خىيالنى رېئاللىققا ئېرىشتۇرۇپ، ئۇنى بىر تارىخى ھەقىقەتكە

ئايالاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ، چۆللۈكنىڭ ئاشۇ ئازغىنا خۇدا سۆيەر زەررىلىرىنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ئىمپېرىيە قوشۇنلىرىنى مەيدان تاشلاپ قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلالايدىغانلىقىنى كەلگۈسى ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىبرەتلىك ساۋاق ئورنىدا خاتىرە قالدۇرۇشقا ھەمدە شۇ ئارقىلىق بارلىق ئىنسانلارنى كۈچلۈك بىلەن ئاجىزلىقنىڭ ئۆلچىمىنى يېڭىلاشقا چاقىرماقتا ئىدى.

ــ نېمىدېگەن ياخشى، جەزبىدار چاقىرىق بۇ! نېمىدېگەن ياخشى پۇرسەت ھە؟! بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇرۇش چاقىرىغىغا ئىپادە بىلدۈرىۋاتقان تۇنجى ئاۋاز ئىدى.

ــ نېمىدېگەن خەتەرلىك ئىلان بۇ! نېمىدېگەن ئۆتۈش قىيىن داۋان بۇ؟! ئىككىنچى ئاۋاز قورقۇنۇشتا تىترەۋەرەك چىقىۋاتاتتى.

ـ شۇنداق، بىز جىھادنىڭ خەتەرلىك مەيدانلىرىدا پانى ھاياتىمىزنىڭ قانلىرىنى ئېقىتىش ئارقىلىق ئىنسان بىلەن تاشلارنىلا ئۆزىگە يېقىلغۇ قىلىدىغان مەڭگۈلۈك دوزاخ ئوتىنى پەسەيتمەكچى. بىرىنچى ئاۋاز تېخىمۇ قەتئىيلىك بىلەن جوشقۇن ياڭرىماقتا ئىدى.

ــ لېكىن... سىلەر تېخى كۆرۈپ باقمىغان ئوتتىن قورقۇپ، كۆز ئالدىڭلاردىكى ئەتراپىڭلارنى قورشاپ تۇرغان ئەمەلى ئوتنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتىسىلەر. قارىمامسىلەر؟ بۇ يالقۇنلۇق چۆللۈككە، ئاپتاپ تەپتىدە ئۇنىڭ ھەر بىر زەررىسى قىزىل چوغلارغا ئايلىنىپ، چۆلنى گويا بىر ئۆچمەس دوزاققا ئوخشىتىپ قويغىنىنى. مانا پۈتۈن ئەتراپتا يالقۇن، ئۆچمەس يالقۇنلار....

ــ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس.

بىرىنچى ئاۋازنىڭ ئىماني غورۇرى جوش ئۇرماقتا ئىدى.

ــ كۆزلىرىمىز بىر ئوتنى كۆرىۋاتقىنى بىلەن قەلبلىرىمىز ئىككىنچى بىر ئوتقا تىكىلگەن. شۇ تاپتا ئۇنى پەقەتكىنە تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئىنساننىڭ روھى پۇچىلىنىشقا

باشلايدىغان، كۆزگە كۆرۈنمىگەن ئەھۋالدا قۇتۇلغىلى بولغان بىلەن ئەمما كۆزگە بىر چىلىقىپ قالغان هامانلا مەڭگۈ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئىككىنچى بىر ئوتنىڭ تەپتىنى ھىس قىلماقتىمىز.

ــ ۋاي ئېسىت!

ئىككىنچى ئاۋاز خۇددى يىلان چاققاندەك تولغۇنۇپ نەپرەت ھەم بىزارلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى.

ــ سىلەر نادانلار مۇنداق ئاسان چۈشەنمەيدىغاندەك قىلىسىلەر، ئەجىبا ئاشقازانلارنى كۆيدۈرۈپ، پۇتكۇل يېزا، شەھەرلەرنى نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان، خۇددى دوزاخ ئوتىغا ئوخشاشلا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان ئاچلىق ئوتىنى ئۇنتۇپ قىلىۋاتامسىلەر؟ جىھادقا مېڭىشقانلار بىلەن تەڭلا پۈتكۈل مەدىنە ئاھالىسىنىڭ قەھەتچىلىككە مۇپتىلا بولىدىغانلىقىنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايسىلەر؟ بۇ دېگەن خورمىلار پىشىش ئالدىدا تۇرغان مەزگىل. مەدىنە ئاھالىسىنىڭ بىردىن – بىر تىرىكچىلىك ئاساسى بولغان خورمىلارنى پاجىئەلەرگە يەم قىلىپ بېرىپ، شەھەر ئاھالىسىنى ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ بۇ گويا جىھاد مەيدانىدا ئۆلمەي تىرىك قالغانلار مەدىنە دەرۋازىسى ئالدىدا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ تۈگىسۇن، دېگەنلىك بولمامدۇ؟!

ــ شۇنداق، شۇنداق، توغرا دەيسىلەر.

بىرىنچى ئاۋاز تەنە ئارىلاش غەزەپلىك سۆزلىمەكتە ئىدى.

ــ شۇنداق ئاچلىق دېگەن نېمە؟ قەھەتچىلىك دېگەن نېمە؟ ھەممىنى ئوبدان بىلىمىز. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىنسانىنىڭ ئۆلۈمى بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدىغان ئازابلار. ئەمما بىز شۇتاپتا ئۆلۈم بىلەن تەڭلا باشلىنىدىغان مەڭگۈلۈك ئازابنىڭ تەسەۋۋۇرىدا پۈچىلانماقتىمىز. سىلەر ئۆلۈم بىلەن تەڭ ئاخىرلىشىدىغان دۇنيالىق ئازابتىن قۇتۇلۇشنى ئاقىلانىلىك ھېسابلايسىلەر، ئەمما

ئۆلۈممۇ ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدىغان ئاشۇ ئاخىرەتتىكى مەڭگۈلۈك ئازابلىق ھاياتقا نىمە دەيسىلەر؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەبۇك غازاتىغا جىددى تەييارلىق قىلىش ھەققىدىكى ھۆكمىنى ئاڭلىغان ئىنسانلارنىڭ ئەنە شۇنداق ئىككى خىل ئىپادىسى مەدىنە كوچىلىرىنىڭ ھەر قايسى دوقمۇش بۇلۇڭلىرىدا بىر ـ بىرى بىلەن كەسكىن مۇنازىرلەشمەكتە ئىدى. گەرچە بۇ ھەر ئىككى ئىپادىنىڭ ئەقىدە جەھەتتىكى شۇئارى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان ئىمانى بىردەك بولسىمۇ، بىرىنچى ئىپادە "مۆمىن"، ئىككىنچى ئىپادە "مۇناپىق" دەپ ئاتالدى. چۈنكى بىرىنچى ئىپادىنىڭ تىلى قەلب دولقۇنلىرى بىلەن تەڭ ھەرىكەتلىنەتتى. نىيىتىدە نىمە بولسا، ئاغزىدا شۇنى سۆزلەيتتى. نىمىنى دىسە ياكى نىيەت قىلسا، شۇنى چوقۇم قىلاتتى. ئىككىنچى ئىپادىنىڭ ئىمان دەۋاسى بولسا، پەقەتكىنە كانايدىن چىقاتتى. بۇ ئىككى خىل ئىپادىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يەنە بىر ئۈچىنچى ئىپادىمۇ شەكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنى بۇ ئىككى ئىپادىنىڭ كەسكىن مۇنازىرىسى گاڭگىرىتىپ قويىۋاتاتتى. قۇلىقى ئىككىنچى ئىپادىگە مەركەزلەشكىنى بىلەن قەلبى بىرىنچى ئىپادىگە مايىل، تىلى توختىماستىن ئاللاھنى دەۋاتقان، قەلبى ئاللاھنىڭ ۋىسالى ئۈچۈن بىقارار تولغىنىۋاتقان، ئەمما قەدەملىرى گاڭگىراش پاتقاقلىرىغا پاتقان.

شۇنداق قىلىپ، بىرىنچى ئىپادە بارغانسىرى كۆكنى قاپلاشقا باشلىدى. ئىككىنچى ئىپادە بولسا، پەردە ئارقىسىغا چۆكۈشكە باشلىدى. ئەمما ئۈچىنچى ئىپادە روھى ئازابىنىڭ ئۈزۈلمەس ئاھ ـ پەريادىغا ئايلىنىپ قالدى.

ــ بۇگۈن سىلى بۆلەكچىلا خۇشالغۇ؟!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى ئۇنىڭ چىرايىدا جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئاجايىپ بىر خىل خۇشاللىق ھەم جىددىيچىلىك كەيپىياتىغا ھەيران بولۇپ، سورىماقتا ئىدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەل كايىغاندەك قىلىپ: - نېمىدېگىنىڭ بۇ؟ ئەجەبا، سەن ھاكاۋۇر رىم قوشۇنلىرىنىڭ بىزگە ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ دېدى.

ئۇنىڭ بۇ جاۋابىدىن تېخىمۇ گاڭگىراشتا قالغان ئايالى: - دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىغا خۇشاللىنىدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ شۇ تاپتا مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى كوچا ـ كوچىلاردا بۇ قېتىمقى دۈشمەنىنىڭ ھەر قېتىمقىدىنمۇ بەك كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، بۇ ئۇرۇش تۈپەيلى خورما پەسلىنىڭ نابۇت بولۇش خەۋپى بارلىقىنى كۆسۈرلىشىپ، خەۋپسىرەپ يۈرۈۋاتقان تۇرسا...

ـــ بولدى، بەس! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانىي غۇرۇرى دۇنيانىڭ بۇنداق بىھۇدە غەملىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇشقا چىداپ تۇرالمىغان ئىدى.

ـ قانداق توخۇ يۈرەك شۇنداق گەپلەرنى قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جاۋابىنى مانا بۇ قىلىچىم بېرىدۇ. چۈنكى ئۇنداقلارنى مۇسۇلمان دېگىلى بولمايدۇ. قورقۇنچاقلىق بىلەن ئىمان ھەرگىزمۇ بىر يەرگە جەملىشەلمەيدۇ. ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىگە بولغان ئىمان ئورۇن ئالغان قەلبتىن دۈشمەنلەرنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىگە بولغان ۋەھىمىلەرگە ئورۇن بېرىش نەدىمۇ مۆمىنىنىڭ ئىشى بولسۇن؟ دۈشمەننى كۈچلۈك ساناش سەۋەبى ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز قۇدرىتىنى ئاجىز كۆرسەتمەكچى بولىۋاتقان ئاسىلارنى "مۇسۇلمان" دېيىشكە قانداقمۇ تىلىڭ بارسۇن؟ چۆللۈكنىڭ قىززىقىدىن قورقۇپ، دوزاخ ئوتىنى ئۇنتۇپ قالىدىغان، بىر نەچچە دۆۋە خورمىنى دەپ، جەننەتنىڭ باغلىرىدىن كېچىۋەتمەكچى بولىدىغان ئۇنداق ئادەملەرنى ھەرگىزمۇ مۆمىنلەر قاتارىدا ساناشقا بولمايدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەزەپلىك سۆزلىرىنى ئاڭلىغان ئايالى ۋەزىيەتنىڭ ئىنچىكىلىكىنى چۈشىنىپ، "يا ئاللاھ! يا پاناھ!" دېگىنىچە جىم بولۇپ قالدى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھېسسىياتلىق جۇشقۇن سۆزلىمەكتە ئىدى.

ــ مەسجىدتىن ياڭراۋاتقان بۇ ئاۋازغا قارا، بۇ ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ ئاۋازى، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئەڭ ئاخىرقى ۋەكىلىنىڭ ئاۋازى. ھازىر ئۇنى ئاڭلاپلا قويىدىغان ئەمەس، بەلكى دەرھال ئەمەلى ھەرىكەتكە ئۆتىدىغان بىر پەيت. ئىمانىمىزنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى تىلىمىز بىلەن ئەمەس، ئاققۇزغان قانلىرىمىز بىلەن ئىسپاتلايدىغان پۇرسەت. ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە ۋەدە قىلغان ئاشۇ جەننەت ئۈچۈن پۈتكۈل دۇنيايىمىزنى تەسەددۇق ئېتىدىغان پۇرسەت. تېز بول ئۆيدىكى ھەممە نەرسىنى ھەتتا قازان قومۇچلارنىمۇ يىغىشتۇرۇپ تەييار قىل.

بۇ كۈتۈلمىگەن گەپلەرنى ئاڭلىغان ئايالى ھېچ نەرسىنى ئاڭقىرالماي قالغان ئىدى. "تەبۇك مەيداندىكى جىھادتا ئۇينىڭ چىنە چۆمۈچلىرىنى نېمىگە ئىشلىتەر؟" دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى.

ــ شۇنداق، شۇنداق، ھەممە نەرسىنى يىغىپ تەييار قىل!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىدا بالىلارچە شاتلىق، مويسىپىتلارچە تەمكىنلىك، پىداكارلىقتا بولغان بىقارار تەلپۈنۈش ئورتاق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى.

ــ توغرا، بۈگۈن بۇ خەتتابنىڭ ئوغلى سۆيۈملۈك رەھبىرىنىڭ چاقىرىقى ئۈچۈن بارچە ھاياتلىق مەئىشەتلىرىگە قوشۇپ ئۆز ھاياتىنىمۇ تەقدىم قىلماي ھەرگىزمۇ ئاراملىق ھېس قىلمايدۇ. بىلەمسەن؟! دائىم ئىنسانغا ئاتا قىلىپ كەلگەن ئاللاھ بۈگۈن ئىنسانلاردىن قۇربانلىقنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ئاھ! نېمە دېگەن ئەھمىيەتلىك ئېسىل پۇرسەت ھە!! ئائىلەمنىڭ دۇنيالىق مەجبۇرىيەتلىرى ئۈستۈمدە بولمىسا ئىدى - كاشكى، پۈتكۈل بايلىقلىرىم بىلەن قوشۇپ، جېنىمنى ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئاياقلىرى ئاستىغا تاشلىغان بولاتتىم. بۇ

قېتىم ھېچ بولمىغاندا مال - مۈلكىمنىڭ تەڭ يېرىمىنى بولسىمۇ تەقدىم قىلىش ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ لەۋلىرىدىكى ئاشۇ مۇبارەك تەبەسسۇمغا ئېرىشەلىسەملا مەيلى. شۇنداق، بارلىق مۆمىنلەرنىڭ قەلب، كۆزلىرى بىر قېتىم بولسىمۇ ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىنىشىنى ئۈچۈن چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن تەلپۈنىدىغان ئاشۇ مۇبارەك تەبەسسۇمغا ئېرىشەلىسەملا مەيلى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بارلىق مال ـ مۈلكىنىڭ تەڭ يېرىمىغا قوشۇپ ئۆز جېنىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىشق مەنزىلى تەرەپكە مەستانە كېتىپ باراتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ "ئى ئەبۇ بەكرى! ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، سەن دائىم ياخشىلىقتا مەندىن ئۆتۈپ كېتەتتىڭ، ئەمما بۈگۈن چوقۇم مەن ئۆتۈپ كېتىشىم مۇمكىن" دېگەنلەرنى زوقلانغان ھالدا ئويلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەممە ئەتراپتا كىشىلەرنىڭ ھەق دىن ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتاپ سەلدەك ئېقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. بۈگۈن كىشىلەرنىڭ قۇربان بولۇش ئىشتىياقى گويا ئىنسانىيەت دېڭىزىدىن كۆتىرىلگەن جۇنۇنلۇق كەلكۈنىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. مەدىنە كوچىلىرىنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى كۈتۈپ تۇرغان مەسجىد تەرەپكە ئالدىراش يۈگۈرىشىۋاتقان ئادەملەرگە تولغان ئىدى. مۇرىلىرىدە ئېغىر قورال ـ ياراقلارنى يۈدۈشكەن، ئۆمۈر بويى تاپقان، تەرگەنلىرىنى ئىتەكلىرىدە كۆتۈرۈشكەن كىشىلەر مەسجىدكە ئالدىراۋاتاتتى. ئاياللارمۇ تېخى بىر قانچە سائەت ئىلگىرى قۇلاق، بويۇنلىرىدا زىننەت بولۇپ، ئېسىلىپ تۇرغان ھالقا، زەنجىرلىرىنى دەرھال يۇلۇپ ئېلىپ، پىداكارلىق مەيدانىغا ئەركەكلەرچە چۈرىشمەكتە ئىدى. قول ـ ئىلكىدە يوقلار "مانا جېنىم ھازىر" دەپ مەردانە كېتىشىپ باراتتى.

بۇ ئىنسانلارنى ئىنسانلارنىڭ قۇللىقىدىن مەڭگۈلۈك ئازادلىققا ئېرىشتۈرگەن، پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاللاھنىڭ ھەقلىقى ۋە بىرلىكى (يەنى، تەۋھىد ئەقىدىسى) نى دەپ، تۈنجى بولۇپ پادىشاھلىق تەكلىپلىرىنى رەت قىلغان ئاشۇ ئۇلۇغ ئىنسانغا (يەنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) بىلدۈرىلىۋاتقان ساداقەت ئىدى.

بۇ ئۆزىنىڭ قىرىق يىللىق سادىق تىلى بىلەن كىشىلەرنى كائىنات ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ئاخىرەتتىكى ئاقىۋىتىدىن خەۋەردار قىلغان، ئىنسانلارنى ئازغۇن چوقۇنۇشلاردىن قۇتۇلدۇرۇپ، تەنھا پەرۋەردىگارى تەرەپكە يېتەكلىگەن، ئۇنىڭ راستچىللىقىغا ئىنسانلا ئەمەس، بەلكى تائىفىنىڭ قاتمال تاش، چالمىلىرىدىن تارتىپ، مەككىنىڭ زەھەرخەندە تىكەنلىرىگە قەدەر گۇۋاھلىق بېرىۋاتقان، ئۇنىڭ جاراھەتلەنگەن مۇقەددەس جىسمى ۋە نۇرلۇق روخسارىدىن تامچىلىغان قانلار ئەبەدىيلىك ئىنسانىيەت باھارىغا ئايلىنىپ، زېمىن قەلبىنى گۈلزار قىلغان، ئاشۇ ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىلدۇرۈلۋاتقان ئىخلاس ھەم مۇھەببەتنىڭ ئىپادىسى ئىدى.

مانا بۈگۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ مەمنۇنىيەتكە تولغان كۆزلىرى ئۆزى ئەھيا قىلغان ئاشۇ خازاڭ بولماس ئىنسانىيەت باھارىنى چوڭقۇر سۆيۈنۈش ئىلكىدە تاماشىشا قىلماقتا ئىدى. بۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىدا تېخىچە كۆزگە چېلىقىپ باقمىغان، ھەقىقەتەنمۇ قايتا ـ قايتا كۆرۈشكە ئەرزىگۈدەك ئاجايىپ مەنزىرە ئىدى. مانا بۈگۈن مەسچىد ھويلىسى بارلىق پەرىشتىلەر سەجدە قىلىشقا بۇيرۇلغان ئاشۇ موھتەرەم، ئۇلۇغ ئىنسان بىلەن تولغان ئىدى. شەيتاننىڭ مىڭ يىللىق ئىبادىتىنىڭ بىكار قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىنساندىكى ئاشۇ ئۇلۇغلۇق مانا بۈگۈن مەسچىد ھويلىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بېرىش ئۈچۈن تويلاشقان بۇ ئۇلۇغۋار ئىنسانلار توپىغا چوڭقۇر تەشەككۇرانە سۆيۈنۈش ئىلكىدە ئىللىق باقماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك روخسارىدىكى مەمنۇنىيەت شاتلىقىنى كۆرگەن مۆمىنلەرنىڭ قەلب ھېسلىرى تىللاردىن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى. مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى بىردەك "يا رەسۇلۇللاھ! ئاتىغانلىرىمىز قوبۇل بولغاي! ئاتىغانلىرىمىز قوبۇل بولغاي!" دەپ، ئۈنلۈك تۈۋلاشقا باشلىدى.

بۈگۈن بارچە كىشىلەر ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا بىر ـ بىرىدىن ئۆتۈپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. گويا ئۆز ئىلاھىنىڭ پىراقىدا بىقارار بارچە روھلار ھەممىدىن ئىلگىرى بېرىپ ئاللاھ

بىلەن ئۇچرىششقا ئالدىراۋاتاتتى. دەۋرنىڭ بارچە ئارزۇ، تىلەكلىرى بۇگۈن ئەنە شۇ بىرلا ئارمانغا مۇجەسسەملەشكەن ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جىھادقا ئاتالغان مال دۆلەت، قورال، ياراغلارنى قوبۇللۇق شەرىپىگە ئېرىشتۈرگەن چىغىدىكى ئاشۇ گۈزەل، تەبەسسۇمى "ماڭا تەئەلۇق بولسىكەن" دېگەن بىرلا ئۈمىدتە ئىدى.

ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، مانا شۇنداق پىداكار ئەزىمەتلەرلا ھەقىقەتەن ئارىسىدىن پەيغەمبەرنىڭ تاللىنىشىغا مۇناسىپ ئىدى. ئۇلار ياراتقان ئەنە شۇ پىداكارانە، مۇقەددەس مۇھىت ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقىنى ياڭرىتىشقا مۇناسىپ ئىدى.

— ئى ئۆمەر!

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا سۆز قىلىدىغان ئاۋازى (يەنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىملىق ئاۋازى) جاراڭلىماقتا ئىدى.

— ئاتا - ئانامنۇ ئۆزلىرىگە تەسەددۇق، يا رەسۇلۇللاھ.! خىزمەتلىرىگە ھازىرمەن.

بىر زامانلاردا مەككە كوچىلىرىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقۇتۇپ تاشلاش ئۈچۈن يالىڭاچ قىلىچىنى كۆتۈرۈپ يۈرگەن ئۆمەر رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ مانا ئەمدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بارلىقىنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئەدەپ بىلەن قول باغلاپ قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتى ۋە ئىخلاس، ساداقىتىنى تىترەۋاتقان ئاۋازىدىنلا ئىنىق ھېس قىلغىلى بولاتتى.

— ئى ئۆمەر! ئائىلەڭگىمۇ ئاز - تولا بىر نەرسە قالدۇردۇڭمۇ ياكى ھەممە مال - مالكۈڭنى ئاللاھ يولىغا ئاتىۋەتتىڭمۇ؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېھرىبانلىق بىلەن سورىدى.

ــ يا رەسۇلۇللاھ! بارلىق مال ـ مۈلكۈمنى ئىككىگە بۆلۈپ، مانا ئۇنىڭ بىر قىسمىنى دىنىنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ھازىر قىلدىم. يەنە بىر قىسمىنى بولسا دۇنيالىق پەرزلەرنى ئادا قىلىشقا قالدۇرۇپ قويدۇم، دېدى. ئۇ سۆيۈنگەن ھالدا.

جىھاد ئۈچۈن ئاتالغان شۇنچە كۆپ مال ـ بايلىقنى كۆرۈپ بارچە جامائەت ھەيرانلىقتا بىر ھازا قېتىپلا قالدى. ھەممەيلەن پىداكارلىقتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەممىنى بېسىپ چۈشكەنلىكىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايىدىكى ئاشۇ رازىمەنلىك تەبەسسۇمىنىڭ ئۆمەرگە تېگىشلىك بولىۋاتقانلىقىنى چوڭقۇر زوقلىنىش بىلەن كۆرىۋاتاتتى. ھەمدە ئۇزلىرىنىڭ ئارقىدا قالغانلىقىدىن ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقى ھەسرەتلىك چىرايلىرىدا ئىپادىلەنمەكتە ئىدى. ئەمما توپ ئىچىدە چىرايىدىن ھەسرەت ئۇرنىغا شاتلىق، ئارقىدا قىلىش تۇيغۇسى ئورنىغا ھەممىدىن ئۆتۈپ كېتىش تۇيغۇسى ئىپادىلىنىۋاتقان يەنە بىر كىشىمۇ باربولۇپ، ئۇ دەل ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى ئۇ ناھايىتىمۇ كەمتەرلىك بىلەن ھەممىگە قىزغىن تەبەسسۇم قىلغان ھالدا قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككىنچى قېتىم ئاشۇ سۇئالنى ئۇنىڭدىن سورىغان چاغدا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ {ھاياتىم، مال ـ مۈلكىم، ھەممە نېمەمنى ھازىر قىلدىم. ئائىلەم ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ نامىدىن باشقا ھېچ نەرسە قالدۇرمىدىم} دەپ، بەرگەن جاۋابىنى پۈتكۈل ئاسمان، زېمىن ھەم تارىخ ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدى ۋە ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

شۇنداق قىلىپ، ئىماننىڭ ئەمەلى ئىپادىسى ئۆزىنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يەتكەن ئىدى. بۇ ئىككى ئۇلۇغ ساھابىلەرنىڭ جانپىدالىقى بارلىق مۆمىن، مۇجاھىدلار قوشۇنىنىڭ جەڭگىۋارلىقى ھەم پىداكارلىقىغا ۋەكىللىك قىلماقتا ئىدى. "تەبۇك" مەيدانىدا قانلىق جەڭ ئارقىلىق مۆمىنلەردىن ئېلىنماقچى بولىۋاتقان ئىلاھى ئىمتىھان ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ كۆرسەتكەن قوربانلىقلىرى بىلەن مەسجىد ھويلىسىدىلا جاۋابقا ئېرىشىپ بولغان

ئىدى. مۇجاھىد ئەزىمەتلەرنىڭ قەلب قانلىرى بىلەن يېزىلىۋاتقان پىداكارلىق ھېكايىسى بۇ ئىككى زاتنىڭ قولىدىلا تاماملانغان ئىدى. گويا ئۇرۇشتىن ئىلگىرى غەلىبە قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئىمتىھاندىن ئىلگىرى ئىمتىھان نەتىجىسى چىقىپ بولغان ئىدى. مۆمىنلەرنىڭ ئەقىدە، ئىمانى قۇرال ئىشلەتمەي تۇرۇپلا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ بولغان ئىدى. يېغىپ ئېيتقاندا، مەسجىد ھويلىسىدىكى كاتتا جىھادتا (يەنى، ئىنسان ئۆزىنىڭ ئىچكى ۋۇجۇت ئالىمىگە بىسىپ كىرىپ، نەپسى خاھىشلىرى ۋە تۇرلۇك ئەيب، نۇقسانلىرى بىلەن ئېلىشىدىغان ئۇلۇغ جىھادتا) غەلىبە قازىنىپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقا ئاللاھنىڭ بۇ پىداكار قوشونى "تەبۇك" مەيدانىغا يېتىپ بېرىپلا دۇنيادىكى ئەڭ كۈچلۈك سانىلىدىغان رىم ئىمپېرىيە قوشونىنىڭ ئارقىغا بورۇلۇپ تىكىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. مۆمىنلەردىكى ئىمانىي جاسارەتنىڭ شاۋقۇنىنى ئاڭلىغان 100 مىڭ كىشىلىك ئىمپېرىيە قوشونىنىڭ ئاران 10 مىڭ كىشىگىمۇ يەتمەيدىغان مۇجاھىدلار قوشۇنىدىن قورقۇپ، ئۇلار كېلىشتىن ئىلگىرى مەيدان تاشلاپ قېچىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدى. دېمەك، دۇنيانىڭ نەزىرىدىكى "تاش بىلەن تۇخۇم ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ"دە، تاش تۇخۇمدىن قورقۇپ قېچىپ كەتكەن ئىدى.

بۇنى كۆرگەن تارىخنىڭ: "ئى ئاسمان! ئى زېمىن! ئى بارچە زەررە، مەخلۇقات! گۇۋاھ بولۇڭلاركى، مانا بۇ غالىپ زاتلارنىڭ نامى مۇسۇلماندۇر! مانا بۇ غالىپ زاتلارنىڭ نامى مۇسۇلماندۇر!" دەپ توۋلىغان ساداسى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ كۆكتە جەۋلان قىلماقتا. ئەمما 1400 يىللىق مۇساپىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بۇ تارىخى سادا بۈگۈنكى كۈندە قولاقلىرىمىز تۈۋىدە ياڭرىغاندا، بىز مۇسۇلمانلارنىڭ بۈتخانىلاشقان ئىبادەتخانىلىرىمىزدىن ئۈنىڭغا جاۋابەن (ئاھ! بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!) دېگەن تولغۇنۇشتىن باشقا جاۋابنى ئاڭلىغىلى بولمايدۇ.

كاملجان تەرجىمىسى

# ئاخىرقى زاماننىڭ ئالامەتلىرى

ئاتا ـ ئانىلارنى قاخشىتىش، مال ـ دۇنيانى ئاياللىرىغا ۋە دوست ـ بۇرادەرلىرىگە خەجلەپ بېرىش ئاخىر زاماندا كۆپ بولىدىغان ئىشلاردىندۇر. بۇ ھەقتە ئەلى (الله تائالا ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ″مېنىڭ ئۇممىتىم ئونبەش خىل ئىشنى قىلسا ئۇممىتىمگە بالا كېلىدۇ" دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئۇلار قايسى ئىشلار دەپ سورالدى؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئولجىغا ئېلىنغان ماللار (بايلار ئارىسىدا) قولدىن قولغا ئۆتۈشۈپ تۇرۇلىدىغان بايلىق قىلىنسا، ئامانەت ئولجا دەپ بىلىنسە، زاكات (مالغا كەلگەن) بىر ئالۋاڭ ـ سېلىق دەپ قارالسا، ئەر ـ ئايالىغا بويسۇنسا، ئانىسىنى قاخشاتسا، دوستىغا ياخشىلىق قىلسا، ئاتىسىغا قوپاللىق قىلسا، مەسچىتلەردە ئاۋازلار كۆتۈرۈلسە، بىر مىللەتنىڭ باشلىقى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ پەسكەش ئادىمىدىن بولسا، بىرەر ئادەمگە ئۇنىڭ يامانلىقىدىن قورقۇپ ھۆرمەت قىلىنسا، ھاراق ئىچىلسە، يىپەك كىيىلسە، (ئويۇن ـ تاماشا قىلىش ئۈچۈن) ناخشىچىلار ۋە چالغۇ ـ ئەسۋابلار تەيىن قىلىنسا ۋە بۇ ئۇممەتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرى بۇرۇنقىلىرىغا لەنەت ئوقۇسا، ئۇممىتىم قىزىل شامال بىلەن يەر يۇتۇشنى ياكى سۈرىتى ئۆزگەرتىلىپ كېتىش بىلەن تاش يېغىشنى كۈتۈپ تۇرسۇن" دېدى. [بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان]

بۇ مەزمون "فىھقىل ھەنەفىي" نىڭ توي قىلىشقا دائىر بابىدىن ئېلىندى.

# ئاخىرەت تەسەۋۋۇرى

(شەمس نەۋىيد ئوسمانىي)

تۇن كېچىنىڭ جىم ــ جىتلىقىدا دۇنيانىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك، پىغانلىق ئاۋازى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئازابلىق نالە ــ زارە ئىچىدە سەجدىگاھتىن كۆتىرىلمەكتە ئىدى. بۇ دەل ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاھۇ ــ پەريادلىق قەلب ناۋاسى ياڭراۋاتقان مۇقەددەس، پاك مىنۇتلار بولۇپ، قۇرئان كەرىمدىكى "سېنىڭ ئىختىيارىڭدا يا ئاللاھ! سېنىڭ ئىختىيارىڭدا! سەن بۇلارغا ئازاب قىلىشنى خالىساڭ، بۇلار سىنىڭ بەندەڭ. ئەگەر مەغپىرەت قىلىشنى خالىساڭ، سەن چەكسىز قۇدرەت، ھېكمەتنىڭ ئىگىسىدۇرسەن" دېگەن  ئەشۇ مەڭگۈ سۆزلەر ئىسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدا تەكرار ــ تەكرار تىلاۋەت قىلىنماقتا ئىدى.

ئاھ! كائىناتنىڭ روھىنى زىلزىلىگە سالغان بۇ مەنزىرىگە نىسبەتەن بۈگۈنكى ئىنسان قەلبلىرىنىڭ مانا خۇددى ئۆلۈك تاشلاردەك ياكى ھېسسىز مۇزلاردەك قېتىپلا تۇرغىنىنى قارىمامدىغان؟! ھالبۇكى، مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ قەلبلەرنى چاك ــ چاك قىلىپ يېرىۋەتكۈچى بۇ ئەبەدىيلىك سادا قۇرئان كەرىمنىڭ مۇقەددەس بەتلىرىدە مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىنى ئەسلىتىپ چاقناپ تۇرماقتا. ھېلىھەممۇ ئۆلۈم ئىنسانلارنىڭ جەسەتلىرىنى (ھالاكىتىنىڭ زەررىچە تەسەۋۋۇرى دۇنيانىڭ بارچە ئاسايىشلىرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلەيدىغان) ئەشۇ دەھشەتلىك غايىب ئالەم تەرەپكە سۆرەپ كېتىپ بارماقتا. ئەمما ئۇنى تىڭشاش بىلەن ئىمان، ۋىجدانىي ئازابتىن تولغىنىپ، چاچراپ تۇرۇپ كېتىدىغان ئەزىمەتلەر ئارىمىزدىن قېنى نەگە كەتكەندۇ؟!

بۇ ھەقتە بىر قىتىم پەيغەمبىرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھىبىلەرگە خىتاب قىلىپ: "مېنىڭ كۆزۈم كۆرىۋاتقان ئەشۇ دەھشەتلىك مەنزىرىلەرنى ناۋادا سىلەرنىڭ كۆزىڭلار كۆرۈپلا قالىدىغان بولسا، شۇ ھامان كۆلكە ــ چاقچاقلىرىڭلارنىڭ ھەممىسى يىغا ــ زارە ئىڭقىلىرىغا غەرق بوپ كەتكەن بولاتتى" دېگەن ئىدى. شۇ چاغدا بۇنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئۇنۇتقان ساھابىلەرنىڭ يۈرىكى ئىڭىزىغا كەپلىشىپ، ھۆڭرىگەنچە يىغا ــ زارە قىلىش بىلەن مەسجىد ھويلىسىنى بىر ئالغان ئىدى.

ناۋادا بىز راستىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى روشەن ھەقىقەت دەپ تونۇيدىغان شۇنداقلا تارىختىكى ئىنسانىي پىغانلارنىڭ ئەشۇ تىرىك داستانىنى ئەمەلىي ۋەقە دەپ قارايدىغان بولساق، ئۇنداقتا ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى مۇھەممەد سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك بىر زاتنى باشقىلارنىڭ غېمىدە كېچە ــ كېچە جەينىمازدىن قوپماي يىغلاشقا ئۈندىگەن ھەمدە ئۇنى ئاڭلاش بىلەنلا مىڭلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قەلب تەسكىنلىرى پارە ــ پارە بولۇپ كەتكەن ئەشۇ ئازابلىق تۇيغۇلارنى ئارىمىزدىن قىنى كىم باغرىغا بېسىش ئۈچۈن قۇچاق ئاچالايدۇ؟!

سىرلىق تارىخ ئاسمىنىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، توختاۋسىز ياش ئىڭقىلىرى تۆپەيلى گۈزەل رۇخسارىنى قانچىلىغان قارا سىزىقچىلار قاپلاپ كەتكەن مىڭلىغان ئىنسانىي چىرايلارنى ئۇچرىتىمىز. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز ئىڭقىۋاتقان قەلب ياشلىرى ئىتەكلىرىنى نەملىگەن، پارلاق كۆزلىرىدە ئاخىرەتتىكى قورقۇنچلۇق جاۋابكارلىققا بولغان قەتئىي ئىشەنچىسى ھەم ئاللاھنىڭ ئەپۇ ــ رەھمىتىگە بولغان تەۋرەنمەس ئىمانىي ئۈمىد نۇرى بىلەن خەۋپ مەھشىرىنى چاقناتقان، ئاخىرەتنىڭ غېمىدە ئاچ يۈرىۋاتقان نىمجان ۋۇجۇدى ھاياتلىق جىھادگاھىدىكى تىغ، تىكەنلەر بىلەن جاراھەتكە تولغان، ئاللاھغا بولغان تەقۋالىق ۋە ئىشقى ــ مۇھەببەت تەپتىدە پۈتۈن ئەزايى يالقۇنلۇق چوغقا ئايلانغان، تەڭ كېچىدىكى پىغانلىق ئاھۇ ــ زارلىرى قەلب روھلىرىدىن

ۋۇلقاندەك ئېتىلىپ چىقىپ، كېچە سۈكۈناتلىرىنىڭ باغرىنى تېشىۋاتقان، بەزىدە شېرىن ئۈيقۇ، ئىللىق يوتقانلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يەر يۈزىدىكى جەينىمازدا سەجدىدىن قوپمايۋاتقان، يەنە بەزىدە ئۇزۇنغىچە رۇكۇدا تۇرغانلىقىدىن ھۇشسىزلىنىپ يىقىلىۋاتقان، ئەنە قايسىدۇر بىر زاتنىڭ ئاللاھدىن تىلەۋاتقان تىلەكلىرىدە دۇنيانىڭ لەززەت، ھوزۇر ــ ھالاۋەت تىلسىملىرى پاچاقلىنىۋاتقان، ئەنە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شاختا ئويناۋاتقان قۇشنىڭ غەمسىز سايراشلىرىنى ئاڭلاپ، ھەسرەتلىك كىچىك تىنغان ھالدا "ئاھ! كاشكى مەنمۇ قۇشقاچ بولۇپ كەتكەن بولسام، ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ خەۋپىدىن روھىم ئازات تاپقان بولمامتى" دەپ ئۆز ــ ئۆزىگە خىتاب قىلىۋاتقان، ئەنە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرزىمەس قوم زەررىلىرىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، ئۇنىڭ مەھشەردە جاۋابكارلىقى يوقلىقىغا زوقلىنىۋاتقان، ئەنە ھەبباب ئىبنى ئەرت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنى قوبۇل قىلىش بەدىلىگە تارتقان جان ئالغۇچ ئەزىيەتلىرى ۋە جىھاد مەيدانلىرىدا بەدەنلىرىنى تىتما ــ تىتما قىلىۋەتكەن ساناقسىز جاراھەتلىرى تۈپەيلى كېسەل كارۋىتىدا ياتقان تۇرۇپمۇ "ئاھ خۇدا! ناۋادا ئاخىرەتنىڭ ئىنئاملىرى ماڭا مۇشۇ پانى دۇنيادىلا بېرىۋېتىلگەن بولسا، قىيامەتتە قورۇق قول قالارمەنمۇ؟" دېگەن غەم بىلەن ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان، ئەنە چوڭچوپ ئويغىنىپ كەتكەن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ئوغلى ئابدۇللاھغا "مېنىڭ جەڭدىكى ئۇتۇقلىرىمنى تىلغا ئالماڭلار، جان پىدالىقىم ۋە قۇربانلىقلىرىمنى سۆزلەپ يۈرمەڭلار، تېخى مەندىن تەۋھىدنىڭ تەقەززالىرى تۈلۈق ئورۇنداldىمۇ، يوق؟ ئاخىرەتتە ئاللاھۇ زۇلجەلالنىڭ ئالدىغا زادى قانداق ھالەتتە ھازىر قىلىنىمەن؟ بۇنىڭغا كىممۇ بىر نېمە دېيەلىسۇن" دەۋاتقان، ئەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن دۇنيادىلا جەننەتنىڭ بېشارىتىنى ئاڭلاپ بولغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خاتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئاللاھنىڭ قەھرى ــ غەزىپىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇنۇشتىن لاغىلداپ تىترەپ "ئەگەر قىيامەت كۈنى ”پۈتكۈل ئىنسانلار مەغپىرەت قىلىندى، پەقەت بىرلا كىشى دوزاققا تاشلىنىدۇ“ دەپ جاكارلانسا، ئەشۇ

بەختسىز دەل مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ قورقىمەن" دېگىنىچە ئۇنلۇك ۋاقىراپ كېتىۋاتقان، ئەنە ئۇ پۇخرالارنىڭ ئۆز ئۇستىدىكى ھەق ــ ھوقوق يۈكلىرىنى يېنىكلىتىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، يوقسۇزلارنى يوقلاش ئۈچۈن ئېغىر ئاشلىق تاغارلىرىنى ئوشنىسىگە ئارتىپ، پىژ ــ پىژ ئاپتاپقا پەرۋاسىز سەھرامۇ ــ سەھرا چېپىپ يۈرىۋاتقان، "مەن بىر دەم كۆتىرىۋالاي" دەپ تەكلىپ بەرگەن ئىخلاسمەن خىزمەتكارىغا: "ھېچكىمگە كىچىكىم ئەسقاتمايدىغان قىيامەت كۈنى ھامان مىنىڭ يۈكۈمنى كۆتىرىشىپ بىرەلمەيسەن ــ دە،" دەپ جاۋاپ بېرىۋاتقان، ئەنە ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنىڭ مىسلىسىز روناق تاپقان خەلىپىلىك شان ــ شەۋكىتىنى، ۋە ئالتۇن ــ كۈمۈچكە تولغان ھىساپسىز غەزىنىلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كۆركەم جىسمىنى كىر كىيمەلەر بىلەن ئۇپرىتىۋاتقان، بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان كۆيۈمچان پۇقرالار سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇنىڭ ئايالى "ئالماشتۇراي دېسە، ئۇچىسىدىكىدىن باشقا ئىككىنچى بىر قۇر كىيىمى بولمىس" دەپ جاۋاپ بېرىش بىلەن پېقىرلىقنىڭ ھەقىقي ماھىيىتىنى يورتۇپ بېرىۋاتقان،

دەرۋەقە، ئۇنىڭ نەزىرىدىكى دۇنيا ھاياتى ئەشۇ پانى ئارزۇ ــ ئارمانلار بىلەن بىزەپ يۈرۈشكە ئەرزىگۇدەك نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ دۇنيانىڭ ئالۋۇن قاپلىغان چۆللىكلىرىدە گۇياكى مەنزىلى يىراق، ئەمما بىر تىنىققىمۇ ۋاقتى يوق ئالدىراش مۇساپىردەك كۈن ئۆتكۈزدى.

ئەنە فاتىمە رەزىيەللاھا ئەنھا دۇنيادىكى ئەڭ شەپقەتلىك دادىدىن "قىزىم! "مەن پەيغەمبەرنىڭ يۈرەك پارىسى بولغاچقا قىيامەتتىكى قاتتىق سوراققتىن ساقلىنىپ قالىمەن" دەپ ئويلاپ قالمىغىن، ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئۇ كۈنى ھېچقانداق كۈچ ئاللاھنىڭ قارارىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ" دېگەن ئىبرەتلىك خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاقىۋەتنىڭ قورقۇنچىسىدا دۇنيانىڭ بارلىق ئاسايىشلىرىدىن ۋاز كېچىۋاتقان، ئەنە كۈپپارلارنىڭ ۋەھشىيانە قىيىن قىستاق، زىنجىر ــ

كىشەنلەرنى بىلەن  ھەممە ئەزايى چىلىق ــ چىلىق قان بولۇپ كەتكەن سۇمەييە رەزىيەللاھا ئەنھا جان ئۈزۈش ئالدىدىكى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقىدىمۇ "مەن ھېلىھەممۇ ئاللاھنى بىر دېيىشتىن يانمايمەن، تەۋھىد ئەقىدىسى مېنىڭ ھاياتىم، ئۇنىڭ ئۈچۈن جانىنى تەسەددۇق ئەيلەيمەنكى، ھەرگىزمۇ ئاخىرەتتە ئەبىدىلىك غەلىبىگە سازاۋەر قىلىدىغان بۇ ئەقىدەمدىن ۋاز كەچمەيمەن" دەۋاتقان، ئەنە تۆمۈر زەنجىرلەردە سۆرىلىپ، زەخىم، جاراھەتلەر تۈپەيلى پۈتۈن ئەزايى تىتما ــ تىتما بولۇپ كەتكەن بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۈشمەنىنىڭ ئەسەبىي قۇلاقلىرىغا "ئەل ئەھەد، ئەل ئەھەد"(ئاللاھ بىر، ئاللاھ بىر!) دېگەن توختاۋسىز، ياڭراق سادالىرى بىلەن زەرب ئۇرىۋاتقان، ئەنە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆز روھىنى چۈچۈتۈپ، دۇنيانىڭ مەدھۇشلۇق ئارامگاھلىرىدىن يىراق، شىغىل ــ تاشلار ئۈستىدە ئۇخلىدىسىغا ياتقىنىچە، تىخى كۆزىمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئاخىرەتنىڭ ئەشۇ قورقۇنۇشلۇق مەنزىرىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ئۆيىاق ــ بۇياققا تىنىمسىز ئۆرىلىۋاتقان، تارىخنىڭ مەلۇم بىر زۇلمەت قاپلىغان داۋاندا قاتىل قىلىچلارنىڭ قورشاۋىغا قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، "بىر كۈنى چوقۇم ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھېساپ بەرمىسەم بولمايدۇ" دېگەننى ئويلاپ، مۇسۇلمانغا قارشى قىلىچ كۆتىرىشتىن ھەزەر ئەيلەۋاتقان، ئەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېچە ئاسمىنىدا ئېقىپ كېتىۋاتقان يۇلتۇزلارغا قاراپ، ئاخىرەت تەسەۋۋۇرىدا، خۇددى سۇدىن ئايرىلغان بىلىقتەك، ياكى چايان چاققان ئادەمدەك ئازابلىق تېپىرلاپ، بۇلدۇق ــ بۇلدۇق يىغلىغانچە دۇنياغا خىتاب قىلىپ "ئى دۇنيا! مېنى ئالدايمەن دېمە، سەن مەن بىلەن ئوينۇشۇپ، سۆيۈملۈك بولاي دەۋاتامسەن؟ ئەپسۇس! مىڭ ئەپسۇس، مەن ئاللى بۇرۇن سېنى ئۈچ تالاق قىلىپ بولغان، ئەمدى ئۇنىڭدىن يانغىلى بولمايدۇ، سېنىڭ ئۆمرۈڭ قىسقا، نىشانىڭ رەزىل، ئەمما سەپىرىم ئۇزۇن، يوللار دەھشەتلىك، تەييارلىق چال" دەپ تۇۋلاپ كېتىۋاتقان، ئەنە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھ ئەنھۇ قىيامەت كۈنى ئەڭ دەسلەپ شۆھرەت خۇمار قارى، رىياخۇر باي ۋە ئاتاق پەرەس مۇجاھىدتىن

ئىبارەت ئۈچ كىشىنىڭ جاۋاپكارلىقىقا تارتىلىدىغانلىقىنى، دوزاق ئوتىنىڭ بىرىنچى بولۇپ، ئەشۇ ئۈچەيلەننى ئۆز قوينىغا ئالىدىغانلىقىنى مەزمۇن قىلغان ھەدىسنى سۆزلەپ بېرىۋېتىپ قورقۇنۇش شىددىتىدە بىشى قىيىپ، كەينى ــ كەينىدىن يىقىلىپ چۈشۈۋاتقان، بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان شەقيائۇز زۇھا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زار ــ زار يىغلىغىنىچە ئەمىر مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بارغاندا، شۇنچە مۇستەھكەم ھۆكۈمرانلىق ئۈلگىسىنى ياراتقان مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ياخشى ئەمەللەردىن ئىلىنىدىغان بۇ جان ئالغۇچ جاۋاپكارلىقنىڭ تەسەۋۋۇرىدا، ساقال يۇلۇپ، پەرياد چېكىۋاتقان، ھەتتا ئۆزىنى تۇتالماي ئۇزۇنغىچە ئىسەدەپ يىغلىغانلىقى تۆپەيلى تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، جان ئۈزۈشكە تاس قىلىۋاتقان.

ناۋادا بىز بۇ پىغانلىق تارىخنىڭ ئىككىنچى بېتىگە قارايدىغان بولساق، كېچىلەرنىڭ قاراڭغۇ سۈكۈناتلىرىدا ئاخىرەت خەۋپىدىن ئاھ ئۇرۇش بىلەن ئۆز ۋۇجىدىنى پۇچىلاۋاتقان يەنە بىر زاتنى ئۇچرىتىمىز. بۇ دەل ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، ئۇنىڭ يالغۇز بىر قانچە كېچىسى ئەمەس، بەلكى بارلىق كېچىلىرى نالە ــ پەريات قىلىش بىلەنلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ ھەر كۈنى دېگۈدەك تەڭ كېچىدە "ئى نەپسىم! سەن نېمە دەپ ئەشۇنداق ئىشلارنى قىلغانسەن؟ نېمە دەپ ئاقىۋەتتە بۇنىڭدىنمۇ دەھشەتلىك ئوتقا دۇچار قىلىدىغان ئەشۇ گۇناھنى سادىر قىلغانسەن؟" دېگىنىچە لاۋۇلداپ تۇرغان شام ئوتىدا ئالقىنىنى كۆيدۈرۈپ، ئۆز ــ ئۆزىنى ۋىجدانىي سوتقا تارتتى. پۈتۈن ئىسسىيادى قورقۇنۇشلۇق دوزاق ئوتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى مانا شۇنداق ئەمەلىي تەپتىنى ھىس قىلىش بىلەن غەرىق بولۇپ كەتكەن بولغاچقا، دۇنيانىڭ ئوتىدا پىژىلداپ كويىۋاتقان ئالقىنىنىڭ چىدۇغۇسىز ئىچىشىشلىرىنى سەزمەيتى. ئۇنىڭ ئاخىرەتشۇناس ئويغاق كېچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇنداق ئۆز روھىغا ۋىجدانىي مالامەت تىغلىرىنى سانجىش بىلەن ۋە قىلغان ئەمەللىرىنى بىر ــ بىرلەپ ساناپ چىقىش بىلەن ئۆتۈپ كەتسە، كۈندۈزلىرىنىڭ كۆپ قىسمى ھاياتلىق ئۇيقۇسى تاماملىنىدىغان ئاخىرەت

سەھىرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئۆز تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشكىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالماي ئۆتۈپ كېتەتتى. چۆللۈكنىڭ پىژ — پىژ ئاپتاپلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك روزا ئاچلىقى ۋە ئۇسسۇزلۇقى تۈپەيلىدىن ئىچ — باغرى تارتىشىپ، كارنايلىرى ئوتۇندەك قۇرۇپ كەتكەن ئەشۇ ھالسىز ۋۇجۇدىنى داغلىماي ئۆتمەيتى.

ئاخىرى ئۇنىڭ كۈچ — قۇۋۋەتكە تولغان ياشلىق دەۋرى قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرنىڭ تىرىك داستانىنى كېچە ـ كۈندۈز يېزىش بىلەن ئۆتۈپ كېتىپ، مانا ئەمدى دەرت — ئەلەمدىن خالى بولالمايدىغان قېرىلىق دەۋرىنىڭ بوسۇغىسىغا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ قېرىغانچە زەئىپلىشىشكە باشلىغان جىسمىغا ئەگىشىپ، چېكىشۋاتقان ئاھ — پەرياتلىرى پەس كويغا چۈشۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تېخىمۇ ئۇلغىيىپ يالقۇنلاشقا باشلىدى. چۈنكى ئەمدىلىكتە ئۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىنتايىن نازۇك ھەل قىلغۇچ باسقۇچىنىڭ تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ئىنسان ھاياتى بويىچە قول، پۇتلىرى ئارقىلىق ياخشى ياكى يامان تەرىزدە يېزىپ پۈتكەزگەن ئەشۇ مەۋھۇم ھاياتلىق داستانىنى تۇنجى قېتىم ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدىغان ھېساپ كۈنىنىڭ مەنزىرىسى تېخىمۇ يېقىنلاپ قالغاندەك ئىدى. ئىنسانىيەتنىڭ ئەيىپ — نۇقسانلىرىغا سەمىمىي كۆڭۈل بۆلۈش ياكى باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش بىلەن ئۆمرى ئاياقلاشقان ئۆتكۈر نەزەرلەر تۇنجى قېتىم ئۆز ۋۇجۇدىنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندە، شادلىقتىن مەستانە ياكى ھەسرەتتىن بىھوش بولۇپ كېتىدىغان قىيامەت كۈنىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. شېرىن ئويقۇ، لەززەتلىك تائاملار تۈپەيلىدىن ئۆمۈر بويى پارقىراپ ئۆتكەن ئاپئاق چىرايلارنى بىردىنلا رەزىللىكنىڭ قارا داغلىرى بىلەن ھالاكەتنىڭ قاباھەتلىك قورۇقلىرى بېسىپ كېتىدىغان مەھشەر كۈنىنىڭ بىر غىرىچلا قالغانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى. ھەممە يەنە ئاخىرەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە سارغىيىپ ئۆتكەن چىرايلارنى جەننەتنىڭ دەسلەپكى تاڭ قوياشى نۇرغا

چۈمدۈرۈپ‌تىدىغان ئەشۇ بەختىيار مىنۇتلارنىڭمۇ قوچاق ئېچىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇشۇ ياشقا كەلگەندىمۇ يەنىلا ئۈزمەي روزا تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن بىرسى كۆيۈنگەن ئاساستا: "ئۆزىڭىزنى ئۆلۈمگە ئىتتىرمەكچىمۇ؟ قېرىغان جىنىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسا بولمامدۇ؟" دەپ سورىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب روھلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ھەسرەتلىك يىغانلار كۆزلىرىدىن تاراملاپ ئاققان ياشلىرى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپماقتا ئىدى. ئۇ كۆيۈنگۈچە ھەسرەتلىك قاراپ: "مەن پۈتۈن ھاياتىمنى تەييارلىقى ئۈچۈنلا سەرپ قىلىپ ھالسىزلىنىپ كەتكەن، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ داۋانلىرى شۇنچە مۇشكىل، ئۆتەڭلىرى شۇنچە مۇرەككەپ بۇ ئۇزۇن سەپەرنى سەنمۇ ئازراق تەسەۋۋۇر قىلالىساڭ ئىدىڭ كاشكى!" دەپ جاۋاب بەردى.

تېخىچە كۆزلىرى كۆرۈپ باقمىغان ئاخىرەتتىكى سوراق كۈنىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا تىنىمسىز تۆكۈۋاتقان يىغانلىق ياشلىرىغا قوشۇپ بىر كۆزىنىمۇ پۈتۈنلەي ئېقىتىپ تاشلىغان ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قىتىم قۇملۇق چۆلدە تۆگىسىنى يېتىلەپ كېتىپ باراتتى. تۆگە گەرچە چۆللۈكتە تىز يۈرەلەيدىغانلىقى بىلەن تونۇلغان ئالاھىدە جەڭگىۋار بولسىمۇ، بۇ قىتىم قوياشنىڭ پىژ ــ پىژ ئاپتىپىغا بەرداشلىق بىرەلمەي ھالىدىن كېتىپ قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ، يەنى، پۈتۈن ئۆمۈرىنى ئاللاھنى ئەسلەپ يىغلاش بىلەن ئۆتكەزگەن، ھازىرمۇ روزا ئاچلىقىغا ۋە چىدىغۇسىز ئۇسسۇزلىقىغا پەرۋاسىز سەپەر قىلىۋاتقان ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىدامچانلىقتا ئۆزىدىن نەچچە قەدەم ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتى. ئۇنىڭ لەۋلىرى قۇرۇپ، كۆكىرىپ كەتكەن، چىرايى ھالسىزلىقتىن پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، قۇملۇقتا يەنىلا تۆگىسىنى سورىگەندەك يېتىلەپ كېتىپ باراتتى.

ئاھ! بەندىچىلىكنىڭ ئەنە شۇنداق مۇشەققەتلىك باشقۇچلىرىدىمۇ ئۇنى چۇڭقۇر روھىي مەمنۇنىيەتتىن ھۇزۇرلاندۇرىۋاتقان زادى قانداق ئىشەنچ ۋە زادى قانداق بەختنىڭ ئىنتىلىشچان مەھلىيالىقىدۇر؟! قېنى بىزنىڭ تەسەۋۋۇر كۆزلىرىمىز شۇ ھەقىقەتنى كۆرۈپ يېتەلەرمۇ؟!

ــ جىسمىڭىزغا بولسىمۇ ئازراق ئىچىڭىز ئاغرىسۇن.

دۇنيا ئۇنىڭغا كۆيىنىپ شۇنداق دەۋاتاتتى.

ــ مانا ئىچ ئاغرىتىۋاتىمەنغۇ؟!

ھەزرەتى ئەسۋەد ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قەتئىي ئىشەنچكە تولغان ھالدا خىتاب قىلماقتا ئىدى. ئۇ: "ئەجەبا مۇشىنىڭ ئۆزى جىنىمغا ئىچىمنى ئاغرىتقانلىقىم ئەمەسمۇ؟ دۇنيانىڭ بارچە شېرىن لەززەتلىرى ئىنسانغا ئاسىيلىق قىلدۇرىدىغان، ھەر ـ ھەركاتتا تاغدەك مۇستەھكەم قامەتلىك جىسىملارمۇ، دۇنيانىڭ بارچە شانلىق ھەقىقەتلىرىنى گويا بىر قېتىم كۆرگەن چۈشتەكلا ھېس قىلدۇرىدىغان، ھەتتا ھەممە ئەتراپقا ئوت چاچرىتىۋاتقان قىيامەت بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقىدىن باشقا ئىككىنچى بىر ھەقىقەت مەۋجۇت بولمايدىغان ئەشۇ ئاخىرەت كۈنىدە مەن ئۆز جىسمىمغا ئازاب ئەمەس، راھەت يەتكۈزەي دەۋاتىمەنغۇ؟!" دەپ جاۋاپ بەردى.

دەرۋەقە، قازا ۋە قەدەرنىڭ دائىرىسى ئىچىدىكى ئىنسانىيەت كارۋانلىرىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتقان مانا بۇ مۇشەققەتلىك مۇساپىنىڭ تۇنجى مەنزىلى دەل نامازدىنلا ئىبارەتتۇر. ئەمما بۈگۈنكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆيلىرىدىن نېمە ئۈچۈنكىنتاڭ؟! يەنىلا جەينىمازنىڭ دېرىكىنى ئالغىلى بولمايدۇ. ئىسلامنىڭ جامائەت نامىزىغا قاراتقان قاتتىق ئەھكاملىرى بويىچە بولغاندىغۇ، ئۆيدىكى جەينىمازدا ئادا قىلىنغان نامازلار جانسىز، يېرىم ناماز بولۇشتىن باشقا سالاھىيەتكە ئىگە بولالمايدۇ. بولۇپمۇ دىنىمىزدا خۇپتەن بىلەن بامدات نامىزىغا شۇنچىلىك

قاتتىق ئەھمىيەت بېرىلگەنكى، ھەتتا ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مەغپىرەت دۇئاسى قىلىدىغان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك باغرى يۇمشاق زات ئەشۇ ئىككى نامازنى ئۆيدە ئادا قىلغۇچىلارغا ئۆزىنىڭ ئاجايىپ شىددەتلىك غەزەپ نەپرىتىنى بىلدۈرگەن ئىدى ۋە بۇ ھەقتە توختۇلۇپ: "ئەگەر بىگۇناھ ئاياللار ۋە ئۇششاق بالىلارنىڭ ئۆيدە ماۋجۇتلىقى توسالغۇ بولمايدىغان بولسا، ئىنسانلار ئارىسىغا قوپۇرۇلغان شەيتانىي سېپىللاردىن ئىبارەت ئەشۇ ئۆيلەرگە چوقۇم ئۆز قولۇم بىلەن ئوت قويغان بولاتتىم" دېگەن ئىدى.

ئىنىقكى، مانا شۇنداق نازۇك چاغلاردا مەسجىدكە بارمايدىغان، جامائەتنىڭ يىقىملىق، پاك سادالىرىنى ئاڭلاپمۇ، ئۆيىنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەھكەم تاقاپ ئۇخلايدىغان ئىنسانلارنىڭ قانداق ئۇلۇغ بايلىقتىن مەھرۇم بولىدىغانلىقىنى، ئۇنداق ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە ئىلاھىي ئازابنىڭ قانداق يالقۇنلۇق تاغلىرى گۆمۈرۈلۈپ چۈشۈش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى ھېچكىشى بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. شۇنداقلا ھەر ئىككى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەشۇ غەزەپ ــ نەپرەتلىك سۆزلىرىدە ئىنسانىيەتنى زادى قايسى خىل ھالاكەتتىن ساقلاپ قىلىش ئىستىكىنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنىمۇ ھېچكىشى بىرنېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، بىز مۇسۇلمانلار خۇپتەن بىلەن بامداتنىڭ ئەشۇ نازۇك لەھزىلىرىدە مەسجىدلىرىمىزدىكى يېرىم ــ ياتە جامائەت روھىنىڭ بىزلەرنى "قېنى ئاخىرەتنىڭ ھەقلىككە ۋە ئاخىرەت ئازابىنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ كاتتا قورقۇنۇشلۇق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە چىن قەلبىدىن ئىشەنگەن قېرىنداشلار دەرھال سەپكە كەلمەمسىلەر؟!" دەپ ئازابلىق نىدا قىلىۋاتقانلىقىغا پەرۋاسىز غەپلەت ئۇيقىمىزغا مەستانە پۈشۈلداپ ياتىدىغاندىمىز. دېمىسىمۇ، بۇنداق مەنىۋىي ئۆلۈمگە مەھكۇم بولغان ئىنسانلاردا تۇنجى تەكبىر بىلەنلا جامائەت سېپىگە قېتىلىشنىڭ ئۇلۇغۋار ساۋابىنى ھاسىل قىلىش ئىشتىياقى نەدىمۇ پەيدا بولسۇن دەيسىز؟

لېكىن شۇنىسى ئېنىقكى، ئاخىرەتكە بولغان ئىمان بىلەن ئىشەنچ قەلب، روھلاردىن چوڭقۇر ئورۇن ئالالىدىغانلا بولسا، ئىنسان ھاياتىدا باشقىچىلا بىر ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش پەيدا بولماي قالمايدۇ. ئاندىن خۇددى ھەزرەتى ئەئمەش رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش يەتمىش يىللىق ھاياتى داۋامىدا بىر قېتىممۇ تۇنجى تەكبىرنى قولدىن بېرىپ قويمايدىغان نامازخان ئەزىمەتلەرمۇ بارلىققا كېلىشكە باشلايدۇ. خۇددى ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قىرىلىقنىڭ زەئىپلىكى بىلەن جىسمانى پالەچلىك تەڭلا چىرمىۋالغان ئەھۋالدىمۇ يەنىلا ئۆملەپ مەسجىدكە بارىدىغان ھەقىقىي مۆمىنلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. چۈنكى ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلب، ۋۇجۇدى ئاخىرەتكە بولغان ئىمان ھەم ئىشەنچ بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن بولغاچقىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرەتلىك ھاياتىنى نۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن (بىز تۆت كۈنلۈك دۇنيا ھاياتىمىزنى بىزەشكە سەرپ قىلىۋاتقان ئەمگەكلەردىن) نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئەمگەك سىڭدۈرەلىگەن. خۇددى بۈگۈنكى كۈندىكى بىز مۇسۇلمانلار كېسەللىرىمىزگە شىپالىق تېپىش ئۈچۈن، ھاسا، تاياقلارغا تايانغان ھالدا دوختۇرخانىغا يۈگرەشنى موھىم بىلگىنىمىزگە ئوخشاش ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىزدەش ئۈچۈن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ مۈرىسىگە تايانغان ھالدا پالەچ پۇتلىرىنى كۆچەپ سۆرىگەنچە ھەرقانداق ئەھۋالدا مەسجىدكە بېرىشنى ئىنتايىن موھىم دەپ بىلگەن.

بىر قېتىم دۇنيا ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ "ئى ئەبۇ يەزىد! ئىسلام شەرىئىتىنىڭ بۇنداق ئامالسىز ئەھۋاللارغا قاراتقان ئېتىبارلىق ئەھكاملىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆيىڭىزدىلا ناماز قىلسىڭىزمۇ بولىدىغۇ؟!" دەپ سورىدى. ئەمما ھەر قېتىم دوزاق ئازابىنى ئازراقلا تەسەۋۋۇر قىلغان ھامان يىغلاپ ساقاللىرىنى ھۆل قىلىۋېتىدىغان، ھەتتا تۆمۈرچىنىڭ يېنىدىن كېتىۋېتىپ، ئوچاقتىكى ئوتنى كۆرۈش بىلەن "بۇ ئوت دوزاقنىڭ ئۆچمەس يالقۇنلىرىنى ئېسىمگە سېلىۋاتىدۇ" دېگىنىچە ھوشسىزلىنىپ يىقىلىپ كېتىدىغان ھەزرەتى رەبىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دۇنيانىڭ بۇ

مېھرىبانلارچە مەسلىھەتىگە "مۇئەززىن "نامازغا كېلىڭلار، بەختىيارلىق تەرەپكە كېلىڭلار" دەپ چاقىرىۋاتقاندا قوپماي ئۇلتۇرىۋېرىشكە قانداقمۇ مۇسۇلماننىڭ قەلبى چىداپ تۇرالىسۇن؟ بۇ سادىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەتتا تىزچىلاپ بولسىمۇ نامازغا ماڭماي بولمايدۇ" دەپ سەبىلەرچە جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

قىسقىسى بىزدىمۇ ئەنە شۇنداق ئاخىرەتكە بولغان ھەقىقىي قورقۇنچ پەيدا بولغاندىلا ئاندىن خۇددى سەئىد ئىبنى مۇسەييىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش ھەتتا كۆچىلار قىرغىنچىلىق پاتپاراقچىلىقىغا تولۇپ كەتكەن ئەھۋالدىمۇ، بىرەر قېتىملىق ناماز ئۈچۈن مەسجىدگە بارالماسلىقنى ئۆزىگە نىسبەتەن ھەقىقىي ئۆلۈم ھېساپلايدىغان مىڭلىغان مۇجاھىد ئەزىمەتلەر ئارىمىزدىن مەيدانغا كېلىشكە باشلايدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن بىزنىڭ نۇۋەتتىكى بۇ چۈشكۈن ئىجتىمائىيىتىمىز ساھابىلەر ھاياتىنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرى ئالدىدا يەنىلا تىرناق تاتىلاپ "ئاھ  بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!" دېيىشتىن باشقىغا مۇۋەپپەق بولالمايدۇ.

كاملجان تەرجىمىسى. 2006 ـ 1 ـ 20

# ھىجرىيە كالېندارىنىڭ 1427 گە قەدەم قويغانلىق مۇناسىۋىتى بىلەن

ئا.قارلۇقىي

بۈگۈن ھىجرىيە كالېندارى 1427 گە ئىشارە قىلغان كۈن. ھەر قېتىم ھىجرىيە تەقۋىمىگە قارىغىنىمدا، ئىرادىسىزلىك، پەرۋاسىزلىقنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتقان مەدەنىي، تارىخىي مىراسلىرىمىز كۆز ئالدىمدا بىرمۇ بىر نامايەن بولۇشقا باشلايدۇ. ئىسلام دىنى تارىخىدا بورۇلۇش ھاسىل قىلغان بۇ تەقۋىم، پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسىنىڭ 13 ـ يىلى، رەببىئۇلئەۋۋەل ئېيىدا مەدىنىگە قىلىنغان ھىجرەت كۈنىگە، بۇ كالېندارنىڭ مۇقەددىمىسىنى تەشكىل قىلغان كۈنگە ئىشارە قىلاتتى. بۇ، بىز ئۇچۇن يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەتلىك ئىدى. مىڭ ئەپسۇس! بۇ تەقۋىم بىزنىڭ ھاياتىمىزنىڭ رامىزانىغىلا بەخشەندە قىلىنغاندەك، كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدىن بارا ـ بارا يىراقلاپ كەتتى ۋە كەتمەكتە.

ھىجرىيە كالېندارى قاچان، نېمىنى ئاساس قىلىپ، كىملەر تەرىپىدىن يولغا قويۇلغان؟

ھىجرىيە كالېندارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە قىلغان ھىجرەت كۈنىنى ئۆزىنىڭ باشلىنىش نوقتىسى قىلغان بولۇپ، تۇنجى يولغا كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدۇر. بىر يىل ئون ئىككى ئايدىن، ھەر ئاي يىگىرمە توققۇز ياكى ئوتتۇز كۈندىن تەركىب تاپقان. بىر يىلدا بەزىدە 354 كۈن، بەزىدە 355 كۈن بار. ھىجرىيە كالېندارى مىلادىيە يىلى ھېسابى بويىچە 16 ـ ئىيول، 622 ـ يىلى، ھىجرىيە يىلى بويىچە ھېسابلىغاندا خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ تەقۋىمنى ھىجرىيەنىڭ 16 ـ يىلى رەسمىي يولغا قويغان.

ۋاھالەنكى، ئىككىنچى خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق قوللىنىشى ئۈچۈن بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن بۇ تەقۋىم، ساھابىلەر،

تابىئىنلار ۋە كېيىنكى دەۋردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كەلگەن ئىدى. گەرچە ئۇلار ياشىغان دەۋردە مىلادىيە كالېندارى بار بولسىمۇ، بىراق مۇسۇلمان ئالىملار، يازغۇچىلار، مۇتەپەككۇرلار بۇ كۈننىڭ بىز ئۈچۈن قانچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان بولغاچقا، نوتۇقلىرىدا، يازمىلىرىدا ھامان ھىجرىيە يىلىنى قوللىنىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى يالغۇز ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدە بايان قىلىنغان نۇرغۇن ئىبادەتلەرنىڭ ۋاقتى، سائەتلىرى بۇ تەقۋىم بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى. بۇنى بىلمەسلىك ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ۋە مەرھەمىتى كەڭ بولىدىغان دەقىقىلەرنى بىلمەسلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. مىڭ، مىڭلاپ ئەپسۇسكى، بۇ تەقۋىمنى ياخشى بىلىدىغانلار ياشلارنىڭ ئىچىدىلا ئەمەس، مويسىپىتلارنىڭ ئارىسىدىمۇ دېگەندەك كۆپ ئورۇننى ئىگەللىمەيدۇ.

ئۇنداقتا، تارىختىن بىرى قوللىنىپ كەلگەن بۇ تەقۋىم قانداق بولۇپ مىلادىيە كالېندارىغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى؟

ئىسلام ئەللىرىگە قارىتىلغان مەدەنىي ياكى ئەسكىرى كېڭەيمىچىلىك ھىجرىيە كالېندارىنىڭ ئورنىغا باشلىنىش نوقتىسىنى خرىستىيانلار ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيدىغان (كاتالوكلار بىلەن ئورسىدوكسلار ئارىسىدا بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش بار) مىلادىيە كالېندارىنى مۇسۇلمانلارنىڭ رەسمىي ۋە غەيرى رەسمىي قوللىنىدىغان تەقۋىمىگە ئايلاندۇردى. بۇ ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەردە ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ كەلگەن كىشىلەر ئەسىرلەر بويىلاپ مەۋجۇد بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى مۇھىت ئۇلارنى ھە دېسىلا ئاجىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى. 20 ـ ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدىكى ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى يەر شارىنىڭ خەرىتىسىنى

قايتىدىن سىزىپ چىقتى. بۇ مەزگىلدە يەر شارى مىقياسىدا ئاجىز، دەرمانسىز دۆلەتلەر كۈچلۈكلەرنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن ھىجرىيە كالېندارى ئامالسىز ھالدا مىلادىيە كالېندارىغا ئورۇن بوشاتتى. ھازىر سەئۇدى ئەرەبىستانى ھۆكۈمىتى رەسمىي يۇسۇندا، باشقا ئەرەب ئىسلام ئەللىرىنىڭ نادىر بىر قىسمىلىرى ۋە كۆپ ساندىكى ئىسلام ئۆلىمالىرى غەيرى رەسمىي يۇسۇندا ھىجرىيە تەقۋىمىنى قوللىنىپ كەلمەكتە.

### بىدئەتنىڭ راۋاجىدا ئىمانىنىڭ سۇرىتى

"مۆھۈر كىمدە بولسا، سۇلايمان شۇ" دەپ كۆنۈپ كەتكەن ھايات قارىشىمىز بويىچە، بىزگە كىملەرنىڭ نېمىلەرنى ئۆگىتىشى مۇھىم سانالماي كەلدى. "يېڭى يىلىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن"، "تۇغۇلغان كۈنىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن"، "چاغىنىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن"... لار، يەنە شەرىئىتىمىزدە ھېچقانداق ئاساسىي بولمىغان "مەۋلۇدۇننەبىي"…. ۋاھاكازالارنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى بىزنىڭ سۈننەتكە بولغان تونۇشىمىزنىڭ ئاجىزلاشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز، ئەلۋەتتە. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "بىدئەتنىڭ زالالەتكە، زالالەتنىڭ جەھەننەمگە يول ئاچىدىغانلىقى" دىن بېشارەت بەرگەنلىكىدىن خەۋىرى بار ھەر قانداق ئادەمنىڭ ئۆزى قاتنىشىۋاتقان ۋە ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا چوقۇم ئېتىقاد يۈكسەكلىكىدىن قارىشى، ھەر بىر مەسىلىدە ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىشى ئۈنىڭدىن كۈتىلىۋاتقان ئەڭ ئاددىي تەلەپ.

شۇ نەرسىنى ئەسكەرتىش لازىمكى، كۆز ئالدىدا يۈز بېرىۋاتقان خاتالىقلارغا پەرۋاسىز قارىغانلارنىڭ ئىمانىنى بىر قاتار كۆزىتىپ چىقىشى تولىمۇ مۇھىم. بىدئەت ئەۋج ئالغان جايدا، سۈننەتنىڭ، كۈچىدىن ئېغىز ئېچىش قىيىن. سۈننەتكە پەرۋاسىز قارالغان يەردە، ھەقىقەتنىڭ جولالىشى تېخىمۇ قىيىن. مۇسۇلمانلاردا ھىجرىيە كالېندارى بويىچە يېڭى يىلنى تەبرىكلەش،

بىدئەت سانالغان يەردە، توراقلىق ۋاقتى بولمىغان مىلادىيە، چاغان... لارنى تەبرىكلەشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئوقۇرمەن ئۆزى، ئويلاپ كۆرسە بولىدۇ. دوستلار، دىنىمىز چەكلىگەن ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشقا ئىمكانىمىزنىڭ بارىچە تىرىشايلى، ئاللاھ بۇ ئارقىلىق بىزگە نىجاتلىق بەرسە ئەجەب ئەمەس. ھازىرچە دوستلار بىلەن بۇ تىمىدا موشۇنچىلىك سۆزلەشكەچ تۇرايلى.

يەنە بىر قېتىم ئۇچراشقۇچە ئامان بولۇڭلار

# بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىش ھەققىدە كەلگەن ھەدىس ۋە ماقالىلار

ترمىزى جابىر ئىبنى سەمرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "بىر ئادەمنىڭ بالىسىنى ئەدەبلىگىنى بىرئۆلچەك سەدىقە بەرگىنىدىن ياخشىدۇر."

ئىمام ترمىزى سەئىد ئىبنى ئاس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئاتا ـ ئانىنىڭ بەرگەن ھەرقانداق كاتتا نەرسىسى ئۇلارنى ئەدەبلىك قىلىپ تەربىيىلىگەندەك كاتتا ئەمەستۇر." دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەلى ئەلمەدەنى (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) : بالىلارغا ئەدەبنى مىراس قالدۇرۇش ئۇلارغا مال ـ دۇنيا مىراس قالدۇرۇشتىن ياخشىدۇر. ئەدەب ئۇنىڭغا مال ـ دۇنيا، بايلىق، قېرىنداشلىرىغا مېھرىـ مۇھەببەت ھاسىل قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇلارغا دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىكنىڭ ياخشى ئاقىۋىتىنى جەملەپ بېرىدۇ، دەيتتى.

سەلەپ ـ سالىھلارمۇ ئەدەب ـ ئەخلاقنىڭ ئەھمىيىتىنى، دەرىجىسىنى ۋە مەرتىۋىسىنىڭ يۇقىرىلىقىنى ياخشى چۈشەنگەچكە بالىلىرىنى ئەدەبلىك چوڭ قىلىشقان ۋە بارلىق ئىسلام ئۈممىتىگە بۇنى تەۋسىيە قىلىشقان. تۆۋەندىكىسى بولسا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ ئاتا ـ ئانىلارغا قىلغان خىتاب بولۇپ ئۇ مۇنداق دەيدۇ: بالاڭنى ئەدەبلىك قىلىپ ئۆستۈرگىن، ھەقىقەتەن سەن بالاڭنى قانچىلىك ئەدەبلىك ئۆستۈرگەنلىكىڭ ۋە ئۇنىڭغا نېمىنى ئۆگەتكەنلىكىڭگە مەسئۇلدۇرسەن، ئۇمۇ ساڭا ياخشىلىق قىلىش ۋە ساڭا بويى سۇنۇشقا مەسئۇلدۇر.

بالىلارنى ئەدەبلىك چوڭ قىلىشنىڭ بۇنچىلىك مۇھىملىقىنىڭ سەۋەبى بولسا ئەدەبنىڭ ئۆتكۈر ئەقىلنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ئۆتكۈر ئەقىلنىڭ ياخشى ئادەتنى بەرپا قىلىدىغانلىقى، ياخشى ئادەتتىن ياخشى تەبىئەتنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ياخشى تەبىئەت ئىگىسىدىن ياخشى ئەمەلنىڭ بارلىققا كېلىدىغانلىقى، ياخشى ئەمەل پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشنى بارلىققا كەلتۈرۈدىغانلىقى، پەرۋاردىگارىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولسا ئەبەدىيلىك بەختكە مۇيەسسەر قىلىدىغانلىقى، ناچار ئەخلاقتىن بۇزۇق ئەقىلنىڭ ، بۇزۇق ئەقىلدىن بولسا يامان ئادەتنىڭ، يامان ئادەتتىن يامان تەبىئەتنىڭ، يامان تەبىئەتتىن يامان ئەمەلنىڭ، يامان ئەمەلدىن الله نىڭ غەزىپى ۋە لەنىتىگە ئۇچراشنىڭ ۋە بۇنىڭدىن ئەبەدىي مىراس بولىدىغان خارلىققا قالىدىغانلىقى ئۇچۇندۇر.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئىبنى ئەھمەد ئەلباغدادى ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ئوغلۇم! ئەمەلىڭنى تۇزدەك، ئەدەبىڭنى ئۇندەك قىلغىن، يەنى ئەدەبلىكلىكىڭ ئۇندەك ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ بولسۇن! ھەتتا ئەدەبىڭنىڭ كۆپلىكى تۇزغا نىسپەتەن ئۇنىڭ كۆپلىكىدەك كۆپ بولسۇن! كۆپ ئەدەب بىلەن ئاز ئەمەل قىلىش، ئاز ئەدەب بىلەن كۆپ ئەمەل قىلغاندىن ياخشىدۇر. (بۇ مەزمۇننى ئىمام ئەلقۇرافى "ئەلفۇرۇق" دېگەن كىتابىنىڭ ئۇچىنچى جىلد 96- بېتىدە بايان قىلغان.)

ئىبراھىم ئىبنى ھەبىب ئىبنى شەھىت مۇنداق دېگەن: ئاتام ماڭا: فۇقەھالار ۋە ئالىملارنىڭ يېنىغا كەلگىن، ئۇلاردىن ئۆگەنگىن، ئۇلارنىڭ ئەدەب- ئەخلاقى ۋە ھىدايىتىدىن قوبۇل قىلغىن، دېگەن ئىدى.

بىر بالىنىڭ ھەدىس ئۆگىنىشتىن بۇرۇن ئەدەب ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بولسا بالىنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى ئۆگىنىش جەريانىدا ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەدەبسىز مۇئامىلىلەردە بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر.

سەلەپ ـ سالىھلاردىن بەزىسى ئوغۇللىرىغا مۇنداق دېگەن ئىدى: ئى ئوغلۇم! سېنىڭ ئەدەب ھەققىدىكى بىلىمدىن بىر باب ئۆگەنگىنىڭ مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىلىم بابىدىن يەتمىش باب ئۆگەنگەنلىكىڭدىن ياخشىدۇر.

ئەبۇ زەكەرىيا ئەلئەنبەرى: ئەدەبى بىلەن بولمىغان ئىلىم گويا ئوتۇنى بولمىغان ئوتقا، ئىلمىي بولمىغان ئەدەب گويا جىسمىسىز جانغا ئوخشاشتۇر، دېگەن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باللارغا خاس ئەخلاقلىرىنىڭ تۈرلىرى.

(1) ئاتا ـ ئانىغا ئەدەبلىك بولۇش.

ئىمام نەۋەۋي بايانىدا: بالىنىڭ، تالىپنىڭ، ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، مۇئەللىم ـ ئۇستازىنى ئىسمى بىلەن چاقىرىشتىن توسۇش، دېگەن مەزمۇندا مەخسۇس بىر باب ئايرىغان.

ئىبنى سۇننىنىڭ كىتابىدا ئەبى ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى ئۇنىڭ بالىسى بىلەن كۆرۈپ ئۇ بالىدىن: "بۇ كىم؟" دەپ سورىدى. بۇ بالا: ئاتام، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ بالىغا: "ئۇنىڭ ئالدىدا ماڭما ۋە ئۇنىڭ تىللىشىغا سەۋەبچى بولما، دېگەن. مانا بۇ ئىمام نەۋاۋىينىڭ ھەدىسكە تەتبىقلىغان شەرھىسى بولۇپ ئۇ: ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئولتۇرما ۋە ئۇنى ئىسمى بىلەن چاقىرما دېگەن.

ئەبى غەسسان ئەددابىدىن رىۋايەت قىلغان قىسسىدە ئۇ مۇنداق دېگەن: مەن كۈننىڭ تازا قىززىغان چۈش ۋاقتىدا ئاتام بىلەن چىققان ئىدىم، يولدا بىزگە ئەبۇ ھۇرەيرە يولۇقۇپ: بۇ كىم؟ دېدى. مەن: ئاتام، دېدىم. ئۇ: ئاتاڭنىڭ ئالدىدا ماڭما، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ياكى يان تەرىپىدە ماڭ! ئىككىڭلارنىڭ ئارىلىقىغا ئادەم كىرگۈزمىگىن، ئاتاڭنىڭ ئۆيىنىڭ ئۈستىدىن ماڭمىغىن، ئۇنى چۈچىتىپ قويۇسەن، سۆڭەك يېمىگىن، بەلكىم ئاتاڭ ئۇنىڭغا قاراپ يېگۈسى كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، دېدى.

تاجىدىن سەپكىي مۇنداق دېگەن: مەن ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتىم، بىر ئىت قاۋاپ كەلدى، مەن ئۇنىڭغا: جىم بول، ئىتنىڭ بالىسى ئىت، دېۋىدىم ئاتام ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ماڭا ئاچچىقلىدى. مەن: ئۇ ئىتنىڭ بالىسى ئىت ئەمەسمۇ؟ دېدىم. ئاتام: كەمسىتمەسلىك مەنىسىدا شۇنداق دېسەڭ جائىز بولىدۇ، دېدى. مەن: بۇ پايدىلىق (سۆز)، دېدىم.

تەبەرەنى يەنە ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئاتا ـ ئانا بالىسىغا ئۇنىڭدىن سۆيۈنگەنلىك نەزىرىدە قارىسا، بالىغا بىر قۇل ئازاد قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ." دېگەندە ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! ئەگەر ئۇچ يۈز ئاتمىش كۈن شۇنداق قارىسىچۇ؟ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ جاۋاب بەردى، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئاخىرىدا تەقۋادار ئالىملاردىن بىرىنىڭ بالىنىڭ ئەدەب ـ ئەخلاقنى كەسىپ قىلىشى ئۈچۈن يولغا قويۇدىغان ئاتا ـ ئانىغا ئەدەب بىلەن مۇئامىلىلار قىلىش لازىملىقىدىن ئىبارەت روشەن يولىنى بايان قىلىمىز.

ئىمام بۇخارى "ئەدەبۇلمۇفرەد" دېگەن كىتابىدا ۋەلىد ئىبنى نەمىردىن ئۇ ئاتىسىدىن ئاڭلىغان: كونىلار "تەقۋالىق اللہ دىن ئەدەب ئاتىلاردىن" دەيتتى دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىدەك بايانىنى كەلتۈرگەن.

بىز يوقىرىدا بالىنىڭ ناھايىتىمۇ ئەدەب ـ ئەخلاقلىق بولۇشى ئۈچۈن ئات ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى تەقۋادار ئالىملارغا يېقىن بولۇشقا، ئۇلاردىن ئىلىم ئېلىشتىن بۇرۇن ئەدەب ـ ئەخلاق ئۆگىنىشكە تەۋسىيە قىلغانلىقىنى، بالىلارنىڭ ئالىملار بىلەن بىللە بولغاندا ئۇلارنىڭ ئەدەبلىك بولۇشىنى تەلەپ قىلىشىدىغانلىقىنى بايان قىلغان ئىدۇق.

# ئىككى تەسۋىر ئىككى كۆز

شەمس نەۋىد ئوسمانى

گەرچە ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ رەھىم – شەپقىتى ۋە قەھرى ئازابىنى ئىنسانلار بىرلا ۋاقىتتا تەڭ كۆرۈپ يېتەلىسۇن دەپ، ئىنسانغا ئىككى كۆز ئاتا قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بىزنىڭ پەقەت بىرلا كۆزىمىزنى ئىشقا سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىمىز ھەرگىزمۇ سەل چاغلاشقا بولمايدىغان ئازغۇنلۇق ئەلۋەتتە.

ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەر خىل ئىگىز ـ پەس مۇساپىلىرىدا شۇنداقلا كائىناتنىڭ جەلپكار پايانسىزلىقىدا كۆنگە نەچچە مىڭلىغان ھادىسە، ئۆزگىرىشلەر ۋە ئاجايىپ مەنزىرىلەر كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ تۇرىدۇ. لېكىن بىزنىڭ كۆزلىرىمىز دائىم ئۇنىڭ روشەن تاشقى تەرىپىگىلا تىكىلىدۇ. غەيىب پەردىسىگە ئورالغان ئىچكى قاتلاملىرى بولسا، غەپلەتتىكى ئىبرەت كۆزىمىزگە چېلىقماي ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ. بىز ھايات ۋە كائىناتقا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، ئاللاھنىڭ مىسلىسىز رەھمىتىنىڭ ئۇششاق زەررىلەردىن تارتىپ تاكى كاتتا پىلانىت، سەييارىلەرگە قەدەر ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ، ئاجايىپ نۇرلۇق رىشتە ھالقىسىنى شەكىللەندۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. ئەمما بىز بۇ گۈزەل تەسۋىرنىڭ ئىككىنچى يۈزىگە قاراپ قويمايمىز. شۇنچە چەكسىز كۈچ ـ قۇدرەت ۋە شۇنچە شانلىق رەھىم ـ شەپقەت، خەيرى ـ ئېھسانلار ساھىبى بولغان ئاشۇ مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە يەنە شۇنچە دەھشەتلىك قەھرى- غەزەپنىڭمۇ ساھىبى ئىكەنلىكىنى زادى خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمايمىز. بۇ يەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش لازىمكى، ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە قەھرى ـ غەزىپىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل تەسۋىر ئاسمان بىلەن زېمىن ئارىسىدا توختىماي جەۋلان قىلىپ، بىزنىڭ ئىبرەت ھەم تەشەككۇر، ئۈمىد

ھەم خەۋپتىن ئىبارەت ئىككى كۆزىمىزنى ھەر مىنۇت، ھەر بىر دەقىقە ئۆزى تەرەپكە نەزەر سېلىشقا چاقىرماقتا.

قانچىلىغان دىلكەش باھار كارۋانلىرىغا قونالغۇ بولۇپ بەرگەن ئايىغىمىز ئاستىدىكى ئۇستى كۆكتاتلىق بۇ پۇچۇق زېمىن ئۆز نۆۋىتىدە يەنە، مۆلچەرلىگۈسىز ئاپەتلىك ۋۇلقان ماگمىلىرىنى مەھكەم باغرىغا بېسىپ، ئاللاھنىڭ بىرلا ھۆكمى بىلەن پارتلاشنى كۈتۈپ ياتماقتا. يۇز - كۆزلىرىمىزنى شەپقەت بىلەن يىنىك سىلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ مەيىن شاماللارمۇ ئۆزى بىلەن بىرگە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق بوران - چاپقۇن، قويۇنلارنى دائىم يېتىلەپ يۈرمەكتە. ھېس، تۇيغۇلىرىمىزنى قاناتلاندۇرۇپ، ئاجايىپ شېرىن ھاياجانلارغا سالىدىغان ئاشۇ يامغۇر بۇلۇتلىرىمۇ پۈتكۈل ئىشرەت ئالەمىمىزنى ئېقىتىپ تاشلايدىغان ھالاكەتلىك كەلكۈنلەرنى ھەمدە بىرلا چېقىش بىلەن پارچە باغۇ - ئىراملىرىمىزنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان رەھىمسىز چاقماقلارنى يۈدۈپ، دائىم ئۈستىمىزدە لەيلەپ يۈرمەكتە. بىزنى ھاكاۋۇرلاشتۇرۇپ، ئىنسانلارنى ئۆلۈمگە ئىتتىرىشتىنمۇ چۈچىمەس قىلىپ قويىۋاتقان ئاشۇ غالىپ ھاياتىمىز دائىم ئەزرائىل قىلىچىنىڭ سايىسى ئاستىدا نەپەسلەنمەكتە. بىز ئۇيالماستىن يوروقلىقى ئاستىدا نومۇسلۇق جىنايەتلەرنى سادىر قىلىپ تۇرىدىغان ئاشۇ ئاي بىلەن قوياشنىڭ نۇرلىرىدا قانچىلىغان ئاتوم يادرولىرى موكەپ ياتماقتا؟ بۇلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىزنىڭ ئىبرەت كۆزلىرىمىز تېخى غەپلەتتىن ئويغىنىپ باققىنى يوق. قىسقىسى، دۇنيادىكى بارچە مەۋجۇتلۇق بىزگە شۇنى ئېنىق جاكالاۋاتىدۇكى، پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاخىرقى ئۆلۈم باسقۇچى بولغان "قىيامەت" كۈنسېرى، سائەتمۇ سائەت، مىنۇتمۇ مىنۇت دۇنياغا يېقىنلاپ كەلمەكتە. "قىيامەت"نىڭ ئۇ تەرىپىدىكى باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان ئىنتىھاسىز ئاخىرەت ھاياتىنىڭ ئىككى قىرغىقىدا، ئاللاھنىڭ رەھىم - شەپقىتى ۋە غەزەپ - نەپرىتىنىڭ سىمۋولى بولغان "جەننەت" بىلەن "دوزاخ" نىڭ ئىككى خىل مەنزىرىسى بارلىق ئىنسانىيەتنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ھەر قانداق بىر ئىنسان ئۆمىدى ھەم خەۋپىنىڭ بۇ ئىككى

مەنزىرىسىنى بويلىغان هالدا ئەنە شۇ كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى خىل ئالەمنى تەسەۋۋۇر قىلىدىغان بولسا، غەيب پەردىسىگە ئورالغان بۇ ئىككى ھەقىقەت ئۇنىڭ ئىمان، ئىشەنچىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى نامايەن قىلماي قالمايدۇ. ئۇنىڭ پۈتكۈل دۇنيالىق ھاياتى ئاخىرەتنىڭ پايانسىز، كەڭرى ئېتەكلىرىدە گوياكى بىر ئەرزىمەس قۇم زەررىسىدەك نەزەردىن ساقىت بولماي قالمايدۇ.

هازىرقى دەۋردە ۋاقىتنىڭ توسۇۋالغۇسىز دولقۇنلىرى ئىنسان ھاياتىنى ئۆلۈمنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى نامەلۇم ساھىللارغا سۈرۈپ كېتىۋاتقان بولسا، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە "ئىمان" ئىنسانىنى ئاشۇ ساھىللار تەرەپكە تەشەببۇسكار ئىنتىلىشكە ئالدىرىتاتتى. بۇندىن 1500 يىل ئىلگىرىكى ئەجدادلارغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇلار دۇنيانىڭ شوخا ـ تېكەنلەر بىلەن تولغان مۇشەققەتلىك داۋانلىرىدا جاراھەت ۋە ئازابلاردىن ھالسىزلىنىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا جەننەتنىڭ گۈزەل تەسەۋۋۇرىدا ئۆزىنى ئۇنتۇپ، ئاجايىپ شېرىن روھى مەمنۇنىيەتتىن ھوزۇرلىناتتى. جەھەننەمنىڭ ئاتەش، يالقۇنلىرىنى ئەسلىگەنلىرىدە بولسا، دۇنيانىڭ ئەك ئېسىل مەستخۇشلۇق پاراغەتلىرى ئىلكىدە بولغان ئەھۋالدىمۇ، خۇددى ھېچ نەرسىسى يوق مەھرۇم ئىنساندەك بىچارە ھالەتكە كېلىپ قالاتتى. ئۇلارنىڭ ئىمانى خۇددى ۋۇجۇدىغا يېقىلغان ئۆچمەس مەشئەلدەك لاۋۇلداپ يېنىپ، ئۆزىنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى ھەر نەپەستە بىر قېتىم ئەمەلى جاكارلاپ تۇرسىمۇ، ئۇلار يەنىلا "بىباھا ئىمانىمىز قەلبىب، ۋىجدانىمىزنىڭ قاراڭغۇ بۇلۇڭلىرىدا غەپلەت ئۇيقۇسىغا كېتىپ قالدىمۇ قانداق؟!" دەپ، ھەر لەھزىدە بىر تەشۋىشلىنەتتى. ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدى ئىمان يالقۇنىنىڭ تەپتىدە ئېرىپ بەزىدە مومغا ئايلانسا، يەنە بەزىدە يالقۇنلۇق چوغقا ئايلىناتتى. ئۇلار جىسىم، روھىدا لاۋۇلداپ تۇرغان ئىمان يالقۇنىنىڭ تەشنا ھارارىتىنى بەزىدە كېچىلەرنىڭ جىمجىت قاراڭغۇلىقىدا جەينامازغا تۆكىۋاتقان ئەلەملىك ياشلىرى ۋە ئاھ چېكىپ بۇقۇلداپ يىغلاشلىرى بىلەن سۇۋۇتىشقا تىرىشسا، يەنە بەزىدە كۆڭدۈزدىكى قايناق ھاياتلىق مەيدانلىرىدا ئاققۇزىۋاتقان

ھالال قان ـ تەرلىرى بىلەن نەملەشكە تىرىشاتتى. ئۇلارنىڭ مۇجاھىدانە تۆككەن قان، تەر، ياشلىرى خۇددى ئوتقا چىچىلغان ياغدەك ۋۇجۇدىدىكى ئىمان مەشئىلىنى تېخىمۇ لاۋۇلدىتىشقا باشلايتتى. ئۇلارنىڭ ئاخىرەتكە باغلىغان ئىشەنچ، ئۈمىدى شۇ قەدەر مۇستەھكەم ئىدىكى، دۇنيانىڭ بارچە پايدا ـ مەنپەئەتلىرىنى پەرۋاسىز بىر چەتكە ئىتتىرىپ تاشلاپ، خەتەرلىك جىھاد مەيدانلىرىدا مۇقەددەس بويۇنلىرىنى قىلىچ بىسىغا تۇتۇپ بېرىشكە ئالدىرايتى. گەرچە ئاللاھنىڭ جامالى ۋە رەھىم ـ شەپقىتىنىڭ نۇرلۇق تەسەۋۋۇرى ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ھاياتىنى ھەقىقى ئەقىدەتمەن بەندىچىلىكنىڭ ئەمەلى ئوبرازىغا، گوياكى ئاجىزانە تەشەككۈرلۈك سەجدىنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇپ قويغان بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا ئاللاھنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ تەسەۋۋۇرىدا قورقۇنچلۇق تىترەكلەردىن روھ، تەنلىرىنى بىر دەممۇ ئازاد قىلالمايتى. ھەتتا ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىۋېتىپمۇ"ئاھ! ھاياتىنىڭ ھەققى ئادا بولماي قالدى" دەپ، ھەسرەتتىن تولغىناتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە ھايات ۋە پۈتكۈل كائىنات ئاللاھنىڭ گۈزەل رەھمىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ ئۇنىسىز ئالامىتى شۇنداقلا ئەمەلى نامايەندىسى بولۇپ، بۇلار "جەننەت" بىلەن "دوزاخ"دىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاتىلىشتا ئۆزىنىڭ ئاخىرقى مەنە تاكامۇللىقىغا يېتەتتى. شۇ ۋەجىدىن ئۇلاردىكى ئىمان ۋە رىئال ئەمەلىيەت قانچە يۇكسەلگەنسېرى ئۇلاردىكى ئۈمىدۋارلىق ۋە خەۋپسىرەشمۇ شۇنچە روشەنلىشىشكە باشلايتتى. ئۇلار ئاللاھغا قانچە يېقىنلاشقانسېرى ئۇلارنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىتائەت تۇيغۇلىرى ۋە ئاجىزانە بەندىچىلىكلىرى شۇنچە شانلىق نامايەن بولۇشقا باشلايتتى.

ئاللاھنىڭ دۇنيادىكى ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ ھاۋادىكى نورمال ئۆزگىرىشلەرنى، يامغۇر ياكى بورانلىق قارا بۇلۇتلارنى كۆرگەن ھەرقانداق چاغدا ئىزتىراپتىن جىددىيلىشىپ، ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىشقا ۋە توختىماي دۇئا قىلىشقا باشلايتتى.

ــ يا رسۇلۇللاھ ! ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھا ئەنھا بىر قېتىم تەئەججۈپلىنىپ سورىدى.

ــ شامال چىققان ياكى ئاسماننى بۇلۇت قاپلىغان چاغلاردا كىشىلەر "ئەمدى يامغۇر يېغىپ زېمىننى ياشارتىدىغان بولدى" دەپ خۇشاللىنىدۇ. ئەمما ئۆزلىرى بۇنداق چاغلاردا دائىم بىئاراملىق ھېس قىلىدىلا...

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھ ئەنھاغا يېقىملىق بېقىپ: ـ ئەجەبا بىلمەمسەن؟ ئاللاھ ئاد قەۋمىگىمۇ بۇلۇت ئارقىلىق ئازاب نازىل قىلغان. ئاد خەلقى شۇ چاغدا "بۇ بۇلۇتلار بىزگە سوغۇققىنە يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدىغان بولدى" دەپ خۇشال بولۇشقان ئىدى. ھالبۇكى، ئۇ بۇلۇتلار ئاد قەۋمى ئۈچۈن ئازاب ئېلىپ كەلگەن ئىدى. ئەمدىلىكتە بۇ بۇلۇت، شاماللاردا ئاللاھنىڭ ئازاۋى ئەمەس رەھمىتىلا مەۋجۇت، دەپ قانداقمۇ كۆڭلۈم تىنسۇن؟! دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولۇدۇكى، بىشىغا ئاللاھنىڭ ئازاۋى يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئاد قەۋمىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ھايات ھەم كائىناتقا پەقەت ئۇمىد كۆزى بىلەنلا قاراپ، خەۋپ ھەم ئىبرەتتىن ئىبارەت ئىككىنچى كۆزنى مەھكەم يۇمىۋالغان. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئۇلارنىڭ ئازابقا دۇچار بولغان ئاشۇ ئۆيى، ماكانلىرىنىڭ قەدىمى خارابىلىرى بىلەن قالدۇق يادىكارلىقلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار نەزەر سېلىشتىن يالتايغان ئاللاھنىڭ قەھرى ـ ئازابىنى ئەمەلىي نامايەن قىلىپ تۇرماقتا.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممەتىنىڭ غېمىدە، جۈملىدىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە پۈتۈن كېچىنى كۆز يۇمماستىن جەينىمازدا يىغلاش بىلەن ئۆتكۈزدى. شۇ كېچىسى ئۆزىنى تۇتالماي ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىۋاتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك تىللىرى قۇرئاندىكى مۇنۇ بىر ئايەتنى قايتا ـ قايتا توختىماي تىلاۋەت قىلماقتا ئىدى : "ئەگەر سەن بۇلارغا ئازاب قىلىشنى خالىساڭ، بۇلار سېنىڭ بەندەڭ

خالىغىنىڭنى قىلىسەن. ئەگەر مەغپىرەت قىلىشنى خالىساڭ، سەن چەكسىز قۇدرەت، ھېكمەتنىڭ ئىگىسىدۇرسەن"

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتلىقىدا بىر قېتىم ئاسماننى قارا بۇلۇت قاپلاپ، كۈندۈز بىردىنلا كېچىگە ئوخشاپ قالغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن خۇزەير بىن ئابدۇللاھ ئۇنىڭدىن: - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدىمۇ مۇشۇنداق ھادىسىلەر كۆرۈلەمتى؟ دەپ سورىدى.

ھەزرىتى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىسىدا ئەگەر ھاۋادا ئازراقلا ئۆزگىرىش كۆرۈلسە ساھابىلەرنىڭ ھەممىسى گويا قىيامەت بولغاندەك قورقۇنۇشقا چۆمەتتى. جىددىيچىلىكتە ھەممە ئىشلىرىنى تاشلاپ مەسچىتكە يۈگرەيتى، دەپ جاۋاب بەردى.

مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاشۇ زامانىسى قانچە ئونلىغان ئەسىر مۇساپىسى ئارقىسىدا بىز ھەممىمىزنىڭ كۆزلىرىمىزدىن غايىپ بولماقتا. گويا ئاشۇ زامان مەنزىرىسى ئاخىرەت ھەم قىيامەتنى، جەننەت ھەم جەھەننەمنىمۇ بىرگە ئېلىپ ئۆزاپ كەتكەندەك بۇ ئۆلمەس ھەقىقەتلەر ئىمانىمىز كۆزلىرىدىن بارغانچە يىراقلاپ كەتمەكتە. ھالبۇكى، مانا بۈگۈنكى زاماندىمۇ گۈلدۈرماما، چاقماقلىق يامغۇرلار، ھۇشقۇرتۇپ چىقىۋاتقان بوران ـ چاپقۇنلار، يەر تەۋرەش، ئاچارچىلىق، ئۇرۇش ئاپەتلىرى، خىلمۇخىل كېسەللىكلەر دېگەندەك تۈرلۈك ھادىسىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن باش چىقىرىپ ئىنسانىيەتنى ماراۋاتماقتا. ئەمما بىز ئىنسانلارنىڭ ئاشۇ بىر كۆزى (يەنى، ئاللاھنىڭ قەھرى ـ ئازابىنى كۆرىدىغان ئىبرەت كۆزى) يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مەھكەم يۇمۇلغان. گەرچە بۈگۈنكى دۇنيادا  يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە، ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى ئىلگىرىكى "ئاد" ۋە "سەمۇد" قەۋملىرىگە بېرىلگەن ئازابلارنىڭ مۇقەددىمىسىگە ياكى ئەۋرىشكىسىگە ئوخشاپ تۇرسىمۇ، بىزنىڭ يەنىلا ئۇنىڭغا پەرۋاسىز، ھېسسىز يۈرىشىمىز ئەنە شۇ قەۋملەرنىڭ

تەبىئىتىگە بىكىپ كەتكەن قاتمال مىجەز، خۇيلارنى ئەسكە سالماي قالمايدۇ. ماھىيەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مىجەز، تەبىئەت جەھەتتىكى بۇ خىل ئوخشىمىشىنىڭ ئۆزى ئاللاھنىڭ نازىل قىلىش ئالدىدا تۇرغان نامەلۇم ئازابلىرىنىڭ جانلىق ئالامىتى. بۇ ئالامەت بىزگە قايسى خىل ھالاكەتلىك زۇۋالىلىقتىن بېشارەت بەرمەكچى؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئەمما بىز ۋاقتىدا ئۆزىمىزنى تۈيۈپ بۇ خەتەرلىك بېشارەتتىن ئۆزىمىزنى چۈچىتەلىسەك، بەلكىم بۇ چۈچۈشتە غەپلەتتىكى ئىبرەت كۆزىمىز ئېچىلىپ، ئۇنىڭ ئىمانى كۆرۈش قۇۋۋەتلىرى ئويغىنىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلىقىدىلا جەننەتتىن بېشارەت بېرىلگەن ئون بەختىيار ساھابىلەرنىڭ بىرسى بولۇپ، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق تىلى ئارقىلىق يەتكۈزۈلگەن بۇ بېشارەتكە، جۈملىدىن ئۆزىنىڭ شەكسىز جەننەتكە كىرىدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئەمما ھەر قېتىم ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئۇلۇغۋار رەھىم ـ شەپقىتىگە تەشەككۇرانە نەزەر تاشلىغان چاغلىرىدا ئاللاھنىڭ قەھرى ـ غەزىپىنىڭمۇ شۇنچە شانلىق ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى بىر دەممۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويمايتى. شۇڭلاشقا ئۇ ھەر بىر سائەتنى، ئىنساننىڭ ئىماندىن باشقا ھېچ قانداق دوستى، ياخشى ئەمەلدىن باشقا تايانچى، ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ياردەمچىسى بولمايدىغان، ھەتتا ئىنساننىڭ جىسمىمۇ ئىنسانغا بولاشمايدىغان، ئىنسان تۇنجى قېتىم جەننەت بىلەن دوزاخ ئوتتۇرىسىدا ئۆزى تەنھا جاۋابكارغا ئايلىنىدىغان، تەقدىرىنىڭ قارارىغا بىنائەن ئىنسان دۇنيادىن ئۇزاپ، ئاخىرقى مەڭگۈلۈك غەلىبە تەرەپكە ياكى مەڭگۈلۈك مەغلۇبىيەت تەرەپكە بۇرۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ نازۇك دوقمۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئۆتكۈزەتتى.

بىر كۈنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇشقاچنىڭ باغدا، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ، شوخ سايراپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇنىڭغا ئاجايىپ زوقلانغان ھالدا بىچارىلەرچە كۆزلىرىنى

مولدۇرلىتىپ قاراپ: - مەن ئەبۇ بەكرىمۇ ساڭا ئوخشاش قۇشقاچ بوپ قالغان بولسامچۇ؟! كاشكى، سەندە نە ئاخىرەتنىڭ غېمى، نە مەھشەر كۈنىدىكى سوئال – سوراقنىڭ قورقۇنچىسى، بەھوزۇر يەپ - ئىچىپ دەرەخلەرنىڭ سالقىن سايىلىرىدا شاختىن – شاخقا قونۇپ، شۇنچە ئەركىن ئوينىاپ يۈرىيسەن. سەن ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ خەۋپىدىن نىمە دېگەن ئازات؟" دېگىنىچە ئېغىر ھەسرەتلەنگەن ئىدى.

ئەمما بۈگۈنكى دەۋردىكى بىز مۇسۇلمانلار، قىيامەت كۈندىكى مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىگە شۇنداقلا ئاشۇ قورقۇنچلۇق سائەتلەرنىڭ بارلىق نازاكەتلىرىگە تولۇق ئىشىنىدىغان تۇرۇپمۇ، يەنىلا پەرۋاسىز قىلىۋاتقان ناشايان ئىشلىرىمىز تۈپەيلى بىخۇتلۇقتا ئاشۇ نادان قۇشقاچتىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىۋاتماقتىمىز. ھالبۇكى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمان كەلتۈرگەن ئاخىرەتتىكى قورقۇنچلۇق باسقۇچلارنىڭ ھەممىسىگە بىزمۇ ئوخشاشلا ئىمان كەلتۈرگەن. لېكىن بىزدىكى بىخۇتلۇقتا قاراپ بەلكىم شاختا سايراپ يۈرىيدىغان ئاشۇ قۇشقاچمۇ "تووۋا!" دەۋەتمەي تۇرالمىسا كېرەك. چۈنكى قۇشقاچ چېغىدا ئاللاھتىن ئەيمىنىشتە پۈتكۈل كائىناتنىڭ ئاۋازىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئۆز ياراتقۇچىسىغا دائىم ھەمدۇ ـ سانا يوللايدۇ. بىراق بىزچۇ؟ بىز ئەتىدىن كەچكىچە قورساق غېمىدە، ئاچلىق ئوتىنى پەسلىتىشنىڭ ھەلەكچىلىكىدە، جەھەننەمنىڭ مىليونلاپ ئىنسانلارنى يالماپ بولۇپمۇ، "هل من مزيد" (يەنە بارمۇ؟) دەپ توختىماي تووۋلاپ تۇرىدىغان ئۆچمەس يالقۇنلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىمىز. ھەتتا مەھشەر كۈنىدىكى نەيزە بويى ئۆرلىگەن قۇياشنىڭ بارلىق قۇدۇق سۇلىرىنى قاينىتىپ پارغا ئايلاندۇرىۋېتىدىغانلىقىنى، ئۇ كۈندە تەر دېڭىزىغا غەرىق بىز ئىنسانلارنىڭ كارنايلىرى ئۇسسۇزلۇق شىددىتىدە تېكەنلىشىپ ئوت تىنىدىغانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمايمىز.

ئاھ! "بېخۇتلۇق"، "ھېسسىزلىق" دېگەن بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس؟ بۇ دەل جىسمىمىزنىلا ئەمەس، بەلكى، روھىمىزنىمۇ قانغا بويىغان، ئۆز ـ ئۆزىمىزنى ھالاك قىلىۋاتقانلىقىمىزنىڭ ئەڭ قەبىھ كۆرۈنۈشى بولماي نېمە؟!

ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئەرەبلەر ئارىسىدا تاش يۈرەك، قورقۇمسىزلىقى ۋە ئۇرۇش خۇمار، قاتتىق قوللىقى بىلەن داڭ چىقارغان كىشى بولۇپ، ھەتتا چوڭلۇقتىكى ياۋايى بەدىۋىيلەرمۇ ئۇنىڭدىن لاغ ـ لاغ تىترەيتى. ئۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تۆنجى بولۇپ قىلىچىنى يالىڭاچلىغان، ھەتتا شۇ مەقسەتتە كېتىۋېتىپ غەزەپتىن ئۆز سىڭلىسىنىمۇ رەھىمسىزلەرچە قامچىلىغان كىشى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ ـ نەپرىتى بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى "رەھىم قىلىش" ياكى "قورقۇش" دېگەننى ئەسلا بىلمەيتى. ئەمما ئىسلامنىڭ ھەققانىيەت قوياشى ئۇنىڭ روھ، ۋىجدانىدا پارلىشى بىلەن تەڭلا ئۇمىد ھەم خەۋپتىن ئىبارەت ھەر ئىككىلى كۆزى ئاللاھ تائالانىڭ مېھرى ـ شەپقىتى ۋە غەزەپ - نەپرىتى بىلەن دېدارلىشىش ئۈچۈن شۇ قەدەر شىددەتلىك ھاياجان ئىلكىدە ئېچىلىپ كەتتىكى، كۆزلىرىدىن تىنىمسىز تۆكىلىۋاتقان ھەسرەتلىك ياشلار ئۇنىڭ بارچە قوپال، قاتتىقلىقىنىمۇ يىرگە ئېقىتىپ كەتتى. گەرچە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئەبەدىيلىك مەغپىرەت ھەم جەننەت بىلەن ئۆز ۋاقتىدىلا بېشارەت بېرىلگەن بولسىمۇ، ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىقنىڭ ھەيۋىتىنى ۋە مەھشەر كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق زىلزىلىسىنى ئەسلىگەنلىرىدە كېچە ـ كېچىلەپ جەينىمازدىن قوپماي ئۇن سېلىپ يىغلاپ چىقاتتى. ئاللاھنىڭ غەزەپ نەپرىتىنىڭ ھەيۋەتلىك تەسۋىرى كۆز ئالدىدا جەۋلان قىلغان شۇنداقلا ئىنساندىكى تەبىئىي ئاجىزلىق ھەم ئازغۇنلۇقلارنى تەسەۋۋۇر قىلغان چاغلىرىدا ئەرزىمەس قۇم زەررىلىرىنى ئۆزىدىن ئەلا بىلەتتى. چاڭگىلىدا كۆتىرۋالغان تويىغا قاراپ: - "سەن ئۆمەردىن نېمە دېگەن ياخشى! چۈنكى سېنىڭ ئاخىرەتتە بېرىدىغان ھېچقانداق جاۋابكارلىقىڭ يوق" دەپ

خىتاپ قىلىشقا باشلايتتى. تەقۋالىق ھەم پىداكارلىقتا مىسلىسىز  يۈكسەك مەرتىۋە بۈرچىنى ياراتقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەتتا ئاخىرەت خەۋپىدىن ئازابلىنىپ تولغىنىپ: - "ئاھ! ئانام مېنى تۇغمىغان بولسىكەن، كاشكى." دەپ ۋاقىرىغىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن چاغلىرىمۇ بولغان.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قېتىم ھەر قانداق مۆمىندە كەم بولسا بولمايدىغان ئۈمىدۋارلىق بىلەن خەۋپسىرەشنى ئىپادىلەپ :{ئەگەر قىيامەت كۈنى "بارلىق كىشىلەر مەغپىرەت قىلىنىپ جەننەتكە كىرگۈزۈلسۇن، پەقەت بىرلا كىشى دوزاخقا تاشلانسۇن" دەپ جاكارلانسا، بەلكىم ئاشۇ بەختسىز بىر ئىنسان مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن. ناۋادا"بارلىق كىشىلەر جەھەننەمگە تاشلىنىپ، پەقەت بىرلا كىشى جەننەتكە كىرگۈزۈلسۇن" دەپ جاكارلانسا، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن يەنە شۇنچىلىك ئۈمىدۋارمەنكى، بەلكىم ئاشۇ بەختلىك بىر ئىنسان مەن بولۇشۇم مۇمكىن، دەپ ئويلايمەن.} دېگەن ئىدى.

ئۈمىد بىلەن خەۋپتىن ئىبارەت بىر ـ بىرىگە زىت بۇ ئىككى خىل تۇيغۇنى بىرىكتۈرۈپ، ئۇ قەدەر بەدىئىي، ئوبرازلىق تەسۋىرلەپ بېرىش پۈتكۈل ئەدەبىيات دۇنياسىدا ئاندا ـ ساندا ئۇچراتقىلى بولىدىغان بىر ئىش. مانا ئەمدى ئۈمىد بىلەن خەۋپنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەڭداشسىز ئىمانغا ئىگە ئۇ زات ئۆز پەرۋەردىگارى بىلەن ئۇچرىشىپ بولدى. ئەمما بىزنى ئۇ مەنزىلگە يەتكۈزىدىغان باسقۇچلار تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئۆلۈم ۋە قەبرىدىكى تەنھالىق، مەھشەر مەيدانى ۋە ئاخىرەتتىكى جاۋابكارلىق، جەننەت ھەم جەھەننەم... مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى كۈتمەكتە. لېكىن بىز .... بىز بۇلارنىڭ ھېچ بىرىنى كۈتۈشنى خالىمايمىز.

"قەبرى" ئىنسانغا نىسبەتەن ئۆلۈمدىن كېيىنكى تۇنجى مۇشەققەتلىك مەنزىل. ئۇنىڭ ۋەيرانە چۇققۇرلۇقلىرى ئىنساننى كۈتمەيدىغان، ئىنسانغا ئىندا قىلمايدىغان بىرمۇ كۈن يوق.

ناۋادا بىرەر مۆمىن ئۇنىڭ قوينىغا كىرسە، ئۇ: ـ "قەدەملىرىڭگە مۇبارەك بولسۇن! كەلگىنىڭ ئەجەپ ياخشى بولدى. زېمىن ئۈستىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سەنلا ماڭا يارايتىڭ، ئەمدى مېنىڭ قانچىلىك قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن" دەيدۇ- دە، ئۇنىڭ ئېتەكلىرى قەبرى ساھىبىنىڭ كۆزى يەتكەن يەرگە قەدەر كېڭىيىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ تاملىرىدىن بىر ئىشىك ئېچىلىپ جەننەتنىڭ خۇشپۇراق ھىدلىرى كىرىشكە باشلايدۇ. ئەگەر بىرەر ئاسىي گۇناھكار ئۇنىڭ قوينىغا تاشلانسا، ئۇ:- "ئېسىت! بۇ يەرگە كەلگىنىڭ ئەجەپ يامان بولدى. زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ ئىچىدە سەنلا ماڭا يارىمايتىڭ، بۇگۈن ماڭا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن، ئەمدى ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى كۆرىسەن" دەيدۇ ـ دە، قەبرى تارلىشىپ ئۆلگۈچىنىڭ قوۋۇرغىلىرىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرىۋەتكۈچە سىقىشقا باشلايدۇ. بىرلا تىنىقى دۇنيادىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھەممىنى قۇرۇتۇپ تاشلىغۇدەك ئوتلۇق تىنىدىغان ئەجدىھارلار تەرەپ ـ تەرەپتىن باش چىقىرىپ، تاكى قىيامەت بولغانغا قەدەر ئۇنى قىيناشقا باشلايدۇ.

"قەبر" پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلى بويىچە "ھەم جەننەتنىڭ بېغى، ھەم جەھەننەمنىڭ ئوڭكۈرى" گەرچە بىز ھاياتىمىزدا تالاي قېتىم ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرساقمۇ، ئۇنىڭ تەكتىدىن قىلىنىۋاتقان ساداسىز نىدالارغا قۇلاق سالاي دېمەيمىز. بىزنىڭ تاشقا ئوخشاش نۇرسىز، مۇزغا ئوخشاش ھېسسىز ئاشۇ بىر جۈپ كۆزىمىز ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر نەرسە كۆرگەندەك بولمايدۇ. بەلكىم ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زار ـ زار يىغلىشىغا، ھەتتا كۆپ يىغلىغانلىقى تۈپەيلى كۆزلىرىنىڭ كاردىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولغان نەرسە دەل ئۆلۈمدىن كېيىنكى قەبرىدىن ئىبارەت ئەنە شۇ مۇشەققەتلىك باسقۇچنىڭ قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرى بولسا كېرەك.

ــ سىلىگە نېمە بولدى؟ تولا يىغلاۋېرىپ ئۆزلىرىنى تۈگەشتۈرىۋېتىشكە ئازلا قاپلا، ھايات دېگەندە كۈلۈشكىمۇ نۇرغۇن ئىشار مەۋجۇت." دېدى، بىرسى ئۇنىڭدىن ئەجەپلىنىپ.

ھەزرىتى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق خۇرسىنغان ھالدا: - مېنىڭ يىغلىغىنىمغا ئەجەپلىنىۋاتامسەن؟ ئاللاھدىن قورقۇپ ئايمۇ يىغلايدۇ. ئاللاھدىن قورقۇپ كۈنمۇ يىغلايدۇ." دەپ جاۋاب بەردى.

بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ياش ساھابىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. قۇرئاندىكى "ئاسمان يېرىلغان چاغدا، (دوزاخنىڭ قىزىقلىقىدىن) ئاسمان قىزىلگۈلدەك، قىزىل چەمدەك بولۇپ قالىدۇ" دېگەن ئايەتكە كەلگەندە، ئۇ ساھابىنىڭ بەدەنلىرىگە بىردىنلا تىترەك ئۆلىشىپ، ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئىسسەدەپ يىغلىغانلىقى تۈپەيلى تىنىقلىرىمۇ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. "ئاھ، ئىسىت! ئاسمان يېرىلىپ چۈشكەن ئاشۇ چاغدا مەن نېمە ھالدا بولارمەن؟ مەن نېمە ھالدا بولارمەن؟" دېگىنىچە ئۆزىنى تۇتالماي ئۈن سېلىپ نالە قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ھالنى كۆرگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ئۇنىڭ يىغىسى مالائىكىلەرنىمۇ زار ـ زار يىغلىتىۋەتتى." دېگەن ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، مالائىكىلەر بەلكىم بىزگە ئوخشاش ھايۋانلاشقان ئىنسانلارغا ئىچىنىپ زار ـ زار يىغلايدىغاندۇ. چۈنكى بىز ئاسماننىڭ بىر كۈنى يېرىلىپ ئۈستىمىزگە چۈشىدىغانلىقىنى، زېمىننىڭ ئايىغىمىز ئاستىدىن چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى نورمال ئەھۋالدا ئەسلەش ئۇياقتا، ھەتتا شۇنچە ئىپلاس جىنايەتلەرنى سادىر قىلغان نۇمۇسلۇق ئەھۋالدىمۇ ئەسلەپ قويمايمىز.

ئاھ! ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقساقكەن كاشكى، بىز يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟!

كامىلجان تەرجىمىسى

# پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ھاقارەت قىلغان بەتبەختلەرگە رەددىيە!

بسم الله الرحمن الرحيم

دانىيەنىڭ "جىيلاندز پوستەن"ژورنىلى بىلەن نورۋىگىيەنىڭ "ماگازىنات" ژورنىلىنىڭ سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە تىل ئۇزارتقانلىق ئېغىر جىنايىتىگە رەددىيە بېرىش ئارقىلىق ئۇلۇغ پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولغان سۆيگۈمنى، ئىخلاسىمنى ۋە ئىمانىمنى ئىپادىلەشكە تىرىشىمەن. مەلۇمكى پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپتىخارلىق ئۆلگىسى، ياخشىلارنىڭ سەرخىلى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى سۆيۈش، ئۇنىڭ شەنىنى ئۇلۇغلاش ۋە ئۇنى دۈشمەنلەرنىڭ ھاقارەتلىرىدىن مۇداپىئە قىلىش ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننىڭ بۇرچى ۋە ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئاددى بىر تەلەپ. چۈنكى شۇنداق قىلغاندىلا ئىمان تولۇقلىنىدۇ.

دانىيەنىڭ "جىيلاندز پوستەن"ژورنىلى **2005**-يىلى **30** – سىنتەبىر سانىدا، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە نۇمۇسسىزلارچە تىل ئۇزارتىپ، ئۇنى **12** پارچە كارىكاتىر رەسىمدە سىزىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا كەچۈرۈلمەس جىنايەت ئۆتكۈزگەنىدى. مەزكۇر **12** پارچە كارىكاتىر رەسىمنىڭ بىرىدە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بېشىغا ئورالغان بومبىغا ئوخشىتىلغان سەللە كىگەن ھالدا تەسۋىرلىگەن. رەسىمنىڭ لىسانى ھالى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گوياكى بىر ئۇرۇش جىنايەتچىسىگە ياكى تېرورىستقا ئوخشىتىلغان. ئىسلام ئەللىرى، خۇسۇسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى ژورنال

تەھرىراتىنىڭ بۇ كەچۈرۈلمەس جىنايىتىگە قارىتا چارە قوللىنىش توغرۇلۇق دانىيە ھۆكۈمىتىگە ئەرز سۇنغان ۋە ژورنالنىڭ بۇ جىنايىتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن ئۆزۈر سورىشىنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، دانىيە ھۆكۈمىتى پىكىر ئەركىنلىكىنى باھانە قىلىپ ئىنكاس قايتۇرمىغان، بۇنىڭغا ئاساسەن سەئۇدى ئەرەبىستان ھۆكۈمىتى دانىيە بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزۈش ئۈچۈن دانىيەدىكى باش ئەلچىسىنى قايتۇرۇپ كەلگەندى. دۇنيادا ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ چەك –چېگرىسى بولغىنىدەك، دېموكراتىيە ۋە پىكىر ئەركىنلىكىنىڭمۇ ئەلۋەتتە چەك – چېگرىسى باردۇر. پىكىر ئەركىنلىكى باھانىسى بىلەن بىر مىليار 400مىليون مۇسۇلمان خەلقىنىڭ غۇرۇرىغا تېگىش ۋە ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىشنى راۋا كۆرىدىغانلار قانداق دېموكراتىيە ۋە قانداق پىكىر ئەركىنلىكى تەبىقىسىدىندۇ؟ دېموكراتىيە ۋە پىكىر ئەركىنلىكى باشقىلارغا زىيان – زەخمەت يەتكۈزمەسلىك ۋە ئازار بەرمەسلىك شەرتى بىلەنلا ھەركىمنىڭ ئۆز ئەركىنلىكى سانىلىدۇ. بۇنىڭدىن چەتنىگۈچىلەر ھەددىدىن ئاشقانلىقى سەۋەبلىك جازاغا لايىق بولغۇچىلاردۇر. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىنساني مۇقەددەسلەرنى ھىمايە قىلىش ۋە دىني جەھەتتىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلى تەبەقە ئايرىشنى ۋە ھەر تۈلۈك تەئەسسۇبلۇقنى چەكلەش كومىتېتىنىڭ 1981-يىلى ماقۇللىغان قارارى بويىچە ئېيتقاندىمۇ، مەزكۇر ئىككى ژۇرنالنىڭ بۇ كەچۈرۈلمەس جىنايىتىگە قارىتا جازا قوللىنىش تەقەززا قىلىنىدۇ. ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى دېگەنلىرىمۇ يالغان. ئەگەر ئۇنداق بولمىسا ئېدى، مۇندىن بىر قانچە يىل ئىلگىلىرى تۈركىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى بۈلەنت ئەجەۋىتنىڭ ئىسرائىلىيەنى"پاشىستلار"دەپ ئېيىبلىغىنىغا نىمە ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ياۋروپالىقلار قوزغىلىپ كەتتى ۋە ئەجەۋىتنى سۆزىدىن يېنىۋېلىشقا قىستىدى؟ مۇندىن

بىر قانچە ئاي بۇرۇن ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى نەجادنىڭ"ئىسرائىلىيەنى خەرىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش كېرەك"دېگەن بىر ئېغىز سۆزى نېمە ئۈچۈن دۇنيانى سارسىمىغا سالدى؟ ئەمەلىيەتتە ئىسرائىلىيە پاشىست ئەمەسمۇ؟ ئىسرائىلىيەلىك يەھۇدىيلار ياۋروپادىن كېلىپ پەلەستىننى بېسىۋالغان ئەمەسمۇ؟ ئامېرىكىلىقلار بىلەن ياۋروپالىقلاردىكى پىكىر ئەركىنلىكى قانۇنى ئۇ چاغدا نەدە قالغان؟ ئەمدى نەدىن كەلدى؟

بۇنى ئاز دېگەندەك، بۇ قېتىم ئىسلام مىللىتىنىڭ شانلىق قۇربان ھېيتى ھارپىسىدا، نورۋېگىيەنىڭ "ماگازىنات"ژورنىلى دانىيە ژورنىلىدا ئېلان قىلىنغان مەزكۇر كارىكاتىرنى قايتا ئېلان قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن ئىسلام ئالىمىنىڭ غەزىپىنى تاشۇردى. ئەرەب ۋە ئىسلام دۆلەتلىرى بۇ قەبىھ ئەدەبسىزلىككە قارشى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە قاتار قاتارلىق بەزى ئىسلام ئەللىرى دانىيە ۋە نورۋېگىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا كىرىشتىن مەنئى قىلىش ۋە ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ساتماسلىق ۋە بۇ ئىككى دۆلەتلەرنىڭ مۇئەسسەسە ۋە شىركەتلىرىنى تاقىۋېتىش توغرۇلۇق رەسمىي قارار چىقىرىپ ئۇنى يۈرگۈزدى. ھەتتا سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ بارلىق ماگىزىنلىرىدا بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ مەھسۇلاتلىرى سېتىلمايدىغانلىقى ھەققىدە ئېلانلار چاپلاندى. مەلۇمكى سەئۇدى ئەرەبىستانغا كېلىدىغان سۈت بىلەن ياسىلىدىغان يېمەكلىك ۋە ئىچىملىكلەرنىڭ 50%تىن كۆپرەكى دانىيەدىن كېلىدۇ. دانىيەنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن بازاردىن چەكلىنىش نەتىجىسىدە، دانىيە شىركەتلىرىنىڭ بۇ بىر قانچە كۈن ئىچىدە تارتقان ئومۇمىي زىيان كۆلىمى بىر يېرىم مىليارت ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەزكۇر ئىككى ژۇرنالنىڭ تەھرىرات بۆلۈملىرى مۇسۇلمانلاردىن كەچۈرۈم سورىدى ۋە ئۆزلىرىنىڭ

خاتالاشقانلىقنى ئېتىراپ قىلىپ پۇشايمان قىلغان بولدى. ئەمما ئىسلام ئەللىرىنىڭ "قىلمىشكارلارنى جازالاپ بەرسۇن" دېگەن تەلىپى ھەل بولغىنى يوق. ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە بۇ تەلەپنىڭمۇ ھەل بولىدىغانلىقىغا ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە تىل ئۇزارتىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىنى جاراھەتلەندۈرگەن ئەدەبسىزلەرنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى كۆرۈشى ئارقىلىق بارلىق ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ئىبرەت بولۇشىغا ئىشەنچىم كامىل.

بۇ تۇنجى جىنايەت ئەمەس. مۇندىن بۇرۇنمۇ ئامېرىكىنىڭ مۇتەئەسسىب خرىستىئان چىركاۋلىرى پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى خەلقنىڭ كۆزىگە گوياكى بىر تېرورىست كەبى كۆرسىتىپ كەلگەندى. مەلۇمكى خرىستىئان چىركاۋلىرىنىڭ بۇنداق ئېغىر جىنايەتنى ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىشى ئامېرىكا سىياسىتىنىڭ ھىمايىسى ۋە قوللىشى ئارقىسىدا ئەمەلگە ئاشماقتا. ئۇلارنىڭ بۇنداق جىنايەتنى ئىشلىشىگە تۈرتكە بولغان نەرسە مۇسۇلمانلارغا قارشى دىنى ئاداۋەتلا ئەمەس، بەلكى سىياسى غەرەزدۇر. بۇنىڭغا مىسال ناھايىتى كۆپ. قىسقىسى، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىدە خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىدىغان دەۋەتچىلەر بىلەن بارلىق چىركاۋلار ئامېرىكىنىڭ سىياسىتىگە بىۋاستە خىزمەت قىلماقتا. چۈنكى ئۇلارنى ماددىي جەھەتتىن قوللاپ تۇرغان دۆلەت ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇندىن **14** ئەسىر بۇرۇنلا ھەر زامان يەھۇدىيلىرى بىلەن خرىستىئانلىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا تۇتىدىغان دۈشمەنلىك مەۋقىئەسىنى ئېلان قىلغانىدى.{وَلَن تَرْضَى عَنكَ الْيَهُودُ وَلاَ النَّصَارَى حَتَّى تَتَّبِعَ مِلَّتَهُمْ} يەنى"سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار نىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ."

ئۇلارنىڭ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ھۆرمەت قىلىشنى ۋە جىمى پەسغەمبەرلەرگە ئىمان ئېيتمىغىچە مۇسۇلمان بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئۇگەتكەن، ئىنسانىيەت ئۇچۇن رەھمەت بولۇپ ئەۋەتىلگەن بۇ مەسۇم پەيغەمبەرگە دۇشمەنلىك كۆرستىشى ھەقىقەتەن كەچۈرۈلمەس جىنايەت ۋە چوڭ قاباھەتتۇر. قۇرئان كەرىمنىڭ{لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّن رُّسُلِهِ} يەنى "ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ ھېچبىرىنى(ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ، بەزىسىگە ئىمان ئېيتماي) ئايرىۋەتمەيمىز"دېگەن ئۇلۇغۋار پرىنسىپىنى ئىنسانىيەتكە يەتكۈزگەن ۋە شۇنداق قىلىشنى ئۇگەتكەن زات مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەمەسمۇ؟!

يەنە كېلىپ، يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنى ئەڭ ۋەھشى سۇيىقەتلەر بىلەن ئەيىبلەپ ئىنكار قىلغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىنسانىيەتكە قۇرئان كەرىمنىڭ { إِذْ قَالَتِ الْمَلآئِكَةُ يَا مَرْيَمُ إِنَّ اللّهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِّنْهُ اسْمُهُ الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ وَجِيهًا فِي الدُّنْيَا وَالآخِرَةِ وَمِنَ الْمُقَرَّبِينَ} يەنى "ئۆزۋاقتىدا پەرىشتىلەر ئېيتتى: " ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا (ئاتىنىڭ ۋاستىسىسىز) ئاللاھنىڭ بىر كەلىمىسى (دىن تۆرەلگەن بىر بوۋاق) بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى،ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئىسادۇر، ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق ۋە ئاللاھقا يېقىنلاردىن بولىدۇ" دېگەن ئايىتىنى يەتكۈزدى. ۋە ئىسا ئەلەيھىسسالامنى "مەريەم ئوغلى ئىسا ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرىدىن بىر پەيغەمبەردۇر"دېگەن قۇرئان خەۋىرىنى تەبلىغ قىلدى.

يەھۇدىيلار ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ھەزرىتى مەريەمنى پاھىشە بىلەن ئەيىبلىغان بولسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كىشىلەرگە قۇرئان كەرىمنىڭ { وَمَرْيَمَ ابْنَتَ عِمْرَانَ الَّتِي أَحْصَنَتْ فَرْجَهَا فَنَفَخْنَا فِيهِ مِن رُّوحِنَا وَصَدَّقَتْ بِكَلِمَاتِ رَبِّهَا وَكُتُبِهِ وَكَانَتْ مِنَ الْقَانِتِينَ }يەنى"ھەمدە ئىمراننىڭ قىزى مەريەمنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى، ئۇ

نۇمۇسىنى ساقلىدى، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تەرىپىمىزدىن بولغان روھنى پۈۋلىدۇق (دەم ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئىساغا ھامىلدار بولدى)، ئۇ پەرۋەردىگارىنىڭ سۆزلىرىنى ۋە (نازىل قىلغان) كىتابلىرىنى تەستىق قىلدى ۋە اللەغا ئىتائەت قىلغۇچىلاردىن بولدى"دېگەن ئايىتىنى يەتكۈزگەن زاتتۇر.

"ئۇرۇشتا سىلەرگە يامانلىق قىلغانلاردىن باشقىلارغا تەگمەڭلار، ياشانغانلارنى، ئاياللارنى ۋە بالىلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، زىرائەتلەرنى نابۇت قىلماڭلار، كىشىلەرگە ھەقسىزلىق قىلماڭلار"دېگەن ئالتۇن پرىنسىپلارنى دۇنيادا ھېچقانداق قانۇن – تۈزۈم ياكى خەلقارالىق ئەھدى مىساق بولمىغان بىر زاماندا يەنى مۇندىن 14 ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت بۇرۇن ئىنسانىيەتكە تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق ئادالەت، شەپقەت ۋە رەھىمدىللىقتا رېكورت ياراتقان سۈيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە ئۇنى تېرورىست كەبى تەسۋىرلەر بىلەن تىل ئۇزارتىش قايسى ئەقىل ۋە قايسى مەنتىقىگە توغرا كەلسۇن! ئەمەلىيەتتە تېرورىستلەر كىملەر ئىكەنلىكى ھەممىگە ئېنىق ئايان بولماقتا. ئافغانىستان بىلەن ئىراقتا بىگۇناھ بالىلار، ئاياللار ۋە باشقىمۇ پۇقرالارنىڭ ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرى تەرىپىدىن كۈنسېرى بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلىۋاتقانلىقى، شۇنداقلا پەلەستىندىكى قەتلىئاملار دۇنيادا يالغاندىن دېموكراتىيە دەۋاسى قىلىۋاتقان ئامېرىكا تېرورىزمىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟!

ئىسلام ئارمىيىسىنىڭ قايسىبىر زامان ۋە قايسىبىر يەردە ئۆزلىرىگە ئۇرۇش ئاچقانلاردىن باشقىلارغا قارشى ئۇرۇش ئاچقانلىقى، قايسىبىر زامان تېرورلۇق قىلغانلىقى ۋە قاچان كىشىلەرنى قەتلىئام قىلغانلىقى مەلۇممۇ؟ بۇنى كىم ئىپتىپ بېرەلەيدۇ؟ ھېچكىم ئىپتىپ بېرەلمەيدۇ. ئەمما ئەھلى سەلىب ئارمىيىسىنىڭ شەرققە قىلغان 8 قېتىملىق چوڭ يۈرۈشىنى، ئامېرىكىلىقلارنىڭ مۇندىن يېرىم ئەسىردىن

كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرى تۈنجى قېتىم ياپۇنلۇق پۇقرالارنىڭ ئۇستىگە ئاتوم تەجرىبىسى ئېلىپ بارغانلىقىنى ۋە ھازىرقى تېرورلىقىنى ھەر كىم ياخشى بىلىدۇ.

مۇسۇلمانلار تەرەققىياتتا ئارقىدا قالغان بولسىمۇ، پەزىلەت، ئادالەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە رەھىم – شەپقەتتە، شۇنداقلا پۈتۈن ئىنسانىيەتنى - ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىينەزەر - سۆيۈشتە، ئۇلارنىڭ دىنىي ئېتىقادىغان ۋە ئۆرپ – ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىشتا ھەر قانداق دىن ۋە ھەر قانداق زامانىۋى قانۇنلاردىن ئىلگىرلەپ كەتكەن. مۇسۇلمانلار مۇسا، ئىسا ۋە ئاللاھ تەرىپىدىن كەلگەن باشقا پەيغەمبەرلەرگىمۇ ئىمان كەلتۈرۈشنى ئىمانىنىڭ شەرتلىرىدىن سانايدۇ. [ قُولُواْ آمَنَّا بِاللّهِ وَمَا أُنزِلَ إِلَيْنَا وَمَا أُنزِلَ إِلَى إِبْرَاهِيمَ وَإِسْمَاعِيلَ وَإِسْحَاقَ وَيَعْقُوبَ وَالأسْبَاطِ وَمَا أُوتِيَ مُوسَى وَعِيسَى وَمَا أُوتِيَ النَّبِيُّونَ مِن رَّبِّهِمْ لاَ نُفَرِّقُ بَيْنَ أَحَدٍ مِّنْهُمْ وَنَحْنُ لَهُ مُسْلِمُونَ يەنى"ئېيتىڭلاركى، "ئاللاھقا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇبقا ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا)ئىمان ئېيتتۇق، ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ بەزىسىنى ئىنكار قىلىپ ئايرىۋەتمەيمىز، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز "[بەقەرە سۈرىسى 136- ئايەت].

ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن كەلگەن ساماۋىي دىنلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەقىدە پرىنسىپىدا، پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلغان ئادەم ئۆز دىنىغا ئاسىيلىق قىلغان ۋە كاپىر بولغان بولىدۇ. شۇڭا قۇرئان كەرىم ئايەتلىرىدە{كذبت قوم نوحٍ المرسلين}يەنى"نۇھنىڭ قوۋمى پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلدى" ۋە {كذبت ثمود المرسلين}يەنى سەمۇد قەۋمى پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى"دېگەنگە ئوخشىغان

ئايەتلەر كۆپ تەكرارلانغان. ئەمەلىيەتتە نۇھ قەۋمى بىلەن سەمۇد قەۋمى ئۆز پەيغەمبەرلىرىنىلا ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ نەزەرىدە بۇ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىنكار قىلغانلىق سانالغانلىقتىن، قۇرئان كەرىم شۇنداق خەۋەر بەرگەن. مۇسۇلمانلار قۇرئان كەرىمنىڭ بۇ پرىنسىپى بويىچە ئىش كۆرۈپ كەلمەكتە. دۇنيادا پەيغەمبەرلەردىن بىرەرسىنى ئىنكار قىلىدىغان بىرمۇ مۇسۇلمان تېپىلمايدۇ. ئەمما يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىيانلار ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس كىتابلىرى تەۋرات بىلەن ئىنجىلدا بېشارەت بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتىش كېرەكلىكى تەۋسىيە قىلىنغان ئاخىر زامان پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىنكار قىلىش بىلەن ئۆز دىنلىرىغا ئاسىيلىق قىلماقتا ۋە ئاللاھنىڭ دىنىدىن چىقماقتا.

خرىستىيانلار بىلەن يەھۇدىيلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ۋە بۇ دىنىنىڭ پەيغەمبىرى ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۈشمەنلىك قىلىشتا ئەمالارچە ئىش كۆرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىقتۇر. بۇنىڭغا مىساللارمۇ كۆپ.

غەربلىك يازغۇچى ئارمىستروڭ "مۇھەممەد"ناملىق ئەسىرىنىڭ **67**- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ:" بىز ئىسلام دىنى ۋە مۇسۇلمانلارغا دۈشمەن بولۇشتا ھەر زامان يېڭى – يېڭى ئۇسۇللارنى قوللاندۇق. ئىسلام دىنىغا قارشى چىقىش بىزنىڭ ئەقىدىمىز بولۇپ قەلبىمىزگە ئورناشتى. بىز ھەر زامان ئىسلام دىنىغا ئوخشاش بولمىغان قالپاقلارنى كىگۈزۈپ كەلدۇق. سالمان رۇشدىنىڭ "شەيتان قىسسىسى"ناملىق ئەسىرى چىققاندىن كېيىن، ئىسلام دىنىنى قان تۆكىدىغان، ھۆررىيەتنى بوغۇپ تاشلايدىغان بىر دىن دەپ تەسۋىرلەشنى ئۆگىنىۋالدۇق. ئەمما راستىنى ئېيتقاندا ئەمەلىي رىئاللىق بۇ تۆھمەتلەرنى بۇ دىنغا ئارتىشىمىزنى رەت قىلىدۇ."

پول فىندلىي "بۈگۈندىن كېيىن سۈكۈت قىلىش يوق"ناملىق ئەسىرىنىڭ 12-بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:"ئىسلام دىنىنى بورمىلاپ كۆرسىتىش خاھىشى باشقا پۈتۈن ئەللەرگە نىسبەتەن ئامېرىكا جەمئىيىتىدە ئەڭ كۆپ ئومۇملاشقان بولۇپ، بۇ ئاساسەن بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى بىلمەسلىكتىن كېلىپ چىقماقتا. بۇخاھىشىنىڭ تۈرتكۈسى شۈبھىسىزكى، ئىسلام دىنىغا بولغان ئەمالارچە ئۆچمەنلىكتۇر." ئۇ يەنە مەزكۇر ئەسەرنىڭ 38- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ:" ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىمىزدا:" سەھرادىكى مۇقەددەس جايلاردا زوراۋانلىقنى ياقتۇرىدىغان قالاق بىر مىللەت ياشىماقتا. ئۇلار ئاجايىپ بىر ئىلاھقا چوقۇنىدۇ"دەيتتى ۋە ئۇلارنى "مۇھەممەدىلەر"دەپ ئاتايتتى. ئوقۇتقۇچىمىز "ئۇلار بىزگە ئوخشىمايدۇ"دېگەن سۆزنى ناھايىتى كۆپ تەكرارلايتتى ۋە مېڭىمىزگە شۇنداق ئورناشتۇرۇشقا تىرىشاتتى".

كۆرىۋاتىمىزكى، ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ بۇ خاھىشى ئۇلاردىكى ئەمالارچە تەئەسسۇبلۇق بولۇپ، بۇ دىنىنىڭ ھەقىقىتىدىن ھېچنەرسىنى سۈرۈشتە قىلماستىن ياكى تەتقىق قىلماستىنلا قارىلاشنى ئەجدادلىرىدىن ئۇدۇم ئالغان.

ئەمدى غەربلىك مۇسۇلمان ئەمەس يازغۇچىلاردىن بەزى ھەقىقەتپەرۋەرلەرنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ باقايلى: ۋول دېيۇرانت "ئىسلام توغرۇلۇق دېيىلگەنلەر" ناملىق ئەسىرىنىڭ 111- بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:" كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان ئۇلۇغ بىر كىشىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ئادىللىق بىلەن ھۆكۈم قىلماقچى بولساق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى تارىختىكى ئىنسانىي ئۇلۇغلۇقنىڭ بىردىنبىر سىمۋولى دېسەك ئەڭ توغرا ئېيتقان بولىمىز. چۈنكى ئۇ ئىسسىق سەھرالاردا ئىپتىدائىي جەمئىيەت دەۋرىدە ھايات كەچۈرىۋاتقان قالاق بىر خەلقنى ئەخلاقىي ۋە روھىي ئۈستۈنلۈككە كۆتۈرۈشنى مەقسەت قىلىپ، شۇ پىلان بويىچە ئىش كۆرۈپ

غەلىبە قىلىش بىلەن  تارىخقا قەيت قىلىنغان بىر ئۇلۇغ شەخستۇر. ئۇ ئىنسانلارنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشقا غەرەزنى مەقسەت قىلمىغان."

كلود كاھىن " ئىسلام"ناملىق ئەسىرىنىڭ 126- بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:" تەرەپسىز تارىخچىغا ئايان بولىدۇكى، ئىسلام پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەخلاقىي ۋە پىكرىي جەھەتتىن تەڭلا كۆتۈرۈلگەن، ئەڭ ئۈلگىلىك شەخسلەرنىڭ ئالدىنقىسى بولۇپ تاللىنىشقا ئەرزىيدۇ."

ئىنگلىز شاھزادىسى چارلىز مۇنداق دېگەن: "ئىسلام دىنىنىڭ بىزگە ياشاشنى ۋە دۇنيانى چۈشىنىشنى ئۆگىتىش ۋاقتى كەلدى. مەلۇمكى ئىسلام دىنى ئىنسان بىلەن تەبىئەتنىڭ، دىن بىلەن ئىلىم – پەننىڭ، ئەقىل بىلەن ماددىنىڭ ئارىسىنى ئايرىشقا يول قويمايدۇ"[ بۈگۈندىن كېيىن سۈكۈت يوق"ناملىق ئەسەر 55- بەت].

مىكىر.ھارت"تارىختىكى تەسىرى ئەڭ زور  100 ئەرباب"ناملىق ئەسىرىنىڭ مۇقەددىمىسىگە مۇنداق دەپ يازىدۇ:"مەن مۇھەممەدنى دۇنيادىكى تەسىرى ئەڭ زور ئەربابلار تىزىملىكىنىڭ ئەڭ بېشىغا قويۇشنى تاللىدىم. بۇنىڭغا بەزى كىتابخانلار ھەيران قېلىشى ۋە بەزىلەر بۇنى چۈشەنمەسلىكى مۇمكىن. بىراق ئۇ ھەقىقەتەن تارىختىكى دىن ۋە ھاكىمىيەت جەھەتتە تەڭلا ئاجايىپ نەتىجە ياراتقان بىردىن ـ بىر ئۇلۇغ ئەربابتۇر".

ئانى بىسنتو"مۇھەممەدنىڭ تەرجىمىھالى ۋە ئۇنىڭ دىنىي تەلىماتلىرى" ناملىق ئەسىرىنىڭ 4 ـ بېتىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ:" ئەرەب مىللىتىنىڭ بۇ ئۇلۇغ پەيغەمبىرىنىڭ تەرجىمىھالى ۋە پەزىلىتىنى تەتقىق قىلغان ھەر قانداق كىشى بۇ ئالىيجاناب پەيغەمبەرگە ھۆرمەت قىلماي تۇرالمايدۇ. بۇ پەيغەمبەرنىڭ دىن تەشۋىقاتى

ۋە تۇرمۇش جەريانىنى چۈشەنگەن كىشى مۇھەممەد ئاللاھ تەرىپىدىن ئىنسانلارغا ئەۋەتىلگەن بىر ئۇلۇغ پەيغەمبەر ئىكەن، دەپ تونۇشى مۇمكىن.گەرچە مەن سىزگە ئېيتقان كۆپ ئىشلار نۇرغۇن كىشىلەرگە تونۇشلۇق بولسىمۇ، لېكىن مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ تارىخىنى قايتىلاپ ئوقۇغىنىمدا، بۇ ئالىيجاناب ئەرەب يولباشچىسىغا نىسبەتەن مېنىڭدە قايتىدىن ئەقىدە باغلاش ۋە ھۆرمەت بىلدۈرۈش ھىسسىياتى قوزغىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمەن".

ئۈمىت قىلىمەنكى، ئالدىمىزدىكى كۈنلەردە، خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى، دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى، خەلقئارا مۇسۇلمان ئۆلىمالار ھەيئىتى، ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى ۋە دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلامىي تەشكىلاتلار، مۇئەسسىسلەر ۋە جەمئىيەتلەر دانىيە ۋە نورۋىگىيە ئىككى دۆلەتنىڭ مەسئۇللىرىدىن ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىن مەزكۇر ئىككى ژۇرنالنىڭ ئىگىلىرىنى جازالاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ رەسمى ئەرز تاپشۇرۇشقا ئالدىرىغۇسى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دۈشمەنلىرىگە ئىبرەت بەرگۈسى.

ئۆزىنى "مۇسۇلمانمەن" دەپ يۈرگەن ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ ھاقارەتكە رەددىيە بېرىشى ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىزنى مۇداپىئە قىلىشى پەرزدۇر. بۇ ئىمانىنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئىسلام ئەللىرىنىڭ ھەممە بىردەك قوزغالماستىن، بەزىلىرىنىڭ سۈكۈت ئىچىدە تۇرىۋاتقىنىغا ھەيران قېلىۋاتىمەن. بىراۋ سىزنىڭ ئانىڭىزنى ياكى ئاچا – سىڭىللىرىڭىزدىن بىرەرسىنى ھاقارەت قىلسا ياكى نومۇسىغا تەگسە جىم تۇرالامسىز؟ بۇنىڭغا جىم تۇرمىغان يەردە، پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ ماقامىغا نومۇسسىزلارچە تىل ئۇزارتقان ئەدەبسىزلەرگە قارشى جىم تۇرامسىز؟ بۇنداق ھاقارەتكە جىم تۇرسىڭىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

ئىخلاسىڭىز بىلەن سۆيگىنىڭىز بارلىقىنى قانداق چۈشەندۈرەلەيسىز؟ ياكى ئۈنىڭغا بولغان ئىمانىڭىز يالغانمىتى؟ ئەركەك تۈكى بار مۇسۇلمان سانىلىدىغان ۋەزىيەت بۇ، بىلەمسىز؟! ھەركىمنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئاددى تەلەپ بۇ. بۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ناھەقچىلىككە تىلى ۋە دىلى بىلەن بولسىمۇ قارشى تۇرمىغان بىرىنى قانداقمۇ مۇسۇلمان دېگىلى بولسۇن؟ جىم تۇرساق قىيامەت كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزىگە قانداق قارىيالايمىز؟

شەخسىي ياكى كوللىكتىپ ھالدا مەزكۇر ئىككى ژۇرنالنىڭ قىلمىشىغا نارازىلىق بىلدۈرگۈچىلەرگە تۆۋەندىكى ئادرېسنى ھاۋالە قىلىمەن:

Denmark (jyllands- posten)

تېلېفون: **004578838383**

ئېلخەت: (jp@jp·dk)

يا رەسۇلەللاھ! ئاجىزانە قەلىمىم بىلەن سىزنىڭ ئۇلۇغ شەنىڭىزگە تىل ئۇزارتىش ئارقىلىق ئۇممەتلىرىڭىزنى ئازارلىغان ئەدەبسىزلەرگە قولۇمدىن كېلىشىچە رەددىيە بېرىش ۋە سىزنىڭ ئۇلۇغ ماقامىڭىزنى مۇداپىئە قىلىشقا تىرىشتىم. جانابى ئاللاھتىن كەمچىلىكلىرىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن.

مۇھەممەد يۈسۈپ قارىم.

مىلادىيە **2006** ـ يىلى **31** ـ يانۋار. ھىجرىيە **1427** ـ يىلى **1** ـ مۇھەررەم.

# ئالىملارغا ئەدەبلىك بولۇش

ئىمام نەۋەۋىي (الله ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن!) ئىبنى سۇننىنىڭ "ئەزكار" دېگەن كىتابىدا: بالىنىڭ، تالىپنىڭ، ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى، مۇئەللىم ـ ئۇستازىنى ئىسمى بىلەن چاقىرىشتىن توسۇش، دېگەن مەزمۇندا مەخسۇس بىر باب ئايرىغان. ئۇ بۇ بابتا يەنە مۇنداق دېگەن: ئاتا ـ ئانىغا ئەدەبلىك بولۇش ھەققىدە دېگەنلىرىمىز باللىرىمىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشتۇر، بەلكى ئالىملارغا بولغان ھۆرمەت تېخىمۇ زىيادە بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. ئۇلارنى ھۆرمەتلەش، ئىززەتتىنى قىلىش، ئۇلارنى ھىمايە قىلىش، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئالدىراش، ئۇلارنىڭ سورۇنلىرىدا يۇقىرى ئاۋاز چىقارماسلىق، ئۇلارغا يۇمشاق مۇئامىلىدە بولۇش لازىم. ھەمدە بۇلارنىڭ ھەممىسى بالىنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىشى كېرەك.

ئىمام غەزالى ياھيا ئىبنى مۇئازنىڭ ئالىملارنىڭ پەزىلىتى ھەققىدە: ئالىملار مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلىرىدىنمۇ بەكرەك شەپقەتلىكتۇر، دېگەن سۆزىنى مىسال قىلىپ كەلتۈردى. نېمە ئۈچۈن شۇنداق دەيمىز؟ دېيىلگەندە بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئاتا ـ ئانىلار باللىرىنى دۇنيانىڭ ئوتىدىن ساقلايدىغانلىقى، ئالىملار بولسا ئۇلارنى ئاخىرەتنىڭ ئوتىدىن ساقلايدىغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئالىملارنى ھۆرمەتلەش، ئۇلارنى قەدىرلەپ ئىززەتتىنى قىلىش توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان كىتابلار يېزىلغان بولۇپ ئىمام سەمئانىنىڭ "ئەدەبىل ئىملائى ۋە ئىستىملائى" دېگەن كىتابى بىلەن ئىمام سەمئانىينىڭ "ئەدەبىل ئالىم ۋەمۇتەللەىم" دېگەن كىتابلار شۇلارنىڭ قاتارىدىندۇر. بۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن كىتابلار بار. ئالىملارغا ئەدەبلىك بولۇش ھەققىدە بىز يەنە تۆۋەندىكى مەزمۇنلارنى تەقدىم قىلىمىز.

تەبەرانىي ئەبۇ ئۇمامە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "لوقمان ئوغلىغا: ئى ئوغلۇم! ھەمىشە ئالىملارنىڭ سورۇنلىرىغا ھازىر بولغىن، ھېكمەت ئىگىلىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغىن، خۇددى الله تائالا يامغۇر ئارقىلىق ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرگەندەك ھېكمەتلىك سۆز ئۆلگەن دىلنى تىرىلدۈرىدۇ، دېگەن" دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى ئۇبادە ئىبنى سامىت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "چوڭلىرىمىزنى ھۆرمەت قىلمىغان، كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، ئالىملىرىمىزنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان ئادەم مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس" دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

تەبەرانى، ئەبۇ ئۇمامە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئۈچ كىشى بار بولۇپ ئۇلارنى مۇناپىقلاردىن باشقىلار ھۆرمەت قىلماي قويمايدۇ، (ئۇ ئۈچ كىشى بولسا) ئىسلامى بىلەن ياشلانغان كىشى، ئىلىم ئىگىسى ۋە ئادىل ئىماملاردۇر" دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ پەرزەنتلىرى ئالىملارغا ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە ۋە ھۆرمەتتە بولىدىغان بولۇپ بىز بۇ يەردە ئۇلاردىن بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈشنى لايىق كۆردۇق.

سەئىد ئىبنى مۇسەييىب (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ئولتۇراتتى، ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھاجىر ۋە ئەنسارى ساھابىلىرىنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلاتتى. ھەتتا ئۇ ئىزنىسىز سۆز قىلمىغىچە ئۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىزنىسىز بىرەر ئىزنىسىز سۆز قىلمايتتى. ئۇلاردىن سىرت بىرىلىرىنىڭ كېلىپ ئۇنىڭدىن سورىغان سۇئالىنىڭ جاۋابىنى جىم ئولتۇرۇپ تىڭشايتتى. بولسا ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ئالىمى ئىبنى ئاباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) بالىلىق چاغلىرىدا ساھابىلاردىن ئىلىم تەلەپ قىلغاندا قانداق قىلغانلىقى مۇنداق بايان قىلىنغان.

ئىبنى كەسىر بەيھەقىدىن ئىكرىمەگە يەتكەن سەنەدى بىلەن ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندا ئەنسارىلاردىن بىر ئادەمگە: قېنى بېرىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن (مەسىلىلەر ۋە ھەدىسلەر) سورايلى، ئۇلار بۈگۈن كۆپ يىغىلغان، دېدىم. ئۇ ئادەم: سەن قالتىسقۇ، سەن ئۆزەڭنى باشقىلار ماڭا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، دەپ ئويلامسەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن قانداق ئىنسانلارنىڭ بارلىقىنى بىلمەمسەن؟ دەپ تېرىكىپ كەتتى. مەن يەنىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرىدىن سورىماقچى بولغانلىرىمنى سوراۋەردىم، ئەگەر بىرەر ئادەمنىڭ بىرەر ھەدىسنى بىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپلا قالسام ئۇ ئادەمنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا باراتتىم، ناۋادا ئۇ ئادەم چۈشلۈك ئۇيقىسىنى ئۇخلاۋاتقان بولسا مەن چاپىنىمنى يەرگە سالغىنىمچە ياتاتتىم. شامال تۇپىلارنى ئۇچۇرۇپ ئۈستى ـ بېشىمنى تويا بېسىپ كېتەتتى. ئاندىن ئۇ ئادەم ئۆيىدىن چىققاندا: ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى! سېنى بۇ يەرگە نېمە ئېلىپ كەلدى؟ مەندە ئىشىڭ بولسا ئادەم ئەۋەتسەڭ ئۆزەم ئالدىڭغا باراتتىم ئەمەسمۇ؟ دەيتتى. مەن بولسام: ياق! مەن كېلىشىم كېرەك، دەپ ئاندىن ئۇنىڭدىن سورىماقچى بولغان ھەدىسىمنى سورايتتىم. ھېلىقى ماڭا تېرىكىپ كەتكەن ئەنسارى ھەتتا ئىنسانلار مېنىڭ ئەتراپىمغا يىغىلىپ مېنىڭدىن سوئال سورايدىغان بولغان زامانغىچە ياشىدى. ئۇ ھەمىشە: ئۇ يىگىت مەندىن ئەقىللىق ئىكەن، دەيتتى.

ھەسەنبەسەرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئوغلىنى ئالىملارغا ئەدەبلىك بولۇشقا تەۋسىيە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئى ئوغلۇم! ئالىملار بىلەن ئولتۇرساڭ سۆزلەشتىن بەكرەك ئاڭلاشقا ھېرىسمەن بول! ياخشى سۆزلەشنى ئۆگەنگىنىڭدەك ياخشى ئاڭلاشنى ئۆگەن، بىراۋ سۆزىنى توختاتمىغىچە ئۇنىڭ سۆزى قانچىلىك ئۇزۇراپ كەتسىمۇ كەسمە.

تىرمىزى ئەنەس ئىبنى مالىك (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ياشىنىپ قالغان بىر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كەلگەن ئىدى، جامائەت ئۇنىڭغا ئورۇن بوشۇتۇپ بېرىشكە كېچىكىپ قالغانلىقتىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "كىچىكلىرىمىزگە شەپقەت، چوڭلىرىمىزغا ئىززەت قىلمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس" دېدى.

ئىمام ئەھمەد، ھاكىم ۋە تىرمىزى ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "كىچىكىمىزگە شەپقەت قىلمىغان، چوڭلىرىمىزنىڭ شەرىپىنى تونۇمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد ۋە ھاكىمنىڭ ئۇبادە ئىبنى سامىت (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن قىلغان باشقا بىر رىۋايىتىدە "چوڭلىرىمىزنى ئىززەتلىمىگەن، كىچىكىمىزگە شەپقەت قىلمىغان ۋە ئالىمنىڭ ھەققىنى تونۇمىغان ئادەم بىزدىن ئەمەس" دېگەن.

ئەبۇ داۋۇد ئەبۇ مۇسا (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ياشانغان مۇسۇلمان ئادەمنى، قۇرئاننى يادا ئالغان ۋە ئۇنى تىلاۋەت قىلىشتا ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمىگەن ئادەمنى ۋەئادىل پادىشاھنى ھۆرمەتلەش الله تائالانى ئىززەت قىلغانلىقنىڭ جۈملىسىدىندۇر" دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "مەن چۈشۈمدە ئۆزەمنى بىر مىسۋاك بىلەن چىشىمنى مىسۋاكلاۋاتقان ھالدا كۆردۈم، ئاندىن مېنىڭ يېنىمغا ئىككى ئادەم كەلدى، مەن مىسۋاكنى كىچىكىگە ئۇزاتتىم، ماڭا چوڭىغا بەر، دېيىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنى ئۇلاردىن چوڭىغا بەردىم" (مۇسلىمنىڭ سەنەدى بىلەن ئىمام بۇخارى تەلىق يولى بىلەن رىۋايەت قىلغان.

# ئاجايىپ تۈيغۇ

شەمس نەۋىد ئوسمانى　　　　　　　　　　كاملجان تەرجىمىسى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىنسان ئۆلۈم قۇچىقىدا كۆزىنى يۇمىشى بىلەن تەڭلا كۆزلىرى كۆرىشكە باشلايدىغان "ئىككىنچى ئالەم" ھەققىدە ساھابە كىراملارغا سۆز قىلىپ بېرىۋاتقان ئىدى. ئاخىرەتنىڭ ھالقىلىق ئىككى بۇرىلىشى بولغان جەننەت بىلەن جەھەننەم، بۇ سۆھبەتنىڭ ئاساسلىق تېمىسى بولۇپ، جەننەتنىڭ نەقەدەر دىلكەش، گۈزەللىكى ۋە جەھەننەمنىڭ نەقەدەر پالاكەتلىك ھالاكەتلىكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋەھىي غۇنچىلىرى بىلەن تولغان مۇبارەك تىللىرىدا، گوياكى گۈلدەستىدەك تىزىلىپ سورۇنغا ئەمەس، بەلكى ئۇدۇل تىڭشىغۇچىلارنىڭ قەلبلىرىگە تىزىلماقتا ئىدى. سورىندىكىلەرنىڭ ھەممىسى گويا جەننەت بىلەن جەھەننەمنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك ئەمەس، بەلكى جەننەت پۈتۈن مەھلىيالىق دىلكەشلىكى بىلەن، جەھەننەم بارچە يالقۇنلۇق قورقۇنچلىقى بىلەن نەق ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىپ قالغاندەك تۈيغۇغا چۈمۈپ كەتكەن ئىدى. قەلبلەرنى زىلزىلىگە سالىدىغان ئۈمۈد بىلەن خەۋپىنىڭ بۇ ئىككى غايىپ مەنزىرىسى ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا جەۋلان قىلىش بىلەن تەڭلا پۈتۈن سورۇن يىغا ـ زارە، نالە ـ پەريات، ئاھ ئۇرۇشلار بىلەن تولۇپ كەتتى. ھاياتلىق ھەلەكچىلىكىدە قاتقان باشلار خۇددى لىغىلداپ تۇرغان قەلبلەردەك ئېغىر ئۇھسىنىش بىلەن بويۇنلاردىن يەرگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. يۈرەكلەر ئېغىپ، ئورنىدىن قوزغۇلۇپ كېتىۋاتقان، كۆز ـ چاناقلاردىن توختىماي ياشلار قۇيۇلۇپ كېتىۋاتقان بولۇپ، ئۆلۈمدىن قورقماس مۇجاھىد، ئەزىمەتلەر ئاللاھۇ زۇلجەلالنىڭ ھەيۋىتى ۋە ئۇلۇغلىقى ئالدىدا گوياكى ناتىۋان گۆدەك باللاردەك ھۆكرەپ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتىۋاتاتتى. تىللاردا توختىماي

ئىيتىلىۋاتقان تەۋبە، ئىستىغپارلارغا قوشۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ ئاھۇ ـ زارلىق يىغا زارلىرى ئاجايىپ ھەسسىياتلىق ھاياجانلىنىش دولقۇنىنى كۆتۈرگەن ئىدى.

دەرۋەقە، ئەشۇ مۇقەددەس كۆزلەردىن تۆكۈلىۋاتقان بۇ جۇلالىق، پاك قەترىلەرنىڭ قىممىتىنى تەسۋىرلەپ چىقىش ھەقىقەتەنمۇ لۇغەت، قەلەملىرىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ئىش ئەمەس. چۈنكى بۇ قەترىلەردە دۇنيالىق تەلەپ، ياكى ھەۋەسلەرنىڭ زەررىچە ئىشتىياقىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭدا پەقەت بەندىچىلىكنىڭ مۇشەققەتلىك داۋانلىرىنى قانداق بىسىپ ئۆتۈش ۋە مېھرىبانىمىز ئاللاھۇ تائالا بىلەن قانداق مۇلاقات بولۇشتىنلا ئىبارەت پىكىر، تەلپۈنۈشلەر جۇلالىنىپ تۇراتتى.

پەيغەمبەرلىكنىڭ بەرىكەتلىك سايىسى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ روھانىي سۆھبەت تاماملىنىپ، ساھابىلەر ئاجايىپ تەسىرلىك ھاياجان ئىلكىدە ئاستا- ئاستا تاش، تۇپراق دۇنياسىغا قەدەم ئېلىشقا باشلىدى. ھەنزەلە ئىبنى رەبىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆيىگە قايتىشى بىلەن تەڭلا، دۇنيا ھاياتى ئۇنى خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن قوشۇپ ئۆز قوينىغا ئالدى. بايىقى روھانىي سۆھبەتلەرنىڭ ھاياجانلىق خاتىرىسى ئۇنىڭ ئەسلىمىسىدە ئاستا ـ ئاستا خىرەلىشىشكە باشلىدى. ئۆينىڭ تۆت تېمى بىلەن قورشالغان ئىنسان ئەمدىلىكتە، ئائىلىۋىي شاتلىقنىڭ ھوزورىدا كۆلۈشكە باشلىغان ئىدى. ئەمما ئاخىرەتنىڭ مۇساپىرلىرىغا نىسبەتەن يول ئۈستىدىكى گۈزەل مەنزىلەرنى كۆرۈپ، سەپەردىن توختاپ قېلىش نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن دەيسىز؟ ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسى گويا ئىمان ئاسمىنىدا چاقنىغان دەھشەتلىك چاقماقتەك تۇيۇلماقتا ئىدى.

ـــ ئاھ! مەن كۈلىۋاتامدىمەن؟ ئۇ قاتتىق سارىسىمىگە چۈشكەن ھالدا ئۇيلاۋاتاتتى.

ـــ بىشىمدا ئەزرائىلىنىڭ يالىڭاچ قىلىچى ئويناۋاتقان تۇرۇغلۇق يەنىلا مەن كۈلۈۋاتامدىمەن؟! ئاخىرەتنىڭ جاۋاپكارلىقىدىن ئىنساننى غەپلەتتە قويىدىغان كۈلكىگە بېرىلىۋاتامدىمەن؟ بايا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىدە تۆككەن ياشلىرىم ئىمان، ئىسلامىمنىڭ ھاياتلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرگەن ئەمەسمىدى؟ ئەمدى بۇ كۈلكەم نېمىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە؟ ئەجەبا ئىمانىم ئىككى يۈزلىمىچىلىككە مۈپتىلا بولغاندىمۇ؟ ئاھ! ئى پەرۋەردىگارىم! ئەجەبا ھەنزەلە مۇناپىق بولۇپ قالغاندىمۇ؟

بۇ قانداقتۇر بىردەملىك ھېسسىياتلىنىش ئەمەس ئىدى. بەلكى ھەققىي تەۋرىنىش بولۇپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى لاغ ـ لاغ تىترەشكە چۈشكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنى باسالماي چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بايىقى كۈلكىسى قەيەرلەرگىدۇر غايىپ بولغان بولۇپ، مۇبارەك چېھرى خازاڭدەك سارغىيىپ، پۈتۈنلەي تاتىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۆي ئىچى ئۇنىڭ ھازىدارلارچە قىلىۋاتقان نالە ـ پەريادى بىلەن قايتىدىن لەرزىگە كەلدى.

ئۇ: « ھەنزەلە مۇناپىق ئىكەن... ئاھ! ھەنزەلە مۇناپىق ئىكەن!» دېگىنىچە ئۈنلۈك تووۋلاشقا باشلىدى. گەرچە بېئارامىلىقتا نەچچە قېتىم ئۇياقتىن ـ بۇياققا مېڭىپ باققان بولسىمۇ، ئەمما  ئەمدىكى چاغدا ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىش ئۇنىڭغا نىسبەتەن مۇمكىن بولماي قالغان ئىدى. شۇڭا دەرھال سىرتقا يول ئالدى. ئاللاھنىڭ ئاشىق، پەرۋانىسى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپكە خۇدنى يوقاتقان ھالدا كېتىپ باراتتى.

بۇ ئاجايىپ ئېھسنى يوقۇتۇشقا ۋە رەسۇلۇللاھقا بولغان مىسلىسىز سېغىنىشقا قارىمامدىغان؛ ئۇ يول بويى خۇددى گۆدەك بالىلاردەك ھېچ نەرسىگە پەرۋاسىز ئۈن سېلىپ يىغلىغانچە «ھەنزىلە مۇناپىق ئىكەن، ئاھ! ھەنزىلە مۇناپىق ئىكەن!» دەپ تووۋلاپ كېتىپ باراتتى. ئۆيدىكىلەر چۈشۈنىكسىز تەشۋىش، ئەنسىزچىلىكلەر قوينىدا ئىشىك تۈۋىدە قېتىپلا قالىشقان ئىدى. يولدا

ئالدىراش كېتىۋاتقان كىشىلەر ئۆتىنىغا قاراپ توختىتىشىپ قىلىۋاتاتتى. قانچىلىغان كۆزلەر ئۆتىنىغا تىكىلىپ، قانچىلىغان ئاۋازلار ئۆتىنىغا ئەگەشكەن، يەنە قانچىلىغان بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلاردىكى قىياس، پىچىرلىشىشلار "ئۆتىنىغا زادى نېمە بولغاندۇ؟" دېگەن سوئالنى ئۆزىگە تىما قىلىشقان ئىدى. ئەمما ھەنزىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ زادى قايسى ئالەمگە چۆكۈپ كەتتىكىن ـ تاڭ؟! گەرچە جىسمى قايناق بازاردا كېتىۋاتقان بولسىمۇ، روھىي پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا پەرۋاز قىلماقتا ئىدى.

ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا تېخى يېتىپ بارماي تۇرۇپلا يول ئۈستىدە ئۆزىگە ئوخشاش يىغان چىكىۋاتقان يەنە بىر پەرۋانە بىلەن ئۇچراشتى. بۇ دەل ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. بۇ ھەر ئىككى روھ بىر ـ بىرىنىڭ قەلب ناۋالىرىنى ئاڭلاشتى. ھەر ئىككىلەن ئوخشاش بىرلا دەرتكە مۇپتىلا بولغانلىقلىرىنى ھېس قىلىشتى. ھەنزىلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمدىلىكتە يالغۇز ئەمەس ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ئىزىدا كېتىپ باراتتى. بۇ ئىرىك ئىنسانلار ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن «بىز زادى ھاياتمۇ ياكى ئۆلۈكمۇ؟» دەپ سورىماقچى ئىدى. «ئىمانىمىز ئىتىبارغا لايىقمۇ، ئەمەسمۇ؟ ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ قىممەتلىك سەرمايىسى نابۇت بولدىمۇ ياكى سالامەتمۇ؟ بىز ئەمدى سۆيۈملۈك پەرۋاردىگارىمىزغا مۇيەسسەر بولالارمىزمۇ؟» دەپ سوراش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

بۇ ئوخشاش دەرتكە مۇپتىلا ھاياجانلىق ئىككى قەلب... ئاللاھنىڭ ئىشقىدا تىنىمسىز يالقۇنلاپ تۇرىۋاتقان بۇ ئىككى يۈرەك ... ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يىغانلىق داستانلىرىنى سۆزلەپ بەردى. يىغلاۋېرىپ قىزىرىپ كېتىۋاتقان كۆزلەر... ئاھ ـ زار چېكىپ بوغۇلۇپ كېتىۋاتقان ئاۋازلار... ئۆز كەچمىشلىرىنى ئاڭلاتتى.

ئـمانـنـىڭ دائـىم بـىر خـىـللا تۆرىۋەرمەيدىغان ھاياجانلىق كەيپىياتىغا نىسبەتەن گويا ھەممە نەرسىسى نابۇت بولغاندەك قاتتىق يىغان چىكىۋاتقان... ئـمانـىي ھاياجانـنـىڭ ئازراقلا پەسكويغا چۈشۈپ قىلىشىنى گويا كۆپرىلىقنىڭ ھالاكىتىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك ئېغىر ئېلىۋاتقان... بىرەر لەھزە ئاللاھنى ئەسلىمەي قىلىشنى گويا جېنى تېنىدىن چىقىپ كەتكەندەك ئازاپلىق ھىس قىلىۋاتقان، بۇ ئىككى زاتقا نىسبەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زادى قانداق ھىسسىياتتا بولىۋاتقانلىقىنى نەدىمۇ قىياس قىلغىلى بولسۇن؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇ پەيتتىكى نازۇك ھىس ـ تۇيغۇلىرىنى كىممۇ تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟

رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاجايىپ تەسىرلەنگەن ھالدا ئۇلارغا سۆيىنىش ئىلكىدە قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك دىلرابا تەبەسسۇمى ئۇلارنىڭ قەلب يىغانلىرىغا تەسەللى بېرىپ، گويا «ئى ئىمان، ئىسلامنىڭ ئاشىق، پەرۋانىلىرى! بىلىپ قويۇڭلاركى، سىلەرنىڭ ئىمانىڭلار ھايات، ئاخىرەتلىكىڭلار پارلاق!» دەۋاتقان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا چۇڭقۇر مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ: «ناۋادا مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان چىغىڭلاردىكى ئىمانىي ھاياجىنىڭلار ئۈز پېتى تۇرىۋېرىدىغان بولۇپ قالسا، پەرىشتىلەر سىلەر بىلەن قول ئېلىشىۋېلىش ئۈچۈن بارلىق سورۇنىڭلارغا، كوچا ـ كوي، ھەتتا ئۆيلىرىڭلارغىمۇ بەس ـ بەستە كىرىۋالغان بولاتتى. دېمەك، ئى ھەنزىلە! بۇنداق ھاياجانىنىڭ پات ـ پات بولۇپ تۇرغىنى ياخشى» دەپ جاۋاپ بەردى.

ئاھ! مانا بۇلار ھەقىقىي ئىنسان... ھەقىقىي مۇسۇلمان... يۈرەكلىرىنىڭ ھەربىر سوقىشى ئىشەنچ ۋە ئىمانغا تولغان... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن تەۋھىدنىڭ ئېھتىرامىغا جان ـ دىلى بىلەن قوربان... ئىماننىڭ كىچىككىنە ئۆزگىرىشچان ھاياجانىغا نىسبەتەن "مۇناپىق بولۇپ قالدۇقمىكىن؟" دەپ خەۋپسىرەپ كېتىدىغان... تۇرمۇشتىكى ئەڭ ئاددى ئىشلاردىمۇ

ئىمانىمىزنىڭ ئەدەپلىرىگە گويا ھاياتلىق بىلەن ماماتلىقتا ئەھمىيەت بەرگەندەك، قاتتىق ئەھمىيەت بېرىدىغان... ئەنە شۇلار ھەقىقىي ئىنسان... ئەنە شۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمان...

ئەمما بىز... بىزنىڭ ئىمانىمىز راستىنلا جان ئۈزۈش ئالدىدا تۇرىۋاتقان... بىزنى توختىماي "قۇتۇلدۇرۇۋال!" دەپ چاقىرىۋاتقان... لېكىن بىز... ئۇنىڭ نىدالىرىنى ئاڭلاشقا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقان... «ئاللاھنىڭ ئالدىغا زادى قايسى يۈزۈم بىلەن بارارمەن؟» دېگەننى ئۇلاردەك ھەر دەقىقىدە بىر ئەمەس، ھەتتا كۈنىگە بىر قېتىم بولسىمۇ، ئويلىنىشقا مۇۋەپپەق بولالمايۋاتقان... شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز ئاجايىپ بېخىرامان... شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا مۇسۇلمان... بىز يەنىلا مۇسۇلمان!...

ئەجەبا بۇ قەلبلىرىمىزنىڭ قوتۇر كېسەللىكى، ساختا تەسۋىرىمىزنىڭ پۇچۇق ئەينىكى ئەمەسمۇ؟! ئاھ، خۇدا! بۇ ساختىلىق... بۇ جان ئالغۇچ ئالدامچىلىق... ئەجەبا، گۇناھلىرىمىزنى يېپىشقا سىنىڭ رەھمىتىڭدىن باشقا پەردە مەۋجۇت بولمايدىغان مەھشەر مەيدانىدا، يىرگىنىشلىك ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىمىز بىلەن بىرلىكتە"مانا مەن" دەپ يالىڭاچلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقماسمۇ؟!

ئى مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز! ئەشۇ دەھشەتلىك كۈن بېشىمىزغا كېلىشتىن ئىلگىرى قەلبلىرىمىزنى لەرزىگە سېلىپ ئويغىتىۋەتكىن. پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزدىن "ئى ئاللاھ! پۈتۈن ئەيىپ ـ نۇقسانلىرىمىزنى چەكسىز رەھمىتىڭ ئارقىلىق ياپقىن! بىزنى ئازابىڭدىن يىراق قىلغىن" دېگەن دۇئانى جارى قىلدۇرىۋەتكىن!

# قېرىنداشلىق ۋە دوستلۇق ئەدەبلىرى

بىز يوقىرىدا چوڭلارنى ھۆرمەتلەش، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىشقا ئالاقىدار ئەدەب- ئەخلاق توغرىسىدا بايانلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق، ئەمدى بۇ تېمىدا بولسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېرىنداشىنىڭ قېرىنداشقا ئۇنىڭ دىلىنى ئەندىشىگە سالىدىغان ھېچقانداق بىرەر ئىشنى قىلماسلىقىقا تەۋسىيە قىلغانلىقىدەك مەزمۇنلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

ئىمام مۇسلىم ئەبى ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قېرىندىشىغا قولىدىكى تۆمۈر بىلەن ئىشارەت قىلىدىكەن، ئۇ تاكى قولىدىكى تۆمۈرنى تاشلىۋەتمىگىچە ئۇنىڭغا لەنەت قىلىنىدۇ»

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىلىدىكى ئوغۇللارنىڭ چوڭىنىڭ بۇ ئائىلىدە ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ ۋە ئۇندىن باشقا ئۇكىلىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە ئۇلارنى پەرۋىش قىلىشتەك ئىشلارنىڭ ئۇنىڭ زىممىسىدە ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئائىلىدىكى ئىمتىيازىنىڭ ئالاھىدە يۇقىرى ئىكەنلىكىنى باللارغا بىلدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

تەبەرانى كولەيب ئەلجۇھانى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «قېرىنداشلاردىن ئەڭ چوڭى ئاتىنىڭ ئورنىدا» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئاتا- ئانىلار پەرزەنتلىرىنىڭ چوڭلىرىغا كىچىك قېرىنداشلىرىغا مەرھەمەت قىلىش ۋە شەپقەت قىلىشنى ئۆگەتسە، كىچىكلەرگە چوڭلارنى ئىززەتلەش ۋە ھۆرمەت قىلىشنى سىڭدۈرسە ئائىلە ھاياتى تەڭپۇڭلۇق ئىچىدە ماڭىدۇ. ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ھەر بىرى قارشى تەرەپنىڭ ھەققىنى ئۆز لايىقىدا ۋە ئۆز ئورنىدا ئادا قىلىدۇ.

قوشنىدارچىلىق ئەدەبلىرى:

ئىسلام شەرئىتىدە قوشنىدارچىلىقنىڭ ھەققى چوڭ. بۇنىڭدىكى سەۋەب بولسا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنىڭ بىر- بىرىگە بولغان مۇناسىۋىتىنى كۈچلەندۈرۈش ئۈچۈندۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاتا- ئانىلارغا ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى قوشنىلىرىنىڭ بالىلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئەدەبلەرنى ئۆگىتىشكە تەۋسىيە قىلغان. ئۇ ئەدەبلەر شۇلاردىن ئىبارەتكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بالىلارنىڭ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھالىغا ھال- مۇڭ بولۇشى كېرەكلىكىنى، بالىلارنىڭ ئاتا- ئانىسىنىڭ قوشنىسىنىڭ بالىلىرىدا بولمىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بەرگەندە ئۇ بالىلارنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى سىرتقا كۆتۈرۈپ چىقىپ يەپ ياكى كۆرسىتىپ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىنى ئاچچىق قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تەۋسىيە قىلغان، يەنى يەيدىغان نەرسە بولسا تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقماي ئۆيدە يىگۈزۈش، تاشقىرىغا كۆتۈرۈپ چىقىپ يېيىشكە رۇخسەت قىلماسلىققا تەۋسىيە قىلغان. بۇنداق قىلىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى بالىلار سىرتلاردا، يوللاردا كېتىۋاتقاندا بىر نەرسە يېيىشتەك ئاممىۋي ئەدەبلەرگە زىت ئىشلاردىن ئۇزاقلاشتۇرۇلىدۇ.

خەرائىتى ۋە تەبەرانى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئەگەر مېۋە ئالساڭ ئۇنى قوشناڭغىمۇ ھەدىيە قىلغىن، ئۇنداق قىلمىساڭ ئۇنى ئائىلەڭگە مەخپىيرەك ئېلىپ كىرگىن، بالاڭ قوشناڭنىڭ ئىچىنى قىزىتىش ئۈچۈن چىقمىسۇن» دېگەن سۆزىنى رىۋايەت قىلدى. بالىسىنىڭ قوشنىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ئىچىنى قىزىتىشىدىن ساقلاندۇرۇش پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرىدىغان ھەر بىر مۇسۇلمان بالىغا سىڭدۈرۈشكە تېگىشلىك ئەخلاقتۇر.

ئەگەر ھەر بىر مۇسۇلمان بۇ تەلەپ قىلىنغان بۇ ئەدەبلەرگە رىئايە قىلالىغىنىدا ئىشلار قانچىلىك گۈزەللىكە تولغان بولاتتى- ھە! الله تائالا ھەممىمىزنى بۇنىڭغا رىئايە قىلىشقا

مۇۋەپپەق قىلسۇن! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىكى يوليورۇقلىرىنىڭ كاتتىلىقىنىڭ بىر مىسالى شۇكى، مۇسۇلمان بولغان ياشلاردىن بىرى ماڭا: مېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇمغا بىزنىڭ مۇسۇلمان قوشنىمىزنىڭ بىزگە قىلغان ياخشى مۇئامىلىسى، ئۆزەمنى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك ھېس قىلغانلىقىم ۋە ئۇلار بىلەن بالىلىق ھاياتىمنى ئەڭ ياخشى مۇئامىلىگە ئېرىشىپ ئۆتكۈزۈشۈم سەۋەبچى بولدى، دەپ بەرگەنلىكىدۇر.

ئىجازەت سوراش ئەدەبى

ئىجازەت سوراشتا ئۇنىڭ ئەدەبىگە دىققەت قىلىش چوڭ- كىچىك ھەممە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئەدەبتۇر. ئىجازەت سوراش ئىسلام شەرىئىتىدە مۇھىم ئەدەبلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. الله تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىسلام ئۇممىتى ئۈچۈن ئەسىرلەردى- ئەسىرلەرگە قوللىنىدىغان ئىجازەت سوراش ئەدەبىنى تەكىتلىگەن ئايەتلەرنى نازىل قىلدى. چۈنكى، ئىجازەت سوراشتىن ئىبارەت بۇ ئەمەلنىڭ ئائىلە ۋە جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى ناھايىتى مۇھىمدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى ساھابىلارنىڭ چوڭلىرىدىن ھېسابلىنىدىغان زىيادە ئەبى سەئىد ئەلخۇدرىغا ئوخشاش ئەينى زاماندىكى كىچىك ساھابىلارمۇ ياخشى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئىماما بۇخارى «ئەدەبۇلمۇفرەد» تە ئۇبەيدە ئىبنى ئۇمەير (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) نىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى ئەبۇ مۇسا ئەلئەشئەرى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) نىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن كىرىشكە ئىجازەت سورىدى. دەل شۇ چاغدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولغاچقا ئۇنىڭغا ئىجازەت بېرىلمىدى. ئەبۇ مۇسا قايتىپ كەتتى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئىشىنى تۈگىتىپ: مەن ئەبۇ مۇسانىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك قىلدىمغۇ، ئۇنىڭ كىرىشىگە ئىجازەت بېرىڭلار! دېدى. ئۇ قايتىپ كەتتى، دېيىلگەندىن كېيىن ئۇنى چاقىرىپ كېرىشكە بۇيرىدى. ئەبۇ مۇسا قايتىپ كېلىپ: بىز ئىجازەت سوراشقا، ئىجازەت بېرىلمىسە قايتىپ كېتىشكە بۇيرۇلغان ئىدۇق، دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب: سەن بۇنىڭغا دەلىل كەلتۈرگىن! دېدى.

ئۇ ساھابىلارنىڭ سورۇنىغا بېرىپ بۇ ھەقتە سورىغان ئىدى، ساھابىلار: سېنىڭ بۇ سوئالىڭغا ئەڭ كىچىككىمىز بولغان ئەبۇ سەئىد خۇدرىمۇ جاۋاب بېرەلەيدۇ، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەبۇ مۇسانىڭ قېشىغا بېرىپ: مېنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بۇ ھەدىسنى ئاڭلىشىمغا تىجارەت ئىشلىرىم بىلەن مەشغۇل بولۇشۇم توسۇپ قويۇپتۇ، دېدى.

## بالىنىڭ ئىلىم ـ ئېلىش ھەققى ۋە بالىغا ئىلىم ۋە ئەدەبلەرنى سىڭدۈرۈش

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باللارنىڭ باللىق دەۋرىدە ئۆگىنىشى ۋە ئىلىم تەلەپ قىلىشى ئۇچۇن بىر قائىدىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ ئىسلام ئۇممىتى بۇنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋام قىلدۇرۇپ كەلدى، ئاتا- ئانىلار شۇنىڭ بىلەن ئەۋلادلىرىنى ئىلىم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشكە رىغبەتلەندۇرۇپ كەلدى. ئىلىم تەلەپ قىلىش بولسا چوڭ- كىچىك، ئەر- ئاياللاردىن ئىبارەت ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر. ئىلىم تەلەپ قىلىش بەندىنىڭ پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرۇدىغان ئىبادەت ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ئەۋزىلىدۇر. شۇڭا بالىنى ئىلىمنى سۆيىدىغان، ئىلىم ئېلىشقا ھەۋەس قىلىدىغان قىلىپ يېتىلدۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى باسقۇچى باللىق دەۋرىدۇر.

تەبەرانى ئەبۇ دەرداﺋ (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: «كىچىكلىكىدە ئۆگەنگەن ئىلىم تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، چوڭ بولغاندا ئۆگەنگەن ئىلىم سۇ ئۈستۈگە خەت يازغاندەك (بولىدۇ)» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئەسسەخاۋى «مەقەسىدۇل ھەسەنە» دېگەن كىتابىدا بۇ مەنىنى تەكىتلەيدىغان بىرمۇنچە ھەدىسلەرنى كەلتۈرگەن بولۇپ بىز بۇ يەردە ئۇلاردىن بىرقانچىسىنى سىزلەرگە سۇنىمىز.

ئەبۇ ھۇرەيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) دىن قىلىنغان رىۋايەتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «كىمكى ياش چېغىدا قۇرئان ئۆگەنسە قۇرئان ئۇنىڭ گۆشى ۋە قېنى بىلەن ئارىلىشىپ

كېتىدۇ، چوڭلۇقىدا ئۆگەنسە قۇرئان ئۇنىڭدىن قېچىپ كېتىدۇ، ئۇ يەنىلا قۇرئاننى تاشلاپ قويمىسا ئۇنىڭغا ئىككى ساۋاب بار» (بەيھەقى، دەيلەمى ۋە هاكىم رىۋايەت قىلغان)

ئىبنى ئابباس (رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ) : كىمكى قۇرئاننى ئېهتىلام بولۇشتىن بۇرۇن ئوقۇسا ئۇ كىچىكىدىنلا هېكمەت بېرىلگەن كىشىلەردىندۇر، دېگەن.

ساهابىلار، تابىئىنلار ۋە هەدىس ئىلمى ئالىملىرى، كىچىكىدىن ئىلىم ئۆگىنىشنىڭ بالىنىڭ ئىلىملىك بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىدا ئىنتايىن چوڭ تەسىرى بارلىقىنى، ئۇنىڭ چوڭ بولغاندا ئوقۇغان ئىنسانغا نىسپەتەن ئەستە قالدۇرۇش ئىقتىدارى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە تېخىمۇ بەكرەك مۇستەهكەم بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

خەتىب ئەلباغدادى سەلەپ سالىهلارنىڭ هاياتى ۋە ئۇلارنىڭ بالىلارغا ئېهتىمام بەرگەنلىكى هەققىدە بىر قىسىم رىۋايەتلەرنى كەلتۈردى، هەسەنبەسەرى: بىزگە يېشى كىچىكلىرىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار، هەقىقەتەن ئۇلار قەلبلىرى بوش، ئاڭلىغانلىرىنى بەكرەك يادا ئالغۇچى بولىدۇ، دېگەن.

سەئىد ئىبنى رەهمە ئەلئەسبەهى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاه ئىبنى مۇبارەكنىڭ كىچىلىك مەجلىسىگە هەممەدىن بۇرۇن بېرىپ بولاتتىم، مەن بىلەن بىللە بولغان تۇغقانلىرىمنىڭ هېچقايسىسى بۇ جەهەتتە مەن بىلەن تەڭ بولالمايتتى، ئۇلار بولسا قېرىلار بىلەن بىللە كېلەتتى، ئۇنىڭغا: سىزنىڭ سورۇنىڭىزغا يېتىپ كېلىشتە ئاشۇ بالىلار بىزدىن ئىلگىرى بولۇپ كەتتى، دېيىلدى، ئاندىن ئۇ: مېنىڭ نەزىرىمدە ئۇلار سىلەردىن بەكرەك ياخشى، كىم بىلىدۇ، سىلەر قانچىلىك ياشايسىلەر؟ بىراق ئۇلارنى بەلكىم الله ئالىم قىلغۇسى... دېدى. سەئىد مۇنداق دەيدۇ: كېيىن ئۇنىڭ مەجلىسىدە بولغانلاردىن مەندىن باشقا بىرى قالمىدى.

ئىمام ئەئمەش مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىسمائىل ئىبنى رىجائنىڭ كىچىك بالىلارنىڭ مەدرىسلىرىگە كىلىپ ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن داۋاملىق سۆزلەيدىغانلىقىنى كۆرەتتىم

يەھيا ئىبنى ھەمىد ئەتتەۋىل ۋە ياكى باشقىسى مۇنداق دەيدۇ: بىز ھاماد ئىبنى سەلەمەنىڭ قېشىغا كەلدۇق، ئۇنىڭ ئالدىدا بىرمۇنچە بالىلار بولۇپ ئۇ ئۇلارغا سۆز قىلىۋاتاتتى، ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپ بولغىچە بىز ئۇنىڭ قېشىدا تۇرۇپ تۇردۇق، ئاندىن ئۇنىڭغا: ئى ئەبا سەلەمە! بىز بولساق سىنىڭ ئەھلىڭنىڭ چوڭلىرىمىز، بىز سىنىڭ قېشىڭغا كەلسەك سەن بىزنى قويۇپ ئۇ كىچىك بالىلار بىلەن بولدۇڭ، دېدۇق. ئۇ: مەن چۈشۈمدە سۇ ئىلىش ئۈچۈن بىر دەريانىڭ قىرغىقىدا چىلەكنى سۇغا ئاتقاندا دەل ئاشۇ بالىلارنىڭ ماڭا سۇنۇپ بەرگەنلىكىنى كۆردۇم، دېدى. (بۇنى ئىبنى ئەبدۇنيا «كىتابۇل ئىيال» دا بايان قىلغان)

يەھيا ئىبنى يەمان يېڭىدىن بۇرۇت چىقىشقا باشلىغان بالا ئالدىغا كەلسە ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا "ئەئاراف سۈرىسى" نىڭ بېشىدىن يەتمىش ئايەت، يۇسۇف سۈرىسىدىن يەتمىش ئايەت ۋە بىر قىسىم ئانا ھەدىسلەرنى ئوقۇتاتتى، بالا بۇلارنى ئوقۇيالىسا ئۇنىڭغا دەرس سۆزلەپ بېرەتتى، ئوقۇيالمىسا سۆزلىمەيتتى.

ھەسەن ئىبنى ئەلى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئوغۇللىرى ۋە ھەمشىرلىرىنىڭ ئوغۇللىرىغا: ئۆگىنىڭلار، بۈگۈن سىلەر مىللەتنىڭ كىچىكلىرى بولساڭلار، ئەتە ئۇلارنىڭ چوڭلىرى بولۇسىلەر، سىلەردىن كىمكى بىر نەرسىنى يادا ئىلىشقا ئاجىز كەلسە ئۇنى يېزىۋالسۇن! دەيتتى.

ئەتا ئىبنى رەباھ بالىلارغا: يېزىڭلار، يېزىشنى ياخشى بىلمىگەنلەرگە بىز يېزىپ بېرەيلى، دەپتىرى بولمىغانلارغا بىز دەپتەر بېرىمىز، دەيتتى.

بەددىئۇززامان ئەلھەمەدانى ھەمشىرسىنىڭ ئوغلىنى ئوقۇشقا قىزىقتۇرۇپ يازغان خىتىدە مۇنداق دىگەن: مەشغۇلاتىڭ ئىلىم، مەدرىسە ماكانىڭ، قەلەم ھەمراھىڭ، دەپتەر ياردەمچىڭلا

بولىدىكەن، سەن مېنىڭ ئوغلۇمسەن. ئەگەر كەمچىلىك ئۆتكۈزسەڭ مەن سېنىڭ ئاناڭنىڭ بىر توغقىنى بولمايمەن، ئۇ چاغدا ئاناڭنىڭ بىر تۇغقىنى باشقا بىرى بولغان بولىدۇ، ۋەسسالام.

ئىبنى ئابدۇلبىر «جامىئۇ بايائىل ئىلىم ۋە فەدلىە» دېگەن كىتابىدا (1 / 103) مۇنۇلارنى زىكىر قىلغان:

لوقمان ئوغلىغا: ئى ئوغلۇم! ھېكمەتتىن نېمىگە يەتتىڭ؟ دېدى. ئوغلى: ئۆزەمگە مۇناسىۋەتسىز نەرسىگە ئاۋارە بولمايمەن، دېدى. لوقمان: ئى ئوغلۇم! باشقا بىر نەرسە قېلىپ قاپتۇ، ئالىملار بىلەن بىرگە ئولتۇرغىن، ئۇلارغا ئىككى تىزىڭ بىلەن قىستىلىپ يېقىنلاشقىن، شۈبھىسىزكى الله خۇددى ئۆلۈك زېمىننى ئاسمان سۈلىرى بىلەن تىرىلدۈرگەندەك، ئۆلۈك قەلبلەرنى ھېكمەت بىلەن تىرىلدۈرىدۇ، ئى ئوغلۇم! ئىلىمنى مۇنداق ئۈچ ئىش ئۈچۈن ئۆگەنمە ۋە مۇنداق ئۈچ ئىش ئۈچۈن تەرك ئەتمە. يەنى ئىلىمنى كىبىرلىنىش، پەخىرلىنىش ۋە رىياكارلىق ئۈچۈن ئۆگەنمىگىنكى پەقەت ئۇنى ھەم زاھىدلىق قىلىش، كىشىلەردىن ھايا قىلىش ۋە جاھىل قىلىشقا رازى بولۇش بىلەنمۇ تەرك ئەتمە. ئى ئوغلۇم! ئالىملار بىلەن جېدەل قىلمىغىن، ئۇلار سېنى خارلاپ قويىدۇ ۋە سېنى رەد قىلىدۇ، ئەخمەقلەر بىلەن جېدەل قىلمىغىن، ئۇلار ساڭا جاھىلىق قىلىدۇ ۋە سېنى تىللايدۇ. سەن ئىلىمدە سەندىن ئۈستۈن بولغانلارغىمۇ، سەندىن تۆۋەن بولغانلارغىمۇ سەۋرى قىلغىن، ئالىملارغا ئۇلارغا سەۋر قىلالىغان، ئۇلار بىلەن بىللە بولغان، ئۇلاردىن ئېلىم ئېلىشتا ناھايىتى بەك ئېھتىياتچان پوزىتسىيەدە بولغانلارلا ئېرىشەلەيدۇ. ئى ئوغلۇم! ھېكمەت مىسكىن كىشىلەرنى پادىشاھلارنىڭ مەجلىسلىرىدە ئولتۇرغۇزغان.

يەھيا ئىبنى خالىد ئوغلىغا: ئىلىمنىڭ ھەرخىل تۈرلىرىدىن ئۆگىنىشىڭ كېرەك. ئىلىمسىزلىك ئىلىملىك ئىنسانلىڭ دۈشمىنى، مەن سېنىڭ ئىلىملەردىن بىرەر ئىلىمنىڭ دۈشمىنى بولۇشىڭنى راۋا كۆرمەيمەن، دېدى. ئاندىن:

بول ئىلىملىك، ئىلىم ئال ئىلىم بىلەن ئالىيدۇرسەن.

جاھىلىق دۈشمەندۇر ھەم، بىلگەندە ئامان قالۇرسەن.

دېگەن بېيىتنى ئوقۇدى.

ئابدۇل مەلىك ئىبنى مەرۋان ئوغۇللىرىغا: ئى ئوغۇللىرىم! ئۆگىنىڭلار، ئەگەر سىلەر ئېسىلزادىلەر بولساڭلار بىر- بىرىڭلارنى ھىمايە قىلىسىلەر، ئەگەر ئۆم بولساڭلار ياشايسىلەر، دېگەن.

تارىختا ئەدىبلەر، يازغۇچىلار، ھېكمەت ئىگىلىرى ۋە ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئەۋلادلىرىغا بالىلىق چېغىدىن باشلاپلا ئىلىم- مەرىپەت ئىگىلەشكە نەسىھەت قىلىش ۋە ئۇلارغا يول كۆرسىتىشنى داۋام قىلىپ كەلدى. بىلىمنى سۆيۈش ۋە ئۇنى ئۆگىنىشكە ئىشتىياق باشلاش بالىنىڭ ۋۇجۇدىدا مۇستەھكەم ئورنىغاندا بالا ئىلىم ئېلىش يولىغا ئۆزلىگىدىن ئاتلىنىدۇ. ھەم بۇ يولدا تارتقان جەۋرى جاپالارغىمۇ بەرداشلىق بېرىدۇ، ئاتا- ئانىنىڭ ھەيدەكچىلىكىسىز كېچىلىرىنى ئېلىم ئېلىش يولىدا تۈنەپ تاڭ ئاتقۇزۇدۇ.

بالىلارنىڭ نىيىتىنى خالىس قىلغان ھالدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىن بىرەر بۆلۈم بولسىمۇ يادا ئېلىشى تەۋسىيە قىلىنىشى كېرەك

بىز يۇقىرىقى بايانلىرىمىزدا قۇرئان ۋە ھەدىسلەرنى يادا ئېلىشنىڭ بالىلارنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتە قانچىلىك مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدۇق. شۈبھىسىزكى ئۇ ئىككىسى ئىلىملەرنىڭ نۇرى بولۇپ ئۇ ئەقىللەرنى يورىتىدۇ ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا بالا ئاز دېگەندە 30 پارە قۇرئاندىن ئەڭ ئاز بولغاندىمۇ 30- پارە يەنى ئەمما پارىسىنى بولسىمۇ يادا ئېلىشى، ھەدىسلەردىن ئاز دېگەندىمۇ ئىمام نەۋەۋىينىڭ قىرىق ھەدىسىنى يادا قىلىشى لازىم.

# روھىي گۈزەللىك

شەمس نەۋىد ئوسمانى                                    كاملجان تەرجىمىسى

"گۈزەللىك ئىنساننىڭ تېشىدا ئەمەس، ئىچىدە" دېگەن پۈتكۈل دۇنيا خەلقىگە تەڭ ئورتاقلاشقان بۇ مەشھۇر سۆزگە سەئىدىل ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ئەشۇ قاپ ـ قارا، كۆرۈمسىز چىرايى ئۇنى ھەممىلا يەردە تىل ـ ھاقارەت، دەشناملارغا ئۇچرىتىپ كەلگەن بولۇپ، كىشىلەر دائىم ئۇنى كەمسىتىپ چەتكە قاقاتتى . زامانىنىڭ قالاق، مۇتەئەسسىپ قاراشلىرى دائىم ئۇنىڭغا بىچارىلىك بىلەن مەيۈسلۈكتىن باشقىنى ھېس قىلدۇرمىغان ئىدى. جەمئىيەت ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنىڭدا ئىنساننى جەلپ قىلالىغۇدەك، نە چىراي، نە بايلىق، نە ئىلىم، ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ پەقەت قارا تەنلىك، كۆرۈمسىز يارىتىلغانلىقى ئۈچۈنلا جەمئىيەتنىڭ بىگۇناھ خورلىشىغا ئۇچراۋاتاتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئەشۇ كۆرۈمسىز جىسمىغا يوشۇرۇنغان روھىي گۈزەللىكنى پات ئارىدا ئاللاھ تائالانىڭ قانداق مەيدانغا چىقىرىدىغانلىقىنى   ھەتتا ئۇ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى .

كۆرۈمسىزلىكى تۈپەيلىدىن يەتكۈچە خورلانغان بۇ بىچارە ئىنسان ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆھبىتىگە نائىل بولدى. ئۇ ئىنتايىن خورسىنغان ھالدا: "يا رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزلىرىگە ئىمان كەلتۈرەي دەيمەن، ئەمما يەنىلا مۇشۇ كۆرۈمسىزلىكىم تۈپەيلىدىن جەننەت دەرۋازىسى ئالدىدىمۇ چەتكە قېقىلىپ قېلىشىمدىن ئەنسىرەيمەن" دېدى .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئازابلىق چىرايىغا مېھرىبانلىق بىلەن قاراپ: "ياق، ئى سەئىد! ئاللاھنىڭ جەننەتلىرىنىڭ دەرۋازىلىرى سەن ئۈچۈن ئوچۇق، ئۇنىڭغا كىرىشتىن سېنى ھېچكىشى توساپ قالالمايدۇ" دەپ جاۋاب بەردى.

ئاللاھ ھەر ئىككى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆزلىرى سەئىدنىل ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۇنۇق قەلبىگە خۇددى بىر ئابى ھايات دەرياسى بولۇپ قويۇلغان ئىدى. ئۇ: "شۇنداقمۇ؟!" دېگىنىچە بىر پەس ھەيرانە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، دەرھال شاھادەت ئوقۇپ شۇيەردىلا ئىمان ئېيتتى. مانا ئەمدى سەئىد مۇسۇلمان بولغان ئىدى. قەلبى سۇنۇق بىر بىچارە بەندە ئاقىۋەت ئۆز پەرۋەردىگارىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. ئىنسانپەرۋەرلىك بۇگۈن بىر نائۇمىد، مەيۈس ئىنساننى ئۆز باغرىغا بېسىۋالغانىدى.

ئاردىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا ناھايىتى بىچارىلەرچە كىرىپ كەلدى. يەنە قايتىدىن يىغان تۆكۈشكە باشلىدى. "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! گەرچە ئىسلام ماڭا جەننەتنى ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيالىق ھاياتىم بۇرۇنقىدەكلا ھەسرەت ئىچىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. مېنىڭمۇ شۇنچە ئۆيلەنگىم كېلىدۇ. ئەمما ھېچكىمنى قىزىنى بېرىشكە ئۇنىمايدۇ."

ئۇنىڭ جاراھەتلىك قەلبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان بۇ نالە ـ يىغاننى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "نېمە دېگىنىڭ بۇ؟! سەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغان سەردارى ئەمر ئىبنى ۋەھبىنىڭ يېنىغا بېرىپ ـ ئاللاھنىڭ رەسۇلى قىزىڭىزنى سەئىدىل ئەسۋەدكە نىكاھلاپ بېرىشىڭىزنى ئېيتتى ـ دەپ خەۋەر قىلغىن" دېدى .

بۇ كۈتۈلمىگەن جاۋابنى ئاڭلىغان سەئىد ھەيرانلىقتا ھوشىنى يوقاتقىلى تاسلا قالدى. ئۇ: "مېنى خېلى ئاددىي نامرات ئائىلىلەرمۇ ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىشتىن ئۇيات قىلىدىغان تۇرسا، ئەمدىلىكتە قەبىلە سەردارىنىڭ ئېسىل ئائىلىسى بۇ ئىشقا قانداق مۇئامىلىدە بولار؟" دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى. ئۇ گەرچە ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز چىرايىدىن شۇنچە ئەندىشە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ پىكرى ئۇنىڭغا ئۈمىد بەرمەكتە ئىدى. چۈنكى بۇ پىكىر ھەربىر سۆزى ئىسلام جەمئىيىتىگە نىسبەتەن تەقدىرنىڭ مۇقەررەر قارارى بولۇپ ھېسابلىنىدىغان پەيغەمبەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇ ئۈمىد ھەم خەۋپنىڭ بىرىكمە ھېسسىياتىدا تىترەشكە چۈشكەن قەدەملىرىگە پەرۋاسىز ئۇدۇل بارغانچە، ھۆرمەتلىك قەبىلە سەردارىنىڭ ئىشىكىنى دادىل قېقىپ،

تويي تەلپىنى ئوتتۇرىغا قويالىدى. ئۇنىڭ تەلپىنى ئاڭلىغان سەردار غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئائىلىسىنىڭ نام ـ شەرپىگە داغ تەككۈزمەكچى بولۇۋاتقان بىر قارا زەڭگى قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا ئەمر ئىبنى ۋەھەبنىڭ مەۋج ئۇرۇۋاتقان بېسىۋالغۇسىز غەزەپ ـ نەپرىتى سەئىدنى ئەسلىدە توي تەلپىنى قويۇشقا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ ئەۋەتكەنلىكىنمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ قويغان ئىدى. شۇڭا سەئىدنىڭ تەلپى ئىشىك ئالدىدىلا رەت قىلىندى. سەئىد قايتىش ئۈچۈن بىر نەچچە قەدەمنى باسار ـ باسمايلا هويلا ئىچىدىن ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان ئۇياتچان ئاۋازنى ئاڭلىدى.

ــ توختاڭ! ئى ئاللاھنىڭ بەندىسى! توختاڭ، ئەگەر ئېيتقانلىرىڭىز پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ پىكرى بولسا، ئۇنداقتا باش ئۈستىگە قوبۇل قىلىمەن.

بۇ دەل ئەمر ئىبنى ۋەھەب ئائىلىسىنىڭ ئەڭ ئارزۇلۇق قىزىنىڭ ئاۋازى ئىدى. قىز شۇ تاپتا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن چىققان بىرلا سۆز ئۈچۈن بارلىق ئىرقىي ئايرىمچىلىقلارنى، ئائىلە، نەسەب، ئىناۋەت، ئابرۇيلارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ هاياتتىن كۈتكەن بارچە گۈزەل ئارمانلىرىنىمۇ قوشۇپ مەردانىلىك بىلەن پىدا قىلماقتا ئىدى. دادا قىزىدىكى بۇ مەردانە ئىمانى روھنى كۆرۈپ، گويا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغان ئادەمدەك دەرهال ئېسىگە كەلدى. تېخى هازىرلا كەمسىتىپ ئىشىك ئالدىدىن قايتۇرۇۋەتكەن سەئىدنى قايتىدىن قۇچاقلىغىنىچە ئاجايىپ كاتتا ئىززەت ئىكرام بىلەن ئۆيىگە قايتۇرۇپ كىردى.

شۇنداق قىلىپ دۇنيانىڭ نەزىرىدە تەسەۋۋۇرمۇ قىلغىلى بولمايدىغان بۇ توينىڭ ۋاقىت ـ سائىتى جىددى بەلگىلەندى. خۇشاللىقتىن ئېسىنى يوقاتقان سەئىد تويغا كېتەرلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن دەرهال بازارغا يۈگۈردى. ئۇنىڭ شادلىقتىن يېرىلىپ كەتكىلى تاسلا قىلىۋاتقان يۈرىكى ئاجايىپ شېرىن هېسلار قوينىدا دوپۇلدەپ سوقماقتا ئىدى. مانا بۈگۈن ئۇنىڭ شۇنچە زامانلاردىن بېرى خورلۇققا ئۇچراپ كېلىۋاتقان شېرىن ئارمانلىرى كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپلا تۇرغان مۇراد ساھىلىغا يېتىۋېلىشقا ئازلا قالغان ئىدى. ئەمما ئۇ تۇيۇقسىزلا ناھايىتى ئېغىر بىر ئىلاھىي سىناققا دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇنىڭ قۇلاقلىرى بازاردا ياڭراۋاتقان "ئى مۇسۇلمانلار! جىهادقا ئاتلىنىڭلار!

جىھادقا ھازىرلىق قىلىڭلار!" دېگەن جىددى چاقىرىقنى ئاڭلاۋاتاتتى. سەئدنىڭ شۇنچە تېز ـ تېز بېسىپ كېتىۋاتقان قەدەملىرى بىردىنلا ئاستىلاپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان تاتلىق ھېسلار دولقۇنىمۇ ئۆز ئىزىدا قېتىپلا قالدى. ئۇنىڭ پۈتكۈل تەپەككۇر دۇنياسى ئەشۇ چاقىرىقتا غەرق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى كۆرۈپ كېلىۋاتقان شېرىن چۈشلىرى ئەنە شۇ ئەبەدىيلىك ھەققانىيەت چاقىرىقىنىڭ ئۆچمەس قۇياشىدا كۆزدىن ئۆچكەن ئىدى. توي كېچىسىنىڭ ئۇتلۇق، شېرىن باغرىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇپ تۇرغان سەئد ئەمدى ئۆز ئۆلۈمىنى باغرىغا بېسىش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. دۇنيانىڭ جائىز لەززەتلىرى تەرەپكە كېتىپ بارغان قەدەملىرى ئاللاھ تەرەپكە بۇرۇلغان ئىدى. تويغا لازىمەتلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەلگەن سەئد ئەمدى ئۇرۇش ئەسلىھەلىرىنى سېتىۋېلىپ، جىھاد مەيدانى تەرەپكە ئاشقانە كېتىپ باراتتى. ئەمەلىيلىكتە ئۇنىڭ ئۆي ـ پىكرىدە توي كۈنىنىڭ ھۇزۇرلۇق تەسەۋۋۇرلىرى ئەمەس، جەننەتنىڭ ئاجايىپ مەستخۇشلۇق مەنزىرىسى جىلۋىلەنمەك ئىدى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزنىڭ گۈزەل ھۆسنى ـ جامالى ئەمەس، ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ۋىسالى ئەڭ سۆيۈملۈك ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا ئۆلۈم دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل ئارمان بولۇپ تۇيۇلىدىغان ھاياتلىق باسقۇچىغا قەدەم قويغان ئىدى. ئىنسان يېڭى توي كىيىملىرى بىلەن زىننەتلىنىشنى ئەمەس، بەلكى ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن غۇسلى قىلىپ، كېپەنسىزلا كۆمۈلۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان جىھاد مەيدانىغا قەدەم ئالغان ئىدى. راھەت ـ پاراغەتلىك ھېسسىيات قەسىرلىرى ئۇنى شۇنچە ئۆزگىچە چاقىرىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ قەبرە سۈكۈناتلىرى تەرەپكە پەرۋاسىز كېتىپ باراتتى. گەرچە ئەيش ـ ئىشرەت خىلۋەتلىرى ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئېچىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇ قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ قانلىق باغرىغا پەرۋاسىز ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى.

جەڭ مەيدانىدا بېشىغا ئاپ ـ ئاق سەللە يۆگەپ يۈز ـ كۆزىنى مەھكەم ئورىۋالغان بىر مەردۇ ـ مۇجاھىدنىڭ ئىسلام ئۈچۈن ئۆز جېنىنى تەقدىم قىلىشقا شۇنچە ئالدىراۋاتقانلىقىنى ھەممەيلەن ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنى تونىيالمايۋاتاتتى. چۈنكى بۇگۈن كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتقىنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تاشقى قىياپىتى ئەمەس، بەلكى روھىي گۈزەللىكى ئىدى. ئۇنىڭ جەڭ مەيدانىدىكى تەڭداشسىز جۈرئەت ـ شىجائىتىگە ۋە ئاجايىپ گۈزەل پىداكارلىق ئوبرازىغا ھەممەيلەن چوڭقۇر زوقلىنىش ئىلكىدە ھەيرانە باقماقتا ئىدى.

تۆيۇقسىز ئۇنىڭ يەڭلىرى ئارىسىدىن قاپ ـ قارا بىلىكى كۆرۈنۈپ قالدى. ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنى تونۇۋالغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىختىيارسىز "بۇ سەئىدقۇ؟!" دەپ تۇۋلۇۋەتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئاۋازىمۇ ئۇنى شەھىدلىك ئىشقىدىكى پەرۋانىلەرچە مەستانىلىكىدىن ئويغىتالمىدى . ئۇ توختىماي قىلىچ چېپىپ ، ئىلگىرىلەپ ، ئىلگىرىلەپ ... ئىلگىرىلىگەنچە ، ئاللاھقا بولغان ھەقىقىي بەندىچىلىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر، ئەمما ئەڭ يۈكسەك قاتلىمىغا شۇڭغۇپ كەتتى. دۇنيا پەردە ئارقىسىدا خىرەلىشىشكە، ئاسمان ـ زېمىن ۋە پۈتكۈل كائىنات چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن يول ئېچىپ كەينىگە سىلجىشقا باشلىغان ئىدى. مانا بۈگۈن ھەقىقىي ئىنسان ۋۇجۇد قورغانلىرىنى بۆسۈپ چىقىپ، ئۆز ئىلاھىنىڭ سۆيگۈسى ئۈچۈن يەردە ياتاتتى. ئۇنىڭ روھى ئاللا بۇرۇن ئۆز ئىلاھى بىلەن ئۇچرىشىپ بولغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەستى يېنىغا كېلىپ ئىگىلدى . ئۇنىڭ جانسىز جىسمىنى مۇبارەك قۇچىقىغا ئېلىپ قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا "ئى سەقىق قەبىلىسى! ئاللاھ بۈگۈن بىزنىڭ سەئىدگە سىلەرنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە گۈزەل قىز ئاتا قىلدى" دەپ خىتاب قىلىشقا باشلىدى.

سەئىدىل ئەسۋەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ قىسقىغىنا ھېكايىسى بىزگە نىسبەتەن ھېسابسىز ساۋاق، نەسىھەت ئەڭگۈشتەرلىرىگە تولغان قىممەتلىك خەزىنىگە ئوخشايدۇ. ئارىمىزدىن قېنى كىم بۇ ئەڭگۈشتەرلەر بىلەن ئېتىكىنى تولدۇرۇشقا بەل باغلىيالايدۇ؟ ئارىمىزدا قېنى كىم ئىنسان دېگەن سۆزنىڭ ئادەملەرنىڭ تاشقى قىياپىتىگە ئەمەس، بەلكى ئىچكى روھىيەت دۇنياسىغا قارىتىلغانلىقىنى چىن مەنىدىن تونۇپ يېتەلەيدۇ؟

ئەمما ھازىرقى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى شۇنچە كۆركەم، گۈزەل چىرايلار ساھىبلىرى بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلار ئۆز روھىيەت دۇنياسىدا ئىنسان ئەمەس، بەلكى بىر ھايۋاننىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئۆزىمۇ كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. چۈنكى بۇ ھەقىقەتنى پىشانىلەر ئاستىغا قادالغان كۆزلەر ئەمەس، بەلكى ئىمانى ۋىجدان، ئىمانى تۇيغۇلاردىن پۈتۈپ چىقىدىغان ئىچكى تەپەككۇر كۆزلىرىلا كۆرۈپ يېتەلەيدۇ. خوش، ئەمدى بىزچۇ؟! بىزنىڭ

تەپەككۇر كۆزلىرىمىز روھىيەت دۇنيايىمىزدىكى يوشۇرۇنۇپ ياتقان ئەشۇ رەزىل ھەقىقەتنى كۆرۈشكە پېتىنالارمۇ؟!

ئەگەر پېتىنالمايدىكەن، ئۇنداقتا يەنىلا بىز مۇسۇلمانمۇ؟ ئاھ ! بىز راستتىنلا مۇسۇلمانمۇ...

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# كىشىلىك هوقۇق ۋە ئىنسان پەرۋەرلىك

(پارچىلار)

شەمس نەۋىد ئوسمانىي                كامىلجان تەرجىمىسى

سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلار بىلەن سەپەر ئۈستىدە ئىدى. ئۇلار توختىغان جايدا سۇ تاپقىلى بولمىغاچقا، ھەممەيلەن ئۇسسۇزلۇقتا ھالسىراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرقانچە ساھابە سۇ ئىزدەشكە يولغا چىقتى. بىر ھازادىن كېيىن ئۇلار چۆللۈكتە، سۇ قاچىلانغان تۇلۇمنى كۆتۈرۈپ يالغۇز كېتىپ بارغان بىر كاپىر ئايالنى ئۇچراتتى. سۇغا تەشنا ساھابىلەر يۈگۈرۈپ بېرىپ ئەھۋال ئېيتتى. ئەمما ئۇ ئايال ئازراق بولسىمۇ سۇ بېرىشكە زادىلا ئۇنىمىدى. غەزەپلەنگەن ساھابىلار ئايالنى تۇتۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا ئېلىپ ماڭدى. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈپ كەتكەن ئايال ئەمدىلىكتە ئۆزىنىڭ ناھايىتىمۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا قالغانلىقىنى، ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىرىغان كىشىلەرگە سۇ بەرمەي خاتا قىلغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

"بۇلار ئەمدى مېنى نېمە قىلىۋېتەر؟ ھەتتا مېنى ئۆلتۈرۈپ تاشلىسىمۇ، ئۇنى كۆرىدىغانغا ئادەم يوق بۇ چۆللۈكتە، ئۆزەم يالغۇز شۇنچە كۆپ ئەرلەرگە قانداقمۇ قارشىلىق بىلدۈرىمەن؟ يەنە كېلىپ مەن بىر ئاجىز ئايال تۇرسام. . . " دېگەندەك ۋەھىمىلەر بىلەن پۈتۈن ئەزايى تىترىمەكتە ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قولىدا تۇلۇمنى ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا تەڭگە تۇتقۇزىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىدە، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ ئۇنىسز

ۋەھىمىلىك خىيال دېڭىزىدا ئاجايىپ ھاياجانلىق بىر داۋالغۇشنىڭ پەيدا بولىۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

"بۇلار زادى قانداق ئادەملەردۇر؟ ھېچ بىر كىشى يوق بۇ چۆللۈكتە مېنى قانداق خالىسا شۇنداق بوزەك ئېتەلەيدىغان تۇرۇپ، يەنە نېمىدىن قورقۇپ بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغاندۇ؟ ئۇلارنى ئەيمەندۇرىۋاتقان زادى نېمە؟ ئۇلار نېمىدىن زادى شۇنچە قورقىۋاتقاندۇ؟ توغرا، ئۇلار بەلكىم ئۆز خۇداسىدىن قورقۇۋاتسا كېرەك، باشقىلارنى بوزەك ئېتىشكە كەڭرى شارائىت تۇرۇپمۇ، ئۇلار بۇنچە ئەيمىنىۋاتقان خۇدا، چوقۇم ھەقىقىي خۇدا. چوقۇم ھەقىقىي خۇدا... " دېگەنلەرنى بىر قۇر ئويلاپ چىقتى – دە، دەرھال ئىمان ئېيتىپ، شۇ يەردىلا مۇسۇلمان بولدى. (ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن!)

مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئېسىل ئەخلاقى، مانا بۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىش ئىزلىرى. ئەمما بىز ئەشۇ ئېسىل ئەخلاق - پەزىلەتلەرنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۆزىمىزنى ئۆزگەرتمەستىن، بەلكى مەلۇم بىر قىسىم سىياسى مەنپەئەتىمىزنى دەپ، ئىسلام ئەخلاقىنى ئۆزگەرتىپ تاشلىماقتىمىز. تېخى ئۇيالماستىن باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاك سېلىپ تۇرۇپمۇ، ئۆزىمىزچە پەتىۋالارنى توقۇشۇپ "بىر توپ ئىسلام جامائىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ھەققىگە چاك سېلىش جائىز" دەپ جۆيلۈپ يۈرمەكتىمىز. ھالبۇكى بىزنىڭ چوقىنىۋاتقىنىمىز ئۆز نەپسىمىزدىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان، توۋا! يەنىلا بىز مۇسۇلمان!

* * * * * * * * *

بۈگۈن خەلىپىلىك خەزىنىسىنىڭ دەۋازىسى ئالدىغا توپلاشقان يەھۇدىلار دۇنيادا تېخىچە كۆرۈنۈپ باقمىغان ئاجايىپ بىر مەنزىرىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە ئىشىنەلمەي داڭ قېتىپ قىلىشقان ئىدى. ئەسلىدە بۈگۈن ھىرەقلىنىڭ پولات ساۋۇتلارغا چۈمكەلگەن ئىمپېرىيە قوشۇنلىرى "يەرمۇك" قا توپلاشقان ھەمدە ئۇلارنىڭ ئالدىنى توساش ئۈچۈن "ھىمىس"تىكى مۇسۇلمان ئەسكەرلەر جىددى ئاتلىنىشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان كۈن ئىدى.

بۇ دەل خۇددى ھازىرقى دەۋردىكىگە ئوخشاش دۇنيادىكى بارلىق مۇستەبىت ھۆكۈمران كۈچلەر "ئۇرۇش ھازىرلىقى" نامى بىلەن پۇقرالارغا سىلىق سىلاپ، ئۇلارنىڭ تېرىلىرىنىمۇ قويماي يۇلۇپ ئادەتلەنگەن، ھۆكۈمەتنىڭ ھەربى ھازىرلىق پىلانلىرى ئەجدىھاردەك ھەممىنى يالماپ، خەلق ئىقتىسادىنى پالەج ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىغان. توپلارنىڭ دەھشەتلىك زەربىسىدە ئىتىزلار نابۇت بولىدىغان، قەھەتچىلىك بولىۋاتقىنىغا قارىماي پۇقرالارنىڭ مال – مۈلۈك، ئوزۇق – تۈلۈكلىرى قۇرال زاۋۇتلىرىغا سەرمايە قىلىۋېلىنىدىغان، تۈرلۈك سىياسىي تاكتىكىلار ئىنسانلارنىڭ ئۆز – ئارا مېھرى – مۇھەببىتىنى ۋە يۈكسەك ئىنسانىيلىكىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئۈچۈن ئىمزالىنىشقا ئالدىراش بولۇپ كېتىدىغان ئۇرۇش مەزگىلى ئىدى.

ئەمما مانا شۇنداق جىددى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىمۇ پۈتكۈل ھىمىس خەلقى جەڭ سىگنالى چېلىنىشى بىلەن تەڭلا جاكارچىنىڭ "بارلىق غەيرى دىندىكىلەر ئىسلام ھۆكۈمىتىمىزگە تاپشۇرغان يىللىق جىزيەسىنى (يەنى كاپالەت بېجىنى) دەرھال قايتۇرۇپ ئېلىپ كەتسۇن!" دەپ تۋۋلاۋاتقانلىقىنى ئۆز قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىدى. خەلىپىلىك خەزىنىسىنىڭ غەيرى دىندىكى پۇخرالارغا كەڭرى ئېچىۋېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

— ھوي! بىز زادى نېمىنى كۆرىۋاتىمىز؟! . . . ئاڭلاۋاتقانلىرىمىز راستمۇ؟! يەھۇدىلار كوچا، كوچىلاردا، بارچە يول قاسناقلىرىدا بىر – بىرىگە ئالدىراش شىۋىرلاشماقتا ئىدى.

ــ شۈنچە جىددى ئۇرۇش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلگەندىمۇ پۇخرالارنى بولاپ، تالاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۆز مال – مۈلكىنى ئىككى قوللاپ پۇقراغا سۇنىدىغان بۇ مۇسۇلمانلار زادى قانداق ئىنسانلاردۇر؟!...

ــ توغرا دەيسىلەر! ــ بۇ يۇقۇرىقى سوئاللارغا ئىسلام ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بىرىلىۋاتقان ئاددى جاۋاپ ئىدى.

ـ توغرا. شەكسىزكى، ھازىر خەتەرلىك ئۇرۇش بولۇۋتىلىرى بىشىمىزدا لەيلەپ يۇرمەكتە. شۇ تاپتا ئۇرۇش ھازىرلىقى جەھەتتىكى جىددى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىمىزمۇ بىزگە ئاپەت كەبى ۋەھىمە سالماقتا. ئەمما سىلەردىن يىغىۋىلىنغان يىللىق كاپالەت بىجى بولسا، سىلەرنىڭ دىنى ئەركىنلىكىڭلارنى، ئىززەت ـ ئابروي، مال – مۈلكىڭلارنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن يىغىۋىلىنغان. مانا ئەمدىكى ۋەزىيەتتە بىز ئۇرۇشقا ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمىز، كىم بىلسۇن، ئۇرۇشتىن كىيىن سىلەرگە كاپالەتلىك قىلالماي يىغىۋىلىنغان باجنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالماسلىقىمىزمۇ مۇمكىن. شۇڭلاشقا ھەققى ئادا قىلىنمىغان پۇللارنى جىھاد ھازىرلىقى ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيمىز، چۈنكى جىھادتىن ئىبارەت بۇ پاك ئىبادىتىمىزگە ھارام پۇللارنىڭ ئارىلىشىپ قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

بۇ جاۋاپنى ئاڭلاپ ھاياجىنىنى باسالمىغان يەھۇدىلار:– تەۋرات بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بۇنداق ئادىل ھۆكۈمرانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ ھەر قانداق ھۆكۈمرانلىقىنى پىدا قىلىشقا تەييارمىز، بۈگۈن بىزمۇ سىلەر بىلەن بىرلىكتە رىم قوشۇنلىرىغا قارشى تاكى جىسمىمىزدا بىر تامچە قان قالغىچە ئۇرۇش قىلىمىز. ھەر قانداق ئەھۋالدا دۈشمەننى ”ھىمىس“كە يىقىن يولاتمايمىز، دەپ تەلەپ قىلىپ، تووۋلاۋاتقان ۋەدە، شۇئارلىرى بىلەن ئاسمانىنى لەرزىگە كولتۇرۇشكە باشلىدى.

ئىسلام تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بۇنداق ۋەقەلەر قەدەمدە بىر كۆزىمىزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. ئەمما نىچۇنكىنتاك، بىز ئۇنىڭ زادى نىمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاشقا ۋاقىت ئاجرىتىشنى ئانچە خالاپ كەتمەيمىز. قارىماققا ناھايىتى ئاددى تۇيۇلىۋاتقان بۇ ۋەقە بىزگە بىر تەرەپتىن ئىسلامنىڭ كىشىلىك ھوقوق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە تۇتقان دىنى ئەسەبىيەتلەردىن خالىي ئادىل نۇقتى نەزىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسلام ئىنقىلاۋىنىڭ تۈپ ئاساسىي پىرىنسىپلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. شۇنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەسھابە كىراملار ۋە بارلىق تابىئىن، مۆئمىن مۇجاھىدلار تارىختىن بۇيان ئىسلام كۆرەشلىرى ئۈچۈن ھالال قان ـ تەرلىرى ۋە پۇل بايلىقلىرىنى سەرپ قىلىپ كەلگەن. بۇ ئەڭ يۈكسەك، پاك ئىبادەتكە ھارام پۇللارنىڭ ئارىلىشىپ قىلىشىغا قەتئىي يول قويمىغان. ئەمما مانا بۈگۈنكى دەۋردە دۇنيانىڭ يەكلىشىگە دۇچ كەلگەن بىر قىسىم ئازغۇن دىنىي جامائەتلىرىمىز ئازغىنە سىياسىي مەنپەئىتىنى دەپ، جىھاد نامى بىلەن ھەتتا مۇسۇلمانىنى بۇلاشتەك ئۆچمەس قىلمىشلارنى سادىر قىلماقتا. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ قويۇش زۆرۈركى، ئۇلارنىڭ ئۆز بۇلاڭچىلىقلىرى ئۈچۈن پەتىۋا قىلىشىۋالغان "ئامالسىز ئىككى گۇناھنىڭ بىرىگە دۇچ كەلگەندە، چوڭ زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كىچىك زىياننى تاللاش لازىم" دېگەن ئىبنى قەييۇم تەيمىييە(ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن)نىڭ سۆزى ئەمەلىيەتتە جىھاد مەسىلىسىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت يېمەكلىك مەسىلىسىگە قارىتىلغان. ئاللاھ گەرچە بىزنىڭ ئامالسىز توڭگۇز گۆشى يېگەنلىكىمىزنى مەغپىرەت قىلسىمۇ، ئەمما ئامالسىزلىقنى باھانە قىلىپ، كىشىلەرنىڭ ھەققىنى يېگەنلىكىمىزنى ھەرگىز مەغپىرەت قىلمايدۇ. شەھىد بولغان كىشىنىڭ بارلىق گۇناھلىرى كەچۈرۈم قىلىنسىمۇ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى باشقىلارنىڭ قەرزى ياكى ھەققىنىڭ كەچۈرۈم قىلىنمايدىغانلىقى نۇرغۇن ھەدىسلەردە ئېنىق بايان قىلىنغان. چۈنكى ھەقىقىي مۇجاھىدلارنىڭ دۇنيادىكى ۋەزىپىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى

قۇللۇق ئىشكەللىرىدىن ئازات قىلىپ، پەقەت بىرلا ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈش، ئۇلارنى ھەقىقىي ئىنسانىي مەرتىۋىسىگە ۋە ئىنسانىي ھەق ھوقۇقىغا ئىگە قىلىشدۇركى، ھەرگىزمۇ كىشىلەرنىڭ ھەققىگە چاڭ سېلىش ئەمەس.

* * * * * * * * *

خەيبەردىكى يەھۇدىلار خېلى ئۇزاق تىركىشىپمۇ ئاخىرى قۇرال تاشلاشقا مەجبۇر بولغاندىن كېيىن شەھەرگە بېسىپ كىرىش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام قوشۇنلىرىغا نىسبەتەن ئاجايىپ قورقۇنۇشلۇق ۋەھىمىلەرگە مۇپتىلا بولۇشماقتا ئىدى. ئۇلار "شەھىرىمىز بىر قېتىملىق چوڭ بۇلاڭ – تالاڭ، قىرغىنچىلىققا دۇچ كېلىدىغان بولدى" دەپ قاتتىق ئەنسىرەشمەكتە ئىدى. چۈنكى ئۇلار دۇنيانىڭ شۇ چاققىچە بولغان تارىخىدا، فەلئە، قورغانلارنى بۆسۈپ ئۆتكەن غالىپ قوشۇنلارنىڭ دائىم زۇلۇم، ئىستىبداتلىقنىڭ ئەڭ قەبىھ نەمۇنىلىرىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىنى كۆرۈپ ئادەتلەنگەن ئىدى. غالىپلارنىڭ دەھشەت سېلىشى بىلەن مەغلۇپلارنىڭ ئەنسىز، تاتىراڭغۇ چىرايىدا، ئىنسان ۋە ئىنسانپەرۋەرلىككە بولغان مەيۈسلىكنىڭ قانداق ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى، ئاياللار، ئۇششاق باللار، قېرى – چۆرە، ئاجىز، مىيىپلارنىڭمۇ ئىمتىيازسىز زۇلۇملاردا بىچارىلەرچە جان بېرىدىغانلىقىنى، ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە ئېتىز، ئورمانلار كۈلگە ئايلىنىپ، يادىلارنىڭ ئۇيىاق – بۇياقلارغا قالايمىقان چېپىپ يۈرىيدىغانلىقىنى، ئۇچار قۇشلارنىڭمۇ ئالاقزادىلىكتە ئۇۋىلىرىنى تاشلاپ، يىراق – يىراقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىغانلىغىنى، ئۆز غەلىبىسىدە ھوشىنى يوقاتقان غالىپلارنىڭ بەئەينى ئالا – جوقىلاردەك چۇقان سېلىشىپ، شەھەرنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇشقا ئادەتلەنگەنلىكىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرگەن ياكى قۇلاقلىرى بىلەن ئاڭلىغان ئىدى.

ئەمما بۇگۈن خەيبەر زېمىنى تۇپراقتىن يارالغان ھەقىقىي ئىنسانلارنىڭ غەلىبىدىن كېيىنمۇ كەمتەرلىكىنى ئىپادىلەپ، نەزەرلىرىنى تۆۋەن تۇتقان ھالدا يەرگە يۇمشاق دەسسەپ، شەھەرگە كىرىۋاتقانلىقىنى تونجى قېتىم ھېس قىلماقتا ئىدى. غالىپ ئىسلام قوشۇنىنىڭ بېسىۋاتقان قەدەملىرىدىن ۋەھشىلىك ۋە مەغرۇرلۇقنىڭ قاراس – قۇرۇس ئەۋازلىرىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. خەيبەر زېمىنى تارىخىدا تونجى قېتىم غالىپلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئىنتىقام ۋە نەپرەتنىڭ غەزەپلىك ئوچقۇنلىرىنى ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ بىر خىل مۇھەببەت نۇرىنىڭ چاقنىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قوللىرى قانلىق قىلىچلار تەرەپكە ئەمەس، ئەكسىچە ئىنسانىي دوستلۇق، ئىنسانىي مۇھەببەت تەرەپكە سوزۇلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

بۇ دەل قەدىردان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇياش كەبى نۇرلۇق جامالى بەخش ئېتىۋاتقان گۈزەل سېزىم بولۇپ، مۇجاھىدلارنىڭ ھەر بىر قەدىمىمۇ خەيبەر زېمىنىگە ئەنە شۇنداق سېزىمنى بەخش ئېتىپ، يېنىك بېسىلماقتا ئىدى. ئىسلام قوشۇنىنىڭ سەردارى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چېھرىدە غالىپلارچە مەغرۇرلۇق ئورنىغا مەغلۇپلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا بولغان كۆيۈمچانلىقىنىڭ ئالامەتلىرى ئېنىق ئىپادىلىنىۋاتاتتى.

ئاجىزلار زۇلۇم، تەھدىتلەرنىڭ رەزىل ھېسلىرىنى باش ئەگدۈرۈۋاتقان تەڭداشسىز غايىپ ئىلاھىي كۈچنىڭ ئەمەلىي ئوبرازىنى تونجى قېتىم ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى. خەيبەرنىڭ بارلىق سېپىل، ئىشىك، دەرىزىلىرى قايىللىق بىلەن كۆزنەكلىرىنى ئېچىپ، چوڭقۇر ھاياجانلىنىش ئىلكىدە ھەيرانە قاراپ تۇراتتى. شەھەرنى قاپلىغان قورقۇنچ، ۋەھىمىلەرنىڭ قارا بۇلۇتلىرى بىردەم ئىچىدىلا غايىپ بولۇشقان ئىدى. مەغلۇپلارنىڭ ئالاقزادە چىرايىدا ئەكس ئېتىشكە باشلىغان خاتىرجەملىك گويا ئۇلارنىڭ قەلب، روھلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئىدى. جەڭ ئوتىدا

يۈچىلانغان شەھەر يۈخرالىرى ئەمدىلىكتە ئۆز مەغلۇبىيىتىنىڭ مۇسۇلمانلار قولىدا نەقەدەر گۆزەللىككە ئېرىشكەنلىكىنى ھەقىقىي ھېس قىلماقتا ئىدى. ھەتتا يەھۇدىلارنىڭ مەغلۇپ قۇماندانلىرىمۇ مۇكىنىۋالغان بۇلۇڭ – پۇچقاق، پاناھگاھلىرىدىن چىقىپ، غالىپ ئىسلام قۇماندانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا، ئۇلارنىڭ ئەخلاق – پەزىلىتىنى سىناپ كۆرۈشكە پېتىنالىدى. تېخى بايىلا قورقۇنچتا پۈتۈن ئەزايى تىترەشكە چۈشكەن مەغلۇپلار غالىپلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆز تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتەك ئەدەپسىزلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالىدى.

دېمەك، ئىنسانپەرۋەرلىككە بولغان ئىشەنچىنىڭ نۇرلۇق قوياشى شۇنچە ئۇزاق زامانلاردىن كېيىن تارىخ ئاسمىنىدا تۇنجى قېتىم نۇر چاچماقتا ئىدى. شەھەردە غالىپلارچە مەغرۇرلۇق ئىپادىلەنمىدى. قىلىچلار ھېچقانداق ئىنساننىڭ قېنىغا بويالمىدى. ئىنتىقام ۋە غەلىبە، نۇسرەتنىڭ ئاللا – چۇقانلىرىمۇ كۆتۈرۈلمىدى. بەلكى دەل ئەكسىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىرلا ئەۋزارى بىلەن تەڭ بارلىق مۇجاھىدلار ئاللاھنىڭ ئالدىدا يۈۋاشلىق بىلەن سەجدىگە باش قويۇشقا، نامازنى ئادا قىلىشقا دەرھال تۇتۇشتى. دۈشمەنلەرنىڭ مەغرۇر قەددىنى مۈكچەيتكەن غالىپ باشلار ئەمدىلىكتە ئاجىزلىق بىلەن يەرگە تەگمەكتە ئىدى. زېمىننى تىترىتىدىغان چېكىنمەس قەدەملەر ئۆز ئىزىدا قاتقان ئىدى.

خەيبەر ئەنە شۇنداق شانلىق فەتھى قىلىنغاندىن كېيىن غەيرى دىندىكى يۈقرالارنىڭ قەلبلىرىمۇ ئىسلام بايرىقى ئاستىغا جەم بولۇشقا باشلىدى. غالىپلار بىلەن بىرلىكتە مەغلۇپلارمۇ تەڭ شاتلىققا چۆمدى. گويا ئۇرۇش بىلەن تىنچلىق، غەلىبە بىلەن مەغلۇبىيەت، شەرق بىلەن غەرب ئۆز – ئارا بىرلىشىپ كەتكەندەك ئىدى. مەغلۇپلارنىڭ ئىسلام قوشۇنىغا قويغان تەلەپلىرىدىمۇ ئىنسانپەرۋەرلىككە بولغان قەتئىي ئىشەنچلىرى ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.

ــــ زېمىنىمىزنى ئۆزىمىزگە تاپشۇرۇڭلار ـ بۇ تېخى بايىلا قورقۇنچ، ۋەھىمىلەردە مۆكۈنۈشكە يەر تاپالماي تېپىرلاپ يۈرگەن مەغلۇپلارنىڭ غالىپلارغا قويىۋاتقان تەلىپى ئىدى.

ــ چۈنكى بىز سىلەرگە قارىغاندا يەرگە ياخشى قارىيالايمىز، ئۈنىڭدىن ئېلىنغان مەھسۇلاتتا سىلەرنىڭمۇ تېگىشلىك ئۈلىشىڭلار بولسۇن.

تارىخ گۇۋاھكى، بۇ تەلەپمۇ تەخىرسىز ماقۇللاندى. شۇنداق قىلىپ دۇنياغا كىشىلىك هوقۇق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ يېڭى سەھىپىسى ئېچىلدى. بىر مەزگىلدىن كېيىن مول - هوسۇل يېغىۋېلىش پەسلى كەلگەندە، ئىسلام هاكىمىيىتىنىڭ خەيبەردىكى ۋەكىلى ھەزرىتى ئىبنى رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەسىللىك مول – هوسۇللارنى تەقسىملەپ:

ــ مانا بۇلاردىن ئۆزەڭلارغا يارىغان ئۈلىشىنى ئېلىپ، يارىمىغىنىنى بىزگە قالدۇرۇڭلار ـ دەپ ئېيلان قىلغانلىقىنى ئاڭلىغان يەھۇدىلار چوڭقۇر ھاياجانلىنىش ۋە سۆيىنىش ئىلكىدە كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ:

ــ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ بۇ ئادالەتپەرۋەرلىكىڭلار تۈپەيلىدىنلا پۈتكۈل ئاسمان ـ زېمىن ئەركىن نەپەسلىنىشكە سازاۋەر بولماقتا ـ دەپ ئاپىرىن ئوقۇشقا باشلىدى.

ئەمما مىڭ ـ مىڭلاپ ئەپسۇسكى، دۇنياغا ئىنسانپەرۋەرلىك، كىشىلىك هوقۇق، ئىنساپ، ئادالەتتىن دەرىس بەرگەن ئاشۇ بۈيۈك ئۈممەت بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، كېچە – كېچىلەپ تۆككەن قانلىق ياشلارمۇ بەدەل بولالمىغۇدەك دەرىجىدە دۇنيا ئۈچۈن ئاچچىق ساۋاققا ئايلىنىپ قالماقتا.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# قۇرئاننىڭ سايىسىدا

ئاتاقلىق ئىسلام مۇتەپەككۇرى شېھىت سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن) نىڭ "قۇرئاننىڭ سايىسىدا" ناملىق تەپسىرىگە يازغان مۇقەددىمىسى

كاملجان تەرجىمىسى

قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش ئەڭ ئۇلۇغ بىر نېمەت . ئۇنىڭ ھالاۋىتىنى تېتىپ باققان ئادەملا ئۇنىڭ قەدرىگە يېتەلەيدۇ. ئۇ ئىنسان ھاياتىنى شان ـ شەۋكەت، بەرىكەت ھەم گۈزەللىككە چۆمدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ماڭا قىلغان ئۇلۇغ شەپقىتى مېنى شۇنچە زامان قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈشكە سازاۋەر قىلدى. مەن بۇ جەرياندا گويا مەندەك ئەرزىمەس، خەستە بىر بەندە ئەشۇ بۈيۈك تەڭداشسىز ئاللاھقا بىۋاستە ھەمسۆھبەت بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. ئاللاھنىڭ بۇ كاتتا مېھرىبانلىقىغا قارىمامدىغان! ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ شەرەپ بولماس، بۇنىڭدىنمۇ يۈكسەك مەتىۋە، كاتتا مەقام بولماس!

شۇنداق، مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئاشۇ مۇقەددەس يۈكسەكلىك بۇرۇجىدا ئولتۇرۇپ، گويا يەر يۈزىدىكى جاھالەت كەلكۈنلىرىنىڭ دولقۇنلىرىغا نەزەر سالدىم. جاھالەت مۇرىتلىرىنىڭ پەسكەش تۇزىتلىرىگە نەزەر سالدىم. مەن گويا جاھان كۆرگەن دانىشلاردەك، جاھالەت ئەھلىنىڭ چولتا تەپەككۇر، تەسەۋۋۇرلىرىغا، بالىلارچە قائىدە ـ ئەنئەنىلىرىگە نەزەر سالدىم. ئۇلارنىڭ گۆدەك بالىدەك سۆزلەپ تووۋلاشلىرىغا، قومدا ئۆي ياساپ ئويناشلىرىغا نەزەر سالدىم. ئىنسان ھاياتىنى شان شەۋكەت، بەرىكەت، ھەم گۈزەللىككە

چۈمدۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىلاھىي سادالارغا ئۇلارنىڭ قۇلاق سالمايۋاتقانلىقىغا، ۋابا قاپلىغان پاتقاقلىقتا نەقەدەر چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتقانلىقىغا تەئەججۈپلەنمەي تۇرالمىدىم.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئىنسان ۋۇجۇدى ھەققىدە ئەڭ گۈزەل، مۇكەممەل بىر تەسەۋۋۇردىن ھوزۇرلاندىم . پۈتكۈل شەرق ۋە غەربتىكى ئىنسانلار ئۆز تۇرمۇشلىرىغا ئاساس قىلىۋالغان جاھالەت ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىنى ئۇنىڭغا سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم. شۇ چاغدا، "ئىنسانىيەتنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنچە گۈزەل ياپ ـ يېشىل سەيلىگاھلار، شۇنچە يۈكسەك مەقام، ئۆچمەس چىراغلار تۇرۇقلۇق يەنە نېمە دەپ، شۇنچە زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقتا، خار ـ زەبۇنلۇق، ئىزىتقۇلۇقتا ھايات كەچۈرىدىغان ؟!" دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدىم.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئىنسانىيەتنىڭ ھەرىكەت، پائالىيىتى بىلەن كائىناتنىڭ ھەرىكەت، پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا تەقدىرنىڭ ئىرادىسى بىلەن نەقەدەر گۈزەل مۇناسىۋەتنىڭ ئورنىتىلغانلىقىنى، ھەر ئىككىلىسىنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەنلا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمما ئىنسانلار مانا بۇ تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىش تۈپەيلى ئازغۇنلۇققا، ئازاب ـ ئوقۇبەتكە دۇچار بولۇپ كەلمەكتە. ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام تەبىئىتى بىلەن ئۇنى ئەتراپىتىن مەھكەم قورشاپ تۇرغان خاتا تەلىمات ۋە بۇلغانغان مۇھىت ئوتتۇرىسىدا توختاۋسىز كۈرەش داۋام قىلماقتا. مەن "چوقۇمكى، ئىنسانلارنى بۇ جەھەننەم تەرەپكە شەيتاننىڭ سۆرەپ كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق . ئەمما ھەيران قالارلىقى، ئىنسانلار چۈشەنمەيدۇ." دېگەنلەرنى ئامالسىزلارچە ئويلىماي تۇرالمىدىم.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، كائىناتنىڭ سىرتقى شەكلىدىن نەچچە ھەسسە پايانسىز ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئۇنىڭ بىر ئۇلۇغ ھەقىقەت

ئىكەنلىكىنى، تۈرلۈك قاتلاملارغا بۆلۈنگەنلىكىنى، ئۇنىڭدا تاشقى ئالەملا ئەمەس، بەلكى بىر ئىچكى غايىب ئالەمنىڭمۇ مەۋجۇتلۇقىنى ، ئۇنىڭ دۇنيالا ئەمەس، بەلكى دۇنيا ھەم ئاخىرەت ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم. ئىنسان ھاياتىنىڭ سەپەر داۋامىدا يۈكسىلىدىغانلىقىنى، ئۆلۈم بۇ ھاياتلىق سەپىرىنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى ھالقىلىق باسقۇچى ئىكەنلىكىنى، ئىنساننىڭ دۇنيادا ئېرىشكەنلىرى ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغاننىڭ ھەممىسى ئەمەس، بەلكى دەسلەپكى بىر ئۈلۈشى ئىكەنلىكىنى، ئىنسان دۇنيادا تولۇق ئەجرىگە ئېرىشەلمىگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمما ئاخىرەتتە تولۇق بەدەلگە ئېرىشمەي قالمايدىغانلىقىنى، ئاخىرەتتە زۇلۇم قىلىنمايدىغانلىقىنى ، ئىنسان ئەجرىنىڭ زايا بولمايدىغانلىقىنى ۋە كېمىيىپ قالمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتتىم.

دېمەك، ئىنساننىڭ ھاياتلىق سەپىرى مۇنداقلا بىر سەپەر ئەمەس، بەلكى ئاجايىپ جەزبىدار كائىناتنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ھەمراھلىقىدا داۋاملىشىۋاتقان سەپەر. كائىناتنىڭ سەپەر نىشانىمۇ، ھەر قانداق بىر مۆئمىن ئىخلاس ۋە دىيانەت بىلەن سېغىنىدىغان ئالەملەرنىڭ ئاشۇ بۈيۈك ياراتقۇچىسى ئاللاھ تەرەپكە ئۇدۇللانغان سىستېمىلىق سەپەر.

(وَلِلّهِ يَسْجُدُ مَن فِي السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضِ طَوْعًا وَكَرْهًا)

{ئاسمان، زېمىندىكى بارچە شەيئىلەر ئىختىيارلىق ۋە ئىختىيارسىز ھەر ئىككى ئەھۋالدا ئىتائەت قىلىۋاتقىنى دەل ئاشۇ ئاللاھدۇر} [سۈرە رەئد : 15 ـ ئايەت]

(تُسَبِّحُ لَهُ السَّمَاوَاتُ السَّبْعُ وَالأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ وَإِن مِّن شَيْءٍ إِلاَّ يُسَبِّحُ بِحَمْدَهِ)

{ئۇنىڭ پاكلىقىغا يەتتە قات ئاسماندىكى ۋە زېمىندىكى بارچە شەيئىلەر مەدھىيە ئوقۇيدۇ، ئۇنىڭغا مەدھىيە ئوقۇمايدىغان ھېچ شەيئى يوقتۇر} (سۈرە بەنى ئىسرائىل : 44 ـ ئايەت)

بۇ چەكسىز مەمنۇنىيەتكە، بۇ پاكلىق ھەم سۇزۇكلۇككە قارىمامدىغان! گوياكى بۇلاق سۇيىدەك ئەشۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىدىن ئۇرغۇپ چىقىپ، قەلبلەرنى ئىشەنچ ھەم مۇھەببەتكە تولدۇرماقتا.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، ئىنسانلارنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ئىلگىرىمۇ مەۋجۇت بولمىغان ھەم بۇندىن كېيىنمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان ئاجايىپ يۈكسەك مەرتىۋىنى (يەنى، ئىنسانىي كىشىلىك قىممەت قارىشىنى) ئىنسانلارغا بىرلا ئاللاھنىڭ ئاتا قىلغانلىقىنى بىلىپ يەتتىم. قۇرئاننىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ئىنسانغا ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ روھى پۈۋلەنگەن.

(وَنَفَخْتُ فِيهِ مِن رُّوحِي فَقَعُواْ لَهُ سَاجِدِينَ)

{مەن ئۆز روھىمدىن ئۇنىڭغا ئازغىنا پۈۋلىگەندىن كېيىن سىلەر ھەممىڭلار ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار} (سۈرە ھىجىر : 29 ـ ئايەت)

ئىنسان ئاللاھنىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى (يەنى، نائىبى)

(وَإِذْ قَالَ رَبُّكَ لِلْمَلاَئِكَةِ إِنِّي جَاعِلٌ فِي الأَرْضِ خَلِيفَةً)

{ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: ـ مەن زېمىندا خەلىپە ياراتماقچى ـ دېدى } (سۈرە بەقەرە: 30 ـ ئايەت)

ئىنسان كائىناتنىڭ ئامانەتدارى. پۈتكۈل كائىنات ئىنسان ئۈچۈنلا يارىتىلغان.

(سَخَّرَ لَكُم مَّا فِي الْأَرْضِ)

{مەن زېمىندىكى ھەممە نەرسىنى سىلەرگە بوي سۇندۇرۇپ بەردىم} (سۈرە ھەج : 65 ـ ئايەت)

دېمەك، ئاللاھنىڭ مېھرىبانلارچە پۈۋلىگەن روھىنى ۋە ئاتا قىلغان ھىدايىتىنى ئىنسانلار ئۆز ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلىرى ئۈچۈن ئاساس قىلالىغاندىلا ئاندىن ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتىنى ھەقىقىي يۈكسەلدۈرەلىگەن بولىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋەت قۇرۇلۇشى ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئەقىدىسى ئۈستىگە قۇرۇلغاندىلا ئاندىن ھەر قانداق بىر مۆئمىنىنىڭ نەزەرىيە، ئەقىدىسى دەل ئۇنىڭ ئائىلىسىگە، مىللىتى ھەم ۋەتىنىگە ئايلانغان بولىدۇ. شۇ چاغدىلا دىنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى قان ـ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتتىنمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتكەن بولىدۇ. روشەنكى، ئىنسانلارنىڭ ھەرقانداق مۇستەھكەم ئىجتىمائىي بىرلىكى ئەزەلدىن نەزەرىيە، ئەقىدىنى ئۆزىگە ئاساس قىلىپ كەلگەن. ھەرگىزمۇ ھايۋانلار كەبى ئېغىل، يايلاقنى، يەم ـ خەشەك، ئوتلاقنى ئاساس قىلغان ئەمەس.

ئەمدى بىز مۆئمىنلەرنىڭ نەسەب شەجەرىسىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىكە، نەقەدەر ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىگە قېنى بىر نەزەر سېلىپ باقايلى، ئۇلار نەقەدەر ئۇلۇغ زاتلارنىڭ (يەنى، نۇھ ئەلەيھىسسالام، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام، ئىسھاق ئەلەيھىسسالام، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام، يۈسۈپ ئەلەيھىسسالام، مۇسا ئەلەيھىسسالام، ئىسا ئەلەيھىسسالام ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملارنىڭ) ئەۋلادلىرى ، ھە!

(إِنَّ هَذِهِ أُمَّتُكُمْ أُمَّةً وَاحِدَةً وَأَنَا رَبُّكُمْ فَاعْبُدُونِ)

{مانا بۇلار بىر ئۈممەتتۇر، شۇنداقلا مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلارمەن، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار} (سۈرە ئەنبىيا : 92 ـ ئايەت)

مانا بۇ ئىسىل ئائىلە، مۆھتەرەم جامائەت ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بارلىق ئىگىز ـ پەس داۋانلىرى ۋە يىراق ـ يېقىن بۇلۇڭلىرىغا ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەلگەن. قۇرئان كەرىمنى مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈدىغان بولساق، بۇ جامائەتنىڭ ھەر بىر ئەزاسىنىڭ ئوخشاشلا بىر خىل

ۋەزىيەتكە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز . ھەممىلا يەردە ئوخشاشلا مەيدان، ئوخشاشلا پاجىئە، ئوخشاشلا بوھران. گەرچە زامان ۋە ماكانلار ئالمىشىپ، تارىخ سەھنىسىدىن يېڭى ـ يېڭى مىللەتلەر ئورۇن ئېلىپ تۇرسىمۇ، ئۇلار ھەممىسى ئوخشاشلا بىر خىل رولنى ئوينىغان. بۇ ئۇلۇغۋار زاتلارنى ھەممىلا يەردە كىشىلەر جاھالەت، ئازغۇنلۇق، ھاۋايى ـ ھەۋەس، ئاسىيلىق، جەبىر ـ زۇلۇم، تەھدىت سېلىش، يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش بىلەن قارشى ئالغان. ئەمما بۇ جامائەت ھەممىگە پەرۋاسىز ئۆز يولىنى داۋاملاشتۇرغان. ئۇلارنىڭ قەلب ، ۋىجدانى قانائەتكە تولغان. ئاللاھنىڭ ھىمايىسى ۋە نۇسرىتىگە بولغان ئىشەنچتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمىغان. ئۇلارنىڭ قەدەملىرى سۇباتلىق. ئۇلاردا زەررىچىمۇ ئۈمىدسىزلىك يوق. ئۇلار ھەر دائىم، ھەر لەھزىدە، ئاللاھنىڭ تەڭداشسىز ھىمايىسىگە ۋە چىن ۋەدىسىگە قەتئىي ئىشەنگەن. بۇ ھەققانىيەت كارۋانلىرى ھەممىلا دەۋردە مۇنداق ئوخشاشلا بىر خىل تەھدىت ۋە قارشىلىققا دۇچ كەلگەن : -

(وَقَالَ الَّذِينَ كَفَرُواْ لِرُسُلِهِمْ لَنُخْرِجَنَّكُم مِّنْ أَرْضِنَا أَوْ لَتَعُودُنَّ فِي مِلَّتِنَا فَأَوْحَى إِلَيْهِمْ رَبُّهُمْ لَنُهْلِكَنَّ الظَّالِمِينَ، وَلَنُسْكِنَنَّكُمُ الأَرْضَ مِن بَعْدِهِمْ ذَلِكَ لِمَنْ خَافَ مَقَامِي وَخَافَ وَعِيدِ)

{ئاقىۋەت كۇففارلار ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە "ئەگەر بىزنىڭ دىنىمىزغا قايتمايدىكەنسىلەر سىلەرنى زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىمىز" دېيىشتى. ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا (يەنى، ئۆز پەيغەمبەرلىرىگە) ۋەھى قىلىپ: - بىز بۇ زالىملارنى ھالاك قىلىپ تاشلايمىز، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئورنىغا سىلەرنى يەرلەشتۈرىمىز، بۇ دەل مېنىڭ ھوزۇرۇمدىكى جاۋابكارلىقتىن ۋە مېنىڭ

ئازابىمىدىن قورقىدىغانلار ئۈچۈن قىلىنغان ئىنئامدۇر ـ دېدى } (سۈرە ئىبراھىم 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

ھەممىلا يەردە مۇشۇ بىر تەھدىت، ئوخشاشلا ئىددىيە، ئوخشاشلا ۋەقە، شۇنداقتىمۇ بۇنىڭغا قارشى يەنىلا ئاشۇ تەۋرەنمەس ئىشەنچ ۋە بۇ جامائەتكە قىلىنغان ئاشۇ چىن ۋەدە. ئۇلار بارلىق زۇلۇم، تەھدىتلەرگە پەرۋاسىز يولىغا راۋان، ھەممەيلەن ئوخشاشلا بىر نەتىجىگە ئىنتىزار.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، كائىناتتا ئۇنداق قارىغۇلارچە تاسادىپىيلىققا زادىلا ئورۇن يوقلىقىنى، دۇنيانىڭ مۇنداقلارچە تۇيۇقسىز، پىلانسىز مەيدانغا كېلىپ قالمىغانلىقىنى تونۇپ يەتتىم.

(إِنَّا كُلَّ شَيْءٍ خَلَقْنَاهُ بِقَدَرٍ)

{بىز ھەقىقەتەن ھەممە نەرسىنى ئۆلچەملىك قىلىپ ياراتتۇق} (سۈرە قەمەر 49 ـ ئايەت)

(خَلَقَ كُلَّ شَيْءٍ فَقَدَّرَهُ تَقْدِيرًا)

{ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتتى، ئاندىن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئۆلچەمنى بەلگىلىدى.} (سۈرە فۇرقان: 2 ـ ئايەت)

شەكسىزكى، ھەممە ئىشلار مەلۇم ھېكمەتلەر ئاساسىدا داۋام قىلماقتا. ئەمما بۇ ھېكمەتلەر قويۇق غەيب پەردىسىگە ئورالغان بولغاچقا كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ تاش مايىل نەزەرلىرىمىزگە چېلىقماي قالىدۇ.

(فَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَيَجْعَلَ اللّهُ فِيهِ خَيْرًا كَثِيراً)

{سىلەر ياقتۇرمايدىغان بىر ئىشتا ئاللاھ نۇرغۇن ياخشىلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان بولىشى مۇمكىن .} (سۈرە نىسا : 19 ـ ئايەت)

(وَعَسَى أَن تَكْرَهُواْ شَيْئًا وَهُوَ خَيْرٌ لَّكُمْ وَعَسَى أَن تُحِبُّواْ شَيْئًا وَهُوَ شَرٌّ لَّكُمْ وَاللّهُ يَعْلَمُ وَأَنتُمْ لاَ تَعْلَمُونَ)

{سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرمىساڭلار كېرەك، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن پايدىلىق بولىشى مۇمكىن. سىلەر بىرەر نەرسىنى ياقتۇرساڭلار كېرەك، ئەمما ئۇ سىلەر ئۈچۈن زىيانلىق بولىشى مۇمكىن. ئاللاھ بىلىدۇ،سىلەر بىلمەيسىلەر.} (سۈرە بەقەرە : 216ـ ئايەت)

ئەمدى بىز ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ داۋامىغا ئاساس سېلىۋاتقان بۇ تونۇشلۇق سەۋەب دۇنياسىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇنىڭمۇ بىر خىل ئەمەسلىكىنى كۆرىمىز . بۇ سەۋەبلەردىن بەزىدە كۈتۈلگەن نەتىجە قولغا كەلگىنى بىلەن، يەنە بەزىدە كەلمەيدۇ. ھەتتا بارچە كىشىلەر "مۇتلەق" دەپ قارىغان ئىشەنچىلىك مەسىلىلەردىمۇ كۈتكەننىڭ ئەكسىچە نەتىجە كېلىپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ۋە سەۋەبلەر مەيدانغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان نەتىجىلەرگە توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. بۇ پەقەت ئەشۇ نەتىجىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى شۇنداقلا سەۋەب ھەم مەسىلىلەرنىڭمۇ پەيدا قىلغۇچىسى ئاللاھ تائالانىڭ مۇتلەق ئىرادىسىگە باغلىق بولىدۇ.

(لَا تَدْرِي لَعَلَّ اللَّهَ يُحْدِثُ بَعْدَ ذَلِكَ أَمْرًا)

{سىلەر بىلمەيسىلەر، ئاللاھ ئۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشى مۇمكىن .} (سۈرە تالاق : 1 ـ ئايەت)

("وَمَا تَشَاؤُونَ إِلَّا أَن يَشَاءَ اللَّهُ)

{ئاللاھ خالىماي تۇرۇپ، سىلەر ھېچ نەرسىنى خالىيالمايسىلەر} (سۈرە ئىنسان 30 : ـ ئايەت)

شەكسىزكى، شەرىئەتنىڭ روھى بويىچە سەۋەبنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۇنى تاللاشقا ۋە سەۋەبكە ئېتىبار بېرىشكە تەيىنلەنگەن. ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى ۋە نەتىجىسىگە يەكۈن چىقىرىش پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ ئىلىم، قۇدرىتىگە مەنسۇپ. ئىنسانلارغا نىسبەتەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە ئادىللىقىدىن ھەمدە تەخداشسىز ئىلىم، ھېكمىتىدىن قانائەت ھاسىل قىلىش ئەڭ بىخەتەر چارە. مانا بۇ ئارقىلىقلا ئازغۇنلۇق ۋەسۋەسىلىرىدىن نىجات تاپقىلى بولىدۇ.

(الشَّيْطَانُ يَعِدُكُمُ الْفَقْرَ وَيَأْمُرُكُم بِالْفَحْشَاء وَاللّهُ يَعِدُكُم مَّغْفِرَةً مِّنْهُ وَفَضْلاً وَاللّهُ وَاسِعٌ عَلِيمٌ)

{ شەيتان سىلەرنى پېقىرلىقتىن قورقىتىدۇ، يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ؛ ﷲ سىلەرگە ئۆز مەغپىرىتىنى ۋە پەزلىنى ۋەدە قىلىدۇ. ﷲ نىڭ مەرھەمىتى كەڭدۇر، ئۇھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر} (سۈرە بەقەرە 268 ـ ئايەت)

دەل مۇشۇ سەۋەبتىن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، كۆڭلۈم توق، نەپسىم خاتىرجەم، ۋىجدانىم مۇستەھكەم ئىدى. بارلىق ھادىسىلەر ماڭا ئاللاھنىڭ قۇدرەت كارامىتى بولۇپ تۇيۇلىۋاتاتتى. مەن گويا ئاللاھنىڭ ئاسرىشى ۋە پاناھىدا ياشاۋاتاتتىم. ئاللاھنىڭ بارلىق سۈپەتلىرىنىڭ ئىجابىلىقى ۋە ئەمەللىكىنى تولۇق ھېس قىلىۋاتاتتىم.

(أَمَّن يُجِيبُ الْمُضْطَرَّ إِذَا دَعَاهُ وَيَكْشِفُ السُّوءَ)

{ھاجەتمەنلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئىجابەت قىلىدىغان، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى دەفئىي قىلىدىغان زادى كىم؟} (سۈرە نەمل 62 ـ ئايەت)

(وَهُوَ الْقَاهِرُ فَوْقَ عِبَادِهِ وَهُوَ الْحَكِيمُ الْخَبِيرُ)

{ئۇ بەندىلىرى ئۈستىدە تولۇق كونتروللىغى بولغان، ھەممىدىن خەۋەردار، دانادۇر.} (سۈرە ئەنئام، 18 ـ ئايەت)

(وَاللّهُ غَالِبٌ عَلَى أَمْرِهِ وَلَكِنَّ أَكْثَرَ النَّاسِ لاَ يَعْلَمُونَ)

{ئاللاھ خالىغان ئىشنى قىلىۋېرىدۇ، ئەمما نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى بىلمەيدۇ.} (سۈرە يۈسۈف، 21 ـ ئايەت)

(وَاعْلَمُواْ أَنَّ اللّهَ يَحُولُ بَيْنَ الْمَرْءِ وَقَلْبِهِ)

{بىلىڭلاركى، الله كىشى بىلەن ئۇنىڭ قەلبى ئارىسىدا توسالغۇ بولالايدۇ} (سۈرە ئەنفال، 24 ـ ئايەت)

(فَعَّالٌ لِّمَا يُرِيدُ)

{نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدۇ.} (سۈرە ھۇد، 108 ـ ئايەت)

(وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا ، وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ)

{كىمكى ئاللاھدىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئۇنىڭغا ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ ئۈچۈن يېتەرلىك. ئاللاھ ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.} (سۈرە تالاق، 2 - 3 ـ ئايەتلەر)

(ومَّا مِن دَابَّة إِلاَّ هُوَ آخِذٌ بِنَاصِيَتِهَا)

{شۈبھىسىزكى ، كوكۇلىسى ئاللاھنىڭ قولىدا بولمايدىغان بىرمۇ جانلىق يوق.} (سۈرە ھۇد : 56 ـ ئايەت)

(أَلَيْسَ اللَّهُ بِكَافٍ عَبْدَهُ وَيُخَوِّفُونَكَ بِالَّذِينَ مِن دُونِهِ)

{ئاللاھ بەندىسى ئۈچۈن يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ ئۇلار سېنى ئۇنىڭدىن باشقىسى بىلەن قورقىتىدۇ} (سۈرە زۇمەر، 36 ـ ئايەت)

(وَمَن يُهِنِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِن مُّكْرِمٍ)

{ئاللاھ خار قىلغان كىشىنى ھېچ بىر ئەزىز قىلغۇچى بولمايدۇ.} (سۈرە ھەج، 18 ـ ئايەت)

(وَمَن يُضْلِلِ اللَّهُ فَمَا لَهُ مِنْ هَادٍ)

{ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى ھېچ بىر ھىدايەت قىلغۇچى بولمايدۇ} (سۈرە غافىر، 33 ـ ئايەت)

شۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئاللاھ ھەرگىزمۇ كائىناتنى قارىغۇ مىخانىزىمغا بىقىندا قىلىپ تاشلىۋەتكەن ئەمەس. بەلكى تەبىئەت قانۇنىنىڭ ئارقىسىدا بىر ھېكمەتلىك ئىرادە ۋە بىر مۇتلەق خاھىش كۈچلۈك رول ئوينىماقتا. ئاللاھ ئۇنىڭدا خالىغىنىنى پەيدا قىلىپ، يەنە خالىغىنىنى يوقاتماقتا. پۈتۈنلەي ئاللاھنىڭ خاھىشى بويىچە مېڭىۋاتقان بۇ بارلىق ئىشلارنىڭ

ئۆزىگە خاس قائىدە - قانۇنى بولۇپ، بىزگە نىسبەتەن قانداقتۇر ئالدىراقسانلىق قىلىش ياكى ئاللاھنىڭ ھوزورىغا مەسلىھەت، تەكلىپلەرنى سۇنۇپ يۈرۈش قەتئىي مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى قۇرئاننى چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىقلا بىز تونۇشۇپ چىقالايدىغان بۇ ئىسلام قانۇنى زېمىندا ياشاۋاتقان ئىنسانلار ئۈچۈنلا نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ بارلىق تەرەققىيات باسقۇچلىرىدا ۋە بارلىق ئىددىيىۋى يۈكسىلىش مەيدانلىرىدا ئورتاق ئەمەلى ئىجرا قىلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ تەبىئىتى، تالانت، ئىقتىدارلىرى ۋە تۈرلۈك ئاجىزلىقلىرى شۇنداقلا بارلىق ئۆزگىرىشچان ھالەتلىرى ئەستايىدىل كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئۇ ھەرگىزمۇ "ئىنسانلارنىڭ يەر شارىدا ھېچ قانداق ئالاھىدە مەرتىۋىسى يوق" دەپ قارىمايدۇ ۋە ياكى كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي سالاھىيەتلەردە ياشاپ كېلىۋاتقان ھەر خىل رەڭ ۋە تەنگە ئىگە ئىنسانلارنىڭ قانداقتۇر بىرەر ئىرقىغا كەمسىتىش نەزىرى بىلەن قارىمايدۇ، ھەمدە يەنە پانتازىيىلىك غايىۋىي تەسەۋۋۇرلاردىن يىراق بۇ ئىسلام قانۇنى ئىنسانلارنى ئۆزىنىڭ ھەقىقى قەدىر قىممىتى، تالانت، ئىقتىدارلىرى ۋە يارىلىشتىكى تۈپكى مەقسىدىدىنمۇ يۇقىرى مەقامغا كۆتىرۋەتمەيدۇ. ئىسلام قانۇنى ئىنسان تەبىئىتىنىڭ ئاساسى قۇرۇلمىلىرىنى قانداقتۇر بىرەر قانۇنىيەتنىڭ زورىغا تايىنىپ "ئىختىرا قىلغىلى بولىدىغان ئۈستى قۇرۇلما خاراكتىرلىك نەرسە" دەپ قارىمايدۇ ۋە ياكى قەلەمكەشلىككە تايىنىپ، "ئىنسانلارنى ئۆز تەبىئىتىدىن ئايرىپ تاشلىغىلى بولىدۇ" دېمۇ قارىمايدۇ. بەلكى "ئىنسانلار تەبىئىي تەلپۈنۈشلىرى ۋە تالانت، ئىقتىدارلىرى نۇقتىسىدىن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ۋە ئۆزگىچە شەكىلگە ئىگە مۇتلەق ھەقىقەت" دەپ قارايدۇ. ئىسلام قانۇنى پەقەت ئۇنىڭغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۇنى يارىلىشىدىكى تۈپ مەقسەت ۋە مەجبۇرىيەتلىرىگە بىنائەن بەلگىلەنگەن يۈكسەك مەرتىۋىسىگە يەتكۈزىدۇ. بۇ قانۇن ئىنسان ۋۇجۇدىغا، تەبىئىتىگە ۋە بارلىق ئاساسى قۇرۇلمىلىرىغا ھۆرمەت قىلغان ھالدا ئىنسانلارنى ئۇدۇل پەرۋەردىگارى تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان توغرا يولغا يېتەكلەيدۇ.

قىسقىسى، ئىسلام قانۇنى تۈزۈلۈشىدىنلا زامان چەكسىزلىكىگە ئىگە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇن زامان داۋام ئېتىشىنى ئىنسانلارنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭمۇ نازىل قىلغۇچىسى بولغان ئاللاھۇ تائالالا ئېنىق بىلىدۇ. شۇڭلاشقا ئىسلام قانۇنى ئۆز مەنزىلىگە يېتىشتە ھەرگىز ئالدىراقسانلىق قىلمايدۇ. ياكى يولسىزلىق بىلەن ئىش تۇتمايدۇ. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا چەكسىز ھايات ۋە كەڭ كەتكەن پائالىيەت مەيدانى تۇرۇپتۇ. قانداقتۇر بىرەر شەخسنىڭ چەكلىك ھاياتى ئۇنى چەكلەپ قويالمايدۇ. ياكى قانداقتۇر قەنا بولۇشنى ئىستەيدىغان بىرەر دەرۋىشنىڭ "كۆزلىگەن مۇرادىم ھاسىل بولماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتەرمەنمۇ؟" دەيدىغان ئەندىشىلىرى ئۇنىڭ نورمال سۈرئىتىنى تىزلىتەلمەيدۇ.

كۆپىنچە دۇنيادىكى ئاز بولمىغان مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، دىنى پېشىۋالار ھەممە ئىشنى ئۆز ھاياتلىقىدىلا يۈتكېزىۋېلىشنىڭ كويىدا بولۇپ يۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تەبىئەتنىڭ نورمال يولىدىن چىقىپ كېتىپ قالىدۇ، ئەسلىدە ئۇلاردا زور سەۋرچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ئۇزۇن يولدا ماڭالىغۇدەك تەمكىنلىك بولمايدۇ. شۇڭا ئۇلار تاللىغان يولدا قالايمىقانچىلىق، ناھەق قان تۆكۈش، ئەخلاقنى دەپسەندە قىلىش، تۇرمۇشتىكى خاتىرجەملىكنى بۇزۇش ھادىسىلىرى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ. بۇنىڭ ئاقىۋىتى تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىش تۈپەيلى ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاك قىلىش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىيەلىرىمۇ توغرا تەبىئەتنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ، نامۇ ـ نىشانلىرىغا قوشۇلۇپ يەر يۈزىدىن تامامەن سۈپۈرۈلۈپ تاشلىنىدۇ. چۈنكى ئۇنداق خام نەزەرىيەلەر ھېچ قاچان تەبىئەتكە قارشى يۈت تېرەپ تۇرالمايدۇ. بۇلارغا سېلىشتۇرغاندا ئىسلام قانۇنى تەبىئەت بىلەن ھەمكارلىشىش ئاساسىدا ئۆز يولىنى ناھايىتى تەمكىن ۋە ئېغىربېسىق داۋاملاشتۇرىدۇ. بەزى جايلاردا تەبىئەتنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزى جايلاردا ئۆزىنى ئىلگىرى سۈرۈپ تەبىئەتنى كەينىدە قالدۇرىدۇ، ئەگرى ـ توقايلىقلا دۇچ كەلگەندە ئۇنى ئوڭشاشقا تىرىشىدۇ. چۈنكى ئىسلام قانۇنى بۇزۇپ - چېقىشنى ئەسلا ياقتۇرمايدۇ. ئۇ گويا يىراق كۆرەر

دانىشمەندەك سەۋر قىلىپ كۈتىدۇ. كۆزلىگەن مەنزىلىگە بىرىنچى قىتىملىق تىرىشچانلىقتا يېتەلمىسە، ئىككىنچى قىتىملىقىدا، ياكى 10 قىتىملىق، 100 قىتىملىق، 1000 قىتىملىق تىرىشچانلىقىدا بولسىمۇ هامان يەتمەي قويمايدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ. چۈنكى زامان بەك ئۇزۇن، مەنزىلگە يېتىپ بارىدىغان يولمۇ هەم يىراق. بۇنى خۇددى بىر نوتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ئوخشىتىشقا بولىدۇ. نوتا قانچە ئۆسكەنسىرى ئۇنىڭ يىلتىزى زېمىندىن شۇنچە چوڭقۇر ئورۇن ئېلىپ ماڭىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ شاخلىرى ئاسمانغا قاراپ ئورلەش بىلەن بىرگە هەممە ئەتراپقا كەڭ يېيىلىشقا باشلايدۇ، بىر ـ بىرى بىلەن مەهكەم چىرمىشىپ باهار ئۈمىدىنى كۈيلەيدۇ. خۇددى شۇنىڭدەك ئىسلام قانۇنىنىڭ نوتىلىرى قەلبلەردە كۆكلەپ، ئاستا ـ ئاستا يۈكسىلىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئاللاهنىڭ دەرگاهىدا قارار قىلىنىپ بولغان ئىش ۋۇجۇتقا چىقماي قالمايدۇ.

توغرا، بەزىدە نوتا قۇم، بورانلار ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدىغان، قورغاقچىلىق، كەلكۈن دېگەندەك ئاپەتلەرگە يولۇقۇپ قالىدىغان ياكى بىرەر رەهىمسىز ئۇنىڭ شاخلىرىنى يېرىپ قويۇپ كېتىپ قالىدىغان ئەھۋاللارغىمۇ دۇچ كېلىپ قالىدۇ. ئەمما هەر قانداق ئەقىللىق دېهقان نوتىنىڭ يىلتىزى سالامەت بولسىلا يەنە قايتىدىن كۆكلەپ تاكامۇللىشىدىغانلىقىنى، بىر مەزگىلدىن كېيىنلا بارلىق ئاپەتلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىنى پىششىق بىلىدۇ. شۇڭلاشقا دېهقان بىكار قايغۇرۇپ يۈرمەيدۇ، ئالدىراڭغۇسانلىقمۇ قىلمايدۇ، ياكى تەبىئەتنىڭ سۆيۈملۈك قانۇنىيىتىنى تاشلاپ سۈنئىي قانۇنىيەتلەرنى ئىختىرا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق نوتىنى يېتىشتۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇپمۇ يۈرمەيدۇ. مانا بۇ ئىسلام ئىنقىلاۋىنىڭ كائىناتتا مەڭگۈ داۋام ئېتىدىغان ئىلاهىي قانۇنى، مانا بۇ ئاللاهنىڭ سۈننىتى.

(وَلَن تَجِدَ لِسُنَّةِ اللَّهِ تَبْدِيلًا)

{شەكسىزكى، ئاللاھنىڭ سۈننىتىدە ھەرگىز ئۆزگىرىش بولمايدۇ} (سۈرە فەتىھ، 23 ـ ئايەت)

ئىسلام قانۇنىنىڭ روھى بويىچە كائىناتنىڭ يارىتىلغانلىقى مۇتلەق بىر ھەقىقەت. ئۇ ھەرگىزمۇ مۇنداقلا بىر ھادىسە ياكى ئۇرۇنسىز، مەقسەتسىز تاسادىپىلىقنىڭ ھوسۇلى ئەمەس. ئاللاھنىڭ ۋۇجۇدىلا مۇتلەق ھەق ۋۇجۇد باشقا بارلىق مەۋجۇتلۇق ئۇنىڭدىن ھاياتلىق ئىستىئارە ئالغان.

(ذَلِكَ بِأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْحَقُّ وَأَنَّ مَا يَدْعُونَ مِن دُونِهِ الْبَاطِلُ وَأَنَّ اللَّهَ هُوَ الْعَلِيُّ الْكَبِيرُ)

{بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئاللاھ ھەقتۇر، ئۇلارنىڭ ئاللاھنى قويۇپ، چاقىرۋاتقانلىرى باتىلدۇر، ئاللاھ بۈيۈكتۇر، داناندۇر} (سۈرە لوقمان، 30 ـ ئايەت)

دېمەك، ئاللاھ كائىناتنى ھەقىقەت ئۈستىگە ياراتقان، ئۇنىڭ مەخلۇقاتلارنى يارىتىشىغا ناھەق قەتئىي ئارىلىشالمايدۇ.

(مَا خَلَقَ اللّهُ ذَلِكَ إِلاَّ بِالْحَقِّ)

{ئاللاھ بۇلارنىڭ ھەممىنى ھەقىقەت ئۈستىگە ياراتقان} (سۈرە يۇنۇس، 5 ـ ئايەت)

(رَبَّنَا مَا خَلَقْتَ هَذا بَاطِلاً سُبْحَانَكَ)

{پەرۋەردىگارىمىز بۇلارنىڭ ھەممىسىنى سەن بىكار، مەقسەتسىز ياراتمىدىڭ، سەن پاكتۇرسەن} (سۈرە ئەل ئىمران، 191 ـ ئايەت)

ھەقىقەت بىلەن ساداقەت كائىناتنىڭ ئاساسلىق يادروسى. ئەگەر كائىنات ھەقىقەتتىن ئادىشىپ كېتىدىكەن، ئۇچاغدا ھالاكەتنىڭ باشلىنىشىدا شەك يوق.

(وَلَوِ اتَّبَعَ الْحَقُّ أَهْوَاءهُمْ لَفَسَدَتِ السَّمَاوَاتُ وَالْأَرْضُ وَمَن فِيهِنَّ)

{ئەگەر ھەقىقەت ئۇلارنىڭ خاھىشى بويىچە ماڭغان بولسا، ئاسمان، زېمىندىكى بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئىنتىزامى ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ كەتكەن بولاتتى} (سۈرە مۆئمىنۇن، 71 ـ ئايەت)

(بَلْ نَقْذِفُ بِالْحَقِّ عَلَى الْبَاطِلِ فَيَدْمَغُهُ فَإِذَا هُوَ زَاهِقٌ)

{ئەمما بىز ھەق بىلەن باتىلغا زەربە بېرىمىز، ئۇنىڭ بېشىنى شۇنداق يەنچىيمىزكى، ئۇ تامامەن يوقىلىدۇ.} (سۈرە ئەنبىيا، 18 ـ ئايەت)

شۇڭلاشقا، گەرچە ھازىرقى ئەھۋاللار باشقىچە بولسىمۇ، باتىل يوقۇلۇپ، ھەقىقەت ھامان مەيدانغا چىقىدۇ. دۇنيا مەۋجۇتلا بولىدىكەن خەيرى ـ ئېھسان، ياخشىلىق ھەم ساداقەتمۇ مۇتلەق ھەقىقەت سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. ئاللاھ بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ : -

(أَنزَلَ مِنَ السَّمَاء مَاء فَسَالَتْ أَوْدِيَةٌ بِقَدَرِهَا فَاحْتَمَلَ السَّيْلُ زَبَدًا رَّابِيًا وَمِمَّا يُوقِدُونَ عَلَيْهِ فِي النَّارِ ابْتِغَاء حِلْيَةٍ أَوْ مَتَاعٍ زَبَدٌ مِّثْلُهُ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللّهُ الْحَقَّ وَالْبَاطِلَ فَأَمَّا الزَّبَدُ فَيَذْهَبُ جُفَاء وَأَمَّا مَا يَنفَعُ النَّاسَ فَيَمْكُثُ فِي الأَرْضِ كَذَلِكَ يَضْرِبُ اللّهُ الأَمْثَالَ)

{ئاللاھ ئاسماندىن يامغۇر ياغدۇردى، بارلىق ئېرىق ـ ئوستەڭلەر پېتىشىچە لىپمۇ لىق ئاقتى، كەلكۈن بولغاندا، كۆپۈكلەر سۇ ئۈستىگە لەيلەپ چىقتى، زىبۇ - زىننەت، ياكى ئەسۋابلارنى ياساش ئۈچۈن كىشىلەر ئوتتا ئېرىتىدىغان مېتاللاردىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش كۆپۈكلەر

بولـدۇ، ئاللاھ ھەق بىلەن باتىلنى مۇشۇنداق مىساللار بىلەن يورىتىپ بېرىدۇ، كۆپۈك ئېقىپ تۈگەيدۇ، ئىنسانلارغا پايدىلىق نەرسە زېمىندا قېلىپ قالىدۇ، ئاللاھ مىساللارنى ئەنە شۇنداق بايان قىلىدۇ} (سۈرە رەئد : 17 ـ ئايەت)

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:-

(أَلَمْ تَرَ كَيْفَ ضَرَبَ اللّهُ مَثَلاً كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاء ، تُؤْتِي أُكُلَهَا كُلَّ حِينٍ بِإِذْنِ رَبِّهَا ،وَيَضْرِبُ اللّهُ الأَمْثَالَ لِلنَّاسِ لَعَلَّهُمْ يَتَذَكَّرُونَ ، وَمَثلُ كَلِمَةٍ خَبِيثَةٍ كَشَجَرَةٍ خَبِيثَةٍ اجْتُثَّتْ مِن فَوْقِ الأَرْضِ مَا لَهَا مِن قَرَارٍ ، يُثَبِّتُ اللّهُ الَّذِينَ آمَنُواْ بِالْقَوْلِ الثَّابِتِ فِي الْحَيَاةِ الدُّنْيَا وَفِي الآخِرَةِ وَيُضِلُّ اللّهُ الظَّالِمِينَ وَيَفْعَلُ اللّهُ مَا يَشَاءُ)

{ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ كەلىمە تەييىبە (يەنى، ھەققانىيەت سۆزى) يىلتىزى يەر ئاستىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان، پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئاللاھ كىشىلەرگە ساۋاق بولسۇن ئۈچۈن، مۇشۇنداق مىساللارنى كەلتۈرىدۇ، يامان سۆز (يەنى كۇفرى سۆزى، باتىل سۆز) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخكە ئوخشايدۇ، ئاللاھ مۆئمىنلەرنى مۇستەھكەم ئىمان بىلەن دۇنيادا ۋە ئاخىرەتتە مەھكەم تۇرغۇزىدۇ، زالىملارنى گۇمراھ قىلىدۇ، ئاللاھ خالىغىنىنى قىلىدۇ} (سۈرە ئىبراھىم، 24 ـ 25 ـ 26 ـ 27 ـ ئايەتلەر)

بۇ تەسۋىرلەردىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان ھەق، ساداقەت، تەقۋالىق ۋە ئىسلاھاتقا بولغان تەۋرەنمەس ئىشەنچكە ۋە مىسلىسىز قانائەتكە قارىمامدىغان، مۇشۇ كىچىككىنە مىسال ئارقىلىق كۈچ ـ قۇدرەت ۋە يۈكسەكلىكىنىڭ جەۋھىرى مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە قويۇلماقتا. مۆئمىنلەرنىڭ قەلبىگە گويا قانائەت ۋە مەمنۇنىيەتنىڭ بۇلىقى قىزىلماقتا.

مەن قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، شۇنداق مۇستەھكەم ئىشەنچكە ۋە شۇنداق بىر قەتئىي تونۇشقا ئىگە بولدۇمكى، زېمىندىكى ئىنسانلارنىڭ بەختىيارلىقى، تۇرمۇش پائالىيەتلىرىنىڭ پاك ھەم بەرىكەتلىك بولىشى، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ياشاشنىڭ ئېھتىياجى بولغان ئەۋزەللىكلەر ۋە يۈكسىلىشلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، بولۇپمۇ كائىناتنىڭ تەبىئەت قانۇنى بىلەن ئىنسانلارنىڭ تەبىئىي پائالىيەتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ماسلىشىشچانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق موھىم ئىشلارنىڭ ھەممىسى، ئىنسانىيەت يېڭى باشتىن ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىشنى باشلىغاندىلا ئاندىن ئىشقا ئاشىدۇ. قۇرئاننى ياخشى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئاللاھقا مۇراجىئەت قىلىشنىڭ پەقەت بىرلا قائىدىسى بارلىقىنى، پەقەت بىرلا يول بىلەن ئاللاھقا يېتىپ باغلىنى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن باشقا ئىككىنچى بىر يولنىڭ زادى ماۋجۇت ئەمەسلىكىنى تونۇپ يەتكىلى بولىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئاللاھ ئۆز كىتابىدا تەيىن قىلىپ بەرگەن ئىسلام قانۇنىغا بىنائەن ھايات كەچۈرۈشتۇر.

دېمەككى، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئۆز تۇرمىشى ئۈچۈن دەل مۇشۇ كىتابنى ھاكىم قىلىپ، تۇرمۇشتىكى چوڭ ـ كىچىك بارلىق مەسىلىلەرنى ئۇنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، زېمىننى پىتنە پاسات قاپلاپ، بەختسىزلىك ئىنسانلارنىڭ ئورتاق قىسمىتىگە ئايلىنىدۇ. نىجاسەت كەلكۈنلىرىنىڭ ئىچىدە قىلىپ، ئاللاھقا ئەمەس، ئۆز نەپسى خاھىشىغا ئەگىشىدىغان جاھالەتنىڭ مەھكۇمىغا ئايلىنىشقا توغرا كېلىدۇ.

﴿فَإِن لَّمْ يَسْتَجِيبُوا لَكَ فَاعْلَمْ أَنَّمَا يَتَّبِعُونَ أَهْوَاءهُمْ وَمَنْ أَضَلُّ مِمَّنِ اتَّبَعَ هَوَاهُ بِغَيْرِ هُدًى مِّنَ اللَّهِ إِنَّ اللَّهَ لَا يَهْدِي الْقَوْمَ الظَّالِمِينَ﴾

{ئەگەر ئۇلار تەلىپىڭنى ئورۇندىمىسا، بىلىپ قويغىنكى، ئۇلار پەقەت ئۆزلىرىنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغىلا ئەگىشىدۇ. ئاللاھنىڭ ھىدايىتىنى قويۇپ ئۆز نەپسى خاھىشىغا ئەگەشكەن كىشىدىنمۇ ئازغۇن ئادەم بارمۇ؟ ئاللاھ ھەقىقەتەن زالىم قەۋمنى ھىدايەت قىلمايدۇ} (سۈرە قەسەس، 50 ـ ئايەت)

ئاللاھنىڭ كىتابىنىڭ يول يورۇقىغا بىنائەن ئىش تۇتۇش قانداقتۇر مۇستەھەب ياكى ئىختىيارى ئەمەل بولماستىن، بەلكى ئىماننىڭ تۈپ ئاساسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇ بولمىسا، ئىمانمۇ بولمىغان بولىدۇ.

﴿وَمَا كَانَ لِمُؤْمِنٍ وَلَا مُؤْمِنَةٍ إِذَا قَضَى اللَّهُ وَرَسُولُهُ أَمْرًا أَن يَكُونَ لَهُمُ الْخِيَرَةُ مِنْ أَمْرِهِمْ﴾

{الله ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ} (سۈرە ئەھزاب، 36 ـ ئايەت)

﴿ثُمَّ جَعَلْنَاكَ عَلَى شَرِيعَةٍ مِّنَ الْأَمْرِ فَاتَّبِعْهَا وَلَا تَتَّبِعْ أَهْوَاء الَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ، إِنَّهُمْ لَن يُغْنُوا عَنكَ مِنَ اللَّهِ شَيْئًا وإِنَّ الظَّالِمِينَ بَعْضُهُمْ أَوْلِيَاء بَعْضٍ وَاللَّهُ وَلِيُّ الْمُتَّقِينَ﴾

{ئاندىن (ئى مۇھەممەد !) بىز سېنى دىن ئىشىدا، روشەن بىر يولدا (شەرىئەت قانۇنىدا) تۇرغازدۇق، سەن ئاشۇ يولغا ئەگەشكىن، بىلمەيدىغانلارنىڭ نەپسى خاھىشىغا ئەگەشمىگىن،

شۈبھىسىزكى، ئۇلار ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ھېچ نەرسىنى سەندىن دەفئىي قىلالمايدۇ.
شەكسىزكى، زالىملارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرىگە دوستتۇر، ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭلا دوستىدۇر.} (سۈرە جاسىيە، 18 ـ 19 ـ ئايەت)

دېمەك، بۇ يالغۇز ئىسلام ئەقىدىسىگىلا ئەمەس، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بەخت ـ سائادىتىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك زور ئىش. ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرىدىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىيەت ئۆز تەبىئىتىنىڭ سىرىنى ئېچىشتا تاكى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بەخش ئەتكەن ئاچقۇچنى ئىشلەتمىگىچە ھەرگىز مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايدۇ. ئىنسانلارنىڭ بارلىق دەرت ئەلەم، ھەسرەتلىرىگە ئاللاھ ئاتا قىلغان مۇشۇ رېتسىپلا شىپا بولالايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئاللاھۇ تائالا بارلىق تۈگۈنلەرنىڭ يېشىمىنى، بارلىق ئەلەملەرنىڭ شىپاسىنى دەل مانا بۇ ئىسلام قانۇنىغا مۇجەسسەملەشتۈرگەن.

(وَنُنَزِّلُ مِنَ الْقُرْآنِ مَا هُوَ شِفَاء وَرَحْمَةٌ لِّلْمُؤْمِنِينَ وَلاَ يَزِيدُ الظَّالِمِينَ إَلاَّ خَسَارًا)

{بىز قۇرئاننى نازىل قىلىش بىلەن ئىمان ئېيتقۇچىلارغا شىپا ھەم رەھمەتنى نازىل قىلىۋاتىمىز، ئەمما زالىملار ئۈچۈن ئۇنىڭدا زىياننى ئاۋۇتۇشتىن باشقا ھېچ نەرسە بولمايدۇ.} (سۈرە ئىسرا، 82 ـ ئايەت)

(إِنَّ هَذَا  الْقُرْآنَ يِهْدِي لِلَّتِي هِيَ أَقْوَمُ)

{شەكسىزكى، قۇرئان توپ ـ توغرا يولغا باشلايدۇ} (سۈرە ئىسرا : 9 ـ ئايەت)

ئىنسانلارنىڭ ئەجەپلىنەرلىك يېرى شۇكى، ئاچالمىغان قۇلۇپنى قۇلۇپچىنىڭ يېنىغا ئېلىپ باراي دېمەيدۇ. كېسەللىكلەرگە مەسلىھەت ئىلىشتا، ھەتتا كېسەللىكنىڭمۇ ياراتقۇچىسى بولغان زاتقا مۇراجىئەت قىلاي دېمەيدۇ. ئۆزىنىڭ ئىنسانىي مەرتىۋىسى ۋە بەخت ـ

سائادىتى قاتارلىق ئەھمىيەتلىك مەسىلىلەرگىمۇ كۆڭدىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىلىكتىر، ماشىنا، ئۈسكىنىلەرگە تۇتقانچىلىك ئاددى، توغرا، تەبىئىي پوزىتسىيە تۇتاي دېمەيدۇ. ئومومەن كىشىلەر ماشىنا، زاپچاسلىرىنى رىمونت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كارخانا ئىنژېنېرلىرى ئالدىغا ياكى شۇ ئۈسكىنىنى ياسىغان ئۇستىنىڭ ئالدىغا يۈگرەيدۇ. ئەمما ئۆز نەپسىنى (يەنى، مەنىۋىيىتىنى) ئىسلاھ قىلىشتا ئاشۇ ئاددى ئۇسۇلنى قوللۇنۇپ، نەپسىنى ياساپ چىققان كارخانىغا باراي دېمەيدۇ، ئاشۇنداق ئەھمىيەتلىك مەسىلىدىمۇ بارلىقنى ياراتقان زاتقا مۇراجىئەت قىلاي دېمەيدۇ، ھالبۇكى، بۇ ئۇلۇغ ئادەم مىخانىزىمى شۇ قەدەر قىممەتلىك ۋە شۇ قەدەر نەپىس، ئىنچىكە ئىكەنكى ئۇنىڭ نازۇك ئىچكى تۈگۈنلىرىنى ئۇنى ياساپ چىققان زاتلا پىششىق بىلىدۇ.

(إِنَّهُ عَلِيمٌ بِذَاتِ الصُّدُورِ، أَلَا يَعْلَمُ مَنْ خَلَقَ وَهُوَ اللَّطِيفُ الْخَبِيرُ)

{ئاللاھ ھەقىقەتەن قەلبلەردىكى سىرلارنى پىششىق بىلىدۇ. ئۇنى ياراتقان زات بىلمەي قالامدۇ؟ ئۇ ھەممىنىڭ ئىنچىكە تەرەپلىرىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەردار زاتتۇر.} (سۈرە مۇلك، 13 ـ 14 ـ ئايەتلەر)

بۇ گاڭگىرىغان بىچارە، ئازغۇن ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكى دەل ئەنە شۇ سەۋەپتىن باشلانغان. ئۇلارغا نىسبەتەن ھىدايەت ھەم بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىشنىڭ بىرلا چارىسى بار. ئۇ بولسىمۇ خۇددى ماشىنا، ئىلىكتىر ئۈسكىنىلەرنى رىمونىت ئۈچۈن زاۋۇت كارخانىغا ياكى ياسىغۇچى ئىنژېنېرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغىنىغا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ئىنسانىي تەبىئىتىنىمۇ دەل ئۇنى ياراتقان زاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتۇر.

ھەقىقەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش پۈتكۈل ئىنسانىيەت تارىخىغا نىسبەتەن تارىختىكى ئەڭ ئېغىر پاجىئە ۋە ئەڭ ئېغىر يوقۇتۇش

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىلگىرى ئىنسانىيەت دۇچ كەلگەن جىمىكى پاجىئەلەرگە سىلىشتۇرغاندا تېخىمۇ چوڭ تالاپەتلىك ئاپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى، پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈملىرى نابۇت بولغان، ئىنسان ھاياتى گويا جەھەننەمگە ئايلانغان، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممەت ۋە توغرا ھۆكۈمرانلىق كېپەنلەپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى رەزىل مۇستەبىت كۈچلەر ئىگەللەپ، ئىنسانلارغا تۈگىمەس - پۈتمەس جەبىر زۇلۇملارنى سىلىۋاتقان بىر مەزگىلدە ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتكە رەھبەرلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆز قولىغا ئالغان ئىدى.

(ظَهَرَ  الْفَسَادُ فِي الْبَرِّ وَالْبَحْرِ بِمَا كَسَبَتْ أَيْدِي النَّاسِ)

{دېڭىز ۋە قۇرۇغلۇقتا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئاپەتلەر كىشىلەرنىڭ ئۆز قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىندۇر.} (سۈرە رۇم : 41 - ئايەت)

ئىسلام دىنى مانا بۇ قۇرئان كەرىمنى ھاياتلىق دەستۇرى قىلىش ئاساسىدا پۈتۈن دۇنياغا يېتەكچىلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇپ ئالدى. قۇرئان ۋە ئۇنىڭ تەلىماتلىرىنى ئاساس قىلغان شەرىئەتكە (يەنى قانۇنغا) تايىنىپ، دۇنياغا يېڭىچە بىر ھاياتلىق تەسەۋۋۇرى بەخش ئەتتى. نەتىجىدە، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ تەبىئىي تۇغۇلىشىغا ئوخشىمايدىغان يېڭىچە بىر شەكىلدە قايتا دۇنياغا ئاپىرىدە بولغاندەك بولدى. قۇرئان كەرىم ئىنسانلارغا كائىنات ھەققىدە، ئىنسانىي قەدىر ـ قىممىتى ۋە ھاياتى ھەققىدە، شۇنداقلا بارلىق تۇرمۇش مەسىلىلىرىنى تەرتىپكە سېلىشى ھەققىدە ئۆزگىچە بىر تەسەۋۋۇر ئاتا قىلدى. ھەمدە يەنە ئاشۇ تەسەۋۋۇر ئاساسىدا بىر ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىمۇ ئەمەلى مەيدانغا كەلتۈرۈپ بەردى. قۇرئان كەرىم ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئىجتىمائىي جەمئىيەتنى ئىلگىرى ئىنسانلار غايىۋىي تەسەۋۋۇرلىرىغىمۇ سىغدۇرالمايتتى. ئەگەر ئاللاھنىڭ خاھىشى بولمىغان بولسا، ئىنسانلارغا نىسبەتەن شۇچە يۈكسەك، شۇنچە گۈزەل، ئاددى ھەم ماسلىششچان، ئىلاستىكىلىقتا ھەم نورماللىقتا ئىگە، ھەققانىيەتچىل، ئاممىباپ

جەمئىيەتنى تەسەۋۋۇر قىلىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما ئاللاھۇ تائالا قۇرئاننىڭ سايىسىدا، قۇرئان شەرىئىتى ئاساسىدا، ئىسلام قانۇنى ئاستىدا ئەنە شۇنداق ئىسىل جەمئىيەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ بەردى. لېكىن مىڭ ئەپسۇس، ئەمدىلىكتە بىزنى ھالاكەتلىك مەغلۇبىيەت بىلەن بىر تارىخى پاجىئە ئۈز قوينىغا ئالدى. جاھالەتنىڭ باشقىچە شەكىل بىلەن دۇنيانى قايتىدىن ئاياق ئاستى قىلىۋېلىشىغا پۇرسەت يارىتىش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت ئورنى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن جاھالەت بۈگۈنكى كۈندە "ماددىزىم" نامى بىلەن مانا ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ. ئىنسانلارمۇ ماددىزىمغا خۇددى گۆدەك بالىلار رەڭلىك ئويۇنچۇقلارغا، ھەر خىل پال ـ پۇل كىيىم ـ كېچەكلەرگە مەھلىيا بولغاندەك كۈنسىرى شەيدا بولماقتا. بۈگۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە ئىنسانىيەتنىڭ بىر قىسىم ئەڭ قەبىھ دۈشمەنلىرى ئارىمىزدا ھەر خىل ھىلە ـ نەيرەڭ، سۇيىقەستلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرمەكتە. ئۇلار بىر قولىدا ماددىزىمنى يەنە بىر قولىدا ئىسلام قانۇنىنى كۆتىرىۋېلىپ، دۇنيا ئىنسانلىرىغا "بۇ ئىككىنىڭ بىرىنىلا تاللاش كېرەك، ياكى ئىسلام قانۇنىنى تاللاش بەدىلىگە دۇنيادىكى ماددى تەرەققىيات ئاسايىشلىرىدىن مەھرۇم بولماق لازىم ۋە ياكى ماددى تەرەققىياتنىڭ سەمەرىلىرىنى تاللاش بەدىلىگە ئىسلامدىن ۋاز كەچمەك لازىم" دەپ جار سالماقتا. بۇ ئەسلىدە ئىسلام دىنىغا جۇملىدىن بارلىق ئىنسانىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئەڭ رەزىل سۇيىقەست بولۇپ، رىئاللىق دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە.

ئىسلام قانۇنى ھەرگىزمۇ ئىنسانلارنىڭ ماددى تەرەققىياتىغا قارشى ئەمەس، بەلكى ئۇ تەرەققىياتقا ھەيدەكچىلىك قىلىش بىلەن بىرگە تەرەققىياتنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن بىر مەخسۇس يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيادىكى خەلىپىلىكتىن ئىبارەت شەرەپلىك ۋەزىپىسىنى گۈزەل بىر ئۇسلۇبتا ئورۇنداپ كېتەلىشىگە ئاساس سالىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئاللاھنىڭ خەلىپىلىك (يەنى، نائىبلىق) مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىشى تۈپەيلىدىنلا باشقا بارلىق مەخلۇقلاردىن ئۈلۈغلانغان، ھەمدە ئاشۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىنىڭ مەسئۇلىيەتلىرىنى جايىدا ئورۇنداپ كېتەلىشىگە كېرەكلىك نۇرغۇنلىغان تالانت ئىقتىدارلارنى ئاللاھ ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرغان. مەسئۇلىيەتنىڭ ئورۇندىلىشىغا ياردەمچى سۈپىتىدە، كائىنات قانۇنىيىتىنى چۈشىنىشكە ئاسان قىلىپ بەرگەن. ھەمدە كائىنات بىلەن ئىنسانلارنىڭ يارىلىشىدا ئالاھىدە بىر تەڭپۇڭلۇقنى ئورنۇتۇپ، ئىنسانلارنىڭ دۇنيادا ئۆزلۈكسىز روناق تېپىپ ياشاپ كېتەلىشى ۋە تۇرلۇك ئىش ـ ھەركەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىپ، يېڭىلىقلارنى مەيدانغا كەلتۈرەلىشىگە ئاساس سالغان. ئىنسانلارنىڭ بارلىق ھەرىكەت پائالىيەتلىرى ئاللاھنىڭ خەلىپىسى بولۇش شەرتى دائىرىسىدە، ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى چىقىش قىلغان ئاساستا ئېلىپ بېرىلغاندىلا ئاندىن ئۇلار ياراتقان ھەر بىر ئىجادىيەت، ھەر بىر يېڭىلىق ئاللاھقا قىلىنغان ئىبادەت ۋە بەندىچىلىك بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئاللاھنىڭ ئۇلۇغۋار ئىنئام ـ ئىكراملىرىغا تەشەككۇر بىلدۈرىشنىڭ ۋاستىسىگىمۇ ئايلىنىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىسلام قانۇنىنى تارازىنىڭ بىر پەللىسىگە، ماددى تەرەققىياتنى بولسا يەنە بىر پەللىسىگە قويىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى گاڭگىراش ۋە تىڭىرقاش ئىلكىدىكى ئىنسانلارنىڭ يەڭلىرىگە يوشۇرۇنغان ئەسلىدىنلا نىيىتى بۇزۇق ئالۋاستى يىلانلاردۇر. ھەر قانداق بىر گاڭگىرىغان ئىنسان بۇ گۇمراھلىق ۋە خار ـ زەبۇنلۇق ئارىسىدىن قۇتۇلۇپ چىقىش نىيىتىدە كويۇمچان ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ شىپالىق نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئېتىكىدە خاتىرجەملىكنى تېپىشقا تەمشەلگەن ھامان بۇ يەڭ ئىچىدىكى ئالۋاستى، يىلانلار ئۇنىڭ يولىنى توسۇشقا باشلايدۇ.

يەنە بىر قىسىم كىشىلەرمۇ باركى، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىمان ئىخلاسىنى تۆۋەن چاغلىغىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلار مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى تاپالمىغان، ئۇلارنىڭ

نەزەرلىرى مەسىلىلەرنىڭ تەكتىگە شۇڭغىيالمىغان، تەبىئىي بايقاش ۋە ماددى تەرەققىياتنىڭ يالت ـ يۇلت چاقناشلىرى ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرىۋەتكەن. ئىنسانلارنىڭ ماددى دۇنيادىكى مىسلىسىز ئۇتۇقلىرى ئۇلارنى ئەيمەندۈرىۋەتكەن. ھەيرانلىق ۋە ئەيمىنىش ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىنىڭ ئاجرىماس قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكەن. نەتىجىدە، ئۇلار تەبىئەت قانۇنى بىلەن ئىسلام قانۇنىنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ قارىغان. ئۇلار "بۇ ئىككى خىل كۈچنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى تەسىرى بىلەن كائىناتتىكى تەسىرى بىر ـ بىرىدىن تامامەن پەرىقلىنىدۇ. شۇڭلاشقا تەبىئەت قانۇنى ئۇچۇن بىر مەيدان، ئىسلام قانۇنى ئۇچۇن ئايرىم بىر مەيدان ھازىرلىنىشى لازىم. تەبىئەت قانۇنى ئىسلام قانۇنىنىڭ تەسىرىسىزمۇ ئۆز ۋەزىپىسىنى توغرا ئورۇنداپ كېتەلەيدۇ. ھەمدە بەلگىلەنگەن نەتىجىنى قولغا كەلتۈرىشكە كىشىلەرنىڭ مۇسۇلمان ياكى كاپىر بولىشى، ئىسلام قانۇنىغا ئەگەشكەن ياكى خىلاپلىق قىلغان بولىشى، تۇرمۇش مەسىلىلىرىدە ئاللاھنىڭ شەرىئىتى بويىچە ئىش تۇتقان ياكى باشقىلارنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش تۇتقان بولىشى ھېچ قانداق تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ" دېگەن تونۇشقا كەلگەن. لېكىن بۇ ماھىيەتتە ناھايىتى خاتا كۆز قاراش بولۇپ، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئىككى خىل قانۇنىيەتنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تاشلاشقا ئۇرۇنغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھالبۇكى بۇ ئىككى قانۇن ھەرگىزمۇ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدۇ. ئىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام قانۇنى ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى ئومومى قانۇنىيەت سىستېمىسىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمىدۇر. نەتىجە جەھەتتىمۇ ئىسلام قانۇنى بىلەن تەبىئەت قانۇنى بىر ـ بىرى بىلەن مەھكەم گىرەلىشىپ كەتكەن. شۇڭلاشقا ھەر قانداق بىر مۆئمىنىنىڭ ئىددىيە، تەسەۋۋۇرى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىدا بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئايرىلىپ قىلىشىغا ھېچ قانداق ئاساس يوق. مانا بۇ قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبى، ئىددىيەلىرىدە قۇرئان كەرىم چوڭقۇر يىلتىز ئالغۇزىۋاتقان توغرا ھاياتلىق تەسەۋۋۇرىدۇر.

قۇرئان كەرىم بۇ تەسەۋۋۇر ھەققىدە (يەنى، بۇ ئىككى كۈچنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەققىدە) ئالاھىدە توختۇلىدۇ. سابىق ئىلاھىي كىتابلار ساھىپلىرىنىڭ يولسىزلىقى تۈپەيلىدىن ئاقىۋەتتە خارلىققا يۈزلەنگەنلىكىنى مىسال ئىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

(وَلَوْ أَنَّ أَهْلَ الْكِتَابِ آمَنُواْ وَاتَّقَوْاْ لَكَفَّرْنَا عَنْهُمْ سَيِّئَاتِهِمْ وَلأدْخَلْنَاهُمْ جَنَّاتِ النَّعِيمِ، وَلَوْ أَنَّهُمْ أَقَامُواْ التَّوْرَاةَ وَالإِنجِيلَ وَمَا أُنزِلَ إِلَيهِم مِّن رَّبِّهِمْ لأكَلُواْ مِن فَوْقِهِمْ وَمِن تَحْتِ أَرْجُلِهِمْ)

{ئەگەر ئەھلى كىتابلار (ئاسىيلىقنى تاشلاپ) ئىمان ئېيتقان بولسا، تەقۋالىقنى تاللىغان بولسا، بىز ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى تازىلاپ، ئۇلارنى چوقۇم نازۇ- نېمەتلىك جەننەتكە كىرگۈزگەن بولاتتۇق. ئۇلار تەۋرات، ئىنجىلنى ۋە باشقا ئىلاھىي كىتابلارنى تۇرغۇزغان بولسا، ئۇلار ئۇچۈن رىزىقلار ئاسماندىن تۆكۈلۈپ، ئاياقلىرى ئاستىدىن قايناپ چىقىشقا باشلىغان بولاتتى.} (سۈرە مائىدە، 5 ـ 6 ـ ئايەتلەر)

قۇرئان كەرىم بۇ قاراشنى يەنىمۇ چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەۋمىگە قىلغان ۋەدىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

(فَقُلْتُ اسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ إِنَّهُ كَانَ غَفَّارًا، يُرْسِلِ السَّمَاء عَلَيْكُم مِّدْرَارًا، وَيُمْدِدْكُمْ بِأَمْوَالٍ وَبَنِينَ وَيَجْعَل لَّكُمْ جَنَّاتٍ وَيَجْعَل لَّكُمْ أَنْهَارًا)

{ئۇلارغا ئېيتتىم : ـ پەرۋەردىگارىڭلاردىن مەغپىرەت تىلەڭلار، ئۇ ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر. ئۇ سىلەرگە مول يامغۇر ياغدۇرۇپ بېرىدۇ. سىلەرنىڭ ماللىرىڭلارنى ۋە

پەرزەنتلىرىڭلارنى كۆپەيتىپ بېرىدۇ. سىلەرگە باغلارنى ئۆستۈرۈپ بېرىدۇ، ئۆستەڭلەرنى ئاقتۇرۇپ بېرىدۇ.} (سۈرە نۇھ، 10 ـ 11 ـ 12 ـ ئايەتلەر)

قۇرئان كەرىم يەنە ئىنسانلارنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق روياپقا چىقىرىۋاتقان بۇ تاشقى ھادىسات ئالىمى بىلەن ئىنسانلار ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر مۇناسىۋەتنى ئورنۇتۇپ، بۇ قاراشنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(إِنَّ اللّهَ لاَ يُغَيِّرُ مَا بِقَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنْفُسِهِمْ)

{ھەر قانداق بىر قەۋم ئالدى بىلەن ئۆز ھالىنى ئۆزگەرتمىگىچە ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۆزگەرتمەيدۇ.} (سۈرە رەئد : 11 ـ ئايەت)

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئىبادەتلەرنى توغرا ئادا قىلىش، ئاللاھنىڭ شەرىئىتى (يەنى قانۇنى)نى زېمىندا ئەمىلى يۈرگۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ ئالەم قانۇنىيىتىنى (يەنى تەبىئەت قانۇنىنى) ئىجرا قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۆز تەسىرىنى كۆز ئالدىمىزدا روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ، بىزنىڭ نەزەرلىرىمىز ھەم تەجرىبىلىرىمىزدىن كىچە ـ كۈندۈز ئۆتۈپ تۇرىدىغان بۇ تەبىئەت قانۇنى قايسى بۇلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان بولسا، ئىسلام قانۇنىمۇ دەل ئەنە شۇ بۇلاقتىن ئۇرغۇپ چىققان. ھەممە خۇددى تەبىئەت قانۇنىغا ئوخشاشلا ساناقسىز ئىجابىي تەسىرلەرنى ئۇمۇ ئۆز قوينىغا ئالغان. ئەمما بەزى چاغلاردا بۇ بىر پۈتۈن سىستېمىغا سىلىنىۋاتقان ئاشۇ خىل بۆلگۈنچىلىككە قارىتا بىزنى خاتا تونۇشقا مۇيتىلا قىلىدىغان مەنزىرىلەرگىمۇ يولۇقۇپ قالىمىز، ئىسلام قانۇنىغا خىلاپلىق قىلىپ پەقەتلا تەبىئەت قانۇنىغا ئەگىششىمۇ غەلىبە قازىنىشقا كاپالەت يېرىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىدۇ. شەكسىزكى، دەسلىپىدە بۇ خىل بۆلگۈنچىلىكنىڭ تەسىرى ئالدىراپ كۆزىمىزگە چېلىقمىغىنى

بىلەن ئاقىۋەتتە چوقۇم ئۆزىنى كۆرسەتمەي قالمايدۇ. بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالىنى دەل ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمىزدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

مەسىلەن: ئىسلام قانۇنى تەبىئەت قانۇنى بىلەن تەڭ ئىلگىرى سۈرۈلگەن مەزگىللەردە جەمئىيىتىمىزمۇ ئوخشاشلا تەرەققى قىلغان ئىدى. بىراق بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بۆلگۈنچىلىك پەيدا قىلىنغان كۈندىن تارتىپلا ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىمۇ چېكىنىشكە يۈزلەندى. ھەتتا تاكى بۈگۈنگە قەدەر بۇ ئىككى كۈچ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق قانچە ئۇزارغانسېرى ئىسلام جەمئىيىتىمىزمۇ شۇنچە زاۋاللىققا پېتىپ كېتىۋاتماقتا. ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، بىزنىڭ چېكىنىشىمىز شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتتىكى، بىز مۇسۇلمانلار تەڭ بىرلا ۋاقىتتا ھەم ئىسلامىي قەدىر ـ قىممىتىمىزنى، ھەم تەبىئەت قانۇنىنىڭ ماددى تەرەققىياتىنى بىراقلا قولدىن بېرىپ قويدۇق.

ئەمدى غەرب مەدەنىيىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇ گويا بىرلا قانىتىغا تايىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان، يەنە بىر قانىتى ھەرىكەتسىز يەرگە ساڭگىلىغان، ئۆزى ئاسماندا مۇئەللەق چولاق قۇشقا ئوخشايدۇ. غەرب مەدىنىيىتى ماددى ئىجادىيەت ساھاسىدە قانچە يۇكسەك پەللە يارتقان بولسا، مەنىۋىي مەدەنىيەت ۋە ئادىمىلىك جەھەتتە شۇنچە چۈشكۈنلۈككە يولۇقتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھەر بىر ئەزاسى مەنىۋى جەھەتتە چېچىلاڭغۇلۇق ۋە تۇراقسىزلىققا، خىلمۇ ـ خىل روھى، ئەخلاقى ئىللەتلەرگە، پىسخىلوگىيىلىك ۋە نىرۋا خاراكتېرلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولدى. بۇنى كۆرگەن پۈتكۈل غەرب مۇتەپەككۇرلىرى "ۋايجان!" دەۋەتمەي تۇرالمىدى.

كاشكى بۇ بەختسىز ئىنسانلار ئىسلام قانۇنى تەرەپكە بىر يۈزلىنىپ كۆرگەن بولسا، ئۆزىنىڭ نۆۋەتتىكى مەرەزلىرىگە شىپا تاپالىغان بولاتتى. چۈنكى ئاللاھ نازىل قىلغان بۇ قانۇن ئاللاھنىڭ

كائىنات قانۇنىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى. بۇ قانۇننى ئىجرا قىلىشنىڭ ئىجابى تەسىرى كائىناتنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ ھەرىكەت پائالىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئاجايىپ گۈزەل ھەمكارلىقنى پەيدا قىلىدۇ.

ئاللاھنىڭ قانۇنى دەل ئىمانىنىڭ سەمەرىسى ۋە نەتىجىسىدۇر. چۈنكى ئىمان ئۇنى تۇرغۇزۇشنىڭ ئاساسى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىغا قويىلىشى ئىسلام ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنى تەشكىللەپ چىقىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئىسلام دىنىنىڭ بۇ پايانسىز كائىنات ھەققىدە ۋە ئۇنىڭدىكى ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويغان تەسەۋۋۇرى ئىنسانلارنىڭ قىممەت قارىشى ۋە ئەخلاق قارىشىغا يۈكسەكلىك، ۋىجدانىغا تەقۋالىق، ھېس تۇيغۇلىرىغا پاكلىق، ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە مۇقىملىق بەخش ئېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىز "ئىسلام قانۇنى" ۋە "تەبىئەت قانۇنى" دەپ ئاتاۋاتقان بۇ بارلىق قانۇنلار ئوتتۇرىسىدا جۇملىدىن ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى سۈننەتلىرى ئوتتۇرسىدا مۇكەممەل بىرلىك ۋە ھەمكارلىق ھاسىل بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان كائىناتتىكى ئاساسى كۈچ دەپ قارىلىدىكەن، ئۇچاغدا ئۇنىڭ ئىمانى (يەنى، ئەقىدىسى، ئىددىلوگىيىسى) ۋە ياخشى ئەمەللىرى، ئىبادەت ۋە باشقا پائالىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى كائىناتقا ئىجابى تەسىرلەرنى كۆرسەتكۈچ تارماق كۈچلەر قاتارىدا سانىلىشى لازىم. بۇلار ھەرگىزمۇ ئاللاھنىڭ كائىناتنى ھەرىكەتكە سىلىۋاتقان سۈننەتلىرىدىن تاشقىرى ئەمەس. مانا بۇ كۈچلەر ئۆز ـ ئارا ھەمكارلىشىپ، توغرا بىر شەكىلدە بىرلىككە كەلگەندە، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ھەقىقى ماسلىششچانلىق ئىشقا ئاشىدۇ. ھەمدە ئۆزىنىڭ باھارىنى مەيدانغا چىقىرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا بۆلگۈنچىلىك سىلىنىدىكەن، ئۇچاغدا كىلىپ چىقىدىغان قالايمىقانچىلىق ھەم گاڭگىراش نۇرغۇنلىغان ھالاكەتلىك نەتىجىلەرنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەر ئاستىن ـ ئۈستىن بولۇپ، ئىنسانىيەت بەختسىزلىك ئاپەتلىرىگە دۇچار بولىدۇ.

(ذَلِكَ بِأَنَّ اللّهَ لَمْ يَكُ مُغَيِّرًا نِّعْمَةً أَنْعَمَهَا عَلَى قَوْمٍ حَتَّى يُغَيِّرُواْ مَا بِأَنفُسِهِمْ)

{ئاللاھ ھەر قانداق بىر قەۋمگە ئاتا قىلغان نېمىتىنى تاكى ئۇلار ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتىۋالمىغۇچە ھەرگىز ئۆزگەرتىۋەتمەيدۇ.} (سۈرە ئەنفال : 53 ـ ئايەت)

دېمەك، ئالەمشۇمۇل ئىلاھىي سۈنەتلەر ئارقىلىق مەيدانغا كېلىدىغان تۇرلۇك ۋەقە، ھادىسىلەر بىلەن ئىنسانلار ئىلكىدىكى ئەمەللىرى ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى قويۇق، چوڭقۇر مۇناسىۋەت ئورنىتىلغان بولىدۇ. ئەگەر كىمكى بۇ مۇناسىۋەتنى بۇزماقچى بولىدىكەن، ئۇ دەل ئىلاھىي سۈننەتكە توسقۇنلۇق قىلماقچى بولىۋاتقان، ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى بولۇپ سانىلىدۇ. كىشىلەرنى ھىدايەت نۇرى تەرەپكە كېلىشتىن توسىۋاتقان بۇنداق ئىپلاسلارنى قوغلاپ بېرىپ، يول ئۈستىدىن ئىرغىتىپ تاشلاش پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ باش تارتىپ بولماس بۇرچى. شۇنداق قىلغاندىلا ئىنسانلار ئۇدۇل پەرۋەردىگارى تەرەپكە بارىدىغان داغدام يولغا ئېرىشەلەيدۇ.

مانا بۇلار بىر مەزگىل قۇرئاننىڭ سايىسىدا ھايات كەچۈرۈش جەريانىدا، قەلبىمگە پۈتۈلگەن بىر نەچچە قۇر سۆزلەر. مەن ئۇنى قەغەز يۈزىگە كۆچۈرۈشتە، "بىرەرسىگە مەنپەئەتى تېگىپ قالار، ياكى ھىدايەتكە سازاۋەر بولۇپ قېلىشىغا سەۋەپچى بولۇپ قالار" دېگەننىلا كۆزدە تۇتتۇم. ئەمەلىيەتتە، ئاللاھ خالىمىسا قولۇمدىن ھېچ ئىش كەلمەيدۇ.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# مۇقەددەس سۆيگۈ

(شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.)

ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان ئەينى چاغدىكى ئىمان ئەھلىنىڭ مىسلىسىز سۆيگۈ ـ مۇھەببىتىنى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ گۈزەل يارقىنلىق نادىر باب دېيىشكە بولىدۇ.

دۇنيادىكى ھەرقايسى قەۋملەرنىڭ ئەپسانىلىرىگە قارايدىغان بولساق، بىر جۈپ خىيالىي قىز ـ ئوغۇل پېرسۇنازلارنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان ئەپسانىۋىي مۇھەببىتى تەسۋىرلەنگەن خىلمۇخىل ئىشقى ـ مۇھەببەت چۆچەكلىرىنى ئۇچرىتىمىز. ئەمما ئىسلام تارىخىدا بولسا، مەھبۇبىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان ئاجايىپ مىسلىسىز پاك مۇھەببەتنىڭ ھەيران قالارلىق ئەمەلىي داستانىنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە سازاۋەر بولىمىز.

ئۇنىڭدا، ئەشۇ ئۇلۇغۋار پەزىلەتلىك زاتقا بولغان يارقىنلىق ئەقىدە قېرى، ياش، ئەر، ئايال، ھەتتا كىچىك باللار قەلبىدىمۇ ئاجايىپ شاۋقۇنلۇق مۇقەددەس ئىشق دەرياسىنى بارپا قىلىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى، چىرايى، قەددى قامىتى جەھەتتىكى شەھۋانىي جەلپكارلىقىدىن ئەمەس، بەلكى يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەت جەھەتتىكى ئەمەلىي ئۈلگىلىرىدىن، ھەقشۇناسلىق ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىك جەھەتتىكى تەڭداشسىز ھۆسنى ـ جامالىدىن ئۇرغۇپ چىققان نۇرانە ماگنىت كەبى مەھلىيالىق،

ھەتتا چۆل ـ باياۋانننىڭ ياۋۇز ۋەھشىلىرىنىمۇ، ھەققانىيەت ئۈچۈن بىقارار پەرۋانىلەرگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاللاھنىڭ ئىشق نۇرىغىلا چۆمۈلگەن، ئۇنىڭدىكى مۇقەددەس كىشىلىك ئوبراز، ھەتتا ئۆز خۇداسىنىمۇ كۆرەلمەيدىغان ئەقىل، روھى ئەما قارىغۇلارغىمۇ قوياش كەبى چاقناپ كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ. ھېسسىز تاشلارنىڭ ئاڭسىز چوققۇنغۇچىلىرىمۇ ئۇنىڭ دىلكەش كىشىلىك ھاياتىغا بىرلا نەزەر سېلىش بىلەن تەڭ باشلىرىنى پۇلاڭلىتىپ، توپ ـ توغرا قىرىق يىلغا قەدەر ئۇنى "سادىق، ئامانەتدار" دېيىشكىنىچە ماختاپ ھارمايدۇ. ئاندىن ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يوليورۇقىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەشۇ كامالەتلىك ئىنسانىنى پەيغەمبەرلىك خىلئەتلىرىگە مۇشەررەپ قىلغاندا، بارلىق مۇشرىك، كۇففارلارنىڭ چاڭقىيىپ كەتكەن كۆزلىرى ئۇنى بۇنچە يۈكسەكلىكتىن تونۇپ يېتىشكە ئاجىزلىق قىلىپ، قەھرى ـ غەزەپ، ئۆچمەنلىكىنىڭ رەزىل ئۇچقۇنلىرىنى چاقنىتىشقا باشلايدۇ. دەل شۇنداق چاغدا روھى، ۋىجدانى ئويغاق ئىنسانىيەت كارۋانلىرى دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، "سىلى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىمىز تەسەددۇق! ئۆزىمىز پىدا!" دېگەن جاراڭلىق نىدالىرىنى تۈۋلاش بىلەن ھەرەم ئاسمىنىنى لەرزىگە كەلتۈرۈشكە باشلايدۇ.

بۇ قاندىقتۇر قۇرۇق شوئارۋازلىق بولماستىن، بەلكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ تارىخ قەلبىگە قان بېرىپ چاقناپ تۇرۇۋاتقان، تىنىمسىز، بىقارار روھلارنىڭ چىن ھېسسىياتلىق سادالىرى، پىداكار ئەزىمەتلەر قەلبىنىڭ شاۋقۇنلۇق دولقۇنى ئىدى.

دۇنيا ئادىمىيلىك سالاھىيىتىدىن مەھرۇم ساناپ، چارۋا ماللار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويغان ئەرەبلەرنىڭ تۇغما قۇللىرى، ئاجىز غەرب ـ غۇربا، يېتىم ـ يېسىر ئىنسانلار تويى ئۇنىڭ مۇقەددەس نەزەرىدىن سۇ ئىچىش بىلەن تەڭلا مەدەنىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ جەۋھىرىگە، جەمئىيەتنىڭ ئەڭ ئېسىل تۈز، قايماقلىرىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇلار يېڭىچە روھ، يېڭىچە ھايات، يېڭى ئىمان،

يېڭى مەقسەت، يېڭى پائالىيەت بىلەن ئەشۇ جانى ـ جان مەھبۇبى تەرەپكە ئىز بېسىپ ئىلگىرلەشكە باشلىغاندا، جەمئىيەتنىڭ ئەسەبىي، مۇشتۇمزور كۈچلىرى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توسۇپ، زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ يالقۇنلۇق سىپىللىرىنى سوقماقچى بولىدۇ. ئەمما يولغا ئاتلىنىپ بولغان پىداكار كارۋانلار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمايدۇ. ئۇلارنى كۆيدۈرۈش ئۈچۈن يېقىلغان ئوت، ئاتەشلەر ئاشقلار ۋۇجۇدىدىن ئېقىۋاتقان پىداكارانە قان ـ تەرلەر بىلەن ئۆچۈپ قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇلارغا قارىتىلىپ ياغدۇرۇلۇۋاتقان تاش، كېسەكلەر سەبىر ـ قانائەت ۋە چىدامچانلىقنىڭ پولاتتەك مەردانە كۆكرەك سىپىللىرىغا تېگىپ، گوياكى ئارزۇ قىلىنىدىغان گۈلدەستىلەرگە ئايلىنىپ قالىدۇ. بوينۇلارغا سېلىنىۋاتقان زەنجىر، كىشەنلەر ھەققانىيەت ساداسىنى بوغۇپ قويۇشتىن ئىلگىرى چۆل ـ چۆل بولۇپ پاچاقلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ مەستانە كارۋانلار توپى زۇلۇم ئىستىبداتلىقنىڭ ئوت ۋە قان ئېقىنلىرىنى، نەپرەتلىك ئۆچمەنلىكنىڭ چالما ـ كېسەك يامغۇرلىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئەشۇ تەڭداشسىز، نادىر ئىنساننىڭ، ئەشۇ سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدىگەن ھالدا يېڭىلمەس مۇھەببەت قورغانىنى قۇرۇپ چىقىدۇ.

نام ـ شۆھرەت، يۇقىرى ئىززەت ـ مەرتىۋە، پۇل ـ بايلىقلارغا ئىگە ھەقىقەتشۇناش مۆھتىرەم كىشىلەرمۇ جان ـ پىدالىقنىڭ بۇ ئاجايىپ مەنزىرىسىنى كۆرگەندە، مەزكۇر كامالەتلىك ئىنساننىڭ يۈكسەك ئوبرازىغا مەھلىيا بولۇپ، ئۆزىنىڭ پۈتكۈل مەرتىۋە، ئىمتىيازلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ، سەۋدالارچە ئۇنىڭ ئاياقلىرىغا تاشلىنىشقا باشلايدۇ. شۇ ۋەجىدىن كۈچلۈك بىلەن ئاجىزلارنىڭ ئىمتىيازى پەرقلىرى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بىردەمدىلا غايىب بولۇپ، قۇل، خوجايىن، باي، كەمبەغەل ھەممەيلەن بىردەك مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ، ھەقىقىي ئىنسانىيلىقنىڭ بوسۇغىسى ئەتراپىدا پەرۋانىلەرچە كۆزگە كۆرۈنۈشكە باشلايدۇ.

ئاھ! ئۇ نەقەدەر ئۇلۇغ، نەقەدەر دىلكەش، نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىنسان ھە!...

غېرىبانە يەكتەك ئىچىدىكى ئاددىي ـ ساددىلىقىدىمۇ شۇنچە ھەيۋەتلىك، شۇنچە ئەيمىنىشلىك، شۇنچە ئالى جاناب كۆرۈنىدىغان ... مۇستەبىت ھۆكۈمدارلارنىڭ مۇستەھكەم تەختى، قەسىرلىرىمۇ ئۇنىڭ تاسادىپ نەزەرلىرى ئالدىدا تەۋرىنىپ كېتىدىغان... ئالتۇن ـ كۈمۈش بايلىقلارنىڭ چاقناق يۇلتۇزلىرى ئۇنىڭ قەدەملىرى ئاستىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ تۇزاڭلارغىمۇ تەڭ بولالماس ئەتىۋارسىز نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغان... ئىنسانىيەت تومۇرىدىكى جانى ـ جان قانلار ئۇنىڭ ھەر بىر باسقان ئاياق ئىزىنى نۇرلاندۇرۇش يولىدا پۈتۈنلەي ئېقىپ تۈگەش ئۈچۈنلا تىنىمسىز تېپچەكلەپ ئۆركەشلەيدىغان...

ئاھ! ئۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ، نېمە دېگەن دىلكەش، نېمە دېگەن سۆيۈملۈك ئىنسان ھە!...

شۇنداق. بۇ شائىرلىق ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي تارىخ. دۇنيادا ئىنسان سۆيىدىغان، ئەزىز كۆرۈدىغان ھەتتا ھاسىل قىلىش يولىدا بارلىقىدىن كېچىشكە تەييار تۇرىدىغان ھەرقانداق شەيئى، ھەرقانداق ئىشتىياق، ھەرقانداق مەۋجۇتلۇق، ھەرقانداق سۆيگۈ ئاشىقلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ ئاياق ئىزلىرى ئۈچۈن پىدا قىلىنماي قالمىدى. دۇنيادا ئۇنىڭ بىرلا قېتىملىق كەرەملىك بېقىشىغا مۇشەررەپ بولۇۋېلىش ئۈچۈن تەسەددۇق ئېتەلمەي قالغان ھېچقانداق ئارمان، ھېچ قانداق شەيئى قالمىدى. ئاشىقلار ئۇنىڭ كۆزىدە چاقنىغان مەمنۇنىيەت نۇرىنى بىر قېتىم بولسىمۇ كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ھەتتا پۈتۈن ئائىلىسىدىن ۋاز كەچتى. كۆپىر بىلەن ئىسلام ئوتتۇرىسىدىكى چەك ـ چېگرىنى ئايرىش ئۈچۈن قان تومۇرلىرىنى قەلەم قىلدى. ئەۋلادلار ئاتا ـ ئانىلار مېھرىدىن ۋاز كەچسە، ئاتا ـ ئانىلارمۇ پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىشقى ـ مۇھەببىتى ئۈچۈن ئارزۇلۇق ئەۋلادلىرىغا بولغان پۈتۈن مېھرى ـ مۇھەببەتلىرىنى قۇربان قىلدى. ئىنسانلار دۇنيانىڭ بارلىق خۇشنەما رەڭ، پۇراقلىرىدىن ئاجراپ چىقىپ، خۇددى

ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا گۈش ـ ئۇستىخانلىق ئەشۇ ئىنسانىنىڭ قەلب چاقىرىقى تەرەپكە مەستانىلارچە يۈگۈرۈشكە باشلىدى. گويا بوۋاق بالا ئانىنىڭ باغرىغا مەھكەم يېپىشقاندەك قەدەم ـ قەدەمدە ئۇنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتتى. پۇل، بايلىق، ئۈنچە ـ مارجان غەزىنىلىرىنى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇغداپ تاشلاپ، پەقەت ئۇنىڭلا ئىشىكى ئالدىدىكى قەلەندەرگە ئايلىنىپ كېتىشنى ئەلا بىلدى. جانى ـ جان پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاشىقلىرى ئۆز مەھبۇبىغا زەھەرلىك باقىدىغان ئەبلەخلەر مەۋجۇت مۇھىتتا نەپەسلىنىشنىمۇ قىلچە راۋا كۆرمىدى. كەسىپ، تىجارەت، ئۇرۇق ـ تۇغقان، ئەزىز دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن ئىبارەت دۇنيالىق جەننەتلىرىنى تاشلاپ، تىكەن چاتقاللىق، چۆل ـ جەزىرىلەردە، ۋەيرانە كۆلبە، غېرىبخانىلاردا كۈن كەچۈرۈشكە ”لەببەيك“ دېيىشنى ھۇزۇرلۇق بىلدى. جاپالىق دەشتى ـ سەھرالارنى كەزدى، شەھەرمۇ ـ شەھەر خارى ـ زارلىقنى پەخىرلىك بىلدى. ئاشىق، پەرۋانىلەر سۆيۈملۈك مەھبۇبى تەرىپىدىن قەلبلىرىگە يېقىلغان ھەققانىيەت مەشئىلىنى قەتئىي ئۆچۈرمەسلىك ئۈچۈنلا مانا شۇلارنىڭ ھەممىنى قىلدى. مانا شۇلارنىڭ ھەممىدىن كەچتى.

ئاندىن ئۆز قولى بىلەن ئۆز جېنىنى تەسەددۇق ئېتىشتەك مۇھەببەتنىڭ ئەڭ قىيىن ئۆتكىلىگە قەدەم قويغاندا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ بۇ بىقارار، پىداكار پەلۋانلىرى قانلىق قىلىچ، خەنجەرلەر بىسىغا بويۇنلىرىنى تۇتۇپ بېرىشتىن قىلچە تېترەپ قالمىدى. پۈتۈن بەدەنلىرى چىلىق ـ چىلىق قان بولۇپ كەتكەن تۇرۇيمۇ، "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلى ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىمىز تەسەددۇق! ئۆزىمىز پىدا!" دېگەن ئۆچمەس سادالىرىنى توختىماي ياڭرىتىپ ماڭدى. زەخىم ـ جاراھەتلەر بىلەن تىتما ـ تىتما بولۇپ كەتكەن بەدەنلەر، ئۇنىڭ ئىشقىدا تېخىمۇ ئېغىر، تېخىمۇ چوڭقۇر يەنە بىر زەربە يېۋېلىش ئۈچۈن پىداكارانە مەستانىلىكتە ئۆزىنى ئونۇتقان ھالدا ئالغا ئېتىلىپ ماڭاتتى. بەدىنىنىڭ يەتمىش، سەكسەن يېرىگە تىغ تېگىشتەك تارىخي رېكورت ياراتقان ئاشىقلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەق ئۈچۈن جان بېرىش ئىشتىياقىمۇ زەررىچە

كېمىيىپ قالمايتتى . ئۇنىڭغا قارشى كۆتۈرۈلگەن قىلىچ، نەيزىلەر ئۇچۇن ئاشقىلار ئۆز تەنلىرىنى خۇشاللىق بىلەن سىپىل، قالقان قىلاتتى. دۇشمەنلەرنىڭ مىخلىغان زەھەرلىك ئوقدانلىرى قۇرۇقدىلىپ كېتەتتى، يۇ ـ ئەمما مەھبۇبىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇچۇن ئاشقىلار ئۆز جىسىم، تەنلىرى بىلەن قوپارغان سىپىللارنى قىمىر قىلدۇرالمايتتى . ئۇياقتىن كۇففارلارنىڭ ئوق نەيزىلىرى يېغىشقا باشلىسا، بۇياقتىن ئاشىقلار مەردانە كۆكرەكلىرىنى ئاچقان ھالدا ئالدىغا ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇياقتىن ئۆلۈم ۋە ھالاكەتنىڭ قارا قۇيۇنلىرى كۆتۈرۈلسە، بۇ ياقتىن ھەق، ساداقەتكە پىداكار ئەزىمەتلەرنىڭ باشلىرى "مانا بىز تەييار! مانا بىز تەييار!" دەپ تووۋلىغانچە يۇگۇرۇپ چىقىشقا باشلايتتى. شۇڭا سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەرەپكە ئاتىلىپ تېگىلگەن ھەرقانداق كۆزلەر ھەتتا پولات قورغانلار ئىچىدىمۇ قەتئىي ئۆزىنى ساقلاپ قالالمىدى.

ئاھ ! نېمە دېگەن كۈچلۈك، نېمە دېگەن چوڭقۇر، نېمە دېگەن مۇستەھكەم، مۇقەددەس سۆيگۈ ھە؟!

ئاخىرى رەسۇلۇللاھقا بولغان مانا بۇ مىسلىسىز پاك مۇھەببەت غەلىبە قىلدى. مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىكى ھەق، ساداقەتنىڭ ھۆسنى ـ جامالى پۈتكۈل ئەرەب يېرىم ئارىلىنى ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك قوينىغا ئالدى. بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ قىسمىتى يېڭىۋاشتىن پارلاشقا باشلىدى. ئىنسانخور ۋەھشىي دۇنيادا ئاللاھنىڭ ۋە ئىنسانىيلىقنىڭ نامىنى كۆتۈرۈپ، تەنها مەيدانغا چىققان بۇ كامالەتلىك ئىنسان 23 يىلدىن كېيىن ماماتلىق كارىۋىتىدا دۇنياغا قايتا نەزەر تاشلىغىنىدا، يۈز مىڭلارچە ئىنساننىڭ يېگانە ئالاھنىڭ ئىشقىدا سەجدىگە باش قويىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەجەبا دۇنيا تارىخىدا بىرەر قېتىم ئۇ قەدەر پىداكارانە سۆيۈلۈپ باققان باشقا بىرەر ئىنساننى ئۇچراتقىلى بولارمۇ؟ ئەگەر بولمايدىمەن، راستىنلا ئۇچراتقىلى بولمايدىكەن، ئۇنداقتا، شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بۇندىن تەخمىنەن 1400 يىل ئىلگىرى مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاكارلىغان ئاخىرقى پەيغەمبەرلىكى بەرھەق ۋە بىر نادىر ھەقىقەت بولۇش بىلەن بىرگە قانچىلىغان ئەسىرلەر ۋە قانچىلىغان زامانلارنى باشتىن كەچۈرگەن دۇنيا تارىخىدا، پەقەت بىرلا قېتىم كۆرۈلىدىغان ھەم بىرلا قېتىملا كۆرۈلگەن ئەڭ نادىر، مىسلىسىز ئەمەلىي ۋەقەدۇر.

بىز نۆۋەتتىكى كۈپۈرلۈق دۇنياسىغا بۇ مەڭگۈلۈك تارىخىي جاكارنى تۈۋلىغان ھەرقانداق چاغدا {بۇندىن 1400 يىل ئىلگىرىكى ئىنسانلار مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەكلىدە ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەشۇ ھەقىقەت بىلەن ساداقەتنى بۈگۈن قىنى قەيەردە، قانداق شەكىلدە كۆرگىلى بولىدۇ؟} دېگەن نەشتەردەك سوئال يۈرەك، باغرىمىزنى تىلماي قالمايدۇ.

تارىخ پەقەتلا تۈيغۇ بەخش ئېتەلەيدۇ، بىر تەسەۋۋۇرغا ئىگە قىلالايدۇ. ئەمما ھەرگىزمۇ ئەمەلىي مەنزىرىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. دۇنياغا ئۆتمۈشنىڭ ئەنە شۇ مۇقەددەس مەنزىرىسىنى كۆرسىتىدىغان ئەينەكلەر ئەسلىدە ئۆزىنى "مۇسۇلمان" دەپ ئاتاۋاتقان مانا بىزلەر ئىدۇق. ئەمما بىز قوتۇر ئەينەكلەر شاقاۋەتلىك قەلبلىرىمىزنىڭ، نومۇسسىزلارچە ھېسسىزلىقىمىزنىڭ ۋە ئاسىيلارچە ئاخىرەتپۇرۇشلىقىمىزنىڭ ئىپلاس كەلدى ـ غەشلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتماقتىمىز. ئەجەبا دۇنيا بىزدەك ئەبگار ئەينەكلەردىن سۆيۈملۈك مەھبۇبىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بولغان قايناق مۇھەببەتنىڭ بىرەر تىرىك دەلىلىنى ئۆز كۆزى بىلەن ئۇچرىتالارمۇ؟ ئەگەر ئۇچرىتالمايدىكەن، بىز يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟ ئاھ! بىز يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟ بىزنى كەچۈرگىن ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى كەچۈرگىن! مانا بۈگۈنكىدەك كۇففارلار تەرىپىدىن سۆيۈملۈك

پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇقەددەس شەنىگە داغ تەگكۈزۈلىۋاتقان، نام ـ شەرىپىگە ھاقارەت قىلىنىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بۇنىڭغا قارشى كوچا ـ كوچىلاردا سادا ياڭرىتىۋاتقان پەيتلەردە، پەيغەمبىرىمىزگە بولغان قايناق مۇھەببىتىمىزنى ئىپادىلەشتەك ئەقەللىي ئىنسانىي ھەققىمىزغىمۇ ساھىب بولالماي، سىنىڭ قەھرىڭدىن ئەمەس، كۇففارلارنىڭ قورققانلىقىدىن، دوزاخنىڭ ئەمەس، تۈرمىلەرنىڭ ۋەھىمىسىدىن تىترەپ، ئۈن ـ تىنسىز دومسىيىپ ئولتۇرغان، شۇنداقتىمۇ، سۆيۈملۈك رەسۇلۇڭنىڭ شاپائىتى تاماسىدا بولۇۋاتقان بىز بىچارىلەرنى كەچۈرگىن!

شۇنداق، بىزنى كەچۈرگىن ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزنى كەچۈرگىن! ئەمدى بىز زادى قايسى يۈزىمىز بىلەن ئالدىڭغا بارامىز؟ قانداقمۇ رەسۇلىڭنىڭ جامالىڭغا قارارمىز؟! بىزنى كەچۈرگىن! جانى ـ جان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قىلىنىۋاتقان ھاقارەتلەرگە قارشى كۆكرەك كېرىپ جەڭ مەيدانىغا چىقىشقا ئەمەس، ھەتتا ئىشىكىمىز ئالدىدىكى كوچىلارغا چىقىشقىمۇ پېتىنالماي، قول قوشتۇرۇپ ئولتۇرغان بىزدەك ئاتالمىش "مۇسۇلمان" لارنى كەچۈرگىن!

كەچۈرگىن ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز تۇزكورلارنى كەچۈرگىن!

كامىلجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

## سەييد قۇتۇب: "قۇرئاننىڭ سايىسىدە" ناملىق تەپسىردىن پارچە

ئىلاۋە: بۇ پارچىنى مەرھۇم ئۇستاز مەنناﺋ خەلىيل ئەلقەتتان ئۆزىنىڭ "قۇرئان ئىلىملىرىگە دائىر تەتقىقاتلار" ناملىق كىتابىدا نەقىل كەلتۈرگەن بولۇپ، بىز بۇنى شۇ يەردىن تەرجىمە قىلىپ ئالدۇق.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب، ئاللاھ تائالانىڭ: [يَسْأَلُونَكَ عَنِ الأَهِلَّةِ قُلْ هِيَ مَوَاقِيتُ لِلنَّاسِ وَالْحَجِّ] "(ئى مۇھەممەد!) سەندىن يېڭى چىققان ئاي (يەنى ئاينىڭ كىچىك چىقىپ چوڭىيىدىغانلىقى، ئاندىن كىچىكلەيدىغانلىقى) توغرۇلۇق سورىشىدۇ، (ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئۇ كىشىلەرنىڭ (تىرىكچىلىك، سودا- سېتىق، مۇئامىلە، روزا تۇتۇش، ئىددەت قاتارلىق) ئىشلارنىڭ ۋە ھەجنىڭ ۋاقىتلىرىنى ھېسابلىشى ئۈچۈندۇر"."[1] دېگەن ئايىتىنىڭ تەپسىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئايەتتە جاۋاب، يالغۇز نەزەرىيە ئىلمىگە ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ھايات رېئاللىقىغا يۈزلىنىدۇ. ئۇلارغا ئاينىڭ ئايلىنىش ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ قانداق تاماملىنىپ تولۇنئاي ھالىتىگە كېلىدىغانلىقىنى تۇغرىسىدا ئەمەس، ياشاۋاتقان رېئال ھاياتقا مۇناسىۋەتلىك ھىلال ئاينىڭ ۋەزىپىسىنى چۈشەندۈرىدۇ... قۇرئان بۇ كىچىككىنە مەلۇماتقا قارىغاندا تېخىمۇ بۈيۈك بىر نەرسە ئۈچۈن كەلگەن. ئۇ بىر ئاسترونومىيە، خىمىيە، ۋەياكى تىببىي پەن كىتابى بولۇش ئۈچۈن كەلمىگەن... بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغان ھاياجاننى باسالمىغان بىر قىسىم كىشىلەر، قۇرئاندىن بۇ ئىلىملەرنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن ئۇرىنىدۇ. قۇرئاننى ئەيىبلىك كۆرسىتىشنى خالايدىغانلار بەزى كىشىلەرمۇ ئۇنىڭ بۇ ئىلىملەرگە قارشى تەرەپلىرىنى تېپىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.

شۈبھىسىزكى، ھەر ئىككى خىل ئورۇنۇش، بۇ كىتابنىڭ تەبىئىتى، ۋەزىپىسى ۋە فونكسىيونلىرى توغرىسىدىكى ساغلام بولمىغان چۈشىنىشنىڭ دەلىلى. چۈنكى، قۇرئاننىڭ پائالىيەت ساھەسى ئىنساني نەپس ۋە ئىنساني ھاياتتۇر. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى، ئىنساننىڭ بۇ مەۋجۇتلۇق ئالىمىدىكى ئەھۋالى ۋە رەببى بىلەن بولغان باغلىنىشى ئۈچۈن ئومۇمىي بىر تەسەۋۋۇر بەربا قىلىش ۋە بۇ تەسەۋۋۇرنىڭ ئاساسى بۇيىچە ئەقلىي كۈچلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق كۈچلىرىنى ئىشلىتىشكە كاپالەتلىك قىلىدىغان بىر ھايات نىزامى قورۇپ چىقىشتۇر. بۇ ھايات نىزامى قورۇلغاندىن كېيىن توغرا خىزمەت قىلىدۇ، ئىنساننىڭ قۇدرىتى دائىرىسىدە ئىلمىي تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بېرىشقا يول قويىدۇ، ئىنسان، تەجرىبە ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ھەر ھالدا ئەڭ ئاخىرقىسى ياكى مۇتلەق توغرىسى بولمىسىمۇ بىرەر نەتىجىگە ئېرىشىدۇ.

توغرىسى مەن، بۇ قۇرئانغا ئائىت بولمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئىلاۋە قىلىشقا، ئۇ مەقسەت قىلمىغان نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويۇشقا ۋە دوختۇرلۇق، خىمىيە، ئاسترونومىيە ۋە باشقا ئىلىملەردىكى ئايرىم تەرەپلەرنى ئۇنىڭدىن چىقىرىشقا كۈچ چىقارغان ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۇلۇغلىغانلىقىنى ساناپ يۈرگەن بەزى ھىسياتچان ياكى قېنى قىزىق كىشىلەرنىڭ ساددىلىقىغا ھەيران بولىمەن.

قۇرئان ھەقىقەتلىرى ئەڭ ئاخىرقى، قەتئىي ۋە كەسكىن ھەقىقەتلەردۇر. ئىنسان تەتقىقاتىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەرسىلىرى بولسا، لازىمەتلىك نەرسىلىرى قانچىلىك تولۇق بولسۇن، ئۇ ئەڭ ئاخىرقى ۋە كەسكىن ئەمەس ھەقىقەتلەردىن ئىبارەت. بۇلار، ئۇنىڭ تەجرىبىلىرىنىڭ چەكلىمىسى، شارائىتى ۋە ئۈسكۈنىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. قۇرئانىي بولغان كەسكىن ھەقىقەتلەرنى، كەسكىن بولمىغان ھەقىقەتلەرگە ئارىلاشتۇرۇش، ئىنسانىي بولغان ئىلمىي مېتودنىڭ ئۆز ھۆكۈمى بىلەن، بىر مېتود خاتالىقىدۇر. ئەڭ

ئاخىرقىسى بولمىغان بۇ ھەقىقەتلەر ئىنسانىيەت ئىلمى قولغا كەلتۈرگەن ھەممە نەرسىدىن ئىبارەت.

بۇلار ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە قىياس قىلىنىغان. بۇ ئەھۋال، ئىلمىي، دەپ ئاتالغان تەسەۋۋۇر ۋە نەزەرىيىلەرگە قىياس قىلغاندا تېخىمۇ ئېنىقلىنىشىدۇ. نەزەرىيەلەر ھەمىشە ئۆزگىرىش، ئالمىشىش، كەمچىلىك ۋە ئارتۇقچىلىقلارغا توغرا كېلىپ قالىدۇ. ھەتتا يېڭى بىر كەشپىيات ۋاستىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ياكى بىر يۈرۈش قەدىمكى مۇلاھىزىلەرنىڭ يېڭىچە تەپسىرلىنىشى بىلەن بۇ نەزەرىيەلەر ئاستىن ئۈستۈن بولۇپ كېتىدۇ.

قۇرئاننىڭ ئومۇمىي ئىشارەتلىرى، ئىلمىيەننىڭ يەتكەن، ئۆزگىرىشچان يېڭى نەزەرىيىلەرگە ياكى يۇقىرىدا بايان قىلغىنىمىزغا ئوخشاش، كەسكىن بولمىغان ئىلمىي ھەقىقەتلەرگە باغلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەر تۈرلۈك ئۇرۇنۇشلار ئالدى بىلەن ئاساسلىق بىر مېتود خاتاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭدەك، قۇرئان كەرىمنىڭ يۈكسەك ئورنىغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغان تۆۋەندىكى ئۈچ تۈرلۈك مەنانىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

بىرىنچىسى: بۇ خىل ئورۇنۇشلار، بەزى ئىنسانلار ئۈچۈن تەسەۋۋۇر قىلىنىغان ئىچكى مەغلۇبىيەتتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ تەقدىردە ئىلىم كونترول قىلغۇچى، قۇرئان ئۇنىڭغا ئەگەشكۈچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار، قۇرئاننى ئىلىم ئارقىلىق ئىسپاتلاشقا ياكى ئىلىم- پەندىن ئۇنىڭ ئۈچۈن دەلىل كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلغان بولىدۇ. قۇرئان كەرىم ماۋزۇلىرى كامىل، ھەقىقەتلىرى كەسكىن بىر كىتابتۇر، ئەمما ئىلىم- پەن تۈنۈگۈن ئىسپاتلىغاننى بۈگۈن بۇزۇۋەشتا ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئىلىم-پەن يەتكەن ھېچقانداق بىر نەتىجە ئەڭ ئاخىرقى ۋە مۇتلەق توغرا بولۇپ كېتەلمەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئىنساننىڭ ئەتراپى،

ئەقلى ۋە سايمانلىرىغا باغلىقتۇر. مۇتلەق توغرا بولغان ئەڭ ئاخىرىقى بىر ھەقىقەتنى بىرىشى بۇلارنىڭ ھېچبىرىنىڭ تەبىئىتىگە توغرا كەلمەيدۇ.

ئىككىنچىسى: قۇرئاننىڭ تەبىئىتى ۋە ۋەزىپىسىنى خاتا چۈشىنىش. قۇرئان ئىنسانىنىڭ ۋۇجۇدىنى, ئىنساننىڭ نىسبىي تەبىئىتى يول قويىدىغان دەرىجىدە بۇ بارلىقنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئىلاھىي سىردېشىنىڭ تەبىئىتى بىلەن چۈشىنىشىپ ماشلاشقان بىر ۋۇجۇد ھالىتىگە كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدىغان مۇتلەق ۋە ئەڭ ئاخىرىقى ھەقىقەتتۇر. ئىنسان ئەتراپىدىكى مەۋجۇتلۇقلار بىلەن توقۇنۇپ قالماستىن، ئۇلارنى قوبۇل قىلىپ، بەزى سىرلىرىنى ئۆگىنىدۇ، خەلىپە بولغانلىقى سەۋەپلىك بەزى سىرداشلىرىنى خىزمەتكە سالىدۇ. تەييار ماددىي مەلۇماتلارغا تەسلىم بۇلىدىغان ئەمەس، خىزمەت قىلىدىغان، قىزىقىش روھىغا ئىگە ئەقلىنىڭ يېتەكلىشى بىلەن، سىرداشلىرى ئۇنىڭغا كۆزىتىش، ئىزدىنىش، سىناپ بېقىش ۋە تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئاشكارىلىنىدۇ.

ئۈچىنچىسى: كۈچەش ۋە ھىلە بىلەن، قۇرئاننىڭ نەسلىرىنى داۋاملىق تەۋىل قىلىپ، مۇقىملاشمىغان، ھەر كۈنى بىر يېڭىسى ئوتتۇرىغا چىقىدىغان نەزىرىيە ۋە تەسەۋۋۇرلارنىڭ ئارقىسىغا تۇشۇپ چارچىماسلىقىمىز لازىم."[2]

ئا.قارلۇقىي تەرجىمىسى

---

[1] بەقەرە سۈرىسى، 189ـئايەت.

[2] بۇ نوقتىلارنى، سەييىد قۇتۇبنىڭ "قۇرئاننىڭ سايىسىدا" ناملىق تەپسىرىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ ئالدۇق ـ مەنبائ خەلىيل ئەلقەتتان

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# قۇرئاننىڭ قىسسىلىرى

سەۋەب ۋە نەتىجىلەرگە مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرگە قۇلاق تىزلا بورىلىدۇ. بۇنىڭ ئارىسىغا ئۆتمۈشكە ئالاقىدار خەۋەرلەرنىڭ ئىبرەت سەھنىلىرى كىرگەن چاغدىكى، ئۇلارنى بىلىش، تونۇش ئىستىكى, ئىبرەتلەرنىڭ نەپىسلەرگە ئورۇنلىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ كۈچلۈك ئامىللارنىڭ بىرى. مىسالىسىز، قىسسىسىز خىتاب قىلىش شەكلىدىكى ۋەزىنەسىھەتنىڭ دائىرىسىنى ئەقىل بىر يەرگە يىغالمايدۇ ۋە ئۇنىڭدا سۆزلەنگەن ھەممە نەرسىنى چۈشىنىپ كىتەلمەيدۇ. ئەگەر ئۇ خىتابنى، ۋەز۔ نەسىھەت، نىشانلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان رېئال ھاياتتا يۈز بەرگەن بىر ۋەقەنى، يەنى قىسسىنى مىسالغا ئېلىپ چۈشەندۈرگەن چاغدا، ئىنسان ئۇنى ئاڭلاش ئارقىلىق ھوزۇرلىنىدۇ، قىزغىنلىق ۋەياكى قايغۇرۇش بىلەن ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ ئاڭلايدۇ. ئۇنىڭدىكى ئىبرەت ۋە نەسىھەتلەردىن تەسىرلىنىدۇ. دەۋرىمىزدە قىسسە، ھېكايە ئەدەبىياتى تىل ۋە ئەدەبىيات پەنلىرىنىڭ ئالاھىدە بىرىسىگە ئايلاندى. دورۇست قىسسە ياكى ھېكايە ئەرەبچە ئۇسلۇبتا دەۋرىمىزگە ئەڭ كۈچلۈك شەكىلدە ۋەكىللىك قىلىدۇ ۋە ئۇنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قۇرئاننىڭ قىسسە ۋە ھېكايىلىرى تەسۋىرلەيدۇ.

## قىسسىنىڭ مەنىسى

قىسسە: ئىز قوغلاش، مەنىسىدە. "قصصت أثره" ئىزىنى ئىزلىدىم، دېيىلىدۇ. قەسەس، پېئىل تۈمۈرىدۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: "فَارْتَدَّا عَلَى آثَارِهِمَا قَصَصًا" "ئىككىسى كەلگەن ئىزى بويىچە كەينىگە يېنىشتى."[1] يەنى، كەلگەن ئىزلىرىنى بويلاپ ئارقىسىغا قايتتى، دېمەكتۇر.

مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ تىلىدىن مۇنداق دېگەن: "وَقَالَتْ لِأُخْتِهِ قُصِّيهِ" "ئانىسى مۇسانىڭ ھەمشىرىسىگە" ئۇنىڭغا ئەگەشكىن" دېدى."[2] يەنى مۇسانىڭ ئىزىغا ئەگەشكىنىدە، ئۇنى كىمنىڭ ئالدىغانلىقىغا قارا، دېمەكتۇر. قىسسىلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشايدۇ. ئۆزلۈكسىز كۆزلىتىپ كەلگەن خەۋەرلەر، ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: "إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْقَصَصُ الْحَقُّ" "شۈبھىسىزكى، بۇ ئەلۋەتتە راست قىسسىدۇر."[3] يەنە مۇنداق دېگەن: "لَقَدْ كَانَ فِي قَصَصِهِمْ عِبْرَةٌ لِّأُولِي الأَلْبَابِ" "ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ."[4]

قىسسە: ۋەقە، خەۋەر، ئەھۋال ۋە ھالەت، مەنىلىرىدە كېلىدۇ.

## قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ تۈرلىرى

قۇرئاندىكى قىسسىلەر ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ:

بىرىنچى تۈرى، پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرى: بۇ قىسىم، ئۇلارنىڭ قەۋملىرىگە قىلغان دەۋەتلىرى، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارنى قوللاپ، مەيدانغا كەلتۈرۈپ بەرگەن مۆجىزىلىرى، دۈشمەنلىرىنىڭ ئۇلارغا تۇتقان پوزىتسىيەلىرى، دەۋەتنىڭ باسقۇچ ۋە تەرەققىياتلىرى، ئىشەنگەنلەر ۋە ئۇنى يالغانغا چىقارغانلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. مەسىلەن، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ھارۇن، ئىيسا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاملار ۋە ئۇلاردىن باشقا پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەر (ئۇلارغا ئاللاھنىڭ سالاملىرى بولسۇن) نىڭ قىسسىلىرى بۇ تۈرگە كىرىدۇ.

ئىككىنچى تۈرى، ئۆتكەن ۋەقە ۋە پەيغەمبەر سانالمىغان كىشىلەرگە مۇناسىۋەتلىك قۇرئان قىسسىلىرى: مەسىلەن، مىڭلارچە كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋپى بىلەن يۇرتلىرىدىن چىقىرىلىشى، تالۇت ۋە جالۇت، ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككى ئوغلى ھابىل ۋە قابىل، ئەسھابۇل كەھف، زۇلقەرنەيىن، قارۇن، ئەسھابۇسسەبت، مەريەم، ئەسھابۇل ئۇخدۇد، پىئىل ئىگىلىرى ۋە باشقىلارغا ئالاقىدار خەۋەر ۋە قىسسىلەرگە ئوخشاش.

ئۇچىنچى تۈرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلەرگە مۇناسىۋەتلىك قىسسىلەر: مەسىلەن، ئال ئىمران سۈرىسىدىكى بەدر ۋە ئۇھۇد غازاتلىرى، تەۋبە سۈرىسىدىكى ھۇنەين ۋە تەبۇك غازاتلىرى، ئەھزاب سۈرىسىدىكى ئەھزاب غازىتى، ھىجرەت، ئىسرا ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ۋەقەلەر.

## قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ پايدىلىرى

قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ نۇرغۇن پايدىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىنى تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلايمىز:

1 ـ ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىشنىڭ ئاساسلىرىنى ئېنىقلاش ۋە بارلىق پەيغەمبەرلەر بىلەن ئەۋەتىلگەن شەرىئەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرى (ئەسلى) نى بايان قىلىش: "(ئى مۇھەممەد!) سەندىن ئىلگىرى ئەۋەتىلگەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسىگە: "مەندىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ماڭىلا ئىبادەت قىلىڭلار" دەپ ۋەھيى قىلدۇق."[5]

2ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇممەتى مۇھەممەدىيەنىڭ قەلبلىرىنى ئاللاھنىڭ دىنىدا مۇستەھكەم قىلىش، مۆمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسىنى كۈچلەندۈرۈش، باتىل ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرىنى ئوسال ئورۇنغا چۈشۈرۈش: "كۆڭلۈڭنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ساڭا پەيغەمبەرلەرنىڭ قىسسىلىرىنى بايان قىلىپ بېرىمىز، بۇ قىسسىلەر ھەقىقەتنى، مۆمىنلەر ئۈچۈن ۋەز ـ نەسىھەت،ئىبرەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان."[6]

3ـ ئۆتكەن پەيغەمبەرلەرنى تەستىقلاش، ئۇلارنىڭ خاتىرلىرىنى يېڭىلاش ۋە ئەسەر (ئىز) لىرىنى ئەبەدىيلەشتۈرۈش.

4ـ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسىرلەر ۋە نەسىللەر بويىچە، كىلىپ كەتكەن مىللەتلەر ۋە كىشىلەرنىڭ ئەھۋاللىرى توغرىسىدا بەرگەن خەۋەرلىرى بىلەن دەۋىتىدە توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرستىش.

5ـ قۇرئاننىڭ ئەھلى كىتابقا قارشى پاكىت، بۇرھان بىلەن مۇجادىلە قىلىشى، ئۆزگىرىش ۋە ئالمىشىشتىن ئىلگىرى كىتابلىرىدا بار نەرسىلەر بىلەن ئۇلارغا مەيدان ئوقۇشى. ئاللاھ تائالانىڭ: "تەۋرات نازىل قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىسرائىل (يەنى يەئقۇب ئەلەيھىسسالام) ئۆزىگە ھارام قىلغان يېمەكلىكلەر (يەنى تۆگىنىڭ گۆشى ۋە سۈتى) دىن باشقا يېمەكلىكلەرنىڭ ھەممىسى ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھالال ئىدى. (ئى مۇھەممەد!ئۇلارغا)ئېيتقىنكى، "ئەگەر راستچىل بولساڭلار،تەۋراتنى ئېلىپ كېلىپ ئوقۇپ بېقىڭلار"[7] دېگەن سۆزىدىكىگە ئوخشاش.

6ـ قىسسەلەر ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، قۇلاققا ياقىدۇ. ئىبرەتلىرى نەپسكە ئورۇنلىشىدۇ: "ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ."[8]

## قىسسىلەرنىڭ تەكرارلىنىشى ۋە ئۇنىڭ ھېكمىتى

قۇرئان كەرىم ئوخشىمىغان يەرلەردە تەكرارلانغان بىر قاتار قىسسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر قىسسە قۇرئاندا بىر قانچە يەردە زىكىر قىلىنىدۇ. ئۇڭ بايان، تەتۈر بايان، قىسقا بايان، ئۇزۇن بايان ۋە بۇنىڭغا ئوخشىشىغان تۈرلۈك شەكىللەردە ئوتتۇرىغا قويىلىدۇ. بۇنىڭ ھېكمەتلىرىنىڭ بەزىلىرى مونۇلاردىن ئىبارەت:

1ـ قۇرئاننىڭ بالاغىتىنى ئەڭ يۇكسەك پەللىدە بايان قىلىش: بىر يالغۇز مەنانى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇش، بالاغەتنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى. تەكرارلانغان قىسسە، ھەر يەردە باشقىسىدىن پەرقلىق ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن كېلىدۇ، ئۇنىڭ قېلىپىدىن باشقا بىر قېلىپتا تۆكىلىدۇ. ئىنسان ئۇنىڭ تەكرارلىنىشىدىن زېرىكىش ھېس قىلمايدۇ. بەلكى،

باشقا يەرلەردە ئونى ئوقۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلالمايدىغان بەزى مەنالار ئۇنىڭ قەلبىدە پەيدا بولىدۇ.

2ـ موجىزىلىك كۈچى: ئەرەبلەر، بىر خىل شەكىلدە كەلتۈرۈشتىن ئاجىز كەلگەن مەنالارنى بىر قانچە خىل شەكىلدە كەلتۈرۈش، مەيدان ئوقۇشتىكى ئەڭ گۈزەل يوللارنىڭ بىرى.

3ـ قىسسىنىڭ ئىبرەتلىرىنى قەلبكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بېرىش: چۈنكى تەكرارلاش تەكىتلەش ۋە كۆڭۈل بولگەنلىكنى ئىپادىلەشنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى. مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پىرئەۋن بىلەن ئېلىپ بارغان مۇنازىرىسىدىكى ئەھۋال مۇشۇنداق ئىدى. چۈنكى بۇ قىسسە ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەشكە ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن بىرگە، گەرچە قىسسە قۇرئاندا نۇرغۇن يەرلەردە تەكرارلانسىمۇ، بىر سۈرە ئىچىدە تەكرارلانمايدۇ.

4ـ قىسسىنىڭ چۈشەندۈرىدىغان مەقسىدىنىڭ پەرقلىق بولۇشى: بىر يەردە قىسسىنىڭ مەقسەتكە يەتكەن مەنالىرىنىڭ بەزىلىرى زىكىر قىلىنىدۇ. بەزى يەردە، ئەھۋالنىڭ تەقەززاسى پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، باشقا مەنالار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## قۇرئاندىكى قىسسىلەر خىيال ئەمەس، ھەقىقەتتۇر

بۇ يەردە تېما بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر ۋەقە زىكىر قىلىشقا ئەرزىيدۇ: مىسىردا ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇغۇچىلىرىدىن بىرى، دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن بىر دىسسېرتاتسىيىسى ھازىرلىغان بولۇپ، ماۋزۇسى: "قۇرئاندىكى قىسسە سەنئىتى" ئىدى.[9] بۇ دىسسېرتاتسىيە ھىجرىيە 1367ـ يىلى ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارتىشىشلارغا سەۋەب بولدى. دىسسېرتاتسىيىنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ھەيئىتىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئۇستاز ئەھمەد ئەمىين، دىسسېرتاتسىيە توغرىسىدا بىر دوكلات ھازىرلاپ، ئۇنى ئەدەبىيات پاكولتېتى مودىرىغا يوللىغان ۋە "ئەررىسالە" ژۇرنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان.

گەرچە ئوقۇغۇچىنىڭ يېتەكچى ئوقۇتقۇچىسى ئۇنى ھىمايە قىلغان بولسىمۇ، ئۇستاز ئەھمەد ئەمىيىنىڭ دوكلاتى، بۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يازغانلىرىنى خاتاغا چىقارغان بىر تەنقىدنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. ئۇستاز ئەھمەد ئەمىيىنىڭ دوكلاتى مۇنۇ ئىبارە بىلەن باشلانغان:

"شۈبھىسىزكى، مەن ئۇنى ئادەتتىكىچە بولمىغان خەتەرلىك بىر دىسسېرتاتسىيە سۈپىتىدە ئۇچراتتىم. ئاساس شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، قۇرئاندىكى قىسسىلەر تارىخىي توغرىلىقىنى تەقەززا قىلمىغان، ئەدەبىيات سەنئەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئىجادىيەت، ئىختىرا پرىنسىپىغا ئەگىشىدىغان سەنئەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشمىش. بۇ ئوقۇمدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىر سەنئەتچى ئىمىش." ئۇ ئارىقىدىن ئەھمەد ئەمىين مۇنداق دەيدۇ: "دىسسېرتاتسىيە باشتىن ئاخىر موشۇ پرىنسىپ بويىچە يېزىلغان. مەن بۇ دىسسېرتاتسىيىنى يازغان ۋە ئۇنىڭ جەريانىنى تەرتىپلەشتۈرگەن كىشىگە مەقسىتىمنى ئىپادىلەيدىغان بىر قىسىم مىساللارنى كەلتۈرۈشنى زۆرۈر، دەپ قارايمەن. كېيىن ئۇستاز ئەھمەد ئەمىين، دىسسېرتاتسىيىدىن ئېلىنغان، ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە شاھىد بولىدىغان بەزى مىساللارنى كەلتۈرىدۇ.[10] مەسىلەن دىسسېرتاتسىيە ساھىبىنىڭ: قۇرئاندىكى قىسسىلەرنىڭ تارىخىي توغرىلىقىنى تەقەززا قىلمايدىغانلىقىنى، بىر ئەدىبىنىڭ خىيالىي بىر ۋەقەنى سەنئەتكارانە تەسۋىرلىگىنىگە ئوخشاش، ھادىسىلەرنى تەسۋىرلىگەنلىكىنى داۋا قىلغان. ئۇنىڭ بىلجىرلىشىغا كۆرە، قۇرئان بەزى قىسسىلەرنى ئۆيدۇرغان بولۇپ، قەدىمكىلەر، بۇ خىلدىكى قۇرئان قىسسىلىرىنى ئىشەنچلىك بىر تارىخ، دەپ قارىغانلىقىنى خاتاغا چىقارغان.

ھەقىقىي مۇسۇلمان، قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ كالامى ئىكەنلىكىگە ۋە ئۇنىڭ تارىخىي رىئاللىقىنى كۆزدە تۇتمايدىغان تەسۋىرى سەنئەتتىن پاكلىقىغا، قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ پەقەت تاللانغان كەلىمە ۋە يارقىن ئۇسلۇبلاردىن تەركىب تاپقان گۈزەل سۈرەتلەرگە تويۇنغان تارىخىي رىئاللىقلار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن كىشىدۇر.

بۇ دىسسېرتاتسىيەنىڭ ساھىبى ئەدەبىياتتىكى ھېكايە سەنئىتىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق ئامىللىرىنىڭ تەسەۋۋۇرغا تايىنىدىغان خىيال ئىكەنلىكىنى بايقىغان ۋە ئۇ قىسسىنىڭ خىيالى تەرەققىي قىلىپ، ئۆرلەپ رېئاللىقتىن يىراقلاشقانچە، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھەۋەس كۆپەيگەن، نەپسى ئۇنىڭغا قىزىققان ۋە ئۇنى ئوقۇش ئارقىلىق زوقلانغان، ئارقىدىن قۇرئان قىسسىلىرىنى بۇ ئەدەبىي قىسسىگە قىياس قىلغان.

قۇرئان ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. چۈنكى، ھەممىنى بىلگۈچى، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان. ئۇنىڭ خەۋەرلىرى پەقەت رېئاللىققا ئويغۇن ھالدا كەلگەن. پەزىلەتلىك كىشىلەر يالغاننى توقۇشتىن يىراق تۇرىدۇ ۋە بۇنى ئىنسانىيەت ئۇچۇن ئەڭ پەس رەزىللىك، دەپ قارايدۇ. ھالبۇكى، ئەقىل ئىگىسى بىر كىشىنىڭ ئىززەت ۋە يۈكسەكلىك ئىگىسى بولغان بىر كالامغا يالغان ۋە تۆھمەتنى قوشۇشنى قانداق قوبۇل قىلىدۇ؟

ئاللاھ تائالا ھەقتۇر: "بۇ (قۇدرەت) شۇنىڭ ئۈچۈندۈركى، ﷲ ھەقتۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) ﷲ نى قويۇپ ئىبادەت قىلىدىغان نەرسىلىرى (يەنى بۇتلىرى) باتىلدۇر."[11]

پەيغەمبىرىنى ھەقىقەت بىلەن ئەۋەتكەن: "ھەقىقەتەن بىز سېنى ھەق (دىن) بىلەن (مۆمىنلەرگە) خۇش خەۋەر بەرگۈچى، (كاپىرلارغا) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق."[12]

"ساڭا بىز ۋەھيى قىلغان كىتاب (يەنى قۇرئان) ھەقتۇر."[13]

"ئى ئىنسانلار! پەيغەمبەر (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام) سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلاردىن ھەق (دىن) ئېلىپ كەلدى."[14]

"(ئى مۇھەممەد!) بىز ساڭا ھەق كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) نازىل قىلدۇق."[15]

"(قۇرئاندا) ساڭا پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان نەرسىلەر ھەقتۇر."[16]

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئاندا بايان قىلغان قىسسىلىرى ھەقىقەتتۇر: "بىز ساڭا ئۇلارنىڭ ھېكايىسىنى راستى بىلەن ئېيتىپ بېرىمىز."[17]

"ساڭا مۇسا ۋە پىرئەۋن قىسسىسىنى ھەقلىق ئاساستا ئوقۇپ بېرىمىز."[18]

تەلىم ـ تەربىيەدە قۇرئان قىسسىلىرىنىڭ تەسىرى

شۈنىڭدا شۈبھە يوقكى، نازۇك تىل بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن قىسسىلەر قولاقنا ياقىدۇ، ئىنسانىنىڭ روھى ۋە قەلبىگە ئاسانلا ئورۇنلىشىدۇ. تۇيغۇلارغا دوستانە يېقىنلىشىدۇ، ئۇلارنى زېرىكتۈرمەيدۇ، چارچاتمايدۇ. ئەقىل ئۇنىڭ ئامىللىرىنى ئاختۇرۇپ، ئېتىزلىرىدىن چېچەك ۋە مېۋىلەرنى توپلايدۇ.

قىسسەسىز چۈشەندۈرۈلگەن نەسىھەت خاراكتېرلىك دەرسلەر، زېرىكىشنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. يېڭى يېتىشكەن ياش كۆپىنچە بۇلارنى قوغلىشىپ بولالمايدۇ. دەرسلەرنىڭ ئامىللىرىنى جاپا ـ مۇشەققەتتە چۈشىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىسسە ئۇسلۇبىدا دەرس چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ۋە پايدىلىق بولىدۇ.

شۇنداق بىر ھەقىقەت باركى، مەيلى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىكى كىچىك بالىلار بولسۇن، چۈشەندۈرۈلگەن ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا مايىل كېلىدۇ، ئۇنىڭغا قولاق سېلىپ دىققەت بىلەن ئاڭلايدۇ، خاتىرىسى، چۈشەندۈرۈلگەن نەرسىلەرنى يادلايدۇ ۋە ئۇنى سىزگە ئەينەن سۆزلەپ بېرەلەيدۇ. نەپسى ۋە تەبىئىي بولغان بۇ روشەن ھەقىقەتتىن، مائارىپچىلارنىڭ تەلىم ۋە تەربىيە ساھەلىرىدە، بولۇپمۇ تەلىمنىڭ جەۋھىرى ۋە ئاساسى سانىلىدىغان دىنىي تەربىيىدە پايدىلىنىشلىرى لازىم.

قۇرئاننىڭ قىسسىلىرىدە، پەيغەمبەرلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى، ئۆتكەن مىللەتلەر ۋە ئىنسانلارنىڭ خەۋەرلىرى، جەمئىيەتلەرنىڭ ھاياتىدىكى ئاللاھنىڭ سۈننىتى، ئۈممەتلەرنىڭ

ئەھۋاللىرىدىن ئىبارەت، مائارىپچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرىدە ئۆزۈپ چىقىشى ئۈچۈن ھەمدەم بولىدىغان بىر مۇنبەت زېمىن بار بولۇپ، بۇ ئۇلارنى تەربىيىلەش لاۋازىمەتلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

تەربىيىلىگۈچى كىشى قۇرئان كەرىم قىسسىلىرىنى، تەلىم ـ تەربىيەنىڭ ھەر قايسى باسقۇچلىرى بويىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ پىكرى سەۋىيىسىگە ئويغۇن ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويالايدۇ.

ئۇستاز سەييىد قۇتۇب ۋە ئۇستاز ئەسسەھھارنىڭ "دىنىي ھېكايىلەر" ناملىق كىتابلىرى پەرزەنتلىرىمىزگە پايدىلىق ئوزۇق بىرىشتە مىسلىسىز مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتى. ئەلجارىمۇ قۇرئان كەرىم قىسسىلىرىنى ئەڭ يۇكسەك سەۋىيىدىكى بالاغەت، ئەدەبىي ئۇسلۇب ۋە تېرەن مۇلاھىزىلەر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان. باشقىلارمۇ توغرا شەكىلدىكى بۇ خىل روشەن تەلىم ـ تەربىيە يولىغا قەدەم باسقان بولسا، نېمە دېگەن گۈزەل بولاتتىــھە!

ئا.قارلۇقىي تەرجىمىسى

ئۇستاز مەننائ خەلىل ئەلقەتتاننىڭ "قۇرئان ئىلىملىرىگە دائىر تەتقىقاتلار" ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

---

[1] كەھف سۈرىسى، 64ـئايەت .

[2] قەسەس سۈرىسى، 11ـئايەت.

[3] ئال ئىمران سۈرىسى، 62ـئايەت.

[4] يۈسۈف سۈرىسى، 111ـئايەت.

[5] ئەنبىيا سۈرىسى، 25ـئايەت.

[6] ھۇد سۈرىسى، 120 ـئايەت.

[7] ئال ئىمران سۈرىسى، 93ـئايەت.

[8] يۇسۇف سۈرىسى، 11- ئايەت.

[9] بۇ دوكتورنىڭ ئىسمى، مۇھەممەد ئەھمەد خەلەفۇللاھ.

[10]" الفن القصصي في القرآن "ناملىق كىتابقا يېزىلغان ئوبزور ئۆچۈن، ئۇستاز مۇھەممەد ئەلخۇدەر ھۈسەيىننىڭ" بلاغة القرآن: "ناملىق ئەسىرى، 94 ـ بەتكە قاراڭ.

[11] ھەج سۈرىسى، 62 ـ ئايەت.

[12] فاتىر سۈرىسى، 24ـئايەت.

[13] فاتىر سۈرىسى، 31ـئايەت.

[14] نىسا سۈرىسى، 170ـئايەت.

[15] مائىدە سۈرىسى، 48ـئايەت.

[16] رەئد سۈرىسى، 1ـئايەت.

[17] كەھف سۈرىسى، 13ـئايەت.

[18] قەسەس سۈرىسى، 3ـئايەت.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

# مۇقەددەس ئارمان

(شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

مەدىنە كوچىلىرىدا ياڭراۋاتقان "ئوھۇد مەيدانىدا ئىسلام خەتەر ئىچىدە قالدى!" دېگەن بۇ خەتەر سىگنالىنى بارلىق ئاياللار، ئۇششاق باللار، قېرى ـ چېرە، ئاجىز، مېيىپلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا ئاڭلىغان ئىدى. ھالبۇكى، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە جىھادقا قاتنىششتىن ھەقىقەتەن ئۆزرىلىك ئىكەنلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇلارنى مەدىنىدە پاناھلىنىشقا قالدۇرۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما بۈگۈن بۇ ئاجىز ئىنسانلار توپى مۆكىنىش ئورنىغا پاناھگاھلىرىنى تاشلاپ، بەس ـ بەس بىلەن سىرتقا يوپۇرۇلۇپ چىقىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇلار بۈگۈن خەتەر خەۋىرىنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئۆزۈندىن بويان قەلب، روھىدا كۆۋەجەپ تۇرغان شېھىتلىك ئىشتىياقىنىڭ چاقماقتەك بېقارارلىقتا، ئاشىقلارچە جۇنۇنلۇق ئىنتىلىشچانلىقتا تىنىمسىز مەۋج ئۇرۇپ تېپچەكلەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنىڭ بىردىن ـ بىر ھاسىلى، پۈتكۈل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنىڭ بىردىن ـ بىر مۇرات ساھىلى بولغان ئىسلام خەۋپ ئىچىدە قالغاندا ئۇلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق خەتەر قورقۇنچلىق بىلىنمەيتى. ئىسلامغا داغ تېگىش ئالدىدا تۇرغان بۇنداق ۋەزىيەتتە لەۋ چىشلەپ ھايات كەچۈرۈش ئۇلارغا نىسبەتەن ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەررەك ئىدى.

بۇگۇن بۇ ئاجىز ئىنسانىيەت كارۋانلىرى ۋەھشىي، باتىل كۈچلەر بىلەن تاكى ئاخىرقى بىر تىنقى قالغىچە جەڭ قىلىپ، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ئۈچۈن، شۇنداقلا سۆيۈملۈك ئىسلامى ئۈچۈن جان ۋە تەنلىرىنى تەقدىم قىلىش ئارزۇسىدا ئوھۇد مەيدانى تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئالدىراش كېتىپ باراتتى. گۇياكى ھاياتلىق ئۆلۈمنى قوغلاپ كېتىپ باراتتى. قۇربانلىق ئىشقىدا مەستانە پاناھگاھلار ئورنىدىن قوزغۇلۇپ خەتەرنى ئىزدەپ كېتىپ باراتتى.

مانا بۈگۈن ھەممىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا جاسارەت بىلەن تېز ـ تېز يۈرۈپ كېتىپ بارغان كىشىنىڭ ئەر ئەمەس، بەلكى بىر ناتىۋان ئايال ئىكەنلىكىنى ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ دەل ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنھا بولۇپ، تەرەپتىن ـ تەرەپتىن ئوقيا، نەيزىلەر يېغىپ، ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىنى قورشاپ تۇرغان ئەشۇ ھالاكەتلىك ئۆلۈم قاينىمىغا تېزرەك يېرىپ شۇڭغۇپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. بۈگۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا بولغان قايناق مۇھەببەت بۇ ئىمان ۋە ئىشەنچىنىڭ ئايال ئۇلگىسىنى گوياكى بىر يالقۇنلاپ تۇرغان جوغقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئۇ كۆز ئالدىدا پولات سېپىلدەك سەپ تىزىپ تۇرغان دۈشمەنلەرگە خۇددى توپ ئوقىدەك ئېتىلىپ بېرىپ، ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇرۇش قاينىمىغا كىرىپ كەتتى. گەرچە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ تېگىۋاتقان قىلىچلارنىڭ زەربىسى ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى چىلىق ـ چىلىق قانغا بويىۋېتەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى بىر قەدەممۇ ئارقىغا داجىتالمىدى. بۇ ئۇنتۇلماس پىداكار ئانىمىز دۈشمەنلەرنىڭ ۋىجداندىن خالى كۆكرەكلىرىگە ئەركەكلەرچە توختىماي چېپىپ، سەپ بۆسۈپ ئىلگىرىلىگەنچە، ئاخىرى ئۆچمەس ھەققانىيەت چىرىغىنى شەيتانىيەتنىڭ قارا قۇيۇنلىرى قورشىۋالغان، ئىسلام ھەقىقەتىنىمۇ خەتەر ئىچىدە قالغان جايغا يېتىپ باردى. كۆزنى يۇمۇپ، ئاچقىچە ئۇ يەردىمۇ قانچىلىغان دۈشمەننى يەر چىشلىتىپ، كۇپپارلارنىڭ ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىۋاتقان بۇ ناتىۋان تەنھا ئانىمىزغا شېرىكچىلىك نىجاسەتلىرىدە يۇرەكلىرى ھىسسىز بىر پارچە سېسىق گۆشكە ئايلىنىپ ئەبلەخلەر تۇشمۇ ـ

تۇشتىن ۋىجدانسىزلارچە ھۇجۇم قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر قېتىم قىلىچ ئۇرغاندا، "ئاللاھۇ ئەكبەر!" دەپ نەرە تووۋلاشلىرى پۈتكۈل ئوھۇد مەيدانىنى زىلزىلىگە سېلىپ، بارلىق مۇجاھىدلارنىڭ جاسارىتىگە يېڭىدىن ھاياتى كۈچ بەرمەكتە ئىدى. سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قارىتىپ ياغدۇرىلىۋاتقان ئوقيالارغا ئۆز جىسمىنى مەردانىلىك بىلەن قالقان قىلىپ، خۇددى تەۋرەنمەس تاغدەك روسۇلۇللاھنى قوغداۋاتقان بۇ پىداكار ئانىمىزغا ئاسمان - زېمىن ۋە بارچە كائىنات ئاپىرىن ئۇقماقتا ئىدى. بۇنى كۆرۈپ قاتتىق تەسىرلەنگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا "يارايسەن! ئۇممى ئامماره يارايسەن! ئىسلام سەن بىلەن پەخىرلىنىدۇ" دەپ مەدھىيە ئوقۇشقا باشلىدى.

يۈز كۆزلىرى قان بىلەن يۇيۇلۇپ تۇرغان ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇرۇلۇپ: - ياق، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مېنىڭ ئارمىنىم يالغۇز بولا ئەمەس - دېدى. گويا ئۇنىڭ ھاياتىدىكى تۈگىمەس - پۈتمەس ئەڭ گۈزەل ئارمان ئەمدىلىكتە بىراقلا ئۆزىنى ئايان قىلماقچى بولىۋاتاتتى.

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! مەن ئۆلگەندىن كېيىن سىلىنىڭ ئاياقلىرى ئاستىدا قوپالىسالا بولدى. مېنىڭ مانا مۇشۇ بىرلا ئارمىنىم بار. ماڭا دۇئا قىلسىلا يا رەسۇلۇللاھ! ماڭا دۇئا قىلسىلا!

ئۇنىڭ ئاۋازى چوڭقۇر دەرتلىك ئىشتىياقتا، ئاجايىپ بىر خىل بېقارار، مۇقەددەس تەلپۈنۇشتە مۇڭلۇق تىترىمەكتە ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال قولىنى دۇئاغا كۆتەردى. بۇنى كۆرگەن ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنھانىڭ پۈتۈن ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك يېنىك بىر نەپەسلىنىپ ھوشسىزلاندى. ئۇ

هوشسىزلىق ئالىمىدە: ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! ئەمدى مېنىڭ ھېچنېمىدىن غېمىم يوق، يەتمەكچى بولغان مرادىم مانا بۇگۈن ھاسىل بولدى ـ دەپ شۈۋىرلىماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چۇڭقۇر مېھرى ـ شەپقەتكە تولغان مۇبارەك نەزىرى قاتتىق تەسىرلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا تىكىلگەن ئىدى. ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنھانىڭ چەكسىز مەمنۇنىيەتكە چۆمگەن ھارغىن كۆزلىرى گاھ ئېچىلىپ، گاھ يۇمۇلۇپ، گويا:

ئۆزلىرىنى تىلەپ ئاللاھتىن،

تىلىۋالدىم پۈتكۈل جاھاننى.

شۇڭا مەڭگۈ قايتا دۇئاغا،

كۆتۈرمەسمەن ئەمدى قولامنى.

دېمەكچى بولىۋاتاتتى.

خوش قېنى ئەمدى ئۆزىمىزگە بىر نەزەر سېلىپ باقايلى! قەلبلىرىمىزنىڭ قاراڭغۇ پۇشقاقلىرىدىن بولسىمۇ ئەشۇ پىدىكار ئانىمىزنىڭكىدەك بىرەر ئارمانىنىڭ دېرىكىنى ئۇچرىتالارمىزمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇچۇن دىلرۇبا جاھانىمىزنىڭ بارچە مەئىشەتلىرىنى بەدەل قىلالارمىزمۇ؟ ئۇممى ئەممارە رەزىيەللاھا ئەنھانىڭ تىلىگەن ئەشۇ بىر دۇئاسى ئۇچۇن بۇ ئەرزىمەس چۈشكۈن ھاياتىمىزنى بولسىمۇ قوربان قىلالارمىزمۇ؟ ئەمما مىڭ ئەپسۇس، شۇ تاپتا دۇنيانىڭ زىبۇ ـ زىننەت، ئالتۇن كۈمۈش، بايلىقلىرى پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى چۇشەپ، ئۇنىڭ چاقناق ئالۋۇنلىرى ئىچىدە ئىمانىمىز ئاخىرقى تىنىقلىرىنى تىنماقتا. ئەمما بىز يەنىلا مۇسۇلمان.

شۇنداق. بىز كۈنىگە بىر قانچە قېتىم جەينىمازغا پىشانىمىزنى سۈركەپ قويۇش بىلەن ئۆز نەزىرىمىزدە مۇسۇلمان. ئەمما ئۇلارنىڭ نەزىرىدىچۇ؟! ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز زادى مۇسۇلمانمۇ؟!

كامىلجان تەرجىمىسى

# بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

## يېڭى ھايات

(سەئۇدى ئەرەبىستانلىق مەشھۇر ئالىم ئىبراھىم ئىبنى ئابدۇللاھ غامىدىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئىنسان دۇنيادا ئىككى قېتىم ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. بىرىنچى قېتىم، ئانىنىڭ قاراڭغۇ قورسىقىدىن يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقاندا. ئىككىنچى قېتىم، زۇلمەتلىك ئاسىيلىقتىن نۇرلۇق ئىتائەتكە قەدەم قويغاندا.

بىرىنچى قېتىملىق ھايات مۇسۇلمانلارغا، كاپىرلارغا، ياخشىلارغا ھەم يامانلارغا، قۇرۇت ـ قوڭغۇز، ئۇچار قاناتلارغا شۇنداقلا بارلىق تاش ـ تۇپراق، ئۆسۈملۈكلەرگە ئورتاق نىسىپ بولىدۇ. ئەمما ئىككىنچى قېتىملىق ھايات ئاللاھ تائالا ھىدايەت ۋە ئىستىقامەتكە باشلاش ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە نۇسرەت ئاتا قىلماقچى بولغان ئەڭ بەختلىك، قىسمەتكە باي كىشىلەرگىلا مەنسۇپ بولىدۇ.

بۇ ھايات ئىنسانىنىڭ يېشىغا باقمايدۇ.

بۇ ھايات سىزگە ئاتا قىلىنىۋاتقاندا، سىز شېرىن ھاياتقا تېخى ئەمدىلا قەدەم قويۇشقا باشلىغان ياكى ياشلىق باھارىڭىزنىڭ گۈزەل نەغمىلىرىدىن زوقلىنىشقا باشلىغان، يېشىڭىز 40 ياكى 60 تىن ھالقىغان، ھاياتلىق سەپىرىڭىزنى تاماملاپ، ئۆلۈم دەرۋازىسىنى چېكىش

ئالدىدا تۇرغان ياكى تېخى ئەمدىلا قاراڭغۇ قورساقتىن يورۇق دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان چېغىڭىز بولۇشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ھايات ئورۇنغا باقمايدۇ.

بۇ ھايات سىزگە ئاتا قىلىنىۋاتقاندا، سىز بىرەر بۇتخانا ياكى مەسجىد ئىچىدە، يول ئۈستىدە ياكى ئۆيىڭىز ئىچىدە، تۈرمىنىڭ قاراڭغۇ خىلۋەتلىرىدە ياكى ئەركىن دۇنيانىڭ ساپ ھاۋالىق گىرۋەكلىرىدە ئولتۇرغان، كېسەل كارۋىتىدا ماماتلىق جېڭىنى قىلىۋاتقان ياكى خىزمەت ئالدىراشچىلىقىدا تۇرمۇش غېمىنى قىلىۋاتقان بولۇشىڭىزمۇ مۇمكىن. ئاسىيانىڭ كەڭرى يايلاقلىرىدا ياكى ئافرىقىنىڭ يالقۇنلۇق سەھرالىرىدا، تاغلارنىڭ مەغرۇر چوققىسىدا ياكى باياۋاننىڭ قۇم- بارخانلىق ئۈچىسىدا تىمىسقىلاپ يۈرگەن، شۇنداقلا ھەرەمنىڭ ئازادە ھويلىسىدا تەپەككۇر ئۈنچىلىرىنى ئىزدەپ يۈرگەن بولىشىڭىزمۇ مۇمكىن.

بۇ ھاياتنىڭ مەخسۇس بىر سەۋەبى بولمايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبى بىر ياخشى نەسىھەت ياكى بىر ياخشى مۇھىت ۋە ياكى بىر ئىخلاسمەن دوستىڭىزنىڭ غايىبانە دۇئاسى بولۇشىمۇ مۇمكىن. ھەمدە بىرەر قىيتىملىق چۈش ياكى بىرەر قىتىملىق رەنجىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. يەنە بەزىدە بۇنىڭ ھېچ قانداق سەۋەبىمۇ تېپىلماي قالىدۇ. قانچىلىغان كىشىلەر سىزگە بالىلىقىدىن ياشلىقىغا قەدەم قويۇپ، تاكى قېرىپ دۇنيادىن ۋىدالاشقىچە مەسجىد ئۇلارنىڭ ئۆيى شۇنداقلا قۇرئان ئۇلارنىڭ تىلىغا ئايلانغان ھالدا ئۇچراپمۇ تۇرىدۇ.

بۇ ھاياتنىڭ مۇددىتى ۋە چېكى بولمايدۇ.

بۇ ھاياتنىڭ داۋامىغا بىرەر ئاچچىق ئازابلىنارلىق ھالەت ياكى بىرەر تاتلىق خۇشاللىنارلىق ھالەت تەسىر كۆرسىتەلمەيدۇ. بۇنىڭ مۇددىتى بەزىدە بىر دەملىك، يەنە بەزىدە نەچچە ئون يىللىق

بولىدۇ. ئۇ بەزىدە ئۆيىڭىزنىڭ تورۇسى، يەنە بەزىدە پۈتۈن ئاسمان ـ زېمىننى ئۆز قوينىغا ئالغان بولىدۇ. ھەمدە بەزىدە مەخپى، يەنە بەزىدە ئاشكارا، پارلاق قوياشتەك ھەممىگە ئايان بولىدۇ.

بۇ ھايات، ۋاقىت ھەم پەسىلگە باقمايدۇ.

بۇ ھايات سىزگە ئۆزىنىڭ نۇرلۇق جامالىنى كېچىنىڭ زۇلمەتلىك قاراڭغۇلىقىدا ياكى كۈندۈزنىڭ يورۇق ئاپتاپلىقىدا، ئىللىق باھارنىڭ مەيىن شاماللىرىدا ياكى رەھىمسىز كۈزنىڭ دەھشەتلىك بورانلىرىدا ۋىللىدە كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھايات دەم ئىلىش پۇرسەتلىرىدە ياكى ئالدىراش خىزمەت سەپلىرىدە، شاتلىقىنىڭ چەكسىزلىكىگە شۇڭغىغان ياكى غەم ـ قايغۇنىڭ ئەدەپسىزلىكىگە ئۇچرىغان ۋاقىتىڭىزدا لىپپىدە كېلىپ بېشىڭىزغا قونىشىمۇ مۇمكىن. بۇ ھايات تۇيدۇرماستىن يوشۇرۇن، ياكى تۇيدۇرۇپ ئاشكارە، بىر دەم ئىچىدىلا قىسمىتىڭىزنىڭ زىننىتىگە ئايلىنىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ھاياتنى زادى نېمە دېيىش كېرەك؟

بۇ ھاياتنى ئاسىيلىق زۇلمەتلىرىدىن نۇرلۇق ئىتائەتكە، تىڭىرقاش تەڭقىسلىقىدىن راھەتلىك مەمنۇنىيەتكە، خار ـ زەبۇنلۇق ئازگاللىرىدىن يۈكسەكلىك ئەرشىگە، دۇنيادا يۇقىرى ئىززەت مەرتىۋىگە شۇنداقلا ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەختىيارلىققا قەدەم قويۇش، دېيىش لازىم.

بۇ ھاياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇنۇلارنى ھازىرلاشقا توغرا كېلىدۇ:

1 ـ ئازابلىق قەلب ۋە بىقارار روھ بىلەن ئۇنىڭغا تەلپۈنۈش.

2 ـ ئالدىنقى ئىشلارغا نادامەتكە چۆمگەن، كەلگۈسىدىكى ھىدايەتتىن ئۈمىدكە پۈركەنگەن ھالدا ئۆز ـ ئۆزىدىن ھېساب ئېلىش.

3 ـ ھەققانىيەت ۋە ساداقەتكە بولغان ۋىجدانىي تەقەززا ھەمدە چىن قايناق ھېسسىيات بىلەن كۆزىدىن ياش تۆكۈش .

4 ـ ئاللاھقا بولغان چەكسىز ئىتائەت ۋە مۇكەممەل بەندىچىلىكنى چوڭقۇر ھېس قىلغان ھالدا سەجدىگە باش قويۇش.

ئەمسە كىلىڭ، تەييارلىقىمىز پۈتكەن بولسا، بىز بىرلىكتە بۇ يېڭى ھاياتنى قىزغىن قارشى ئالايلى!

روھىمىزدىكى بېقارارلىق، قەلبىمىزدىكى ئىزتىراپلىق تەلپۈنۈش بىلەن.

تەۋبىنىڭ ئىسسىق ياشلىرى، كۆكرەكتىكى يالقۇنلۇق ئىشتىياق بىلەن.

كەمتەرلىك، پىداكارلىق، قىزغىنلىق ھەم شات ـ خوراملىق بىلەن.

مۇستەقىل غايە، مۇستەھكەم ئىرادە، سەبىر ھەم قانائەت بىلەن.

ئۆلمەس ئىشەنچ، يېڭىلمەس ئۈمۈت، پىداكارانە ئەمەلىيەت بىلەن.

كۆڭلىمىز يورۇق، قەلب ئازادە، تەشەككۇرلۇك سەجدىمىز بىلەن.

قارشى ئالايلى بۇ يېڭى ھاياتنى نادامەتلىك تەۋبىمىز بىلەن.

كاملجان تەرجىمىسى

# تەۋھىدنىڭ پەزىلىتى ۋە قىسىملىرى توغرىسىدا

تەۋھىدنىڭ سۆز مەنىسى " شەيئىلەرنى بىر دەپ تونۇش ۋە شۇنداق ئېتىقاد قىلىش" دېگەن بولىدۇ.

ئەمما، ئىستىلاھ مەنىسى : ئاللاھ تائالانى بىر دەپ تونۇش ۋە ئۇنى تەربىيەتچىلىكتە، ئىسىم ـ سۈپەتتە يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر،

سۆز ياكى ھەرىكەتتە بولسۇن ئىبادەت قىلىشقا لايىق بىردىن بىر زات دەپ ئېتىقاد قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مانا بۇ ئىسلامنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى بولۇپ، بۇنىڭدىن ئىسلامنىڭ بارلىق نىزاملىرى، ھۆكۈملىرى، بۇيرۇق ۋە چەكلىمىلىرى بىخلىنىپ چىقىدۇ.

تەۋھىدنىڭ پەزىلىتى

1ـ تەۋھىد جەننەتكە كىرىش ۋە دوزاختىن قوتۇلۇشنىڭ بىردىن بىر سەۋەبچىسى؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "شۈبھىسىزكى، ئاللاھ مەريەمنىڭ ئوغلى ئىسادۇر، دېگۈچىلەر كاپىر بولدى، ئىسا: " ئى بەنى ئىسرائىل! مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ۋە سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولغان ئاللاھ غا ئىبادەت قىلىڭلار، كىمكى ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرىدىكەن (يەنى ئاللاھ دىن غەيرىيگە ئىلاھ دەپ ئېتىقاد قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ئۇنىڭ جايى دوزاخ بولىدۇ، زالىملار غا ھېچبىر مەدەتكار (يەنى ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن قۇتۇلدۇرغۇچى)بولمايدۇ " دېدى"

سەھى مۇسلىمدىكى بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: " كىمكى ئاللاھ تائالاغا بىر نەرسىنى كەلتۈرمەي، ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقات بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ.كىمكى ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرسە دوزاخقا كىرىدۇ"

يەنە ئەتباندىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە " ئاللاھنىڭ دىدارىنى ئارزۇ قىلىپ، (لا ئىلاھە ئىللەللاھ ) دېسە، ئاللاھ ئۇ كىشىگە دوزاخنى ھارام قىلدى" دېيىلىدۇ.

2ـ تەۋھىد ئەمەلنىڭ قوبۇل بولىشىدىكى ئاساسلىق شەرت؛ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ ساڭا ۋە سەندىن ئىلگىرىكى (پەيغەمبەر)لەرگە: "ئەگەر سەن ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرسەڭ، سېنىڭ ئەمەلىڭ ئەلۋەتتە بىكار بولۇپ كېتىدۇ، سەن ئەلۋەتتە زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىسەن، بەلكى يالغۇز ئاللاھ غا ئىبادەت قىلغىن ۋە شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولغىن" دەپ ۋەھى قىلىندى] بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: [ (ئى مۇھەممەد!) ( ئېيتقىنكى،" مەن پەقەت سىلەرگە ئوخشاش بىر ئىنسانمەن، ماڭا ۋەھيى قىلىنىدۇكى، سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئىلاھتۇر، كىمكى، پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن. پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتكە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن]

ئىمام ئەبۇ ئابدۇللاھ تەستەرى مۇنداق دەيدۇ: (ئىمان دېمەك، سۆز ، ئەمەل، نىيەت ۋە سۈننەت دېمەكتۇر. ئەگەر ئەمەلسىز سۆزلا بولسا ، ئۇ كۇپرىدۇر، ئەگەر سۆزمۇ، ئەمەلمۇ بولۇپ، نىيەت بولمىسا، ئۇ نىفاقتۇر، ئەگەر سۆزمۇ، نىيەتمۇ، ئەمەلمۇ بولۇپ، سۈننەت بولمىسا، ئۇ بىدئەتتۇر)

3ـ تەۋھىد خاتالىقلار ۋە يامانلىقلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدۇ؛ ئاللاھ تائالا ھەدىس قۇدسىدا مۇنداق دەيدۇ: ئـي ئادەم بالىسى! ئەگەر سەن زېمىن ھەجمىدە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ، ماڭا شېرىك كەلتۈرمەي دەرگاھىمغا كەلسەڭ، سېنىڭ قىشىڭغا زېمىن ھەجمىدەك مەغپىرەت بىلەن كېلىمەن"

تەۋھىدنىڭ قىسىملىرى

تەۋھىد تۆۋەندىكى ئۈچ قىسىمغا بۆلىنىدۇ:

1ـ تەۋھىد رۇبۇبىيە بولۇپ، ئۇ ئاللاھ تائالانى بەندىلەرنىڭ ياراتقۇچىسى، رىزقلاندۇرغۇچىسى، تىرىلدۈرگۈچىسى ۋە جېنىنى ئالغۇچىسى دەپ ئېتىقاد قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ياكى ئۇ ئاللاھ تائالانى بارلىق ئىشلىرىدا يىگانە دەپ بىلىش. مەسىلەن: ئاللاھ ياراتقۇچى، رىزقلاندۇرغۇچى.. دەپ ئېتىقاد قىلىش.

تەۋھىدنىڭ بۇ تەرىپىنى ئىلگىرىكى مۇشرىكلار، يەھۇدىيلار، ناسارالار (خرىستىيانلار)ۋە مەجۇسى قاتارلىق ئازغۇن پىرقىلەرمۇ ئېتىراپ قىلغان. دېمەك تەۋھىد رۇبۇبىيەنى قەدىمكى دەھرى كاپىرلاردىن باشقىلار ئىنكار قىلغان ئەمەس.

شۇ نەرسە ناھايىتى ئېنىقكى، دۇنيادا ھېچقاندا بىر نەرسە ياكى بىر ھەركەت ئۇنىڭ مەيدانغا كەلتۈرگۈچىسىدۇر ھەرگىزمۇ مەۋجۇد بولمايدۇ. بۇ مەنتىقىگە ئاساسەن، ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ تاكى كائىناتتىكى ئەڭ كىچىك زەررىچىلەرگە قەدەر، ھېچقانداق بىر شەيئىي ئۆزلىگىدىن مەيدانغا كېلىپ قالمايدۇ. دەرۋەقە، بارلىق شەيئىلەرنى ئاللاھ ياراتقاندۇر. ئاللاھ تائالانىڭ خالىق ( ياراتقۇچى ) زات ئىكەنلىكىگە دائىر دەلىللەر سامانىدەك، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: "ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى

ياراتقۇچىمۇ؟" ،ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: [ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ)]

مۇشرىكلارنىڭ تەۋھىد رۇبۇبىييەنى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا دائىر دەلىللەر:

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر سەن ئۇلاردىن: "ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى كىم خەلق ئەتتى؟" دەپ سورىساڭ، ئۇلار چوقۇم "ئاللاھ " دەپ جاۋاپ بېرىدۇ، ئېيتقىنكى، "جىمى ھەمدۇسانا ئاللاھ غا خاستۇر!" بەلكى ئۇلارنىڭ تولىسى ئۇقمايدۇ]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: [(ئى مۇھەممەد!مۇشرىكلارغا) ئېيتقىنكى، "سىلەرگە ئاسماندىن (يامغۇر ياغدۇرۇپ) زېمىندىن (گىيا ئۈندۈرۈپ) كىم رىزىق بېرىدۇ؟ سىلەرنىڭ ئاڭلاش ۋە كۆرۈش قابىلىيەتلىرىڭلارنى كىم باشقۇرىدۇ؟ تىرىك شەيئىلەرنى ئۆلۈك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ ئۆلۈك شەيئىلەرنى، تىرىك شەيئىلەردىن كىم پەيدا قىلىدۇ؟ (خالايىقنىڭ) ئىشلىرىنى كىم ئىدارە قىلىدۇ؟" ئۇلار (بۇلارغا جاۋابەن): "ئاللاھ" دەيدۇ. ئېيتقىنكى، "(ئاللاھ دىن غەيرىيگە  چوقۇنۇش بىلەن ئاللاھ نىڭ ئازابىدىن) قورقمامسىلەر؟"* (يۇقىرىقىدەك چوڭ ئىشلارنى قىلغۇچى) سىلەرنىڭ ھەقىقىي پەرۋەردىگارىڭلار، ئەنە شۇ ئاللاھ دۇر. ھەقىقەتتىن قالسا، گۇمراھلىقتىن غەيرى نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، نېمىشقا (ئىماندىن يۈز ئۆرۈپ گۇمراھلىققا) بۇرۇلۇپ كېتىسىلەر؟]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: [ئەگەر سەن ئۇلاردىن: "ئاسمانلار ۋە زېمىننى كىم ياراتتى" دەپ سورىساڭ، ئۇلار: "ئەلۋەتتە ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى غالىب، ھەممىنى بىلگۈچى (الله) ياراتتى" دەيدۇ]

ئەسكەرتىش: تەۋھىدۇل ئۇلۇھىيەگە ئىمان كەلتۈرمەي تۇرۇپ، ئىنسان تەۋھىد رۇبۇبىييە بىلەنلا ئىسلام دىنىغا كىرەلمەيدۇ.

2ـ تەۋھىدۇل ئۇلۇھىيە ( ئىبادەت تەۋھىدى دەپمۇ ئاتىلىدۇ): تەۋھىدنىڭ بۇ قىسمى ئاللاھ تائالانى ئىبادەتتە شېرىكسىز ۋە ئىبادەت قىلىشقا بىردىن بىر لايىق زات دەپ تونۇش ۋە ئېتىقاد قىلىش. بارلىق پەيغەمبەرلەر بۇ خىل تەۋھىد بىلەن ئەۋەتىلگەن. قۇرئان كەرىمدە ئېيتىلغاندەكلا پەيغەمبەرلەرنىڭ ھەممىسى بورۇنقى قەۋملەر تەستىقلاپ كەلگەن تەۋھىد رۇبۇبىييەنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە ئۇلارنى تەۋھىد ئۇلۇھىييەگە چاقىرىش ئۈچۈن ئىبەرتىلگەن.

ئاللاھ تائالا نۇھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە خەۋەر بىرىپ مۇنداق دەيدۇ:[ شۈبھىسىزكى، بىز نۇھنى قەۋمىگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتۇق، ئۇ: "مەن ھەقىقەتەن سىلەرگە ئوچۇق ئاگاھلاندۇرغۇچىمەن*بىر ئاللاھ دىن باشقىغا ئىبادەت قىلماڭلار، سىلەرنىڭ قاتتىق كۈننىڭ ئازابىغا ئۇچرىشىڭلاردىن قورقىمەن" دېدى

ئاللاھ تائالا مۇسا ئەلەيھىسسالام بىلەن پىرئەۋن ئوتتۇرىسىدىكى ۋەقە ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: [پىرئەۋن ئېيتتى: "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى دېگەن نېمە؟"*مۇسا ئېيتتى: "ئۇ ئاسمانلارنىڭ، زېمىننىڭ ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى پۈتۈن مەخلۇقاتلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. ئەگەر سىلەر ھەقىقىي ئىشىنىدىغان بولساڭلار" قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق كىلىدۇ:"ئىي ئىنسانلار! تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلارئۈچۈن، سىلەرنى ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلار (يەنى ئۆتكەنكى ئۈممەتلەر) نى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار]

ئىبادەت دېگەن نېمە؟ ئىبادەتنىڭ سۆز مەنىسى " بوي سۇنۇش، ئىتائەت قىلىش" دېگەن بولىدۇ. ئىبادەتنىڭ شەرئىي مەنىسىنى شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىييە مۇنداق

ئىزاھلايدۇ: "ئىبادەت ـ ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان ئاشكارا ـ يوشۇرۇن بارلىق ئەمەل، سۆز، ھەرىكەت قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ." ئىبادەت تۆۋەندىكى تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:ناماز،تاۋاپ، ھەج، روزا، نەزىر، ئېتىكاپ، قۇربانلىق قىلىش، سەجدە قىلىش، رۇكۇ قىلىش، قورقۇش، تەۋەككۈل قىلىش، ئۈمىد قىلىش...

3ـتەۋھىدى ئەسمائ ۋە سىفات: تەۋھىدنىڭ بۇ قىسمى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىنى ئاللاھ تائالا ئۆز كىتابىدا سابىت قىلغان ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تىلىدا بايان قىلىنغان ئاساس بويىچە ئۆزگەرتمەي،بىر نەرسىگە ئوخشاتماي، مۇئەييەن ھالەتتە تەسۋىرلىمەي..ئۆزىگە خاس ئىسىم ـ سۈپەتلەرگە يىگانە زات دەپ ئېتىقاد قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ:

1ـ قائىدە: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىمـ سۈپەتلىرىنى مۇكەممەل دەپ تونۇش؛ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ الله بولسا ئەڭ ئالىي خىسلەتلەرگە ئىگە، الله غالىبتۇر]

2ـ قائىدە:ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىمـ سۈپەتلىرى توراقلىق بولۇپ، ئۇنىڭ مەنبەسى قۇرئان ۋە سۈننەت؛ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ (ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (ئاللاھ نىڭ شېرىكى بولۇشقا) ئاللاھ ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھ غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى ئاللاھ نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى]

3ـ قائىدە: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ياكى سۈپەتلىرىنى بىر نەرسىگە ئوخشىتىش بىلەن ئىسپاتلاش جائىز ئەمەس. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ ھېچ شەيئى ئاللاھ غا ئوخشاش ئەمەستۇر، ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر]

ئاللاھ تائالانىڭ قۇرئان ياكى ھەدىستە كەلگەن ئىسىم- سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىشمۇ جائىز ئەمەس. چۈنكى، ئاللاھنىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك ئاللاھغا شېرىك كەلتۈرۈش، ئۇنىڭ ئايەتلىرىنى بورمىلاش ۋە ئاللاھ تائالانى ئۆزىنىڭ مەخلۇقلىرىغا ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەڭداشسىز زات ئىكەنلىكىنى يالغانغا چىقىرىش دېگەنلىك بولىدۇ.

4ـ قائىدە: ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم ـ سۈپەتلىرىنىڭ مەنالىرى ئېنىق، كەيپىياتى مەجھۇل بولۇپ، ئۇنى ئاللاھ تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: [ئۇلار بولسا ئۇنى بىلمەيدۇ ] 5ـ قائىدە: ئىككى ئىسىمنىڭ بىر خىل ئاتىلىشى ئۇنىڭ ئاتالغۇچىلىرىنىڭ بىر ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ بەزى ئىسىملىرى بەندىلىرىنىڭ بىر قىسىم ئىسىملىرىغا ئوخشايدۇ، بەزى سۈپەتلىرى بىلەن بەندىلىرىمۇ سۈپەتلىنىدۇ، مەسىلەن ، كۆرۈش، ئاڭلاش دېگەنگە ئوخشاش. ئەمما، ئاللاھ تائالانىڭ كۆرۈشى، ئاڭلىشى ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىلىك جالالىتىگە خاس بولۇپ، بەندىلەرنىڭ ئاڭلاش، كۆرىشىگە مۇتلەق ئوخشىمايدۇ

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

## زامانىنى چاقىرۋاتقان سادا

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئوھۇد تاغلىرىدىن "ئى سەئىد! قەيەرلەردە يۈرىسەن؟! ماڭا ئوھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ" دېگەن ئاجايىپ يارقىن، جاراڭلىق سادا ياڭراۋاتماقتا ئىدى. بۇ دەل ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاشىقانە ئاۋازى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىمان ھەم ئىشەنچكە تولغان روھى ئۆزىنىڭ ئەسلى مەنزىلىگە يېتىۋېلىشقا ئالدىرۋاتاتتى. قەلب، روھىدا تىنىمسىز تېپچەكلاۋاتقان بۇ بىقارار ئىشتىياق ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق جەڭ مەيدانىدا قورشاۋ ئىچىدە قالغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرۇپ تاشلىماقتا ئىدى. بۇ دەل مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىن كۈپپارلارنىڭ تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىشى تۈپەيلى ھەممە ئەتراپنى مالىمانچىلىق قاپلىغان، قانلار دەريا ـ دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقان، قىلىچ، نەيزىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرى، ئىنسانلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرى ئاسمان ـ زېمىننى لەرزىگە سېلىۋاتقان، مۇسۇلمانلارنىڭ ئالقىنىغا كىرىپ بولغان ئۇرۇش غەلىبىسى مۇجاھىدلارنىڭ مۇداپىئە ئارقا قىسمىدىن سادىر بولغان كىچىككىنە خاتالىق تۈپەيلى بىردىنلا يەر بىلەن يەكسان بولغان بىر چاغ ئىدى. ھەممەيلەن جىددىيچىلىك، مالىمانچىلىق كەلكۈنىگە غەرق بولغان بولۇپ، جىھادنىڭ ئاسمان ـ زېمىننى تىترىتىدىغان ياڭراق سادالىرى خەتەر ۋەھىمىسىنىڭ قارا بۇلۇتلىرى ئىچىدە غايىب بولماقتا ئىدى. ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرىنىڭ شېھىت قىلىنغانلىق غەۋغاسى، ئىمان ھەم ئىشەنچنىڭ تاغدەك تەۋرەنمەس قەدەملىرىنىمۇ گاڭگىرىتىپ قويىۋاتاتتى. ۋەھىمە ھەم ئۈمىدسىزلىكنىڭ دەھشەتلىك چاقماقلىرى بارچە ھاياتلىق ئاسمىنىدا چاقناۋاتاتتى. تۇيۇقسىز قىلىنغان ھۇجۇمنىڭ پات ـ پاراقچىلىقىدا قارىغۇ قىلىچلار دوست ـ دۈشمەننى ئايرىماستىن، كاللا كېسىشكە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى. ئەمما ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك نۇرلۇق جامالى گەرچە يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقيالارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمى ئاستىدا قانغا بويالغان بولسىمۇ، ئۇرۇش ئوتىنىڭ زۇلمەتلىك ئىس ـ تۈتەكلىرى ئارىسىدا، ئاجايىپ بىر خىل خاتىرجەملىك نۇرىنى جىلۋىلەندۇرۇپ تۇرماقتا ئىدى. پەۋقۇلئاددە بىر تەمكىنلىك بىلەن ئەتراپقا ئۈمىد نۇرى چېچىپ، گويا ئۇلۇغۋار، ئېغىر سىناقلارنىڭ ئەڭ نازۇك ۋە ئەڭ يۇكسەك بۇرۇجىدىن ئىسلام تارىخىنىڭ بۇ ئازابلىق باسقۇچىغا، ھەق بىلەن باتىلنىڭ بۇ ھەل قىلغۇچ ھايات ماماتلىق جىددىي كۆرىشىگە نەزەر سېلىۋاتماقتا ئىدى.

"ئى سەئىد قەيەرلەردە يۈرىسەن؟! ماڭا ئوھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ"

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇ زەپمۇ يىقىملىق ساداسى ئۆلۈم دەھشىتى ۋە قالايمىقان قىيا ـ چىيالار قاپلىغان ئۇرۇش مەيدانىدىكى جىمىكى ئاۋازلارنى بېسىپ چۈشۈپ، ئوھۇدنىڭ قانغا بويالغان تاش تۈپراقلىرىنى سۆيگەنچە تاغلارنىڭ ئېگىز چوققىلىرىغا ئۇرۇلۇپ، قايتىدىن تېخىمۇ كۈچلۈك ئەكس سادا ياڭراتماقتا ئىدى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ توّت ئەتراپىنى مەھكەم چىرماپ تۇرغان ئۆلۈم قورشاۋىنى بۆسۈپ چىققىنىچە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق ئەھۋالدا قوزغالماي مەھكەم ساقلاشنى بۇيرىغان) تاغ باغرىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ ئارقا سەپ مۇداپىئە قىسمى تەرەپكە بوراندەك ئېتىلىپ كېتىپ باراتتى.

ئەسلىدە مۇجاھىدلارنىڭ مۇداپىئە قىسمى مۇسۇلمانلار قولغا كەلتۈرگەن ئۇرۇش ھىلىسىدىن ئىبارەت ئالغۇن كەبى بىردەملىك غەلىبىنى كۆرۈپ "ئەمدى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، بىزمۇ ئولجا ـ غەنىمەتلەردىن بەھرىلىنەيلى! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "مۇداپىئە ئىستىھكامىنى مەھكەم ساقلاش كېرەك" دېگەن ھۆكمىنىڭ مۇددەت سائىتى تۈگەپ بولدى" دەپ خاتا ئويلاشقان ئىدى. نەتىجىدە ئۇلار غەيبكە باغلانغان ئىشەنچ بىلەن تاشقى مەنزىرىلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن توقۇنۇش بولىۋاتقان، كۆزلەر قەلبلەرنى ئالداۋاتقان، دۇنيانىڭ يالتىراق مال ـ غەنىمەتلىرى ئاخىرەتنىڭ پىداكار شەيدالىرىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىشقا ئۇرىنىۋاتقان ئەشۇنداق ۋەزىيەتنىڭ دەل ھۆكۈمگە ئىتائەت قىلىش سائىتى ئىكەنلىكىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىپ قويۇشقان ئىدى.

ئەنە شۇ بىر قىسىم مۇجاھىدلارنىڭ سەبىيلەرچە خاتالىقى پۈتكۈل ئىسلام تارىخىغا نىسبەتەن ئاجايىپ ئاچچىق ساۋاققا تولغان زور داۋالغۇش بولۇپ قالغان ئىدى. ئەنە شۇ بىرقانچە قەدەملەرنىڭ دەلدۈگىنىپ كېتىشى ئاسمان ـ زېمىننى تىترىتىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئۈلىنى تەۋرەتكەن ئىدى. ئەمما ئېغىر سىناقلارنىڭ بۇ زۇلمەتلىك قارا قۇيۇنلىرى ئارىسىدا ھېلىھەممۇ ئۈمىد چاقماقلىرى يورۇپ تۇرۇشتىن زادىلا توختىمىغان ئىدى. بۇ دەھشەتلىك قانخور شىۋېرغانلاردا ھەققانىيەتنىڭ مەشئىلى قەتئىي ئۆچمەي يېنىپ تۇرماقتا ئىدى. شۇلاردىن بىرسى بولغان ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خاتالىق زۇلمىتىنى يورۇتۇپ، ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ھەققانىيەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە، دۈشمەنلەر ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان ئارقا سەپكە قاراپ، ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ كېتىپ باراتتى. پۈتۈن بەدەنلىرىنى پولات ساۋۇتلار بىلەن ئورىۋالغان دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇش ئۈچۈن قانچە ـ ئونلىغان قىلىچ ـ نەيزىلەرنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ يەنىلا دۈشمەننىڭ سېپىنى بۆسۈپ، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتاتتى. غەزەپ ـ نەپرەت، زۇلۇم، ئىستىبداتلىقنىڭ ياۋۇز كۈچلىرى ئەسەبىيلەرچە ۋاقىراشقان ھالدا ئەشۇ تەنھا ئىنسانغا تۇشمۇ ـ تۇشتىن بىرلىكتە ھۇجۇم قىلىپ، گەرچە ئۇنىڭ بەدىنىنى ساناقسىز جاراھەتلەرگە تولدۇرۇۋېتەلىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۇنىڭ يۆنىلىشىنى قىلچە بۇرمىلىيالمىدى. تاش ـ توخماق، قىلىچ، نەيزە، ئوقيالار تەرەپ ـ تەرەپتىن توختىماي يېغىۋاتاتتى. ئەمما مەردۇ ـ مۇجاھىد ئالغا ئىلگىرلەشتىن ھېچ توختىماي، جاراھەتلىرىدىن ئېقىۋاتقان مۇقەددەس قانلىرى بىلەن غۇسلى قىلىپ، جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى تەرەپكە جۇنۇنلۇق ئاشىقانە مەستانىلىكتە قەدەممۇقەددەم ئىلگىرلاۋاتاتتى. ئاخىرى سىناق، ئىمتىھانلارنىڭ ئەڭ يۈكسەك بۇرۇجىنى ھاسىل قىلغان بۇ ئىبرەتلىك ھېكايىنى تاماملاش ئۈچۈن ئۆلۈم پەرىشتىلىرى تەبەسسۇم بىلەن يەرگە شۇڭغىدى. ئۇنىڭ تىتىلغان بەدەنلىرىنى چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئېتەكلىرىدە كۆتۈرۈشكىنىچە، جەننەتتىكى ئەبەدىيلىك مەنزىلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

شۇنداق... ئىنسان ئۆلدى. ئەمما ئۇ ئۆلۈش ئالدىدا پۈتكۈل ئۈممەتكە مەڭگۈلۈك ھاياتلىق جەۋھىرىنى تەقدىم قىلىپ كەتتى. قۇلاق سېلىپ باقسىڭىز، مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۇھۇدنىڭ

بارلىق تاغۇ ـ تاشلىرىدىن "ئى سەئىدا! قەيەرلەردە يۈرىسەن؟! ماڭا ئوھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ" دېگەن ئەشۇ زەپمۇ يېقىملىق، جاراڭلىق سادا ياڭرىماقتا.

مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ئاخىرقى بىر تىنىق قالغىچە قىمىرلىماي مەھكەم ساقلاشنى بۇيرۇغان مۇداپىئە ئىستىھكاملىرىنى تاشلاپ، دۇنيانىڭ يالتىراق مال ـ غەنىمەتلىرىگە دۈم چۈشمەكتە.

مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ مۇسۇلمانلار مۇستەبىت كۈچلەرنىڭ ھۇجۇم قىلىۋېلىشى ئۈچۈن ئارقا سەپنىلا ئەمەس، بەلكى ئالدىنقى سەپلىرىنىمۇ بىكارلاپ، كەڭرى يول ئېچىپ بەرمەكتە.

مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ داۋام قىلىۋاتقان ئۇرۇش، رىقابەت مەيدانلىرىدىكى قارىغۇ قىلىچلار شەخسىيەتچىلىك زۇلمەتلىرىدە دوست ـ دۈشمەننى ئايرىماستىن كاللا كەسمەكتە.

مانا بۇگۈنكى كۈندىمۇ خۇددى ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى ئوھۇد مەيدانىدىكى ئىس ـ تۈتەكلەر ئارىسىدا مۇجاھىدلارغا ئۈمىد نۇرى چېچىپ تەمكىن قەد كۆتۈرۈپ تۇرغانغا ئوخشاش، بۇ ئىسلام دىنىدىن ئىبارەت ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىغىمۇ باتىل كۈچلەرنىڭ ئەسەبىيلەرچە ھۇجۇملىرى بىلەن ھالاكەتلىك قورشاۋلىرى ئارىسىدا گوياكى بىر ئۆچمەس نۇر مۇنارىدەك مۆئمىنلەرگە ئۈمىد نۇرى تارقىتىپ، تەمكىن ھالدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

ئەمما ئۇنىڭ مۇقەددەس جامالى جاراھەتلەنگەن، ئەگەشكۈچىلىرى بولسا، تەپرىقچىلىق، مالىمانچىلىق، مەھكۇملۇق قازانلىرىغا دۈملەنگەن.

توغرا، شۇ تاپتا، زامانىمىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى چاقىرماقتا. ئەمما ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ جاراڭلىق، ئۆچمەس ساداسى زامانىمىزنى چاقىرماقتا.

"ئى سەئىدا! قەيەرلەردە يۈرىسەن؟! ماڭا ئوھۇد مەيدانىدىن جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى پۇراۋاتىدۇ"

كاملجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيمِ

## ئىماننىڭ ھەيۋىتى

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىينىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئوھۇد مەيدانى ئۆرۈش خارابىسىگە ئايلىنىپ، ھەممە ئەتراپىنى ماتەم قاپلىغان بۇ قايغۇلۇق كېچە ئاچچىق ئەلەمدە قان تۈكۈرمەكتە ئىدى. بۈگۈن قانغا چىلىق ـ چىلىق بولۇپ كەتكەن مەيدان ساھىبلىرى گويا، ئۈممەتنىڭ قانداق روناق تېپىشى بىلەن قانداق زاۋال تېپىشىنى بىر قېتىم تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن ئىدى.

ئۇلار بۈگۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنىڭ سىزىقىدىن چىقماي مېڭىپ، ئازغىنە بىر توپ ئۈممەتنىڭ قوراللىرى خىل، شۇنچە نۇرغۇن دۈشمەننى بىر دەمدىلا مەغلۇبىيەت ئازگىلىغا ئىتتىرىۋەتكەنلىكىنى كۆردى. ھەمدە يەنە بىر قانچە قەدەملەرنىڭ ئازراقلا خاتالاشقانلىقى پۈتكۈل ئۈممەتنى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە قانداقلارچە مەغلۇبىيەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

ئۇلار بۈگۈن ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق، ۋە ساناقسىز دەرت ـ ئەلەملەر تۈپەيلى مادارى قالمىغان ئازغىنە ئىنسانىنىڭ چۈشقۇن ئىمانى روھ ۋە ھېسلار قويىندا، بىرلا سىلكىنىش بىلەن تەڭ قانداقلارچە يالقۇنلۇق چوغلارغا ئايلىنىپ، پولات ساۋۇتلار بىلەن قوراللانغان كۈچلۈك دۈشمەننى تىرە ـ پىرەن قىلىۋېتەلىگەنلىكىنى، ھەمدە يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت بىرلا پەرمانىغا خىلاپلىق قىلىش بىلەن تەڭ قانداقلارچە ئەتراپىنى مالىمانچىلىق قاپلاپ،

قىرىنداشلارنىڭ ئۆز ـ ئارا تونۇشماستىن قالايمىقان كاللا كېسىشكە كىرىشىپ كەتكەنلىكىنىمۇ ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆردى.

قىسقىسى، پۈتكۈل دۇنيا مىقياسىدىكى ئۈممەتلەرنىڭ قانداق تەرەققى قىلىشى ۋە قانداق زاۋال تېپىشىنى ئاللاھنىڭ سىرلىق خاھىشى تارىختا، ئەنە شۇنداق بىر قېتىم تەجرىبە قىلدۇرۇپ كۆرسەتكەن ئىدى. تەجرىبە ئاياغلاشقاندىن كېيىن پۈتكۈل جاھان مادارسىز ياتاتتى. ھەممە ئەتراپىنى جىمجىتلىق قاپلىغان بولۇپ، قانغا بويالغان جەڭ مەيدانى بىر خىل سۈرلۈك سۈكۈتنىڭ قوينىدا پۇشۇلدىماقتا ئىدى. خۇددى تىنىماي شاۋقۇن سېلىپ تۇرىدىغان دېڭىزلار، كەلكۈنلۈك دولقۇنلىرى كۆتۈرۈلۈشىدىن ئىلگىرى بىردىنلا جىمىپ قالغانغا ئوخشايتتى.

شۇنداق، بۇ يەردىمۇ ئاجايىپ كۈچلۈك بىر كەلكۈن دولقۇنلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. ئاللاھ مۆمىنلەردىن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان ئالماقچى ئىدى.

بىردىنلا بۇ جىمىلىقنى بۇزۇپ، دۈشمەنلەر غەلىبە سازلىرىنى چېلىشقا باشلىدى. ئاياللار غالىب ئەرلىرىگە مەدھىيە ئوقۇش ئۈچۈن شەھۋانىي ناخشا، ئۇسۇللىرىنى باشلىۋەتتى. ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى بەختىيارلىققا ئېرىشتۈرمەكچى بولۇۋاتقان ئەزىمەتلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپمۇ، ئىنتىقام تەشنالىقى قانمايدىغان بۇ ۋەھشىيلەر مۇجاھىدلارنىڭ جەسەتلىرىنى تېپىپ، دەسسەشكە باشلىغان ئىدى. قايسىدۇر بىرى يەردە ياتقان شېھىتنىڭ يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ئېغىزىدا چايناشقا كىرىشتى. مەغرۇر دۈشمەنلەرنىڭ بۇ ئەسەبىي نەرە ـ چۇقانلىرى زېمىننى تەۋرىتىپ، ئاسماننىڭ باغرىنى تىلماقتا ئىدى.

ئەمما بۇلاردىن سەللا يىراقتىكى تاغنىڭ باغرىدا غەلىبە ھەم مەغلۇبىيەتتىن تەڭلا زەخمىلەنگەن مۆئمىنلەر سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ قانلىق جاراھەتلىرىنى كۆز ياشلىرى بىلەن

يۈيۈشقا مەشغۇل ئىدى. مۇجاھىدلاردىن ئۆتۈلگەن ئازراقلا سەبىيلەرچە خاتالىق تۈپەيلى ئاللاھنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەخىملەنگەن بۇنداق جان ئالغۇچ مەنزىرىگە ئۇلارنىڭ قەلب ۋىجدانى ئەمدى قانداقمۇ بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟ ئۇلار گويا قەلب، تەن، روھ ، ھەممە ئەزالىرى ئوخشاشلا زەخىملەنگەندەك، ۋۇجۇدىدىكى پارچە تومۇرچىلاردىن قان دەريا بولۇپ ئېقىۋاتقاندەك ئەلەملىك ھېسسىياتقا چۆمگەن ئىدى. دېمەك، بۇگۈن مۇجاھىدلارنىڭ روھ، تەنلىرى قان ۋە ياش بىلەن تەڭلا يۇيۇنغان كۈن بولغان ئىدى.

شۇ تاپتا ئۇلارنى قىلىچلارنىڭ بىسى ئەمەس، ئەقىدىلەرنىڭ ئەمەلىيىتى سىنىلىدىغان، بىلەكلەرنىڭ زورى ئەمەس، قەلب، روھلارنىڭ كۈچى سىنىلىدىغان تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ئۇلۇغ يەنە بىر مەنىۋىي جىھاد مەيدانى كۈتۈپ تۇرىۋاتاتتى. ئاللاھ ئۇنىڭدا ئاشۇ قەدەملىرى تېيىلىپ كەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىي قۇۋۋىتىنى سىناپ كۆرمەكچى ئىدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنى دۈشمەننىڭ سانى ھەم قورال كۈچىدىن كۆرەمدۇ ياكى ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا بېرىلىپ كەتكەن ئازغۇنلىقىدىنمۇ؟ بۇنى ئوتتۇرىغا چىقارماقچى ئىدى. بۇ باشقا جىھادلارغا سېلىشتۇرغاندا شۇنچە ئاددى ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھاد ئىدى.

خۇددى ئىككىنچى قېتىملىق جەڭ ئۈچۈن سىگنال چېلىنغاندەك ئوھۇد مەيدانىنىڭ ئۈستىن تەرىپىدىن قوپال بىر ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ، تاغ چوققىلىرىغا ئۇرۇلغانچە كۆكتە جاراڭلاشقا باشلىدى. بۇ دەل ئەبۇ سوفيانىنىڭ ئەۋازى ئىدى. تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۆز غەلىبىسىنىڭ رىئاللىقىغا ئىشىنەلمەي قالغان كۇففارلارنىڭ ئالاقزادە ۋاقىراشلىرى ئىدى.

ئۇلار: "ئوھۇد مەيدانىغا غەلىبە بايرىقىمىزنى قادىيالىغىنىمىز بىلەن مۇجاھىدلاردىكى ئىماننىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرالىدۇقمۇ، يوق؟ ناۋادا بۈگۈنكى بۇ قانلىق قىلىچلىرىمىز ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئىستىبداتلىقنىڭ ھەيۋىتىنى تىكلەپ، ئىماننىڭ ھەيۋىتىنى سۇندۇرالمىسا، بۇ غەلىبە

ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر ئالدىنىش ھەم يېڭىلىش بوپ قالامدۇ؟" دەپ ئويلاشماقتا ئىدى. ئەنە شۇنداق ۋەھىمىلىك خىياللار ئۇلارنى ئەنسىز ۋاقىراشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

ـ ئاراڭلاردا مۇھەممەد ھاياتمۇ؟! گەپ قىلىڭلار، مۇھەممەد ھاياتمۇ؟!

زەخىم، جاراھەتلەر تۈپەيلى مادارسىز ياتقان مۇجاھىدلار ئىمان، غۇرۇرىغا نەشتەردەك سانجىلىۋاتقان بۇ زەھەرلىك سوئالنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا، غەزەپ بىلەن چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گەرچە زەخىملەنگەن بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ھايات بەخش نۇرلۇق جامالى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىگە تەمكىن قاراپ تۇراتتى. شۇ تاپتا مۇجاھىدلارنىڭ كۆكرەكلىرىدىكى پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋۇلقان كەبى غەزەپلىك ھېسسىياتلار دۈشمەنلەرگە جاۋابەن:

ـ ھەئە ! مۇھەممەد ھايات! ئۇ ئاللاھنىڭ زېمىندىكى ئەڭ ئاخىرقى ئۆچمەس ئاۋازى! ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ دەرت ـ پىغانلىرى ئۈچۈن ئەبەدىيلىك مەرھەم! ئۇ ئىمان ھەم ئىشەنچنىڭ يىقىلماس ئابىدىيسى! ئۇ مەڭگۈلۈك ھەق، ئادالەت ئىنقىلابى! دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كۈچ ئۇنى مەڭگۈ يېڭەلمەيدۇ! مەڭگۈ باش ئەگدۈرەلمەيدۇ! دەپ توۋلىۋەتمەكچى بولىۋاتاتتى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىككىنە بىر ئىماسى بىلەن ئۇلارنىڭ كۆكرىكىدە شىددەت بىلەن ماۋۇج ئۇرىۋاتقان بۇ غەزەپلىك ھېسسىياتلار دولقۇنى ئۆز ئورنىدا قېتىپلا قالدى.

توغرا، ئىسلام ھەرگىزمۇ قارشىلىق بىلدۈرۈشنىڭ ۋەھشىيانە نەرە ـ چۇقانى ئەمەس، بەلكى ئۇ ئاللاھنىڭ ئاخىرقى ئاۋازى. ئىجابىي، ئەمەلىي قۇۋۋەتنىڭ بىر نادىر دېڭىزى.

ئەبۇ سوفيان بۇ دېڭىزنىڭ سىرلىق جىمجىتلىقىنى ئۆلۈم ھەم مەغلۇبىيەتنىڭ سۈكۈتى بولسا كېرەك، دەپ ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما يەنىلا قانداقتۇر بىر نەرسە ئۇنىڭ غەلىبە شاتلىقىغا

تېكەن بولۇپ سانچىلماقتا ئىدى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئىچ ـ ئىچىدىن سارسىمىگە سېلىۋاتقىنى دەل ئىماننىڭ ھەيۋىتى ۋە ھەققانىيەتنىڭ ھاياتلىقى ئىدى. ئۇ بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى.

ـ ئاراڭلاردا ئەبۇ قاھافە (يەنى، ئەبۇ بەكرى) ھاياتمۇ؟!

ئۇ بۇ سوئالنى يەنە قايتىلاپمۇ جاۋابقا ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرقى قېتىم تېخىمۇ كۈچلۈك ۋاقىراشقا باشلىدى.

ـ ئۇنداقتا ئۆمەرچۇ؟! ئېيتىڭلار، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھاياتمۇ؟!

جىمجىتلىق يەنە ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ئەبۇ سوفيان ھەر قېتىملىق سورىغان سوئالىغا مۇسۇلمانلارنىڭ جاۋاب بەرمەيۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، يېنىككىنە بىرنى تىنىدى. ئۆزىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ غەلىبە قىلالىغانلىقىغا ئەمدى رەسمىي ئىشىنىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ ئۆز لەشكەرلىرىگە قاراپ:

ـ بۈگۈن ئوھۇد مەيدانىدا ئىسلام پۈتۈنلەي تۈگەشتى. ئۇلار ھەممىسى ئۆلدى. مانا بىز غەلىبە قىلدۇق ـ دەپ تەنتەنە قىلىشقا باشلىدى.

بۇ تەنتەنە گويا زەھەرگە مىلەنگەن قىلىچنىڭ زەربىسىگە ئوخشاش مۆئمىنلەرنىڭ قەلب، روھىدا زىلزىلە پەيدا قىلىپ، غۇرۇر، ۋىجدانىنى ئۆرتەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ قانلىرى قىززىپ، جاراھەتلىك بەدەنلىرى خۇددى بىر پارتلاش ئالدىدا تۇرغان ۋۇلقانغا ئايلانغان ئىدى. مۆئمىنلەرنىڭ بىسىۋالغۇسىز غەزەپلىك ھېسسىياتلىرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان "ئاللاھۇ ئەكبەر! ئاللاھۇ ئەكبەر!"دېگەن نەرە ساداسى بىلەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

ـ ئى، ئاللاھنىڭ دۈشمىنى! كاززابلىق قىلما! مانا بىز ھەممىمىز ھايات! بىلىپ قويغىنىكى، ئاللاھنىڭ قۇدرىتى بىزنى شۇنداق ھايات ساقلاش بىلەن سەنلەرنى ھالاكەتلىك ئاقىۋەتلىرىڭگە يەتكۈزمەكچى!

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئەبۇ سوفيانىنىڭ كۆزلىرىگە بىردىنلا قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، گويا بېشى ئۈستىدە شىددەت بىلەن چاقماق چېقىۋاتقاندەك، زېمىن ئايىغى ئاستىدىن چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇنچە قانلار بەدىلىگە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بىراقلا يەر بىلەن يەكسان بولغان ئىدى. ھېلىدىن بىرى چېلىنىۋاتقان غەلىبە سازلىرىمۇ لەسسىدە توختاپ قالدى. ئۇنىڭ تېخى بايامقى كۆتىرەڭگۈ مەغرۇر بېشى ئەمدى خۇددى ئۆلۈكنىڭكىدەك مۆرىسىدە ساڭگىلاپ قالغان ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن دەرھال ئىسىگە كەلدى ـ دە، بۇ ئوسال ئەھۋالدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈنمۇ ياكى  مۇسۇلمانلارغا مەنۋىي جەھەتتە بىر ھۇجۇم قىلىپ بېقىش ئۈچۈنمۇ؟ ئېيتاۋۇر، نامەلۇم ھېسلار قوينىدا يەنە ۋاقىراشقا باشلىدى.

ـ ھۇبەل ئەڭ كاتتىدۇر، ھۇبەل ئەڭ كاتتىدۇر، ئۇززا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس، ئۇززا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس.

بۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىماسى بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياڭراق ساداسى ئاسماننى يەنە لەرزىگە كەلتۈرۈشكە باشلىدى.

ـ ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا! ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ! ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس! ئاللاھ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس!

ئەبۇ سوفيان ئەمدىلىكتە، پۈتۈن بەدەنلىرىنى چۈلغىۋالغان ھەيرانلىق، رەشىك ـ ھەسەت، ۋەھىمىلەرنىڭ ئاچچىق ئازابىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىختىيارسىز قانداقتۇر بىر خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ بەلكىم، "ھەق ساداقەت ئۇچۇن جاننى ئاتىۋەتكەنلەرنى ھالسىزلاندۇرغىلى بولسىمۇ، جىم قىلغىلى بولمايدىكەن. ئاللاھنى كائىناتنىڭ تەنھا ياراتقۇچىسى دەپ تونۇيدىغان قەلبلەرنى زىدە قىلغىلى بولسىمۇ، سۇندۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدىكەن. جىھاد مەيدانلىرىدا سىنالغان مۇجاھىدلارغا پەشۋا تەپكىلى بولسىمۇ، قورال تاشلاتقۇزۇپ، بويۇن ئەگدۈرگىلى بولمايدىكەن" دېگەن يەكۈنلەرنى خىيال قىلغان بولسا كېرەك، بىردىنلا ئىختىيارسىز چۆچۈپ كەتتى. ۋە قاتتىق يېلىنغان ئاھاڭدا: ـ ئى ئۆمەر! پەرۋاردىگارىڭ بىلەن قەسەم، ماڭا بىر راس گەپ قىلغىن، بىز مۇھەممەدنى ئۆلتۈرەلىدۇقمۇ ـ يوق؟ دەپ سوراشقا باشلىدى.

ـ ياق! ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىدا ئىمانىنىڭ زىلزىلىلىك ھەيۋىتى، جاسارەت ۋە تەمكىنلىك شۇنداقلا كۇففارلارنىڭ خام خىيالغا بولغان مەسخىرىلىك نەپرەت ئۇرتاق ئىپادىلەنمەكتە ئىدى.

ـ ياق! ئۇ ھايات! ئۇ ھازىرمۇ سېنىڭ ئاۋازىڭنى ئاڭلاۋاتىدۇ!

بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ سوفيان ئىختىيارسىز ھالدا :ـ ئەسلىدە مۇنداقكەنـ دە، مۇھەممەدنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى تارقاتقان ئىبنى قەمئەگە قارىغاندا، سەن ماڭا نىسبەتەن تېخىمۇ توغرا، ھەق گەپ قىلىدىغان ئادەمسەن ـ دەپ تۇۋلىۋەتتى.

بۇ كۇففارلار سەردارىنىڭ جاۋابىمۇ ياكى باتىل كۈچلەرنىڭ ئىناۋەت، ئابرۇي ئىمارەتلىرى كۆمبىر ـ كۆم بولۇپ يىقىلغان ئاۋازمۇ؟ بىلىپ بولمايتتى. ئىسلامنىڭ بىرجەڭچىسى كۆيۈرلۈقنىڭ نەزىرىدە كاپىرلاردىنمۇ بەكرەك ئىشەنچلىك ئورۇنغا ئۆتكەن ئىدى. گويا باتىل ھەققانىيەتنىڭ

بۈگۈنكىنى، زۇلمەت يوروقلۇقنىڭ ئۈلۈغلىقىنى ئېتىراپ قىلىۋاتاتتى. جاھالەت ئىسلامىيەتنى ماختاۋاتاتتى. پولات ساۋۇتلارغا ئورالغان شۇنچە كۈچلۈك دۈشمەنلەر ئاشۇ ئازغىنە ھارغىن ئىسلام جەڭچىلىرىنىڭ ئىمانىي ھەيۋىتى ئالدىدا ئاق بايراق چىقىرىشماقتا ئىدى.

مانا بۇ ئوھۇدنىڭ قانلىق مەيداندىن كېيىن قەلب، ئىددىيە، روھ ۋادىلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىككىنچى قېتىملىق ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھادنىڭ نەتىجىسى ئىدى.

مانا بۇ قورال ئورنىغا ئەقىدىلەر ئوتتۇرىسىدا، بىلەكلەرنىڭ كۈچى ئورنىغا قەلب، روھلار ئوتتۇرىسىدا ئېلىپ بېرىلغان غەلىبىلىك مەنىۋىي جىھاد ئىدى.

مانا بۇ ئوھۇدنىڭ تارىخى مەيداندا بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەت زەربىسىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سوۋغا قىلىنغان ئىمان ھەيۋىتىنىڭ ئەخلاقىي غەلىبىسى ئىدى.

ئوھۇد مەيدانى يەنە بىر قېتىم قايتىدىن جانلىنىپ كەتتى. كۇففارلار بىر قېتىملىق غەلىبىسىدىن كېيىن خۇددى مەڭگۇ ئورنىنى تولۇقلىغىلى بولمايدىغان مەغلۇبىيەت زەربىسىگە ئۇچرىغاندەك غەمكىن ھالدا باشلىرىنى ساڭگىلاتقىنىچە مەيداننى تاشلاپ ئاستا ـ ئاستا كېتىشىپ باراتتى. ئىسلامنىڭ ھەممە ئەزالىرى قىپ ـ قىزىل قانلار بىلەن يۇيۇلغان مۇجاھىدلىرى خۇددى شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن قىزىل شەپەقتەك ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ھەممە ئەتراپقا ئىمان ھەم ئىشەنچىنىڭ ھەيۋەتلىك نۇرىنى چاچماقتا ئىدى.

قۇلاق سالىدىغان بولساق، مانا بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىمۇ يەنە شۇنداق ئاددىي ئەمما ئىنتايىن نازۇك جىھاد مەيدانلىرى بىزنى چاقىرماقتا. ئۇنىڭدىكى مەغرۇر باتىل كۈچلەر "سىلەرنىڭ تومۇرۇڭلاردا بۈگۈنمۇ مۇھەممەد، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەرلەرنىڭ قانلىرى ئېقىۋاتامدۇ؟!" دەپ چۇقان سالماقتا. دۇنيادىكى بىر مىليارتتىن ئارتۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ چۇقانلارنى سۈكۈت

ئىچىدە تىنچلىشماقتا. ئەمما ئىمان، غۇرۇرى ئويغاق بىرەر مۇسۇلمان ئارىمىزدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئۇلارغا: "ھەئە! ھازىرمۇ بىزنىڭ تومۇرىمىزدا ئاشۇ مۇقەددەس قانلار راۋان. ئاللاھ ھەممىدىن ئۇلۇغ! ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا! ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس! ئاللاھ ھازىرمۇ بىزنىڭ مەدەتكارىمىز سىلەرنىڭ ئەمەس!" دەپ نەرە توۋلاپ جاۋاب بېرىشكە تەييار ئەمەس.

چۈنكى دۈشمەننىڭ ھەيۋىتىدىن لاغ ـ لاغ تىترەۋاتقان بىزنىڭ نۆۋەتتىكى ساختا ئىمانىمىزدىن دۈشمەننى ئەيمەندۈرگىدەك بىرەر ھەيۋەت ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ۋىجدانىمىزنى قانائەت تاپتۇرغىدەك ئەخلاقىي ئوبرازنىمۇ تاپقىلى بولمايدۇ. ئەمما شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان، يەنىلا بىز مۇسۇلمان.

كاملجان تەرجىمىسى

# هاماس

(پەلەستىنىدىكى ئىسلامىي قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى)

ئىنىقلىما:

هاماس پەلەستىنىدىكى جىهادىي ئىسلام ھەرىكىتى بولۇپ، پەلەستىنىنىڭ غەززە شەھىرىدە مەيدانغا كەلگەن، كېيىن مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق زېمىنغا تارقالغان. ھەرىكەتنىڭ ھىجرىيە 1409 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى، (18/8/1988) ئېلان قىلغان ئەھدىنامىسىدە ئوتتۇرىغا قويغىنىدەك، بۇ ھەرىكەت پەلەستىنىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قانىتى ھېسابلىنىدۇ.

قۇرۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

 هاماس 1987 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىردە ئېلان قىلغان بىرىنچى قېتىملىق باياناتىدا، مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىنىدىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلار جامائىتىنىڭ ئۇرغۇچى بىلىكى ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان ۋە يەھۇدىي دۈشمەنلىرىگە زوراۋانلىقنى كۈچەيتكەنسېرى، تېخىمۇ ئارتۇق قاتتىق قوللۇقلارغا دۇچ كېلىدىغانلىقنى ئېيتىپ تەھدىت سالغان... ئىسلامنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئەمەلىي يول ئىكەنلىكىنى تەكىتلىگەن. هاماس ئەرزىمەس خەلقارالىق كونفىرىنسلار، تىنچلىق بىلەن ھەل قىلىش پەردىلىرىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇپ ۋاقىت ۋە كۈچنى ئىسراپ قىلىشنى رەت قىلىدۇ.

 هاماس ھەرىكىتى ئېلىپ بارغان چوڭ ئىشلارنىڭ بىرى، 1987 ـ يىلى، 8 ـ دېكابىر كۈنى "تاش ئىنقىلابىي" دەپ ئاتالغان قەيسىرانە خەلق قوزغىلىڭىدۇر. ئۇلار يۇزلىگەن شېهىتلارنى،

مەھبۇسلارنى قۇربان قىلدى ۋە ھېلىھەم قىلىۋاتىدۇ... ھەرىكەت پەلەستىن يەھۇدىي پاسكىنىچىلىكلىرىدىن ئازاد بولمىغۇچە ئىنقىلابىنى قەتئىي توختاتمايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

 ھازىرغىچە ئېلان قىلىنغان كۆزگە كۆرۈنگەن كىشىلىرى:

- شەيخ ئەھمەد ياسىن: ئۇ ئەللىك يىلدىن ئارتۇق زاماندىن بىرى ئولتۇرۇپ قالغان كىشى بولۇپ، ھاماس ھەرىكىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ۋە تۇنجى قوماندانى. 1984 ـ يىلى غەززەدىكى ئۆيىدىن ئەھلى سەلىيبلەرگە قارشى ھەربىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن تەييارلىغان قوراللار چىقىپ قالغانلىقى ئۈچۈن يەھۇدىيلار تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، بىر قانچە يىللىق قاماققا ھۆكۈم قىلىنغان. ئۇ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىندىكى يەھۇدىي تۈرمىسىدا گۆرۈدە ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا قويۇپ بىرىلدى.[1]

- ئۇستاز خەلىيل قەۋقا: ھاماس قوماندانلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، خەلق قوزغىلىشىدىن كېيىن، يەھۇدىي باسقۇنچى كۈچلىرى ئۇنىڭ مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىندىن سۈرگۈن قىلغان.

پىكىر ۋە ئەقىدىلىرى:

 ھاماس ھەرىكىتىنىڭ پىكىر ۋە ئېتىقادلىرى ئۇنىڭ ھىجرىيە 1409 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 1 ـ كۈنى (18/8/1988) ئېلان قىلغان بىرىنچى قېتىملىق ئەھدىنامىسىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ: بىز ئۇلارنىڭ تۆۋەندىكىچە يىغىنچاقلىشىمىز مۇمكىن:

- ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى: ئىسلام ئۇنىڭ مېتودى، ئۇنىڭدىن كائىنات، ھايات ۋە ئىنسان توغرىسىدىكى پىكىر، چۈشەنچە ۋە تەسەۋۋۇرلىرىنى ئالىدۇ. بارلىق پائالىيەتلىرىنى ئۇنىڭغا ھۆكۈم قىلدۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن (ئىسلامدىن) ئالىدىغان قەدەملىرىنىڭ يۆنۈلىشىنى بەلگىلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (بىرىنچى ماددا)

ــ ئىسلام قارشىلىق كۆرستىش ھەرىكىتى ئىسلامىي ھەرىكەت بولۇپ، ئىسلامنىڭ كەڭ مەرھەمەتلىك ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرىدۇ. ئۇ ئىسلامنىڭ سايىسىدا بارلىق دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ جېنى، مېلى ۋە ھوقۇقلىرىدىن خاتىرجەم ھالدا ئۆزئارا ياشىيالىشى تامامەن مۇمكىن.

ــ پەلەستىن زېمىنى مۇسۇلمان ئەۋلادلىرىغا قىيامەتكە قەدەر قالدۇرۇلغان ئىسلامىي ۋەقف زېمىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدا ئاشۇرۇۋېتىشكە ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ. بىرەر ئەرەب دۆلىتى ياكى بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرى، پادىشاھ، رەئىس ياكى بارلىق پادىشاھ ۋە رەئىسلەر، مەيلى پەلەستىنلىك ياكى ئەرەبلەرنىڭ بولسۇن بىرەر تەشكىلات ياكى بارلىق تەشكىلار بۇنى ئاشۇرىۋېتىش ياكى ئۇنىڭدىن ۋاز كېچىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس.

ــ پەلەستىن زېمىدا يەھۇدىيلارغا قارشى جىھاد قىلىش بارلىق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين بولۇپ، ئايال كىشى يولدىشىنىڭ رۇخسىتىسىز ئورۇشقا چىقالايدۇ... پەلەستىن مەسىلىسى جىھادسىز ھەل بولمايدۇ.

ـ پەلەستىن مەسىلىسىنى تىنچلىق يولى بىلەن ھەل قىلىش، دەپ ئاتىلىدىغان تەكلىپلەرگە قارشى تۇرۇش؛ چۈنكى ئۇ ۋاقىت ئىسراپ قىلىش، ئەھمىيەت كۈچ سەرپ قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.

ـ ئازادلىق ھەرىكىتىدە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ رولى ئەرلەرنىڭ رولىدىن تۆۋەن تۇرمايدۇ. ئۇلار ئەرلەرنى يېتىشتۈرىدۇ، ئىسلامدىن ئېلىنغان ئەخلاقىي چۈشەنچىلەر ۋە ئەدەب ـ ئەخلاقلار بويىچە ئەۋلادلارنى يېتىشتۈرىدۇ.

- پائالىيەتلىرىدە ئىسلامىي دائىرىدىلا بولىدىكەن باشقا ئىسلام ھەرىكەتلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرىغا ئېھتىرام قىلىش.

 بۇ ئەھدىنامە 36 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭ مۇھىملىرىدىن بىرى پەلەستىن ئازادلىق تەشكىلاتىنى ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتىگە ئەڭ يېقىن ھەرىكەت، دەپ قاراشتىن ئىبارەت. ئەمما، ئۇنىڭ سىكولارىستىك[2] پىكرىنى ئۆزىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلغانلىقىنى قوللىمايدۇ.

پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ يىلتىزى:

ھاماس ئۆز ئەھدىنامىسىنىڭ ئىككىنچى ماددىسىدا، ئۆزىنىڭ پەلەستىندىكى موسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتىنىڭ بىر قانىتى ئىكەنلىكىنى، پىكىر ۋە ئەقىدىلىرىنىڭ يىلتىزىنىڭ ئىسلامنىڭ ھايات، ئىنسان ۋە كائىنات توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرلىرىغا تۈتىشىدىغانلىقىنى ۋە سەلەپ ـ سالىھلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىنى ئۆزلىرىگە ئۈلگە قىلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ھاماس ھەرىكىتى پەلەستىندىكى جىھادىي ئىسلامىي ھەرىكەت بولۇپ، پەلەستىنىنىڭ غەززە رايونىدا مەيدانغا كەلگەن، كېيىن مۇستەملىكە ئاستىدىكى بارلىق پەلەستىن زېمىنىغا تارقالغان. ئۇنىڭ تۇنجى قوماندانى شەيخ ئەھمەد ياسىن، ئەللىك يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بىرى ئۆلتۈرۈپ قالغان. ھاماس ھەرىكىتى ئىسلامنى ئۆزىنىڭ مېتودى قىلغان. ئۇ ئىسلامنىڭ مەرھەمىتىنىڭ كەڭ ئىكەنلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرىدىغان ئىنسانپەرۋەر ھەرىكەت بولۇپ، ئىسلامنىڭ سايىسىدا بارلىق دىنلارنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ ياشاش ئىمكانىيىتى بار، دەپ قارايدۇ. شۇنىڭدەك، پەلەستىن زېمىنىنى بارلىق ئىسلام ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇلغان ۋەقف زېمىن بولۇپ، ئۇنىڭدا ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدا ئاشۇرۇۋېتىشكە ۋە ياكى ئۇنىڭدىن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىدىن ۋاز كېچىشكە بولمايدۇ، بۇنداق

قىلىشقا بىر ياكى بارلىق ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ھەققى يوق، پەلەستىندىكى يەھۇدىيلارغا قارشى جىھاد قىلىش بارلىق ئەر ـ ئايال مۇسۇلمانلارغا پەرز ئەين، دەپ قارايدۇ.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش مەنبەلىرى:

- ئەھمەد ئىززۇددىين: حركة المقاومة الإسلامية (حماس) في فلسطين، ئىسلامىي نەشر قىلىش، تارقىتىش نەشرىياتى- قاھىرە.

- ئىسلام قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى (ھاماس) نىڭ ئەھدىنامىسى.

- ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل ئېلان قىلىنىپ كەلگەن باياناتلىرى...

- سەئۇدى ئەرەبىستان: مجلة الدعوة، 1409ھ/ 10/ 13.

- "المجتمع" ژۇرنىلى نەشر قىلغان، مۇستەملىكە ئاستىدىكى پەلەستىن سۈرگۈن قىلىنغان ھاماسنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بىر قانچە قېتىملىق سۆھبەت.

- د.ئابدۇللاھ ئەززام: حماس حركة المقاومة الإسلامية في فلسطين، ھۇدا نەشرىياتى.

---

[1] شەيخ ئەھمەد ياسىننىڭ ھاياتىغا ئائىت بۇ مەلۇماتلار ئالدىنقى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇ چاغدا شەيخ ياسىن ھايات ئىدى. شۇڭا ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ مەلۇماتلارنى بورۇنقى شۇ ۋەزىيەتتە تورۇپ مۇلاھىزە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز- تەرجىمان.

[2] سېكولارىزم: بۇ ئاتالغۇ تىلىمىزدا ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئەسلىسى ئىنگلىزچىدىن كەلگەن بولۇپ، "دىندىن تاشقىرى ھاكىمىيەت تۈزۈمىنى ياقلاش، دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، بۇنى ئەرەبچىدىكى "ئىلمانىي" ياكى "تۈركچىدىكى "لايىق" ئاتالغۇلىرى بىلەن ئەمەس، ئىنگلىزچىدىكى سېكولارىم، دېگەن شەكىلدە ئالساق، ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ. چۈنكى ھازىر يۈسۈپ قەرداۋىيغا ئوخشاش بۇ تېمىدا مەخسۇس ئەسەر يازغان ئىسلام ئالىملىرىمۇ "ئىلمانىي" دەپ ئىلىشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. – تەرجىمان.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# "ئەلمىساق"نىڭ ماھىيىتى ۋە قىيامەتتىكى رولى

مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرى سەييىد ئەبۇل ئەئلا مەۋدۇدىنىڭ (ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن) "قۇرئان چۈشەنچىلىرى" ناملىق تەپسىرىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ، رەتلەپ چىقىلدى

"ئەلمىساق" دېگەن بۇ سۆز ئۇيغۇر تىلىمىزدا، ئىنسانلار دۇنيادا باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ قەدىمقي زامانىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئۆزۈندىن بۇيان خاتا ھالدا بۇزۇپ، ئىشلىتىلىپ كەلمەكتە. ھالبۇكى ئۇ پۈتكۈل ئىنسانلار دۇنياغا كېلىشتىن ئىلگىرى غەيب ئالەمدە باشتىن كەچۈرگەن ئەڭ ئېپتىخارلىق بىر كۈننىڭ ئاتىلىشى بولۇپ، شەرئىي ئىستىلاھتا (شەرئىي تېرمىنولىگىيەدە) ئۇ كۈن "ئەھدى ـ مىساق كۈنى" دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەل ئادەم ئەلەيھىسسالام يارىتىلىپ بولغان ۋە پەرىشتىلەرمۇ ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇسۇسىي سالاھىيىتىگە ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيلىك سالاھىيىتىگە سەجدە قىلىپ بولغان، ئەمما تېخىچە دۇنياغا چۈشۈرۈلمىگەن كۈن ئىدى. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا تا قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەم ئەۋلاتلىرىنى ئۆز ئالدىغا جەم قىلىپ، ئۇلارغا خەلىپىلىك مەرتىۋىسى ئاتا قىلىشتىن ئىلگىرى ھەممىيلەندىن ئەھدى ـ پەيمان ئالغان ئىدى. بۇ ھەقتە سۈرە ئەئرافنىڭ 172 ـ ۋە 173 ـ ئايەتلىرىدە:

"وَإِذْ أَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنِي ءَادَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَأَشْهَدَهُمْ عَلَى أَنْفُسِهِمْ أَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلَى شَهِدْنَا أَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيَامَةِ إِنَّا كُنَّا عَنْ هَذَا غَافِلِينَ . أَوْ تَقُولُوا إِنَّمَا أَشْرَكَ ءَابَاؤُنَا مِنْ قَبْلُ وَكُنَّا ذُرِّيَّةً مِنْ بَعْدِهِمْ أَفَتُهْلِكُنَا بِمَا فَعَلَ الْمُبْطِلُونَ"

"(ئى پەيغەمبەر! كىشىلەرگە ئەسلەتكىنكى،) ئۆز ۋاختىدا پەرۋەردىگارىڭ ئادەمنىڭ

پۈشتىدىن ئۇلارنىڭ (بارلىق) ئەۋلاتلىرىنى چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆز ـ ئۆزىگە گۇۋاھ قىلىپ: ـ مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدى. ئۇلار: ـ ئەلۋەتتە سەنلا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىزسەن، گۇۋاھلىق بېرىمىز ـ دېيىشتى".(بىزنىڭ بۇنداق قىلىشىمىز پەقەت) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ "بىز بۇنى بىلمەي قاپتىمىز" دەۋالماسلىقلىرى، ۋە ياكى "شېرىكچىلىكنىڭ ئىپتىداسىنى بىزدىن ئىلگىرى ئاتا – بوۋىلىرىمىز باشلىغان ئىكەن، بىزنىڭ پەقەت شۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغانلا يېرىمىز بار، سەن بىزنى (قاراپ تۇرۇپ) ئازغۇنلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن ھالاك قىلامسەن؟" دەۋالماسلىقلىرى ئۈچۈندۇر" دەپ خىتاب قىلىنغان.

نۇرغۇنلىغان ھەدىسلەر بۇ ۋەقەنىڭ ئادەم ئەلەيھىسسالامنى ياراتقان ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا خۇددى ئىنسانىنىڭ زېمىنغا خەلىپە ئىكەنلىكىنى جاكارلاپ، پۈتكۈل پەرىشتىلەرنى يىغىپ، دەسلاپقى ئىنسانغا سەجدە قىلدۇرغانغا ئوخشاش، قىيامەت كۈنىگە قەدەر پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بارلىق ئادەم ئەۋلادلىرىنىمۇ تەڭ بىرلا ۋاقىتتا ئىنسانىي ۋۇجۇد ۋە تولۇق ئىنسانىي ئاڭ ئاتا قىلىش ئاساسىدا ئۆز ئالدىغا يىغقان، ۋە ئۇلاردىن ئۇزىنىڭ بىردىن بىر پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق ئالغان. بۇ ئايەتكە نىسبەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسى ئاساسىدا ھەزرىتى ئىبنى كەئب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغان تۆۋەندىكى بايانلار ناھايىتىمۇ ياخشى چۈشەندۈرۈش بولالايدۇ:

(ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەرگە تەۋە بارلىق ئەۋلادلىرىنى ئۆز ئالدىغا يىغىپ، ئايرىم ـ ئايرىم رەتلەپ چىققاندىن كېيىن، ئۇلارغا ئىنسانىي شەكىل ۋە ئىنسانىي ئاڭ ئاتا قىلىش ئاساسىدا، ئۇلارنى ئۆز ـ ئۆزىگە گۇۋاھ قىلىپ: ـ مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىغان ئىدى.

ئۇلار: ـ ئەلۋەتتە سەنلا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ـ دەپ جاۋاب قايتۇردى.

ئاندىن ئاللاھ ئۇلارغا: ـ "قىيامەت كۈنى بىز بىلمەي قاپتىكەنمىز" دەپ تۇرىۋالماسلىقىڭلار ئۈچۈن مەن سىلەرنىڭ بۇ سۆزىڭلارغا پۈتۈن ئاسمان، زېمىننى ۋە ئاتاڭلار ئادەمنى گۇۋاھ قىلىپ بەلگىلەيمەن، شۇنى ياخشى بىلىپ قويۇڭلاركى، مەندىن باشقا سىلەرنىڭ ئىبادەت قىلىشىڭلارغا ھەقلىق ھېچ ئىلاھ، مەبۇد يوقتۇر. مەندىن باشقا ھېچ كىشى سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار بولالمايدۇ. ماڭا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەڭلار، مەن سىلەرگە ئۆز پەيغەمبەرلىرىمنى ئەۋەتىمەن، ئۇلار سىلەرگە بۇ قىلىۋاتقان ۋەدەڭلارنى ئەسلىتىدۇ، سىلەرگە مەن يەنە كىتابلىرىمنىمۇ نازىل قىلىپ تۇرىمەن ـ دېدى.

بۇنىڭغا بارلىق ئىنسانلار بىردەك: ـ بىز گۇۋاھلىق بېرىمىزكى، سەنلا بىزنىڭ پەرۋەردىگارىمىز ۋە ھەقىقى ئىلاھىمىزسەن. سەندىن باشقا بىزنىڭ ھېچقانداق رەببىمىز ۋە ئىلاھىمىز يوق ـ دەپ جاۋاب بەردى)

نۇرغۇنلىغان ئۆلىمالار "بۇ بایاندا تەمسىلچىلىك ئۇسلۇبى ئىشلىتىلگەن" دەپ قارىشىدۇ. ئۇلار "بۇ ئايەتنىڭ ئەسلىدە كىشىلەرگە بىلدۈرۈپ قويماقچى بولىۋاتقان مەقسىتى، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بىردىن ـ بىر ئىلاھ ئىكەنلىكىنى بىلىشنىڭ ئەزەلدىنلا سىڭدۈرۈۋېتىلگەنلىكىدىنلا ئىبارەتتۇر. شۇڭلاشقا بۇيەردە بۇ ئىش خۇددى غەيىب ئالەمدە يۈز بەرگەن ئەمەلىي ۋەقەدەك بىر شەكىلدە تەمسىل ئورنىدا بايان قىلىنماقتا" دەپ قارىشىدۇ. ئەمما بىز بۇ خىل قاراشنى توغرا تاپمايمىز. چۈنكى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردىمۇ بۇ ئىش راستىنلا يۈز بەرگەن بىر ئەمەلىي ۋەقە سۈپىتىدە بايان قىلىنغان. بەلكى تېخى، ۋەقە سۈپىتىدە بايان قىلىش بىلەنلا توختاپ قالماستىن "قىيامەت كۈنى بۇ دەسلاپىقى ۋەدە ئىسپات ئورنىدا ئادەم ئەۋلادلىرىنىڭ ئالدىغا قويىلىدۇ" دەپمۇ بايان قىلىنغان.

شۇڭلاشقا بۇنى تەمسىلچىلىك ئۇسلۇبى دېيىشكە ھېچ قانداق ئاساس يوق. بىزنىڭ قارىشىمىزچە بۇ خۇددى غەيىب ئالەمدە يۈز بەرگەن باشقا نۇرغۇنلىغان ھادىسىلەرگە ئوخشاش ھەقىقەتەن بولۇپ ئۆتكەن بىر رېئال ۋەقەدۇر. شۇ چاغدا ئاللاھ تائالا قىيامەتكىچە پەيدا قىلىشنى ئىرادە قىلغان بارلىق ئىنسانلارغا بىرلا ۋاقىتتا ھاياتلىق، ئىنسانىي ئاڭ ۋە كۆرۈش قۇۋۋەتلىرىنى ئاتا قىلىش ئاساسىدا، ئۇلارنى ئۆز ھوزۇرىغا ھازىر قىلغان. ئاندىن ئۇلارنى ئاللاھدىن باشقا ھېچ قانداق رەب ۋە ئىلاھنىڭ يوقلۇقى ھەمدە ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، ئاللاھقىلا ئىبادەت ۋە ئىتائەت قىلىش (يەنى، ئىسلام) دىن باشقا توغرا يولنىڭ يوقلۇقىدىن ئىبارەت بىردىن - بىر ھەقىقەت بىلەن ئاگاھلاندۇرۇپ ۋەدە ئالغان. بۇ خىل چوڭ يىغىلىشنى ئەگەر ھەرقانداق بىر كىشى ئىمكانىيەتتىن يىراق، دەپ قارايدىكەن، بۇ ئۇنىڭ تەپەككۇر جەھەتتىكى چۈلتىلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەمەلىيەتتە خۇددى ئىنسانلارنىڭ پەيدىن ـ پەي، تەدرىجى كۆپىيىشى پۈتۈنلەي ئىمكانلىق ئىش بولغىنىدەك، ئىنسان يارىتىلغان دەسلەپكى شۇ كۈندە، بارلىق ئىنسانلارنىڭ بىراقلا ئوتتۇرىغا چىقىرىلىشى ۋە ئاخىرىدا يەنە بىراقلا غايىب قىلىنىپ، قايتىدىن پەيدىن ـ پەي دۇنياغا كېلىشىمۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگە نىسبەتەن مۇتلەق ئىمكانلىق بىر ئىش. يەنە كېلىپ، ئىنسانغا ئوخشاش ئاڭ ۋە ئەقلىنىڭ ساھىبى بولغان، شۇنداقلا ئىش، ئەمەللىرىدە تاللاش ئەركىنلىكى بولغان بىر مەخلۇقنى زېمىنغا خەلىپە قىلىپ تەيىنلەشتىن ئىلگىرى ئاللاھ تائالانىڭ ئۇنى ھەقىقەتتىن تولۇق خەۋەرلەندۈرۈپ، ۋاپادارلىقا(Oart of allegiance) ئەھدى ئېلىشى ئەقىلگە ناھايىتىمۇ ئۇيغۇن بىر ۋەقە. راستىنى ئېيتقاندا، ئەجەپلىنىشكە توغرا كەلسە، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىگە ئەمەس، بەلكى يۈز بەرمەسلىكىگە ئەجەپلەنسەك بولىدۇ.

يۇقىرىقى ئايەتتە دەسلىۋىدىلا بارلىق ئىنسان ئەۋلادلىرىدىن ئەھدى ئېلىنغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنسانلار ئىچىدىكى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان گۇناھكارلارنىڭ

قىيامەت كۈنى ئۆز جىنايىتىگە ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدىغانلىقى، جىنايەتلىرى ئۈچۈن بىلمەسلىكنى بانا قىلىۋالالمايدىغانلىقى ياكى ئالدىنقى ئەجداتلىرىنىڭ خاتالىقىغا ئارتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى جاۋابكارلىقتىن قاچالمايدىغانلىقى ئۇختۇرۇپ قويۇلغان.

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، خۇسۇسىي جەھەتتىن ھەر بىر ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئاللاھ تائالانىڭ تەنھا ئىلاھ ۋە تەنھا پەرۋەردىگار ئىكەنلىكىگە بولغان "بىلىش" ئەزەلدىنلا مەۋجۇت بولىدۇ. شۇڭا ئىنساننىڭ مۇتلەق خەۋەرسىز ئىكەنلىكى ياكى بۇلغانغان مۇھىت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى سەۋەبى بىلەنلا جاۋابكارلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا ئاللاھ تائالا دەل ئەنە شۇ دەسلەپكى ئەھدىنى دەلىل قىلىدۇ.

ئەمدى بۇ يەردە "ئەگەر بۇ ۋەدىلىشىش ۋەقەسى راستىنلا يۈز بەرگەن بولسا، ئۇنداقتا بۇ ۋەقە بىزنىڭ ھېس، تۇيغۇ، ئەس، خاتىرلىرىمىزدە ھازىرمۇ ساقلانغانمۇ؟ بىزدىن بىرەر كىشى شۇ چاغدا ئاللاھنىڭ ئالدىغا ھازىر بولۇپ "مەن سىلەرنىڭ پەرۋەردىگارىڭلار ئەمەسمۇ؟" دېيىلگەن سوئالغا "ئەلۋەتتە پەرۋەردىگارىمىز" دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى بىلەمدۇ؟ ياكى ئەسلىيەلەمدۇ؟ ئەگەر بىلمەيدىكەن ياكى ئەسلىيەلمەيدىكەن، ئۇنداقتا، ئەس، خاتىرىسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن بۇ ئەھدىنى قانداقسىگە جازالاش ئۈچۈن دەلىل قىلغىلى بولسۇن؟ دېگەندەك سوئاللارغا دۇچ كېلىمىز.

بۇنىڭ جاۋابى شۇكى، ئەگەر بۇ دەسلاپقى ۋەدە ئىنساننىڭ ئەس، خاتىرىسىدە شۇ پېتى ساقلىنىدىغان ئىش بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا ئىنساننى دۇنيادىن ئىبارەت بۇ ئىمتىھان مەيدانىغا ئەۋەتىشنىڭ قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغان بولاتتى. بۇ سىناق ۋە ئىمتىھانلارنىڭ ھەممىسى مەنىسىز بولۇپ قالغان بولاتتى. شۇڭلاشقا بۇ ۋەدە گەرچە ئىنساننىڭ ئەس، خاتىرىسىدە شۇ پېتى ساقلانمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئىنساننىڭ روھى تۇيغىسى

(Sub - conscious mind) غا ۋە ۋىجدانى تۇيغۇسى (Intuition) غا چۇڭقۇر يەرلەشتۇرۇۋېتىلگەن. بۇ ۋەدىنىڭ خاراكتېرى ئىنسان تەبىئىتىدىكى تۇغما تالانت، روھىي تۇيغۇ ۋە ۋىجدانىي بىلىش بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

مەسىلەن: ئەخلاق، ماددىي ۋە مەنىۋىي مەدەنىيەت جەھەتتىن بۈگۈنگە قەدەر ئىنسانلاردا كۆرۈنىپ كەلگەن تۈرلۈك ئىقتىدار، سالاھىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتە ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا ئەزەلدىنلا سىڭدۈرۈۋېتىلگەن ئىچكى تالانت (Potentially) بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. تاشقى ئامىللار ئىچكى تالانتقا تەسىر كۆرسەتكەندە، ئاندىن ئۇنى ئاران دېگەندە پائالىيەتچان بىر كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەيدانغا چىقارالايدۇ. ھەممىگە مەلۇمكى، ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بار بولمىغان تالانتنى ھەر قانداق بىر تەلىم، تەربىيە، ياكى مۇھىت تەسىرى ۋەياكى فىزىئولوگىلىك ئۆزگىرىشلەرنىڭ ھېچبىرى ھەرگىز پەيدا قىلالمايدۇ. بۇ پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىدىغان ئوچۇقلا بىر ھەقىقەت. شۇنۇڭدەك ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بار بولغان تالانتنى يۇقىرىقى ۋاستىلەرنىڭ ھەممىسى پۈتۈن كۈچىنى ئىشلىتىپمۇ، مۇتلەق يوقىتىۋېتەلمەيدۇ.  بەك بولغاندا، ئۆز تەبىئىتىدىن (Pervert) بۇرمىلىۋېتەلەيدۇ. ئەمما تالانت بارلىق بۇرمىلىنىش ۋە تېيىلدۇرۇشلەردىن كېيىنمۇ يەنىلا ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىدا ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ساقلاپ قالىدۇ ۋە ھەر دائىم سىرتتا نامايەن بولۇش ئۈچۈن كۈچەپ ھەرىكەتلىنىۋاتقان بولىدۇ. ھەمدە تاشقى غىدىقلىنىشقا ئىنكاس قايتۇرۇش ئۈچۈن دائىم تەييارلىقتا تۇرغان بولىدۇ. بىراق بۇلارنى بايقاش پۈتۈنلەي روھىي تۇيغۇ ۋە "ۋىجدانىي بىلىش" بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىزدىن ئىپادىلىنىۋاتقان تۈرمۇشتىكى رىئال ئەمەلىيەتلەر ۋۇجۇدىمىزدىكى تالانتلارنىڭ راستىنلا مەۋجۇتلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. تالانتنىڭ رېئاللىقتا نامايەن بولۇشى تاشقى غىدىقلىنىش، ئەسلىتىش، تەلىم، تەربىيە، مۇھىت تەسىرى قاتارلىقلارنى جىددىي تەقەززا قىلىدۇ. دەرۋەقە، بىزدە ئىپادىلىنىۋاتقان ئالاھىدە

سالاھىيەتلەرنىڭ ھەممىسى ۋۇجۇدىمىزدىكى تالانتتىن ئىبارەت مەۋجۇتلۇقنىڭ مەزكۇر تاشقى غىدىقلىنىشقا قايتۇرغان ئەمەلىي ئىنكاسى بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ئىچكى خاتا خاھىشلار ۋە تاشقى ناتوغرا تەسىرلەر بولسا، ئىچكى تالانتنى بېسىپ، پەردە يېپىپ، بورمىلاش، تېپىلدۇرۇش ئارقىلىق كۆچتىن قالدۇرالايدۇ. ئەمما پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ. شۇڭلاشقا ئىچكى تۈيغۇ ۋە تاشقى تىرىشچانلىق ئارقىلىق ئۇلارنى ئىسلاھ قىلغىلى مەيدانغا چىقارغىلى ۋە پۈتۈنلەي ياخشىلىۋالغىلى بولىدۇ.

بىزنىڭ كائىناتتىكى ھەقىقىي سالاھىيىتىمىزنى ۋە كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بىلەن بولغان ئۈزۈلمەس مۇناسىۋىتىمىزنى بىلدۈردىرىدىغان ئەنە شۇ "ۋىجدانىي بىلىشىمىز" مۇ دەل يۇقىرىقىدەك ئىچكى تالانت بولۇش خاراكتېرىگە ئىگە. تارىختىن بۇيان بۇ خىل "بىلىش" نىڭ ھەر قايسى دەۋر ۋە رايونلاردا، ھەر قايسى مىللەت ۋە قەبىلىلەردە دائىم باش كۆتۈرۈپ چىققانلىقى، شۇنداقلا دۇنيادىكى ھەر قانداق بىر كۈچنىڭ ئۇنى مۇتلەق يوق قىلىۋېتىشكە قادىر بولالمىغانلىقى دەل ئۇنىڭ ئىنسانىيەت ۋۇجۇدىدىكى ئەزەلدىنلا مەۋجۇتلىقىغا دەلىل بولالايدۇ. ھەمدە بۇ "بىلىش" نىڭ ھەر دائىم باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، ھاياتقا بىۋاستە ئىنقىلابىي تەسىرلەرنى كۆرسىتىپ، ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئۇنۇملۇك، ئېسىل نەتىجىلەرنى بەرپا قىلالىغانلىقى ئۇنىڭ مۇتلەق ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە دەلىل بولالايدۇ. ئەمما ئۇ باش كۆتۈرۈپ چىقىش ۋە ئەمەلى ئىپادىسىنى تېپىش ئۈچۈن دائىم بىر تاشقى غىدىقلىنىشقا موھتاج بولىدۇ. تارىختىن بويان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاملار ۋە ئىلاھى كىتابلار شۇنداقلا ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق ھەققانىيەت دەۋەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى دەل ئەنە شۇ "بىلىش" نىڭ مەزكۇر موھتاجلىقىنى قاندۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىمدە پەيغەمبەرلەرنى "مذكّر" (يەنى ئەسلەتكۈچى)، ئىلاھىي كىتاپلارنى "ذكر، تذكره" (يەنى ياد، ئەس, خاتىرە)، ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسىنى بولسا، "تذكير" (يەنى ئەسلىتىش) دەپ تىلغا ئالغان.

بۇنىڭ مەنىسى، "پەيغەمبەرلەر، ئىلاھىي كىتابلار، ۋە ھەققانىيەت دەۋەتچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسى ئىنساننىڭ ۋۇجۇدىغا بىرەر يېڭىلىقنى پەيدا قىلالمايدۇ، بەلكى پەقەت ئىنسان ۋۇجۇدىدا ئەزەلدىن بار بولغان ئەشۇ ئەھدىنى بىلىشتىن ئىبارەت ئىچكى تالانتنى باش كۆتۈرۈشكە ئۈندەيدۇ ۋە ئەسكە سالىدۇ" دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ خىل ئەسلىتىشكە قارىتا تارىختىن بويان ئىنسانىيەت تەبىئىتى تەرىپىدىن ھەر دائىم "لەببەيك! مانا بىز تەييار" دەپ جاۋاب بېرىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ئىنسان ۋۇجۇدىدىكى ئەشۇ "بىلىش" نىڭ ھەققانىيەت ساداسىنى تونۇپ، جاۋاب قايتۇرۇش ئۈچۈن ئەزەلدىنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە قوشۇمچە دەلىل بولالايدۇ.

تارىختىن بويان مۇتەئەسسىپ جاھالەت، نەپسى خاھىشلار ۋە ھالاكەتلىك شەيتانىي تەلىم ـ تەربىيىلەر دائىم مەزكۇر "بىلىش" نى بېسىپ كەلگەن. نەتىجىدە شېرىكچىلىك، دىنسىزلىق، ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك، رەزىللىك ۋە ھەرخىل ئازغۇنلۇقلار مەيدانغا كەلگەن. لېكىن رەزىللىكنىڭ بۇ بارلىق كۈچلىرى بىرلىكتە قىلغان پۈتۈن سۇيىقەستلىك ھۇجۇملارمۇ يەنىلا ئىنساننىڭ قەلب تاختىسىغا پۈتۈۋېتىلگەن ئاشۇ "بىلىش" نى مۇتلەق يوقىتىۋېتەلمىگەن. شۇڭلاشقا ھەرقېتىملىق ئەسلىتىش ۋە يېڭىلاش ھەرىكەتلىرى دائىم ئۈنۈم قازىنىپ كەلگەن.

شەكسىزكى، ھازىرقى دۇنيادىكى ھەققانىيەتكە پەردە يېپىش كويىدا بولۇپ يۈرگەن كىشىلەر سۆزمەنلىككە تايىنىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئەزەلدىنلا بار بولغان مەزكۇر "بىلىش" نى ئىنكار قىلىپ، ياكى گۇمانلىق دەپ قاراپ يۈرەلەيدۇ. ئەمما قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تائالا مەزكۇر دەسلاپقى چوڭ يىغىلىشنى ۋە ئاللاھنى "تەنھا ئىلاھىمىز، تەنھا رەببىمىز" دەپ ئېتىراپ قىلىشقانلىقىنى قايتىدىن ئۇلارنىڭ ھېس، تۇيغۇلىرىدا، ئەس، خاتىرىلىرىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ھەمدە بۇ ئەھدىنىڭ دائىم ئۇلارغا ھەمراھ

بولۇپ كەلگەنلىكىنى بولسا، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن ۋە ئاڭسىز رەۋىشتە دۇنيادا قايتۇرغان ئەمەلىي ئىنكاسلىرىدىن ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ هاياتلىق خاتىرىسىنى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئاشكارا كۆرسىتىپ، مەزكۇر ئەھدىنى قانداقلارچە باستۇرۇپ خۇنۇكلەشتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، قانداق ۋە قايسى جايلاردا ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن ساداقەتنىڭ شۇۋىرلاشلىرى ئاڭلانغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋىجدانلىرى قانداق چاغدا ۋە قانداق جايدا ئۆزگۆرۈدىكى ۋە ئەتراپتىكى رەزىللىكلەرگە قارشى سادا ياڭراتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدا يوشۇرۇنغان ئاشۇ مۇقەددەس "بىلىش" نىڭ قەيەردە ۋە قانداق چاغلاردا ھەققە چاقىرغۇچىلارغا ئاۋاز قوشۇش ئۈچۈن قانچە ـ قانچە قېتىم بېچارىلەرچە تىپچەكلىگەنلىكىنى، شۇنداق تۇرۇغلۇقمۇ، يەنىلا ئۇلارنىڭ مۇتەئەسسىپلىك بىلەن ئۆز نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگىشىپ، قانداق ھىيلە ـ نەيرەڭ، بانا ـ سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنى سۇكۇت قىلىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىدۇ. بارلىق سىرلار ئاشكارىلىنىدىغان بۇ كۈن، سۆزمەنلىك قىلىدىغان ياكى بانا ـ سەۋەب كۆرسىتىدىغان ئەمەس، بەلكى پەقەت جىنايەتنى ئېتىراپلا قىلىدىغان كۈنگە ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە:

"وَشَهِدُواْ عَلَى أَنفُسِهِمْ أَنَّهُمْ كَانُواْ كَافِرِينَ" "ئۇ چاغدا جىنايەتچىلەر ئۆزىگە ـ ئۆزى ئىسپات بولىدۇ. (يەنى "بىز بىلمەي قاپتىمىز ياكى غەپلەتتە قاپتىمىز" دېيەلمەيدۇ) ئەكسىچە "بىز ھەقىقەتەن كاپىر ئىكەنمىز" (يەنى، بىز قەستەن ھەقنى ئىنكار قىلغان ئىكەنمىز) دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ)"❶ دەپ توختالغان.

---

❶ سۈرە ئەئراف، 37 ـ ئايەت.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# بىزگە ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك!

(پاكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئۇسمانىنىڭ شۇناملىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ھىجازنىڭ پايتەختى "مەككە مۇكەررەمە" ئىسلام ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن فەتھى قىلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ كۈچ ـ قۇدرەتكە تولغان ئەمدىكى ھەيۋەتلىك ئوبرازىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا ئىلگىرى ھەققانىيەتنى ئاددى ـ ساددى قىياپىتى ئىچىدە تونۇشتىن ئىنكار قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلۈكسىز ئىمان ئېيتىشقا باشلىدى. ھەققانىيەت ئىلگىرى يالغۇز بىرلا ئىنسانىنىڭ ئاۋازى ھېسابلانغان بولسا، ئەمدىلىكتە، قانچە مىڭلىغان ئاۋازلارنىڭ ياڭراق سادىسىغا ئايلىنىپ، جاھالەت كىرلىرى قاپلاپ كەتكەن ئەسەبىي قۇلاقلاردىن ئۆتۈپ، ئەسەبىيەتنىڭ شاقاۋەت چىرماپ كەتكەن كۆكرەكلىرىدىمۇ ئاجايىپ ئەزىم ئىنقىلابىي دولقۇن پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئەمما مەككىگە يېقىن بىر قانچە خوشنا رايونلار تېخىچە زۇلمەتنىڭ قارا سايىسىدىن، مۇشتۇمزورلۇق بىلەن جاھىلانە ئۆچمەنلىكنىڭ ئىددىيىۋىي مەجنۇنلىقىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. ئۇلار ھەق بىلەن ناھەقنى قەلب، ئەقىللىرىگە تايىنىپ ئەمەس، بەلكى قىلىچ، ئوقيالىرىغا تايىنىپ ئايرىپ چىقماقچى بولىۋاتاتتى. ئۇلار تېخىچە "ئىنسان قۇرالغا تايىنىپ خۇداغا جەڭ ئاچالايدۇ" دېگەن ئەخمىقانە ھالاكەتلىك چۈشنى كۆرۈشتىن توختىمىغان ئىدى.

بۇ ئاخىرقى قېتىملىق ئاسىيلىق ھەرىكىتىگە ھەۋازىن قەبىلىسى بىلەن سەقىف قەبىلىسى باشلامچىلىق قىلماقتا ئىدى. ئۇلار مەككىنىڭ فەتھى قىلىنغانلىقىنى كۆرۈپلا دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئەتراپتىكى باشقا قەبىلىلەرگىمۇ نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىكنىڭ ئوتلىرىنى يامرىتىشقا باشلىدى. نەتىجىدە شەيتانىيەتنىڭ بۇ ئاخىرقى قالدۇق كۈچلىرى ئوقدانلىرىنى لىقلاپ، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ، ھۇنەين مەيدانىدا جەڭگە تويلاشتى.

گەرچە ئىسلام قوشۇنىنىڭ شۇ پەيتتىكى سانى ئون ئىككى مىڭدىن ھالقىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپ ساندىكىلەر ھەققانىيەتنى غۇربەت زامانىدا نەپرەت بىلەن چەتكە قېقىپ، غەلىبە قۇچۇپ، يۈكسەلگەن پەيتىدە

ئاندىن كۆكرىكىگە باسقانلار ئىدى. شۇڭلاشقا ئۆلۈم خەۋپى كۆزىنى ئالايتىپ ئۇلارغا "سىلەر راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟" دەپ غەزەپلىك تىكىلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ زادى قانچىلىك پۈت تىرەپ تۇرالايدىغانلىقىغا بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى.

يەنە كېلىپ، ھاۋازىن قەبىلىسى ئوقيا ئېتىش ماھارىتىدە "تەڭدىشى يوق" دەپ ھەممىگە تونۇلغان بولۇپ، بۇ قېتىم ئۇلار ئۆز ماھارىتىنىڭ كارامىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ھۇنەيىن مەيدانىغا چىققاندا، باشقا قەبىلىلەردىن كەلگەنلەرنىڭ قېتىلىشى بىلەن ئەسلىدىكى مىڭلىغان ئوقياچىلىرىنىڭ سانى نەچچە ھەسسە ئارتىپ كەتتى. زەھەرگە مىلەنگەن ئوقيالارنىڭ تەڭلا ئېتىلىشى بىلەن خۇددى كۆك يۈزىنى پۈتۈنلەي قارا بۇلۇت قاپلاپ كەتەندەك قورقۇنچلۇق ھالەت شەكىللەندى. مۇجاھىدلارنىڭ كۆپ قىسمى يامغۇردەك يېغىۋاتقان ئوقيالارنىڭ تۈنجى زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي، پاتىپاراق بولۇپ ئارقىغا چېكىنىشكە باشلىدى. بىراق ئاسماندىن ئۆلۈم يامغۇرى يېغىۋاتقان زېمىندا پاناھلانغىدەك كىچىككىنە يەرمۇ تاپقىلى بولمايۋاتقان، ھالاكەت يېرتقۇچلارچە ئېغىزىنى ئاچقان پېتى گۈكىرەپ كېلىۋاتقان، ھەتتا ئىسلامنىڭ قانچىلىغان قورقماس شىر يۈرەك مەرتلىرىمۇ ئامالسىز مەيداندىن يۈز ئۆرىشكە باشلاۋاتقان ئەنە شۇنداق ۋەھىملىك پەيتلەردە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەرەبىي سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەدەملىرى ئۆز ئورنىدىن قىمىرمۇ قىلماي مەھكەم قادىلىپ تۇرماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە ھالاكەت كەلكۈنىنىڭ باستۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئۆزىنىڭ سۇنماس قاناتلىرى ھېسابلىنىدىغان پىداكار مۇجاھىدلارنىڭ پاتىپاراق بولۇپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىلچە تەۋرىنىپ قالماستىن، يېغىۋاتقان ئوقيالار ئارىسىدا بەھەيۋەت تاغدەك قەد كۆتىرىپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مۇقەددەس جامالىدىن غەم - ئەندىشە، ھەيرانلىق دېگەننىڭ زەررىچە ئەسىرىنىمۇ كۆرگىلى بولمايتتى، بەلكى پەۋقۇلئاددە خاتىرجەملىك بىلەن ئەيمىنىشلىك تەمكىنلىكنىڭ مۇقەددەس نۇرلىرى جىلۋىلىنىپ تۇرماقتا ئىدى. گۇيا سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزىنى جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان پىداكار ھەمراھلىرىنىڭ بوگۈنكى كۈندە يالغۇز تاشلاپ قېچىۋاتقانلىقىغا قىلچە قايغۇرمىغاندەك، ئۆلۈمگە پىسەنتمۇ قىلمايدىغان

شېھىتلىك ئارزۇسىدا پەرۋانە پىداكار مۇجاھىدلارنىڭ بۈگۈنكى بۇ ئەھۋالىغا زادىلا ھەيران بولمىغاندەك خاتىرجەم ئىدى.

دەرۋەقە، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇنداق قورقماس مەردانىلىقى دەل ھەقىقىي پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە بولغان قەلبىدىكى قەتئىي ئىشەنچتىن باشقا نەرسىنىڭ ھاسىلى ئەمەس ئىدى. بۇ ئىشەنچ ئۇنىڭ جامالىدا پەۋقۇلئاددە ھەيۋەتلىك تەمكىنلىكنى بارپا قىلىپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۋاتقان بولسا، ئۇنىڭ جامالىدا پارلاپ تۇرغان تەڭداشسىز گۈزەللىك نۇرى، مەڭگۈ يېڭىلمەس كۈچكە ئايلىنىپ، ئىمان، ئىشەنچ، سەبىر، قانائەت، تەۋەككۇلچىلىق ھەم خاتىرجەملىكنىڭ ئەبەدىي نۇر چەشمىسىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى.

بۇ قېتىمقى چېكىنىشنىڭ سەۋەبىي سىنالمىغان يېڭى مۇجاھىدلارنىڭ تەجرىبىسىزلىكىدىنمۇ؟ ياكى بىردىنلا ھەممە يەرنى ئۆلۈم دەھشىتى قاپلاپ كەتكەنلىكىدىنمۇ؟ مەيلى نېمىلا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئەمدىكى مەسىلە "ئەجەبا چېكىنىش ئېقىنىدا ئىختىيارسىز ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەزىمەتلەر پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەشۇ ئىشەنچ نۇرى ئاستىدا قايتىدىن بۇ ئۆلۈم كەلكۈنىگە قارشى پۇت تىرەپ تۇرالامدۇ، يوقمۇ؟ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جانبازلىرى ئۇنىڭ ئىشقىدا قۇربان بولۇش ئۈچۈن يەنە قايتىدىن ئارقىغا بۇرۇلۇپ قايتىپ كېلەلەمدۇ، يوقمۇ؟ ئوھۇد مەيدانىدىكى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇرۇلغان قىلىچلارنى پىداكار ئەزىمەتلەر يالىڭاچ قوللىرى بىلەن تۇتىۋالغان، ۋەھشىيلەرچە ياغدۇرۇلغان ئوقيالارنى ئۆز كۆكرەكلىرى بىلەن توسۇپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئوقدانلىرىنى قۇرۇغدىتىپ قويغان، ئۆلۈم ھالاكىتى مىخلىغان ئوق، نەيزىلەرنى ئىشقا سېلىپمۇ مۇجاھىدلارنىڭ قىلبىگە قىلچە قورقۇنچ سالالمىغان، ھەتتا ئۇنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن ئىنسانىيەتنىڭ پۈتۈن ھېسسىياتلىق لۇغەتلىرىدىن بىرەر مۇناسىپ سۆزنىمۇ تاپقىلى بولمايدىغان ئەشۇ مۇقەددەس پىداكارلىقنىڭ مەنزىرىسىنى تارىخ ھۆنەين مەيدانىدا يەنە قايتا بىر قېتىم كۆرەلەمدۇ، يوقمۇ؟" دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەتئىي ئىشەنچكە تولغان ھالدا "ئى ئەنسارلار جامائەسى!" دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى.

ئوڭ تەرەپتىن "مانا بىز تەييار، يا رەسۇلۇللاھ! مانا بىز تەييار!" دېگەن پىداكارانە ئۆچمەس سادا ياڭراشقا باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سول تەرەپتىكى مۇسۇلمانلارنى چاقىرىۋىدى، ئۇلاردىنمۇ "مانا بىز تەييار، يا رەسۇلۇللاھ! مانا بىز تەييار!" دېگەن ئالدىنقىدىنمۇ كۈچلۈك بىقارار سادا ياڭراشقا باشلىدى.

ئەتراپتىكى بۇ ئازغىنا ئىنسانلارنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاجايىپ جۇشقۇن ھالدا ئاتتىن سەكرەپ چۈشكەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "مانا مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە پەيغەمبىرى! مانا مەن ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ ئوغلى!" دېگەن ساداسى پۈتۈن ھۇنەيەن مەيدانىنى لەرزىگە كۆتۈرۈشكە باشلىدى.

بۇنى ئاڭلاش بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆھتىرەم تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "كېلىڭلار، ئى ئەنسارىلار! كېلىڭلار! كېلىڭلار، ئى ئىسلام ئۈچۈن جانىنى قۇربان قىلىشقا ئەھدى بەرگەن مۆمىنلەر كېلىڭلار! ئالغا ئىلگىرىلەڭلار!" دەپ توۋلىدى.

بىردىنلا چېكىنىپ قېچىۋاتقان ئىسلام لەشكەرلىرى روھلىنىپ، ئارقىغا بۇرۇلغانچە، ھەتتا ئات، ئۇلاغلىرى يېتىشەلمەي قالسىمۇ، سەكرەپ چۈشۈپ ئۆزى يۈگۈرۈپ كەتكۈدەك دەرىجىدە شىددەت بىلەن ئالغا ئېتىلىپ ئىلگىرىلەشكە باشلىدى. شېھىتلىكنىڭ بۇ مەستانە پەرۋانىلىرى ئۆلۈمنىڭ كۆزىگە كۆز سېلىپ تىكىلىپ قاراش ئۈچۈن ھەتتا مۇداپىئە قوراللىرىنىمۇ، قالقان، ساۋۇت كىيىملىرىنىمۇ چۆرۈپ تاشلاپ، ئوقيا يامغۇرىدا جىھاد شۇئارىنى ياڭراتقىنىچە، شۇنداق تېز بۇراندەك ئېتىلىپ يۈگۈردىكى، دۈشمەنلەرنىڭ گىرەلەشكەن پولاتتەك مۇستەھكەم سەپلىرىنى بىردەم ئىچىدىلا خۇددى ئەسكى كىگىزنى يىرتىپ تاشلىغاندەك پارە ـ پارە قىلىۋەتتى. ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ جەڭۋازلىرى بولسا، ئۆلە ـ تىرىلىشىگە قارىماي، بەدەر تىكىۋېتىشتىن باشقا يول تاپالمىدى.

ئەمدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇرۇش تائىفنىڭ ئىنتايىن مۇستەھكەم قەلئەسى ئەتراپىدا داۋاملاشماقتا ئىدى. چۈنكى ھۇنەيەن مەيدانىدىن قاچقان ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسى تائىف قەلئەسىنىڭ ئىچىگە

كېرىۋالغان ۋە سىپىل ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ، ئۈستىدىن ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىغان ئىدى. ھۇنەيەن مەيدانىدا بىرىنچى قېتىملىق ئوقيا ھۇجىمىنىڭ زەربىسىدە پات ـ پاراق بولۇپ چېكىنگەن ئىسلام قوشۇنلىرى مانا ئەمدىلىكتە، تائىف قەلئەسىنى قورشاپ، ئۈستىدىن يېغىۋاتقان ئوقيالارغا پەۋاسىز سىپىلغا ياماشماقتا ئىدى. بۇ ھۇجۇم نەچچە كۈنگە قەدەر داۋاملاشقان بولسىمۇ قەلئەگە بۆسۈپ كىرىشكە ئىمكان بولماي، ئاخىرى ئىسلام لەشكەرلىرى "جەئرانە" دېگەن يەردە جىددىر ـ بارىگاھ قۇردى.

شۇنداق قىلىپ، مۇسۇلمانلار قەلئەنى ئۆز ھالىغا تاشلاپ "جەئرانە" گە يېنىپ كەلدى، ئەمما ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تائىفنىڭ ئەشۇ قاباھەتلىك ئاسمىنىغا رەھمەتلىك دۇئالىرىدىن نۇر چېچىپ كەلگەن ئىدى.

قانخورلۇقنىڭ رەزىل ھېسسىزلىقى قەلئەنىڭ تۆتىلى ئەتراپىدىن مۇجاھىدلارغا رەھىمسىزلەرچە ئوق ياغدۇرىۋاتقان، ئۇلارنىڭ تەرسالىقىدىن جاق تويغان مۇجاھىدلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىلتىماس قىلىپ، بەددۇئا قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان شۇنداق بىر پەيتتە ، ئىككىلى ئالەم ئۈچۈن رەھمەت قىلىپ ئەۋەتىلگەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى ئېگىز كۆتىرىپ ئۇلارغا ئەپۇ، رەھمەت ئۈچۈن دۇئا قىلغان ئىدى.

شۇنداق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ زېمىنىنى ئىنسانىيەت جەۋھەرلىرىنىڭ قانلىرى بىلەن بويىماقچى بولىۋاتقان دەل ئەشۇ ياۋۇز ئىنسانلارغا دۇئا قىلغان ئىدى. قەلب تۈيغۇلىرى تاشتەك ھېسسىز، پولاتتەك قاتمال بولۇپ كەتكەن زالىملارغا دۇئا قىلغان ئىدى. پەيغەمبەرنىڭ قېنىنى ئىچىش ئارقىلىق ئىنتىقام تەشنالىقىنى قاندۇرماقچى بولىۋاتقان ياۋۇز، ۋەھشىيلەرگە دۇئا قىلغان ئىدى.

شۇنداق، ئىنسانلار تەرىپىدىن سېلىنغان زۇلۇم ـ ستەملەرگە ئەپۇ رەھمەت نەزىرى بىلەن باقىدىغان زات دۇئا قىلىۋاتماقتا ئىدى. جەھەننەمدە كۆيگۈچىلەرگە ھەسرەتلىنىپ، ئاللاھغا يىلىنىپ يىغلايدىغان زات دۇئا قىلىۋاتماقتا ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "مۇھەممەدگە زېمىندىن پۈت تىققىدەك يەر قالدۇرمايمىز" دەپ

قەسەم قىلىشقان دۈشمەنلەر ئۈچۈن جەننەتنىڭ پايانسىز باغلىرىنى تىلىمەكتە ئىدى. مۇجاھىدلار غەزەپ ئوتىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇشۇپ، بەددۇئا قىلىۋېتىشنى تىلەۋاتقان ئەشۇنداق پەيتتە، ئىككىلى ئالەمنىڭ رەھمىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىدىن "ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! سەقىق قەبىلىسىنى توغرا يولغا باشلىغىن! ئۇلارنى مېنىڭ ئەمەس، دىنىڭنىڭ ئالدىدا باش ئەگدۈرۈپ، سەجدىكار قىلغىن!" دەپ ئۈنلۈك دۇئا قىلماقتا ئىدى.

دەرۋەقە، بىرەر ئۇلۇغۋار مەقسەت ئۈچۈن جاننى تەسەددۇق ئېتىش ھەقىقەتەنمۇ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ قىيىن بىر ئىش. ئەمما جانغا دۈشمەن ئەبلەخلەرنىڭ خەيرلىكىنى تىلەش بولسا، ئۇنىڭدىنمۇ مۈشكۈل، دىلكەش مەردانىلىقتۇر. گەرچە كامانلاردىن ئېتىلغان ئوقلار ماھارەتلىك ئوقياچىلارنى مەيۈسلەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما قەلب تىلىدىن ئېتىلغان دۇئانىڭ ئوقى زايا كەتمەستىن، دەل نىشانغا تېگىپ، ئىككى يىل ئۆتە ـ ئۆتمەيلا تارىخنىڭ كۆز ئالدىدا بىر شانلىق ھەقىقەتكە ئايلاندى.

ئەپسۇس، مىڭ ئەپسۇس، ئەمدىكى بىز مۇسۇلمانلارنىڭ قەلب لەۋھەسىدىن ئىنسانىي قىرىنداشلىقنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە كۆپىرلارغا بولغان ئىچىنىش، ئۇلارنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدىن ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن ئاللاھغا يىغلاپ يالۋۇرۇش ھېسلىرىنى ئەسلا تاپقىلى بولمايدۇ. ئېنىقى ئۆز يولىنى تېپىپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلھامىغا رىغبەت بېرىپ، ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ بىلەن قىزغىنلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ نىيەت، ئىقبال، ئەمەللىرىگە باھا قويۇپ، ئۆزىمىزگە كۈسار پىچالماي، خەققە تون پىچىپ، يۈرمەكتىمىز. بۇ مەرەز بەلكىم ئادەم ئەلەيھىسسالام يىگەن چەكلەنگەن مېۋىنىڭ تەسىرىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ياكى كېيىن ئۆزىمىز ۋۇجۇدىمىزغا يۇقتۇرۇۋالغان كېسەللىك بولسا كېرەك، ئۇ ھۇنەيىن مەيدانىدىن كېيىنكى "جەئرانە" مەيدانىدىمۇ بىر قېتىم ئۆزىنىڭ ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرسەتكەن ئىدى.

جەئرانە مەيدانىدا ئۇرۇش غەنىمەتلىرى تەقسىم قىلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلار ئالتە مىڭ ئەسىر، يىگىرمە تۆت مىڭ تۆگە، قىرىق مىڭدىن ئارتۇق قوي، ئۆچكە ۋە تۆت مىڭ سەر كۈمۈش تەڭگىدىن ئىبارەت ئىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ دەردىگە مەرھەم قىلىپ ئەۋەتىلگەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەسىرلەرنىڭ دەرتلىك چىرايىغا چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن باقماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قۇللۇقتىن ئازاد بولۇپ، ھەقىقىي پەرۋەردىگارىنىڭ قوللۇقىنى قوبۇل قىلىشىنى چىن دىلىدىن ئارزۇ قىلىۋاتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئازاد قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنىڭ ئىللىق باغرىدا ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى تاماششا قىلدۇرۇشقا ئالدىراۋاتاتتى. شۇڭلاشقا ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىپ، ئېلىپ كېتىشىنى كۈتۈپ، غەنىمەت تارقىتىش ئىشىنىمۇ نەچچە كۈنگىچە كەينىگە سۆزۈپ تۇردى. ئەمما ھەقكە قارشىلىق قىلىشنىڭ مەغلۇبىيەت زەربىسىدە خۇدىنى يوقۇتۇپ قويغان كىشىلەر ئۆز ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ كېلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنىمۇ ۋاقتىدا ئورۇندىيالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاخىرى ئامالسىز غەنىمەتلەر مۇجاھىدلارغا تارقىتىلىپ بېرىلىشكە باشلىدى. غەنىمەتنى تەقسىم قىلىش ئىشىدىمۇ، ئىنسانلارنىڭ ھېسسىي تۇيغۇلىرىغا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىلىپ، يېڭىدىن ئىسلامغا كىرگەن، تېخىچە ئىسلامنىڭ كەرەملىك ساخاۋەتكارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان مۇسۇلمانلارغا ھەممىدىن ئاشۇرۇپ تارقىتىپ بېرىلدى. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ دەسلەپكى قېتىم جىھاد قىلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ تۇنجى قېتىملىق پىداكارانە تىرىشچانلىقى پىسخىك جەھەتتىن ھېممىتىگە ھېممەت بېرىش ۋە رىغبەتلەندۈرۈشنى تەبىئىي تەقەززا قىلماقتا ئىدى.

ئۇستى ـ ئۇستىلەپ مەغلبىيەت زەربىسىگە ئۇچرىغان شەيتان بۇنىڭغا قارشى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، مۇناپىقلارنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق بىر تۈركۈم ئەنسارى ياشلىرىنىڭ ئىدىيىسىدە "ئاللاھنىڭ رەسۇلى غەنىمەتنى تەقسىم قىلىشتا مەدىنىلىك مۇسۇلمانلارنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، مەككىنىڭ يېڭى مۇسۇلمانلىرىنى ئەلا بىلدى" دېگەن تەرەپۋازلىق پىتنىسىنى سىڭدۈرۈشكە باشلىدى. ئاخىرى بىر قىسىم ياشلار ئۆزىنى باسالماي، "ئەجەبا بۇلار قىلىچلىرىدىن تېخىچە مۇسۇلمانلارنىڭ قانلىرى تامشىۋاتقان قانخور مەككىلىكلەر ئەمەسمىدى؟ شۇنداق تۇرۇپ، مەنپەئەتكە كەلگەندە ئۇلارنى، قىيىنچىلىقتا گەلگەندە بىزنى چاقىرىدىغان بۇ زادى قانداق ئىش؟" دېيىشكە باشلىدى. بۇ شەيتانىي ھېسسىياتنىڭ سادالىرى ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىنسانىيەتنىڭ غەرەزسىز ئۇلۇغۋار مۇھسىنى بولغان

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەمدىلىكتە، ئەگ يېقىن دوسلىرى تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان ئەشۇنداق ئەشەددى دىل ئازارىغا دۇچ كەلمەكتە ئىدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئىنساندىكى ئىنسانىي ئاجىزلىقتا نەپرەت نەزىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىچ ئاغرىتىش نەزىرى بىلەن باقىدىغان بۇ كامالەتلىك پەيغەمبىرىمىز ئۆزىنىڭ جاراھەتلەنگەن ھېسلىرىنى قەلبىگىلا دەفنە قىلىپ تاشلاپ، قانلىق قەلب ياشلىرىنى ئىچىگە يۇتكەن ھالدا، ئاجايىپ تەمكىن، ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن ئەتراپىدىكى ئەنسارلاردىن "بۇگۈن مېنىڭ ھەققىمدە نېمىلەرنىڭ دېيىلىۋاتقانلىقىنى بىلەمسىلەر؟" دەپ سورىدى.

ئەتراپىدىكى مۆتىۋەر ئۇنسارلار قاتتىق ئېچىنىپ يالۋۇرغان ئاھاڭدا ـ ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بۇ بىرقانچە يېشنى توختاتمىغان سويىملارنىڭ قىلىۋاتقان سۆزلىرى. چوڭلاردىن ھېچ كىممۇ ئۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باققىنى يوق ـ دەپ جاۋاب بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ چىدىردىن چىقتى. ئۇنىڭ مۇقەددەس جامالىدا ئۇلۇغلۇقنىڭ ئاجايىپ دىلكەش نۇرلىرى جىلۋىلەنمەكتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرگەن كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن دەرھال ئەتراپىغا تۇپلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەققانىيەت بىلەن ھېسسىياتنى ئۆز سۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان ھالدا:

"ئەجىبا ئاللاھ تائالا سىلەرنى ئازغۇنلۇقتا قېيىپ يۈرگەن چېغىڭلاردا مەن ئارقىلىق مۇھەببەت ۋە قېرىنداشلىقنىڭ يېمىرىلمەس نېمىتىگە سازاۋەر قىلمىغانمىدى؟ ئەجىبا ئاللاھ تائالا سىلەرگە نامراتلىقتا چۆكۈپ يۈرگەن چېغىڭلاردا مەن ئارقىلىق باي ـ باياشاتلىق ئاتا قىلمىغانمىدى؟" دەپ خىتاب قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەسرەتلىك سوئاللىرىغا جاۋابەن ھەر قېتىم توپ ئىچىدىكى ئەنسارلار "شۇنداق، رەسۇلۇللاھ راس ئېيتىدۇ، ھەقىقەتەنمۇ بىزنىڭ بېشىمىز ئاللاھنىڭ تۈگىمەس ئېھسانلىرى ئالدىدا قەرزدار" دېگەن جاراڭلىق سادانى تەكرار ـ تەكرار ياڭراتماقتا ئىدى.

ـ ياق! بىردىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالى ئاجايىپ ھاياجانغا كەلدى.

ـ ياق! سىلەر "ئى مۇھەممەد! سېنى كىشىلەر چەتكە قاقىاندا، مانا بىز سۆزلىرىڭنى قوبۇل قىلغانلار ئىدۇق.

سېنى كىشىلەر تاشلىۋەتكەندە، مانا بىز ھەمراھ بولغانلار ئىدۇق، سەن يېنىمىزغا قۇرۇق كەلگەندە، مانا بىز ياخشى كۈتكەنلەر ئىدۇق" دېسەڭلارمۇ بولۇۋېرىدۇ ـ دېدى.

ئەمدىكى چاغدا ھېسسىياتلىق كەيپىيات ئەڭ يۇكسەك پەللىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز قەلبىنى بۇنداق يېرىپ كۆرسىتىشىگە چىداپ تۇرالمىغان مىڭلىغان قەلبلەر جۇغۇلداپ تىترەپ كەتمەكتە ئىدى. مىڭلىغان كۆكرەكلەر ئۆزىنى باسالماي يېرىلغۇدەك بولۇپ، كۆزلەردىن ياشلار قويۇلۇپ كېتىپ باراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەۋاتقان شىددەتلىك ھېسسىيات دولقىنىنى ئاران بېسىپ، بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن يەنە خىتاب قىلىشقا باشلىدى. ئەمدىكى چاغدا ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېسسىيات جوشقىنى ئەمەس، مۆتىدىللىك ۋە ئاجايىپ بىر خاتىرجەم تەمكىنلىك ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

ـ مەيلى سىلەر شۇنداق دەۋىرىڭلار، مەن سىلەرگە "ھەئە، راس دەيسىلەر" دەپ جاۋاب بېرىۋېرىمەن. ئەمما ئى ئەنسارىلار جامائەسى! شۇنى ئويلاپ بېقىڭلاركى، بۇلار غەنىمەت، تۆگە، ئۆچكىلەرنى ئېلىپ كەتسە، سىلەر مۇھەممەدنى ئېلىپ كەتسەڭلار بولماسمۇ؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزىنىڭ ساداسى تېخى مەيداندىن ئۆچمەي تۇرۇپلا ئىسلام لەشكەرلىرى تەرىپىدىن نالە پەرياتنىڭ قاتتىق ھا ـ ھۇ قىلغان ئەۋازلىرى ياڭراشقا باشلىدى. بۇ قەلبلەرنىڭ ھەسرەتتىن يېرىلىپ كېتىۋاتقان ئەۋازى ئىدى. ئەقىدە، ئىخلاسنىڭ شىددىتىدە قەلب تىللىرىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان پەرياتنىڭ ئاۋازى ئىدى. پۈتۈن جامائەتنىڭ روھى لەرزىگە كېلىپ، ياشلار ئۇن سېلىپ يىغلىغانچە دىر ـ دىر تىترىمەكتە ئىدى. قېرىلار خۇددى گۆدەك باللاردەك تېلىقىپ، ھۆڭرەپ يىغلاپ، سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياقلىرىغا تاشلانماقتا ئىدى. ساقاللاردىن ياشلار سىرىلىپ چۈشۈۋاتقان، قەلب دولقۇنلىرى تېزلىشىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدلار لاغىلداپ تىترەپ كېتىۋاتقان ئىدى.

مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ جانباز، جاننىسار، پىداكار پەرۋانىلىرى تىترەپ كېتىۋاتقان

لەۋلىرى بىلەن ۋە ياشلار قويۇلۇپ كېتىۋاتقان كۆزلىرى بىلەن سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىنىڭ دىلنىۋاز جامالىغا باقىقىنىچە "بىزگە ھېچنەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك! بىزگە ھېچ نەرسە ئەمەس، مۇھەممەد كېرەك!" دەپ ئۈنلۈك توۋلاشىقا باشلىدى.

ئىككىنچى كۈنى ھاۋازىن بىلەن سەقىف قەبىلىسىنىڭ ۋەكىللىرى ئۆز ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ كېتىش ئۈچۈن كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىگە تېگىشلىك بولغان بارلىق ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىۋەتتى. ئۇنىڭ پىداكار ئەگەشكۈچىلىرىمۇ ئۆزىگە تېگىشلىك مىڭلىغان ئەسىرلەرنى ئازاد قىلىپ، ئىلگىرى ئاشۇرۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان غەنىمەتلەردىن قول ئۈزدى.

قانچىلىغان ئەسىرلەر بويى جاھالەت، ئاسىيلىق ۋە ياۋۇزلۇقنىڭ قوينىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئەشۇ ئىنسانلارنىڭ قاتمال قەلب ھېسلىرىنىمۇ كېچىككىنە ئىماسى بىلەنلا ھەرىكەتكە سالالايدىغان، ئاھ! ئۇ نېمە دېگەن ئۇلۇغ، يۈكسەك كىشىلىك ئوبراز ھە؟!

ئاھ! قېنى كىم بۇ تارىخنى ئوقۇپ، ئىختىيارسىز توۋلىغانچە "مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد ھەقىقەتەن ئالالھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئىسلام قانداقتۇر زېمىننىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى ئەمەس، پەقەت خالىس ساماۋىي ئىنقىلاپنىڭ چاقىرىقىدۇر. مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر بىر ئاياق ئىزلىرىنى قەلب قانلىرىم بىلەن نۇرلاندۇرۇش ۋە شۇ يولدا مېڭىپ شۇ يولدا ئۆلۈشتىن باشقىسى ھاياتلىق ئەمەس" دەۋېتەلىسۇن؟!

بىز ئەسلىدە دەل ئەنە شۇ گۇۋاھلىقنى بېرىش ئۈچۈن دۇنياغا كەلتۈرۈلگەن ئىدۇق. بىراق ئەمدىلىكتە شۇنداق ئەمەلىي گۇۋاھلىقنى بېرەلمەسلىكنىڭ ئەڭ قەبىھ جىنايەتكارىغا ئايلىنىپ قالماقتىمىز. شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان... يەنىلا بىز مۇسۇلمان...

ئاھ خۇدا! بىر قېتىم بولسىمۇ ھەقىقىي تۈردە ئويلاپ باقساق ئىدۇق، بىز راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

كاملجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# "سابىقۇنەلئەۋۋەلۇن" (يەنى، ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) دىن بولۇشنىڭ پەزىلىتى

(پارچىلار)

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلار توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ھەزرىتى سەلمان فارسى، ھەزرىتى بىلال ھەبشىي، ھەزرىتى سۇھەيب رۇمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار بىر يەرگە جەم بولۇپ، سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ ئولتۇراتتى. گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئېغىر دەرىجىدە خارلانغان قۇللاردىن بولسىمۇ، ئەمما ھەقنى ئىزدەش ۋە قوبۇل قىلىش يولىدا ئاكتىپچان بولۇشتىكى ئاجايىپ ئاۋانگارتلىقى ئۇلارنى گويا ئىسلام ئاسمىنىدىكى كۆزنى قاماشتۇرىدىغان يۇلتۇزلارغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىنتايىن سۆيۈملۈك بەندىلىرى بىردىنلا كۆز ئالدىدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ سۇفيانىنى، يەنى كۇپۇرلۇق دەۋرىدىكى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنى يىراقتىن كۆرۈپ قالدى. ئۇلارغا نىسبەتەن ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرۈشمۇ خۇددى ئىسلامغا قىلىنىۋاتقان ھاقارەتكە چىداپ تۇرۇۋشتەك ئېغىر بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق مەنزىرىگە، بۇنداق تۇيغۇغا ئۇلارنىڭ ئىمانىي غۇرۇرى نەدىمۇ چىداپ تۇرالىسۇن دەيسىز، بىردىنلا تىت ـ تىت بولۇپ، قەلبىدە جۇش ئۇرۇۋاتقان غەزەپلىك ھېسلىرى ئېغىزلىرىدىن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئاللاھنىڭ قىلىچى بۇ دۈشمەننىڭ بېشىنى ئەجەپ ئۈزۈپ تاشلىماپتىغۇ؟ دېگەن ھېسسىياتلىق ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى خۇددى يولسىز قىلىنىۋاتقان ئاچچىق ھۇجۇمدەك ھېس قىلىپ، ئۇلارغا كۆيۈنگەن ھالدا:

ـــ سـىلـەر قاراپ تۇرۇپ قۇرەيشـنـىڭ شۇنچە مۆتـىۋەر ئادىـمـىنى مۇشۇنداق دىيسەڭلار بولماس؟ دەپ نەسىھەت قىلدى.

ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بۇ ۋەقەنى سۆزلەپ بەرگەن چىغىدا، گويا زېمىن ئايىقى ئاستىدىن چىقىپ كەتكەندەكلا ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

- سەن بەلكىم ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولۇشۇڭ مۇمكىن، ئەگەر راستىنلا ئۇلارنى خاپا قىلىپ قويغان بولساڭ، بىلىپ قويغىنكى، سەن ئاللاھنى خاپا قىلغان بولۇسەن... دېگەن ئىدى.

ياخشى ئىشتا ئالدىنقى تەشەببۇسكارلاردىن بولغان ئەشۇ بىرقانچە ئاجىز قۇللارنىڭ ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھيي غۇنچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇردىغان مۇبارەك ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەر ھەقىقەتەنمۇ يېنىك گەپ ئەمەس ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ سۆز ئىسلامنىڭ ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرى بولۇشتا ئۆزىمۇ ئۇلاردىن ھېچ قانچە پەرقلەنمەيدىغان، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەتتىكى قولدىشى ۋە ئەڭ يېقىن سىردىشى شۇنداقلا مۆھتىرەم قېيىن ئاتىسى بولغان ئۇلۇغ ساھابىگە قىلىنىۋاتاتتى.

دەرۋەقە، گەرچە ھەممەيلەن ئىسلامنىڭ ئوخشاش دەرىجىدىكى ئالدىنقى ئاۋانگارتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازاتلىق ۋە باي - باياشاتلىق ئىچىدە تۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى، ھەمدە ھەزرىتى سەلمان، ھەزرىتى بىلال، ھەزرىتى سۇھەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنىڭ بولسا، قۇللۇق كىشەنلىرى ئاستىدا قاتتىق ئېزىلىۋاتقان تۇرۇپمۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا قول بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئوخشىماسلىق مەڭگۈگە ئۆچمەي ساقلىنىپ قالغان ئىدى.

ئاللاھۇ ئەكبەر!

مانا بۇ ھەقنىڭ ھەقكە بەرگەن باھاسى ۋە دەرىجىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى خاپىلىقتىن

ئازراقلا تورۇلۇپ قالغىدەكلا بولسا، گويا قىيامەتنىڭ زىلزىلىسى قوپۇپ كېتىشكە تاسلا قالاتتى. ئۇلار قايىاقتا غەزەپ بىلەن تىكىلسە، شۇياقتا ئاللاھنىڭ غەزىپى يۈزلىنەتتى.

پۈتۈن ئەزايىنى قاتتىق تىترەك بېسىپ، قورقۇنچتىن تەرگە چۆمۈپ كەتكەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال بۇ ئۈچ ساھابىنىڭ يېنىغا يۈگۈردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپلا ئۆزىنى تۇتالماي بوۋقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

ــ ئى، جان جىگەر قېرىنداشلىرىم! مەن... سىلەرنى... خاپا قىلىپ... سالدىمۇ، قانداق؟

تۆكۈلۈپ يىغلاۋاتقانلىقى تۈپەيلى سۆزلىرىمۇ تولۇق چىقماي قىلىۋاتاتتى.

ــ ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، بىز قەتئىي خاپا بولمىدۇق، بىز دائىم ساڭا ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ بۇ ھەر ئۈچىلىلى مەھبۇب بەندىلىرىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان ئېسىل ئەخلاق گۈلدەستىلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭلا گويا بۇ سۆزلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەس، بەلكى مېھرىبان پەرۋەردىگارىنىڭ ئېغىزىدىن ئاڭلاۋاتقاندەك شاتلىقتا چۆمدى ۋە لىغىرلاپ تۆرغان ياشلىق كۆزلىرى بىلەن شۇ يەردىلا ئېچىلىپ كۈلۈۋېتىشكە باشلىدى.

ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر قۇل ئائىلىسىنىڭ شاتلىق چىرىغى بولۇپ، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ھەسرەتتىن ئاققان كۆز ياشلىرى بىلەن لاۋۇلداپ، ئىسلام ئۈچۈن تۆككەن قانلىرى بىلەن پارلايدىغان ئۆچمەس چىراغ ئىدى.

شۇنداق...

تەۋھىد ۋە پەيغەمبەرلىكنىڭ سادىقتىنى دەپلا كۇپىر ھەم شىرىكچىلىكنىڭ مىسلىسىز زۇلۇم ـ ستەملىرىنى باشتىن كەچۈرگەن، بۇلارغا قاراپ، يۈرەك ـ باغرى لەختە ـ لەختە يېرىلغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سەۋر قىلىڭلار! ئى، ياسىر ئائىلىسى! سەۋر قىلىڭلار! راس ئېيتىمەنكى، ئاللاھنىڭ جەننىتى سىلەرنىڭ قارارگاھىڭلاردۇر ــ دەپ جەننەتتىن بېشارەت بەرگەن ئەشۇ ئۇلۇغ ئائىلىنىڭ كۆز قارچۇغۇسى ئىدى.

لېكىن ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىشتۇرغاندا، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆپۈرلۈق دەۋرىدىمۇ ئاتاقلىق قۇماندان ۋە ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىنمۇ لەشكەر قۇماندانى بولغان، ھەمدە قانلىق جىھاد مەيدانلىرىدا، تەقداشسىز ئىماني قۇۋۋىتى بىلەن ئۆتكۈر قىلىچىنىڭ كارامىتى كۆرسىتىپ، ھەتتا ئاخىرى "ئاللاھنىڭ قىلىچى" دېگەن نامغا سازاۋەر بولغان كاتتا ساھابە ئىدى. گەرچە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئاللاھقا بەرگەن ئەھدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن جىھادنىڭ ئۇلۇغۋار قوربانگاھلىرىغا ئۆز پىداكارلىقى بىلەن زىننەت قوشقان، يىغىۋاتقان ئوق، نەيزىلەرگە قارشى مەردانە كۆكرىكىنى يالىڭاچلاپ ئاچقان ئاجايىپ كاتتا ساھابىلەردىن بولسىمۇ، تارىخنىڭ نەزىرىدە، ئۇنىڭ بەرگەن قۇربانلىقلىرى بىر جەڭچىنىڭ قوربانلىقى سۈپىتىدە، خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىداكارلىقلىرى بىر قۇماندانىنىڭ ئۇلۇغۋار ئىش ـ ئىزلىرى سۈپىتىدە گەۋدىلىك خاتىرلەندى.

لېكىن شۇنداقتىمۇ...

ھە، راستىنلا شۇنداقتىمۇ... خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سېلىشتۇرغاندا، ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەق ـ ساداقەت ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كۆكرىكىنى ئاچالىغان بولغاچقىلا ئاللاھنىڭ نەزىرىدە، مەرتىۋە جەھەتتىن شۇ قەدەر يۇقىرى كۆتىرىلگەنكى، ھەتتا شۇنچە پايانسىز زېمىننى فەتھى قىلىپ، ئىسلامنىڭ بايرىقىنى لەپىلدەتكەن خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئۇنىڭ ئەيمىنىشلىك مەرتىۋىسىگە يېتىشەلمەي قالغان ئىدى.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ئىش سەۋەبلىك بۇ ئىككى ساھابىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەس ـ مۇنازىرە بولۇپ

قالدى. شۇ پەيتتە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىچىنى ئىختىيارسىز ئەمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىغىر كەلىدىغان سۆز چىكىپتىپ قالدى. بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان پەيغەمبەرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قاتتىق ئاچچىقلاندى.

— ئى خالىد! — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەلبلەرنى تىترىتىدىغان دەرىجىدە قاتتىق ھەسەرەتلىنىپ سۆز قىلىۋاتاتتى.

- ئەمارنى ھەرگىز ئەيىبلەپ سالما! كىمكى ئۇنى ئەيىبلەيدىكەن، ئاللاھ شۇ كىشىنى ئەيىبلەيدۇ. كىمكى ئەمارغا غەزەپلىنىدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنىڭغا غەزەپ قىلىدۇ. كىمكى ئەمارنى مەنسىتمەيدىكەن، ئاللاھمۇ ئۇنى مەنسىتمەيدۇ.

— ئاھ! بۇ كۈن...

خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى كىشىلەرگە ئۆزى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى.

— بۇ كۈن مەن ئۈچۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ ئېغىر كۈن بوپ قالغان ئىدى. مەن دەرھال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يىلىنىپ يالۋۇرۇپ، ئاللاھ تائالادىن گۇناھىمنىڭ مەغپىرىتى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشىنى تىلىدىم ۋە يۈگۈرگەنچە ئەمار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، مېنى ئەپۇ قىلىشىنى، مېنى كەچۈرۈم قىلىۋېتىشىنى ئۆتەندىم.

×××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××

بىز ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق مۆئمىنلەر ئىدۇق. ئاللاھنىڭ بەندىلىرىنىڭمۇ خاپا بولۇپ قېلىشىدىن شۇ دەرىجىدە قورقاتتۇق. ئەمما ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، ھەتتا ئاللاھنىڭ غەزىپىدىنمۇ قورقماس بولۇپ كېتىۋاتىمىز. ئەجىبا بۇ مۇسۇلمانلىقىمىزغا نىسبەتەن ئەڭ ئېغىر تىراگىدىيە ئەمەسمۇ؟

شۇنداق...

شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان. يەنىلا بىز مۇسۇلمان.

ئەنە ئۇلارنىڭ بەزىسى ياخشىلىقتا ئالدىدا ماڭغان ئاكتىپ، ئاۋانگارتلاردىن بولغان بولسا، يەنە بەزىسى پەقەت ئازراقلا ئارقىدا قالغان ئۇلۇغۋار ئۇلگىلەردىن ئىدى. لېكىن بىزچۇ؟! بىزنىڭ زادى نەدە قالغانلاردىن ئىكەنلىكىمىزنى قېنى كىممۇ ئېيتىپ بېرەر؟! كىممۇ ئېيتىپ بېرەر؟!

××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××××

خەلىپىلىك قارارگاھىنىڭ دەۋازىسى ئالدىدا يۇقىرى ئابرۇيلۇق بىر توپ مۆتىۋەر كىشىلەر خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوبۇللۇق ئىزنىنى قاتتىق ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرماقتا ئىدى. مەككىنىڭ بۇ مۆئەززىز كاتتا ئەرباپلىرىنىڭ ئارىسىدا، ئەينى چاغدا شۇنچە ۋەھشىيلەرچە ئاياق ئاستى قىلىنغان بىر قارا تەنلىك قولمۇ مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى دەل بىلال ھەبشىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىدى. لېكىن خەلىپىلىك قارارگاھىنىڭ قوبۇللۇق دەرۋازىسى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ئېچىلدى. ئىرىق، جەمەت، مال ـ بايلىق ئىززەت ئابرۇيي جەھەتتە ئۇنىڭدىن شۇنچە ئۈستۈن تۇرىدىغان زاتلارنىڭ ھەممىسى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تەمكىن كىرىپ كېتىۋاتقىنىغا قاراپ، ئىشىك تۈۋىدە ھەيرانە قاراشقىنىچە تۇرۇشۇپ قالغان ئىدى.

بۇ ئادەتتىكى بىر ئازاد قۇلغا قىلىنىۋاتقان ئالاھىدە ئىمتىيازلىق مۇئامىلە بولۇپ، بۇ ئىش باشقىلارنىڭ كۆڭلىگە كېلىپ، ئېغىر ئالغانلىقى تاتارغان چىرايلىرىدىن "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزىلەرنىڭ ھېس قىلىۋاتقان قەلب ئازارى ئاخىرى لەۋلىرىنىڭ سۈكۈتىنى بۇزۇپ، دوق ـ مالامەت قىلىدىغان دەرىجىگە يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن توپ ئىچىدىن

ــ مەككىنىڭ شۇنچە ئېسىلزادە، شەرەپلىك كىشىلىرى كۈتۈپ تۇرغان يەردە، ھەممىدىن ئىلگىرى بىر قۇلغا قوبۇللۇق شەرىپى بېرىلىۋاتقىنى نېمە ئىش؟ ــ دېگەندەك غۇدۇراشلار كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ مۆتىۋەر ئەربابلارنىڭ ئارىسىدا، ئەڭ رەزىل ئىبلاس، كاپىر ئەبۇ جەھىلنىڭ "ئەكرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ" ئىسىملىك ئەڭ ئېسىل ئۇنتۇلماس مۆئمىن ئوغلىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، دۇنيانىڭ يالتىراق ئىززەت ئابرۇيىغا چۆمكەلگەن بۇ غۇدۇراشلار ئۇنىڭ سەزگۈر ئىمانىي ۋىجدانىغا خۇددى تىكەندەك سانچىلىشقا باشلىغان ئىدى. بىردىنلا ئۇنىڭ پۈتۈن ئېسسىيادى ئۆزىنىڭ زىلزىلىك قاراڭغۇ ئۆتمىشىگە شۇڭغۇپ كەتتى ـ دە، ئەينى چاغدا مەن شىرىكچىلىك ھەم كۇپۇرلۇقنىڭ زەھەرلىك نەشتىرى بولغان بولسام، بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئۇنىڭ زەربىسىگە پەرۋاسىز ئىسلامنىڭ مەردانە كۆكرىكى ئەمەسمىدى؟! مەن ئىسلامنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن تىپىرلاپ يۈرگەن چاغلىرىمدا، ئۇ ھەقنىڭ ئىمارىتىنى تىكلەش ئۈچۈن زەخىم ـ جاراھەتلىرىدىن ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن "ئالالاھ بىر! ئالالاھ بىر!" دېگەن ياڭراق ساداسىنى تارىخ سەھىپىسىگە يازغان ئاۋانگارت مۇجاھىد ئەمەسمىدى؟ دېگەنلەرنى ئويلىنىشقا باشلىدى. ۋە غەزىپىنى باسالماي كۆپچىلىككە:

ــ نېمە دەپ جۆيلىۋاتىسىلەر؟! پەيغەمبىرىمىز ئەينى چاغدا ھەممىمىزنى ئوخشاشلا بىر ئەۋزادا چاقىرغان ئىدى. ئەمما بىز ئۇنىڭ چاقىرىقىغا كېيىن "لەببەيك" دىگەنلەر ئەمەسمىدۇق؟ شۇڭلاشقا ئىسلامنىڭ ئاۋازىغا بۇرۇن "لەببەيك" دېيەلىگەنلەر، قوبۇللۇق شەرىپىگىمۇ بۇرۇن ئېرىشىشكە ھەقلىق. بىزنىڭ ھەتتا غۇتۇلداشقىمۇ ھېچقانداق ھەققىمىز يوق ـ دەپ تووۋلىۋەتتى.

گەپ ئىنتايىن ۋەزىنلىك بولۇپ، ئاۋازمۇ ئىنتايىن جاراڭلىق ئىدى. ھەممەيلەن جىمىپلا قالدى. ئۇلار "راس ئەمەسمۇ؟! مۆئمىن دېگەن مۇشۇنداق ئويدا بولۇش لازىم. ياخشى ئىشقا بالدۇر تەسەببۇسكار بولالىغانلىق، ھەقىقەتەنمۇ ياخشى ئىشنى قىلغاندىن بەكرەك پەزىلەتكە ئىگە" دېگەنلەرنى ئويلىماقتا ئىدى.

ئەمما بىز ... بۇ دەۋرنىڭ مۇسۇلمانلىرى ... مۆئمىن بولۇپ تۇرۇپمۇ زادى نېمە ئۈچۈن شۇنداق ئويلىيالمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن سەپ ئالدىدا ماڭغۇچىلارغا ئىمتىيازلىق نەزەر بىلەن قارىيالمايمىز؟

مانا بۇگۇنكى كۈندە، مەھكۇملۇق قەپەزلىرىنىڭ رەزىل ئىسكەنجىلىرى ئاستىدا ئىڭىر دەرىجىدە خورلۇققا ئۇچراۋاتقان، ھەتتا ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭمۇ ھۆكۈمەت، پارلامېنت بىنالىرىدىن، ئەدلىيە، ئىجتىمائىي ئورگانلىرىدىن سىقىپ چىقىرىلىۋاتقان، شۇنداقلا كوچا ـ كوي، خانىقاھ، مەسجىد، بۇلۇڭلىرىغىلا بەنت قىلىپ تاشلىنىۋاتقان بىچارە ئۇلۇغ ئىسلامىمىز بىز ئاتالمىش ئەگەشكۈچىلىرىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرىپ، "سىلەر مېنىڭ ئەزالىرىم، مېنىڭ مۇسۇلمانلىرىم، مېنىڭ مۆئمىنلىرىم تۇرۇپ، نېمە دەپ مەندىن قىچىپ يۈرىيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن مېنى ئازات قىلاي دېمەيسىلەر؟ نېمە گۇنايىمغا ئىجتىمائىي ئورگانلىرىڭلاردىن چىقىرىپ تاشلاۋاتاسىلەر؟" دەپ، ئەنە قايتىدىن بىزنى ئۇنلۇك چاقىرۋاتامدۇ؟ مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى تەشەببۇسكار ئاۋانگارتلارنىڭ دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ، ئۇنى ئازاد قىلىش ۋە ئۆز ئورنىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرمامدۇ؟ ئەمما بىز ئۆز ئىسلامىمىزغا ئارقىمىزنى قىلىۋېلىپ، قىبلىمىزنى باتىلغا توغۇرلاپ، سەجدە قىلغان ھالدا "ئاللاھنىڭ بىرەر ئىسىل بەندىسى بۇ ياخشى ئىشتا ئاكتىپلىق كۆرسىتىپ، قىبلىمىزنى شەرقتىن غەرىپكە رۇسلاپ قويسا ئەجەپ ئەمەس" دەپ ئۈمىد كۈتۈپ ياتماقتىمىز. ئاھ! ھەرقانداق ياخشى ئىشتىكى تەشەببۇسكارلىقنىڭ خارنى ئەزىز، كىچىكنى كاتتا قىلىدىغان ئەڭ ئۇلۇغ نېمەت ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتسەك ئىدۇق كاشكى!

نۆۋەتتىكى ئىسلامىمىز قىلىۋاتقان مەزكۇر ئازابلىق چاقىرىقنىڭ بىزدەك ئەبگالارنى يۈكسەكلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھ تەرىپىدىن ئىچىلغان ئەڭ ئۇلۇغۋار دەرۋازە ۋە بىردىن ـ بىر تېپىلماس پۇرسەت ئىكەنلىكىنى قەلبىمىزگە تونىتالىساق ئىدۇق كاشكى!؟

بىزمۇ ساھابىلەردەك بۇ مۇبارەك دەرۋازىنى دادىل چېكىپ، غەنىمەت پۇرسەتتىن پايدىلانغان ھالدا "سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن" (يەنى، ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) دىن بولالىساق ئىدۇق كاشكى!

كاملجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# مۇھەببەتكە مۇھەببەت قىلىش

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلار توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئۇككازنىڭ تارىخىي بازىرىدا، ئىنسانىيەت ئۇلاغ ئورنىدا بازارغا سېلىنىۋاتقان ئىدى. ساتقۇچىمۇ "ئىنسان"، سېتىۋالغۇچىمۇ "ئىنسان"، سېتىلىۋاتقانمۇ دەل "ئىنسان" ئىدى. "زەيد" ئىسىملىك ئوماققىنە بىر گۆدەك "ئىنسان" غا باھا قويۇلىۋاتاتتى.

ئۇ ئەسلىدە يەمەننىڭ ئەڭ شانۇ - شەۋكەتلىك قەبىلىسى بەنى قۇزائەنىڭ پەرزەنتى بولۇپ، دادىسى ھارىسە بىلەن ئانىسى سۇئدانىڭ مېھرى - شەپقىتى سايىسىدا، دۇنيانىڭ ھېچقانداق ئىسسىق - سوغۇقىنى كۆرمەي گۆھەردەك ئەتىۋارلىنىپ چوڭ بولغان ئىدى. زەيد ياۋۇزلارنىڭ قانخورلىقىنى ئەمەس، ئىنسانىيلىكنىڭ پاك سۆيگۈ - مۇھەببىتىنىلا تونۇيتى. ھايۋانىي غەزەپ - نەپرەت دېگەننى ئەسلا بىلمەيتى. ئەمما ئۇ قىسمەتنىڭ نېمىلىكىنىمۇ چۈشۈنۈپ يەتمىگەن گۆدەك يېشىدا، تۇيۇقسىز شەيتانىي نەپسانىيەتچىلىكنىڭ قارا قۇيۇنلىرىغا يەم بولدى.

بەنى قەين قەبىلىسىنىڭ قانخور باسمىچىلىرى بەنى قۇزائە قەبىلىسىگە باستۇرۇپ كىلىپ، نۇرغۇنلىغان جانسىز، ماددىي بايلىقلارنى بولاش بىلەن بىرگە ئەشۇ تىرىك، كىچىككىنە گۆدەك بالىنىمۇ، ئانىسىنىڭ مېھرلىك قوينىدىن يۇلۇپ، دادىسىنىڭ شەپقەتلىك باغرىدىن ئايرىپ تاشلىغان ئىدى. كۆكرەكتىن ئاجرىغان بالا ئازاپ شىددىتىدە بوغۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كىچىككىنە يۈرىگى جۇدالىقنىڭ زەھەرلىك تىرناقلىرىدا يارىلىنىپ، كۆزلىرى ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئازاپلىق ئىڭراشلىرىغا جاۋابەن رەھىمسىز تەستەك تېگىۋاتقىنىنى كۆرمەكتە ئىدى. باسمىچىلاردىن قايسىدۇر بىرى ئۇنىڭ يىغا - زارىنى ئاڭلاپ، ئىتىلىپ كەلگەنچە، قاتتىق بىر شاپىلاق بىلەن غۇنچىدەك رۇخسارىنى سارغايتىپ قويغان ئىدى. ۋەھشىلىكنىڭ بۇ تۇنجى زەربىسى تېگىش بىلەن تەڭلا گۆدەكنىڭ ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ جىمىپلا

قالدى. غەزەپلىك كۆزلەر... تاشتەك قەلبلەر... گۇناھكارلىقنىڭ قورقۇنچلۇق تەلەتى... قارانىيەتلىكنىڭ لەنەتى ياۋۇزلىقى... قورشاۋىدا، زەيد تۇنجى قېتىم ئىنسانىيەتنىڭ ھايۋانلاشقان سەسكىنىشلىك ئەپتى ـ بەشىرىسىنى كۆرمەكتە ئىدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، گەرچە شەكلى ئىنسانغا ئوخشاپ كەتسىمۇ، ئەمما ئىنسانىنىڭ دەردىگە يېتىشنى بىلمەيدىغان يەنە بىر تۈپ كىشىلەر ئۇككازنىڭ بازىرىدا ئۇنىڭ ئالاقزادە كۆزلىرىگە چېلىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھېسسىز كۆزلىرى زەيدكە مىختەك قادالغان بولۇپ، زەيدنىڭ جىسمانىي ئەزالىرىنى، گۆش، ئۇستىخان، مۇسكۇل، تىرىلىنى ئۆلچەپ، باھالاپ، قۇللۇق يۈكىنى تارتىش كۈچىنى دەڭسەپ، نەرخ تالاشماقتا ئىدى. بۇ ئاجايىپ كۆزلەر زەيدنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا شۇنچە سىنچىلاپ قارايتى، يۇ ـ ئۇنىڭ جاراھەتلىك كىچىككىنە قەلبىگە نەزەر سالمايتى. قاراقچىلارنىڭ قويۇۋاتقان باھالىرىنى شۇنچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلايتى، يۇ ـ ئۇماققىنە سەبىنىڭ ساداسىز پەريادىنى تىڭشاي دىمەيتى.

ـ ئاھ! سىلەر راستىنلا ئىنسانمۇ؟!

زەيدنىڭ، يىگانىلىق دەھشىتىدە ئېزىلگەن روھى ئازاپتىن نالە قىلماقتا ئىدى.

ـ سىلەر زادى قانداق ئىنسانلار؟! كۆزىڭلار پولتىيىپ تۇرغان بىلەن مېنى كۆرمەس قارىغۇ، قۇلىغىڭلار بولغان بىلەن پەريادىمغا گاس ئىكەن. چىرىيىڭلار دادامغا ئوخشايدىكەنۇ، لېكىن سەبىيلەرگە شەپقەتتىن دېرەكمۇ يوق ئىكەن. ئاھ! سىلەر قاراقچىنىڭ شېرىگىمۇ يە؟! ياۋۇزنىڭ دوستىمۇ يە؟! سىلەر نېمە ئۈچۈن سەبىنىڭ دەردىگە ئىچ ئاغرىتىشنى بىلمەيسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن زالىمغا نەپرەت قىلمايسىلەر؟

ئەمما ئاللاھنىڭ ئاۋازى كىرمەيدىغان قۇلاقلارغا ئىنسانىنىڭ ئاۋازى قانداقمۇ كىرسۇن، دەيسىز؛ ئۇنىڭ بۇ ئەلەملىك روھىي پىغانىنى ئاڭلىيالايدىغان بىرەر ئىنسانمۇ يوق ئىدى.

بۇ دەل زەيد كۆزدىن كەچۈرىۋاتقان ئىلگىرىكىدەكلا شەپقەتسىز، ئىككىنچى قېتىمقى سەسكىنىشلىك مەنزىرە بولۇپ، ئۇنىڭ قاباھىتى ھەتتا ئىنسانىنىمۇ ئىنسانىيلىكتىن يىرگەندۈرىشكە ئېلىپ باراتتى.

ئاخىرى باھا تارتىشىش ھەكىم ئىبنى ھىزام ئىسمىلىك بىر كىشى بىلەن ئاياقلىشىپ، ئىنسانپۇرۇشلۇقنىڭ بۇ چىدۇغۇسىز مەنزىرىسى ئۆز ئىنتىھاسىغا يەتتى. ھەكىم ئىبنى ھىزام زەيدنى ئېلىپ، مەككىدىكى ئەڭ ئېسىل ئەخلاقلىق ئايالغا، يەنى، ھاممىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەدىيە قىلىۋەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ تەقدىرى زەيد ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس سايىسىدا پاناھلىنىش يولىنى ئاچقان ئىدى. زەيد خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن خاتىرجەملىكنىڭ تۈنجى تىنىقىنى تىندى. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۆتمۈشىنىڭ ئاچچىق ئەسلىمىلىرى ئۇنىڭ روھىيەت دۇنياسىغا زادىلا ئاراملىق بەرمەيتى. گەرچە خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇمشاق مۇئامىلىسى ئۇنىڭ دەردىگە مەلھەم بولغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما سېغىنىشلىق ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئىللىق مېھرىگە بەدەل بولالمايتى. ئەخلاق ۋە شاراپەتنىڭ بۇ يېڭى دۇنياسىدا گەرچە زەيدنىڭ قەلبى ئارام تاپقاندەك قىلسىمۇ، روھى تەسكىن تاپمىغان ئىدى. يۈتتۈرۈپ قويغان ئاتا ـ ئانىسىنىڭ تاتلىق ئەسلىمىلىرى بىر دەممۇ ئۇنىڭدىن نېرى كەتمەيتى. راستىنى ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن پۈچىلىنىۋاتقان سەبى روھى يۈرەك ـ باغرىدىكى زەخىم جاراھەتلەرگە شىپا بولالايدىغان بىر نادىر مەرھەمگە تەشنا ئىدى.

خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا گەرچە تەنھالىقتا كۈن كەچۈرىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇزۇلمەي كېلىۋاتقان ھەر كاتتا باي، رەئىس، سەردارلارنىڭ توي تەلىپىنى پەقەت قوبۇل قىلمايتى. نۇرغۇن قەبىلە سەردارلىرى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق ھايات كەچۈرۈشنى كېچە ـ كۈندۈز چۈشەپ يۈرەتتى، يۇ ـ ئەمما خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا نە ئۇلارنىڭ سەردارلىقىغا، نە مال، بايلىقىغا قىززىقمايتى. چۈنكى ئۇمۇ زەيدكە ئوخشاش ئىنسانلار جەۋھىرىنىڭ تەلەبگارى بولۇپ، دەردىنىڭ دەرمانى ئۈچۈن قەلبلەر ئۈستىدە شاھلىق قىلالايدىغان، ئازغۇن ئىنسانىيەت كارۋانلىرىغا ھەقىقىي رەھنىما بولالايدىغان ئەڭ ئۇلۇغ نادىر بىر زاتقا تەشنا ئىدى. گويا مەلىكە بىلەن قۇل، زەيد بىلەن خەدىچە، تەڭلا ھەقىقىي ئادىمىيلىكنىڭ جەۋھىرىنى ئىزدەۋاتاتتى.

ئاخىرى بۇ جەۋھەر مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن مەككىدە ھېچكىمنى پىسەنتىگىمۇ ئالمايدىغان خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ تەڭداشسىز جۇلاسى

ئالدىدا ئۆزى ئىگىلىپ، توي تەلىپىنى سۇندى. تويدىن كېيىن پات يېقىندا پەيغەمبەرلىكنىڭ دۇنيادىكى تۇنجى روھانى قەسرىگە ئايلانماقچى بولىۋاتقان ئۇلۇغۋار ئۆيگە يۆتكەپ كېلىندى. ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە (پۈتۈن ئائىلىنىڭ شاھلىقىدىنمۇ ئۇنىڭ قۇللىقى بەكرەك قىممەتلىك بولغان) مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە زەيدمۇ تەڭ ھازىر بولدى. زەيد، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىنلىقىغا ئېرىشىش بىلەنلا ئازاپلىق روھى شاتلىق ساماسىدا پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇنى سېزىشكە باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك، گويا، پۈتۈن مەككىلىكلەر ئېھتىرام قىلىپ، نامىنى ئاتىماي، بەزىدە "ئامانەتدار" بەزىدە "ساداقەتمەن" دەپ چاقىرىدىغان ئەشۇ بىرلا "ئىنسان" مەۋجۇت يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ  قالغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى.

- ئۇ نېمانچە يېقىملىق ئازگىچە "ئىنسان"، ھە؟!

زەيد ئىچ - ئىچىدە ئويلاۋاتاتتى.

- ھەتتا خىزمەتكارىنىڭمۇ خىزمىتىنى قىلىۋېلىشقا ئالدىرايدىغان... بېچارىلەرگە خۇددا بولىۋېلىشنىڭ ئورنىغا خۇدانىڭ ئامانىتىنى ساقلىغاندەك كۆڭۈل بۆلۈپ ئاسرايدىغان... نەزىرىنى ئۈستۈن قىلىپ باققانلىرىدا، گۇيا دۇنيادىكى بارلىق مېھرى - مۇھەببەت ئۇنىڭ كۆزىگىلا مۇجەسسەملەشكەندەك ئىللىق قارايدىغان... سۆز قىلىدىغان بولسا، قەلبلەرگە خۇشپۇراق ئەنبەر قۇيىلىۋاتقاندەك ياكى ھەسەل تامشۇۋاتقاندەك ئاجايىپ شېرىن تۇيغۇ بېرەلەيدىغان... تەبەسسۇم قىلىدىغان بولسا، پۈتۈن ھاياتلىق مەۋھۇم لەززەتلەر قوينىدا مەستانىلەرچە تەڭكەش قىلىشقا باشلايدىغان... باشقىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانلىرىدا، خۇددى قەلب دۇلقۇنلىرىنى ساناۋاتقاندەك ئەستايىدىللىق بىلەن تىڭشايدىغان...

ئاھ! ئۇنىڭ باغرىدا ئانامنىڭ ئىللىق مېھرى بىلەن دادامنىڭ شەپقەتلىك قەلبى ماۋجۇتمىدۇ، يە؟... ياق، بەلكى ئۇلاردىنمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئىللىق، ئاجايىپ بىر مۇقەددەس دۇنيا ئۇ...

زادى نېمە ئۈچۈن ئۇنى ھەر قېتىم كۆرگىنىمدە "ئاتا - ئانامنۇ تەسەددۇق!" دەپ توۋلىۋەتكۈم

كىلىدىغاندۇ؟!....

بۇ زەيدنىڭ ۋۇجۇدىدا بەرپا بولىۋاتقان ئەزىم ئىنقىلابنىڭ دەسلەپكى ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ ئۆز قەلبىدە ئاجايىپ سىرلىق بىر مەھلىيالىقنى سەزمەكتە ئىدى. ئاخىرى بۇ ئىنسانىي جەزبىدارلىقنىڭ سىرلىق تۈگۈنى يېشىلىدىغان ۋاقتىمۇ يېتىپ كەلدى. ھىرا غارىنىڭ خىلۋەتلىرىدە، ئالالاھنىڭ پەرىشتىسى جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام، ناھەقچىلىككە قارشى ئاخىرقى ھەل قىلغۇچ كۈرەش ئۈچۈن مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەزىپە تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن زەيد تۇنجى قېتىم ھەققانىيەت ئىرپانىغا ساھىپ بولۇپ، سىغىنىغان ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىنىڭ چىن مۇھەببىتىنى ئىمان نۇرى ئاستىدا، مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئېتىۋاتقان ھالەتتە كۆرىشكە سازاۋەر بولدى. قەلبىدىكى نامەلۇم مەھلىيالىق ئۇنى ھەققانىيەت ئىرفانىنىڭ دولقۇنلۇق ھاياجانىغا چۆمدۈرمەكتە ئىدى. "چىن ئىنسان" ئۈچۈن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئويغانغان بۇ تۇنجى يارقىنلىق مۇھەببەت بارغانچە يېتىلمەس ئىشەنچ ھەم پىداكارلىقنىڭ ئەمەلىي ۋۇلقانىغا ئايلىنىپ، زەيدنى گويا پەيغەمبەرلىك نۇرىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىپ قانمايدىغان مەستانە پەرۋانىگە ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى.

ئەمما يىراق يەمەندە، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى شۇنچە يىللاردىن بېرى يوقۇتۇپ قويغان ئارزۇلۇق كۆز گۆھىرىنىڭ دەردىدە قاتتىق ھىجران ئازاۋى چەكمەكتە ئىدى. بىر كۈنى تۇيۇقسىز مەككىدىن كەلگەن بىر يەمەنلىك "يۈرەك پارەڭلار مەككىدە ئىكەن، مۇھەممەد ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ يېنىدا ساق ـ سالامەت تۇرىۋېتىپتۇ" دېگەن خوشخەۋەرنى يەتكۈزدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاتا ـ ئانا ئۆزىنى تۇتالماي شاتلىقتىن ھۆكرەپ يىغلىشىپ كەتتى ۋە ھايال ئۆتمەيلا ھارىسە ئېنىسى كەئبنى ئېلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن زەيدنى تىلىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىراش يولغا ئاتلاندى. ئۇلار خۇشاللىقتا مەككىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەيلا قىلغان ئىدى.

ـ خالايىق! بىز مۇھەممەدنى ئىزدەيتۇق، ئۇنى نەدىن تاپقىلى بولىدۇ؟ ـ ئۇلار كىشىلەردىن ئالدىراش سۈرۈشتەرمەكتە ئىدى.

- مۇھەممەد شۇ تاپتا مەسجىدى ھەرەمدە ئولتۇرىدۇ - دېگەن جاۋاپنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا بىر دەم ئىچىدە پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغىمۇ ھازىر بولدى ۋە "ئى، قەۋمىنىڭ سەردارى ئابدۇللاھنىڭ ئوغلى! ئابدۇل مۇتەللىبنىڭ نەۋرىسى! بىلىشىمىزچە، سىلې ھەرەمدە تۇرىدىغان، غىرىپ - غۇرۋالارغا ياردەم قىلىدىغان، ئاچ - يالىڭاچلاردىن خەۋەر ئالىدىغان پەزىلەتلىك ئادەمكەنلا. بىز سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا يۇرەك پارىمىزنى ئازات قىلىپ، كاتتا بىر ئىھسان قىلارمىكىن، دېگەن تىلەك بىلەن كەلدۇق. ئەگەر ھەق ئادا قىلىشىمىزنى خالىسىلىرى، ئېغىزلىرىدىن چىققاندىن ئاشۇرۇپ پۈتۈن دۇنيايىمىزنى تەقدىم قىلىشقا ھازىرمىز" دەپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

ماھىيەتتە، ئۇلار پەيغەمبىرىلىكنىڭ مەرھەمەتلىك سايىسى ئاستىدا، ئاللاھدىن غەيرىگە قۇل بولۇشتىن مەڭگۈلۈك ھۆرلۈككە چىققان زەيدنى ئازات قىلماقچى بولىۋاتاتتى. ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ قاتمال تەڭگىلىرى بىلەن ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ مۇھەببەت پەرۋانىسىنى سېتىۋالماقچى بولىۋاتاتتى.

شۇنداق،

ئەمىلىيەت راستىنلا شۇنداق بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن "سىلەر زادى قايسى قۇلنىڭ ئازاتلىقىنى تەلەپ قىلىۋاتىسىلەر؟ سىلەرنىڭ يۈرەك پارەڭلار زادى كىم؟" دەپ سورىدى.

"زەيدنى..." دېگەن تىترەڭگۈ سادا ئۇلارنىڭ ھىجراندا پۇچىلانغان قەلبلىرىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئەلەملىك قاقشال لەۋلىرىدە مۇڭلانماقتا ئىدى. ئۇلار كۆڭۈلىدە "ئەمدى قانداق جاۋاپقا ئېرىشەرمىز" دېگەن ئەندىشىلەرنىمۇ قىلماي تۇرالمىدى.

دېمىسىمۇ، يات بىر ئادەملەرنىڭ تەلىپى ئۇچۇنلا سېتىۋېلىنغان بىر قۇلنىڭ ئازات قىلىنىشى ئاسان گەپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە "ئىماندىن مەھرۇم ھارىسەگە بىر مۆئمىننى تاپشۇرۇپ بېرىش ئىسلامنىڭ روھىغا ئۇيغۇن كېلەمدۇ، كەلمەمدۇ؟" دەيدىغان تېخىمۇ چىگىش مەسىلە مەۋجۇت ئىدى. ئەمما ئۆزىنى قويۇپ، ئۆزگىنىڭلا غېمىنى يەپ ئادەتلەنگەن مېھرىبان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بارلىق غەم ـ ئەندىشە، دەرت ـ ئەلەملىرىنى ئاللى بۇرۇن چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا كامالى مەھرىبانلىق بىلەن "بىز قىلىپ بېرەلۇگۇدۇك يەنە باشقىمۇ خىزمىتىڭلار بارمۇ؟" دەپ سورىدى.

بۇ سوئال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ ساخاۋەتكارلىق بىلەن تىلىگۈچىلەرنىڭ ئەلەملىك تىلەكلىرىدىنمۇ ئاشۇرۇپ بېرىۋېتىش ئۈچۈن تەييار ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەپ بەرمەكتە ئىدى.

ـ ياق، ئى ئۇلۇغ شەپقەتچىمىز! بىزگە باشقا ھېچنەرسە كېرەك ئەمەس...

ھارىسە مەمنۇنىيەتتىن لەرزىگە كەلگەن ھالدا ئالدىراش جاۋاپ بېرىۋاتاتتى.

ـ مۇشۇ قىلغانلىرىڭنىڭ ئۆزىلا ھەممە نەرسىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۈكۈت ئىچىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلىنىشقا باشلىدى. بىر تەرەپتە، قەلب رىشتىسى باغلىنىپ، سۆيۈملۈك جان ـ جىگىرى بولۇپ قالغان زەيد، يەنە بىر تەرەپتە، ئەشۇنداق قىممەتلىك مۇھەببەتنىڭ ھىجران ئازاۋېدا يىغان چىكىۋاتقان بىر ئاتا قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەرھال ئازاپلىق قەلبىگە مۇز تېگىپ، بىراۋنىڭ دەردىنى ئەلا بىلگەن ھالدا،

ـ ئۇنداقتا زەيدنى چاقىرتايلى، ئۇ مەن تەرەپتىن ئازات. ئەگەر ئۇ سىلەر بىلەن كېتىشنى خالايدىغانلا بولسا، ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ ـ دەپ جاۋاپ بەردى.

ھارىسە بىلەن كەئىب "ئەگەر ئۇ سىلەر بىلەن كېتىشنى خالايدىغانلا بولس" دېگەن بۇ جۈملىنى بىرئاز غەلىتىرەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلار "شۇنچە يىل ئاتا ـ ئانىسىنىڭ جۇدالىقى بىلەن قوللۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان بىر سەبىي، ئاران تەستە مەھرىبان ـ ئاتا ـ ئانىسىغا سازاۋەر بولغاندا، بىرگە كېتىشنى رەت قىلىدۇ، دەپ قانداقمۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن؟" دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى.

لېكىن "ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ" دېگەن سۆزدىن ئۇرغۇپ تۇرغان كامالى ساخاۋەتنىڭ مەمنۇنىيىتى ئۇلارنى ئىلگىركى جۈملىدىن ھەيران قالدۇرۇپ يۇرمىگەن ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق پەيتتە زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھ ئەنھۇ يېتىپ كەلدى.

ئۇ شۇ تاپتا ئىنتايىن نازۇك بىر ئاچا يولغا كېلىپ قالغان بولۇپ، بىر تەرەپتە، شەپقەتلىك، قەدىردان ئاتىسى غۇلاچلىرىنى كەڭ ئېچىپ، ئارزۇلۇق ئوغلىنىڭ "دادا!" دەپ يۈگۈرگەنچە باغرىغا ئۆزىنى ئېتىشىنى، دادىسىنىمۇ يىغلىتىپ، ئۆزىمۇ تەڭ يىغلاپ كېتىشىنى ئاجايىپ تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە، ئائىلە، قان ـ قېرىنداشلىق جەھەتتىن زەيدنىڭ ھېچ نەرسىسى ھېساپلانمايدىغان يات، ئەمما ھەقىقىي "ئىنسان" قاراپ تۇراتتى. زەيدنىڭ دادىسىنى سېغىنغان كۆزلىرى مۇشۇنداق ۋىسال پەيتىدىمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئۆزى ئىمان كەلتۈرگەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا تىكىلدى. ئۇنىڭ جىمغۇر نەزەرلىرى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىگە بىر قارىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بولغان قەتئىي ئىتائەتمەنلىكىنى جاكارلاۋاتقاندەك چۈشقۇر ئەدەپ، ئىھتىرام بىلەن يەرگىلا تىكىلىپ تۇراتتى. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ مۇھەببەت ئىزھارى بولغان بۇ بېقىشلىرىغا قارىتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە زادى قانداق ھېسلار بەرپا بولغانلىقىنى ھېچ كىشى بىر نېمە دېيەلمەيتى.

ـ زەيد!... سەن بۇلارنى ... تونۇمسەن؟ ـ دائىم تەبەسسۇم بىلەن سۆز قىلىدىغان ئەمما ھەرگىز قاقاقلاپ كۈلمەيدىغان كامالى ئەخلاقلىق زات سۆز قىلىۋاتقان بولۇپ، مۇبارەك ئەۋازىدا گويا، ئاتا ـ بالىنىڭ ۋىساللىق شاتلىقى بىلەن بىرگە، ئۆز ئەزىزىدىن ئايرىلىش ھەسرىتىمۇ ئورتاق ئىپادىلىنىۋاتقاندەك بىلىنىپ تۇراتتى.

ـ ھەئە! ـ زەيد جاۋاپ بەرمەكتە ئىدى ـ ناھايىتى ياخشى تونۇيمەن. بۇ كىشى مېنىڭ ئاتام ھارىسە، بۇ كىشى تاغام كەئىب بولىدۇ.

زەيد مۇشۇنچىلىكلا سۆز قىلىپ باشقا ھېچنەرسە دېمەستىن، جىممىدە بولۇپ قالدى. باشلىرى يەرگە ساڭگىلىغانچە، كۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامازدا ئۆرە تۇرىۋېرىپ كۆپىنچە ئۇيۇشۇپ ئاغرىپ كېتىدىغان مۇقەددەس قەدەملىرىگە تىكىلگەن ئىدى. ئىمان ۋە ئىشەنچىنىڭ ئۈزۈلمەس رىشتە يىپلىرىغا باغلانغان زەيد، نىچۈنكىنتاڭ، ئائىلە، قان ـ قېرىنداشلىق رىشتىسىنىڭ قايناق بولىقى بولغان قەدىردان ئاتىسىغا مۇشۇنداق كەم ئۇچرايدىغان ۋىسال پەيتلىرىدىمۇ قىنىپ بىر قاراي دېمەيتى. ھارىسە بۇ

ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپلا قالدى. كەئىبمۇ بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ چۇڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتكەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دىلكەش ئاۋازى بىردىنلا ھەممەيلەننى سۈكۈتتىن ئويغاتتى.

- مىنىڭ كىملىكىمنى ھەم ساڭا قانداق مۇئامىلىدە بولغانلىقىمنى ياخشى بىلىسەن. ئەمدى ساڭا ئىككىلا يول بار؛ بىرى، خالىساڭ مەن بىلەن قالساڭمۇ بولىدۇ. يەنە بىرى، داداڭ بىلەن ئەزىز تۇغقانلىرىڭنىڭ يېنىغا كەتسەڭمۇ بولىدۇ.

جىملىق يەنە ھۆكۈم سۈرۈۋاتاتتى. ھارىسە ئۆمۈد بىلەن خەۋپنىڭ جان ئالغۇچ كەيپىياتىدا سىقىلىشقا باشلىدى. كەئىبمۇ ئەندىشىلىك خىياللىرى بىلەن زەيدكە تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بولسا، تەمكىنلىكىنىڭ مۇجەسسەم تەسۋىرىگە ئايلانغان ئىدى. زەيد نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي، خۇددىنى يوقاتقان ھالدا بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە بىر ھازا سۈكۈتتە قالدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ دەرھال بېشىنى كۆتەردى. كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆزىدە شاتلىق ئەمەس، بەلكى ئەلەملىك ياشلارنىڭ لىغىرلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتاتتى. بۇ دەل ئىمانغا بولغان مىسلىسىز سۆيگۈ بىلەن پەيداكارلىقىنىڭ ھەسرەتلىك كۆز يېشى ئىدى. ئاخىرى جىسىم بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ھېسسىياتلىق مۇھەببەت كۆرىشىدە يەنىلا ئىمان غالىپ كەلدى. زەيد بۇنداق شارائىتتا دۇنيانىڭ تەسەۋۋۇرىغىمۇ سىغمايدىغان ئاخىرقى قارارىنى تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋاز بىلەن جاكارلاشقا باشلىدى.

- ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن ھەرگىزمۇ سىلىنى قويۇپ، باشقىنى ئەلا بىلىدىغانلاردىن ئەمەس. سىلى مەن ئۈچۈن ئاتا - ئانامدىنمۇ ئەزىز ھەم قەدىرلىك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جاۋابىدىن چوڭقۇر شاتلىققا چۆمدى. ھارىسە بىلەن كەئىب بۇ قارارنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا باشلىرىنى چاڭگىلىغانچە ئولتۇرۇپ قالغان ئىدى. ئۇلار "بىز زادى نېمىنى ئاڭلاۋاتىمىز؟ نېمىنى كۆرۈۋاتىمىز؟ ھەتتا ئاتا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان بۇ زادى قانداق رىشتە؟" دېگەنلەرنى ئويلىماي تۇرالمىدى.

- ئەس - ھۇشىڭ جايىدىمۇ قانداق؟! - ھارىسە ئاچچىقلاپ قاتتىق ۋاقىراپ كېتىۋاتاتتى - ئىسىت! ئىسىت! ساڭا زادى نېمە بولدى؟! ئەجىبا داداڭنى تاشلاپ يات بىرسىنى ياخشى كۆرىۋاتامسەن؟ قاراپ تۇرۇپ، قۇللۇقنى ئازاتلىقتىن ئەلا بىلىۋاتامسەن؟

زەيد ئەمدى تۇنجى قېتىم دادىسىغا بېقىپ قارىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر ئاجايىپ بىر يېڭىسەك ھەققانىيەتنىڭ نۇرلىرى پارلاپ تۇراتتى. چۈنكى ئۇ ئىلگىرى گۆدەك زەيد ئەمەس، بەلكى تومۇرلىرىدا قان ئورنىغا ئىماننىڭ نۇرى ئېقىۋاتقان، جىسمى ئارقىدا قىلىپ، روھى ئالدىدا مېڭىۋاتقان باشقىچىلا بىر زەيد ئىدى.

توغرا، مەن بۇ گەپنى پۈتۈن ئەقلى - ھۇشۇم بىلەن بىلىپ قىلىۋاتىمەن - زەيد ھەققانىيەت ئىرفانىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئەستايىدىل جاۋاپ بېرىشكە باشلىدى

- سىلەر ياخشىسى مىنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار، مەن بۇ ئۇلۇغ زاتتا باشقا ھېچ ئىنساندا كۆرمىگەن پەزىلەتنى كۆردۇم. ئەمدى مەن ھېچ كىشىگە ئەمەس، بەلكى پەقەت يىگانە ئاللاھىم بىلەن مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىلا مەنسۇپ!

ئۇنىڭ بۇ ياڭراق ساداسى پۈتۈن ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قاتتىق ھاياجان بىلەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى، دە - ھەجرى ئەسۋەدنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى ۋە ئۇنلۇك خىتاب قىلىپ: "خالايىق! گۇۋاھ بولۇڭلاركى، بۈگۈندىن باشلاپ زەيد مىنىڭ ئوغلۇمدۇر! بۈگۈندىن باشلاپ، زەيد مىنىڭ ئوغلۇمدۇر!" دەپ ئىلان قىلىشقا باشلىدى.

ئىككى ئىنساننىڭ ئىمان ۋە ساداقەت ئاساسىدا قۇرۇپ چىققان بۇ ئاجايىپ مۇناسىۋىتى نېمە دىگەن قالتىس، نېمە دىگەن مۇستەھكەم، ئۈزۈلمەس رىشتە، ھە! ھالبۇكى، زەيد پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە ھاياتىغا ئادەتتىكى سېتىۋېلىنغان قۇل سۈپىتىدە كىرىپ كەلگەن ئىدى. ئۇ مەككىنىڭ ئەشۇنداق ئىنسانخور، ئىنسانپۇرۇش جەمئىيەت مۇھىتىدا، بىرەر ئىنساننىڭ ئۆزىنى باغرىغا مەھكەم بېسىشىنى،

ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، قۇللۇق تامغىسى بېسىلغان ئەرزىمەس پىشانىسىگە مېھرىلىك لەۋلىرى بىلەن سۆيۈش ئارقىلىق قۇل، خوجايىن، ھەممەيلەننىڭ ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ قۇلى ۋە بەندىسى ئىكەنلىكىگە ھەقىقىي ئىشەندۈرەلىشنى قەتئىي ئويلاپمۇ باقمىغان ئىدى.

ھەزرەتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ بايان قىلىشىچە، زەيد ھەر قېتىم ئۆيگە كىرىپ چاقىرغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەيلى قانداقلا ئەھۋالدا بولمىسۇن، دەرھال يۈگۈرەپ چىقاتتى. ۋە چۈڭقۇر مېھرى بىلەن زەيدنىڭ پىشانىسىگە سۆيۈپ تىنچ ـ ئامانلىق سورايتى.

دېمەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەشۇ ئادەتتىكى "قۇل"نىڭ ئەلەملىك باغرىدا تىنىمسىز جۇش ئۇرىۋاتقان ھەقىقىي ئىنسانىۋىلىك جەۋھىرىگە بولغان چۈڭقۇر تەشنالىقنى شۇ قەدەر چۈشىنىپ، شۇ قەدەر قەدىرلەپ، دەردىگە دەرمان، يارىسىغا مەرھەم بولغانكى، شۇنىڭ نەتىجىسىدە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پۈتۈن دىلى ۋە جېنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۆزىنى ئاتىۋەتكەن ئىدى. بىر تەرەپتە زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببەت ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىسىنى، ۋەتەن، قەۋمىنى جۇملىدىن پۈتۈن دۇنياسىنى تەسەددۇق ئەيلىگەن بولسا، ئىككىنچى تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتتىكى بىر قۇلغا ئۆز نەۋرە سىڭلىسى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى نىكاھلاپ بېرىش ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەب قەۋمىنىڭ نەسەبۋازلىق بۇتلىرىنى چاققان ئىدى.

بىر تەرەپتە تائىفنىڭ ئەسەبىي كۇپپارلىرى ھەق ـ ساداقەتنىڭ ئۆچمەس مەشئىلىگە تاش، كېسەك ياغدۇرۇشنى باشلىغاندا، زەيد ئۆز ۋۇجۇدىنى قالقان قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسالامنى قوغدىغان بولسا، ئىككىنچى تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جىھاد ئۈچۈن ئاتلانغان شۇنچە كاتتا ساھابىلەر قوشۇنىنىڭ قۇماندانلىق تاجىنى زەيدنىڭ بېشىغا كەيگۈزگەن ئىدى. ھەتتا ئاخىرىدا زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېھىدلىك ۋىسالىغا يەتكەن مۇئەتتا غازاتىدىمۇ نەخ ئۈچ مىڭ مۇجاھىدقا قۇماندانلىق قىلىش ۋەزىپىسى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغان ئىدى. شۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە قېرىندىشى ھەزرەتى جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "يا رەسۇلۇللاھ! سەپتە مېنىڭ مەۋجۇتلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن قۇماندانلىق ۋەزىپىسىگە زەيدنى

ئەمەس، مېنى تەيىنلەيدىغۇ! دېگەن ئويدا ئىدىم" دەپ پىكىر بەرگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى گويا زەييد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەزىلىتىنى كەم سۇندۇرىۋاتقاندەك قىلىۋاتقان ھېسقىلىپ قاتتىق ئەسكەرتىش بەرگەن ھالدا: "خوپشۇك! ئاللاھغا نىسبەتەن كىمنىڭ بەكرەك يارامىلىق ئىكەنلىكىنى سەن تېخى بىلمەيسەن" دېگەن ئىدى. ئاندىن دەل ئەشۇ يارامىلىق "ئىنسان"نىڭ شەھىد بولغانلىق خەۋىرى گەلگەندە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلىغانچە "ئى ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! زەيدنى مەغپىرەت قىلغىن! زەيدنى بەختىيار قىلغىن!" دەپ نالە قىلغان ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چەكسىز مۇھەببىتى زەيدنى ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار يۈكسەكلىككە ئىگە قىلغان بولۇپ، ئۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ قەدەر چوڭقۇر سۆيگەن ئىكەنكى، ئاخىرى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك يۈرەك پارىسى ۋە جان ـ جىگەر ئوغلىغا ئايلىنىپ، ھەتتا پۈتۈن خالايىقلار كىمنىڭ سۆيگۈچى، كىمنىڭ سۆيۈلگۈچى ئىكەنلىكىنى پەرىق قىلالمايدىغان مۇھەببەت ئوبرازىنى بەرپا قىلغان ئىدى.

دەرۋەقە، مۇھەببەت ۋە مۇھەببەتنى قەدىرلەشنىڭ بۇنداق مىسلىسىز تارىخىنى تەۋھىد بىلەن پەيغەمبەرلىكتىن باشقا دۇنيادىكى ھەرقانداق ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ كەچمىشلىرىدىن ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. بۇ نادىر سۆيگۈ تارىخىنى بارلىق پىداكار ئەزىمەتلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ ئەسلىدىكى ھاياتى كۈچى بىلەن شۇ قەدەر مۇستەھكەم ساقلاپ كەلگەنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقىي سۆيىدىغان ھەرقانداق "ئىنسان" ئۇنىڭ مۇبارەك نەزىرى چۈشكەنلا ھەربىر نەرسىگە جان ـ دىلىدىنمۇ بەك مۇھەببەت قىلىدىغان بولۇپ كەتكەن ئىدى.

شۇڭلاشقا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ خەلىپىلىك دەۋرىدە، شامغا يۈرۈش قىلىش ئۈچۈن شۇنچە كاتتا قوشۇننىڭ قوماندانلىقىنى ھەزرەتى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تاپشۇرغان ئىدى. ئەينى چاغدا خېلى كاتتا دانىشمەن زاتلارمۇ بۇنداق چوڭ ئىش ئۈچۈن تېخى ياپ ـ ياشلا ئۇسامىنى باش قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنەلمەي ئېتىراز بىلدۈرىشتى. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

قاتتىق ھاياجانلانغان ھالدا ئۇلارغا جاۋابەن: "ئەجىبا سىلەر رەسۇلۇللاھ ئاتا قىلغان قوماندانلىقنى سەن تارتىۋال دېمەكچىمۇ؟!" دەپ خاتاب قىلغان چاغدىلا، ئاندىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھ ئەنھۇنىڭ زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نەقەدەر ئەقىدە قىلىدىغانلىقىنى، ئەسلى بۇ ئىشنىڭ ئارقىدا، رەسۇللاھنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت قىلىش ئىشتىياقىنىڭلا رول ئوينىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى.

ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جەڭگە ئاتلىنىش ئۈچۈن ئات مىنىپ يولغا چىقىۋاتقان پەيتتىمۇ دۇنيادىكى سۆلەتۋاز، ئابرويپەرەسلەرنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت قىلىش ئىشتىياقىنىڭ ئاجايىپ بىر ئۆزگىچە ئىزھارىنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا داڭ قېتىشىپلا قىلىشقان ئىدى. ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن چىققان خەلپە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خۇددى ئادەتتىكى بىر قۇلغا ئوخشاشلا ئاتنى چۇلۇۋۇردىن يېتىلەپ پىيادە كېتىپ بارماقتا ئىدى. ئات ئۈستىدە بولسا، بىر قۇلنىڭ پەرزەنتى بولغان ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئۇنھۇ قوماندانلىق شەۋكىتىنى جىلۋە قىلغان ھالدا ئولتۇراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قالسىلا دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا مۆئمىن بولۇپ ھېساپلىنىدىغان ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنى نامايەن قىلىش يولىدا كىيىم ـ كېچەك، ئۈستى ۋاشلىرىنى ئات تۇياقلىرى ئاستىدىن كۆرتىلىۋاتقان توپا ـ چاڭلارغا مىلەپ پىيادە كېتىپ باراتتى. ئۇسامە بۇ مەنزىرىگە زادىلا چىداپ تۇرالماي قالدى. ئەمما ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھغا بولغان قايناق مۇھەببەتنىڭ دېلكەش ئەسلىمىلىرىگە شۇڭغۇپ كەتكەن بولغاچقا، سالاپەت، شانۇ ـ شەۋكەت دېگەنلەرنى قەتئىي خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ يۈرمىگەن ئىدى. ئۇ شۇ تاپتا بىر تۇرۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر قۇچىقىدا ھەزرەتى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى، بىر قۇچىقىدا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئوخلۇتۇپ "ئى كەرەملىك ئاللاھىم! مەن بۇلارغا مۇھەببەت قىلىمەن، سەنمۇ بۇلارنى مۇھەببىتىڭنىڭ رەھمەتلىك سايىسىدىن ئايىرمىغىن" دېگەن دۇئاسى بىلەن ئەللەي ئېيتىۋاتقانلىقىنى خىيال قىلىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تۇرۇپ، ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بۇرنى ئېقىپ كەتكەن ھالدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاغلىرىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەرھال كېلىپ

مۇبارەك قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بۇرنىنى تازىلاپ قويۇۋاتقانلىقىنى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇنى كۆرۈپ "يا رەسۇلۇللاھ! مەن تۇرغان يەردە مۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرمىسلىرى بولاتتى" دەۋاتقانلىقىنى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىنتايىن قايغۇلۇق دىلكەش ئاۋازدا "ئى ئائىشە! مەن ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلىمەن، سەنمۇ ئۇنىڭغا مۇھەببەت قىلغىن" دەۋاتقانلىقىنى ئويلاۋاتاتتى.

بىردىنلا ئۇسامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ "سىلىنىڭ تۇپىغا مىلىنىۋاتقانلىرىغا مەن قانداقمۇ قاراپ تۇرالمايمەن؟ بۇلدى مەن ئاتتىن چۈشەي" دەپ كۆتىرىۋاتقان غەۋغاسى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سۈرىۋاتقان شىرىن خىياللىرىدىن ئويغىتىۋەتتى.

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: "ياق، ئى ئوماق ئۇسامە! مەن ئۆزەمنى مۇشۇنداق تۇپىغا مىلىنىۋالغۇم كەلدى. بۇ دېگەن ھەققانىيەت يولىنىڭ توپا - چاڭلىرى... بۇ دېگەن، رەسۇلۇللاھقا بولغان مۇھەببەت يولىنىڭ توپا - چاڭلىرى... ئي ئۇسامە! بۇ دېگەن، بىر قەدەم ماڭسا، يەتتە يۈز ياخشىلىق يېزىلىدىغان مۇقەددەس يولنىڭ توپا - چاڭلىرى... مېنىڭ بۇنداق توپىغا مىلەنگىنىمدىن ئۆكۈنمەي، شات بولىشىڭ لازىم... شات بولىشىڭ لازىم..." دېگىنىچە يەنىلا ئەشۇ تاتلىق ئەسلىمىلىرى سۈرۈپ تەمكىن قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى.

دېمەك، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە باشقا بارلىق ساھابە كىراملارنىڭ ھەممىسى رەسۇلۇللاھقا شۇنداقلا رەسۇلۇللاھنىڭ ھەربىر سۆيگۈ - مۇھەببىتىگە مۇھەببەت قىلىشىنىڭ، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۈننىتىنى جېنىدىنمۇ ئەلا بىلىشىنىڭ ئەنە شۇنداق تىرىك داستانىنى تارىخ بويىنغا تۇمار قىلىپ ئاسقان ئىدى.

ئەمما نۆۋەتتىكى بىز مۇسۇلمانلار، ساھابىلەر ھاياتىنىڭ بۇ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدە ھېچ يېرى ئۆلارغا ئوخشىمايدىغان ئەبگا ئەكسىمىزنى كۆرگىنىمىزدە، دەرھال تەۋبە قىلىپ، مۇھەببەت، نەپرەت مىزانىمىزنى ئىسلاھ قىلىۋېلىشىنىڭ كويىدا بولماستىن، ئەكسىچە، ئەيتىمىزنىڭ قوتۇرلىقىغا ئەشۇ

مۇقەددەس ئەينەكلەردىن دەلىل ئۆندۈرۈشنىڭ كويىنى قىلىپ يۈرمەكتىمىز. ھەتتا ئەشۇنداق شۇملۇقىمىز ئۈچۈن سۈننەت، پەرىزلەردىنمۇ تۈك ئۈندۈرۈپ، تولغاپ ئوينىماقتىمىز. ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمان! يەنىلا بىز مۇسۇلمان!

كامىلجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# تەۋرەنمەس ئىمان

## (پاكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

- مانا بۇگۈن ئازادلىقنىڭ بەخت قۇشى كۇپپارلارنىڭ زۇلۇم - ستەم سىپىللىرىنى بۆسۈپ ئۆتۈپ، ئىزىلگۈچىلەرنىڭ باشلىرىغا قونىدىغان چاغمۇ كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ. مەنمۇ مەككىنىڭ زۇلمەتلىك قەپەسلىرىدىن ۋە تۇتقۇنلۇقىنىڭ بۇ ئىپلاس كىشەنلىرىدىن قۇتۇلۇپ، مەدىنىدىكى جان - جىگەر مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم تەرەپكە ئەركىن پەرۋاز قىلىدىغان بولدۇم -

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۇتلىرىدىكى ئېغىر كىشەنلەرگە ھەسرەتلىك قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە پىچىرلىماقتا ئىدى.

ئەسلىدە، ئۇنىڭ رەھىمسىز كاپىر دادىسى ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئىسلامغا كىرگەنلىكى ئۈچۈنلا پۇتىدىن زەنجىردە باغلاپ، ئۆيگە قاماپ قويغان بولۇپ، ئۇ شۇنچە ئۇزۇندىن بېرى مەدىنىدىكى ئىسلام مەركىزىدىن يىراق مەككە شەھىرىدىكى قاباھەتلىك ئائىلىۋي قاماقتا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق ئازاب چېكىۋاتماقتا ئىدى. ئۇ "قاچانمۇ مەسجىد نەبۋىينىڭ تۇپراقلىرىغا پېشانەمنى تەككۈزۈپ ئاللاھقا سەجدە قىلىدىغان، ئىماندىن ئىبارەت بۇ كاتتا نېمەتكە تەشەككۇر بىلدۈرىدىغان مۇبارەك سائەتلەر يېتىپ كېلەر، ھە!" دەپ ئاجايىپ تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

- دادام ۋە بارلىق مەككە سەردارلىرى مۇسۇلمان قېرىنداشلار بىلەن سىياسىي كېلىشىم تۈزۈش ئۈچۈن ھۇدەيبىيىگە كەتكەن بۇگۈنكى بۇ پۇرسەت بەلكىم زۇلمەتلىك قاماقتىن قۇتۇلۇشۇم ئۈچۈن ئاللاھ يارىتىپ بەرگەن ئەڭ ياخشى شارائىت بولسا كېرەك. ئەمدى چوقۇم بېرەر ئامال قىلىشىم

لازىم.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ھازا ئەنە شۇنداق خىياللارنى سۈرگەندىن كېيىن مەلۇم بىر مۇشەققەتتە باغلاقتىن يېشىنىپ، پۈتلىرىدىكى كىشەنلەرنى سۆرىگەنچە، بىر يېقىلىپ بىر قوپۇپ شۇنچە ئۆزۈن مۇساپىنى بېسىپ، ئاخىرى ھۇدەيبىيەگە يېتىپ كەلدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ كۆزلىرى ئايرىلغىنى ئۆزۈن بولغان سۆيۈملۈك دىنىي قېرىنداشلىرىنى نەخ ئالدىدىلا كۆرمەكتە ئىدى.

ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى بىلەنلا پۈتۈن يېقىن تۇغقانلىرى ياتلارغا، بەلكى تېخىمۇ توغرىراقى دۈشمەنگە ئايلىنىپ كەتكەن بۇ بىچارە ئىنسان سېغىنغان دىنىي قېرىنداشلىرىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ شۇ قەدەر شادلىقتا چۆمۈپ كەتكەن ئىدىكى، ئۇنىڭ غەمكىن سارغايغان چىرايىدىن ئىختىيارسىز خۇشاللىق كۈلكىلىرى يېغىشقا باشلىدى. چۈنكى گەرچە مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ تومۇرلىرىدا خىلمۇخىل قانلار ئېقىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەلب، ئىددىيىلىرىدىكى ئورتاق روھ ئاللى بۇرۇن قەلبلەرنى قۇل قىلىپ، بىر ـ بىرىگە بولغان مۇھەببەت ۋە مېھرىبانلىقنىڭ ئۆركەشلىك ئېقىنلىرىنى بەرپا قىلىپ بولغان ئىدى.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى خۇددى بارلىق ھاردۇقى بىراقلا چىققاندەك، ھارغىن جىسمىغا يېڭىدىن كۈچ قوشۇلۇپ، بۆلەكچىلا جانلىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرماپ ياتقان قايغۇ ـ ھەسرەتلەر ئەمدىلىكتە بىسىۋالغۇسىز شادلىققا ئايلىنىپ، چىرايىدا "مانا مەن" دەپ ئېنىق ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئەمما كۆز ئالدىغا يېقىنلاپ قالغان بۇ ئازادلىق مەنزىلىنىڭ ئۆز قەدەملىرىدىن ھازىرچە خېلىلا يىراقتا ئىكەنلىكىنى ئۇ تېخى بىلمەيتتى. ئازادلىقنىڭ مەڭگۈلۈك بەختىيار سائەتلىرى ئۈچۈن يەنە بىر ئاخىرقى بەدەلنى تۆلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى، ھەمدە ئىمان رىشتىسىنىڭ ھاياجانلىق تەلپۈنۈشلىرى بىلەن مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ باغرىغا ئەمدىلا ئۆزىنى ئاتاي دەپ تۇرغان بۇ مۇبارەك سائەتلەردە ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بىر ماددىسى ئۇنى ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىدىغانلىقىنى ئۇ تېخىمۇ تەسەۋۋۇر

قىلالمايتتى.

ـ قاراڭلار! قېرىنداشلار قاراڭلار! مانا مەن كەلدىم...

بۇ دەرتلىك ئاۋازنى ئاڭلىغان بارلىق مۇسۇلمانلار دەرھال بۇرۇلۇپ قاراشتى. ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قان تەپچىپ تۇرغان جاراھەتلىك پۇتلىرىدا زەنجىر كىشەنلەرنى سۆرىگەنچە ئۆزىنى ئۆنۈتقان ھالدا ئېتىلىپ كېلىۋاتاتتى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ قەلبى نەقەدەر ئازابلىق ھېسلارغا تولغانلىقىنى، مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ قانداق دولقۇنلۇق ھاياجانغا چۆمگەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. راستىنى ئېيتقاندا، مۇسۇلمانلارنىڭ ئىماني ھېسلىرى ۋە يىمرىلمەس سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلىرى يۇگۇرگەنچە بېرىپ، ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قانغىچە باغرىغا بېسىۋېلىشنى، كۆپپارلارنى بولسا، تازا بىر ئەدەپلەپ يولغا سېلىۋېتىشنى تەقەززا قىلماقتا ئىدى. ئەمما ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ بىر ماددىسى مۇسۇلمانلارنى قان يۇتۇشكە، قايناق قەلبلىرىگە مۇز تېڭىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى. ئەخلاق تىلىدا "كېلىشىمگە ئەمەل قىلىش"، "ۋەدىگە ۋاپا" قىلىش دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەمەل مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى ئامالسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان ئىدى.

ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق مۇسۇلمان قېرىنداشلارنىڭ كاپىرلارغا قىلغان شۇنچە ئىلتىماس، تەكلىپلىرىمۇ زادىلا كار قىلمىدى. كاپىرلار ئەكسىچە كېلىشىمدىكى تېخى ئەمدىلا يېزىلغان "بۇندىن كېيىن مەككىدىن قېچىپ مەدىنىگە بارغۇچىلار يەنە مەككىگە قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ" دېگەن بىر ماددىغا زادى ئەمەل قىلىش كېرەكلىكىنى قاتتىق تەكىتلەپ تۇرىۋالدى. ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا تەسەللىي بېرىپ "ساڭا ئاللاھ ئۆزى چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ" دېگىنىچە ئۇنى يەنە زۇلۇمغا تۇتۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، شەخسىيەتچىلىك ۋە مۇناپىقلىقتا تولغان كوّز ئالدىمىزدىكى بۇگۇنكى بۇ دۇنيا ئەشۇنداق شارائىتتا ھەقىقىي مۇسۇلمانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى نەقەدەر ئەزىز كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ قەلب روھلىرىدىكى قايناق سۆيگۈ ھېسلىرى ئەبۇ جەندەل رەزىيەلاھۇ ئەنھۇنى ھەرقانداق شارائىت ئاستىدىمۇ، ھەتتا باشلىرىدا قىلىچلار ئويناپ يۈرگەن، دەريا ـ دەريا قان ئاققۇزۇشقا توغرا كېلىۋاتقان ئەھۋالدىمۇ ھەرگىز دۇشمەنگە قايتۇرۇشقا يول قويمايدىغانلىقىنى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ.

لېكىن قەغەز يۈزىگە يېزىلغان ئەشۇ ئاددىغىنا بىرقانچە ھەرپلەر شۇ تاپتا مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇلقان بولۇپ يېنىۋاتقان قەلب ھېسلىرىنى پارتلاشتىن توسۇپ قالماقتا ئىدى. گويا شىددەت بىلەن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى مۇھەببەت ھاياجانىنىڭ توسۇۋالغۇسىز كەلكۈنلىرى ئەخلاق سېپىلى ئالدىدا ئۆز رازىلىقى ۋە ئىختىيارلىقى بىلەن قېتىپلا تۇرماقتا ئىدى. بۇ مەيداندا ھەممىدىن بەك پىداكارلىق كۆرسەتكەن كىشى يەنىلا ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى. چۈنكى ئۇ قاماقتىن قېچىپ، شۇنچە گۈزەل ئارمانلارنى كۆكرىگە تىگىپ، مىڭ تەسلىكتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەن، قېرىنداشلارنىڭ ئۇنى دەرھال زەنجىرلەردىن ئازاد قىلىپ، باغرىغا باسىدىغانلىقىغا، ئۆزلىرى بىلەن بىرلىكتە مەدىنىگە ئېلىپ كېتىدىغانلىقىغا تاغدەك ئىشەنگەن مۇشۇنداق پەيتتە، مۇسۇلمان قېرىنداشلار ئۇنىڭ بارچە ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۆز قۇللىرى بىلەن دۇشمەنگە قايتۇرۇپ بەرمەكتە ئىدى. گويا ئۇنىڭ سۆيگۈگە تەشنا چاڭقاق ھېسلىرىغا تەتۈر تەستەك ئۇرۇپ، قەلبىگە ئازار بەرمەكتە ئىدى.

دەرۋەقە، كۆز ئالدىمىزدىكى ھازىرقى زامان كىشلىرىنىڭ نۇقتىي نەزىرى بويىچە ئېيتقاندا، ئەشۇ ئازابلىق قەلب ئازارىدىن خالاس تېپىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلاردىن دەرھال يېشىنى قېقىپ، كۇپپارلارنىڭ قوينىغا قايتسا ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ئىكراملىرىغا سازاۋەر بولسا، ئاندىن توغرا بولغان بولاتتى. ئەمما پۈتكۈل تارىخ گۇۋاھكى، ئۇ قانچە ئېغىر ئازاب چەككەنسىرى ئىمانى شۇنچە قۇۋۋەت

تاپتى. ئەبۇ جەندەل رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ شۇ پەيتتە تېخىمۇ قەتئىي ئىرادە، تېخىمۇ مۇستەھكەم تەۋرەنمەس ئىمان بىلەن مەككىگە قايتىۋاتاتتى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنى قايتۇرىۋەتكەن قېرىنداشلارنىڭ ئۇنى قايتۇرىۋېلىش ئۈچۈن نەقەدەر ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى، قەلبلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ، قان يىغلاۋاتقانلىقىنى، بۇ قېتىمقى سىياسي كېلىشىمنىڭ ئەخلاقي سېنىقىغا ئۆزىنى قۇربان قىلىش ئارقىلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاقي غەلىبىسىگە سەۋەبچى بولۇشتەك ئۇلۇغۋار شەرەپكە سازاۋەر بولىۋاتقانلىقىنى ياخشى بىلەتتى. ھەمدە خۇددى كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئامالسىزلىق بىلەن ئازابلانغان ھالدا ئۇنىڭغا ئېيتقاندەك، ھامان بىر كۈنى ئاللاھنىڭ چىقىش يولى ئاتا قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى.

خوش، قېنى ئەمدى، بارلىق كېلىشىم، توختاملىرىنى بۇزۇش ئۈچۈنلا تۈزىشىدىغان، پۈتۈن قانۇن ـ پرىنسىپلىرىنى مەنپەئەتپەرەسلىك ئۈستىگىلا قۇرۇپ چىقىدىغان ھازىرقى دەۋر سىياسي تۈزۈملىرىدىن ئەنە شۇنداق ھەققانىيەتچىل ئەمەلىيەتچانلىقنى ئۇچراتقىلى بولارمۇ؟ ھەتتا دۇنيا خەرىتىسىدە شۇنچە كەڭ يەر ئالغان چىچىلاڭغۇ ئىسلام دۆلەتلىرىمۇ زامانىنىڭ "قېنى كىم سىياسەتلەرگە ئەنە شۇ يوقالغان ئەخلاقي روھنى قايتۇرۇپ بېرەلەيدۇ؟!" دېگەن جىددىي سادالىرىنى ئاڭلاشقا پېتىنالارمۇ؟ ئەپسۇسكى ئۇلار شۇنداقتىمۇ يەنىلا "ئىسلام دۆلىتى" دېگەن شەرەپلىك نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

خۇددى كۆپىكتەكلا ۋەزنى يوق، سانى بىر مىلياردتىن ئارتۇق ھازىرقى بىز مۇسۇلمانلارمۇ "قېنى قايسىڭلار ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش تەۋرەنمەس ئىمانىنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىپ باقتىڭلار؟" دەپ كۈنىگە نەچچە رەت قىلىنىۋاتقان دەۋر خىتابلىرى ئالدىدا تىرناق تاتىلىماي تۇرالامىزمۇ؟ ئەپسۇسكى بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا مۇسۇلمان، يەنىلا مۇسۇلمان.

كامىلجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# تەڭداشسىز ھەقىقەت (بىرىنچى قىسىم)

(پاكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئۇسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

**بۇ دۇنيا ... ئاللاھتىن مەيۇس، ئېتىقادتىن بېزار، ئاتالمىش مەدەنىيەتلىك دۇنيا...**

ھەقىقەتشۇناش ئۆتكۈر نەزەرلەرنىڭ ئورنىغا تېلېسكوپلارنىڭ يالتىراق ئەينەكلىرىگە پەرۋانە بولىدىغان، مەڭگۈ ھايات ئاللاھقا ئەمەس، ھېسسىز تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىگە ئېشىنىدىغان، ھەققانىيەتنى بايقاش بىلەن ئەمەس، يوشۇرۇش ماھارىتى بىلەن پەخىرلىنىدىغان، ساداقەتنىڭ ئورنىغا قوۋۋەتنى، كۆيۈمچانلىقنىڭ ئورنىغا مۇشتۇمزورلۇقنى ئەلا بىلىدىغان ... دەل مانا بۇ مەغرۇر دۇنيا ھەممە ئىشنى قىلالىدى، يۇ ـ ئىنسانىنىڭ قەلب روھىغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭدىكى نەپرەتنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىياتلىرىنى مۇھەببەتنىڭ شېرىن تۇيغۇلىرىغا ئۆزگەرتەلمىدى. مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ سىرلىق ھاياجانلىرىنى ۋە تەھلىكىلىك ئاپەت كەبى ھېسسىياتلىرىنى كونترول قىلىش ھېچ بىر زامان سەپسەتىلەرنىڭ قولىدىن كەلمىدى. ئىنسانىنىڭ ساغلام تەبىئىتى ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقتىن ھەر دائىم قېچىپ كەلدى. ھېسسىيات قانداقلا پەردە راستچىللىقنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭ ئۇلۇغلىقى ئالدىدا تەسلىم بولماي قالمىدى. ئەمما ۋىجدان بىلەن نەپس ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشتە، ھەقنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە، ھەقنى بىلگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئەمەلىي ئۇيغۇنلاشقا جۈرئەت قىلالىغان كىشىلەرنىڭ دائىم ساندا ئاز بولۇپ كەلگەنلىكى بولسا، باشقا ئايرىم مەسىلە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ يۈكسەكلىكنىڭ بىرىنچى پەللىسى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭدا پانى دۇنيادىكى ئەڭ قىممەتلىك، ئەزىز نەرسىنىڭ ھاياتلىق ئەمەس، بەلكى ھاياتنى ھەق يولىدا پىدا

قىلىش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتىدۇ. ساداقەتنى ئەمەل لەۋھەسىگە يېزىپ مېڭىشنىڭ داۋامى ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قانلىرىغا قەدەر ئېقىتىپ تۈگىتەلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي ھاياتلىقنىڭ تۈنجى تىنىقىنى تىنغاندەك بولىدۇ.

بىز دەل مانا بۇ نۇقتىدىن ئىسلام تارىخىنى مۇلاھىزە قىلىدىغان بولساق، ئىسلام دەۋرىتىنىڭ قانداقلارچە تەرسا دۈشمەنلەرنىڭ ھېسسىياتىغا غالىبانە تەسىر كۆرسىتەلىگەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىقتا ئېغىزىمىز ئېچىلىپ قالماي تۇرالمايدۇ.

ئىسلام يالغۇز دەۋر سىياسىي كۈچلىرىنى مەغلۇپ قىلغانلا بولماستىن، بەلكى ئازغىنا بىر تۈپ ئاجىز، يالاڭتۆش ئىنسانلارنى دەس تۇرغۇزۇپ، پولات ساۋۇتلۇق دۈشمەنلەرنىڭ ھەرقانداق يېمىرىلمەس، مۇستەھكەم سەپلىرىنىمۇ خۇددى ئەسكى كىگىزنى يىرتىپ تاشلىغاندەك تىرە - پىرەن قىلىۋېتەلىدى. تاغ چوققىلىرىدەك بەھەيۋەت شاھىي قەلئەلەرنى ئەرەب تۇغما قۇللىرىنىڭ نامرات ئاياقلىرى بىلەن يەنچىپ تاشلىيالىدى. تېخىمۇ قاتتىق ھەيران قالارلىقى شۇكى، ئىسلامنىڭ نامىنى ئاڭلاشتىنمۇ ئۆلگىچە يىرگىنىدىغان دۈشمەنلەرنىڭ ئاجايىپ ئەسەبىي غەزەپ - نەپرەتلىرىنى مۇھەببەتنىڭ بىقارار مەستانىلىكىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشتەك غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلىدى. ئاپەتلىك ھېسسىيات كەلكۈنلىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، قەلب دولقۇنلىرىنى يېڭىدىن ھەركەتكە سالالىدى. بارلىق ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ قىممەت قارىشىنى يېڭىلاپ بېرەلىدى. ئىددىيە، خاھىشلارنىڭ كۆرۈنمەس ئىچكى دۇنيالىرىنى فەتھىي قىلىپ، بىر ئىنساننى باشقا ئىككىنچى بىر ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ مەيدانغا چىقىرالىدى.

ناۋادا ئىسلاممۇ پەقەتلا ئىنسانلارنىڭ شاتۇر ئەقلى ئۇقۇملىرىنىڭ مەھسۇلىدىن ئىبارەت سىياسىي، نەزەرىيىۋىي ئىجادكارلىقنىڭ نەتىجىسى بولغان بولسا ئىدى، پۈتۈن ئەقلى - ھۇشى بىلەن ئىسلامدىن يىرگىنىدىغان ھەتتا ئۇنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن تەرلەپ - پىشىپ

يۇرىيدىغان كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئۇنى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ، ئىسلام يولىدا قۇربانلىق بېرىش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرالمىغان بولاتتى. ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈنلا مال ـ بايلىقىنى يىل ـ يىللاپ سۇدەك ئېقىتىپ كەلگەن، ھەتتا غەزەپ نەپرەتنىڭ تالاي مەجنۇنانە كەچلىرىنى كۆزمۇ يۇمماي، تىتىلداپ ئۆتكۈزۈپ، پۈتۈن ھاياتىنى ئىسلامغا قارشى كۈرەش ئۈچۈنلا ئاتىۋەتكەن ئەشۇ قەبىھ دۈشمەنلەر ئىسلامنى باشتىن ئاخىر ساختىلىق دەپ چۈشىنىۋاتقان تۇرۇپ، تۇيۇقسىزدىنلا ئۇنىڭغا مەھلىيا بولۇپ كېتىدىغان، ھەتتا ئۆزىمۇ ۋە مۆمىنلەرمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىسلامنىڭ پىداكار جانبازلىرىغا ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەمەلىيەت ھەرگىز ۋۇجۇتقا چىقمىغان بولاتتى. ئەگەر ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بۇ يارقىنلىق بابى، ئىنسانىيەتنىڭ بۇ ئۆز ھېكايىسى بىزنىڭ تەپەككۇر ۋە ئەمەل مىزانىمىزدا كىچىككىنە بولسىمۇ ۋەزىنگە ئىگە دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا پۈتۈن تارىخ ساھىپلىرىدىن ئىسلامنىڭ بۇ نەپرەت يېمىرگۈچ ئىنقىلابىدەك ئىككىنچى بىر تەڭداشسىز ھەقىقەتنى ھەرگىز ئۇچرىتالمايمىز.

سۇھەيل ئىبنى ئەمرىمۇ ئىسلامنىڭ ئەنە شۇنداق تارىخىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئىدى. ئۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقۇ ئۇياقتا، ھەتتا باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغىمۇ قەتئىي چىداپ تۇرالمايتتى. قىسمەتنىڭ ئۇنىڭغا يار بەرمەسلىكى تۈپەيلى ئۆز قېنىدىن بولغان ئوغلى ئەبۇ جەندەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى كۆرگەندە بولسا، ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى مەجنۇنلۇقنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسىنى ياراتقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەھەللە ـ كوچىلارنىڭ ھەممىسىدە تەڭ يۈگۈرۈپ چېپىپ، كىشىلەرگە غەزەپ ـ نەپرەت ئۇرۇقىنى چېچىش بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان بولۇپ قالدى. ھەممىلا يەردە كىشىلەرنى تۈپلاپ، "ھاياتىمنىڭ بىردىن ـ بىر مەقسىدى ئىسلامنى يوقتۇپ تاشلاشتىن ئىبارەت" دەپ تووۋلاپ يۈرەتتى. دادىنىڭ ئەسەبىي زۇلۇم ـ سىتەملىرى ئۆزگىلەرگە نەشتەر ئۇرۇش بىلەن كۇپايە قىلماستىن، بەلكى ئاتىلىق مېھرى ـ شەپقەت رىشتىسىنىمۇ پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلاپ، ئۆز يۈرەك پارىسىنى ئۆز قولى بىلەن كىشەنلەپ، ئۆلە ـ

تېرىلىشىگە پەرۋاسىز قاراڭغۇ گەمىگە سولاپ قويىدىغان يەرگىچە ئېلىپ باردى. قىسقىسى، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆيگۈچىلىرىگە نىسبەتەن ئەڭ قەبىھ، چىداپ تۇرغۇسىز كۈشەندىگە ئايلىنىپ قالغان كىشى دەل ئەنە شۇ سۇھەيل ئىدى. ئۇنىڭ نەگىلا بارسا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تىل ـ ھاقارەت ياغدۇرۇپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ غەزىپىنى باسالماي قانچە ـ قانچە قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: "مەن ئۇنىڭ چىشلىرىنى بىرىنمۇ قويماي تۆكۈۋەتسەم دەيمەن" دەپ ئىجازەت سورىغان ئىدى. ئىسلامغا قارشى تۈنجى قېتىملىق قوزغالغان ئۇھۇد ئۇرۇشىدىمۇ كۇپپارلار سېپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا ھۆكىرەپ يۈرگەن ئەشەددى كاپىر دەل يەنە شۇ سۇھەيل بولغان ئىدى. ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنىڭ توختامنامىسىدىن "مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېگەن ئىسمىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن تۈنجى بولۇپ ۋاقىراپ قوپقان كىشىمۇ دەل يەنە شۇ بولدى. ھەتتا ئۇ مەككە فەتھى قىلىنىدىغان كۈنىدىكى جەڭدە، ھەر كاتتا دۈشمەنلەر قېچىشنىڭ يولىنى ئىزدەپ يۈرگەن پەيتلەردىمۇ ئىسلامغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈشتىن يالتايمىغان ئىدى.

ئاخىرى زالىمانە مۇشتۇمزورلۇقنىڭ تىلسىملىرى پاچاقلىنىپ، كائىنات ساماسىدا ھەققانىيەتنىڭ غالىبانە نۇرلىرى پارلايدىغان پەيتمۇ يېتىپ كەلدى. كۇپۇر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق بۇتخانىلىرى ئەمدىلىكتە، ئەينى چاغدا ئاجىز بىلىپ، خورلاپ شەھەردىن قوغلاپ چىقىرىلغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياق ئاستىدا يەر بىلەن يەكسان بولماقتا ئىدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ غالىبانە باشلىرى پەۋقۇلئاددە بىر ئىلاھىي كۈچنىڭ ئېھتىرامى ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرماقتا ئىدى. نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىككە تېگىشلىك جازا بېرىشنىڭ ئورنىغا مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئىنسانىي مېھرى ـ مۇھەببەتنىڭ ھاياجانلىرى جۇش ئۇرماقتا ئىدى. سۇھەيل ئىبنى ئەمرۇنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئىز قالدۇرغىنى مۇسۇلمانلارنىڭ قوللىرىدىكى پارقىراق قىلىچلارنىڭ ھەيۋىتى ئەمەس، بەلكى ئەنەشۇ ئېسىل ئەخلاقنىڭ مۇلايىم ئوقلىرى بولۇپ قالدى.

قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن سۈھەيل ئاللاھنىڭ رەسۇلىدىن ئامانلىق تىلەپلا قالسا، بۇنىڭغا جاۋابەن تىلى بىلەن بېشىنىڭ قەتئىي ئۈزۈپ تاشلىنىدىغانلىقىغا ۋە ئۆمۈر بويى ئىسلامغا ئۆچمەنلىك قىلغانلىقىنىڭ جازاسىغا ئۇچرىماي قالمايدىغانلىقىغا مۇتلەق ئىشىنەتتى. ئەمما ھەقنى سۆيگەنلىكى ئۈچۈنلا ئۆز قولى بىلەن كىشەنلەپ بولۇشىغا زۇلۇم قىلغان ئوغلى مانا ئەمدىلىكتە بىرىنچى بولۇپ دادىسىنىڭ قەلب زارىغا مەرھەم بولغان ۋە ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىگە دادىسىنىڭ ئامانلىق ئىلتىماسىنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق چىن ئىنسان ھەم ھەقىقىي ئوغۇل ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغان ئەشۇ پەيتلەردە، سۈھەيل قاتتىق ئۈمىدسىزلىكنىڭ چىدىغۇسىز تىپىرلاشلىرى ئىچىدە ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنى ساناۋاتقاندەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇ "ئوغلۇمنىڭ كۆيىنىشلىرىنىغۇ قان رىشتىمىزنىڭ تەبىئىي تەقەززاسى دەپ چۈشەنسەم بولار، ئەمما مۇھەممەد ئۆزىنىڭ مەندەك بىر ئەشەددىي دۈشمىنىگە قانداقمۇ ئىچ ئاغرىتالىسۇن؟" دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھالاكەتلىك ئۆتمىشى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەيلا سۈھەيلنىڭ كۆزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ باغرىنىڭ ئۆز دۈشمەنلىرى ئۈچۈنمۇ تار ئەمەسلىكىنى، بۈگۈنكىدەك جىنايەتچىلەر جازاغا تارتىلىدىغان پەيتلەردىمۇ كۆيۈمچان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چۈشقۇر مېھرى ـ شەپقەت بىلەن ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچالايدىغانلىقىنى كۆرگەندە ھەيرانلىق ۋە قايىللىقتىن ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغان ئىدى. بۇ كۈن سۈھەيلنىڭ ھاياتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان قايىللىقىنى تۇنجى قېتىم ئىپادىلەۋاتقان دەسلەپكى كۈن بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ: "مۇھەممەد ھېچقاچان يامان ئادەم ئەمەس ئىدى، مەن ئۇنى كىچىكىدىمۇ ئەخلاقلىق كۆرگەن ئىدىم. مانا ئەمدى چوڭ بولغىنىدىمۇ يەنە شۇنداق ئېسىل پېتى كۆرمەكتىمەن" دەۋاتاتتى. بۇ قانداقتۇر بىرەر شائىرنىڭ ياكى بىرەر ياخشى كۆرگۈچىنىڭ مۇبالىغىلىك سۆزلىرى ۋەياكى بىرەر دوستىنىڭ ئىزھار قىلىۋاتقان سۆيگۈ ھاياجانى ئەمەس، بەلكى ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنىنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۆيىنىڭ خەتەرلىك قاراڭغۇ خىلۋەتلىرىگە

مۇكۇنـۋالغان بـىر ئـىنسان يالغۇز ئۆزىلا سۆزلەپ ئۆزىلا ئاڭلاۋاتـماقتا ئىدى.

ياق... بۇ ھەرگىزمۇ لەۋلىرىنىڭ بىر قانچە ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان تاۋۇشلار ئەمەس، بەلكى قەلب دولقۇنىنىڭ شىددەتلىك شاۋقۇن ـ سۈرەنى ئىدى... بۇ، ھەقنى تونۇشنىڭ تۇنجى زىلزىلىلىك ساداسى ئىدى... بۇ، قەلبلەردىكى ئۇزۇن بىر ئۆمۈرلۈك ساختىلىق ۋە باتىللىقنىڭ قاتمال ئۇلىنى تەۋرىتىۋاتقان تۇنجى سادا ئىدى... بۇ، غەزەپ ـ نەپرەتنىڭ ھەقشۇناس لەۋلەردىلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدىغان ئاخىرقى جان ئۇزۇش پىغانى ئىدى...

ئاخىرى ھەق، ساداقەتنىڭ تەسىرى تاكامۇللىشىش باسقۇچىغا يېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھۇنەيىن ئۇرۇشىدىن قايتقاندا، سۈھەيلىنىڭ ھەققە بولغان بىقارارلىقى بېسىۋالغۇسىز دەرىجىگە يەتكەنلىكىنى كۆردى.

شۇنداق ... ئۇ كەلدى. ئىسلامغا پەشۋا تىپىشنىلا ئۆزىگە نىسبەتەن ئەڭ ھۇزۇرلۇق ئىش بىلىدىغان ئەشەددى دۈشمەن كەلدى... ۋە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئىسلامنىڭ قەدەملىرىنى سۆيىۋېلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتتى. ئۇنىڭ ھەقنى تونۇش تۇيغۇسى پەقەت ھەقنى ئېتىراپ قىلىش مەنزىلى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ساداقەتنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن قاراڭغۇ ئۆتمۈشلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىۋېلىش ئوتىدا تىنماي پۇچىلىنىدىغان يەرگىمۇ يېتىپ كەلدى. مەنمەنلىك ۋە تەكەببۇرلۇق بىلەن ئۆتكۈزگەن پۈتۈن شانۇ ـ شەۋكەتلىك ھاياتى ئۇنىڭ نەزىرىدە گۇناھكارلىقنىڭ يىغىندىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. ھەرقېتىم ئۆتمۈشىنى ئەسلىگەنلىرىدە خۇددى قەلبىگە نەشتەر سانچىلغاندەك ۋىجدان ئازابىدا ئەلەملىك تولغىنىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمەلىي گۇناھلارغا تىلى بىلەنلا بەدەل تۆلەشنى رەۋا كۆرمەيتى. ھەتتا قانچىلىغان ئەمەلىي بەدەللەرنى تۆلىگەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ روھى يەنىلا قىلچە تەسكىن تاپمايتتى. ئاخىرى قىسمەت ئۇنىڭغا ۋىجدان ئازابىنىڭ چىدىغۇسىز سىرتماقلىرىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ گۈزەل

شارائىتىنى يارىتىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن مەيدانىسىز مۇناپىقلار مۇرتەدلىك پىتنىسىنى مەيدانغا چىقارغاندا، قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدا بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، "ئىسلام! ئىسلام!" دېگەن جاراڭلىق شوئارنى ياڭراتقان كىشى دەل ئەنە شۇ سۆھەيل ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولدى. ئىسلام ئىمارىتىنى ئۆرۈپ تاشلاش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ھاياتىنى سەرپ قىلغان سۆھەيل ئەمدىكى چاغدا ئىسلامنىڭ تاملىرىنى يىقىلىشتىن ساقلاش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىشقا سالماقتا ئىدى. ئەينى چاغدا يالىڭاچ قىلىچىنى كۆتۈرۈۋېلىپ مۇسۇلمانلارغا دەھشەت سالىدىغان سۆھەيل مانا ئەمدىلىكتە پۈتۈن كۈچى بىلەن "بىلىپ قويۇش! قاندىقىڭ ئىسلامدىن بىر قەدەم سىرتقا چىقىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپلا قالىدىكەنسەن، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىپ، يەرنى قېنىڭغا بويايمەن" دەپ توۋلىماقتا ئىدى. ئۆز ئوغلىنى ئىسلامنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈنلا زەنجىر، كىشەنلەپ، قىلمىغان ئەتمىگەنلىرى قالمىغان سۆھەيل ئەمدىلىكتە بولسا، ھەتتا ئوغلى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسلام يولىدا شېھىت بولغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىمۇ، تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان كىشىلەرنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ "مەن نېمىدېگەن بەختلىك، مېنىڭ ئوغلۇم شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە يەتتى. سىلەر تەزىيە بىلدۈرمەي تەبرىكلىشىڭلار لازىم. چۈنكى مەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دېگەندەك، ھېچكىشىگە ھېچكىشى ئەسقاتمايدىغان ئاخىرەتتە شاپائەتكە يارامىلىق شېھىتنىڭ دادىسى بولالىدىم" دېگەن مەستانە نەرىلىرىنى ياڭراتقان ئىدى. ئىسلام ئۇنىڭ كۆكرىكىدە تىنىماي ئۆركەشلەپ تۇرىدىغان ئەنە شۇنداق جوشقۇن ھېسسىياتنىلا پەيدا قىلىپ قالماستىن، بەلكى ئىلىم ھەم دانىشنىڭ ئۈچمەس مەشئەللىرىنىمۇ ياندۇرغان بولۇپ، كۈپۈرلۈق دەۋرىدە ئۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى قانچىلىك زەھىرى ئۆتكۈر نەشتەر بولالىغان بولسا، ھەقنى باغرىغا باسقاندىن كېيىنمۇ ئىنساپ، ئادالەت ۋە ھەقىقەتپەرۋەرلىككە بولغان ئىنكاسىنىڭ ئۆتكۈرلىكىدە تەڭدىشى يوق ئادەم بولۇپ قالغان ئىدى.

بىر قېتىم شامغا قىلىنىدىغان كاتتا يۈرۈش ئۈچۈن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ

مەسلىھەت كېڭىشى ئويۇشتۇرۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىش تەرتىپى بىلەن ساھابىلەرنى كېڭەشكە تەكلىپ قىلغاندا، باي، خوجايىن ساھابىلەر بىر چەتتە قىلىپ، ئادەتتىكى كەمبەغەل، قۇل ساھابىلەر كېڭەش ئەزاسى بولۇش شەرىپىگە سازاۋەر بولغان ئىدى. شۇ چاغدا بۇ ئىش ئەبۇ سوفيانىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق ئېغىر كېلىپ قىيىداپ قالدى. گەرچە سۇھەيل ئىبنى ئەمرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىمۇ بۇ كېڭەشكە قاتنىششتىن مەھرۇم قالغانلار قاتارىدا بولسىمۇ، ئەمما ھەق سۆزنى قىلىش شەرىپى ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا نېسىپ بولدى. ئۇ ئەبۇ سوفيان ۋە باشقىلارغا قاراپ: "ئى جامائەت! بۇ "سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن" (يەنى ئالدىنقى ئاۋانگارتلار) نىڭ ئۇستۇن تۇرغانلىقىغا قىيىداپ يۈرمەي، ئۆز ـ ئۆزىمىزدىن قىيىدىساق توغرا بولىدۇ. چۈنكى بىز دەل ئىسلامغا ئۆچمەنلىكلىك قىلىپ يۈرگەن پەيتلەردە بۇلار ھەممىدىن ئىلگىرى ئىسلامنى باغرىغا باسقان ئەزىمەتلەر ئەمەسمىدى؟" دەپ ھەققانىي خىتابىنى جاراڭلاتقان ئىدى.

ئىسلامنىڭ ماگنىت كەبى جەزىبدارلىقى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ خىيالىنى ھەقنى سۆيۈش ۋە تەپەككۇر قىلىشقا شۇ قەدەر مەھلىيا قىلىۋەتكەن ئىدىكى، ئۇ بىر تەرەپتە خەتەرلىك جىھاد مەيدانلىرىدا توختىماي قان ئاققۇزۇپ كەلگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئاخىرقى ھاياتىغا قەدەر ھەرقېتىم قۇرئان ئوقۇغان چاغلىرىدا ئۆزىنى تۇتالماي بۇقۇلداپ يىغلاپ يامغۇردەك ياش توكۇپ كەلگەن ئىدى. قۇرئان ئوقۇغانلارنى كۆرسە، بېشىغا بالا بولىدىغان سۇھەيل مانا ئەمدىلىكتە قۇرئان كەرىمنى يىغلىماي ئوقۇيالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئاھۇ ـ پىغانلىق ئاۋازىدا تىلاۋەت قىلىنىۋاتقان ئاللاھنىڭ كالامى شۇ قەدەر تەسىرلىك ئاڭلىناتتىكى، قەلبلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىنىمۇ لەرزىگە سالماي قالمايتتى. بىر قېتىم مەلۇم بىرەيلەن: "سەن نېمە دەپ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قۇرئان ئوقۇيسەن؟ ئۇ دېگەن خەزرەج قەبىلىسىدىن سەن بولساڭ..." دەپ گەپ باشلىغان ئىدى. سۇھەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققىدە بولغان ئۆتكۈر ئىنكاسى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ: "نېمە دەپ يۈرىيسەن؟! ئەشۇنداق ئىپلاس پىكىرنىڭ

دەستىدىن مانا بىز ئارقىدا قېلىپ، باشقىلار ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتا بىزدىن ئۆتۈپ كەتمىگەنمىدى؟! ئاھ! بىزمۇ شۇلاردەك ئاۋانگارتلاردىن بولالىغان بولساقچۇ، كاشكى! ھەرھالدا ئاللاھقا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى، ناۋادا ئاللاھ بىزنى قۇتقۇزىۋالمىغان بولسا، ئەشۇنداق پىكىر تۈپەيلى كۈيۈرلۈق ھالىتىمىز بىلەنلا ئۆلگەن بولماتتۇق؟ ئۇ چاغدا ئاقىۋىتىمىز نېمە بولماقچىدى؟ ياق، مەن ھەرگىزمۇ مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خىزمىتىگە ھازىر بولۇشنى توختاتمايمەن. خىزمىتىگە ھازىر بولۇشنى توختاتمايمەن..." دەپ ھەسرەتلەندى. بۇ سۆزلەرنى قىلىش جەريانىدا ئاۋازى تىترەپ، كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تۇلدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنىڭ قايسى قاراشقۇ ئۆتمىشىگە شۇڭغۇپ كەتتىكىنتاك، بېشى يەرگە ساڭگىلاپ، قەلبى خۇددى قانىتى كېسىلگەن قۇشتەك ئازابلىق تېپىرلاپ، ئۆزىنى يوقىتىپلا قويغان ئىدى. ئۇ بىر ھازا ئىزتىراپلىق خىياللارنى سۈرگەندىن كېيىن ئاستا بېشىنى كۆتەردى. ئۇنىڭ ئىمان بىلەن نۇرلانغان ياشلىق كۆزلىرى ئۇدۇلىدىكى كىشىگە قادالغان بولۇپ، ئاپتاپتەك پارلاق چىرايىنى بىردىنلا سايە قاپلاپ كەتكەندەك مەنزىرە شەكىللەندى، ئۇنىڭ تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋازلىرى قاقشال لەۋلىرىدە يەنە مۇڭلىنىشقا باشلىدى.

ـ بىلەمسەن، شۇتاپتا مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى تۇرۇپمۇ ئۆزەمنىڭ بىر بەندە ئىكەنلىكىمنى بىلمەي يۈرگەن ئەشۇ قارا كۈنلەرنى ئەسلەۋاتىمەن. شۇ چاغدا بىر دەرەخنىڭ سايىسى ئاستىدا ئاللاھنىڭ ئىككى خىل بەندىلىرى يەنى، كاپىرلار بىلەن مۇسۇلمانلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، ھۇدەيبىيە كېلىشىمىنى تۈزىۋاتقان پەيتتە بىرىنچى بولۇپ، ساراڭدەك ۋاقىراپ، "توختامنىمىغا "مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" دېگەن سۆزنى يېزىشقا قاراپ تۇرساق بولمايدۇ. يوقىتىڭلار بۇنى، دەرھال يوقىتىڭلار!" دەپ تولىغان كىشى دەل مانا مەن ئىدىم. ئەمدىلىكتە ئەشۇ بىر جۈملە سۆز ئۈچۈن ئۆزەمنى پىدا قىلىپ يوقىتىپ تاشلاشنىڭ ئوتلۇق ئىشتىياقىدا پۇچۇلانغان پەيتلىرىمدە بولسا، ھاياتىمنىڭ دەل ئەنەشۇ قارا كۆلەڭگۈلىرى جان چىققاندىنمۇ بەكرەك ئازابلىق بىلىنىدۇ. ئى زەرار! مەن ھەر قېتىم ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ ئالدىغا بارغىنىمدا مېنىڭ ئەشۇ قىلغان سۆزلىرىم

نەشتەردەك يۇرىكىمگە سانچىلىدۇ. نۇمۇستىن ھەتتا پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك جامالىغىمۇ قىنىپ بىر قاراشقا پېتىنالمايمەن.

قېنى بىر ئويلاپ باقايلى! ئەنە شۇ بىزدىن ئىلگىرى ئۆتكەنلەر زادى قانداق كىشىلەر ئىدى، ھە! كۆپۈرلۈقتا ئۆتكەن قارا كۆڭۈللىرى ئۇچۈن ئۇلارنى شۇنچە قان يىغلىتىۋاتقىنى زادى قانداق ھەققانىي ۋىجدان ۋە زادى قانداق ھەقىقىي ئىماننىڭ كۈچى بولغىيتتى، ھە! ئەنە ئۇلار جاھالەت ۋە نادانلىق ئىچىدە ئۆتكۈزۈپ سالغان گۇناھلىرىغا گويا بىلىپ تۇرۇپ، قەستەن قىلغاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتۈنۈپ، شۇنچە ئاھ ـ زار چېكەتتى. ئەمما بىزچۇ؟!

بىز ھەقنىڭ قۇچىغىدا تۇنجى تەپەككۇر كۆزلىرىمىزنى ئاچقان، ھەتتا كۆپۈرلۈقنىڭ شامىلىغىمۇ يولۇقىپ باقمىغان تەلەيلىك تۇغما مۇسۇلمانلارمىز. لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇلار كېچە ـ كېچە جاينىمازدىن قوپماي پاناھ تىلەپ، يىغلايدىغان ئېغىر جىنايەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ، پەرۋاسىز سادىر قىلماقتىمىز. بىزنىڭ گۇناھقا بولغان تونۇشىمىز كۆنسېرى يېنىكلەپ، ھەتتا شۇنچە ئېغىر گۇناھلارغىمۇ دەرەختىن بىمەھەل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان ياپراقچىلىك ۋەزىن بېرەلمەس بولۇپ قالماقتىمىز. بىز ئىماننى دەۋا قىلىپ تۇرۇپمۇ، ئاللاھنىڭ مەھشەردىكى مەھكىمىسىگە خۇددى دۇزاقنىڭ يالقۇنلۇق ئاتەشلىرى بىلەن جەننەتنىڭ خۇشناۋا ھاۋالىرى ئوتتۇرىسىدا ھېچ پەرق يوقتەك، گويا ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن قەھرى ـ غەزىپى ئوتتۇرىسىدا ھېچبىر ئىمتىياز يوقتەك ياكى ئۇنى ئايرىش تۇيغىمىز پۈتۈنلەپ ئۆلۈپ تۇگەشكەندەك ھېسسىزلارچە كۈلۈشۈپ نايناقلىغانچە، جىنايەتكە تولغان قارا كۆڭلىرىمىزنى ھاپاش قىلغان ھالدا كېتىپ بارماقتىمىز. بۇنداق رەزگى مۇسۇلمانلىقىمىزغا "ئاھ! ئىسىت، مىڭ ئىسىت!" دېمەيمۇ تۇرغىلى بولارمۇ زادى؟! قېنى بىر دەڭسەپ باقساقچۇ؟! بىز راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟!

كاملجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللّٰهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# تەڭداشسىز ھەقىقەت (ئىككىنچى قىسىم)

(پاكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئۇسماننىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئۇمەييەنىڭ ئوغلى ئابدۇللاھمۇ ئىسلامغا بولغان دۈشمەنلىكنى دادىسىدىن ئۇدۇم ئالغان بولۇپ، "ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا قان ئورنىغا نەپرەت بىلەن ئۆچمەنلىكنىڭ ۋۇلقانى دولقۇنلايتتى" دېيىشكە بولاتتى. ئۇنىڭ ئۆچمەنلىكى شۇ دەرىجىگە يەتكەنكى، قىممەت ئەندىزىمۇ پۈتۈنلەي تەتۈرلىشىپ، ساختىلىقنى ئىپتىخارلىق ھەقىقەت، ھەقىقەتنى بولسا، مەسخىرىلىك يالغانچىلىق دەپ تونۇيدىغان، ھەتتا ئۆلۈك ۋىجدانىغا قايغۇرماستىن، ئەكسىچە ھەقنى كۆرگەنلا يەردە يىرگىنىشتىن كۈلۈپ كېتىدىغان، ساراڭلارچە تېتىقسىز قاقاقلايدىغان يەرگە كېلىپ قالغان ئىدى.

بۇ تىراگېدىيەنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىنىڭ بىرسى ئابدۇللاھنىڭ قۇرەيش كاتتىباشلىرى ئائىلىسىدە دۇنياغا كۆز ئاچقانلىقى بولۇپ، ئۇنىڭ باياشات ئائىلە مۇھىتى كىچىكىدىنلا ئۇنىڭغا "ھەرقانداق كىشىنىڭ يۈكسەكلىكى دۇنيالىق ئىززەت ـ مەرتىۋىسى بىلەنلا ئۆلچىنىدۇ" دېگەننى چوڭقۇر سىڭدۈرگەن ئىدى. ئۇنىڭ نەزىدە دادىسى ئۇمەييە ئەڭ يۈكسەك ئۈلگە بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى پۈتۈن مەككە جەمئىيىتى ئۇمەييەنى بىشىغا ئېلىپ كۆتۈرەتتى. مەككە سەردارلىقىنىڭ جەمئىيەتتىكى باشچىلىق رولى ۋە ئىقتىسادىي جەھەتتىكى باياشاتلىقى ئۇنىڭغا قەدەمدە بىر ئۆزىنىڭ نەقەدەر ۋەزىنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرغان ئىدى. شۇڭا ئۇ قۇل، كەمبىغەل، غېرىپ ـ غۇرۋالار ئارىسىدا باش كۆتۈرۈۋاتقان ئىسلامنى ياراتمايتتى.

ئاچلىقتىن جانسىرىغان... زەھەرلىك تىكەن، يېرىڭلىق جاراھەتلەر دەستىدىن قانسىرىغان... يول ئازابىدىن پۈتۈن بەدەنلەر ئۆرۈپ چېقىۋەتكەندەك ھالسىرىغان... ئەمما شۇنداقتىمۇ تېخىچە

كۆزى كۇرۇپ باقمىغان بىر مەۋھۇم ئىلاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە باش قويىۋېلىش ئۇچۇنلا كۆز ئالدىدىكى پۈتۈن دۇنيانىڭ پەشۋالىرىغا بەرداشلىق بېرىۋاتقان... بۇ جاپاكەش ئىسلامنى ئابدۇللاھ پىسەنتىگىمۇ ئالمايتتى. چۈنكى ئۇنىڭ قەدەملىرى ئۇنداق ئاجايىپ ئىنقىلاۋىي باسقۇچلاردىن تېخى ناھايىتى يىراقتا بولۇپ، ئىنسان ئاللاھنى تونۇپ يېتىش بىلەنلا ئالاھنىڭ ياراتمىش سەنئەتگاھى بولغان بۇ پايانسىز كائىناتنى ئاخىرەتكە سېلىشتۇرغاندا گوياكى بىر قاراڭغۇ زىندانده كەلا ھېس قىلىشقا باشلايدىغان، دۇنيادىكى ئەڭ كاتتا ئارزۇسى قانچە بولسا، شۇنچە تېز، ئۆز جېنىنى ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىۋېتىشتىنلا ئىبارەت بولۇپ قالىدىغان، دۇنيانىڭ ئالتۇن كەبى جەننەتلىرىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ھەقىقىي جەننەتنىڭ خۇشپۇراقلىرى ئىشتىياقىدا ئاققۇزغان قانلىرى بىلەن غۇسلى قىلىپ، شېھىت بولۇش ئۇچۇنلا پەرۋانە بولۇپ يۈرىيدىغان ئۇنداق ئۇلۇغۋار ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ ھاياتىدىن كۆز يەتكۇسىز دەرىجىدە يىراقتا ئىدى. ئابدۇللاھ ئىمان، ئىشەنچىنىڭ بۇنداق شېرىن ئازابلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئەسلا بىلمەيتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىگە ئىسلامنىڭ نۇرلۇق كۆكرەكلىرى بىلەن پولاتتەك ئىمانىي قۇۋۋىتى ئەمەس، بەلكى كۈپىر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ كۈچتۈڭگۈر مۇستەبىتلىكى ۋە ئۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ئىسلامنىڭ ئاجىزانە تاشقى قىياپىتىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇ شىددەتلىك چاقماق كەبى ئوت چېچىپ، قۇلاقلارنى يىرتقۇدەك قورقۇنۇشلۇق گۈلدۈرلەيدىغان مۇشتۇمزورلۇقنىڭ ئەمەلىي كۈچىگە قارشى تۇرۇش ئۇچۇن "يىرتىق چاپان، غەرىبانە ئىسلام" نىڭ مەيدانغا چىققانلىقىنى كۆرگەندە، ئۆپكىسىنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ تىلىقىپ كۈلۈشكە، كەمسىتىپ مەسخىرە قىلىش بىلەن قاقاقلاپ كېتىشكە باشلىماقتا ئىدى. بىر تەرەپتە دادىسىنىڭ قەھرى ـ غەزىپى زەھەرلىك چاياندەك توختىماستىن ئىسلامغا نەشتەر ئۇرىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ئابدۇللاھنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىلىرى مۇسۇلمانلارغا زەھەرخەندىلىك قىلىش، جۇملىدىن ھەقىقەتنى دەپسەندە قىلىش ھەرىكىتى بىلەن مەككىنىڭ پۈتۈن كوچىلىرىنى بىر ئالماقتا ئىدى.

ـ ۋاي ۋۆي! ئەجىبا "ئاللاھنىڭ ئەلچىسى" دېگەن كىشى سەنكەنسەن، دە؟ ئابدۇللاھ ئاجايىپ ئەخلاقسىزلىق بىلەن يول ئۈستىدىلا قاقاقلاپ كۈلگىنىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەسخىرە قىلىپ سوئال سورىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تېتىقسىز تەنىلىرى، ئىشەكتەكلا ھاياسىز ھاڭراشلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاجايىپ سەزگۈر ھېس، تۇيغۇلىرىنى قانچىلىك ئۆرتىنىشكە سالغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ئاسىيلارچە ئۆكتەملىكى بىلەن ئىپلاسلارچە نومۇسسىزلىقى ئالدىدا ھەتتا ئاخسىز ھايۋانمۇ نومۇستىن يەرگە قارىۋالماي قالمايتتى. ئەمما ئۇنىڭ ئالدىدا، ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مۇھەببەت قىلالايدىغان... ھايۋانلاشقان ئىنسانلارغا ھەقىقىي ئىنسانىيلىكنى ئۆگىتىش ئۈچۈن چۆل باياۋاننى قەلب قانىلىرى بىلەن گۈلزار قىلىشقا بەل باغلىيالايدىغان... يېقىلغۇسى شېغىل، تاشلار بىلەن تاش يۈرەك ئىنسانلاردىنلا ئىبارەت بولغان مەڭگۈلۈك دوزاق ئازابىدىن پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش ھەسرىتىدە كېچە ـ كېچە بۇلدۇقلاپ ياش تۆكەلەيدىغان... ئاجايىپ كامالەتلىك ئىنسان، مەھبۇبىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قاراپ تۇرغان بولغاچقا، ئابدۇللاھنىڭ ھېسسىزلارچە قىلىۋاتقان بۇ قەلب ئازارىغا نەپرەتلەنمەستىن، ئەكسىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كۆيىنگەن ھالدا قەلب ناۋالىرىنى ياڭراتماقتا ئىدى.

ـ شۇنداق، ئى ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچى ھاماقەت ئىنسان! شۇنداق. سېنىڭ ئالدىڭدا شۇ تاپتا ئاللاھنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ پەقەت ئاللاھنىڭ ئاخىرقى يولىيورۇقىنى ساڭا يەتكۈزۈشتىن باشقا مەقسىتى يوق ـ

ئابدۇللاھ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ بىر ئاز جىمىپلا قالدى. "خۇددى پۈتۈن قەلبىنى ئېچىپ كۆرسىتىۋاتقاندەك شۇنچە سەمىمىي گەپ قىلىۋاتقان بۇ زادى قانداق ئادەم؟ نەپرەت ۋە ھاقارەتكە قارشى بۇ ئاجايىپ كۆيۈمچانلىق، تەنە، مەسخىرىلەرگە جاۋابەن بۇ مىسلىسىز سەمىمىيەت، رەددىيە، تەنقىتلەرگە قارشى ھەققانىيەتنىڭ بۇ ئۆلمەس دەلىلى... بۇلار زادى نېمە ئۈچۈن؟!"

دېگەنلەر ئۇنىڭ تەپەككۇر لەۋھەسىدە ۋىللىدە چاقناپ ئۆتكەندەك بولدى.

ئەمما شۇنىسى ئېنىقكى، قۇتۇر باسقان مىجەز، تەبىئەتنىڭ پەردىسى قەلب بىلەن كۆز ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەندە، ئىنسان ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ، ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ، ھېچنەرسە ئاڭلىمىغاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. ئابدۇللاھمۇ شۇ تاپتا دەل ئەنە شۇ خىل تۇيغۇ دۇنياسىغا مەھكۇم ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ كۆزلىرى ھەقىقەتنى پۈتۈن ھۆسنى ـ جامالى بىلەن كۆرۈپ تۇرىۋاتقان بولسىمۇ، قەلبىدىكى داتلاشقان قۇلۇپلارنى ئېچىۋېتەلمىگەن ئىدى. قايىللىق ئۇنىڭ باتىنىدىكى قۇلۇپلانغان دارۋازىلەرنى چېكىۋاتقان بولسىمۇ، نەپسانىيەتنىڭ قاراڭغۇ خىلۋەتلىرى تىرزلا ئۇنى ئۆز قوينىغا ئالماقتا ئىدى. ئىنسان ھەقنى تونۇۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما تېخىچە ئۆزىنى تونىيالمايۋاتاتتى. روھ ھىجران ئازاۋىدا پۇچىلىنىپ قاتتىق نالە قىلىۋاتاتتى، يۈ ـ لېكىن لەۋلەرنىڭ زەھەرخەندە سۈكۈتلىرى ئۇنى ئارقىغا ئىتتىرىۋەتمەكتە ئىدى. ئىنسانىي تەبىئەت گەرچە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھېسسىز قاقشال لەۋلەردىكى قاقاقلىغان كۈلكىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭقۇر ئىخلاسىغا پەرۋاسىزلارچە زەربىلىك جاۋاب قايتۇرماقتا ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دائىم ئۆزگىنىڭ غېمىدە ياش تۆكىدىغان كۆزلىرى ئۆز ـ ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىشتەك بۇ ئىنسانىي مەجنۇنلۇقتا قاراپ، لىققىدە ياشقا تولغان ھالدا ئەرشكە تىكىلدى، دە ـ يالغان سۆزلەرنىڭ شامىلىمۇ تېگىپ باقمىغان مۇبارەك لەۋلىرىدە "ئى يىگانە ئاللاھىم! ھەرگىز خاپا بولمىغىن، بۇ بەختسىز ئىنسان سېنى تېخى بىلمەيدۇ. بىلگەن بولسا، ھەرگىز ئۇنداق قىلمىغان بولاتتى. رەھىم قىلغىن! ئى ئەرھەمۇر راھىمىن! (رەھىملىكلەرنىڭ ئەڭ رەھىملىكى) رەھىم قىلغىن!" دېگەن ئاۋازسىز دۇئاسى ياڭراشقا باشلىدى.

ئەمما شۇنداقتىمۇ بۇ مېھرىبانلارچە كۆيۈنۈشكە ئابدۇللاھنىڭ قايتۇرغان جاۋابى ھەقىقەتنى

دەڭسەش ئۈچۈن سېھىرگەرلىكنىڭ ئۆلچىمىنى كۆتۈرۈپ چىقىشتىن ئىبارەت بولدى. ئۇ:

ـ مەن سېنى پەيغەمبەر دەپ ئىشەنسەممۇ ئىشىنەي، ئەمىسە قېنى، زېمىندىن غاچچىدە بىر قۇدۇق ئېتىلدۇرۇپ باققىن، ياكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە بۇ يەرگە بىر ئايۋان ـ ساراي بىنا قىلىپ باققىن ـ دېيىشكە باشلىدى.

دەرۋەقە، زېمىندىن بىردىنلا قۇدۇق ئېتىلدۇرۇپ بېقىش بىلەن كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچە ئايۋان ـ ساراي بىنا قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە سېلىشتۇرغاندا، بۇنداق تەلەپلەرنى قويغان كىشىنىڭ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ئۆزلىكىدىن قوپۇپ، ھەقنىڭ ئالدىدا شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن ئىسلام دەل ئەنە شۇنداق نامۇمكىنچىلىكنى مۇمكىنلىككە ۋە ئۆلمەس نادىر ھەقىقەتكە ئايلاندۇرۇپ تارىخ سەھىپىسىگە پۈتۈۋېتەلىدى.

ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ مەككىدىن كېتىپ قالغان، ھەتتا بەدىر ۋە ئۇھۇد ئۇرۇشلىرىمۇ يۈز بېرىپ، ئىسلامنى يەر بىلەن يەكسەن قىلماقچى بولغانلار ئۆزلىرى يەر چىشلەپ قالغان ئەشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئابدۇللاھ نېمىلەرنى ئويلىدىكىنتاڭ، تۇيۇقسىز مەككىنى تاشلاپ، ئىسلام تەرەپكە كېتىپ باراتتى.

شۇنداق...

ئىسلامنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش يولىدا ئۆزىنى يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ ھاياتىدىكى بۇ ئىنقىلاۋىي ئۆزگىرىش ئەسلىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بارلىق مۆمىنلەر مەدىنىگە كېتىپ، ئابدۇللاھقا نىسبەتەن مەككە كوچىلىرىنى ئاجايىپ بىر جىمجىتلىق قاپلىۋالغان ئەشۇ كۈنلەردە بارلىققا كېلىشكە باشلىغان ئىدى. ئۇ مەككە كوچىلىرىدىن شۇنچە ئىزلەپمۇ، زۇلۇمغا كۆيىنىش بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىغان،

مەسخىرىلىك كۆلكىلەردىن يىرەكلىرى زىدە بولسىمۇ، يەنىلا قىلچە قوپاللىق قىلمايدىغان، نەپرەت ۋە ھاقارەتنىڭ ھايۋانىي پەشۋالىرى ئۈستىگە مەقبۇل دۇئالىرىدىن گۈل باغدۇرىدالايدىغان بىرەر كىشىنى ئۇچرىتالمىغان ئىدى. ئۆزىنىڭ شۇنچە يىرگىنىشلىك مۇئامىلىسىگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قوپاللىق بىلەن ئەمەس، بەلكى شۇنچە يۇمشاقلىق بىلەن بەرگەن ئىللىق جاۋابلىرىنى قەتئىي ئۇنتۇپ كېتەلمىگەن ئىدى. كەمسىتىپ قىلغان مەسخىرىلىرىگە جاۋابەن ئىنسانىي دوسلۇق مەشئىلىنى يورۇتقان ئۇ گۈزەل ئەستايىدىللىقنىڭ مەنزىرىسىنى قەلب سەھنىسىدىن قەتئىي يوقىتىۋېتەلمىگەن ئىدى.

ئابدۇللاھ مۇسۇلمانلارنى مەككىدە ئازاب چەكتۈرگەن، زۇلۇم قامچىلىرىدا زەخمىلىنىۋاتقان ھالدا كۆرگەن بولسا، بەدىر ۋە ئۇھۇد مەيدانلىرىدا قانلىق قىلىچلارنى كۆتۈرگەن ھالدىمۇ ئۇچراتقان ئىدى. ئەمما ئۇلارنى كۆرگەن ھەممىلا جايدا مۇسۇلمانلارنىڭ چىرايلىرىدىن مەسۇمىيەت، كۆيۈمچانلىق، غەمخانلىق، ساداقەتنىڭ چوڭقۇر ئىزگۈ، ھەسرىتى خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىدىن ئۇرغۇپ چىققاندەك ئوخشاشلا پارلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئابدۇللاھنىڭ قەلبىدىكى بارلىق ناتوغرا چۈشەنچىلەرنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىۋاتقىنى دەل كىشىلىك ئوبرازنىڭ ئەنە شۇ تەڭداشسىز قۇۋۋىتى بىلەن ئەخلاق ـ پەزىلەتنىڭ ئەنە شۇ غالىبانە تەسىرى بولۇپ، مانا بۈگۈنكى كۈندە ئۇ ساختىلىق ۋە ئالدامچىلىقنىڭ قاراڭغۇ زۇلمىتىدىن يورۇقلۇققا چىقىشقا ئالدىراۋاتاتتى. ئىسلام ئۇنىڭ قەلبىدە پەيدا قىلغان ئىنقىلاۋىي سادالارنى ئەمدىلىكتە تىلى بىلەن رەسمىي جاكارلاش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ئىزدەپ كېتىپ باراتتى. گەرچە ئۆتمۈشتىكى جىنايەتلىرى پات ـ پات ئۇنىڭ قەدەملىرىنى ئارقىغا تارتسىمۇ، ئەمما كەلگۈسىنى بېزەشكە بولغان بېقارارلىقى ئۇنى ئالدىغا ئىتتىرمەكتە ئىدى. ئۇ ئۇدۇللا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىشتىن قاتتىق خىجىل بولۇپ، ئاخىرى ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن بىرى بولغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممى سەلمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ۋاستە قىلىپ، پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامغا مۇلاقات بولۇش ئىلتىماسىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىشىك ئالدىدا دائىم زەھەرخەندە كۈلكىلىرى بىلەن قەلبىگە ئازار بېرىپ كەلگەن ئابدۇللاھنى كۆرۈپ، مەككە دەۋرىدىكى ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ئېسىدىن كېچىشكە باشلىدى. ئابدۇللاھنىڭ قەلبلەرگە تىكەندەك سانچىلىدىغان تېتىقسىز كۈلكىلىرىگە ۋە ھەققانىيەتنى نۇمۇسسىزلارچە ھاقارەت قىلىشلىرىغا، جۈملىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى تەنە ـ مالامەتلەرنىڭ مەشىق تاختىسى قىلىۋېلىش ئارقىلىق قەلبلەرنىڭ ئازراق بولسىمۇ باغلىنىشلىقىنى ئىمكاندىن پۈتۈنلەي يىراقلاشتۇرۇشلىرىغا تولغان ئاچچىق ھېكايىسى بىر ـ بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. ئەمما شۇنداقتىمۇ ئۆز ئىختىيارىدىكى بۇ ئەشەددى دۈشمەننىڭ بولۇشىغا ئەدەبىنى بېرىپ قويماستىن، ئەكسىچە، پەقەتلا ئىلگىرىكى زۇلۇم ـ سىتەملىرىنى ئەسلىتىپ "مەككىدە قىلغانلىرىنى ئاز دەپ، ئەمدى بۇ يەرگىمۇ يېتىپ كەپتىمۇ؟" دەپ جاۋاب قايتۇردى.

بۇ ئۆلۈمگە تېگىشلىك جىنايەتچىنىڭ بىر ئۆمۈر ئىسلامغا قىلغان ئۆچمەنلىكىگە بېرىلىۋاتقان مەنىلىك جازا ئىدى. ياق، جازا ئەمەس، ئىنئام، قاتتىقلىق ئەمەس، كۆيۈمچانلىق ئىدى. ئۇنىڭ ھەققە بولغان قايناق ھېسسىياتىغا تەتۈر زەربە بېرىش ئارقىلىق پاكلىقنى قولغا كەلتۈرۈشتىن ئىلگىرى تەبىئىتىدىكى جاھىلانە مەنمەنلىكنى نادامەت ئۆتلىرىدا كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋېتەلىشى ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ياردەم ئىدى. بۇ بەدئىي جازانىڭ مەنپەئەتلىك تەسىرىدە ئابدۇللاھ ئۆزىنى گويا پۈتۈنلەي مەغلۇپ بولغاندەك ھېس قىلىپ، كۆزلىرىدىن ئىسسىق ياشلىرى قويۇلۇپ كېتىشكە باشلىدى. ئۈمىدسىزلىكنىڭ بۇ ئاخىرقى زەربىسى گۇناھنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشقا بولغان ئۇنىڭدىكى ئوتلۇق ئىشتىياقنى چىدۇغۇسىز دەرىجىدە شۇ قەدەر لاۋۇلداتتىكى، ئابدۇللاھ ئاخىرى ھەقىقەت ئۈچۈن سۆيۈملۈك ھاياتىدىنمۇ كېچەلەيدىغان يۈكسەكلىكنىڭ تۈنجى پەللىسىگە قەدەم قويالىدى.

ـ مۇھەممەدنىڭ دەرۋازىسىدىن قوغلانغان يەردە، ئەمدى دۇنيادا ياشاپ نېمە كەپتۇ؟ ـ ئۇ قاتتىق

مەيۈسلەنگەن ھالدا ئۆزىنىڭ ئاخىرقىي ھېسسىياتلىق جاكارلىماقتا ئىدى.

ـ ئەگەر قىلمىشلىرىم ئەپۇ قىلىنمىغان بولسا، ئۇنداقتا پېقىر ئابدۇللاھ ئۆزىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلماي قالمايدۇ، ئەمدى مەن دەشتى ـ باياۋانلارغا كېتىپ، سېسىپ، چىرىپ تۈگەشكە رازىمەنكى، ھەرگىزمۇ كۆپىر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ قارا بولۇتلىرى قاپلاپ كەتكەن مەككە دۇنياسىغا قايتىپ بارمايمەن ـ

ئىككىلى ئالەمنىڭ رەھمىتى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابدۇللاھنىڭ بۇ ئازابلىق نالىسىنى ئاڭلىدى، دە ـ ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى بارلىق قىلمىشلىرىنى پۈتۈنلەي بىر چەتكە قايرىپ تاشلاپ، ئەپۇچانلىقتا تۇلغان مېھرلىك باغرىنى دەرھال ئۇنىڭغا ئاچتى. ئابدۇللاھنىڭ ۋۇجۇدى شۇنچە ئۇزۇن زامانلارغىچە ئۆز قولى بىلەن تىنماي جاراھەتلەندۈرۈپ كەلگەن بۇ مېھرى ـ شەپقەتلىك مۇقەددەس كۆكرەكنىڭ قويىندا، ئۆز ـ ئارا گىرەلىشىپ كېتىۋاتقان ئىككى يۈرەكنىڭ ئاجايىپ ھاياجانلىق دۈپۈرلەشلىرىنى سەزمەكتە ئىدى. ئابدۇللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇبارەك كۆكرىكىنى مەھكەم قۇچاقلىغانلىرىدا، ئۆز ۋۇجۇدىدىكى ئاللاھقا بولغان ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ نەقەدەر ئەزىم دولقۇن كۆتىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىۋاتاتتى. دائىم قاقاقلاپ كۈلۈش بىلەن ھەقىقەتنى مەسخىرە قىلىپ كەلگەن ئىنسان شۇنىڭدىن ئېتىۋارەن ئاخىرەتكە بولغان قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ تىرىك تەسۋىرىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. يالغۇز ئېغىزى بىلەنلا ھەققە گۇۋاھلىق بېرىش قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزالمايتتى. پۈتۈن تومۇرلىرىدىكى قانلار شېھىتلىك ئىشقىدا فونتانىدەك ئېتىلىپ چىقىشقا ئالدىراپلا تۇراتتى. ئۆتمۈشتىكى خاتالىقلىرىنى جەينىمازدىن قوپماي تىنىمسىز تۆككەن كۆز ياشلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى قەلب قانلىرىنى ئېقىتىش بىلەن تازىلاپ بولماي تۇرۇپ، پارلاق ئىستىقبالنى قولغا كەلتۈرەلىشكە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى. ئۇنىڭدىكى گۇناھنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشلىشنىڭ بۇ يالقۇنلۇق ئىزتىرابلىرى خۇددى قايناق سىماپقا ئوخشاشلا پۈتۈن ۋۇجۇدىدا

يۇگورۇپ ھەرىكەت قىلماقتا ئىدى. ئۇ ھەتتا ھەر بىر سائەتنى جىھادنى كۈتۈش بىلەنلا ساناپ ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالدى. مەككىنى فەتھ قىلىش ئۇرۇشى ۋە ھۇنەين غازىتىدىن ئىبارەت خەتەرلىك كاتتا جىھاد مەيدانلىرىدىمۇ شىھىتلىك ۋىسالىغا يېتەلمەي قاتتىق ھەسرەتكە چۆمگەن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرى تائىف ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش يولىدا پىداكارانە شېھىت بولدى.

دەرۋەقە، ئېغىزدىكى سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى قەلبىنى بېغىشلاپ، ئېسىسىق قانلىرىنى تۆكۈش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغان... ئىنسان روھى ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن جىسمىنىڭ بارلىق سىپىل، تاملىرىنى بۆسۈپ، ئېتىلىپ چىقىشقا ئالدىرايدىغان... قەلب دولقۇنلىرى ھەققانىيەتنىڭ ساداسىغا ئايلىنىپ، لەۋلەردە ئىختىيارسىز جاراڭلايدىغان... ھەمدە پۈتۈن كائىناتنى مەڭگۈگە لەرزىگە سېلىشتىن دەقىقە مىقدارى توختىمايدىغان... بۇ ئۇلۇغۋار ئىسلامىمىزنىڭ نەقەدەر كاتتا، نەقەدەر قىممەتلىك، نادىر ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى تارىختىكى نۇقتىدىن ھەقىقىي ئىسپاتلاپ بېرەلىگەن ئەزىمەتلەر دەل ئەنە شۇ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى.

ئەمما بىزچۇ؟ ھاياتىمىزدىكى بىرەر كۈننى ياكى بىرەر سائەتنى بولسىمۇ ئەنە شۇنداق ئىسلامنى ھەقىقىي ئۇلۇغلاش بىلەن، چىن مەنىدىن ئىسلامنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ باقتۇقمۇ؟ ئەگەر ئۆتكۈزمىگەن بولساق، ئۇنداقتا تۇغما مۇسۇلمان تۇرۇپمۇ، ئەمەلىي ھاياتىمىز بىلەن ھەقىقىي ئىسلامىمىز ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن بۇ يىراق مۇساپىلەرگە نېمە دەرمىز؟

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىمان بىلەن تۇغۇلۇش ئايرىم بىر مەسىلە. شۇنىڭدەك ئىمان بىلەن ئۆلۈشمۇ باشقا بىر مەسىلە. بىز ئىمان بىلەن تۇغۇلغانلىقىمىزدىن سۆيۈنۈپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا پۈتۈن قان تومۇرلىرىمىزغا سىڭىپ كېتىۋاتقان نۆۋەتتىكى دۇنياپەرەسلىكنىڭ بۇ ئېپلاس مىكروپلىرىدىن غەم قىلالىساق ئىدۇق كاشكى! ئەجەبا بۇ مەرەز باسقان ھاياتىمىزدىن "يوتقانغا

يۈگـنـىـپ مـەڭـگـۈگـە كـۆز يـۇمـۇۋاتقان ئـەشـۇ ئـاخـىرقـى مـىـنـۇتـلاردا "لا ئـىـلاھـە ئـىـلـلـەللاھـۇ مـۇھـەمـمـەدۇن رەسـۇلـلـۇللاھ" دېـگـەن ئـاغـزاكـى شـاھـادەت بـولـسـىـمـۇ لـەۋلـىـرىـمـىـزدە يـالـغـاپ قـالار" دېـگـەن ئـۇمـىـدنـى كـۆتـكـىـلـى بـولارمـۇ؟ قـېـنـى ئـويـلـىـنـايـلـى!

شـۇنداق. يـەنـىـلا ئـويـلـىـنـايـلـى!

ئـەمـەلـىـيـەتـتـە ئـويـلـىـنـىـشـتـىـن بـاشـقـىـنـىـڭ قـولـىـمـىـزدىـن كـېـلـىـشـىـنـىـمـۇ كـۈتـكـىـلـى بـولـمـايدۇ.

شـۇنـداقـتـىـمـۇ يـەنـىـلا ئـويـلـىـنـايـلـى! بـىـز راسـتـىـنـلا مـۇسـۇلـمـانـمـۇ؟!

كـامـىـلـجـان تـەرجـىـمـىـسـى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئەينەكلەر ( بىرىنچى قىسىم )

(پاكىستانلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

قۇرەيشنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ۋەكىللىرى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تاغىسى ئەبۇ تالىبقا ئىجتىمائىي بېسىم ئىشلىتىپمۇ نەتىجە قازىنالمىغاندىن كېيىن ئەمدىلىكتە ئىككىنچى قېتىملىق ۋەكىللىرى يېتىپ كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ زەھەرخەندىلەرچە تەلەپلىرىنى ئىنتايىن قوپال تەلەپپۇزدا ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى.

- ئى ئەبۇ تالىب! سەن قۇرەيشنىڭ ئىلاھلىرىغا ئىھتىرام قىلىش كېرەكلىكىنى مۇھەممەدكە پەقەت ئۇققۇتالمىدىڭ. شۇڭا ئەمدى ئۇنى بىزنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا تاپشۇرۇشىڭ لازىم.

بۇ سۆز ئەبۇ تالىبقا نىسبەتەن قىيامەت قوپۇپ كەتكەندىنمۇ ئېغىر ھېساپلىنىۋاتاتتى. چۈنكى ئەبۇ تالىب بىر بىگۇناھ ئىنساننى شۇنچە زالىم دۈشمەنگە تۇتقۇزۇپ قويۇشنىڭ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش چارىسى بولالايدۇ دەپ، ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا تەسەۋۋۇرىغىمۇ قەتئىي سىغدۇرالمايتى. ئۇ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە دادىنىڭ ئۆز ئوغلىغا بولغان مۇھەببىتىدىنمۇ ئارتۇق مۇھەببەت قىلاتتى. ئەبۇ تالىب ۋەزىيەتنىڭ شۇنچە قورقۇنچلۇق ھەل قىلغۇچ باسقۇچقا كىلىپ قالغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ چارىسىز قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئازاپتىن تىپىرلىغانچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. گويا ھەممە ئەتراپىنى زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلىرى قاپلاپ كەتكەندەك، ھېچ يەردىن ئۈمۈت ئۇچقۇنى كۆرۈنمەيۋاتقاندەك تۇيۇلىۋاتاتتى. ئۇ قاتتىق قايغۇرۇش ئىچىدە بىر ھازا بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئويغا پاتقاندىن كېيىن كۆڭلىدە قانداقتۇر نامەلۇم ئۈمۈد شامىنى ياندۇرۇپ، ئاجايىپ دەرتلىك ئاۋاز بىلەن: "ئى جان - جىگەر ئوغلۇم! ئەمدى دۈشمەنلەرنى دۈشمەنلىكتىن توسۇش قىرى ئەبۇ تالىبنىڭ قولىدىن كەلمەي قىلىۋاتىدۇ. ئۇلار

مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما سەن... سەنمۇ ياشانغان تاغاڭنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالماسسەنمۇ؟ ئەجەبا پۈتۈن مەككىنى دۈشمەن قىلىپ قويۇۋاتقان بۇ ئىشتىن ئۆزەڭنى تارتساڭ بولماسمۇ؟" دەپ سورىدى.

شەپقەتلىك تاغىسىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتقان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى لەسسىدە ئۆزگىرىشكە باشلىدى. چۈنكى بۇ كۆكرىكىدە دادىنىڭ شەپقەتلىك قەلبى بىلەن ئانىنىڭ تەڭداشسىز مېھرى مەۋجۇت بولغان، دائىم كۆزلىرىدىن مۇھەببەت نۇرى جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان، ھەرقېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنچە چوڭقۇر شەپقەتلىك نەزەر بىلەن باقىدىغان ئەشۇ كۆيۈمچان تاغىنىڭ سۆزى ئىدى

شۇنداق...

بۇ، راستىنلا ئەنە شۇ مېھرىبان ئەبۇ تالىبنىڭ ئاۋازى ئىدى. بۇ، دۇنيالىق ئاخىرقى تايانچىنىڭ يىقىلغان چاغدىكى كۈمبىركۈم ئاۋازى ئىدى. بۇ، دۇنيالىق تايانچلارنىڭ ھەرگىزمۇ ئۇزۇنغىچە ھەق يولىدا پۇت تىرەپ تۇرالمايدىغانلىقىنى، ئاخىرى ئاللاھنىڭ نامىنى ئاتايدىغان كىشىگە ئاللاھدىن باشقا تايانچ قالمايدىغانلىقىنى جاكالاۋاتقان ھەققانىيەتنىڭ ساداسى ئىدى.

ئەبۇ تالىب ئۆز سۆزىگە نىسبەتەن ئامراق جىيەنىنىڭ كۆزلىرىدە لىغىرلاشقا باشلىغان ئازاپلىق ياشلارنىڭ جاۋاب بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي قالدى. ئۇ ئەمدى تېخى تەسەللى ئۈچۈن ئېغىزىنى ئۆمەللەپ تۇرۇشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشلىق كۆزلىرىدە بىردىنلا ھەققانىيەتنىڭ كۈچلۈك نۇرلىرى پارلاشقا باشلىدى. ھېسسىياتنىڭ ئورنىغا ئىمان ۋە ئىشەنچكىلا تولغان قەتئىي ئىپادىلەر ئۆزىنى ئايان قىلىۋاتاتتى. بىر ئىنسان ئادىمىلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يۈكسەك چوققىسىدا تۇرۇپ، دۇنيالىق تايانچلارنى ئۆز قولى بىلەن دەپىن قىلىپ تاشلاشقا تەييار ئىدى. ئەبۇ تالىبنىڭ قۇلاقلىرى قاتتىق ھەيرانلىق ۋە قايىللىق ئىچىدە

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاۋاتاتتى.

ـ يا مەن بۇ يولدا ئۆلۈپ تۈگەيمەن، يا مەن باشلىغان بۇ ئىش مۇكەممەللىشىدۇ. مەيلى بۆلار بىر قولۇمغا ئاينى، يەنە بىر قولۇمغا قوياشنى تۇتقۇزۇپ قويغان تەقدىردىمۇ بۇ ئىش قەتئىي توختاپ قالمايدۇ.

ئەبۇ تالىب شۇنچە قەتئىي ئىشەنچ ۋە شۇنچە مۇستەھكەم ئىرادىگە تولغان بۇ سادانى ئاڭلاپ ھەيران قالماي تۇرالمىدى. ئۇ ئەمدىلىكتە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەلبىدە ھەتتا ئۆز جېنىدىنمۇ ئەزىز كۆرىدىغان بىر قىممەتلىك بايلىقنىڭ راستىنلا مەۋجۇتلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەشۇ بايلىقنىڭ دەل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ خۇداسى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتەلمىدى. قەلبى ھەققانىيەتنى سەزگەندەك قىلىۋېتىپ تۇرۇپمۇ، ئېغىزىدىن ھەققانىيەتنىڭ شۇئارى بولغان كەلىمە شاھادەت ياڭراپ چىقالمىدى. ئەمما قان رىشتىسىنىڭ ئوتلۇق مۇھەببىتى تۈپەيلى ھەق ئۈچۈن يەنىلا قۇربانلىق بېرىپ "ياق، ئوغلۇم، ياق! سەن ئۆز ئىشىڭنى خوشال ـ خورام داۋاملاشتۇرىۋەرگىن، مانا بۇ قېرى ئەبۇ تالىب ھەر زامان، ھەرقانداق ئەھۋالدا، دائىم سەن بىلەن بىللە" دەپ قەلب سادىسىنى ياڭرىتالىدى.

بۇ پىداكارلىق داستانىنىڭ ئەڭ ئەلەملىك يېرى شۇكى، ئەبۇ تالىب ئۆزى قۇربانلىق بېرىۋاتقان ئەشۇ ھەققانىيەتتىن مەھرۇم ھالدا دۇنيادىن كېتىپ قالدى. ئەمما بىز تېخى دۇنيادا مەۋجۇت. قېنى بىر مىنۇت بولسىمۇ ئويلاپ باقايلى! ئەجىبا ئەبۇ تالىب كاپىر تۇرۇپ، ئىسلام ئۈچۈن كۆرسەتكەن ئەشۇ پىداكارلىقنىڭ زەررىچە مىسالىنى بىز مۇسۇلمان تۇرۇپ كۆرستەلىدۇقمۇ؟

كۆز ئالدىمىزدىكى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا كۇنسىرى ئەسەبىلىشىپ كېتىۋاتقان ياۋۇز دۈشمەنلەرنىڭ زۇلۇم ـ ستەملىرى دەستىدىن دەريا ـ دەريا قانلىرى ئېقىۋاتقان، ماشىنىلاردا

بىگۇناھ شەھىد جەسەتلىرى ئەخلەت توشۇلغاندەك توشۇلۇۋاتقان ئەشۇ مىليونلىغان چارىسىز مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى مەردانىلەرچە خەۋپكە ئىتتىرەلىدۇقمۇ؟

ياق، خەۋپكە ئىتتىرىشقۇ يىراقتا، ھەتتا تۆت تىيىنلىك مەنپەئەتىمىزدىن ۋە بىر قانچە مۇنۇتلۇق سودا ـ تىجارەتلىرىمىزدىن ۋاز كېچىپ، قۇرال ئەمەس، بەلكى پەقەت لوزىنكا كۆتىرىش بىلەن كوچىلاردا كۇپپارلارنىڭ زۇلمىگە قارشى سادا ياڭرىتىۋاتقان بىر قىسىم نامايىشچى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىگە بولسىمۇ قوشىلالىدۇقمۇ؟

ئەجىبا ھەرقانداق بىر مۇسۇلمان دىيارىغا كۇپپارلار تاجاۋۇز قىلسا، شۇ يەرلىك مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن جىھاد قىلىش پەرز ئەينگە (يەنى، ئورۇندىمىسا، ياكى ھېچ بولمىغاندا، چوقۇم ئورۇنداشنى نىيەتكە پۈكمىسە، مۇناپىق پېتى ئۆلىدىغان مەجبۇرىيەتكە) ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى، ناۋادا يەرلىك مۇسۇلمانلار كۇپپارلارغا تەڭ كېلەلمىسە، خوشنا مۇسۇلمانلارغا پەرز بولىدىغانلىقىنى، ھەتتا تاكى كۇپپارلار مەغلۇپ بولۇپ كەلگەن يېرىگە چېكىنمىگىچە جىھاد قىلىشنىڭ پەرزلىكى خوشنا رايونلارنى بويلاپ، ئەنە شۇنداق كېڭەيگەنسىرى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ يەلكىسىگە يۈكلىنىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، يەنىلا مۇسۇلمان قېرىنداشلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەيدانغا چىقالماي يۈرگەن ياكى ھېچ بولمىغاندا، ۋۇجۇدىمىز ئەلەمدىن تىترەپ، ئەشۇ ئازاپ چېكىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ نۇسرىتى ئۈچۈن مەخسۇس ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش ئاقىلىق ئاللاھغا يىلىنىپ يىغلاپ دۇئا قىلىشىمۇ قولىمىزدىن كەلمەيۋاتقان، شۇنداقتىمۇ ئۆزىنى مۇسۇلمان ئاتىۋېلىشتەك ساختا پىكىر، ئەمەللىرى ئارقىلىق ئىسلامنىڭ شەنىگە يىرگىنىشلىك داغ تەككۈزىۋاتقان بىز ھېسسىز ئەبگالار راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟

ھەقنى ھىمايە قىلىشتا بىزدىن ياخشىراق پىدىكارلىق كۆرسەتكەن ئەبۇ تالىبنىغۇ كاپىر دەيدىكەنمىز، ئۇنداقتا ئۆزىمىزنى زادى نىمە دەيمىز؟!

''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''''

ئىبغىر ئىبادەت ۋە رىيازەتلەر تۈپەيلى ھارغىن چىراي بىر بوۋاي چىركاۋنىڭ دەرىسىزىدىن يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىبسىملىك مەردى مۆمىنگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئەسلىدە تەخرىگە مۇيەسسەر بولۇش ئىشتىياقىدا دۇنيانىڭ پۈتۈن راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن ۋاز كەچكەن بىر خىرىستىيان راھىبى ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نەزىرى چۈشۈش بىلەنلا قانداقتۇر قەلبىنى چۇلغىۋالغان ئەلەملىك ھىسلار تۈپەيلى شۇ يەردىلا يىغلاپ تاشلىدى. دېمەك، بىر مۇسۇلمان غەيرى دىندىكى بىر راھىپنى كۆرگەندە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك كۆز يېشىنى تۆكمەكتە ئىدى.

ـ سىلى بىر خىرىستىيان راھىپنى كۆرۈپ يىغلاپ كېتىۋاتىلىغۇ؟ كىشىلەر ھەيرانلىقتا سۇئال سوراشقا باشلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كىشىلەرگە تەبەسسۇم قىلغان ھالدا "ھەئە، مەن راستىنلا غەيرى دىندىكى راھىپقا قاراپ يىغلاپ سالدىم. ئى قېرىنداشلار! بىر ئىنسانىنىڭ ئاقىۋەت ھالاكەتكە باشلايدىغان، جەھەننەمنىڭ مەڭگۈلۈك ئوتىغا ئېتىرىپ تاشلايدىغان ئەشۇنداق ئىبادەتلەر ئۈچۈن جېنىنى ئۈپرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتىنمۇ بەكرەك ئېچىنىشلىق، يىغلاشقا تېگىشلىك ئىش بولامدۇ؟" دەپ جاۋاپ بەردى.

مانا ئەمدىلىكتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى كۆرگەن ئەشۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىلەر ھازىرمۇ بىزنىڭ تۆت ئەترىپىمىزدا شۇ پېتى كۆزگە چېلىقىپ تۇرماقتا. ئەمما غەيرى دىندىكىلەرنىڭ ئۇنۇمسىز ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشلىرىغا ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپ

كېتىدىغان، ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە تىترەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان ئۇنداق مۇسۇلمانلارنى ھازىر ئارىمىزدىن نەدىمۇ ئۇچراتقىلى بولسۇن؟!

ئەنە تۇنۇگۇنكى ئىسلام كۈيپارلارنىڭ بېھۇدە ئىبادەتلىرىگە ئىچىنىپ ياش تۆككەن بولسا، بۈگۈنكى كۈيپىرلىق بەلكىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەشۇنداق ئېچىنىشلىق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىغا ئېچىنىپ يىغلايدىغاندۇ ياكى مەسخىرە قىلىپ كۈلىدىغاندۇ. چۈنكى بىزمۇ ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىمىز، يۇ ـ ئەمما ئىبادەتلەرنىڭ پەرز قىلىنىشتىكى مەقسىتى بولغان ئۇنۇم، تەسىرلەرنى ۋۇجۇدىمىزدىن قەتئىي كۆرۈۋالالمايمىز.

ناماز ـ ئەسلىدە، ۋۇجۇدىمىزدا ئىسلام ئۈچۈن ۋاقتىنى قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرسە توغرا بولاتتى. ئەمما بىز ناماز ئوقۇيمىز، يۇ ـ ئىسلامنىڭ شۇنچە موھىم دەۋر تەقەززالىرى ئۈچۈن بىر نەچچە مىنۇتلۇق مەشغۇلاتىمىزنى تاشلاشقا پېتىنالمايمىز.

روزا ـ ئىسلام ئۈچۈن شېرىن ئارزۇ ـ ئىستەكلەرنى، جۈملىدىن نەپسانىي تەقەززالارنى قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك ئىدى، ئەمما بىز روزا تۇتۇپمۇ، ئىسلامنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بىر دەملىك ئەيشى ـ ئىشرەت، ھاۋايى ـ ھەۋەسلىرىمىزدىن كېچەلمەي يۈرمەكتىمىز.

زاكات ـ ئىسلام ئۈچۈن ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى قۇربان قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرەتتى. ئەمما بىز زاكات بېرىشقۇ ئۇياقتا، ھەتتا خۇسۇسىي مەنپەئەتىمىز ئۈچۈن يېتىم ـ يېسىرلارغا تېگىشلىك زاكاتلارنىمۇ ھىيلە ئىشلىتىپ، باشقىلاردىن يۇلۇۋېلىشنىڭ كويىنى قىلىپ يۈرمەكتىمىز.

ھەج ـ سەپەرگە ئاتلىنىپ، ۋەتىنىدىن ئايرىلىش ئارقىلىق ۋەتەن، مىللەت، ئاتا ـ ئانا، ئايال، بالا ـ چاقا، قەۋم ـ قېرىنداشلارنىڭ مۇھەببىتىنى ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈنلا قۇربان

قىلالايدىغان خاراكتېرنى يېتىلدۈرەلىگەندە، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈنىمى كۆرۈلگەن بولاتتى. ئەمما بىز ھەجنى نەسەبۋازلىقىمىزنىڭ ۋە ئائىلىۋىي ئابروي ـ ئىناۋەتلىرىمىزنىڭ قوربانىغا ئايلاندۇرىۋالماقتىمىز. چۈنكى بىز ئىبادەتلىرىمىزنىڭ ئەنە شۇنداق ھەقىقىي روھىنى چۈشەنمىگەنلىكىمىزدىن خۇددى باشقا دىندىكىلەرگە ئوخشاشلا رەسمىيەت شەكلىدە مۇنداقلا ئۇرۇنداپ كەلمەكتىمىز. شۇ سەۋەپتىن ئۈنۈمسىز ھالغا كېلىپ قالغان بۇ ئىبادەتلىرىمىز ئەجەبا بىزنى يەنىلا جەننەتكە ھەقلىق قىلالارمۇ؟

ئالدى بىلەن ۋاقىت، ئارزۇ ـ ئىستەك، ئىقتىساد، سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلەرنى قۇربان قىلىشتىن ئىبارەت بۇ تۆت خىل خاراكتېر، مەزكۇر بىز ئورۇنداپ كېلىۋاتقان تۆت خىل ئىبادەتلىرىمىز ئارقىلىق ۋۇجۇدىمىزدا پەيدا بولماي تۇرۇپ، ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد مەيدانىدا جانىنى قۇربان قىلىشتەك بەشىنچى ئۇلۇغۋار خاراكتېرنى قەتئىي يېتىلدۈرگىلى بولمايدىغانلىقى تېخىچە مېڭىمىزگە ئورنىماي يۈرگەن، ھە، دېسىلا، ئۇششاق ئىشلارنى تارتىشىپ، فىقھىي پىكىرۋازلىقىمىزنى بازار سېلىپ يۈرگەن، ئۈممەتنىڭ زادى قانداق دىنىي روھقا تەشنالىقىنى چۈشەنمەستىن، ئۆزىمىزچە نەدىكى بىر ئاقماس پىكىرلەرنى مەيدانغا چىقىرىپ، تەبىئىتىمىزگە يات، غەيرى مەسلەك، ئېقىملارنى پەيدا قىلىۋاتقان بىز نادان مۇسۇلمانلارنىڭ ھاماقەتلىكىگە ئەجەبا ئىپلاس كۇپپارلار كۈلۈپ سالماي تۇرالامۇ؟

ئەجەبا ئىسلامىمىزنى شۇنچە كۈلكىلىك ھالغا چۈشۈرۈپ قويماقچى بولىۋاتقان بىز نانكورلار يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟

بۇ سۇئالنى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ بىر نەرسە كۆرگەندەك بولمايدىغان قارىغۇ ئەقلىمىزدىن سورايلى! قىلمىشىمىزنىڭ قاباھەتلىك ئاقىۋەتلىرى "مانا مەن" دەپ كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، قىلچە ئۆرتۈنۈش ھېس قىلمايدىغان ئۆلۈك ۋىجدانىمىزدىن سورايلى!

سورايلى! قىرىنداشلار، سورايلى!

ساھابىلەر ھاياتىنىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدىكى ئەبگا ئەكسىمىزدىن سورايلى!

كامىلجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئەينەكلەر (ئىككىنچى قىسىم)

(پاكىستانلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ كۈچلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. گويا بېشىغا ئىنتايىن ئېغىر مۇسىبەت كەلگەن دەرتمەندەك ياكى جىنايەت ئۈستىدىلا قولغا چۈشۈپ قالغان گۇناھكاردەك ھالغا كېلىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن ئايالى سۇئدا رەزىيەللاھۇ ئەنھا دەرھال تۆشۈك تېشىلىرىنى تاشلاپ ھودۇققان ھالدا يېنىغا كەلدى ۋە چىرايىغا چۈڭقۇر نەزەر سېلىپ "بۇنچە ھەسرەتكە چۆكۈپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى زادى نېمىدۇر؟" دېگەنلەرنى ئويلاشقا باشلىدى. ئەمما سەۋەبىنى ھېچ چۈشىنەلمەي قىلىۋاتاتتى. چۈنكى بىرگە ياشاپ كەلگەن شۇنچە ئۇزۇن مۇددەتتىن بىرى بۇنچە قاتتىق قايغۇرۇپ كېتىشكە سەۋەپ بولغۇدەك بىرەر ئىشنىڭ ئۆتەلگىنىنى بىلمەيتى.

ـ سىلىگە نېمە بولدى؟ گەپ قىلسىلا، زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ سۇئدا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاخىرى چىداپ تۇرالماي ئالدىراش سوئال سوراشقا باشلىدى.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ غەم ـ قايغۇدىن يەرگە چۆكۈپلا كەتكەن بېشى ئاستا كۆتىرىلدى. ئاجايىپ ئىزتىراپلارغا تولغان كۆزلىرى ئايالىنىڭ سەبىي چىرايىغا تىكىلگىنىچە قېتىپلا قالدى. ئەمما يەنىلا ھېچ زۇۋان سۈرمەيتى.

ـ ۋاي ئاللاھ! بىر گەپ قىلمامىلا! زادى نېمە ئىش يۈز بەردى؟ يا مەندىن بىرەر خاتالىق ئۆتىلىپ قالدىمۇ، يە؟ سۇئدا رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك تەشۋىشلىنىپ سوئال سورىماقتا ئىدى.

ـ ياق، ئى بەختىيار خوتۇن! ياق، ـ تەلھە رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ ئۇلۇغ بىر كىچىك تىنىۋالغاندىن

كـيـىن سۆزىـنى داۋاملاشـتۇرۇشقا باشـلـىدى.

ـ سىنـىڭ نېمە خاتالىقىڭ بولسۇن، ھەممىسى مـىنـىڭ ئۆزىمدە. مانا كۆرمـىدىڭمۇ؟ يېـنـىمدا شۇنچە كۆپ بايـلـىق تويـلـىنـىپ قاپتۇ. ئاھ خۇدا! ئەمدى مەن بۇ ئالتۇن ـ كۇمۇچ دۆۋىسىنى شۇ پېتى ئارقامدا قالدۇرۇپ، ئاللاھىمنىڭ دەرگاھىغا قۇرۇق قول كېتىپ قالارمەنمۇ؟ ـ دېگىنىچە ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى. ئاق كۆڭۈل ئايالى ئېرىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قىلچىمۇ تەئەججۈپلىنىپ قالمىدى. چۈنكى ئېرىنىڭ نەزىرىدە غايغۇلۇق تۇيـلـىۋاتقان بۇ ئىش ئۇنىڭغا نىسبەتەنمۇ ئەندىشىلىك مەسىلە ئىدى. دۇنياغا ھەممە نەرسىنى قالدۇرۇپ، ئاخىرەتكە قۇرۇق قول كېتىپ قالىشتىنمۇ چوڭ بەختسىزلىك بولمايدىغانلىقىنى، دۇنيادا شۇنچە بەختلىك ياشاپ، ئاخىرەتتە يالىڭاچ، نامراتلارنىڭ سېپىغا تىزىلىپ قېلىشتىنمۇ ئېغىر مەغلۇبىيەت يوقلىقىنى ئۇمۇ چۈشىنىپ ھېس قىلاتتى. شۇڭا ئۇ دەرھال ئېرىگە تەسەللى بېرىپ: "بۇنىڭ ئىلاجى شۇنداق ئاددى تۇرسا قايغۇرغۇدەك نەرى بار؟ تۇرسىلا، پۇلنى چىقىرىپ ئاللاھ يولىدا پىدا قىلسىل" دېدى.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇددى گۆدەك باللاردەك بىردىنلا شاتلىققا چۆمۈپ كەتتى. "ئاللاھ يولىدا پىدا قىلىۋېتىش" دېگەن بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ نەزىرىدە تېكەندەك تۇيـلـىۋاتقان بايلىققا ئاجايىپ قىممەتلىك مەنە بەرگەندەك تۇيـلـىۋاتاتتى. "ئامانەتنى ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇش" دېگەن خىيال ئۇنىڭ قەلبىدىكى پۈتۈن ئېغىر يۈكلەرنى بىراقلا يېنىكلىتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ جەننىتىنىڭ ئەشۇ تۇيلىنىپ قالغان 400 مىڭ دىناردىن قاتمۇ ـ قات قىممەتلىك ئىكەنلىكىگە ھەر ئىككىيلەن تولۇق ئىشىنەتتى. شۇڭا بۇ كاتتا بايلىق ھېچ ئىككىلەنمەستىن تارقىتىلىشقا باشلىدى. بەنۇ تەمىم قەبىلىسىدىكى يېتىملار ئېتەكلىرىنىڭ بايلىققا تولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىسلام ئىجتىمائىي جەمىيىتىدە دادىلارچە شەپقەتنىڭ ھاياتى كۈچى بىلەن ئۇرغۇپ تۇرغانلىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىشقا باشلىدى. تول، بويتاقلارمۇ توي ساماسىنى كۆرۈشكە سازاۋەر بولدى، قەرز زەنجىرلىرىدە بوغۇلغان

ئىنسانلار ئاللاھنىڭ زېمىنىدا ئازاتلىقتىن قايتا نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزۈنغا قالمايلا 400 مىڭ دەرھەمنى ئاللاھ يولىدا تولۇق پىدا قىلىپ بولغان ئىدى. ئەتراپىدىكى دۇنيانى خۇشھاللىققا چۈمدۈرۈش يولىدا ئۆزى قورۇق قول قالغان ئىدى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭ پۈتكۈل روھىي ئېزتىراپلىرىنىڭ ئۆرنىنى چەكسىز مەمنۇنىيەت قاپلىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ لەۋلىرىدە تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئاجايىپ بىر تەبەسسۇم جىلۋە قىلماقتا ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ قول ئىلكىدىكى ماددى بايلىقلار ئەمدىلىكتە ھەقىقىي تۈردە قەلب بايلىقىغا ئايلىنىپ بولغان ئىدى. ئۇ ئۆيىگە خۇددى قورقۇنۇشلۇق قاراڭغۇ چاڭگالدا ئېزىپ قالغان مۇساپىر بىردىنلا يورۇقلۇققا چىققاندەك خۇشال ـ خۇرام قايتىپ كېتىپ باراتتى.

بىر قېتىم يەنە شۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق قايغۇغا چۆكۈپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا غەمخان بولۇش ئۈچۈن يېنىغا كەلدى ۋە "ئى تەلھە! تىنچلىقتۇ؟ يا بىرەرسى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالدىڭمۇ ـ يە؟" دەپ سورىدى.

ـ ياق، ـ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەسرەتتىن ھارغىن ئاۋازى قورغاق كارنىيىدىلا تۈرۈپ قېلىپ سۆزىنىڭ ئاخىرى چىقمايلا قالدى.

ـ ئۇنداقتا، زادى نېمە بولدى؟

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ بىچارىلىك بىلەن يىغلامسىرىغان ھالدا: "ئى ئۆمەر! مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئېيتىپ بەرگەن ئىنتايىن قىممەتلىك بىر سۆزنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە "ئەگەر ئۆلۈم ئالدىدا ھەرقانداق كىشى بۇ سۆزنى ئېغىزىغا ئالسا، جان چىقىشنىڭ ئازابى كۆتىرىلىپ كېتىدۇ ۋە چىرايىغا شاتلىق ھەم قانائەتنىڭ نۇرى يۈگرىدۇ" دەپ ئېيتىپ بەرگەن ئىدى. ئەپسۇسكى، مەن ئۇ سۆزنى شۇنچە ئويلاپمۇ پەقەت ئەسكە

ئالالمايۋاتىمەن... مانا زادىلا ئەسكە ئالالمايۋاتىمەن..." دەپ ئەپسۇسلىنىشقا باشلىدى.

ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەردى ـ مۆمىنىنىڭ ئازاپلىنىۋاتقان غەم ـ قايغۇلىرىغا رەشك ھەم تەبەسسۇم بىلەن بېقىپ: "ئەجىبا ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزگە "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" دېگەندىنمۇ قىممەتلىك سۆزنى ئۈگەتكەنمىدى؟!" دەپ جاۋاپ بەردى.

تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلاش بىلەن تەڭ "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مانا دەل مۇشۇ سۆز ئىدى. مانا دەل مۇشۇ سۆز ئىدى" دېگىنىچە بالىلاردەك ئۆزىنى تۇتالماي سەكرەپ كەتتى.

ئاھ! تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش مەرتلەر بىلەن سۇئىدا روزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈل ئاياللار ياشىغان ئەشۇ دەۋرلەر نەقەدەر گۈزەل، نەقەدەر دىلكەش بولغىيتى ھە؟!

شۇنداق، ئەنە ئۇلار ھەقىقىي مۇسۇلمان ئىدى، مانا بىزمۇ مۇسۇلمان. ئەمما پەرقىمىز شۇ يەردىكى، بىزنىڭ نۆۋەتتىكى قىممەت قارىشىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ قىممەت قاراشلىرى ئوتتۇرىسىدا گويا جەننەت بىلەن جەھەننەمدەك ئوخشىماسلىق ساقلانماقتا. چۈنكى بىزنىڭ شاتلىقىمىزنىڭ ئىنتىھاسى ھېساپلىنىدىغان ئىشلار ئۇلارنىڭ دەرت ـ ئەلەملىرىنىڭ ئەنە شۇنداق ئىپداسى بولۇپ ھېساپلىناتتى. ئۇنداقتا، ئۇلار شاتلىغىچۇ؟ زىدى نىملەر بىلەن ئىپادە تاپاتتى؟ قېنى كىممۇ ئارىمىزدىن بۇنى ھەقىقي تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟

شۇنداق، بىزمۇ مۇسۇلمانىمىز. ئەمما تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خۇداسۆيەر كۆكرەكلىرى بىلەن سۇئىدا رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پاك مېجەز ـ تەبىئىيتىدە ئۇرۇن ئالغان ئەشۇ ئىمانىي يۈكسەكلىكنى ۋۇجۇدىمىزدا بەرپا قىلىشقۇ، ئۇياقتا، ھەتتا پەقەت تەسەۋۋۇر قىلىپ باققاندىمۇ، پۈتۈن ئەمەلىي ھاياتىمىز خىجالەتتىن يەرگە قارايدىغان مۇسۇلمانىمىز.

---

سۆئىلىبەمۇ ئىسلامنىڭ جان پىدا ئەنسارلىرىدىن ئىدى. ئەمما دۇنيالىق بايلىقنىڭ

سېھرلىك تورلىرى ئۇنىڭ ئەنسارلىق دۆلىتىنى ئىشغال قىلماقچى بولۇپ ئالدىغا چىققاندا، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "يا رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ مال ـ بايلىقىمنىڭ زىيادە بولىشىغا دۇئا قىلىپ قويسىلىرى" دەپ يېلىنىشقا باشلىدى.

ـ ئى سۆئلىبە! ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىنتايىن قايغۇرغان ھالدا سۆز قىلىۋاتاتتى.

ـ ئەستە تۇتقىنكى، ئىنسانىنىڭ پەرۋەردىگارىغا شۈكۈر ئېيتىپ تۇرىدىغان ئازغىنا بايلىقى، شۈكۈر قىلىشنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويىدىغان دۇنيانىڭ كاتتا غەزىنىلىرىدىن كۆپ ياخشىدۇر.

ئەمما سۆئلىبە بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىنمۇ يەنە دېگىنىدە مەھكەم تۇرىۋالدى. بەلكىم ئۇ "شۈكۈر قىلىشتىن غەپلەتتە قېلىشتەك جىنايەت مەندىن سادىر بولۇپ قېلىشى قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن" دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك ياكى "خەيرى ـ ئېھسانلارنىڭ يامغۇرى قانچە ياغقانسىرى شۇنچە كۆپ شۈكۈر قىلىدىغان بولماي، ئەكسىچە بەخش ئەتكۈچىنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان ئىش بولامدۇ؟" دەپ خىيال قىلغان بولسا كېرەك، يەنىلا دۇئا قىلىشنى تەلەپ قىلىۋەردى. چۈنكى ئۇ بۇ سۆزنى قىلغۇچىنىڭ پۈتۈن كائىناتنىڭ تومۇر سوقۇشىغا دىئاگونوز قويىۋاتقان زات ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى.

ئاخىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. بايلىق يامغۇرغا ئوخشاش يېغىشقا باشلىدى. قوي، ئۆچكە، پادىلىرىنىڭ سانى ئۆزلىكسىز ئېشىپ، مال قوتانلىرى شەھەر ئىچىگە سىغماس بولۇپ قالغاندا، سۆئلىبە مەدىنىدىن سىرتقا چىقىپ يەرلەشتى. مەسجىد بىلەن بولغان ئارىلىق ئۇزاردى. شۇنداق قىلىپ، دۇنيا قانچە يېقىن كەلگەنسىرى ئاللاھ يىراقلىشىپ كەتمەكتە ئىدى. كېشىلەر شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىدا سۆئلىبەنىڭ غايىپلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. بايلىق ئاشقانسىرى، ئارىلىق ئۇزاردى، غەپلەت كۈچەيدى. دۇنيانىڭ بايلىقى كۆپەيگەنسىرى، ھەتتا قىممىتىنى بىلگەن نامراتمۇ دۇنيانىڭ تاجۇ ـ تەختىگە تىكىشمەيدىغان، ئىنسان ئۇنىڭ بىلەن

ئاللاھنىڭ جەننەتتىنى سېتىۋالالايدىغان قەلب بايلىقى ئازلاپ كېتىشكە باشلىدى. بارغانسېرى نامازغا چىقالماسلىقنىڭ قېتىم سانى ئېشىپ، ئاخىرى زاكات بېرىش رىغبىتىمۇ قەلبىدىن يېراقلاپ كەتتى. ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق ھەسرەتلىنىپ ياش تۆكتى. دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تەڭلا قولغا كەلتۈرۈشتەك خەتەرلىك خاھىشتا بولغان بۇ بەختسىزگە قاتتىق ئېچىندى. ئاخىرىدا جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام قۇرئان كەرىمدىكى "شۇنداق كىشىلەرمۇ باركى، ئۇلار "ئەگەر ئاللاھ ئۆز فەزلىدىن ئاتا قىلسا، بىز چوقۇم ئۇنىڭ يولىغا سەرپ قىلىمىز، ياخشىلىق قىلغۇچىلاردىن بولىمىز" دەپ ئەھدى قىلغان ئىدى، ئاندىن ئاللاھ ئۆز فەزلىدىن ئاتا قىلغاندا، بېخىللىقتا چىڭ تۇرۇپ كەتتى ۋە ئارقىنى قىلغان ھالدا شەخسىيەتچىلىك قىلىشقا باشلىدى" دېگەن ئايەتنى ئېلىپ چۈشتى.

سۆئلىبە نېمىلا بولغان بىلەن يەنىلا ساھابە بولغاچقا نازىل بولغان ۋەھىينىڭ ئاچچىق ئەلەملىرىدىن تىترەپ، ئىلگىرى بەرمەي قويغان زاكاتلىرىنى بېرىش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا باردى. ئەمما خاتالىقنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپلىش دەرۋازىسى ئاللى بۇرۇن تاقىلىپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ زاكاتلىرى قوبۇل قىلىنمىدى. ئاللاھمۇ رەت قىلدى، ئاللاھنىڭ رەسۇلىمۇ رەت قىلدى. ھەتتا ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ خەلىپىلىك دەۋرلىرىدە "بۇنى قوبۇل قىلىشتىن ئاللاھنىڭ رەسۇلى مەنئىي قىلغان" دەپ ئۇنىڭ بايلىقلىرىنى قوبۇل قىلمىدى.

ئاھ! دۇنيانىڭ مۇھەببىتى نېمە دېگەن قورقۇنۇشلۇق پىتنە ھە؟! چۈنكى بايلىق كىمنىسى بىلەن دىنىنىڭ كىمىسىدە تەڭلا سەپەر قىلىش ھەقىقەتەن بەسى مۇشكۈل بىر ئىش. بىر تەرەپكە ئەگىشىشنىڭ نەتىجى چوقۇم ئىككىنچى تەرەپتىن يىراقلىشىش بىلەن تاماملىنىدۇ. ئەگەر قانداقلا كىشى ئۆزىنىڭ ئاللاھقا قانچىلىك يېقىنلىقىنى بىلمەكچى بولسا، ئالدى بىلەن قەلبىنىڭ دۇنيادىن قانچىلىك يىراق ئىكەنلىكىگە نەزەر سېلىشى لازىم. لېكىن ئەجەبا بىز بۇنى

ئويلاشقىمۇ پىتىنالارمىزمۇ؟ ئەجىبا "ئاخىرەتنىڭ مۇشكۇل داۋانلىرى" دېگەن سۆز قەلبىمىزدە كېچىككىنە بولسىمۇ ئورتۇنۇش قوزغىيالارمۇ؟

شۇنداق، ئەلبەتتە بۇگۇنمۇ بۇ سۆزدە ئىلگىركىدەك دولقۇنلۇق كەلكۇنلەرنى قوزغىۋېتەلەيدىغان تەۋداشسىز هاياتى كۈچ يەنىلا مەۋجۇت. ئەمما ئۇنى سۆزلىگۈچى تىللار تۇتۇلۇپ، ئاڭلىغۇچى قولاقلار ئېتىلىپ قالغىنى زامانلار بولۇپ كەتتى.

قېنى بىز يۇقىرىكى ئىككى ئەينەكتە تۆۋەتتىكى مۇسۇلمانچە قىممەت قارىشىمىزغا نەرزەر سېلىپ باقمايلىمۇ؟ تەلهە بىلەن سۇئدانىڭ مۇقەددەس ئەينەكلىرىدە ئەكسىمىزنى كۆرەلەمدۇق ياكى سۆئىلىبەنىڭ داتلاشقان ئەينەكلىرىدىمۇ؟ ئىنىقكى بۇنىڭ جاۋابى ئۆزىمىزگە ئايان بولمىسىمۇ ۋىجدىنىمىزدىن مەخپى ئەمەس. لىكىن شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا مۇسۇلمان دېگەن داۋايىمىزدا مەهكەم تۇرماقتىمىز. بۇ، ئەقىدىمىزنىڭ نېمە دېگەن گۇزەل دەۋاسى، ئەمما ئەپسۇس! ئەمەللىرىمىزنىڭ نېمە دېگەن ساختا ناۋاسى.

كاملجان تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# جەننەت قانداق جاي؟

(بالىلار ئۈچۈن)

ئېھ! جەننەت، جەننەت! بالىلار بىلەمسىلەر؟ جەننەت قانداق جاي؟ ئەگەر مەن جەننەت ھەققىدە گەپ باشلىسام گېپىم ھېچ تۈگىمەيدۇ... ئەمما مەيلى كېلىڭلار، مەن سىلەرگە ئازغىنە بولسىمۇ سۆزلەپ بېرەي. قالغىنىنى چوڭ كىتابلارنى ئوقۇغۇدەك بولغاندا ئۆزىڭلار بىلىۋالىسىلەر. سىلەرگە جەننەتنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى قايسى باغقا، قايسى گۈزەل شەھەرگە ئوخشاتسام بولاركىن-ھە؟ ياق، ئۇنى ھېچ نەرسىگە ئوخشىتالمايمەن. چۈنكى بۇ دۇنيادا جەننەتكە ئوخشايدىغان ھېچقانداق جاي يوقدە..؟! ئۇ يەر شۇنداق چىرايلىقكى، سۆز بىلەن تەرىپلەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇ يەرگە پەقەت بېرىپ كۆرۈپ بېقىش كېرەك. ئەنە شۇنداق چاغدىلا جەننەتنىڭ قانداق جاي ئىكەنلىكىنى بىلەلەيسىز. "جەننەتتە كۆز كۆرمىگەن، قۇلاق ئاڭلىمىغان، ئادەمنىڭ خىيالىدىن ئۆتمىگەن نەرسىلەر بار" دېگەن پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام. جەننەت ھازىر بارمۇ؟ ئەلۋەتتە، جەننەت ھازىر بار. ئۇ يەتتە قەۋەت ئاسماننىڭ ئۈستىگە، ئاللاھ ئەرشىنىڭ ئاستىغا جايلاشقان. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق باغلاردىن، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريالاردىن، ئاجايىپ شەھەر ۋە مەملىكەتلەردىن، سايىسى سالقىن ئارامگاھلاردىن بېزەلگەن. جەننەتتىكە كىرگەن ئادەم، بۇ دۇنيانى ئۇنتۇپ ھېچ قايتىپ چىققىسى كەلمەيدۇ. ئۇنداق قانچىلىك كاتتىلىقىنى ئېيتايمۇ؟ يەتتە قەۋەت ئاسمان بىلەن يەتتە قەۋەت يەرنىڭ ھەممىسى قوشۇلسىمۇ، جەننەتكە ھەرگىز تەڭ بولالمايدۇ. جەننەت ئەنە شۇنداق ئېسىل جاي! ئۇنىڭ خۇشبۇي ھىدى **100** يىللىق يىراق يولدىن كېلىپ تۇرىدۇ. جەننەت قەۋەت - قەۋەت قىلىپ يارىتىلغان بولۇپ، ئەڭ يۇقىرىسى "فىردەۋس جەننىتى" دەپ ئاتىلىدۇ. دۇنيا يوق بولۇپ كېتىدۇ.

ئەمما جەننەت ھەرگىز يوقالمايدۇ. جەننەتنىڭ سەككىز دەرۋازىسى بار. دارۋازىلار شۇنداق كەڭرىكى، ئۇ چېتىدىن - بۇ چېتىگىچە 40 يىللىق يولدۇر. جەننەتنىڭ ئالدى دەرۋازىسىغا تۇنجى بولۇپ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسساللام كىرىدۇ. جەننەت ئۇ كىشىگە ئېچىلىدۇ. جەننەتكە ئەڭ ئاۋۋال شۇ زات كىرىدۇ. كېيىن ئۇ كىشىنىڭ ئۇممەتلىرى مۆئمىنلەر، يەنى بىز مۇسۇلمانلار كىرىمىز. شۇنىڭدىن كېيىن باشقا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئۇممەتلىرى كىرىدۇ. دىن يولىدا قۇربان بولغان شېھىتلەر، ئىلىمگە ئەمەل قىلغان ئالىملار، كەمبەغەللەرنى ياخشى كۆرگەن بايلار ۋە ياخشى كىشىلەر جەننەتكە بىرىنجى تۈركۈمدە كىرىدۇ. جەننەت ئەھلىنىڭ كۆپ قىسمى كەمبەغەللەر ۋە كۆپ زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشىلەر بولىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ دۇئاسىنى ئالغان ئادەملەر، ئېرىنى رازى قىلغان ئاياللار، خۇش پېئىل كىشىلەرمۇ جەننەتكە تېزرەك كىرىدۇ. جەننەتنىڭ كۆپ دەرىجىسى بار. ئىنسانلار دۇنيادا قانچىلىك ئەمەل قىلغانلىقىغا قاراپ، تۈرلۈك خىل دەرىجىدە جاي ئالىدۇ. جەننەتنىڭ ھاۋاسى بەكمۇ يېقىملىق بولۇپ، سوغۇقمۇ ئەمەس، ئىسسىقمۇ ئەمەس. دائىم ئىللىق باھاردەك بولۇپ تۇرىدۇ. ئەتىتىگىنى كۈن چىقىش ئالدىدا تۇرغان بىر ۋاقىت باركى، جەننەت دەل شۇ ۋاقىتتىقا ئوخشاش پاكىز ھەم ساپ بولىدۇ. ئۇ يەردە قۇياش بولمايدۇ. ئەمما ئاللاھنىڭ نۇرى بىلەن ھەممە جاي يوپيورۇق بولۇپ تۇرىدۇ.

بالىلار! جەننەتنىڭ مېۋىلىرىگە كەلسەك، ئۇنىڭ نەچچە مىڭ خىل ئىكەنلىكىنى بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇلار ھازىر مەي باغلاپ پىشىپ، جەننەتكە كىرىدىغان ئادەملەرنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ھەرگىز. پۈراپ قالمايدۇ، سېسىمايدۇ. تىك تۇرۇپ ئۈزىمەن دېسىڭىزمۇ، ئولتۇرۇپ ئۈزىمەن دېسىڭىزمۇ، يانپاشلاپ يېتىپ ئۈزۈپ يەيمەن دېسىڭىزمۇ بولىدۇ. جەننەت مېۋىلىرى سىزنىڭ ئالدىڭىزغا ئۆزى كېلىپ تۇرىدۇ. بىرنى ئۈزسىڭىز، ئۇنىڭ ئورنىغا دەرھال يېڭىسى ئۆسۈپ تۇرىدۇ. ئۇ مېۋىلەر شۇنداق شېرىنكى، تەمى ئاغزىڭىزدىن ھەرگىز كەتمەيدۇ. ئەگەر گۆش يېگىڭىز كېلىپ قالسا، ئالدىڭىزغا تۈرلۈك قۇشلار ئۇچۇپ كېلىشىدۇ.

شۇنداقلا تىلغا كېلىپ سىزگە ئۆزىنى تونۇشتۇرۇشقا باشلايدۇ. "مەن پالانى قۇشمەن، پالان نەرسىنى يەپ چوڭ بولغانمەن، مېنىڭ گۆشىمنى يەڭ دەيدۇ-بىرسى."، "مەن پالان - پالان گۈللەرنى يەپ ئۆسكەنمەن، مېنىڭ گۆشىم تېخىمۇ شىرىن، مېنى يەڭ دەيدۇ يەنە بىرسى" سىز قايسى بىرسىنى تاللىسىڭىز، ئۇ شۇ هامان پىشىپ، ئويلىغىنىڭىزدەك ئالدىڭىزغا كېلىدۇ. يەپ بولۇشىڭىز بىلەنلا ئۇ يەنە تىرىلىپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. جەننەتتە بىر ئادەمگە مىڭ خىزمەتچى بولىدۇ. ئۇلار يېنىڭىزغا كەلگەندە نازۇ - نېئمەتلەرنى ئېلىپ كېلىشىدۇ. هەر قېتىم كەلگەندە 70 خىلدىن ئارتۇق تائاملار، سان - ساناقسىز قەدەهلەردە ئىچىملىكلەرنى ئېلىپ كېلىشىدۇ. تاللىغان تائاملىرىڭىزدىن ئارزۇيىڭىز بويىچە يەۋىرىسىز. خالىغان ئىچىملىكلەرنى ئىچىۋىرىسىز. قورسىقىڭىز تويۇپ بىئارام بولمايسىز. تائامدىن كېيىن هاجەت قىلىش بولمايدۇ. يېگەن تائاملىرىڭىز تەرگە ئايلىنىپ ئۆزى چىقىپ كېتىدۇ. تېرىڭىزدىن چىققان شۇ تەردىن ئاجايىپ خۇشپۇراق ئەترىنىڭ هېدى كېلىدۇ. جەننەتتە مىشقىرىش، تۈكۈرۈش، يۆتىلىش، شامالداش، كېسەل  بولۇش يوق. ئاللا ئۇ يەردە هەممە ئادەملەرگە يېڭىدىن بەدەن ئاتا قىلىدۇ. بەدىنىڭىزدە قان، يىرىڭ، بەلغەم بولمايدۇ. نەپەسلەنگەن چېغىڭىزدا، ئاغزىڭىزدىن ئۆز-ئۆزىدىن هەمدۇ- سانا ۋە تەسبىھ چىقىپ تۇرىدۇ. جەننەتتە هەر بىر ئىنسانغا تائام يېيىش، ئىچىش، ۋە باشقا ئىشلار ئۈچۈن 100 ئادەمنىڭ كۈچى بېرىلىدۇ. بۇنداق ياخشىلىقلار بۇ دۇنيادا هارام نەرسە يېمىگەن، هارام ئىشلارنى قىلمىغان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى دېگەن ئىشلارنى قىلغان، نەپسىنى تىزگىنلىگەن ئىنسانلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان.

ئى باللار! جەننەتتە قېرى مۇمايلار ياش قىزلارغا ئايلىنىپ كىرىدۇ. بوۋايلار يىگىتقا ئايلىنىدۇ. ساقاللار بولمايدۇ.  جەننەتتە هەممە ئادەملەر بىر خىل ياشتا يەنى 33 ياشتا بولىدۇ. هەرگىز قېرىمايدۇ هەم ئۆلمەيدۇ. دائىم ياش ۋە چىرايلىق هالىتىدە بولۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. جەننەتتە بىر بازار بولۇپ، ئۇ يەردە هېچنىمە سېتىلمايدۇ. ئەمما هەرخىل چىرايلىق ئادەملەرنىڭ سۈرىتى بولىدۇ.

شۇ يەرگە قايسى سۈرەت سىزگە ياقسا شۇنى تاللايسىز. سىز شۇ سۈرەتتىكى چىرايلىق ئادەمگە ئايلىنىسىز. شۇنداق قىلىپ جەننەتتە ھەممە ئادەم ئۆزى خالىغانچە چىرايلىق ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ. جەننەتتە بىر دېڭىزدا سۈت، يەنە بىر دېڭىزدا سۈت، يەنە دېڭىزدا ھەسەل، يەنە باشقا دېڭىزدا باشقا ئىچىملىكلەر بولىدۇ. ئەنە ئاشۇ دېڭىزلاردىن، دەريالاردىن توختىماي ئىچىملىكلەر ئاقىدۇ. ئۇ ئۆيىڭىزنىڭ ئاستىدىن ئېقىپ ئۆتىدۇ. ئەمما ھېچكىمگە زىيان سالمايدۇ. ئادەملەر ئۆيىدە تۇرۇپ جەننەتنى تاماشا قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ يەردە يەنە بىر دەريا بار. دەريانىڭ بويىدا چىرايلىق قىزلار بولىدۇ. ئۇ بەكمۇ چىرايلىق ئاۋازلىرى بىلەن ناخشا ئېيتىشىدۇ. ئادەملەر كېلىپ ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايدۇ. ئۇنداق چىرايلىق ئاۋازنى دۇنيادا ھېچكىم ئاڭلىمىغان. ئاشۇ قىزلاردىن قايسىبىرى كىمگە يېقىپ قالسا، ئاللاھ ئۇنى شۇ كىشىگە ھەدىيە قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئاللاھ شۇ زامان باشقىسىنى يارىتىپ قويىدۇ. ئاللاھ ھەر بىر كىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلسۇن دەپ **72** قىز سوۋغا قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىككىسى بۇ دۇنيادىكى قىز - ئاياللاردىن، **70** ى جەننەت ھۆرلىدىن بولىدۇ. جەننەت مۆئمىن ئاياللارمۇ ئۆزلىرى خالىغان كىشىلەر بىلەن بىرگە بولىدۇ. ئۇلارغا ئاللاھ تېخىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنى تەييارلاپ قويغان.

ئى بالىلار! جەننەت بىر دەرەخ بار. ئەگەر سىز ئۇنىڭ ئاستىدا ئات بىلەن **100** يىل چاپسىڭىزمۇ سايىسى تۈگىمەيدۇ. جەننەتتە قاناتلىق ئۇچار ئاتلار بولىدۇ. ئۇنى مىنسىڭىز سىزنى ئۇچۇرۇپ ئوينىتىدۇ. ئەمما يىقىتىۋەتمەيدۇ. ئېلىپ قېچىپ كەتمەيدۇ. قەيەرگە دېسىڭىز "خوپ" دەپ ئېلىپ بېرىپ سىزنى تاماشا قىلدۇرىدۇ. بۇ دۇنيادا كەم ئەمەل قىلغان، جەننەتكە ھەممىدىن كېيىن كىرگەن، ئەڭ ئاز مۇكاپات ئالىدىغان كىشى ھەققىدە سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئادەمگە جەننەت بېرىلىدىغان باغلار، گۈلزارلار، شەھەر ۋە مەملىكەتلەر، ھازىر بىز ياشاۋاتقان دۇنيا بىلەن باراۋەر بولىدۇ. كېيىن ئۇنىڭغا يەنە شۇ دۇنيادىن **10** ھەسسە بېرىلىدۇ. ئەنە قاراڭ؟ جەننەتتىكى ئەڭ ئاز مۇكاپات شۇ بولسا، ئەمدى راسا كۆپ ئەمەل قىلغان ئادەمگە بېرىلىدىغان

مۆكاپاتنى قانداق تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ؟ جەننەتنىڭ شەھەر ۋە كوچىلىرى ساراي ۋە قەسىرلىرى، ھويلا - ئۆيلىرى، ئالتۇن كۆمۈشتىن، ياقۇت ۋە زەرلەردىن، مەرۋايىت ۋە زۇمرەتلەردىن بولىدۇ. يەردە چاڭ – توزان ۋە كىرلەر يوق بولۇپ، يەردە خۇشپۇراق چېچىپ تۇرىدىغان زەفران بولىدۇ. بولدى بەس! جەننەتتە ئىنسانلارغا تەبىئىيتىگە نېمە ياقسا شۇ بار، نېمە ياقمىسا ئۇ دوۋزاخقا يۆتكەپ قويۇلغاندۇر. جەننەتكى ئەڭ چوڭ نېئمەت ۋە مۇكاپات شۇكى، ھەممە مۆئمىنلەر ئاللاھنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. شۇنداقلا يۈزمۇ - يۈز تۇرۇپ سالاملىشىدۇ، پاراڭلىشىدۇ. بۇ ئەڭ ئۇلۇغ بەختتۇر. دېمەك بىز جەننەتتە ئاللاھنى ۋە پەيغەمبىرىمىزنى كۆرىمىز. بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەن بوۋا - مومىلىرىمىزنى ئىنشائاللاھ جەننەتتىن تاپىمىز. ئۇ يەردە ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرگەن ئادەملىرى، دوستلىرى بىلەن بىرگە ياشايدۇ. بىز ياشاۋاتقان دۇنيا قىيامەت كۈنى يوق بولۇپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئاللاھ مۆئمىنلەرنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ. جەننەت بۇ دۇنيادا ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ ئىبادەت قىلغان، پاكىزە ھايات كەچۈرگەن، سەبىرلىك، غەيرەتلىك ۋە جەسۇر مۇسۇلمانلار ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان. مۇسۇلمانلار جەننەت ئەبەدىي راھەتتە ياشايدۇ. ئەمما جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن، ئىنسان بۇ دۇنيادا ھەق يولدا بولۇشى، قىيىنچىلىق ۋە سىناقلارغا چىدايلىق سەۋرى قىلىشى كېرەك.

ئى بالىلار! ياخشىسى ئۆزۈڭلار تېزراق كىتاب ئوقۇيالايدىغان بولۇڭلار. شۇندىلا تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى بىلىۋالىسىلەر. ئەڭ مۇھىمى، سىلەر جەننەتكە كىرىدىغان ياخشى بالىلار ۋە ياخشى قىزلار بولۇڭلار. ئىلىملىك، ئەدەبلىك، ئىبادەتلىك، تەقۋالىق، مېھنەت سۆيەر، سەۋرلىك ۋە قورقماس بولۇپ ئۆسۈڭلار. قورقۇماي ياشاڭلار.

خوش بالىجانلار، سىلەردىن ئەمدى سوئال سورايمىز.

---

1- سوئال: پەيغەمبىرىمىز جەننەتنى قانداق تەرىپلىگەن؟ جەننەت ھازىر قەيەردە؟

2- سوئال: جەننەتتىكە ئەڭ ئاۋال كىملەر كىرىدۇ؟

3- سوئال: جەننەت ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟

4- سوئال: جەننەتكە كىرىش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى  قىلىش كېرەك؟

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە ئۆزبېك رادىئو ئۇزۇلى" خالىسلىق سەرى" (XolislikSari) دىن تاللاپ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلدى....

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئاشقانە بەندىچىلىك سەپىرى

(پاكىستانلىق ئالىم شەمسى نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ! بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

قاقاس چۆللىكنىڭ يالقۇنلۇق باغرىدا ئىنتايىن پاك روھىيەت ساھىپلىرى بولغان ئۈچ كىشى ئاشقانە بەندىچىلىك سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ئۇلار ئەر ـ ئايال ۋە سەبى بالىدىن ئىبارەت بىر ئائىلە كىشىلىرى بولۇپ، مەككىنى تاشلاپ مەدىنە تەرەپكە كېتىپ باراتتى. ھالبۇكى مەككە ئۇلارنىڭ جان، دىلىدىنمۇ ئەزىز ئانا ۋەتىنى ئىدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنسانغا نىسبەتەن ۋەتەن تۇرماق، ھەتتا ئۆز ئۆيىنىڭ تام ـ تورۇسلىرىمۇ، مەھەللىسىنىڭ بولۇڭ ـ پۇچقاق كوچىلىرىمۇ ئاجايىپ سۆيۈملۈك، قىممەتلىك نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ. ھۈنەر، كەسىپ ـ تىجارەتلىرىمۇ ئىنسان قەلبىنى ۋەتەن بىلەن بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ھەرخىل ئالاقە، دوس ـ بۇرادەرچىلىك ئۈچۈنمۇ ئىنسان ئالاھىدە كۆڭۈل بولۇپ، قەلب تۆرىدىن ئورۇن بەرمەي قالمايدۇ. ئەمما بۇ ئۈچەيلەن ئەشۇ ئايرىلغىلى بولمايدىغان ئەزىز نەرسىلەرنىڭ ھەممىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا بىر جايغا يۆتكەلمەكتە ئىدى. كۆز ئالدىدا قاقاس چۆللۈك، چۆللۈكنىڭ ئۇ قېتىدا بولسا، ئۇلار يېڭى دۇنياسىنى قۇرۇپ چىقماقچى بولىۋاتقان، يېڭى ھاياتقا شۇيەردىن باشلاپ قەدەم قويۇپ، ناۋادا قەدەم قويالمىسا، پۈتۈنلەي تۈگۈشۈپ كەتمەكچى بولىۋاتقان "مەدىنە" ئىسىملىك ياتلا بىر شەھەر ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەنزىلى ئىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، بۇ سەپەرگە ھېچكىممۇ ئۇلارنى مەجبۇرلىمىغان ئىدى. ياكى ئۇلارنىڭ ياخشىراق جاھاندارچىلىق قىلىشتىن بىرەر تەمەسىمۇ يوق ئىدى ۋەياكى ئۇلار ئەقلىدىن ئازغان ساراڭمۇ ئەمەس ئىدى.

ئەمسە، ئۇلار زادى كىملەر؟ نېمە ئۈچۈن كۆچۈپ يۈرمەكچى؟

تارىخ بىزگە توختىماي ۋاقىراپ "ئۇلار ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بەندىلىرى بولغان سەلىمە، ئۇممى سەلىمە ۋە ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى! ئۇلار خۇدا بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا تۇسالغۇ بولىۋاتقان راھەت ـ پاراغەتلىك ئەزىز نەرسىلىرىنىڭ ھەممىنى چۆرۈپ تاشلاپ، ئاللاھقا سازاۋەر بولۇش ئىشتىياقىدا، ئاشىقانە بەندىچىلىك سەپىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەڭ گۈزەل ئارمانلىرىغا قارشى كۆرەش قىلمىسا بولمايدىغان، ئۆز قولى بىلەن ئۆز قەلبىگە تىغ ئۇرمىسا بولمايدىغان ھىجرەتتىن ئىبارەت ئەڭ كاتتا جىھادنى داۋاملاشتۇرىۋاتاتتى" دېگىنىچە، مەنىلىك دوق قىلغان ھالدا جاۋاپ بېرىدۇ.

دەرھەقىقەت، بۇ شۇنداق سەپەركى، ئۇنىڭغا تۇنجى قەدەمنى باسقان ئىنسان "مۇقىم ماكانىم" دەپ چۈشەنگەن بۇ رەڭدار دۇنيانىڭ ھېچ باقاسى بولمىغان پانى نەرسە ئىكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ ئەسلىدە، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن كېلىپ، يەنە ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا كېتىۋاتقان يولچى، مۇساپىر ئىكەنلىكىنى چۇڭقۇر تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇلارغا ئەسلىدە، مەككىنىڭ ئەڭ راسچىل ئادىمى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق تەلىم بەرگەن ئىدى. ئۇلار ئۆزىمۇ كىچىكىدىن تونۇيدىغان، ئىنسانلارنىڭ ئىچىدا شۇنچە راسچىل، پۈتۈن ھاياتىدا بىر قېتىممۇ يالغان سۆزلەپ باقمىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەمدىلىكتە ئاللاھقا مۇناسىۋەتلىك ئىشقا كەلگەندە يالغان سۆزلەپ قىلىشىغا قەتئىي ئىشەنمەيتى. شۇڭا ئۇلار بۇ تەلىماتقا جان ـ دىلى بىلەن تولۇق ئىمان كەلتۈرگەن ئىدى. مانا بۇ ئىشەنچ ئۇلارنى ئۆز ئۆيىدىمۇ ۋە ئانا ۋەتىنىدىمۇ تىپىرلاپ تۇرالمايدىغان، ئۆزىنى "مۇقىم" دەپ ھېس قىلالمايدىغان يەرگە ئەكىلىپ قويغان ئىدى. چۈنكى ھەممە ئەتراپىنى كۈيىر بىلەن شېرىكچىلىك قورشاپ، ئۇلارغا ئالايغان ھالدا: "ناۋادا ئەشۇ ئىشەنچتىن ۋاز كېچىپ،

سىلەرمۇ بىزگە ئوخشاش دۇنيانى "ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مۇقىم ماكانىمىز" دەپ ئېتىراپ قىلساڭلار، ئاندىن بىز سىلەرگە ھېچ نەرسە دېمەيمىز. ھۆكۈمرانلىقىمىزدىن ئىبارەت مەنۋىي ئىلاھلار ئالدىدا شۇنداقلا بىز ئۆز قولىمىز بىلەن ئويۇپ چىققان ساناقسىز تاش ئىلاھلار ئالدىدا بىزگە ئوخشاش باش ئەگسەڭلار، بۇ ۋەتەن ھەم سىلەرنىڭ ھەم بىزنىڭ ۋەتىنىمىز بولغان بولىدۇ. ئاندىن سىلەر ئايال، بالا ـ چاقىلىرىڭلار بىلەن بېخىرامان تۇرمۇش كەچۈرەلەيسىلەر، تىجارىتىڭلارمۇ ئۆزەڭلارغا مەنسۇپ، بىزمۇ سىلەرگە مەنسۇپ بولغان بولىمىز. ناۋادا بۇنىڭغا ئۇنىمايدىكەنسىلەر، ئۇچاغدا ھېچ نەرسىنى سىلەرگە مەنسۇپ بولۇشقا يول قويمايمىز" دېمەكتە ئىدى.

دېمەك، دۇنياپەرەسلىك ۋە ئاللاھ سۆيەرلىكتىن ئىبارەت بۇ ئىككى خىل كۆز قاراش بىر ـ بىرى بىلەن قاتتىق تىركىشمەكتە ئىدى. ئاربىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئاللاھ سۆيەرلىكنىڭ ئىمان قۇربانگاھىدا پۈتۈن دۇنياسىغا ئىككىلەنمەي پەشۋا تېپىۋاتقان ئاجايىپ ئوبرازىنى دۇنياپەرەسلىك ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى. ئۇ ئۇچەيلەن دۇنيادىن دەرھال پىشىنى قېقىپ، ھېچ ئىككىلەنمەستىن، ئاللاھ تەرەپكە يول ئالغان ئىدى. بۇنچە چۇڭقۇر قەتئىي ئىشەنچنى كۆرۈپ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كېتىۋاتقان كۇپىرلىق ئۇلارنى نەدىمۇ مۇنداقلا كەتكىلى قويسۇن دەيسىز؟

تاغۇتنىڭ ئاللاھغا، كۇپىرلىقنىڭ ئىمانغا بولغان ئۆچمەنلىكى دەرھال ھەركەتكە كېلىپ، ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كاپىر قەبىلىسى بەنى ئەبدۇ ئەسەد بىلەن، ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ كاپىر قەبىلىسى بەنى مۇغىيرە، ئىككى تەرەپتىن تەڭلا ئۇلارنى قوغلاپ چىقتى. ھەمدە ۋەھشىلەرچە باستۇرۇپ كېلىپ، بىر تەرەپتە بەنى مۇغىيرە قەبىلىسى ئۆز قەبىلىسىگە تەۋە ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى مەجبۇر سۆرەشكە باشلىسا، بەنە بىر تەرەپتە بەنى ئابدۇ ئەسەد قەبىلىسى ئانىنىڭ قۇچىغىدىكى سەبى بالىنى تارتىپ ئېلىپ "سىلەر ئۆز

قەبىلەڭلارغا تېگىشلىك ئايالىنىلا ئېلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، ئەمما ئوغۇل بىزنىڭ قەبىلىمىزگە تەۋە. شۇڭا بىز ئوغۇلنى ئېلىپ كېتىمىز" دەۋاتاتتى. دادا بۇ ئېغىر مۇسىبەتتىكى چارىسىزلىق دەستىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قېتىپلا قالغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى قەبىلە ئوتتۇرىسىدا بالىنى يىرتقۇچلارچە تالىشىپ ـ تارتىشىش باشلىنىپ كەتتى. ئاتا ـ ئانىنىڭ نالە ـ پەرياتلىق سادالىرى ھېچ بىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتى. ھەتتا تارتىشىش جەرياندا گۆدەك سەلىمەنىڭ بىلىكىمۇ ئورنىدىن چىقىپ كەتتى. ئەمما يەنىلا ياۋۇزلارنىڭ قەلبى زەررىچە تىترەي دېمەيتى. ئاغرىققا چىدىماي ۋاقىراپ يىغلاپ، ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىۋاتقان يۈرەك پارىسىنى كۆرگەن ئاتا ـ ئانانىڭ شۇنچە زورۇقۇشلىرى ۋە نالە قىلىپ تۆككەن ياشلىرى يەنىلا نەتىجىسىز قىلىۋەردى. ئاخىرى بەنى ئەبدۇ ئەسەد قەبىلىسى ئاتا ـ ئانىسىغا تەلمۈرۈپ، قاتتىق ئىسەدەپ يىغلاۋاتقان بالىنى يۇلۇپ ئېلىپ يولغا يۈرۈپ كەتتى. بەنى مۇغىرە قەبىلىسى بولسا، زارلىنىپ ھالىدىن كەتكەن ئانىنى باشقا بىر تەرەپكە سۆرىگەنچە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئانىنىڭ قەدىردان يولدىشى ۋە بالىنىڭ شەپقەتلىك دادىسى بولغان ئەبۇ سەلىمە رىزىيەللاھۇ ئەنھۇ يۈز كۆزلىرى بىلەن قوشۇپ، پۈتۈن قەلب، روھى قانغا بويالغان ھالدا قاقاس چاللۇكتە يالغۇز قالدى. گەرچە ئۇ پۈتۈن ئەس ـ ھوشىنى يوقۇتۇپ قويغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا "مەن ئاللاھنىڭ بەندىسى" دېگەننى ھەرگىز ئەستىن چىقىرىپ قويمىدى. ئۇ سۆرىلىگەنچە ئېلىپ كېتىلىۋاتقان سۆيۈملۈك رەپىقىسى بىلەن چىقىراپ يىغلاۋاتقان ئۇماق بالىسىنىڭ ئارقىدىن قاتتىق ئۆكۈنۈش ئىچىدە بىر ھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن يەنىلا ئىشلارنىڭ ئاقىۋېتىنى ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىپ، كۆز ياشلىرىنى سۈرتكىنىچە مەدىنىگە قاراپ يولىنى داۋاملاشتۇردى. ئاللاھنىڭ ھەقىقىي بەندىسى ئاللاھ تەرەپكە يول ئالغان ئىدى. چۈنكى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەر بىر سۆزى ھەق ئىكەنلىكىگە تولۇق ئىشەنەتتى. بۇ ئازاپلىق مۇسىبەتلەرنىڭ پەقەتلا بىر سىناق ئىكەنلىكىگە، نەتىجىنىڭ چوقۇم ئىزىلگۈچىلەرنىڭ غەلىبىسى ۋە زالىملارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن تاماملىنىدىغانلىقىغا،

باتىلىنىڭ ھالاكىتى بىلەن ھەققانىيەتنىڭ نۇسرىتى مۇتلەق ئىكەنلىكىگە، ئاللاھنىڭ ھەر بىر قارارىدا زۇلمەت ئەمەس ھېكمەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تولۇق ئىشەنگەن ئىدى.

ئىنىقكى، ئاللاھقا نىسبەتەن مانا شۇنداق مۇستەھكەم ئىشەنچ بولغاندىلا ئىنسان ھەرقانداق ئەھۋالدا ئۆزىنى غالىپ ھېس قىلالايدىغان، ئازابتىن قەلبلىرى لەختە ـ لەختە بولۇپ كەتسىمۇ، ئەمما قەتئىي ئۈمىدسىزلىنىپ قالمايدىغان، ھەرقانچە ئاچچىق ئەمەلىيەتلەر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندىمۇ، ئاللاھنى ئۆزىگە تايانچ قىلىش ئارقىلىق ئاچچىق ئەلەملەرنى ئىچىگە يۇتۇپ كېتەلەيدىغان، ئاللاھقىلا يۈلىنىشتىن ئىبارەت بىردىن ـ بىر قەلب تايانچىسى ھەرقانداق پالاكەتلىك ئەھۋالدىمۇ قىلچە تەۋرىنىپ قالمايدىغان، بەلكى ئازاپقا يولۇققانسىرى تېخىمۇ مەستەھكەملىنىپ كېتىۋېرىدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئەمما قەلبى بۇنداق تايانچتىن مەھرۇم ھەممە نەرسىنى ماددى سەۋەپ، ۋاستىلەرگىلا باغلاپ چۈشىنىدىغان بىز بىتەلەيلەرنىڭ نەقەدەر بەختسىزلىكىگە قارىمامدىغان؟! چۈنكى بىز ئۇ خىل تايانچتىن مەھرۇم پېتى ياشاۋېرىشنى خالايمىز ۋە خالاۋاتىمىز ھەتتا ئۇنىڭدىن مەھرۇم پېتى ئۆلۈشكىمۇ رازىمىز.

لېكىن ئۇ ئۇچەيلەن ئاللاھقا يۈلىنىشتىن ئىبارەت دەل ئەنە شۇ تايانچىنىلا ئۆزى ئۈچۈن يېتەرلىك دەپ بىلگەن بولغاچقا، ئاقىۋەت ئۇنىڭ ھەقىقەتەن يېتەرلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. گەرچە ئۇلارنىڭ ئائىلە كىمىسى سىناق دېڭىزىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدا پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئاردىن بىر يىل ئۆتمەيلا ئۇلارنىڭ تەنھا تايانچى بولغان مېھرىبان پەرەۋەردىگارى كېمىنى ساق ـ سالامەت ساھىلغا يەتكۈزۈپ بەردى.

دېمەك، ئىنسانىنىڭ كۈتۈپ تۇرالىشىنى، سەبىر قىلالىشىنى، ھەرگىزمۇ كاپىرلارغا ئوخشاش يەكۈنگە يۈگرەك، ئالدىراڭغۇلاردىن بولماسلىقىنى شەرت قىلغان ھەقىقەت ئاخىرى مەيدانغا

چىقتى. بۇ بىر يىلغا سوزۇلغان قاتتىق سىناق جەريانىدا ئۇممى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئەبۇ سەلىمە رىزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ قارارىنى كۈتۈپ سەبىر قىلالىدى. ئەر ـ ئايال ھەر ئىككەيلەن بۇ ئېغىر كۈنلەرگە ھەرگىز باش ئېگىپ قالمىدى. ئەبۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدە ئۆز ئايالىنىڭ ۋە ئوماق يۈرەك پارىسىنىڭ ھىجران ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بولسا، ئۇممى سىلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ ساق بىر يىلغا قەدەر چۆللۈكلەرنى كۆز يېشى بىلەن نەملەپ ۋىسال پەيتلىرىنى كۈتۈپ تۇرالىدى. كۈيىر ۋە شېرىكچىلىكنىڭ قوينىدا قولغا كېلىدىغان ھەربىر راھەت ـ پاراغەتنى خۇددى ئۆز روھىغا سانچىلىدىغان زەھەرلىك نەشتەردەك بىلەلىدى. ھەر دائىم ئوماق بالىسىنىڭ شوخ كۈلكىلىرىنى ئەسلەپ، يۈرىگى پۇچىلانغان چاغلاردا چۆللۈككە بېرىپ، ئاسمانغا تىكىلگىنىچە ئاللاھنىڭ ئالدىدا كۆز يېشى قىلىش بىلەنلا ئۆزىگە راھەت تاپالىدى. داتلاش ئورنىغا تەشەككۈر، قايغۇرۇش ئورنىغا تەسبىھ، نالە قىلىش ئورنىغا تىلاۋەت بىلەن قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزالىدى. يىغلىماقچى بولسا، پەقەت ئاللاھقىلا يىلىنىپ يىغلىدى. كۈيپارلارنىڭ ئىچ ئاغرىتىشىنى ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھنىڭ رەھىم ـ شەپقىتىنىلا ئۈمۈت قىلىش بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى تاپالىدى.

ئانا، دادا، بالا، ھەر ئۈچەيلەن تىنىمسىز ياش تۆكىۋاتقان، ئوخشاشلا ھىجراننىڭ دەردىنى تارتىۋاتقان، ئەمما قەلبلىرى شۇنچە خاتىرجەم شۇنچە بىخىرامان، كۈيپارلارغا غەزەپلىك بېقىپ: "سىلەر بىزنى ھەممە نەرسىمىزدىن ئايرىۋەتكەن بولساڭلارمۇ، قەلب تەسكىنىمىز بىلەن قەلبىمىزدىكى ئىمانىمىزدىن ئايرىيالمىدىڭلار" دەپ مەغرۇر خىتاب قىلىۋاتقان، پۈتۈن دۇنيانى نارازى قىلغان تەقدىردىمۇ، ئاللاھنى رازى قىلالايدىغانلىقى بىلەنلا پەخىرلىنىۋاتقان... ئەشۇنداق گۈزەل، شىرىن ئازاپلار قوينىدا ئاخىرى ئازاپلىق بىر يىلمۇ تامام بولدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە پۈتۈن غەم ـ ئەندىشە، مۇسىبەتلەرمۇ ئۇلارنىڭ بېشىدىن بىراقلا كۆتىرىلىپ كەتتى. چۈنكى دۇنيا پانى بولغاچقا ئۇنىڭ غەم ـ قايغۇلىرىمۇ مەڭگۈلۈك ئەمەس ئىدى. مۇسىبەت گەرچە ھەرقانچە

ئىغىر بولسىمۇ، ئەمما دائىم شۇ پىتى كىتىۋېرەلمەيتتى.

زۇلۇم بىلەنمۇ غەلىبە قىلالمىغان كۈيىرلىق ئاخىرى ئۆمىنى سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تەخداشسىز سەۋىرچانلىقى ئالدىدا تەسلىم بولۇپ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن قويۇپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان بەنى ئەبدۇ ئەسەد قەبىلىسىمۇ بالىنى ئەكىلىپ ئانىسىنىڭ قوچىقىغا سىلىپ بەردى.

ئۇلارنىڭ ئاللاھغا بولغان شۇنداق قەتئىي ئىشەنچىسىنىڭ سەمەرىسى سۈپىتىدە، ھەل قىلغۇچ قارارنى پەقەت ئۆزىلا چىقىرىدىغان، بەندىلەرنىڭ قەلبى ئىككى بارمىقى ئارىسىدىلا بولغان، قەلبلەرنى ئۆزى خالىغان تەرەپكە بۇرايدىغان ۋە بۇراۋاتقان ئەشۇ قۇدرەتلىك ئاللاھ تاشتەك قاتمال يۈرەكلەرنى ئېرىتىپ، ئۇلارنى ياۋۇزلارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقتى. قاتتىق ئېچىنىشلىق ھالدا بىر ـ بىرىدىن جۇدا بولغان بۇ ئائىلىنى يەنە بىر يەرگە جەم قىلدى.

شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى يەنىلا ياش تۆكۈشتىن توختىمىغان ئىدى. لېكىن بۇ ۋىسال شاتلىقىنىڭ تەشەككۇرانە كۆز يېشى بولۇپ، ئۇلار ياشلىق كۆزلىرىنى كۆككە تىككىنىچە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن پەرۋەردىگارىغا تەشەككۇر بىلدۈرىۋاتاتتى.

"ئى مىربان پەرۋەردىگارىمىز! ساڭا مىڭ مەرتىۋە شۈكرى! مىڭ مەرتىۋە شۈكرى! بۇ ئېغىر سىناقلارغا بىزنى ئۆزەڭ باشلىغان ئىدىڭ، ئۇنىڭغا بەرداشلىق بىرىشىمىز ئۈچۈن جىدامچانلىقنىمۇ يەنە ئۆزەڭ ئاتا قىلدىڭ، مانا ئاخىرى بۇ سىناقتىنمۇ يەنە ئۆزەڭ غەلىبە قىلدۇردۇڭ! ئەمدى بىشىمىزدىكى ئېغىر مۇسىبەتلەر تۈگىدى. ئەمما سىنىڭ ئىنئامىڭ مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ. مەڭگۇ تۈگىمەيدۇ!" دەپ سادا ياڭرىتىۋاتاتتى.

قېنى بىز شۇنچە قاتتىق قورقۇنۇشلۇق سىناقلاردىمۇ قەتئىي تەۋرىنىپ قالمىغان ئەشۇ ئەجداتلىرىمىز، ئەشۇ ئۆز قېرىنداشلىرىمىز ياراتقان ئىبسىل كىشىلىك ئۈلگىلىرىگە قاراپ باقمايلىمۇ؟!

ئۇلار سەبىر ھەم چىدامچانلىقنىڭ ئەشۇنداق تىنك قىيالىرىنىمۇ خۇشاللىق بىلەن كىسىپ

ئۆتەلـگەن، ھـجرانـنـىڭ ئـاتەش، يـالقۇنـلـرىـنـىمۇ پـەقـەت ئـاللاھ رىزا ئۇچۇنلا قـىزىـل گـۈل بـىلـىپ باغرىغا باسالـغان، ياخشـلـىـق ھەم يامانـلـىقـنـىڭ ھەمـمـىنى قازا ۋە قەدەردىـنلا كۆرەلـگەن. ئـەمـما بـىزچۇ؟ بـىز ئۇنداق سىـناقلارغا يولۇقۇش شەرىـپـىـنـىڭ ئـەمـەس، ھەتـتا خـاتـىرجەم، باياشاتـلـىقـنـىڭ شۈكرانـىسـىـنـىمۇ جايىدا ئورۇندىيالماي يۈرمەكـتـىـمىز. ئۇتۇق، ئامەتلەرنـىڭ ھەمـمـىنى ئەقلـىـمىزدىـن كۆرۈپ، مەغلۇبـىـيەتـنـىڭ ھەمـمـىنى شۇم پـىشايـىـنـىـمىزغا دۆڭگـىـمەكـتـىـمىز. ئەتراپـىـمىزدىكى تاسادىپى مەغلۇبـىـيەتكە ئۇچرىغان قېرىنداشلـرىـمىزغا "ئەقـىـلـسىز، ھاماقەتلەر" دەپ باھا بېرىـپ، ئۆزىـمىزنـىڭ قانچـلـىك دەناـلـىقـىـمىزنى بازار سېلـىـپ يۈرمەكـتـىـمىز. ئەگەر ئەشۇ ئەجداتلـرىـمىزنى ھەقـىـقـىي مۆئـمـىـن دەيدىـكەنـمىز، ئۇنداقتا ئۆزىـمىزگە نـىمە دەيـمىز؟!

بۇ سۇئالـنى ساھابـىلەر بـىلەن بـىزنـىڭ ئارىـمىزدا شەكـىلـلەنگەن نۆۋەتـتـىكى شۇنچە پەرىقلـىق تەپەككۇر مىزانـىـمىزدىـن سورايلى! ئۆز قەلبـىـمىزدىـن سورايلى! ۋىجدانـىـمىزدىـن سورايلى! ئۇنداق ئـىمان مەشئـىلـىنى ئەمەس، بەلكى ئۇنـىڭ زەررىچە ئۇچقۇنـىنى بولسىمۇ زۇلمەت باسقان قوتۇر قەلبـىـمىزنـىڭ بـىرەر بۇلـڭـىدىـن ئۇچرىتالامدۇق، يوق؟ بۇنـىڭغا ئـىـنچـىكـىرەك قارايلى!

شۇنداق... قارايلى، قېرىنداشلار قارايلى!

ھازىر بـىز ھەممە دە ـ تالاشنى قويۇپ، ئالدى بـىلەن ئۆزىـمىزنـىڭ مۇسۇلمان ياكى ئەمەسلـىكـىـمىزگە قارايلى!

مىر كامىلجان تەرجىـمـىسى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئۈچمەس قوياش (بىرىنچى قىسىم)

(پاكىستانلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

باغداتتا ئالەمشۇمۇل ھۆرمەتكە سازاۋەر، پەۋقۇلئاددە كاتتا بىر ئىنسان دۇنيادىن ۋىدالىشىپ، مەڭگۈگە كۆز يۇمغان ئىدى. گەرچە ئىلگىرى ئۇ كۇفەنىڭ ئادەتتىكى بىر سودىگىرى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئىلىم ۋە ئەمەل جەھەتتە ئۇ ياراتقان ئۇلۇغۋار تۆھپىلەرنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭ جىنازىسى ئالدىدا دۇنيانىڭ ھەر كاتتا ئىمام، تاجدار سۇلتانلىرىنىڭمۇ چوڭقۇر ھۆرمەت، ئىخلاس، بىلەن قايغۇرۇپ باشلىرىنى تۆۋەن سالغان ھالدا، قول باغلاپ سۈكۈتتە تۇرغانلىقىنى بارچە ئالەم كۆرۈپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇ ئىلىم ۋە ئەمەل ساماسىدا تەڭداشسىز قوياش كەبى شۇۋقەدەر شانلىق چاقنىغان ئىدىكى، ئۇنىڭ ياراتقان ئىلمىي سەلتەنىتى ئاباسىيە خەلىپىلىكىنىڭ پۈتۈن تېررىتورىيەسىدىنمۇ ھالقىپ كەتكەن ئىدى. ئىلگىرى رەخ دۇككىنى ئاچقانلىرىدا، خېرىدارلار ئەتراپتىكى يىرا ـ قىشلاقلاردىنلا كەلگەن بولسا، كېيىن ئىلمىي جەۋھىرىنى ئەتراپقا يايغاندا، مەككە، مەدىنە، دەمەشق، بەسرە، رەملە، مىسىر، يەمەن، يەمامە، بەھرەين، باغدات، ئەھۋاز، ئەسفەھان، ئەستەر ئاباد، ھەمدان، نەھادەند، رىقومس، تەبرىستان، جەرجان، نىيشاپور، سەرخەس، بۇخارا، سەمەرقەند، ھىرات، تەرمىز، خۇۋارىزىم، سىيىستان، مەدائىن، موۋسىل، ۋە ھەمەس، دېگەنلەرگە ئوخشاش دۇنيانىڭ سانسىزلىغان مەشھۇر ئىلىم مەركەزلىرىدىكى ئاتاقلىق ئۆلىمالارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ خېرىدارىغا ئايلىنىپ، پۈتۈن دىققىتىنى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە مەركەزلەشتۈرگەن ھالدا، ئالدىدا ئەدەپ بىلەن قول باغلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۇ ھەقىقەتەن ئەنە شۇنداق ئالەمشۇمۇل كاتتا ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆرمىتى قانچە يۈكسەك بولغان بولسا، مۇخالىپەتچىلىكمۇ يەنە شۇنچە كۈچلۈك بولدى. ئەمما ئۇنىڭ

دوستلىرىلا ئەمەس، ھەتتا رەقىپلىرىمۇ ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق ئۇلۇغ ئىنسان ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت مۇشۇ بىر نۇقتىنى ئورتاق ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتى. ئۇ قانداقلا جايدىن ئۆتسە، خەلقى ئالەمنىڭ ھەممىسى پەرۋانىلارچە ئەتراپىغا توپلۇشۇپ، قەلب، كۆزلىرىنى ئۇنىڭ يولىغا پىيانداز قىلاتتى. ئۇنىڭ ئىلمىي سورۇنلىرىغا دەۋرنىڭ ئەڭ سەزگۈر قەلب ساھىپلىرى بىلەن ئەڭ ئۆتكۈر پىكىر ساھىپلىرىنىڭ ھەممىسى قولنى قولغا تۇتقان، مۈرىنى مۈرىگە تىرىگەن ھالدا توپ ـ توپ بولۇپ، شۇ قەدەر بەس ـ بەستە كېلىشەتتىكى، ھەتتا مەيداندا پۈت تىققۇدەكمۇ يەر قالمايتى. ئۇ دۇنيادىن ۋىدالىشىپ ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلانغاندا بولسا، گويا ئىنسانىيەت دېڭىزىدىن كەلكۈن كۆتىرىلىپ كەتكەندەكلا ئەھۋال يۈز بەردى. بىر دەم ئىچىدىلا باغدات شەھىرى ئادەم دېڭىزىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن مەڭگۈگە ۋىدالىشىش ئۈچۈن دۇنيانىڭ تۆتلى ئەتراپىدىن كەلگەن كىشىلەرنىڭ بىرىنچى قېتىملىق جىنازە نامىزىغا توپلاشقان سانى ئەللىك مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. بىر قېتىم جىنازە نامىزى تۈگەپ بولغىچە ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ ساندىكى كىشىلەر يەنە بەس ـ بەستە سەپ تۈزۈپ، ئىككىنچى قېتىملىق جىنازە نامىزىنى ئوقۇيتى. شۇنداق قىلىپ، بىر كۈن ئىچىدە بىر جىنازە ئۈچۈن جەمئىي ئالتە قېتىم ناماز ئوقۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا كېلىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتى. ھەتتا ئۇ يەرلىككە قويۇلۇپ بولۇپمۇ، باغداتقا سەلدەك ئېقىپ كېلىۋاتقان ئەقىدەتمەنلىرى تەرىپىدىن ساق يىگىرمە كۈنگە قەدەر ئەشۇنداق ئارقا ـ ئارقىدىن جىنازە نامىزى ئوقۇلۇپ تۇردى. بۇ كاتتا ئىنسان ئۆز ۋەسىيىتىگە بىنائەن خېيزاننىڭ قەبرىستانلىقىغا قويۇلدى. چۈنكى ئۇ زۇلۇم ۋە ئىستىبداتلىقنىڭ سىياسىي قارا قولىرى تېگىپلا قالغان ھەرقانداق بىر زېمىنغا ئۆز جەسىتىنىڭ دەپنە قىلىنىشىنىمۇ خالىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشىچە خېيزان باشقىلار تەرىپىدىن ناھەق ئىگەللىۋېلىنمىغان پاك زېمىن ئىدى.

ھجرىيە **150** ـ يىلىنىڭ بىر ئاخشامى ئىلىم، ئەخلاق، دىيانەتنىڭ بۇ پارلاق قوياشى تۇپراق ئاستىغا كىرىپ كەتتى، ئەمما ئۇنىڭ قالدۇرغان ئۆچمەس نۇرلىرى مانا ھازىرمۇ شەرىق،

شىمال، غەرب، جەنۇب، ھەممە ئەتراپنى ئوخشاشلا يورۇتۇپ تۇرماقتا.

ئەينى چاغدا ئۇنىڭ مىيىتىنى غۇسلى قىلدۇرىۋاتقان دەۋر ئىماملىرىنىڭ ھەممىسى قاتتىق قايغۇرغان ھالدا قەلب ناۋالىرىنى ياڭرىتىپ: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، سىلى ھەممىدىن كاتتا فەقىھ، ھەممىدىن كاتتا ئابىد ۋە ھەممىدىن كاتتا زاھىد ئىدىلە! پۈتۈن ئىسىل سۈپەتلەرنىڭ ھەممىسى سىلىگە مۇجەسسەملەشكەن ئىدى. سىلى ئىلىم دۇنياسىدا شۇ قەدەر يۈكسەك مەقام ياراتتىلىكى، پۈتۈن ئىزباسارلىرىنىڭ ھەممىسى سىلىدەك ئۇنچە يۈكسەكلىكنى ھاسىل قىلالىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىگە قاتتىق مەيۇسلەنگەن ھالدا نەزەر سالماي تۇرالمايدۇ" دەپ توۋلىغان ئىدى. بۇ ئىشقا مىڭ نەچچە يۈز يىلمۇ بوپ قالغان مانا بۈگۈنكى كۈندىمۇ دۇنيانىڭ تۆتلى ئەتراپىدىكى مىليونلىغانچە مۇسۇلمانلار قەلبىدىن: "ئى ئىمامىمىز! ئى ئىمامى ئەزەم ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ! تۇپراقلىرىنىڭ ھەر بىر زەررىسىگە ئاللاھنىڭ رەھمەت نۇرلىرى توختىماي ياغسۇن، چۈنكى سىلى بىزگە دىنىي ئىلىم دېگەننىڭ نېمىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ قىممىتىنى قانداق ئادا قىلىش لازىملىقىنى ھەقىقىي مەنىدىن ئۆگەتتىلە!" دېگەن يەنە ئەشۇ مۇخلۇق ناۋا توختىماي ياڭراپ كەلمەكتە.

ئەسلىدە ئۇ كۇفەدىكى "نوئمان" ئىسىملىك ئادەتتىكى بىر سودىگەر يىگىت ئىدى. بىر قېتىم كۇفەنىڭ ئەڭ كاتتا ئىمامى شەئبىي رەھىمەھۇللاھى ئەلەيھى ئۇنىڭ پىشايىنىسىدا پارلاۋاتقان ئىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ نۇرىنى بايقىغان چاغدا، ئۇنىڭدىن كىمنىڭ يېنىغا بېرىپ دەرس ئالىدىغانلىقىنى سورىدى. ئۇ قاتتىق مەيۇسلىنىپ، ھېچ كىشىنىڭ يېنىغا بارمايدىغانلىقىنى، پەقەت تىجارەت بىلەنلا شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئىمام شەئبى رەھىمەھۇللاھ ئۇنىڭ چىرايىغا چوڭقۇر بىر نەزەر تاشلىغاندىن كېيىن: "مەن سەندە ئالاھىدە بىر ئىقتىدارنى بايقىغاندەك قىلىۋاتىمەن، ياخشىسى ئۆلىمالارنىڭ سۆھبىتىگە كۆپرەك قاتنىشىپ تۇرغىن" دەپ نەسىھەت قىلدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ دىنى بىلىم ئىگەللەشنى باشلىغان ئىمامى ئەزەمنىڭ قەلبىدە ئىلمىي ئىقتىدارنىڭ نۇرلىرى چاقنىشى بىلەن تەڭلا ئىلىمگە ۋە ئىلىم ئەھلىگە بولغان ھۆرمىتى شۇ قەدەر ۋايىغا يەتتىكى، ھەتتا ئۇستازى ھەممىاد رەھىمەھۇللاھنىڭ پۈتۈن ھاياتلىقىدا بىرەر قېتىم ئۆز ئالدىغا ئىلمىي سورۇن ئۇيۇشتۇرۇشىنىمۇ ئۇستازىغا قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ بىلىپ، پەقەت تالىبلىق سالاھىيىتى بىلەنلا كۈن ئۆتكەزدى. ئۇستازىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ مەرھۇم ئۇستازىنىڭ ئوغلى بىلەن ئىككىنچى ئۇستازىنىڭ ئالدىدا ئەدەپ بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇشنى قەتئىي تاشلىمىدى. ئاخىرى ئىزباسار ئۇستازلار ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن بىردەك ئىتتىپاققا كېلىپ، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنى مەرھۇم ئۇستازىنىڭ مۇنبىرىگە ئولتۇرغۇزغان چاغدىلا ئاندىن ئىلىم ۋە پەزىلەتنىڭ بۇ خازاڭ بولماس باھارى ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز ئىلمى سەمەرىسىنى مەيدانغا چىقىرىشقا باشلىدى. دەل شۇ پەيتلەردە ئۇ چۈشىدە ئۆزىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىنى كولاۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ بۇ چۈشنى ئۆزىنىڭ ئىلمىي

ئىقتىدارسىزلىقىنىڭ بەلگىسى دەپ تونۇپ، ۋەھىمە ئىچىدە كۈن ئۆتكىزىدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما كېيىنچە ئاتاقلىق چۈش مۇتەخەسسىسلىرى چۈشكە تەبىر بېرىپ "سەن دىنىي ئىلىم دۇنياسىغا يېڭىدىن ھاياتى كۈچ قوشىدىكەنسەن" دېگەن چاغدىلا ئاندىن ئۇنىڭ خاتىرجەملىكى ئەسلىگە كەلدى ۋە بۇ تەبىرنى رېئاللىققا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىم ۋە ئەمەلگە بېرىلىپ كەتتى. تارىخ گۇۋاھكى، بۇ تەبىر ئاخىرى ھەقىقەتكە ئايلىنىپ ئىلىم دۇنياسىدا ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھنىڭ ئىسمى ھەتتا ھەرقانچە شىددەتلىك بوران چاپقۇنلاردىمۇ مەڭگۈ ئۆچمەس مەشئەلگە ئايلىنىپ قالدى.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنساننىڭ شۇنچە كاتتا مەقامغا ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ يەنىلا كاتتىلىقىنى ھېس قىلماسلىقى ۋە چوڭلارنىڭ ئالدىدا دائىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئەدەپلىك

تۇرىشى گەرچە قارىماققا بەك ئاددى ئىشتەك تۇيۇلسىمۇ، ئەمما ھەرگىزمۇ ئاددى چاغلىغىلى بولمايدىغان يۈكسەكلىك بولۇپ ھېساپلىنىدۇ، ئەلۋەتتە.

ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ شاگىرتلىرىنىڭ ئۆزىنى قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشىنى قەتئىي مەنئىي قىلاتتى. مۇستەقىل پىكىر ھەم ئىجتىھاد قىلىشىنى، ئۆزىگە دەلىللىك ھالدا تەنقىد بېرىشنى تەۋسىيە قىلاتتى. ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆلىمالارنىڭ ئىززىتىنى قىلىش ئەڭ كۆڭۈللۈك مەشغۇلات ئىدى. ھەردائىم ئۇنىڭ يېنىغا يىغى مېۋە ـ چېۋە كېلىپ قالغان ھامان ئالدى بىلەن شەھەردىكى ئالىم ئۆلىمالارنىڭ ئۆيلىرىگە ئەۋەتمەي تۇرۇپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن ئېغىز تەگمەيتى. ئۆي ـ ئۆي بېرىپ، دائىم ئىلىم ئەھلىنى زىيارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىمانىي تۇيغۇلىرى ئىلىم، ئەخلاقىنىڭ شۇ قەدەر يۈكسەك پەزىلەتلىرىگە چۆمۈلگەنكى، ئىلىمنىڭ ھۆرمىتىنى ساقلاش ئۈچۈن دۇنيانىڭ جەزبىدار مال ـ بايلىق، مەرتىۋە ـ مەنسەپلىرىگە ئېسىدە يوقمۇ قاراپ سالمايتى. ئۇمەۋىييە خاندانلىقىنىڭ تاجدارى يەزىد ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى ئۈچۈن دەۋرنىڭ بۇ پەزىلەتلىك ئالىمىنى ئوردىغا ئېلىپ كىرمەكچى بولغاندا، ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھمەھۇللاھ ئۆزىگە پەش ـ پەش قىلىنىۋاتقان دۆلەت خەزىنىسىنىڭ باش ۋەزىرى بولۇش مەنسىپىنى پەرۋاسىز ئىتتىرىپ تاشلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلىپ، دىنىي ئىلىمنىڭ ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتلىرىنى دوغا تىككىشنىڭ ئورنىغا، ئۆزىنى ھۆكۈمرانىنىڭ جازاسىغا تۇتۇپ بېرىشنى ئەلا بىلگەن ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق مەيداندىن غەزەپلەنگەن ھۆكۈمران ھەركۈنى دۈمبىسىگە ئون دەررە ئۇرۇش جازاسى بەردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنىلا ئىلىم بايرىقىنى ئېگىز كۆتىرىشتىن ئىبارەت ئۆز مەيدانىدىن قەتئىي يانمىدى. گەرچە ھەركۈنى ئۇرۇلىۋاتقان دەررىلەر تۈپەيلى بەدەنلىرى ئىششىپ كەتكەن بولسىمۇ يەنىلا قەدەملىرى تەۋرىنىپ قالمىدى. ئۇمەۋىييە خاندانلىقى غۇلاپ چۈشۈپ، ئاbباسىيە خاندانلىقى مەيدانغا چىققاندا بولسا، دىنىي ئىلىمنىڭ ئېغىر سىناقلىرى ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ بەك كەسكىنلەشتى. دەۋر تاجدارى

مەنسۇر ئىمام ئەزەمنىڭ ئىلىم، ئەخلاقىنى دۆلەتنىڭ باش قازىلىق مەنسىپى بەدىلىگە سېتىۋالماقچى بولۇپ مەيدانغا چىقتى. ھوقوق ۋە كۈچ ـ قۇۋۋەتنىڭ مەسلىكىدە ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىپ "مەيلى نېمە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر بۇ مەنسەپنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىڭ لازىم" دەپ تەھدىت سالدى. ئەمما ئىلىم، ئەخلاقنىڭ تەجدارى ئىمامى ئەزەم بۇنىڭغا قارىتا "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ مەنسەپنى ھەرگىز قوبۇل قىلمايمەن" دەپ كەسكىن جاۋاپ قايتۇردى. بۇنى ئاڭلاپ ھەيرانلىقتا قاتتىق ساراسىمىگە چۈشكەن ئوردا ئۆلىمالىرى ئىمامى ئەزەمگە بۇ ئىشنىڭ كاتتا ئاسىيلىق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ، ئۆز پىكرىنى قايتىدىن ئويلىنىپ بېقىش مەسلىھەتى بەردى. ئەمما ئىمامى ئەزەم ئۆز پىكرىدىن قەتئىي يانمىدى. ئاخىرى غەزىپىنى باسالمىغان مەنسۇر ئىمامى ئەزەمنى زىنجىر كىشەنلەپ زىندانغا تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سادىق تىلىدا "مۇئمىن ئۈچۈن زىندانغا ئوخشايدۇ" دەپ تەرىپلەنگەن بۇ دۇنيا ئىمامى ئەزەم ئۈچۈن ھەقىقىي زىندانغا ئايلىنىپ قالدى. دۇنيانىڭ شۇنچە جەلىپكار مال ـ بايلىق، مەرتىۋە ـ مەنسەپلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئارقىدىن ئېغىزىنى يالاشقىنىچە ھەيرانە ـ قارىشىپ قېلىشقان ئىدى. ئەمما ئىمام ئەزەم ئۇلارغا بىرەر قېتىم بولسىمۇ نەزەر سېلىپ بېقىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە قالغان بارلىق ھاياتىنى قاراڭغۇ زىنداننىڭ قاباھەتلىك تەنھالىقىدا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئەلا بىلدى. ئاخىرىدا ئىمام ئەزەم رەھمەھۇللاھنىڭ ئاللاھغا سەجدە قىلىۋاتقان پېتى جان ئۈزگەن جەسىتى زىنداندىن يورۇق دۇنياغا ئېلىپ چىقىلدى.

"انا لله وانا اليه راجعون"

ئەينى چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ تالانتلىق شاگىرتى قازى ئەبۇ يۇسۇف رەھىمەھۇللاھغا نەسىھەت قىلىپ: "ئىلىم ـ دۇنيانى كۆزلەپ ئىگەللىمەكچى بولغان كىشىنىڭ قەلبىدە ھەرگىز يىلتىز ئالمايدۇ" دېگەن ئىدى. ئاللاھ گۇۋاھكى، ئۇ قىلغان ھەر بىر سۆزىگە ئالدى بىلەن ئۆزى ئەمەل قىلدى. دۇنيانىڭ ھەرقانچە قىممەتلىك گۆھەرلىرىنىمۇ ئىلىم يولىدا خۇددى تاشنى تەپكەندەك

پەرۋاسىز تىپىۋېتىپ كېتىۋەردى. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھەققانىيەت ئىلمىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا چوڭقۇر يىلتىز ئالدۇرۇپ، ئىلىم ساھەسىدىكى ئەڭ يۇكسەك مەرتىۋىگە سازاۋەر قىلدى. ناۋادا تارىخ كۆزنەكلىرىدىن ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ھاياتىنىڭ ھەر بىر سەھىسىگە نەزەر سالىدىغان بولسىڭىز، ئىلىمغا بولغان مۇھەببىتى تۇمۇرلىرىدىكى قانغا ئايلانغان ئۇنداق كىشىنىڭ نەقەدەر ئەيمىنىشلىك ئۇلۇغ ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى ھەقىقىي مەنىدىن كۆرۈپ يېتەلەيسىز. ھەمدە ئىنسانىي ئاجىزلىقلار ئىنسانىنى ھالاكەتكە ئىتتىرمەي قويمايدىغان ھاياتىنىڭ شۇنچە قورقۇنۇشلۇق ھاڭلىرىدىمۇ دىنىي ئىلىمنىڭ بەرىكەتلىرى ئۇنداق كاتتا ئىنسانلارنى نەقەدەر يۇكسەكلىككە ئېرىشتۇرۇپ، مەڭگۈ باھار باغۇ ـ بوستانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسىز.

بىر قېتىم خەلىپە ھارۇن رەشىد قازى ئەبۇ يۇسۇپكە "ئىمام ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەتۇللاھى ئەلەيھىنىڭ فەزىلەتلىرىنى سۆزلەپ بەرسىڭىز" دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىدى. قازى ئەبۇ يۇسۇپ ئىمامى ئەزەمنىڭ ئۇلۇغۋار شانلىق ئوبرازىنى بىر قۇر كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن مۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى

"مېنىڭ بىلىشىمچە، ئىمام ئەزەم ئىنتايىن خۇشئەخلاق، ئاجايىپ تەقۋادار ئادەم ئىدى. شەرىئەت توسقان ھەممە ئىشتىن ساقلىناتتى. كۆپىنچە جىمغۇر، پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ھەرقانداق بىر كىشى ئۇنىڭدىن مەسىلە سورىغاندا بىلسە، جاۋاپ بىرەتتى، بىلمىسە، سۈكۈت قىلىش ئۇنىڭ ئەڭ دىيانەتلىك جاۋابى ئىدى. ئۆزى ساخاۋەتكە ئىنتايىن ئامراق، ئىككىنچى بىرسىنىڭ ئالدىدا ھەرگىز ئۆز ھاجىتىنى تىلغا ئالمايدىغان كىشى ئىدى. دۇنيادارلىقتىن پىشىنى قاققان، دۇنيانىڭ يۇقىرى ئىززەت، مەرتىۋىلىرىگە نەپرەتلىك نەزىرى بىلەنلا باقىدىغان كىشى ئىدى. غەيۋەتتىن قاتتىق ساقلىناتتى. ئىلمىدىن كىشىلەرنى مەنپىئەتلەندۈرۈشتە دەريا دىل، تەڭداشسىز كاتتا ئالىم ئىدى"

ئىنسانىي ئەخلاقنىڭ بۇ گۈزەل تەرىپىنى ئاڭلاپ پۈتۈن ئوردا ئەھلى خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىر سۈكۈتكە پاتتى. ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ ئۇلۇغۋار پەزىلىتى ئالدىدا دەۋرنىڭ كاتتا ئىمام، تاجدار، ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ھەممىسى قەلب قايىللىقىنى ئىزھار قىلماقتا ئىدى. خەلىپە ھارۇن رەشىدنىڭ چەكقۇر ئىخلاس بىلەن "شەكسىزكى، سالىھ، پاك ئەخلاغلىق، ئەڭ ئېسىل مۆئمىنلەرنىڭ سۈپىتى دەل ئەنە شۇنداق بولىدۇ" دەپ ياڭراتقان قەلب ناۋاسى پۈتۈن سورۇننى سۈكۈتتىن ئويغاتتى.

بىر قېتىم مەلۇم بىرەيلەن ئۆزىنىڭ قاتتىق ھەيرانلىقىنى بىلدۈرۈپ:"كىشىلەر سېلى تۇغرىلىق ھەر قىسىم گەپلەرنى قىلىپ يۈرىيدىكەن، ئەمما سىلىنىڭ ئېغىزلىرىدىن بىرەر كىشىنىڭ يامان گېپى چىقىپ باققىنىنىمۇ قەتئىي ئاڭلىغىلى بولمايدىكەن" دەپ سورىغان ئىدى. ئىمامى ئەزەم خاتىرجەم بىرنى تىنغان ھالدا "شۇنداق، بۇرادەر! مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئاللاھنىڭ خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدىغان ئەڭ كاتتا مەرھەمىتى" دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

بىر قېتىم ئىمام سۇفيان سەۋرى رەھىمەھۇللاھنىڭ ئالدىدا ئىمامى ئەزەمنىڭ گېپى چىقىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن بىر قېتىممۇ باشقىلارنىڭ ھەققىدە غەيۋەت ئاڭلىنىپ باقمىغانلىقىنى بىلدۈرگەندە، ئىمام سوفيان سەۋرى "ئەبۇ ھەنىيفە رەھىمەھۇللاھ ئۇنداق بىر تەرەپتىن ياخشى ئەمەل قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن زايا قىلىۋېتىدىغان ھاماقەتلەردىن ئەمەس ئىدى" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

ئەمما ئەپسۇسكى، ئەمدىلىكتە غەيۋەتخورلۇق ئاز بىر قىسىم ئالەمشۇمۇل تەسىر يارىتالىغان ئۆلىمالىرىمىزنى ھساپقا ئالمىغاندا بۈگۈنكى بىز مەھەللىۋىي مۆللىلارنىڭ ئەجەللىك ئاجىزلىقى بولۇپ قالماقتا. نەگىلا بارساق، بىر - بىرىمىزنى غاجاپ چىشلەپ، ئۆز - ئارا ھاقارەت قىلىش پىكىر بازار تاپقۇزۇشنىڭ ۋاستىسىگە ئايلىنىپ قالماقتا. دىنىي دەۋەت سورۇنلىرىمىزنىمۇ غەيۋەت

ـ شىكايەتنىڭ بازىرىغا ئايلاندۇرۇپ، تىرىكلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىش ئاز كەلگەندەك، ھەتتا ئەشۇنداق پەزىلەتلىك ئالەمشۇمۇل ئىماملارغىمۇ ھاقارەت قىلىش تەبلىغكە ئايلىنىپ قالماقتا. شۇڭا ھەتتا شارابخور پاسىق شائىرلار جىنىدا بۇ خىل رەزىل قىلمىشىمىزدىن بولىشىغا شىكايەت قىلىپ:

ناز ـ كەرەشمە ـ خىنىم، چوكاننىڭ ئىشى،

رەشكى، ھەسەت ـ مۇللا، ئىشاننىڭ ئىشى.

دەپ شىئىر يېزىشماقتا.

ئەجىبا ئىلمىي ئىقتىدارىمىزنى بازار سېلىش ئۈچۈن باشقىلارنى تىللاشتىن باشقا يول تېپىلماسمۇ؟ گەرچە يەتكۈدەك ئىلىمگە سازاۋەر بولغان بولساقمۇ، ئەمما ئىلمىي پەزىلەتكە سازاۋەر بولالمىغان بىز سويما موللىلارنىڭ ئەمەللىرى خۇددى يۇقىرىدا سۇفيان سەۋرى رەھىمەھۇللاھ دېگەندەك ھاماقەتنىڭ ئەمىلىگە ئايلىنىپ قالماسمۇ؟ بىزنىڭ ئەھۋالىمىز بۇ بولسا، بىز پىكىر بايراقدارى بولىۋاتقان مىللەتنىڭ ۋە بىزگە ئەگەشىۋاتقان جامائەتنىڭ ئەھۋالى نىمە بولماقچى؟

ئەسلىدە گەرچە بىز ماھىر تەپسىرچى، شەرھىشۇناس، رەتلەپ، تۈپلىغۇچى بولالىغان بولساقمۇ، ئەمما تۈپلىغان بىلىمىمىزنى پىششىقلاپ ئىشلەپ، بىلىمگە يارىشا ئىلمىي ئەخلاق يارىتالمىدۇق. خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا ماس مۇستەقىل غايە، سىستېمىلىق قاراش تىكلىيەلمىدۇق. شۇڭا سىرتتىن چىققان شاماللاردا پۇلاقلاشتىن باشقا ئىش قولىمىزدىن كەلمەي يۈرمەكتە.

ياخشىسى بىز يەنىلا ئويلىنايلى! ھازىرمۇ يەتكۈدەك ۋاقىت بار، دەرھال ئۆزىمىزنى تونۇپ، ئىسلاھ قىلىۋالايلى! ئەتىگە پاسىق هاراقكەشتىن بىرى كېلىپ "سەنمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" دەپ بىزگە سوئال قويۇشتىن ئىلگىرى "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" دېگەن بۇ سوئالنى ئۆزىمىزدىن ۋە قىلىۋاتقان

ئەمەللىرىمىزدىن سورىۋالايلى!

مىر كامىلجان تەرجىمىسى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# ئۈچمەس قوياش (ئىككىنچى قىسىم)

(پاكىستانلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

دەرۋەقە، دۇنيادىكى ھەر بىر قەۋمدە ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىمۇ كىشىلەرنىڭ رىئايە قىلىشى ئۈچۈن بىرى، ئۆرپە ـ ئادەت، يەنە بىرى، ھۆكۈمران تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قانۇندىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈم ماۋجۇت بولۇپ كەلگەن ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا كۆرە ئىزاھلىنىپ، ئۆزلىكسىز بېيىتىلىپ كەلگەن. مانا بۇ نۇقتىدىن دۇنيا قانۇنچىلىق ساھاسىدە ئىلگىرى قەتئىي مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان رەتلىنىش ئۇسلۇبىمۇ يىگانە بولغان "ئۇسۇلى فىقھە" (يەنى، قانۇنچىلىق ئاساسىي) مۇسۇلمانلارنىڭ دۇنيادىكى پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك ئەڭ بۈيۈك تۆھپىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. ئۇنى دەل ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ باشچىلىقىدىكى ئاز بولمىغان پىشقەدەم فەقىھلىمىز قۇرئان كەرىمدىكى "كَلِمَةً طَيِّبَةً كَشَجَرَةٍ طَيِّبَةٍ أَصْلُهَا ثَابِتٌ وَفَرْعُهَا فِي السَّمَاءِ" "كەلىمە تەيىيبە (يەنى ياخشى سۆز) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شاخلىرى ئاسمانغا يېيىلغان ياخشى دەرەختكە ئوخشايدۇ" (24/14) دېگەن ئايەتكە ئاساسەن سىستېمىلىق رەتلەپ چىققان. ئايەتتىكى "ئۇسۇل" دېگەن سۆزنى ئاساسقا، "شاخ" دېگەن سۆزنى قانۇنغا مىسال قىلىپ، ئىستىلاھ ئورنىدا (يەنى تېرمىن ئورنىدا) ئىشلەتكەن.

مۇقەررەركى، ئىسلام قانۇنى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەھيي نازىل بولۇش بىلەن باشلانغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىلاھىي ۋەھيي توختاپ، قانۇنچىلىقنىڭ تۈپ مەنبەسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تەلىماتلىرى بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان بولغان. ناۋادا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە ئىسلام قانۇنىنى قانداق تەرەققى قىلدۇرۇشنىڭ ئۇسۇلىنىمۇ بىرگە قالدۇرۇپ كەتمىگەن بولسا ئىدى،

چوقۇمـكى كۆپ ھاللاردا بـىز دوقۇرۇشۇپ قالـىدىغان بەزى يـېڭى مەسـىلـىلەرگە ئـىنكاس قايتۇرۇش قـىيـىنغا توختـىغان بولاتتى. پەيغەمـبەر ئەلەيهـىسسالام ئۆزىـنـىڭ ئاخـىرقى دەۋرىدە ھەزرەتى مۇئاز ئـىبنى جەبەل رەزىـيەللاھۇ ئەنهۇنى يەمەنگە ئۆلكە رەئـىسى قـىلـىپ تەيـىنلەپ، ئۇنى ئەۋەتـىشتـىن ئـىلـگىرى "فبم تحكم؟" "نـېمە بـىلەن ھۆكۈم چـىقـىرىسەن؟" دەپ سورىغان. "بكتاب الله" "ئاللاھنـىڭ كـىتابى بـىلەن" دەپ جاۋاپ بەرگەندە، "فان لم تجد؟" "ناۋادا كېرەكلـىك مەسـىلـىنى قۇرئاندىن تاپالـمىغاندىچۇ؟" دەپ سورىغان. مۇئاز ئـىبنى جەبەل رەزىـيەللاھۇ ئەنهۇ "فبسنّة رسول الله" "ئاللاھنـىڭ رەسۇلـىنـىڭ سۈنـنـىتى بويـىچە ھۆكۈم چـىقـىرىمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن. ئاندىن پەيغەمـبەر ئەلەيهـىسسالام يەنە "فان لم تجد؟" "ناۋادا كېرەكلـىك مەسـىلـىنى سۈنـنەتتـىن تاپالـمىغاندىچۇ؟" دەپ سورىغاندا، ئۇ "اجتهد برۆيۇ ولا ژلو" "ئۆز پـىكـرىمگە بـىنائەن ئـىجتـىهاد قـىلـىمەن، تـىرىشچانلـىقتا ھېچ بـىر كەملـىك قالدۇرمايمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇنى ئاڭلـىغان پەيغەمـبەر ئەلەيهـىسسالام يالغۇز سۆيـىنـىپلا قالماستـىن، بەلكى يەنە قولـىنى ئـېگـىز كۆتـىرگـىنـىچە "ئى ئاللاھـىم! سـىنـىڭ ئەلچەڭـنـىڭ ئەلـچىسـىگە بەرگەن بۇ تەۋپـىقـىڭدىن مەن رەسۇلۇڭ ھەقـىقەتەن سۆيۈنۈپ كەتتـىم" دەپ دۇئا قـىلغان.

دېمەك، بۇ ئۇسۇل ئـىسلام قانۇنـىغا ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكاندا، پۈتكۈل ئـېهتـىياجلارنى قاندۇرۇپ كـېتەلەيدىغان ھاياتى كۈچ بەخش ئەتكەن. مانا شۇنـىڭغا ئاساسەن ھەر بـىر كـىشى "1400 يـىلدىن بۇيان ئـىسلام قانۇنى قاتمال، تۇرغۇن ھالەتكە كـېلـىپ قالماستـىن، ئۆز ھاياتى كۈچـىنى ئـىزچـىل نامايەن قـىلـىپ كـېلـىۋاتماقتا ۋە بۇندىن كـېيـىنمۇ ئـىزچـىل نامايەن قـىلـىپ كـېتـىۋېرىدۇ" دېيـىشكە تامامەن ھەقلـىق. بۇ يەردە شۇنـىمۇ قـىستۇرۇپ ئۆتـىشكە بولـىدۇكى، بەلكـىم بەزىلەر بۇ ھەدىسـنـىڭ رىۋايەت جەھەتتـىكى ساغلاملـىقـىغا ئەمەس، بەلكى قۇرئان كەرىمدىكى "اليوم اكملت دينكم" "بۈگۈن دىنـىڭلارنى مۇكەممەل قـىلدۇق" دېگەن ئايەتـنـىڭ مەنـىسـىگە زىت كـېلـىدىغانلـىقـىنى دەلـىل قـىلـىپ، ئـېتـىراز بـىلدۈرىشـىمۇ مۇمكـىن. ئەمما شۇنى

ئەستىن چىقارماسلىق لازىمكى، ھەزرەتى مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەلىم بەرگەن مەزكۇر ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن بۇ ئۇسۇل دەل ئەنە شۇ "اليوم اكملت دينكم" "بۈگۈن دىنىڭلارنى مۇكەممەل قىلدۇق" دېگەن ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. يەنى، مۇكەممەللەشتۈرۈلگەن ئىسلام دىنى ئىجتىھاد ئۇسۇلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. ھەرقانداق ھەدىس ناۋادا رىۋايەت ئۇسۇلى جەھەتتە ساغلاملا بولىدىكەن، گەرچە مۇنداقلا قارىماققا بەزى نۇقتىدىن ئايەتنىڭ مەنىسىگە زىت كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ماھىيەتتە يەنە باشقا نۇرغۇن نۇقتىلاردىن قۇرئاننىڭ روھىغا ئۇيغۇن كەلمەي قالمايدۇ. چۈنكى مۇھەددىسلەرنىڭ ھەدىس قوبۇل قىلىشتىكى موھىم شەرتلىرىنىڭ بىرسى دەل قۇرئاننىڭ روھىغا خىلاپ بولماسلىقتىن ئىبارەتتۇر. ئېنىقكى، ئۇلار بۇ نۇقتىدا ھېچقاچان سەل قاراپ باققان ئەمەس.

ناۋادا ئىجتىھاد بولماي قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەنلا كۇپايىلىنىدىغان ئەھۋال بولسا ئىدى، بەزى كىشىلەرگە نىسبەتەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى چۈشىنىش، ۋە ھەدىسلەردىن دەلىل ئېلىش قىيىنغا توختايدىغان، نۇرغۇن مەسىلىلەردە زادى نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدىغان، مەسىلىلەرنىڭ تەكتىگە بەزىلەرنىڭ نەزىرى يېتىپ بارسا، يەنە بەزىلەرنىڭ يېتىپ بارالمايدىغان ئەھۋاللار مەيدانغا كېلىشى تامامەن مۇمكىن ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە رەھمەھۇللاھغا مۇناسىۋەتلىك مۇنداق بىر مىسالنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

بىر قېتىم مەلۇم بىر ئەر ـ خوتۇن ئۆز ـ ئارا جېدەللىشىپ قېلىپ، بىر ـ بىرىگە ماي تارتىشىپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن ئېرى ئايالىغا "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ناۋادا تاڭ ئاتقىچە ماڭا گەپ قىلمىساڭ تالاق بولغان بولىسەن" دېگەن. ئۇنىڭ جېدەلخور ئايالىمۇ ئاچچىقلىنىپ، "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، تاڭ ئاتقىچە مەن ساڭا ھەرگىز گەپ قىلمايمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەن ۋە تاڭ ئاتقىچە ھېچ قانداق گەپ ـ سۆز قىلمىغان. شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى بامدات نامىزىدىن كېيىن ئېرى بۇ مەسىلىنى "ئىبنى سىيرىن" ئىسىملىك ئاتاقلىق فەقىھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغان.

ئىبنى سىيرىن ۋەقەنى تەپسىلى ئاڭلىغاندىن كېيىن "خاتالىق سەندىن ئۆتلىپتۇ، ئەمدى ئايالىڭ تالاق بوپتۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. كۆڭلى قىيماي، بولىشىغا ھەسرەت چەككەن ئەر يىغلا ـ قاخشا بۇ مەسلىنى ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھىنىڭ ئالدىغىمۇ ئېلىپ بارغان. ئىمامى ئەزەم ۋەقەنى تەپسىلى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن "سەن خاتىرجەم ئاياللىڭنىڭ يېنىغا بىرىۋەرسەڭ بولىدىكەن، تالاق دېگۈدەك ھېچ قانداق ئىش بولماپتۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. بۇنىڭدىن قاتتىق ھەيران قالغان كىشى دەرھال ئىبنى سىيرىننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ "سەن "تالاق بۇپتۇ" دېگەن ئىدىڭ، ئەمما ئەبۇ ھەنىفە "تالاق بولماپتۇ" دەپ پەتىۋا بەردىغۇ؟" دەپ بارغان. ئاندىن ئىبنى سىيرىن ئۇ كىشىنى ئېلىپ، ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇلاھىنىڭ يېنىغا كەلگەن ۋە "ئى ئەبۇ ھەنىفە! ئالاھدىن قورققىن، سەن قاراپ تۇرۇپ تالاق بولۇپ بولغان مەسىلىگە "تالاق بولماپتۇ" دەپ پەتىۋا بىرىپسەن، ناۋادا ئۇ ئايالى بىلەن ھەمياستۇق بولسا، زىنا قىلغان بولمامدۇ؟ سەن بۇنىڭ جاۋاپكارلىقىنى ئۈستىڭگە ئالالامسەن؟ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا زادى قانداق جاۋاپ بېرىسەن؟" دەپ سورىغان. ئەبۇ ھەنىفە ئۇ كىشىگە ۋەقەنى قايتىدىن يەنە بىر ئاڭلىتىش تەكلىپى بەرگەن. ۋەقەنى قايتا ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن چۈشەندۈرۈش بېرىپ "مەن يەنىلا "تالاق بولماپتۇ" دېگەن ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇرىمەن. چۈنكى بۇ كىشى گەرچە ئايالىغا "ئەگەر گەپ قىلمىساڭ" دېگەن شەرتنى قويغان بولسىمۇ، ئەمما قانداق گەپ قىلىش شەرتىنى قويمىغان. دېمەك، ئاياللىنىڭمۇ قەسەم ئىچىپ، "مەن تاڭ ئاتقىچە گەپ قىلمايمەن" دېگەنلىكى ماھىيەتتە گەپ قىلغانلىق بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ شۇڭا بۇنداق ئەھۋالدا تالاق بولمىغان بولىۋېرىدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئوخشاش بىرلا مەسىلىگە بىرەيلەن مەلۇم بىر نۇقتىدىن قارىغان بولسا، يەنە بىرەيلەن باشقا بىر نۇقتىدىن نەزەر سالغان. قىسقىسى، ناۋادا ئىجتىھاد بولمىغان بولسا ئىدى، ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارغۇ ئۇياقتا، ھەتتا ھەر كاتتا فەقىھلەرمۇ بەزى يېڭى مەسىلىلەردە قۇرئان ۋە ھەدىستىن دەلىل ئالالماي ئېككىلىنىپ يۈرۈشى تامامەن مۇمكىن ئىدى.

"خۇلفائىي راشىدىن" (يەنى تۆت خەلىپە)نىڭ دەۋرىدىمۇ كىشىلەر بىر يەرگە جەم بولۇپ، مەلۇم مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان، ھەرخىل پىكىرلەرنى بىرىپ ئۆز ـ ئارا مۇنازىرە قىلىشىدىغان، ئاخىرىدا مەلۇم نەتىجىگە كەلگەندىن كېيىن، ئاندىن شۇنى ئاساس قىلىدىغان ئىشلار بولۇپ تۇراتتى. ئەينى چاغدا تېخى ھەدىسلەر توپلانمىغان، بۇخارى، مۇسلىم قاتارلىق "سەھاھ سىتتە" (يەنى ئالتە ساغلام كىتاب) يېزىپ چىقىلمىغان دەۋر بولغاچقا، ھەر قانداق يېڭى مەسىلىلەرنى كىشىلەر ئۆز ئىلمىغا ۋە قول يازما، ئەس ـ خاتىرىلىرىدە ساقلانغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىغا ئاساسەن مۇنازىرە قىلىپ، مەلۇم يەكۈنگە كەلگەندىن كېيىن ئاندىن بىر تەرەپ قىلاتتى. ھەمدە ئىسلام قانۇنىغا دائىر ھەدىستىكى مەلۇماتلار جەملىنىپ قانۇننىڭ مەخسۇس ماددىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلەتتى. مانا شۇ خىل ئۇسۇل بىلەن داۋام قىلغان بۇ ئىجتىھادنىڭ يوللىرى ئاخىرىدا ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ تۆھپىسى بىلەن رەسمىي سىستېمىلاشتۇرۇلغان. ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ "ئۇسۇلى فىقھە" ھەققىدە تۇنجى بولۇپ "كتاب الرأى" دېگەن كىتابنى يېزىپ چىقىش ئارقىلىق ئىسلام قانۇنىغا ئىنتايىن چوڭ تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىمام ئەبۇ يۇسۇپ ۋە ئىمام مۇھەممەد شەيبانىيلارمۇ "كتاب الرأى" گە قارىتا "كتاب الاصول" دېگەن ئوخشاش نام بىلەن ئىككى ئايرىم ـ ئايرىم شەرھى يېزىپ چىققان. يەنە باشقا بىرقانچە شاگىتلىرىمۇ بۇ ھەقتە تەپسىلى شەرھىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ يەنە خەلق ـ ئارا قانۇن ھەققىدە مەخسۇس توختىلىپ، دۇنيادىكى تۇنجى سىستېمىلىق خەلق ـ ئارا قۇنۇن كىتابى "كتاب السير"نى يېزىپ چىققان. (يۇقىرىدا بايان قىلىنغان كىتابلارنىڭ نۇرغۇنلىرى مۇخلىسلارنىڭ ئىستىلاسى داۋامىدا شۇلار تەرىپىدىن كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، بىزگىچە يېتىپ كەلەلمىگەن. ئەمما ئىمام شافىئىي ۋە باشقا ئالىملارنىڭ كىتابلىرىدا شۇ كىتابلاردىن ئېلىنغان ئىقتىباسلارنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ) ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىبراھىم فىزارى تۇنجى بولۇپ ئوخشاش ئىسىم

بىلەن"كتاب السير"نىڭ شەرھىسىنى يازغان. ئاندىن ئىمام مۇھەممەد شەيبانىي"كتاب السير الصغير" ۋە "كتاب السير الكبير" دېگەن ئىككى كىتاپنى شەرھى ئورنىدا يېزىپ چىققان. ئاندىن ئىمام زەفەرمۇ "كتاب السير" دېگەن ئوخشاش نام بىلەن شەرھىي يېزىپ چىققان. شۇنىڭدەك، ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھغا زاماندىاش فەقىھلەردىن، ئىمام مالىك ۋە ئىمام ئەۋزائىيلارمۇ "كتاب السير"نىڭ تەسرىدە، ئوخشاش نام بىلەن ئىككى ئايرىم ـ ئايرىم كىتاب يېزىپ چىققان. ئاندىن ئۇلارنىڭ يەنە قانچىلىغان شاگىرتلىرىمۇ خەلق ـ ئارا قانۇن ھەققىدە مەخسۇس ئەسەرلەرنى مەيدانغا چىقارغان ۋە بۇ بارلىق ئەسەرلەر دەۋرىمىزدىمۇ ئۆز قىممىتى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ ساقلانماقتا.

ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ ئۆز شاگىرتلىرىغىمۇ ئىجتىھادنى قاتتىق تەكىتلەيتى. مۇستەقىل پىكىر قىلىش ۋە ئۆز پىكرىنى دادىل، دەلىللىك ئوتتۇرىغا قويۇشنى تەلىم بېرەتتى. ئۇ ھەرگىزمۇ ئۆز پىكرىنى شاگىرتلىرىغا مەجبۇر تاڭمايتى. دائىم شاگىرتلىرى ئارىسىدا خۇددى تالىبتەك ئولتۇرۇپ، مەلۇم پىكرىنى بايان قىلغاندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ دەلىللىك تەنقىد بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. ۋە شۇ مەسىلە ھەققىدە خىلى ئۇزۇن مانازىرە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي يەكۈن قوبۇل قىلىناتتى. شۇڭا ھەنەفىي مەزھىبىدە ئىمام ئەزەمنىڭ ئاران **15** پىرسەنت پىكرىگىلا ئەمەل قىلىنىدۇ. قالغان **85** پىرسەنتى شاگىرتى ئىمام ئەبۇ يۇسۇف ۋە ئىمام مۇھەممەد شەيبانىلارنىڭ ئۇستاز بىلەن ئورتاق بىر پىكىرگە كەلگەن قاراشلىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. ئىمام ئەبۇ ھەنىفە دەرس سۆزلەش جەريانىدىمۇ تەنقىدلەرگە چىدامچان، ئاجايىپ تەقۋادار، سەۋرچان كىشى ئىدى.

بىر قېتىم بىرسى مەسىلە سورىغاندا ئىمام ئەزەم مۇناسىپ جاۋاپنى قايتۇرغان. ئەمما سورىغۇچى "بۇ مەسىلىگە ھەسەن بەسرى باشقىچە گەپ قىلدى" دەپ تۇرىۋالغان. ئىمام ئەزەم ئىنتايىن تەمكىنلىك بىلەن "شۇنداق، ھەسەن بەسرى خاتالىشىپتۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن. دەرس

مەيداندا ھەسەن بەسرىنىڭ ئىخلاسمەنلىرىدىنمۇ بىرسى ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇ "ئى ئىبنى فاھىشە (يەنى ھاراملىق) سەن تېخى ھەسەن بەسرىنى خاتالاشقان دەۋاتامسەن؟" دەپ ھاقارەت قىلغان. ئىمام ئەزەمگە قىلىنىۋاتقان بۇ ئەخلاقسىز ھاقارەتكە قارىتا سورۇندا غەزەپلىك غۇل ـ غۇلا كۆتىرىلىپ كەتكەن. ئەمما ئىمام ئەزەم يەنىلا ئاچچىقلىنىپ كەتمەستىن، گويا سەبىر، قانائەتنىڭ تەۋرەنمەس تاغ چوققىسىدەك تەمكىن ھالدا "شۇنداق، ھەسەن بەسرى بۇ مەسىلىدە خاتالاشقان، چۈنكى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايىتى تېخىمۇ بەك كۈچلۈك" دەپ جاۋاپ قايتۇرغان.

ئەبۇ ھەنىفە بىلەن زامانداش يەزىد ئىبنى كەممىيەت ئىسىملىك ئاتاقلىق زاھىد كىشى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بىر ۋەقەنى بايان قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ:

"ئىمام ئەزەم دەرس سۆزلەۋاتاتتى. بىرسى ئاجايىپ ئەدەپسىزلىك بىلەن ھە دېسىلا، قوسۇر چىقىرىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئەدەپسىزلىكى قانچە يۇكسەلگەنسىرى ئىمام ئەزەمنىڭ يۇمشاقلىقى شۇنچە ئېشىپ ماڭاتتى. ئاخىرى ھەتتا ئەدەپسىزلىك چېكىدىن ئېشىپ، ئىمام ئەزەمگە ئالايغان ھالدا "ئى زەندىق" (يەنى دىنسىز) دەپ ھاقارەت قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى. ئىمام ئەزەمنىڭ قەلبى گەرچە بۇ سۆزدىن شۇنچە ئازاپلانغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا تەمكىنلىك بىلەن "ئاللاھ سىنى مەغپىرەت قىلسۇن، ماڭا ئىشلەتكەن بۇ سۆزىڭنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئاللاھ ئۆزى ئوبدان بىلىدۇ" دەپ جاۋاپ بەردى"

ئىمامى ئەزەم دائىم ئۆزى ھەققىدە توختالغاندا، "مەن ھېچ بىر كىشىنى ھاقارەتلەپ باقمىدىم، ھېچ كىشىدىنمۇ ئۆچ ئالمىدىم. مۇسۇلمان ياكى زىممى (يەنى، ئىسلام ھاكىمىيىتىنىڭ غەيرى دىندىكى پۇخرالىرى) ھېچ بىر ئىنساننى قاقشاتمىدىم ياكى ۋەدەمگە خىلاپلىق قىلىپ، ئادەم ئالدىمىدىم" دەيتى.

بىر قېتىم دەرس جەريانىدا بىر ياش بالا "ئى ئەبۇ ھەنىفە! سىنىڭ بەرگەن جاۋابىڭ پۈتۈنلەپ خات" دەپلا ئورنىدىن تۇردى. بۇ دەرسكە ھەر كاتتا ئۆلىما، فەقىھلەرمۇ قاتناشقان بولۇپ، ياش بالىنىڭ بۇنداق ئەدەپسىزلىكىگە ھەممەيلەن خاپا بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەبۇل خەتتاب جەرجانىي ئىسىملىك كاتتا ئالىم غەزىپىنى باسالماي، "ئى جامائەت! جۈرئەتسىزلىكىڭلار بەك چېكىدىن ئىشىپ كەتتى. نەدىكى بىر سويمىلار كېلىپ ئىمامىڭلارنىڭ شەنىگە ئېغىزىغا كەلگەننى جۆيلۈپ يۈرسە، ۋىجدانىڭلار قايناپمۇ قويمايدىغۇ!" دەپ جامائەتنى ئەيىپلەشكە باشلىدى. باياتىن بىرى ياش بالىنىڭ سۆزىگە ئاچچىقلانماي تەمكىن ئولتۇرغان ئىمامى ئەزەم ئەبۇل خەتتاب جەرجانىنىڭ سۆزىگە ئاچچىقلىنىپ "مېنىڭ بۇ يەردە ئۆلتۇرغۇنۇم باشقىلارنىڭ ئەركىن ھالدا مېنى تەنقىد قىلىشى ئۈچۈن، خاتالىقىمنى ئېيتىپ بېرىشى ئۈچۈن شۇنداقلا ئۆزەمنىڭمۇ چىداپ ئاڭلاپ تۇرۇشۇم ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا نېمە دەپ جامائەتنى ئەيىپلەيسەن؟" دەپ خاپا بولدى.

ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھ خۇددى ئىچكى گۈزەللىكىگە ئوخشاشلا تاشقى گۈزەللىكىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بېرەتتى. جۈملىدىن كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك جەھەتتىكى پاكىزلىقىقا قاتتىق دىققەت قىلىشتەك گۈزەل ئىستىتىكىسى روھىي گۈزەللىكىنىڭ مەزھىرى ئىدى. ئۇنىڭ رەتلىك كىيىملىرى ئىچىدىكى تىپچەكلەپ تۇرىدىغان قەلبىگە قانداق مىسلىسىز قىممەتلىك بايلىق يوشۇرۇنغانلىكىنىتاك، دۇنيانىڭ ھەرقانچە يۈكسەك تاجۇ ـ تەخت، مەنسەپلىرىنىمۇ قىلچە پىسەنتىگە ئالمايتى. ھەق گەپنى قىلىشتا ھېچ كىشىدىن ئەيمەنمەي قالمايتى.

بىر قېتىم كۇفەنىڭ ئۆلكە رەئىسى ئاجايىپ يالۋۇرۇش تەلەپپۇزىدا "سىلى بىز تەرەپلەرگە بىرەر قېتىممۇ قەدەم تەشرىپ قىلىپ قوياي دىمەيل" دەپ سورىغان ئىدى. گەرچە ئىمام ئەزەم ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتتا سۆز قىلىۋاتقانلىقىنى تولۇق ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭغا تەسەللى ئۈچۈن سىپايىلىق قىلىپ يۈرمەستىن، بەلكى نەخ گەپنىڭ ئۆزىنىلا قىلىپ "سەن

بىلەن كۆرۈشۈپ نېمە قىلىمەن؟ مېھرىبانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، سېنىڭ سېتىۋېلىشىڭغا دۇچ كېلىپ قىلىشتىن قورقىمەن، ناۋادا غەزەپ بىلەن مۇئامىلە قىلساڭ، ئادەمنى خارلىققا تىقىسەن. سەندە بار بايلىققا مېنىڭ ئېھتىياجىم يوق، ئەمما مەندە بار بايلىقنى ھېچ كىشى تارتىۋالالمايدۇ" دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

بىر قېتىم ئابباسىيە خاندانلىقىنىڭ ھەرەمخانىسىدا خەلىپە مەنسۇر بىلەن ئايالى ئۆتتۇرىسىدا قاتتىق دەتالاش بولۇپ قالدى. ئايال خەلىپىنىڭ ئەر بولۇش سالاھىيىتى بىلەن ئادىل مۇئامىلە قىلمايۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنماقتا ئىدى. مەنسۇر بۇنى ئېتىراپ قىلغىلى ئۇنىمايتى. مەنسۇر ئاخىرى مەسىلىنى ئايرىشقا ئۆچىنچى بىرسىنى تەكلىپ قىلىش قارارىغا كەلدى. ئايال دەرھال ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنى تاللىدى. چۈنكى ئىمامى ئەزەمنىڭ ھەق گەپنى قىلىشتا ئالتۇن ـ كۈمۈچ، ھوقۇق ـ مەنسەپلەرگە پەرۋا قىلمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. تەكلىپكە بىنائەن ئىمامى ئەزەمۇ يېتىپ كەلدى. خەلىپە ئىنتايىن مۇغەمبىرلىك بىلەن ئىشنى تىزلا بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن "شەرىئەتنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن ئەر زادى قانچە خوتۇنلۇق بولسا بولىدۇ؟" دەپ سورىدى. ئىمام ئەزەم قىسقىلا قىلىپ "تۆت" دەپلا جاۋاپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان مەنسۇر ئەرنىڭ غالىبەنە ھوقۇقىدىن ماختانغاندەك قىلىپ "خوتۇن ئاڭلىدىڭلىمۇ؟" دەپ سورىدى. ئايالى ئىنتايىن قايغۇلۇق ئاۋازدا "ھەئە، ئاڭلىدىم" دەپ جاۋاپ قايتۇردى. ئىمامىي ئەزەم ئايالنىڭ قايغۇلۇق ئاۋازىنى ئاڭلاش بىلەنلا مەسىلىنىڭ تېگىگە يېتىپ بولغان بولغاچقا، ناۋادا ئايالنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىمۇ جاكارلانمىسا، ھەقىقەتكە زۇلۇم قىلغانلىق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ قاتتىق چۆچۈپ كەتتى. قائىدە بويىچە سۆھبەت پۈتۈنلەي تاماملانغان بولسىمۇ ئىمامىي ئەزەم يەنىلا ئارقىغا بۇرۇلۇپ مەنسۇرغا تېكىلگەن ھالدا "ئەمما بۇ رۇخسەت ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىل مۇئامىلە قىلالايدىغان كىشىلەرگىلا خاس. ناۋادا ئۇنداق بولمايدىكەن، بىردىن ئارتۇق خوتۇن ئېلىش توغرا بولمايدۇ" دەپ خىتاب قىلدى. ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ھېس قىلغان مەنسۇر ئاستا

بېشىنى يەرگە ساڭگىلاتتى. ئىمام ئەزەمنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. تېخى ئەمدى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرا ـ ئولتۇرمايلا ئوردا خىزمەتكارى ئىشىكنى قېقىپ، خانىشنىڭ تەشەككۇر بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن 50 مىڭ دىنار ھەدىيە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. ئىمام ئەزەم ھەدىيەنى قەتئىي رەت قىلىپ "مەن پەقەت ئۆز مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلدىم. بۇنىڭدا بىرەر شەخسىي خاھىشنى كۆزدە تۇتقىنىم يوق" دېگەن جاۋاپ بىلەن خىزمەتكارنى يولغا سېلىپ قويدى.

ئىمام ئەزەمنىڭ تىرىكچىلىك ۋاستىسى تىجارەت بولۇپ، تىجارەت ساھاسىدىمۇ ئۇنىڭ بارلىغىنى ئاللاھقىلا ئاتىۋېتىشتەك مىسلىسىز تەقۋالىقى گويا مەڭگۈ ئۆچمەس نۇر مۇنارىدەك ئۆلگە ياراتقان ئىدى. بىر قېتىم بىر نەچچە تاي رەختنى باشقا يەرگە ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۆز ۋاكالەتچىسىگە "پالان ـ پالان تويتا مۇنداق ئەيىپلەر بار خېرىدارغا مەلۇم قىلماي ھەرگىز ساتمىغىن" دەپ تاپىلىدى. ئەمما ۋاكالەتچىسى بۇ سۆزنى ئۇنتۇپ قىلىپ، ئەيىپىنى دېمەستىن مالنى سېتىپ پۇلىنى ئېلىپ كەلدى. گەرچە ئىمامى ئەزەم ئىشنى جېكىلەش ئارقىلىق ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما يەنىلا مالنىڭ پۇلى ۋىجدانىغا زەھەرلىك نەشتەر بولۇپ سانچىلماقتا ئىدى. خىلى ئۇزۇنغىچە ئىزتىراپتا ئالقىنىنى ئۇۋلاپ، ئۇياق ـ بۇياققا مېڭىپ ئويغا پاتقاندىن كېيىن ئاخىرى بارلىق پۇلنى ئاللاھ يولىدا سەدىقە قىلىۋېتىش قارارىغا كەلدى. تاكى مالنىڭ ئومۇمىي پۇلى بولغان 30 مىڭ دىنارنى بىر پۈتىنى قويماي سەدىقە قىلىۋەتمىگىچە ۋىجدانى راھەت تاپمىدى.

دېمەك، ئىمان ۋە دىيانەتدارلىقنى "ھاياتنىڭ بىردىن بىر ھاسىلى" دەپ ئەنە شۇنداق چۈشىنەلىگەندىلا ئاندىن ئىنسانىنىڭ ئەمەلىي ھاياتى يېڭى ـ يېڭى ئۆلگىلىك كۆرۈنۈشلەرنى مەيدانغا چىقىرالايدۇ.

يەنە بىر قېتىم بىر ئايال ناھايىتى قىممەت باھالىق رەخت تويىنى ساتماق ئۈچۈن ئېلىپ

كەلگەن ئىدى. ئىمام ئەزەم باھاسىنى سورىغاندا، ئايال "يۈز دەرھەم" دەپ باھا قويۇپ، ئىمامى ئەزەمنىڭ نېمە دەپ جاۋاپ قايتۇرىدىغانلىقىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشكە باشلىدى. ئىمام ئەزەم بىر ئاز ئويلانغاندىن كېيىن "بۇ بەك ئازغۇ؟" دەپ سورىدى. بۇنىڭدىن ھەيران قالغان ئايال "ئەمىسە ئىككى يۈز بەرسىلە" دەپ جاۋاپ بەردى. بۇنىڭغا قارىتا ئىمام ئەزەمنىڭ ئېغىزىدىن "ياق، بۇنىڭ قىممىتى ھەرگىزمۇ بەش يۈزدىن كەم ئەمەس" دېگەن مۆمىنلەرچە سادا ياڭراشقا باشلىدى. تىجارەت تارىخىدىكى بۇ ئاجايىپ ۋەقەدىن ھەيران قالغان ئايال ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەيلا قالدى. ۋە ئەجەپلەنگەن ھالدا "سىلى چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانلا؟" دەپ سورىدى. ئىمام ئەزەم گەپ ـ سۆزسىزلا رەختنى ئېلىپ، **500** دەرھەمنى ئايالغا تۇتقازدى.

بىر قېتىم بىر قانچە ئادەم ئىمامى ئەزەم بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىنتايىن نامرات كېيىنگەن بىر كىشىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، سۆھبەت ئاخىرلىشىپ ھەممەيلەن قايتىشقا باشلىغاندا، ئىمامىي ئەزەم ئۇ كىشىنى ئېلىپ قالدى ۋە جەينامازنىڭ ئاستىنى كۆرسىتىپ، "ئۇنىڭ ئاستىدا ئون مىڭ دەرھەم پۇل بار شۇنى ئېلىپ ئىشلەتكىن" دىدى. ئۇ كىشى بۇ گەپتىن قاتتىق چۆچۈپ "ياق، مەن ئىقتىسادىم بار باي ئادەممەن، ماڭا بۇنىڭ كېرىكى يوق" دىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئىمامى ئەزەم قاتتىق خاپا بولغان ھالدا "ئۇنداق بولسا، سەن كۆرۈنۈشىڭدىن نامرەتتەك بۇنداق قىياپەتتە يۈرمەسلىكىڭ لازىم" دەپ كايىدى.

بىر قېتىم كېسەل يوقلىغىلى كېتىۋاتقىنىدا، يولدا ئۆزىدىن قېچىپ چەتتە كېتىۋاتقان قەرزدارنى كۆرۈپ قالدى. ئىمامى ئەزەم ئۇنى ئاتايىن چاقىرىپ نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن قاچقانلىقىنى سورىدى. ئۇ كىشى "چۈنكى مەن سىلىگە ئون مىڭ دەرھەمگە قەرزدار" دەپ جاۋاپ قايتۇردى. نۇمۇستىن ھەتتا ئىمامى ئەزەمنىڭ چىرايىغىمۇ قاراشقا پېتىنالمايۋاتاتتى. بۇنداق نۇمۇسچانلىقنىڭ ۋىجدانىي ئازابىنى ھېس قىلىپ يەتكەن ئىمام ئەزەم "بولدى، مەن پۈتۈن قەرزنى ئەپۇ قىلىۋەتتىم، ئەمدى سەن قەرز قايتۇرۇشنىڭ غېمىنى قىلمىساڭمۇ بولىدۇ" دەپ كېتىپ

قالدى.

ئىمامى ئەزەم خوشنىلارغا مۇئامىلە قىلىشتىمۇ ئالاھىدە ئۈلگە ياراتقان بولۇپ، ئۇنىڭ تام خوشنىسى بىر موزدۇز ئىدى. ھەركۈنى دېگۈدەك كېچىسى ھېچ ئۇخلىماستىن گۈلدى ـ كالاپ قىلىش بىلەن بىرگە:

جەڭگە يارايتىم، ياماققىمۇ ھەم، قەدىرلىمىدى مىنى كىشىلەر

مەندەك شۇنچە كاتتا ئىنسانىنى قولدىن بېرىپ قويدى كىشىلەر.

دەپ ناخشا توۋلاپ چىقاتتى. ئىمامى ئەزەم گەرچە خوشنىسىنىڭ قالايمىقان ۋاقاراشلىرىدىن بولىشىغا سىقىلسىمۇ يەنىلا ئۇنىڭغا كايىپ يۈرمەيتى. موزدۇزمۇ ئۆزىنىڭ ناخشا توۋلاشلىرى بىلەن ئىمامى ئەزەمنىڭ ئىلمىي خىزمەتلىرىگە ۋە كېچىلىك ئىبادەتلىرىگە قانچىلىك زور تەسىر يەتكۈزىۋاتقانلىقىنى سەزمەي يۈرىۋېرەتتى. ئاخىرى بىر كۈنى بۇ ناچار خوشنا ھاراق ئىچىش جىنايىتى بىلەن تۈرمىغا كىرىپ قالدى. ئىمام ئەزەم شۇ كىچىسى خوشنىسىنىڭ ھېلىقى ناخشىسىنى ئاڭلانمىغاندىن كىيىن قاتتىق ئەنسىرەپ، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ چىقتى ۋە تۈرمىگە كىرىپ قالغانلىقىنى بىلگەندىن كىيىن ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مەھكىمىگە باردى. ھەتتا شاھ ئوردىسىغا تەكلىپ قىلىسىمۇ بېرىشنى ئەيىپ ھېساپلايدىغان ئىمامىي ئەزەمنىڭ ئۆز پۇتى بىلەن مەھكىمىگە قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ھۆكۈمران ئاجايىپ كاتتا ئىززەت ئىكرام بىلەن ئىمامى ئەزەمنى قارشى ئېلىپ نېمە سەۋەپتىن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ئىمامى ئەزەم مىنىڭ بىر خوشنام تۇتۇلۇپ قىلىپ تۈرمىگە كىرىپ قاپتۇ شۇنى تىلىۋالغىلى كەلدىم" دەپ جاۋاپ بەردى. ھۆكۈمران دەرھاللا تۈرمە باشلىقىنىڭ نامىغا ئۇنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە يارلىق يېزىپ بەردى.

ئىمامى ئەزەم تۈرمىگە بېرىپ، ئۇنى قايتۇرۇپ ئۆيىگە ئېلىپ مېڭىۋاتقان چاغدا، موزدۇزنىڭ ھېلىقى ناخشىسىنى ئەسلىتىپ "بۇرادەر، كۆرگەنسەن؟! مانا بىز سېنى قولدىن بېرىپ قويمىدۇق"

دىدى. موزدۇز ئىنتايىن مەمنۇن بولغان هالدا "ياق سىلى خوشىنىدارچىلىقنىڭ هەققىنى ئادا قىلدىل" دەپ جاۋاپ قايتۇردى. بۇ مۆمىنلەرچە ئىپسىل ئەخلاقنىڭ يۇمران ئوقى ئۇدۇل مودۇزنىڭ قەلبىگە تېگىپ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن هاراق ئىچىشتىن تەۋبە قىلىپ ئىلىم ۋە ئەمەلنىڭ يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

باشقىلارغا بولغان كۆيۈمچانلىق ۋە دەرتخانلىق شۇ دەرجىدە ۋايىغا يەتكەنكى، باشقىلارنىڭ ئازابىنى كۆرۈپ تۇرۇشقۇ ئۇياقتا، هەتتا ئاڭلاپ تۇرۇشقىمۇ چىداپ تۇرالمايتى. بىر قېتىم مەسجىدتە دەرس جەريانىدا كىشىلەر مەلۇم شەخسىنىڭ ئىشەكتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكى هەققىدە سۆزلىشىۋاتاتتى. بۇنى ئاڭلاپ قەلبى چىغىدە بولغان ئىمامى ئەزەم شۇ يەردىلا "ۋاي، ئاپلا!" دەپ ئۈنلۈك تووۋلاپ سالدى. مەسجىدتە هەممەيلەن تەئەججۇپلىنىپ قارىشىپ قالغان ئىدى. ئىمامى ئەزەم دەرهال دەرسنى تاشلاپ شۇ كىشىنىڭ كېسىلىنى يوقلاش ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

ئىمامى ئەزەم ئۆزىگە كەلگەندە بولسا، ئىنتايىن تەۋەككۈلچى، قورقۇمسىز ئادەم ئىدى. بىر قېتىم مەسجىد ئۆگزىسىدىن بىر زەهەرلىك يىلان ئۇدۇل ئىمامى ئەزەمنىڭ قۇچىغىغا چۈشتى. كىشىلەر قورقۇشۇپ، ئالا ـ توپا بولۇشۇپ كەتتى. ئەمما ئىمامىي ئەزەم هېچ ئىش بولمىغاندەك تەمكىن قاراپ ئولتۇراتتى.

ئىمامى ئەزەمنىڭ ئانىسىمۇ خۇددى قەدىمقىي زامانىنىڭ تەرسا قېرىلىرىدەك جاهىل مىجەزلىك بولۇپ، شەهەردىكى ئاتاقلىق ۋائىزلارغا بەك ئەقىدە قىلاتتى. هەرقانداق بىر دىنىي مەسىلىنى بىلگىسى كەلسە، ئىمام ئەزەمدىن سوراشنىڭ ئورنىغا شەهەردىكى ئاتاقلىق ۋائىز ئۆمرو ئىبنى زەرقە رەهىمەهۇللاهنىڭ يېنىغا ئوغلىنى ئەۋەتەتتى. دەۋرنىڭ كاتتا ئىمامى ئانىنىڭ هۆكمىنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن خۇددى تالىبقا ئوخشاش ئۆمرو ئىبنى زەرقانىڭ ئالدىغا بېرىپ،

مەسىلىنى سورايتى. ۋائىز "قىررىندىشىم، سىلى تۇرغان يەردە مەن قانداق ئىغىز ئاچالايمەن؟" دەپ تۇرىۋالاتتى. ئەمما ئىمامى ئەزەم ئانىنىڭ ئىتائەتمەن ئوغلىدەك يىلىنغان ھالدا "ئانام شۇنداق بۇيرىغان، سىلە جاۋاپ بەرمىسىلىرى زادى بولمايدۇ" دەپ تۇرىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن ۋائىز كۆپ ھاللاردا "ئالدى بىلەن سىلى ئېيتىپ بەرسىلە، ئاندىن مەن شۇنى تەكرارلاپ بېرەي" دەيتى. بەزىدە ئانىسى "ئوغلۇم ئۆزى جاۋاپ بەردىمىكى" دەپ گۇمانلىنىپ "مېنى ۋائىزنىڭ يېنىغا ئېلىپ بار" دەپ تۇرىۋالاتتى. ئىمام ئەزەم دەرھال ئىشەكنى ھازىرلاپ، چۈلۈپەردىن يېتىلىگەنچە ۋائىزنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ ئانىسىنى قانائەتلەندۈرگەندىن كىيىن ئاندىن ئۆيگە قايتۇرۇپ كېلەتتى.

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بۇ قەدەر دىيانەتلىك پاك ئەخلاغلىق زاتنىڭ ئاللاھ بولغان ئىبادەتتىكى ئاجايىپ تەقۋادارلىقىغىمۇ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرى ھەيرەتتە قالماي تۇرالمايتى. كۆپىنچە نامازدا قۇرئان كەرىمنى تىلىۋەت قىلىۋاتقان چاغلىرىدىمۇ ئاۋازلىرى بىردىنلا تىترەپ، چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈپ كېتەتتى ۋە ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېسەدەپ يىغلاپ سالاتتى. ئىبراھىم بەسرى رەھىمەھۇللاھ "مەن بىر قېتىم بامدات نامىزىنى ئوقۇۋېتىپ، قۇرئاندىكى "ئاللاھ زۇلۇم قىلغۇچىلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس" دېگەن مەزمۇنلۇق ئايەتكە كەلگەندە ئىمام ئەزەمنىڭ چوڭقۇر ھاياجانغا چۆكۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، پۈتلىرىنىڭ ئۆرە تۇرغان يېتى لاغ ـ لاغ تىترەپ كېتىۋاتقانىقىنى كۆرگەن ئىدىم" دەپ بايان قىلىدۇ.

زائىدە ئىسىملىك يەنە بىر كىشى "مەن بىر قېتىم مەلۇم بىر مەسىلىنى سوراش ئۈچۈن بېرىپ ئىمام ئەزەم بىلەن خۇپتەن نامىزىنى بىرگە ئوقۇدۇم. نەپلە نامازلىرىنى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن مەسىلىنى سورايمەن دەپ كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئەمما ئاخىرىدا ئىمامى ئەزەم قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، "وَوَقَانَا عَذَابَ السَّمُومِ" (52 / 27) "ئاللاھ بىزنى زەھەرلىك ئازابتىن ساقلىدى" دېگەن يەرگە كەلگەندە، ئايەتتىكى ئازابنىڭ ئاچچىقنى ھېس قىلغاندەك بىردىنلا چوڭقۇر ھاياجانغا چۆمۈپ كەتتى. كېچىچە ئەشۇ بىرلا ئايەتنى ئارقا ـ ئارقىدىن تىلاۋەت قىلىپ ئېسەدەپ يىغلاش بىلەن

ھەتتا تاڭ ئېتىپ كەتتى" دەپ بايان قىلىدۇ. ئىمام ئەزەم بىلەن زاماندىش ئاتاقلىق ئابىد يەزىد ئىبنى كەممىيەت مۇنداق دەيدۇ:

"بىر قېتىم خۇپتەن نامىزىدا ئىمامى ئەزەم زەلزەلە سۈرىسىنى ئوقۇغان ئىدى. كىشىلەر نامازنى ئوقۇپ بولۇپ قايتىپ كېتىشتى. ئەمما مەن بىر ئاز تۇرۇپ قالدىم. قارىسام ئىمامى ئەزەم قاتتىق ئىستىغراقتا (يەنى چوڭقۇر ھاياجانغا) چۆكۈپ، ئولتۇرغان ئىكەن، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ ئۇنىڭ قاتتىق ئۇھ تارتىۋاتقانلىقىنى، بايقاپ قالدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بۇ غەمكىن كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن جىمغىنە قايتىپ كەتتىم. ئەتىسى سەھەردە بامدات نامىزىدىن بۇرۇنراق بىرىپ قارىسام، ئىمامى ئەزەم يەنە شۇ ھالدا قوللىرى بىلەن توختىماي ساقىلىنى سىلىۋاتقان پېتى ئولتۇرۇپتۇ ھەمدە ئىسەدەپ، بوقۇلداپ يىغلىغانچە "ئي زەررىچە ياخشىلىق بىلەن زەررىچە يامانلىقنىڭمۇ تېگىشلىك ھەسسىسىنى بەرمەي قويمايدىغان ئاللاھ، پىقىر نوئمانىنى دوزاق ئوتىدىن ساقلىغايسەن، دوزاق ئوتىدىن ساقلىغايسەن" دەپ دۇئا قىلغىلى تۇرۇپتۇ"

ئىمام ئەزەم بىر قېتىم بازاردا كېتىۋېتىپ ئېھتىياتسىزلىقتىن بىر ياش بالىنىڭ پۇتىغا دەسسەپ سالدى. بالا ۋاقىرىغانچە "ئەجىبا ئاللاھدىن قورقمامسەن؟" دەپ توۋلىدى. بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا ئىمام ئەزەمنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلۇشۇپ شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى. ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن كىشىلەر "بىر گۆدەك بالىنىڭ گېپىگىمۇ شۇنچە تەسىرلىنىپ كېتىشىڭ نېمە ھاجىتى؟" دەپ سورىدى. ئىمام ئەزەم "ئەشۇ ياشىنىڭ ئېغىزى بىلەن ماڭا غەيىپتىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن بولىشىمۇ ئەجەپ ئەمەسقۇ؟" دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

بىر قېتىم مەلۇم بىر مەسىلىگە جاۋاپ بېرىۋاتاتتى؛ يەنە بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ "ئى ئەبۇ ھەنىفە! ئاللاھدىن قورقۇپ تۇرۇپ پەتىۋا بەرگىن" دىدى. بۇنى ئاڭلاپ ئىمامى ئەزەمنىڭ چىرايى قورقۇنۇشتىن پۈتۈنلەي سارغىيىپ كەتتى ۋە تىترەپ كېتىۋاتقان ئاۋاز بىلەن "قىرىندىشىم، ئاللاھ

ساخا رەھمەت قىلسۇن، ئەگەر مەن ئاللاھنىڭ "ئىلمىنى بىلىپ تۇرۇپ نىمە ئۈچۈن يوشۇردۇڭ؟ دەپ جاۋاپكارلىققا تارتىدىغانلىقىدىن قورمىسام ئىدىم، پەتىۋاغا ھەرگىز ئېغىزىمۇ ئاچمىغان بولاتتىم" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئاتاقلىق بۈزرۈكلاردىن فۇزەيل ئىبنى ئاياز رەھىمەھۇللاھ ئىمامى ئەزەمنىڭ بىرەر مەسىلىنى بىلەلمەي قىيىنچىلىققا دۇچ كەلگەن ھەرقانداق چاغدا "بەلكىم بىرەر گۇناھىم تۇپەيلى شۇنداق بولىۋاتسا كېرەك" دېگەننى ئويلاپ، بالىلاردەك ئېسەدەپ يىغلاپ كېتىدىغانلىقىنى، دەرھال تاھارەت ئىلىپ، سەجدىگە باش قويۇپ، گۇناھىغا مەغپىرەت تىلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ:

ــ ئىمام ئەبۇ ھەنىفە رەھىمەھۇللاھنىڭ گۇناھى ھەقىقەتەنمۇ ئاز ئىكەن، چۈنكى ئۇ ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەنمۇ تەۋبە قىلىپ يىغلاپ كېتىدىكەن. ئەمما باشتىن ئايىغىچە گۇناھقىلا پاتقان كىشىلەر بولسا، گەرچە بېشىغا مىڭلاپ بالايى ـ ئاپەتلەر كەلسىمۇ، "بۇ بەلكىم غەيىپتىن بېرىلىۋاتقان ئاگاھلاندۇرۇشتۇر" دېگەننى قەتئىي خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمايدۇ ـ دېگەن ئىدى.

قىرىنداشلار، بىزنىڭ ئوقۇپ ئۆتكىنىمىز شۇنداق مىسلىسىز تەقۋادار ئىمامنىڭ ھېكايىسىكى، بىر قېتىم خىزمەتكارى دۇككاننى ئېچىشنىڭ ئالدىدا خەيرلىك تىلەپ "ئاللاھ بىزگە جەننەت ئاتا قىلغاي" دېگەن ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ بەندىچىلىكنىڭ ھاياجانلىق تۇيغۇسىدا ھۆڭرەپ يىغلاپ سالغان ئىمام ئەزەمنىڭ تىنىقى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىپ، ئاۋازىمۇ بوغۇلۇپ قېلىشقا باشلىدى. ھەتتا دۇككاندا ئۆزىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇش مۇمكىن بولماي دەرھال تاقاپ ئورمانلىققا يۈگۈردى ۋە ئۆزىنى قويۇپ بېرىپ پۈخادىن چىققۇچە يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن ئورماندىن يېنىپ چىقتى. بىر ئازدىن كېيىن كۆڭلى سەل تىنغاندەك بولغاندا، خىزمەتچىسىگە ھەسرەتلىك قاراپ "بۇنچە چوڭ گەپنى قىلىشقا نەدىمۇ بىزنىڭ سالاھىيىتىمىز توشسۇن؟ ناۋادا

ئازاپتىنلا ساقلىنىپ قالالىساق شۇنىڭ ئۆزى كاتتا بەختىيارلىق بولىدۇ" دىدى ۋە ھەزرەتى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسىنى ئەسلىتىپ، "ئۇ شۇنچە كاتتا ساھابە تۇرۇپمۇ ھەر دائىم "ھېساۋىم تەخدە ـ تەڭ چىقىپلا قالسا، ناھايىتى ئاسان سودىغا يولۇققان بولىمەن" دېگەننى تەكرارلايتى" دەپ چۈشەندۈردى.

دېمەك، ئۆزىنى "مۇسۇلمان" دەپ ئاتايدىغان ئەجداتلىرىمىز ئەنە شۇنداق مۇسۇلمان ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟ بىز رەھمەتلىك ئاللاھقا سەجدىكار بولۇشتەك پەزىلەتتىن قىچىپ، دۇنيانىڭ رەزىل مال ـ بايلىقلىرىغا سەجدە قىلغانچە بۇرنىمىزنى يەرگە سۈۋاپ يۈرمەكتىمىز. ئۇلۇغ تەرىپىمىزدە ئاللاھنىڭ بىزنى تۇغما مۇسۇلمان قىلىپ ياراتقانلىقىدىن ئىبارەت كاتتا مەرھەمىتى سايە تاشلاۋاتقان بولسا، سول تەرىپىمىزدە "مۇسۇلمان پېتى ئۆلەلەمدۇق يوق؟" دېگەن ئەڭ قىيىن مەسىلە مەھشەرنىڭ زىلزىلىسىنى ئەسلەتمەكتە. ئەمما بىز شۇنداقتىمۇ يەنىلا شۇنچە بىپەرۋا، شۇنچە نانكور، شۇنچە ھېسسىز. توۋا دېمەي بولمايدۇكى، شۇنداقتىمۇ يەنىلا مۇسۇلمان، يەنىلا مۇسۇلمان.

مىر كامىلجان تەرجىمىسى.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# پىلسىرات كۆۋرىكى

(شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەققانىيەتتىن رەڭ ئىلىپ، ئاجىزانە بەندىچىلىك تۈيغۇلىرىدىن جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان جەسۇر قانلىرى تومۇرلىرىدا ئۆركەش ياساپ ئىقىشقا ئەمەس، بەلكى ھەق ئۈچۈن يەرگە تۆكۈلۈپ كېتىشكە قايىل ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ ئالدىدا سەجدىگە باش قويۇپ، پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە قول بەرگەن چاغنىڭ ئۆزىدىلا ئاخىرەتنىڭ بۇ پانى دۇنيادىن نەقەدەر كاتتا، نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي تونۇپ يەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ زالىملارنىڭ قانخور كۆزلىرىگە تىكىلگەن ھالدا "بۇ پۈتكۈل كائىنات دەل مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئەشۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ مۈلكى. ئۇنىڭدىكى بارچە مەۋجۇتلۇق ئاللاھنىڭ مەخلۇقلىرى ۋە قۇللىرى" دىگەن زىلزىلىلىك شۇئارنى جاكارلىيالايدىغان ئاجايىپ بىر جاسارەتنىڭ ھارارىتىنى ھىس قىلغان ئىدى.

ئاخىرى ئۇ راستىنلا شۇنداق قىلىپ كۆرسەتتى. تېخى ئەمدىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بارىگاھىدا باغرىغا باسقان ھەقنى جاراڭلىق جاكارلاش ئۈچۈن كوچىغا ئاتلاندى. گەرچە ئەينى چاغدا ئىماننى ئاشكارا جاكارلاش جاننى دوغا تىككەن بىلەن ئوخشاش بولۇپ ھىساپلانسىمۇ، ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جىنىنى ئالقىنىغا ئىلىپ قويۇپ، ئۇدۇل بارغىنىچە قانچە يۈزلىگەن بۇتلارنىڭ ئالدىدا ۋە قانچە مىڭلىغان ياۋۇز، قانخور مۇشرىكلارنىڭ ئارىسىدا ئاللاھنىڭ تەۋھىدىنى ۋە مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەيغەمبەرلىكىنى ئۈنلۈك ياڭراتتى. ئوت چاچرىتىپ تۇرغان غەزەپلىك قاپاقلار، نەپرەت ۋە ئەسەبىيەتكە تولغان تاش ـ توقماقلار تۇشمۇ تۇشتىن يېغىشقا باشلىدى. ئەمما شۇنچە شىددەتلىك ھۇجۇم، زەربىلەرمۇ ئاللاھنىڭ بۇ تەنھا

بەندىسىنى بويۇن ئەگدۇرەلمىدى. ئۇ دەسسەپ، يەنچىۋېتىلگەن جىسمىنى ئاران سۆرەپ قوتۇلۇپ كەلگەن ئەشۇ قاباھەتلىك جايدا، ئەتىسى يەنە ھەقنىڭ ساداسىنى ياڭراتقىنىچە پەيدا بولدى.

ئۇنىڭ ساداسى مەككىنى قاپلاپ تۇرغان 360 دانە بۇتنىڭ ئۈلىنى تەۋرىتىپ، گويا باتىلنىڭ پولات قەلئەلىرىنى سوقۇۋاتقان چاقماقتەك گۈلدۈرلىمەكتە ئىدى. تەنھا بىرلا ئىنساننىڭ قورقۇمسىز جاسارىتى مىڭلىغان ياۋۇز ئەبلەخلەرنى دوئىلغا چاقىرماقتا ئىدى. چۈنكى ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىزگە ئوخشاش ئاڭسىز گۆش، سۆڭەكنىڭ جۇغلانمىسى ئەمەس، بەلكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان پولاتتەك ئىمانىنىڭ پەلەك سۆيەر ساداسى بولۇپ، ئۇ گويا تىنىمسىز جۇش ئۇرۇۋاتقان ئىمان، ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دولقۇن، روھنىڭ ھەممىنى زىلزىلىگە سالغۇچ ساداسى، قەلبنىڭ ھاياجانلىق ساماسى ئىدىكى، باتىلنىڭ ھەممە ئەتراپىنى چىرماپ تۇرغان قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلىرىغا توپ ئۇقىدەك ئېتىلغانچە بىرىپ، پارە ـ پارە قىلىپ تاشلاشنى ھەمدە ئىلگىرى ئىنسان پەيدا قىلىنغان ۋە ئاخىرىدا قايتا يەنە ئۇنىڭدىن تۇرغۇزىلىدىغان ئەشۇ تۇپراققا ھەق ئۇچۇن كۆمۈلۈپ كىتىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

ئۇنىڭ قەلبىدە توختىماي لاۋۇلداپ تۇرىدىغان ئىنقىلاب يالقۇنى، كاپىرلارغا چاقماق بولۇپ ئۇرىلىدىغان ئەشۇ قورقۇمسىز جاسارىتى "مۇھەممەد سەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم" ئاتلىق مۇبارەك زاتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بولسا، ئىھتىرام ۋە ئاجىزانە ئەقىدەتتىن بوّلەكچىلا ھالغا كىلىپ قالاتتى. دىمەك، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش قورقۇمسىز، شىر يۈرەك مەردانىلارنىڭ قەلب دولقۇنلىرى ھەق، ساداقەتنىڭ مۇجەسسەمىسى بولغان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرلا ئىشارىسى بىلەن ساماغا چۇشۇپ، يەنە بىرلا ئىشارىسى بىلەن ئىزىدا توختايتى.

بارلىق ساھابىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كامالەتلىك كىشىلىك ئوبرازىدىن ئۆز سالاھىيەت قىزغىنلىقىغا يارىشا مۆكەممەل ئۈلگە ئالغان بولۇپ، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زەھدۇ ـ پىقىرلىقىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن ۋە ئۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدىدا شۇ قەدەر تولۇق نامايەن قىلغان ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ زەھدۇ ـ پىقىرلىقىنى ئەيسا ئەلەيھىسسالامنىڭ زاھىدلىقىغا ئوخشاتقان ئىدى.

ئىسلامنى قوبۇل قىلىشتىن ئىلگىرى گەرچە ئۇ رەھىمسىز قاراقچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇنغا بارماي‌لا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجايىپ بىر ئىنقىلاۋى ئۆزگىرىش بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ قەلبى "پۈتكۈل كائىناتنىڭ پەقەت بىرلا خۇداسى بار" دەپ گۇۋاھلىق بەرمەكتە ئىدى. تەۋھىدنىڭ بۇ ھارارىتى ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا يالقۇنلاشقا باشلىغاندا بولسا، كىشىلەردىن بۆلەكچە ئاپلىپ كۆنۈپ قالغان بۇ رەھىمسىز ئىنسان بىردىنلا ئاللاھ يولىدا بارلىقىنى ئاتىۋېتىشكە ئالدىرايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدىلىكتە دۇنيانىڭ بايلىقلىرىدىن سەسكىنىپ، دىنىنىڭ بايلىقىغا تەلەپكار بولۇپ قالغان ئىدى. ئاللىبۇرۇنلا تەپەككۇرغا تايىنىپ، ئۆزى ئىمان ئېيتىپ بولغان ئەشۇ ئاللاھنى ئۇنىڭ قەلب، روھى ئىزدەپ تېپىشقا بېقارار ئىدى. ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي شۇنچە يىراقتىن ھەققانىيەتنىڭ شەپىسىنى ئاڭلاش بىلەنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى ۋە بىرىنچى نەزەردىلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزلىرىدە پارلاۋاتقان ھەققانىيەتنىڭ تەجەللىسىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىغا مەڭگۈگە ئاتىۋەتتى. ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكىدە زادى قانداق مىسلىسىز بايلىقنى كۆرۈپ يەتتىكىن تاڭ، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئالتۇن، كۈمۈشلەرنى تاش، تۇپراقتەكلا قىممەتسىز ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ئۆزىنىڭ پەقىرانە ھاياتىغا مەنسەپ، بايلىق دېگەننىڭ سايىسىنىمۇ چۈشكىلى قويمىدى. ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بولغان سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى شۇ قەدەر چوڭقۇر ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم ھەممىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا سۆز قىلاتتى. ھەتتا ۋاپات بولۇش ئالدىدىمۇ ئۇنى سېغىنىپ چاقىرتقان ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن

دىدارلىشىۋېلىش ئۈچۈن يېنىغا كەلگەندە، ماماتلىق كارۋىتىدا ياتقان پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم گويا ئۇنى دۇنيادا تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمىغاندەك ئۇزۇنغىچە باغرىغا بېسىپ قۇچاقلىغان ئىدى.

ئاھ! پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باغرىغا بېسىلغان نەقەدەر شەرەپلىك، نەقەدەر مۇبارەك، نەقەدەر بەختىيار كۆكرەك ھە؟! كاشكى بىزمۇ شۇ دەۋردە تۇغۇلغان بولساق، بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولداشلىرى، سەپداشلىرى، ئەسھابىلىرى بولالىغان بولساق، قانغىچە دىدارلىشىپ، مەھكەم بىر قۇچاقلىيالىغان بولساق، قەلبلىرىمىز شاتلىقتىن چاك ـ چاك يېرىلماسمىدى؟ بىزمۇ ساھابىلەردەك "ئاتا ـ ئانام ساڭا تەسەددۇق يا رەسۇلۇللاھ!" دەپ توۋلىغان بولماسمىدۇق؟

شۇنداق، ساھابىلەرنىڭ ھاياتلىق تەزكىرىلىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا ئەشۇنداق ھەسرەتتىن يۈزلىرى ياش بىلەن ھۆل بولۇپ كېتىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس، ئەمما ئەمەلىيەتتىمىزدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئەبۇجەھىل ۋە ئەبۇلەھەبلەرنى بېسىپ چۈشىدىغانلىرىمىزمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا بەلكىم ئاللاھ تائالا ئەبۇ جەھىل ۋە ئەبۇلەھەبلەرنىڭ سانىنى ئاۋۇتماسلىق ئۈچۈن ئۆز رەھمىتى ۋە ھېكمىتى بىلەن بىزنى كېچىكتۈرۈپ ھازىرقى دەۋردە پەيدا قىلغان بولىشى مۇمكىن.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نىسبەتەن شۇ قېتىمقىسى پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئاخىرقى قېتىم قوچاقلىشىش بولۇپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇقەددەس باغرىغا بېسىلىشتەك شەرەپ قۇچقان ئەشۇ بەختىيار كۆكرەكلىرى شۇ قەدەر مىسلىسىز ھارارەت ھاسىل قىلغان ئىدىكى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن پانى دۇنياغا قۇچاق ئېچىشنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭغا نىسبەتەن گويا دەرەخ سايىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، يىراقتا ئاتلانغان مۇساپىر ئۇنىڭ ئاستىدا بىر دەملىك سايىدىۋالسا

بولاتتىكى، ھەرگىزمۇ يۈتىنى ئۈزۈتۈپ يېتىشقا بولمايتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىقىدا ئۇ پەقەت بىرلا قېتىم قۇماندانلىقنى تەلەپ قىلىپ باققان ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەھىدىن باشقا سۆز چىقمايدىغان مۇبارەك ئېغىزىدىن "ئى ئەبۇزەر! سەن تېخى ناتىۋان ئادەم، مەن سەن ئۈچۈن ئۆزۈمگە ئەڭ ياخشى كۆرگەننى ياخشى كۆرىمەن" دېگەن جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن تارتىپلا دۇنيانىڭ مەھلىيالىق زەرلىرىنى ئۆز ئېتىگىدىن مەڭگۈگە قېقىپ تاشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ زۇھدۇ ـ پېقىرلىققا شۇ قەدەر چۆكۈپ كەتتىكى، ئاخىرەتكە يېقىن، دۇنيادىن يىراق ياشايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ بەزىدە راھىپلىقتەك تۇيۇلۇپ كېتىدىغان بۇ زاھىدلىقى ئەمەلىيەتتە ھەرگىزمۇ راھىپلىق ئەمەس ئىدى. ئۇ دۇنيادىن قاچقانلاردىن بولماستىن، بەلكى دۇنيادا تۇرۇپ دۇنيانى تاشلىغانلاردىن ئىدى. ئۇنىڭ زاھىدلىقىنىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى ئەڭ يېقىن دوستى ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن بولغان سۆھبىتىدىن تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەندىن كېيىن بىر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كېلىپ "ئى قېرىندىشىم! ئى قېرىندىشىم!" دېگىنىچە ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولدى. ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆزىدىن يىراققا ئىتتىرىپ: "ھازىر سەن بىر ۋالى تۇرساڭ، مەن قانداقمۇ سېنىڭ قېرىندىشىڭ بولىمەن؟" دەپ تۇرىۋالدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ بۇ دېگىنى "ناۋادا قەلب بايلىقىڭنىڭ ئورنىنى ھوقۇق بىلەن دۇنيانىڭ بايلىقى ئىگەللىۋالمىغان بولسا، بىز قېرىنداشمىز، ئۇنداق بولمايدىكەن، سەندەك باياشات ۋالى بىلەن مەندەك بىر پېقىرنىڭ نەدىمۇ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولسۇن؟" دېگەنلىك بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە بىر كۆرۈشۈش پۇرسىتى كەلگەندە بۇ ئىش ئايدىڭلاشقان ئىدى. شۇ چاغدا ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىنچى قېتىم يەنە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولغاندا، ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭدىن: "بىرەر ئىگىز ئىمارەت

سىلىۋالمىغانسەن؟ ياكى كاتتا ئىتىز، نۇرغۇن مال، ئۇلاغلارغا ئىگە بولۇپ قالمىغانسەن؟" دەپ سورىدى.

ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: "ياق ئۇنداق قىلمىدىم" دەپ جاۋاپ بەردى. شۇ چاغدىلا ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ ھەقىقىي قېرىنداشلىق تۇيغۇسىنى ئىزھار قىلىپ: "ئەمىسە راستىنلا مېنىڭ ھەقىقىي قېرىنىمدىشىمكەنسەن" دەپ ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلاشتى.

بىر قېتىم ئۇنىڭ بىرلا ئۇزانچىغا يۆگىنىپ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەبۇ مەرۋان نامازدىن كېيىن "ئى ئەبۇزەر! مۇشۇ ئورانچاڭلا قالدىمۇ؟ ئىلگىرى باشقا كىيىم ـ كېچەكلىرىڭمۇ بار ئىدىغۇ؟!" دەپ سورىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "باشقا كىيىملىرىم بولغان بولسا، كۆزۈڭ كۆرمەمتى؟ مەن ئۇلارنى ھاجەتمەنلەرگە بېرىۋەتتىم" دەپ جاۋاپ بەردى.

قاتتىق ھەيران قالغان ئەبۇ مەرۋان "ئەسلى شۇنىڭغا سەن ئۆزەڭ ھاجەتمەن تۇرساڭ" دېۋېدى، بۇنى ئاڭلىغان ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا ئاجايىپ روھىي ئىزتىراپلار نامايەن بولۇشقا باشلىدى ۋە قاتتىق ھەسرەتلىك ئاۋاز بىلەن "ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلسۇن، سەن مېنى "دۇنياغا ئاۋۇتقان" دېمەكچىمۇ؟ ئەجەبا كۆزۈڭ كۆرمەيۋاتامدۇ؟ بىر ئۇزانچىغا ئورۇنۇپ ئولتۇرۇپتىمەن، مەسجىدگە ئۇچۇن يەنە بىرسى بار. سۈتىنى سېغىپ ئىچىشكە بىر قانچە ئۆچكىلىرىم بار. تاماق ئېتىپ بېرىشكە بىر خادىمىم بار. قېنى ئېيتىپ باققىنە، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە بولۇشى لازىم ئىدى؟" دەپ جاۋاپ بەردى.

ئەمما ئەمەلىيەتتە، ئەچكۈلىرىدىن ساغقان سۈتىنىمۇ ئۇ ئۆزىلا ئىچمەيتتى. سۈتتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنى كۆرگەندە ئاتا قىلغۇچىغا تەشەككۈر بىلدۈرۈش ئۇچۇن ئەتراپتىكىلەرنى ئەسلەيتى. ئۇنىڭ داسقىنىنىڭ دائىملىق مېھمانلىرى بولىدىغان خولۇم ـ خوشنا، غېرىپ ـ غۇرۋالارغا

تارقىتىپ بېرەتتى. شۇنىڭدىن ئېشىپ قالغانلىرىنى ئاندىن ئايالى بىلەن ئۆزى ئىچەتتى. بەلكى كۆپ ھاللاردا سۈت تۈگەپ كېتىپ، ئۇنىڭغا تېگىشلىك بولغان نېمەتنىڭ شۈكرانىسى بىلەنلا قانائەتلىنەتتى. ئۇ زۇھدۇ ـ پەقىرلىقتا ئادەتتىن تاشقىرى شۇ دەرىجىدە قاتتىق بېرىلىپ كەتكەن ئىدىكى، بۇ نۇقتىدىن ھەتتا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ يۈكىنى تەڭلا كۆتىرىپ، پىلىسىرات كۆۋرىكىدىن ئۆتۈش تەييارلىقىنى قىلىۋاتقان باشقا نۇرغۇن كۈچتۈڭگۈر ساھابىلەر بىلەن بەزىدە پىكىر توقۇنۇشى كېلىپ چىقىش خەۋپى باردەك تۇيۇلۇپ قالاتتى. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، بىر قېتىم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن "ناۋادا ئۆزىگە كۆپرەك ئۆلۈش ئېلىۋالىدىغان كىشىلەر ساڭا ھۆكۈمران بولۇپ قالسا، قانداق قىلىسەن؟" دەپ سورىغان ئىدى.

ئۇ: "قىلىچىمنى ئېشقا سالىمەن" دەپ جاۋاپ بەرگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "مەن ساڭا بۇنىڭدىنمۇ ياخشى مەسلىھەت بېرەي، ئۇ چاغدا سەن تاكى ئاخىرەتتە مەن بىلەن ئۇچراشقانغا قەدەر سەبىر قىلغىن" دەپ تاپىلىغان ئىدى.

بىر قېتىم ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەسجىدتە يېتىپ تۇرىشىغا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە كەلگۈسىدىكى بولىدىغان غەيىپ ئىشلار تەرەپكە ئىشارە قىلغان ھالدا: "ئى ئەبۇزەر! ناۋادا بۇ جايدىن قوغلانساڭ قانداق قىلىسەن؟" دەپ سورىدى.

ئۇ: "ئۆز ئۆيۈمگە ياكى مەسجىد نەبەۋىگە كېتىمەن" دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "ناۋادا ئۆيەردىنمۇ قوغلانساڭچۇ؟!" دەپ يەنە سورىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "ئۇ چاغدا قىلىچىمنى ئېشقا سالىمەن" دەپ جاۋاپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ جاۋاپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنىڭ مۈرىسىگە ئاستا قولىنى قويۇپ: "ئى ئەبۇ زەر! ئاللاھ سېنى ئەپۇ قىلسۇن... قىلىچىڭنى چىقارمىغىن، بەلكى ئۇلار سېنى قەيەرگە دېسە، شۇ يەرگە كەتكىن" دەپ بۇيرىدى.

تارىخ گۇۋاھكى، ئوبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە، ئۇنىڭغا زەبدەگە كېتىپ تۇرۇش ھەققىدە مەسلىھەت بېرىلدى. ئۇ سۆزسىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدۇل زەبدەگە كەتتى ۋە شۇ يەردە ئىستىقامەتلىك ھاياتىنى باشلىۋەتتى. زەبدەدىكى كىشىلەر ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىلتىماسىنىڭ ئۈستىگە ئىلتىماس قىلىپ، "سىز ئۇچۇنچى خەلىپە ئوسمانغا قارشى قوزغالسىڭىز، بىز سىزنى قەتئىي ھىمايە قىلىمىز" دەپ تۇرىۋالدى. ئەمما ئۇ بۇ پىتنىنىڭ بېشىنى پۈتۈنلەي يەنچىپ تاشلاش ئۈچۈن شۇ كۈندىن باشلاپ، بىر قارا تەنلىك قۇلغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان، ھەتتا نامازدا جامائەتكە ئىمام بولۇشنىمۇ قەتئىي قوبۇل قىلغىلى ئۇنىمايدىغان بولىۋالدى. سەۋەبىنى سورىغان كىشىلەرگە: "مېنىڭ ئەك يېقىن جان - جىگەر دوستۇم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى شۇنداق بۇيرىغان" دەپ سۆزلەپ بېرەتتى.

ئاھ! پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ سەردارى، ئاخىرقى پەيغەمبىرىمىز سەللەلاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى "ئەڭ يېقىن، جان - جىگەر دوستۇم" دەپ ئاتىيالايدىغان ئەشۇ كىشىلەر نەرقەدەر شەرەپلىك، نەقەدەر بەختىيار زاتلار بولغىيتى - ھە؟! ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش باتىل ئۈچۈن شەمشىرى يالىڭاچ، شىر يۈرەك، چېكىنمەس مەردانىلار ھەر بىر سۆزىگە پىداكارانە ئىتائەت قىلغان ئەشۇ پەيغەمبىرىمىز نەقەدەر كامالەتلىك، ئەيمىنىشلىك ھەم سۆيۈملۈك، ئۇلۇغ ئىنسان بولغىيتى - ھە؟!

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز ھەدىسىدە، "مەندىن كېيىن شۇنداق ئۈممەتلىرىمۇ بارلىققا كېلىدۇكى، ئۇلار مېنى ھېچ كۆرمەستىن، ئىمان ئېيتىدۇ. ئەمما مەن ئۇلارنى كۆرۈشنى شۇنداق ئارزۇ قىلىمەن" دېگەن ئىكەن. ئاھ! بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كۆرۈشنى ئارزۇ قىلغان ئەشۇ بەختلىك ئۈممەتتىن بولالىغان بولساق ئىدۇق كاشكى! ئەمما ئەمەلىيىتىمىز شۇ قەدەر يىرگىنىشلىك ئىكەنكى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى چۈشىمىزدە  بولسىمۇ

كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاي دېمەيمىز.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زەبدەدىكى ھاياتى دەل مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئىختىلاپلار باش كۆتىرىپ، پىتنىگە ئايلىنىپ قىلىۋاتقان دەۋرگە توغرا كېلەتتى. بىر تەرەپتىن ئۇرۇش غەلىبىلىرىگە ئەگىشىپ، دۇنيانىڭ بايلىقى سەلدەك ئېقىپ كېلىشكە باشلىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن پىتنە يالقۇنلىرى ئەۋج ئالماقتا ئىدى. ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا بۇ ھەر ئىككى خىل پىتنىدىن ساقلانماقچى ئىدى. شۇڭا تەنھالىقنى مەھكەم قۇچاقلاپ، بۇ ھەر ئىككى سىناقتىن سالامەت قالدى. لېكىن ئاياللىغا نىسبەتەن ئۇنىڭ بۇنداق زۇھدۇ - پېقىرلىقى چىدىغۇسىز ئېغىر سىناققا ئايلىنىپ قالماي تۇرالمىدى.

بىر قېتىم ئىمران ئىبنى ئەۋتان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ خۇددى شىددەتلىك بوراندىن قاچقان ئادەمدەك مەسجىدنىڭ بولىقىغا كىرىۋېلىپ تەنھا ئولتۇرغانلىقىنى كۆرگەندە، ئېتىراز بىلدۈرگەن ئاھاڭدا، "بۇ يەردە يالغۇز نېمە ئىش قىلىپ يۈرىيدىغانسىز؟" دەپ سورىغان ئىدى.

ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاستا بېشىنى كۆتىرىپ: "مەن سەردارىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ "يامان ھەمراھتىن يالغۇزلۇق ياخشى" دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم" دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

ئەبۇئەسما دەل ئەشۇ دەۋرلەردە ئۇنىڭ بىلەن مۇلاقەتتە بولۇش ئۈچۈن زەبدەگە كەلدى ۋە ئاياللىنىڭ شۇ قەدەر ھالى خاراپلىقىنى، ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆز پېقىرلىقى بىلەن مەست ئىكەنلىكىنى كۆردى.

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئاياللىنى ئىشارە قىلىپ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا "بۇ ئايال ماڭا ئىراققا كەتسەك، دەيدۇ. لېكىن ئىراققا بارسام كىشىلەر دۇنيانى ئالدىمغا قويىدۇ، ئاندىن بۇ ئېغىر يۈك مېنى پىلسىرات كۆۋرىكىدىن يېقىتماي قالمايدۇ. شۇڭا مەن ئۆزەم

كۆتىرەلمەيدىغان بۇنداق ئېغىر يۈكلەردىن خالىي ياشىماقچى بولىۋاتىمەن" دېدى ۋە بىر ئاز جىملىقتىن كېيىن "چۈنكى سۆيۈملۈك دوستۇم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: "جەھەننەمنىڭ كۆۋرىكى ئالدىدا پۈتنى تېيىلدۇرىۋېتىدىغان بىر يول بار، سىلەر شۇنىڭدىن ئۆتەلىشىڭلار لازىم" دېگەن ئىدى" دېيىش بىلەن سۆزىنى تاماملىدى.

بىر قېتىم ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بەيتۇلمۇقەددەستە، بىر ئادەمنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇزۇنغىچە توختىماي سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق ھەيران قالدى ھەمدە ئۇ كىشىگە ئالاھىدە قىزىقىپ، سەۋەبىنى بىلىپ بېقىش كويىدا ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ۋە قەستەن گەپ كوچىلاپ، مەنىلىك ھالدا "سىز مېنىڭ قانچە رەكئەت ئادا قىلغانلىقىمنى ئېيتىپ بەرسىڭىز بوپتىكەن؟" دەپ سورىدى.

ئۇنىڭ نىمە مەقسەتتە شۇنداق سوراۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ "ئەگەر مەن بىلمىسەم، ئاللاھ چوقۇم بىلىدۇ" دەپ قىسقىلا جاۋاپ قايتۇردى. ئاندىن بىرئاز ئىزاھلاپ قويۇش ئۈچۈن ئىنتايىن تىترەڭكۈ ئاۋازدا سۆز قىلىشقا باشلىدى.

ـ مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستۇم... ئەبۇل قاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا...

ئۇ سۆزىنى تولۇقلىيالماي ئاۋازى ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشكە باشلىدى.

ـ مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستۇم... ئەبۇل قاسىم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا...

ئىككىنچى قېتىممۇ ئاران تەستە شۇنچىلىكلا دېيەلىدى. خۇددى بىرسىنى قاتتىق سېغىنغان ئادەمدەك ئىچ ـ ئىچىدىن ئېغىر ئۇھسىراشقا باشلىغان ئىدى. ئاخىرى ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرۇش زادىلا مۇمكىن بولماي بىردىنلا پاڭڭىدە يىغلاپ تاشلىدى. كۆزلىرىدىن يامغۇردەك تۆكىلىۋاتقان ياشلار ساقاللىرىدىن ئاقماقتا ئىدى. ئۈچىنچى قېتىم قايتا يەنە تىرىشىپ، ئاران تەسلىكتە سۆزىنى تولۇقلىيالىدى.

ـ مېنىڭ سۆيۈملۈك دوستۇم... مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا... "كىمكى ئاللاھقا سەجدە قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۈستۈن قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئورنىغا ياخشىلىق يازىدۇ" دەپ ئېيتقان ئىدى.

ئارقا ـ ئارقىدىن سەجدە قىلىۋېرىشىنىڭ سىرىنى چۈشەنگەن ئەھنەف ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭقۇر ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن: "سىز زادى كىم بولىسىز؟" دەپ سورىدى. ئۇ ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىلىرىگە چۆكۈپلا كەتكەن قايغۇلۇق ئاۋازدا، ئىنتايىن كەمتەرلىك بىلەن "ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ دوستى، ئەبۇزەر بولىمەن" دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

تەبۇك غازاتى مەزگىلىدە، مۇسۇلمانلار مەيدانغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن جەڭگە قاتناشماي قېلىپ قالغانلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بىر ـ بىرلەپ خەۋەر قىلماقتا ئىدى. شۇ قاتاردا ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىسمىمۇ تىلغا ئېلىندى. ئەمما ھېچكىممۇ ئۇنىڭ ئۆلۈغى ياخشى يول يۈرمىگەنلىك سەۋەبىدىن ئارقىدا قالغانلىقىنى ۋە ئاخىرى ئۇلاغنى تاشلاپ، ئۆرۈش ئەسلىھەلىرىنى مۈرىسىدە كۆتىرىپ، پەرۋانىلەرچە پىيادە كېلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئۆزىنى يۈتۈنلەي ئۇنۇتقان، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى ئەسلەش بىلەنلا مەستانە، ئىتائەت ۋە پىداكارانە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى.

بىردىنلا "ۋوي! يىراقتىن بىرسى كېلىۋاتىدۇ" دېگەن ئاۋاز ياڭرىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھېچ ئىككىلەنمەستىن، "ئۇ چوقۇم ئەبۇزەر بولىشى مۇمكىن" دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

بىر ئازدىن كېيىن، "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، راستىنلا ئەبۇزەر ئىكەن" دېگەن ئىككىنچى ئاۋاز ياڭرىغاندا، ئۇنىڭغا جاۋابەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئەبۇ زەرگە ئاللاھ رەھمەت قىلسۇن، ئۇ تەنھا يول يۈرىدۇ، تەنھا ئۆلىدۇ ۋە تەنھا قوپىدۇ" دېگەن مۇقەددەس ئاۋازىمۇ ياڭراپ

كەتتى.

ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداق بولدى. ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ھاياتىنى يىگانە زۇھدۇ ـ پىقىرلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ئەڭ ئاخىرى بىر چۆللۈكنىڭ خارابىلىقىدىكى تەنھالىقتا ئاخىرقى تىنىقىدىن ئايرىلدى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ ئايالىدىن باشقا ھەمراھى يوق بولۇپ، ئامالسىز قالغان ئايالى "سىلى بۇ ھالدا تۇرسىلا ئەمدى مەن قانداق قىلارمەن؟" دېگىنىچە يىغلاشقا باشلىغان ئىدى. ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ جىسمانىي جەھەتتىن پۈتۈنلەي ھالى قالمىغان ئەھۋالدا بولسىمۇ، يەنىلا ئىمان تەپتىدە تاۋلىنىپ پىشقان ئىلگىرىكى قەتئىيلىكى بىلەن: " خوتۇن،نېمىگە يىغلايسەن؟" دەپ سورىدى.

ئايالى: "مەندە كېپەنلىك قىلغۇدەكمۇ رەخت بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىلى... سىلى... بۇ خارابىلىقتا ئاخىرەت سەپىرىگە ئاتلىنىپ كېتىدىغاندەكلا تۇيۇلىۋاتسىلا... ـ دېگىنىچە سۆزىنى تولۇقلىيالماي ئىسسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

ـ بولدى بۇنىڭ غېمىنى قىلمىغىن! ـ ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇنىڭ لەۋلىرى مۆھتىرەم ساھابىلەرگە خاس ئىمانىي قەتئىيلىك بىلەن ھەركەتلەنمەكتە ئىدى.

ـ بىز بىر قانچىمىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە: "سىلەردىن بىر كىشى چۆللۈكتە جان بېرىدۇ، شۇچاغدا مۇسۇلمانلاردىن بىر توپ كىشىلەر شۇ يەرگە يېتىپ كېلىدۇ" دېگەن ئىدى. ئەينى چاغدا مەن بىلەن بىرگە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى شەھەردە جان بېرىپ بولدى. ئەمدى چۆللۈكتە جان بېرىدىغان بىر مەنلا قالدىم. خۇدا بىلەن قەسەمكى، دېگۈچىمۇ راست ئېيتىپكەن، مەنمۇ راست ئاڭلاپتىكەنمەن، ماڭغىن، سەن بېرىپ قاراپ باققىن، بەلكىم ئەشۇ بىر توپ كىشىلەر كېلىۋاتقان بولسا كېرەك.

ئايالى قاتتىق خۇرسىنغان ھالدا "ھازىر يوللار شۇنداق بوش، ھاجىلارنىڭ كارۋانلىرىمۇ ئۆز

يوللىرىغا كىتىپ بولغان چاغ تۇرسا، ئەمدى بۇ يەرگە كىمنى كىلىدۇ دەيلا؟" دىدى. ئەمما ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قاتتىق تۇرىۋىلىشى بىلەن سۆزىنى رەت قىلالماي، ئاخىرى بىر قوم دۆۋىسى ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتتى. قارىسا، ھەزرەتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھەمراھلىقىدا كىلىۋاتقان ئىكەن. شۇنداق قىلىپ ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز ۋەسىيىتىگە بىنائەن يەرلىكىگە قويۇلدى. ئۇ ھەتتا ئەشۇ ئاخىرقى چىغىدىمۇ دۇنيادىن پىشنى قەتئىي قىقىپ: "ئەگەر ئايالىمدا كىپەنلەشكە يەتكۇدەك رەخت چىقىپلا قالسا، مىنى شۇنىڭدا كىپەنلەڭلار، ئەمما قەسەمكى، مەنسەپدارلىق بىلەن ئازراقلا ئالاقىسى بولۇپ قالغان ھەرقانداق كىشى ماڭا ھەرگىز كىپەن كەيگۈزمىسۇن" دەپ ۋەسىيەت قىلغان ئىدى.

مانا ئۇلار "ئاللاھنىڭ جەننىتى ئاسان قولغا كىلىدىغان يەردە ئەمەس، بەلكى قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر پىلسىرات كۆۋرىكىنىڭ ئۇ قىتىدا" دىگەننى مەھكەم ئىسىدە ساقلىغان كىشىلەر ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟! بىز نادانلار پىلسىرات كۆۋرىكىنىڭ ئۇ قىتىدا ئەمەس، بەلكى دۇنيانىڭ مۇشۇ قىتىدىلا جەننەتكە ئىرىشسەك دەيمىز.

ئۇلار دەل ئەنە شۇ خەتەرلىك كۆۋرۈكتە يۈك بولۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن دۇنيانىڭ يۈكلىرىدىن ئامال بار يىنىكلەشكە تىرىشقان بولسا، بىز دۇنيانى ۋە دۇنيانىڭ مال ـ ۋارانلىرىنى بىشىمىزغا ئارتىپ، يۈتلىرىمىزغا مەھكەم چىگىۋالغان ھالدا دوزاخنىڭ دەل ئۈستىدىكى، قىلدىنمۇ ئىنچىكە، قىلىچتىنمۇ ئۆتكۈر ئەشۇ خەتەرلىك پىلسىرات كۆۋرىكىدىن ئۆتمەكچى بولماقتىمىز. ئەگەر ئەھۋالىمىز راستىنلا شۇنداق بولسا، ئاقىۋىتىمىز زادى قانداق بولماقچى؟

بۇنى ئويلاش ئىمانىنىڭ ئەڭ تۆۋەن تەقەززاسى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ. بۇنداق ئوي بولمىغان يەردە ئىمانمۇ بولمىغان، ئەمىلىي روھتىن مەھرۇم، جانسىز، قۇرۇق داۋراڭلا قالغان بولىدۇ. قىنى

ئويلىنايلى، بىزدە ھېچ بولمىغاندا، "ئاقىۋېتىم قانداق بولار؟" دېگەن ئەشۇ ئوي ھەقىقىي مەۋجۇتمىدۇ؟ ئەگەر مەۋجۇت بولمايدىكەن، ئۇنداقتا بىز يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟!

# قۇربانلىق قىلىشنىڭ ماھىيىتى

**ماۋلانا يۇسۇف ئىسلاھى**

قۇربان ھېيت كۈنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى بىردەك ئاللاھ ئۈچۈن مال ـ ۋارانلىرىنى قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق ھەزرەتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى خاتىرلەيدۇ.

بىر قېتىم ساھابە كىراملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: "ما هذه الأضاحى؟ يا رسول الله صلى الله عليه وسلم!" "يا رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم! بۇ قۇربانلىق زادى قانداق ئىش؟" دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام "سنة ابيكم ابراهيم صلوة الله عليه وسلم" "بۇ ئاتاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسالامنىڭ سۈننىتى" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

دەرۋەقە، بۇ كۈندە دۇنيادىكى بارچە مۇسۇلمانلار نەچچە مىليۇنلىغان مال ــ ۋارانلىرىنى قۇربانلىق قىلىپ، بۇندىن تەخمىنەن چارەك كەم بەش مىڭ يىل ئىلگىرى ئەرەب زېمىنىدا، بولۇپ ئۆتكەن بىر مىسلىسىز جان پىدالىق ۋەقەسىنى ئەسلەپ ئۆتىدۇ.

قەلبى گويا مېھرى ــ شەپقەتنىڭ سەرچەشمىسىگە ئايلىنىپ كەتكەن بىر بوۋاينىڭ (يەنى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ) ئۆز يۈرەك پارىسىغا: "يَا بُنَيَّ إِنِّي أَرَى فِي الْمَنَامِ أَنِّي أَذْبَحُكَ فَانظُرْ مَاذَا تَرَى" "ئى ئوغلۇم! مەن سېنى بوغۇزلاپ قۇربانلىق قىلىشنى چۈشەپتىمەن، ئويلاپ باققىنا! سېنىڭ قانداق پىكرىڭ بار؟"[u] دېگىنىدە، ياراملىق پەرزەنتىنىڭ "يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِن شَاء اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ" "ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۈنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن"[V] دەپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، جاۋاپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىمان، ساداقەتنى لەرزىگە سالىدىغان ئەشۇ تەسىرلىك مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئۆتىدۇ.

ئىخلاس ۋە ۋاپادارلىقىنىڭ ئۆلمەس ئابىدىسى بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى دەپلا سەبى بالىسىنى يەرگە ياتقۇزۇپ، كۆكرىكىگە تىزىنى قويغانچە بويىنىغا پىچاق سۈرۈشكە تەمشەلگۈاتقان بۇ مىسلىسىز پىداكارەنە روھىغا نىسبەتەن ئاللاھ تائالا:

"يَا إِبْرَاهِيمُ قَدْ صَدَّقْتَ الرُّؤْيَا إِنَّا كَذَلِكَ نَجْزِي الْمُحْسِنِينَ إِنَّ هَذَا لَهُوَ الْبَلَاءُ الْمُبِينُ" "ئى ئىبراھىم! سەن ئۆز چۈشىڭنى ئىشقا ئاشۇردۇڭ (يەنى چۈشۈڭدە بۇيرۇلغاننى بەجا كەلتۈردۈڭ) بىز راستىنلا ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنى مۇشۇنداق مۇكاپاتلايمىز. بۇ ئەمەلىيەتتە ئوچۇق بىر سىناق ئىدى"[W] دەپ نىدا قىلدى. ئاندىن بىر پەرىشتە قۇربانلىق ئۈچۈن قوي ئېلىپ چۈشۈش ئارقىلىق، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ جان پىدالىق ئىشتىياقىغا تەسكىنلىك بېرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كەلگۈ مۇسۇلمانلارنىڭ تا قىيامەتكىچە ئەشۇ سۈننەتنى داۋاملاشتۇرۇشى شۇنداقلا مال ــ ۋارانلىرىنى قۇربانلىق قىلىپ، ئەشۇ مىسلىسىز پىداكارلىق ۋەقەسىنى خاتىرلىشى رەسمىي بەلگىلىنىدۇ.

قۇرئان كەرىم بۇ ھەقتە سۈرە ساففاتنىڭ 107 ــ ئايىتىدە: "وَفَدَيْنَاهُ بِذِبْحٍ عَظِيمٍ" "بىز ئۇنىڭ ئورنىغا چوڭ بىر قۇربانلىقنى بېرىپ، (سەبى بالىنى) ساقلاپ قالدۇق" دەيدۇ. بۇ يەردە دېيىلگۈاتقان "چوڭ قۇربانلىق" دېگەن سۆز دەل ھەر يىلى مۇشۇ كۈندە، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ ئەشۇ ۋەقە يۈز بەرگەن مەككىنىڭ مۇقەددەس زېمىنىدا مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ تەڭلا ئېلىپ بارىدىغان قۇربانلىق پائالىيىتىدىن ئىبارەت بۇ كاتتا سۈننەتنى بىلدۈرىدۇ.

ئېنىقكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قانداقتۇر بىردىنلا شۇنداق تەلەپكە دۇچ كېلىپ قالغان، ياكى تۇنجى قېتىم ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار پىداكىرانە ئىرادىگە كېلىپ قالغان ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى ئاللاھقا بولغان پىداكارلىقنىڭ ئۆلمەس نامايەندىسىدۇر. باشقىچە قىلىپ

ئېيتقاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى قۇربان بېرىشنىڭ بىر پۈتۈن تەپسىرى دېيىشكە بولىدۇ. ناۋادا سىز ئاللاھ يولىدا قۇربان بېرىشنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى چۈشەنمەكچى بولسىڭىز، چوقۇم ئالدى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ئوقۇپ چىقىشىڭىز لازىم. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنى دەپلا ئاتا ــ ئانىسىنىڭ شەپقىتىدىن ۋە بايلىق ئاسايىشلىرىدىن مەھرۇم بولىدۇ، ئۇرۇق ــ جەمەتلىرىنىڭ ھىمايىسىدىن ئايرىلىپ قىلىپ، ئەزىز ۋەتىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ، ھەتتا ئاللاھنى دەپلا نەمرۇدنىڭ ئوتىغا پەرۋاسىز ئۆزىنى تاشلايدۇ. ئاللاھنىڭ رىزالىقى ۋە ھۆكمىگە بولغان ئىتائەت يۈزىسىدىنلا ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك ئايالى بىلەن ئارزۇلۇق يىگانە ئوغلىنى سۇسىز ھەم گىياھسىز بىر چۆللۈككە تاشلاپ كېتىدۇ. ئاندىن ئەشۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇل ئەمدى تېخى يىگىتلىك قورامىغا يەتكەندە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا: "ئوغلۇڭنى ئۆز قولۇڭ بىلەن بوغۇزلاپ، دۇنيادىكى بارلىق رىشتىلەردىن ئۈزۈلگەن ۋە بارلىق تايانچىڭدىن ئايرىلغان ھالدا، ئىخلاسمەن مۇسلىم (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە چىن ئىخلاس بىلەن ئىتائەت قىلغۇچى) بولۇپ ئىسلامغا مۇكەممەل كىرىشىڭنىڭ ئۆبرازىنى ياراتقىن" دەپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

بۇ ھەقتە قۇرئان كەرىمدە: "إِذْ قَالَ لَهُ رَبُّهُ أَسْلِمْ قَالَ أَسْلَمْتُ لِرَبِّ الْعَالَمِينَ" "پەرۋەردىگارى ئۇنىڭغا: "مۇسۇلمان (يەنى مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچى) بولغىن" دېگەندە، ئۇ: "ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ مۇسۇلمانى (يەنى مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچىسى) بولدۇم" دېدى" دېيىلىدۇ. (سۈرە بەقەرە، 131 ــ ئايەت)

"ئىسلام" دېگەنلىك مۇكەممەل ئىتائەت قىلىش، ئۆزىنى تولۇق تاپشۇرۇش، چىن ۋاپادار بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، مانا بۇ مەنىدىن بۇنداق پىداكارلىقنىڭ ئۈلگىسىنى يارىتىش ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە تاپشۇرۇۋېتەلىگەن، تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق ئىشتا ساداقەتمەنلىكىنى ئىپادىلەپ، بارلىقىنى ئاللاھقا بېغىشلىيالىغان

كىشىنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ.

ناۋادا سىزنىڭ ئەمەلىي ھاياتىڭىز ئۆزىڭىزنى ئاللاھنىڭ ۋاپادار مۇسۇلمانىغا (يەنى مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچىسىغا) ئايلاندۇرالىغانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاپ بېرەلمىسە، ئۇنداقتا بىر قانچە پادىنىڭ قېنىنى ئېقىتىش بىلەنلا ھەرگىزمۇ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى خاتىرلىيەلىگەن شۇنداقلا قۇربانلىق قىلىش ئالدىدا ئاللاھىڭىزغا بەرگەن ئەھدىڭىزنى ئىشقا ئاشۇرالىغان بولالمايسىز. چۈنكى ھېيت كۈنى پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ئۆز پادىلىرىنى قۇربانلىق قىلىش ئالدىدا "ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! مانا بىز سېنىڭ مۇسۇلمانلىرىڭ (يەنى مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچىلىرىڭ)، ساڭا بارلىقىمىز بىلەن بوي سۇنۇش بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز، بىز ساڭا ساداقەتمەنلىكىمىزنى جاكارلىماقتىمىز، سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ پىششۋايىمىز ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بويىنىمىزنى تۇتۇپ بېرەلەيمىز. ئى مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇزەڭ بۇ سۈننەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنى قۇربانلىقتىن ساقلىدىڭ، شۇڭا بىزمۇ پادىلىرىمىزنىڭ قېنىنى ئېقىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالماقتىمىز. ھالبۇكى، بىزنىڭ بارلىقىمىز سېنىڭكىدۇر، ئەگەر بىرلا ئىما قىلىدىغان بولساڭ، دىنىڭنىڭ يولىدا ھەر زامان بويىنىمىزنى كەستۈرۈشكە تەييارمىز، مانا بىزمۇ ھەم بارلىقىمىزمۇ سېنىڭ. بىز ھەقىقەتەنمۇ ۋاپادار، جان پىدا بەندىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۇلارغا چىن ئەقىدە قىلىمىز" دەپ ئەھدە قىلىدۇ. ئەسلىدە قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى سىز ئوقۇيدىغان دۇئا دەل ئەنە شۇنداق جانپىدالىق ۋە ساداقەتمەنلىك ھېسسىياتىنىڭ ئىزھارىدۇر.

بارلىق مۇسۇلمانلار قۇربانلىققا پىچاق سۈرۈشتىن ئىلگىرى: "انّي وجهت وجهى للذى فطر السماوات والارض حنيفا وما انا من المشركين، ان صلوتى و نسكى ومحياي ومماتى لله رب العلمين  لا شريك

له وبذالك امرت وانا اول المسلمين، اللهم لك ومنك" "مەن پۈتۈن ئىخلاس بىلەن ھەممە تەرەپتىن بۇرۇلۇپ، زېمىن ئاسمانلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىمغا يۈزلەندىم. مەن ھەرگىزمۇ شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، مەن ئىتائەتمەن مۇسۇلمان (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە تولۇق بويسۇنغۇچى) بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. ئى ئاللاھ! مانا بۇ سەن ئۈچۈن ھازىردۇر ۋە سېنىڭ ئاتا قىلغىنىڭدۇر" دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئاجايىپ بىر خىل ئىخلاسمەنلىك كەيپىياتىغا چۆمگەن ھالدا ئىتتىك پىچاق بىلەن مالنى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى:

"بسم الله اكبر، اللهم تقبله منى كما تقبلت من خليلك ابراهيم و حبيبك محمد صلى الله عليهما الصلاة والسلام" "ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، ئى ئاللاھ! بۇ قۇربانلىقىمنى خۇددى دوستۇڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەبىبىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن" دەپ دۇئا قىلىدۇ.

دەرھەقىقەت، ئەنە شۇ ۋەقەنى ئەسلەپ، قەلب، ئىددىيەسىنى ئەشۇنداق پىداكارلىق تۇيغۇسىغا چۆمدۈرۈش قۇربانلىق قىلىشنىڭ روھى ھەم بىردىن بىر مەقسىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ناۋادا بۇنداق ھېس، بۇنداق غايىڭىز، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن قۇربان بولۇش ئىستىكىڭىز ۋە بارلىقىڭىزنى ئاللاھنىڭ ئىتائىتىگە تاپشۇرۇۋېتىش ئىرادىڭىز بولمىسا، پەقەتلا پادىلارنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ قويۇش ياكى گۆش يېيىش ۋە تەقسىملەش بىلەن ھەرگىزمۇ ھەقىقىي قۇربانلىق قىلغان ھېسابلانمايسىز. بەلكى ئەكسىچە ھەر يىلى بىر قېتىم گۆش بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، "مانا بىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ئىجرا قىلغۇچىلار" دېگەن داۋايىڭىز بىلەن كۆڭلىڭىزنى خوش قىلىپ يۈرگەن بولىسىز. چۈنكى ئاللاھقا نە پادىلارنىڭ گۆشى، نە پادىلارنىڭ قېنى لازىم ئەمەس، ئاللاھنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى پەقەت قەلبىڭىزدە ئورۇن ئېلىشى موھىم

بولغان تەقۋالىق، ۋاپادارلىق،چىن ئىخلاس ۋە پىداكارلىق روھىدىن ئىبارەتتۇر. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا:

"لَن يَنَالَ اللَّهَ لُحُومُهَا وَلَا دِمَاؤُهَا وَلَكِن يَنَالُهُ التَّقْوَى مِنكُمْ" "ئاللاھقا ئۇلارنىڭ گۆشلىرى ۋە قانلىرى يېتىپ بارمايدۇ، ئاللاھقا يېتىدىغىنى پەقەتلا سىلەرنىڭ تەقۋادارلىقىڭلاردۇر." دەيدۇ. (سۈرە ھەج، 37 ـ ئايەت)

مانا بۇ تەقۋالىق، ئىتائەت ھەم ئىخلاسمەنلىكنىڭ جەۋھىرى قۇربانلىق قىلىشنىڭ ھەقىقىي روھىدۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا پەقەت تەقۋادار مۆمىنلەرنىڭ ساداقەتمەنلىك ۋە پىداكارلىق تۇيغۇسىغا چۈمۈلگەن ھالدا قىلغان قۇربانلىقىلا قوبۇللۇق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

"وَاتْلُ عَلَيْهِمْ نَبَأَ ابْنَيْ آدَمَ بِالْحَقِّ إِذْ قَرَّبَا قُرْبَانًا فَتُقُبِّلَ مِن أَحَدِهِمَا وَلَمْ يُتَقَبَّلْ مِنَ الآخَرِ قَالَ لَأَقْتُلَنَّكَ قَالَ إِنَّمَا يَتَقَبَّلُ اللَّهُ مِنَ الْمُتَّقِينَ" "ئۇلارغا ئادەم (ئەلەيھىسسالام)نىڭ ئىككى ئوغلىنىڭ ھېكايىسىنى راستلىق بىلەن ئوقۇپ بەرگىن، ئۇ ئىككەيلەن قۇربانلىق قىلغان چاغدا، بىرسىنىڭ قوبۇل قىلىندى، يەنە بىرسىنىڭ قوبۇل قىلىنمىدى. (قابىل ھابىلغا) "مەن سېنى چوقۇم ئۆلتۈرىمەن" دېدى، ھابىل نېمىشقا دېۋىدى، قابىل: "ئاللاھ سېنىڭ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلىپ، مېنىڭكىنى قوبۇل قىلمىدى" دېدى. (ھابىل) "ئاللاھ پەقەت تەقۋادارلارنىڭ (قۇربانلىقىنى) قوبۇل قىلىدۇ" دەپ جاۋاب بەردى." (سۈرە مائىدە، 27 ـ ئايەت)

(يەنى، "سېنىڭ قويۇڭنى چاقماق چىقىپ، ئاللاھ قۇربانلىقىڭنى قوبۇل قىلمىغان بولسا، مېنىڭ نېمە گۇناھىم؟ نېمە دەپ ماڭا ئۆلۈمنى تەھدىت قىلىسەن؟ ياخشىسى ئالدى بىلەن ئۆزىڭنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ غېمىنى قىلغىن، چۈنكى كەمچىلىك سېنىڭ ئۆزىڭدە. ئاللاھ بولسا، پەقەت تەقۋادارلارنىڭلا قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلىدۇ." دەپ جاۋاب بەردى.)

ئېنىقكى، ئىخلاس ۋە ۋاپادارلىقنىڭ، تەقۋالىق ھەم پىداكارلىقنىڭ ئۇنداق ئۆلمەس روھى ئانچە ــ مۇنچە ئاللاھنى ئەسلەپ قويۇش بىلەنلا پەيدا بولمايدۇ. ياكى ئاللاھ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىزنى شۇنداقلا ئۇنىڭ يولىدا قۇربان بولۇشقا تەييار ئىكەنلىكىڭىزنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر تۇركۈم ئەمەللەرنى قىلىپ قويۇپلا، ئىددىيە، تەپەككۇر، ھېس، تۇيغۇ، ئەخلاق، مۇئامىلە، ئىتائەت ۋە ساداقەت جەھەتتە ئازاد بولۇۋېلىپ، خالىغان ئىرادە، خالىغان ئوي، خىيالدا بولۇپ يۈرۈش بىلەن، كۆڭۈل تارتقان ئىشلارنى قىلىپ، خالىغان بىرسىنىڭ ئىتائىتىگە باش ئىگىپ يۈرۈش بىلەن ھەرگىزمۇ ۋۇجۇدىڭىزدا پەيدا بولمايدۇ. چۈنكى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا "بىز ساپ مۇسۇلمان (يەنى مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچى) بولدۇق" دەپ ئەھدە قىلغاندىن كېيىن باشقىلارنىڭ يول، ئىزىم، ئىتائەتلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ يۈرىشكە ياكى ئەلا بىلىپ قوبۇل قىلىشقا زادىلا ئورۇن قالمىغان بولىدۇ. ئەجىبا بىز پادىلارنى فىدىيە قىلىش بەدىلىگە ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىشتىن ساقلاپ، قۇۋۋەت، سالاھىيەت، ئىقتىدارلىرىمىزنى خالىغانلا يەرگە سەرپ قىلىپ يۈرسەكمۇ، يەنىلا ئاللاھ پادىلىرىمىزنىڭ گۆش، قانلىرىنى قوبۇل قىلىۋېرىدۇ، دېگەن ئۈمۈتتە يۈرىۋېرەمدۇق؟!

ھۆرمەتلىك دوستۇم! ئاللاھنىڭ دىنى سىزدىن بارلىقىڭىزنى ۋە پۈتۈن ھاياتىڭىزنى شۇنداقلا ئۇنىڭغا بولغان ئىتائەتكە باشقا ھەرقانداق بىرسىنىڭ ئىتائىتىنى قوشىۋالماسلىقىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇڭا سىز سۈننىتىنى خاتىرلەۋاتقان ئەشۇ ئۇلۇغۋار زاتلارنىڭ زادى قانداق ئىشلار بىلەن "مسلم حنيف" (يەنى ئاللاھغا ئىخلاسمەن ئىتائەت قىلغۇچى) بولغانلىقىغا قاراپ چىقىڭ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنى قايتا ــ قايتا ئوقۇپ چىقىڭ، بولۇپمۇ مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە تېخىمۇ قېتىرقىنىپ ئوقۇشقا تىرىشىڭ، ئەنە شۇ پاك زاتلارنىڭ ھاياتلىق لەۋھەلىرىگە ئويۇلغان پىداكارەنە ھېس ۋە جان پىدالىق روھىنى ئۆزىڭىزنىڭ ئىددىيە، تەپەككۇرىڭىزدا، مەھەللە، جەمئىيەت، ئورگانلىرىڭىزدا پەيدا قىلىشقا تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. ئۇنداق بولمايدىكەن،

قىلغان قۇربانلىقىڭىزنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپرەك گۆش يېۋالغان ياكى گۆش بېرىۋالغاندىن باشقا نەتىجىسى بولمايدۇ.

كامىلجان تەرجىمىسى

# قۇربان ھېيتى

قىلىشقا ۋە قىلماسلىققا تېگىشلىك ئىشلار

ھازىرلىغۇچى: ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

**ئالدى بىلەن ھەممىڭلارنىڭ قۇربان ھېيتىڭلارنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز. قۇربان ھېيتىڭلارغا مۇبارەك بولسۇن!**

**يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقان قۇربان ھېيتى مۇناسىۋىتى بىلەن، دىنىمىزنىڭ قۇربان ھېيتىدا نېمىلەرنى قىلىپ، نېمىلەردىن يىراق تۇرۇشقا بۇيرۇغانلىقىغا دائىر تەلىماتلىرىدا ھەرقايسىڭىزلار بىلەن ئورتاقلىشىش ئۈچۈن، قۇربان بايرىمىدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە يىراق تۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار دېگەندىن ئىبارەت ئىككى خىل يۈنىلىش بويىچە «http://www.islamadvice.com» دا ئېلان قىلىنغان شۇ ناملىق ماقالىنىڭ مەزمۇن تەرجىمىسىنى ھۇزۇرىڭىزلارغا سۇندۇق.**

**مۇسۇلمان قېرىنداشىم! شۇ نەرسىنى ئېنىق بىلىڭكى، مۆمىنلەر ئۈچۈن دۇنيادا پەقەتلا ئۈچ ھېيت بار بولۇپ، ئۇنىڭ بىرى ھەر ھەپتىدە تەكرارلىنىپ تۇرىدىغان جۈمە كۈنى، قالغان ئىككىسى يىلدا بىر قېتىمدىن كېلىدىغان روزا ۋە قۇربان ھېيتلىرىدىن ئىبارەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن چاغدا ئۇلارنىڭ ئوينايدىغان ئىككى كۈنى بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كېلىپ، "ئاللاھ تائالا سىلەرگە ئىككى كۈننى ئۇنىڭدىنمۇ خەيرلىك بولغان روزا ۋە قۇربان ھېيتىدىن ئىبارەت ئىككى كۈنگە تېگىشتۇرۇپ بەردى" دېدى. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا بىزگە ئويۇن ـ تاماشاغا تولغان ئىككى كۈننى، زىكىر، شۈكۈر، مەغپىرەت ۋە ئەپۇچانلىق كۈندىن ئىبارەت بۇ ئىككى كۈنگە تېگىشتۇرۇپ بەردى.**

مۆمىنلەر ئۇچۇن دۇنيادا ھېيت بولغىنىدەك، جەننەتتىمۇ ھېيت بار. ئوخشمايدىغان يېرى، جەننەتتە كۈندە ھېيت بولىدۇ....

## ھېيتتا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

بىرىنچى: ئىككى ھېيت كالىندار ئارقىلىق ئەمەس، ئاينى كۆرۈش ئارقىلىق مۇئەييەنلەشتۈرىلىدۇ. بۇنىڭدا ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە ئالىملىرى بىرلىككە كەلگەن.

ئىككىنچى: گەرچە ئىمام شافىئىينى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر قىسىم ئالىملار ھېيت كېچىسىنى ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش ياخشى دېگەننى ئىلگىرى سۈرۈشكەن، بۇ ھەقتە كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ ھەممىسى ئاجىز ھالەتتە رىۋايەت قىلىنغان. ئىبن ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ "ھېيت كېچىسىنى ئېھيا قىلىش دېمەك، خۇپتەن نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇپ، بامداتنىمۇ جامائەت بىلەن ئوقۇشقا بەل باغلاشتۇر" دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى: تەكبىر ئېيتىش؛ ھېيت كېچىسىدىن باشلاپ بازارلار ۋە ئۆيلەردە، پەرز نامازلاردىن كېيىن، يوللاردا ۋە نامازدىن ئىلگىرى تەكبىر ئېيتىش سۈننەتتۇر. ئىمام خۇتبە جەريانىدا تەكبىر ئوقۇيدۇ. تەكبىر مۇنداق ئوقۇلىدۇ "ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، لائىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەلىللاھىلھەمد". تەكبىر ھەر نامازدىن كېيىن تاكى ئۈچىنچى كۈنى ئەسىر نامىزىغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

تۆتىنچى: ھېيت نامىزى ئۈچۈن يۇيۇنۇش سۈننەتتۇر. ئەلى ۋە ئىبن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنىڭ نامازغا بېرىشتىن ئىلگىرى يۇيۇنىدىغانلىقىغا ئائىت رىۋايەتلەر بار.

بەشىنچى: مۇسۇلمان كىشى ھېيت كۈنى مەيلى يېڭى ياكى كونا بولسۇن ئەڭ ياخشى كېيىملىرىنى كېيىشى ۋە ئىمكان بار خوشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىلىشى سۈننەتتۇر.

ئالتىنچى: كۈن چىققاندىن كېيىن ھېيت نامىزى ئوقۇشقا ئالدىراش. نامازنىڭ ۋاقتى كۈن كۆتىرىلگەن باشلاپ زاۋالغىچە. (نامازنىڭ تەپسىلاتىدا بۇ خۇسۇستىكى باشقا بىر پارچە ماقالىدە توختالغانلىقىمىز ئۈچۈن بۇ يەردە توختالمىدۇق)

يەتتىنچى: ھېيت نامىزى مەككە مۇكەررەمەدىن باشقا جايلاردا زۆرۈر بولمىغان ئەھۋالدا مەسجىدتە ئەمەس، سەھرالاردا ياكى چوڭ ناماز ئوقۇلىدىغان مەيدانلاردا ئوقۇلىدۇ.

سەككىزىنچى: نامازنى ئوقۇپلا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەستىن، ھېيت نامىزىدىن كېيىن ئوقۇلىدىغان ئىككى خۇتبىنى تىڭشاش مۇھىم. ئىمام بۇ ۋاقىتتا قۇربانلىق ۋە ھېيتقا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم مەزمۇنلاردا توختىلىدۇ.

توققۇزىنچى: ناماز ۋە خۇتبىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىمام ۋە جامائەتلەر گۆشىدا ئىپتار قىلىش ئۈچۈن قۇربانلىقنى قىلىشقا ئالدىراش. بىرىنچى كۈنى قۇربانلىق قىلالمىغان بولسا، ئىككىنچى ياكى ئۈچىنچى كۈنى بولسىمۇ قىلىش لازىم.

ئونىنچى: ھېيت نامىزى ئوقۇشقا كەلگەن يولدىن باشقا بىر يول بىلەن قايتىشمۇ سۈننەتتۇر.

ئون بىرىنچى: قۇربانلىقنىڭ گۆشىنىڭ بىر قىسمىنى ئۆزى يېيىش، بىر قىسمىنى قولۇم - خوشنىلىرىغا، يەنە بىر قىسمىنى ئاجىز ۋە يوقسۇللارغا بېرىش سۈننەتتۇر. ئەمما ئۇنىڭ ھېچبىر نەرسىسىنى سېتىشقا بولمايدۇ.

ئون ئىككىنچى: قۇربانلىق سۈننەت مۇئەككەدە (يەنى ۋاجىب) بولۇپ، ئىمكانىيىتى بار بولغان ئەر، ئايال، مۇقىم ياكى مۇساپىر، تۇرمۇشلۇق ياكى بويتاق، ھۆر ياكى قۇل بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر قىلىش زۆرۈر. ئەمما قېيىنچىلىقى بارلار قىلمىسا ھېچ گەپ بولمايدۇ.

ئون ئۈچىنچى: قۇربانلىق ئۈچۈن ئالتە ئايلىقتا، ئۆچكىدىن بىر ياشنى توشقۇزغان ئوغلاق، تۇگىنىڭ بەش ياشنى تۇگىتىپ ئالتىگە كىرگىنى، كالىنىڭ تۆتنى تۇگىتىپ بەش ياشقا كىرگىنى بولسا بولىدۇ. ئەمما بۇلارنىڭ قارىغۇ، ئاقساق، ئورۇق ـ ئاۋاق ۋە بىر يەرلىرى سۇنۇق بولماسلىقى شەرت قىلىنىدۇ.

ئون تۆتىنچى: قۇربانلىق قىلغان كىشى ئائىلىسىگە، ئورۇق- تۇققانلىرىغا ۋە خولۇم ـ خوشنىلىرىنىڭ قېشىغا بېرىشى، ئۇلار بىلەن ئارىسىدا بار بولغان يېرىكلىك ۋە ئاداۋەتلەرنى يۇيۇشى ۋە ئۆزئارا ئەپۇ قىلىشىشى لازىم.

ئون بەشىنچى: ئۆزئارا "ئاللاھ ھەممىمىزنىڭ بايرىمىمىزنى قوبۇل قىلسۇن" دېيىشمەكمۇ ياخشى ئىشلاردىندۇر.

ئون ئالتىنچى: ئاللاھ تائالانى كۆپلەپ زىكىر قىلىش.

### ھېيتتا ساقلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلار:

بىرىنچى: كېيىم ـ كېچەك ۋە قۇربانلىق سېتىۋېلىشتا، ئۆيىنى رېمونت قىلىش ۋە زىننەتلەش ئىشلىرىدا ئارتۇق چىقىم قىلىش ۋە ئىسراپخورلۇقتىن ساقلىنىش.

ئىككىنچى: يېڭى ئۆلۈم چىققان ئۆيلەرگە يىغىلىپ، ئۇ يەردە بۇنداق قۇتلۇق كۈندە يىغا ـ زارە، قايغۇ ھەسرەتنى تەكرارلاشتىن ساقلىنىش.

ئۈچىنچى: قەبرىلەرنى زىيارەت قىلماسلىق.

تۆتىنچى: يات ئەرلەرنىڭ ئاياللار بار سورۇنلارغا كىرىپ، ئۇلار بىلەن ئارىلاش ئولتۇرۇشى ۋە قول ئېلىشىپ كۆرىشىشىدىن ساقلىنىش.

بەشىنچى: ئارىلىقىدا ھېچقانداق شەرئىي مۇناسىۋىتى بولمىغان خوتۇن ـ قىزلار بىلەن ئاممىۋىي سورۇنلاردا، يىغىلىشلاردا بولۇشتىن ساقلىنىش.

ئالتىنچى: ناخشا ـ مۇزىكا سورۇنلىرى ئويۇشتۇرۇشتىن ساقلىنىش.

يەتتىنچى: قەرت، قىمار ئويناشتىن ساقلىنىش.

سەككىزىنچى: ئاللاھنى زىكىر قىلىشتىن، جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇشتىن غاپىل بولۇپ قىلىشتىن ساقلىنىش.

توققۇزىنچى: ھاراق ئىچىش، زىنا قىلىش، ئوغۇرلۇق ۋە غەيۋەتكە ئوخشىغان گۇناھ ئىشلاردىن ساقلىنىش.

ئونىنچى: مازار گۇمبەزلەرنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق ئۇ يەرلەرگە چىراق يېقىش، يىللىق خاتىرلەش مۇراسىملىرىنى ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلاردىن ساقلىنىش.

ئون بىرىنچى: بالاغەتكە يەتكەن ياكى يەتمىگەن قىزلارنى شەرىئەت بەلگىلىمىسى بويىچە كىيىندۈرمەستىن سىرتلارغا چىقىرىشتىن ھەزەر ئەيلەش.

ئون ئىككىنچى: ھېيتتا كاپىرلارغا تەقلىد قىلىپ، ئىش ياكى كۆڭۈل ئېچىش ئېلىپ بارماسلىق.

ئون ئۈچىنچى: ھېيت كۈندە روزا تۇتۇشتىن ساقلىنىش.

ئون تۆتىنچى: ھېيت نامىزىنى ئوقۇماسلىقنى نورمال ئىش دەپ قاراشتىن ساقلىنىش.

ئون بەشىنچى: كېچىلىرى بىر ۋاقىتلارغىچە ئولتۇرۇپ، بامداد نامىزىنى قولدىن بېرىپ قويۇشتىن ساقلىنىش.

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىز ئاخىرىدا ھەممىڭلارنىڭ ھېيتىنى يەنە بىر قېتىم قوتلايمىز، ئاللاھ ھەممەيلەننىڭ خالىس ئەمەللىرىڭلارنى قوبۇل قىلسۇن! بىزگە يۇقىرىقى ماقالىدىن شۇ نەرسە ئايدىڭلاشتىكى، ھېيتنىڭ يېڭى كىيىپ، ياخشى يېگەنلەرنىڭ ئەمەس، ئاللاھقا بولغان تائەتى ئاشقانلارنىڭ، كېيىم ـ كېچەكلەر بىلەن بېزەلگەنلەرنىڭ ئەمەس، گۇناھى مەغپىرەت قىلىنغانلارنىڭ ئىكەن. ھېيت كېچىسى مەغپىرەتنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق بولىدۇ، بۇنىڭدىن پايدىلانغانلار ئۈچۈن ھېيت ھېيتتۇر، بولمىسا....

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ

## قۇربان ھېيت نامىزى ۋە ئوقۇلۇش ئۇسۇلى

بارلىق ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، رەببىمىز ئۇلۇغ الله تائالاغا بولسۇن! ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلىغۇچى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا دۇرۇت ۋە سالاملار بولسۇن!

قۇربان ھېيت نامىزى ھىجرىيەنىڭ بىرىنچى يىلى نەھر (قۇربانلىق قىلىدىغان) كۈنىدە يولغا قويۇلغان. ئۇ كۈن بولسا زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنىدۇر.

قۇربان ھېيت نامىزى شەھەرلەردە ياكى چوڭ كەنتلەردە ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇ شەھەر ۋە كەنتلەرگە كېلەلەيدىغان كىشىلەر ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. چۈنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى ھاياتى بويىچە داۋام قىلدى ۋە كىشىلەرنى بۇ نامازغا چىقىشقا بۇيرىدى. بۇ ھەقتە ئۇممۇ ئەتىيە مۇنداق دەيدۇ: بىز ئىككى ھېيت كۈنلىرى (ناماز ئوقۇلىدىغان يەرگە) چىقىشقا بۇيرۇلدۇق. ھەتتا بىز قىزلارنى ئۇلار پۈركىنىپ تۇرىدىغان پەردىلەرنىڭ ئىچىدە ئېلىپ چىقاتتۇق ھەتتا ھەيزدار ئاياللارنىمۇ ئېلىپ چىقاتتۇق. ئۇلار ئۇ كۈننىڭ بەرىكىتىنى ۋە پاكلىقىنى ئۈمىد قىلىپ كىشىلەرنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ كىشىلەر ئېيتقان تەكبىرنى ئۇلار بىلەن بىللە ئېيتاتتى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە دۇئا قىلاتتى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ئەمما مۇساپىرغا، ئايال كىشىگە، كېسەل ئاجىز كىشىگە، قۇلغا ۋە تېخى بالاغەتكە يەتمىگەن كىچىك بالىغا قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇش ۋاجىپ ئەمەس.

قۇربان ھېيت نامىزى چاشكا نامىزىنىڭ ۋاقتىدا ئوقۇلىدۇ. قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ ۋاقتى كۈن ئۆيۈقتىن نەيزە بويى كۆتۈرۈلۈپ ئاقىرىشقا باشلىغاندىن تارتىپ تاكى قۇياش چىلك چۈشتىن قايرىلغانغا قەدەر داۋام قىلىدۇ. ئەگەر قۇياش ناماز ئوقۇپ تۇرغان ۋاقىتتا قايرىلىپ قالسا، ناماز

بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. يامغۇر ياغقانغا ياكى ئىمامنىڭ كەلمىگىنىگە ئوخشاش بىرەر ئۆزرىنىڭ سەۋەبىدىن ھېيت نامىزىنى ئوقۇشنى ئۈچ كۈنگە قەدەر كېچىكتۈرۈشكە بولىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مىنا كۈنلىرىنى: "ھەقىقەتەن بۇ كۈنلەر ھېيت كۈنلىرىدۇر" دېگەن. ئۇنى بىرەر ئۆزرە يوق تۇرۇپ ئۇنداق كېچىكتۈرۈۋېتىش مەكرۇھى تەھرىمە (ھارامغا يېقىن مەكرۇھ) دۇر.

ئىككى ھېيت نامىزىنىڭ ئوقۇلۇش ئۇسۇلى

قۇربان ھېيت نامىزىمۇ جۈمە نامىزىغا ئوخشاش ئىككى رەكئەت بولۇپ جامائەت بىلەن ئوقۇلىدۇ. لېكىن، قۇربان ھېيت نامىزىدا ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس ۋ جابىر (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) مۇنداق دېدى: روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيت نامازلىرىغا ئەزان ئوقۇلمايتتى. [بۇ ئەسەرنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى چىقىپ ئەزان ۋە تەكبىر ئوقۇماستىن ھېيت نامىزىنى باشلاپ ئوقۇپ بەردى. [بۇ ھەدىسنى نەسەئىي رىۋايەت قىلغان]

قۇربان ھېيت نامىزىنى قازا قىلىۋاتقان ئادەم ئۇنى ئۆزى يالغۇز ئوقۇمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا باشقا مەسچىتكە بېرىش مۇمكىن بولسا، نامازنى شۇ مەسچىتكە بېرىپ ئوقۇيدۇ. چۈنكى، ھېيت نامىزىنى ھەممە كىشىلەر بىر يەردىلا ئوقۇماي بىر نەچچە يەردە ئوقۇسىمۇ توغرا بولىۋېرىدۇ.

ھېيت نامىزىنىڭ تەكبىرلىرىنى ئېيتىش ۋاجىپتۇر. ئۇ تەكبىر ھەر بىر رەكئەتتە ئۈچ قېتىم ئېيتىلىدۇ. بىرىنچى رەكئەتتە ئىمام تەكبىرنى نامازنى باشلاپ "سۇبھانەكەللاھۇممە" نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئايەت ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ئېيتىدۇ. ئىمامغا ئىقتىدا قىلغانلارمۇ ئىمامغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتىدۇ. ھەر قېتىم تەكبىر ئېيتقاندا قوللىرىنى قۇلىقىنىڭ

يۈمشۇقنىڭ ئۇدۇلىغىچە كۆتۈرىدۇ ۋە تەكبىرنى ئېيتىپ بولۇپ قوللىرىنى ئىككى يانغا تاشلاپ تۇرىدۇ. ئىمام ھەر ئىككى تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا ئىقتىدا قىلغان ئادەملەر تەكبىرنى ئېيتىپ بولغانغا قەدەر ساقلاپ تۇرىدۇ. ئىككى تەكبىرنىڭ ئارىلىقىدا: "سۇبھانەللاھ ۋەلھەمدۇلىللاھ ۋە لا ئىلاھە ئىللەللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر" دېيىش خاتا ئەمەستۇر.

ئىككىنچى رەكئەتتە سۈرە فاتىھە ۋە ئۇنىڭغا قوشۇپ بىر سۈرە ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن رۇكۇغا بېرىشتىن ئىلگىرى ئۈچ قېتىم تەكبىر ئېيتىلىدۇ. تەكبىرنى بىرىنچى رەكئەتتە ئايەتلەرنى ئوقۇشنى باشلاشتىن ئىلگىرى ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىشنىڭ سەۋەبى بولسا، ئىككى رەكئەتتە ئوقۇلغان ئايەتلەرنىڭ ئارىسىغا بىر پاسىل چۈشمىسۇن دېگەنلىك ئۈچۈندۇر. ئەگەر تەكبىرنى ھەر بىر رەكئەتنىڭ بېشىدا ئېيتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئەڭ ياخشىسى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان شەكىلدە ئېيتىش لازىم.

بۇ تەكبىرنى بىرىنچى رەكئەتتە ئۈچ قېتىم ۋە ئىككىنچى رەكئەتتە ئۈچ قېتىم بولۇپ جەمئىي ئالتە تەكبىر ئېيتىش بولسا ئىبنى مەسئۇد ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپ ساندىكى ساھابىلارنىڭ (الله ئۇلاردىن رازى بولسۇن!) تۇتقان يولىدۇر.

ئەگەر ئىمام بىرىنچى رەكئەتتە ئېسىدە يوق تەكبىرنى ئېيتماي ئايەتلەرنى باشلاپ كەتكەن ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تەكبىرنى ئېيتمىغانلىقى ئېسىگە كەلگەن بولسا، تەكبىرنى ئېيتىدۇ. ئاندىن ئايەتلەرنى قايتا ئوقۇيدۇ. ئەمما تەكبىرنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېسىگە كەلگەن بولسا، تەكبىرنى ئېيتماستىن نامازنى ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ ۋە سەھۋە سەجدىسى قىلىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم بىرىنچى رەكئەتتە ئىمامغا، ئىمام تەكبىرلەرنى ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن يېتىشكەن بولسا، ئۇ ئادەم ئېيتىشقا تېگىشلىك تەكبىرلەرنى ئىمام ئايەتلەرنى ئوقۇشقا باشلاپ

بولغان بولسىمۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدە ئېيتىدۇ. ئەگەر ئۇ ئادەم تەكبىرلەرنى ھەتتا ئىمام رۇكۇ قىلغانغا قەدەر ئېيتالمىغان بولسا، ئىمام بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىدۇ ۋە تەكبىرلەرنى رۇكۇدا تۇرۇپ قوللىرىنى كۆتۈرمەستىن ئېيتىدۇ.

ئەگەر بىر ئادەم ھېيت نامىزىنىڭ بىر رەكئىتىگە ئۈلگۈرەلمىگەن بولسا، ئۇ ئادەم تەكبىرلەرنى ئۇ رەكئەتنىڭ قازاسىنى قىلىشقا تۇرغاندا ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئېيتىدۇ.

قۇربان ھېيت نامىزىنىڭ خۇتبىسى

ھېيت نامىزىنىڭ كەينىدىن ئىمامنىڭ ئىككى خۇتبە ئوقۇشى سۈننەتتۇر. ئىمام ئىككى خۇتبىنىڭ ئارىلىقىدا بىر قېتىم قىسقا بىر ۋاقىت ئولتۇرۇۋالىدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام (ھېيت كۈنلىرى) ئەۋۋەل ناماز ئوقۇيتتى. ئاندىن كىشىلەرگە خۇتبە سۆزلەيتتى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام خۇتبىنى سۆزلەپ بولۇپ مۇنبەردىن چۈشۈپ ئاياللارنىڭ قېشىغا كېلەتتى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىغا تايىنىپ تۇرۇپ ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلاتتى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېتىكىنى يېيىپ تۇراتتى. (شۇ چاغدىكى پېقىرلارغا سەدىقە قىلماقچى بولغان ئاياللار) سەدىقىسىنى ئۇنىڭ ئېتىكىگە تاشلايتتى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ئىمام مۇنبەرگە چىققان ۋاقتىدا خۇتبە ئوقۇماستىن ئولتۇرمايدۇ. چۈنكى، ئەسلىدە مۇنبەرگە چىققاندىن كېيىنلا مۇنبەردە ئولتۇرۇش مۇئەززىننىڭ ئەزان ئوقۇپ بولۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇش ئۈچۈندۇر. ئەمما ھېيت نامازلىرىنىڭ خۇتبىسىدە ئەزان ئوقۇلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمام مۇنبەرگە چىقىپلا ئولتۇرۇشقا بولمايدۇ.

بىرىنچى خۇتبىدە خۇتبىنى باشلاشتىن ئىلگىرى توققۇز قېتىم ۋە ئىككىنچى خۇتبىنىڭ بېشىدا يەتتە قېتىم ئاخىرىدا ئون تۆت قېتىم تەكبىر ئېيتىش مۇستەھەبتۇر.

ھېيت كۈنلىرى قىلىش سۈننەت بولغان ئىشلار

قۇربان ھېيت كۈنىدە تاكى ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغانغا قەدەر بىر نەرسە يېيىلمەيدۇ.

ھېيت كۈنىدە يۇيۇنۇش، مىسۋاك قىلىش، خوش بوي نەرسە ئىشلىتىش، چىرايلىق كىيىم - كېچەك كىيىش، نامازغا كەلگىچە يولدا ئىچىدە تەكبىر ئېيتقاچ كېلىش ۋە خوش چىراي بولۇش سۈننەتتۇر.

بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ھېيت كۈنى قىزىل تون كىيەتتى. [بۇ ھەدىسنى تەبرانى رىۋايەت قىلغان]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئىككى ھېيت كۈنلىرى ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيەتتى، دېدى. [بۇ ھەدىسنى بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان]

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى ھېيت كۈنلىرى تاكى ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە كەلگەنگە قەدەر يولدا تەكبىرنى ئاۋازلىق ئېيتىپ كېلىدىغانلىقى ۋە (ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىنمۇ) تاكى ئىمام كەلگەنگە قەدەر تەكبىر ئېيتىپ تۇرىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. [بۇ ئەسەرنى دارى قۇتنىي ۋە بەيھەقىي رىۋايەت قىلغان]

ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۇنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن تاكى ئۆيگە قايتىپ كەلگەنگە قەدەر نەپلە ناماز ئوقۇلمايدۇ. بۇ ھەقتە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزى ھېيت كۈنى ناماز ئوقۇيدىغان يەرگە چىقىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇپ بەردى. بۇ ئىككى رەكئەت نامازدىن ئىلگىرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق ناماز ئوقۇمىدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىللە بىلالمۇ بار ئىدى. [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارىي رىۋايەت قىلغان]

ھېيت كۈنى نامازغا بارغان ئادەم نامازغا بېرىشتا باشقا يول بىلەن، كېلىشتە باشقا يول

بىلەن ماڭىدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام روزا ھېيت كۈنىدە يولنى ئالماشتۇراتتى. (يەنى نامازغا بېرىشتا باشقا يول بىلەن، كېلىشتە باشقا يول بىلەن ماڭاتتى). [بۇ ھەدىسنى ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان]

ھېيت نامىزىغا بارغىچە يولدا تەكبىرلەر ئاۋازلىق ئېيتىلىدۇ ۋە قۇربان ھېيت كۈنىدىن باشلاپ تاكى ئون ئۈچىنچى كۈنىنىڭ (يەنى زۇلھەججىنىڭ ئونىنچى كۈندىن ئون ئۈچىنچى كۈنىگىچە ئۈچ كۈن) ئەسىر نامىزىغا قەدەر ھەر پەرز نامازنىڭ كەينىدىن تەكبىر ئېيتىش بالاغەتكە يەتكەن ھەر بىر كىشىگە ۋاجىپتۇر. بۇ تەكبىرلەرنى ئېيتىش ھەققىدە ﷲ تائالا مۇنداق دېدى: "ساناقلىق كۈنلەردە (يەنى تەشرىق كۈنلىرىدە) ﷲ نى ياد ئېيتىڭلار (يەنى نامازلىرىڭلارنىڭ ئاخىرىدا تەكبىر ئېيتىڭلار)" [سۈرە بەقەر **203** ـ ئايەتنىڭ بىرقىسمى]

"كىشىلەر ئۆزلىرىگە تېگىشلىك بولغان (دىنىي ۋە دۇنياۋىي) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگىلەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلىق كۈنلىرىدە) اللە ئۇلارغا رىزىق قىلىپ بەرگەن چارۋا ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكىلەرنى اللەنىڭ نېمەتلىرىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن) اللەنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ قۇربانلىق قىلسۇن". سىلەر قۇربانلىقلارنىڭ گۆشىدىن يەڭلار، موھتاجقا، پېقىرغا بېرىڭلار" [سۈرە ھەج **28** ـ ئايەت]

ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ (ھەر نامازنىڭ كەينىدىن ئېيتىلىدىغان) تەكبىرنى قۇربان ھېيت كۈنىنىڭ بامدات نامىزىنىڭ كەينىدىن باشلاپ تاكى ئون ئۈچۈنچى كۈنىنىڭ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدىغانلىقى رىۋايەت قىلىندى. [بۇ ئەسەرنى ئىبنى ئەبۇشەيبە رىۋايەت قىلغان]

تەكبىر مۇنداق ئېيتىلىدۇ: ئەللاھۇ ئەكبەر. ئەللاھۇ ئەكبەر. لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ ۋەللاھۇ ئەكبەر. ئەللاھۇ ئەكبەر ۋەلىللاھىل ھەمدۇ.

يەنى ئىككى قېتىم "ئەللاھۇ ئەكبەر" دەپ بولغاندىن كېيىن بىر قېتىم "لا ئىلاھە ئىللاللاھۇ" دېيىلىدۇ. ئاندىن يەنە ئىككى قېتىم "ئەللاھۇ ئەكبەر" دېيىلىدۇ. ئەڭ ئاخىردا "ۋە لىللاھىل ھەمدۇ" دېيىلىدۇ. بۇ تەكبىرنى جاراڭلىق ئېيتىش ۋاجىپتۇر. شۇنداق قىلىشنى سۈننەت دېگەن قاراشمۇ بار. ئەمما ئايال كىشى تەكبىرنى ئىچىدە ئېيتىدۇ.

تەكبىرنى بۇ شەكىلدە ئېيتىش ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغاندۇر.

# زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى

## ئەۋزەللىكى ۋە ئۇنىڭدا قىلىشقا تېگىشلىك ئەمەللەر

بەندىلىرىگە بولغان رەھمىتىنىڭ كەڭلىكىدىن ئۇلارنى ئىبادەتكە قىزىقتۇرۇش، سالىھ ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىشقا ياردەم بېرىش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم كېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭغا ھازىرلىق قىلىشۋېلىشى ۋە قىيامەت ئۈچۈن ئوزۇق تەييارلىۋېلىشى ئۈچۈن ۋە ئۇلارنى كۆپلەپ ساۋابقا ئېگە قىلىش مەقسىتىدە ئاكتىپچانلىقنى قوزغاتقىلى ۋاقىتنى يارىتىپ، ئۇنى بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق پەزىلەتكە ئىگە قىلغان، بىر قىسىم ئاي، كۈن ۋە كېچىلەرنى بۈيۈك ئەجىر بېرىشتەك ئەۋزەللىكلەر بىلەن ئاالاھىدىلىككە ئىگە قىلغان جانابىي ئاللاھقا كۆپلەپ ھەمدۇ ئېيتىمىز.

ـ بۇ تائەت مەۋسۇمىدىن پايدىلىنىپ، ئاجىزلىقلىرىمىزنى تونۇش، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاش، قولدىن بېرىپ قويغان پۇرسەتلەرنى قايتۇرۇۋېلىشقا تىرىشىش ئىنتايىن مۇھىمدۇر....

ـ مۇسۇلمان ھامان ئۆمرىنىڭ قەدرىنى، ھاياتىنىڭ قىممىتىنى بىلىشى، پەرۋەردىگارىغا كۆپلەپ ئىبادەت قىلىشى، ھاياتىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ياخشى ئىشلارنى قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇشى لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "سەن ئۆزەڭگە ئۆلۈم كەلگەنگە (يەنى ئەجىلىڭ يەتكەنگە) قەدەر پەرۋەردىگارىڭغا ئىبادەت قىلغىن" ھىجر سۈرىسى، 99 - ئايەت.

بۇ بۈيۈك تائەت مەۋسۇملىرىنىڭ بىرى زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى بولۇپ، ئاللاھ تائالا بۇ كۈنلەرنى يىلنىڭ باشقا بارلىق كۈنلىرىدىن پەزىلەتلىك قىلدى. ئىبنى ئاببباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "مۇشۇ كۈنلەردە (زۇلھەججىنىڭ 1 ـ كۈندىن 10 ـ كۈنىگىچە) قىلىنغان ياخشى ئەمەل ﷲ غا ئەڭ سۆيۈملۈكرەك بولىدۇ" دېدى. ساھابىلار: ئى ﷲ نىڭ پەيغەمبىرى! ﷲ يولىدا قىلىنغان جىھادمۇ

بۇنىڭغا يەتمەمدۇ؟ دېيىشتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "الله يولىدىكى جىھادمۇ بۇنىڭغا يەتمەيدۇ. پەقەت جېنى، مېلى بىلەن جىھادقا ئاتلىنىپ، ھېچنەرسە بىلەن قايتىپ كەلمىگەن (يەنى شېھىت بولغان) ئادەمنىڭلا ئەمىلى بۇنىڭغا يېتىدۇ» دېدى. [بۇخارىدىن]

يۇقىرىدىكى ۋە باشقا دەلىللەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئون كۈننىڭ يىلنىڭ باشقا بارلىق كۈنلىرىدىن ئارتۇق پەزىلەتكە ئىگە ئىكەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. ئەمما رامىزاننىڭ ئاخىرىدىكى ئون كۈنمۇ قەدىر كېچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ئۈچۈن ئەۋزەلدۇر.

بۇ ئاينىڭ پەزىلىتى نۇرغۇن ئىشلاردا ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ:

بىرىنچى: ئاللاھ تائالا بۇ كۈنلەر بىلەن قەسەم قىلغان: بىر نەرسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىش ئۇنىڭ ئەھمىيىتى ۋە ئىنتايىن پايدىلىق ئىكەنلىكىنىڭ دەلىلى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "سۈبھى بىلەن، (زۇلھەججىنىڭ دەسلەپكى) ئون كېچىسى بىلەن.... قەسەمكى..."

ئىككىنچى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ھەدىسىدە ئۇنىڭ دۇنيادىكى كۈنلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەن.

ئۈچىنچى: ئومۇمىي دۇنيا ئەھلى ئۈچۈن ۋاقتىنىڭ شەرىپى، ئاللاھنىڭ بەيتىنى ھەج قىلىۋاتقان كىشىلەر ئۈچۈن ماكانىنىڭ شەرىپى ئېتىبارى بىلەن ئۇ كۈنلەردە سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

تۆتىنچى: بۇ كۈنلەردە تەسبىھ، ھەمدۇسانا ۋە تەكبىرلەرنى كۆپلەپ ئېيتىشقا بۇيرۇلغان: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بۇنىڭدىن كاتتا ۋە ئەمەل قىلىش ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ سۆيۈملۈكرەك كۈن يوق. بۇ كۈنلەردە تەھلىل، تەكبىر ۋە ھەمدۇ سانانى كۆپ قىلىڭلار" [ھەدىس شەرىف].

بەشىنچى: بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئاللاھ تائالا دىنىنى تاماملىغان ئۇلۇغ ئەرەفات كۈنى بار. بۈنىڭدا يەنە يىلنىڭ مۇتلەق ھالدىكى ئۇلۇغ كۈنى بولغان قۇربانلىق كۈنىمۇ بار؛ بۇ كۈن ـ باشقا چاغدا بىر ئارىغا كەلمەيدىغان ئىبادەت ۋە تائەتلەر بىر ئارىغا كېلىدىغان چوڭ ھەج كۈنىدۇر.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى ئىنايىتى بىلەن ھەر بىرىمىزگە سوۋغا قىلىنغان زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنى چېك تۇتايلى! بۇ كۈننىڭ قەدرىنى ھەققىي تەقۋا ۋە سالىھ كىشىلەر كەبى قەدىرلەشكە تىرىشايلى! بۇ كۈننى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئون كۈنىدە ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى بۇيرىغان تۆۋەندىكى ئىشلارنى قەتئىي چىڭ تۇتۇشقا بارلىقىمىز بىلەن كۈچ چىقىرايلى!

بىرىنچى: رۇزا تۇتۇش

مۇسۇلمان كىشىنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى رۇزا تۇتۇشى سۈننەتتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئون كۈن ئىچىدە سالىھ ئەمەللەرنى قىلىشقا بۇيرىغان. رۇزا بولسا ئەمەللەرنىڭ ياخشىلىرى قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەدىسى قۇددىسىدا روزىنىڭ ئەجرىنى ئۆزى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ئېيىنىڭ تۇققۇزىنچى كۈنى رۇزا تۇتاتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى ئاياللىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى، ئاشۇرا كۈنى ۋە ھەر ئاينىڭ دەسلەپكى دۈشەنبە، ئىككى پەيشەنبە كۈنى بولۇپ ئايدا ئۈچ كۈن رۇزا تۇتاتتى" [ھەدىس شەرىف].

ئىمام مۇسلىمدىن رىۋايەت قىلىنغان زۇلھەججىنىڭ 9 ـ كۈنى (ئەرەفات كۈنى) روزا تۇتۇشنىڭ پەزىلىتى ھەققىدىكى يەنە بىر ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ تائالادىن ئەجىر كۈتۈپ ئەرەفات كۈنى تۇتقان روزا ئۆتكەنكى بىر يىلنىڭ ۋە كېلىدىغان يەنە بىر

يـلـنـىڭ گۇناھىغا كەففارەت بولـدۇ (يەنى گۇناھى مـەغپـىرەت قـىلـىـنـىدۇ)".

ئـىـكـكـىـنچى: تـەكـبـىر ئېيتـىش:

بۇ ئۈن كۈن ئـىچـىدە تـەكـبـىر، ھەمدۇسانا، زىـكـىر، تـەسـبـىھ ئېيـتـىش سۈننەتتۇر. ئاللاھـنـىڭ ئۇلۇغلـىقـىنى ئىپلان قـىلـىش ئۈچۈن ئاللاھنى زىكـىر قـىلـىشقا بولـىدىغان بارلـىق جايلاردا ئـىمكان بار ئۈنلۈك ئوقۇش لازىم. يەنى بۇنى ئەرلەر ئاۋازلـىق، ئاياللار ئـىچـىدە ئـىـلـىپ بارىدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "كـىشـىلـەر ئۆزلـىرىگە تېگـىشـلـىك بولغان (دىـنـىي ۋە دۇنياۋى) مەنپەئەتلەرنى كۆرسۇن، بەلگـىلـەنگەن كۈنلەردە (يەنى قۇربانلـىق كۈنلـىرىدە) الله ئۇلارغا رىزىق قـىلـىپ بەرگەن چارۋا ـ ماللارنى (يەنى تۆگە، قوي، ئۆچكـىلـەرنى) الله نىڭ نېمەتلـىرىگە شۈكۈر قـىلـىش يۈزىسـىدىن) الله نـىڭ ئـىسـمـىنى ئېيتـىپ قۇربانلـىق قـىلـسۇن" ھەج سۈرىسى، **28** ـ ئايەت.

زامانـىمىزغا كەلگەندە تەكـبىر ئېيتـىش بـىر يېتـىم قالغان سۈننەتكە ئايلـىنـىپ قېلـىۋاتـىدۇ. شۇنـىڭ ئۈچۈن بارلـىق مۇسۇلمانلارنـىڭ بۇنى ئۈنلۈك ئېيتـىش ئارقـىلـىق سۈننەتنى ئـىھيا قـىلـىشى ۋە غاپـىللارنى ئاگاھلاندۇرىشى لازىم. ئـىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇلارنـىڭ زۇلھەججىنـىڭ ئۈن كۈنى ئـىچـىدە بازارغا چـىقـىپ تەكـبـىر ئېيتـىدىغانلـىقى ۋە كـىشـىلـەرنـىڭ ئۇ ئـىكـكـىسـىگە ئەگـىشـىدىغانلـىقـىغا دائـىر ساغلام رىۋايەتلـەر بار. بۇنداق دېگەنلـىك كوللـىتـىپ ھالدا ئاھاڭغا بـىر خـىل ئاھاڭغا چۈشۈرۈپ تەكـبىر ئېيتـىش دېگەنلـىك ئەمەس، بەلكى ھەر بـىر كـىشى تەكبىرنى ئۆز ئالدىغا يالغۇز ئېيتـىشى لازىم.

سۈننەتنى ئـىھيا قـىلـىشـنـىڭ ساۋابـىـنـىڭ قانداق بولـىدىغانلـىقى ھەر بـىر مۇسۇلمان ياخشى بـىلـىدۇ.

ئۈچـىنچى: ھەج ۋە ئۆمرىنى ئادا قـىلـىش:

بۇ ئۈن كۈندە قـىلـىشقا تېگـىشـلـىك ئـىشلارنـىڭ ئەڭ ئەۋزەللـىرىدىن بـىرى ئاللاھـنـىڭ بەيتـىنى

ھەج قىلىش. ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بەيتىنى ھەج قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلىپ، تەلەپ قىلىنغان پائالىيەتلەرنى تولۇق ئادا قىلالىغان كىشىگە ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ "گۇناھ ئارىلاشمىغان قالمىغان ھەجنىڭ مۇكاپاتى جەننەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس" دېگەن ھەدىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن مۇۋاپىق نەسىۋىگە ئېرىشىدۇ.

تۆتىنچى: ئومۇمەن سالىھ ئەمەللەرنى كۆپ قىلىشقا تىرىشىش:

سالىھ ئەمەللەرنى ئاللاھ تائالا ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئۇنداق ئەمەللەرگە ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى كاتتا ئەجىر بېرىلىدۇ. ھەج قىلىشقا قادىر بولالمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ كۈنلەردە باشقا كۈنلەردىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇشى، نەپلى ناماز، قۇرئان ئوقۇش، زىكىر، دۇئا، سەدىقە، ئاتا- ئانىلارغا ياخشىلىق قىلىش، سىلە- رەھىم، ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇش ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان باشقا ئەمەللەرنى كۆپلەپ قىلىش لازىم.

بەشىنچى: قۇربانلىق قىلىش:

قۇربانلىق قىلىشمۇ بۇ خۇسۇستىكى ياخشى ئىشلارنىڭ قاتارىدىن بولۇپ، ئۇ ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشقىلى بولىدۇ. بۇ ھەقتە سەھىھ ھەدىسلەر بار.

ئالتىنچي: سەمىمىي تەۋبە قىلىش:

بۇ ئون كۈن ئىچىدە ئاللاھ تائالاغا سەمىمىي تەۋبە قىلىپ، بارلىق گۇناھ ۋە مەسىيەتلەرنى تاشلاش تولىمۇ مۇھىم. تەۋبە دېمەك، ئاللاھ يامان كۆرىدىغان ئىشلاردىن يېنىپ، ياخشى كۆرىدىغان ئىشلارنى كۆپلەپ قىلىشنى كۆزدە تۇتىدۇ. بىر گۇناھنى سادىر قىلىپ، ئۇنىڭغا تەۋبە قىلغاندىن كېيىن يەنە تەكرار ئۇنى سادىر قىلىش ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ناھايىتى ئېغىر گۇناھتۇر.

بىر مۇسۇلمان كىشى گۇناھ ئۆتكۈزگەن ئىكەن دەرھال، كېچىكتۈرمەستىن ئاللاھقا تەۋبە

قىلىشى ۋە ئۇنى تەكرارلىماسلىقى لازىم. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ، بىر. گۇناھ يەنە بىر گۇناھنى ئۆزىگە تارتىدۇ، ئىككى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: "تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغان ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردىن بولۇشى ئۈمىدلىكتۇر" قەسەس سۈرىسى، 67 ـ ئايەت.

ئاخىرىدا ھەممەيلەننىڭ دىنىمىزنىڭ بەلگۈلىمىلىرىگە ئويغۇن ھېيت ئۆتكۈزىشىنى ۋە بۇ ئەھمىيەتلىك ئون كۈننى قولدىن بىرىپ قويماسلىقىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# قۇربانلىقتا دائىر پەتىۋا ۋە ھۆكۈملەر

### قۇربانلىق قاچاندىن باشلاپ قىلىنىدۇ؟

- قۇربانلىق كۆپىنچە مەزھەبلەردە سۈننەت مۇئەككەدە (تەكىتلەنگەن سۈننەت)، ئەمما ئىمام ئەبۇ ھەنىيفىنىڭ مەزھىبى (ئىمامى ئەزەم) نىڭ مەزھىبىدە ۋاجىپتۇر. قۇربانلىق مالنى بوغۇزلاشنىڭ ۋاقتى ھېيىت نامىزىدىن باشلاپ تاكى ھېيىتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگىچە داۋاملىشىدۇ. قۇربانلىق ئۈچكە تەقسىم قىلىنىپ، بىر قىسمى كەمبەغەل، پېقىرلەرگە، بىر قىسمى يېقىن - يورۇقلارغا بېرىلىپ، قالغان بىر قىسمىنى قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئائىلىسىگە قالدۇرىلىدۇ.

- شەيخ يۈسۈف قەرداۋىي مۇنداق دەيدۇ: بۇ بىر  ۋاجىپ بولۇپ، ئىمكانىيىتى بار تۇرۇغلۇق بۇنى تەرك قىلغان كىشى گۇناھكار بولىدۇ.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق ھەققىدە سورالغاندا "ئاتاڭلار ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى" دەپ جاۋاب بەرگەن.

- كۆپىنچە مەزھەبلەر يوقسۇللارنىڭ قۇربانلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلمايدۇ. قۇربانلىق قىلغانلارنىڭ ئۇنى يۇقىرىدا ئېيتقاندەك ئۈچكە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىشى سۈننەتتۇر. ئۆزىگە ئازراق ئېلىپ قېلىپ قالغىنىنى سەدىقە قىلىۋەتسە تېخىمۇ ياخشى.

- قۇربانلىقنىڭ ۋاقتى ھېيىت نامىزىدىن كېيىن باشلىنىدۇ. بەزى خاتا ھالدا، قاسساپ تاپالماسلىقتىن ئەنسىرەپ قۇربانلىقنى ھېيىت كۈنى كېچىسى قىلىدىغانلىقنى ئاڭلىدىم. بۇنداق بوغۇزلانغان مال قۇربانلىق بولماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك "ئۆلتۈرگەن

قويى گۆشتىن باشقا نەرسە ئەمەس" يەنى ئۇنىڭغا قۇربانلىقنىڭ ئەجرى يېزىلمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن كېيىن قىلىش لازىم.

- قۇربانلىق ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرغۇچى ئىبادەتتۇر. ئىبادەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئىجرا قىلىش پەيتى بەلگىلەنگەن ئىبادەتلەر بار, قۇربانلىق بولسا بۇنىڭ قاتارىدىندۇر. شۇڭا ئۇنى بەلگىلەنگەن ۋاقتىدا قىلىش لازىم. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى كۈنلىرىگە كېچىكتۈرۈشمۇ جائىز.

- شەيخ يۈسۈف قەرداۋىنىڭ شۇ نامىلىق پەتىۋاسىدىن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

---

قۇربانلىقنى زاكات ھېسابىغا قىلىشقا بولامدۇ؟

- ھەرقانداق ئەھۋالدا قۇربانلىقنى زاكات مالدىن چىقىرىپ قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى زاكات يوقسۇللىنىڭ ھەققى بولۇپ، ئۇنىڭغا باينىڭ قولى يېقىن كەلمەيدۇ. ئۇ پەقەت زاكات ۋاجىب بولغان كىشىلەر ئۈچۈن ئايرىلغان مەخسۇس مالدۇر.

- ئەزھەر ئۆلىمالىرىدىن شەيخ جەئفەر ئەلتەلھاۋىي مۇنداق دەيدۇ:

- زاكات پەرز ئەين بولۇپ، ئىسلامنىڭ رۇكنى، ئىماننىڭ بىر پارچىسىدۇر. بىر سەھىھ ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "ئىسلام بەش نەرسە ئۈستىگە قورۇلغان ئۇلار، بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر، دەپ شاھادەت ئېيتىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش..."

- قۇربانلىق بەزى ئۆلىمالارنىڭ دېيىشىچە سۈننەتتۇر. بۇنى قىلمىغان كىشىگە زاكاتنى بەرمىگەن كىشىگە قىلىنغان مۇئامىلە قىلىنمايدۇ.

- قۇربانلىقنىڭ زاكاتتىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرى بار؛ قۇربانلىقنىڭ بىر قىسمى ھەدىيە

قىلىپ بېرىشكە، بىر قىسمى يېيىلىدۇ، يەنە بىر قىسمىنى مىسكىن، كەمبەغەللەرگە بېرىلىدۇ. ئەمما زاكات قۇرئاندا بايان قىلىنغان سەككىز تۈرلۈك كىشىگە بېرىلىدۇ. زاكاتنى ئۆزى يېيىشكە، سەدىقە ياكى ھەدىيە قىلىپ بېرىشكە بولمايدۇ.

- قۇربانلىق مەيلى مۇقىم ياكى سەپەردىكى كىشى بولسۇن ئىمكانىيىتى يەتسىلا قىلىنىدۇ. ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن، بىر ئائىلىگە بىر مال قۇربانلىق قىلىنسا يېتەرلىك.

- مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، زاكاتمۇ، قۇربانلىقمۇ ئېھتىياجىڭدىن ئاشقان مالدىن ئېلىنىدۇ.

- شەيخ جەئفەر ئەلتەلھاۋىينىڭ شۇ ناملىق ماقالىسىدىن

قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

---

قۇربانلىق قىلغان ياخشىمۇ ياكى پۇلىنى سەدىقە قىلغان ياخشىمۇ؟

- ھايات كىشى بولسا، قۇربانلىق قىلغان ياخشى. چۈنكى قۇربانلىق ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان ئىبادەتتۇر. بىز قۇربانلىقنى ئاتىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگەشكەن ۋە شۇ بۈيۈك ھادىسىنى خاتىرلىگەن ھالدا كېسىمىز. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا چۈشىدە بالىسى ئىسمائىلنى قۇربانلىق قىلىش ھەققىدە ۋەھيى كەلگەندە بۇ ۋەھيىگە باش ئىگىپ ئۇنى ئىجرا قىلىشقا تۇتۇندى... ئوغلى ئىسمائىلمۇ ئاتىسىنىڭ ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئىجرا قىلىشى كېرەكلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويدى.... ئاخىرىدا ئۇ ئاللاھ تائالا بۇ قېيىن سىنىقىدىن ئۆتتى.

بارلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۈيۈك ۋەقەلىرىنى خاتىرلەش، ئۇنى ئولۇغلاش... قاتارلىق ئىشلارنى ئېلىپ بارىدۇ... ئەمما بۇ كۈن ئاللاھنىڭ كۈنى، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۈنى، ئىمان

كۈنلىرىنىڭ بىرى، بۇ قەھرىمانلىق كۈنى... بۇ كۈندە مۇسۇلمان كىشى قۇربانلىق قىلىدۇ. بۇ سۈننەت بولۇپ، پۇلىنى سەدىقە قىلغاندىن كۆپ ياخشى. چۈنكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى قۇربانلىق مېلىنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلغىلى تۇرسا، ئۇ ھالدا بۇ ئىبادەت ئۆلگەن بولىدۇ. ئىسلام ئۇنى جانلاندۇرۇشنى خالايدۇ. شەكسىزكى، قۇربانلىق قىلىش ئەۋزەل. ئەمما بۇ ئۆزى ۋە بالىلىرى ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىدىغان ھايات كىشى توغرىسىدىكى مەسىلە.

- ئەمما ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ساۋابىنى ئاتاپ قۇربانلىق قىلماقچى بولسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىدۇ؟ قۇربانلىق قىلامدۇ ياكى پۇلىنى سەدىقە قىلامدۇ؟ مەن كۈچلۈك دەپ قارايدىغان ۋە كۆڭلۈم راھەتلىك ھېس قىلىدىغىنى، كۆپ قۇربانلىق قىلىنىدىغان، كىشىلەر گۆشتىن بىھاجەت يۇرت بولسا، ئۆلۈكنىڭ نامىدىن قۇربانلىقنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلغان ئەۋزەل؛ چۈنكى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۆيلىرىدە ھېيت كۈنلىرى يەتكۈدەك گۆشلىرى بار، ئەمما بالىلىرىغا كىيىم - كېچەك ئالىدىغانغا پۇلى بولماسلىقى مۇمكىن... شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق يۇرتتا، ئۆلگەن كىشىنىڭ نامىدىن قۇربانلىق قىلغاندىن، ئۇنىڭ پۇلىنى سەدىقە قىلغان ئەۋزەل... ئەمما، يۇرتتا گۆشكە ھاجىتى بار كىشىلەر بولسا، پۇلىنى سەدىقە قىلماستىن مال قۇربانلىق قىلىش لازىم.

- شەيخ يۈسۈف قەرداۋىنىڭ شۇ ناملىق پەتىۋاسىدىن

قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

بسم الله الرحمن الرحيم

# قۇربانلىقنىڭ ھۆكۈملىرى ۋە قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ ياش چەكلىمە شەرتلىرى

قۇربانلىق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالامەتلىرىدىن بىرى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. قۇربانلىق قىلىشقا قادىر بولالايدىغان كىشىنىڭ قۇربانلىق قىلىشى تەكىتلەنگەن سۈننەتتۇر. قۇربانلىق قىلىشنىڭ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھۆكۈملىرى بار بولۇپ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى، فىقھى سېلىشتۇرما دەرسلىك ئوقۇتقۇچىسى دوكتور ئابدۇلفەتتاھ ئىدرىس ئۇنى سىزگە تۆۋەندە يىغىنچاقلاپ بايان قىلىپ بېرىدۇ:

## قۇربانلىق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر

قۇربان ھېيت كۈنى قۇربانلىق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئەت بەلگىلىمىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بار. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: "پەرۋەردىگارىڭ ئۈچۈن ناماز ئوقۇغىن ۋە قۇربانلىق قىلغىن".

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سېمىز، ئاختا قىلىۋېتىلگەن، مۈڭگۈزلۈك، يۇڭلىرى ئاقىرىپ كەتكەن چوڭ ئىككى قوشقانى قۇربانلىق قىلدى؛ بىرىنى ياتقۇزۇپ: "بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئى الله! بۇنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىمەن" دېدى. ئاندىن يەنە بىرىنى ياتقۇزۇپ: "بىسمىللاھى ئاللاھۇ ئەكبەر، ۋەللاھۇ ئەكبەر، ئى الله! بۇنى مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىدىن سېنىڭ بار ۋە بىرلىكىڭگە، مېنىڭ پەيغەمبەرلىكىمنى يەتكۈزگەنلىكىمگە گۇۋاھلىق بەرگەنلەرنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىمەن" دېدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى قۇربانلىق قىلىشقا رىغبەتلەندۈرگەن. ئائىشە

رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: "ئىنساننىڭ قۇربان ھېيت كۈنىدە قىلغان ئەمەللىرىدىن قان تۆككەن ئەمەلىنى (قىلغان قۇربانلىقىنى) الله ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ. قۇربانلىق قىلىنغان مال قىيامەت كۈنى مۈڭگۈزلىرى، يۇڭلىرى، ۋە تۇۋاقلىرى بىلەن بىللە كېلىدۇ، ئۇنىڭ قېنى يەرگە چۈشۈشتىن بۇرۇن الله بەلگىلىگەن بىر ئورۇنغا چۈشىدۇ. ئىنسانلار ئۇنىڭ خۇشپۇرىقىنى پۇرايدۇ."

## قۇربانلىقنىڭ ھۆكمى

كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار قۇربانلىق قىلىشنىڭ تەكىتلەنگەن سۈننەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "ماڭا پەرز قىلىنغان، سىلەرگە نەپلە ئىبادەت قىلىنغان ئۈچ ئىش بار. بىرى ۋىتىر نامىزى، يەنە بىرى قۇربانلىق قىلىش، ئۈچىنچىسى، بامدات نامىزىنىڭ ئىككى رەكئەت سۈننىتىنى ئوقۇشتۇر."

ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلغان مۇنۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "زۇلھەججە ئېيىنىڭ دەسلەپكى ئونى كىرسە، قۇربانلىق قىلىشنى ئىرادە قىلغان كىشى قۇربانلىق قىلىپ بولغانغا قەدەر چېچىنى ئالدۇرمىسۇن، تىرنىقىنى ئالمىسۇن" دەپ، قۇربانلىق قىلىشنى قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق قىلىپ قويغان. پەرز ئىبادەتنى ئادا قىلىش ئىبادەتكە تەكلىپ قىلىنغۇچىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق ئەمەس.

## قۇربانلىق قىلغۇچى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك قائىدىلەر

مالىكى ۋە شافىئى مەزھىبىدىكىلەردىن، شۇنداقلا ھەنبەلى مەزھىبىدىكى بىر قىسىم كىشىلەردىن تەركىپ تاپقان كۆپچىلىك ئۆلىمالار ئۇممۇ سەلىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسىنى دەلىل قىلىپ: قۇربانلىق قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ زۇلھەججە ئېيىنىڭ

دەسلەپكى كۈنى كىرگەندىن باشلاپ قۇربانلىق قىلىپ بولغانغا قەدەر چاچ ئالدۇرۇشى ۋە تىرناق ئېلىشنى مەكرۇھ دەپ قارايدۇ. ئۇلار ئۇ ھەدىستىكى چەكلىمىنى مەكرۇھ دەرىجىسىدە دەپ قارىغان. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭمۇ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلىدىغان مالنىڭ بويىنغا ئېسىپ قويىدىغان يىپنى ئېشىپ بېرەتتىم، ئاندىن ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆز قولى بىلەن شۇ مالغا ئېسىپ قوياتتى، ئاندىن ئۇنى ھەرەمگە ئەۋەتەتتى. ئۇ قۇربانلىق بوغۇزلانغانغا قەدەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا الله ھالال قىلغان ئىشلاردىن ھېچبىرى ھارام بولمايتتى.

مانا بۇ رىۋايەت چاچ ۋە تىرناق ئېلىشنىڭ دۇرۇسلىقىنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئۇ الله ھالال قىلغان ئىشلاردىندۇر. (شۇڭا ئۆلىمالار ئىككى ھەدىسنى بىرلەشتۈرۈپ مەكرۇھ دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان).

بىر قۇربانلىق ئائىلە ئەزالىرى ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ

قۇربانلىق قىلغۇچى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ نامىدا بىر قوي قۇربانلىق قىلسا كۇپايە قىلىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر قوينى ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلغان. قۇربانلىق قىلغۇچى تۆگە ۋە كالىغا ئوخشاش قويدىن چوڭ ھايۋانلارنى قۇربانلىق قىلسىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

كۆپچىلىك فىقھىشۇناسلارنىڭ قارىشىدا تۆگە ياكى كالىغا مەيلى بىر ئۆي ئەزالىرىدىن بولسۇن ياكى باشقا ـ باشقا ئۆيدىن بولسۇن، يەتتە ئادەم شېرىك بولۇپ قۇربانلىق قىلسىمۇ كۇپايە قىلىدۇ. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:
"ھۇدەيبىيەدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە بىر تۆگىنى يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا، يەنە بىر كالىنى يەنە يەتتە ئادەمنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلغان ئىدۇق".

## قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ شەرتلىرى

ئالتە ئايلىق بولۇپ يەتتىنچى ئېيىغا قەدەم قويغان قوي، ئىككى يىللىق بولۇپ، ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويغان كالا، بەش يىللىق بولۇپ، ئالتىنچى يىلىغا قەدەم قويغان تۆگە قۇربانلىق قىلىشقا يارايدۇ. قۇربانلىقنىڭ سېمىز، چوڭ ۋە چىرايلىق بولۇشى مۇستەھەبتۇر. گۆشىنىڭ تولۇق ۋە ياخشى بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەيىبلەردىن خالىي بولۇشى ۋاجىپتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قارىغۇ ياكى ئاقساق، ياكى ساقىيىش ئۈمىدى بولمىغان كېسەل ياكى ناھايىتى ئورۇق ۋەياكى قۇلىقىنىڭ يا مۈڭگۈزىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى چولاق ھايۋانلار قۇربانلىق قىلىشقا يارىمايدۇ. چۈنكى بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "كورلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان قارىغۇ، كېسەللىكى چىقىپ تۇرىدىغان ئاغرىق، ئاقساقلىقى چىقىپ تۇرىدىغان توكۇر، قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ئورۇق ھايۋاندىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك مالنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولمايدۇ."

ئەگەر قۇربانلىق قىلىدىغان كالىنىڭ گۆشى كۆپ بولسا ياكى ئىككى يىلدىن ئېشىپ كەتكەندە گۆشى سىڭشلىك بولمايدىغان ئەھۋال بولسا، ئىككى يىللىقتىن كىچىك بولسىمۇ، شەرىئەتنىڭ قۇربانلىق قىلىشنى بەلگىلەشتىكى ھېكمىتىگە ئاساسەن دۇرۇس بولىدۇ. چۈنكى قۇربانلىقتىن مەقسەت كىشىلەرگە ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش ۋە كەمبەغەلنى گۆش بىلەن تەمىنلەشتىن ئىبارەتتۇر.

## قۇربانلىقنى بوغۇزلاش ۋاقتى

قۇربانلىق ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىنىدۇ. چۈنكى بەرائ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "كىمكى قۇربان ھېيت نامىزىنى ئوقۇسا ۋە قۇربانلىق قىلسا، قۇربانلىقى توغرا ئادا بولىدۇ. كىمكى قۇربانلىقنى

ھېيت نامىزىنى ئوقۇشتىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، قۇربانلىقنى قايتا قىلسۇن." يەنە بىر رىۋايەتتە: "بۇ كۈندە قىلىدىغان دەسلەپكى ئىبادىتىمىز نامازدۇر، ئاندىن قۇربانلىق قىلىشتۇر. كىمكى قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلىسا، ئۇ ئائىلىسىدىكىلەرگە سويۇپ بەرگەن قوينىڭ گۆشىگە ئوخشايدۇ. قۇربانلىققا ھېساب بولمايدۇ" دېيىلگەن. شۇڭا قۇربانلىقنى نامازدىن ئىلگىرى بوغۇزلىغان كىشىنىڭ قۇربانلىقى ئادا بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر مالنى قۇربانلىق قىلىشى لازىم.

### قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقنى بوغۇزلىغان يەرگە ھازىر بولۇشى

قۇربانلىق قىلغۇچى گەرچە قۇربانلىقنى ئۆزى بوغۇزلىمىسىمۇ، ئۇنى بوغۇزلىغان يەرگە ھازىر بولۇشى مۇستەھەبتۇر. چۈنكى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "قۇربانلىقنى بوغۇزلىساڭلار، شۇ جايغا ھازىر بولۇڭلار. چۈنكى، ئۇنىڭ تۇنجى قېنى تېمىغان چاغدا سىلەرگە مەغپىرەت قىلىنىدۇ." پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "قۇربانلىقىڭنىڭ قېشىغا ھازىر بولغىن، ئۇنىڭ تۇنجى قېنى تېمىغان چاغدا ساڭا مەغپىرەت قىلىنىدۇ."

قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ مالنى بوغۇزلىغان چاغدا: "بىسمىللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر" دېيىشى مۇستەھەبتۇر. بۇنىڭغا يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ ئېيتىشى ياخشى دەپ قارىلىدۇ: "ئى اللە! بۇ سەندىندۇر ۋە سەن ئۈچۈندۇر. ئى اللە! بۇنى مەندىن (ياكى پالانىدىن) قوبۇل قىلغىن!" چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىق قوچقىرىنى بوغۇزلاش ئۈچۈن ئېلىپ كېلىپ، ئاندىن ئۇنى ياتقۇزۇپ: "ئى اللە! بۇنى مۇھەممەدنىڭ، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ۋە ئۈممىتىنىڭ نامىدا قوبۇل قىلغىن!" دېگەنلىكى، ئاندىن بوغۇزلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنىدۇ. جابىر رەزىيەللاھۇ

ئەنھۇدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: "ئى الله! بۇ سەندىندۇر ۋە سەن ئۈچۈن مۇھەممەدنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۈممىتىنىڭ نامىدىندۇر، بىسمىللاھ ۋەللاھۇ ئەكبەر" دېگەنلىكى، ئاندىن ئۇنى بوغۇزلىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان.

## قۇربانلىق گۆشنى قانداق تارقىتىش

قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىق گۆشتىن ئۈچتىن بىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە يېگۈزۈشى، ئۈچتىن بىرىنى خوشنىلىرى ۋە تۇغقانلىرى ئىچىدىكى كەمبەغەللەرگە ھەدىيە قىلىشى، قالغان ئۈچتىن بىرىنى قۇربانلىق گۆشنى تىلىگۈچىلەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىشى مۇستەھەبتۇر. چۈنكى الله تائالا مۇنداق دەيدۇ: "ئۇلارنى يەڭلار، قانائەتچان موھتاجلارغا ۋە سائىللارغا بېرىڭلار".

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇربانلىقىنىڭ سۈپىتى ھەققىدە ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "ئۇ ئۈچتىن بىرىنى ئائىلىسىدىكىلەرگە يېگۈزەتتى، ئۈچتىن بىرىنى كەمبەغەل خوشنىلىرىغا يېگۈزەتتى، قالغان ئۈچتىن بىرىنى سائىللارغا بېرەتتى." ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: "قۇربانلىقنىڭ ئۈچتىن بىرى ساڭا، ئۈچتىن بىرى ئائىلەڭدىكىلەرگە، قالغان ئۈچتىن بىرى مىسكىنلەرگە تېگىشلىكتۇر."

قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ ئۇنى سويۇپ بەرگەن قاسساپقا ئىش ھەققى ئۈچۈن قۇربانلىق گۆشتىن بېرىشى توغرا ئەمەس. لېكىن ئۇ كەمبەغەل بولغانلىقى ئۈچۈن ياكى ھەدىيە ئورنىدا بىرئاز گۆش بەرسە ھېچ ۋەقەسى يوق. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى قۇربانلىق تۆگىنىڭ قېشىدا تۇرۇشقا، ئۇنىڭ تېرىلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە گۆشلىرىنى پارچىلاشقا، قاسساپقا ئۇنىڭدىن ھېچ نەرسە

بەرمەسلىككە بۇيرۇدى ۋە: "قاسساپنىڭ ئىش ھەققىنى ئۆزىمىزنىڭ يېنىدىن بېرىمىز" دېدى.

شۇنداقلا، قۇربانلىق قىلغۇچىنىڭ قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ياكى تېرىسىنى ۋەياكى باشقا نەرسىلىرىنى سېتىشى دۇرۇس بولمايدۇ. لېكىن ئۇنىڭ تېرىسىدىن ۋە باشقا نەرسىلىرىدىن ئۆزى پايدىلانسا دۇرۇس بولىدۇ. بۇنىڭدا ھېچ ئىختىلاپ يوق.

مانا بۇلار، قۇربانلىقنىڭ قىسقىچە ئەھكاملىرى بولۇپ، ئۇنىڭدىن شۇ مەلۇم بولىدۇكى، قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالغا ياش چەكلىمىسى قويۇلۇشىدىكى ھېكمەت كەمبەغەللەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش بولغانلىقى ئۈچۈن، گۆش جىق چىقىدىغان ھايۋان بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا قۇربانلىق قىلىنىدىغان مالنىڭ يېشى ياش چەكلىمىسىگە يەتمىسىمۇ، گۆشى جىق بولسا، ئۇنى قۇربانلىق قىلىش دۇرۇس بولىدۇ.

دوكتور ئابدۇلفەتتاھ ئىدرىس

مۆمىنجان تەرجىمىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

# ھەج تۇيغۇلىرى

ــــ سۇمەييە رامىزان

ئى ئاللاھ! ھازىرمىز، چاقىرىقىڭغا ھازىرمىز!

ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى : "ماڭا ئەڭ سۆيۈملۈك زېمىن" دەپ سۈپەتلىگەن مۇقەددەس زېمىنغا دەسسىگەن ھەربىر قەدەمگە مۇبارەك بولسۇن! بۇ زېمىن (ھەرەم) تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، بۇ تاغلار خۇددى ئاللاھنىڭ بۇ ئەمىن شەھرىنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان ئەسكەرلەردەك قەددىنى تىكلەپ تۇرماقتا. بۇ شەھەرنىڭ قەلبى ئۆز كۆچىنى "لا ئىلاھە ئىللەللاھ" تىن ئالىدىغان ئادەم تويانى بىلەن سوقۇپ تۇرىدۇ. بۇ، "لائىلاھە ئىللەللاھ" بىلەن دىللىرىنى يورۇتۇپ، تىللىرىنى نەملەپ تۇرغان ئادەملەردىكى "مەنمەنلىك" توڭىنى ئېرىتىپ تاشلايدىغان مۇقەددەس زېمىندۇر. سۇبھانەللاھ ...

مەسجىدىلھەرەمگە كىرگەن ھەربىر شەخس ئۆشنىسىدە "مەن" ناملىق ئېغىر يۈكنى ئارتىۋالغان ھالدا كىرىدۇ، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھاكىمىيەت ئاللاھقا خاس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ رەھمان تائالانىڭ ئاجىز بىر بەندىسى ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ. بىز بۇ مەقەددەس ھەرەمگە قەدەم باسقىنىمىزدا ھەممە نەرسە بىزگە مەنسۇپ بولۇشىنى، كەبىنىڭ ئالدىدا، چىرايلىق گىلەم ئۈستىدە كەڭ ـ كۆشادە ئولتۇرۇپ ناماز ئوقۇشنى، ئازادە، بىمالال تاۋاپ قىلىشنى، يەڭگىللا تاۋاپ ـ سايانى تاماملاشنى، ئارامىمىز بىلەن زەمزەم سۈيىدىن قانغۇچە ئوتلاشنى ئويلاپ كىرىمىز. بەيتۇللاھنىڭ دەرۋازىسىدىن ھەرەم ئىچىگە قاراپ قەدەم ئېلىشىمىزدا كۈتۈلمىگەن ئەھۋال يۈز بېرىدۇ. رەڭگارەڭ ئىنسانلار... بىر ـ بىرىگە ئوخشاشمايدىغان تىللاردا سۆزلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلىكى، ھەممە ئادەمنىڭ ئاللاھقا يېلىنىپ سەجدە قىلىشلىرى، ئاللاھنىڭ ھەرخىل شەكىلدىكى ئىنسانلارنى يارىتىشىدىكى ئاجايىپ قۇدرىتى كۆز ئالدىمىزدا

نامايەن بولىدۇ. بىزنىڭ ئارزۇلىرىمىزنىڭ تۈنجىسى ۋە ئاسانلىرىدىن بىرى بولغان تاۋاپقا باشلىغىنىمىزدا، ئاجايىپ رىتىملىق، يۆنىلىشى بەلگىلەنگەن ئاپاراتنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغانلىقىمىزنى ھېس قىلىمىز، جىسىملىرىمىزنى ھەركەتلەندۈرۈش ھالىتى ئىنتايىن رىتىملىق، ئاجايىپ "سىمفونىك" شەكىلدە دۇئا، تەسبىھ، يىغا ـ زارە، تەكبىر ـ تەھلىللەر دىلىلارنى ئېرىتىپ، ئەقىل، ۋىجدانلارنى ئويغۇتىدۇ.

بۇ قورقۇنچلۇق يىغا ـ زارلىرىنىڭ پەس ئاۋازى ئىچىدە: "مەن كىم؟" ھېچ نەرسە ئەمەس.. ئادەم توپى ئىچىدە يەتتە تاۋاپنى توختىماستىن ئاخىرلاشتۇرىمىز، مېنىڭ ھەرەمدە ئىكەنلىكىمنى ياراتقۇچى ئۇلۇغ ئاللاھتىن باشقا ھېچكىم ھېس قىلمايدۇ. ئاللاھ ئۆزى يالغۇزلا بارلىقىمنى، تاۋاپ ـ ئىبادەتلىرىمنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرىدۇ. مېنى ئاغلايدۇ بەلكى ئارزۇ ـ ئۈمىدلىرىمنى ئورۇنداپ بېرىدۇ. بۇ قانداق؟ قانداقلىقىنى بىلمەيمىز. لېكىن بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، ئاللاھنىڭ بىزگە بەكمۇ يېقىن، ئارىمىزدا داۋاملىق بىز بىلەن بىللە ئىكەنلىكى بىز ئۈچۈن ئەڭ بۈيۈك بەخت. دىللىرىمىزدا شۇنداق ئىشەنچ باركى، ئاللاھ مۇشۇ كائىناتنىڭ ئىلاھى، ھەممىگە قادىر. ئاللاھنىڭ قۇدرىتى ئالدىدا ھېچبىر كۈچ ـ قۇدرەت پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ..

سۇبھانەللاھ! بۇ موماي، بۇ كېلىشكەن ياش، بۇ بوۋاي، بۇ قارا تەنلىك، بۇ ئاق تەنلىك، بۇ سېرىق چىراي، بۇ ئېگىز، بۇ پاكار، رەڭگارەڭ چىرايلار ھەقىقەتەن ئىنساننى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار ھەممىسى بىردەك: "لائىلاھە ئىللەللاھ ئاللاھۇ ئەكبەر" دەيدۇ. ھەممە كىشى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن، يۈزلەرچە تىللاردا سۆزلىشىدىغان، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ كەلگەن تۇرۇپ، قانداقسىگە: "لائىلاھە ئىللەللاھ" تا بىرلىشەلىدى؟ جاۋاب : "بۇ ئاللاھنىڭ پەزلى بولۇپ، ئۆزى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ".

## پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى

مۇئەززىن ھەر نامازغا ئەزان ئوقۇغاندا، بەندىلەر پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى ئالدىدا سەپ بولۇپ تىزىلىدۇ، ئادەم سانى قانچە كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەربىر شەخس ئۆزىگە لايىق ناماز ئوقۇيدىغان ئورۇن تاپالايدۇ. نامازدىن بورۇن ئورۇن ئىزدەپ ئۆياق ـ بۇياقنى ئايلىنىدۇ، ئورۇن تاپالمايدۇ. ئورۇن توشۇپ كەتكەن، جىسىملار ئارىسىدا بارماق پاتقۇدەك ئورۇن قالمىغان، سەپلەر ئاجايىپ ھېكمەت بىلەن تىزىلغان، سەپنى تۈزۈش بۇيرىقى مۇھەممەد مۇستافا سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن بولغان. سەپتىن بىر كىشىلىك ئورۇن ئىزدىگەن ئادەم خۇددى جەننەتتىن ئورۇن ئىزدىگەن ھېسسىياتتا بولىدۇ، ئاللاھتىن ئارزۇ ـ ئارمانلىرىغا يەتكۈزۈشنى تىلەپ دۇئا ـ تەسبىھلەرنى ئوقۇيدۇ. ھەربىر كىشىنىڭ قەلبىدە شۇنداق سوئال پەيدا بولىدۇ: ئاخىرەتتە جەننەتتىن ئورۇن ئىزدىسەك، توشۇپ كەتكەننى كۆرۈپ ئورۇن تاپالمىساق، ھالىمىز نېمە بولار؟ ئى ئاللاھ! بىزنى ئۇ كۈنگە قالدۇرمىغايسەن ـ ئامىن !!

## نېمە ئۈچۈن جېدەللىشىمىز، سۈركىلىشىمىز؟!

ياراتقۇچى ئاللاھ پاكتۇر! نامازغا تەكبىر ئوقۇلۇشى بىلەن تەڭ ھەممە بىردەك سەپكە تىزىلىدۇ، خۇددى ئاللاھ ئاسماندىن بىرپارچە يەرنى زېمىنغا چۈشۈرۈپ، ناماز ئوقۇغۇچىنى قارشى ئالغاندەك، نامازغا تەكبىردىن بۇرۇن تېپىلمىغان ئورۇن تەكبىردىن كېيىنلا چىقىپ قالىدۇ. سەپلەر راۋرۇس تىزىلىدۇ، سىرتتىن قارىغۇچىغا ھەيۋەتلىك بىرمەنزىرە كۆرۈنىدۇ. مۇسۇلمانلار قانداق قىلىپ بۇنداق مۇنتىزىم ـ تەرتىپلىك بولۇپ قالدى؟ ئۇلار نورمال تۇرمۇشىدا بۇنداق تەرتىپلىك ئەمەستىغۇ؟! بىز ئەنە شۇ بەختلىك مۇسۇلمانلاردىن تۇرساق، نېمە دەپ جېدەللىشىمىز؟! نېمە دەپ سۈركىلىشىمىز؟!...

## زەمزەم سۈيى

زەمزەم سۈيى قېشىغا كەلگىنىمىزدە، ئاللاھنىڭ بۇ تۈگىمەيدىغان بەرىكەتلىك سۈنى بىزگە

نېمەت قىلىپ بەرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. زەمزەم ئەسىرلەر بويى مىليونلارچە ئىنسان ئىچىپمۇ تۈگىمەيدۇ، بەندىلەر ئىچكەنسېرى قودۇقنىڭ سۈيى ئاۋۇپ قالىدۇ، كېچە ـ كۈندۈز قاچىلار، باكلار ۋە چوڭ ماشىنىلارغا قاچىلىغان بىلەنمۇ تۈگەپ قالمايدۇ. زەمزەمگە ئېرىشكەن ھەربىر كىشى، ئۇنى ئىچمەي قالمايدۇ، ھەتتا بەس ـ بەستە تالىشىپ ئىچىشىدۇ.

مەسجىدىلھەرەمدە مۇسۇلمانلار بىر ـ بىرگە ئازار بەرمەيدۇ، تىللاشمايدۇ، زەمزەم سۈيىنى ئىچكىنىمىزدە تىللار ئاللاھقا تەسبىھ ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، بەندە ئۆزىدىكى"مەنمەنچىلىك"نىڭ ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ، ئاللاھ ھەممىگە قادىر، ئۇنىڭسىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولالمايمىز.

زەمزەم بىزگە قىيامەتتىكى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېرىلگەن ھەۋزى كەۋسەرنى ئەسلىتىدۇ، ھەۋزى كەۋسەردىن سۇ ئىچىشتىن مەھرۇم قالساق، ھالىمىز نېمە بولۇپ كېتەر ـ ھە؟! رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ نىجاتلىقىمىز بولغان ھەۋزى كەۋسەردىن بىزنى قايتۇرۇپ قالسا، ھالىمىز قانداق بولۇپ كېتەر؟! شۇنداق تۇيغۇغا كېلىمىزكى، بىز تۈگەشكەنلىكىمىزنى ھېس قىلىمىز. ئى ئاللاھ! بىزگە ئۇ كۈننى كۆرسەتمىگىن... ئى رەببىمىز! بىزنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغىن ...

## سافا ـ مەرۋە

سافا ـ مەرۋەگە يۈزلەنگىنىمىزدە، يەنە شۇنچە كۆپ ئادەم تويى بىلەن ئۇچرىشىمىز، نىمانچە كۆپ ئادەم ـ بۇ؟! بۇ نېمىنىڭ بەلگىلىرىدۇ؟! ئۇلار بىر ـ بىرىگە زىت ئىككى يۆنىلىشكە قاراپ ئېقىۋاتقان ئادەم دېڭىزىغۇ؟! ئادەملەر بىر گەۋدىگە ئايلانغان، سەن بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، سېنىڭ ھېچكىم بىلەن كارىڭ يوق. ھەممە ئاللاھنىڭ ئىشقىدا ئۆزىنى ئۇنۇتقان. بۇ توپ ئارىسىدا

كېتىۋاتقانلاردىن چىپ ـ چىپ تەر ئېقىۋاتقان، ئۇنىڭغا پەرۋا قىلمىغان. شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە مەھشەر كۈنى بولىدىغان دەھشەتلىك تەرنىڭ ۋۇجۇدىمىزدىن سۇ ئاققاندەك ئېقىشلىرىنى ئەسلىگىنىمىزدە، بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلىقىمىزغا كۆزىمىز يېتىدۇكى، قىيامەتتىكى تەرلىرىمىز ئۇشۇقتىن ئېشىپ، پاچاققا يېتىدىغانلىقىنى خىيال قىلىمىز. ئى رەببىمىز! بىزنى ساقلىغايسەن.. ھالىمىز نېمە بولۇپ كېتەر؟!...

## چاش چۈشۈرۈش ياكى كېسىش

چاچ چۈشۈرۈش ياكى كېسىش بىلەن "مەنمەنلىك" يەنە يەرگە تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان ئەتراپىدىكىلەرگە ئوخشاشلا ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلغان ھالدا پەرۋانىدەك ھەرتەرەپكە تارقىلىدۇ. مۇبارەك مەيدانلاردا تەمكىن ئايلىنىپ يۈرىدۇ، بىر ئايال مەيدانغا جاينامازنى سېلىپ ئولتۇرىشىغا ئەتراپىغا ئاياللار كېلىپ تىزىلىپ ئورۇن تۇتىدۇ. بىر ئەر كىشى كېلىپ جايناماز سالسا، ئۇنىڭمۇ ئەتراپىغا باشقا ئەرلەر كېلىپ جايناماز لىرىنى سېلىشىپ سەپ تۈزۈپ نامازغا كىرىپ كېتىدۇ. ئۇلار خۇددى يەككە يېگانە ئاللاھنىڭ يەر يۈزىگە تارقالغان ئىتائەتچان ئەسكەرلىرىگە ئوخشاش كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىدۇ.

بەندە ھەج ئىبادىتىنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللاھقا ئالدىراپ ئىبادەت قىلىدىغان، گۇناھتىن ھەزەر ئەيلەپ قاچىدىغان بىر روھ تىكلىنىدۇ. ئۆز يۇرتىڭىزدەك ھېس ـ تۇيغۇ بىلەن ئاللاھقا قۇللۇق قىلغان مەسجىدىلھەرەم زېمىنى سىزنى ئۆزىگە جەلب قىلىۋالغاچقا، بۇ مۇقەددەس زېمىندىن ئايرىلغىڭىز كەلمىسىمۇ، لېكىن دۇنيانى گۈللەندۈرۈش بۇرچىڭىز سىزنى قايتىشقا مەجبۇرلىغان ھالدا كېتىپ قالىسىز. ساماۋى ئاۋاز سىزگە: "كېلىڭ! دۇنيانى بىرگە گۈللەندۈرەيلى، ئىسلاھ قىلايلى، ئاللاھنى ھەر زامان ۋە ھەر ماكاندا سۆز ـ ھەرىكىتىمىز بىلەن ياد ئېتەيلى!" دەپ نىدا قىلىدۇ. بەندە ـــ ھەرەمنىڭ

قەلبىدىكى مۇجەسسەم گەۋدە سەپەرگە ئاتلاندى... ھەرەمنىڭ كەپتەرلىرى ئۈنى: "راست سۆزلىگەن بولساڭ، نىجات تاپتىڭ!" دەپ ئۈزىتىپ قويدى...

ئابدۇلئەزىز تۆمۈر تەرجىمىسى

بِسْمِ اللَّهِ الرَّحْمَنِ الرَّحِيمِ

# قۇربان ھېيتى بىزدىن زادى قانداق روھنى تەلەپ قىلىدۇ؟

ئالدى بىلەن بىز ھەممىمىزنى ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈنلا مۇنبەرگە جەم بولۇشقا ۋە قۇربان ھېيتنى تەبرىكلەشتەك مۇشۇ مۇبارەك سائەتلەرنى بىرگە ئۆتكۈزۈشكە مۇيەسسەر قىلغان ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتائالاغا ھەددى ـ ھېسابسىز ھەمدۇسانالار بولسۇن ھەمدە ھەق ئۈچۈن قۇربان بېرىشنىڭ زادى نېمىلىكىنى ئۆز ئەمەلىي سۈننەتلىرى بىلەن بىزگە ئۆگەتكەن پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۈمەنمىڭلاپ دۇرۇد ـ سالاملار بولسۇن، ئاندىن ھەممىڭلارنىڭ ئۇلۇغ ئايەم كۈنلىرىڭلار مۇبارەك بولسۇن!

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ مەنىۋي ماھىيىتى بولىدۇ. ماھىيىتى چۈشىنىلمەي ئورۇندالغان ئىش ماھىيەتتە ئورۇندالمىغان بىلەن باراۋەر بولىدۇ. شۇڭا بىز بۈگۈن قۇربان ھېيتنى مۇبارەكلەۋاتقان ئىكەنمىز، چوقۇم ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەنىۋي ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنىۋېلىشىمىز لازىم.

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! ھەممىمىزگە مەلۇمكى، ئىسلام دىنىمىزدا روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتتىن ئىبارەت ئىككىلا بايرام مەۋجۇت بولۇپ، بۇلار قانداقتۇر باشقا دىنلارنىڭ قۇتلۇق كۈنلىرىگە ئوخشاش، بىرەر تارىخىي ۋەقەگە ياكى بىرەر تارىخىي شەخسنىڭ تۇغۇلغان، ۋاپات بولغان كۈنلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولمايدۇ. بەلكى پەقەتلا ئاللاھنىڭ رىزالىقىغا باغلىنىشلىق بولىدۇ. روزا ھېيتنى نېمە ئۈچۈن مۇبارەكلەيدىغانلىقىمىزنى ھەممىمىز ئوبدان بىلىمىز، ئەمما قۇربان ھېيتىنچۇ؟! بۇنى بىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ياشىنىپ قالغان تۇرۇقلۇقمۇ، قولىغا، قول پۇتىغا پۇت بولىدىغان جاندىنمۇ ئەزىز ئارزۇلۇق بىرلا ئوغلىنى، جۈملىدىن دۇنيادىكى بىردىن ـ بىر تايانچىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈنلا

قۇربانلىق قىلماقچى بولغان ئەشۇ پىداكارانە روھىغا قارىشىمىز لازىم. ئاندىن يارامىلىق ئوغلىنىڭمۇ "يَا أَبَتِ افْعَلْ مَا تُؤْمَرُ سَتَجِدُنِي إِن شَاء اللَّهُ مِنَ الصَّابِرِينَ" "ئى ئاتا! نېمىگە بۇيرۇلغان بولساڭ، شۇنى ئىجرا قىلغىن، خۇدا خالىسا (ئۇنىڭغا) مېنى سەۋر قىلغۇچى تاپىسەن" دەپ قىلچە ئىككىلەنمەستىن، جاۋاپ بەرگەنلىكىدىن ئىبارەت مانا بۇ ئىمان، ساداقەتنىڭ ھەممىنى لەرزىگە سالغۇچ تەسىرلىك مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىشىمىز لازىم. ئەنە شۇ چاغدىلا شۇنى بىلىپ يېتەلەيمىزكى، قۇربان ھېيتنى مۇبارەكلەش ماھىيەتتە ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن مۆئمىننىڭ قەلبىدە دائىم جۇش ئۇرۇپ تۇرىدىغان جاننى قۇربان قىلىش ئىشتىياقىنىڭ قوبۇللۇق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولغانلىقىنى قۇتلۇقلىغانلىق بولىدۇ شۇنداقلا ئەشۇ ئۇتلۇق ئىشتىياقا تەسكىن بولسۇن ئۈچۈن ئاللاھنىڭ پادىنى قۇربان قىلىشقا بۇيرىغانلىقىنى قۇتلىغانلىق بولىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزگە قۇربانلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئوقۇش ئۈچۈن ئۆگەتكەن تۆۋەندىكى دۇئامۇ بۇ نۇقتىنى تېخىمۇ روشەن تەپسىرلەپ بېرىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بارلىق مۇسۇلمانلار قۇربانلىققا پىچاق سۇرۇشتىن ئىلگىرى: "إِنِّي وَجَّهْتُ وَجْهِيَ لِلَّذِي فَطَرَ السَّمَاوَاتِ وَالأَرْضَ حَنِيفًا وَمَا أَنَاْ مِنَ الْمُشْرِكِينَ، ان صلوتى و نسكى ومحياي ومماتى لله رب العلمين لا شريك له وبذالك امرت وانا اول المسلمين، اللهم لك ومنك" "مەن پۈتۈن ئىخلاس بىلەن ھەممە تەرەپتىن بۇرۇلۇپ، زېمىن ئاسمانلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىمغا يۈزلەندىم. مەن ھەرگىزمۇ شېرىك كەلتۈرگۈچىلەردىن ئەمەسمەن. شەكسىزكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھەممىسى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھ ئۈچۈندۇر. ئۇنىڭ ھېچقانداق شېرىكى يوقتۇر، مەن ئىتائەتمەن مۇسۇلمان (يەنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە تولۇق بويسۇنغۇچى) بولۇشقا بۇيرۇلدۇم. ئى ئاللاھ! مانا بۇمۇ سەن ئۈچۈن ھازىردۇر ۋە سېنىڭ ئاتا قىلغىنىڭدۇر" دېگەن دۇئانى ئوقۇيدۇ. ئاندىن ئاجايىپ بىر ئىخلاسمەنلىك كەيپىياتىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئىتتىك پىچاق بىلەن مالنى بوغۇزلاشتىن ئىلگىرى: "بسم الله اكبر، اللهم تقبله منى كما تقبلت من خليلك ابراهيم و حبيبك محمد صلى الله عليهما

الصلاة والسلام" "ئاللاھنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن، ئاللاھ ھەممىدىن كاتتا، ئي ئاللاھىم! بۇ قۇربانلىقىمنى خۇددى دوستۇڭ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەبىبىڭ مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربانلىقىنى قوبۇل قىلغاندەك قوبۇل قىلغىن" دەپ دۇئا قىلىدۇ.

بۇ دۇئانى قىلىش بىلەن دۇنيا مۇسۇلمانلىرى ماھىيەتتە "ئى ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى! مانا بىز سېنىڭ مۇسۇلمانلىرىڭ (يەنى مۇكەممەل ئىتائەت قىلغۇچىلىرىڭ)، ساڭا بارلىقىمىز بىلەن بوي سۇنۇش بىزنىڭ تۇتقان يولىمىز، بىز ساڭا ساداقەتمەنلىكىمىزنى جاكارلىماقتىمىز، سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈن ئۇلۇغ پېشۋايىمىز ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش بوينىمىزنى تىغقا تۇتۇپ بېرەلەيمىز. ئى مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۆزۈڭ بۇ سۈننەتنى يولغا قويۇش ئارقىلىق ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدىڭ، شۇڭا بىزمۇ ئۆزىمىزنىڭكىنى ئەمەس، پادىلىرىمىزنىڭ قېنىنى ئېقىتىش ئارقىلىق جېنىمىزنى رىزالىقىڭ ئۈچۈن قۇربان قىلىش ئىشتىياقىمىزغا تەسكىنلىك بەرمەكتىمىز. ھالبۇكى، بىزنىڭ بارلىقىمىز سېنىڭ ئۈچۈندۇر، ئەگەر بىرلا ئىما قىلىدىغان بولساڭ، دىنىڭنىڭ يولىدا ھەر زامان بوينىمىزنى كەستۈرۈشكە تەييارمىز، مانا بىزمۇ ھەم بارلىقىمىزمۇ سېنىڭ ئۈچۈندۇر. بىز ھەقىقەتەنمۇ ۋاپادار، جانپىدا بەندىلىرىڭ بولغان ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىمىز، پۈتۈن ۋۇجۇدىمىز بىلەن ئۇلارغا چىن ئەقىدە قىلىمىز" دەپ ئەھدە قىلىدۇ. جۈملىدىن ئاللاھقا بولغان پىداكارلىقىنى ئەنە شۇنداق ئىزھار قىلىدۇ.

دەرھەقىقەت، قۇربان ھېيتنىڭ روھى ھەم بىردىن بىر مەقسىتى مانا مۇشىنىڭدىنلا ئىبارەتتۇر. ناۋادا بۇنداق ھېس، بۇنداق غايە بۇنداق ئىرادىمىز بولمىسا، پەقەتلا پادىلارنىڭ قېنىنى ئېقىتىپ قويۇش ياكى گۆش يېيىش ۋە تەقسىملەش بىلەن ھەرگىزمۇ ھەقىقىي قۇربان ھېيتنى تەبرىكلىيەلىگەن بولۇپ ھېسابلانمايمىز. بەلكى ئەكسىچە ھەر يىلى بىر قېتىم گۆش بايرىمى ئۆتكۈزۈپ، "بىز قۇربان ھېيتنى قۇتلۇقلىدۇق" دېگەن ساختا داۋايىمىز بىلەن ئېغىزىمىزنى

تاتلىق ئېتىپ يۈرگەن بولىمىز. شۇڭا تۆۋەندە پىداكارلىق تۇيغۇلىرىمىزنىڭ تۈپ مەنبەسى بولغان ساھابە كەراملارنىڭ ئەمەلىي ھاياتىدىن بىر ئۆرنەكنى ھېيتلىق سوغا ئورنىدا نەزىرىڭلارغا سۇنماقچىمىز، كەرەملىك ئاللاھ تائالادىن بۇ ئۇلۇغ قۇربان ھېيت كۈنلىرىنى ئۇنىڭ تەلىپىگە لايىق قۇربان بېرىش روھىغا چۆمۈلگەن ھالدا ئۆتكۈزۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

# ياشلىق ۋە پىداكارلىق

(پاكىستانلىق ئالىم شەمسى نەۋىد ئوسمانىنىڭ "ئاھ! بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ؟!" ناملىق ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

دەرۋەقە، ياشلىق ئىنساننىڭ دۇنيادىكى ھاياتلىق سۆيگۈسىگە ئىستىتىك تەم، ياشاش رىغبىتىگە جاسارەتتىن دەم بەخش ئېتىدىغان ئەڭ قىممەتلىك بىر چاغ. شۇڭا ئىنسانغا ياش ۋاختىدا دۇنيا تېخىمۇ گۈزەل كۆرىنىشكە باشلايدۇ. ئەمما ھەزرەتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دۇنيا ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاخىرەت ئۈچۈن پىدا قىلغان ئەشۇ ياشلىقى تارىختا ئەڭ گۈزەل، نادىر ئۈلگىلەرنى ياراتقان بولۇپ، ئۇ ياشلىق مۇھەببىتىنى دۇنيانىڭ جەلىپكار رەڭ، پۇراقلىرىغا ياكى قىزلارنىڭ ھۆسنى ـ جامال، مەپتۇنكارلىقىغا ئەمەس، بەلكى پەقەت ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىغا كەلتۈرگەن ئىمانىنىڭ ئىشقىغىلا ئاتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ ئىمان ئېيتىپلا ئىلگىرىكىدىن باشقىچىلا بىر ئىنسانغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ناۋادا ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشتىن سەللا ئىلگىرىكى ھاياتىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، ئانا مېھرىنىڭ شەپقەتلىك سايىسىدا ۋە مال ـ بايلىقنىڭ خۇمارلىق ئاسايىشلىقىدا، ئۆلۈم ھەم ئۆلۈمدىن كېيىنكى ھاياتلىق ساھىلىنى قىلچە پەرۋايىغا ئالماستىن، مۇسۇلمانلارغا ئەزىيەت يەتكۈزۈش كوچىسىنىلا قاتراپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئۇ كېلىشكەن قامەتلىك ۋە ئاجايىپ ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرى ئارقىلىق ئۇرغۇپ تۇرغان ياشلىقىنى ۋە تەڭداشسىز گۈزەللىكىنى نامايەن قىلىپ، ئىشلەتكەن ئالى دەرىجىلىك ئەتىرلىرى بىلەن مەككە كوچىلىرىنى خۇشپۇراققا تولدۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەنلىرىدە، پۈتۈن مەككە نازىنىنلىرى لەۋ چىشلىگەنچە قارىشىپ قالاتتى. شۇڭا ھېچ كىممۇ بۇنداق بىر ئامەتلىك يىگىتنىڭ ھاياتىدا، ئاللاھنىڭ نەزىرى چۈشۈش بىلەنلا ئەيشى ـ ئاراملىرىنى تاشلاپ، غەم ـ

قايغۇغا قوچاق ئاچىدىغان ئۇنداق ئۆزگىرىش بولۇپ قالار، ئىبسىل، خۇشپۇراق كىيىملىرىنىڭ ئورنىغا كىرلىنىپ، توپا ـ چاڭغا مىلىنىشنى ئەلا بىلىدىغان، دۇنيا ۋە دۇنيا ھاياتىنىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن ھوزۇرلىنىشنى ئەمەس، ئاخىرەت ۋە ھەققانىيەت ئۈچۈن جان تەقدىم قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئۆز ئۆلىمى ئارقىلىق پۈتكۈل ئاسمان ـ زېمىننى، جۈملىدىن ئۆز پەرۋەردىگارىنى مەمنۇن قىلغان ھالدا ئاخىرەتكە يول ئالىدىغان، ئۇنچە كاتتا ئىنقىلاپ بەريا بولۇپ قالار، دېگەننى قەتئىي تەسەۋۋۇر قىلالمايتى.

ئەمما ئۇنىڭغا ھەقىقىي خۇداسىنى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىرلا تونۇشتۇرۇشى بىلەن، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا، دۇنيانىڭ بارچە خۇشنەما پەردىلىرى بىراقلا قايرىلىپ، ئاخىرەت ئۆزىنىڭ ھەقىقىي جامالى بىلەن ئەينەن ئەكس ئېتىشكە باشلىغان ئىدى.

شۇنداق...

ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈش ئىنسانغا ياشاشنىمۇ ھەم ئۆلۈشنىمۇ ھەقىقىي ماھىيىتى بىلەن ئۆگىتىپ قويىدىغان ئەشۇ ئاخىرەت...

ئۇنىڭغا بولغان ئىماندىن مەھرۇم كىشى گەرچە دۇنيادا ھەرقانچە كاتتا مەرتىۋىلىك بولالىسىمۇ، ئەمما ھەقىقىي "ئىنسان" بولالمايدىغان ئەشۇ ئاخىرەت...

ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ ھىدىنى ئېلىش بىلەنلا ئىنسان دۇنيادا تىكەن ـ چاتقاللار ئۈستىدە مېڭىۋېتىپمۇ، گۈل ياپراقلىرى ئۈستىدە ماڭىۋاتقاندەك، بەدەنلىرى زەخمىلىنىپ تۇرۇپمۇ، مەرھەم سۈركىلىۋاتقاندەك، ئوت، يالقۇنلار ئىچىدە قىلىپمۇ، باغۇ ـ بوستاندا سەيرى قىلىۋاتقاندەك ئىچ ـ ئىچىدىن تەبەسسۇم قىلىشقا باشلايدىغان ئەشۇ ئاخىرەت...

شۇنداق...

ئىنسان ھەرقانچە ئۇنى ئىنكار قىلغان بىلەنمۇ، يەنىلا ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغان ئەشۇ ئاخىرەت ئۆز مەنزىرىسىنى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە باشلىغان ئىدى.

شۇڭا ئۇ قەلبىدىكى پۈتۈن بۇتلارنى دەرھال چىقىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي خۇداسىنىڭ زىكرىنى چوڭقۇر يەرلەشتۈرۈپ، تۆت ئەرتاپقا باققىنىدا، ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى ھايات ماماتلىق ئۇزۇلمەس كۆرەشنىڭ داۋام قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. ھەتتا ئۇنىڭ ئۆيىدە، ئۇنى جان دىلىدىن ئەزىز كۆرىدىغان مېھرىبان ئانىسىمۇ تىخىچە تاشتىن ياسالغان ساختا ئىلاھلار ئالدىدا بۇرنىنى يەرگە سۈۋاشتىن توختىمىغان ئىدى. بۇنى كۆرۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى قاتتىق ئۆرتىنىۋاتقان سىلىۋاتقان ھەققانىيەتنىڭ مەنىۋىي چوغلىرىنى ئۇ، ئۇن ـ تىن چىقارماستىن، سۈكۈت قىلىپ، ئۆز باغرىدا يوشۇرۇن ساقلاشقا تىرىشتى. ئەمما چوغنى سۈكۈت پەردىلىرى بىلەن يۆگەپ قىلىش نەدىمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ئاخىرى پەردىلەر كۆيۈپ چوغ "مانا مەن" دەپلا ئوتتۇرىغا چىقتى. دۇنيا گەرچە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمىسىمۇ ئەمما ئۆزى پۈتۈن ماۋجۇتلىقىنى كۆرۈپ تۇرىدىغان بىردىن ـ بىر قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ ئالدىدا، مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سەجدىگە باش قويۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ بەختسىزلىكىگە ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى ھالاكەتكە ئىتتىرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت تەتۈرلىكىگە ھەسرەتلىك ياش تۆكىۋاتقان ھالدا كۆرۈپ قالدى.

ـ بۇ سېنىڭ نېمە قىلىۋاتقىنىڭ؟! ـ ئانىسى گويا دۇنيادىكى ئەڭ قەبىھ گۇناھكارنى جىنايەت ئۈستىدىلا تۇتىۋالغاندەك غەزەپلىك ۋاقىرىماقتا ئىدى.

ـ مەن ھەقىقىي ئىلاھىمىز بولغان ئاللاھقا سەجدە قىلىۋاتىمەن ـ ئۇ ئاجايىپ جاسارەت بىلەن ھەققانىيەتنىڭ شۇئارىنى جاكارلاشقا باشلىدى.

ـ جېنىم ئانا! ئاللاھدىن باشقا ھېچقانداق ئىلاھ يوق. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

ئاللاھنىڭ ھەقىقىي پەيغەمبىرى.

بۇنى ئاڭلاپ چىداپ تۇرالمىغان ئانىنىڭ جاھىلانە جۇدىنى تۇتۇپ، بىردىنلا چالۋاقىغانچە: "بولدى بەس! ئاغزىڭنى يۇم!" دەپ نەپرەت بىلەن ۋاقىراشقا باشلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئانا بىلەن بالا ئوتتۇرىسىدا پۈتۈن قان رىشتىلىرىنىمۇ قويماي ئۈزۈپ تاشلايدىغان ھەقىقەت بىلەن ساختىلىقنىڭ زىلزىلىلىك كۆرەشلىرى باشلىنىپ كەتتى.

شۇنىسى ئېنىقكى، مۇھەببەت بىلەن نەپرەتنىڭ بارچە تۈيغۇلىرى ھاياتنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدىن توپلۇنۇپ، بىرلا نۇقتىغا مەركەزلەشكەندە ۋە بىرلا دائىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۆزئارا تىركىششكە چۈشكەندە، ھەقىقەت بىلەن ساختىلىق مەيدانغا چىققان بولىدۇ. ئىنسان دەل ئەنە شۇ چاغدىلا دۇنيانىڭ پۈتۈن ھىيلە ـ نەيرەڭ، ئەپسۇنكارلىقى بىلەن يالىڭاچلانغان ئەپتى ـ بەشىرىسىنى تولۇق كۆرۈشكە سازاۋەر بولالايدۇ. بۇنداق چاغدا ئاللاھنىڭ بەندىلىرى بەندە بىلەن خۇدا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭلا ھەقىقىي ئۈزۈلمەس مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت چىن ھەقىقەتنى كۆرۈپ ھەيرەتتە قالماي تۇرالمايدۇ. ھەممە دۇنيادىكى "تايانچ" بولۇپ تۇيۇلىۋاتقان بارلىق تايانچ، ۋاستىلەرنىڭ ئەملىيەتتە ئەڭ ئېپلاس ساختىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەسلىكىنى، ئىشەنگەن مۇستەھكەم قەلئەلەرنىڭمۇ قەلئە ئەمەس، بەلكى ھەققانىيەتنىڭ يېنىككىنە بىر شامىلى بىلەن توزۇپ تۇگەيدىغان قۇم دۆۋىسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىدۇ. مانا شۇنداق بوران ـ چاپقۇنلۇق، ئىنتايىن نازۇك ئىمتىھان باسقۇچىدىلا ھەقىقىي ئىمان بىلەن مۇناپىقەتنىڭ پەرقى "ئېقى ئاق، قارىسى سىياھ" بولۇپ مەيدانغا چىقىدۇ. بۇ باسقۇچتا ھەق سۆيەرلىكنىڭ ۋە ئاللاھ سۆيەرلىكنىڭ ئېغىزدىلا كۆچەپ تۇۋلىنىۋاتقان قۇرۇق شۇئارۋازلىقلىرى زادىلا ئاقمايدۇ. بەلكى باتىلنىڭ غەزەپلىك تۈنجى زەربىسى بىلەنلا خىرقىراپ قېلىشقا باشلايدۇ.

ھە... ئەمما بۇ، يەنە شۇنداقمۇ باسقۇچكى، ئۇنىڭدا ھەقىقىي ئىماننىڭ باستۇرۇلغان ئۇچقۇنلىرى مۆمىن ۋۇجۇدىدىن ھەيۋەتلىك ۋۇلقان كەبى پارتلاپ چىقىپ، باتىلنىڭ ئاتالمىش "يېڭىلمەس لەشكەرلىرىنى" كۆيدۈرۈپ كۈل قىلغانچە، دەپىن قىلىۋېتىشكە باشلايدۇ. مۆمىننىڭ بىچارىلەرچە ئامالسىزلىقىلا ھەممىدىن كاتتا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. مۆمىننىڭ يوقسىزلىقى ئۇنى شۇنداق قورالاندۇرىدۇكى، ھەتتا تەنھا بىرلا ئىسلام لەشكىرى ئۆز ۋۇجۇدىدا گويا پۈتۈن دۇنياغا يالغۇز جەڭ ئاچالايدىغان، يالغۇز ئۆزىلا جەڭ قىلىپ، ھەرگىز مەغلۇپ بولمايدىغان قەتئىي ئىرادىنى ھېس قىلىشقا باشلايدۇ. شۇڭلاشقا باتىل ھەرقانچە بولغاندا مۆمىننىڭ بېشىنى ئۈزۈپ تاشلاشقا تىرىشالىسىمۇ، ئەمما ھەرگىز باش ئەگدۈرەلمەيدۇ.

ھەزرەتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بىرلا چامداش بىلەن يۈكسەكلىكنىڭ ئەنە شۇنداق كاتتا مەقامىنى قولغا كەلتۈرگەن بولۇپ، گەرچە ئۇنى لەززەت، راھەت ـ پاراغەتلەر بەدىلىگە سېتىۋېلىش ئۈچۈن كەڭرى تورلار يېيىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ دۇنيانىڭ بۇنداق رەزىل تىرىشچانلىقلىرىغا بىر تەرەپتىن نەپرەتلىنىپ كۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىچ ئاغرىتىپ ياش تۆكتى. مېھرى ـ شەپقەت، كۆيۈنۈشلەر بىلەن ئۇنى ئېرىتمەكچى بولغان باتىل ئالدىدا، ئۆزىنىڭ گوياكى بىر تەۋرەنمەس تاغ چوققىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلىدى. دۇنيانىڭ نامراتلىق ۋە يوقسىزلىق بىلەن قورقۇتۇشلىرى ئالدىدا، ئاخىرەتنىڭ ھالاكەتلىك شەرمسارلىقىدىن باشقا ھەرقانداق غەم ـ ئەندىشىلەرنى پىسەنتىگىمۇ ئالمىدى. ئەنە شۇ چاغدىلا كەرەملىك ئاللاھۇ تائالا بۇ ياپ ـ ياشلا بەندىسىنىڭ قەلبىنى مەڭگۈ تامام بولماس قەلب بايلىقىنىڭ خەزىنىسىگە ئايلاندۇرۇپ بەردى.

ئۇ پۈتۈن دۇنيادىن پېشىنى قېقىپ ئورنىدىن دەس تۇردى. مېھرىبان ئانىسىدىن، ھەيۋەتلىك كاتتا قورو ـ جايىدىن، قىممەتلىك ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلىرىدىن ۋاز كەچتى. لەززەتلىك تائاملارغا تولغان داستىخانلاردىن قوپۇپ، ھەتتا ۋەتىنىدىنمۇ ئايرىلدى. بىرلا ئاللاھ ئۈچۈن پۈتۈن

دۇنياسىنى تاشلاپ چىقتى. يېڭى بىر ئىسلام ۋەتىنىنى ئىزدەش كويىدا ئۆزلىرى ۋەتەنسىزلىشىپ كېتىۋاتقان يوقسۇل مۇسۇلمانلار كارۋىنىغا قوشۇلۇپ، مەككىدىن ھەبەشىستانغا يۈرۈپ كەتتى.

دېمىسىمۇ ۋەتەنسىزلىشىش ئۆنچە ئاددى ئىش ئەمەس. ئەمما بۇ ئىش دۇنيانىڭ ھېچ بىر يېرىدە ھەقىقىي ئۆيىنىڭ يوقلۇقىنى بىلگەن، ھەمدە ئەسلىدىكى ھەقىقىي ئۆيىنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىنلا باشلىنىپ كېتىدىغان يەنە بىر ئىككىنچى دۇنيادا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئەڭ كۆڭۈللۈك پائالىيەت بولۇپ ھېسابلىناتتى. چۈنكى ئۇلار ئەشۇ ئىككىنچى دۇنيادا ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز بەندىلىرىگە نەزەر سېلىپ، كىمنىڭ ئاخىرەتنى دۇنياغا تېگىشىپ، يەنە كىمنىڭ دۇنيانى ئاخىرەتكە تېگىشىپ كېلىشىنى كۈتىۋاتقانلىقىنى، ئۇ دۇنيانىڭ بىر تەرىپى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ، ھەسەل بولدۇقلايدىغان، ياپ ـ يېشىل بوستان، گۈل ـ گۈلىستان، چىمەن، باغلار، خۇشپۇراق مەيىن شاماللار، خۇشناۋا ھەمدۇ ـ سانالار بىلەن تولغان، غەم ـ ئەندىشىلەردىن پۈتۈنلەي خالىي، زەپمۇ گۈزەل، ئاجايىپ يېقىملىق، پۈتۈن ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ رېئال دۇنياسى بولغان جەننەت ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر تەرىپى بولسا، ھەممە يېرىدىن ئوت يېنىپ تۇرىدىغان، تاش، كېسەكلەر بىلەن تاش يۈرەك ئىنسانلارنىڭلا ئۆستىخانلىرىنى ئۆزىگە يېقىلغۇ قىلىدىغان، مىڭلىغان ئىنسانلارنى يۇتۇپ تۇرۇۋېمۇ، "ھل من مزيد؟!" "يەنە بارمۇ؟!" دەپ توختىماي تۈۋلاپ تۇرىدىغان تويماس ئوتلار ئىنسانلارنى ئوزۇق قىلسا، ئاچكۆز ئىنسانلار دوزاق ئوتىنى يەپ، ئىپلاس جاراھەتلىرىدىن ئاققان قان يىرىڭلارنى ئۇسسۇزلۇق قىلىدىغان قاباھەتلىك جەھەننەم ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتكەن ئىدى.

ھەزرەتى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەبەشىستانغا يول ئالغاندا، ئۇنىڭ كۆركەم جىسمىدا غەزەپلىك ئانىسىنىڭ زەنجىرلەشلىرى تۈپەيلىدىن قىلىپ قالغان زەخىم، يارىلارنىڭ داغلىرىلا بار ئىدى. ئەمما قايتىپ كەلگىنىدە بولسا، گۈلدەك يۇمران بەدەنلىرى جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ ياڭقۇنلۇقلۇق خۇمدانلىرىدا بولۇشىغا كۆيۈپ، قارىداپ تاۋلىنىپ كەلگەن ئىدى.

مەككە كۆچىلىرى تېخى يېقىندىلا شۇنچە قىممەتلىك ئېسىل كىيىملەر بىلەن ھەممىنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ، ئۆتكەنلا كۆچىنى سائەتلەرگىچە ئەتىر پۇرىقىغا تولدۇرۇپ، مەغرۇرانە قەدەم تاشلاپ يۈرىيدىغان بۇ سۆلەتلىك يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە بولسا، بىر پارچە يىرتىق ئورانجىنى ئۇستىگە ئارتىۋالغانلىقىنى، يەنە كېلىپ، ئورانجىسىغىمۇ رەخ تېپىلماي، ئەسكى تېرىلەردىن ياماق چۈشكەنلىكىنى كۆرمەكتە ئىدى.

گۈلدەك چىرايى سارغىيىپ قالغان، ھۆپپىدە ئاناردەك مەڭزى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، پارقىراق نۇرانە پېشانىسىدىن ۋەتەنسىزلىكنىڭ ئەلەملىك غۇبارلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغان، ئەركە ياشلىقى ئاخىرەت بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ غېمىدە ۋاقىتتىن ئىلگىرى ياشىنىپ قالغان...

ئەمما قەلبىچۇ؟! قەلبىنىڭ ھەربىر سوقۇشلىرى شات خۇراملىققا، قەتئىي ئىشەنچ، جاسارەت ۋە غەيرەتنىڭ نۇرلۇق فونتانلىرىغا چۆمۈلۈپ، ئاخىرەت سەپىرىنىڭ ھەر بىر مەنزىلىنى جاھالەت ۋە ئاسىيلىق تۇپەيلى جەھەننەم تەرەپكە يول ئالغان ھالدا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل زېمىن، ئاسمانلارنىڭ نۇرى ئاللاھۇ سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ جەننىتى تەرەپكە يول ئالغان ھالدا بېسىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بېسىلغان ھەر بىر قەدەمنىڭ ئۇنى بارغانچە جەھەننەمدىن يىراقلاشتۇرۇپ، جەننەتۇل پىردەۋس تەرەپكە يېقىنلاشتۇرىۋاتقانلىقىنى چەكسىز بەختىيارلىق ئىچىدە ھېس قىلدۇرىۋاتقان...

ئەنە شۇنداق روھىي مەمنۇنىيەت بىلەن ئۇ ئەڭ دەسلەپ ئاللاھنىڭ رەسۇلى سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا سالامغا باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ بۇ ئەركە ئۈممىتى بىلەن قاتتىق سېغىنىش ئىچىدە دىدارلاشقاندىن كېيىن مۇبارەك لەۋلىرىدە تەبەسسۇم، دەرتمەن كۆزلىرىدە ياشلار لىغىرلاشقا باشلىدى ۋە ئۆزىنى تۇتالماي "مانا قاراڭلار! بۇ دەل ئاللاھنىڭ ئىشقىغىلا پۈتۈن دۇنياسىنى تەسەددۇق ئەيلىگەن

يىگىت ئەمەسمۇ؟!" دەپ چاراڭلىق قەلب ساداسىنى ياڭراتتى.

ئىككىنچى تەرەپتە، ئوغلىنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان ئانا "ئى ۋاپاسىز! شەھەرگە قايتىپ كەپسەنۇ ـ ئاناڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلمىدىڭمۇ؟" دەپ خەت ئەۋەتتى.

ھەزرەتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئانىغا جاۋابەن "ئى جېنىم ئانا! ئەمدى مەن ئاللاھنىڭ رەسۇلىغىلا تەئەللۇق. ئۇنىڭ بىلەن دىدارلاشماي تۇرۇپ، ھەرقانداق ئىككىنچى بىرسى بىلەن كۆرۈشۈشنى قەتئىي خالىمايمەن" دەپ سۆز يوللىدى.

ئاللاھنىڭ ئاخىرقى پەيغەمبىرى بىلەن قانغىچە دىدارلىشىپ، قەلبىنى تەسكىن تاپقۇزغاندىن كېيىن ئۆز ئانىسىنى جەھەننەمنىڭ يالقۇنلىرىدىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم تىرىشىپ بېقىش كويىدا يەنە ئۆيىگە راۋان بولدى.

ـ ۋاي تېخىچە سەن ئەشۇ دىندىمۇ؟! ئانا ھەيرانلىق ئىچىدە غەزەپلىك ئاۋاز بىلەن ئۆغلىدىن سورىماقتا ئىدى.

ـ شۇنداق، ئانا! ئاللاھ ئۆزى ئۈچۈن ۋە سۆيۈملۈك پەيغەمبىرى ئۈچۈن تاللىغان ئەشۇ مۇقەددەس دىندىمەن. ئوغۇل ئانىسىغا قاتتىق قايغۇرغان ھالدا جاۋاب بېرىپ، دوزاق ئوتىغا چۈشۈپ كېتىۋاتقان ئانىسىنىڭ پېشىدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم قولىنى ئۇزاتتى. ئەمما ئانا يەنىلا ئۇنىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھنىڭ بۇ جان پىدا بەندىسىگە نىسبەتەن "ئانىنىڭ مۇھەببىتىنى ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۈچۈن قۇربان قىلالامدۇ، يوقمۇ؟" دېگەن نازۇك ئىمتىھان يەنە داۋاملىششقا باشلىدى.

بەختسىز ئانا بەختىيار ئوغلىنىڭ چەكسىز كۆيۈمچانلىق ئىچىدە ئۇزاتقان قولىنى ئىتتىرىپ تاشلاپ، "يولتوزلار بىلەن قەسەمكى، مەن ھەرگىزمۇ سېنىڭ دىنىڭغا كىرمەيمەن. ئەجەبا كىشىلەر مېنىڭمۇ پىكرىمنى ئەيىپلەپ، "ئەقلىدىن ئاجرىغان" دەپ باھا بەرسۇنمۇ؟ يوقال!

دەرهال كۆزۈمدىن يوقال! مەن يالغۇز دىنىڭنىلا ئەمەس، بەلكى سېنىمۇ قوشۇپ مەڭگۈگە ئۆيۈمدىن ھەيدىدىم" دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

ئەمەلىيەت راستىنلا شۇنداق بولدى. ئىمان بىلەن كۇپىر ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە ئاقىۋەت ئانا بىلەن بالا بىر ـ بىرىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلدى. قارىماققا ھەر ئىككەيلەننىڭ بەرگەن قۇربانلىقى ئوخشاشلا بىر خىل بولسىمۇ، نەتىجە ۋە خاراكتېر ئېتىبارى بىلەن ئاسمان، زېمىن پەرقلىنەتتى. ئانا قۇربانلىق بېرىش بەدىلىگە غەزەپلىك ئۆرتىنىشلەرنىڭ ئازابلىق تۈيغۇ كەلكۈنلىرىنى هاسىل قىلغان بولسا، ئوغۇل قوربانلىق بېرىپ، ئىتائەت ۋە قانائەتنىڭ ئىلاھىي سوۋغىسىغا سازاۋەر بولغان ئىدى. بىر قەلب قۇربان بېرىش ئارقىلىق تېخىمۇ قېتىپ كەتكەن بولسا، يەنە بىر قەلبتە ئىلگىرىكىدىنمۇ كۈچلۈك سەمىمىيەت ۋە تەقۋالىق پەيدا بولۇپ، "ئانام ماڭا ئەمەس، ئۆزىگە زۇلۇم قىلدى" دېگەن تونۇش بارلىققا كەلگەن ئىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەدىنىدە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن تەيىنلەپ، يولغا سالغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز ـ ئۆزىگە زۇلۇم سالغۇچى ئىنسانىيەتنىڭ ئىستىقبالىغا نىسبەتەن نەقەدەر چوڭقۇر، تەسىرچان ئىزگۈ، ھەسرەتنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى رەسمىي نامايەن بولۇشقا باشلىدى. تۇنجى ئۇقبە بەيئىتىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلغان 12 مۇسۇلماننى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتكۈل مەدىنە شەھرى جاھالەت ۋە شېرىكچىلىكنىڭ قايناق بازىرىغا ئايلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇنداق بىر جايدا ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىپ، ئاتالمىش مەبۇتلارنىڭ ساختىلىقىنى ئېلان قىلىش ھەقىقەتەن ئويىنىشىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئېلاننى جاكارلاش ھەرىنىڭ كۆنىكىگە قول تىققاندەكلا ئىش بولاتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئىش قەلبىدە ئاللاھنىڭ زاتى ـ سۈپەتلىرىگە نىسبەتەن ھېچ بولمىغاندا ئۆز ۋۇجۇدىغا ئىشەنگەندەك قەتئىي ئىشەنچ تۇرغۇزالىغان، ھاياتنى ھەق يولدا پىدا قىلىشنىلا ھەقىقىي ھاياتلىققا ئېرىشكەنلىك دەپ

بىلەلەيدىغان كىشىنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

ئەمما شۇنىسى ئايانكى، ھەزرىتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكرەكلىرى، خۇددى ھازىرقى بىز مۇسۇلمانلارنىڭكىگە ئوخشاش ئىمان، ئىشەنچنىڭ قىممەتلىك بايلىقىدىن ۋە ئازاپتىن ھوزۇرلىنىشتەك ئۇنداق كاتتا بەختىيارلىقتىن خالىي ئەمەس ئىدى. بەلكى دەل ئەكسىچە ئەشۇ ئىشەنچ ئۇچچۇنلا پۈتۈن ھاياتىنى قوربان قىلىش يولىدا تىنىماي تىرىشىپ تۇراتتى.

ئاھ! ئۇنداق قەتئىي ئىشەنچنىڭ زادى نېمىلىكىنى ۋە قايسى خىل ھاياتىي كۈچكە تولغان بولىدىغانلىقىنى ئارىمىزدىن قېنى كىممۇ ھەقىقىي تۇردە تەسەۋۋۇر قىلالىسۇن؟! چۈنكى كۆكرەكلىرىمىز ئىمان، ئىشەنچتىن مەھرۇم بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ چىن ھالاۋىتىنى تېخىچە بىرەر قېتىم تېتىپ باقمىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئۇ ھەقتە پەقەت باشقىلاردىن ئاڭلىدۇق ۋە كىتابلاردىن ئوقۇدۇق. ئەمما ھېچ بىر زامان ئۆز ۋۇجۇدىمىزدا ئۇنداق ئىشەنچنىڭ ئۆركەشلىك ئېقىنلىرىنى دولقۇنلاۋاتقان ھالدا ھېس قىلىپ باقمىدۇق.

ھەزرەتى مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەل ئەنە شۇنداق ئىشەنچنىڭ ئۆركەشلىك ئېقىنىنى مەھكەم باغرىغا باسقان ھالدا مەككىدىن چىقىپ، چۆللۈكلەرنىڭ چاڭقاق قۇم، زەررىلىرىنى زەخىملىك پۇتلىرىدىن ئېقىۋاتقان قانلىرى بىلەن ۋە ئاللاھنىڭ ئىشقىدا تىنىمسىز تۆكىۋاتقان كۆز ياشلىرى بىلەن نەملەپ، ئاخىرى مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. مەنزىلگە يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭلا ئۇنىڭ قەلبى ئىنسانلارنىڭ قەلبلىرىنى باتىلدىن ھەققە قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن دۈپۈرلەپ سوقۇشقا باشلىدى. قەلبىدىكى بۇ ئۆركەشلىك دولقۇنلار ئۇزۇنغا قالمايلا مەدىنە دۇنياسىغا باشقىچە رەڭ بېرىشكە باشلىدى. جاھالەت بىلەن جۇھۇدلۇق دەستىدىن قاتقان يۈرەكلەر ئېرىپ، ئۇنىڭدا ئىماننىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەي باتىلمۇ ئۇنىڭغا قارشى دەرھال ھەرىكەتكە ئۆتتى. شۇنداق قىلىپ، ھەرقانداق بىر ھەققانىيەتچى

ئەشۇنداق خەتەرلەرنى بىسىپ ئۆتمەي تۇرۇپ، ھەرگىز ئۆتتۈق قارىنالمايدىغان ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەش باشلىنىپ كەتتى.

بەنى ئەشھەل قەبىلىسىنىڭ سەردارى سەئد ئىبنى مۇئاز بۇ يېڭى ھەرىكەتتىن خەۋەر تېپىپ، غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەڭ ئاچچىقى يامان، سەپرا خىزمەتكارى ئۇسەيدگە نەيزە تۇتقۇزۇپ: "سەن ئالدى بىلەن مەككىدىن كېلىپ بىزنىڭ ياشلىرىمىزنى يولدىن چىقىرىۋاتقان ئۇ ئەبلەخنىڭ كىملىكىنى بىلگىن، ئاندىن مەيلى قانداق قىلساڭ قىلىپ، ھەتتا ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرۈپ، مەدىنىدىن قوغلاپ چىقارماي قايتىپ كەلمە" دەپ تاپىلىدى.

ئۇسەيد كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرىنى چاچراتقىنىچە مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئەسەبىيلەشكەن ھالدا: "سەن زادى كىم؟ بۇ يەردە نىمە قىلىپ يۈرىيسەن؟ ئەگەر ئۆلۈشنى خالىمىساڭ، دەرھال كەلگەن يېرىڭگە تىكىۋەت!" دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى.

ئاجايىپ تەڭداشسىز ئىمانغا ئىگە مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ بۇ تەھدىتلىرىدىن قورقۇپ قالمىدى ياكى ئاچچىقلاپمۇ كەتمىدى. بەلكى مەخسۇس مۆمىنلەرنىڭلا خۇسۇسىيىتى بولغان ھېكمەت دۇردانىلىرىدىن گۈلدەستە تىزىپ، تەرسا ئۇسەيدنى ئولتۇرۇپ سۆزنى تىڭشاپ بېقىشقا كۆندۈردى. ئۇسەيد قولىدىكى نەيزىنى يەرگە سانجىپ قويۇپ، غەزەپتىن قاپاق تۈرگىنىچە يەردە ئولتۇردى. مۇسئەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ دىلكەش، مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن قۇرئاننىڭ تېخى بىر قانچە ئايىتىنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىشى بىلەن تەڭلا ئۇسەيدنىڭ چىرايى سارغىيىپ، ئەھۋالى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. تۈرۈلگەن قاپاقلىرىمۇ لەسسىدە بوشۇشۇپ قالدى. ئەلەملىك ھېس، تۇيغۇلىرى چىرايىدا نامايەن بولۇپ، تېخى بايىلا غەزەپتىن ئوت چاچرىتىپ تۇرغان كۆزلىرى لىققىدە ياشقا تولدى. قىسقىسى، ئۇسەيدنىڭ قەلبى ئۆزىنىڭ كونتروللىقىدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا ئۇ بىردەم ئىچىدىلا ئۆزىنى ئىسلامنىڭ ئېتىكىدىن ئورۇن ئالغان ھالدا ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىنى ئەۋەتكەن كاپىر سەردارنى ئىسلامغا باشلاپ كېلىش

ئۇچۇن كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ چاقىرىشى بىلەن سەئىد ئىبنى مۇئازمۇ يېتىپ كېلىپلا ھەققانىيەتنىڭ قەلب ناۋاسىغا مەھلىيا بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ، شام ۋاقتى كىرىپ بولغىچە پۈتۈن قەبىلىنىڭ قەلبىنى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەرتلىك سادالىرى ئىسلامغا تارتىپ بولدى. ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا مەدىنە شەھىرىنى ئۇرۇشسىز فەتھي قىلىنىشقا ھازىر، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئىسلام شەھىرىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئەمما مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ بۇ ئۇرۇشسىز جىھادتا كۆپىر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ ئەنە شۇنداق قانچىلىغان سەپلىرىنى مەغلۇپ قىلىپ بولۇپمۇ، يەنىلا "ئاللاھغا بولغان بەندىچىلىكنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمىدىم" دەپ ئۆكۈنۈپ يىغلايتى. شۇڭا ئۇ بەدىر ۋە ئوھۇدتىن ئىبارەت قۇراللىق ئۇرۇشلارغىمۇ بىقارارلىق بىلەن قاتنىشىپ، ئاخىرى ئوھۇد مەيداندا ئىسلام ئۇچۇن ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىپ، شېھىتلىك ۋىسالىغا يەتتى.

بۇ ئۇرۇشتا ئىسلامنىڭ بايرىقى ئۇنىڭ قولىدا بولۇپ، گەرچە دۈشمەننىڭ قىلىچلىرى ئۇنىڭ قولىنى ئۈزۈپ تاشلىيالىغان بولسىمۇ، ئەمما بايراقنى يەرگە چۈشۈرەلمىدى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يالغۇز بىرلا قولىنىڭ قالغانلىقىنى ۋە بۇ يالغۇز قول بىلەن قىلىچنى كۆتۈرۈپ ئۆز جېنىنى قوغداش ياكى قىلىچنى تاشلاپ، ئىسلام بايراغىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى ئىشتىن پەقەت بىرىنىلا قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن قىلىچنى تاشلاپ، بايراقنى ئېگىز كۆتەردى. چۈنكى ئۇ بىر دەم بولسىمۇ ئىسلام بايرىغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇشنىڭ دۇنيادا مەڭگۈ ئۆلمەي ياشاشتىنمۇ بەك قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۇنىڭ ياشلىق ھاياتى ئىماني تۇيغۇلىرىنىڭ ئىشارىلىرى بىلەنلا ئەنە شۇنداق ھەرىكەت قىلىۋاتقان بولسا، بايراقنى دەرھال ئېگىز كۆتۈرگەن ئىككىنچى قولى ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن شېھىت بولۇپ، كېسىلىپ چۈشىشنى كۈتمەكتە ئىدى. دۈشمەننىڭ

ياۋۇز قىلىچى ئۇنىڭ ئىككىنچى قولىغىمۇ ئۇرۇلدى. ئەمما ئۇ ئۇزۇلگەن قوللىرى بىلەن يەرگە چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان ئىسلام بايرىقىنى مەھكەم كۆكرىكىگە بېسىۋالدى. بۇنى كۆرۈپ، ئەسەبىيلەشكەن دۈشمەننىڭ ئۇرغان نەيزىسى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تېگىش بىلەن سۇنۇپ، يېرىمى مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆكرىكىدە قادىلىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ جىسمى بىر ئاز دەلدۈگىنىشتىن كېيىن يەرگە يىقىلدى، ئەمما ئىسلام بايرىقى يەنىلا يەرگە چۈشمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ تىپىرلاپ تۇرغان جىسمى ئۈستىگە چۈشتى.

ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ جەسىتى يېنىغا كېلىپ، مەككىنىڭ شۇنچە كېلىشكەن سۆلەتلىك يىگىتىنىڭ ئاللاھ يولىدا قانغا مىلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قاتتىق كۆڭلى بۇزۇلدى. كۆزلىرىدىن ياشلار قۇيۇلۇپ، مۇبارەك ئاۋازى ئاجايىپ ھاياجان بىلەن پارتلاپ چىقماي تۇرالمىدى.

- ئى مۇسئەب! - پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شېھىتنىڭ روھىغا خىتاب قىلىۋاتاتتى.

- مەن مەككىدە سېنىڭدەك كېلىشكەن، ئېسىل كىيىملىك ئىككىنچى بىرسىنى كۆرمىگەن ئىدىم. مانا بۈگۈن چاچلىرىڭ چۇۋۇلغان، جىسمىڭدا بىر ئورانجىدىن باشقا نەرسە بولمىغان ھالدا يېتىپسەن.... مەن ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، قىيامەت كۈنى چوقۇم ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئىنتايىن كاتتا مەرتىۋە بىلەن ھازىر قىلىنىسەن.

ئاھ! ئۇنىڭ ئەشۇ بىر تال ئورانجىسىمۇ كىپەنلىككە يەتمەي، بېشىنى ياپسا پۇتى، پۇتىنى ياپسا بېشى ئېچىلىپ قالدى. ئاخىرى شېھىتلەر يىگىتىنىڭ پۇتىنى ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىپ، دەپنە قىلىندى.

---

ئاللاھنىڭ رەسۇلى ئەنە شۇنداق گۇۋاھلىق بەرگەن مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىمانى ئادەمنىڭ نەقەدەر رەشكىنى قوزغايدۇ ۋە بىزنىڭ ئۆز قەلبىمىز گۇۋاھلىق بېرىۋېتىپ، نېمىلەردىندۇ قورققانچە جىمىپ قالىدىغان نۇۋەتتىكى پۈچۈك ئىمانىمىز نەقەدەر ئىنسانىنىڭ يىغىسىنى قوزغايدۇ، ھە؟! ئەتىگە ھەشر مەيدانىدا، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆزى گۇۋاھلىق بېرىپ "مۇسئەب ھەقىقەت مېنىڭ بەندەم ئىدى" دەۋاتقان ۋە ئۇنىڭ ئەشۇ قانغا بويالغان ۋۇجۇدى ئاللاھنىڭ كاتتا مەرھەمىتىگە نائىل بولىۋاتقان پەيتلەردە، بىز زادى نەدە، قانداق ھالدا بولارمىز ؟!

قېرىنداشلار! بىر دەم بولسىمۇ ئاقىۋىتىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى قېنى ئويلاپ باقمايلىمۇ؟! بىز ئاللاھ ئۈچۈن جان بېرىش ۋە كۆكرەككە نەيزە يېيىشقۇ ئۇياقتا، ھەتتا ئىنسان ياكى ھايۋان ئىكەنلىكىمىزنىمۇ پەرقلەندۈرگىلى بولمىغۇدەك نۆۋەتتىكى ئاسىيلىق ۋە ھاياسىزلىقىمىزدىن ئۆزىمىزنى قۇتۇلدۇرۇشقىمۇ چارىسىز قالماقتىمىز. خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، بىز ئاللاھنىڭ ھېسابسىز، نازۇ ـ نېمەتلىرىگە ھەتتا ئېگىسىنىڭ كىچىككىنە ياخشىلىقىدىن مىننەتدار ئىتچىلىكمۇ جاۋاپ قايتۇرالمايۋاتىمىز. شۇنداق ئىكەن ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا ئەمدى قايسى يۈزۈمىز بىلەن بارامىز؟! زادى قايسى يۈزىمىز بارامىز؟

بىز ھەنىفىي، ھەنبىلىي، مالىكىي، شافىئىي، ئەھلى ھەدىس ۋە ھەتتا مۇنكەرى ھەدىس... ھەممە نەرسە بولالىدۇق، يۇ ـ ئەمما قەلب، ۋۇجۇدىمىز ھەردائىم كەلىمە تەۋھىدنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈنلا تىپىرلاپ تۇرىدىغان ئاقكۆڭۈل، ساددا "مۇسۇلمان" بولالمىدۇق.

ئاھ! كەلىمە تەۋھىدنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىپ يەتكەن ھامانلا ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى قانلىق كۈرەشكە كۆكرەك كىرىپ سەكرەپ چۈشىدىغان، بەدەنلىرىمىز تىتما ـ تىتما بولۇپ، روھىمىز "ئەلۋىدا!" دەۋاتقان مىنۇتلاردىمۇ، قەلبىمىز تەكتىدىن "ئىي ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىز! مۇشۇنداق ھاياتنى يەنە مىڭ قېتىم ئاتا قىلساڭ، ۋە ئۇنى بىز يەنە مىڭ قېتىم

سېنىڭ رىزالىقىڭ ئۈچۈنلا قۇربان قىلساق" دەپ سادا ياڭرىتالايدىغان پىداكار مۇسۇلمانلار بولالمىدۇق.

كاشكى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقساق ئىدۇق، بىز يەنىلا مۇسۇلمانمۇ؟!

كامىلجان تەرجىمىسى

بسم الله الرحمن الرحيم

# بىز ۋە ئۇلار

**(پاكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)**

مەئمۇن مۇئتەسىمبىللاھنىڭ دەۋرىدە بىدئەت ۋە زۇلۇمنىڭ قارا تىرناقلىرى دىنىنىڭ جامالىغا يارا سېلىش ئۈچۈن رەزىل تىرىشچانلىقلىرىنى كۆرسىتىپ، ”قۇرئان خالىقمۇ ياكى مەخلۇقمۇ؟“ دېگەن تارىختىكى ئەڭ قەبىھ پىتنىنى مەيدانغا چىقارغان، ياۋۇز ھۆكۈمەت ھەقنى سۆزلىگۈچى تىللارنى توختىماي كېسىپ، «ھەق دېمەك، ئۆلۈم دېمەكتۇر» دىن ئىبارەت يىرگىنىشلىك شۇئارنى ياڭرىتىۋاتقان، ئالجىغان ھۆكۈمدارلار قانغا بويالغان قامچا، دەررىلىرى ۋە كۆز ياشلاردا يۇيۇلغان تۆمۈر كىشەنلىرى بىلەن، شاھلىقنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىنى بۆ ـ بۆ قىلىپ، ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ كوچىلىرىنى ئادەمسىز قالدۇرىۋاتقان، جىھاد ۋە ۋىجدان لەشكەرلىرى قورقۇنچاق توخۇ يۈرەكلەرنىڭ دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىسلامىي روھتىن خالىي ئەمما ئۆزلىرى مۆمىن بىچارە خەلقلەر پۈتۈن ئۆلىمالىرىنىڭ جان باقتىلىق كوچىسىدىكى سۈكۈت بۇلۇڭلىرىغا كىرىۋېلىۋاتقانلىقىنى كۆرىۋاتقان، جاسارەتتىن خالى پۈتۈن قەلبلەردىن «ئاھ! كاشكى، ئارىمىزدىن ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل دەيدىغان بىرسى چىقسىكەن!» دېگىنىچە ئەتراپقا ئەندىشلىك كۆز تىكىۋاتقان بىر مەزگىلدە، ئاللاھنىڭ ئۇلۇغۋار بىرلا بەندىسى بىشىغا كېپەننى ئوراپ، جاننى ئالقانغا ئېلىپ، ھەققانىيەتنىڭ گۈلدۈرمامىدەك ئاۋازىنى ياڭراتقىنىچە جاسارەتخور، شىجائەتيۈتەر يالماۋۇزلارغا تولغان خەتەرلىك جىھاد مەيدانىغا كۆكرەك كېرىپ يالغۇزلا سەكرەپ چۈشكەن ئىدى. ئۇنىڭ تىللارغا داستان، قەلبلەرگە ۋۇلقان، ئۈچمەس شەرەپلىك نامى دەل ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ ئىدى.

شۇنداق... زۇلۇم ھەم ۋەھشانىيەتنىڭ قارا قۇيۇنلىرىدا ھەققانىيەت مەشئىلىنى ئۆچۈرمەي ياندۇرۇشنىڭ يولىنى ئۆگەتىەن ئەنە شۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ ئىدى. گەرچە ئۇ تەنھا بولسىمۇ زالىم ھۆكۈمدارلارغا قارشى جەڭ ئېچىش ئۈچۈن ئۆزى يالغۇز مەيدانغا چىققان ئىدى. شاھلىق قەھرىنىڭ ھەممىنى سەجدە قىلدۇرىۋاتقان تاغدەك ھەيۋەتلىك بۇتىغا، پەقەتلا ئاللاھتىن قورقۇشنىڭ جاسارىتى بىلەن ئېتىلغانچە بېرىپ، بىرلا زەربىدە چۇل ـ چۇل قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ھەتتا ئۆزىنىڭ پارە ـ پارە بولۇپ كېتىشىگىمۇ پۈتۈنلەي رازى ئىدى.

ھۆكۈمدارنىڭ مەكىار قاپاقلىرى غەزەپ، ئىنتىقام بىلەن تۈرۈلدى. غەزەپلىك بىرلا گۈلدۈرلەشتىن كېيىن كۈچتۈڭگۈر ھۆكۈمەت بىلەن ئەشۇ تەنھا مۆئمىننىڭ ئوتتۇرىسىدا تارىختىى ئەڭ قورقۇنچلۇق، ئەمما ئەڭ گۈزەل ئىمانىي ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى. دەۋرنىڭ بۇ كاتتا ئىمامى پولات زەنجىرلەر بىلەن پۈتۈن ئەزايى كىشەنلىنىپ سۆرەلگىنىچە ياۋۇز پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىندى. ئۆلۈم ھەم ھالاكەت ئىمامغا ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەشۇنداق قورقۇنۇشلۇق پەيتتىمۇ ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ سىرلىق تەمىىن ئىپادىلەر جىلۋىلەنمەكتە ئىدى.

ئەجەبا بۇ ھەربىر مۆئمىننىڭ قەلبىدە جۇش ئۇرۇپ تۇرىشى ۋاجىپ بولغان ھەققانىيەت يولىدا شېھىد بولۇشنىڭ ئارزۇسى ئەمەسمىدى؟ ئەجبا بۇ زۇلۇم قىلىپ ئۆزگىنى يۇقاتماقچى بولغانلارنىڭ ئۆزىنىلا يوقۇتۇپ تاشلايدىغان بەندىچلىىنىڭ جاسارىتى، ئاجىزلىقنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۈچ ـ قۇدرىتى ئەمەسمىدى؟ ھەردائىم ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن دۇنيانى نارازى قىلمىسا بولمايدىغان پىداكارلىقنىڭ مۆئمىنلەرگە دىلرەبا، ئەمما دۈشمەنلەرگە نەشتەردەك قايناق ھېسسىياتلىق ئىپادىسى ئەمەسمىدى؟ مەيلى ئۇ جىلۋىگەر مىسلىسىز ئىپادىلەرنى نىمە دەپ ئاتىۋالساڭلار ئاتىۋېلىڭلار، ئەمما ئەينى چاغدا ئۇنى كۆرگۈچىلەر ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھنىڭ شۇنچە چىدىغۇسىز قىيىن ـ قىستاقلار ئالدىدا گوياكى ئۆزى بۇ دۇنيادا يوقتەكلا پىسەنت قىلماستىن

قەد كۆتىرىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئىدى. چۈنكى ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈنلا دەس تۇرغان ئىمامغا نىسبەتەن دۇنيالىق ئارزۇلار ئاللىبۇرۇن قىممىتىنى يوقۇتۇپ بولغان ئىدى.

نېمە دېگەن ئېغىر ئىمتىھان، نېمە دېگەن ئۇلۇغ غەلىبە! رامىزاننىڭ مۇبارەك جاپالىق كۈنلىرى ئىدى. پولاتتەك ئىرادىنىڭ مۇجەسسىمى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ ئېغىزىغا سۇ، ياكى بىرەر تال گىياھ سالماستىن روزا ئۈستىگە روزا تۇتۇپ كېتىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە ھەتتا پىلنىڭ دۈمبىسىگە ئۇرۇلسىمۇ چىقراپ سالماي قالمايدىغان قامچىلار ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن توختىماي قان چاچراتماقتا ئىدى. بىرىنچى جەللات ھېرىپ توختىسا، ئىككىنچىسى قامچىلاش ئۈچۈن تەييار تۇراتتى. ئەمما ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ قامچا يەپ يا ھارمايتى ياكى سۆزىدىن يانمايتتى. ھەتتا گۆشلىرى تىتىلىپ قامچا سۆڭەككە يەتكەن چاغدىمۇ بىرەر قېتىم ”ۋايجان“ دەپ سالمايتتى. نە ئاھ ئۇرمايتتى، نە تىللاپ ھاقارەتلەپمۇ كەتمەيتتى. گويا دەرتتىن ۋايساشنىمۇ دەرتنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرگەنلىك دەپ ھېس قىلاتتى. ئاغرىققا چىدىماي ئايلىنىپ يىقىلغان چاغلىرىدىمۇ ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان سادا پەقەتلا «كىتابۇللاھ!... سۈننەتى رەسۇلۇللاھ!» دېيىشتىن باشقا بولمايتتى.

ـ قېنى ئەمدىغۇ بىر نەرسە دەيدىغانسەن؟!.

پادىشاھ شۇنداق دېگىنىچە پۇتۇن ئەزايى قانغا بويۇلۇپ تۇرغان ئىمامنىڭ ئالدىغا ئۆزى كېلەتتى. «خۇدا بىلەن قەسەمكى، مەن سېنىڭ غەيرىتىڭگە ئاپىرىن ئوقۇيمەن. مەن پەقەت بۇ مەسىلىدە سۈكۈت قىلىشقا ماقۇل بولىشىڭنىلا كۈتۈپ تۇرىۋاتىمەن. قوللىمىساڭمۇ ھېچ بولمىغاندا قارشى تۇرمىساڭ، مانا مەن ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا زەنجىر، كىشەنلىرىڭنى ئۆز قولۇم بىلەن يېشىۋېتىشكە تەييارمەن»

چىدۇغۇسىز ئازابلار ئىچىدە ئېزىلىۋاتقان ئىمام پادىشاھنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتى ـ يۇ،

ئەمما تەلەپلىرىنى ئېيتىرىپ تاشلاپ، كۆزلىرى گويا شاھىنىڭ شەپقىتىنى ئەمەس، ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆكىگە بۇرىلاتتى. يەنە بىرئازدىن كېيىنلا گويا چەكىسىز زۇلۇملىرىنىڭ شىرىن سەمەرىسىنى قەبرى بىلەن بەرزەخ ئالەمىدىن ئاختۇرۇپ كۆرمەكچى بولىۋاتقاندەك زېمىنغا تىكىلەتتى. پادىشاھقا تىكىلگەندە بولسا، خۇددى پادىشاھقا ئەمەس، بەلكى بىر جانسىز سايىغا تىكىلگەندەك مەنسىتمەي كۆزىنىڭ ئىچىگە قادىلىپ قارايتتى. ئاندىن ئۇنىڭ ئېغىزىدىن روھنىڭ پۇتۇن پىغانلىرىنى، جىسمىنىڭ بارلىق ئاچچىق ئەلەملىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەم قىلغان، شاھلىقنىڭ تاجۇ ـ تەختىنى تەۋرىتىپ، ئاللاھقا بولغان بەندىچىلىك ئاداسى بىلەن شاھەنشاھىيەتنىڭ سالاپەت، ئابروي ئىمارەتلىرىنى كومپەيىۋەم قىلىپ تاشلىيالايدىغان يەنە ئەشۇ جاراڭلىق سادا ياڭرايتتى.

ئىمام قىلچە تەمترىمەستىن، «مېنىڭ دەيدىغان باشقا گېپىممۇ يوق، ھەم باشقا گەپنى ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن. پەقەت بىرلا تەلىپىم بار، قېنى سەن ”قۇرئان مەخلۇق“ دېگەن سۆزنىڭنى ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتى بىلەن چۈشەندۈرۈپ باقامسەن، شۇنداق قىلالىساڭ شۇ ھامان ساڭا قايىل بولۇمەن. سۆزىڭنىمۇ قەلبىمگە ئورنايدۇ» دەپ جاۋاپ قايتۇراتتى.

غەزەپلەنگەن پادىشاھ كۆيىنگەن قىياپەتتە كىرىشىپ «سەن زادى نېمىشقا شۇنچە چىڭ تۇرىۋالىسەن؟ باشقا ئۆلىمالارمۇ ئۆزىگە شەرئىي يول چىقىرىپ سۈكۈت قىلىشنى تاللىۋالدىغۇ؟» دېيىشكە باشلايتتى.

ئىمام قاتتىق چىچىلغان ھالدا «بۇ ماڭا دەلىل بولالمايدۇ. ماڭا دەلىل كېرەك. چۈنكى مەن ساڭا ئەمەس ئاللاھقا جاۋاپ بېرەلىشىم لازىم» دەيتتى.

پادىشاھ بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغان ھامان يەنە ئەسەبىيلىشىپ، چالۋاقىغانچە ئالدىراش

چىقىپ كېتەتتى. ئاندىن يەنە دەررە، قامچىلار توختىماي داۋاملىشاتتى. ئىمام ئازابقا بەرداشلىق بېرەلمەي قالغۇدەكلا بولسا، يەنە شۇ «كىتابۇللاھ! سۈننەتى رەسۇلۇللاھ!» دېگەن ساداسىنى توختىماي ياڭرىتاتتى. بۇنى كۆرگەن جەللاتلارنىڭمۇ ئەلەمدىن كۆزلىرى قىزىرىپ، ئۆپكىلىرى ئېغىزىغا تاقىشىپ قالاتتى.

دەررىلەر بەلنىڭ تېرىسىنى ئۇچۇرۇۋېتىپ بولغان، زەنجىرلەر جىسمىدا قانلىق ئۆرەكلەرنى ياساپ بولغان، شۇنداقتىمۇ يېمەي، ئىچمەي روزا ئۇستىگە روزا تۇتۇپ، تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز ئېغىر ئازابنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان. ئەمما ئىمامنىڭ سۇباتلىق قەدەملىرى ئۆز مەيدانىدىن غىرىچ مىقدارى قىمىر قىلمايۋاتقان، قارارىدا قىلچىلىك يۇمشاش بولمايۋاتقان، ئەنە شۇنداق قەتئىي ئىرادە، جاسارەت بىلەن باتىل پادىشاھقا قارشى قەتئىي جىھاد قىلىۋاتقان، پۈتۈن شەھەردە غۇلغۇلا، ئىلىم، ھېيمەت سورۇنلىرىدا ئىمامنىڭ چېيىلىۋاتقان ئازابلىرىغا ماتەم تۇتۇلىۋاتقان، ئازابلىنىپ يىرىلغۇدەك بولغان مىڭلاپ كۆكرەكلەر، غەم بىلەن نەملىنىپ قىزارغان كۆزلەر، ئاخىرى ئىمامنىڭ ئەلىمگە بەرداشلىق بېرەلمەي زىندانغا ئۆلىمالاردىن ۋەكىل ئەۋەتىيەن ئىدى.

«خۇدالىق ئۇچۇن ئۆزلىرىگىمۇ ۋە بىزگىمۇ ئىچلىرى ئاغرىسۇن، شەرىئەتتە بۇنداق نازۇك شارائىتلارغا قارىتىلغان رۇخسەتمۇ بار، ئەگەر ئۇنىڭدىن پايدىلانسىلىرى زادى نەرى يامان؟»

ئۇلار شۇنداق ئىلتىجا قىلىشماقتا ئىدى.

ئىمام ئازابتىن ئىچىشىپ ئاغرىۋاتقان قەددىنى رۇسلاپ، «ئۇنۇتماڭلاركى، شەرىئەتتە رۇخسەتلا ئەمەس، ۋىجدان ۋە جاسارەتمۇ بار. ئەگەر مەنمۇ رۇخسەتنىڭ يولىنى تۇتسام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىدىغان كىم قالىدۇ؟ ئەينى چاغدا ساھابىلەر شىددەتلىك قىيىن قىستاقلاردىن شىيايەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: ''سىلەردىن ئىلگىرى ئۆتكەن مۆمىنلەرنىڭ باشلىرى ھەرىدىلەتتى، بەدەنلىرى ئوتتۇنى يارغاندەك يېرىپ تاشلىناتتى، ئەشۇنداق ئېغىر زۇلۇملارمۇ ئۇلارنى ھەقنىڭ يولىدىن ياندۇرالمىغان

ئىدى“ دېمگەنمىدى؟» دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

دەرۋەقە، ئەشۇ ئۆلىمالار بىلەن ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھمۇ ئوخشاشلا ھاياتلىق ھەم خاتىرجەملىكنى سۆيمەي قالمايتتى. ئەمما پەرق شۇ يەردىكى، ئۆلىمالار شەرئىي رۇخسەتنىڭ باھانىسى ئاستىدا پاناھلىنىپ، بۇ پانى دۇنيادا تۆت كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىۋېلىشنى خالايتتى. ئەمما ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھىمەھۇللاھ «ھاياتلىق ۋە خاتىرجەملىك دېگەن پەقەتلا ئاخىرەتتىكى بەختىيارلىقتۇر. دۇنيادا ھېچىممۇ ئۆلۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھامان بىر كۈنى ئارزۇ ـ ئارمانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كېپەنلەنمىسە بولمايدۇ» دېگەن قەتئىي قارارغا كېلىپ بولغان ئىدى. ئۇلار ئىمامنىڭ چەكىەن ئازابلىرىغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقان بولسا، ئىمام ئۇلارنىڭ سەپەر ئۈستىدىكى سايىزارلىقنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئەسلى مەنزىلنىڭ مەڭگۈلۈك قارارگاھىنى خەتەرگە ئىتتىرىۋاتقانلىقىدىن ئىبارەت چۈشىۈن قەلب ھالىغا قايغۇرۇپ قانلىق ياش تۆكمەكتە ئىدى. ئاخىر ئۇلار ھەممىسى قايتىپ كېتىشتى. ئىمام شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن پەقەتلا بىر ئاللاھنىڭ قالغانلىقىنى، بەدەنلىرىدىكى ھەر بىر زەخمىنى ئاللاھنىڭ ئۆز رەھمىتى بىلەن سىلاپ، مەرھەم سۈركەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

بىركۈنى خۇددى ئىلگىركىدەكلا دەررە، قامچىلار ئۇنىڭ تىرىسىنى يىرتىپ، گۆشلىرىنى تىتىشقا باشلىدى. بۇ دەل بىرقانچە يۇتۇم سۇ ئىچىش بىلەنلا سوھۇرلۇق يەپ رامىزان روزىسىنى تۇتقان كۈن ئىدى. ئىمام قاتتىق ئاجىزلاپ كەتىەنلىتىن بەرداشلىقنىڭ چېيىدىن ئېشىپ كەتىەن تاياق ـ توقماقتا بولالماي، ھوشسىزلىنىپ يىقىلدى، ھەتتا جان ئۈزۈۋشىە تاسلا قالغان ئىدى. ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىپ قارىغىنىدا، بېشىدا بىر توپ كىشىلەرنىڭ سۇ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار «شەرئەتتە بۇنىڭغا رۇخسەت قىلىنغان، بۇنداق شارائىتتا سۇ ئىچىپ جاننى ساقلاش لازىم» دەۋاتاتتى.

ـ ياق، مەن ھەرگىز روزامنى بۇزمايمەن،

ئاللاھنى ئۆز جېنىدىنمۇ بەك سۆيىدىغان مۇجاھىد ئىمام جاۋاپ قايتۇردى. يېرىمجان جىسمىنى تەستە كۆتىرىپ شۇ يەردىلا سەجدىگە باش قويدى ۋە چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ناماز ئوقۇشنى باشلىۋەتتى.

ئاخىرى ئەشۇ ئادەتتىكى بىر شەھەر پۇخراسى بىلەن پادىشاھ ئوتتۇرىسىدىكى جەڭدە، ئاللاھنىڭ قۇدرىتىگىلا تايانغان ئۇ ئاجىز كىشى ئۇتۇپ چىقىپ، ھۆكۈمەتكە ۋە لەشكەر، قۇراللىرىغا ئىشەنگەن پادىشاھ مەغلۇپ بولدى. ئاللاھنىڭ ئۆلۈم پەرىشتىلىرى كېلىپ پادىشاھنىڭ جېنىنى ئالدى. پايتەختنىڭ تاش، تۆمۈر پولات ئىشىكلەر بىلەن قاپلانغان تاملىرى يېقىلدى. ئىلگىرىكى پادىشاھنىڭ ئورنىغا، مۇئەككەل پادىشاھ بولدى. پۈتۈن قەلبلەرنى خالىغان تەرەپكە بۇرايدىغان مېھرىبان ئاللاھ پادىشاھنىڭ قەلبىنى ئىمامغا بولغان ئەقىدەت ۋە مۇھەببەتكە تولدۇردى.
زىندانىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلدى. زەنجىر، كىشەنلەر يېشىلدى. دەررە يامغۇرى توختاپ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ غالىبانە، ئەمما كەمتەرانە قەدەم بىلەن زىنداندىن ئۆيىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئىلگىرى قەھرى ـ غەزەپنىڭ قارا قۇيۇنلىرى چىققان شاھ ئوردىسىدىن ئەمدىلىكتە ھۆرمەت، ئېھتىرامنىڭ مەيىن شامالىرى چېقىشقا باشلىغان ئىدى. قەدەم ـ قەدەمدە ئەقىدەتمەنلىرىنىڭ ياشلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشاتتى. كىشىلەرنىڭ قەلب، كۆزلىرى ئۇنىڭ يولىغا پايانداز ئىدى. پۈتۈن خەلقنىڭ خۇشاللىق كۆز ياشلىرى ئارىسىدا، تەبرىكلەپ، قۇتلۇقلاشلىرى ئىچىدە ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ ئىككى رەكئەت شۈكرى ناماز قىلىش ئۈچۈن كىرىپ باراتتى.

دەۋر پادىشاھىنىڭ قەلبىدە ئىمامغا بولغان مۇھەببەت كۈنسېرى ئاشماقتا ئىدى. بۇ مەنزىرىنى كۆرگەن پۈتۈن خەلقنىڭ شاتلىقى كۆزلىرىدىن تېشىپ تۇراتتى. ئەمما ئىمامچۇ؟ ئۇ خاتىرجەملىكنىڭ بىر تىنىقىنى بولسىمۇ تىنالىدىمۇ؟ ياق، ئەكسىچە پۈتۈنلەي باشقىچە ئەھۋالغا كېلىپ قالغان ئىدى. چۈنكى شاھ ئوردىسى تەرەپتىن قىلىنىۋاتقان ئەمدىكى ئىززەت ـ ئىكرامغا

نسبەتەن ئىلگىرى قىلىنغان جەبرى ـ زۇلۇملاردىمۇ چەكمىگەن ئېغىر ئازابنى چېيىۋاتقاندەك ھېس قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئۇنىڭ ئىزتىراپلىرى كۆنسىرى ئېشىپ، ھەتتا قورقۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتتى.

ـ سىلى قورقۇپ يۈرىۋاتقاندەكلا كۆرىنىدىغان بولۇپ قالدىلا، ھالبۇكى پادىشاھ سىلىگە شۇنچە كۆڭۈل بۆلىدىغۇ؟!

ئىمام بۇ سۇئالغا شۇ قەدەر ھەيران ئىدىيى، ھەتتا سۇئال سوراۋاتقانلارنىڭ ھەيرانلىقىنىمۇ ئارقىدا قالدۇرۇپ قويغان ئىدى. ئاخىرى ئىمام بۇ ئىشنى چۈشەندۈرۈپ، «بۇ دېگەن ئىلگىرىكىدىنمۇ بەك ئېغىر سىناق. ئەجىبا سىلەر دۇنيانىڭ زۇلۇم ـ سىتەم ئارقىلىق باسالمىسا شەپقەتو ـ  كەرەم ئارقىلىق سىتۇۋېلىشقا تىرىشىدىغانلىقىنى بىلمەمسىلەر؟ ئىلگىركىسى دىنىنىڭ پىتنىسى ئىدى، ھازىرقىسى دۇنيانىڭ پىتنىسى. دۇنيانىڭ پىتنىسى...» دېدى.

بۇ سۆزلەرنى قىلىپ بولۇپلا قايسىدۇر ئۆتمۈشنىڭ ئەسلىمىسىگە چۆكۈپ كەتىيەن ئىدى. دۇنيا ياسىنىپ ـ جابدۇنۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىنى ئۇتماقچى بولۇپ كەلگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسام ھەر ئىيىى قولى بىلەن توختىماي ئۇنى يېراققا ئىتتىرگەن، دۇنيا شۇ چاغدا، «سەنغۇ مەندىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيسەن، ئەمما سېنىڭدىن كېيىنىي كىشىلەرنىڭ مەندىن قۇتۇلۇپ قالالىشى بەسى مۈشىىل» دېگەن ئەشۇ چاغلارنى ئەسلەۋاتاتتى.

دەل مۇشۇنداق سەۋەپلەردىنلا ئۇ دائىم ئىززەت ـ ئىيراملاردىن قېچىپ تۇراتتى. پادىشاھقا ئەمەس، بەلىى ئاللاھتىن قالىسلا ئۇنىڭ ئەڭ مىننەتدار بولغان ۋە دائىم تەشەكىۈرلۈك تۇيغۇلىرى بىلەن ئەسلەپ تۇرىدىغان ئادىمى ”ئەبۇل ھەيسەم“ ئاتلىق گۇمنام بىر كىشى ئىدى. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھنىڭ ئوغلى داسىدىسىنىڭ ھەربىر نامازدا شۇ كىشىگە دۇئا قىلىپ، «ئى ئاللاھ! ئەبۇل ھەيسەمنى مەغپىرەت قىلغىن، ئەبۇل ھەيسەمگە رەھمەت قىلغىن» دەپ

تىلەيدىغانلىقىنى كۆپ ئاڭلىغان ئىدى. ئاخىرى ئۇ دادىسىدىن «جېنىم ئاتا! بۇ ئەبۇل ھەيسەم دېگەن ئۇلۇغ كىشى زادى كىم؟» دەپ سورىدى.

ئىمام ئەھمەد رەھمەھۇللاھ بۇنى ئاڭلاپ ئۇلۇغ كېچىك تىنىۋالغاندىن كىيىن ئاستا بېشىنى كۆتەردى ۋە ئوغلىغا: «ئۇ بىر ئوغرى ئىدى» دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

ـ ئوغرى! ئوغۇل ھەيرانلىقتا داڭ قېتىپلا قالغان ئىدى.

ـ شۇنداق، ئۇ بىر ئوغرى ئىدى، مېنىڭ زۇلۇم چەكيەن چاغلىرىمدا ئىرادەمدەمدىن يانماي مەھيەم تۇرالىغانلىقىم ئۇنىڭ ئىيى ئېغىز سۆزىنىڭ نەتىجىسى ئىدى. مەن زىندانغا ئېلىپ كېتىلىۋاتقانىمدا ئۇ ماڭا يول ئۈستىدە ئۇچرىدى ۋە ناھايىتى دەرتلىك ئاۋازدا ماڭا خىتاب قىلىپ، «بىلەمسەن، مەن بىر ئوغرى. ئوغرىلىق جىنايىتى بىلەن نۇرغۇن قېتىم تۇتۇلدۇم، ساناقسىز دەررە، زىندانلارنى باشتىن كەچۈردۇم. پەقەت بىلىمگە ئۇرۇلغان دەررىلەرنىلا ساناپ كەلسەم، ئون سەكيىز مىڭدىن ئاشىدىيەن، ئەمما شۇنداقتىمۇ مەن ھېچ قاچان ئىرادەمدىن يېنىپ باقمىدىم. ھەر قېتىم زىنداندىن چىقسام ”يەنە چوقۇم ئوغۇرلۇق قىلىمەن“ دېگەن قەتئىي نىيەت بىلەن چىقتىم. مېنىڭ بۇنداق ئىرادىدىيى مۇستەھيەملىيىم پەقەتلا دۇنيادىن ئىبارەت رەزىل نەرسە ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى سەن ناۋادا ئاللاھ ئۈچۈن شۇنچىلىك جاسارەت كۆرستەلمەي قالساڭ، مەن ساڭا مىڭ ئەپسۇس ئوقۇيمەن، مىڭ ئەپسۇس» دېدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرى خۇددى ئوقيادەكلا ئۇدۇل قەلبىمگە ئورناپ كەتتى. ھەرقېتىم شۇ سۆزلەرنى ئويلىسام «مەن ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا ئەشۇ ئوغرىدىنمۇ ئىرادىسىز بولۇپ قالسام بولماس» دېگەنلەرنى ئويلاپ سوغۇق تەرگە چۆمۈپ كېتەتتىم.

***********************

بۇ شۇنداق بىر دەۋرنىڭ ھېيايىسى ئىيەنىيى، ئۇ چاغلاردا كۆكرەكلەردىيى ئىمان يالقۇنلىرى بىر ئوغرىنىڭمۇ ئىيى ئېغىز دەرتلىك سۆزى بىلەن تارىخنىڭ ئەنە شۇنداق ئۇلۇغۋار مۇجاھىد

ئىماملىرنى پەيدا قىلالايدىغان دەرىجىدە لاۋۋۇلداپ يېنىپ تۇراتتى. ئەمما ئەمدىچۇ؟ ھازىر گەرچە سان ـ ساناقسىز قەلەملەر، سان ـ ساناقسىز ئاۋازلار، سان ـ ساناقسىز ئېغىزلار ئەشۇ سۆزنى قىلىپ، ئەشۇ سۆزنى يېزىپ، ئەشۇ سۆزنى توۋلاپ يۈرىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئارىمىزدىن ھەقىقىي مۇجاھىد، ئىماملارنىڭ چىقىشى ناتايىن ھالغا كېلىپ قالماقتا. ساپلا دېگۈدەك راھىتپەرەس، نەپسانىيەتنىڭ قۇللىرى، بېشى نامازدا سەجدىدە تۇرىۋېتىپ، قەلبى دۇنيانىڭ ھېساۋاتىدىن ئۈزۈلمەيدىغان، باتىل ھۆكۈمەتنىڭ يالقىنى يالاپ ھارمايدىغان، ئېلىۋاتقان مۇئاشىنىڭ ھالال ياكى ھاراملىقىنى ھېساپلىشىشقۇ ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۆزىگە خۇدا قىلىۋالغان ئەشۇ ھاكىمىيەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنى نارازى قىلىشتىنمۇ يالتايمايدىغان، ئىسلام دۈشمەنلىرى بىلەن ئېغىز ـ بۇرۇن يالىشىپ، پەدىسىگە ئۇسۇل ئوينايدىغان، ئۇلارغا بوينى يۇمشاق ئىتائەتچان مۇسۇلمان پۈخرا تەربىيىلەپ بېرىش ئۈچۈن سەللىلەرنىڭ مۇقەددەسلىكى ئاستىدا خۇپپيانە شۇملۇقنى قىلىپ يۈرىدىغان، ھەقنى بۇرمىلاپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، ئۈممەتنى پارچىلايدىغان، مۇناپىق، زۇۋاندارا، تۈزكورلار، شۇئارۋاز ساختا مۇجاھىد، ئوغرى ئىماملار، يالاقچى، مېدىيا مولللار مەيدانغا كەلمەكتە.

ئەمما بىز ۋە سىلەر ھەممىمىز ئوخشاشلا تىرناق تاتىلاپ، بۇنداق ئەھۋاللارغا سۈكۈت قىلغانچە قاراپ تۇرماقتىمىز. ئېنىقكى، ناھەقچىلىككە سۈكۈت قىلىشنى ئاللاھقا قىلغان ئاسىيلىق دەپ بىلگەن، ۋە شۇنىڭ ئۈچۈنلا مىسلىسىز ئازابلارنى چەككەن ئەمما ئىرادىسىدىن قەتئىي يانمىغان ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل رەھمەھۇللاھ ھەقىقىي مۆئمىن مۇجاھىد ئىدى، ھەتتا ئەشۇ ئەبۇل ھەيسەم ئاتلىق ئوغرىمۇ مۆئمىن ئىدى. ئەمما بىزچۇ؟ بىز زادى نېمە؟ قېنى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلىچى بىز زادى مۇسۇلمانمۇ؟

كاملجان تەرجىمىسى :

بسم الله الرحمن الرحيم

# ”ئىمان“ دېگەن، خەتەرگە ئالدىنى قىلىش، دېمەكتۇر

(پاكىستانلىق ئاتاقلىق ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

مەكىيە مۇكەررەمدە ئاللاھنى ۋە ئاخىرەتنى ئىنىكار قىلىدىغان ۋەھشىي كۇپپارلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلۇم ـ سىتەملىرىگە دۇچار بولغان مۇسۇلمانلار ئاخىرەتنى ئويلاپ ئەتىگەنكى ئىنتايىن مۇشەققەتلىك ۋە جاپالىق كۈنلەرنى قانداق ئۆتكۈزگەن؟

چېدىغۇسىز ئېغىر زۇلۇم ـ سىتەملىرىگە دۇچار بولىۋاتقان دەسلەپكى ئەشۇ دەۋر مۇسۇلمانلىرى دۇنيا ۋە ئاخىرەتكە قارىتا زادى قانداق ھېسسىيات، تونۇشلاردا بولغان؟ بەخت ھەم بەختسىزلىكىگە، خىيىم ـ خەتەر ۋە خاتىرجەملىكىگە قارىتا قانداق قىممەت قاراشلاردا بولغان؟ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى بىلەن قايغۇلىرىچۇ؟ مانا بۇلارنى ھەقىقىي تۈردە بىلىپ چىقىش ھەرقانداق مۇسۇلمانغا نىسبەتەن كەم بولسا بولمايدىغان موھىم كەشپىيات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەزرەتى ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋەقەسى بىزنى دەل ئەنە شۇ تونۇشقا ئىگە قىلماي قويمايدۇ.

كۇپپىر ھەم شېرىكچىلىكنىڭ ھالاكەتلىك ئازغۇنلۇقىنى ”ھەق“ دەپ چوقۇنىۋالغان كۇپپارلار، ئاللاھنىلا ”ھەق“ دەپ تونۇيدىغان مۆمىنلەرنى مۇنداقلا ئەمەس، بەلكى بولۇشىغا قىيناپ، ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرىش قەستىدە بولۇپ يۈرگەن، ئاجىزلارنى زۇلۇم ـ سىتەمنىڭ مەشىق تاختىسىغا ئايلاندۇرىۋېلىپ، ئۇلارنىڭ قان، يىرىڭ تەمچىپ تۇرغان زەخىملىرىنى كۆرگەندە، ئۆرتىنىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا كۈلۈپ قاقاقلايدىغان بولىۋالغان، چارىسىزلارنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرۈش ئىچىنىشلىق ئەھۋال ئەمەس، بەلكى كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى ھېسابلىنىدىغان ئەنە شۇنداق رەھىمسىز، ۋەھشىيانە مۇھىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوي، خىيال، پىكىر، تەپەككۇر، ئارزۇ ـ ئارمانلىرى زادى نېمىلەردىن ئىبارەت بولغانلىقىنى ھازىرقى بىز مۇسۇلمانلار كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرگىنىمىزدە، ئىنىقكى، ئۇنداق ئاجايىپ، مىسلىسىز ھاياتنى باشتىن كەچۈرۈپ بېقىشنى ئويلاش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەنمۇ پۈتۈن ئەزايىمىز قورقۇنچلۇق

تنترەكلەرگە چۆمۈپ كەتمەي قالمايدۇ.

دەرۋەقە، ئۇلار ئاخىرەتنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆزىگە شۇ قەدەر يېقىن ھېس قىلاتتىكى، دۇنيانىڭ پۈتۈن راھەت، پاراغەتلىرى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە قىلچە ئەرزىمەس نەرسىلەرگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مەڭگۈلۈك ھاياتقا باغلانغان ئۈمىد ئۇلارنى خاتىرجەملىكىگە ئەمەس، خىيىم ـ خەتەرلەرگە يۈگرەيدىغان قىلىپ قويغان ئىدى. كۆپپارلارنىڭ زۇلمىغا دۇچار بولغانلارغۇ شۇ زۇلۇمدا ئېزىلمەي بولمايتى، ئەمما مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن خاتىرجەم پاناھگاھلارغا سازاۋەر بولغان مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ئۆزلىگىدىن پاناھگاھلىرىنى تاشلاپ، زۇلۇم ھەم ئىستىبداتلىقنىڭ ئالدىغا كۆكرەك كېرىپ، يۈگرۈپ چىقىپ، «مانا مەنمۇ بار!» دەپ مەردانىلەرچە كېلەلىگەنلىكىنى ئەجىبا تارىخنىڭ كۆزلىرى ئۇچۇق كۆرمىگەنمىدى؟!

ئەنە شۇلار باسقان ھەر بىر قەدەمنىڭ ھەيۋىتى دۇنيالىق خاتىرجەملىكنىڭ پۈتۈن مەھلىيالىق تىلسىملىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ يەنچىپ تاشلىغان ئىدى. ئاخىرەتنىڭ دىلىدەش ھەقىقەتلىرى ئەنە شۇلارنىڭ ئاققۇزغان قان ھەم ياشلىرى بىلەن پارلاپ، پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا نامايەن بولغان ئىدى. ئاللاھ ئەنە شۇ دەۋرلەردىمۇ خۇددى ھازىرقىغا ئوخشاشلا غەيبنىڭ مىڭلىغان پەردىلىرى ئارقىسىدا مەۋجۇت ئىدى ـ يۇ، ئەمما ئەشۇ ئۇلۇغ ئەجداتلىرىمىز ئاللاھنى ئۆزىگە نىسبەتەن جان، تومۇرلىرىدىنمۇ بەك يېقىن ھېس قىلاتتى. ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ دەل ئەنە شۇنداق مۆمىنلەردىن بىرى ئىدى.

ئەينى چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن كاپىر تۇققىنى ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرەنىڭ پاناھىدا بولغاچقا، كۇپپىرلىقنىڭ زەھەرخەندە تىرناقلىرى تېخىچە ئۇنىڭ ئىمانىغا سانچىلىپ باقمىغان ئىدى. ئۇ ئاللاھنىڭ يولىدا زەخىملەنگەنلەرگىلا نېسىپ بولىدىغان ئازابتىن ھۇزۇرلىنىشتەك ئۇنداق ئۇلۇغ لەززەتتىن تېخىچە مەھرۇم ئىدى. دۇنيانىڭ نۇقتىى نەزىرى بويىچە بولغاندا، ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى خاتىرجەملىك بولۇپ ھېسابلىنىسمۇ، ئەمما ئىماننىڭ نۇقتىى نەزىرى بويىچە بولغاندا ئەڭ كاتتا

مەھرۇملۇق ھېسابلىناتتى. شۇڭا ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇنداق مەھرۇملۇقنىڭ ئازابىنى تەخىرسىز ھېس قىلىپ يەتتى. ئۇ ھەقنىڭ ئازاب، مۇسىبەتلەر ئىچىدە تۇرىۋاتقانلىقىغا، ئۆزىنىڭ بولسا، خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىغا ئەستايىدىل قاراپ چىقتى ۋە بىردىنلا «كۇپپارنىڭ پاناھىدا تۇرغانلىقىنىڭ مەنىسى، ئاللاھنىڭ پاناھلىقى ئەرزىمىگەنلىك بولمامدۇ؟» دېگەننى ئويلاپ ئىختىيارسىز ۋاقىرىغانچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ھېس قىلىۋاتقان بۇ مەھرۇملۇقى ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىپ كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياشلىرىنى تۆكمەكتە ئىدى.

ئۇ دەس ئورنىدىن تۇرغانچە، «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈۋاتقان بىلەن مېنىڭ مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىم ئاللاھنىڭ يولىدا قانغا بويىلىۋاتامدۇ؟ قاراڭغۇ قاماقلاردا ئېزىلىۋاتامدۇ؟ زۇلۇم ـ ئەزىيەتلەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتامدۇ؟ ئەمما مەن نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئەزىيەتلەردىن مەھرۇم قالدىم؟ ئەجىبا بۇ ئىمانىي ئاجىزلىقىمنىڭ ئالامىتىمۇ؟ راستىنلا ئىمانىمدا مەسىلە بارمىدۇ؟» دېگەنلەرنى ئويلاپ، ئۆزىنى باسالماي ھۆكرەپ يىغلاپ كېتىشكە باشلىدى.

ئۇنىڭ ئاجايىپ تەسىرلىك بۇ تېرەن تۇيغۇلىرى بىر دەقىقە ئىچىدىلا ئۇنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىپ قويدى، ئوي، تەپەككۇرى ئۆزگەردى، ھېس، تۇيغۇلىرى ئۆزگەردى، قەلب، ئىدىيە، ھەممە نەرسىسى ئۆزگەردى. ئۇ ئەمدىلىكتە خۇددى ھالاكەتتىن قاچقان ئادەمدەكلا خاتىرجەملىكتىن يىرگىنىپ قېچىشقا باشلىغان ئىدى.

ئۇنىڭ چىرايىدا ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئىچكى ئىزتىراپلارنى كۆرگەن ۋەلىد «ھە، كېلىپ قاپسەنغۇ؟» دەپ ئالدىراش سۇئال سوراشقا باشلىدى.

ـ سېنىڭ پاناھىڭدىن چىققىلى كەلدىم ـ ئۆسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن قەتئىيلىك بىلەن جاۋاب بەرمەكتە ئىدى.

ـ نېمە دېدىڭ؟! ۋەلىدنىڭ كۆزلىرى ھەيرانلىقتا چەكچىيىپلا قالدى.

ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ كەسكىن ھالدا: «دەرۋەقە، كۇپپىر بىلەن شېرىكچىلىكنىڭ قوينىدا پاناھلىنىپ تۇرۇپ، ئىماننى دەۋا قىلىش ھەققەتەن مەنىسىز تۇيۇلىدىكەن، مەن ئاللاھقا ئىمان ئېيتقانمەن. شۇڭا ماڭا ئاللاھنىڭ پاناھلا كۇپايە. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەنكى، مېنىڭ دىنىي قېرىنداشلىرىم ئاللاھنىڭ يولىدا ئازاب چېكىۋاتىدۇ، مەن قانداقمۇ خاتىرجەم بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ئۇلارنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە چىداپ تۇرالايمەن؟ ياخشىسى سەنمۇ رەھمىتىم بىلەن قوشۇپ پاناھلىقىڭنى قايتۇرىۋالغىن، مەنمۇ دىنىم ئازاب ئىچىدە قالغان، ھەممە ئەزالىرىدىن قان ئېقىتىپ تۇرۇپمۇ ھەققانىيەتنىڭ سادىسىنى ياڭرىتىشتىن يانمايۋاتقان ئەشۇ قېرىنداشلىرىمنىڭ يېنىغا كېتەي!» دەپ جاۋاب بېرىپلا ئارقىغىمۇ قارىماستىن يولىغا يۈرۈپ كەتتى.

ۋەلىد «توختا! كىشلەر سېنىمۇ زۇلۇم شىيەنجىسىگە ئېلىۋېلىشى مۇمكىن، ئۇنداق قىلماي توختاپ قال!» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئەمما ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ تاۋۋلاشلىرىغا پىسەنتمۇ قىلماستىن، ھەربىر باسقۇچىدا جان ۋە مىلللىرىغا مىڭلىغان خەتەرلەر يولۇقۇپ تۇرىدىغان ئاخىرەتنىڭ زاۋال تاپماس، مەڭگۈ خاتىرجەملىك مەنزىلى تەرەپكە مەستانىلەرچە ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي كەبىنىڭ ئىچىدىمۇ «ئوسمان بۇگۈن ۋەلىدنىڭ پاناھىدىن چىقىپ كېتىپتۇ» دەپ ئىلان قىلىندى. ئەمدى تېخى بۇ ئىلان جاكارلىنىپ تۇرۇشىغا ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يوغان ـ يوغان چامدىغانچە ھەرەمگە كىرىپ، گويا بارلىق كۇپپارلارغا جەڭ ئىلان قىلغاندەك: «كىلىشە، مانا مەنمۇ مۇسۇلمان، مانا مەنمۇ ئاللاھنىڭ يولىدا بويىنىنى قىلىچقا تۇتۇپ بېرەلەيدىغان مۇسۇلمان» دېگىنىچە پۈتۈن ئازاب، مۇسىبەتلەرنى ئۆزى تەرەپكە چاقىردى.

******

ئەمما بىزچۇ؟! قانچە مىڭلىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ھەقنى دەپلا تۈرمىلەردە ئىز دېرەكسىز، چېرىپ تۈگەپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قانچە مىڭلىغان قىز، ئاياللىرىمىزنىڭ ئىگە ـ چاقىسىز قېلىپ، خارى ـ زارلىقتا كۈن كەچۈرىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمىزدە، «بىز نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولالمىدۇق؟» دېگەننى ئويلاپ باقتۇقمۇ؟ قېنى ئىمان، ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلى! ئەجىبا شۇلارنىڭ قاتارىدا بولالمىغانلىقىمىزنى، شۇلارغا ئوخشاش ھەق يولدا ئەزىيەت چېكەلمىگەنلىكىمىزنى، شۇلارغا ئوخشاش قان ھەم ياش تۆكۈپ بەدىنىمىزنى زەخمىلەرگە تولدۇرالمىغانلىقىمىزنى، خۇددى شۇلاردەك ھەق ئۈچۈن جان بېرىپ، مەڭگۈلۈك بەختىيار ھاياتنىڭ تاجدار شېھىتلىرىدىن بولالمىغانلىقىمىزنى ئۆزىمىزگە نىسبەتەن مەھرۇملۇق ساناپ باقتۇقمۇ؟ ياق، ھەرگىز ئۇنداق ساناپ باقمىدۇق. بەلكى دەل ئەكسىچە شۇنداق تەسەۋۋۇر قىلىشىمىز ئەقىلدىن مەھرۇملۇق دەپ قارىماقتىمىز. كاپىرلارنىڭ پاناھىدا خاتىرجەم ياشىيالىغانلىقىمىزنى ئاقىلانىلىك ھېسابلاپ، ھەق ئۈچۈن قىيىن قىستاق، جاپا مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزغا «سىڭگەن نېنىنى يېمىگەن ھاماقەتلەر» دېگەن باھانى بەرمەكتىمىز. قېنى ئۆزىمىزنى مۇسۇلمان دەپ ئاتاۋالغان بىز ئەيىبالار ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقمايلىمۇ؟! ئەجىبا بىز «كاپىرلارنىڭ پاناھىدا خاتىرجەم ياشىغانلىق ئاللاھنىڭ پاناھىنى ياراتمىغانلىق بولىدۇ» دېگەننى بىرەر قېتىم ئويلاپمۇ باقتۇقمۇ؟ ياق، بەلكى دەل ئەكسىچە تېخى تۇغۇلمىغان بالىلىرىمىزنىڭ چوڭ بولغاندا ياخشى ئوقۇپ، ياخشى خىزمەتكە چىقىشىنى، ھۆكۈمەتنىڭ تۆمۈر دەپتىرىگە ئۆتۈشىنى، شتاتلىق، پېنسىيە مۇئاشلىق كادىرلاردىن بولۇپ، كۇپپارلىقنىڭ پاناھىدا بېخىرامان ھايات كەچۈرىشىنى نۇمۇس قىلماي ئاللاھتىن تىلەپ يۈرمەكتىمىز. ئەجىبا بۇ، دۇنيانى ئاخىرەتتىن، ھۆكۈمەتنى ئاللاھتىن ئەلا بىلگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟ بىزنىڭ كۆزلىرىمىز نېمە ئۈچۈن پەلەستىننى كۆرمەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ 60 يىلدىن بىرى ھەقنى دەپلا توختىماي قان بېرىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، 60 يىلدىن بىرى ھەر كۈنى ئاز

دېگەندە بەش ئۆي بومباردىمان قىلىنىپ، 10 ئادەمنىڭ شېھىت بولىۋاتقانلىقىنى، ھەتتا ئۈششاق بالىلار جېنىدا بېشىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، تانىلارنىڭ ئالدىنى توسىۋاتقانلىقىنى، ئاپتوماتلىق تاجاۋۇزچى ئەسكەرلەرگە تاش، سوزماق بىلەن تاقابىل تۇرىۋاتقانلىقىنى نېمە ئۈچۈن ئويلىمايمىز؟ نېمە ئۈچۈن چۈشەنمەيمىز؟ نېمە ئۈچۈن بىزمۇ شۇلاردەك بولالمايمىز؟ ناۋادا پەلەستىنلىكلەرمۇ بىزگە ئوخشاش شەرمەندىلەرچە خاتىرجەملىكنى ياقتۇرىدىغانلا بولۇپ قالسا، شۇ كۈندىن تارتىپ، پەلەستىندە بىر پايمۇ ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان خاتىرجەملىك مەيدانغا چىقماسمىدى؟ ئەمما ئۇلار نېمە ئۈچۈن خىيىم، خەتەر، ئەزىيەتلەرگە قۇچاق ئېچىپ، خاتىرجەملىكنى چۆرۈپ تاشلىيالىدى؟ ئوچۇقنى ئېيتقاندا، بىز ئۇنداق ئازابتىن شاتلىنالايدىغان ئۇلۇغۋار بەختىيارلىقتىن مەھرۇم بەختسىزلەرمىز. شۇڭا بۇلارنى ئويلاشنى، كۆرۈشنى، چۈشىنىشنى خالىمايمىز ھەم چۈشىنىپمۇ يېتەلمەيمىز. چۈنكى بىز ئۇلاردەك جەننەتنىي بەختىيار مەڭگۈلۈك ھاياتقا، ئاخىرەتكە، جۈملىدىن ئاللاھۇ تائالاغا ھەقىقىي ئىشەنمەيمىز. بەلكى دۇنياغىلا، ئۆلمۈگىلا، دۇنيادىكى يالتىراق نەتىجىلەرگىلا ئىشىنىمىز. بىزنىڭ ئاللاھىمىزمۇ دۇنيا، بىزنىڭ جەننىتىمىزمۇ دۇنيا، بىزنىڭ ئاقىۋىتىمىزمۇ ۋە كۆرمەكچى بولغان نەتىجىمىزمۇ پەقەتلا مۇشۇ دۇنيا. قىسقىسى، بىزدە دۇنيا ھاياتىنىڭ زىبۇ زىننەتلىرىدىن باشقا بىرەر يۈكسەك غايە، ئۇلۇغۋار مەقسەت دېگەندىن دېرەك بولمىغاچقا دۇنيانىڭ سارىڭىغا ئايلىنىپ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي، ئىمانىمىزنى، ئىپپەت، نومۇسىمىزنى ۋە مىللىي غۇرۇرىمىزنىمۇ قويماي ھوسۇلسىز ساراڭلىقىمىزنىڭ قۇربانىغا ئايلاندۇرىۋالماقتىمىز. ئەمما ئەپسۇسكى، شۇنداقتىمۇ بىز يەنىلا مۇسۇلمان. يەنىلا مۇسۇلمان.

*******

بىر كۈنى قورەيش خەلقىنىڭ مۇشائىرە بولىۋاتقان سورۇنىدا كاپىرلارنىڭ ئەڭ كاتتا شائىرى لۇبەيد ئىبنى رەبى شېئىر ئوقۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ: «ئاللاھتىن باشقا ھەممە باتىلدۇر، بۇنى ئاڭلىۋال»

دېگەن مىسرانى ئوقۇغاندا، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «توغرا ئېيتتىڭ» دەپ مەدھىيە ئوقۇدى. ئاندىن «پۈتۈن نېئمەتلەر زاۋال تاپىدۇ، بۇنى بىلشۋال» دېگەن ئىككىنچى مىسرانى ئوقۇغاندا بولسا، ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇنچە كۆپ كۈپپارلارنىڭ ئالدىدا قىلچە ئەيمەنمەي ئولتۇرماستىن «سەن يالغان ئېيتتىڭ، ئاللاھنىڭ جەننەتتىكى نېئمەتلەر ھەرگىز زاۋال تاپمايدۇ، ئۇ مەڭگۈلۈكتۇر، ئەبەدىيدۇر» دېگىنىچە ھەقنى ياڭرىتتى. بۇنى ئاڭلىغان لۇبەيد كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: «قارىمامسىلەر، پۈتۈن قۇرەيش ئەھلىنىڭ شېئىر سورۇنىدا، كۆزىڭلارغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ شۇنچە قاپ يۈرەكلىك بىلەن مەندەك بىر شائىرىڭلارغا ھاقارەت قىلىشۋاتامدۇ؟» دەپ ۋاقىراشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا سورۇندىكى يەنە بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ: «بۇ ئۇنچە نەزەرگە ئېلىپ كېتىشكە ئەرزىگۈدەك نەرسە ئەمەس، بۇمۇ مۇھەممەدكە ئەگىشىپ قالغان ھاماقەتلەرنىڭ بىرسى» دېگىنىچە ئاللاھنىڭ ھەقسۆيەر بەندىلىرىنى كەمسىتىشكە باشلىدى.

بۇنداق كەمسىتىشكە ۋىجدانى چىداپ تۇرالمىغان ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ گەرچە پۈتۈن سورۇندىكىلەرنىڭ ئۆزىگە غەزەپلىك تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بولسىمۇ، يەنىلا قەلبىدە ھەقنى ھەق، باتىلنى باتىل دەپ، قورقماي جاكارلىيالايدىغان ئاجايىپ بىر جاسارەتنىڭ تەپتىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. بۇ دەل ئاللاھتىن باشقا ھېچ نەرسىدىن قورقماسلىقتەك ئىماني قۇۋۋەتنىڭ جاسارىتى ئىدى. ئۇ پۈتۈنلەي پەرۋاسىز ھالدا دەس ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاللاھنى تونىغانلارغا "ھاماقەت" دەپ ھاقارەت قىلىشۋاتقان ھېلىقى كاپىرنى قاتتىق ئەيىبلىدى. ئۇنىڭ بۇنچە شىر يۈرەكلىكىگە ئوغۇسى قايناپ، چىداپ تۇرالمىغان كۈپپارلارمۇ ئورنىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى، ھېلىقى ئەجەللىك تەنقىدكە ئۇچرىغان كاپىرمۇ ئۇنىڭغا ئېتىلدى. بىر دەم ئىچىدە قاراس - قۇرۇس تەستەكلەرنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. لۇبەيدمۇ ئېتىلىپ كەلگەنچە مۇش ئورۇش بىلەن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر كۆزىنى قويۇۋەتتى. گەرچە زالىملارنىڭ

كۆكرەكلىرى خۇددى يىغى يوق چىراغدەك ناھەقچىلىكىە قارشى ھېسسىياتلاردىن پۈتۈنلەي خالىي بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرلا كىشى قان رىشتىسى تۈپەيلىدىن بۇ ناھەقچىلىكىنى ھېس قىلغاندەك بولدى ـ دە، ھەمەيلەننى توسۇۋالدى. بۇ دەل ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پاناھلىقىنى چورۇپ تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ۋەلىد ئىبنى مۇغىيرە ئىدى. ۋەلىد كۆيىنگەن ھالدا: «سەن مېنىڭ پاناھىمدىكى چاغدا مۇشۇنداق ئەزىيەتلەردىن خاتىرجەم ئەمەسمىدىڭ؟» دېدى. بۇ كاپىرانە كۆيۈنۈش ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىمانىي تۇيغۇلىرىغا ئۇرىلىۋاتقان زەھەرلىك نەشتەردەك بىلىندى. بىر كۆزىنىڭ قۇيۇلۇپ كېتىشى بىلەن گويا ئاللاھنى كۆرۈش قۇۋۋىتى تېخىمۇ ئېشىپ كەتكەندەك غەيرەتكە كەلگەن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋەلىدكە تىكىلگەن ھالدا: «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ساق قالغان ماۋۇ كۆزۈممۇ ئاللاھنىڭ يولىدا قۇيۇلۇپ كەتكەن ئىنىمنىڭ كۆزىگە ئوخشاش شۇ تاپتا يەنە بىر شېرىن زەربە يېيىشنى ئارزۇ قىلماقتا» دەپ توۋلىدى. ئەمما كۇپىر بىلەن شېرىكچىلىك بۇ سۆزدىنمۇ ئىماننىڭ ھەقىقىي خاراكتېرىنى چۈشىنەلمەي قالغان ئىدى. شۇڭا ۋەلىد يەنە سۆز باشلاپ: «ئەگەر خالىساڭ، ھېلىھەممۇ مېنىڭ پاناھلىقىمنىڭ دەرۋازىسى سەن ئۈچۈن ئوچۇق» دېيىشىدى، قاتتىق غەزەپلەنگەن ئوسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ قەتئىيلىك بىلەن «ماڭا بۇنىڭ قىلچە ھاجىتى يوق. ماڭا پەقەت ئاللاھنىڭلا پاناھلىقى كۇپايە. چۈنكى ئۇ ساڭا قارىغاندا تېخىمۇ يۈكسەك، تېخىمۇ ئۇلۇغ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك» دېگىنىچە پۈتۈن سورۇننى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، ھەقنىڭ ئۆچمەس شۇئارىنى ياقىراتتى.

ئاھ! بىز ئەينى چاغدا ئەنە شۇنداق مۇسۇلمان ئىدۇق، كاپىرلارنىڭ پاناھلىقىدا تۇرۇشنى ئىمانىمىزنىڭ ئۆلۈمى ھېسابلايتۇق. ئەمما مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ئاللاھنىڭ پاناھلىقىغا ئۆتۈش بىلەن قولغا كېلىدىغان ئەبەدىيلىك گۈزەل ھاياتنىڭ ئىلاھىي ۋەدىسى ۋۇجۇدىمىزنى ئازراقمۇ لەرزىگە سالالمايدىغان ئەھۋالغا كېلىپ قالدى. شۇڭا ھەق ئۈچۈن ئەزىيەت چېكىشتىن، ئۆلۈمدىن

ۋە شېھىتلىكتىن قورقۇپ، كاپىرلارنىڭ پاناھىدا پۈتۈن ئۆمرىمىزنى ئۆتكۈزۈۋېتىشنى خالىماسلىقىمىزدىكى بۇ ئىشقا ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئاچچىق بۇلمىغۇچە، ئەمما ئۇسمان ئىبنى مەزئۇن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە كۆپايە دەپ بىلگەن، ئەشۇ قۇدرەتلىك ئاللاھنىڭ پاناھلىقىنى بىرەر قېتىم ئويلاپ بېقىشقىمۇ رازى ئەمەسمىز.

ئاھ! قېنى ئۆزىمىزگە بىر قاراپ باقمايلىمۇ؟! ئەجىبا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئىمانىمىزغا قۇرۇت چۈشكەنلىكى ئەمەسمۇ؟ ئىچ ـ ئىچىمىزدىن سېسىپ تۈگىگەنلىكىمىز ئەمەسمۇ؟  قېنى ئويلىنايلىچۇ، شۇنداقتىمۇ يەنىلا بىز مۇسۇلمانمۇ؟!

كاملجان تەرجىمىسى

# ئىسلامىيەت تەسرىدە تۈرك ئەدەبىياتى

## (10 ـ 19 ـ ئەسرلەر)

تۈركلەر ئونىنچى ئەسردىن ئىتىبارەن توپلۇقلار ھالىتىدە ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلىشقا باشلىغان. ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسرىدە ئاستا ـ ئاستا يېڭى بىر ئەدەبىيات ئوتتۇرىغا چىقىشقا باشلىغان. ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىك ۋە پىرىنسىپلىرى بىلەن «دىۋان ئەدەبىياتى» نامى بىرىلگەن دەۋرنىڭ شەكىللىنىشى 13ـ ئەسرگە قەدەر سوزۇلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئەدەبىيات ئېقىمى 19ـ ئەسرگە قەدەر كۆرىنەرلىك دەرىجىدە تەسىرنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى.

يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى «ئېغىز ئەدەبىياتى دەۋرى» ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسرى بىلەن بەزى ئايرىم ئۆزگىرىشلەرگە ماسلاشتى ۋە «خەلق ئەدەبىياتى» نامى بىلەن راۋاجىنى داۋاملاشتۇردى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، «خەلق ئەدەبىياتى» دېگەن بۇ ئەدەبىيات، ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرىكى ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئىسلام ئويغىنىشى ئاستىدىكى يېڭى شەكلىدىن ئىبارەتتۇر. شۇنداقىيەن «دىۋان ئەدەبىياتى» تامامەن دىنىنىڭ تەسرى ئاستىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئەدەبىياتتۇر.

تۈركلەرنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىنى قوبۇل قىلىدىغان ئونىنچى ئەسرلەر بىلەن دىۋان ئەدەبىياتىنىڭ باشلانغۇچى دەپ قوبۇل قىلىدىغان 13ـ ئەسر ئوتتۇرىسىدا ئىسلامىيەتنىڭ تەسرى ئاستىدا ۋۇجۇدقا چىققان، بىر مەنىدە ئۆتىمۇش دەۋرى ئەسەرلىرىمىز ھېسابلىنىدىغان ئەسەرلەر ئورۇن ئالىدۇ.

### تۇنجى ئىسلامىي ئەسەرلىرىمىز

قۇتادغۇ بىلىگ: ئەسەرنىڭ نامى «سائادەتىيە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم» مەنىسى بىرىدۇ. ئاپتۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر. بۇ ئەسەر، قاراخانىلار دەۋرىدە (1070م) يېزىلغان، ھەقىقىي بىر دۆلەت

ئادىمنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە توختالغان ئەسەر. ئەسەرنىڭ تىلىدا ئەرەبچە ۋە پارسچىنىڭ تەسىرى يوق. بۇ ئەسەرنىڭ تېپىلغان ئۈچ نۇسخىسىنىڭ بىرى پەرغانىدە، ئىككىنچىسى ۋېنانىدا ۋە ئۈچىنچىسى مىسىردا ساقلانماقتا.

دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك (تۈركى تىللار دىۋانى): ئەسەرنىڭ ئىسمى تۈرك تىلىنىڭ ئومۇمىي سۆزلۈكلىرى مەنىسى بىردۇ. ئىسمىدىن چىقىپ تۇرغىنىدەك ئەسەر بىر قامۇستىن ئىبارەتتۇر. ئەرەبلەرگە تۈركچىنى ئۆگىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇ سەۋەپلىك تۈركچىنىڭ ئەرەبچىنىڭ ئالدىدا قوغدالغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن بىر پارچە ئەسەر سۈپىتىدە قارىلىدۇ. ئەسەردە تۈركچە سۆزلۈكلەرنىڭ مەنىلىرى ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلانغان ۋە ھەر بابتىن كېيىن بىر قاتار تۈركچە تېپىشمىلەر مىسال سۈپىتىدە بېرىلگەن. مەھمۇد قەشقەرىي تەرىپىدىن XI ـ ئەسىردە يېزىلغان بۇ ئەسەرنىڭ ئەھمىيىتىمۇ مانا بۇ ئىلاۋە قىلىنغان تېپىشمىلەر ئارقىلىق ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسىرگە يەنە تۈرك يۇرتلىرىنىڭ خەرىتىسىنى قويغان مەھمۇد قەشقەرىي تۈركچە سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتلىرىنى يازغاندا تۆت يۇزگە يېقىن تۆت مىسرادىن تەركىپ تاپقان شېئىرلار بىلەن ماقال ـ تەمسىللەرنى مىسال كەلتۈرىدۇ. «تۈركى تىللار دىۋانى» تۈرك تىلىنىڭ ئانا ئەسىرى، تۈرك ئەدەبىياتىنىڭ ۋە فولىلورىنىڭ بىر خەزىنىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

ئەدەبىياتىمىزدا ئارزۇ ۋەزنى تۇنجى ئىستىمال قىلىنغان ئەسەردۇر. ئەسەردە ئادالەت، ئەقىل، سائادەت ۋە دەۋلەتنىڭ ۋەكىللىك قىلغان تۆت قەھرىمانىنىڭ ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر بىلەن يازغۇچى دۆلەت ئىدارىسىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي قورۇلمىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكىنى شەرھلەيدۇ. خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەردە 7500 ئەتراپىدا تۈركچە سۆزلۈك ئەرەب تىلى بىلەن ئىزاھلانغان. بۇنىڭدىن سىرت، تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تىللىرى ۋە تۈرك يۇرتلىرىنىڭ توغرىسىدىمۇ ئۇچۇرلانى بەرگەن.

ئەتەبەتۇل ھەقايىق: 12 ـ ئەسىردە ئەدىب ئەھمەد تەرىپىدىن ئارزۇ ۋەزنىدە (شاھنامە ۋەزنى) ۋە

رۇبائىي شەكلىدە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ نامى «ھەققەتلەر باسقۇچى» مەنىسىنى بېرىدۇ. خاقانىيە تۈركچىسى بىلەن يېزىلغان بۇ ئەسەردە ئىلىمنىڭ پايدىسى، نادانلىقنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكى، مەرتلىك، بېخىللىق، ياخشى ۋە يامان ئەخلاقلارنى ئىزاھلاش ئارقىلىق خەلققە پايدىلىق بىر ئەسەر بولۇشى كۆزدە تۇتۇلغان. دىنىي ـ ئەخلاقىي خۇسۇسىيىتى ئەسەردۇر. ئەدىب ئەھمەد يۈكنەكى بۇ ئەسەرنى يېزىشتا «قۇتادغۇ بىلىگ»تىن تەسىرلەنگەنلىكى مەلۇم.

دىۋانى ھېكمەت: 12ـ ئەسىردە ئەھمەد يەسەۋىي تەرىپىدىن رۇبائىي (تۆتلۈك) ۋەزنىدە يېزىلغان دىنىي، سۇپىزمچى ۋە يېتەكلىگۈچى شەكىلدە يېزىلغان ئەسەردۇر. رۇبائىيلىرىنىڭ ھەر بىرىگە "ھېكمەت" نامى بېرىلگەن ۋە بۇ ھېكمەتلەر ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ئاناتولىيەدە نەشىر قىلىنىپ خەلققە ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. يەسەۋىيلىك تەرىقىتىنىڭ قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدىغان ئەھمەد يەسەۋىي كېيىنكى مەزگىللەردە ئاناتولىيەدە شەكىللەنگەن نۇرغۇن تەرىقەتلەرنىڭ مەنبەسى بولۇپ قالغان.

ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈرك قەبىلىلىرى ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا يۈزلىگەن يىللاردىن بىرى سۆيۈپ ئوقۇلغان «باقىرغان كىتابى» نىڭ ئاپتورى سۇلەيمان ئاتامۇ ئەھمەد يەسەۋىينىڭ ئىز باسارلىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇنىڭ ئەسىرىمۇ دىن، تەسەۋۋۇپ ۋە تەلىم خاراكتېرىدىكى شېئىرلاردىن تەركىب تاپقان.

دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى: ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ روم، ئابازا ۋە گۈرجىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان ئورۇشلىرىغا ئائىت داستانى ھېكايىلىرىدۇر. خەلق ئارىسىدا تەكرار ـ تەكرار ئېيتىلىپ كەلگەن«دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» 14ـ ئەسىردە تاكامۇللاشقان ۋە 15، 16ـ ئەسىرلەردە يازما شەكىلگە كەلتۈرۈلگەن. ھېكايىنىڭ يازغۇچىسى ئېنىق ئەمەس. "دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى" ئون ئىككى ھېكايە ۋە بىر مۇقەددىمىدىن شەكىللەنگەن. داستان ئەنئەنىلىرىدىن خەلق قوشاقلىرىغا كۆچۈش دەۋرىگە ئائىت ئەسەردۇر. ھېكايىلەردىكى ۋەقەلەر نەسىر، قەھرىمانلارنىڭ تويغۇ ۋە

پىمىرلىرىنى نەزم شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان. كۆچلۈك تىل ئىشلىتىگەن بۇ ئەسەردە ئادەتتىن تاشقىرى ۋەقەلەرگە ئورۇن بېرىلگەن.

تۈرك تىلىنىڭ جانلىق ۋە تەبىئىي بايان قىلىش ئەۋزەللىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن ھېكايىلەردە ئاۋاز تەكرارلىنىشلىرىمۇ روشەن شەكىلدە ئورۇن ئالغان.

«دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» نىڭ يالغۇز ۋە تولۇق نۇسخىسى گېرمانىيەنىڭ Dresden كىتابخانىسىدا ساقلانماقتا.

# پەلسەپە خاراكتېرىدىكى سوئاللارغا ئىسلام دىنىنىڭ جاۋابى

پروفسور، دوكتۇر جەئفەر ئىدرىس

پەيلاسۇپلارنى بىر يەرگە توپلىغان نەرسە ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش چارىلىرى ئەمەس، بەلكى ھەل قىلماقچى بولغان قىيىنچىلىقلار دېگەن قاراش توغرا بولسا كېرەك. شۇڭا بىرەر مەسىلىگە پەلسەپە خاراكتېرلىك جاۋاپ بېرىشنى تەلەپ قىلىش ئاقىلانىلىك بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، پەلسەپە خاراكتېرلىك جاۋاپلارنىڭ سانى ئومۇمىي پەيلاسۇپلارنىڭ، ھېچبولمىغاندىمۇ پەلسەپە مەدرىسلىرىنىڭ سانىغا توغرا كېلىپ قېلىشى مۇمكىن.

شۇنىڭغا ئاساسەن ھەقىقىي ئىسلام پەلسەپىسى (ئەگەر پەلسەپىنى ئىسلامغا باغلاش زۆرۈر دەپ قارالسا) يوقىرىقىدەك پەلسەپىۋى سۇئاللارغا ئىسلامنىڭ ئاساسىي دەستۇرلىرى بولغان قۇرئان ۋە سۈننەتتىن كۆڭۈلدىكىدەك جاۋاپلارنى تاپالايمىز. بۇنىڭغا ئاساسەن، ھەقىقىي ئىسلام پەيلاسۇپى پەلسەپە خاراكتېرىدىكى جاۋاپلىرىدا يوقىرىقى مەنبەلەرگە تايىنىشى لازىم؛ ئۇ شۇ خىل پەلسەپىۋى جاۋاپلارنى ئىزدەپ قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە چۆكىدەن، ئۇ ھەقتە تەپەككۇر قىلغان، گۈڭگا تەرەپلىرىنى يەشكەن، ئۇنىڭ ئاساسلىرىنى قوغدىغان، قارشى تۇرغۇچىلار بىلەن ئىلمىي يۇسۇندا مۇنازىرە ئېلىپ بارغان، ئەقىلگە مۇۋاپىق لايىھەدە ئىلگىرىلىگەن ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ كىشىلىرى كۆچىمەي چۈشىنەلەيدىغان تىلدا سۆزلىگەن، يازغان كىشىدۇر.

ھەقىقىي ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ مەنبەلىرى مۇسۇلمان پەيلاسۇپلار دەپ تونۇلغان ئىبنى سىنا، ئەلفارابىي ۋە ئەلكىندىغا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلارنىڭ يازمىلىرى ئەمەس، چۈنكى، ئۇلار گەرچە ئاندا- ساندا ئۆزلىرىنىڭ ئىسلام مەدەنىيەت مۇھىتىدىن ئالغان ئىلھاملىرى ئارقىسىدا يونان پەلسەپىسىگە زىت قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، يونان پەلسەپە دالاسىدا ياشاپ، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن ئىدىيەلىرىنىڭ ھەيدەكچىلىكىدە پىكىر يۈرگۈزەتتى.

ئىسلامچە ساغلام پىكىر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلار يەنىلا قۇرئان- سۈننەتكە چوڭقۇر چۆككەن فىقھشۇناس ئۆلىمالار ئىدى. بۇلار، پەيلاسوپلارنىڭ قۇرئان، سۈننەت ۋە سەلەف ئالىملار تەرىپىدىن ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى دەپ تونۇلغان پىرىنسىپلىرىغا قارشى سۆزلىرىنى ئاشكارىلاپ تۇرغانلىقى ئۈچۈن، پەيلاسوپلارنىڭ ئەڭ يىرىك رەقىبلىرىدىن سانىلاتتى.

چۈنكى، ئۇ دەۋرلەردە پەلسەپە يونانىنىڭ كۆپ ئىلاھلىق پىكرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن ئىدىيىنىلا ياقلايتتى. بىز ئۆلىمالارنىڭ كىتابلىرىدىن ئۇلارنى ئەيىپلىگەنلىكىنى ۋە كىشىلەرنىڭ ئۇلاردىن يىراق تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.

ئەمما، پەلسەپىنى ۋۇجۇد، ئەقىل، ئەخلاق، مەرىپەت ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىك ئاساسلىق سۇئاللارغا جاۋاب تېپىشقا ئۇرۇنىدىغان ئومۇمي ئوقۇمي بويىچە بولغاندا، بۇ مەسىلىلەرگە بەرگەن ئىسلام دىنىنىڭ جاۋابلىرىنى ئىسلام پەلسەپىسى دەپ ئاتىسا ھېچ گەپ بولماس دەپ قارايمەن. چۈنكى، مەنا يۇرتىلغان يەردە سۆز قوغلاپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق.

تۆۋەندە، يىللار مابەينىدە نۇرغۇن قېتىملىق ئىلمي يىغىلىشلاردا سۆزلىگەن لېكسىيەلىرىم ۋە كىتابلارنى خۇلاسىلەش ئاساسىدا تەييارلىغان ئاشۇ جاۋابلارنى قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتمەكچىمەن. بۇنى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ مېنى ئىسلامنىڭ پەلسەپىگە قارىتا مەيدانىنى بايان قىلىپ بېرىش توغرىسىدا قىلىشقان تەۋسىيەلىرىگە ئاساسەن قىلدىم. ئەلۋەتتە بۇ، بىر ئىنساننىڭ بىر سائەت مۇددىتىدىكى لېكسىيە بىلەن قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلىشى قىيىن مەسىلە. لېكىن، ئالىملىرىمىز ئىشلارنى قىلغىلى بولمايدۇ دەپ ھەممىنى قويۇپ قويماسلىققا چاقىرىشقان ئىكەن. شۇڭا يېتەرلىك بولمىسىمۇ سۆزلەپ ئۆتەي:

## بىلىش نەزەرىيىسى

پەلسەپىدىكى ئەڭ نوقتىلىق مەسىلە يەنىلا بىلىشكە مۇناسىۋەتلىك ئەشۇ سۇئاللاردىن ئىبارەت

بولسا، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان جاۋاپلار بىلىش نەزىرىيىسى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ساھەدە سورىلىدىغان ئەڭ ئەھمىيەتلىك سوئاللار:

ئىلىمنىڭ تەرىپى نىمە؟

ئىلىم ئېرىشىلى بولىدىغان نەرسمۇ؟

ئىنسان‌دا تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىمۇ ئىلىم بولامدۇ؟ ياكى بوۋاق ئاق قەغەزدەك تۇغۇلامدۇ؟

قانداق بىلىمىز؟

ئىلىم دېگەن نىمە؟

قۇرئان كەرىمدىكى بىر قىسىم ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا ئىسلام ئۇيغۇنلىششى نەزىرىيىسىنى، يەنى ئىلىم دېگەن سۆز ياكى تەسەۋۋۇر رېئاللىققا ئۇيغۇن كىلىدۇ دەپ قارايدىغان نەزىرىينى قوللايدىغاندەك كۆرىنىدۇ. بىر قىسىم ئەرەبلەر زىرەك ئادەملەرنىڭ ئىچى يۈرىكى بار دەپ ئېتىقاد قىلاتتى. ئۇلاردىن ئەگەر ئايالىدىن ئاچچىقلىنىپ قالسا، ئۇنىڭغا سەن ئانامغا ئوخشاش دەيتتى، ئۇنىڭدىن ئۇنى ئانىسىدەك كۆرەتتى. ئەر- خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ئۈزۈلۈپ قالاتتى. يەنە بىرلىرى باشقىلارنىڭ قىز- ئوغۇللىرىنى ئۆزىگە نىسبەت بىرىپ، ئۆزىنىڭ بالىسىدەك مۇئامىلە قىلاتتى، گويا ھازىرقى غەرب ئەللىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئاللاھ تائالا بۇ خىل بىلجىرلاشلارنىڭ پەقەت تىلدىكى سۆزدىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئۇنداق قىلىش ھەقىقەت روھىغا خىلاپ، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « الله ھېچ ئادەمنىڭ ئىچىدە ئىككى يۈرەك ياراتقىنى يوق، سىلەر زىھار[[1]] قىلغان ئاياللىرىڭلارنى الله سىلەرگە ئانا قىلغىنى يوق، سىلەر بالا قىلىۋالغانلارنىمۇ الله (ھەممە ھۆكۈمدە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان) بالىلىرىڭلارنىڭ ھۆكمىدە قىلمىدى، بۇ (يەنى ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولمىغانلارنى بالا

دېيىش)پەقەت ئاغزىڭلاردا ئېيتىلغان سۆزدۇر، الله ھەق (سۆز)نى ئېيتىدۇ، توغرا يولغا باشلايدۇ»[2]

ئىلىم ئېرىشىلى بولىدىغان نەرسىمۇ؟

بىز بۇ سۇئالنىڭ تاشقى قىياپىتىگە قارىساق، ئۇنىڭ بىر- بىرىگە زىت سۆز ئىپەنلىپنى بايقايمىز. چۈنكى، ئىنساننىڭ ئىلىمنىڭ ئېرىشىش مۇمكىن ياكى ئەمەسلىكىنى سورىغان چېغىدا ئۇنىڭ ھېچ بولمىغاندىمۇ ئىلىمنىڭ نېمە ئىپەنلىپنى بىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن. ئەمما، ئىلىمنىڭ نېمە ئىپەنلىپنى بىلسە، ئۇ بىر نەرسە بىلگەن بولىدۇ. لېكىن، بۇ سۇئالنىڭ ئەسلىسى بىزنىڭ ھەقىقىي ئىلىم دەپ ئېتىقاد قىلىۋاتقىنىمىزنىڭ رېئاللىققا ئويغۇن ياكى ئەمەسلىكى توغرىسىدا بولسا، ئۇ ھالدا بىز شۇنداق، رېئاللىققا ئويغۇن دەپ جاۋاپ بېرىمىز، يەنى ئۇ خىيال ياكى تەسەۋۋۇر ئەمەس. قانداقلا بولمىسۇن، قۇرئان كەرىم ئىلىمنىڭ ئېرىشىش ئىمكانىيىتى بار نەرسە ئىپەنلىكىگە ئىشارە قىلىدۇ. بۇ شۈكۈر ئېيتىشنى تەقەززا قىلىدىغان نېمەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « الله سىلەرنى ئانائڭلارنىڭ قارنىدىن ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان ھالىتىڭلار بىلەن چىقاردى، الله سىلەرگە شۈكۈر قىلسۇن دەپ، قۇلاق، كۆز ۋە يۈرەكلەرنى ئاتا قىلدى»[3]

بۇ سۇئالغا يوقىرىقى ئايەت كەسكىن ھالدا "ياق" دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا ئىلىمنىڭ ھەممىسى توغۇلغاندىن كېيىن، ئېرىشىلىدۇ. ئەمما، بۇنداق دېگەنلىك ئەقىل ئاق قەغەزدەك بولىدۇ، سەن خالىغان نەرسەڭنى يازىسەن دېگەنلىكمۇ؟ ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدىن «ھەرقانداق بىر بوۋاق فىترەتىپە( ئىسلامغا) توغۇلىدۇ. بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ھەرقانداق بوۋاق فىترەتىپە(ئىسلام) توغۇلىدۇ. ئۇنى ئاتا-ئانىسى يەھۇدى ياكى ناسارا ياكى مەجۇسى قىلىۋېتىدۇ.» دېگەن ھەدىسنى ئوقۇپ تۇرىمىز- مۇسلىم رىۋايىتى.

بۇ ھەدىس شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئىنسان بىر نەرسىنى بىلىپ توغۇلمىغىنى بىلەن ئەقلىسىزمۇ

توغۇلمايدۇ. ئۇ توغۇلغان چاغدا ئەقىلدە ئىلىمنىڭ ئورۇقى بولىدۇ، ئۇ ئىنساننىڭ يېتىلىشى بىلەن يېتىلىپ بارىدۇ. ئەمما بۇ ئورۇق سىرتقى ئامىللارنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

بۇنداق قەلەمچىسى ئىنساننىڭ تەبىئىتىگە جايلاشتۇرۇلغىنى قانداق ئىلىم؟ يوقىرىقى ھەدىس ئىنساننىڭ فىترىتىنى يەھودى، ناسارا ۋە مەجۇسىلاردىن پەرقلىق قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇنداقتا، ئۇ يەردىكى فىترەت ئىسلامدۇر. روشەنكى، يوقىرىقىلاردىن مەقسەت ئىنساننىڭ ئەقلى تەرەققىي قىلغانچە ئۆزىنى ئىسلامنىڭ ھەممە بىلىملىرىنى بىلىدىغان بولۇپ كېتىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئۇنىڭدىن مۇنداق ئىككى ئىش مەقسەت قىلىنىدۇ:

بىرىنچىسى: ئىنسان توغۇلغاندا ئەقلىدە تەۋھىدنىڭ ئاساسى بولىدۇ. يەنى يېگانە، ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھدىن باشقا ئىبادەت قىلىشقا لايىق ئىلاھ يوق دېگەننى تەستىقلاپ توغۇلىدۇ.

ئىككىنچىسى: ئىنسان مەيلى ئېتىقادى پاكى سولۇك جەھەتتىن بولسۇن، ئىسلام تەكىتلەۋاتقان ھۆكۈم ۋە ھەقىقەتلەردىن باشقىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان بىر خىل فىترەتتە توغۇلىدۇ.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل قىلغان دىننى فىترەت دەپ سۈپەتلىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «باتىل دىنلاردىن بۇرۇلۇپ ئىسلام دىنىغا يۈزلەنگىن، الله نىڭ دىنىغا (ئەگەشكىنىكى) الله ئىنسانلارنى شۇ دىن بىلەن ياراتقان، الله نىڭ ياراتقىنىدا ئۆزگىرىش بولمايدۇ، بۇ توغرا دىندۇر، لېكىن ئىنسانلارنىڭ تولىسى بىلمەيدۇ»[4]

ئىنساننىڭ ئېڭى پاكى فىترىتى ئىسلامنىڭ ھەقىقىتى ۋە ئۇنىڭ ئەھكاملىرىدىن باشقىغا مۇناسىپ كەلمەيدىغان شەكىلدە يارىتىلغان بولسا، ئۇ ھالدا ئۇ مۇسۇلمان، يەنى ئاللاھقا ئىبادەت قىلىدىغان كىشى بولماي تۇرۇپ روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمەيدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار الله نى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ»[5]

قانداق ئۆگىنىمىز؟

بۇ يەردە مۇشۇ سۇئالغا جاۋاپ بېرىش تىرىشچانلىقى جەريانىدا كۆپىنچە كىشىلەر ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان ئۈچ خىل مەسىلە بار. ئوقۇرمەن بۇنى پەرقلەندۈرۈشىلىشى لازىم. ئۇ سۇئاللار: ئىلىمنىڭ مەنبەسى، ئىلىم ئېلىش جەريانىدا تايىنىدىغان ۋاستىلەر ۋە ئىلىم ئېلىش ئۈچۈن تۇتۇپ ماڭىدىغان يول... قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەنبە - ئۇنى ئىسمىدىنلا ئىلىم بار ماكان. ۋاستە- ئىلىم ئېلىشىمىز ئۈچۈن ئاللاھ تائالا بىزگە ھازىرلاپ بەرگەن كۈچ ۋە جابدۇقلاردىن ئىبارەت. ئەمما، تۇتۇپ ماڭىدىغان يول- بىزنىڭ ئىلىم ئېلىش جەريانىدا يوقىرىقى ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىلىمنى مەنبەسىدىن ئېلىشنى بەلگىلەپ بېرىدىغان يول.

مۇسۇلمانلاردا ئىلىمنىڭ مەنبەسى كائىنات ۋە ۋەھيى، ۋاستىلىرى ئىدراك ۋە ئەقىل، ئەمما تۇتۇپ ماڭىدىغان يول ياكى ئۇسۇل مەنبە ۋە ئىلىمنىڭ تۈرىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىر قىسىم دىندارلار دېيىشىۋاتقانىدەك ئىلىمنىڭ مەنبەسى ئىدراك ۋە ۋەھيى ياكى ئىلمي ئۇسۇل پەقەت تەبئىي پەنلەرگىلا خاستۇر دېيىش خاتا.

بىلىش ۋاستىلىرى

بۇ ماقالىنىڭ بېشىدا زىكىر قىلغان ئايەت ئىنسانىنىڭ نادان تۇغۇلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ئاڭلاشنى، كۆرۈشنى ۋە ئەقىلنى ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ مەيلى دىنىي ياكى دۇنيالىق ئىلىم بولسۇن، پەقەت ئىدراك ۋە ئەقىل بىلەنلا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

ئايەتتە ئاڭلاش ۋە كۆرۈشتىن باشقا نەرسە زىكىر قىلىنمىغان تۇرسا، نېمىشقا ئىدراكنىمۇ قوشۇۋالىمىز؟ چۈنكى، ئىدراكنىڭ بايانى باشقا ئايەتلەردە زىكىر قىلىنىدۇ, ئەمما بۇ ئايەت بىلىشكە

نسبەتەن ئەڭ مۇھىم نوقتىلارغا مەركەزلەشىەن.

ئىنساندىى ھىس قىلغۇچ ئەزالارنىڭ ھەممىسى مىڭە، ئۇنىڭدىن كېيىن ئەقىل بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئەقىل بولىسا ھىس قىلغۇچى ئەزالار ئارقىلىق يىتىپ كەلگەن ماددىلارنى ئۆزگەرتىپ، ئىنسانغا نىسبەتەن مەناسى بار شەيئىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. ئەقىل بىلەن ئەڭ زىچ مۇناسىۋتى بار ھىس قىلغۇچى ئەزا قۇلاق، يەنى ئاڭلاش. چۈنىى، ئىنسان چاقماق، شامال، قۇشلار، ھايۋانلار، ھاشارەتلەردىن سادىر بولىدىغان تەبىئي ئاۋازلارنى ئاڭلىغىنىغا ئوخشاش، سۆز يەنى مەناغا دالالەت قىلىدىغان ئاۋازنىمۇ ئاڭلايدۇ. قۇرئان كەرىمدىى ئاڭلاش كۆپىنچە كېيىنىى مەنادا قوللىنىلىندۇ؛ ئەمما سۆز چۈشەنمەيدىغان، ئۇنىڭدىن پايدىلانغىلى بولمايدىغانلارنى قۇرئان كەرىم ئاۋازدىن باشقىنى ئاڭلىمايدىغان ھايۋانلارغا ئوخشىتىدۇ.

ئاڭلاشنىڭ ئەقىل بىلەن يەنە باشقا بىر خىل مۇناسىۋتىمۇ بار؛ ئۇ بولىسا، سۆزنىڭ ھەقلىرىمۇ، باتىللىرىمۇ بار, ئۇلارنى يالغۇز ھىس بىلەنلا بىلگىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭغا ئەقىل ھەمدەم بولۇپ، سۆزنىڭ بىر- بىرى بىلەن مۇناسىۋتى بارمۇ ياكى قارىمۇ قارشىمۇ بۇنىڭغا قارار بىرىشى كىرەك. ئەگەر، قارىمۇ قارشى بولىسا، ئۇنىڭ باتىل ئىيەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىدۇ. ئۆز ئارا مۇناسىۋتى بولىسا، ئۇنىڭ مەنىسگە قاراپ، ئۆزى ئىشارەت قىلغان رىئاللىققا ئويغۇنمۇ ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا قارار بىرىدۇ.  ھەقىقەت ياكى باتىل دەپ باھا بىرىش ئىنتايىن ئاسان ئىشلارنىڭ بىرى بولىشى مۇمىىن. مەسىلەن: قۇياش ئۆرلەۋاتىدۇ دىگەن چاغدا، ئىنسان ئاسمانغا قاراپ، قۇياشنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى كۆرىدۇ-دە، ئۇ گەپنىڭ راست ئىيەنلىكىگە ، ئۇنداق بولمىغان بولىسا، باتىل ياكى خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىدۇ. ئەمما بىر سۆزنىڭ توغرا ياكى خاتا ئىيەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش ناھايىتى ئۇزۇن ۋە مۇرەككەپ بىر جەرياننى تەلەپ قىلىشىمۇ مۇمىىن، گويا نىسبىيلىك نەزىرىيىسىنىڭ ساغلاملىقىنى تەكشۈرگەندەك.

بىلىشنىڭ مەنبەسى

ھەقىقەتلەر تۇرنىنىڭ قانداق بولىشىدىن قەتئىي نەزەر پەقەت ئىبىي خىللا مەنبەگە ئىگىدۇر. ئۇ بولىسمۇ كائىنات ۋە ۋەھيى ياكى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى ۋە ئۇنىڭ ۋەھيىسى دىسىگىزمۇ بولىدۇ. ئەگەر ئىنسان بىر ئىشنى داۋا قىلىپ، بۇ ئىبىىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرىدىن دەلىل- ئىسپات كۆرسەتمىسە ياكى كۆرستەلمىسە، ئۇنىڭ داۋاسى يالغان بولغان بولىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنىى، «ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ؟ سىلەر ﷲ نى قويۇپ چوقۇنۇۋاتقان بۇتلىرىڭلار (نېمە بىلەن چوقۇنۇشقا لايىق بولدى؟) ماڭا ئېيتىپ بېرىڭلاركى، ئۇلار زېمىندىن نېمىلەرنى ياراتتى؟ يا ئۇلار ئاسمانلارنى ﷲ بىلەن بىرلىىتە ياراتتىمۇ؟ يا ئۇلارغا بىز بىر كىتاب بەرگەن بولۇپ، ئۇلار شۇ كىتابتىىى روشەن دەلىللەرگە ئاساسلىنامدۇ؟» ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، زالىملار بىر- بىرىگە پەقەت يالغاننىلا ۋەدە قىلىشىدۇ»[6] ئۇلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەيرىگە قىلغان ئىبادەتلىرى ’’ئۇلار ئىلاھلاردۇر‘‘ دېگەن دەۋانى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئىلاھ بولۇش ئۈچۈن ياراتقۇچى بولۇش لازىم. ئۇنىڭ ياراتقۇچى ئىىەنلىىنى بىلىش ئۇنىڭ كائىناتتا ياراتقان مەخلۇقاتلىرىنى كۆرۈش بىلەن ياكى ئۆزىنىڭ ئىلاھ ئىىەنلىىى توغرىسىدا نازىل قىلغان ۋەھيىسى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل بىلجىرلاشلارغا كۆز ئالدىمىزدىىى كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بولغان ئاللاھ تەرىپىدىن ياكى ياراتقۇچى زاتنىڭ كالامىدىن بىرەر پاكىت بولمايدىىەن، بۇ سۆزنىڭ باتىل ئىىەنلىىمدە شەك يوقتۇر.

مەرىپەتنىڭ مەنبەسىگە نىسبەتەن ئىسلام دىنىنىڭ قارىشى كائىناتنىلا مەرىپەتنىڭ مەنبەسى دەپ قارايدىغان، بۇ ئالەمدىىى شەيئىلەرنىڭلا ھەقىقەتنىلا بىلىشىە بولىدىغان   بىر ئىلمىي ئۇسۇلدىن باشقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان، ماتېرىيالىستلارنىڭ قارىشىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. ئۇ يەنە باشقا دىنى تەسەۋۋۇرلار ۋە مېتافىزىىلىق قاراشلاردىنمۇ ئاسمان ـ زېمىن پەرقلىنىدۇ.

بۇ ئىبىىسى بىلەن بولغان پەرقىنىڭ نىگىزى، ئىسلامنىڭ مەرىپەتنىڭ مەنبەسىگە بولغان تەسەۋۋۇرى كۆز ئالدىمىزدىىى بۇ كائىناتتىن ئۆزىنىڭ دەۋاسىغا دەلىل ئىسپات كۆرستىشتىن باشقا،

يەنە بىر مەنبە- ۋەھىينىڭمۇ بار ئىيەنلىمدە گەۋدىلىنىدۇ. ماتېرىيالىستلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىنىار قىلغۇاتقان چاغدا ئۆزلىرى ئېتراپ قىلغان مەنبە ئۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇ-دە، بۇ ئىيىسى بىر-بىرى بىلەن قارىمۇ قارشى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ. باشقا دىنىي ۋە مېتافىزىكىلىق تەسەۋۋۇرلارنىڭ ساھىبلىرى ساغلاملىقىغا ھېچقانداق دەلىل- ئىسپات يوق مەنبەلەرگە ئىشىنىدۇ.

ۋەھىينىڭ ھەق ئىيەنلىكىگە دائىر دەلىللەر

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز مىللىتى بولغان ئەرەبلەرگە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىيەنلىكىنى دېگەن چاغدا، ئۇ ئەرەبلەر شۇنچە زىرەك بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ دەۋىتىگە قارشى تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان بارلىق ۋاستىلەر بىلەن قارشى تۇردى. ئۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ قارشى تۇرۇشى ئۇچۇن يېڭى ھۆججەت سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا تاشلىغۇدەك ھېچقانداق نەرسە قالدۇرمىدى. ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ شۇ خىل ئېتىرازلىرىنىڭ ھەممىسىگە مەۋجۇد بولغان بارلىق ئىلمىي، ئەقلىي ھۆججەت ۋە بۇرھانلار بىلەن جاۋاپ بەردى. مىسال ئۇچۇن: ئۇ ئەرەبلەرنىڭ بەزىلىرى «كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى بارلىقىغا ئىشەنمىگەنىكەن، ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىكىگىمۇ ئىشەنمەيدىغانلىقىنى دېيىشتى». جاۋاپ: قانداق بارلىققا كەلدىڭلار؟ پەقەت يوقلۇقتىنمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس ياكى سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆزۈڭلار ياراتتىڭلارمۇ؟ بۇمۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەمدى، تۇغمىغان، تۇغۇلمىغان، يارىتىلمىغان پەقەت بىر ياراتقۇچىدىن باشقا ھېچقانداق تالاش- تارتىشقا يول يوق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ياكى ئۇلار ياراتقۇچىسىز يارىتىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار ئۆزلىرى ياراتقۇچىمۇ؟ ياكى ئۇلار ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ياراتقانمۇ؟ بەلكى ئۇلار (الله نىڭ بىرلىكىگە) ئىشەنمەيدۇ»[7]

ئۇلارنىڭ يەنە بەزىلىرى ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىمۇ، قايتا تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيدىغانلىقلىرىنى ئىپادىلەشتى. ئۇنىڭ جاۋابى: ئەگەر سەن ئىنسانىنى يوق يەردىن بار

قىلغان ئاللاھقا ئىشەنمىگەن بولساڭ، قانداقسىگە ئۇنىڭ ئۆلگەندىن كېيىن قايتا

تىرىلدۈرىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيسەن؟ بۇ يوق يەردىن ياراتقانغا قارىغاندا تېخىمۇ ئاسان ئەمەسمۇ؟

سەن كۆز ئالدىڭدىكى بۇ كائىناتتا ئاللاھ تائالانىڭ زېمىننى ئۆسۈملۈكلەر بىلەن جانلاندۇرۇپ،

يەنە ئۇنى قۇرتىشۇەتىپ ئەنلىنى، ئاندىن ئۇنى يەنە قايتا جانلاندۇرغانلىقىنى كۆرمىدىڭمۇ؟ قۇرۇپ

كەتكەن زېمىننى ياشناتقان ئاللاھ قانداقسىگە ئىنساننى ئۆلگەندىن كېيىن قايتا تىرىلدۈرۈشكە

قادىر بولالمايدۇ؟ دېگەنلەردىن ئىبارەت بولدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«مۇشرىكلار: ‹‹بىز قۇرۇق سۆڭەك ۋە چىرىپ توپا بولۇپ كەتكەندىن كېيىن چوقۇم قايتا تىرىلىپ

يېڭىدىن ئادەم بولامدۇق؟›› دېيىشىدۇ* سىلەر تاش ياكى تۆمۈر ياكى ھاياتلىقنى تەسەۋۋۇر

قىلىش تېخىمۇ قېيىن بولغان بىر نەرسە بولۇپ كەتسەڭلارمۇ (الله سىلەرنى تىرىلدۈرىدۇ) ئۇلار:

‹‹بىزنى كىم تىرىلدۈرىدۇ؟›› دەيدۇ، ‹‹سىلەرنى دەسلەپتە ياراتقان الله تىرىلدۈرىدۇ›› دېگىن›› [8]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ رەھمىتىنىڭ نەتىجىلىرىگە قارىغىنىي، ئۇ زېمىننى

ئۆلگەندىن كېيىن قانداق تىرىلدۈرىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ھەقىقەتەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگۈچىدۇر،

الله ھەممە نەرسىگە قادىردۇر»[9]

سىز ئەگەر ئاللاھنىڭ بارلىقىغا ئىشەنسىڭىز، شەكسىزكى، ئۇنىڭ بارلىق كامالەت

سۈپەتلىرىگىمۇ مۇتلەق ئىشىنىسىز. ئۇنىڭ ھەكىم سۈپىتىگە ئىشىنىسىز-دە، ئۇنىڭ ھېكمەت بىلەن

ئىش قىلىدىغانلىقىغا شەرتسىز باش ئېگىسىز. مانا مۇشۇنداق ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات

كىشىلەرنى توغرا يولغا يېتەكلەيدىغان، يامانلىقتىن ئاگاھلاندۇرىدىغان، كىشىلەرنى ئۇ

پەيغەمبەرلەرگە ئىتائەت قىلىشقا بۇيرۇيدىغان پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتى. كىشىلەرنىڭ بىر قىسمى

ئۇلارغا ئىشىنىپ، ياخشىلىق تەرەپكە ماڭغان بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇلارنى ئىنكار قىلىپ،

ھالاكەت يولىغا قەدەم باستى. سىزچە، ئەشۇنداق ئىككى خىل ئىنسانلار گورۇھىنىڭ تەقدىرى

قىسمەتلىرى ئوخشاش بولسا بۇ يەردە ھېكمەت بولغان بولامدۇ؟ ياق، بىز ياشاۋاتقان بۇ دۇنيا،

بىزگە مەلۇم بولغاندەك جازالاش مەيدانى ئەمەس. قانچىلىغان ياخشى كىشىلەر ئىنتايىن ئېغىر تۇرمۇش كەچۈردى، مەزلۇملارچە قەتىل قىلىندى؟ قانچىلىغان يامان غەرەز، يامان پىئىللىق كىشلەر بەختلىك ياشاپ، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆردى؟ ئەگەر بۇ بىز ياشاۋاتقان دۇنيادىن كېيىن، ياخشىلار ياخشى ئەمەللىرىنىڭ ھۆزۈر- ھالاۋىتىنى، يامانلار ئۆز شۇملۇقلىرىنىڭ جازا- ئازاپلىرىنى تېتىمىسا، كىشلەرنى يارىتىپ، ئۇلارغا پەيغەمبەر ئەۋەتىشنىڭ ئۆزى بىر تۇترۇقسىز ئىش ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئىنسانلار! بىزنى سىلەر ئۆزەڭلارنى بىكار ياراتتى (يەنى سىلەر بىزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقىنىمىزدەك بىز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدىغان، جازامۇ بەرمەيدىغان قىلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بىزنىڭ دەرگاھىمىزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسىلەر؟* ھەق - پادىشاھ الله ئۈستۈندۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، الله ئۇلۇغ ئەرشنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر»[10]

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «يامان ئىشلارنى قىلغانلار (يەنى گۇناھىكار كۇففارلار) ئۆزلىرىنى ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلاردەك قىلىشىمىزنى، ھاياتلىقتا، ماماتلىقتا ئۇلار بىلەن ئوخشاش قىلىشىمىزنى ئويلامدۇ؟ (يەنى ئۇلارنى ئوخشاش قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس) ئۇلارنىڭ چىقارغان ھۆكمى نېمىدېگەن يامان!*الله ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ھەقلىق بىلەن ياراتتى، ھەر ئىنساننىڭ قىلمىشىغا يارىشا جازا ياكى مۇكاپات بېرىلىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ»[11]

بىر قىسىم يەھۇدىلار ئاللاھقا ئىشىنىدىغانلىقلىرىنى، ئەمما، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتىگە ئاللاھ پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ، دەپ قارىغانلىقلىرى ئۈچۈن ئىمان كەلتۈرمەيدىغانلىقىنى دېيىشتى. ئۇلارغا بېرىلگەن جاۋاپ مۇنداق بولدى: ئاللاھ تائالانى پەيغەمبەر ئەۋەتمەيدۇ دەپ قارىغانلار، ئۇنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىغان بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ تائالانى ئۆزىگە مۇناسىپ رەۋىشتە تونىغانلارنىڭ كىشلەرنى يارىتىپ، ئۇلارغا ھاياتى دۇنيادا لازىم بولىدىغان بارلىق شەيئىلەرنى ھازىرلاپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئىنتايىن

ئېھتىياجلىق بولغان ھىدايەتنى بەرمەي، ھالاكەت يولىدا تاشلاپ قويمايدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ. ئەگەر، ئاللاھ تائالانىڭ ئۆز رىسالىسىنى ئىنسان ئارقىلىق ئەۋەتىشكە ئىشەنمىسەڭلار، قانداق بولۇپ، مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان ئېيتتىڭلار؟ مۇسا ئېلىپ كەلگەن كىتابنى كىم ئەۋەتتى؟ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار اللہ نى ھەقىقىي رەۋىشتە تونۇمىدى، ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «اللہ ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھىينى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە - پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا -بوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) اللہ (نازىل قىلدى)». ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن»[12]

يەنە بەزىلەر ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەۋەتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى، بىراق، نېمىشقا ئاللاھ ئىنسانلارغا پەرىشتىلەرنى ئەمەس، ئۆزلىرىگە ئوخشاش ئىنسانلارنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكى توغرىسىدا تالاش- تارتىش قىلىشىدۇ. ئۇلارغا مۇنداق جاۋاپ بېرىلىدى: پەرىشتىلەر پەرىشتىلەرگە ئەۋەتىلىدۇ. ئىنسانلارغا مۇناسىپ كېلىدىغىنى يەنىلا شۇلارنىڭ تىلىدا سۆزلەيدىغان، ئۇلارغا نەمۇنە بولىدىغان ئىنسانلاردۇر. ئەگەر، ئۇلارغا پەرىشتىلەردىن ئەلچىلەر ئەۋەتىلگەن بولسا، ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلسا، باشقىلارنىمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئىجرا قىلىشقا بۇيرىسا، ئۇلار ، ئۇ دېگەن پەرىشتە، بىز قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلالايدۇ، دەپ داۋراڭ سېلىشقان بولاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «مۇبادا زېمىندا (يەنى زېمىن ئەھلىدەك) مېڭىپ يۈرۈيدىغان، ئولتۇراقلاشقان پەرىشتىلەر بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە ئۇلارغا ئاسماندىن پەرىشتىنى

پەيغەمبەر قىلىپ   چۈشۈرەتتۇق»[13]

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارغا پەيغەمبەرلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئۆزىنىڭ تەرجىمەھالى ئارقىلىق دەلىللەرنى كۆرسەتتى. ئۇلار ئىشەنچلىك، سەممىي كىشى دەپ تونۇشقان ئىدى. 40 يېشىغا قەدەر كىشىلەرگە يالغان ئېيتىشتىن ھەزەر ئەيلەپ كەلگەن ئۇ زات ئاللاھ نامىدىن يالغان ئېيتامدۇ؟  ئۇنىڭ ئوقۇش، يېزىشنى بىلمەيدىغانلىقى ھەممىگە ئايان ئىدىغۇ؟!   ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئىلگىرى سەن كىتاب ئوقۇشنى بىلمەيتتىڭ، خەت يېزىشنىمۇ بىلمەيتتىڭ، (مۇبادا سەن كىتاب ئوقۇغان، خەت يازىدىغان بولساڭ) ئۇ چاغدا ھەققە قارشى تۇرغۇچىلار چوقۇم گۇمانلىناتتى»[14]

ئۇ ئۆزى چاقىرغان نەرسىنى تۆنجى تەتبىقلايدىغان، سۆزىنى ھەركىتى دائىم تەستىقلايدىغان زات ئىدى.

ئۆزى چاقىرغان دەۋەت ئۈچۈن كىشىلەردىن ھېچ نەرسە تەلەپ قىلمايدىغانلىقىنى ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە يەتكۈزدى. ئۇنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىدا نامرات، لېيىن، كەرەملىك، مېھرىبان ۋە كەمتەر ھالدا ياشىدى. ھاياتىدا ھەممىدىن كۆپ قۇربانلىق بەرگىنىمۇ يەنىلا شۇ زات بولدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن»[15]

يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئېيتقىنكى، «قۇرئاننى تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھېچ قانداق ھەق تەلەپ قىلمايمەن، قۇرئان پەقەت پۈتۈن جاھان ئەھلى ئۈچۈن ۋەز - نەسىھەتتۇر»[16]

ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىنىڭ راستلىقىغا ئۆزى ئېلىپ كەلگەن كىتابتىن دەلىللەرنى كۆرسەتتى.

ئۇنىڭدا ئىنسانلارنىڭ سۆزىدە مەۋجۇد بولىشى مۇمكىن بولمىغان دەرىجىدە مەزمۇن مۇناسىۋىتى بار ئىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار قۇرئان ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزمەمدۇ؟ ئەگەر قۇرئان (مۇشرىكلار بىلەن مۇناپىقلار گۇمان قىلغاندەك) اللہ دىن غەيرىنىڭ تەرىپىدىن بولغان بولسا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭدىن نۇرغۇن زىددىيەتلەرنى تاپقان بولاتتى»[17]

قۇرئان كەرىم ئۆزىنىڭ يېگانە ئۇسلۇبى بىلەن، باشقىلارنىڭ ئۇنى تەقلىد قىلىشى ياكى ئەرەبلەردەك بالاغەت ۋە پاساھەت ئىگىلىرىنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر كىتابنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە چاقىردى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئۇلار قۇرئاننى (مۇھەممەد) ئۆزى ئىجاد قىلغان دېيىشەمدۇ؟ ئېيتقىنكى، «(بۇ سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، اللہ دىن غەيرىي چاقىرالايدىغانلىكى كىشىلىرىڭلارنى (ياردەمگە) چاقىرىپ، (پاساھەت ۋە بالاغەت جەھەتتىن) قۇرئاندىكىگە ئوخشايدىغان ئون سۈرىنى ئىجاد قىلىپ بېقىڭلار» * ئەگەر ئۇلار (بۇ چاقىرىقىڭلارغا) ئاۋاز قوشمىسا،بىلىڭلاركى، قۇرئان اللہ نىڭ ۋەھيى قىلىشى بىلەن نازىل قىلىنغان. اللہ دىن باشقا ھېچ ئىلاھ يوقتۇر، سىلەر (اللہ غا) بويسۇنامسىلەر؟»[18]

كىشىلەرگە پەرۋەردىگارىنى تونۇشقا چاقىرغان ھىدايەت بابىدا، ئاشۇ ھەقىقىي پەرۋەردىگارغا ئىبادەت قىلىشنىڭ يوللىرىنى ، ئۆز ئارا مۇئامىلە قىلىشقاندا بولۇشقا تېگىشلىك گۈزەل ئەخلاقلارنى بايان قىلغاندا،ئۇ (قۇرئان) شۇنداق سۆزلەرنى ئېلىپ كەلدىكى، ئۇنى ھەرگىزمۇ پەيلاسوپلارنىڭ، باشقا دىندىكى كىشىلەرنىڭ كىتابلىرىدىن تېپىش مۇمكىن ئەمەس.

ئۇ (قۇرئان) ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە ئەخلاقتا قارىتا تەسەۋۋۇر، شەخس، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىجتىمائىي، سىياسىي تۈزۈم، غەيرى مۇسۇلمانلار بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەت ئەخلاقى قاتارلىق ھاياتنىڭ ئەڭ مۇكەممەل كارتىنىسى بولغان بىر لايىھە بولۇش سۈپىتى بىلەن

ئەقلى، جسمى ۋە روھى ئېھتياجلارنى ئورتاق قاندۇرىدىغان ئىلاھىي كىتابتۇر. شۇڭا، ئىمان - كائىناتتىكى شەيئىلەردىن باشقا- مەرىپەتنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭغا ئىلمىي دەلىللەر ئىشارە قىلىدۇ، دىيەلەيمىز. ھەرقانداق بىر دەۋا قىلىغۇچى ئۇچۇن غەيبنى مەنبە قىلىش ئۇنىڭ ھەققىي شۇنداق ئىكەنلىكىگە ئەقلىگە مۇۋاپىق، قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان پاكىت بولمىغۇچە قوبۇل قىلىنمايدۇ. غەربنىڭ كۆپىنچە يازغۇچىلىرى بۇ نوقتىنى ئۇنتۇپ قالىدۇ-دە، بارلىق غەيبىيە مۇناسىۋەتلىك تېمىلارنى بىر ياقىقا تاشلاپ، باتىل دىنلار، كاھىنلار، سېھىرگەرلەر بىلەن ھەققىي ئىلاھى كۆرسەتمىنىڭ نىگىزىنى پەرقلەندۈرەلمەي قالىدۇ. كۆز ئالدىدىكى كائىناتتا ئىسپاتلانغان دەلىللەرنىلا ئېتىراپ قىلىدۇ. ئىسلام دىنى بۇ خىل مەسىلىنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرىدىغان بىلىشنىڭ مەنبەلىرىنى رەت قىلىدۇ ۋە ئۇنى باتىل دەپ سانايدۇ. ئۇنىڭ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ تايانچى قىلىۋېلىشنى ئاللاھنىڭ جازاسىغا لايىق گۇناھ دەپ ھېساپلايدۇ.

ئەسىرتىش: بۇ ماقالە قىسمەن قىسقارتىلىپ تەرجىمە قىلىندى.

ت - ئا. قارلۇقىي

---

[1] كىشى ئايالىغا، سېنىڭ ئۇچاڭ مەن ئۇچۇن ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش بولۇپ كەتسۇن، دېسە زىھار بولىدۇ.

[2] ئەھزاب سۈرىسى 4- ئايەت.

[3] نەھل سۈرىسى 78- ئايەت.

[4] رۇم سۈرىسى 30- ئايەت.

[5] رەئد سۈرىسى 28- ئايەت.

[6] فاتىر سۈرىسى 40- ئايەت.

[7] تۇر سۈرىسى 35-، 36- ئايەتلەر.

[8] ئىسرا سۈرىسى 49،50،51- ئايەتلەر.

[9] رۇم سۈرىسى 50- ئايەت.

[10] مۇئمىنۇن سۈرىسى 15، 16- ئايەتلەر.

[11] جاسىيە سۈرىسى 21، 22- ئايەتلەر.

[12] ئەنئام سۈرىسى 91- ئايەت.

[13] ئىسرا سۈرىسى 95- ئايەت.

[14] ئەنىەبۇت سۈرىسى 48- ئايەت.

[15] هۇد سۈرىسى 88- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[16] ئەنئام سۈرىسى 90- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[17] نىسا سۈرىسى 82- ئايەت.

[18] هۇد سۈرىسى 13، 14- ئايەتلەر.

# ئەدەبىياتتا ئىسلام روھي (ئىسلامىزم)

ئىنقلىما:

٧ ئەدەبىياتتا ئىسلام روھي- ئەدىبنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدە ئوتتۇرىغا قويغان ئەخلاقىي قاراشلىرى بويىچە ئەدەبىياتنى ئەقىدىگە، شەرىئەتىگە، شۇنىڭدەك ئىسلامنىڭ قىممەت قاراش، تەلىمات ۋە غايىلىرىنى يورۇتۇشقا خىزمەت قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت نۇقتىدا سەممىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشى، تۇرمۇش ۋە دەۋرگە ئائىت مەسىلىلەر ئۈستىدە قەلەم تەۋرەتىپ بولمايدىغان چىڭ ئېتىقادىنى كۆرسىتىدۇ. ئىنچىل ھالدا مەركىزىدە ياشاپ كەلگەن ئىسلامنىڭ ئىجابىيلىقىنى ئىپادىلىشى، دېمەكتۇر. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى ئىسلامنىڭ ئەخلاق، تەسەۋۋۇر ۋە كائىنات، تۇرمۇش، ئىنسان ھەققىدىكى ئەتراپلىق قاراشلىرىغا ئويغۇن شەكىلدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئىنسانلارنىڭ دىنلار بىلەن ۋە مەيلى كوللىكتىپ ياكى يەكىكە شەكىلدە بولسۇن بارلىق مەخلۇقاتلار بىلەن ئالاقىسىغا دائىر ھەقىقەتلەرنى ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالمايدىغان، ئەڭ ئاددىي ۋە نازۇك نۇقتىلاردا بولسۇن ئۇنىڭ روھىغا قارشى يۇنۇلۇش شەكىللەندۈرمىگەن دائىرىدە ئىپادىلەيدۇ.

□ (ئەدەبىياتتا) ئىسلامىزمنىڭ ئۆلچەملىرى:

- يۇقىرىقى ئىنقىلما ئىسلامىي خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ھازىرلىنىشقا تېگىشلىك بىر- بىرىنى تولۇقلايدىغان بىر قاتار ئۆلچەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بۇ ئۆلچەملەرنىڭ بىر قىسمى ئەسەرنىڭ ماھىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەزمۇندا ئىپادىلەنسە، يەنە بەزىلىرى ئەسەرنىڭ گەۋدىسى ياكى شەكلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، بۇ ئىيى خىل ئامىل ئىسلام روھىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي مۇددىئاسىغا ماسلاشقان ھالدا ئىلگىرلەيدۇ. ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش، چىنلىق، ئىنىق ئىپادىلەش، ئىجابىيلىق، ئۆتىۋرلۇك ۋە ئىنچىكىلىك بۇ ئۆلچەملەرنىڭ ئەڭ مۇھىملىرى:

1- ئەقىدىدە چىڭ تۇرۇش:

بۇ - ئەدىبىنىڭ ئەقىدە، شەرىئەت، ئىسلامنىڭ قىممەت- قاراش، ئەخلاق، شۇنىڭدەك، ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەسىلىلىرى، كۆزلىگەن نوقتىلىرى ۋە ئومۇمىي غايىلىرىگە خىزمەت قىلىشنى كۆزلىگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىچىمدا ئەقىدىگە مۇناسىۋەتلىك قاراشنى ئىسلام ھەقىقەتلىرىنىڭ تەبىئىي ھېس-تۇيغۇلىرىغا خىلاپ بولمىغان شەرت ئاساسىدا ئومۇملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشى، دېگەنلىكتۇر.

2- چىنلىق:

ئەدىب ئوقۇرمەنگە ئۆزىنىڭ بارلىق ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ ئىسلامىي تەسەۋۋۇر، گۈزەل ئەخلاق چاقىرىقى، ياخشىلىقنى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئىسلامىي ۋىجدانىغا نامۇۋاپىق بارلىق ناچار خاھىشلاردىن يىراق ھالدا مەيدانغا كەلگەنلىكى ھەققىدە چىن تۇيغۇلارنى تەقدىم قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشى، دېمەكتۇر. ئەدىبىنىڭ يالغۇز قىسىم ئەسەرلىرىنىڭلا ئىسلامىي چىنلىققا ئويغۇن بولۇشى، ئۇنى ئىسلامىي ئەدىبلەر قاتارىغا قويۇش ئۈچۈن كۇپايە قىلمايدۇ.

3- ئىنىق ئىپادىلەش:

ئىسلامىيەتتە ئەدەبىي ئەسەر ماھىيەت ۋە قورۇلما ياكى مەزمۇن ۋە شەكىلدىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەسەرنىڭ مەزمۇن ۋە قورۇلمىسى ئىسلامىي ئىيەنلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ئوقۇرمەن دەرھال چۈشىنەلىگۈدەك دەرىجىدە ئىنىقلىققا ئىگە بولۇشى لازىم. بۇنداق بولغاندا ئەدىبىنىڭ ئىسلامىي ئىچىمغا مەنسۇپ ئىيەنلىكىنى ئەسەرلىرىگە قاراپلا بىلىش مۇمكىنچىلىكى

مەيدانغا كېلىدۇ.

4- ئىجابىيلىق:

ئىجابىيلىق دېگەندە، ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ ئەدىبنىڭ ئىسلامىي ئەقىدە ۋە تەسەۋۋۇرنى ياقلىشى، ئۇنىڭغا قارشى يول تۇتماسلىقنىڭلا يېتەرلىك بولمايدىغانلىقى، ئۇ يۇقىرىقىلاردىن سىرت، يۆنۈلۈشىدە ئىجابىي يول تۇتىشى، ئىسلام بىلەن بىر سەپتە تۇرىشى، ئۇنى ھىمايە قىلىشى، دۈشمەنلىرىگە پىيىرى، سۆز- ھەرىكەتلىرى ۋە ئەخلاقىي ساھەلەر بويىچە قارشى تۇرىشى قاتارلىقلارنىڭ زۆرۈرلىكى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئەدەبىياتتا ئىسلامىزم، ئەدىبنىڭ ئەسەرلىرىدە ھەرقانداق شارائىت ئاستىدا بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئەقىدىسىنى قوغداش مەسىلىسىدە ئىيىلىنىشىە ئىمىان قالدۇرمىغۇدەك دەرىجىدە مەيدان ھازىرلىشىنى شەرت قىلىدۇ.

5- ئۆتىۈرلۈك:

ئەدىبنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنى تىما ۋە مەزمۇنغا خىزمەت قىلىدىغان ئۇسلۇبتا ئوتتۇرىغا قويۇشى، ئوقۇرمەننى قىزىقتۇرىشى ۋە ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا قانائەتلەندۈرىشى، دېمەكتۇر.

6- ئىزچىللىك:

بۇنىڭدا، ئىسلامىزم ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدىبنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەۋەلىيىنى ئىزچىل ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مېڭىشىنىڭ زۆرۈرلىيى، ئىسلامىي ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغىنىدا، ئىلگىرى يازغان ئىسلامىي روھقا ئىگە ئەسەرلىرىگە مەيلى ئاشىارا ياكى يوشۇرۇن شەكىلدە بولسۇن ئويغۇن كەلمەيدىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويماسلىقنىڭ مۇھىملىقى كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئىلگىرى باشقا ئېقىملار بويىچە ئەسەر يېزىپ، كېيىن ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ بولغانلارغا نىسبەتەن ئىزچىللىق ئۆزگىچە مەناغا ئىگە بولۇپ، بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئىسلامىي ئېقىمغا مەنسۇپ بولۇشتىن ئىلگىرى غەيرى ئىسلامىي ئېقىملارغا قايتماسلىقنى كۆزدە

تۇتۇلدۇ. بۇ ئەھۋالنى مۇخەزرەم (ئەسلىدە غەيرى ئىسلامىي ئەدەبىي ئېقىمنىڭ مەنسۇپلىرى بولۇپ، كېيىن ئىسلامىي ئېقىمغا قوشۇلغانلار كۆزدە تۇتىلىدۇ. ئەكسىچە يول تۇتقانلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار.- تەرجىمان) شائىرلاردىن كەئب ئىبنى زۇھەير، ھەسسان ئىبنى سابىت .. قاتارلىقلاردا روشەن ھېس قىلىمىز.

## قورۇلۇشى ۋە ئاساسلىق كىشىلىرى:

### كەئب ئىبنى زۇھەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

كەئب ئىبنى زۇھەيردىن باشلاش ئارقىلىق ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىزمنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىش مۇمكىن. ئىسلامىزم ئىسلام ئالەمدىكى مۇئەييەن شەخس ياكى مۇئەييەن ۋاقىتقا خاسلاشتۇرىۋېلىش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى كەڭ دائىرىدۇر. ئىسلام ئەدەبىيات مەدرىسىسىنى شەكىللەندۈرۈش يولىدا كۈچ چىقارغان بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى ئەمەلىيەتتە شەخسى قاراشلاردىن ھالقىغان تېخىمۇ چوڭقۇر مەزمۇنلارنى ئىپادىلەشنى مەقسەت قىلاتتى. بۇ ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىي ئېقىم ياكى بىر سۆز بىلەن ئىپادىلىگەندە "ئىسلامىزم" ئىدى. بۇ خىل يۆزلىنىشنىڭ كەئب ئىبنى زۇھەيرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى مەدھىيەلەپ "لامىييە" قەسىدىسىنى ئوقۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا ئۆز تونىنى كەيدۈرۈپ قويغان لەھزىلەردىن باشلانغانلىقىنى ھېس قىلىش مۇمكىن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ئەقىدىسىنى چىقىش قىلغانلىقى ۋە چىن ئىپادىلىگەنلىكىدىن مەمنۇن بولغان. "مهند من سيوف الهند المسلول" دېگەن مىسرانى "مهند من سيوف الله مسلول" دەپ تۈزىتىپ قويغان. بۇ شېئىر دەۋەت ساھەسىدە مۇبالىغىدىن يىراق ئىسىل نىشان ۋە يۈكسەك غايىگە ئىگە. بۇ خىل يۈزلىنىشنى زەمەخشەرىي

"كەششاف"تا ناھايىتى يارقىن ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلىگەن.

 ھەسسان ئىبن سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرى ھەسسان ئىبن سابىت جاھىلىيەت ۋە ئىسلامنى باشتىن كەچۈرگەن مۇخەزرەم شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇ دەسلەپ ئىمان ئېيتقان خەزرەجلىكلەر بىلەن بىرلىكتە ئىسلامنى قوبۇل قىلغان. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ قەلبىنى ئىسلام نۇرى بىلەن يورۇتقاندىن باشلاپ، مۇسۇلمانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھادىسىلەرنى خاتىرىلەيدىغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرىنى مەدھىيىلەيدىغان، مۇشرىكلارنىڭ شائىرلىرىغا كۈچلۈك رەددىيە قايتۇرىدىغان ئەقىدە شائىرىغا ئايلاندى. ئۇ، ئىسلامنىڭ ئۇلۇغلىقىنى بايان قىلىش، ئۇنىڭ ئەدەب- ئەخلاقلىرى بىلەن ئەخلاقلىنىش، ھۆكۈملىرىگە ئەمەل قىلىشقا چاقىرىدىغان نەسر ۋە نەزملەرنى ئېيتتى. شېئىرلىرىدا قورەيشلەرنىڭ نادانلىقىنى پاش قىلدى. قۇرئان كەرىمنىڭ ئىسلام قانۇنچىلىقىنىڭ بىرىنچى مەنبەسى ۋە ھەق شەرىئەتنىڭ، ھىدايەت ئەلچىسىنىڭ ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئىشارە قىلدى. ئىسلامنىڭ ھەقىقەتلىرىنى بايان قىلىشتا ئەدەبىياتنىڭ ئوينايدىغان رولىنى روشەن گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى شېئىرلىرى قۇرەيزە ۋە ئەھزاب ئورۇشلىرىدا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئوقۇغان مەدھىيەلىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى. ئۇ شېئىرلىرى ئارقىلىق ئىسلامنىڭ قىممىتىنىڭ تەۋھىدتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

 ئابدۇللاھ ئىبن رەۋاھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئابدۇللاھ ئىبن رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى قوغدىغان ئۈچ شائىرىنىڭ بىرى ئىدى. گەرچە ئۇ ھىجرىيەنىڭ سەككىزىنچى يىلى شېھىت بولغان بولسىمۇ ئۇنىڭ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن شېئىرلىرى چەكلىك ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئىسلامنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىن ئوخچۇپ چىققان جاسارەت، پەيغەمبەر سۆيگۈسى، دىندا مۇستەھكەم تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇداپىئە

قىلىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ئىسلامنىڭ ئەڭ مۇھىم قاراشلىرىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ھەقىقەتەنمۇ ئىسلام جىھادى شېئىرلىرىنىڭ بايراقدارى ئىدى. ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېيتقانلىرىمىزنىڭ جانلىق شاھىدى. دوكتۇر مۇھەممەد ئىبنى سەئد ئەششۇۋەيئىر مۇنداق دەيدۇ: "ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرسەتمىلىرىدىن ئىسلام شېئىرىيەتچىلىكىنىڭ ياقىلاپ مېڭىشى زۆرۈر بولغان ئەڭ گۈزەل يۆنىلىشنى، ئىپادىنىڭ چىنلىقى، مۇددىئا- مەقسەتنىڭ ساغلاملىقى، تەنقىدىي بايانلاردا قوپاللىق قىلماسلىق ۋە ئىبارىلەرنى ئىستىمال قىلىشتىكى مۆتىدىللىق خۇسۇسلىرى بويىچە ئەڭ بەدىئىي دائىرىنى سىزىپ ئالغان."

□ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ئەققاد، تاھە ھۇسەيىن رەھبەرلىكىدىكى غەربلەشتۈرۈش ئېقىمىغا قارشى تۇرۇش يولىدا ئىسلامىزم ئەدەبىياتىدا ئەڭ چىڭ تۇرغان يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەققادنىڭ بۇ خۇسۇستا ئېيتقانلىرىنىڭ ۋەزنى بار. ئۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دانىشمەنلىكى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ئەدىب، تارىخچى ۋە فىقھشۇناس ئىدى. (344-بەت) ئۇ شېئىرغا، مەسىلىلەرگە ۋە ئەدەبىي پارچىلارغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇ شېئىر ئېيتاتتى ۋە ئۇنى مىسال كەلتۈرەتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ يالغۇز خەلىپىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ھاياتى بويىچە بىر ئەدىب ئىدى. ئۇ، دىنىي ئىشلارغا مەسئۇل كىشىلەر ياكى ئىشەنچلىك قازىلار تەرىپىدىن ئېتىراز بىلدۈرۈلگەن شېئىرلاردىن باشقا شېئىرلارغا قارشى تۇرمايتتى. ئۇ، مەسخىرە خاراكتېرىنى ئالغان شېئىرلارنى چەكلىگەن. ئىسلام تەرىپىدىن رىغبەتلەندۈرۈلگەن يۈكسەك مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرلار ئۇنى ئۆزىگە قاتتىق جەلىپ قىلغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شېئىرنىڭ تەلىم- تەربىيە غايىسى بار، دەپ قارايتتى. ئۇ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا يازغان بىر پارچە

خېتىدە "سەندىن ئىلگىرى كەلگەنلەر شېئىر ئۆگۈنۈش بىلەن بولغان. چۈنكى شېئىر گۈزەل ئەخلاق، توغرا قاراش ۋە نەسەبلەرنى تونۇشقا ئېلىپ بارىدۇ..." دېگەن بولسا، ئوغلىغا "ئەي ئوغلۇم.. گۈزەل شېئىرلارنى يادلىغىن، ئەخلاقىڭنى ياخشىلايدۇ.. ياخشى شېئىرلارنى يادلىمىغان كىشىلەر ھەقىقىي يۈسۈندا تەربىيلەنمىگەن، ئەدەب- ئەخلاقنا يېقىنلاشمىغان كىشىلەردۇر." دەيدۇ.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئۆلچەملىرى ھەققىدە توختىلىپ: "شېئىرنىڭ ياخشىلىرىنى، ھەدىسنىڭ گۈزەللىرىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.. شېئىرنىڭ ياخشىلىرى گۈزەل ئەخلاقا ئېلىپ بارىدۇ، يامانلىقلاردىن تۇسىدۇ" دېگەن.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قارىشىدىكى ئىسلامىزم ئەدەبىياتى تەسەۋۋۇرىنى تەكىتلەيدىغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، نۇئمان ئىبن ئەدىي يازغان بىر پارچە شېئىردا ئىسلامنىڭ غايە ۋە مەقسەتلىرىدىن ھالقىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان چاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق بىر ۋالىي بولۇشقا قارىماي، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتقان. نوئمان ئۆزىنىڭ پەقەت شائىر ئىكەنلىكىنى، شېئىردا ئوتتۇرىغا قويغان قاراشلىرىنىڭ يالغاچ شەكىلدە يېزىلغان بىر پارچە شېئىرغا تايىنىپ تۇرۇپ يازغانلىقتىن باشقا ھېچ ئىش قىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويغان ئۆزرىخاھلىقىنىمۇ قوبۇل قىلمىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ھەتىيئەنى زەبەرقان ئىبن بەدرنى شېئىر ئارقىلىق مەسخىرە قىلغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە تاشلىغان. ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىدە، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشىغان بىر كىشى بۇنىڭدىن باشقا يول تۇتمىغان بولاتتى. بۇلارغا ئاساسەن، ئەگەر تەبىرىمىز خاتا بولمىسلا، ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنى چىك تۇتۇش مەجبۇرىدۇر. ئىسلامىزم ئەدەبىياتى شەرت قىلىنغان ئىكەن، ئەلۋەتتە مەسئۇلىيەتنى تەقەززا قىلىدۇ.

□ ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

سۆزىمىزكى، ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىز ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك ئاساسچىلىرىنىڭ

بىرى؛ چۈنكى ئۇ، ئەدەبىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتىدە دىنىي قاراشلاردا چىڭ تۇرۇش، ئىسلامنىڭ پرىنسىپلىرىغا تولۇق بويسۇنۇشنىڭ مۇھىملىقىنى سۆزلەش بىلەنلا بولدى قىلماستىن، ئۇنىڭ ئەمەلىي مىساللىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇنىڭ مەدھىيەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر ئەدەبىي ئەسەردىيى قوبۇل قىلىش مۇمىن بولغان بىر نوقتىدا ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئىسلامنىڭ ئاساسىي مەقسەتلىرىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكىنى ئەسكەرتىدۇ. ئۇ شائىرلارنىڭ ئۆزىنى مەدھىيەلىشىنى توسىغان. كەسىر ئىبن ئابدۇرراھمان بىر پارچە شېئىرىدا ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندە، ئۇ ھەقىقەتنى شېئىرىي ئىجادىيەتتىكى بەدىئىيلىكنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئاساسى ئۆلچىمى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان ۋە كەسىرگە "شۇنداق، ھەقىقەتكە مەنسۇپ بولمىغان نەرسىلەرنى ئوتتۇرىغا قويما" دېگەن.

ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىزنىڭ ئەدەبىياتنىڭ ئەخلاق ۋە يۈكسەك غايىلەرنى ياقلىشى مەسىلىسىگە سەل قارىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نوقتىلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ خەلىپىلىكىنى ئۈستىگە ئالغان چاغدا شائىرلار بىلەن ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن مەشھۇر قىسسىسىدۇر. شائىرلارنىڭ ئۆمەر ئىبن ئابدۇلئەزىزنىڭ ھۇزۇرىدا شېئىر ئوقۇش ئۈچۈن دەرۋازىدا ساقلاۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر بېرىلدى. سورۇندىكىلەرنىڭ بىرى شائىرلارغا ۋاستە بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شېئىرغا قولاق سالغانلىقىنى، شائىرلارغا رۇخسەت بەرگەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇ، دەرۋازىدىكى شائىرلار كىملەر؟-، دەپ سورىدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئېيتىلغاندا، بىر- بىرلەپ رەت قىلدى ۋە رەت قىلىشنىڭ سەۋەبلىرىنى ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن مىسال كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئىزاھلىدى. شائىرلارنىڭ ئارىسىدىن پەقەت جەرىرلا ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا كىرەلىدى، چۈنكى ئۇ شائىرلار ئارىسىدىكى ناچار تەرەپلىرى ئەڭ ئاز بىرسى ئىدى.

 ئىبن قۇتەيبە ۋە باشقىلار:

ئىبن قۇتەيبە شېئىرنىڭ دىن، ئەخلاق ياكى ھېكمەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ پايدىلىق مەنالارنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنى مۇھىم، دەپ قارىدى. مۇھەلھىل ئىبن

يەمۇت ئىبن مەزرەئ، ئىبن ۋەكى تەنىيئىسى، سەئالىبىي، ئەمرۇ ئىبن ئۇبەيد، مسىيەۋەيھ، ئىبن شەرەف ئەلقەيرەۋانىي قاتارلىقلارمۇ ئىبن قۇتەيبە بىلەن ئوخشاش قاراشتا ئىدى. ئىبن ھەزم غەزەل ئېيتىشتىن توسىغان، ئۆز تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىزم روھىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن چەكتىن ئاشقان شەرتلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان شەرتلەرنىڭ دائىرىسىدىن چىقىپ كەتىيەن. شېئىرنىڭ ئەدەبىياتنىڭ سەنئەتنىڭ يالغۇز بىرلا ژانىرى ئىيەنلىىدە ھېچقانداق شەك يوق. بىراق شېئىر ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىسلامىي پرىنسىپ ۋە ئۆلچەملەر ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ باشقا بارلىق ژانىرلىرى ئۈچۈنمۇ كۈچىيە ئىگە.

□ ئەلىي ئەھمەد باكەسىير:

باكەسىير شېئىر، ھېكايە ۋە دىراما تۈرلىرى بۇيىچە ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ چولپىنى، دەپ سۈپەتلىنىدۇ. ئۆسۈپ يېتىلىشى، پىيرى قورۇلۇشى، نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭلىيى ۋە مەدەنىيەت قوبۇل قىلىش مەنبەلىرىنىڭ رەڭدارلىقى باكەسىيرنىڭ شەخسىيتى ۋە قەلىمىنى شەكىللەندۈرۈشتە چوڭقۇر ئىزلارنى قالدۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ يېقىنقى زامان دىراماللىرىنى دىراما يېزىشنىڭ ئۇسۇل- قائىدىلىرىنى ئىچىىرلەپ ئۆگىنىش ۋە چۈشىنىش ئاساسىدا يېزىپ چىققان.

باكەسىيرنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى ئاساسلىق يۆنىلىشى ئۇنىڭ ئىسلامىي ئەقىدىسى، قىممەت قارىشى ۋە ھاياتقا بولغان توغرا تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت ئىدى. نەجىيب كەيلانى باكەسىيرنىڭ "كىر ئارغامچىسى" ناملىق دىرامىسى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، ئاتمىشىنچى يىللارنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا مىسىردىكى بارلىق ئىشلارنىڭ تىزگىنىنى كوممۇنىستلارنىڭ مونوپول قىلىۋالغان مەزگىللەردىكى مېتودنىڭ چىرىكلىكى، ئىدارە قورۇلمىسىنىڭ پەسكەشلىكى، خەلق مۇئەسسەسەلىرىنىڭ ئېغىشى قاتارلىقلارنى تەنقىدلەيدىغان جاسارەتلىك نىدا ئىدى. ئۇ مەزگىلدە كوممۇنىستلار دۆلەتكە قارشى شۇئارلارنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. ئۇلار دۆلەت

سرتىدىكى خوجايىنلىرىدىن ئالغان ئىلهاملارنىڭ تەقەززاسىغا كۆرە پۈرسەتپەرەستلىك قىلىش، پىلانلارنى ئىجرا قىلىشقاتاتتى. باكەسىرنىڭ دېراممىسىدا مىسرىسىدىكى ماركسىزم ئىدىيىسى ۋە ئۇنىڭ رەھىمسىز تەجرىبىلىرى تەنقىدلەش يۈشۈرۈنۈپ ياتاتتى.

□ مۇستەفا سادىق ئەررافىئىي:

رافىئىينىڭ ئەسەرلىرىدە ئىسلامىزم روھىي قايناپ تۇراتتى. مەھمۇد سامىي ئەلبارۇدىي ئۇنىڭ پرىنسىپال شېئىرلىرىغا تەقرىزلەرنى يازغان بولسا، مۇستەفا لۇتفىي مەنفىلوتىي مەدھىيىلەرنى ئوقۇغان. شەيخ مۇھەممەد ئەبدە "ئاللاھ تائالادىن سىنىڭ تىلىڭ ئارقىلىق باتىلنى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان بىر قىلىچ ئاپىرىدە قىلىشنى تىلەيمەن" دېگەن سۆزلىرى بىلەن ئۇنى ئىلهاملاندۇرغان. ئۇ ئەمەلىيەتتىمۇ شۇنداق بولغان. ئۇ بارلىق ئەسەرلىرىدە، شېئىرلىرىدا، تەتقىقاتلىرىدا، نەسرلىرىدە ئىسلامنى غايە، تەۋھىد ئەقىدىسىگە خىزمەت قىلىشنى مەقسەت ۋە نىشان قىلغان. ئىنگلىزلارنىڭ ئىسلامغا قارشى سۇيىقەستلىرى، يەھۇدىي قىساسچىلىرىنىڭ پەلەستىندىكى سۇيىقەستلىرى ۋە ئەرەب تىلىنى يوقىتىپ، خەلق ئېغىز تىلىنى جانلاندۇرۇشنى كۆزلىگەنلەرنىڭ سۇيىقەستلىرىگە قارشى تۇرغان. رافىئىينىڭ قارىشىچە ئىسلامنىڭ ئەڭ گەۋدىلىك مەسىلىلىرى قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىلىك مەسىلىسى، نەبەۋىي بالاغەت مەسىلىسى ۋە ئىسلامى ماقالىلار مەسىلىسىدىن ئىبارەت ئىدى.

□ ئەھمەد شەۋقىي:

ئەھمەد شەۋقىينىڭ بەزى شېئىرلىرىدا ئىسلامىزم روشەن ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ شېئىرلىرىدا ئىسلامىي كۆرسەتمىلەردە چىڭ تۇرۇش بىلەنلا بولدى قىلمىغان، بەلكى، ئىسلامنىڭ پرىنسىپ ۋە مەسىلىلىرىنى قوغداش، ھىمايە قىلىش يولىدا بەزى ئېلىشىشلارغا كىرگەن. ئىسلامدىكى ئۇرۇشنىڭ دۈشمەنلىك ئۇرۇشى ئەمەس، بەلكى جىھاد ۋە مۇداپىئەلىنىش ئۇرۇشى ئىكەنلىكىنى ئىزاھلىغان. ئىسرا ۋە مىراجنىڭ روھ ۋە تەن ئارقىلىق رويابقا چىققانلىقىنى بايان قىلغان. دىنىي ئوقۇملار بىلەن

كۆرەش، ئويغىنىش، ئەركىنلىك، ئىسلامىي شەرەپنى ھىمايە قىلىش، ئەركىنلىك، تۈزۈم ۋە شۇرا (كېڭەش) قاتارلىق مەسىلىلەرنى مۇناسىۋەتلەشتۈرگەن. يەنە گەرچە ئەزھەردە ئىگەللىگەن نورمال دۇنيا قاراشقا ئىگە بولىشىدىن قەتئىي نەزەر ھافىز ئىبراھىم ۋە ئەرەب، ئىسلام شائىرى ئەھمەد مۇھەررەم ئەرنىڭمۇ دىننىي ياقلىغان ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ سايىسىدا ھەرىكەت قىلغانلىقلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن.

□ مۇھەممەد ئىقبال:

شائىر مۇھەممەد ئىقبال (1873)نىڭ قارىشىدىكى ئىسلامىزملىق ئىدىيىسى ئۈچ باسقۇچنى شەرت قىلىدۇ: بىرىنچى: ئىسلام دىنى كۆرسىتىپ بەرگەن شەرئىي مەقسەتلەرنى ئۆگىنىش. بۇلار ئەبەدىي ئۆزگەرمەيدىغان ھەقىقەتلەردىن ئىبارەت. ئىككىنچى: دىننى بارلىق ساھەلەردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن دىننىي جىھاد ئېلىپ بېرىش. ئەدەب بۇ يولدا چىڭ تۇرۇشى، سەۋر قىلىشى لازىم. بۇ باسقۇچ مۇستەھكەم ئەقىدە، كۈچلۈك ئىمان ۋە نەپسىنىڭ ئىنتىلىشلىرىگە قارشى كۆرەش قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىلىرىگە تولۇق بويسۇنۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۈچىنچى: ئىسلام ئۈممىتىنىڭ غايىلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق ئىسلامىي ئۆزلۈكنىڭ ھەرىكىتى كېلىشى.

□ شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئەلھۆسنىي ئەننەدەۋىي:

ھىجرىيە 1405-يىلى رەبىئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ 2-كۈنى (24/11/1984) ئەدەب، مۇتەپەككۇر ۋە دەۋەتچى شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئەلھۆسنىي ئەننەدەۋىي ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپلىگەن ئەدەب ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە بىر قېتىملىق يىغىلىشتا "ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى"نىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. بۇ بىرلىك ئىسلام ئەدەبىياتىغا باشقا ئەدەبىي ئېقىملارغا ئوخشىمايدىغان ئۆزگىچە سالاھىيەت بەخش ئەتتى. ئەمما شۇنى نەرسىنى ئېتىبارغا

ئېلىش لازىمى، «ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئوقۇمى» «ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى» نىڭ ئېلان قىلىنىشىدىن ئۇزۇن يىللار مۇقەددەم مەيدانغا كەلگەن. بىز، دەۋەتچى ۋە ئەدەبىياتچى سەييىد قۇتۇبنىڭ 1952-يىلى مىسىردىكى ئۆزى باش تەھرىرلىك قىلغان گېزىتنىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان چاغلىرىدا ئىسلام ئەدەبىياتىنى جانلاندۇرۇشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز. يەنە سەييىد قۇتۇبنىڭ قېرىندىشى مۇھەممەد قۇتۇبمۇ 1961-يىلدىكى يازمىلىرى، خۇسۇسەن "ئىسلامىي سەنئەتنىڭ مېتودى" ناملىق ئەسىرىدە ئىسلام ئەدەبىياتىغا چاقىرىق قىلغان. يەنە دوكتۇر نەجىب كەيلانىي (1963-يىلى) ئۆزىنىڭ "ئىسلامىزم ۋە ئەدەبىي ئېقىملار" ئەسىرىدە، دوكتۇر ئىمادۇددىن خەلىل (1972-يىلى) ئۆزىنىڭ "ھازىرقى زامان ئىسلام (ئەدەبىياتى-ت) ئوبزورچىلىقى، 1982-يىلى نەشر قىلىنغان "ئىسلام ئەدەبىياتى ئوبزورچىلىقىدا يېڭى ئورۇنۇشلار" ناملىق ئەسىرى ۋە "ھازىرقى زامان ئىسلام ئەدەبىيات- سەنئىتى- تەتقىقات ۋە ئەمەلىيەت" ناملىق كىتابلىرىدا، شۇنىڭدەك بۇ كىتابلىرىدىن ئىلگىرى، يەنى 1961-يىلدىن باشلاپ دەمەشقتە نەشر قىلىدىغان «ئىسلام ھەزارىتى» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىپ كەلگەن ئەدەبىي خۇسۇستىكى يازمىلىرىدا ئىسلام ئەدەبىياتى قوشۇنى شەكىللەندۈرۈش چاقىرىقلىرىنى ئۇچرىتىمىز.

شۇنىڭ ئۈچۈن ھىندىستاندىكى نەدۋەتۇل ئۇلەما ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكىنىڭ رەئىسى شەيخ ئەبۇلھەسەن ئەلىي ئەلھۆسنىي ئەننەدەۋىي ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى بايراقدارى ۋە قۇرغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. "بىرلىك" ئىسلام ئەدەبىياتى نامىنى قوللىنىپ، ئىسلامىزم ئاتالغۇسىغا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن. ئەمما، مەسىلە پەقەت ئاتالغۇ مەسىلىسىدىنلا ئىبارەت، ئاتالغۇلارنى ئۇنداق ياكى مۇنداق بولۇپ قېلىشىدا مەسىلە يوق.

□ دوكتۇر ئابدۇرراھمان رەئفەت پاشا (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن):

"بىرلىك" نىڭ ئەرەب ئەللىرىدىكى مۇئاۋىن رەئىسى. ئۇ، ئىمام مۇھەممەد ئىبن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەدەبىيات ۋە ئوبزورچىلىق دەرسلىرى بويىچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ

ئىشلىگەن. رەئفەت پاشا دەسلەپپى قەدەمدە ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ نەزىرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ئىسلام ئەدەبىياتىنى مۇداپىئە قىلغانلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

 دوكتۇر ئابدۇلقۇددۇس ئەبۇ سالىھ:

ئىمام مۇھەممەد ئىبىن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات ۋە ئوبزورچىلىق دەرىسلىرى بۆيىچە ئوقۇتقۇچىسى، "بىرلىك"نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ئەرەب ئەللىرى ئىشخانىسىنىڭ رەئىسى.

 شەيخ مۇھەممەد ئەررابى ئەننەدەۋىي:

"بىرلىك"نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە ھىندىستان ئىشخانىسىنىڭ رەئىسى.

 ئۇستاز مۇھەممەد ھەسەن بىرىگىش:

"بىرلىك"نىڭ ئەرەب ئەللىرى باش كاتىۋى ۋە "بىرلىك"تىكى پەتىۋا مەجلىسىنىڭ ئەزاسى.

 دوكتۇر ئەدنان رىزا ئەننەھۋىي:

سەئۇدى ئەرەبىستانلىق شائىر ۋە ئەدىب. دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى نازارەتچىلەر كېڭىشىنىڭ ئەزاسى.

 ئۇستاز مۇھەممەد قۇتۇب:

تونۇلغان مۇتەپەككۇر ۋە دەۋەتچى. پادىشاھ ئابدۇلئەزىز ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە "بىرلىك"نىڭ پەخرىي ئەزاسى. مۇھەممەد قۇتۇب بىر توققىنى سەييىد قۇتۇب (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) نىڭ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىدىكى تىرىشچانلىقلىرىنى داۋاملاشتۇردى.

 دوكتۇر ئابدۇلباسىت بەدر:

مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ۋە "بىرلىك" نازارەتچىلەر كېڭىشىنىڭ مەسئۇلى.

□ دوكتۇر ھەسەن ئەلئەمرانىي (ماراكەشلىك):

ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكىنىڭ ئەزاسى ۋە ئىسلام ئەدەبىياتىغا كۆچ چىقىرىدىغان "مىشكات" ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى.

□ دوكتۇر مۇھەممەد مۇستەفا ھەدارە (مىسىرلىق):

"بىرلىك"نىڭ ئەزاسى ۋە ئىسكەندەرىييە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى.. ئۇ تۇنجى بولۇپ مودېرنىزم ئەدەبىياتى ۋە ئىدىيىسى ئېقىمىنىڭ ماھىيىتى ۋە ۋەيران قىلغۇچ غايىلىرىنى ئېچىپ تاشلىغان كىشى.

□ دوكتۇر ئابدۇرراھمان ئەلئەشماۋىي:

ئەشماۋىي ئىسلامدا چىڭ تۇرغان، ئىسلامىي مەسىلىلەر ۋە ئىمانىي تەسەۋۋۇرنى قوغداش يولىدا كۆتۈرۈلگەن ئەڭ ياش ئاۋاز ھېسابلىنىدۇ.

پىرىنسىپ ۋە ئېتىقادلار:

□ ژانىرنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسىي ئىنسان، كائىنات ۋە ھايات، دېگەن يۆنىلىش بويىچە ساغلام ئىسلامىي تەسەۋۋۇرنى ئاساس قىلىش.

□ ئىسلامىي تەسەۋۋۇردا چىڭ تۇرۇش تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلار تەرىپىدىن تېڭىلىدىغان رەھىمسىزلەرچە يۈزلەندۈرۈشنى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ بارلىق ساھەلىرى بويىچە ئىنسانىيەتنى ھاياتقا ئىسلامىي تەسەۋۋۇر بىلەن باقىدىغان نوقتىغا ئېلىپ كېلىش، دېگەننى

مەقسەت قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى سوتسىيالىستىك رېئالىزم ۋە مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىملىرىدىكى ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇش قاراشلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. بىرىنچىسىنىڭ قارىشىدىكى ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇش يىمىرىلگەن ماركسىزملىق چۈشەنچە بويىچە كوللىكتىپقا ئالاقىدار مەسىلىلەردە چىڭ تۇرۇشنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىسىنىڭ قارىشىدىكى ئىدىيەدە چىڭ تۇرۇش مەۋجۇدىيەتچىلىك ئېقىمى بويىچە پوئېزىيەدە ئەمەس، يالغۇز پروزاچىلىقتىكى ئەركىنلىك مەسىلىلىرىدە چىڭ تۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ.

□ تەسىرلىك ئىپادىلەشنىڭ ئەدەبىيات ساھەسىدە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيىتى بولۇپ، مەزمۇنىنىڭ ساغلاملىقىنى شەرت قىلغان ئاساستا ئۇنىڭ ۋاز كېچىشىگە بولمايدۇ. بۇ نۇقتىدا ئەدەبىيات باشقا نورمال سۆزلەردىن پەرقلىنىدۇ. تەسىرلىك ئىپادىلەشمۇ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ مۇددىئاسىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ غايىسى مۇددىئاسى ئېنىق ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمان ئەدىب "سەنئەت ئۈچۈن سەنئەت" ئېقىملىرى ساھىپلىرىنىڭ چاقىرىقلىرىغا ئوخشاش ئەدەبىيات- سەنئەتنى ئاخىرقى غايە قىلىۋالمايدۇ، بەلكى ئۇنى ئاخىرقى غايىگە يېتىدىغان ۋاستە ئورنىدا قويىدۇ. بۇ غايە جانابى ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى مۇستەھكەملەش ۋە كىشىلەر قەلبىگە ئىسىل ئەخلاقلارنى يېتىلدۈرۈش قاتارلىقلاردا گەۋدىلىنىدۇ.

□ تەپەككۇر ۋە ئىپادىلەش ئەركىنلىكى ئىجادىيەت ۋە ئەدەبىي چىنلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. بۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى سان ۋە سۈپەت جەھەتتىن بېيىتىشتا ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

□ ئىسلام ئەدەبىيات- سەنئەتنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بارلىق ساھەلەر بويىچە ئەركىنلىكنىڭ دائىرىسىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئىسلام، باشقا ئېقىملار تەرىپىدىن ئەدەبىيات- سەنئەتچىلەر ۋە باشقىلار ئۈچۈن تەمىن ئېتىلگەن سۆزلەش ئەركىنلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؛ چۈنكى ئىسلام دىنى

بۇنداق قىلىشنىڭ جەمئىيەتنىڭ ساغلاملىقى، ئەقىدە، ئەخلاق، ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكى ئۈچۈن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

□ ئەدەبىيات- سەنئەت يارامىلىق ئىنسان، يارامىلىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشتىكى مۇھىم يوللارنىڭ ۋە ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئىسلامىي كىملىكىنى ھىمايە قىلىش ئامىللىرىنىڭ بىرى.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئۆتمۈشتىن بۈگۈنگە قەدەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن بىر ھەقىقەت. ئۇ، قۇرئان كەرىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرلىرىنىڭ قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن ئېلىپ بارغان تىركىشىشلىرىدىن باشلاپ تا زامانىمىزغا قەدەر ئاللاھنىڭ دىنىغا چاقىرىش، ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى ۋە ئىسلامدىن ئاغقۇچىلارغا قارشى كۆرەش قىلىش قاتارلىقلاردا ھەسسە قوشۇپ كەلمەكتە.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئوخشىمىغان ئىرق ۋە تىللارغا مەنسۇپ ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىياتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بارلىق ئىسلام مىللەتلىرى ئارىسىدىكى ئورتاق سەنئەت ئۆزگىچىلىكىدىن ئىبارەت.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى تەرەققىيات، مودېرنىزم ياكى يېڭىلىق شۇئارلىرى ئاساسىدا كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يېڭى ئەدەبىياتنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ھەرقانداق ئورۇنۇشنى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە يېڭى زامان ئەدەبىياتىنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىيات بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئىسلامىي تەسەۋۋۇرغا ئويغۇن بولمىغان ئەدەبىي ئېقىملارنى، ساختىلاشتۇرۇلغان ئەرەب ئەدەبىياتىنى، شۇنىڭدەك شەخسىي خۇسۇمەت ياكى رەڭۋازلىقلارنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنى رەت قىلىدۇ. يەنە گۇڭگىلىقلار بىلەن چىرمالغان،

چەتئەلچە ئاتالغۇ ۋە ساغلام بولمىغان ئىبارىلەر كۆپ ئۇچرايدىغان تىللارنىمۇ رەت قىلىدۇ ۋە ساغلام، ئېنىق شەكىلدە باھا بېرىشىگە چاقىرىدۇ.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىياتى ئەدەبىيات- سەنئەتنىڭ بارلىق ژانىرلىرىدىن پايدىلىنىدۇ، ئىپادىلەش شەكىللىرىنىڭ ھېچ بىرىگە قارشى تۇرمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرنى رۇياپقا چىقىرىشنىڭ ئويغۇن شەكلىنى بەلگۈلەيدىغان مەزمۇنغا ئەھمىيەت بېرىدۇ.

□ ئەدەبىياتتىكى ئىسلامىيلىق ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ئېنىقلىمىسىدا بايان قىلىنغان شەرتلەردىن ھالقىپ كېتىشىگە قارشى تۇرىدۇ. مەسىلەن تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى ئوتتۇرىغا قويغاندەك "ئىنسانىي ئىلاھلاشتۇرۇش (كىلاسسىك ئەدەبىياتتا)، ئۆزلۈكنى، شەخسىيەتچىلىكنى رومانتىزملاشتۇرۇش، ئىنسانىيەتنىڭ ئاجىزلىق لەھزىلىرىنى ئۇلۇغلاش (رېئاللاشتۇرۇش)، پىكىر، روھىي، ئەخلاقىي ئېغىشلارنى مەۋجۇدىيەتچىلىك نەزىرىيىسىگە تايانغان ھالدا تەسۋىرلەش" قاتارلىقلارغا قارشى تۇرىدۇ. ھالبۇكى، سارتىر ئوتتۇرىغا قويغاندەك بارلىق شەرتلەردىن ھالقىغان ئەخلاقىي ئەركىنلىك، دەيدىغان بىر نەرسە بولمىغىنىغا ئوخشاش، دېستىيوۋېسكىي ئوتتۇرىغا قويغاندەك، مۇقەررەر ھالدا يوقىلىش بىلەن تۈگەللىنىدىغان چەكسىز روھىي زىتلىق، دەيدىغان بىر نەرسىمۇ يوق.

□ ئىسلامىزم ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ رېئال چەمبىرىكى بولۇپ، ئۇ تۈترۇقسىز خىياللارنى روياپقا چىقىرىدىغان ياكى رېئاللىق بىلەن ئالاقىسى بولمىغان توقۇلمىلارنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان ساھە ئەمەس، بەلكى ئىسلامىزم رېئاللىقى ئىدىيە، غايە ۋە ئەقىدىدىن ئىبارەتتۇر. ئۇنىڭ غايىسى پراگماتىزم چەمبىرىكى سۇپىتىدىكى شەخسىي مەنپەئەتنى چىقىش قىلمايدۇ. ئۇنىڭ كۆزلەيدىغىنى ئەقىدىنىڭ مەنپەئەتى ۋە بۇ ئەقىدىگە ئىشەنگەنلەرنىڭ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىدۇ. ئىسلامىزم زالالەتنىڭ ئەمەس، ھەقىقەتنىڭ، ئېغىشنىڭ ئەمەس، توغرىلىقنىڭ چەمبىرىكى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىنسانىيەت مەۋجۇتلۇقىنىڭ تەر تۆكۈش،

ئشلەش ۋە ئبادەت قلشتن ئبارەت بۈيۈك ئسلامي غايسى باردۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

«ئى ئنسانلار! بزنى سلەر ئۆزەڭلارنى بىھۇدە ياراتتى (يەنى سلەر بزنى ھايۋاناتلارنى ياراتقنمزدەك بز ھېچقانداق ساۋابمۇ بەرمەيدغان، جازامۇ بەرمەيدغان قلىپ ياراتتى)، ئۆزەڭلارنى بزنىڭ دەرگاھمزغا قايتۇرۇلمايدۇ دەپ ئويلامسلەر؟» «مۇئمنۇن سۈرسى، 115-ئايەت»

«ئنسان پەقەت ئۆزنىڭ ئشلگەن ئشنىڭ نەتجسنى كۆردۇ» «نەجم سۈرسى، 39-ئايەت»

بۇ رئاللق قۇرئان كەرمنىڭ ئۆزدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ مۆجىزلىمنىڭ بىرى قسسە ۋە باشقا ئورۇنلاردا رەڭدار شەكلدىى ئەدەبي ئپادلەشنىڭ يۈكسەك ئۆرنەكلرنى ئوتتۇرغا قويغان. بۇ خۇسۇستا يۇسۇف ئەلەيھسسالامنىڭ قسسسى بزگە ئانچە يراق ئەمەس.

□ ئسلامزم ئجاديەتنىڭ ئالدغا قويۇلغان چۈشەك ئەمەس. ئسلامزم ئەدەبي ئەسەرنى تىما ۋە شەكل جەھەتتن بەدىئلەشتۈرۈشنىڭ دائرسدن ئبارەت بولۇپ، ئەدبنى ھالاكەتىە ئېلىپ بېرىشى مۇمىن بولغان نوقتدن ساقلاپ قېلىشنىڭ بىر يولدۇر. بارلىق ئەخلاقىي قممەت قاراشلاردن شەرتسز شەكلدە ئازات بولۇش ياكى ئەدەبياتنىڭ ئۆز لوگىىا سزىقدىن چقىپ كتىشنىڭ ئۆزى نەتجدە ئەدەبي ئەسەرنى مەزمۇندن يىراقلاشتۇرىۋېتىدۇ. دېمەك، ئسلامزمنىڭ مەنتقسى ئسلام ھازارتنى چقش قلىدغان بولۇپ، ئەدبىيە خاترسدە جەۋلان قلىۋاتقان بارلىق پىىرلەرنى ئپادلەش پۇرستى يارتىپ بېردۇ. ئەدىب ئسلامي تەسەۋۋۇر دائرسدىلا بولدىيەن خالىغان مەزمۇننى خالىغان شەكلدە ئوتتۇرغا قويىدۇ.

□ يۇقىرىقلارغا ئاساسەن ئسلامزم، مەيلى ساماۋىي ياكى بەشەرىي دىنلار بولسۇن ئسلام

ئەقىدىسىدىن يىراق بولغان بارلىق دىنىي مەزمۇنلارنى پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەدەبىيات- سەنئەت ساھەسىگە يۈزلىنىش ئىنساننى ئەقلىسىزلىك بىلەن تۇترۇقسىزلىق ئارىسىدىكى تۈگمەس توقۇنۇشلار ئازگىلىغا ئىتتىرمەستىن، ئۇنىڭ غەم- قايغۇسى، ئازاب- ئوقۇبەتلىرىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن ئويغاق ئىسلامىي ۋىجدان، كۆيۈمچان ئىنسانىي ھېس ئارقىلىق رويابقا چىقىرىلىشى لازىم. "يوقلۇق"، "مەۋجۇدىيەتچىلىك" ۋە بۇلاردىن باشقا ئېقىملار ئوقۇرمەنىنىڭ دىنىي تەشنالىقىنى قاندۇرالمايدۇ، ھېس- تۇيغۇلىرىنى يۈكسەلتەلمەيدۇ، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرگە بېغىشلىغان ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا ھادىسىلەرنى قالايمىقان، پېرسوناژلارنى خۇنۇك كۆرسىتىدۇ، ئەسەرنىڭ ماھىيىتىگە تەسىر يەتكۈزىدۇ. بىر ئىشنى بۇزۇش ياكى ئۇنى خۇنۇكلەشتۈرۈش ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ تەبىئىتىگە ئويغۇن كەلمەيدۇ.

دەرۋەقە، بۇ خىلدىكى ئەسەرلەر ۋەقەلەرنىڭ تەبىئىتى، ئىسلامنىڭ كائىنات، ھايات ۋە مەۋجۇدلۇق قارىشىغا ئويغۇن كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، گەرچە ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنى باشقا ئېقىملار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىش توغرا بولمىسىمۇ، ئىسلامىزم يەنىلا ئىككى نوقتىنىڭ ئارىسىدىكى توسۇقلار ۋەيران قىلىنمىغان ئەھۋال ئاستىدا دۇنيا مىقياسىدىكى ئەدەبىي ئەمگەكلەر بىلەن يارىشىپ مېڭىشنى رەت قىلمايدۇ. ئىسلامىزمنىڭ ئۆزگىچىلىكى ئۇنىڭ زامان ۋە ماكانىنىڭ تۈرەلمىسى، ئەقىدىنىڭ ئىنسان بىلەن ئۇچرىشىش نوقتىسى ئىكەنلىكىدىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىزم ئەدەبىياتى دۇنياۋىي تەسىرگە، دۇنياۋىي قاراشقا، ئومۇمىيلىققا ئىگە. ئۇ كۆرۈنۈپ تۇرغان رېئاللىق بىلەن كۆرۈنمەيدىغان غەيبنى ماس ئېلىپ ماڭىدۇ، ماددا بىلەن روھنىڭ، تۇراقلىق مەسىلىلەر بىلەن ئۆزگىرىشچان نوقتىلار ئوتتۇرىسىدىكى رەڭدارلىقنى توغرا ھەل قىلىدۇ.

ئىسلامىزمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئىنسان ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بەختلىك دۇنيا قۇرۇپ چىقىش، قىيىنچىلىقلىرىنى تۈگىتىشكە ھەمدەم بولۇش ۋە ئەقىدىسىگە تۇسالغۇ بولىدىغان ئامىللارنى يۇقىتىۋېتىشلا بولىدىكەن، ئۇنىڭدا چەكلىمىلىكنىڭ چەكسىزلىك بىلەن مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ،

جۇزئىنى ئومۇم بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق قارىمۇ قارشىلىق يوق. بۇ تۈردىكى ئەقىدىنىڭ ئالدىدا تۇرىۋاتقان توسالغۇلارنىڭ مىساللىرى قاتارىدا خىرىستىيان دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئەدەبىي مەھسۇلاتلارنى كۆرستىش مۇمكىن. بۇ تۈردىكى ئەسەرلەرنى لويىس شەيخۇ، سەلامەت مۇسا، غالىي شۇكرىي، لويىس ئىۋەز، ئىلىيا ھاۋىي، خەلىيل ھاۋىي، سەئىيد ئەقل، جىبرا ئىبراھىم جىبرا ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرىتىمىز. بەدر شاكىر ئەسسىياب، سەلاھ ئابدۇسسەبۇر ۋە باشقىلار بۇلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان.

- ئىسلامىزم ئەقىدىنى چىقىش قىلغان بىر ئەدەبىي تايانچ بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىسلامدا ناھايىتى كەڭ ئورۇنغا ئىگە. ئەدەبىياتچىلار ئۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ كۆچلۈك پىكىرلىرى، مۇئەييەن غايىنى كۆزلىگەن سۈلۈكلىرى، توغرا قاراشلىرىنى ۋە ئوتتۇرىغا قويۇش مۇھىم بولغان ئىنسان مەسىلىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئىسلامىزم ئەدەبىياتى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسىنى غايە ۋە مەقسەتلىرى ئۆز ئارا تىركىشىپ قالمىغان ئاساستا رەڭگارەڭ ئۆزگىچىلىكلەرگە ساھىپ تايانچقا ئىگە قىلىدۇ. ئىسلامىزمنىڭ ئەقىدىۋىي ئىدىيە بولۇشى يامان ئىش ئەمەس. چۈنكى بىزدىن كۆتۈلىدىغىنى، بىزنىڭ باشقىلارغا ئارىسىغا سىڭىپ كېتىشىمىز ياكى بىزگە يات زېمىندا ئۆستۈرۈلگەن ھەقىقەت ياكى توقۇلمىلارنى ئىنىكاسى بولۇشىمىز ئەمەس. بىز ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شائىرلارغا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىنى ھىمايە قىلىش، سۆز ئارقىلىق جىھاد قىلىش ھەققىدە بەرگەن بۇيۇك كۆرسەتمىلىرىنىڭ ماھىيىتىگە يېتىش ۋە كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر ئىنقىلابلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرغان ئىسلامىي ئەخلاق قورۇلمىمىزغا كۆڭۈل بۆلىشىمىز ئۈچۈن ئۆتمۈشىمىزگە قايتىشىمىزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. ئىسلامىزم شۇلارغا تايىنىپ مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، شۇنىڭغا تايانغان ھالدا كىتابلار ئارىسىدىن خۇلاسىلەپ چىقىش مۇمكىن بولغان. توغرا يولدىكى خەلىپىلەرمۇ شائىرلارنىڭ ئىسلامنىڭ ئەخلاقىي ئاساسلىرىدا چىڭ تۇرۇشى توغرىسىدا كۆرسەتمىلەرنى بىرەتتى. ئاببا سىيلار دەۋرىگە كەلگەندە ئەبۇلئەتاھىيەنىڭ زاھىدلىق چاقىرىقى يۇكسەلدى، ۋەھەكازا.

تارقالغان ئورۇنلار:

ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ دۇنيانىڭ بارلىق جايلىرىدا تەرەپدارلىرى بار بولدى... ئۇنىڭ ھىندىستان ۋە ئەرەب ئەللىرىدە ئىشخانىلىرى بار. "دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى" ھىندىستان، تۈركىيە ۋە مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەردە بىر قاتار قورۇلتايلارنى چاقىردى. بۇ قۇرۇلتايلارغا ئىسلام ئالەمىنىڭ كۆپ ساندىكى ئەدەبىياتچىلىرى ئىشتىراك قىلدى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇ نەرسە ئايدىڭلىشىدۇكى: ئىسلامىزم زامان ۋە ماكاننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي مەناغا ئىگە بىر ئوقۇم بولۇپ، ئىسلام دەۋىتى بىلەن ئوخشاش قەدىملىككە ئىگە. ئۇ ئەسىرلەر بويى ئىسلام بىلەن بىرگە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. ئۇ باشقا مۇسۇلمانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدىغان يالغۇز مۇسۇلمان ئەرەبلەرگىلا خاس ئەمەس، بەلكى توغۇلغان ئورنى، ياشىغان مۇھىتىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ ئورتاق ئەدەبىياتىدۇر. ئىسلامىزم ئەدەبىيات بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار يازغۇچىلار، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ئەسىرى ئەمەس، ئۇنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەر قانداق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ھەتتا ئوخشىمىغان تۈرلىرى بويىچە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىلمىي مەسىلىلەرگە ئائىت يازمىلاردىنمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇ نوقتىنى چىقىش قىلغاندا، ھىندىستان، پاكىستان، ھىندونوزىيە، چاد، سىنىگال ياكى باشقا ھەرقانداق بىر ئەلنىڭ ئىسلام ئەدەبىيات مەدرىسسى ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭدەك بەدىئىيلىك ئاساسلىرى بويىچە يېزىلغان

ئىلمىي ئەسەرلەرگىمۇ ئوخشاش كۆز بىلەن قارىلىدۇ. ئەرەب بولمىغان ئىسلام ئەللىرىنىڭ ئەدەبىياتلىرى كائىنات، ئىنسان ۋە ھاياتقا قارىتا ئىسلامىي تەسەۋۋۇر چەمبىرىگى ئىچىدە ھەرىكەت قىلغان، ئىسلام قارشى تۇرىدىغان ياكى پىسىر قىلىش مېتودىغان ئويغۇن بولمىغان مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويمىغانلا بولىدىكەن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئىسلامىزم ئەدەبىياتىنىڭ بىر ۋەكىلىدۇر.

ئەتراپلىق مەلۇمات ئۈچۈن پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى:

- د.ئابدۇرراھمان رەئفەت پاشا: نحو مذهب إسلامي في الأدب والنقد، ئىمام مۇھەممەد ئىبن سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى باسمىسى، 1405ھ/1985م.

- مۇھەممەد قۇتۇب: منهج الفن الإسلامي، شۇرۇق نەشرىياتى، بېيرۇت/قاھىرە.

- مۇھەممەد ھەسەن بىرىگىش: في الأدب الإسلامي المعاصر، مەنار كۇتۇبخانىسى، ئىئوردانىيە/ زەرقائ.

- ئابدۇللاھ ھەمەد ئەلئۇۋەيشىق: الأدب في خدمة الحياة والعقيدة، رىياد ئەرەب تىلى پاكولتېتى نەشرى، 1389ھ/1390ھ.

- ئەبۇلھەسەن ئەننەدەۋىي: نظرات في الأدب، قەلەم نەشرىياتى- دەمەشق، 1408ھ/1988م.

- مۇھەممەد رابىد ئەننەدەۋىي: الأدب الإسلامي وصلته بالحياة، رىسالە مۇئەسسەسەسى،

بىرىنچى نەشرى 1405ھ/1985م.

- ۋازىھ ئەننەدەۋىي: أدب الصحوة الإسلامية، رىسالە مۇئەسسەسەسى، بىرىنچى نەشرى، 1985/1405م.

- دۇنيا ئىسلام ئەدەبىياتى بىرلىكى ماتېرىيالى: تعريف برابطة الأدب الإسلامي، 1409ھ/1989م.

- "ئەلمىشكات" ژۇرنىلى، 13-سان، تۆتىنچى يىل، 1410ھ/1990م.

- سەييىد قۇتۇب: النقد الأدبي- أصوله ومفاهيمه، شۇرۇق نەشرىياتى- بېيرۇت.

- د.نەجىب كەيلانىي: الإسلامية والمذاهب الأدبية، رىسالە مۇئەسسەسەسى، ئىككىنچى نەشرى، 1410ھ.

# ئىسلامدا ئەقىل ئۇقۇمى

## شەيخ جەئفەر ئىدرىس

### ئامېرىكا ئوپېن ئۇنىۋېرسىتىتى قاھىرە تارمىقىنىڭ رەئىسى

ئەقىل شەرىئەتنىڭ بىر قىسمى؛ مۇكەممەل شەرىئەت بولمىغان يەردە ئەقىل بولمىغىنىدەك، مۇكەممەل ئەقىل بولمىغان يەردىمۇ شەرىئەت بولمايدۇ.

شەرىئەتـ ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىدە كەلگەن بارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

### ئەقىل دېگەن نېمە؟

قەدىمكى ئىسلام ئالىملىرى ئەقىلنى تەبىئىي بار بولغان ئەقىل ۋە تەجرىبىلەر ئاساسىدا ئېرىشىلگەن ئەقىلدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىغان ئىدى. تەبىئىي بار بولغان ئەقىل ئىدراك، چۈشىنىش، ئىشلارنى تەبىئىيلا ياخشى ئورۇنداش قاتارلىق ئەقلىي ئىقتىدارنى كۆزدە تۇتاتتى. مانا ماقالىمىزنىڭ تۈپ تېمىسى.

تەبىئىي ئەقىل شەرىئەت بەلگىلىگەن مەسئۇلىيەتلەرنى ئىجرا قىلىشنىڭ نېگىزى. ئەقىلسىزلارغا شەرىئەتتە مەسئۇلىيەت يوق. كىمكى بىر قىسىم ئەقلىي قابىلىيىتىدىن ئايرىلىپ قالغان بولسا، ئۇ قېلىپ قالغان تەبىئىي قابىلىيىتىگە مۇناسىپ ھالدا مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىدۇ.

ئەقىل بېرىلگەن، ئەمما ئۇنى ساغلام ئىستىمال قىلالمىغان، پرىنسىپلىرىغا چىن ئەمەل قىلمىغان كىشىلەر دىننى چۈشەنمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىشەنمەيدۇ. لېكىن ئۇلار ئەقلىنى ئىختىيارى ھالدا ئىشلەتمىگەن بولغاچقا، دىننى چۈشەنمىگەنلەر، ئۇنىڭغا ئىشەنمىگەنلەر قاتارىدا جازالىنىدۇ. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھەرقانداق كىشى پەقەت اللہ نىڭ ئىرادىسى بولغاندىلا، ئاندىن

ئىمان ئېيتىدۇ، (اﷲ نىڭ ئايەتلىرى ئۈستىدە) پىكىر يۈرگۈزمەيدىغانلارنى اﷲ ئازابقا گىرىپتار قىلىدۇ»[1]

شۇڭا ئاللاھ تائالانىڭ ئەقىل يۈرگۈزمىگەنلەرگە بېرىدىغان جازاسى بىلەن ئىسلامنىڭ رىسالىسىگە ئىشەنمەيدىغانلارنىڭ جازاسىنى ئوخشاش قىلىپ بەلگىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «اﷲ كىمنى ھىدايەت قىلماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى ئىسلام ئۈچۈن ئاچىدۇ (يەنى ئۇنىڭ قەلبىنى ئىمانغا كېڭەيتىپ بېرىدۇ)، اﷲ كىمنى ئازدۇرماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆكسىنى شۇنچە تارايتىۋېتىدۇكى، (ئىمان ئېيتىش) ئۇنىڭغا گويا ئاسمانغا چىقىشتىنمۇ قىيىن تۇيۇلىدۇ، ئىمان ئېيتمىغانلارنى اﷲ مۇشۇنداق ئازابلايدۇ»[2]

قۇرئان كەرىمدە، ئەقىلنىڭ چۈشىنىش ۋە ئەقىل يۈرگۈزۈش مەقسەت قىلىنغان شەيئىنىڭ تۈرىگە ئاساسەن بىر نەچچە خىل مەنىلىرى بار. بۇلارنىڭ بىر قىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1ـ كالامنى (سۆزنى) چۈشىنىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۆمىنلەر جامائەسى! دەۋىتىڭلار ئارقىلىق) يەھۇدىيلارنىڭ ئىمان ئېيتىشىنى ئۈمىد قىلامسىلەر؟ ھالبۇكى ئۇلاردىن بىر گۇرۇھ ئادەم اﷲ نىڭ كالامىنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ (قەستەن) ئۆزگەرتىۋەتتى»[3]، «شۈبھىسىزكى، سىلەرنى چۈشەنسۇن دەپ، ئۇنى ئەرەبچە قۇرئان قىلىپ نازىل قىلدۇق»[4] يەنى قۇرئان كەرىمنى ئەرەبچە قىلىشنىڭ سەۋەبىنى بۇ تىلدا سۆزلەۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە چۈشىنىشى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى.

2ـ سۆزدە قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بولماسلىقى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى ئەھلى كىتاب! (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) نېمە ئۈچۈن ئىبراھىم توغرىسىدا مۇنازىرىلىشىسىلەر؟ (ئىبراھىمنى ئۆزەڭلارنىڭ دىنىدا دەپ گۇمان قىلىسىلەر؟) ھالبۇكى، تەۋرات بىلەن ئىنجىل ئىبراھىمدىن كېيىن نازىل بولدى. (سۆزۈڭلارنىڭ ئاساسسىز ئىكەنلىكىنى) چۈشەنمەمسىلەر؟»[5] ئىبراھىم يەھۇدىي

ئىدى ياكى ناسارا (خرىستىيان) ئىدى دېگەن كىشى گويا ئىبراھىم يەھۇدىيلىققا ياكى ناساراللىققا تەۋەلىكتە ۋۇجۇدى مۇقەددەم ئىدى، لېكىن ئۇ ئىككىسىگە كېيىن يېتىشۋالغان دېگەن كىشىگە ئوخشاش ئىدى. بۇ نوقتا ئاللاھ تائالانىڭ مونۇ ئايىتىدە يورىتىلىدۇ: «ئۇلار الله نى ھەقىقي رەۋىشتە تونۇمىدى، ئۇلار (يەنى يەھۇدىيلار) ئۆز ۋاقتىدا: «الله ھېچ كىشىگە ھېچ نەرسە نازىل قىلمىدى» دېدى (يەنى ۋەھىينى ۋە پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلدى). (ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، «مۇسا ئېلىپ كەلگەن ۋە كىشىلەرگە نۇر، ھىدايەت بولغان كىتابنى كىم نازىل قىلدى؟ ئۇ كىتابنى پارچە ـ پارچە قەغەزلەرگە كۆچۈرۈپ، بىر قىسمىنى ئاشكارىلاپ، كۆپ قىسمىنى يوشۇرىسىلەر. (ئى يەھۇدىيلار!) سىلەرگە ئۆزەڭلار ۋە ئاتا ـبوۋاڭلار بىلمىگەن نەرسىلەر بىلدۈرۈلدى، (بۇ قۇرئاننى) الله (نازىل قىلدى)». ئاندىن ئۇلارنى تەرك ئەتكىنكى، ئۇلار باتىللىرىدا (يەنى قالايمىقان سۆزلىرىدە) ئويناپ يۈرسۇن»[6] ئاللاھ تائالانىڭ بۇ سۆزى "بىز مۇسانىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشىنىمىز" دەپ بىلجىرلايدىغان يەھۇدىلارغا قارىتىلغان؛ يەنى ئايەت كەرىمە ئۇلارغا "سىلەرنىڭ ئاللاھ تائالا مۇساغا تەۋراتنى نازىل قىلدى، دەپ بولۇپ، ئاللاھ ئىنسانلارغا ھېچ نەرسە نازىل قىلمىغان دېگەن سۆزىڭلار بىرـ بىرىگە قارىمۇ قارشى ئەمەسمۇ؟" دەۋاتقاندەك تويغۇ بېرىدۇ.

دەلىل ۋە ھۆججەتلەرنى چۈشىنىش ياكى ئاڭقىرىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرگە ئۆزەڭلاردىن بىر مىسال كەلتۈرىدۇ، بىز سىلەرگە رىزىق قىلىپ بەرگەن مال - مۈلۈككە قۇللىرىڭلارنىڭ شېرىك بولۇشىغا، ئۇ بارىدا ئۇلارنىڭ سىلەر بىلەن باراۋەر بولۇشىغا، ئۇلاردىن ئۆزلىرىڭلار (يەنى ئازاد كىشىلەر)دىن قورققاندەك قورقۇشقا رازىمۇسىلەر؟ (بۇنىڭغا رازى بولمىغان ئىكەنسىلەر، مەخلۇقاتنىڭ الله غا شېرىك بولۇشىغا قانداق رازى بولىدۇڭلار؟) چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن ئايەتلەرنى مۇشۇنداق تەپسىلىي بايان قىلىمىز»[7]، يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر الله ئىرادە قىلسا، سىلەرگە ئۇنى(يەنى قۇرئاننى) تىلاۋەت قىلماس ئىدىم، الله مۇ ئۇنى (مەن ئارقىلىق) سىلەرگە بىلدۈرمەس ئىدى. ئاراڭلاردا ئۇنىڭدىن (يەنى قۇرئان نازىل بولۇشتىن ) ئىلگىرى ئۇزۇن

زامان تۇردۇم، (مۆجىزە بولغان بۇ قۇرئاننىڭ پەقەت الله تەرىپىدىن نازىل بولغانلىقىنى بىلشىمە) ئەقلىڭلارنى ئىشلەتمەمسىلەر؟» دېگىن»[8]

سۆزنىڭ ئەمەلگە ئويغۇن بولىشى: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا بۇيرۇپ ئۆزەڭلارنى ئۇنتۇمسىلەر؟ ھالبۇكى، سىلەر كىتاب (يەنى تەۋرات)نى ئوقۇپ تۇرىسىلەر، چۈشەنمەمسىلەر»[9] شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە مۇنداق دەيدۇ: «شۇئەيب ئېيتتى: «ئى قەۋمىم! ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، پەرۋەردىگارىم ماڭا روشەن پاكىت (يەنى پەيغەمبەرلىك) ۋە كەڭتاشا ھالال رىزىق ئاتا قىلغان تۇرسا، (مەن شۇنداق نېمەتلەرنى ئاتا قىلغان پەرۋەردىگارىمنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلامدىم؟) سىلەرگە قىلىش مەنئى قىلغان نەرسىنى ئۆزەممۇ قىلىشنى خالىمايمەن، مەن پەقەت (سىلەرنى) قولۇمدىن كېلىشىچە تۈزەشنىلا خالايمەن، مەن پەقەت الله نىڭ ياردىمى بولغاندىلا مۇۋەپپەقىيەت قازىنالايمەن، (ھەممە ئىشتا) الله غا تايىنىمەن ۋە ئۇنىڭغا يۈزلىنىمەن»[10]   ئەمما بۇ يەردىكى قارىمۇ قارشىلىقلارنى توغرىلاش ئەمەلنى سۆزگە ئويغۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىدۇ. بۇ ئايەتتىكى ئەيىبلەش ياخشىلىققا بۇيرۇشقا ئەمەس،بەلكى، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا قارىتىلغاندۇر. چۈنكى، ياخشىلىققا بۇيرۇش ياخشى ئىش، ئۇنىڭغا چاقىرغۇچىلارنىڭ ئەمەل قىلماسلىقى ئۇنىڭدىكى گۈزەللىكىنى تەسىر يەتكۈزەلمەيدۇ. بىر كىشى بىرسىنى ئىخلاسمەنلىككە چاقىرىشى مۇمكىن، گەرچە ئۆزى ئىخلاستىن يىراق بولسىمۇ. ئەۋلادلىرىنى تاماكا چېكمەسلىككە ياكى ھاراق ئىچمەسلىككە دەۋەت قىلغان كىشى (گەرچە ئۆزى شۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللانسىمۇ) ئۇنىڭدىن ئەپسۇسلىنىپلا بولدى قىلغان ياكى ئۇلارنى توسمىغان كىشىگە قارىغاندا ياخشىدۇر.

3ـ ماددى ياكى مەنىۋى بولىشىدىن قەتئىي نەزەر مەنپەئەتلىك ئىشلارنى تاللاپ، زىيانلىق ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش: بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت ئويۇن، غەپلەتتىنلا ئىبارەت، تەقۋادارلىق قىلىدىغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئۇ دۇنيا ياخشىدۇر، (بۇنى)

چۈشەنمەمسلەر؟»[11] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «سلەرنىڭ شان ـ شەرىپىڭلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) سلەرگە ھەقىقەتەن نازىل قىلىپ بەردۇق. (بۇنى) چۈشەنمەمسلەر؟»[12]

4ـ نەق كىلىشى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئازراق پايدىنى يىتىپ كىلىشى كۈتۈلگۈاتقان چوڭ مەنپەئەتىگە قۇربان قىلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سلەرگە قانداق نەرسە بېرىلمىسۇن، (ئۇ) دۇنيا تىرىكچىلىكىدىكى پايدىلىنىدىغان نەرسىدۇر ۋە دۇنيا تىرىكچىلىكىنىڭ زىننىتىدۇر، اللّٰه نىڭ دەرگاھىدىكى ساۋاب ئەڭ ياخشىدۇر، ئەڭ باقىيدۇر،چۈشەنمەمسلەر؟»[13] بۇ ئايەتنى يەنە باشقا ئەقلىنىڭ زىيرى كەچمىگەن بىر قىسىم ئايەتلەرمۇ كۆچلەندۇرىدۇ: «ئى مۆمىنلەر! سلەرگە اللّٰه نىڭ يولىدا جىھاد قىلىشقا چىقىڭلار دىيىلسە، نېمىشقا يۇرتۇڭلاردىن ئايرىلغىڭلار كەلمەيدۇ؟ دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىكى (بەخت) بىلەن تېگىشىشكە رازى بولدۇڭلارمۇ؟ دۇنيا ھاياتىدىن بەھرىمەن بولۇش ئاخىرەتنىڭ نېمەتلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئەرزىمەس نەرسىدۇر»[14]

5ـ ھادىسىلەردىن توغرا ئىبرەتلەرنى ئېلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن (ئىبرەت قىلىپ)ئۇنىڭدىن (يەنى شەھەر خارابىسىنىڭ ئىزلىرىدىن) روشەن نىشاننى ھەقىقەتەن قالدۇردۇق»[15]

6ـ تارىختىن ئىبرەت ئېلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «بىز سەندىن ئىلگىرى پەقەت شەھەر ئاھالىسىدىن بولغان ئەرلەرنى پەيغەمبەر قىلىپ، ئۇلارغا ۋەھيى قىلدۇق، ئۇلار (يەنى پەيغەمبەرگە چىنپۈتمىگۈچىلەر) يەر يۈزىدە سەير قىلىپ يۈرۈپ ئۆزلىرىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى كۆزەتمىدىمۇ؟ ئاخىرەت يۇرتى تەقۋادارلىق قىلغانلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە ياخشىدۇر، سلەر چۈشەنمەمسلەر»[16]

7ـ كائىناتتا ئالاقىدار ئايەتلەرنىڭ كۆرستىش ئۇبيېتلىرىنى بىلىش: ئاللاھ تائالا مۇنداق

دەيدۇ: «ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ يارىتىلىشىدا، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشىدە، كىشىلەرگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن كېمىلەردە، ﷲ بۇلۇتتىن ياغدۇرۇپ بەرگەن، ئۆلگەن زېمىننى تىرىلدۈرىدىغان يامغۇردا، يەر يۈزىگە تارقىتىۋەتىيەن هايۋاناتلاردا، شامال يۆنىلىشلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىدا، ئاسمان ـ زېمىن ئارىسىدا بويسۇندۇرۇلغان بۇلۇتلاردا، چۈشىنىدىغان كىشىلەر ئۈچۈن، ئەلۋەتتە (ﷲ نىڭ بىرلىكىنى كۆرسىتىدىغان) دەلىللەر باردۇر»[17] يەنە مۇنداق دەيدۇ: «الله سىلەرگە كېچىنى، كۈندۈزنى، كۈننى، ئاينى بويسۇندۇرۇپ بەردى، يۇلتۇزلارمۇ اللهنىڭ ئەمرى بىلەن بويسۇندۇرۇلغاندۇر؛ چۈشىنىدىغان قەۋم ئۈچۈن بۇنىڭدا نۇرغۇن دەلىللەر بار»[18]

8ـ كىشىلەرگە، بولۇپمۇ پەيغەمبەرلەرگە ياخشى مۇئامىلىدە بولۇش: «شۈبھىسىزكى، سېنى هۇجرىلار (يەنى پاك ئاياللىرىڭنىڭ تۇرالغۇ جايلىرى) ئارقىسىدىن توۋلايدىغانلارنىڭ تولىسى ئەقىلسىز كىشىلەردۇر»[19]

يوقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھ تائالانىڭ بارلىق ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان ئەقلىي قۇدرەتلىرىدىندۇر. بۇنى ھەممە بىردەك ئېتىراپ قىلىدۇ. ئەقىلگە ئاداش بولماسلىق ئەقىلسىزلىك ئىيەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىلىشىدۇ. يوقىرىقى ئايەتلەردە بايان قىلىنغاندەك ئەقلىغا مۇۋاپىق ئىش قىلمىغانلىقنى ئېتىراپ قىلىسىمۇ كۇپايە.

ئەمما شۇ نەرسىنى ئەستىن چىقارماسلىق لازىمىكى، قۇرئان كەرىمنىڭ ئەقىلگە دائىر بايانلىرى ئەقىل سۆزى كەلگەن ئايەتلەرگىلا خاس ئەمەس. قۇرئان كەرىمدە يەنە نۇرغۇن ئايەتلەر ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي قۇدرەتلىرىگە ئىشارە قىلىدۇ.

قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقلىي ئۆلچەم ئېلىشىغا ياردەم بېرىدىغان ئايەتلەرنى يېتەرلىك دەرىجىدە ئۆز ئىچىگە ئالغان....

http://www.jaafaridris.com/Arabic/aarticles/aql.htm

ئەسكەرتىش: بۇ ماقالە يۇقىرىقى ئىنتېرنېت تورىدىن ئېلىنىپ، قىسمەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى.

تــ ئا.قارلۇقىي

[1] يۇنۇس سۈرىسى 100ـ ئايەت.

[2] ئەنئام سۈرىسى 125ـ ئايەت.

[3] بەقەرە سۈرىسى 75ـ ئايەت.

[4] يۇسۇف سۈرىسى 2ـ ئايەت.

[5] ئال ئىمران سۈرىسى 65ـ ئايەت.

[6] ئەنئام سۈرىسى 91ـ ئايەت.

[7] رۇم سۈرىسى 28ـ ئايەت.

[8] يۇنۇس سۈرىسى 16ـ ئايەت.

[9] بەقەرە سۈرىسى 44ـ ئايەت.

[10] ھۇد سۈرىسى 88ـ ئايەت.

[11] ئەنئام سۈرىسى 32ـ ئايەت.

[12] ئەنبىيا سۈرىسى 10ـ ئايەت.

[13] قەسەس سۈرىسى 60ـ ئايەت.

[14] تەۋبە سۈرىسى 38ـ ئايەت.

[15] ئەنكەبۇت سۈرىسى 35ـ ئايەت.

[16]    يۈسۈف سۈرىسى 109ـ ئايەت.

[17]    بەقەرە سۈرىسى 164ـ ئايەت.

[18]    نەھل سۈرىسى 12ـ ئايەت.

[19]    ھۇجۇرات سۈرىسى 4ـ ئايەت.

# كۈپۈرنىڭ ماھىيتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە

بىر قىسىم ئىنسانلار مۇسۇلمان ئائىلىسىدە تۇغۇلۇپ دۇنياغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ھاياتى جەريانىدىن خەۋەرسىز، ئاڭسىز ھالدا ياشاشنى (ئىلاھى قانۇنىيەت ئاساسىدا) داۋام قىلىشۋاتقانلىقىنى، ياراتقان ئىگىسىنى تونۇش ئۈچۈن ئەقلىنى، زېھنىنى ۋە سەزگۈ قابىلىيىتىنى ئىشلەتمەستىن، ئىنىيار قىلىش ئەركىنلىكىنى ئىشلىتىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشنى رەت قىلىشۋاتقانلىقىنى كورۈۋالالايمىز. كۈپۈرنىڭ ئەسلىدىكى مەنىسى، يوشۇرماق ، يۈگمەك، پەردىلىمەك دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ. ئاللاھنى ئىنىيار قىلغان ئىنسان ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىكى (يارىلىتىشىدىكى) ھەقىقەتنى يوشۇرىدۇ. (چۈنكى ئىنسان پىترەت ئۈستىگە تۇغۇلىدۇ) ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى ، ئەزالىرى، مۇسىۇل ۋە نېرۋىلىرىنىڭ ھەربىر تالاسى تەبئىي قانۇنىيەتكە بويسۇنغان ھالدا ئىشلەيدۇ. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى جانلىق ۋە جانسىز ھەر قانداق نەرسە بىر ئىلاھىي قانۇن بىلەن ئۆز ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلماقتا ئىكەنۇ.. ، بۇ ئىنساننىڭ كۆزى ۋە ئەقلى خۇددى غۇۋا پەردىلەر بىلەن توسۇلۇپ قالغاندەك بۇ ھەقىقەتلەرگە كۆز يۇمغان ۋە ئۇنىڭغا خىلاپ چۈشەنچىدە بولۇش بىلەن بىرگە كۈپۈرنىڭ قاراڭغۇلۇقلىرىدا ئەتراپىنى تىمىسقىلاپ يۈرمەكتە.

كۈپۈر، جاھالەت (بىلىمسىزلىك، نادانلىق) نىڭ ئۆزى دېمەكتۇر، كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە بىردىن بىر ئىگىسى بولغان ئاللاھ تائالانى بىلمەسلىكتىنمۇ بۈيۈك جاھىللىق ۋە نادانلىق بولماس! ئىنسان ئەتراپىدىكى تەبىئەتنىڭ چەكسىز مەنزىللىرىنى، كېچە-كۈندۈز توختىماستىن ئىشلەۋاتقان ئاجايىپ تەبىئەت مېخانىزىمىنى ھەمدە كائىناتنىڭ ھەر يېرىدە ئاشىارا مەۋجۇد بولغان بۈيۈك مەۋجۇداتلارنى كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ بۇلارنى ياراتقان ۋە ئىدارە قىلىشۋاتقان قۇدرەتلىك ئاللاھنى تونۇماسمۇ!؟ مۇكەممەل بىر شەكىلدە ئىشلەۋاتقان كەم كۈتىسىز بىر ئورگانىزمدىن ئىبارەت ۋۇجۇدىنى كۆرۈپ بىلىپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنى ئۆزى خالىغان مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ. لېكىن، بۇلارنى ياراتقان قۇدرەتنى، بۇ مېخانىزمنى سىزىپ پىلانلىغان ئىنژېنېرنى تونۇمايدۇ ۋە

ياكى تونۇشقا ئىنتىلمەيدۇ. بۇنداق ئىنسانلارنىڭ جاھالەت قاراڭغۇلىقى ئىچىدە تېمىسقىلاپ يۈرگىنى يۈرگەن.

ئىسلام دىنى ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشىگە ئۈندىگەنلىكى ئۇلۇغ قۇلچىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە ئۇنىڭغا ئائىت بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيىتى بىلەن ئىسپاتلاشقا چاقىرىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا ئىنسان ئالاھنىڭ ئىسلامدىن ئىبارەت بۇ بۈيۈك نېمىتىگە كۇپۇر قىلماق، ئۆزىگە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زۇلۇم قىلغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ ھەممىمىزنى جۈملىدىن ئۇيغۇر مىللىتىنى توغرا يولغا يېتەكلىشنى ۋە ئۆز رەھمىتىگە ئېلىشنى سورايمەن.

# تەۋبە ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى

مۇسۇلمان هاياتىدا تەۋبە مۇهىم ماۋزۇلاردىن بىرى، مۇسۇلمان داۋاملىق تەۋبىگە ئالدىرايدۇ. بىز ئاللاھتىن تەۋبىمىزنى قوبۇل قىلىپ،گۇناھلىرىمىزنى كەچۈرۈم قىلىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

تەۋبىنىڭ لۇغەت مەنىسى:قايتىش دېگەننى بىلدۈرىدۇ. شەرىئەت ئاتالغۇسىدا بولسا سادىر قىلىپ سالغان گۇناھلىرىغا پۇشايمان قىلىپ،تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە شۇ گۇناھلارنى قايتا سادىر قىلماسلىققا ئىرادە باغلاشتىن ئىبارەت.

ئىمام ئىبنى قەييۇم جەۋزى مۇنداق دەيدۇ:"تەۋبە ئىرادە ۋە قەستنى كۈچلاندۇرىدىغان پۇشايمان. پۇشايماننىڭ ئالامىتى سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا ئۆمۈر بويى پۇشايمان قىلىش،كىلەچەكنى ئىسلاھ قىلىش دىمەكتۇر".

ساھابىلاردىن ئەمر ۋە ئەبۇ مۇئاز(ئاللاھ ئۇلاردىن رازى بولسۇن) لارمۇنداق دېگەن:"ھەقىقي تەۋبە، سادىر قىلغان گۇناھلىرىغا ئىككىنچى قايتماسلىق ئىرادە بىلەن يېنىشتۇر، بۇنىڭ مىسالى خۇددى سىغىلغان سۈت ئەمچەككە قايتمىغاندەك گۇناھقا قايتماسلىقتىن ئىبارەت. ئالىملارنىڭ بىرى تەۋبىنى چۈشەندۈرۈپ: تەۋبە تىلدا ئىستىغفار ئېيتىش،دىلدا پۇشايمان قىلىش، جىسمنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت؛ دەيدۇ. تەۋبە ھەققىدە كۆپلەپ ئايەت،ھەدىسلار كەلگەن. ئىنسان گۇناھدىن خالى بولالمايدۇ، بىراق ئىنسان گۇناھ قىلىپ سالغاندا بىپەرۋالىق قىلماستىن تەۋبە قىلىشى، قىلىپ سالغان گۇناھلىرىنى قايتا سادىر قىلماسلىقى لازىم، ئىسلام شۇنداق تەۋبە گە چاقىرىدۇ.

قۇرئان كەرىمدا تەۋبە ھەققىدە كەلگەن بەزى ئايەتلەر:

[الله ھەقىقەتەن تەۋبە قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ. (ھارامدىن ۋە نىجاسەتتىن) پاك بولغۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ. ] (بەقەرە سۈرىسى 222- ئايەت.)

[ئى مۆمىنلەر الله غا سەمىمي تەۋبە قىلىڭلار، ئۇمىدكى، پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرنىڭ گۇناھىڭلارنى يوققا چىقىرىدۇ، سىلەرنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ، ئۇ كۈندە

(يەنى قىيامەت كۈنىدە) اللە پەيغەمبەرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان مۆمىنلەرنى رەسۋا قىلمايدۇ، ئۇلارنىڭ نۇرى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ۋە ئوڭ تەرىپىدە يۈرىدۇ، ئۇلار: «ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە نۇرىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بەرگىن، بىزگە مەغپىرەت قىلغىن، سەن بولساڭ ھەقىقەتەن ھەر نەرسىگە قادىرسەن» دەيدۇ.] (تەھرىم سۈرىسى66-ئايەت)

[ئى مۆمىنلەر! بەختكە ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ھەممىڭلار اللە غا تەۋبە قىلىڭلار] (نۇر سۈرىسى 31-ئايەت).

[پەقەت (ئۇلارنىڭ ئىچىدىن) (بۇ دۇنيادىكى چېغىدا) تەۋبە قىلغان، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارلا بۇ ھالدا قالمايدۇ، اللە ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىنى ياخشىلىققا ئالماشتۇرىدۇ، اللە تولىمۇ مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر ۋە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر]. (فۇرقان سۈرىسى 70-ئايەت)

تەۋبە ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىزگە كەلگەن ھەدىسلارمۇ ئىنتايىن كۆپ بولۇپ بەزىلىرىنى كەلتۈرىمىز:

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىر ھەدىسىدا مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ بىلەن قەسەمكى مەن ئاللاھتىن بىر كۈندە 70 قېتىمدىن كۆپ تەۋبە-ئىستىغفار تىلەيمەن" يەنەبىر رىۋايەتتە "بىركۈندە يۈز قېتىمدىن كۆپ تەۋبە-ئىستىغفار تىلەيمەن دېگەن".

يەنەبىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قۇياش غەربتىن چىقىشتىن بۇرۇن كىمكى تەۋبە قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ تەۋبىسىنى قوبۇل قىلىدۇ". ئىبنى مەسئۇد(ئاللاھ ئۇنىڭدىن رازى بولسۇن) رىۋايەت قىلغان مەشھۇر ھەدىسدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:"ئاللاھ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن، سۇ-گىياھسىز چۆل باياۋاندا توختاپ ئۇخلاپ ئويغىنىپ قارىسا تۆگىسى يىمەك-ئىچمەكلىرى بىلەن يوقاپكەتكەندىن كېيىن تۆگىسىنى ئىزدەپ بارمىغان يەر قالماي ئۆمىدىنى ئۈزۈپ، ئۆلۈمگە تەن بېرىپ ئۆلۈمنى كۈتۈپ ئولتۇرسا تۇساتتىن تۆگىسى يېنىدا پەيدا بولۇپ قالغاندىن كېيىن سۇ ئىچىپ، قورسىقىنى تويغۇزغان ئادەم قايسى دەرىجىدە خۇشال بولسا

ئاللاھمۇ بەندىسىنىڭ تەۋبىسىدىن شۇنداق خۇشال بولىدۇ"(بۇخارى،مۇسلىم)

قېرىندىشىم بىلىڭكى، ئاللا پۇشايمان ۋە ئىستىغفار بىلەن قىلىنغان ھەقىقىي تەۋبىنى قوبۇل قىلىدۇ. تەۋبىنىڭ دەرۋازىسى ھەرقانداق گۇناھكارغا ئوچۇقتۇر. گۇنا ھەرقانچە كۆپ، ئېغىر بولسىمۇ تەۋبە قىلغۇچىغا ئاللانىڭ رەھمىتى كەڭدۇر. سىز ھەرگىز ئۈمىتسىز بولماڭ، ئۈمىتسىزلىككە يولمۇ قويماڭ. ئىنسانىنىڭ گۇناھلىرى ئاسمان-زېمىندەك كۆپ، چوڭ بولسىمۇ ئاللا ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈم قىلىشقا قادىر. گۇناھىدىن قايتىپ، تامامەن قول ئۈزۈپ تەۋبە قىلغان كىشى گۇناھسىز كىشىگە ئوخشاش پاكلىنىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستۇر:

"ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن(ئاللارازى بولسۇن)رىۋايىتىدە جۇھەينە ئايمىقىغا مەنسۇپ بىر ئايال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كىلىپ ئۆزىنىڭ زىنادىن ھامىلە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئۆزىگە ئاللانىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغاندىن كېيىن ئايالنىڭ كېيىمىنى جىسمىغا تېڭىپ ئاندىن رەجىم (تاش ئېتىپ ئۆلتۈرۈش) قىلىشقا بۇيرىغان. رەجىم قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى ئۇ ئايالنىڭ نامىزىنى چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئۆمەر(ئاللاھ رازى بولسۇن) ئى رەسۇلۇللاھ بۇ ئايال زىنا قىلغان تۇرسا نامىزىنى چۈشۈرەملا ؟! دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: بۇ ئايال شۇنداق تەۋبە قىلغانكى، مەدىنە ئەھلىدىن 70 كىشىگە تارقىتىلسا يېتىپ ئېشىپ قالىدۇ، ئۆزجېنىنى ئاللا يولىدا سېخىلارچە قۇربان قىلغان كىشىدىن ئەۋزەل كىشىنى كۆردۈڭمۇ؟" دەيدۇ (بۇخارى،مۇسلىم).

تۆۋەندە تەۋبىنىڭ شەرتىنى بايان قىلىشنى مۇناسىپ كۆردۇق:

1- ئىخلاسنى ئاللاھغا قىلىش، تەۋبىنى بولسا ئاللاھدىن تىلەش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساۋاپ ئۈمىت قىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنى تىلەش.

2- سادىر قىلغان گۇناھلارغا پۇشايمان قىلىش بىلەن قاتتىق ئېچىنىش.

3- گۇناھدىن تېزلىكتە قول ئۈزۈش. ئەگەر ئۇ ئاللاھنىڭ ھەققىدە بولسا ئىككىنچى قايتماسلىق

ئىرادىسى بىلەن قول ئۈزۈش.بەندە ھەققىدە بولۇپ قالسا قول ئۈزۈش بىلەن بىرگە مۇناسىۋەتلىك كىشىدىن كەچۈرۈم سوراش.

4- چوڭ-كىچىك ھەرقانداق گۇناھ قىلماسلىققا ئىرادە باغلاش.

5- تەۋبىگە كېچىكىپ قالماسلىق ۋە ئالدىراش.

ئەجەل توشۇپ قالغان تەقدىردە، كۈن مەغرىپتىن چىقىپ قالسا تەۋبە قوبۇل قىلىنماي قالىدۇ.ئۇ ۋاقىتتا ئىنسان قاتتىق زىيان تارتقۇچىلاردىن بولۇپ ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالىدۇ. ئاللاھتائالا ھەممىمىزنى گۇناھلىرىمىزغا تەۋبە قىلىشىمىزغا مۇيەسسەر قىلسۇن.

ماقالىنى تەييارلىغۇچى: سىراجىددىن ئەزىزى

# ”ئەمنۇل ئۇممە“ (ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى)

(پاكىستاننىڭ ئاتاقلىق ئىسلام ئالىمى شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك دىنى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان كاتتا ساھابىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئىسلامنى باغرىغا باسقان چاغلاردا ئەسەبىي خېيىم - خەتەرلەرنىڭ شىددەتلىك بورانلىرى ئىسلام تەرەپكە قەدەم ئالماقچى بولىۋاتقان ئىنسانلارنى ئارقىغا ئىتتىرىۋېتىش ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىۋاتقان، ئىسلامغا يېقىنلىشىشنىڭ مەنىسى، پۈتۈن دۇنيادىن ئاجراپ كېتىش بولۇپ ھېساپلىنىدىغان بىر پەيت ئىدى. ئاخىرەتلىك ھاياتتا بەختىيار ماكان بەرپا قىلىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئاتىغان ئەزىمەتلەر بولسا، دۇنيا ھاياتىغا پەرۋا قىلماستىن ئاجايىپ قىزغىنلىق بىلەن ئالغا ئىلگىرلىمەكتە ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ دەل ئەشۇ كارۋانلار سېپىدە مەۋجۇت بولۇپ، ئۇ ھەر ئىككى قولى بىلەن دۇنيانى يىراققا ئىتتىرىپ، ئاللاھ تەرەپكە ئۆزلۈكسىز سەپەرنى داۋام قىلىۋاتاتتى.

ئاسىيلىقنىڭ قان - يىرىڭ دولقۇنلىرى ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن كۆرەشتە ئىمان - ئىسلامنىڭ كېمىلىرىنى توسۇۋالماقچى بولۇپ، بەدىر مەيدانىدا تۇنجى قانلىق جەڭ ئۈچۈن سىگنال چالغاندا، كېيىنكە ئورنىپ جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇق مەيدانىغا كۆكرەك كېرىپ سەكرەپ چۈشكەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىگە قارشى قىلىچ ئۇرىۋاتقان كىشىنىڭ باشقا بىرى ئەمەس، بەلكى دەل ئۆز دادىسى ئىكەنلىكىنى كۆردى. گەرچە كاپىر دادىنىڭ قېنى ئاللى بۇرۇن مۆئمىن ئوغۇل ئۈچۈن ھالال بولۇپ بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ نەزىرىدە يەنىلا ئۇ ”دادا“ ئىدى. دادا ئوغلىنىڭ ئاللاھنىڭ ئالدىدا ئېگىلگەن بېشىنى كېسىپ تاشلىماقچى بولىۋاتاتتى. لېكىن مۆمىن ئوغۇلنىڭ پۈتۈن ئوي - خىيالى «كاشكى مېنىڭ قىلىچىم دادامنىڭ ھاياتىنى كۈپۈرلۈق ھالىتىدە تامام قىلىۋېتىشكە سەۋەبچى بولۇپ قالمىسا ئىدى» دېگەنىدىنلا ئىبارەت ئىدى. شۇڭا ئۇ دادىسىنىڭ

ئۇرغان زەربىلىرىنى تونۇپ ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىۋاتقان بولسىمۇ دادىغا قەتئىي قىلىچ ئۇرمايۋاتاتتى. ئۇ تۇيۇقسىزدىنلا «دادامنىڭ ئۇرىۋاتقان قىلىچى ماڭا ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۇرۇلىۋاتقان قىلىچ ئەمەسمۇ؟» دېگەننى ھېس قىلدى - دە، چاقماق تېزلىكى بىلەن بىرلا زەربىدە ئاللاھنىڭ دىنى ئۈچۈن كاپىر دادىنىڭ بويىنىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

ئوھۇد مەيدانىدا بولسا كۇپپار ھەم شېرىكچىلىكنىڭ ياۋۇز كۈچلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى زەخىملەندۈرگەن ۋە ئۆلارنىڭ ۋەھشىلەرچە ھۇجۇمى تۈپەيلى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك چېھرىگە تۆمۈر ھالقا پېتىپ كەتكەن ئەھۋالنى كۆرگەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئېچىنىشلىق مەنزىرىگە قەتئىي چىداپ تۇرالمىدى. ئۇ ئاجايىپ قاتتىق ئازاپلىق ئۆرتىنىش بىلەن ئىلگىرلىگەنچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھالقىنى چىشىدا تارتىپ چىقارماقچى بولدى. ھالقا ئاستا - ئاستا چىقىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چىشىمۇ سۇنۇپ ئېغىزىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى، ئەمما ئۇ ھالقىنى چىشلەپ چىقارلىلغانلىقىنىڭ خۇشاللىقىدا چىشىنىڭ ئاغرىقىنىمۇ سەزمەيلا قالغان ئىدى. قىسقىسى، ھەققانىيەتنىڭ ئۆچمەس نۇرىنى زۇلمەت بىلەن ساختىلىقنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسماقچى بولغان ھەرقانداق چاغدا ۋە ھەرقانداق يەردە ئۇ دائىم ئەڭ دەسلەپ كۆكرەك كېرىپ، سەپنىڭ ئالدىدا ماڭغۇچىلاردىن ئىدى. ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن سەقىفە بەنى سائىدە قەبىلىسىدە تۇنجى خەلىپىنى دەرھال تەيىنلەش مەسلىسى مەيدانغا چىققان چاغدا، بۇ مەسىلە ئاللاھنىڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىگە نىسبەتەن ئۆز نەپسى بىلەن قانلىق جىھاد قىلمىسا بولمايدىغان ئىنتايىن نازۇك ھەل قىلغۇچ سىناققا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. مۇناپىقلار ئىغۋاگەرچىلىككە تايىنىپ ئىسلام دىنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن قوشۇپ مەڭگۈگە دەپنە قىلىۋەتمەكچى بولىۋاتاتتى. شەيتان باركۈچىنى ئىشقا سېلىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ پىداكار بەندىلىرىنى ھوقۇق تالىشىش ئىختىلاپىغا سورەپ كىرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ 23 يىل بويى ئۆز يۈرەك قېنى بىلەن

سۇغۇرۇپ يېتىشتۈرگەن خازاڭ بولماس ئىسلامىي قېرىنداشلىق بوستانىغا ئوت قويماقچى بولىۋاتاتتى. ھەردائىم ئىسلامغا ياردەمنى ئايىماي كەلگەن ئەنسارلار بۇگۈن ئۆزلىرى ئۈچۈن خەلىپىلىك ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىۋاتاتتى. مۇھاجىرلار بولسا، «خەلىپىلىككە ئىسلام ئۈچۈن ئۆز ئائىلىسىنى تاشلاپ چىققانلىغان مۇھاجىرلار ھەقلىق» دەپ تۇۋلىماقتا ئىدى. گەرچە ھوقۇق تالىشىش مەسىلىسى قايتا يەنە بىر قېتىم ئىسلام ئۈچۈن پىداكارلىقنى تەلەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ساداسى ھېسسىياتلىق غۇلغۇلىلار چىرماپ تۇرغان قۇلاقلارغا كىرمەيۋاتاتتى. ھوقۇق تالىشىشنىڭ بۇ ئاپەتلىك كەلكۈن يۈزلىنىشىنى قانداق قىلغاندا قايتىدىن پىداركارلىق ۋە قۇربان بېرىش ئىشتىياقى تەرەپكە بۇرىغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس ئىدى. دەل ئەنە شۇنداق جىددى ۋەزىيەتتە ئاخىرەتكە بولغان خەۋپ بىلەن ئۆمۈتتىن لەرزىگە كەلگەن ئاجايىپ جاراڭلىق بىر سادا ياڭراشقا باشلىدى. ئۇ پىداكارلىق ۋۇلقانىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى، دەرتمەن يۈرەكنىڭ ھەسرەتتىن نالە قىلىشى، ئاللاھ ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى قوربان قىلىش ئىشتىياقىنىڭ پىغان چېكىشى ئىدى.

«ئى ئەنسارلار! سىلەر ھەممىدىن ئىلگىرى ئىسلامغا تايانچ بولغان، ئۇنىڭغا مىننەتسىز ياردەم قۇلۇڭلارنى سۇنغان جامائەتسىلەر. ئەمدىلىكتە ئىسلام جامائىتىنى ھەممىدىن ئىلگىرى پارچىلايدىغان كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالساڭلار قانداق بولغىنى؟»

بۇ دەل ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى بولۇپ، چىن قەلبتىن چىققان بۇ ئەلەملىك سادا ئۆز قەلبىنىڭ ساداسىنى ئاڭلىيالمايۋاتقان قۇلاقلاردىن كىرگەنچە ئۇدۇل بېرىپ، ئىمان، ۋىجدانىنى لەرزىگە سېلىشقا باشلىدى. ئىختىلاپنىڭ قانلىق بۇلۇتلىرى خۇددى بىردەملىك توپا چاڭدەكلا توزۇپ تۈگىدى. تېخى بايىلا ھوقۇق تەلەپ قىلىۋاتقان ئەنسارلارنىڭ قەلبلىرىدە بىردىنلا پىداكارلىق ئىشتىياقى چاقماقتەك جۇش ئۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، «قېرىنداشلار! پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامىمۇ مۇھاجىر ئىدى، شۇڭا بىز ئىلگىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق ئەنسارلىرى بولغان بولساق،

ھازىرمۇ يەنە شۇنداق ئۇنىڭ خەلىپىسىنىڭ ئەنسارلىرى بولىشىمىز لازىم» دېگەن ئىككى ئېغىز سۆز بىلەنلا قورقۇنۇشلۇق ئىختىلاپ ئاپىتىنى پۈتۈنلەي سۈپۈرۈپ تاشلىدى. بۇ ئىمانىي پىداكارلىقنىڭ ھاياجانلىق كەيپىياتىدا ئورنىدىن تۇرغان ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ «قاراڭلار! مانا بۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب ھەققىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دائىم "ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن ئىسلام ھەسسىلەپ تەرەققى قىلغان" دەيتتى. مانا بۇ ئەبۇ ئۇبەيدەگە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزى "ئەمىنۇل ئۇممە" (يەنى ئۇممەتنىڭ ئامانەتدارى) دېگەن نامنى بەرگەن ئىدى. كېلىڭلار بىز ھەممىمىز مۇشۇ ئىككەيلەننىڭ بىرىگە بەيئەت قىلايلى!» دەپ خىتاب قىلدى.

بۇ خىتاب ھەققانىيەتنى ئەڭ دەسلەپ قوبۇل قىلىپ، ئىسلام ئۈچۈن ئاجايىپ كاتتا تۆھپىلەرنى قوشقان زاتنىڭ ئەمەلىكتە يەنىلا ھەممىدىن ئىلگىرى ئەڭ كاتتا قۇربانلىقنى بېرىپ، ئۆز تۆھپىسىنىڭ ھەققىدىن ۋاز كەچمەكچى بولىۋاتقانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكتە ئىدى. بۇ خىتاب ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر ئىككەيلەندىن بىرىنىڭ ئۆز جان پىدالىقلىرى بەدىلىگە خەلىپىلىك شەرىپىنى قولىغا ئېلىشى ئۈچۈن ئەڭ شانلىق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما خەلىپىلىك ئۈچۈن نامزاتلىقتا كۆرسىتىلىش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇرغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت قىلىپ «ئى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدىشى! سىلى تۇرغان يەردە بۇنىڭغا باشقا كىممۇ ھەقدار بولالىسۇن؟» دېيىشى بىلەن تەڭ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ تۇپ ئارىسىدىن يۈگۈرەكەنچە ئېتىلىپ چىقىپ، «توختىسىلا! مەن ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىۋالاي، مەن ئالدى بىلەن بەيئەت قىلىۋالاي!» دەپ ئالدىراش تۇۋلاپ كېتىشلىرى پۈتۈن دۇنيانى ھەيرەتتە قالدۇردى...

لازىقىيەنى فەتھى قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قۇماندانى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىم ئىمپىراتۇرىنىڭ ئىنتايىن كۈچلۈك قوشۇن بىلەن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان ئىدى. مۇسۇلمانلار قوشىنىمۇ ئۇلارغا قارشى ھەركەتكە ئۆتۈش

ئالدىدا تۇراتتى. ئەمما ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خېلى كۆپ ساندا ئايال، بالا - چاقىلارمۇ مەۋجۇت بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى قايسى بىخەتەر ئورۇنغا جايلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭغا مەلۇم بىرەيلەن: «لازىقىيەدە قالدۇرۇپ كېتەيلى!» دېگەن پىكىرنى بەردى. ئەمما ئىككىنچى بىرەيلەن بۇ پىكىرگە قارشى چىقىپ: «ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، بۇ خرىستىيانلارنىڭ شەھىرىگە ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، قانداقمۇ خاتىرجەم ئالغا ئىلگىرىلىگىلى بولسۇن؟» دېدى. ھەممەيلەن چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ بىخەتەر ساقلىنىشى ئۈچۈن بۇ شەھەرنى خرىستىيانلاردىن بىكارلىتىشتىن ئىبارەت ئۈچۈنچى يوللا قالغان ئىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى تۈز، ئادىدىللا قىلىپ بۇ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

- قانداقمۇ بۇنداق قىلغىلى بولسۇن؟ قوشۇن ئىچىدىن بىر ئەسكەر ئىنتايىن ئاچچىقلانغان ھالدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پىكرىگە قارشىلىق بىلدۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ: «بىز خرىستىئانلارغا ئامانلىق ئۈچۈن ۋەدە قىلغان. ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئامالسىزلىق تۈپەيلى ئۆز ۋەدىمىزدىن يېنىشىمىز قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟» دېدى.

ماھىيەتتە ئاياللارنىڭ خاتىرجەم ساقلىنىش مەسىلىسى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن قاتتىق ئامالسىز بىر ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرگەن بولۇپ، بۇ ئامالسىزلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان يوللۇق چارىگە نىسبەتەن ئاددىغىنە بىر ئەسكەر قارشى چىقماقتا ئىدى. ئەمما ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەن تەڭلا نە ئامالسىزلىقنى ئويلاپ ئولتۇرمىدى، نە قارشى چىققۇچىنىڭ ئاددى بىر ئەسكەر ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئولتۇرمىدى، بەلكى ئۇنىڭ ھېس قىلغىنى «ئۇنىڭ دېگىنى ھەق» دېگەندىنلا ئىبارەت بولدى. شۇڭا بىر مىنۇتنىمۇ تەۋەل قىلىپ يۈرۈشكە زايا قىلماستىن، ئۆزىنىڭ خاتا پىكىر بەرگەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ بىلەن دەرھال قوبۇل قىلدى ۋە ئەسكەرگە رەھمەت ئېيتتى.

- شەكسزكى، مەن خاتالىشپتىمەن، بىز بۇ خىرىستىئانلارنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ۋەدە قىلغان تۇرساق، ئەمدى قانداقمۇ ۋەدىمىزدىن يېنىۋالغۇدەكمىز؟ ھەقىقەتەن مەن خاتالىشپتىمەن، ھەقىقەتەن خاتالىشپتىمەن، دېيىشكە باشلىدى...

يەرمۇك ئۇرۇشىدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوشۇننىڭ باش قۇماندانى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن جىددى ئۇرۇش ھازىرلىقى قىلماقتا ئىدى. دەل شۇ پەيتتە خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، «ئەگەر سىلى قوشۇننىڭ قۇماندانلىقىنى ماڭا تاپشۇرسىلا ۋە پۈتۈن ئەسكەرلەرگە يارلىق چۈشۈرۈپ، ماڭا قەتئىي ئىتائەت قىلىشنى جاكارلىسىلا مەن بۇ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىشىمىزغا ئۈمىدۋار بولالايمەن» دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويىدى.

ماھىيەتتە خالىد رەزىيەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەقەتلا ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمۈتۋارلىقىنى ئىپادىلىمەكتە ئىدى. ئەمما بۇ ئۈمۈتنىڭ قىممىتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قۇماندانلىق شەرىپىدىن ۋاز كېچىشىدىن ئىبارەت بولماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «غەلىبىنىڭ چىرتىيۇڭنى سىزنىشتا مەنمۇ ھېچ كىشىدىن قېلىشمايمەنغۇ؟!» دېگەننى قەتئىي ئويلاپ ئولتۇرمىدى. بەلكى سۆزسىزلا ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان ئۈمۈتنى باغرىغا بېسىپ، قۇماندانلىق شەرىپىنى شۇ ھامان خالىد ئىبنى ۋەلىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىككى قوللاپ سۇنۇپ بەردى. خالىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىسلامنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قانچىلىك ئىخلاس بىلەن بۇ شەرەپنى تەلەپ قىلغان بولسا، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق چوڭقۇر ئىخلاس بىلەن بۇ شەرەپنى ئۆتۈنۈپ بەرگەن ئىدى. ئىسلامنىڭ غەلىبىسىگە بولغان بۇ ئىككى قەلبتىكى غەرەزسىز ئىخلاس ئاللاھنىڭ پەزلى بىلەن كۆچتۈڭگۈر رىم قوشۇنلىرى ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئىككى ئىخلاسمەن قەلبنىڭ بىرلىكتە ئۇركەشلىگەن دۇلقۇنلىرى ئالدىدا پولات ساۋۇتلار بىلەن مۇكەممەل قۇراللانغان رىم قوشۇنلىرى پۈت تىرەپ تۇرالمىدى. رىملىقلار جەڭ مەيدانىدا قالدۇرغان يۈز مىڭلارچە جەسەتلىرىنى دەسسەشكىنىچە ئۆلە تىرىلىشگە قارىماي بەدەر تىكىۋېتىشتى. ئاللاھنىڭ بۇ ئىككى ساداقەتمەن

بەندىلىرى چۇڭقۇر سۆيۈنۈش ئىچىدە تەبەسسۇم قىلماقتا ئىدى.

خۇزائە قەبىلىسىگە جازا يۈرىشى قىلىش ئۈچۈن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ باشقۇرىشىدا ئۈچ يۈز كىشىلىك مۇجاھىدلار ئەترىتى ئەۋەتىلگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئارقىدىن ياردەمگە ئەۋەتىلگەن قوشۇنغا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوماندانلىق قىلماقتا ئىدى. يەنە كېلىپ، بۇ قېتىمقى ياردەمچى قوشۇن ئىچىدە "شەيخەين" يەنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارغا ئوخشاش كاتتا ساھابىلەرنىڭمۇ مەۋجۇت بولغانلىقى ۋە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قوماندانلىقىغا ئەگىشىپ مېڭىۋاتقانلىقى ئاجايىپ كاتتا شەرەپ ئىدى. ئەمما ياردەمچى قوشۇن مەيدانغا يېتىپ كەلگەندە ئاللاھ تائالا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى سىناشقا باشلىدى.

ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «سىلەر ماڭا ياردەمگە كەلگەن قوشۇن، شۇڭا پۈتۈن قوشۇننىڭ قوماندانلىقى مېنىڭ قولۇمدا بولىشى لازىم» دەپ تەكىتلىدى. "ئەمىنۇل ئۇممە" ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: «ئەلبەتتە سىلى قايسى قوشۇنغا قوماندان قىلىپ تەيىنلەنگەن بولسىلىرى شۇ قوشۇنغا قوماندانلىق قىلىۋېرىلا، ئەمما بۇ ياردەمچى قوشۇن مېنىڭ قوماندانلىقىمغا تاپشۇرۇلغان، شۇڭا مەنمۇ ئۆز قوشۇنۇمغا قوماندانلىق قىلىۋېرىمەن» دەپ تەمكىن جاۋاپ بەردى.

لېكىن ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنىڭغا ئۇنىماي دېگىنىدە چىڭ تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرەر كۆڭۈلسىزلىك كېلىپ چىقىشىدىن ئەنسىرىگەن ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەرھال خۇشاللىق بىلەن ئۆز مەرتىۋىسىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ باشقۇرىشىغا ئۆتۈشكە ماقۇل بولدى.

ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامنى فەتھى قىلغاندىن كېيىنكى مەزگىللەردە كۆرسەتكەن چوڭ خىزمەتلىرى ۋە كېيىنكى پۈتۈن ئىشلاردا تۇتقان مۇھىم ئورنى بىلەن ئېسىل ئۈلگە بولۇپ قالدى. شۇڭا كېيىنكى ئىسلام تارىخىدا شۇ ۋاقىتتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى تەبىئىي ھالدا ئۆزلۈكسىز يۈكسىلىپ كېتىشكە باشلىدى. ئەمما شامنىڭ فاتىھى بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنىلا ئىلگىرىكىدەك قاتتىق ناننى سۇغا تۇگۇرۇپ يېيىشنى تاشلىمىغان ئىدى.

بەيتۇل مۇقەددەسكە قىلىنغان سەپەردە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى خۇشپىئىللىك بىلەن ئۇنىڭغا تەكەللۇپسىزلا «بۇرادەر، ئەمدى مېنى مېھمان قىلىدىغانسەن؟» دەپ تەلەپ قويىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەلاھۇ ئەنھۇ بىر ھازا جىم تۇرۇپلا قالدى. چۈنكى ئۇ خەلىپە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى قاتتىق - قۇرۇق نانلىرىنى بىلەن مېھمان قىلىشتىن بىر ئاز بىئارامىلىق ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاخىرى گەپ سۆزسىز ئىچكىرىگە كىرىپ كېتىپ قاتتىق ناننى ئېلىپ چىقتى ۋە كەچۈرۈم سورىغان ھالدا، «قىرىنىدىشىم، مېنىڭ يەيدىغان ئوزۇقۇم مۇشۇ، نان بەك قاتتىق، ئەمما سۇغا چىلىسا يۇمشايدۇ، ھەر كۈنى ئىككى ۋاخ مۇشۇنىڭ بىلەن ئوزۇقلىنىۋالىمەن» دەپ يەرگە قارىدى. ئۇنىڭ بۇ پەقىرانە ھاياتىغا قارىتا چۈكسىز ئەقىدە، ئېھتىرامى قوزغالغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاجايىپ زوقلىنىش ئىلكىدە ئۇنىڭغا باقماقتا ئىدى.

- ئى ئەبۇ ئۇبەيدە! ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىۋالغاندىن كېيىن سۆزنى داۋاملاشتۇردى. «شامغا كېلىپ، ھەممەيلەن ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، لېكىن پەقەت سەنلا ئۆزگەرمەي ئۆز پەدەڭنى ساقلاپ كەپسەن»

پەلەستىنىنىڭ ئاتاقلىق شەھرى ئەمۋاسدا ۋابا كېسىلى تارقاپ، ئازغىنە مۇددەت ئىچىدە شام، مىسىر ۋە ئىراقنىمۇ ئۆز قوينىغا ئېلىپ بولغان ئىدى. مىڭلىغان ئىنسانلار كېسەللىك سەۋەبىدىن جان بېرىشكە باشلىدى. دەل ئەنە شۇنداق قورقۇنچلۇق رايۇننىڭ بىرسىدە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ پەرۋاسىز ھاياتىنى داۋام قىلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ تەقدىرگە بولغان ئىمانى شۇ قەدەر كۈچلۈك ئىدىكى، خېيىم - خەتەرلەرگە ئەمەس، بەلكى خەتەردىن ساقلىنىشقا قارىتا «تەقدىرگە بولغان ئىمانىمغا دەخلى يېتىپ قالارمىكىن» دەپ ئەندىشە قىلاتتى. ئۆمەر فارۇق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال تەكشۈرۈش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى ۋە ناھايىتى تۆۋەنچىلىك بىلەن ئىلتىجا قىلغان ھالدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بۇ جايدىن يىراقلىراق كېتىش تەلىپىنى بەردى.

- نېمە؟ سەن تەقدىردىن قاچماقچىمۇ؟ مەردى مۆئمىن ئىمانىي ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي

قىيدىغاندەك جاۋاپ قايتۇردى.

ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ناھايىتى ھېكمەتلىك قىلىپ، «شۇنداق، ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن يەنە ئاللاھنىڭ تەقدىرى تەرەپكە قاچماقچىمەن» دەپ جاۋاپ بەردى. ئەمما بۇ گەپ ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى. ۋابا قاپلىغان جايدىن قېچىپ جان ساقلاشنى تەقدىرگە بولغان ئىمانىمغا خىلاپ دەپ چۈشەنمەكتە ئىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولسا، بۇ ئىجتىھادىي خاتالىق تۈپەيلىدىن شۇنچە قىممەتلىك بىر ئەزىمەتنىڭ زايا بولۇپ كېتىشىگە ھەسرەت يۇتماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئېھتىرام قىلىش يۈزىسىدىن باشقا ھېچنەرسە دېيەلمەي قالدى ۋە ئازاپلىق تۈيغۇلىرىنى مەھكەم قۇچاقلىغانچە ئامالسىز مەدىنىگە قايتىپ كەتتى. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ خۇددى قەلبى ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن قېلىپ قالغاندەك، توختىماي ئىزتىراپ چېكىپ يۈتۈن ئەس - خىيالى ئۇنىڭ بىلەنلا بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئاخىرى بىر چارە ئويلاپ چىقىپ، ئۇنىڭغا: «سەن بىلەن دېيىشىدىغان ئىنتايىن مۇھىم بىر ئىش چىقىپ قالدى، دەرھال مەدىنىگە كېلىپ يەنە قايتىپ كەتسەڭ بولىدۇ» دەپ خەت يازدى. خەتنىڭ تەكتىگە يېتىپ بولغان ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن: «مەن ئىسلام قوشۇنىنى بۇ يەردە تاشلاپ ئۆزەمنىڭ جىنىنى ساقلاش ئۈچۈن سېنىڭ يېنىڭغا بارالمايمەن. ئاللاھ نېمىنى ئىرادە قىلغان بولسا، شۇنى كۆرىمەن» دەپ خەت يوللىدى. بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئۆزىنىڭ ھېچ ئامال قىلالماي قىلىۋاتقانلىقىغا سىقىلغان خەلىپە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قايغۇرۇپ ياش تۆكتى. ئاخىرى ئىلتىماس ئۈستىگە ئىلتىماس قىلىپ يۈرۈپ، قوشۇننى ئېلىپ بىر ئاز خاتىرجەمرەك يەرگە يۆتكىلىپ تۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ ئۇبەيدە رەزئىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ پىكىرگە قوشۇلدى. ئەمما ئىككىنچى جايغا يۆتكىلىپ بولغۇچە ۋابا كېسەللىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ”ئەمىنۇل ئۇممە“ ھەزرەتى ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلىق ئامانىتىنى ئۆز ئىگىسىگە خۇشاللىق بىلەن تاپشۇردى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزىنى زادىلا تۇتالمىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «بۇ قېتىمقىسى پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كېيىن ھاياتىمىدىكى ئەڭ ئېغىر يوقۇتۇش بولدى» دېگىنىچە ئۇزۇنغىچە ھۆكرەپ يىغلاپ كەتكەن ئىدى.

نېمە دېگەن يۈكسەك، نېمە دېگەن ئېسىل، پەزىلەتلىك ئىنسان ھە، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؟! ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ ھەققىدە دائىم «ئەگەر مەن ئۆلۈپ كېتىدىغان چاغدا ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھاياتلا بولۇپ قالسا، ئۇنى خەلىپىلىككە تەيىنلەيمەن، ھەمدە ئاللاھنىڭ ئالدىغا ”ئى پەرۋەردىگارىم! پەيغەمبىرىڭ ئۆزى ”ئۈممەتنىڭ ئامەتدارى“ دەپ نام بەرگەن كىشىگە خەلىپىلىك ئامانىتىنى تاپشۇرۇپ كەلدىم“ دەپ خاتىرجەم ئېيتالايمەن» دەيتتى. شۇنداق، بۇ سۆز ھەرقانداق ئىككىنچى بىر كىشىنى خەلىپىلىككە نامزات كۆرسىتىشنى ئويلىغان چاغدىمۇ «ئۇنىڭ جاۋاپكارلىقى مېنىڭ ئۈستۈمدە بولۇپ قالىدۇ» دېگەن قورقۇنۇشتىن پۈتۈن ئەزايى لەرزىگە كېلىپ كېتىدىغان، ھەتتا ئۆز پەرزەنتىنىڭمۇ خەلىپىلىكىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالىشىغا ئىشىنەلمەي، ئۆز ۋەسىيىتىدە «مەندىن كېيىن ئۆزۈڭلار كىمنى خالىساڭلار شۇ كىشىنى خەلىپىلىككە تەيىنلەڭلار، ئەمما بىلىپ قويۇڭلاركى، ئۆمەرنىڭ ئائىلىسىدىن ھېچ كىشى خەلىپىلىككە ھەقلىق ئەمەس، مانا مەن بۇ ھەقنى مەڭگۈگە يوقۇتۇپ تاشلىدىم» دەپ خىتاب قىلغان شۇنچە ئېھتىياتچان زاتنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىدى. ئۇ دائىم «كاشكى ئۆزۈمدىن كېيىن خەلىپىلىككە ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى تەيىنلىيەلىگەن بولسام ئىدىم» دەپ ئارزۇ قىلاتتى.

نېمە دېگەن ئامەتلىك، نېمە دېگەن بەختلىك، نېمە دېگەن يۈكسەك ئىنسان ھە، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ؟! ئۇ پۈتۈن ھاياتىنى ئاللاھنىڭ دىنىنى يۇقىرى كۆتىرىش يولىدىلا سەرپ قىلدى. ئۆزى ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قوماندانى بولسىمۇ ھەر قېتىم يەرگە دەسسىگەندە ئاللاھنىڭ ئالدىدا مەنمەنلىكتىن قورقۇپ شۇنچە ئېھتىيات بىلەن ئاۋايلاپ دەسسەيتتى. شامنى فەتھ قىلغان ئۇلۇغ تۆھپىكار زات ئىدى، يۇ! غەلىبە - ئۇتۇقلارنىڭ مەھلىيالىق ئىززەت - ئىكرام، تۆر، زەرلىرىدىن قېچىپ، قاتتىق ناننى سۇغا تۆگۈرۈپ يەپ، ئاللاھنىڭ جەننەتتىن ئىبارەت ۋەدىسى بىلەنلا

ھوزۇرلىناتتى. ئۇنىڭ شۇنچە ئاددى، ئەمما ئاجايىپ چوڭقۇر مەنىلىك ئەشۇ شاتلىقى مەڭگۈلۈك بەختىيارلىقنىڭ ئىزتىراپلىق ئىنتىزارلىقلىرى ئۈچۈن دۇنيانىڭ جىددىغۇسىز ئازاپلىرىغا دائىم كۆكرىكىنى يالىڭاچ تۇتاتتى. ئۇنىڭ ئىغىر سىناق باسقۇچلىرىنى غەلىبىلىك تاماملىغان پۈتۈن دەرت - ئەلەم، ئارزۇ - ئارمانلىرى تارىخ سەھىپىسىدە قىلىپ قالدى. ئەمما قىلغان كۆرەشلىرىنىڭ سەمەرىلىرى ئىنشائاللاھ، ئەبدى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغۇسى، ئەبەدىي بىرگە بولغۇسى!

ئەمما بىزچۇ؟ بىز، ياپراق چىقىرىپ مىۋە بەرمەيدىغان، ئىتى ئۇلۇغ سۈپىرىسى قۇرۇق، شۇنداقتىمۇ «مەنلا ئالىم باشقىلار مەڭگۈ تالىبىم بولسا، مەنلا ھاكىم باشقىسى مەھكۇمۇم بولسا» دەپ شىرىن چۈش كۆرۈشتىن باشقا غايىمىز بولمايدىغان، ساختا نۇپۇز، ساختا ئىمتىيازلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك ئاخىرەت قوياشىمىزنىڭ ئۆچۈپ قىلىشىغا پەرۋا قىلماستىن تۆت كۈنلۈك دۇنيانىڭ ۋاقىتلىق ئاي شولىسىغا مەھلىيا بولۇپ يۈرىيدىغان، بىر كۈنى تۈيۈخسىز قەبىر قاراڭغۇلىقىدا كۆز ئاچىدىغانلىقىمىزنى خىيالىمىزغىمۇ كەلتۈرمەي، پەقەتلا دۇنيانىڭ راھەت - پاراغىتى تۆر، مەنسەپلىرىدىن باشقىنى ئويلىمايدىغان. ئىشنىڭ نەتىجىسىنىلا كۆزدە تۇتماستىن، پەقەت نام، ئاتىقىنى، چاۋاك ئالقىشنى قولغا كەلتۈرۈش ھەلەكچىلىكىدە، پۈتۈن ئىززەت مەرتىۋىلەرنىڭ پەقەتلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىگە، كىمنى خالىسا، خار قىلىپ كىمنى خالىسا، ئەزىز قىلىدىغانلىقىغا پىسەنت قىلمايدىغان، ئىسسىيادىمىز ئاللاھنىڭ ئىززەت - مەرھەمىتىگە ئىرىشىشنى ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ئىززەت مەرتىۋىسىگە ئېرىشىش، جەمىيەتتە كىمنىڭ بەكرەك ھۆرمەت تىپىپ، كىمنىڭ يۈكسىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا نەزەر سېلىش، ئۇنى پۈتلاپ، بۇنى يىقىتىپ، تېخى ۋۇجۇدقا چىقمىغان ھەتتا ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا لايىق ھەركەتمۇ قىلمىغان ئىشلارنىڭ تۆھپىسىنى تالىشىپ، ئاتاقتا ئۇلۇغ تۆھپىكار بولىۋېلىشنىڭلا غېمىنى قىلىپ يۈرىيدىغان مۇشرىك ئەبكارلار ئاخىرەتتە زادى قانداق ھالغا قالارمىز؟! ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ھەمراھ بولارمىزمۇ ياكى قەلبىمىزدىكى ساختا شۆھرەتتىن ئىبارەت شەيتانىي مەبۇدىمىز بىلەن بىرگە قوپارمىزمۇ؟ قېنى ۋىجدانىمىزدىن سوراپ باقايلى، بىز شۇنداقتىمۇ

يەنىلا تەۋھىدكار مۇسۇلمانمۇ؟

تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان

# ئەڭ سۆيۈملۈك ئىككى تامچە

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

ئىنسان ئاللاھنىڭ ئالدىدىكى خاتالىقىنى ھېس قىلغاندا، بۇ تۇلۇغ ھېس ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ھول قىلىپ، ياش تامچىلىرىنى قويۇۋېتىشكە باشلايدۇ...

ھەققانىيەتنى چىن قەلبى بىلەن سۆيۈپ كېتىۋېتىپ، ئەمەلىيەتتە ھەققانىيەتنىڭ قان - تومۇرلىرىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلغىنىدا بولسا، ئاللاھنىڭ زېمىندىكى شەيتانىي ساختىلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ قەلبىگە گويا تىكەندەك سانچىلىپ، تاكى ئۇنى يەر يۈزىدىن پۈتۈنلەي يۇلۇپ تاشلىمىغۇچە ئارامىلىق ھېس قىلالمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مانا بۇ ئىنسان ھاياتىنىڭ ئەڭ گۈزەل ۋە ئەڭ يۈكسەك مەقامى بولۇپ، ئىنسان ئۇنىڭدا قىلىچلارنىڭ سايىسى ئاستىدىلا ئارام ئېلىشنى ئويلايدىغان، ھاياتى ئارقىلىق پەرۋانىلەرچە ئۆلۈمنى ئىزدەشنى ئارزۇ قىلىپ قانمايدىغان، تىلى ھەر دائىم "ئاللاھ! ئاللاھ!" دەپ چاقىرىپ تۇرىدىغان، ھەر بىر تامچە قېنىدا ئەشۇ سادانىڭلا ياڭرىشىنى، ئەشۇ ئەڭ گۈزەل نامنى زېمىندىكى ھەر بىر زەررىنىڭ كۆكرىكىگە يۈرەك قانلىرىنىڭ تامچىلىرى بىلەن ئويۇپ يېزىۋېتىشنى تىلەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئاھ! بۇ ئىككى تامچە نېمىدېگەن قىممەتلىك، نېمىدېگەن مۇقەددەس ھە؟! گەرچە ئۇنىڭ بىرى سۇ، يەنە بىرى قاندىن ئىبارەت بولسىمۇ، ئەمما ھەر ئىككىلىسىدە بەندىچىلىكنىڭ قايناق تۇيغۇلىرى، ئىتائەتنىڭ يالقۇنلۇقلۇق ماگمىلىرى خۇددى نۇرغا ئوخشاشلا پارلاپ تۇرىدۇ. بەلكىم شۇنىڭ ئۈچۈنلا بولسا كېرەك، ئاللاھ تائالا بۇ ھەر ئىككى تامچىغا ئوخشاشلا قىممەت بەرگەن.

قېنى مەرھابا! بۇ ئىككى تامچىگە، بۇ ئىككى قەترىگە، ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك بۇ ئىككى سوۋغىغا!!

ئاللاھنىڭ جامال ۋە جالالىغا، مېھىر ۋە قەھىر بارگاھىغا بۇ ھەر ئىككى سۆيۈملۈك سوۋغىنى

سۇنالىغان ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن تەلەيگە باي خۇش قىسمەت زات ھە! ئۇنىڭ ھاياتى ياش ۋە قاندىن ئىبارەت دەل مانا بۇ ئىككى ئاتەشلىك تامچىلارنىڭ جۇنۇنلۇق ئاشىقانە ئۆركەشلىرىگە تولغان بولۇپ، ئۇ قان ۋە ياشلىرى بىلەن سىراتەل مۇستەقىمنىڭ نەقىشلىرىنى سىزىپ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ بارگاھىدىكى ئەڭ ئىشتىياقلىق سەجدىنىڭ سىمۋولىغا ئايلىنىپ قالغان ئىدى. ئۇ دەل ھەزرىتى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

شۇنداق، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلىنى دەپلا خۇددى ياش يىگىتلەردەك زەخمە ئۈستىگە زەخمە يەپ ۋايىساپ قالمىغان، بەنى مەخزۇمنىڭ ۋەھشىيانە قامچىلىرى ئۇنىڭ قېرىغان جىسىم تېرىلىرىنى تېتىپ، پۈتۈنلەي ئۇچۇرۇۋېتىپ بولغان چاغدىمۇ، ئۇنىڭ قەتئىي جاسارەتكە تولغان ئەشۇ قېرى تەمكىن چىرايى ئىمانىي غەيرەتنىڭ شەنىگە قىلچىلىك داغ چۈشۈپ قىلىشىغىمۇ قەتئىي يول قويمىغان ئەشۇ ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ئىدى.

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇنداق غەيرەتلىك دادىنىڭ ئوغلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئايالللىق ۋە قېرىلىقتىن ئىبارەت ئىككى ئاجىزلىقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ قەتئىي ئۆرە تۇرالىغان، ئىسلام ئۇچۇن تۇنجى بولۇپ جېنىنى تەسەددۇق ئەيلەش بىلەن ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا جان پىدالىقنىڭ ئۇلۇغۋار ئەنئەنىسىنى يارىتىپ بېرەلىگەن ئەشۇ تۇنجى شېھىت ئانىمىز سۇمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئوغلى ئىدى. ئەنە شۇنداق جاسارەتلىك قان ۋە سۈت بىلەن يېتىلگەن ئوغلان ئىدى.

زۇلۇم ھەم مۇشتۇمزورلۇق ھەققانىيەتنىڭ پىداكارلىرىغا قارشى ئوت بىلەن قان ئېقىنلىرىنى بەرپا قىلىۋاتقان قورقۇنچلۇق مۇھىتتا ئۇ ئىمان مەشئىلىنى ياندۇرغان ئىدى. ئەسەبىيلىكنىڭ پۈتۈن بوران - چاپقۇنلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىمان مەشئىلىنى ئۆچۈرۈپ قويالمىغان ئىدى. ئۇ تېخى ئەمدى ياشلىق دەۋرىگە قەدەم قويغان نەۋقىران يىگىت ئىكەنلىكىگە قارىماي، رەھىمسىز، قانخور ئىنسانلار توپى ئارىسىدا زەربە ئۈستىگە زەربە يەۋېتىپمۇ ئەشۇ بىرلا سادانى، يەنى، ئاللاھنىڭ ئاسىيلىرى ھېچبىر

زامان ئاڭلاپ تۇرۇشقا چىداپ تۇرالمايدىغان، ھەر قېتىم ئۇنىڭغا تاش، چالمىلار بىلەنلا جاۋاب قايتۇرۇلۇدىغان «لا ئىلاھە ئىللەللاھ» دېگەن ئەشۇ سادانى ياڭراتماقتا ئىدى. ئاخىرى زۇلۇم چېكىدىن ئېشىپ، ئىنسانىنىڭ ئەس - ھوشى ۋە ھېس - تۇيغۇلىرىنىمۇ قويماي نابۇت قىلىپ تاشلايدىغان دەرىجىدە ھالاكەتلىك ئاپەتكە ئايلىنىپ قالدى. ئۇنى ئارقا - ئارقىدىن قايناق سۇغا تىقىپ، تۇنجۇقتۇرماقتا ئىدى. زۇلۇم - سىتەمنىڭ بۇ مىسلىسىز ۋەھشىيانە قىيىن - قىستاقلىرى ئۇنىڭ بەرداشلىق كۈچىنى يوقىتىپ، خۇددى قۇرۇغان شاختەكلا سۇنىدىغان يەرگە ئەكېلىپ قويىدى. مانا شۇنداق باسقۇچتا ھەزرىتى ئەممار ئىبنى ياسىر ەرزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن ئىختىيارسىز ھالدا زاھىرى كۈپۈر، ئەمما باتىنى ئىمان بىلەن تولغان بىر قانچە ئېغىز سۆز چىكىتىپ قالدى. بۇ سۆزنىڭ چىقىشى بىلەن گەرچە قىيىن قىستاقلارنىڭ ھالاكەتلىك كەلكۈنى توختىغان بولسىمۇ، ئەمما ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ روھىيەت دۇنياسىدا ئاجايىپ دەھشەتلىك ماتەمنىڭ قىيامىتى قوپۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ قورقۇنچ پۈتۈن ۋىجدانىي ئەلەملىرى بىلەن گويا ئۆلۈم سەكراتىدىنمۇ نەچچە ھەسسە ئارتۇق ئازابلىق تۇيغۇغا ئايلىنىپ قالدى. «ئەشۇ ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن سۆزلەر ئىمانىمنىڭ ئۆلۈمى بولۇپ قالغاندىمۇ؟ ئىنسانىي ئوقۇبەتلەردىن ئازادلىقتا چىققان بىلەن ئەمەلىيەتتە ئالللاھنىڭ ئازابىنىڭ ئاتەشلىك غارىغا مەھكۇم بولارمەنمۇ؟ » دېگەنلەرنىلا ئويلىماقتا ئىدى.

ئۇ يىغلاشقا، يىغلىغاندىمۇ توختىماي پەريات چېكىپ يىغلاشقا باشلىدى. غەم، ئەندىشىدىن يۈرەك - باغرى لەختە بولۇپ، ئىچ - ئىچىدىن ھۆكرەشكە، ئېسەدەپ بوغۇلۇپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى. تۇيۇقسىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېسگە كەلدى - دە، شۇھامان بىقارارلىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئەشۇ زاتنىڭ ئالدىغا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنى دوزاخ ئوتىدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەن ئەشۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ ئالدىغا يۈگۈردى. ئۇ شۇنچە ئالدىراش يۈگۈرۈپ كېتىۋاتتى، ئەمما ئۇنىڭ قەلبى «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىدا بۇ ئىشمغا قارىتا زادى

قانداق قارار چىقىپ قالار؟» دېگەندەك خەۋپسىرەشلەر بىلەن گويا ئورنىدىن قوزغۇلۇپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆز ئالدىدا ئۆزىگە شۇنچە يېقىن ھالدا كۆرۈپ، بىردىنلا ئۆپكىسى ئېغىزىغا تاقىشىپ قالدى.
ھەر ئىككى تەرەپنى سۈكۈت باسقان ئىدى. بىر تەرەپتە چوڭقۇر شەپقەت، تەشۋىش ۋە ھەيرانلىققا چۆمگەن سۈكۈت. يەنە بىر تەرەپتە ئازابتىن پارە - پارە بولغان يۈرەكتىكى پۇشايمان، نادامەت ۋە ۋىجدانىي ئەلەملەرگە تولغان سۈكۈت داۋام قىلماقتا ئىدى. بۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۈكۈتى بولۇپ، ھەسرەتتىن تەرگە، ئىزتىراپتىن قانغا، غەم - ئەندىشىدىن ياشقا چۆمۈلگەن ئىدى. ئۇ بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلالماستىن، خۇددى پۈتۈن دۇنياسىنى يوقىتىپ قويۇپ، يىغلاپ يىغا - زارىسىدىن ياشقا ھېچ نەرسىسى قالمىغان ئادەمدەكلا پاڭگىدە بۇقۇلداپ يىغلىۋېتىشكە باشلىدى. ئەسلىدە ئۇنى ئاللاھقا بولغان قورقۇنچ يىغلاتماقتا ئىدى. ئەمما ئۇ شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىلا قانچە مىڭلىغان پەرىشتىلەرنىڭ ئەشۇ ياش تامچىلىرىنى بىر - بىرلەپ تېرىۋېلىش ئۈچۈن يەرگە چۈشىۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى.
ئاھ! ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغىمۇ ئاللاھنىڭ شۇنچە مۇھەببىتى قوزغالغان، نېمىدېگەن بەختىيار ئىنسان ھە!
غەمكىنلەرنىڭ ئەڭ گۈزەل غەمگۈزارى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ دەرت - ئەلەملىك داستانى ئاڭلىغاندىن كېيىن «قەلبىڭنى قانداق ھېس قىلىۋاتىسەن؟» دەپ سورىماقتا ئىدى.
- مېنىڭ قەلبىم... ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇقۇلدىغان ھالدا تىترەك باسقان قوللىرىنى كۆكرىكىگە مەھكەم بېسىپ جاۋابا بەرمەكتە ئىدى.
- مېنىڭ قەلبىم... ئىماندا قەتئىي مۇستەھكەم. ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مېنىڭ قەلبىم ئىماندا پۈتۈنلەي خاتىرجەم“ دېيىشى بىلەن تەڭلا ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئالەملەرنىڭ رەھمىتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ باغرىغا مەھكەم بېسىلغان ھالدا كۆردى. پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالام ئاجايىپ ئىشتىياق بىلەن ئۇنى ئۆز باغرىغا بېسىۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئەلەملىك ياشلىرىنى ئۆز ئېتەكلىرى بىلەن سۈرتمەكتە ئىدى.

قەسەمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېتەكلىرىدە سۈرۈلتۈلگەن ۋە ئەشۇ مۇبارەك ئېتەكلەرگە سىڭگەن ئەنە شۇنداق ياش تامچىلىرى ھەقىقەتەنمۇ ئاللاھقا سۆيۈملۈك تامچە بولالايتتى.

- ھېچ ۋەقەسى يوق، ھېچ ۋەقەسى يوق... پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادا پەيغەمبەردىن باشقا ھېچ كىشى تەسەللىي بېرەلمەيدىغان قەلبى يىغلاقلىق بۇ مۆئمىنگە توختىماي تەسەللىي بەرمەكتە ئىدى.

بۇ يىغلاقلىق ياشلارنى، ئاللاھقا سۆيۈملۈك بۇ ياش تامچىسىنى ئۇ ياپ - ياش چېغىدىلا ئەنە شۇنداق ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا سۇنغان ئىدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا شۇ قەدەر مول يېغىشقا باشلىدىكى، ئۇنىڭ ئىمانى مەڭگۈ يېشىل ھاياتى كۆچكە تولغان ھالدا ياش پېتى قىلىۋەردى. ھەتتا ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈتۈنلەي قېرىپ ھالى قالمىغان چاغلاردىمۇ ئۇنىڭ ئىمانى ئۆز ياشلىقىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى.

يەمامە ئۇرۇشىدىكى جىھادتا ئۇنىڭ ياشىرىپ تۇرغان ئىمانى جىلۋە قىلماقتا ئىدى. مۇناپىقەت ۋە مۇرتەدلىكنىڭ ناپاك كۆچلىرى ئىسلام مۇجاھىدلىرىنىڭ قەدىمنى چېكىنىشكە قىستاۋاتقان ئەشۇنداق خەتەرلىك پەيتتە ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ يالقۇنلۇق ھارارىتى مىڭلىغان كۆكرەكلەرگە ئوت تۇتاشتۇرۇپ، يالقۇنلۇق چوغقا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ۋەقەنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن بولۇپ، شۇ چاغدا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىر قۇلىقى ئۈزۈلۈپ كىچىككىنە تېرىسى بىلەنلا ساڭگىلاپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا چېكىنمەي مەھكەم تۇرغانچە «مانا مەن ئەممار ئىبنى ياسىر! ئەجىبا سىلەر ئاللاھنىڭ جەننىتىدىن چېكىنىۋاتامسىلەر؟ مانا مەن ئەممار ئىبنى ياسىر! ئەجىبا سىلەر ئاللاھنىڭ جەننىتىدىن

چىكىنىۋاتامسىلەر؟» دەپ مۇسۇلمانلارغا ئۇنلۇك خىتاب قىلغانلىقىنى بايان قىلىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئاجايىپ بىر مەنزىرە ئىدى. مەن بەزىدە ئۇنىڭ يارىقىن مەستانە نەرىلىرىگە قۇلاق سالسام، يەنە بەزىدە ئۇنىڭ كىچىككىنە تىرە بىلەن ئېلىنىشىپ تۇرۇپ قالغان، قان توختىماستىن قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتقان ئەشۇ قۇلىقىغا نەزەر سالاتتىم. ئەمما ئۇ ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تېگىش ئالدىدا تۇرغان بۇنداق شارائىتتا قۇلىقىغا نەدىمۇ پىسەنتمۇ قىلسۇن؟»

ھەزرىتى ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھنىڭ بارگاھىغا ئىككىنچى سۆيۈملۈك تامچىنى، ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قان تامچىسىنى تەقدىم قىلغان چاغدا 94 ياشقا كىرىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھاياتلىق كىتابىدا شېھىتلىكتەك بىر ئۇلۇغۋار بابنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھىجرەتتىن كېيىنلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك ئېغىزىدىن ئاڭلاپ بولغان ئىدى. لېكىن ئۇ بۇ شەرەپكە يېتىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ قانچىلىغان ئاجايىپ روھى سىناقلارنىمۇ باشتىن كەچۈردىغانلىقىنى بىلمەيتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭغا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە جەمەل ئۇرۇشى (يەنى تۆگە ئۇرۇشى) يۈز بەرگەن چاغدا ئاندىن مەلۇم بولدى. بىر تەرەپتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئوخشاش ئۈممەتنىڭ شۇنچە مۆھتەرەم ئانىسى، يەنە بىر تەرەپتە مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش سابىقۇنەل ئەۋۋەلۇن (ئالدىنقى پىداكار ئاۋانگارتلار) تۇراتتى. ھەر ئىككى تەرەپ مۇسۇلمان ئىدى. ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شۇ چاغدا ئەلى رەزىيەلاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىمايىچىسى بولۇپ، ئۇ ئاجايىپ زىلزىلىلىك روھى ئىزتىرابقا چۆمۈپ كەتكەن ئىدى. «ئەمدى قانداق قىلىش لازىم؟ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەيدانىنى تاشلاش كېرەكمۇ؟ بۇ گويا ئۆزىگە نىسبەتەن قەتئىي ھالدا ھەق بولۇپ ھېسابلىنىدىغان مەيدانىنى تاشلىغانلىق بولامدۇ؟ ياكى ئەشۇ ھەقنى قوغداش ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئايالى شۇنداقلا پۈتۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مۆھتەرەم شەپقەتلىك ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قارشى قىلىچ كۆتۈرۈش

كېرەكمۇ؟»
ئۇنىڭغا ئوخشىغان قانچىلىغان كىشىلەرنىڭ قەلب، مېڭىسى ئەنە شۇنداق ئىزتىرابلىق تەشۋىشلەرگە غەرق ئىدى. قانچىلىغان كىشىلەر بىرەر چىقىش يولى تاپالماي تەنھا پىنھانلىقلارغا كىرىۋېلىپ بارماقتا ئىدى.
ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ئەجبا مەنمۇ ئەمەلى مەيداندىن چېكىنىپ بىرەر بۇلۇڭدا پىنھانلىقتا باش تىقىۋالايمۇ؟ ۋەھالەنكى ماڭا نىسبەتەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ھىمايە قىلىش شۇ تاپتا ھەقنى ھىمايە قىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەمما ئۈممەتنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەيدانى بولسا، بىر ئىجتىھادىي خاتالىقتىنلا ئىبارەتتۇر» دېگەنلەرنى ئويلىدى - دە، ئاخىرى ئۇ «مەيلى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا نىسبەتەن قەلبىمدە ئۇرغۇپ تۇرغان ھېسسى ئەقىدەتنىڭ بۇ ئىككى بىسلىق تارتىنىشى ئوتتۇرىسىدا يۈرەك باغرىم لەختە - لەختە بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، قەتئىي ھالدا ھەقنى ھىمايە قىلىشتىن يانمايمەن» دېگەن قارارغا كەلدى.
ھېسسىيات بىلەن ئۇسۇل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ مىسلىسىز ئازابلىق نازۇك كۆرەشتە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىدە زادى قانداق ھالەت بەرپا بولغانلىقىنى ئاللاھتىن باشقا ھېچ كىشى بىر نېمە دېيەلمەيدۇ. ئەمما تارىخنىڭ نەشرگاھلىرىغا قارايدىغان بولساق، ئەشۇنداق نازۇك باسقۇچتا ئۇنىڭ تىلى ۋە دىلىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن سادا ھازىرمۇ بىزگە ئۇنىڭ قەلب دۇلقۇنلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىتالايدۇ. شۇ چاغدا ئۇ «ئى خالايىق! مەن ئائىشە رەيىەللاھۇ ئەنھانىڭ دۇنيادىمۇ ۋە ئاخىرەتتىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۆھتەرەم مەھرىمى ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. ئەمما شۇ تاپتا ئاللاھ بىز ھەممىمىزنى سىناۋاتماقتا. قېنى سىلەر ئاللاھقا ئىتائەت قىلامسىلەر ياكى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغىمۇ؟» دەپ توۋلىغان ئىدى.
جەمەل ئۇرۇشىدىكى ھەقنىڭ قۇربانگاھىدا ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنە شۇنداق ئاجايىپ پىداكارانە ئادا بىلەن ئۆز ھېسسىي تۇيغۇلىرىنى قۇربان قىلغان ئىدى. ئائىشە رەزىيەلاھۇ

ئەنھانىڭ ئۆزىنىڭ نەزىرىدە نەقەدەر قىممەتلىك ۋە نەقەدەر مۇقەددەس، نەقەدەر ئۇلۇغ مەرتىۋىسى بارلىقىنى ئەممار رەزىيەللاھۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا كىممۇ بىر نىمە دىيەلىسۇن؟ ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا جان، دىلى بىلەن مۇھەببەت قىلاتتى. شۇڭا ئىنىقكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نىسبەتەن پەقەتلا ئۇممەتنىڭ مۆھتەرەم ئانىسىلا ئەمەس، بەلكى ئەشۇ سۆيۈملۈك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەڭگۈلۈك مەھرىمى ئىدى. ئەمما بىر تەرەپتە مانا شۇنداق ئۇلۇغ ھېس يەنە بىر تەرەپتە ھەقنىڭ ئەلى تەرەپتە ئىكەنلىكىگە بولغان چوڭقۇر تۇيغۇ بولۇۋاتقاندەك ئەشۇنداق نازۇك ھېس - تۇيغۇلارنىڭ بۇ قاينام، تاشقىنلىرى ئىچىدە ئۇ كىمنى دۇلقۇنلارنىڭ پارە - پارە قىلىۋېتىشىگە پەرۋاسىز ساھىل تەرەپكە قويىۋەتكەن ئىدى.
مەن بۇ يەردە كىمنىڭ ھەق ئۈستىدە ئىكەنلىكىنى ۋە كىمدىن ئىجتىھادىي خاتالىق ئۆتكەنلىكىنى سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن. بۇ ھەرگىزمۇ مەن بىر نەرسە دىيەلەيدىغان ئىش ئەمەس. ئاللاھمۇ ئۇنداق سۆزلەرنى قىلدۇرمىسۇن! ئەمما مەن شۇنى چوقۇم ئويلانماي تۇرالمايمەنكى، كىشىلىك ئېھتىراملىق تەرەپتارى بولۇش بىلەن ھەقنىڭ تەرەپتارى بولۇش ئوتتۇرىسىدىكى ئىنتايىن نازۇك كۈرەشتە ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھېسسىياتنى قۇربان قىلغىنىدىنمۇ كاتتا قۇربانلىق بولمىسا كېرەك.
گەرچە ئۇ بۇ ئۇرۇشتا شېھىت بولماي، سەففەين ئۇرۇشىدا، يەنى، بىر تەرەپتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە بىر تەرەپتە مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇرغان ئۇرۇشتا شاھادەتلىك ماقامىغا يەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ھەقىقەت شۇكى، جەمەل ئۇرۇشىدا ھەق ئۈچۈن ئۇنىڭ روھى دۇنياسى شېھىت بولغان بولسا، سەففەين ئۇرۇشىدا ھەق ئۈچۈن جىسمى شېھىت بولغان ئىدى. ئۇ جەمەل ئۇرۇشىدا ھەقنى دەپلا ئۆز ھېسسى تۇيغۇلىرىنى ئۆز قولى بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرگەنىدىن كېيىن سەففەين ئۇرۇشىدا زەربە ئۈستىگە زەربە يەپ، قاتتىق ئۇسساپ كەتكەن ئىدى. سۇ سورىۋىدى، بىرسى ئۇنىڭغا سۈت ئېلىپ كەلدى. سۈتنى كۆرۈش بىلەنلا ئۆتمۈشنىڭ ئىنتايىن گۈزەل بىر ئەسلىمىسى يادىدىن كېچىپ، خۇشاللىقتىن كۆزلىرى پارلاپ نەملىنىشكە باشلىدى. سۈت ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى شېھىتلىكنى ئىزدەش يولىدا پۈتلىرى

تىلىم - تىلىم يىرىلغان ئەشۇ شاھادەت ماقامىغا يېتىشكە ئالامەت ئىدى.

- پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا... ئىمانىي غەيرەت ۋە شاھادەت ئىشقىنىڭ بىقارار ئىنتىلىشىدە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازى ياڭرىماقتا ئىدى.

«پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا، "سېنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىچىدىغان نەرسەڭ سۈت بولىدۇ" دەپ خەۋەر قىلغان»

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبىدە ئاللاھ بىلەن ئۇچرىشىشقا بولغان ئۈمىد ۋە خەۋپىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تۇيغۇسىز ئىمانىي دولقۇن كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئۇ قىلىچلارنىڭ ئۆتكۈر بىسى خۇددى ماگىنىتتا ئوخشاش بويىنىنى ئۆزى تەرەپكە چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئاللاھنىڭ رەھمەت، ئىنايەتلىرى ئۇنىڭغا ئۆز قۇچىقىنى ئاچماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ھەربىر تال موييىدىن تارتىپ، ھەر بىر تامچە قېنىغا قەدەر پەرزىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى چاقىرىقىنى ياڭرىتىپ، «ھاياتلىق كىتابىڭنىڭ ئاخىرقى بېتىگە مەيلى نېمىنى يازماقچى بولساڭ، ئۆز قېنىڭ بىلەن يېزىۋال! ئى ئۆمۈر بويى ئاللاھنى ئەسلەپ ئۆتكۈچى! تېز بول! سېنى ئاللاھ ئۆز بارگاھىغا ئالاھىدە چاقىرماقتا!» دەپ توۋلىماقتا ئىدى.

ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، جىھاد ۋە ئۇلۇغلۇقنىڭ يالقۇنلۇق مەيدانىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ئىنتايىن گۈزەل بىر زەربە يېيىش بىلەن، يەنى، شاھادەتنىڭ مەھلىيالىق خۇشخەۋىرىنى ئېلىپ كېلىدىغان، ئاندىن ئىنسانىنىڭ بىر تامچە قېنى يەرگە تېمىش بىلەنلا جەننەت ئۆز پۈتى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان، ئۇنىڭدىن چاچرىغان ھەر بىر تامچە قان ئاللاھقا شۇنچە سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدىغان ئەشۇنداق گۈزەل بىر زەربە يېيىش بىلەن تەڭلا شاھادەت ماقامىنى ھاسىل قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا ئىمانىي خەۋپتىن ئەنسىرەپ، ھۆكرەپ ياش بىلەن يۇيۇلغان ئەشۇ ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مانا ئەمدىلىكتە ئۆز قانلىرى بىلەن يۇيۇلۇپ ئاللاھنىڭ ئالدىدا يەردە ياتاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھېچ بىر

خەۋپ خەۋپ ئەمەس ئىدى، ھېچ بىر غەم غەم ئەمەس ئىدى. كۆز ياشلىرىدىن ئىبارەت قىممەتلىك سوۋغىنى سۇنۇپ بولغان زات مانا بۈگۈن ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قان تامچىلىرىنى سوۋغا قىلماقتا ئىدى. ھەق ئۈچۈن ھاياتىدىكى ئىككى سۆيۈملۈك تامچىنى تەڭلا ئاللاھقا سۇنالىغان ئۇ نېمىدېگەن بەختلىك، نېمىدېگەن سۆيۈملۈك زات ھە!

ئۇنىڭ ئاللاھقا نەقەدەر يېقىملىق بەندە ئىكەنلىكىنى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەڭ كاتتا لەشكەر قوماندانى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان سۆزلەردىن تېخمۇ ياخشى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. بۇ سۆز ئەينى چاغدا نامالۇم ئىككى كىشى «ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى مەن ئۆلتۈردۈم، مەن ئۆلتۈردۈم» دېيىشكىنىچە بىر - بىرى بىلەن تالاش - تارتىش قىلىشىپ، ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن پەيتتە ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىققان ئىدى. ئۇ ئىككىسى ئەسلىدە «ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سېپىدە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقان بولغاچقا، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شۇنچە كاتتا ھىمايىچىسىنى ئۆلتۈرگەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلاپ چوقۇم بىزدىن خوش بولۇپ كېتىدۇ» دەپ خاتا ئويلاشقان ئىدى. ئەمما ئۇلار ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بىردىنلا قاپاقلىرى تۈرۈلۈپ، ئۇلارغا بولغان نەپرەت ۋە يىرگىنىشتىن پۈتۈن چىرايى سارغىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، خۇددى باشلىرىدا چاقماق چاققاندەكلا ھالغا كېلىپ قالدى. شۇ چاغدا ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قاتتىق قايغۇرۇپ، ھەسرەتتىن پۈتۈنلەي ئۆزىنى يوقاتقان ھالدا «ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بۇ ئىككىسى دوزاخنى تالىشىپ تالاش - تارتىش قىلىشىۋاتىدۇ. ئاللاھ بىلەن قەسەم، كاشكى مەن بۈگۈندىن يىگىرمە يىل ئىلگىرىلا ئۆلۈپ كەتكەن بولسام بولماستى؟» دەپ پەريات چەككەن ئىدى. بۇ نېمىدېگەن نۇرلۇق قىممەتلىك سۆز ھە! بۇ سۆز بىر تەرەپتە ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغلىقىنى يورۇتۇپ بېرىۋاتقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ شېھىت قىلىنىشى ھەققىدە بېشارەتلىك توختىلىپ ئاسىي بىر گۇرۇھتىن خەۋەر

بەرگەن ئەشۇ پېشلمەس تارىخىي چىگىشنىڭ ھەل قىلىنىشى تەرەپكە ئىشارە قىلىپ بەرمەكتە.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تىلغا ئالغان ئۈچ ئاسىي گۇرۇھ ھەزرىتى مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ گۇرۇھىمىدى؟ ياكى ئىككى ئادىمى ئەممار رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى شېھىت قىلغانلىق تۆھپىسىنى تالىشىپ بىر - بىرى بىلەن جېدەللەشكەن ئەشۇ مەخپىي سىرلىق گۇرۇھىمىدى؟ ئېنىقكى، مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئۇنىڭ گۇرۇھىنىڭ ھېس تۇيغۇلىرىغا ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرى ۋەكىللىك قىلماقتا، ئەمما پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئالدىن بېشارەت بەرگەن ھېلىقى نامەلۇم ئاسىي گۇرۇھنىڭ قانخور ئىددىيىسىگە بولسا، ئەشۇ ئەجنەبى ئىككى كىشىنىڭ سۆزلىرى ئەينەك بولماقتا.

**************

بىزمۇ ھامان ئاللاھ بىلەن مۇلاقەتتە بولماي قالمايمىز. لېكىن قاچان ۋە قەيەردە بولۇمىز؟ بۇنى پەقەتلا ئاللاھ ئۆزى بىلىدۇ. بىزگە ئوخشاش خەستە بەندە بىلەن ئۇنى ياراتقۇچى بۈيۈك ئاللاھنىڭ ئۇچرىشىدىغان كۈنىگە، مەخلۇقلار ئۆز ياراتقۇچىسىنى كۆز ئالدىدا كۆرىدىغان ئەشۇ ئۇلۇغ كۈنگە تېخىچە ھازىرلىق قىلىشنى تۈززۈك ئويلاشقىنىمىزمۇ يوق.

قېنى بىز ئەنە شۇ زاتلارنىڭ ئەشۇ كاتتا جىلۋاگاھقا قاندالارچەق شانلىق ھالدا كەتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ كېيىنلىرىدە ئاللاھقا ئەڭ سۆيۈملۈك ھەر ئىككىلى تامچىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى، ئەمما بىزنىڭ كېيىنلىرىمىزدە بولسا، جىسمىمىزنىڭمۇ ۋە ئىمان، ئەمەللىمىزنىڭمۇ ئۆلۈك جەسەتلىرى ياتقانلىقىنى ئويلاپ باقمايلىمۇ؟!

بىزمۇ بۇ كاتتا ئۇچرىشىنى ئويلىساق، بىزنىمۇ بۇ ئويى تەشۋىشكە سالالىسا، بىزمۇ خۇددى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئوخشاش شۇنىڭ ئەندىششىسىدە جېنى چىققاندەك ئازابقا چۆمۈپ كېتىدىغان، مەجبۇر ئېغىزىدىن چىقىرىلغان بىر قانچە ئېغىز سۆز ئۇچۈن گويا دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكى پۈتۈنلەي تۈگەشكەندەك نالە قىلىدىغان ئەشۇنداق ئەندىشىلەرنى ھېس قىلالىساق ئىدۇق كاشكى!

هالبۇكى ئەممار ئىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەلبى ئىماندا قەتئىي مۇستەھكەم ئىدى. ئەمما بىزنىڭ قەلبىمىزچۇ؟ بىزنىڭ قەلبىمىز شۇ ھالدا ئىكەنكى، تىل ھەم دىللىرىمىز تەڭلا «ئاھ! بىزمۇ مۇسۇلمانمۇ» دېگەن سوئالغا چىرمىلىپ ياتماقتا.

كاملجان تەرجىمىسى

# ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىمغا چاقىرىق!

گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەن بارلىق كىشىلەرگە بولسۇن!

ئى ئۇيغۇر مۇئمىنە، مۇسلىمە (ئىسلام قىزى) سىڭىلچىقىم!

ئى قەلبىدە ئىسلام يوشۇرۇنغان (ئورۇنلاشقان)، ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ ئىپپەتنى، پاكلىقنى، ئەقلنى ئىمان قىلىپ بەرگەن، ئاللاھ ئۈچۈن رۇكۇ ۋە سەجدە قىلىۋاتقان، ئاللاھ ئۈچۈن ئىبادەت قىلىۋاتقان ئىسلام قىزى قېرىنداشىم! سىز مۇسلىمە، سىز مۇئمىنە، سىز ئىسلام قىزىسىز! سىز پاك ۋە ئىپپەتلىكسىز! سىزگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ: «ئاياللارغا ياخشى ۋەسىيەت (نەسىھەت) قىلىڭلار!» دېگەن سۆزى بىلەن نەسىھەت قىلىۋاتىمەن. سىز ئەرلەر ھاياتىدا بىر نىسبەتنى ئىگەللىگەن ئىنسانسىز. گاھىدا ئەرلەر ئۈچۈن قېرىنداشسىز ياكى ئەرلەر ئۈچۈن تۇرمۇش ھەمراھىسىز ۋەياكى ئۇنىڭ قىزىسىز! سىز شۇنچە قەدىرلىكسىز!

ئى پاك، جەۋھەر ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىرى! مېنىڭ سوئال سورىشىمغا رۇخسەت بېرىڭلار!

قانداق قىزلار پاك، ئىپپەتلىك دېگەن سۆپەتلەرگە لايىق؟

يۈز - باشلىرىنى يۆگىمەستىن، سىرتلارغا چىققاندا خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ھۆسنلىرىنى تۈزەپ، ئاللاھ ئاتا قىلغان گۈزەل جامالىنى يات ئەركەكلەرگە كۆرسىتىپ يۈرگەن قىز-خانىملارغىمۇ؟ ۋەياكى ئۇزۇن، ئەمما تار كۆينەكلەرنى كىيىپ، گۈزەل بەدەنلىرىنى باشقىلارغا كۆز- كۆز قىلغانلارغىمۇ؟ ياكى كالتە، ئوچۇق يوپكىلارنى كىيىپ، ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاقىي بۇزۇلۇشىغا ھەسسە قوشقانلارغىمۇ؟ ياكى ئۆزىنچە مەدەنىيلەشتۇق دەپ، غەربچە كىيىملەرنى كىيىپ، ئۆز مەدەنىيىتىدىن، مىللىي ئەنئەنىسىدىن يىراقلاشقان ھالدا بىر كۈن بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىنى، يەنە بىركۈن قارىسىڭىز دىن، ھازارەت، مەدەنىيەت، ئۆرپ - ئادەت، تىل... قاتارلىقلارنى مىڭ يىل

باغلاپ قويسىڭىزمۇ، بىر يەرگە كەلمەيدىغانلارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشنى دوراپ يۈرگەنلەرگىمۇ؟ قېنى دەپ بېقىڭچۇ؟ سىزنىڭچە مۇشۇلارنىڭ قايسىسىنى ئىپپەتلىك ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىرى دەپ ئېيتالايسىز؟!

ياق، ياق! مىڭلارچە ياقكى، بۇلارنىڭ ھېچبىرى ئىپپەتلىك ئاياللار دېگەن سۈپەتكە لايىق ئەمەس. ئى ئىسلام ئۇيغۇر قىزى سىڭىلچىقىم! بىلىڭكى، ئاللاھ سىزنى ھەر زامان، ھەر ماكاندا كۆزىتىپ تۇرىدۇ. ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىزنى سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز توسقان ئىشلارنى قىلىپ يۈرگەن ھالىتىڭىزدە كۆرسە، رازىمۇ سىز؟ ئاللاھ ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئى پەيغەمبەر ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۇئمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجى بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئايال ئىكەنلىكى) ئەڭ ئاسان تونۇلىدۇ - دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلمايدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾ دېمىدىمۇ؟ سۆيۈملۈك رەسۇلىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قانداق بىر ئايال خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلەتكەن ھالدا سىرتقا چىقسا، كىشىلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتسە، ئۇلار ئۇ ئايالنىڭ خۇشپۇراق ھىدىنى پۇرىسا، ئۇ ئايال زىناخورلۇق قىلغان بولىدۇ» دېمىدىمۇ؟

ئائىلىدە ئېرىڭىز ئۈچۈن، پەرزەنتلىرىڭىز ۋە ئاكا - ئۇكا، ئاياللار ئارىسىدا خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتسىڭىز بولىدۇ. بۇ يەردە زىكىر قىلىپ ئۆتۈشكە لايىق بولغان مۇھىم نۇقتا، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە قىز - خانىملار ئەڭ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، ئالاھىدە گىرىملارنى قىلىپ، ئەر-ئايال بىرگە ئولتۇرىدىغان چاي - ئولتۇرۇشلارغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ كۆزىنىڭ يېغىنى چىقىرىۋېتىپ كېلىدۇ، ئەمما بىچارە ئەرچۇ؟ ئاياللىنى ماي ۋە تەر پۇرايدىغان ۋەياكى سۈت پۇرايدىغان كىيىملەر بىلەن كۆرىدۇ. ئى سىڭىلچىقىم! بەلكىم سىز ئۇنداق بولماسلىقىڭىز مۇمكىن، ئەمما ئۇنداقلارمۇ ئاز سانىنى ئىگەللىمەيدۇ. سىز نېمە ئۈچۈن چىرايلىق كىيىملىرىڭىز، گۈزەل پەردازلىرىڭىز، خۇش ھىدلىرىڭىز بىلەن ئېرىڭىزنى كۈتۈۋالمايسىز؟! شۇنداق قىلىپ بېقىڭچۇ قېنى؟

ئۇنىڭ نەتىجىسىنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كۆرمەي قالمايسىز. ھۆسن - جامالىڭىز، گۈزەل تۇرقىڭىزدىن زوقلىنىشقا ئەڭ ھەقلىق ئىنسان سىزنىڭ تۇرمۇش يولدىشىڭىز، يۈرەك پارىڭىز بولغان بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسىدۇر. سىز باشقىلارغا پۈتۈن گۈزەللىكىڭىزنى كۆرسىتىپ، ياسىنىپ يۈرىسىز. مېنىڭچە بۇ، گەرچە ھازىر نورمال بىر ئىشقا ئايلىنىپ قالغان بولسىمۇ، دىن، ئەخلاق ۋە مىللىي ئۆرپ - ئادىتىمىزمۇ قوبۇل قىلمايدىغان بىر ئۇقۇم.

ئى ئۇيغۇر مۇسلىمە ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم! شەيتاننىڭ يوللىرىدىن بىرىدە مېڭىۋاتقانلىقىڭىزغا رازىمۇسىز؟ ئاللاھنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ ۋە كۇپپارلارنىڭ كۆرسەتمىلىرىگە بويسۇنۇۋاتقانلىقىڭىزغا رازىمۇسىز؟

ئەزىز ئۇيغۇر مۇسلىمە ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم! رەھمان تائالاھنىڭ غەزىپىگە، دوزاخقا كىرىشىڭىزگە ۋە دىنىڭىزدا چەكلەنگەن ئىشلارغا سەۋەب بولىدىغان ئىشلاردا بولىۋاتقانلىقىڭىزغا رازىمۇسىز؟

ئى مۇئمىنە ئۇيغۇر ئىسلام قىزى سىڭىلچىقىم! قەبرە – جەننەت بوستانلىرىدىن باغچا ياكى دوزاخ ئۆڭكۈرلىرىدىن بىر ھاڭدۇر، سىز قەبرىڭىزنىڭ قايسىسىدىن بولۇشنى خالايسىز؟

ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ رەسۇلىنىڭ بۇيرۇقىغا ئاسىيلىق قىلىشىڭىز، رەھمان تائالانىڭ جەننەتكە كىرىشتىن توسۇپ قويىدۇ. بۈگۈنكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىمىزگە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىرىدا كۆرۈلىۋاتقان ھەم سەل قارىلىۋاتقان مەسىيەتلەرنىڭ تۈپ نىگىزىدا شەرئى ۋە ئۇيغۇر ئەنئەنىسى بويىچە كىيىنمەسلىك، ئاللاھنى تونۇماسلىق، رەسۇلۇللاھنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىك، نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقىمىز توغرىسىدا پىكىر يۈرگۈزمەسلىك، مەيدانسىزلىق، ئۆزىمىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىمىزنى ئۇنتۇش... قاتارلىق كۆپلىگەن مەسىلەر مەۋجۇت. بەلكىم ئۇيغۇر ئىسلام قىزلىرىنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىمۇ رازى بولمايدىغان بىر ھالەتكە كېلىپ قېلىشىنىڭ مەلۇم سەۋەبلىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ كۆزدىن ساقىت قىلغىلى بولمايدۇ. ئاللاھتىن ئۇلارغا ئىپپەت - ھايا ۋە بۈيۈك ئىمان تىلەيمىز.

ئى سىڭىلچىقىم! ئەمدى قاراپ بېقىڭچۇ، سىز قانداق قىلغاندا ئىپپەتلىك ئىسلام ئۇيغۇر قىزى دېگەن سۈپەتكە لايىق بولىدىكەنسىز؟! شۇنى ئۇنۇتماسلىقىڭىز كېرەككى، سىز ئىسلامغا مەنسۇپ! سىز ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ! سىز ئىسلامنىڭ ئىززىتى! مىللەت ۋە ئانا ۋەتەننىڭ پەخرى!!!

ئا. ۋولقان

ن. تەمكىنى

# بارات كېچىسى

(يەنى شەئبان ئېيىنىڭ 15-كۈنى ھەققىدە ئىسلامنىڭ بەلگىلىمىلىرى)

**خەلقىمىز ئارىسىدا بارات ئېيى، بارات كېچىسى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى توغرىسىدا ھەرخىل تالاش - تارتىشلار بولۇپ، بۇ تالاش - تارتىشلار ۋە شەئبان ئېيىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، شەرىئەت كۆرسەتكەن ئەمەل- ئىبادەتلەر، شۇنىڭدەك بىر قىسىم خاتا كۆز قاراش ۋە بىدئەتلەرگە قىسقىچە ئىشارە قىلىپ ئۆتمەكچىمىز:**

**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ شەئبان ئېيىدىكى ئەمەللىرى تۆۋەندىكىچە:**

**ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:**

**«ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى! سىزنى باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتقانلىقىڭىزنى كۆرمىگەن ئىدىم -، دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:**

**- بۇ رامىزان بىلەن رەجەب ئېيى ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن كىشىلەر غاپىل بولۇپ قالىدىغان بىر ئاي بولۇپ، بۇ ئايدا ئەمەللەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارىغا كۆتۈرىلىدۇ، مەن ئەمەلىمنىڭ روزىدار چېغىمدا ئاللاھقا كۆتۈرۈلۈشىنى ياخشى كۆرىمەن». [بۇ ھەدىسنى نەسەئىي رىۋايەت قىلغان]**

**ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام باشقا ئايلاردا شەئبان ئېيىدىكىدەك كۆپ روزا تۇتمايتتى. شەئباندا تولۇق دېگۈدەك روزا تۇتاتتى». [بۇ ھەدىسنى بۇخارىي رىۋايەت قىلغان]**

**دېمەك؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەئبان ئېيىنى ياخشى، سالىھ ئەمەللەر، بولۇپمۇ روزا بىلەن ئۆتكۈزۈشنى ياخشى كۆرەتتى. يۇقىرىدىكى روشەن ھەدىسلەر مەۋجۇت ئىكەن ئارتۇق ئىزاھاتنىڭ ئەھمىيىتى يوق.**

*** شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى كېچىسىنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا**

ئەبى مۇسا ئەلئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالا شەئبان ئېيى يېرىملاشقان كۈنى كېچىسى بەندىلىرىگە كۆزىتىپ، ئۇلارنىڭ مۇشرىك، ئاداۋەتخور- ھەسەتخورلىرىدىن باشقىلىرىنىڭ بارلىق گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ». [بۇ ھەدىسنى ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان. ئەلبانىي 1144- رەقەم بىلەن خاتىرلەپ، ئۇنى سەھىھ دەپ كۆرسەتكەن]

بۇ ھەدىسنى ئۆلىمالار تۆۋەندىكىچە ئىزاھلايدۇ: يەنى بۇ كېچىدە ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەن، ئۇنىڭدىن ھاجىتىنى تىلەشنىڭ ئورنىغا مەخلۇقلاردىن ھاجىتىنى راۋا قىلىپ بېرىشنى ياكى ئاللاھ بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا ۋاستىلىك رول ئويناپ بېرىشنى سورىغان، مەخلۇقلارنىڭ ھۆكمىنى ئاللاھنىڭ ھۆكمىدىن ئارتۇق كۆرگەن، قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن بەلگىلىمىلەرنى ئىنكار قىلغان ياكى ئۇنىڭغا مەسخىرە ئارىلاشتۇرغان، پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامنىڭ تەلىمات ۋە يوليورۇقلىرىغا ئېتىبارسىز قاراپ، ئۇنى نەزىرىدىن ساقىت قىلغان كىشىلەرنى ئاللاھ سۇبھانە ۋەتائالا بۇ كېچىدە مەغپىرەت قىلمايدۇ. يەنە ئۇنىڭدىن باشقا قەلبىگە ھەسەت ۋە ئاداۋەت ئاتەشلىرى ھۆكۈمران بولىۋالغان، ھاكاۋۇرلۇق ئازگاللىرىدىن ئۆزلىرىنى قۇتقۇزالمىغان كىشىلەرنىڭ بۇ كۈندىكى مەغپىرەتتىن نەسىۋە ئالالمايدىغانلىقىغا ئىشارە بېرىلىدۇ.

مۇلاھىزە: ئەمما سەئۇدىي ئەرەبىستاننىڭ سابىق مۇپتىسى مەرھۇم ئىبنى باز بۇ كېچە ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: 'بۇ كېچىنىڭ باشقا كېچىلەر بىلەن ھېچقانداق ئالاھىدە پەرقى يوق. بۇ خۇسۇستا كەلگەن ھەدىسلەرنىڭ رىۋايىتىنىڭ مەنبەسى ئاجىز ياكى مەسلە بار...' ئىبنى باز يۇقىرىدىكى ھەدىسنىمۇ ئاجىز دەپ قارايدۇ.

* شەئبان ئېيىدا كۆپ يۈز بېرىدىغان بىدئەتلەر توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە:

شەئبان ئېيىنىڭ 15- كۈنى كېچىسىنى نۇرغۇن كىشىلەر بارات كېچىسى دەپ ئاتىشىدۇ ۋە بۇ كېچىدە ئىبادەت نامى بىلەن نۇرغۇن بىدئەت ئەمەللەرنى قىلىشىدۇ. بىز بۇ ئەمەللەرنى قىسقىچە

ئەسكەرتىپ ئۆتىمىز (ئىزاھات: بۇ بىدئەت دەپ كۆرسىتىلگەن ئىشلار ياكى ئەمەللەر مۆتىۋەر ئىسلام فەقىھلىرىنىڭ قاراشلىرىدىن ئېلىنغان بولۇپ، قۇرئان ياكى ھەدىستە ھېچقانداق ئاساسقا ئىگە ئەمەس دەپ قارالغان ئەمەللەرنى كۆرسىتىدۇ):

- بارات كېچىسى- بارات نامىزى دەپ، مەخسۇس بۇ كېچىدە يۈز رەكئەت ناماز ئوقۇش.

- كىشىلەردىن بىھاجەت بولىدۇ، بالا- قازادىن يىراق تۇرىدۇ ۋە ئۆمۈر ئۇزۇن بولىدۇ، دەپ ئالتە رەكئەت ناماز ئوقۇش.

- بارات كېچىسى دۇئاسى دەپ، بۇ كېچىگە ئاتاپ دۇئا قىلىش.

- بۇ كېچىنى شبى قەدىر كېچىسى دەپ ئېتىقاد قىلىش.

- مەشھۇر مازارلارغا بېرىپ ئۆلۈلەردىن ھاجەتلىرىنى تىلەش.

- بۇ كېچىدە، ئۆلگەن ئاتا-ئانا، ئۇرۇق تۇققانلىرىنىڭ روھىغا ئاتاپ تاماق ۋە قويماق قاتارلىق نەرسىلەرنى تەييارلاپ قەبرىستاننى زىيارەت قىلىش.

- شەئبان ئېيىنىڭ 15-كۈنى روزا تۇتۇش.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغاندەك، خەلقىمىز ئارىسىدا شەئبان ئېيى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان قاراشلار مەۋجۇد بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تەسەۋۋۇپ ئەھلىنىڭ بەزى ئىجتىھادلىرى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن بىدئەتلەر ئاساسىي ئورۇننى ئىگەللىگەن. مەسىلەن يۇقىرىدا بىدئەت دەپ سانالغان ئەمەللەرنى شۇلارنىڭ قاتارىدىن ساناش مۇمكىن. ئۇنىڭدىن باشقا بەزىلەر يۇقىرىدىكى ھەدىسنى سەھىھ ھەدىس دەپ قاراپ، ئاللاھ تائالا بۇ مۇبارەك كېچىدە ھەممە گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغانىكەن، نېمىشقا گۇناھلارنى قانغۇدەك قىلىۋېلىپ، ئاندىن ئاللاھنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى كۈتمەيمىز؟ دېگەنگە ئوخشاش كۇپرانە خىياللارنى قىلىپ، ئازغۇنلۇق يولىغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلارنىڭ قاپاق كۆيدۈرۈش قاتارلىق باشقا دىنلارنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ئەگىشىپ كېتىشىدىن بارلىق كۈچى بىلەن توسۇشنى تەۋسىيە قىلىمىز.

ئىسلام ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق يەردە قەستەن گۇناھ سادىر قىلىش، جىنايەت ۋە ئاسىيلىققا يول قويمايدۇ ۋە قويمىغان. شۇڭا بۇ ئاينىڭ پەزىلىتىنى ئۆز خىيالىي قاراشلىرىمىز بويىچە سۇيىئىستېمال قىلماسلىقىمىز، ھالاكەت يولىغا مېڭىپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. جانابىي ئاللاھتىن بىزنى بۇ خىل پالاكەتلەردىن ساقلىشى ئۈچۈن كۆپلەپ پاناھلىق تىلەيلى! ئى ئاللاھ! بىزنى ئازغۇنلۇقتىن ساقلىغىن!

* بىزنىڭ بۇ ئايدا قىلىدىغان ئىبادەتلەر ھەققىدىكى تەۋسىيمىز:

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئوخشاش كۆپ روزا تۇتۇش، قۇرئان ئوقۇش، كۆپلەپ ياخشى سالىھ ئەمەللەرنى قىلىش ئارقىلىق مەنۋىيىتىمىزنى چىنىقتۇرۇپ رامىزان ئېيىنى قىزغىن كەيپىيات ۋە روھلۇق ھالەتتە كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىق قىلىش، ئەمما بارات كېچىسى ياكى شەئبان ئېيىنىڭ 15-كۈنى دېگەنگە ئوخشاش كۈنلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، شەرىئەت بەلگۈلىمىلىرىدە ھېچ ئاساسىي بولمىغان ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللانماي، بۇ ئاي ۋە باشقا ئايلارنىڭ ئىمكان يار بەرگەن كۈن ۋە ۋاقىتلىرىدا ئىبادەت ۋە ياخشى ئەمەللەر بىلەن شۇغۇللىنىش. بىدئەت ئەمەللەر ئىنسانىنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرۇپلا قالماستىن ھاياتلىق دۇنياسىدىمۇ ھېچ قاچان ئۇ ئىنسان ئۆزىنى راھەت ھېس قىلالمايدۇ. بارات كېچىسىنى ئىبادەتكە خاسلاشتۇرۇش، بىدئەت بولۇپ ساۋاب بولماستىن بەلكى گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ. بەلكىم بۇ قۇرلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۇ كېچىدە ناماز ۋە قۇرئان ئوقۇلسىمۇ گۇناھكار بولامدۇ؟! دېگەندەك سوئاللار زېھنىڭىزدىن كەچسە كېرەك، بۇ ھەقتە سىزگە قۇرئان ۋە ھەدىس بىلەن جاۋاب بېرىمىز. بىدئەتكە ئەگەشكەنلىك ۋە ئۇنى تارقىتىش... قاتارلىقلار، ھەققەتتىن يۈز ئۆرىگەنلىك بولۇپ بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور قوپۇرىمىز». ئۇ: «ئى پەرۋەردىگارىم! نېمىشقا مېنى كور قوپۇردۇڭ، ۋاھالەنكى، (دۇنيادىكى چاغدا) مېنىڭ كۆزۈم كۆرەتتىغۇ؟» دەيدۇ. ﷲ ئېيتىدۇ: «شۇنىڭدەك ساڭا (روشەن) ئايەتلىرىمىز

كەلدى، سەن ئۇلارنى تەرك ئەتتىڭ، سەن بۈگۈن شۇنىڭغا ئوخشاش تەرك ئېتىلىسەن». ھەددىدىن ئاشقان ۋە پەرۋەردىگارىنى ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتمىغانلارغا شۇنىڭغا ئوخشاش جازا بېرىمىز، ئاخىرەتنىڭ ئازابى تېخىمۇ قاتتىقتۇر، تېخىمۇ باقىيدۇر» تاھا سۈرىسى 124- ئايەتتىن 127- ئايەتكىچە. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: «سۆزلەرنىڭ ئەڭ ياخشىراقى ئاللاھنىڭ كالامى، ئىشلارنىڭ ياخشىراقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەۋسىيەسى، ئەمەللەرنىڭ يامانراقى دىنغا يېڭى بىر نەرسىنى قوشۇش، دىندا پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق يېڭىلىق بىدئەتتۇر، ھەر قانداق بىدئەت ئازغۇنلۇقتۇر.» ھۆرمەتلىك قېرىنداشىم! يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا، ئىبادەت ئۈچۈن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى تەرىپىدىن قەيت قىلىنغان ۋاقىت ۋە ماكاندىن باشقا، ۋاقىت ۋە ماكاننى ئىبادەت نىيىتى بىلەن خاسلاشتۇرۇشىمىز ئىبادەت ئەمەس بەلكى ئۇ ئەمەل سەۋەبى بىلەن ئاللاھنىڭ ئازابىغا دۇچار بولۇپ قالىدىغان ئامىللاردىن ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتتۇق. ئۇنداقتا بىز تۆۋەندىكى تارازە بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆلچەپ كۆرەيلى. ئىبادەتنىڭ قوبۇل بولۇشىدا ئىككى شەرت بولۇپ ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

1- ئىبادەتتە يالغۇز بىر ئاللاھقا ئىخلاس قىلىش.

2- ئىبادەتتە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلغان بولۇش.

قېنى قېرىنداشىم! ئېيتىپ بېقىڭچۇ؟ سىز ئۆزىڭىزنىڭ كىم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلەلىدىڭىزمۇ؟

خۇلاسە: بىدئەت، شەرىئەتتە ئاساسى يوق، مىللىتىمىز ئىچىدىكى بىر تۈركۈم قېرىنداشلىرىمىز كۆز قارىشىدا ئىبادەت سانىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى سوپىزىم تەرىقىسىدىكى قېرىنداشلىرىمىزدا بىراز ئېغىر ئىكەنلىكىنى يۇقىرىدا بايان قىلدۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلارنىڭ ھەقىقەتنى تونىشى ئازغۇن يولدىن قايتىپ ئاللاھقا تەۋبە قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆز ئەمەلىيىتى بىلەن ھىدايەت نۇرىنى يورۇتىشنى تەۋسىيە قىلىمىز ۋە ئۇلۇغ ئاللاھتىن ئۇلارنى ھىدايەت قىلىشنى سورايمىز. ئى ئاللاھ بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى توغرا يولغا يېتەكلەپ، شېرىكتىن خالى سۈننەتكە

ئۇيغۇن ساپ ئەقىدە بىلەن قەلبىمىزنى يورۇتقىن.

# تەقۋادارلىق توغرىسىدا

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن

بسم الله الرحمن الرحيم

الحمد لله رب العالمين نحمده ونستعينه ونستغفره ونعوذ بالله من شرور أنفسنا ومن سيئات أعمالنا، من يهده الله فلا مضل له، ومن يضلل فلا هادي له، ولن تجد له ولياً مرشداً. وأشهد أن سيدنا ونبينا وحبيبنا وقائدنا وقدوتنا محمد صلى الله عليه وسلم وعلى آله وصحبه أجمعين. وبعد:

بارلىق ھەمدۇسانالار ئاللاھقا خاستۇر، ئۇنى ماختايمىز، ئۇنىڭغا تايىنىمىز، ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم تىلەيمىز، نەپسلىرىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ۋە ناچار ئەمەللىرىمىزدىن ئاللاھقا پاناھ تىلەيمىز، ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ئازدۇرغۇچى يوقتۇر، ئاللاھ ئازدۇرغان كىشىنى توغرا يولغا باشلىغۇچى مەدەتكار يوقتۇر.

ئاللاھنىڭ تاللانغان بەندىسى ۋە مەخلۇقاتلىرىنىڭ سەردارى بولغان رەسۇلۇللاھقا تا ئەبەتكىچە ئۈزۈلمەس دۇئايى - سالاملىرىمىز بولسۇن ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ پاك ئائىلە - تاۋابىئاتلىرىغىمۇ، بارلىق ئېسىل خىسلەتلىك ساھابىلەرگىمۇ، قىيامەتكە قەدەر ئۇلارنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ماڭغان ئېسىل كىشىلەرگىمۇ دۇئا - سالاملىرىمىز بولسۇن.

تەقۋالىق دېگەن: ئاللاھنىڭ قىلىشقا بۇيرىغان ئىشلىرىنى تولۇق قىلىش، توسقان - چەكلىگەن ئىشلىرىنى قەتئىي قىلماسلىق ئارقىلىق ئاللاھنىڭ ئازابى بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىغا بىر توساق قويۇشتىن ئىبارەت.

تەقۋالىق دېگەن دىنىنىڭ ئاساسى بولۇپ دىنى دەرىجە - مەرتىبىلەرنىڭ ھەممىسى تەقۋالىقنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان بولۇپ تەقۋالىق دېگەن دۇنيا - ئاخىرەتتە ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدىكى پەزىلەتنىڭ ئۆلچىمى، ئاللاھ تائالاغا يېقىن بولۇشنىڭ بەلگىسى، ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئىززەت - ھۆرمەتلىك بولۇشنىڭ ئالامىتى، ئاخىرەتتە ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ۋە جەننەتكە كىرىشنىڭ بەلگىسى.

تەقۋالىقنىڭ تاللانغان مەنبەلىرى:

1 - ئەقىللىق ئادەم دائىم ئاللاھنىڭ ئازابىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ.

2 - تەقۋالىقنىڭ ھەقىقىتى.

3 - تەقۋالىقنىڭ پەزىلىتى.

4 - تەقۋالىقنىڭ دۇنيا - ئاخىرەتتىكى نەتىجىسى.

5 - تەقۋا كىشىلەرنىڭ ئالامەتلىرى.

6 - تەقۋالىقنى ھاسىل قىلىشنىڭ يوللىرى: (ئاللاھنى ھەقىقىي تونۇش، شەرىئەتتە مۇھىم بولغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش، تائەت - ئىبادەتنى تولۇق قىلىش، چەكلەنگەن گۇناھ ئىشلارنى ھەرگىز قىلماسلىق، ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇش ۋە قىلغان ئىشلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇپ، ياخشى كىشىلەر بىلەن بىر ئولتۇرۇش - قوپۇش قىلىش، ئۇلار بىلەن ياخشى ئىشلاردا ھەمكارلىشىش ۋە ياردەم بېرىش. . . )

قۇرئان - كەرىمدىكى تەقۋالىق توغرىسا كەلگەن بىرقىسىم ئايەتلەر:

ئاللاھ تائالاھ مۇنداق دېگەن:

1. [يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ اتَّقُواْ اللّهَ حَقَّ تُقَاتِهِ وَلاَ تَمُوتُنَّ إِلاَّ وَأَنتُم مُّسْلِمُونَ]

﴿ئى مۆمىنلەر! االله قا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴾ [ئىمران سۈرىسى: 102 - ئايەت].

2 - [وَللهِ مَا فِي السَّمَاوَاتِ وَمَا فِي الأَرْضِ وَلَقَدْ وَصَّيْنَا الَّذِينَ أُوتُواْ الْكِتَابَ مِن قَبْلِكُمْ وَإِيَّاكُمْ أَنِ اتَّقُواْ اللّهَ]

﴿ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى شەيئىلەر االله نىڭدۇر (يەنى االله نىڭ مۈلكىدۇر، مەخلۇقاتىدۇر)، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەرگە (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا) ۋە سىلەرگە االله قا تەقۋادارلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق﴾ [نىسا سۈرى: 131 - ئايەت].

3 - [وَتَزَوَّدُواْ فَإِنَّ خَيْرَ الزَّادِ التَّقْوَى وَاتَّقُونِ يَا أُوْلِي الأَلْبَابِ]

﴿(ئاخىرەتلىكىڭلار ئۈچۈن) زاد- راھىلە ئېلىۋېلىڭلار، ئەڭ ياخشى زاد- راھىلە تەقۋادارلىقتۇر. ئى ئەقىل ئىگىلىرى! ماڭا تەقۋادارلىق قىلىڭلار﴾. [بەقەر سۈرىسى:197 - ئايەت]

4 ـ [لَّيْسَ الْبِرَّ أَن تُوَلُّواْ وُجُوهَكُمْ قِبَلَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ وَلَكِنَّ الْبِرَّ مَنْ آمَنَ بِاللّهِ وَالْيَوْمِ الآخِرِ وَالْمَلآئِكَةِ وَالْكِتَابِ وَالنَّبِيِّينَ وَآتَى الْمَالَ عَلَى حُبِّهِ ذَوِي الْقُرْبَى وَالْيَتَامَى وَالْمَسَاكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَالسَّآئِلِينَ وَفِي الرِّقَابِ وَأَقَامَ الصَّلاةَ وَآتَى الزَّكَاةَ وَالْمُوفُونَ بِعَهْدِهِمْ إِذَا عَاهَدُواْ وَالصَّابِرِينَ فِي الْبَأْسَاء والضَّرَّاء وَحِينَ الْبَأْسِ أُولَئِكَ الَّذِينَ صَدَقُوا وَأُولَئِكَ هُمُ الْمُتَّقُونَ]

﴿سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈزكەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ﷲ قا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ﷲ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ﷲ نى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش- ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبنى سەبىللەرگە (يەنى يول- مىلىدىن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازاتلىقىقا ئىرىشىشىگە پۇل- مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇقتا، كېسەللىككە ۋە (ﷲ نىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشتا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر﴾ [بەقەر سۈرىسى:177 - ئايەت].

5 ـ [بَلَى إِن تَصْبِرُواْ وَتَتَّقُواْ وَيَأْتُوكُم مِّن فَوْرِهِمْ هَذَا يُمْدِدْكُمْ رَبُّكُم بِخَمْسَةِ آلافٍ مِّنَ الْمَلآئِكَةِ مُسَوِّمِينَ]

﴿شۇنداق، ئۇ يېتىدۇ. ئەگەر (جەڭدە) سەۋر قىلساڭلار، (ﷲ دىن) قورقۇپ (ئۇنىڭ ئەمرىگە ئىتائەت قىلساڭلار)، دۈشمەن دەرھال ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە پەرۋەردىگارىڭلار سىلەرگە بەش مىڭ نىشانلىق پەرىشتە بىلەن ياردەم بېرىدۇ﴾ [ئىمران سۈرىسى: 125 - ئايەت].

6 ـ [يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُواْ إَن تَتَّقُواْ اللّهَ يَجْعَل لَّكُمْ فُرْقَاناً وَيُكَفِّرْ عَنكُمْ سَيِّئَاتِكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ وَاللّهُ ذُو الْفَضْلِ الْعَظِيمِ.]

﴿ئى مۆمىنلەر! ئەگەر ﷲ دىن قورقساڭلار، ﷲ سىلەرگە ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىيدىغان ھىدايەت ئاتا قىلىدۇ، گۇناھىڭلارنى كەچۈرىدۇ، سىلەرگە مەغپىرەت قىلىدۇ. ﷲ كاتتا پەزل ئىگىسىدۇر﴾ [ئەنفال سۈرىسى: 29 - ئايەت].

7ـ [يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا اتَّقُوا اللَّهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا.]

﴿ئى مۆمىنلەر! ااﷲ دىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار﴾ [ئەھزاب سۈرىسى: 70 - ئايەت].

8 ـ [فَاتَّقُوا اللَّهَ مَا اسْتَطَعْتُمْ وَاسْمَعُوا وَأَطِيعُوا وَأَنفِقُوا خَيْرًا لِّأَنفُسِكُمْ وَمَن يُوقَ شُحَّ نَفْسِهِ فَأُولَئِكَ هُمُ الْمُفْلِحُونَ]

﴿تاقىتىڭلارنىڭ يېتىشىچە اللەقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار، (ۋەزىنى) ئاڭلاڭلار، (ئەمرىگە) ئىتائەت قىلىڭلار، (اللەنىڭ يولىدا ماللىرىڭلارنى) سەرپ قىلىڭلار، (بۇ) ئۆزەڭلار ئۈچۈن پايدىلىقتۇر، كىمكى نەپسىنىڭ بېخىللىقىدىن ساقلىنىدىكەن، ئۇ مەقسىتىگە ئېرىشكۈچىدۇر﴾ [تەغابۇن سۈرىسى: 16 - ئايەت].

9 ـ [وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مَخْرَجًا وَيَرْزُقْهُ مِنْ حَيْثُ لَا يَحْتَسِبُ وَمَن يَتَوَكَّلْ عَلَى اللَّهِ فَهُوَ حَسْبُهُ إِنَّ اللَّهَ بَالِغُ أَمْرِهِ قَدْ جَعَلَ اللَّهُ لِكُلِّ شَيْءٍ قَدْرًا]

﴿كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ [2] . اللە ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ، كىمكى اللەغا تەۋەككۇل قىلسا، اللە ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، اللە ھەقىقەتەن مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، اللە ھەقىقەتەن ھەر بىر نەرسە ئۈچۈن مۇئەييەن مىقدار، مۇئەييەن ۋاقىت بەلگىلىدى﴾ [تالاق سۈرىسى: 3 - ئايەت]

10 ـ [وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يَجْعَل لَّهُ مِنْ أَمْرِهِ يُسْرًا]

﴿كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ﴾ [تالاق سۈرىسى: 4 - ئايەت]

11 ـ [وَمَن يَتَّقِ اللَّهَ يُكَفِّرْ عَنْهُ سَيِّئَاتِهِ وَيُعْظِمْ لَهُ أَجْرًا]

﴿كىمكى اللەدىن قورقىدىكەن، اللە ئۇنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىدۇ، ئۇنىڭغا كاتتا ساۋاب بېرىدۇ﴾ [تالاق سۈرىسى: 5 - ئايەت]

12 ـ ﴿يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنَّا خَلَقْنَاكُم مِّن ذَكَرٍ وَأُنثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إِنَّ أَكْرَمَكُمْ عِندَ اللَّهِ أَتْقَاكُمْ إِنَّ اللَّهَ عَلِيمٌ خَبِيرٌ.]

﴿ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا بىر ئانىدىن ياراتتۇق ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن

ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر﴾ [ھۇجرات سۈرىسى: 13 - ئايەت] .

13 - ﴿إِنَّ الْمُتَّقِينَ فِي جَنَّاتٍ وَنَهَرٍ فِي مَقْعَدِ صِدْقٍ عِندَ مَلِيكٍ مُّقْتَدِرٍ.]

﴿شۈبھىسىزكى، تەقۋادارلار جەننەتلەردە بولىدۇ، (سۈ، مەي، ھەسەل، سۈت) ئۆستەڭلىرىدىن بەھرىمەن بولىدۇ [54]. (ئۇلار) قۇدرەتلىك اللەنىڭ دەرگاھىدا كۆڭۈلدىكىدەك جايدا بولىدۇ﴾ [قەمەر سۈرىسى: 55 - ئايەت] .

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەقۋالىق توغرىسىدا سۆزلىگەن بىرقىسىم ھەدىسلىرى:

1 ـ عن أبي هريرة رضى الله عنه قال: قيل يا رسول الله من أكرم الناس؟ قال: "أتقاهم" فقالوا: ليس عن هذانسألك، قال: "فيوسف نبي الله ابن نبي الله ابني نبي الله ابني خليل الله". قالوا: ليس عن هذا نسالك، قال: "فعن معدن العرب تسألوني؟ خيارهم في الجاهلية خيارهم في الإسلام إذا فقهوا" متفق عليه.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن بىر كىشى: ئى االله نىڭ پەيغەمبىرى، كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىكى كىم؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇلارنىڭ تەقۋادارلىرى»ـ دېدى. ئۇلار: بىز بۇنىڭدىن سورىماقچى ئەمەس ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «االله نىڭ دوستىنىڭ ئوغلى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى، پەيغەمبەرنىڭ ئوغلى پەيغەمبەر يۇسۇف ئەلەيھىسسالام»ـ دېدى. ئۇلار: بىز بۇنىڭدىن سورىماقچى ئەمەس ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مەندىن ئەرەبنىڭ كاتتىلىرىدىن سورىماقچىمۇ؟ ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ياخشىلىرى ئەگەر دىن ئەھكاملىرىغا ئالىم بولسا ئىسلامدىكى ياخشىلىرىدۇر» ـ دېدى. [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

2 ـ عن أبي سعيد الخدري رضى الله عنه عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: "إن الدنيا حلوة خضرة، وإن الله مستخلفكم فيها. فينظر كيف تعملون. فاتقوا الدونيا والتقوا النساء. فإن أول فتنة بني إسرائيل كانت في النساء". رواه مسلم

ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن دۇنيا گۈزەل ۋە شېرىندۇر. االله سىلەرنى دۇنيادا ئورۇن باسار قىلىپ، سىلەرنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىڭلارغا قارايدۇ. مال- دۇنيادىن ۋە ئاياللاردىن پەخەس بولۇڭلار. ھەقىقەتەن بەنى ئىسرائىلدىكى بۇزۇقچىلىق ئالدى بىلەن ئاياللاردا بولغان ئىدى». [مۇسلىمدىن]

3 ـ عن ابن مسعود رضى الله عنه أن النبي صلى الله وسلم كان يقول: "اللهم إني أسألك الهدى والتقى والعفاف والغنى" راوه مسلم.

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيتتى: «ئى االله، مەن سەندىن ھىدايەتنى، تەقۋالىقنى، ئىپپەتنى ۋە بىھاجەتلىكنى سورايمەن». [مۇسلىمدىن]

4 ـ عن أبي طريف عدي بن حاتم الطائي رضى الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول: "من حلف على يمين ثم رأى أتقى لله منها فليأت التقوى" راوه مسلم.

ئەبۇ تەرەيفە ئەدى ئىبنى ھاتەم تائىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغاندىم: «كىمكى بىر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن قەسەم قىلسا، ئاندىن االله ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياخشىراق ئىشنى كۆرسە ياخشىسىنى قىلسۇن». [مۇسلىمدىن]

5 ـ عن أبي أمامة صدي عجلان الباهلي رضى الله عنه قال: سمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يخطب في حجة الوداع فقال: "اتقوا الله، وصلوا خمسكم، وصوموا شهركم، وأدوا زكاة أموالكم، وأطيعوا أمرائكم، تدخلوا جنة ربكم" رؤاه الترمذي وقال حديث حسن.

ئەبۇ ئۇمامە سۇدەييە ئىبنى ئۇجلانىل باھلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: االله دىن قورقۇڭلار، بەش ۋاخ نامازنى ئوقۇڭلار، روزىنى تۇتۇڭلار، ماللىرىڭلارنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلىڭلار. ئىش ئىگىلىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، رەببىڭلارنىڭ جەننىتىگە كىرىسىلەر». [تىرمىزىدىن]

6 ـ عن أبي ذر رضى الله عنه قال: قال لي رسول الله صلى الله عليه وسلم: "اتق الله حيثما كنت، وأتبع

السيئة الحسنة تمحها، وخالق الناس بخلق حسن" رواه الترمذي، وحسنه الألباني.

ئەبو زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، «ماڭا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

قەيەردە بولساڭ ئاللاھتىن قورققىن، خاتالىقنى ياخشىلىقنى ئەگەشتۈرگىن ياخشىلىق خاتالىقنى ئۆچۈرىدۇ، ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاق بىلەن مۇئامىلە قىلغىن» [تىرمىزىدىن]

**7** ـ عن أبي هريرة رضى الله عنه قال: سئل رسول الله صلى الله عليه وسلم عن أكثر ما يدخل الناس الجنة، قال: "التقوى الله وحسن الخلق" رواه الترمذي، وحسنه الألباني.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئىنسانلارنىڭ جەننەتكە ئەڭ كۆپ كىرىشىگە سەۋەب بولغان ئىش قايسى؟ دەپ سورالغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھدىن قورقۇش ۋە ئەخلاقى گۈزەل بولۇش بىلەن" دېگەن. [تىرمىزىدىن]

**8** ـ عن رفاعة رضى الله عنه أنه خرج مع النبي صلى الله عليه وسلم فرأى الناس يتبايعون فقال: "يا معشر التجار" فاستجابوا لرسول الله صلى الله عليه وسلم ورفعوا أعناقهم وأبصارهم إليه، فقال: "إن التجار يبعثون يوم القيامة فجارا، إلا من اتقى الله وبر وصدق" رواه البخاري ومسلم.

رىپائە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە بازارغا چىققانتىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنىڭ سودا - سېتىق بىلەن مەشغۇل بولاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ: «ئى تىجارەتچىلەر» دېدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ بويانلىرىنى سوزۇپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىپىگە ئۆرۈلۈپ سۆزگە قۇلاق سالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېدى: «تىجارەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قىيامەت كۈنى پاجىرلىق ھالەتتە تىرگۈزىلىدۇ، ئۇلاردىن تەقۋا بولغان، ئاللاھتىن قورۇققان، ياخشى ئىش قىلغان ۋە راست سۆزلىگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا» [بۇخاري ۋە مۇسلىمدىن].

**9** ـ عن أبي هريرة رضى الله عنه أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قال: "قد أذهب الله عنكم عيبة الجاهلية وفخرها بالآباء، مؤمن تقي، وفاجر شقي، والناس بنوآدم، وآدم من تراب" رواه أبو داود والترمذي، وصححه

الألباني.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ھەقىقەتەن ئاللاھ تائالا سىلەردىن ئاتا - ئەجداتلار بىلەن پەخىرلىنىشتىن ئىبارەت جاھىلىيەتنىڭ ئەيىبلىرىنى كەتكۈزۈۋەتتى، ھازىر تەقۋا مۇمىن ۋە بەختسىز پاجىر، ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئاتىمىزنىڭ ئەۋلادى، ئادەت ئاتىمىز توپىدىن يارىتىلغان». [ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزىيدىن].

**10** ـ عن عطية السعدي رضى الله عنه قال: قال رسول الله صلى الله عليه وسلم:" لايبلغ العبد أن يكون من المتقين حتى يدع مالا بأس به حرزاً مما به البأس" رواه الترمذي وابن ماجه.

ئەتىيەتە سەدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:

«ئىنسان ھەتتا گۇناھ بولىدىغان ئىشنى قىلىپ سىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن گۇناھ بولمايدۇ دىگەن ئىشنى قىلىشتىن ساقلانمىغىچە تەقۋالىقنىڭ دەرىجىسىگە يېتەلمەيدۇ». [تىرمىزي ۋە ئىبنى ماجىدىن]

تەقۋالىقنىڭ ئەمەلى مىساللىرىدىن:

1 ـ عن عقبة بن عامر رضى الله عنه قال:أهدى إلى رسول الله صلى الله عليه وسلم فرُّوج حريرِ، فلبسه فصلى فيه، ثم انصرف فنزعه نزعاً شديداً كالكاره له وقال: "لاينبغي هذا للمتقين" <الفروج: قباء مشقوق> رواه البخاري ومسلم.

ئۇقبەتە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىرسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

چاپىنىسىگە يېپەك تۇتۇلغان كىيىم سوغا قىلغانتى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىيىمنى كىيىپ ناماز ئوقۇدى، نامازنى ئوقۇپ بولغاندىن كىيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ كىيىمنى ئۈچ كۆرگەندەك ئىتتىك سىلىۋېتىپ: «بۇ كىيىم تەقۋا كىشىلەرگە لايىق ئەمەس» دېدى. [بۇخاري ۋە مۇسلىمدىن]

**2** ـ جاء سائل إلى عدي بن حاتم فسأله نفقة في ثمن خادم أو في بعض ثمن خادم، فقال: ليس عندي ما أعطيك، إلا درعي ومغفري فأكتب إلى أهلي أن يعطوكها، فلم يرض، فغضب عدي فقال: أما والله لا أعطيك شيئاً، ثم إن الرجل رضي، فقال: أما لولا أني سمعت رسول الله صلى الله عليه يقول: "من حلف

على يمين ثم رأى أتقى لله منها فليأت التقوى" ما حنثت يميني. رواه مسلم

بىرسى ئەدىي ئىبنى ھاتىمنىڭ يېنىغاكىلىپ قىلغان خىزمىتى ئۇچۈن ھەق بىرىشنى تەلەپ قىلدى، ئەدىي ئۇ ئادەمگە: ھازىر مېنىڭ يېنىمدا ساڭا بىرىدىغانغا مېنىڭ تۆمۈر كىيىمىم بىلەن قالپىقىمدىن باشقا ھېچنەرسە يوق، مەن ئائىلەمدىكى كىشىلەرگە خەت يېزىپ بېرەيي ئۇلار ساڭا مېنىڭ تۆمۈر كىيىمىم بىلەن قالپىقىمنى بەرسۇن دىدى، ئۇ ئادەم بۇنىڭغا رازى بولمىدى، ئەدىي ئاچچىقلىنىپ: ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى ساڭا ھېچ نەرسە بەرمەيمەن دىدى، ئۇنىڭدىن كىيىن ئۇ ئادەم بۇنىڭغا رازى بولدى، ئەدىي ئۇ ئادەمگە:ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: كىمكى بىر ئىشقا قەسەم قىلغان بولسا، ئۇنىڭدىن يەنە بىر ئىشتا ئاللاھقا تەقۋا بولۇشنى بىلسە دەرھال قىلغان قەسىمىگە كەففارەت بىرىپ ئاللاھقا تەقۋا بولىدىغان ئىشنى قىلسۇن» دىگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام قىلغان قەسىمىمنى ھەرگىزمۇ بۇزمايتتىم دىدى.

[مۇسلىمدىن]

**3** ـ عن سهل بن الحنظلة رضى الله عنه قال: مر رسول الله صلى الله عليه وسلم ببعير قد لحق ظهره ببطنه فقال:" اتقوا الله في هذه البهائم المعجمة، فاركبوها صالحة، وكلوها صالحة" رواه أبو داود، وصححه الألباني.

سەھل ئىبنى ھەنزەلەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر جايدىن ئۆتەپ كېتىۋېتىپ ئورۇقلاپ دۈمبىسى قوسىغىغا چاپلىشىپ قالغان بىر تۆگىنى كۆرۈپ قىلىپ مۇنداق دىدى: «بۇ تىلسىز ھايۋانلاردىمۇ ئاللاھتىن قورقۇڭلار، ساق - ساغلام ھالىتىدە مىنىڭلار ۋە ساق - ساغلام ھالىتىدە ئۆلتۈرۈپ يەڭلار» [ئەبۇ داۋۇدتىن].

نۇرلۇق سۆزلەردىن

**1** ـ سأل رجل أبا هريرة رضى الله عنه ـ ما التقوى ؟ قال: هل أخذت طريقاً ذا شوك ؟ قال: نعم، قال: فكيف صنعت ؟ قال: إذا رأيت الشوك عدلت عنه أو جاوزته أو قصرت عنه، قال: ذاك التقوى". (الدرر المنثور للسيوطي:1 / 61)

بىر كىشى ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەقۋالىق دىگەن نىمە؟ دەپ سورىۋىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە

رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمدىن: سەن تىكەنلىك - شوخلىق يولدىن ئۆتكەنمۇ؟ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم: ھەئە دېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سەن تىكەنلىك يولدىن ئۆتكەندە قانداق قىلغان؟ دېدى، ئۇ ئادەم: «تىكەننى كۆرسەم ياندىن ماڭىتتىم ياكى ئاتلاپ ماڭىتتىم ياكى كەينىمگە قايتىپ كېتەتتىم» دېدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئادەمگە: «ئاشۇ ئىشنىڭ ئۆزى تەقۋالىق» دېدى. [ئىمام سۇيۇتىينىڭ دۇرەرۇل مەنسور دېگەن كىتابىنىڭ 1 / 61 دىن]

2 ـ قال ابن مسعودفي قوله تعالى: "اتق الله حق تقاته": أن يطاع فلا يعصى، ويذكر فلا ينسى، وأن يشكر فلا يكفر [جامع العلوم الحكم: 1 / 330]

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاللاھ تائالانىڭ «اتق الله حق تقاته» دېگەن ئايەتنى تەپسىر قىلىپ مۇنداق دېدى: «ئاللاھقا ئىتائەت قىلىش، ئاسىيلىق قىلماسلىق، ئاللاھنى ئەسلەپ تۇرۇش، ئۇنتۇپ قالماسلىق، ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىش، تۇزكورلۇق قىلماسلىق». [جامىئۇل ئۇلۇم - ۋەل ھېكەم 1 / 330]

3 ـ قال طلق بت حبيب: "التقوى: العمل بطاعة الله، على نور من الله، رجاء رحمة الله، والتقوى ترك معاصي الله، على نور من الله، مخافة عذاب الله" (الحلية: 3 / 64).

تەلقى ئىبنى ھەبىب مۇنداق دېگەن: «تەقۋالىق دېگەن: ئاللاھنىڭ رەھمىتىنى ئۈمىد قىلىپ ئاللاھنىڭ ھىدايەت نۇرى بىلەن ئاللاھنىڭ تائات - ئىبادەتلىرىنى قىلىش، تەقۋالىق دېگەن ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇپ ئاللاھنىڭ ھىدايەت نۇرى بىلەن ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىق». [ھىليەتۇل ئەۋلىيا 64/3]

4 ـ قال عمر بن عبد العزيز: "ليس تقوى الله بصيام النهار ولا بقيام الليل والتخليط فيما بين ذلك، ولكن تقوى الله ترك ما حرم الله، وأداءماافترض الله، فمن رزق بعد ذلك خيراً فهو خير إلى خير" [جامع العلوم الحكم: 1 /329].

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز مۇنداق دېگەن: «تەقۋالىق دېگەن كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى قىيامدا تۇرۇش بىلەنلا ئەمەس، بەلكى تەقۋالىق دېگەن ئاللاھ ھارام قىلغان ئىشلارنى قىلماسلىق، ئاللاھ پەرز قىلغان ئىشلارنى تولۇق ئادا قىلىش، بۇنىڭدىن كېيىن كىمكى ياخشىلىقا مۇيەسسەر قىلىنسا، بۇ ياخشىلىق ئۈستىگە

ياخشىلىقتىن ئىبارەت» [جامىئۇل ئۇلۇم - ۋەل ھېكەم 1 / 329]

5 ـ قال ميمون بن مهران: "المتقى أشد محبة لنفسه من الشريك الشحيح لشريكه" [جامع العلوم الحكم: 1 / 330].

مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دېگەن: «تەقۋا كىشىنىڭ ئۆز نەپسىگە بولغان مۇھەببىتى بېخىل شېرىكىنىڭ ئۆزىنىڭ شېرىكىگە بولغان مۇھەببىتىدىن كۈچلۈك بولىدۇ». [جامىئۇل ئۇلۇم - ۋەل ھېكەم 1 / 330]

6 ـ كتب عمر بن عبد العزيز إلى رجل: "أوصيك بتقوى الله عزوجل التى لايقبل غيرها، ولايرحم إلا أهلها،ولايثيب إلا عليها، فإن الواغظين بها كثير، والعاملين بها قليلن وجعلنا الله وإياك من المتقين" [جامع العلوم الحكم: 1 / 333].

ئۆمەر ئىبنى ئابدۇل ئەزىز بىر كىشىگە مۇنداق دەپ خەت يازدى: «سىنى ئاللاھقا تەقۋا بولۇشقا تەۋسىيە قىلىمەن، چۈنكى ئاللاھ تەقۋالىقتىن باشقىنى قوبۇل قىلمايدۇ، تەقۋا كىشىلەرگىلا رەھمەت قىلىدۇ، تەقۋالىققا ئاساسەن ساۋاب بېرىدۇ، تەقۋالىق توغرىسىدا ۋەز - نەسىھەت قىلىدىغانلار كۆپ، بۇنىڭغا ئەمەل قىلغۇچىلار ناھايىتى ئاز، ئاللاھ بىزنى ۋە سىنى تەقۋا كىشىلەردىن قىلسۇن!!». [جامىئۇل ئۇلۇم - ۋەل ھېكەم 1 / 333]

7 ـ ذكر معروف الكرخي عن بكر بن خنيس، قال: "كيف يكون تقياً من لايدرى ما يتقى؟!" ثم قال معروف: "إذا كنت لاتحسن تتقى أكلت الربا، وإذا كنت لاتحسن تتقى لقيتك امرأة ولم تغض بصرك، وإذا كنت لا تحسن تتقى وضعت سيفك على عتقك... ثم قال معروف: ومجلسي هذا لعله كان ينبغى لنا أن نتقيه..." [جامع العلوم الحكم: 1 / 331].

مەرۇپ ئەل كەرخى دېگەن كىشى بەكىر ئىبنى خۇنەيس تىن رىۋايەت قىلىپ: «تەقۋالىقنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن كىشى قانداق تەقۋا بولالايدۇ؟ دېدى، ئۇنىڭدىن كېيىن مەرۇپ ئەل كەرخى مۇنداق دېدى: سەن تەقۋالىقنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەلمىسەڭ جازانىنى يەپ سالىسەن، ئاياللارغا ئۇچراپ قالساڭ ئۇلاردىن كۆزۈڭنى ئۇزەلمەيسەن، باشقىلارغا ھەقسىز قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقىسەن. . . ئۇنىڭدىن

كېيىن مەرۋپ ئەل كەرخى مۇنداق دېدى: مېنىڭ مۇشۇ سورۇنۇممۇ مۇمكىن بىزدىن تەقۋا بولۇشنى تەپلەپ قىلىدۇ. . . » [جامىئۇل ئۇلۇم - ۋەل ھېكەم 1 / 331]

8 ـ قال ابن المعتز:

خل الذنوب صغيرها وكبيرها فهو التقى .
واصنع كماش فوق أرض الشوك يحذر ما يرى.
لا تحقرن صغيرة إن الجبال من الحصى .

1 - جامىئۇل ۋە لھېكەم . (لابن رجب)

2 ـ الآداب الشرعية .( لابن مفلح)

3 ـ بهجة القلوب الأبرار.(للسعدي)

4 ـ رياض الصالحين. ( للنووي)

# زاكاتلىرىڭلارنى ئادا قىلىڭلار

## ئابدۇلمەلىك ئەلقاسىم

نىمەتلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئىنسانلارنى بېيىتقان، قانائەتلەندۈرگەن، بىرلىرىنى باي قىلىپ، بىرلىرىنى كەمبەغەل قىلغان، بىرىنى يۇقىرى قىلىپ، بىرلىرىنى تۆۋەن قىلغان جانابى ئاللاھقا ھەمدۇسانا، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ۋە بارلىق ساھابىلىرىگە دۇئا ۋە سالاملارنى يوللىغاندىن كېيىن، مەقسەتكە كېلەيلى؛

ئىسلامدىن ئىبارەت نېئمەتنى ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭ كۆرسەتمە ۋە پرىنسىپلىرىنى ئادا قىلىشقا مۇيەسسەر قىلغان جانابى ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتىمىز. زاكات ئىككى شاھادەت ۋە نامازدىن كېيىنكى ئىسلامنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ پەرزلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىسلامنىڭ ئۈچىنچى ئەركانى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئانى كەرىمدە زاكاتنى ناماز بىلەن ئوخشاش ئورۇندا قويغان ھالدا 28 يەردە زىكىر قىلغان. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَأَقِيمُواْ الصَّلاَةَ وَآتُواْ الزَّكَاةَ وَارْكَعُواْ مَعَ الرَّاكِعِينَ نامازنى ئادا قىلىڭلار، زاكاتنى بېرىڭلار، رۇكۇ قىلغۇچىلار بىلەن بىللە رۇكۇ قىلىڭلار.

فَإِن تَابُواْ وَأَقَامُواْ الصَّلاَةَ وَآتَوُاْ الزَّكَاةَ فَإِخْوَانُكُمْ فِي الدِّينِ ئەگەر ئۇلار (كۇفرىدىن) تەۋبە قىلسا، ناماز ئۆتىسە، زاكات بەرسە، دىنىي جەھەتتە سىلەرنىڭ قېرىنداشلىرىڭلار بولىدۇ (يەنى ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتە ئۇلار سىلەر بىلەن ئوخشاشتۇر).

وَمَا أُمِرُوا إِلَّا لِيَعْبُدُوا اللَّهَ مُخْلِصِينَ لَهُ الدِّينَ حُنَفَاء وَيُقِيمُوا الصَّلَاةَ وَيُؤْتُوا الزَّكَاةَ ﴿ئۇلار پەقەت ئىبادەتنى الله غا خالىس قىلغان، ھەق دىنغا ئېتىقاد قىلغان ھالدا (يالغۇز) الله قىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇلدى. نامازنى ئادا قىلىشقا، زاكاتنى بېرىشكە (بۇيرۇلدى).﴾

زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ ۋاجىبلىقى ھەققىدىكى ھەدىسلەر ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇلاردىن پەيغەمبەر

ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسىنى مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن:

«ئىسلام بەش پەرز ئۈستىگە قۇرۇلغان: الله دىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى دەپ گۇۋاھلىق بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ھەج قىلىش، روزا تۇتۇش.»

[بىرلىككە كېلىنگەن ھەدىس]

ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: «الله نىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ناماز بىلەن زاكاتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قارىغان كىشى بىلەن چوقۇم ئۇرۇش قىلىمەن. چۈنكى، زاكات دېگەن مالنىڭ ھەققى.» [بۇخارىي رىۋايىتى]

ساھابىلەر زاكاتنى بېرىشتىن باش تارتقانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىدە بىرلىك ھاسىل قىلغان. شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار زاكاتنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئوخشاش ۋاجىب ئىكەنلىكىدە بىرلىككە كەلگەن.

زاكات ئىقتىسادىي ئىبادەت بولۇپ، ئادا قىلغۇچىلار ساۋابقا ئېرىشىدۇ، پەرۋاسىز قارىغانلار جازالىنىدۇ. زاكاتنى ئادا قىلىشتا مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى مېھرى- مۇھەببەتنى كۈچلەندۈرۈش ۋە كىشىلەرنىڭ مەنىۋىي دۇنياسىنى بېخىللىقتىن پاكلاش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

خُذْ مِنْ أَمْوَالِهِمْ صَدَقَةً تُطَهِّرُهُمْ وَتُزَكِّيهِمْ بِهَا [(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە ھېسابىدا ئالغىنكى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنى گۇناھلىرىدىن پاكلىغايسەن ۋە (ياخشىلىقلىرىنى) كۆپەيتكەيسەن.﴾

زاكاتنى ئادا قىلىش مالغا بەرىكەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇنى كۆپەيتىدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ بېرىدۇ. بۇ خۇسۇستا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَمَا أَنْفَقْتُمْ مِنْ شَيْءٍ فَهُوَ يُخْلِفُهُ [(الله نىڭ يولىدا) بەرگەن نەرسەڭلارنىڭ ئورنىنى الله تولدۇرۇپ بېرىدۇ.﴾

- ئەبۇھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ: ”ئى ئادەم بالىسى! اللە يولىدا خەجلىگىن، ساڭىمۇ بېرىلىدۇ“» [بۇخارىي ۋە مۇسلىم رىۋايىتى]

زاكاتنى ئادا قىلىشتا بېخىللىق قىلغان ياكى تولۇق ئادا قىلمىغانلارنىڭ قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

وَالَّذِينَ يَكْنِزُونَ الذَّهَبَ وَالْفِضَّةَ وَلاَ يُنفِقُونَهَا فِي سَبِيلِ اللّهِ فَبَشِّرْهُم بِعَذَابٍ أَلِيمٍ - يَوْمَ يُحْمَى عَلَيْهَا فِي نَارِ جَهَنَّمَ فَتُكْوَى بِهَا جِبَاهُهُمْ وَجُنوبُهُمْ وَظُهُورُهُمْ هَذَا مَا كَنَزْتُمْ لأَنفُسِكُمْ فَذُوقُواْ مَا كُنتُمْ تَكْنِزُونَ ﴿ئالتۇن - كۈمۈش يىغىپ، ئۇنى اللە نىڭ يولىداسەرپ قىلمايدىغانلارغا (دوزاختا بولىدىغان) قاتتىق ئازاب بىلەن بېشارەت بەرگىن. ئۇ كۈندە (يەنى قىيامەت كۈنىدە) ئۇ ئالتۇن - كۈمۈشلەر جەھەننەمنىڭ ئوتىدا قىزىتىلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پېشانىلىرى، يانلىرى ۋە دۈمبىلىرى داغلىنىدۇ. ئۇلارغا: ”بۇ سىلەرنىڭ ئۆزەڭلار ئۈچۈن يىغقان ئالتۇن – كۈمۈشۈڭلار (سىلەر بۇ دۇنيايىڭلاردىكى اللە نىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىدىڭلار). يىغقان ئالتۇن - كۈمۈشۈڭلارنىڭ ۋابالىنى تېتىڭلار“ دېيىلىدۇ.﴾

زاكاتى ئادا قىلىنمىغان ھەر قانداق مال- مۈلۈك قىيامەت كۈنى ساھىبىنى ئازابقا دۇچار قىلىدىغان خەزىنىدۇر. بۇنىڭغا ئىشارە قىلىدىغان يەنە بىر نوقتىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مونۇ سەھىھ ھەدىسىدىن كۆرىۋېلىش مۇمكىن: «ئالتۇن -كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشى قىيامەت كۈنى ئۇزۇنلىقى ئەللىك مىڭ يىلغا باراۋەر كېلىدىغان كۈندە، اللە تائالا بەندىلىرىنىڭ ئارىسىدا ھۆكۈم چىقىرىپ ئۇ كىشىنىڭ جەننەتكە ياكى دوزاخقا كىرىدىغانلىقى ئېنىق بولغانغا قەدەر ئالتۇن - كۈمۈش (لىگەندەك) كەڭ قىلىنىپ جەھەننەمنىڭ ئوتى بىلەن قىزىتىلىپ ئۇ كىشىنىڭ بېقىنى، پېشانىسى ۋە دۈمبىسى داغلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇلار سوۋۇپ قالغان ھامان ئوتتا قايتا قىزىتىلىپ تۇرۇلىدۇ- دېدى.» - مۇسلىم رىۋايىتى. بۇ ھەدىسنىڭ داۋامىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىسى، كالىسى ۋە قويىنىڭ زاكاتىنى ئادا قىلمىغانلار ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيامەت كۈنى ئازابقا

دۇچار بولىدىغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىمىغان كىشى ئۈچۈن قىيامەت كۈنى مال- دۇنياسى تاقىر باشلىق بىر يىلان سۈرىتىدە كېلىدۇ-دە، ئاغزىنى ئاچقان ھالدا ئۇنى قوغلاشقا باشلايدۇ، يىلان يېقىنلاشقانچە ئۇ كىشى ئۇنىڭدىن قاچىدۇ. ئاخىرىدا يىلان ئۇنىڭغا: ”مەن سېنىڭ مىلىڭ، مەن سېنىڭ خەزىنەڭ“ دەپ ۋاقىرايدۇ.» بۇ ھەدىستىن كېيىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالانىڭ مۇنۇ ئايىتىنى تىلاۋەت قىلدى:

وَلاَ يَحْسَبَنَّ الَّذِينَ يَبْخَلُونَ بِمَا آتَاهُمُ اللّهُ مِن فَضْلِهِ هُوَ خَيْرًا لَّهُمْ بَلْ هُوَ شَرٌّ لَّهُمْ سَيُطَوَّقُونَ مَا بَخِلُواْ بِهِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ ﴿الله ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن، ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر؛ ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ﴾

**تۆت تۈرلۈك مالغا زاكات ۋاجىبتۇر:**

(1) تېرىقچىلىقتىن ھاسىل بولغان مەھسۇلاتلار، (2)مال- چارۋىلار، (3) ئالتۇن- كۈمۈش، (4) تىجارەت باسقۇچىدىكى مال-مۈلۈك.

بۇ تۆت تۈرلۈك مالنىڭ زاكىتىنى ئايرىش شەرتى سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن مۇئەييەن مىقدار بولۇپ، شۇ مىقدارغا يەتمىگەن ماللارغا زاكات كەلمەيدۇ.

ئالتۇن 20 مىسقال ياكى 92 گىرامغا يەتسە زاكات ۋاجىب بولىدۇ. قولىدا بۇ مىقداردا ئالتۇنى بار كىشىلەر، مۇددىتى بىر يىلغا توشقان تەقدىردە بۇ ئالتۇننىڭ زاكىتىنى ئايرىشى پەرزدۇر. زاكاتنىڭ مىقدارى ئۆشرىنىڭ تۆتتىن بىرى بولۇپ، 2.5% كە توغرا كېلىدۇ. (باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا 40تىن بىرى زاكاتقا ئايرىلىدۇ.)

قولغا كەلتۈرۈلگەن پايدا ئەسلى سەرمايىگە تەۋە بولۇپ، يېڭى بىر يىل توشقۇزۇشقا كېرەك يوق،

شۇنىڭدەك ھالال باش ھايۋانلارنىڭمۇ كۆپىيىشى ئەسلىدىكى سانغا تەۋە بولۇپ، ئەسلىنىڭ مىقدارى زاكات ئۆلچىمىگە يەتكەن بولسا يېڭى بىر يىلنىڭ ئۆتىشىنى ساقلاشقا كېرەك يوق.

دەۋرىمىزدە كىشىلەر ئىستېمال قىلىپ كېلىۋاتقان قەغەز پۇللار، مەيلى ئۇ دەرھەم، دىنار، دوللار ياكى باشقا بىر نەرسە دەپ ئاتالسۇن، ئوخشاشلا ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ ھۆكۈمىگە تەۋە بولۇپ، قىممىتى ئالتۇن- كۈمۈشنىڭ زاكات ئايرىش ئۆلچىمىگە يەتكەن، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولسا زاكات ئايرىش ۋاجىپتۇر.

پۇل دائىرىسىگە ئاياللارنىڭ ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن ئىشلەنگەن زىننەت بۇيۇملىرىمۇ كىرىپ كېتىدىغان بولۇپ، ئېغىرلىق ئۆلچىمى زاكات ئادا قىلىش مىقدارىغا يەتكەن ۋە ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولسا، زاكىتى ئايرىلىشى شەرت. ئۆلىمالارنىڭ ئەڭ ساغلام دەپ قارالغان سۆزلىرى بويىچە زىننەت بۇيۇملىرىنىڭ ئىستېمال قىلىش ياكى ئارىيەت بېرىش ئۈچۈن ھازىرلانغان بولۇشىنىڭ پەرقى يوق. بۇ يەكۈن مونۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن چىقىرىلغان: «ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى بەرمىگەن كىشى...» دېگەن يۇقىرىقى ھەدىستۇر.

بىر سەھىھ رىۋايەتكە كۆرە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئايالنىڭ قولىدا ئىككى دانە ئالتۇن بىلەزۈكنى كۆرۈپ: «"بۇنىڭ زاكىتىنى ئادا قىلامسىز؟" دەپ سورىغان، ئايال: "ياق" دەپ جاۋاب بەرگەن. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئۇ ئىككى بىلەيزۈكنىڭ ئورنىغا قىيامەت كۈنى ئاللاھ ئوتتىن ئىشلەنگەن ئىككى بىلەيزۈك سېلىپ قويۇشىغا چىدىيالامسىز؟" دەپ سورىغان، ئايال دەرھال بىلەيزۈكنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئۇ بىلەيزۈكنى ئاللاھ ۋە رەسۇلىنىڭ يولىغا بېغىشلىدىم" دېگەن.» - بۇ ھەدىسنى ئەبۇ داۋۇد ۋە نەسەئىي رىۋايەت قىلغان.

رىۋايەتلەردە تەكىتلىنىشىچە، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئالتۇندىن ياسالغان پارقىراق بىر نەرسە سالاتتى، بىر كۈنى: "ئى، ئاللاھنىڭ رەسۇلى، بۇ نەرسىلەر خەزىنە دائىرىسىگە كىرەمدۇ؟" دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «زاكاتىنى ئايرىش شەرتى ھازىرلىنىپ،

زاكاتى ئايرىلغان مال خەزىنە دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.» دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ مەندە يەنە نۇرغۇن ھەدىسلەر بار.

سودا- سېتىق ئۈچۈن ھازىرلانغان ماللار يىل ئاخىرىغا كەلگەندە ھېسابلىنىپ، قىممىتىنىڭ 40 تىن بىرى زاكات سۈپىتىدە ئايرىلىدۇ. مالنىڭ قىممىتىنىڭ پۇلى بىلەن ئوخشاش، كەم ياكى ئارتۇق بولۇشى مۇھىم ئەمەس. سەمرەتە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاللاھنىڭ رەسۇلى بىزنى سېتىشقا ھازىرلىغان نەرسىلىرىمىزنىڭ سەدىقىسىنى ئايرىشقا بۇيرۇيتتى.» [ئەبۇ داۋۇد رىۋايىتى] بۇ دائىرىگە سېتىشقا ھازىرلانغان زېمىن، بىنا، ماشىنا، سۇ تارتىش ماشىنىلىرى قاتارلىق سېتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان بارلىق نەرسىلەر كىرىدۇ.

ئەمما سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىجارە ئۈچۈن ھازىرلانغان بىنانىڭ زاكىتى قىممىتىدىن ئەمەس، ئىجارىسىدىن ئېلىنىدۇ. ئىجارىنىڭ قىممىتى زاكات چىقىرىش مىقدارىغا يەتكەن ۋە بىر يىل توشقان بولۇشى لازىم. (تاكسىنىڭ كىراسىمۇ بۇ دائىرىگە كىرىدۇ.) خۇسۇسىي ماشىنىلار، تاكسىلار سېتىش ئۈچۈن ئەمەس، ئىستېمال ئۈچۈن مەۋجۇت بولغان تەقدىردە بۇلارغا زاكات كەلمەيدۇ.

ئۆلىمالارنىڭ ساغلام قاراشلىرىغا ئاساسلانغاندا، قەرز زاكاتىنىڭ ئادا قىلىنىشىغا توسالغۇ بولالمايدۇ. شۇنىمۇ ئەسكەرتىش لازىمكى، كۆپچىلىك ئۆلىمالارنىڭ قارىشى بويىچە، يېتىملەر، ئەقلى- ھۇشى جايىدا بولمىغانلارنىڭمۇ مال-لىرىمۇ ئۆلچەمگە يەتكەن، ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەن بولسا زاكىتىنىڭ ئادا قىلىنىشى ۋاجىب. بۇنى ئۇلارنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلىرى ئۇلارغا ۋاكالىتەن يىل توشقاندا ئادا قىلىپ قويۇشلىرى لازىم. بارلىق دەلىللەر بۇنى تەقەززا قىلىدۇ. مەسلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى يەمەنگە ئەۋەتىدىغان چاغدا مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ ئۇلارغا بايلىرىدىن ئېلىپ كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان زاكاتنى پەرز قىلدى.» [بىرلىككە كەلگەن ھەدىس]

زاكات ئاللاھنىڭ ھەققى بولۇپ، زاكات بېرىش مۇناسىپ بولمىغان جايلارغا سەرپ قىلىشقا بولمايدۇ،

ئىنسان زاكات بىرىش ئارقىلىق دۇنيالىق بىرەر پايدا – مەنپەئەتنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىش ياكى بىرەر زىيان – زەخمەتنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلماسلىقى لازىم. مۇسۇلمان كىشىنىڭ زاكاتنى ئادا قىلغاندا، مەقسەتلىك ئەمەس بەلكى زاكات بېرىشكە لايىق، شەرتلىرى ھازىرلانغان كىشىلەرگە بىرىشى، بەرگەندىمۇ بۇ ۋەزىپىنى ساغلام ئادا قىلىش ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىخلاس بىلەن بېرىشى شەرت.

ئاللاھ تائالا زاكات بىرىلىش كېرەك بولغان كىشىلەرنى بايان قىلىپ قۇرئانى كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

إنّ◌مَا الصَّدَقَاتُ لِلْفُقَرَاء وَالْمَسَاكِينِ وَالْعَامِلِينَ عَلَيْهَا وَالْمُؤَلَّفَةِ قُلُوبُهُمْ وَفِي الرِّقَابِ وَالْغَارِمِينَ وَفِي سَبِيلِ اللّهِ وَابْنِ السَّبِيلِ فَرِيضَةً مِّنَ اللّهِ وَاللّهُ عَلِيمٌ حَكِيمٌ ﴿زاكات پەقەت پېقىرلارغا، مىسكىنلەرگە، زاكات خادىملىرىغا، دىللىرىنى ئىسلامغا مايىل قىلىش كۆزدە تۇتۇلغانلارغا، قۇللارنى ئازات قىلىشقا، قەرزدارلارغا، الله نىڭ يولىغا، ئىبنى سەبىللەرگە بېرىلىدۇ، بۇ الله نىڭ بەلگىلىمىسىدۇر، الله (بەندىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى) ئوبدان بىلگۈچىدۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.﴾

**<u>زاكات ئايرىشنىڭ پايدىلىرى</u>:** ئىسلامنىڭ بىر ئەركانىنى ئادا قىلىش ھېسابلىنىدۇ. بەندىنى پەرۋەردىگارىغا يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئىمانىنى كۈچلەندۈرىدۇ. بۇلاردىن سىرت ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغىنى بويىچە كاتتا ئەجىرگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئۇ ئارقىلىق بەندىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىنىدۇ. ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: «سەدىقە خاتالىقنى سۇ ئوتنى ئۆچۈرگەندەك ئۆچۈرۈۋېتىدۇ.» زاكاتنى ئادا قىلىش ئىنساننى گۈزەل ئەخلاق تەرەپكە يېتەكلەيدىغان بولۇپ، بېخىللىق ۋە قۇپاللىقتىن مەرت ۋە مېھرى – شەپقەتلىك بولۇشقا ئېلىپ كېلىدۇ. زاكاتنى ئادا قىلىشنىڭ يەنە بىر پايدىسى ئاللاھ تائالا ۋەدە قىلغاندەك مالنىڭ كۆپىيىشىدۇر. زاكاتنىڭ بۇلاردىن باشقا شەخس ۋە جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىشتا زاكاتنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك نۇرغۇن پايدىلىرى بار.

مۇسۇلمان قېرىندىشىم، ئۆز كۆڭۈل رازىلىقىڭ بىلەن زاكاتىڭنى ئادا قىلغىن، ئاللاھ تائالا سېنى

زاكات ئالغۇچى ئەمەس، بەلكى زاكات بەرگۈچى قىلغانلىقى ئۈچۈن ھەمدۇ ئېيتقىن.
بىلگىنكى، قولۇڭدىكى مال – دۇنيا ئاللاھنىڭدۇر. بېخىللىق قىلما، إِنَّمَا أُوتِيتُهُ عَلَى عِلْمٍ عِندِي ﴿مېنىڭ ئالاھىدە بىلىمىم بولغانلىقتىن بۇ بايلىققا ئېرىشتىم﴾ دەيدىغان ئىنكار قىلغۇچى بەندىلەردىن بولما.
ئاللاھقا ھەمدۇ ئېيتقىن، زاكات بېرىشكە لايىق كىشىلەرگە زاكاتىڭنى بېرىشكە تىرىشقىن، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ئىبادىتىڭنى قوبۇل قىلىشىنى، ساۋاپ بېرىشىنى تىلىگىن.

وصلى الله على نبينا محمد وعلى آله وأصحابه أجمعين.

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئا.قارلۇقى**

بسم الله الرحمن الرحيم

# قايىنامدىن قىرغاققىچە

(پاكىستانلىق مەشھۇر ئالىم شەمس نەۋىد ئوسمانىنىڭ ماقالىلەر توپلىمىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى)

**مەككىنىڭ راسچىل، ئامانەتدار، دەپ تونۇلغان بىر ئادىمى «مەن ئىنسانلارنىڭ نىجاتلىقى ئۈچۈن ئالالھنىڭ ئاخىرقى چاقىرىقىنى ئېلىپ كەلدىم» دەپ جاكارلاپتىمىش، دېگەن بۇ خەۋەر، ئىنتايىن تېزلىك بىلەن ئەتراپقا تارقالغان ئىدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ خەۋەر غىفار قەبىلىسىنىڭ ئەڭ ھەققەتپەرۋەر ئادىمي ئەبۇ زەر غىفاريي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قولىقىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاش بىلەن ئىختىيارسىز لەسسىدە تۇرۇپ كەتتى. گويا تۆتىلى ئەتراپنى قاپلىغان زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىدا ئىنتايىن مەھلىيالىق بىر نۇر ۋىللىدە يورۇپ كەتكەندەك بولغان ئىدى.**

**چۈنكى ئۇزۇندىن بېرى ئۇنىڭ غۇبارسىز قەلبى گۇناھكارلىق، زۇلۇم - سىتەم، ساختىلىقلارنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيتىنى قورقۇنچلۇق جاڭگالغا ئايلاندۇرۇپ قويىۋاتقانلىقىدىن بولۇشىغا ئۆكۈنۈپ كەلمەكتە ئىدى. چىرايلىرىدىن يىرتقۇچلارچە ۋەھشىيلىك يېغىپلا تۇرىدىغان كۆز ئالدىدىكى ئىنسانلار جەمئىيتى خۇددى سەكسىنىشلىك قان، يىرىك دېڭىزىغا ئوخشايتتىكى، ئۇنىڭ ۋەھشىيانە دولقۇنلىرى پۈتكۈل ئىنسانىيەت يەلكەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، كارۋانلارنى ئۆز قوينىغا غەرق قىلغان ئىدى. غەرق بولمىغانلار سۇنۇق كېمە تاختىلىرىغا يېپىشىپ، ھەر بىر قايىنامنىڭ گەردىشىدە سەرسان - سەرگەردان ئايلىنىپ يۈرمەكتە ئىدى. گەرچە ئۇلار قىرغاقنىڭ تەشنالىقىدا شۇنچە نالە قىلىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ھېچبىرى قىرغاقنىڭ زادى قايسى تەرەپتە ئىكەنلىكىنى ۋە قانداق يېتىپ بېرىش مۇمكىنلىكىنى بىلمەيتتى.**

**– بۇ خەۋەر راست بولۇپ قالسىمۇ ئەجەپ ئەمەسقۇ؟! ئۆز - ئۆزىگە زۇلۇم قىلىۋاتقان بۇ بەختسىز**

ئىنسانلارغا «ھەقىقىي خۇداسى» نىڭ رەھمى كېلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىنغۇ؟! - ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىچ - ئىچىدە چوڭقۇر ئويلىنىۋاتاتتى. «ھەقىقىي خۇدا» دېگەن بۇ تەسەۋۋۇر ئۇنىڭ تېپچىكلەپ تۇرغان باغرىنى لەرزىگە كەلتۈرۈش بىلەنلا، ئىختىيارسىز ئۇھ تارتىشقا باشلىدى.

ئاھ ھەقىقىي خۇدا! - ئۇنىڭسىز ئالتۇن - كۈمۈشلەرنىڭ بىھېساب خەزىنىلىرىمۇ ئىنسان قەلبىگە زەھەرلىك نەشتەردەك ئارام بەرمەيدىغان... ئۇنى ئۇنۇتقان، ئۇنىڭدىن يىراقلاشقان ئىنساننىڭ بارىدىغان جايى دوزاختىن باشقا بولمايدىغان... ئۇنىڭغا بولغان ئىشەنچنى قەلبىگە يەرلەشتۈرەلىگەن كىشى ھەتتا ئۆز قېنى بىلەن غۇسلى قىلىپ، ئۆز كىيىمى بىلەن كېپەنلەنگەن چاغدىمۇ، مىسلىسىز مەنىۋىي مەمنۇنىيەتتىن شاتلىنالايدىغان... ئەنە شۇ ھەقىقىي خۇدانىڭ تەسەۋۋۇرى ئۇنىڭ قەلبىنى گويا پارتلاۋاتقان ۋولقانلىق تۇيغۇلارغا تولدۇرىۋەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ قانچە ئۇزۇنغىچە يەنە نېمىلەرنى ئويلىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. تەپەككۇر كەپتىرى بۇ خەۋەر ئۈستىدە قانچە پەرۋاز قىلغانسىرى ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇنچە گۈزەل، شۇنچە دىلكەش، شۇنچە مەنىلىك تۇيۇلۇشقا باشلىغان ئىدى.

- جېنىم ئۇكام! - ئۇ ئاخىرى ئەمەلىي قارارغا كېلىپ، ئۆز ئىنىسىگە پىچىرلاشقا باشلىدى.

- سەن ھازىرلا مەككىگە ئاتلىنىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىشىڭ لازىم. «ئاللاھتىن باشقا ھېچ بىر مەبۇد يوق» دەپ جاكارلىغان ئەشۇ كىشى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات ئېلىپ، دەرھال قايتىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ -

ئىنىسى ئاكىسىنىڭ بۇ مۇقەددەس خاھىشىغا ھۆرمەت قىلىپ، دەرھال ھەققانىيەتنى ئىزدەش سەپىرىگە ئاتلىنىپ كەتتى. ئىنىسى كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەشنالىقى ئۇمىدلىنىش ھەم خەۋپسىرەش ئىچىدە، ئۇنى گويا قىيامەتنىڭ ئىزتىراپلىرىغا چۆمدۈرىۋەتكەن ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ھەممە نەرسىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، پەقەت مەككىنىڭ يولىغىلا تىكىلىپ ئولتۇرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بېسىۋالغۇسىز مەۋج ئۇرىۋاتقان قەلب دولقۇنلىرى ھاياتىنىكى ئەڭ كاتتا ھەقىقەتنىڭ دەرھال ئايان

بولۇپ، ئۆزى بىلەن مۇجەسسەملىشىپ كېتىشكە ئالدىراۋاتاتتى. ئاخىرى ئىنتىزارلىقنىڭ جان ئالغۇچ بۇ ئازابلىق سائەتلىرىمۇ ئىنتىھاسىغا يەتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قېرىندىشىنىڭ قايتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرمەكتە ئىدى. ئۇ يىراقتىنلا ئىنىسىنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىپ، بۇ مۇقەددەس سەپەرنىڭ ئۇنىڭ چىرايىدا زادى قانداق تەسىرلەرنى قالدۇرغانلىقىنى كۆزۈتۈشكە باشلىدى. ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىردىنلا خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلدى. چۈنكى ئىنىسىنىڭ چىرايىدا ئاجايىپ بىر ئۈمىد نۇرىنىڭ چاقناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئىدى.

- ھە، تېزراق ئېيتقىنە، نېمىلەرنى بىلىپ كەلدىڭ؟ - تەشنالىقتىن ئەبۇزەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

- بولدۇ، ھاياجىنىڭنى بېسىۋالغىن ئاكا، مەن ئۇ كىشى بىلەنمۇ كۆرۈشتۈم ۋە باشقىلاردىنمۇ سۈرۈشتۈردۈم. ئاخىرى شۇنداق خۇلاسىگە كەلدىمكى، ئۇ راستىنلا كاتتا ئادەم ئىكەن، كىشىلەرگە ئاجايىپ ئېسىل سۆزلەرنى قىلىدىكەن. ھە راس، ئۇ نە شېئىرغا، نە ماقال - تەمسىلگە ئوخشىمايدىغان ئاجايىپ، غەيرى بىر كالامنى تىلاۋەت قىلىپ بېرىدىكەن.

ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەربىر ئېغىز سۆزنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن زەن قويۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن قەلب تەشنالىقىنىڭ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئېشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ بىردىنلا تىت - تىت بولۇپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي: «ئېست، مەككىگە ئۆزەملا بارغان بولسامچۇ كاشكى؟ گېپىنى قىلسىمۇ ئادەمنىڭ قەلبىگە شىرنە قۇيۇلىۋاتقاندەك ھۇزۇر بېرىدىغان شۇ كىشىنىڭ سۆزلىرىنى ئۆز قۇلۇقۇم بىلەن ئاڭلىغان بولسامچۇ كاشكى؟» دەپ توۋلىۋەتتى ۋە ئوتلۇق ئىشتىياقىنىڭ توسۇۋالغۇسىز ھېسسىياتلىرى قوينىدا سەپەر جابدۇقى ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ، ئالدىراش مەككىگە يۈرۈپ كەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ دۇنيانى ياراتقان ئاللاھنى ئىزدەش ئۈچۈن دۇنيادىلا سەپەرگە ئاتلانغان ئىدى.

ئىنسانىنى ئۇدۇل ئۆز ياراتقۇچىسى بىلەن مۇلاقات بولۇشقا ئېلىپ بارالايدىغان، ئەمما ئىنسانلار

نادانلىقتىن يوقتىپ قويغان ئەشۇ مۇقەددەس يولنى ئىزدەشنىڭ پىراقىدا بوران - چاپقۇن، ئاپتاپ، سايىلارغا ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن ھالسىزلىنىشلارغا پەرۋامۇ قىلمايتتى. خۇددىنى يوقاتقان ھالدا، ئىگىز - پەس قۇم بارخانلىرىنى كېچىپ، چۆللۈكتە تەنھا كېتىپ باراتتى. ئاخىرى بىر يىقىلىپ، بىر قوپۇپ، ئاران تەسلىكتە مەسجىدى ھەرەمنىڭ ھويلىسىغا يېتىپ كەلدى. تېخىچە چىرايىنىمۇ كۆرۈپ باقمىغان بىر كىشىگە بولغان بۇ ئاجايىپ قىزىقىش ئۇنى ئاقۇۋەت يۇرتىدىن ئايرىپ، مانا ئەمدى غېرىپ، مۇساپىرغا ئايلاندۇرۇپ قويغان ئىدى. ئەمما ئۇنى باشقىلاردىن سوراشقىمۇ پېتىنالمايتتى، چۈنكى ئەمدى تېخى قەلبىدە يانغان بىردىن - بىر ئۈمىد شامىنى ھەققانىيەت دۈشمەنلىرىنىڭ ئۆچۈرۈپ قويۇۋېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئىنتىزارلىقتا تاڭ ئېتىپ كۈنمۇ چىقتى، ھەتتا شام كىرىپ كەچ بولدى. بۇ بىچارە مۇساپىرنىڭ نە تۇرغىدەك جايى، نە يېمەك - ئىچمىكىمۇ يوق ئىدى. ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۇنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن ئىنتايىن ئىخلاسمەن ساھىپخاندىن بىرسى مەيدانغا چىقتى. ئۇ دەل ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇپ، بۇ يات مۇساپىرنى كۆرگەندە، باشقا ھېچقانداق گەپ سوراپ يۈرمەستىنلا مېھماندوسلۇق قولىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتى ۋە ئۆيىگە ياندۇرۇپ كېلىپ قولىدىن كېلىشىچە ياخشى كۈتىۋالدى. ئەمما مېھمان ئۆزىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدى. ئەتىسى يەنە ھەرەمگە كىرىپ، ئۆزى ئىزدەپ كەلگەن زاتنى «ئۇچرىتىپ قالارمەنمەنمىكى» دېگەن ئۈمىدتە بىقارار ئىنتىزارلىق بىلەن ھەممە ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ بىر كۈننى ئۆتكەزدى. ئەمدىلىكتە ئىككىنچى كېچە كىرىپ قالغان بولۇپ، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى يەنە ئۆيىگە ئېلىپ ماڭدى. شۇنداق قىلىپ ئۈچىنچى كۈنمۇ ئۆتۈپ، ئۈچىنچى كەچمۇ كىرىپ كەلدى. بۈگۈنمۇ ئۇ يەنە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان ئىدى. بۇ جىمغۇر مۇساپىرنىڭ ھال - مۇڭىنى ئاڭلاپ، يار - يۆلەكتە بولۇشنى ئەخلاقىي بۇرچى قاتارىدا سانىغان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرى ئۇنىڭدىن كېلىشتىكى مەقسىتىنى سورىدى. ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ كۆڭلىدىكى گەپنى ئايىماي سۆزلەپ بەردى.

- ئۇنداقتا ئەتە مەن سىنى مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىمەن - ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىنتايىن سۆيۈنگەن ئاۋازدا ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى.

«لېكىن، ناۋادا يول ئۈستىدە سىنى مەن بىلەن بىرگە كۆرۈپ قالسا، مۇناسىپ بولمايدىغان ئادەملەر ئۇچرىسا، مەن ھاجەت قىلغان ياكى ئايىغىمنىڭ شوينىسىنى ئوڭشىغان بولىۋالىمەن، سەن ئۇدۇل يولنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگىن» دەپ تاپىلىدى.

ئىنتىزارلىقنىڭ بۇ ئاخىرقى تاغدەك ئېغىر كېچىسىمۇ ناھايىتى تەستە ئۆتۈپ، ئەتىسى سەھەردە ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىرلىكتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا يۈرۈپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە كىرە - كىرمەيلا ئۇنىڭ يۈرىكى دۈپۈرلەپ سوقۇشقا باشلىغان ئىدى. تېخى ئەمدىلا دىدارىنى كۆرۈش بىلەن تەڭ گويا قەلبىنىڭ ھەر بىر دولقۇنى ئاجايىپ پارلاق نۇرغا چۆمۈپ كېتىۋاتقاندەك سېزىمگە كەلدى. ئىختىيارسىز پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئۆركەشلەۋاتقان ھۆرمەت، ئېھتىرام ئۇنىڭ ياتسىراش تۇيغۇلىرىنىمۇ، شەك - شۈبھە، گۇمانلىرىنىمۇ بىراقلا سۈپۈرۈپ تاشلىغان ئىدى. ئىلگىرى ئۆز خىيالىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن يول بويى ئويلاپ، مىڭ تەستە رەتلەپ، تۈزۈپ كەلگەن سوئال، پىلانلىرى بىرىنچى نەزەردىلا يوققا چىقىپ كەتكەن ئىدى. دېمەك، ھەققانىيەتنى ئىزدىنىشنىڭ ئۇزۇن سەپىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ جامالىنى بىرلا كۆرۈش بىلەن تاماملانغان ئىدى. بىر قانچە ئېغىز سۆز قىلىشقاندىن كېيىن قەلبىدىكى پۈتۈن تۈگۈنلەر يېشىلىپ، غىفار قەبىلىسىنىڭ بۇ يۈرەك پارىسى ئەمدىلىكتە ئۆزىنى ئىمان، ئىسلامنىڭ باغرىدا كۆرۈشكە باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ غەرىبۇلۇۋەتەن مۇساپىرغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن ئاساستا ئۇنىڭغا ئىسلامنىڭ ئاسانراق يولىنى چۈشەندۈرۈپ، «ھازىرچە ئىمانىڭنى ئىزھار قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. سەن قەبىلەڭگە قايتىپ كۈتۈپ تۇرغىن ۋە بىز غەلىبە قازانغاندىن كېيىن ئاندىن بۇ يەرگە كەلگىن» دەپ تەسەللى بەردى.

- يا رەسۇلۇللاھ! - ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چوڭقۇر ئېھتىرام بىلەن ئىمانىنىڭ ئەمدىكى بېسۋالغۇسىز ۋىجدانىي جاسارىتىنى نامايەن قىلىشقا باشلىدى.

- مېنىڭ جېنىم ئىلكىدىكى ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ ھەققانىيەتنىڭ ساداسىنى مۇشۇ ئىمانسىز ئەبلەخلەرنىڭ ئارىسىدا بىر جاكارلىۋالمىغۇچە قەتئىي ئەمىن تاپمايمەن.

ئۇ راستىنلا دېگىنىدەك قىلدى. ئاجايىپ جاسارەت بىلەن ئورنىدىن دەس تۇرغانچە يوغان - يوغان چامداپ، ئۇدۇل ھەرەمگە باردى ۋە جۇغلىشىپ ئولتۇرغان مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ قاپ - ئوتتۇرىسىدا ئورە تۇرۇپ «مانا مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ھېچقانداق مەبۇد يوق! مانا مەن گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئاخىرقى پەيغەمبىرى!» دېگىنىچە ھەققانىيەت ساداسىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى.

ئاسىي كۇپپارلارنىڭ ھەممىسى بۇ گۈلدۇرمامىدەك سادانى ئاڭلاپ بىر ھازا نېمە قىلىشىنى بىلمەي داڭ قېتىپلا قالدى ۋە «مۇشۇنداق چاغدىمۇ قورقماستىن ئۆز ئۆلۈمىنى چاقىرىۋاتقان بۇ زادى كىم؟!» دەپ بىر - بىرىدىن ھەيرانە سوئال سوراشقا باشلىدى. ئاندىن ھەممىسى بىراقلا چىلبۆرىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، «ئۇرە! ئۇر!» دەپ تووۋلاشقا باشلىدى. شۇنچە كۆپ يىرتقۇچ ھايۋانلار كەبى كۇپپارلارنىڭ ئارىسىدا قالغان ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۇشمۇ - تۇشتىن تېگىۋاتقان تاياق توقماقلار بىلەن تەۋرەنمەي قارشىلىشىۋاتتى. بىرسى مۇش ئاتسا، يەنە بىرسى تۈكۈرۈپ ھاقارەت قىلىۋاتقان، بىرسى تىزلىسا، ئىككىنچىسى پەشۋا تېپىۋاتقان. شۇنداقتىمۇ بۇ مەردى - مۆئمىن تۆتىلى ئەتراپىدىن تىنىمسىز يېغىۋاتقان تاش، توقماقلار ئارىسىدا، سەبىر ھەم ئىستىقامەتنىڭ نۇر مۇنرىدەك ئىرادىسىدىن يانمايۋاتقان. پۈتۈن دۇنيا ئۇنىڭغا «سەن نېمە ئۈچۈن دۇنيانى يارىتقۇچىنىڭ نامىنى تىلغا ئالىسەن؟» دەپ ھۇجۇم قىلىۋاتقان، ئەمما ئۇ بارلىق كۇپپارلارنىڭ ئوغىسىنى قاينىتىۋەتكەن شۇنچە كاتتا سۆزنى جاكالىيالىغانلىقىدىن شاتلىنىپ، تاياق يەپ، ھۇزۇرلىنىۋاتقان، شۇنچە شادىمان، شۇنچە بېخىرامان. ھاياسىز تىل - ھاقارەتلەرگە پىسەنتمۇ قىلمايۋاتقان. ئارقا - ئارقىدىن

تېگشۋاتقان پەشۋالارغا بىرەر قېتىممۇ «ۋايجان» دەپ سالمايۋاتقان. چۈنكى ئۇ دەيدىغىننى دەپ بولغان، قىلىدىغاننى قىلىپ بولغان. ئەمدىكى نۆۋەت پەقەت بەرداشلىق بېرىشكىلا خاس بولغان. شۇڭا ئۇ قورقۇنچقا ئەمەس، خاتىرجەملىككە چۆمگەن. "پۇتكۈل كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسى ئارقامدا بار" دېگەن ئىشەنچكە مەھكەم يۆلەنگەن. ئاللاھنىڭ رىزالىقى يولىدا دەسسىلىپ، يەنچىلىۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن شاتلىقتا چۆمگەن.

چەكسىز رەھىم - شەپقەتلىك، مېھرىبان ئاللاھ تائالامۇ ئۆزىگە بولغان چىن ئىخلاس، ۋاپادارلىقىنىڭ بۇ تەسىرلىك مەنزىرىسىگە نەزەر سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاللاھنى ھەر دائىم ئۆز ئۈستىدە ھازىر ۋە نازىر دەپ بىلىشتەك تېرەن تۇيغۇلارغىلا غەرق ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتاتتى. ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ چىدىغۇسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەرگە پىسەنتىمۇ قىلماستىن بەرداشلىق بېرىۋاتتى، ئەمما ئەتراپتا تاماشىشا كۆرۈۋاتقانلار ئۇنىڭ ھالىغا ئىچ ئاغرىتىپ ھەتتا ئۆپكىسى ئېغىزىغا كەپلىشىپ قالىشقا تاسلا قىلىۋاتاتتى. بۇ قەدەر دەسسىلىپ، يەنچىلىشلەرگە ئىنسانۇيلىكنىڭ تەبىئىي شاراپىتى چىداپ تۇرالماي، ئاخىرى ئۇلار ئارىسىدىن تېخى ئىمانىنىڭ تەمىنى تېتىش نېسىپ بولمىغان ھەزرىتى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەيدانغا چۈشتى ۋە دەرھال ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپ، زالىملارنى توسۇشقا باشلىدى.

- ئى ھاماقەتلەر! شۇنى ئويلاپ قويماسىلەركى، ناۋادا بۇ غىفار قەبىلىسىنىڭ ئادىمى تايىقىڭلار ئاستىدا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇچاغدا سىلەرنىڭ شامغا بارىدىغان سودا كارۋانلىرىڭلار نېمە بولماقچى؟ ئۇنىڭ قەبىلىسىدىن سالامەت ئۆتۈش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ دەپ تووۋلىدى.

ئاخىرەتنىڭ ئازابىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايدىغان بۇ ھېسسىزلار كېچىككىنە دۇنيالىق زىيانىنىڭ ئېتىنى ئاڭلاش بىلەن دەرھال ھوشىنى تېپىپ ئۇرۇشتىن توختاشتى. شۇنداق قىلىپ، تاياق - توقماق دەستىدىن جان ئۈزەيلا دەپ قالغان ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھاياتى قىلنىڭ ئۈستىدە ئاران ساقلىنىپ قالدى. ئەمما ئەتىسى بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ۋەقە يۈز بەردى.

ئارىدىن تېخى بىر كېچىمۇ ئۆتمىگەن، تاياق دەستىدىن ئىششىپ كۆكىرىپ كەتكەن بەدەنلىرىگە تېخى بىر سوغۇققىنە شامالمۇ تەگمىگەن، ھەتتا يېرىلىپ، پېچىلىپ كەتكەن زەخىم جاراھەتلىرىنىڭ ئەتراپىمۇ قېتىشاي دېمىگەن بىر چاغدا، ئۇنىڭ يەنە شۇنداق تاياق - توقماقلاردىن ھۇزۇرلىنىشىلىش ئۈچۈن مەستانە كېتىپ بارغانلىقىنى ھەممەيلەن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمەكتە ئىدى.

ئەلمىساقتىلا پۈتكۈل ئىنسانلار روھى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا ئەھدى بېرىپ، ياڭراتقان ھەقنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار ساداسىنى ھەتتا ئادەم ئەلەيھىسسالامىمۇ تەكرار ياڭرىتىش ئۈچۈن كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن ھالدا دۇنياغا چۈشكەن، نۇھ ئەلەيھىسسالامىمۇ 950 يىلغىچە قالىب قانلىرىنى ئېقىتىش بىلەن ھارماي ياڭرىتىپ، ھەتتا ئاخىرى تۇفان بالاسىدا كېمىسىنى لەيلەتكەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامىمۇ كۇپپارلارنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتىغا ھېچ قورقماستىن ئۆزىنى تاشلىيالىغان، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامىمۇ زىندانىدا ياتقان، مۇسا ئەلەيھىسسالامىمۇ پىرئەۋننىڭ ئىستىبداتلىقىغا قارشى دېڭىز يېرىپ قىرغاقىقا چىققان، ئەيسا ئەلەيھىسسالامىمۇ ئەشۇ ھەققانىيەت ساداسى ئۈچۈنلا كۇپپارلارنىڭ ئەسەبىي زۇلۇم سىتەملىرىنى باشتىن ئۆتكەزگەن، ئاخىرىدا ھەتتا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامىمۇ ئاللاھ يولىدا ئازابتىن ھۇزۇرلىنىشنىڭ بۇ پەيغەمبىرانە ئەنئەنىسىنى ساق 23 يىلغا قەدەر داۋاملاشتۇرغان، ئەنە شۇ ھەققانىيەت ساداسىنى ياڭرىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار مەقسەتتە، ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ قان ئېقىپ تۇرغان زەخىملىرىنىڭ ئۈستىگە تېخىمۇ ئۆتكۈر، تېخىمۇ شېرىن يەنە بىر زەربە يېۋېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

قېرىنداشىمىز ئەبۇ زەر غىفارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ نېمىدېگەن بەختلىك، ھە! چۈنكى ئۇنىڭ تەلىيىگە ئەشۇ ھەققانىيەت ساداسىنى ياڭرىتىشنىڭ شەرىپى ئىككىنچى قېتىم يەنە پۈتلىگەن ئىدى. باتىل ھېچ قاچان ئەپۇ قىلالمايدىغان بۇ سادا بۇگۈن گويا ھەرىنىڭ كونىكىگە ئوت يېقىۋەتكەندەك بولدى. ياۋۇز، تەلۋە كۈچلەرنىڭ ھەممىسى بۇ مەردى - مۆئمىنگە تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلىپ كەلدى. بۈگۈن تۈنۈگۈنكىدىنمۇ ئەسەبىي تاياق توقماقلار ياغماقتا ئىدى. ناۋادا ئاللاھنىڭ فەزلى بىلەن ھەزرەتى

ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە ۋاقتىدا ئارىغا چۈشمەي قالغان بولسا، ئۇ شۇ يەردىلا جان ئۈزۈپ شېھىت بولغان بولاتتى.

شۇنداق، جەننەتنىڭ خۇشپۇراق، ساپ ھاۋالىرىنى بىر قېتىم پۇراش بىلەن تەڭلا ئاللاھتىن دۇنياغا يەنە قايتىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدىغان، يەنە تىرىلىپ يەنە شېھىت بولۇشنى، يەنە تىرىلىپ يەنە شېھىت بولۇشنى، ھەق يولىدا توپا - چاڭ، قانلارغا مىلىنىپ كېتىشنى، پارە - پارە بولغان جىسمىنى ئېتىكىدە كۆتىرگەنچە ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىشنى ئىلتىماس قىلىپ ھارمايدىغان ئەنە شۇنداق شېھىتلەردىن بولۇپ كەتكەن بولاتتى. ئاخىرى ئۇ شېھىتلىك ئىشقىدا قانچە پۇچۇلۇنۇپ، مەردانىلارچە قانداق يول يۈرۈپ كەلگەن بولسا، بەدەنلىرىنى تولدۇرغان ھەربىر زەخم، جاراھەتلىرىدە شەھادەت ئىشقىنىڭ شۇنچە كۈچلۈك نۇرلىرىنى جىلۋىلەندۈرۈپ، شۇنداق خۇشال قايتىپ كېتىۋاتاتتى.

ئاھ! بىزدىن ئىلگىرى ئۆزىنى «مۇسۇلمان» دەپ تونىغان ئەشۇ قېرىنداشلىرىمىز زادى قانداق ئىنسانلار بولغىيتتى - ھە؟! مانا ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىغۇ ئۇلار بىلەن بىرگە كەتتى. ئەمما خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك جېنىمىزغا چاپلاشقان بىزنىڭ ھازىرقى قىلمىشلىرىمىزچۇ؟

راستىنى ئېيتقاندا، ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى دۇنيالىق ھاياتىمىز ئۈچۈن، يەنى، ھەرقانچە يىپپىشۋالساقمۇ، ئاخىرى يۈلۈپ ئېلىپ، تۇپراق ئاستىغا كۆمۈۋېتىدىغان مۇشۇ دۇنيالىق پانى ھايات ئۈچۈن تېخى ئۇيالماستىن ئاللاھتىنمۇ مەيۈسلىنىپ يۈرمەكتىمىز. ھەتتا ئۆمۈرۋايەت گۇناھقا مىلىنىپ ئۆتكەن كىشىنىڭ كۆزلىرىدە ئىككى تامچە نادامەت يېشى لىغىرلاش بىلەنلا كەرەملىك ئاللاھنىڭ چەكسىز ئەپۇ - رەھمىتى دەرھال ھەرىكەتكە كېلىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەلمەيمىز. شېھىتلىك ئىشقىدا يەرگە بىرتامچە قېنىمىز تۆكۈلگەن ھامان جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك دەرۋازىسى ئېچىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلاشقىمۇ پېتىنالمايمىز. ئەگەر ھەقنى تونۇپ يېتىپلا پۈتۈن قەلب، ۋۇجۇدى بىلەن ئۇنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشقا تىرىشقان ئەشۇ ئەجداتلار «ئەھلى ھەق» دەپ ئاتالغان بولسا، ئۇنداقتا پانى دۇنيانىڭ بىر قانچە تىيىنگە ئەرزىمەس راھەتلىرى ئۈچۈن

**جەننەتنىڭ مەڭگۈلۈك ھۇزۇر - ھالاۋەتلىرىدىن كېچىۋېتىپ بارغان بىز ھەققانىيەتپەرۋەرلەرنى نېمە دەيمىز؟**

**قېنى ئېيتىپ باقايلىچۇ! بىز شۇنداقتىمۇ راستىنلا مۇسۇلمانمۇ؟!**

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان**

# پاكىستان ھۆكۈمىتى شۋېتسىيەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەجۋى رەسىمنى سىزغانلىقنى قاتتىق تەنقىدلىدى ۋە «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى»غا ئەرز سۇندى

پاكىستان پايتەختى ئىسلام ئاباد شەھرىدىن2007- يىلى 30- ئاۋغۇست كۈنى ئېلان قىلىنغان خەۋەردە، «خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى» شۋېتسىيە ھۆكۈمىتىدىن پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە ياراشمايدىغان ھەجۋى رەسىم سىزغان شۋېتسىيە گېزىتىنىڭ مەسئۇلىنى ۋە رەسىمنى سىزغان رەسسامنى جازالاپ بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغان.

«خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيى» نىڭ باش كاتىپى ئەكمەلىددىن ئىھسان ئوغلۇ شۋېتسىيەدە چىقىدىغان « نېرىكىس ئەلىھندا» گېزىتىدە، «لارس فىلكىس» دېگەن رەسسام تەرىپىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلۇغ شەنىگە ۋە يۈكسەك ماقامىغا لايىق كەلمەيدىغان ھەجۋى رەسىمنىڭ سىزىلغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە شۋېتسىيە ھۆكۈمىتىنىڭ جىنايەتكارلارنى دەرھال جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئىھسان ئوغلۇ باياناتىدا مۇنداق دېدى: «بۇ پىكىر ئەركىنلىكى پەردىسى ئاستىدا ئىشلەنگەن ئەڭ كەچۈرۈلمەس جىنايەتتۇر. پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ غۇرۇرىنى زەدىلەيدىغان بۇ جىنايەتكە بىز قاراپ تۇرالمايمىز.»

ئىھسان ئوغلۇ مۇسۇلمانلارنى تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرۈشكە ۋە جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنلۇق ھالدا جازاسىنى كۆرۈشنى تەلەپ قىلىشقا چاقىردى.

پاكىستان بىلەن ئىران شۋېتسىيە ھۆكۈمىتىگە رەسمىي تۈردە نارازىلىق بىلدۈردى. پاكىستان ھۆكۈمىتى ئىسلام ئاباد شەھىرىدىكى شۋېتسىيە كونسۇلىنى چاقىرتىپ، جىنايەتكارلارنى جازالاپ بېرىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى سىرتىدا، ئىسلام ئابادتىكى شۋېتسىيە ئەلچىخانىسىنى تاقىۋېتىشكە ئەمر قىلدى.

پاكىستان ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېلان قىلىنغان باياناتتا: «پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد

ئەلەيھىسسالامنىڭ شەنىگە لايىق كەلمەيدىغان بۇ رەسىمنى سىزغۇچىلار ئىنسانىيەتنىڭ جىنايەتكارلىرىدۇر. بۇ ئىش كەچۈرۈم قىلىنمايدۇ. دىنلار ئوتتۇرىسىدا دىئالېكت قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىقلار كۆرسىتىلىۋاتقان بۇ پەيتتە، مۇنداق رەسىمنىڭ سىزىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ بەخت – سائادىتى بىلەن ئويناشقانلىق ۋە دىنلار ئارا دىئالېكتكە زىيانكەشلىك قىلغانلىقتۇر».

بىز بۇ ۋەقەلىككە ئەپسۇسلىنىپ دەيمىزكى، ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇچاقلاپ باغرىغا باسىدىغان ۋە پۈتۈن ئىنسانلارغا ياخشىلىق تىلەيدىغان بىر ئۇلۇغ دىن. مۇسۇلمانلار بۇ ئۇلۇغ دىنىنىڭ تەلىماتى بويىچە، باشقا دىندا بولسىمۇ، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشنى، ئادالەتلىك ۋە ئەخلاقلىق مۇئامىلە قىلىشنى، زۇلۇم قىلماسلىقنى، كەمستمەسلىكنى ئىسلامىي گۈزەل ئەخلاق ۋە دىنىي بۇرچ دەپ تونۇيدۇ. قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارنى كۇففارلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرىنىمۇ ھاقارەتلىمەسلىككە چاقىرغان. شۇڭا مۇسۇلمانلار باشقا دىندىكىلەرنى ھاقارەتلىمەيدۇ ۋە چوقۇنغان نەرسىلىرىنىمۇ سۆكمەيدۇ. بەلكى ھېكمەتلىك ۋە ئەخلاقلىق ھالدا خاتا ئىشلارنى رەت قىلىدۇ.

بىزنىڭ دىنىمىز يەھۇدىيلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇسا ۋە خرىستىئانلارنىڭ پەيغەمبىرى ئىسا ئەلەيھىسسالاملارغا ئىمان ئېيتىشنى ئىماننىڭ مۇھىم بىر پارچىسى قىلىپ بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ پەيغەمبەرلەرنى ئىنكار قىلغان كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ. يەھۇدىيلار بىلەن خرىستىئانلار پەيغەمبەرلىرىنى ئادەتتىكى ئىنسانلاردىمۇ بولمايدىغان پەسلىك ۋە ھېقىرلىق بىلەن سۈپەتلىسە، مۇسۇلمانلار مەزكۇر پەيغەمبەرلەرنى ئاقلايدۇ ۋە ئۇلارنى لايىق رەۋىشتە ھۆرمەتلەيدۇ. مۇسۇلمانلار ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان تەبىئىي بايلىقلىرى بىلەن ياۋرۇپالىق پەرەڭلەرنى تەمىنلەپ تۇرىدۇ. ئۇلارغا ئىنسانلىق مۇئامىلىسىنى قىلىدۇ. ئەمما ئۇلار؟ نىمە ئۈچۈن ئۇلار مۇسۇلمانلارغا ۋە ئۇلارنىڭ دىنىغا بۇنچىلىك دۈشمەنلىك قىلىدۇ؟ قۇرئان كەرىم بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئۆز ۋاختىدا بەرگەن. «سەن يەھۇدىيلار ۋە خرىستىئانلار نىڭ دىنىغا كىرمىگىچە ئۇلار سەندىن ھەرگىزمۇ رازى بولمايدۇ.» (بەقەرە سۈرىسى 120- ئايەت).

# ئانا دېگەن مۇنداق بولسا!

مەدىنە مۇنەۋۋەرە شەھرىدە بىر كىشى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى ئەبۇ قۇدامە ئەل ـ شامىي دەپ ئاتىشاتتى. الله ئۇنىڭ قەلبىگە جىھاد ئىشقىنى چوڭقۇر سالغان بولۇپ، دائىم رۇملۇقلارغا قارشى الله يولىدا جىھاد قىلاتتى.

بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسجىدىدە دوستلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، دوستلىرى ئۇنىڭغا، ھەي ئەبۇ قۇدامە! سەن بىزگە جىھاد مەيدانىدا كۆرگەن ئەڭ تەسىرلىك ۋەقەدىن بىرنى دەپ بەرگىن، دېدى. ئەبۇ قۇدامە: بولىدۇ، دېدى ـ دە، سۆزىنى باشلىدى:

مەن بىر يىلىسى، قورال ـ ياراقلارنى ئارتىش ئۈچۈن بىرەر تۆگە سېتىۋېلىش مەقسىتىدە رىققە شەھرىگە كىرگەنتىم، بىر كۈنى سەپەرگە تەييارلىنىۋاتسام ، مەن تۇرۇۋاتقان جايغا بىر ئايال كىردى ـ دە:

ـ ھەي ئەبۇ قۇدامە! مەن سېنىڭ جىھاد توغرىسىدا سۆزلەپ كىشىلەرنى جىھادقا چىقىشقا ئۈندەۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلىدىم، الله ماڭا ھېچ قايسى ئايالدا يوق شۇنداق كۆپ چاچنى ئاتا قىلغانتى، مەن چاچلىرىمنى كېسىپ ، ئۇنىڭدىن ئات ئۈچۈن تۆشباغ ياسىدىم، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا قارىماسلىقى ئۈچۈن تۆشباغنى توپىغا مىلەپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قويدىم. سەن ئۇنى ئۆزەڭ بىلەن بىرگە جەڭ مەيدانىغا ئېلىپ كەتكەن بولساڭ! جەڭ مەيدانىدا ئۇنىڭغا ئېھتىياجىڭ چۈشسە ئىشلەتسەڭ، بولمىسا باشقا بىرسىگە بېرىۋەتسەڭ. مۆمىن، باتۇرلار مەيدانغا چۈشۈپ، ئوقلار ئېتىلىپ، قىلىچلار يالىڭاچلىنىپ ، نەيزىلەر ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ جەڭ تازا قىزىغاندا مېنىڭ بۇ چېچىمنى جەڭ مەيدانىدا ھازىر بولۇپ، الله يولىدا قوزغالغان چاڭ ـ توزاڭلاردىن تىگىشلىك نەسىۋىسىنى ئالسىكەن دەيمەن. مەن بولسام بىر تۇل خوتۇن، ئېرىم ۋە بارلىق ئەر بىر تۇققانلىرىم الله يولىدا شېھىت بوپ كەتتى. ئەگەر ئاياللارغا جىھاد پەرز بولغان بولسا ئىدى مەنمۇ جىھادقا چىقاتتىم، دېدى. ئاندىن ھېلىقى تۆشباغنى ماڭا سۇنۇۋېتىپ :

ـ ھەي ئەبۇ قۇدامە! ئېرىم ۋاپات تاپقاندا ماڭا ئۇنىڭدىن چىرايلىق بىر ئوغۇل قالغان ئىدى، ئۇ ئوغلۇم قۇرئاننى يادلىدى چەۋاندازلىقنى ۋە ئوق ئېتىشنى ئۆگەندى. ئۇ، كېچىسى تەھەججۇد نامىزىنى تاشلىماي ئوقۇيدۇ، كۈندۈزى روزا تۇتىدۇ، يېشى ئون بەشتە، ئۇ ھازىر دادىسىدىن قالغان تېرىلغۇ يەرگە كەتكەن ئىدى، سەن جىھاد سەپىرىڭگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر كەپلا قالسا، ئۇنى الله غا ھەدىيە قىلىپ سەن بىلەن بىرگە جىھادقا يولغا سالىمەن، ئىسلامنىڭ ھۆرمىتى بىلەن سەندىن ئۆتۈنەي مېنىڭ تەلىۋىمنى يەردە قويمىغىن ! دېدى .

مەن، تۆشباغنى قولىدىن ئېلىپ قارىسام ھەقىقەتەن چاچتىن ئىشلىگەن تۆشباغ ئىكەن، ئۇ ئايال تۆشباغنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ،

ـ يۇلۇك ـ تاقلىرىڭنىڭ ئىچىگە سالغىن ، كۆڭلۈم تىنسۇن ، دېدى .

مەن ، ئۇنى يۇلۇك ـ تاقلىرىمنىڭ ئىچىگە سالدىم ،

كېيىن مەن رىققە شەھرىدىن چىقىپ، ھەمراھلىرىم بىلەن مەسلەمە ئىبنى ئابدۇلمەلىكنىڭ سېپىلىغا يېقىن بىر جايغا كەلگەندە ئارقامدىن بىر ئاتلىق:

ـ ھەي ئەبۇ قۇدامە! الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! مېنى ئازراق ساقلىغىن! ـ دەپ توۋلىدى. مەن ھەمراھلىرىمغا: ـ سىلەر مېڭىۋېرىڭلار ! مەن كەينىڭلاردىن يېتىشەي، دېدىمـ ده، ئۇنى ساقلاپ تۇردۇم، ئۇ ئاتلىق كىشى كېلىپلا مېنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ:

ـ مېنى ساڭا ھەمراھ بولۇپ جىھادقا چىقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلمىغان الله غا شۈكرىلەر بولسۇن! دېدى . مەن :

ـ ماڭا يۈزۈڭنى كۆرسەتكىن ، غازاتقا يارىغۇدەك بولساڭ بىرگە ئېلىپ چىقىمەن بولمىسا قېلىپ قالىسەن، دېدىم. يۈزىنى ئاچقانتى قارىسام تولۇن ئايدەك چىرايلىق بىر يىگىت ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا:

ـ داداڭ بارمۇ؟ دېسەم ،

ـ يوق، مەن سەن بىلەن دادامنىڭ ئىنتىقامىنى ئالغىلى چىقماقچى؛ چۈنكى دادام شېھىت بولۇپ كەتكەن. الله دادامغا ئاتا قىلغان شېھىتلىق مەرتىۋىسىنى ماڭىمۇ ئاتا قىلسا ئەجەپ ئەمەس .

ـ ئاناڭ بارمۇ؟

ـ بار .

ـ ئۇنداقتا ، ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ جىھادقا چىقىشقا رۇخسەت سوراپ كەل! رۇخسەت قىلسا چىق! بولمىسا ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىل! چۈنكى ئاناڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ساڭا نىسبەتەن جىھاتتىنمۇ ئەۋزەل بولىدۇ، چۈنكى جەننەت ، قىلىچلار ئاستىدا ھەمدە ئانىلارنىڭ ئاياق ئاستىدا، دېدىم. ئۇ:

ـ ئەي ... ئەبۇ قۇدامە! مېنى تونۇمىغان ئوخشىمامسەن ؟

ـ ياق ، تونۇمىدىم .

ـ مەن ساڭا ھېلىقى تۈشىغنى ئامانەت قويغان ئايالنىڭ ئوغلى بولىمەن، ئانامنىڭ تەۋسىيەسىنى نېمانچە تېز ئۇنتۇپ قالغانسەن ھە! مەن الله خالىسا دادامغا ئوخشاش شېھىت بولىمەن ، الله نىڭ نامى بىلەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي مېنى الله يولىدا سەن بىلەن بىرگە جىھاد قىلىش ساۋابىدىن مەھرۇم قىلمىغىن، مەن الله نىڭ كىتاۋىنى ياد بىلىمەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى ياخشى بىلىمەن، چەۋاندازلىقتا تەڭتۇشلىرىمدىن ھېچ كىم ماڭا تەڭ كېلەلمەيدۇ، شۇڭا مېنى يېشى كىچىك ، ئىشقا يارىمايدۇ ، دەپ قارىما . ئانام ، مېنى جەڭ مەيدانىدىن ساق قايتماسلىققا ئۈندەپ :

ـ ئوغلۇم ، كاپىرلار بىلەن ئۇچراشقاندا ھەرگىز ئارقاڭغا بۇرۇلما، جېنىڭنى الله غا ئاتىۋەت ، الله نىڭ دەرگاھىغا بېرىپ داداڭ ۋە ئاكىلىرىڭ بىلەن جەننەتتە كۆرۈشكىن. ئى ئوغلۇم ! الله ساڭا شېھىتلىق مەرتىۋىسىنى ئاتا قىلىپ قالسا ماڭا قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغىن ، ئاڭلىشىمچە شېھىت ، ئائىلىسىدىن 70 كىشىگە ، قولۇم قوشنىلىرىدىن 70 كىشىگە شاپائەت قىلىدىكەن ، دېدى ـ دە ، ئاندىن مېنى كۆكسىگە بېسىپ ، ئاسمانغا قارىغىنىچە : ئى ئىلاھىم ، ئى ئىگەم الله! مانا بۇ مېنىڭ

يۈرەك پارەم، مەن ئۇنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇم ، ئۇنى دادىسىغا يەتكۈزسىلە .... ! دەپ دۇئا قىلغان ئىدى ، دېدى .

مەن بۇ بالىنىڭ سۆزلىرىدىن ھاياجانلىنىپ بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتىم، ئۇنىڭ كىلىشكەن قامىتىگە قاراپ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى، ئانىسىنىڭ مۇشۇنداق بىر ئوغلىدىن ۋاز كېچەلىگىنىدىن بەكمۇ تەسىرلەندىم. ئۇ مېنىڭ ياش تۆكىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ:

ـ تاغا ! نېمە سەۋەبتىن يىغلاۋاتىسەن؟ مېنىڭ كىچىكلىكىمگە قاراپ ماڭا ئىچىڭ ئاغرىپ يىغلاۋاتقان بولساڭ، سەن بىلىسەن الله يېشى مەندىن كىچىكلەرنىمۇ گۇناھ ئۆتكۈزسە جازالايدىغۇ.ـ دېدى. مەن :

ـ سېنىڭ يېشىڭنىڭ كىچىكلىكىنى كۆرۈپ يىغلىمىدىم، ئاناڭغا ئىچىم ئاغرىپ يىغلاۋاتىمەن، سەن ئۆلۈپ كېتىپ قالساڭ بىچارە ئاناڭنىڭ قەلبى نېمە بوپ كېتەر، دېدىمـ دە ، يولىمىزغا راۋان بولدۇق.

شۇ كېچىسى بىر جايدا قونۇپ، ئەتىگەندە يولغا چىقتۇق ، قارىسام ھېلىقى بالىنىڭ تىلى الله نىڭ زىكرىدىن توختىمايتتى ، ئات چاپتۇرسا ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتەتتى ، بىرەر جايدا ئارام ئالساق بىزنىڭ خىزمىتىمىزنى قىلاتتى ، يول يۈرگەنسىرى ئۇنىڭ ئىرادىسى تېخىمۇ كۈچلىنىپ ، قەلبى يايراپ خوشاللىق ئالامەتلىرى يۈزىدە جىلۋە قىلىشقا باشلىدى . بىز ماڭا – ماڭا ئاخىرى كۈن پاتقان چاغدا مۇشرىكلارنىڭ مەھەللىسىگە يېقىنلاشتۇق ، بىر جايغا يۈك تاقلىرىمىزنى چۈشۈردۇق ، بىز روزىدار ئىدۇق ، ھېلىقى بالا بىزگە ئىپتارلىق ئۈچۈن تاماق تەييارلاۋېتىپ مۈگدەشكە باشلىدىـ دە ، ئاخىرى ئۇزاق ئۇخلىدى ، ئۇ ئۇخلاۋېتىپ تەبەسسۇم قىلدى . مەن ھەمراھلىرىمغا :

ـ بۇ بالىنىڭ ئۇخلاۋېتىپ كۈلىشىگە قارىماسىلەر ، دېدىم . بالا ئويغانغاندىن كېيىن :

ـ سۆيۈملۈك ئوغلۇم ! باياتتىن ئۇخلاۋېتىپ كۈلدۈڭغۇ؟ دېۋىدىم بالا :

ـ مەن باياتتىن بىر چۈش كۆردۈم ، چۈشۈم مېنى ھاياجانلاندۇردى ۋە كۈلدۈردى ، دېدى . مەن :

ـ قانداق چۈش كۆردۈڭ ؟ دەپ سورىدىم . بالا:

ـ مەن چۈشۈمدە ئۆزۈمنى ياپيېشىل ، ئاجايىپ گۈزەل بىر باغدا كۆردۈم ، باغنى ئايلىنىۋاتسام بالكونلىرى گۆھەر ـ ياقۇتتىن ، ئىشىكلىرى ئالتۇن ـ تىللادىن ، ئۆزى كۈمۈشتىن ياسالغان دەرىزىلىرىنىڭ پەردىلىرى چۈشۈرۈلگەن نۇرانە بىر قەسىرنى كۆردۈم . تەئەججۈبلىنىپ قاراپ تۇراتتىم ، چىرايلىرى تولۇن ئايدەك بىر قانچە قىزلار پەردىنى ئېچىپ ماڭا قاراپ:

ـ خوش كەلدىڭىز، دېدى . مەن ئۇ قىزلاردىن بىرىگە قولۇمنى سۇنماقچى بولۇۋىدىم ، ئۇ :

ـ ئالدىرىما ، تېخى ۋاقتى ئەمەس ، دېدى . ئاندىن بىرـ بىرىگە : بۇ مەرزىيىەنىڭ ئېرى ، دېيىشتى . ئاندىن ئۇلار ماڭا قاراپ:

ـ الله ساڭا رەھمەت قىلسۇن! بۇياققا كەل، دېدى.

مەن ئالدىمغا مېڭىۋېتىپ قارىسام قەسىرنىڭ ئەڭ ئۈستىدە قىزىل ئالتۇندىن ياسالغان بىر ئۆي تۇرۇپتۇ، ئۆيدە ئۆزى يېشىل ياقۇتتىن پۇتلىرى ئاق كۈمۈشتىن بىر كارۋات تۇرۇپتۇ، كارۋاتنىڭ ئۈستىدە يۈزى خۇددى قۇياشتەك پارلاق بىر قىز ئولتۇرۇپتۇ. الله ساقلىدى، بولمىسا ئۇ ئۆينىڭ گۈزەللىكىگە ۋە ئۇ قىزنىڭ جامالىغا قاراپ كۆزۈمدىن ۋە ئەقلى ھوشۇمدىن ئايرىلىپ قالاتتىم. ھېلىقى قىز مېنى كۆرۈپلا:

ـ ئى الله نىڭ دوستى خوش كەلدىڭىز! قارشى ئالىمىز! سىز مېنىڭ، مەن سىزنىڭـ دېدى. مەن ئۇ قىزنى قۇچاقلىماقچى بولغانىتىم ئۇ قىز:

ـ توختاپ تۇرۇڭ! ئالدىرىماڭ! سىزنىڭ مەن بىلەن يېقىنچىلىق قىلىدىغان ۋاختىڭىز تېخى توشمىدى، بىراق سىزگە بېشارەت شۇكى، بىز ئەتە پېشىن نامىزىدىن كېيىن كۆرىشىمىز، دېدى. دەپ ھاياجان بىلەن سۆزلەپ بەردى، مەن:

ـ ياخشى چۈش كۆرۈپسەن سۆيۈملۈك ئوغلانىم، چۈشۈڭ بىر ياخشىلىق ئېلىپ كەلگۈسى، دېدىم. ئاندىن بىز بالىنىڭ بۇ چۈشىدىن تەئەججۈپلىنىشىپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدۇق،

تالڭ ئاتقاندا قارىساق جاكارچى: الله يولىدا جىهادقا مېڭىڭلار! قېرى- ياش ھەممىڭلار ئاتلىنىڭلار! جەننەت سىلەرنى كۈتمەكتە ...!، دەپ تووۋلىغىلى تۇردى، بىز ئاتلىرىمىزغا مىنىشىپ جەڭ مەيدانىغا ئاتلاندۇق، بىرەر سائەت ئۆتە ئۆتمەي كاپىرلارنىڭ قوشۇنى كۆپىيىپ يەر يۈزىنى چېكەتكۈدەك قاپلاپ كەتكەن كەتتى. ئۇلارغا بىز تەرەپتىن تۈنجى بولۇپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن كىشى دەل ھېلىقى بالا بولدى، ئۇ دۈشمەنلەرنىڭ ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگىنىچە سەپلىرىنى بۇزۇپ، ئۇلاردىن بىر قانچە كىشىنى ئۆلتۈردى. مەن ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا يېتىشىپ بېرىپ، ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىدىن تۇتتۇم- دە:

- سۆيۈملۈك ئوغلانىم كەينىڭگە قايت، سەن دېگەن تېخى كىچىك، ئۇرۇشنىڭ ھىلە- مەكرىلىرىنى بىلمەيسەن- دېدىم. ئۇ ماڭا:

- تاغا سەن الله تائالانىڭ: ]ئى مۆمىنلەر! كاپىرلارنىڭ ھۇجۇمىغا دۇچ كەلگەن چېغىڭلاردا، ئۇلارغا ئارقاڭلارنى قىلماڭلار(يەنى قاچماڭلار)[ دېگەن ئايىتىنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ مېنى دوزاخقا كىرسۇن، دەمسەن يا!؟ دېدى.

بىز شۇنداق سۆزلىشىۋاتقان پەيتتە مۇشرىكلارنىڭ ھەممىسى بىزگە تەڭلا ھۇجۇم قىلدى، ھەممىمىز ئۆزىمىز بىلەن بولۇپ قالدۇق، مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشى شېھىت بولدى ، ئۇرۇش توختىغاندىن كېيىن قارىسام ئۆلگەنلەر سان – ساناقسىز كۆپىكەن. مەن ئۆلۈكلەرنىڭ ئارىسىنى ئات بىلەن ئايلىنىپ چىقتىم، يەر يۈزى ئۇلاردىن ئاققان قان بىلەن قىپ قىزىل بويالغان ئىدى، ئۆلگەنلەرنىڭ يۈز – كۆزلىرىنى قاپلىغان توپا ۋە قاننىڭ دەستىدىن ئۇلارنى تونۇغىلى بولمايتتى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئايلىنىۋاتسام ، ئاتنىڭ تۇۋاقلىرى ئارىسىدا يۈز كۆزلىرىنى توپا باسقان بىرسى قانغا مىلىنگەن ھالدا يېتىپ:

- مۇسۇلمانلار! ماڭا تاغام ئەبۇ قۇدامىنى تووۋلاپ بېرىڭلار! دەپ تووۋلىغىلى تۇرۇپتۇ. يۈز كۆزىدىكى قان ۋە توپىنىڭ كۆپلىكى ۋە نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئۇنىڭ يۈز كۆزلىرىگە دەسسىۋەتكەنلىكى سەۋەبىدىن

مەن ئۇ بالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىمۇ لېكىن چىرايىنى تونۇيالمىدىم. مەن:

ـ مانا مەن ئەبۇقۇدامە، دېدىم. ئۇ بالا:

ـ تاغا الله بىلەن قەسەمكى، ھېلىقى چۈشۈم ئەمەلگە ئاشتى. مەن ساڭا ھېلىقى تۆشباغنى بەرگەن ئايالنىڭ ئوغلى بولىمەن، دېدى.

مەن شۇ ھامان ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزەمنى ئېتىپ، يۈز كۆزلىرىگە سۆيۈپ، چىرايىدىكى توپا ۋە قانلارنى ئېيتىپ:

ـ سۆيۈملۈك ئوغلانىم! قىيامەت كۈنى ماڭا شاپائەت قىلىشنى ئۇنۇتما، دېدىم. ئۇ:

ـ مەن سىنى قانداقمۇ ئۇنۇتاي! تاغا، يۈزۈمنى ئۆزەمنىڭ كىيىمى بىلەن ئېيتقىن، سىنىڭ كىيىمىڭنى ھامان كىيسەن ئەمەسمۇ، بولدى بولسا ئېيتمايلا قوي، الله نىڭ ئالدىغا مۇشۇ پېتىلا باراي، تاغا! مانا ھېلىقى مەن ساڭا سۆزلەپ بەرگەن قىز، بېشىمدا روھىمنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ، ئۇ تېخى ماڭا: ـ تېز بول مەن سىنى بەكلا سېغىنىپ كەتتىم، دەۋاتىدۇ. تاغا! سەن ساق سالامەت قايتىپ قالساڭ، مېنىڭ بۇ قانغا مىلەنگەن كىيىملىرىمنى ئالغاچ كېتىپ بىچارە ئانامغا تاپشۇرۇپ بەرگىن، ئانام بۇنىڭدىن مېنىڭ مۇشرىكلار بىلەن ئېلىشقاندا قورقماستىن باتۇرلۇق بىلەن مۇشرىكلارغا ئېتىلغانلىقىمنى، ئانامنىڭ ۋەسىيىتىنى يەردە قويمىغانلىقىمنى بىلگەي. تاغا! ئانامغا مەندىن سالام ئېيتقىن، ئۇنىڭغا الله سىنىڭ يوللىغان سوغىتىڭنى قوبۇل قىلدى، دەپ قويغىن. ھە راست تاغا! مېنىڭ ئون ياشلىق بىر سىڭلىم بار ئىدى، ئۆيگە كىرسەملا ئالدىمغا چىقىپ مېنى ئىشىك تۆۋىدە سالام بىلەن كۈتىۋالاتتى، ئۆيدىن چىقسامالا ئىشىككىچە مېنى ئۇزۇتۇپ چىقاتتى، ئۇ ماڭا:

ـ ئاكا! الله نىڭ نامى بىلەن سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بالدۇرراق كەلگىن، دېگەن ئىدى.

سەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەڭ ئۇنىڭغا مەندىن سالام دەپ قويغىن ۋە ساڭا ئاكاڭ:

ـ سىڭلىم، ئەمدى مەندىن كېيىن ساڭا تا قىيامەتكىچىلىك مېنىڭ ئورنۇمدا الله قارايدۇـ دەيدۇ، دەپ قويغىن، دېدى. ئاندىن ئۇ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا:

ـ مەن، مۆمىن بەندىلىرىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، شېرىكسىز، يەككە ـ يىگانە الله دىن باشقا ھېچ بىر ئىلاھ يوقتۇر، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام الله نىڭ ئەلچىسى ۋە بەندىسىدۇر دەپ، گۇۋاھلىق بېرىمەن. مانا بۇ بىزگە الله ۋە الله نىڭ رەسۇلى ۋەدە قىلغان ئىشلاردۇر، الله ۋە الله نىڭ رەسۇلىنىڭ سۆزى ھەقىقەتەن رىئاللىقتا ئايلاندى، دېدى دە... روھى چىقىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئۇنى شۇ يەرگىلا دەپنە قىلدۇق.

مەن غازاتتىن قايتىپ كېلىپ رىققە شەھرىگە بېرىپ ئۇ بالىنىڭ ئانىسىنىڭ ئۆيىنى ئىزدەۋاتاتتىم، قارىسام شۇ بالىغا قويۇپ قويغانىدەك ئوخشايدىغان گۈزەل بىر قىزچاق دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرۇپ، يولدىن ئۆتكەنلەردىن ئاكىسىنى سورىغىلى تۇرۇپتۇ:

ـ ئاكا نەدىن كېلىشىڭىز؟

ـ غازاتتىن قايتىشىم.

ـ ئاكام سىلەر بىلەن بىرگە قايتمىدىمۇ؟

ـ بىز سىنىڭ ئاكاڭنى تونۇمايدىكەنمىز؟ .

مەن ئۇ قىزنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئالدىغا بېرىشىم ئۇ قىز:

ـ ئاكا نەدىن كېلىشىڭىز؟ دېدى. مەن:

ـ غازاتتىن، دېدىم. ئۇ قىز:

ـ ئاكام سىلەر بىلەن بىرگە قايتمىدىمۇ؟ ھەممىسى قايتىپتۇ ـ يۇ، ئاكام قايتماپتۇ! دېدى دە، يىغلاپ كەتتى.

ئۇنى كۆرۈپ مېنىمۇ يىغا باستى. ئاندىن مەن ئۇقىزغا:

ـ ئانىڭىزغا ئەبۇ قۇدامە دەرۋازا تۈۋىدە ساقلاۋاتىدۇ دەڭ، دېدىم. ئۇ ئايال خەۋىرىمنى ئاڭلاپ چىرايى ئۆزگەرگەن ھالدا يۈگرەپ چىقتى، مەن ئۇ ئايالغا سالام بەرگەندىن كېيىن ئۇ ئايال سالامغا جاۋاب قايتۇرۇپ بولۇپلا:

ـ سەن بېشارەت ئېلىپ كەلدىڭمۇ ياكى تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ دېدى. مەن:

ـ تەزىيە دېگىنىڭىز نېمە؟ بېشارەت دېگىنىڭىز نېمە؟ دېدىم. ئۇ ئايال:

ـ سەن ماڭا ئوغلۇمنىڭ ساق سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى يەتكۈزگىلى كەلگەن بولساڭ سەن ماڭا تەزىيە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بولىسەن، ئوغلۇمنىڭ الله يولىدا شېھىت بولغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كەلگەن بولساڭ سەن ماڭا بېشارەتــ خۇش خەۋەر –ئېلىپ كەلگەن بولىسەن، دېدى. مەن:

ـ ئۇنداقتا، خۇش خەۋەر، سىزنىڭ ئەۋەتكەن سوغىتىڭىز قوبۇل قىلىندى، دېدىم. ئۇ ئايال:

ـ الله ئۇ سوغاتنى قوبۇل قىلدىمۇ!؟ دېدىــ دە، يىغلاپ كەتتى، مەن

ـ شۇنداق قوبۇل قىلدى، دېدىم. ئۇ ئايال:

ـ ئۇنى قىيامەت كۈنى ئەسقاتىدىغان بىر بايلىققا ئايلاندۇرغان الله غا چەكسىز شۈكرىلەر بولسۇن، دېدى. مەن:

ـ ئۇ بالىنىڭ سىڭلىسىچۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟ دېدىم. ئۇ ئايال: باياتتىن سەن بىلەن سۆزلەشكەن قىز مۇشۇ شۇ، دېدى. ئۇ قىز مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى، مەن ئۇ قىزغا:

ـ ئاكىڭىز سىزگە سالام ئېيتتى، ئاكىڭىز سىزگە: سىڭلىم، ئەمدى مەندىن كېيىن ساڭا تا قىيامەتكىچىلىك مېنىڭ ئورنۇمدا الله قارايدۇ ـ دېدى، دېيىشىمگىلا ئۇ قىز بىرلا چىقىراپ ھوشىدىن كېتىپ، يەرگە دۈملا چۈشتى. مەن تۇرۇپلا قالدىم،

بىر دەمدىن كېيىن ئۇ قىزنى مىدىرلىتىپ قارىساق ئۇ قىز ئۆلۈپ قاپتۇ. مەن بۇ ئىشتىن بەكلا ھەيران قالدىم. ھېلىقى بالىنىڭ كېيىم ـ كېچەكلىرىنى ئانىسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ئۇ ئايال بىلەن خوشلاشتىم. ئۇ بالا بىلەن سىڭلىسىگە بەكلا ئىچىم ئېچىشتى. ئانىسىنىڭ شۇنداق سەۋرىچانلىقى ماڭا ئاجايىپ تەسىر قىلدى.

دەپ ھېكايىسىنى تۈگەتتى. بىز ھەممىمىز ئۇنىڭدىن بەكلا تەسىرلەندۇق ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ئانا

دىگەن مۇشۇنداق بولسا ھە...! دېيىشىپ ئۇلارغا كۆپ دۇئا قىلدۇق.

الله بارلىق شېھىتلىرىمىزنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىگە چەكسىز ئەجىر ۋە سەبىرچانلىق ئاتا قىلسۇن !

ئامىن ..!

# پەرزەنتلەر ۋە ئۇلارنىڭ دوست تالالاش ماھارىتى

**دۇئا مەمدۇھ**

ھەمراھ تاللاش پەرزەنتلەر ھاياتىدىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى. ئۇ پەرزەنتلەرگە ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن ماسلىشىش ۋە ئورتاقلىشىش زۆرۈرىيىتىنى ھىس قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ روھىي ۋە ئىجتىمائىي ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇرىدىغان ئىنتايىن مۇھىم ساھە بولۇپ، ئۇ بالىلارغا تەجرىبە، مول ئىقتىدار بەخش ئەتكەندىن سىرت، ئۇلاردىكى يۇشۇرۇن ئىقتىدارنى قېزىپ چىقىرىشقا تولىمۇ پايدىلىق. بالىلار كۆپىنچە باشقىلارغا ئارىلىشىش ئارقىلىق، بىز ئۇلارنىڭ قەلبىگە يەرلەشتۈرمەكچى بولغان كوللىكتىپقا تەۋە بولۇش ۋە باشقىلار بىلەن ئارىلىشىش روھىي ئۇلاردا ئىستىخىك ھالدا يېتىلىدۇ.

گەرچە ئىشلار بىز يوقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەندەك بولسىمۇ، كۆپىنچە بالىلار شۇ خىل مۇناسىۋەتلەرنى ئورنىتىش ياكى مۇناسىپ دوست تاللاشتا يەنىلا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كىلىدۇ. شۇڭا بالىلارنى بۇ خىل ۋەزىيەتنى بىر تەرەپ قىلىپ كېتەلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بىلەن تەمىن ئىتىش لازىم.

مەكتەپ بالىلار باشقىلار بىلەن داۋاملىق ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ماكان؛ شۇڭا ئۇ، تۇغقانلار، خوشنىلار، قورئان يادلاش كۇرسلىرىغا قارىغاندا، دوست تاللاش، دوستلۇق ئورنىتىش قاتارلىق ئىشلاردا بالىلارنى ئەڭ مۇۋاپىق تەربىيە بىلەن تەمىن ئېتىدىغان مۇھىم جاي ھېساپلىنىدۇ.

نىمىشقا دوستلىشىمىز؟

بالىلىرىمىزغا دوست تاللاش ماھارىتىنى ئۆگىتىشىمىزدىن بورۇن ئۇلارغا ساداقەتنىڭ ئاساسى ۋە ئۇنىڭ بالىلار ھاياتىدىكى ئەھمىيتى توغرىسىدا، ئۇلارنىڭ قەلبىگە تەسىر قىلىدىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلىدىغانلىقىمىز ئىنتايىن تەبئىي. مەسلەن:

- كوللىكتىپ پائالىيەتلەرگە باشقىلارنىڭ قاتنىشىشىنى خالىمايدىغان شەخسىيەتچى بالىلار كۆپىنچە

ئەھۋالدا كىشىلەرنىڭ ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئەكسىچە، قىزغىنلىق، سۆيگۈ ۋە ھەمكارلىشىش روھى ئۈستۈن بالىلار ئەتراپىدىكىلەرگە بىر خىل ئىسسىقلىق، مېھرىلىك تۇيغۇسى بەخش ئەتكەنلىكتىن سىرت، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىمۇ ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ.

- بەخت- سائادەتنىڭ تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقىشى، كۆپىنچە ئۇنىڭغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. قاتناشقۇچىلار كۆپەيگەنسېرى خۇشاللىق بارغانچە ئەۋجىگە چىقىدۇ. نەتىجىدە، بالىلارنى نەتىجىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، ئۇلارنىڭ نۇرغۇن بالىلار بىلەن تونۇشۇش ۋە دوستلۇق ئالاقىسى ئورنىتىشىغا قولاي شارائىت ھازىرلاپ بېرىدۇ.

-باشقىلارنى سۆيۈش، قەدىرلەش ئىنساننىڭ مۇكەممەللىكىگە ئىشارەت بولۇپ، ئۇ ئىنساننى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئەكسىچە، توختىماي باشقىلاردىن شىكايەت قىلىش، مۇئامىلىدە ياخشى بولماسلىق.. قاتارلىق ئىشلار ئاللاھنىڭ ھوزۇرىدا قوبۇل قىلىنمىغاندىن سىرت، كىشىلەرنىمۇ ئۆزىدىن قاچۇرىدۇ.

- ئىنساننىڭ دوستى ئۇنىڭ ئەينىكى. شۇڭا دوست تاللىغانلار ئۇنىڭ ئۆزىگە بولالايدىغان ياكى بولالمايدىغانلىقىغا قاراپ تاللىشى لازىم.

كىم بىلەن دوستلىشىمىز؟

بالىلىرىمىز دوستلۇقنىڭ ئەھمىيىتىنى ھىس قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى باسقۇچ ئۇلارنى ياخشى دوست تاللاش ماھارىتىدىن بەھرىمەن قىلىش. دوستلۇق بىلەن ساۋاقداشلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ياكى ھەرقانداق بىر ئۆتكۈنچى مۇناسىۋەتنىڭ پەرقىنى ئۆگىتىشىمىز لازىم. بۇ خىل سۆيەتلەرنى بالىلارنىڭ زېھنىدە يەرلەشتۈرۈش ئۇنى بىۋاستە ساناپ ئۆگىتىش بىلەن ئەمەس، بەلكى، ئىبرەتلىك ھېكايىلەر، ئەسلىمىلەر، ياخشى ئەخلاق توغرىسىدىكى بىۋاستە پاراڭلار ، باشقا بالىلاردا كۆرۈلگەن ياخشى ئىشلارنى ماختاش، يامان ئىشلار( مەسلەن، باشقىلارنى تىللىغان بىر بالىنىڭ ئەھۋالىنى)نى مىسال قىلىپ، بۇنداق قىلسا ياخشى بولمايدۇ، ئادەمنى باشقىلار يامان كۆرۈپ قالىدۇ دەپ تەنقىدلەش ئارقىلىق بالىلارغا ئەخلاق ئۆگىتىش، ئىنسىنى يىتىلەپ كىتىۋاتقان بىر بالىنى كۆرگەندە

ئۇنى ماختاش... قاتارلىق ۋاستىلىك يوللار ئارقىلىق ئۇلارغا سىڭدۈرۈش لازىم. بۇ ئىشلار بالىلارنىڭ ئېڭىدا ئۆزى تۇتۇپ ماڭسا بولىدىغان بىر يولنىڭ ئېنىق كارتىنىسىنى شەكىللەندۈرۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ. بالىلار زېھنىدە، ۋىجدانىدا ئورناپ كەتكەن بۇ ئىش ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بالىلارنىڭ ئۆزلۈكىدىنلا ئەخلاق ۋە مۇناسىۋەت جەھەتتە ئۆزىگە ياكى ئۆزى ئالغان تەربىيىگە چۈشمەيدىغان بالىلاردىن يىراق تۇرىدىغان، ئۆزىنى ئۇلارغا ئوخشىمايدىغان بىر يۇقىرى قاتلامدىكى ئىسىل كىشىلەر قاتارىدىن ھېساپلايدىغان، ئەخلاق روھىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

### ئىزا تارتىدىغان بالىلار بىلەن مۇئامىلە قىلىش

ئىزا تارتىشنى يوقىتىش، بالىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە دوست تالالاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشتىكى بىر مۇھىم جەريان. ئەمما ئۇ، ئىزا تارتىدىغان بالىلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىش ماھارىتىنىڭ بولۇشى بىلەن تاكامۇللىشىدۇ. بۇ خىل تەربىيەنى ئەدەب- ئەخلاق، ئەستايىدىللىق بىلەن ئۇلارغا بۇنداق ئادەتتىن يىراقلىشىشقا، باشقىلار بىلەن ئارىلىشىشقا ئادەتلىنىشكە، بۇنداق ئىشلارنى ئىزچىل قىلىسا، ياخشى بولمايدىغانلىقىنى چاقىرىش لازىم.

شۇنداق بولغاندا بالىلاردا تەدرىجى ھالدا ئۆزلىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان دوستلارنى تاللىيالايدىغان ئىقتىدار يېتىلىدۇ.

ئەمما، بۇ ئىشلار ئاتا- ئانىنىڭ بالىلار ئالدىدىكى ئەخلاقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىسىنىڭ دوستلىرى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرى بىلەن تونۇشۇشى، ئۇلارنىڭ ئەخلاقى ۋە پىكىر يۈنۈلۈشلىرى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولۇشى، ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە ئادەتلىرىگە ماس ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىشى لازىم. بۇنداق قىلىش بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئىزچىل بولۇشىغا پايدىلىق بولغاندىن سىرت، ئاتا- ئانىلارنىڭ بالىلارنى ساغلام تەربىيە ئۇسلۇبى تەربىيىلەپ چىقىشىغىمۇ ئىنتايىن ياخشى.

قانداق دوستلىشىمىز؟

بۇ دوستلۇق مەسلىسىدىكى ئەڭ قىيىن باسقۇچ، بولۇپمۇ باللارنىڭ مەكتەپ هاياتى ياكى هەرقانداق يېڭى بىر مۇهىتقا يېڭى مېهمان بولۇپ كىلىشىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تېخىمۇ شۇنداق. چۈنكى، دوستلۇق ئورنىتىش شۇ مۇهىت بىلەن ماسلىشىپ كىتىش قېيىنچىلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، باللاردىن ئۇ باسقۇچنى مۇۋەپپىقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. دوستلۇق ئورنىتىش ماهارەت ۋە باسقۇچلار ئارقىلىق پۈتىدىغان بولۇپ، باللارغا بۇنى ئوبدان ئۆگىتىش لازىم.

ئۇلار:

بىرىنچى: ئىسسىق كۆلۈمسىرەش، مۇلايىم بولۇش؛ بۇلار باشقىلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىش ۋە دوستلۇق ئورنىتىشنىڭ مۇقەددىمىسى.

ئىككىنچى: ئاددى بولسىمۇ هەدىيە بىرىش؛ مەسىلەن تاتلىق تۈرۈملەر، چىرايلىق شەكىلدە ئىشلەنگەن ئەسلىمە بويۇملىرى ۋە باشقىلار . بۇ بالىمىزنىڭ باشقا باللار بىلەن ئالاقە ئورنىتىشىدا ناهايتى ياخشى ۋاستە.

ئۈچىنچى: باللىرىمىزغا ئۆزىنىڭ دوست بولۇش نىيىتى بارلىقىنى باشقىلارغا دېمەسلىگى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىشىمىز ئىنتايىن مۇهىم. چۈنكى، شۇ سەۋەپتىن ئۇ باللار ئۆزلىرىنى يوقىرى تۇتۇشىلىشى، ئۇلاردىن قېچىشى هەتتا رەت قىلىش تەرەپدارى بولۇپ قالسا، باللىرىمىزنىڭ ۋىجدانىغا تەسىر قىلىدىغان سۆزلەرنى قىلىپ، ئۇلارنى روهى جەهەتتىن زەربىگە ئۇچرىتىشى مۇمكىن. يەنى، باللارنىڭ باشقىلارغا دوست بولۇش تەلۋىنى قويىشى يوقىرىدا بايان قىلىنغان ئۆلچەم بويىچە يۈشۈرۈن هالدا ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. مەسىلەن، ئىستىراهەت ۋاقتىدا ئۆزى ئۆيىدىن ئېلىپ كەلگەن ئۇنداق ياكى مۇنداق ئويۇنچۇقنى بىرگە ئويناش ياكى بىرگە چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلىش..

قاتارلىق ئىشلار ئارقىلىق دوستلۇق ئىپادىسىنى بىلدۈرۈش، بىۋاستە ئېغىزدىن« دوستلۇشامدۇق» دېگەننى چىقارماسلىق لازىم.

ئەمما باشقا بىرى شۇنداق سۇئالنى ئوتتۇرىغا تاشلىسا، تەبەسسۇم بىلەن ئۆزىنىڭ بۇنى قوبۇل قىلالمىغانلىقىنى ئىپادىلىشى لازىم. بۇ خىل دوست تاللاش ئۇسۇلىنىڭ بورۇن بېرىلگەن تەلىماتى بولۇش كېرەك.

دوستلۇق دېگەن ئولجا ئەمەس

تۆتىنچى: باللارغا باشقىلارنىڭ ئۆزىگە زورلۇق قىلىشىغا يول قويماسلىق ھەم ئۆزىمۇ باشقىلارغا زورلۇق قىلماسلىق، تەڭتۇشلىرى بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۇسلۇبتا مۇئامىلە قىلىش پرىنسىپلىرىنى ئۆگىتىش لازىم.

بەشىنچى: باللار دوستلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئەسكىلىكى ھەققىدە شىكايەت – بۇنداق شىكايەتلەر داۋاملىق بولۇپ تۇرىدۇ- قىلغاندا، بىكاردىن بىكارغا يولسىزلىق قىلغان بولسىمۇ، باللىرىمىزغا مۇشۇنداق ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، بۇنىڭغا نورمال مۇئامىلە قىلىش، بۇنداق ئىشلارنىڭ بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، بۇنچىلىك ئىشنى دەپ دوستلۇقنى تاشلاشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى، دوستلۇقششنى خالىماسلىق زىيانلىق ئىش بولۇپ، دوستلارنىڭ سانىنى ئازلىتىپ، ئۆزىگە دۈشمەن تېپىپ بېرىدىغانلىقى...قاتارلىق تەربىيە ئۇسۇللىرى ئارقىلىق ئەسكەرتىشىمىز لازىم. ئەگەر دوستىنىڭ يولسىزلىقى تەكرارلىنىۋەرسە، ئۇ ھالدا بۇنداق دوستتىن ئايرىلىپ باشقا دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، باشقىلارنى ھۆرمەتلەيدىغان باللار بىلەن دوست بولۇش تەكلىۋىنى بېرىپ، بورۇنقى دوستىغا قايتا يولسىز قىلسا جىمجىتلا جازالىنىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تۇيغۇنى بېرىش لازىم.

بۇنىڭ خۇلاسىسى ، باللارغا شۇنى چۈشەندۈرۈش كېرەككى، دوستلۇق دېگەن ئۆز- ئۆزىدىن ئولجا ئەمەس، بەلكى ئۇ، تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ۋاقىتنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈشنىڭ ۋاستىسى. كىمكى بۇنى رەت قىلسا، ئۇ شەكسىز زىيان تارتىدۇ. ئۇنى قەدىرلىمىگەنلەر ئۇچۈن ھەسرەت چەكمەي، باشقا دوستلارنى ئىزدىشىمىز لازىم، ئەگەر ئۇ يامان دوست ئۆزىنى ئۆزى سوراپ، ياخشى بولۇپ قالسا، ئۇ يەنە بىزنىڭ دوستىمىز بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

ئالتىنچى: بالىلارغا مۇناسىپ ئىنكاس قايتۇرۇشنى ئۆگىنىشىمىز لازىم. مەسىلەن، خالاشسا قانداق كەچۈرۈم سوراش، باشقىلار ئۇنىڭغا يولسىزلىق قىلسا، ئۆزىنى قانداق يول بىلەن مۇداپىئە قىلىش، دۇچ كەلگەن مەسىلىلەرگە دۇشمەندەك يولسىزلىق بىلەنمۇ ئەمەس، ئاجىز كىشىلەردەك ھالسىزلىق بىلەنمۇ ئەمەس مۇئامىلە قىلىشنى ۋە كۈندىلىك مۇئامىلىلەردىكى كېلىشمەسلىكلەرنى كىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ھەل قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئەستايىدىللىق بىلەن سىڭدۈرۈشىمىز لازىم.

ئاتىلار ... دىققەت قىلىڭلار!

ئاتا- ئانىلار شۇ نەرسىدىن ۋاقىپ بولۇپ قېلىشى كېرەككى، بالىلارنىڭ باشقىلار بىلەن ئالاقە ۋە مۇئامىلىدە يېتەرلىك دەرىجىدە بولماسلىقى ئۇلارنىڭ شەخسى يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى، ئەتراپىدىكىلەر بىلەن ماسلىشىش روھىنىمۇ يوقىتىپ قويىدۇ؛ چۈنكى، مۇناسىۋەت بالىلارنىڭ كوللىكتىپقا تەۋەلىك روھىنى ئويغىتىش ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ئىشىنىشىنى، ئىجتىمائىي ئەخلاقتا ئىرىشىشىنى تىزلىتىدىغان ئاكتىپ ئىجتىمائىي رولىنى تۇرغۇزۇشتىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل.

ئۇستاز مۇھەممەد ئابدۇرەھىم ئەدەس ئۆزىنىڭ « ئاتىلار ۋە پەرزەنت تەربىيىسى» ناملىق كىتاۋىدا تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:« بالىلار مەكتەپ ھاياتىدا ئىرىشكەن مۇۋەپپىقىيەتلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتىدىن تەسىرلىنىدۇ؛ تەتقىقات نەتىجىلىرىدىن قارىغاندا، بالىلارنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىشى بالىلارنى ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا شۇنچە ئابرۇيغا ئىگە قىلىدۇ. كۆپىنچە، مۇۋەپپىقىيەتلىك ئىشلار كوللىكتىپ بىلەن ئىشقا ئاشىدۇ، كوللىكتىپقا قاتناشقانلارنىڭ ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆگىنىشى، ئۆزىگە ئىشىنىش روھىغا ئېرىشىش ئېھتىماللىقى، كوللىكتىپتىن يىراق تۇرىدىغان، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بالىلارغا قارىغاندا پەرقلىق دەرىجىدە يۇقىرى بولىدۇ».

ئاخىرىدا شۇنداق سۆزۈمنى شۇنداق يىغىنچاقلايمەنكى، كىچىكلەرنىڭ تۇنجى قېتىمقى دوستلۇق بىلەن بولغان تەجرىبىلىرى ئۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتا- ئانىلىرىنى مۇھىت بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا كۆندۈرىدۇ، تەدرىجى ھالدا ئۇلاردىكى دوستلۇققا قارىتا مەۋجۇد ھىس- تۇيغۇ، ئوقۇملارنى

راۋاجلاندۇرىدۇ. ئۆزىگە يېقىن كىشىلەرنى بايقاش، يېتىلىش مەزگىلىدە قانداق دوستلارنى تاللاشنى ئاتا- ئانىلار بالىلارغا كىچىدىن باشلاپلا ئۆگىتىشى ئىنتايىن زۆرۈر. بۇ پەرزەنتلەرنىڭ كىلەچەكتىكى بارلىق جەريانلىرىدا يېتىشكەن، ئۆزىگىمۇ، مىللىتىگىمۇ ياراملىق ئادەم بولۇپ چىقىشى ئۈچۈن تۈنجى سېلىنغان ئۇل ھېساپلىنىدۇ .

ت - ئا.قارلۇقي

# ئىسلام دىنى ۋە تەركىي دۇنيالىق

**مۇھەممەد يۈسۈپ**

زاھىدلىق بىلەن تەركىيدۇنيالىق ئوتتۇرىسىدا پەرق بار. چۈنكى زاھىدلىق - شەرىئەتتە چەكلەنگەن ئىشلارغا يېقىنلاشماسلىق، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن تامامەن يىراقلاشقۇچى دېگەنلىك بولسا، تەركىيدۇنيالىق - دۇنيالىق ئىشلاردىن پۈتۈنلەي يۈز ئۆرۈگۈچى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىسلام دىنى زاھىدلىق قوللىسىمۇ، تەركىيدۇنيالىقنى قەتئىي رەت قىلىدۇ. چۈنكى تەركىيدۇنيالىق ئىنساننىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن يارىتىلغانلىقتىن ئىبارەت تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بىر ئىشتۇر. تەركىيدۇنيالىق تۆۋەندىكى 3 چوڭ نوقتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

ئىبادەت قىلىش نىيىتى بىلەن دۇنيالىق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈش.

زاھىدلىق دەۋاسى بىلەن ئۆيلىنىشتىن يۈز ئۆرۈش.

زېمىننى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىش.

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام شەرىئىتىدە قاتتىق چەكلەنگەن ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روھىغا ئويغۇن كەلمەيدىغان ئىشلاردۇر. چۈنكى ئىسلام دىنى ماددا بىلەن روھ، دۇنيالىق بىلەن ئاخىرەتلىك، ئاللاھنىڭ ھەققى بىلەن نەپسنىڭ نېسۋىسى، تەلەپ بىلەن ئەمەلىيەت ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇشنى تەرغىب قىلىدۇ. ھالبۇكى، تەركىيدۇنيالىق ئىسلام دىنىنىڭ مەقسەت ۋە غايىلىرىگە زىت كېلىدۇ.

1 - ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولۇش نىيىتى بىلەن دۇنيالىق ئىشلاردىن قەتئىي قول ئۈزۈشنى ئىسلام دىنى ياقتۇرمايدۇ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىگە 3 نەپەر زاھىد كىرىپ كېلىدۇ. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىبادەتلىرىنى سورىشىدۇ. ئاندىن ئۇلاردىن بىرى: «مەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەستىن ئىبادەت بىلەنلا مەشغۇل بولىمەن»دەيدۇ. ئىككىنچىسى:« مەن يىل بويى

ئۆزمەستىن روزا تۇتىمەن»دەيدۇ. ئۈچىنچىسى:«مەن كېچىلىرى ئۇخلىماي ناماز ئوقۇيمەن»دەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رەددىيە بېرىپ:« مەن سىلەرنىڭ ئاللاھقا ئەڭ تەقۋالىق قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ غەزىپىگە يولۇقۇشتىن ئەڭ قاتتىق ئېھتىيات قىلىدىغان بىرىڭلارمەن. مەن بەزى كېچىلىرى ناماز ئوقۇيمەن، بەزى كېچىلىرى ئۇخلايمەن. رامىزاندىن باشقا ۋاقىتلاردا گاھىدا روزا تۇتىمەن، گاھىدا ئاغزىم ئوچۇق يۈرىمەن. مەن ئۆيلىنىمەن. كىمكى مېنىڭ تۇتقان يولۇمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن ئۇ مېنىڭ ئۈممىتىمدىن ئەمەس» دەيدۇ.

[بۇخارىي].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇنىڭ كۈندۈزلىرى روزا تۇتۇپ، كېچىلىرى ئۇخلىماسلىقنى ئادەت قىلىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنى مۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ:« سېنىڭ ئۈستۈڭدە بەدىنىڭنىڭ، كۆزۈڭنىڭ، ئائىلەڭدىكىلىرىڭنىڭ ۋە مېھمانلىرىڭنىڭ ھەققى باردۇر. ئۇلارنى ئادا قىلىشىڭ كېرەك.»

مۇسۇلمان كىشى شەرىئەتتە بۇيرۇلغان پەرز، ۋاجىب، سۈننەت ۋە مۇستەھەب ئەمەللەرنى ئادا قىلىش بىلەن بىرگە، دۇنيالىق ئىشلىرىنى ئورۇنلىشى لازىم.مۇسۇلمان ئادەم ياخشى ۋە خالىس نىيىتىنىڭ شارапىتى بىلەن ئادەتتىكى دۇنيالىق ئىشلىرى7نىمۇ ئىبادەت قاتارىغا ئۆتكۈزەلەيدۇ. چۈنكى، ھالال رىزىق ئۈچۈن ئىشلەش، باللارنى بېقىش، تەربىيەلەش ئۈچۈن مېھنەت قىلىش، جەمئىيىتىنىڭ، خەلقىنىڭ ۋە دىنىنىڭ خىزمىتى7دە بولۇش ۋە باشقىلار قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نىيەتنىڭ ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەشتىن ئىبارەت دۇرۇس بولىشى شەرتى بىلەن ئىبادەتكە ياتىدۇ.

2 - ئىبادەتتە ئۆزىگە قاتتىق قاتتىق تەلەپ قىلىش دەۋاسى بىلەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەسلىك خاتادۇر. ئىسلام دىنى ئۆيلىنىشنى ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىن بىر ئالامەت دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنىڭغا تەرغىب قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:« ئاياللار بىلەن ئۈنسى - ئۈلپەت ئېلىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ئۆز تىپىڭلاردىن

ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا مېھرى - مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ كامالىي قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان ئالامەتلىرىدىندۇر»[ رۇم 21- ئايەت].

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەزى ساھابىلارنىڭ ئىبادەتكىلا بېرىلىش ئۈچۈن ئاياللىرىدىن يىراق تۇرۇش تەلەبلىرىنى رەت قىلغان ۋە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككى تەرەپنى تۇتۇشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئەمما ئىلىم تەھسىل قىلىش، جىھاد بىلەن مەشغۇل بولۇش ياكى باشقىمۇ ئۇلۇغۋار مەقسەتلەر سەۋەبلىك ئۆيلىنىشنى تەرك ئېتىشتە گۇناھ يوقتۇر. ئىسلام تارىخىدا، ئوقۇش ۋە كىتاب يېزىش بىلەنلا مەشغۇل بولغانلىقتىن، ھاياتىدا ھېچ  ئۆيلەنمەستىن ئالەمدىن كەتكەن ئالىملارمۇ بولغان. مەسىلەن ئىمام نەۋەۋىي ۋە ئىبنى تەيمىيەلەرمۇ شۇلاردىندۇر.

ئەمما يوقىرىقى ئۆزرىلەردىن باشقا، تەركىيدۇنيالىق نىيىتى بىلەن ۆيلىنىشنى تەرك ئېتىش گۇناھتۇر. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

3- يەر يۈزىنى گۈللەندۈرۈش ۋە دۇنيالىق ئۈچۈن ئىشلەشتىن باش تارتىش ئىسلام نەزىرىدە خاتادۇر. چۈنكى بۇ  ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنى يەر يۈزىدە ئۆزىنى ئىرادىسىنى يۈۋۈزۈشتە ئۆزىدىن ئىزباسار قىلىپ يارىتقانلىقىدىن ئىبادەت ھەققەتكە زىت كېلىدۇ.  ئاللاھ تائالا  قۇرئان كەرىمدە:« ئاللاھ سىلەرنى زېمىندىن پەيدا قىلدى ۋە سىلەرنىڭ زېمىننى گۈللەندۈرىشىڭلارنى تەلەپ قىلدى» دەيدۇ. يەنە « جىنلارنى ، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم»دەيدۇ. زېمىننى گۈللەندۈرۈش ئىشى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سانائات، ھۈنەر - كەسىپ ۋە باشقىمۇ تىرىكچىلىكلەر بىلەن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

دۇنيالىق ئۈچۈن ھەركۈنى ۋە ھەر ۋاقىت تەلەپ قىلىنىدۇ. ھەتتا جۈمە كۈنىدىمۇ جۈمە ۋاقتىدىن باشقا ۋاقىتلارنىڭ ھەممىسىدە دۇنيالىق ئۈچۈن تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن ئەمەس. ئىسلام دىنىدا خىرىستىئان دىنىدا بولغىنىدەك تەركىيدۇنلىق يوق، ئۇنىڭدا يەھۇدىيلارنىڭ دىنىدا

بولغىنىدەك تىرىكچىلىك قىلىش چەكلەنگەن كۈن يوقتۇر. شۇنداقلا ئاللاھ ياراتقان دۇنيا زىننەتلىرىدىن پايدىلىنىشتىن بىھاجەت بولۇشمۇ ياخشى ئەمەس. چۈنكى ئاللا ھالال قىلىپ يارىتىپ بەرگەن شەيئىيلەردىن قائىدە بويىچە پايدىلىنىش ۋە باشقىلارنىمۇ مەنپەئەتلەندۈرۈش مۇسۇلمانلىقنىڭ تەقەززاسىدۇر. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىلگىرىكى دىنلارغا كىشىلەر تەرىپىدىن كىرگۈزۈۋېلىنغان تەركىيدۇنيلىقنى تەنقىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:« ئى ئادەم باللىرى ! ھەر ناماز ۋاقتىدا ئەۋرەتىڭلارنى سەترە قىلىپ تۇرىدىغان كىيىمىڭلارنى كىيىڭلار، يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار. ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى قەتئىي ياقتۇرمايدۇ. ئېيتقىنكى، ئاللاھ بەندىلىرى ئۈچۈن ياراتقان لىباسلارنى، شېرىن، پاك رىزغقلارنى كىم ھارام قىلدى؟».

ئاللاھ تائالا پاك نەرسىلەرنى يارىتىپ ئاندىن ئۇلارنى بەندىلىرىنىڭ قوللىنىشىنى چەكلىگەن ئەمەس. ئاللاھ چەكلىگەنلەر پەقەت زىيانلىق ۋە پاسكىنا نەرسىلەردۇر، بەس.

مۇسۇلمانلاردىن بولغان بەزى تەرىقەتچىلەر ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەب قويغانلىقتىن، ئاللاھ ھالال قىلغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆزلىرىگە ھارام قىلىۋالغان. ئۇلار بۇ پەلسەپىنى باشقا دىنلاردىن قوبۇل قىلغان بولىشى ئېھتىمال.

ئىسلام دىنى تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە بارچە ھالال مەنپەئەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى توسمايدۇ. ساھابىلاردىنمۇ چوڭ بايلار بار ئىدى. ئۇلار دىن ۋە دۇنيالىق ئىككىسىنى بىر - بىرىگە سەلبىي تەسىر بەرمەستىن تەڭ ئېلىپ بارالىغان. مەسىلەن: ساھابىلارنىڭ كاتتا بايلىرىدىن ئوسمان ئىبنى ئاففان ۋە ئابدۇرەھمان ئىبنى ئەۋفلەر جەننەتكە كىرىدىغانلىقى توغرىلىق خوشخەۋەر بېرىلگەن زاتلار ئىدى. ئۇلارنىڭ بايلىقى ئۇلارنى ئەھلى جەننەتى بولۇشتىن توسالمىغان.

مۇھىم بولغىنى، دۇنياغا سىز ئېگە بولىشىڭىز، دۇنيا سىزگە ئېگە بولماسلىقى كېرەك. دۇنيا يۈرىكىڭىزدە بولماستىن، قولىڭىزدا بولىشى كېرەك.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن:« ئۆزۈڭلارغا ئىبادەتتە قاتتىق تەلەب

قويۇۋالماڭلار، يىغلاپ قالسىلەر. سىلەردىن ئىلگىرىكى قەۋملەرمۇ ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئورۇندىيالمىغانلىقتىن يىغلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئىزلىرى قەدىمىي ئىبادەتگاھلىرىدا ساقلانماقتا».

# تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۇخۇممۇ؟

بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

يىگىرمە يىللارنىڭ ئىلگىرىدە شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىردەرىسلىك كىتابىنى ئوقۇغىنىم ئېسىمدە، كىتابتا مۇنداقراق بىرقانچە سوئال بولىدىغان: «تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۇخۇممۇ؟» «ئاللاھ ھەممىگە قادىر ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان تاشنى يارىتالامدۇ؟...» (نە ئۇزۇبىللاھ)...

ئارىدىن 20 نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ، بۇ ئىلمىي بولمىغان سوئاللارنى ئۇنتۇپمۇ قالار ئىكەنمەن، ئەمما مەرھۇم پرافېسسور، ئۇيغۇر ئالىمى ئابدۇ شۈكۈر مۇھەممەد ئىمىن (*جانابىي ئاللاھ* ئۇل زاتقا رەھمەت ۋە مەغپىرەت ئاتا قىلسۇن، ئامىن!...) نىڭ بىر كىتابىنى ئوقۇۋېتىپ {«تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ تۇخۇممۇ؟» دېگەنگە ئاخىرى چىقماس مۇنازىرىگە كىرىپ قېلىشنى خالىماسلىق} ھەققىدە بىر جۈملىگە كۆزۈم چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن «تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ تۇخۇممۇ» دېگەن مۇنازىرىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرىشنى خالاپ قالدىم، *جانابىي خالىق* قەلىمىمگە قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن... ئامىن!...

1- سوئال :

تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغانمۇ ياكى تۇخۇممۇ؟...

1-جاۋاب:

يۇقىرىقى سوئالنىڭ باتىللىقى شۇ يەردىكى، مۇبادا سىز «تۇخۇ بۇرۇن پەيدا بولغان» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز قارشى تەرەپ سىزگە «تۇخۇ تۇخۇمدىن چىقىدىغان تۇرسا؟...» دەپ سوئال قويىدۇ.

مۇبادا سىز «تۇخۇم بۇرۇن پەيدا بولغان» دەپ جاۋاب بەرسىڭىز قارشى تەرەپ سىزگە دەرھاللا *ئىلاھى* سىرلار «تۇخۇمنى تۇخۇ تۇغىدىغان تۇرسا؟..» دەپ سوئال قويىدۇ. ئاخىرىدا سىز غەزىنىسىدىن دۇردانە ئىزلەشكە يارالغان ئۆتكۈر ئەقلىي قۇۋۋەتلىرىڭىزنى كۈركە تۇخۇ بىلەن

سىسق تۇخۇم ئىچىدە چۈشەپ قويۇشقا مەجبۇر بولىسىز، نەتىجىدە ئىلاھى ئىشق ۋە ھىدايەت ماكانى بولغان بىغۇبار قەلبىڭىزگە ماركسىزمنىڭ ئاتېزىملىق ھىيلە - مىكىرلىرىدىن پەيدا بولغان گۇمانى قارا سايە جايلىشىدۇ!... بەلكىم بۇ سوئالنىڭ كەشپىياتچىسىنىڭ مەقستىمۇ شۇ بولسا كېرەك؟...

يۇقىرىقى سوئالغا بېرىدىغان ئىلمىي ھەم ھەقىقىي جاۋاب شۇكى:

دۇنيادا تۇخۇم تۇغىدىغان تۇخۇ ۋە تۇخۇ چىقىرىدىغان تۇخۇم ئەسلا مەۋجۇت ئەمەس!....

ئۇنداق بولۇشىنىڭ ئىلمىي ئاساسىي تۆۋەندىكىچە:

(1) . « تۇخۇ » دېگەن بۇ ئاتالغۇ بولسا ئەركەك ۋە چىشى - ئىككى جىنسنىڭ ئورتاق نامى، يەنى قىزىل تاجلىق تەكەببۇرخۇراز بىلەن ماختانچاق ۋات- ۋات مىكيان ۋە ئۇماق چوك-چوك چۆجىنىڭ ئورتاق نامىدۇر، ھالبۇكى تۇخۇمنى تۇخۇ ياكى خۇراز ۋە ياكى چۆجە ئەمەس پەقەت ۋە پەقەتلا مىكيان چىقىرىدۇ، چىقارغاندىمۇ ئۆزى تەنها ئەمەس، جەزمەن ۋە جەزمەنكى خۇرازنىڭ ئىشتىراكىدا ئاندىن چىقىرىدۇ!..

شۇڭلاشقا ھەرگىز ۋە ھەرگىزكى «تۇخۇ» دېگەن بىر جانلىقنىڭ تۈر نامىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ تۇخۇم تۇغالمايدۇ!...

(2). «تۇخۇم» دېگەن بۇ ئاتالغۇمۇ ئەركەك ۋە چىشى، ئىككى جىنسنىڭ ئۇرۇقىنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، تۇخۇمنى مىكيان باسسا ياكى مەلۇم مۇددەت مەلۇم ئىسسىقلىق ئاستىدا ئاندىن بىر تۇخۇمدىن بىرلا قېتىمدا پەقەت ۋە پەقەتكى چىشى ياكى ئەركەك جىنسلىق بىرلا چۆجە چىقىدۇ، ئۇمۇ ئۆزلىكىدىنلا مۇتلەقا ۋە مۇتلەقاكى بىرلا ۋاتاقلاپ ياكى بىرلا چىللاپلا مەڭگۈگە «تۇخۇ» دېگەن بىر جانلىقنىڭ تۈر نامىنى بىلدۈرىدىغان ئاتالغۇ - «تۇخۇ» دېگەن سۆزگە ۋە ياكى بىرلا قېتىمدا قىزىل تاجلىق تەكەببۇر خۇراز بىلەن ماختانچاق ۋات - ۋات مىكيان ۋە ئۇماق چۈك - چۈك چۆجىگە ئايلىنالمايدۇ!...

(3). ئادەم سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ يارىلىش قىسسىلىرىدىن شۇ مەلۇمكى، ئالدى بىلەن ئەركەك، ئاندىن چىشى جىنس يارىتىلغاندۇر!...

مۇبادا خۇراز بۇرۇن يارالمىغان بولسا مىكيانمۇ بولمىغان بولاتتى!...

شۇڭلاشقا ھەقلىق يۇسۇندا شۇنى جاكالايمىزكى: تۇخۇ بۇرۇن يارالغان، يارالغاندىمۇ بىر ئەركەك بىر چىشى قىلىپ يارالغان، ئەركىكى چىشىسى بىلەن جۈپلەشسە ئاندىن تۇخۇم تۇغىدىغان تەبىئەتتە تەقدىر قىلىنىپ يارالغان!...

مۇبادا بىراۋلار دەۋا قىلغاندەك تۇخۇ ئۆزلىگىدىنلا پەيدا بولۇپ قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا قانداق قىلىپ ئاتالمىش ھېچنىمە يوق بىر زاماندا «جانابى ئەلمىساقۇ ئەل غايىبۇ تۇخۇ» ئالىيلىرى خۇراز ۋە مىكياندىن ئىبارەت ئىككى جىنس بولۇپ قالغان؟...

ئاتالمىش ئۇلارنىڭ مىكرو جانلىق ھالەتتىكى تۇنجى تۆرەلمىسى قانداق قىلىپ ئەۋلاد قالدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئۆزلۈكسىز داۋاملىشىدىغان ۋەزىپىنى كىپىنكى ھۆجەيرىسىگە مىراس قالدۇرالىغان؟...

ئاتالمىش «پۇتكۇل جانلىقلار بىر تۈرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى بىلەن مەيدانغا كېلىدۇ» دېگۈچىلەرگە شۇ سوئالنى قويىمىزكى؛ «تەبىئەت دۇنياسىدىكى تالايلىغان جانلىقلارنىڭ بىرلا تۈرنىڭ تەدرىجى تەرەققىياتىدىن مەيدانغا كېلەلەيدىغانلىقى راست بولسا، ئۇنداقتا ئۆزلىكىدىن شەكىللەنگەن ئاشۇ تۇنجى يەككە جانلىق ئۆزى شەكىللەنمەگەن يىراق قەدىمى تۇنجى يوقلۇق زاماندا قانداق قىلىپ، ئەركەك ۋە چىشى 2 جىنسقا بۆلۈنۈپ پەيدا بولمىسا ئۆز ئەۋلادىنىڭ ئۆزلىكسىز داۋاملىشىشىغا كېپىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەلىگەن، قانداق قىلىپ بۇ ئىقتىدارىنى ۋە ئېھتىياجىنى كېيىنكى ئەۋلادىغا مىراس قالدۇرالىغان؟...»

مۇبادا ئۇلار دەسلەپتە ئۆزلىكىدىن پەيدا بولغاندا تاق جىنس بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارغا ئىككى جىنسقا بۆلۈنۈپ ئەۋلاد قالدۇرۇش كارامىتىنى كىم بەرگەن؟...

ئۇ كارامەت ئۆزلىكىدىن پەيدا بولۇپ قالغان بولسا ۋە ئاشۇ تۇنجى جانلىقنىڭ تىنىدىلا ئەۋلاد قالدۇرۇش قابىلىيىتى بار ئىدى دېيىلسە، ئۇنداقتا ئوخشاش بىر تۈردىكى ئىككى جىنسلىق بىر جۈپ جانلىق قانداق قىلىپ بىر - بىرىگە ئوخشىغان ۋە ئوخشىمىغان، بىرىنىڭ كەم يېرىنى بىرى تولدۇرالايدىغان ئىككى ئالاھىدىلىك بىلەن بىرلا ۋاقىتتا كەم-كۈتىسىز پەيدا بولالىغان؟...

تەپەككۇر بولمىغان ھەتتا شۇ نەرسىنىڭ جانلىق ماددىي مەۋجۇتلۇقىمۇ يوق بىر ھالەتتە، پەيدا بولغۇسى جانلىقنىڭ ياشاش ئېھتىياجلىرىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر تۈركۈم ئورگانىزىملارنىڭ تاساددىپى ۋە ئۆزلىگىدىن مۇكەممەل لايىھىلىنىپ قىلىشى زىنھار ۋە زىنھاركى مۇمكىن ئەمەستۇر!...

شۇنىسى ئايانكى ماھىر بىر ياراتقۇچى بولمىغان ھالەتتە ھېچبىر جانلىق ياكى جانسىز جىسىم ئۆزىنى ئۆزى يارىتالمايدۇ، پەيدا قىلالمايدۇ ۋە نۇسخىلىيالمايدۇ!... تۇخۇ بىلەن تۇخۇممۇ، سىز بىلەن مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە!...

*ئاللاھۇ ئەكبەر!...*

2 - سوئال:

«*ئاللاھ* ھەممىگە قادىر ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان تاشنى يارىتالامدۇ؟...»

(نە ئۇزۇبىللاھ)

2-جاۋاب:

*ئەلۋەتتە ئاللاھ جانابلىرى ھەممىگە قادىر!...*

«*ئاللاھ* ھەممىگە قادىر ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان تاشنى يارىتالامدۇ؟...» دىگەن بۇ سوئالنى قويغۇچىغا بېرىدىغان جاۋابىمىز شۇكى:

ئەلۋەتتە ھەممىگە *قادىر* ياراتقۇچى زاتنىڭ سۈپىتىنى ھەممىگە قادىر ئەمەس سىز بىزدەك يارالغۇچى «زات» لارنىڭ كەمتۈك ئەقلى بىلەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىلى بولمايدۇ!...

سىزگە ناھايىتى ئايدىڭكى، بىز سىزگە: « *ئاللاھ* ھەقىقەتەن ھەممىگە قادىر، ئۇنداق تاشنى يارىتالايدۇ» دېسەك، سىز دەرھاللا «ئۆزى كۆتۈرەلمىگەن تاشنى ياراتقان ئىلاھ ھەممىگە قادىر ئەمەس، چۈنكى ئۇ تاشنى كۆتۈرەلمىدى» دېيىشىڭىز تۇرغانلا گەپ، مۇبادا ئۇنداق تاشنى يارىتالمايدۇ دېسەك، سىز دەرھاللا «بىر تاشنى يارىتىشتىن ئاجىز كەلگەن *ئىلاھ* ھەممىگە قادىر ئەمەس» دېيىشىڭىز تۇرغانلا گەپ!...

مۇبادا سىزنىڭ بۇ سوئال ئارقىلىق ئىسپاتلىماقچى بولغىنىڭىز « *ئاللاھ*نىڭ ھەممىگە قادىرلىقى» بولسا ئىدى سىزھەرگىزمۇ « *ئاللاھ* ھەممىگە قادىر ئىكەن، ئۇنداقتا ئۇ ئۆزى كۆتۈرەلمەيدىغان تاشنى يارىتالامدۇ؟...» دەپ بىمەنە سوئال قويۇپ يۈرمىگەن بولاتتىڭىز، چۈنكى بۇ سوئالىڭىزدا «كۆتۈرەلمەيدىغان تاش» ئىبارىسىنىڭ بولغانلىقىلا سىزنىڭ *ئاللاھ*نىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنى ئىسپاتلاش ئويىڭىزنىڭ بولمىغانلىقىنى ۋە سوئالىڭىزنىڭ فورمال لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە ھەم خىلاپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇرۇپتۇ!...

زامان ۋە ماكان ئۆمەر رەزىيالللاۋ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىكىدە بولغان بولسا، سىز قىلىچتىن ئىبارەت ئەڭ تېز جاۋاب بىلەن مەھشەرگاھتا *ئاللاھ*نىڭ ھەممىگە قادىرلىقىنى بىلىۋالغان بولاتتىڭىز!...

خەير!... زامان ۋە ماكان مەندەك ئاسىي قۇلنىڭ ۋاقتىدا گال قەلەم بىلەن سىزگە تىل چايناپ جاۋاب بەرمەكتىن باشقا ئامالىم بولمىدى!...

*جانابى ئاللاھ* بىزنى كەچۈرگەي...

...

سۆزىمىز «كۆتۈرەلمەيدىغان تاش» ئىبارىسىدە بولىدۇ.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولسۇنكى، دۇنيادا ۋە چەكسىز ئالەمدە جانابى *ئاللاھ*نى ئامالسىز قالدۇرالايدىغان ھېچبىر كۈچ ۋە ھېچبىر شەيئى بولمىغان ۋە بولمايدۇ!... ئەلۋەتتە «كۆتۈرەلمەيدىغان تاش» مۇ بولمايدۇ!... ھەتتاكى ئەڭ ئاجىز مەخلۇق بولغان ئىنسانغا ھەم

چەكسىز ئالەمدە «كۆتۈرەلمەيدىغان تاش» مەۋجۇت ئەمەس!...

قەدىمدە **ئارخىمىد** دەپ بىر ئالىم ئۆتكەن، ئىستىلاچى ئارمىيە ئۇنى ئەسىر ئېلىپ بويىنغا قىلىچ تەڭلىگەن زاماندا ئۇ: «مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىما، مەن بىر تىئورمىنى ئىسپاتلىۋالاي.. »

دېگەنمىش، ئەنە شۇ ئالىم ئېيتىدۇكى: مۇبادا ماڭا بىر پىشاڭ بېرىلسە مەن ئالەمدىكى مەلۇم بىر يۇلتۇزنى تايىنىش نوقتىسى قىلىپ تۇرۇپ يەر شارىنى كۆتەرگەن بولاتتىم».

شۇنداق، بۇ ئالەم *مېھرىبان ئاللاھ* تەرىپىدىن ئىنسانغا بويسۇندۇرۇپ بېرىلدى!... شۇڭا ئىنسانغا چەكسىز ئالەمدە يارىتىلغان جىسىملار ئىچىدە كۆتۈرەلمەيدىغىنى يوقتۇر!...

بار دېيىلسە شارائىت ۋە ۋاقىت چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن كۆتۈرۈشكە ۋاقتىنچە ئىمكانسىزلىقىمىزلا بار خالاس!...

بىر تاغنى پارچىلاپ ياكى پىشاڭنىڭ ياردىمىدە ئورنىدىن يۆتكەش تامامەن مۇمكىن، بۇنى سىز كۆتۈرەلمەسلىك دېمەكچىمۇ ياكى بۇنداق كۆتەرىسە كۆتەرگەنگە ھېساب ئەمەس دېمەكچىمۇ؟....

ئۇنداقتا بۇ جايدا سىزگە بىر جاۋاب تۇغۇلىدۇ!...

دۇنيادا يارىتىلغان نەرسىلەر ئارىسىدا ئىنسانغا نىسبەتەن مۇتلەق كۆتۈرەلمەسلىك مەۋجۇت بولمىغان ئىكەن، بىردىن- بىر ياراتقۇچى بولغان *جەللە جەلالەھۇ مېھرىبان رەب*بىمىزگە ھەم ئەلۋەتتە ھېچ زامان ۋە ھېچ ماكاندا «كۆتۈرەلمەسلىك» مەۋجۇت ئەمەس!...

مەۋجۇت دېيىلسە پەقەتلا «كۆتۈرمەسلىك» مەۋجۇتتۇر!... ھالبۇكى «كۆتۈرەلمەسلىك» بىلەن «كۆتۈرمەسلىك» باشقا باشقا مەنىلەرنى ئاڭلىتىدىغان ئىككى ئاتالغۇدۇر!....

جانابى *ئاللاھ* بىر تاشنى «كۇن پەيەكۇن» دەپ ئەمر قىلسا ئۇ تاش دەرھاللا يارىلىدۇ!... ئۇنى كۆتۈرمىسىلا سىزنىڭ سوئالىڭىز جاۋابىنى تاپقان بولىدۇ!... چۈنكى *ئاللاھ* جانابلىرىنىڭ ھەممىگە قادىر سۈپىتى ئىچىدە «ھەم يارىتىشقىمۇ قادىر ھەم ئۆلتۈرۈشكىمۇ قادىر، شۇنداقلا، ھەم كۆتۈرۈشكىمۇ قادىر، ھەم كۆتۈرمەسلىككىمۇ قادىر» لىق سۈپىتى باردۇر!... ئەمما سىز ئېيتقاندەك

«كۆتۈرەلمەيدىغان تاش» بىردىن بىر خالىق جانابى *ئاللاھ* ئۇچۇنمۇ ۋە كۆپتىن - كۆپ مەخلۇق سىز ۋە بىز ئۇچۇنمۇ مەۋجۇت ئەمەس!... ئەمەلىيەتتىمۇ تاشلارنى، تاغلارنى ۋە يۇلتۇزلارنى *ئاللاھ* ياراتتى ئۇ جىسىملارنىڭ ئېغىرلىقى ۋە كاتتىلىقى سىز- بىزنىڭ تەپەككۇرىمىز قىياس قىلىشقا ئاجىز كەلگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر ۋە چوڭدۇر!... ھالبۇكى ئۇنى جانابى *ئاللاھ* ئۆزىنىڭ ئىلمىگە لايىق بىر ئۇسۇلدا كۆتۈرۈپ تۇرماقتا!... بىزنىڭ كۆزىمىزگە ئاشۇ نەرسىلەرنى جانابى *ئاللاھ* نىڭ كۆتۈرۈپ تۇرغانلىقى كۆرۈنمەيدۇ،

سىزچە بۇ ئالامەتنى «يارىتىشقا قادىرلىق دەپ تەستىق قىلىپ تۇرۇپ كۆتۈرۈشكە قادىر ئەمەسلىك» دېگىلى بولسۇنمۇ؟...

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى «جانابى *ئاللاھ* نىڭ ھەممىگە قادىرلىق» سۈپىتى ئۆزئىچىگە ئالغان مەنىلەرنى ئىنسانى ئەقىل بىلەن تولۇق چۈشەنگىلى بولمايدۇ!... بىزنىڭ ھېس قىلالايدىغىنىمىز پەقەتلا «ھەممىگە قادىرلىق» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىسى بولغان «يارىتىشقىمۇ ياراتماسلىققىمۇ، كۆتۈرۈشكىمۇ كۆتۈرمەسلىككىمۇ، ... قادىر» لىقتۇر!... سىزدەك مۇرتەدلەرنى (كەچۈرۈڭ!... سىزنى بېكارغىلا مۇرتەد دېگۈم يوق ئىدى، چۈنكى «دىل ئازاردىن *ئاللاھ* بىزار» ... يەنى بىراۋغا ئازار قىلغۇچىدىن رەھمان *تائالا* بىزاردۇر!... ھەسرەتكى!... سىزگە ئوخشىغانلار روزى مىساقتا ئاللاھقا ئىمان ئېيتىپ تۇرۇپمۇ بۇ دۇنيادا ئاشۇ غەيب زاماندىكى ۋەدىسىگە ئاسىي بولۇپ ئىماندىن كۇفرىغا چىكىنگىنى ئۈچۈن شۇنداق دېيىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدىم!...) *قەھھا*رلىق سۈپىتى بىلەن تېز جازالاشقىمۇ، ياكى *ھەلىم*لىك سۈپىتى بىلەن سىز- بىزگە بېرىلگەن جازانى بىر مەزگىل كېچىكتۈرۈشكىمۇ قادىرلىقتۇر!...

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى سىزنىڭ سوئالىڭىزنىڭ بىر مۇھىم شەرتى سۈپىتىدە *جانابى ئاللاھ*نىڭ «ھەممىگە قادىر» لىق سۈپىتى ھەققىدە سۆزلىنىۋاتىدۇ!... *جانابى ئاللاھ*نىڭ «ھەممىگە قادىر» لىق سۈپىتىنىڭ بىردىن بىر ئۆلچىمى ھەرگىزمۇ سىز ئېيتقاندەك «كۆتۈرۈشكە قادىر» لىقلا ئەمەس، بەلكى

ئۇ زات خالىسا «كۆتۈرمەسلىككىمۇ قادىر» لىقتۇر!...

*جانابى ئاللاھ ئۆزى ئالىم!...*

مەھشەرگاھتا ئىشىنىمىزكى بارلىق ئىنسانىيەتنىڭ ئىختىلاپ قىلىشقانلىرى ئۈستىدە *جانابى ئاللاھ* ئەڭ لايىق ۋە ئەڭ گۈزەل چۈشەنچىنى بېرىدۇ، شۇ كۈن كەلگۈچە سىز بىزدەكلەرنىڭ چىقىپ ئۆزى ئىختىلاپ قىلىپ تۇرۇشى ئەجەپلەنگۈدەك ئىش ئەمەس!... چۈنكى قۇرئانى كەرىمدىكى *ئىلاھى* كەلىمە بويىچە ئېيتقاندا «ئىنسان ئىختىلاپ قىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان» دۇر!..

...

ئاخىرىدا دەيدىغىنىم: مۇبادا مۇشۇ جاۋابلارنى سىزگە دەۋاتقان بۇ زاماندا، سىز *جانابى ئاللاھ*نىڭ رەھمىتى ياكى غەزىپىگە كەتكەن بولسىڭىز، ئۈمىدكى: گۆرىڭىزدە *مۇنكىر – نەكىر* ئاتلىق پەرىشتىلەر سىزگە بۇ جاۋابنى يەتكۈزگەي!... ئەلۋەتتە سىز گۆردە بولسىڭىز مېنىڭ بۇ يازمامسىزمۇ ئاللىقاچان ئەڭ ئادىل ۋە ئەڭ پاساھەتلىك جاۋابنى ئاڭلاپ بولدىڭىز!...

...

*ئاللاھۇ ئەكبەر!...*

بەندەڭمەن گەر بىلمەي خاتانى يازدىم،

كەچۈرگىن ئەي غەفۇر!... بەك تولا ئازدىم .

*كەمىنە قۇلۇڭ:*

قارغۇت

# ۋەھشىي ئىبنى ھەرب ۋە گۇناھ پاتقىقىدىكى ئىنسانلار

**ئا. قارلۇقى**

پىيغەمبىرىمىز ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تەڭدىشى يوق خۇشاللىقىدا يېڭىلىنىش ئۆتمۈشكە مۇراجىئەت قىلىشتىن باشلىنىدۇ. كىشىلەر مەيلى قايسى تەبىقىگە مەنسۇپ بولسى بولسۇن، ئۆزىنى ئىزدەش، قايتىدىن شەكىللىنىش مۇساپىسى ھامان قەدىمكىلەرنىڭ يۈرەكلەرنى ھاياجانغا سالغۇچى ئاجايىپ ئىش – ئىزلىرى، قەھرىمانلىقلىرىدىن نەمۇنە ۋەياكى ۋايىغا يەتكەن خائىنانە خىسلەتلىرىدىن ئىبرەت ئېلىشتىن باشلىنىدۇ. تاكامۇللۇق ئەنە شۇ ئىككى خىل تىپنى كۆزدىن كەچۈرۈش ئارقىلىق روياپقا چىقىدۇ. مەن بۇ يازمام ئارقىلىق ئۈمىد بىلەن ئۈمىدسىزلىك ئارىسىدا ئۆزىنى يوقىتىش گىردابىغا بېرىپ قالغان ئىنسانلار ئۈچۈن ئېتىقادىمىزنىڭ مەركىزى نوقتىسىدا بولۇپ ئۆتكەن بىر ئىبرەتلىك قىسسىنى خاتىرلىتىپ ئۆتمەكچىمەن... قىلغان تائەت -ئىبادەتلىرىنىڭ تولۇقسىزلىقى، سادىر قىلغان گۇناھ – مەسىيەتلىرىنىڭ سانسىز ۋە ئېغىرلىقى قانچىلىغان كىشىلەرنى «بەس، مەن ئاللاھنىڭ مېنى كەچۈرىدىغان نوقتىسىدىن ھالقىپ كەتتىم، سادىر قىلغان بۇ قەدەر كۆپ گۇناھلىرىمدىن كېيىن ئاللاھمۇ مېنى قانداقمۇ ئەپۇ قىلسۇن؟!» دېگۈزمىدى دەيسىز؟! ئەڭ ياخشىسى بىز قىسسىمىزنى باشلايلى...

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشتىن ئىلگىرىكى تارتقان ئازاب – ئوقۇبەتلىرى، مەككە مۇشرىكلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشىيلەرچە مۇئامىلىلىرى زامانىمىزغا قەدەر ھېكايە قىلىنىپ كەلمەكتە. ئەنە شۇ دەۋردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىغا قول، پۇتىغا پۇت بولۇپ ئۆتكەن بىر مەشھۇر كىشى بار ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنەتتى، ئۇنى مەككە كاپىرلىرىدىن مۇداپىئەلىنىشتىكى ئەڭ كۈچلۈك تايانچى ھېسابلايتتى، قىقىسى ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىنسان ئىدى... ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ئىدى. ھەمزە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا مەككىلىك بىر مۇشرىك تەرىپىدىن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى... بۇ خەۋەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئىنتايىن ئېغىر كەلدى، ئاردىن يىللار ئۆتتى... مۇسۇلمانلارنىڭ شانۇ- شەۋكىتى بارغانچە يۈكسەلدى، ئەرەب يېرىم ئارىلى مەككە مۇشرىكلىرى ئۈچۈن بارغانچە تار كېلىۋاتاتتى، تار كەلگەنچە «مۇھەممەد بىزدىن ئىنتىقام ئالارمۇ؟» دېگەن ئەندىشە بارغانچە كۈچىيىپ باراتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا يەتكۈدەك ئەسكىلىك قىلغان، زىيان سالغان خېلى- خېلى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلغان ئىدى. ئەمما، شۇ مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدە بىرى بار ئىدىكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىنى كەچۈرىۋېتىشكە قىلچىلىكمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى. ئۇ كىشى دەل پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تاغىسى ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قاتىلى ۋەھشىي ئىبنى ھەرب ئىدى. ئۇ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ قۇلى ئىدى. بىر كۈنى جۇبەير ۋەھشىينى چاقىرىپ، «ئەگەر ئازادلىققا ئېرىشەي دېسەڭ، ھەمزىنى ئۆلتۈرگىن» دېدى. ۋەھشىينىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا ئۇ ھەمزىنى پەقەت ۋە پەقەت ئازادلىققا ئېرىشىش ئۈچۈنلا ئۆلتۈرگەن ئىدى. نەتىجىدە ھەمزىنى ئۆلتۈردى، ئازادلىققا ئېرىشتى، لېكىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ساھابىلىرىنىڭ ھەمزە ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورقۇپ، قېچىپ يۈردى. دېمەك ئۇنىڭ ئازادلىقى يېڭى بىر مەھكۇملۇقنىڭ باشلىنىشى بولۇپ قالغان ئىدى.

مۇسۇلمانلار مەككىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن يېقىنلاپ كەلگەندە ۋەھشىي يىراق يەرلەرگە قېچىشنىڭ كويىغا چۈشتى، «شامغا كېتەيمۇ، يەمەنگىمۇ؟» ۋەھشىي قەيەرگە كېتىشنى، نېمە قىلىشنى بىلمەيتتى. ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرسى ۋەھشىيگە ئەقىل كۆرسەتتى، «ئىمان ئېيتساڭ مۇھەممەد سېنى كەچۈرىدۇ» دېدى. ۋەھشىي ئىككىلەنەدى، «قېنى مەككىنى بىر ئازاد قىلسۇن، ئاندىن ئىمان ئېيتاي» دېدى ئۆز – ئۆزىگە، «تائىفنى بىر ئازاد قىلسۇن بىر گەپ بولار»...

مۇھەممەد ئۇنى قىلسا ئىمان ئېيتىمەن، بۇنى قىلسا ئىمان ئېيتىمەن دەپ بارا- بارا ئۇرۇن قالمىدى. ئاخىرى ئۇ مەككىگە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى، ئۆزىنى باشقىلارنىڭ تونىۋالماسلىقى ئۈچۈن كۆلاسىنى بۇرنىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈرىۋالغان ئىدى، ئۇ مۇناسىپ

بىر يەردە ئولتۇردى ۋە:

- ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى، مەنمۇ ئىمان ئېيتىپ، ئىسلامغا كىرسەم بولامدۇ؟ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: -

دىن ئاللاھنىڭ دىنىدۇر-، دەپ جاۋاب بەردى. ۋەھشىي «بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ شاھادەت ئېيتتى، ۋە:

- مەن سىنىڭ تاغاڭ، ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىبنىڭ قاتىلى ۋەھشىي ئىبنى ھەرب بولىمەن» دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چىرايى ئۆڭدى، ساھابىلەرنىڭ ئارىسىدا غۇلغۇلا پەيدا بولدى، ھەتتا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ «ماڭا رۇخسەت قىلغان ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى بۇ مۇناپىقنىڭ بېشىنى ئۇزۇپ تاشلاي، دەپمۇ ئۈلگۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋەھشىيگە قاراپ:

-تاغام ھەمزىنى قانداق ئۆلتۈردۈڭ، سۆزلەپ بەرگىن، دېدى»، ۋەھشىي:

-بۇنى سۆزلىمىگەن بولسام، ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى، دېدى»، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندىدى. ۋەھشىي:

- بىز ئۇھۇدقا يېتىپ بېرىپ ئىككى تەرەپ ئۇچراشقاندا جەڭ مەيداندا ھەمزە ئىبنى ئابدۇلمۇتەلىپنى تاپتىم. مەن ئۇنى بۇرۇنلا تونۇيتتىم. مەنلا ئەمەس ئۇنى ھەممە كىشى تونۇيتتى. چۈنكى ئۇ ئەرەب باتۇرلىرىنىڭ نوچىلىرى قىلىدىغاندەك ھەمىشە بېشىغا تۆگە قۇشىنىڭ پېيىنى قىستۇرۋالاتتى. ئۇ سەپ ئوتتۇرىسىدا كۈلرەڭ ئاتقا مىنگەن ھالدا پەيدا بولدى. ئۇ ئۇچرىغانىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ ئىلگىرلاۋاتاتتى، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. مەن تاش ۋە دەرەخلىك بىر يەردە ئۇزەمنى دالدىغا ئالغاچ ئۇنىڭ يېقىنلىششىنى كۈتۈپ تۇردۇم. دەل مەن ئۇنى نىشانغا ئالغان ۋاقتىمدا قۇرەيشلەر ئىچىدىن سىبا ئىبنى ئابدۇل ئۇززا دەپ ئاتىلىدىغان بىرىمۇ ئات ئۈستىدە ۋاقىرغان پېتى يېتىپ كېلىپ:

- ئى ھەمزە! مەن بىلەن ئېلىش،مەن بىلەن ئېلىش! دەپ جەڭ ئىلان قىلدى. ھەمزە ئۇنى كۆرۈپ:

-ئى مۇشرىكنىڭ كۆچىگى! كەلمەسمەن! قېنى ئالدىمغا كەل! دەپلا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى بىر قىلىچ بىلەنلا چېپىپ تاشلىدى. مەن بۇ چاغدا ھەمزىنى نىشانغا ئېلىش ئۈچۈن ئۆزەم تالىغان مۇۋاپىق بىر يەردە تۇردۇم - دە نىشانىمغا ئىشەنچ قىلغان ھامان نەيزىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ ئاتتىم. ئاتقان نەيزەم ھەمزىنىڭ قورسىقىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن كىرىپ ئىككى پۇتۇنىڭ ئارىسىدىن چىقتى. ئۇ ئالدىغا قاراپ ئىككى- ئۈچ قەدەم چامدىدىيۇ يىقىلدى. مەن تاكى ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگە ئىشىنىق ھەزىم قىلغانغا قەدەر نەيزەمنى ئۇنىڭ جەسىدىدىن چىقارماي ساقلاپ تۇرۇپ ئاندىن چىقاردىم...»

دەپ ھېكايە قىلىپ بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- كېيىن قانداق بولدى؟ - دەپ سورىۋىدى، ۋەھشي:

- بۇنى سۆزلىمىگەن بولسام، ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى-، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەشكە ئۈندىدى. ۋەھشي خوجايىنىنىڭ بۇيرىقىغا ئاساسەن، ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقىنى، تىلىنى كەسكەنلىكىنى، ئىككى كۆزىنى ئويغانلىقىنى، ئارقىدىن باغرىنى يېرىپ، يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ۋەھشىيگە «بۇنىڭدىن كېيىن كۆزۈمگە كۆرۈنمە» دېدى، ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ، مەيلى مەسچىت ياكى باشقا جايلار بولسۇن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆزىدىن يىراق ياشىدى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ پەرمانىغا شۇ قەدەر سادىق ئىدىكى، ھەتتا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ، مەسچىتتە تىۋۋرۈكلەرنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى....

ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىگە كەلگەندە نەجد زېمىنىدا مۇسەيلەمە ئىسىملىك بىر سېھىرگەر كەززاپ پەيغەمبەرلىك دەۋاسى قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۆزىنىڭ ۋىجدانىنى راھەتلىتىش ۋە مۇسۇلمانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن مۇسەيلەمەنى ئۆلتۈرۈش مەقسىتىدە نەجدگە باردى ۋە مۇسەيلەمەنى ئۆلتۈردى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام

ۋەھشىينىڭ چۈشكە كىردى ۋە «بۇگۈندىن باشلاپ، باشقىلاردىن ئايرىم ئولتۇرۇش يوق، نامازدا باشقىلار بىلەن بىر سەپتە تۇرساڭ بولىدۇ» دېدى. ۋەھشىي شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۈچۈق يەرلەردە باشقىلارنىڭ كۆزىنىڭ ئالدىدا ناماز ئوقۇشقا باشلىدى...

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمانلار شۇ نەرسىنى ئېنىق بىلىڭلاركى، «مەن ئىبادەتلەرنى تولۇق قىلدىم، ئاخىرەتتىن ئەنسىرىشىم يوق» دەپ بىخارامان بولۇشنىڭ ئۆزى قانچىلىك كۇپرانى نېمەت بولسا، «مەندەك سان- ساناقسىز گۇناھ سادىر قىلغان كىشىنى ئاللاھ كەچۈرمەيدۇ» دېيىشمۇ نېمەتكە كۇپۇرلۇق قىلىشتۇر. ۋەھشىي ئىبنى ھەربكە ئوخشاش كىشىلەر ئەپۇ قىلىنغان ئىكەن، بىزنىڭ بۇرۇنقى ھاراقكەشلىكىمىز، زىناخورلۇقىمىز، ئوغرىلىقىمىز، ئاق تاماكۇ چەككەنلىكىمىز، ئاتا- ئانىلارنى قاتشاتقانلىقىمىز... ھەممىسى ئۈچۈن تەۋبىمىزدە سەممىي بولساقلا، ئاللاھ بىزنى ئەپۇ قىلىدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

(ئى مۇھەممەد! مېنىڭ تىلىمدىن) ئېيتقىنكى، «(گۇناھلارنى قىلىۋېرىپ) ئۆزلىرىگە جىنايەت ﴿ قىلغان بەندىلىرىم! الله نىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىزلەنمەڭلار. الله ھەقىقەتەن (خالىغان ئادەمنىڭ) جىمى گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، شۈبھىسىزكى، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.﴾[سۈرە زۇمەر، 53-ئايەت]

# «ئىسلامچى» ئاتالغۇسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىم

**ئا.قارلۇقي**

«ئىسلامىي»، «ئىسلامچى» ئاتالغۇلىرى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنىڭ تەپسىلاتىغا كىرىشتىن ئىلگىرى «ئىسلام» ۋە «مۇسۇلمان» ئاتالغۇلىرىنىڭ ئېنىقلىمىلىرى بىلەن قىسقىچە تونۇشۇپ ئۆتۈشنى مۇھىم، دەپ قارايمەن.

ئەرەبچىدىكى «ئىسلام» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى ئاللاھقا «ئۆزىنى تاپشۇرۇش» ۋەياكى ئاللاھنىڭ ھۆكۈملىرىنى «ئادا قىلىش» ئۇقۇملىرىنى بېرىدۇ. «ئىسلام» نىڭ ئىستېمال مەنىسىگە كەلسەك، ئىسلام دىنى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان، بۇ ساھەدە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازغان ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ «ئىسلام» ئاتالغۇسىغا بەرگەن ئېنىقلىمىلىرىنىڭ تارىخى جەريانلىرىنى ئاختۇرغىنىمىزدا ئۇلارنىڭ «بىر خىل مەزمۇن، ھەر خىل ئىپادە» دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلغانلىقىنى ھېس قىلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلەن، كۆزگە كۆرۈنگەن ئىسلام ئالىمى، دەۋەت مېتودولوگىيىسى مۇتەخەسسىسى ئابدۇلكەرىم زەيدان «دەۋەت مېتودى» ناملىق ئەسىرىدە ئىسلامغا مۇنداق ئېنىقلىما بېرىدۇ:

«ئىسلام- مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ ھۇزۇرىدىن ئېلىپ كەلگەن ۋە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان، ئىنسانىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى ۋە ھايات ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇن ۋە ئومۇمىي تۈزۈمدىن ئىبارەتتۇر.»[1]

بۇ تەرىپ چىقىش قىلىنغاندا، ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ «ئىسلامچى» ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ھالبۇكى، «ئىسلام» غا دەرھال قارىماققا پەقەت دىنى تۈسلا بېرىدىغان ئېنىقلىمىلارمۇ بېرىلگەن بولۇپ، بۇلارنىمۇ خاتا دېيىش ئىمكانسىز. مەسىلەن: دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى تەرىپىدىن تۈزۈلۈپ، نەشىر قىلىنغان «ھازىرقى زامان دىن، مەزھەپ ۋە پىكىر ئېقىملىرى ئېنسىكلوپېدىيىسى» دە ئىسلامغا بىر قەدەر ئەتراپلىق قىلىپ، مۇنداق ئېنىقلىما بېرىلىدۇ: «ئىسلام- بارلىق ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاللاھ تائالا رازى بولغان ساماۋىي دىن. ئۇ دىن ئۈچۈن ئىنسان ۋە جىنلارغا پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى قىلىپ مۇھەممەد ئىبنى

ئابدۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەۋەتىلگەن. ئاللاھ تائالانى ئىسىم ۋە سۈپەتلىرىدە، ئىلاھلىقى ۋە رەببانىيلىقىدا خالىس بىر دەپ تونۇش، ئاللاھنىڭ تەقدىرىگە رازىلىق ۋە ئىختىيارلىق بىلەن تەن بېرىش، بۇيرۇقلىرىنى ئىجرا قىلىپ، توسقانلىرىدىن يېنىش، ئەقىدىدىكى ئىخلاسى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بەلگۈلىگەن چەك-چېگراسىنى تۇرغۇزۇش، گۈزەل ئەخلاقلاردا چىڭ تۇرۇش، ئىبادەتلەردە ئاللاھنىڭ كۆزىتىپ تۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇلار، ئىسلامنىڭ بەش، ئىماننىڭ ئالتە ئەركانىغا ئەمەل قىلىش، ئېھساننىڭ نېگىزىنى چىڭ تۇتۇش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. »[2]

بۇ ئىزاھنى ئەستايىدىل كۆزەتكىنىمىزدە، «مۇسۇلمان» نىڭ «ئىسلام» نىڭ ئېنىقلىمىسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەلگۈلىمىلەرنى ئىجرا قىلغۇچى كىشىگە قارىتىلىدىغانلىقى مانا مەن، دەپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. مۇسۇلمان سۆزى يەنە «تىنچلىق سۆيەر» مەنىسىنىمۇ بېرىدۇ.

ئەمدى بىز تېمىمىزنىڭ ئاساسى نوقتىسىغا كېلەيلى:

«ئىسلامىي»، «ئىسلامچى» ئاتالغۇلىرىنىڭ مەلۇمات قامۇسىمىزغا قاچانلاردىن باشلاپ كىرگەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتىم يوق. ئەمما، بۇ خىل ئاتالغۇلار مەيلى «قۇرئان كەرىم» ياكى «ھەدىس شەرىپ»لەردە بولسۇن، قەتئىي ئۇچرىمايدۇ. ئىسلام تارىخىدا يېزىلغان ئەسەرلەر كاتولىگىنى ئاختۇرغىنىمىزدا بۇ ئاتالغۇ، ھىجرىيە تۆتىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا ئەبۇلھەسەن ئەلئەشئەرىي ۋە ئەبۇلقاسىم بەلخىي قاتارلىق ئىككى يازغۇچىنىڭ «ئىسلامچىلارنىڭ ماقالىلىرى» ناملىق ئوخشاش تېمىدىكى پەرقلىق ئىككى كىتابىنىڭ ماۋزۇسىدا كۆزگە چېلىقىدۇ. ئىمام شافىئىينىڭمۇ بۇ ئاتالغۇنى ئىستېمال قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەتلەر بار.

كۆپىنچە كىشىلەر «ئىسلامىي» ياكى «ئىسلامچى» ئاتالغۇلىرىنىڭ يېقىنقى زامان ئىسلام ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىدىن كېيىن ئوتتۇرىغا چىققانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. دەرۋەقە، 17-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، ) ئاتالغۇسى بېرىتانىكا (بېرىتانىيە مائارىپ قامۇسى) دا İslsmist 18-باشلىرىغا كەلگەندە «ئىسلامىي» ( ئىسلام ئەللىرىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغۇچى شەرقشۇناسلارغا قارىتا ئىستىمال قىلىنىش شەكلى بىلەن

قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى. 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى، 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىسپانىيىدىن ماراكەشكە كېلىپ ئىمان ئېيتقان ۋە ئولتۇراقلىشىپ قالغان يەھۇدىي مۇسۇلمانلارنى يەرلىك مۇسۇلمانلاردىن [3]پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈنمۇ «ئىسلامچى» ئىبارىسى قوللىنىلغان.

شۇ نەرسە ئېنىقكى، ئىسلام تارىخىدىكى شافىئىي، ئەشئەرىي ۋە بەلخىيلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان «ئىسلامچى» ياكى «ئىسلامىي» ئىبارىسى بىلەن زامانىمىزدا ئىستېمال قىلىنىۋاتقان «ئىسلامچى» ياكى «ئىسلامىي» ئىبارىلىرىنىڭ ئارىسىدا مەلۇم پەرقلەر بار. بۇرۇنقىلار، بۇ ئاتالغۇنى ئىسلامغا مەنسۇپ كىشىلەرگە يەنى ئومۇمىي مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا قارىتا قوللانغان بولسا، دەۋرىمىزدە بۇ ئاتالغۇ «مۇسۇلمان ۋە ئارتۇق» ئۇقۇمىدا قوللىنىلماقتا. يەنى، مۇسۇلمان، ئەمما مۇئەييەن نوقتىلارغا كەلگەندە ئادەتتىكى مۇسۇلمانلارغا ئوخشىمايدىغان مۇسۇلمان. بۇ قاراشنى مىسال ئارقىلىق تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇش مۇمكىن: مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداش يولىدا كۈرەش قىلغان كىشىلەر دەۋرىمىزنىڭ تىلى بويىچە «ئىسلامچى» دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ ئاتالغۇنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەنلەر ئۆزلىرىنى ئىسلامچى ئەمەس، ئىسلام كۆرسەتكەن دائىرىدە مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش يولىدا كۈرەش قىلغان بىر ئاددىي مۇسۇلمان، دەپ قارىسىمۇ، كۆپىنچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ «ئىسلامچى» ئىكەنلىكىنى داۋا قىلىدۇ. ئىسلام دىنىدا يولغا قويۇلغان سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئىشتىراك قىلمىغانلارغا قارىتىپ «ئىسلامچى» ئاتالغۇسى ئىشلىتىلگەندە، دەرھال ئۆزىنىڭ «ئىسلامچى» ئەمەسلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىشىمۇ يۇقىرىقى قاراشنى كۈچلەندۈردۇ.

بۇلاردىن سىرت، «ئىسلامىي پىكىر»، «ئىسلامىي ئىدىيە»، «ئىسلامىي نەزەرىيە» قاتارلىق بىر قىسىم ئاتالغۇلارنى ئىستېمال قىلىش مەرھۇم ئەللامە مۇھەممەد ئىبنى ئۇسەيمىنگە ئوخشىغان بىر قىسىم ئىسلام ئۆلىمالىرى تەرىپىدىن ”ئىسلامنىڭ پىكىر، ئىدىيە ياكى نەزەرىيە ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان دىن“ ئىكەنلىكى سەۋەبلىك رەت قىلىنىسىمۇ، يەنىلا بۈگۈنكى دەۋر مۇسۇلمانلىرى ئۈچۈن بۇلارنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان ئامىللار ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە بۇ خىل ئىستېماللارنى توغرا چۈشىنىش

لازىم. چۈنكى بۇ خىل ئاتالغۇنى قوللانغان كىشىلەر ئۇنى بىر دىن سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى، ئىسلام دىنىغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ دىنىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇن شەكىلدە ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، قاراش ۋە نەزىرىيىلىرىدىن ئىبارەت، دەپ بىلىش كېرەك.

«ئىسلامچى» ئاتالغۇسىغا بۇ ساھەنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى قانداق ئېنىقلىما بېرىدۇ؟

گېرمانىيىلىك پروفېسسور جودرۇن كرايمر «ئىسلامچى» لار ئاتالغۇسىنى مۇنداق تەرىپلەيدۇ:

ئىسلامچىلار- ئىسلامغا دىن ۋە دۆلەت، دەپ ئىشىنىدىغان، بارلىق ساھەلەر بويىچە ئىنسانىيەت ھاياتىنى « تەرتىپكە سالىدىغان ئادەت ۋە قىممەت قاراشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇكەممەل تۈزۈم، دەپ قارايدىغان، شەرىئەتنى بۇ قاراشنى بەلگۈلەيدىغان ھۆل تاش ھېسابلايدىغان كىشىلەر بولۇپ، ھەرىكەتلىرىنىڭ ئاساسىي كرايمر يۇقىرىدىكى ئېنىقلىمىسىغا ئىلاۋە قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بۇ »مەقسىتى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇشتۇر. دۆلەتنى قۇرۇش زوراۋانلىق يولى ئارقىلىقمۇ، قايىل قىلىش ۋە گۈزەل ئۆلگە بولۇش ئارقىلىقمۇ ئىشقا [4]ئېشىشى مۇمكىن.

يەنە ئامېرىكا رائىد جەمئىيىتى رىياسەتچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بىر تەتقىقات ماقالىسىدىمۇ «ئىسلامچى» ئاتالغۇسىغا يۇقىرىقى ئېنىقلىمىغا تامامەن دېگۈدەك ئوخشاپ كېتىدىغان شەكىلدە ئېنىقلىما بېرىلىدۇ:

«ئىسلامچىلار- دىنى ھەيئەت بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئايرىۋېتىشنى رەت قىلىدىغان كىشىلەر بولۇپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش ياكى ھېچ بولمىغاندا شەرىئەتنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى، دەپ ئېتىراپ [5]قىلىدىغان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ.»

فرانسىيىلىك ئىسلام ھەرىكەتلىرى مۇتەخەسسىسى بىرىنو ئىتيانىنىڭ «ئىسلامچى» ئاتالغۇسىغا بەرگەن ئېنىقلىمىسى تېخىمۇ كونكرېت، تېخىمۇ ئېنىق ۋە ئىسلامنىڭ بەزى پرىنسىپال نوقتىلىرىغا تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «ئىسلامچىلار- مۇسۇلمانلاردۇر؛ ئۇلار ئادەتتە ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ ئۇيغۇن پرىنسىپى، دەپ ئېتىقاد قىلىدىغان نەرسىسگە ھۆرمەت قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ئىمان بىلەن قەتئىي شەكىلدە تەستىقلايدۇ. ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەمىشە كۆچلۈك ۋە زامانىۋىي مۇسۇلمان دۆلىتى

قۇرۇشتىن ئىبارەت ئىشەنچىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلىدىغان ئىجتىمائىي پىلان بىلەن يانداشقان. »[6]

مەشھۇر شەرقشۇناس ماكسىم رودىنسون «ئىسلامچى» ئاتالغۇسىنى تەرىپلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئىسلامچىلار ـ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشقا ئىرىشىدۇ ياكى دىنى ئەقىدىسىنى تامامەن يېڭىدىن قۇرۇپ چىقىش غايىسى ۋە بارلىق سىياسىي، ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى دىن ئاساسىدا ھەل قىلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىگە قاتتىق تەلەپ قويغان كىشىلەردۇر. »[7]

رودىنسوننىڭ «ئىسلامچى» غا بەرگەن ئېنىقلىمىسىنىڭ بىرىنچى بۆلىكى بىرىنچى قەدەمدە ئىلمىيلىكنى ئەمەس، بەلكى، غەربنىڭ يېقىنقى زامان ئىسلام ھەرىكەتلىرىگە قاراتقان سىياسىي ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

يۇقىرىقى ئېنىقلىمىلارنى خۇلاسىلىگەن ئاساستا «ئىسلامچى» لارنى «دىنىي ھەيئەت بىلەن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئايرىۋېتىشنى رەت قىلىدىغان، ئىسلام دۆلىتى، ھېچ بولمىغاندىمۇ شەرىئەتنى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى سۈپىتىدە ئېتىراپ قىلىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان كىشىلەر» دەپ تەرىپلەش مۇمكىن. «ئىسلامچى» نىڭ زامانىمىزدىكى ئۇقۇمىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، ھەممە ئىسلامچى مۇسۇلمان، ھەممە مۇسۇلمان ئىسلامچى ئەمەس، ئۇقۇمى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. يەنە شۇنىمۇ خۇلاسىلەش مۇمكىنكى، «ئىسلامچى» ئىسلاھاتچى بولۇشىمۇ، يازغۇچى، مۇتەپەككۇر بولۇشىمۇ، سىياسەتچى، ئىقتىسادچى بولۇشىمۇ، ئىسلام ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ جىھاد قىلىدىغان مۇجاھىد بولۇشىمۇ مۇمكىن.

11ـ سىنتەبىر ۋەقەسىدىن كېيىن، «ئىسلامچى = تېرروررچى» ئۇقۇمى مەيدانىغا كەلدى ۋە ھەر ئىككى ئۇقۇمنىڭ ئىلمىي ئىزاھلىنىشىغا بەلگۈلۈك تەسىر كۆرسەتتى. «ئىسلامچى» ئاتالغۇسىنىڭ يېڭى چۈشەنچىسى ئۇمۇمەن شەرق ئەللىرىگە، خۇسۇسەن ئىسلام دۇنياسىغا بىر قەدەر يېڭى بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاتالغۇ ئىسلام تەتقىقاتچىلىرى تەرىپىدىن لوپا ئەينەك ئاستىغا ئېلىنمىدى، نەتىجىدە ساپ ـ ساغلام تەرىپتىن ئۇزاق قالدى. غەرب دۇنياسى خالىسا ئىسلامغا ئۇيغۇن، خالىسا تېررور بىلەن پاراللىل ھالدا تەرىپلەپ

كەلدى. «ئىسلامچى» لار رادىكال ئىسلامچى ۋەياكى ئەسلىيەتچى، نورمال ئىسلامچى... ۋاھاكازالار بويىچە نۇرغۇن تۈرلەرگە ئايرىلدى. بۇ ھەقتىكى ئىزدىنىشلىرىمىزنى ئالدىمىزدىكى ئىزدىنىشلىرىمىزدە ئوتتۇرىغا قويىمىز، ئاللاھ خالىسا.

---

[1] عبد الكريم زيدان: أصول الدعوة-تعريف الإسلام:
http://www.daawa-info.net/books1.php?id=5640&bn=203&page=4

[2] ھازىرقى زامان دىن، مەزھەپ ۋە پىكىر ئېقىملىرى « دۇنيا ئىسلام ياشلىرى ئىتتىپاقى: ئۇيغۇرچە، نەشر قىلىنمىغان نۇسخىسى. »ئېنسىكلوپېدىيىسى

[3] مصطلح "الإسلام" :
http://www.alukah.net/majles/showthread.php?t=4970
ئۆزلەشتۈرۈپ پايدىلىنىلدى.

[4] جدل في زيوريخ: "من يتحدث باسم الإسلام؟":
http://www.swissinfo.org/ara/swissinfo.html?siteSect=22081&sid=4269606&cKey=1064917540000&ty=st

[5] مؤسسة راند الأمريكية: خارطة طريق أمريكية لبناء شبكات مسلمة معتدلة/
http://www.islamonline.net/servlet/Satellite?c=ArticleA_C&cid=1177155960125&pagename=Zone-Arabic-News/NWALayout

[6] الاسلام السياسي الجزائري علي ضوء ما يجري - رياض الصيداوي:
http://www.azzaman.com/azz/articles/2002/01/01-23/a88513.htm

[7] رياض الصيداوي: سوسيولوجيا الجهاد والعنف في الجزائر: خطابا

http://www.rezgar.com/debat/show.art.asp?aid=95360وممارسة:

ماقالىلەر توپلىمىمىزنىڭ 1ـ قىسمى مۇشۇ يەردە تۈگىدى ، اللە داۋاملاشتۇرغىلى نىسىپ قىلغاي